ئەيسا يۈسۈپ

# ئاقسۇدا 1945-يىل



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



ئەيسا يۈسۈپ

# ئاقسۇدا 1945 - يىل

(تارىخىي قىسسە)

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان بارات

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

1988 - يىل، ئۈرۈمچى



ژۇرنالىست ئەييا يۇسۇپ

ئاقسۇدا 1945 - يىل

•

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 29.75
1987 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
سانى: 9,100 — 1
ISBN7 - 5371-0172-2/I·70
باھاسى: 4.50 يۈەن

# ئاپتوردىن

هۆرمەتلىك كىتابخان:

مېنىڭ بۇ قىسسەم ئۆزۈم 1948 - يىلى غۇلجا شەھرىدە يېزىپ چىققان «زەنجىرلەنگەن تەن» ناملىق ئوچېرك ئاساسىدا دۇنياغا كەلدى. مېنىڭ ئۇ ئوچېركىم ئەينى ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى بازىسى بولۇپ تۇرىۋاتقان غۇلجا شەھىرىدە نەشر قىلىنىدىغان كۈندىلىك مەتبۇئات — «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 1948 - يىلدىكى ئاپرېل سانلىرىدا، «ئۆسۈش» ناملىق ئەدەبىيات سەھىپىسىدە بېسىلغانىدى.

1957 - يىلى مەن ئۇنى قايتىدىن ئىشلەپ، چوڭراق بىر ئەسەر سۈپىتىدە دۇنياغا چىقىرىش ئىستىكىدە ئىككىنچى قېتىم يېزىشقا كىرىشتىم. بىراق، ئەسەر يېزىلىپ قولۇمدىن چىقىشقىلا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش باشلىنىپ، قول يازما مۇسادىرە قىلىندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇ قېتىم «زەنجىرلەنگەن تەن» نىڭ قولۇمدا ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان گېزىتتىكى بىردىنبىر نۇسخىسىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى.

بىراق، مەن بۇ ئېغىر پىشكەللىك ئالدىدا باش ئەگمەي، 1980 - يىلىغا كەلگەندە يەنە بىر قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

مەن يازماقچى بولۇۋاتقان ئادەملەر ھەقىقىي ئادەملەر ئىدى، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر چىن ۋە ئېنىق ئىدى. شەخسەن ئۆزۈم بۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شاھىتى ئىدىم. ئادەملىرىمىزنىڭ ھايات- ماماتلىق جەڭلەردە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئەسىرلىك

1944 - يىلى ئىلقىدا قوزغىلىپ، ئارقىمۇ ئارقا غەلىبىگە ئېرىشكەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئاقسۇ خەلقىگە زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن، قولىغا قورال ئېلىپ، ئۆز دۈشمىنىگە قارشى جان تىكىپ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى ئوقلىرى ئېتىلغاندىن تارتىپلا، پۈتۈن ئاقسۇ ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئىچىگە كىردى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بۇ تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ سوزۇلغان ئىلى ۋىلايىتى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تېكەس، موڭغۇلكۈرەگە ئوخشاش بىر قاتار ناھىيىلىرى بىلەن تام قوشنىلاردەك يېقىنلىقى، زىچ باردى - كەلدىسى بار ئىدى. قوراللىق ئىنقىلاب تېكەس، موڭغۇلكۈرە، كۈنەسلەرنى ئازاد قىلغان چاغدا، بۇ ناھىيىلەردىكى بىر قىسىم گومىنداڭچى ئەمەلدارلار ئۆزلىرىگە دالدا ئورۇن ئىزدەپ ئاقسۇغا قېچىپ كەلدى، بۇنى خەلق كۆردى. ئاقسۇ ئەمەلدارلىرى ئىلى ۋىلايىتىدە داۋام قىلىۋاتقان ئىنقىلابنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن تىرىشىۋاتقانلىقلىرىغا قارىماي، ئاقسۇ خەلقى ئاخىر قاچقۇنلارغا قاراپ، يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك، قوراللىق ئىنقىلابنىڭ غەلىبىلىرى ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. خەلق شىددەت بىلەن ئويغاندى، ئاقسۇ ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشنىڭ ھاسىلە مەزگىلىگە كىردى. ئىنقىلابنىڭ بۇ يەردىمۇ پات - ئارىدا دۇنياغا كېلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى.

ئاقسۇدا دەۋر ئىلغارلىرى بولغان بىر تۈركۈم قەيسەر ياشلار قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، يوشۇرۇن كۈرەش ئېلىپ بېرىش يولىدا ئۆزئارا مۇستەھكەم بىرلەشتى. ئۇلار خەلقنىڭ قەدىرلىك پەرزەنتى، سۆيۈملۈك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، قايتماس



كە ئېلىنىپ قالغاندىن كېيىن، قان ئىچەر گومىنداڭچى مۇستەبىتلەر ئالدىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ھەر قېتىم كۆز ئالدىمغا كەلسە، مەن ھاياجانلىناتتىم. بۇ ئاجايىپ باتۇرلۇقلار ۋە قەيسەرلىكلەر مېنى شۇ سەلتەنەتلىك ۋەقەلەر ھەققىدە، مىللىي باراۋەرلىك، ئەركىنلىك يولىدا تۆكۈلگەن ساپ قانلار توغرىسىدا ئەسلىمە خاراكتېرىدىكى بۇ قىسسىنى يېزىشقا تەقەززا قىلاتتى. ئاخىر قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، جاپالىق ئەمگەككە كىرىشتىم. نۇرغۇن قېتىم تامغان ئەجىرلىك سىيالار بەدىلىگە ئاخىر بۇ قىسسەم — «ئاقسۇدا 1945 - يىل» يېزىلىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ «زەنجىرلەنگەن تەن» ناملىق كىچىك ئانا 40 يىلدىن كېيىن بۇ يېڭى پەرزەنتىنى تەۋەللۇت قىلدى.

1945 - يىلى، ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلار ئىنتايىن چىرىكلىشىپ، ھالاكەت گىردابىغا يۈزلەنگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىنى قاپساپ كەلگەن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتتىن بىر ئىلاج قىلىپ قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى ۋەھشىيلىكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خەلق ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە كىرىشكەنىدى. 1945 - يىلدىكى ئاقسۇ ئەينى چاغدا ئىنسانىيەت ئالەمىدىكى ئەڭ مۇدھىش، ئەڭ زۇلمەتلىك دوزاخ بولۇپ قالغانىدى، خەلق قاتمۇقات زۇلۇم، قول ئۇزارتىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم ئالدىدا ھاياتنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىنى ئەلەم بىلەن ئېغىر تىنىقلار ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. ئاخىر بۇ پاجىئەلىك تۇرمۇش ئاھالىنى سەپكە ئۇيۇشۇپ، گومىنداڭغا قارشى تىغمۇتىغ كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىدى، چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا سەۋر - تاقەت ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالغانىدى. دۈشمەن ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇۋېرىش، مۇستەبىتلەر جادۇسىدا باش قويۇپ يېتىش، قىلىچ بىسىغا بويۇن سۇنۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر بولۇپ قالغانىدى.

كۆرەشچى مۇئمىنىدىن خوجىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شەرقىي تۈركىستان ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى، نامىدا ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ بىلەن قىلمۇتىغ ئېلىشىشنىڭ مەخپىي كۆرەش سېپىنى بەرپا قىلدى.

1945 - يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى ۋە مەشھۇر ھەربىي كوماندىر سوپاخۇن سۇۋۇروۋلار يېتەكچىلىكىدىكى 200 كىشىلىك جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى ئىلى ۋىلايىتىدىن يول ئېلىپ، قىسىر تاغ ئېغىزى ئارقىلىق باي ناھىيىسىگە كەلدى. ئېلىپ بېرىلغان ھەر بىر ئۇرۇش بۇ باتۇر جەڭچىلەرنىڭ غەلىبىسى ھېسابىغا چاقماقتەك تېز ھەل بولۇپ تۇردى. قىسىر تاغ ئېغىزى ۋە باي ناھىيىسىنى ئارقىمۇئارقا ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق ھۇجۇم بىلەن گومىنداڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلغان جەڭچىلەر جاھىل ئىستىھكام بولغان قوغانىنمۇ بويسۇندۇرۇپ، غالىبانە قەدەملەر بىلەن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. كونىشەھەر ناھىيىسى ئازاد قىلىندى؛ لېكىن دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلۈم كۈنلىرىنىڭ يېقىنلاپ، ئۆزلىرىگە ئەجەلنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇلار ئاقسۇغا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى كېلىشتىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى، ئىشپىيون، جاسۇس ۋە پايلاقچىلىرى ئارقىلىق ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنى بايقاپ قالغان، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئمىنىدىن خوجا، ئابدۇللا داۋۇتوۋ، بىلال ئەزىزى، سېيىت ئابباس، ئابدۇللا روزى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ياش ئۇچقۇنلارنى قاماققا ئالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىغا ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىنى ئىگىلەپ، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئورگانلىرىنىڭ قەشقەر، يەكەن①، خوتەن ۋىلايەت-

① ئەينى ۋاقىتتا يەكەن — قاغىلىق، مەكىت، پوسكام، يەكەن ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايرىم ۋىلايەت ئىدى.



لىرى بىلەن بولغان ھەربىي، سىياسىي، مەمۇرىي ئالاقىلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈپ تاشلاشتىن تاشقىرى يەنە، ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىنىمۇ دۈشمەن قامىقىدىن قۇتقۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى ئۆز - ئۆزىدىن يۈكلىنىپ قالدى.

ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سېپىلى قوغان ئىستىھكامىدىن كېيىنكى ئەڭ جاھىل دۈشمەن قورغىنى ئىدى. بۇ سېپىلنى بۆسۈپ تاشلاش ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق جەڭلەر داۋام قىلدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن كەڭ خەلق قاتنىشى مۇشۇ ئىشتا تىللاردا داستان بولغۇدەك زور قەھرىمانلىقلارنى ياراتتى. 1945 - يىلى ئاقسۇدا غەزەپ بىلەن قولىغا قورال ئالغان خەلق گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىنىڭ قارا يۈرىكىنى ئەستىن چىقمايدىغان دەرىجىدە ناھايىتى قاتتىق بۇجۇپ تاشلىغانىدى.

مەن 70 ياشقا كىرىپ كۈچ - ماداۋىمدىن قالغان، قۇلۇقۇم گاللاشقان بىر چاغدا، بۇ ئەسەر ئۈستىدە توپتوغرا ئۈچ يىل ئىشلىدىم. ئاڭغىچە ئۆزۈم 70 ياشتىن ھالقىپ 73 ياشقا كىردىم. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، ئاخىر بۇ ئەسەر يېزىلىپ بولدى. ئاندىن مېنىڭمۇ كۆڭلۈم تىندى، ئارام ئېلىپ قالدىم. بۇ ئەسەردە، ئۇنداق ياكى مۇنداق نۇقسانلار بولسا كىتابخانلاردىن ئەپۇ سورايمەن.

# نەشرىياتتىن

پېشقەدەم ژۇرنالىست ۋە يازغۇچى ئەيسا يۈسۈپ 1916 - يىلى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلغان. شۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ، ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچى، ئاقسۇلاردا دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە گومىنداڭغا قارشى قوراللىق ئىنقىلاب قوزغالغاندىن كېيىن، ئەيسا يۈسۈپ ئىلى ۋىلايىتىگە ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرىدىكى بىر قىسىم مەكتەپلەردە بىر قانچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئازادلىقتىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسىدا 30 نەچچە يىل، تاكى ياشىنىپ دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

يولداش ئەيسا يۈسۈپنىڭ ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋاقتى ئاقسۇدا «شەرقىي تۈركىستان ئۈچ قۇتلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ياشلار گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي يۈرۈش قوشۇنى ئاقسۇغا چۈشۈپ، قوراللىق كۈرەش قىلغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئەيسا يۈسۈپ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئەنە شۇ كۈرەشچان مەزگىللەردە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

## دۈشمەن بىلەن دەلمۇ دەل كېلىشىش


ئاقسۇغا غۇرۇبەتچىلىك يات بولۇشى كېرەك ئىدى ...... 3

بىز دېھقان، ھەرگىز تىلەمچىلىك قىلمايمىز! ...... 18

پوچتىكەش بىلەن باجگىر ...... 25

پاشاخوجىنىڭ كۈلكىلىك ئىشى ...... 31

دارىلمۇئەللىمىن غەزەپلەنسەكتە ...... 42

غېرىب - سەنەم ئوپېراسى سەھنىدە ...... 50

ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلۈمى ...... 61

گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقە باشلىقىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن تەلىپى ...... 78

قاماقخانا ئالدىدا ...... 94

ئاقسۇنىڭ يازدىكى بىر كۈنى ...... 115

سەپداشلار سۆھبىتى ...... 139

يوشۇرۇن خەتەر بايقالدى ...... 152

كۈرەش ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا موھتاج ...... 172

ئايتەلكۈرسى بىلەن يۈرەكلىك بولغىلى بولمايدۇ ...... 191

ھۇقۇش سايرىدى ...... 210

مەككار قىسىم ئىچمەكتە ...... 245
سەپداشلار خەلق بىلەن تەقدىرداش ...... 257
تەسىس مەجلىسىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ...... 269
باغۋەننىڭ مەككارغا بولغان غەزىپى ...... 287
ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى دۇنياغا كەلدى ...... 307
بۇ باراۋەت، ئەلۋەتتە ئويۇن - كۈلكە بولۇشى كېرەك ... 336
ئىشپىيون يەنە سىغدىلىۋالدى ...... 350
دۈشمەن بىلەن دەلمۇ دەل ئېلىشىش ...... 374
باغدا پائالىيەت ...... 400
«قوزغال، ئېزىلىشنى خالىمىغان ئىنسان!» ...... 412
كۈرەش توختىمايدۇ، بۇندىن كېيىن قاماقخانىدا بولىدۇ ... 430


## ئىككىنچى قىسىم

## قانلىق كۈرەش


گومىنداڭچىلار ئىچىدە ئالاقزادىلىك ...... 455
ئەركىنلىك جەڭچىلىرى بايىدا ...... 464
يۇرت مۆتىۋەرلىرى سالامغا كەلدى ...... 486
قوغان ئۈچۈن جەڭ ...... 503
جەڭدىن - جەڭگە ...... 531
كوتىشەھەرگە كىرگەن كۈننىڭ ئەتىسى ۋە ئۆگۈنى ...... 560
باتالىيون پولكقا زورايدى ...... 578
ئاچكۆزنىڭ ئاغزى ئاشقا تەككۈچە بۇرنى ئاۋۋال تاشقا
تەگدى ...... 590
يەنىلا سېپىل توسالغۇ بولماقتا ...... 602
دۈشمەن مۇھاسىرىسى ...... 617





يارىدار بار يەردە، شەپقەت ھەمشىرىسى بولىدۇ ...... 637
سەمەت ۋە قەمەرنىسا ...... 648
شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ تويى ...... 657
ئۇيقۇسىز ئۆتكەن كېچە ...... 676
دەللالنىڭ رەزىللىكى ...... 687
خورلىنىپ ياشىغاندىن ۋىجدان بىلەن ئۆلگەن تۈزۈك ...... 703
سېپىل يەنە مۇھاسىرىدە ...... 728
جەڭگىۋار مەجلىس ...... 746
سېپىل ئۈستىگە تەييارلىق ...... 757
قاماقخانىدا جەڭ ...... 766
قالىكەش ئۆلمىدى ...... 774
جەڭگىۋار تەلەپلەر ...... 796
كۈتۈلمىگەن رادىئوگرامما ...... 811
جەنۇبىي يۈرۈش پولكى قايتتى ...... 829
كۆكە ئۆلۈمدىن قورقمىدى ...... 836
ئانىنىڭ ھازىسى ...... 858
قەھرىماننىڭ نامى ئۆچمەيدۇ ...... 872
ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئاقسۇ ...... 881
قىرغىنچىلىق داۋام قىلماقتا ...... 899
ۋەتاننىڭ ئالدىمىدىن ئاتەھ ...... 912

خاتىمە ...... 923

## بىرىنچى قىسىم

# دۈشمەن بىلەن دەلمۇ دەل ئېلىشىش

# ئاقسۇدا غۇربەتچىلىك يات بولۇشى كېرەك ئىدى ...

يېڭىشەھەر دەپمۇ ئاتىلىدىغان ھازىرقى ئاقسۇ ناھىيىسى ئىلگىرىكى مەزگىللەردە ئاسۇق نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇ كىچىككىنە بازىرى ۋە ئەتراپىدىكى يېزا - مەھەللىلىرى بىلەن ئادەتتىكىچە كىچىك رايونلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ جاي مەمۇرىي جەھەتتىن ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىگە قارايتتى. كېيىنچە، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي بۆلۈنۈش خەرىتىسىدە ۋىلايەت ئايرىمىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئاسۇق رايونى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى ۋە يەنە ئاقسۇ نامى بىلەن ئاتىلىپ ۋىلايەت مەركىزى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. چۈنكى ئۇنىڭ جايلىشىش ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، قاتناش ساھەسىدىكى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى، بولۇپمۇ ھەربىي جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىكى ھېسابقا ئېلىنغانىدى. لېكىن خەلقنىڭ ياشانغان قاتلىمى ئىلگىرىكىدىن كېلىۋاتقان ئادىتىگە ئاساسەن ھېلىمۇ كو- نىشەھەر ناھىيىسىنى بۇرۇنقىدەك ئاقسۇ، ھازىرقى ئاقسۇ ناھىيىسىنى ئاسۇق دەپ ئاتاشنى داۋام قىلدۇرماقتا. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانغا قەدەر، ئاقسۇ ۋىلايىتى قىرغىز ئاھالىسى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئاقچى ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھازىرقى كۇچا، شايار، توقسۇ، باي، ئاقسۇ

كونىشەھەر، ئۈچتۇرپان، كەلپىن، ئاۋات ۋە ئاقسۇدىن ئىبارەت ئون ناھىيىدىن تەركىب تېپىپ كەلدى. ئاقسۇ بازىرى ۋىلايەت مەركىزى بولسىمۇ ئاھالىسى كونىشەھەر بازىرىنىڭكىدىن پەرقلىنەرلىك دەرىجىدە ئاز ئىدى. ئۆتكەندە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى، ھەربىي قىسىم ۋە ساقچى ئورگانلىرى شاھئەت ئۇرۇقسىدەك زىچ جايلاشقان بولۇپ، كىچىككىنە بىر جاي ئىدى. بولۇپمۇ، شەھەر ئىچى قىسمى ئالاھىدە كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىز ۋە قېلىن سېپىلىنى XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا بولۇپ ئۆتكەن خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ بىرىدىن كېيىن، مانجۇ خاندانلىقىنىڭ بۇ يەردىكى ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنى خەلقنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن سالدۇرغانىدى. سېپىل تۆت مېتىرچە قېلىنلىقتا سوقما تام شەكلىدە ئېگىز قىلىپ ياسالغان. قارىغاندا، شەھەردىن سېپىلى چوڭراق بولۇپ، ۋىجىك ئادەمگە يوغان تون كىيدۈرۈپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى.

شەھەرنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى تۆت دەرۋازا ئارقىلىق، يەنى شىمالدىكى ئۈرۈمچى (تاشقىرىقى بازار) دەرۋازىسى، غەربىدىكى قەشقەر (گۈلباغ) دەرۋازىسى، جەنۇبىتىكى خوتەن (يېڭىبازار) دەرۋازىسى، شەرقىدىكى كۇچا (ئاسۇق) دەرۋازىسى ئارقىلىق بولاتتى. شەھەر يەنە سىرت تەرەپتىن سېپىل بويلاپ قېزىلغان كەڭ ۋە چوڭقۇر خەندەك ئارقىلىقمۇ ئاۋات تاشقىرىقى بازاردىن ۋە شەھەرنى نېرىدىن قورشاپ تۇرغان لەڭگەر، ئاسۇق، خېيجاڭ، كونا مەيە بازىرى، سۇجۇ، يېڭىمەھەللە، ئېگەرچى، يېڭىبازار مەھەللىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرىدىغان خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن قورقۇپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان مۇستەبىتلەر ھۆكۈمىتى يەنە سېپىل بىلەن خەندەك ئارىلىقىغا خېلى پۇختا ئېتىشىش



ئۆتۈشۈكلىرىگە ئىگە قالقان شەكىللىك تۇشۇمچە مۇداپىئە سوقمىلىرىنىمۇ ياسىغانىدى. مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەر ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك دېگەندەك، ئەنە شۇنداق خەۋپ - خەتەر ۋە ئەندىشە ئىچىدە ياشايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئاھالىنى قوغداشنى ئەمەس، ئەكسىچە ئاھالىنىڭ زەربىسىدىن ئۆزلىرىنى قوغداشنى مەقسەت قىلاتتى.

شەھەر كىشىگە قۇم بارخىنىغا ئوخشاش قاقاس كۆرۈنەتتى. سېپىل ئىچىدە، ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ۋە شۇ كۆزنەكلەردە بولسا، قۇرۇپ كېتىش ھالىتىگە كېلىپ قالغان بىرنەچچە تۈپ قېرى قارىياغاچ، سۆگەت ۋە بىرەر - يېرىم تۈپ ئۈجمە ياكى ئامۇت دەرەخلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا دەل - دەرەخ يوق ھېسابىدىلا ئىدى. سېپىل سىرتىنىڭ خەندەك بويلىرىمۇ گۈل - گىياھسىز، دەل - دەرەخسىز ئاق قىر شەكلىدە تۇراتتى. مۇستەبىتلەر سېپىل ئىچىگە ۋە سېپىل سىرتىغا دەرەخ ئۆستۈرۈشنى جىنايەت ھېسابلايتتى. دەل - دەرەخ، ئۇلار ئۈچۈن سېپىل مۇداپىئەسىنى بۇزغۇچى خەۋپلىك نەرسە ئىدى. شۇڭلاشقا، ياز ئايلىرى سېپىل ئىچىدىكى بۇ شەھەر ئوت تېپىسى ئورۇپ تۇرغان تونۇرغىلا ئوخشىشىپ قالاتتى. ئاقسۇ ئاسمىنىنىڭ بۇلۇتسىز ئۆتىدىغان چاغلىرى كۆپ، يازلىقى ئاسمان يامغۇر ياغمىسىدەك، قىشلىقى قار ياغىدىغان كۈنلەرمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. كوچىلار تاسمىدەك تار، يوللىرى ئەگرى - بۈگرى، قاتاڭ ۋە توپىلاڭ ئىدى. ئات - ئۇلاغ، ھارۋا ياكى شۇ ۋاقىتتىكى ئابرويلۇق قاتناش قورالى بولغان مەپە بۇ يوللاردىن ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، سۈزۈك ھاۋا بۇلۇتتەك توپا - چاڭنىڭ ئىچىدە قالاتتى. مال پادىلىرى ئۆتۈپ قالسا، تېخىمۇ بەتتەرەك بولاتتى. پادا كوچىلاردىكى دۇكان ۋە يايمىلارغا،

يېمەكلىكلەر سېتىلىدىغان غالتەكلەرگە بىر قەۋەت ئۆلۈك توپا تاشلاپ كېتەتتى.

گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كوچىلارنى رەتلەش، يوللارنى تۈزلەپ ۋە چىڭداپ، شەھەر تازىلىقىنى ياخشىلاش ئىشلىرى بىلەن ھېچقانداق كارى بولمايتتى. كۆللەر، ئايلار شۇنداق ئۆتۈپ، پەسىل ۋە يىللارمۇ شۇنداق ئۆتۈپ، ئاخىر پاسكىنىچىلىق ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلار ئۇۋۇلىشىۋالغان ئىدارە، ئورگانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ئاھالە ئومۇمەن تىببىي ياردەمسىز ئۆمۈر كەچۈرەتتى. ئاقسۇدا تىببىي جاھازلىرى تولۇق زامانىۋى دوختۇرخانا ۋە ئۆز كەسپىگە پىششىق، ئىختىساسلىق دوختۇرلارمۇ يوق ئىدى. ئاشۇ مەھەللىدىكى دوختۇرخانا پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە بىردىنبىر چوڭ دوختۇرخانا ھېسابلىناتتى، ئەمما ئۇمۇ ئېھتىياج تەلىپىدىن كۆپ يىراق ئىدى.

ئاقسۇ ناھىيىسىنى پات - پاتلا ئاممىۋى تۈس ئالغان يۇقۇملۇق كېسەللەر قاپلاپ كېتەتتى. بىر يىلى ئۆي - ئۆيلەرنى تولغاق كېسىلى ئۆز خەۋپى ئاستىغا ئالسا، يەنە بىر يىلى بۇ ئۆيلەر كېزىك كېسىلىنى كۆتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. 1944 - يىلى يازنىڭ ئىسسىق ئايلىرىدا پۈتۈن ئاقسۇنى سېرىق كېسەل قاپلاپ، بىچارە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىش - ئەمگەكتىن قالدۇردى. ئاخىر بۇ ئىججىس كېسەل بىرقانچە يۈز ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ روزىغارىنى بىۋاقىت تۇزۇتتى. شۇ قېتىمقى سېرىق كېسەل ئاھالىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنىڭ ئىنتايىن قۇۋۋەتسىز، ناچارلىقىدىن ۋە تويۇنۇپ غىزالىنالماسلىقىدىن پەيدا بولغانىدى. شەھەر ئىچىدە ھەتتا تارقىلىش سۈرئىتى تېز، ساقايتىۋېلىشتىن زەررىچە ئۈمىد بولمىغان خەۋپلىك ئاغرىق — موخو كېسىلىگە دۇچار بولغان



كىشىلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى، بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغانلار يېزىلاردىمۇ بار ئىدى.

بىر يىلى يەنە ئاقسۇدا ۋابا كېسىلى بولۇپ، بۇ دەھشەتلىك كېسەل كۆپچىنە قېرىلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ياشلارنىمۇ يالماپ كەتتى. بىر ئۆيدىن يىغا - زار كۆتۈرۈلۈپ بىچارە ئاتا ۋە ئانا قىزى ياكى ئوغلىنىڭ دۇنيادىن بىمەزگىل ئۆتكەنلىكىگە چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىنىپ، ئاھ - زار قىلسا، يەنە بىر ئۆيدە كىچىك باللارنىڭ يۈرەكنى تىلغۇدەك قاتتىق قايغۇ - ئەلەملىك يىغىسى ئەۋجىگە چىقاتتى، ئۇلار مېھرىبان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ دۇنيادا پاناھسىز تاشلاپ قويۇپ، مەڭگۈ قايتماس ماكانغا سەپەر قىلغانلىقىغا نالە قىلاتتى. باللار يېتىم قېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ئاقسۇ شەھىرىدە يېتىملىك يولى، سەرسانلىق - سەرگەردانلىق يولى بولۇپ، كىچىكلا تۇرۇپ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان بۇ باللار ئۆزلىرىنى ئېغىر كۈلپەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇلار ئەمدى تەلىيى ئوڭدىن كەلسە، بىراۋنىڭ ئاسرانىدى بالا قىلىۋېلىشىغا ئېرىشىشى ياكى بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىسا، ۋاقىتنىچە قەلەندەرچىلىك يولىغا كىرىپ، ئۇچرىغانغا دوست تارتىپ، بەرگەنگە رازى بولۇپ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى.

× ×

شەھەر ئىچىدىكى ساڭگىلالدى، دەپ ئاتالغان كىچىككىنە تۆيۈق كوچىدا تۇساتتىن باللارنىڭ يىغا - زار، نالە - پىغانى يەلەككە چىقىپ، ئاقسۇنىڭ تاڭ ۋاقتىدىكى غەپلەت ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ يەردە بايكار توقنىياز-

ئاخىرقىنىڭ ئۆيى بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بۇ ئۆي ئۇزۇن كېچىدىن تارتىپ، ئېغىر مۇسىبەتكە چۆككەنىدى. ئاتىسىنىڭ ئۆزى مۇندىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ۋابا كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. بۈگۈن ئانا 51 يېشىدا يەنە شۇ رەھىمسىز ئاغرىقنىڭ چاڭگىلىدا جان بېرىپ، دۇنيادىن بىۋاقىت ئۆتتى. باللار يىغلاشماقتا. ئۇلار ئانىسىنىڭ جەسىتى ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئىشەنمىگەندەك «ئانا!» دەپ چاقىرىپ، ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكمەكتە، قولۇم - قوشنا ۋە بىر قىسىم جامائەتنىڭ ياردىمى بىلەن مېيىت ئۇزىتىلىپ يەرلىككە قويۇلدى. ئۆيدە يېيدىغانغا ئۇن - گۈرۈچ، قالايدىغانغا ئوتۇن - ياغاچ يوق ئىدى. كەمبەغەل قوشنىلارنىڭ بولسا ئاتمىدارچىلىق قىلىپ قويۇشقا قۇربىتى يەتمەيتتى؛ ئاچلىق باللارنىڭ كاللىسىغا ئەقىل كىرگۈزدى. 11 ياشلىق روزى توققۇز ياشلىق سىڭلىسىنى كەينىگە سالدى - دە، كوچىغا چىقتى. ئوغۇل بۇ چاغدا ئىلگىرىدىن كۆرۈپ كەلگەن قەلەندەرلەرنى دوراپ، ئۆيدىكى بىردىنبىر جابدۇق — كونا كىر خورجۇننى ئۈششىگە ئارتىۋالغانىدى. ئۇلار بىرىنچى قېتىم شەھەر ئىچىدىكى بىر قەدەر كاتتا دۇكانىسمان بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. باللار بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇردى، سىرتتىن كەلگەن بىرى ئۇلارنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئۆيدە ھاراق ئىچمەكچى ئىدى. ئاشخىچە ئۆي ئىچىدىن بىرى چىقىپ، يۈز - كۆزى قاندەك قىزارغان ھالدا مەستلىكنىڭ ئىلكىدە سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ، دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. روزى شۇ چاغدىلا ئۆزلىرى خەير - ساخاۋەت ئۈمىدى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان بۇ خانىدانىنىڭ قاۋاقخانا ئىكەنلىكىنى بىلدى. باللاردا ئۈشتۈمتۇت يىرگىنىچ ۋە ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولدى. ئۇلار ئىشىك



ئالدىدىن كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، قاۋاقخانىدىن ۋارقىراپ چىققان خوجايىن ئۇلارنى دۈشكەلەپ، ئۇرۇۋېتىپ - تىللاپ قوغلىۋەتتى. شۇندىن كېيىن، باللار شەھەر ئىچىدىن ھېچبىر ئۆي ياكى دۇكان ئالدىدا تۇرماستىن، تۈپتوغرا سېپىل سىرتىغا — تاشقىرىدىكى بازارغا چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىچە، بۇ يەردە تىلەمچىلىك قىلىش قولايلىقراق، خەير - ساخاۋەت بەرگۈچىلەر كۆپرەكتەك ئىدى. باللار كېلىۋاتقان - كېتىۋاتقانلارغا ئۇدۇل بولۇپ، ئۈمىد كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرەتتى. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ پەشلىرىنى يۇمشاققىنا تارتىپمۇ بېقىشاتتى، بىراق ئۇلارغا ھېچكىم پەرۋا قىلمايتتى. ئۆز ئىشى ۋە ئۆز غەملىرىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. شۇندىن كېيىن، ئاكا - سىڭىل قاتتىق ھودۇقۇپ، تەئەججۈپ ئىچىدە قالدى، تونۇش بازار ئۇلارنى يات كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلارغا بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئىلگىرىكىدەك — ئاتا - ئانىسى ھايات ۋاقتىدىكىدەك ئىسسىق كۆرۈنمەيتتى. باللار ئاخىر نېرىدىكى لەڭگەر كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغىچە بېرىپ بېقىشتى. خەيجاڭ، ئاشۇق، كونامەپە بازىرى مەھەللىلىرىنىڭ ئالدى تەرەپلىرىنى چۆگىلەپ كېلىشتى. دۇكان، ئاشخانىلارغا تەلمۈرۈپ، ئۇلارغا يېقىن بېرىپ بېقىشتى. ناۋات، كۆلە - قاق، گازىر - پۇرچاق تەنزىلىرىگە باللارغا خاس سەۋرسىز ئىشتىھالىرى بىلەن كۆز ئۈزمەي قاراشتى. سامسىخانا، ناۋايخانىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چاغدا، ئاچ قورساق باللارنىڭ بۇرنىغا سامسىنىڭ پىياز ئارىلاش تەملىك پۇرىقى بىلەن تونۇردىن يېڭى سۇيۇۋېلىنغان ئىسسىق گۆش گىردىنىڭ ئۆزگىچە خاس يېقىملىق ھىدى شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى. باللار ئاشقازانلىرىنىڭ رەھىمسىز غىدىقلىنىۋاتقانلىقىنى قايتا - قايتا ھېس قىلاتتى.

سامسىپەزنىڭ «ياغ چاينىۋال، ياغ چاينىۋال، بۇنىڭ ئىچى غىچ ياغ!» دەپ سامسىنى ماختاپ تۇۋلىشى بىلەن تەڭ يول ئۈستىگىلا دېكۈرەك كاۋاپدان قويۇۋالغان كاۋاپچىنىڭ پۈتۈن تاشقىرىقى بازارنى بىر ئېلىپ «بىرداق قوينىڭ كاۋىپى، بىر قەۋەتتى ياغ، بىر قەۋەتتى گۆش، كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ يە!» دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. باللار كاۋاپ تەرەپكە قارىدى، ئۇ كاۋاپچىنىڭ يېنىغا پىشىپ، ئۈستىگە سېپىلگەن دورا - دەرمانلىرى بىلەن سارغۇچ تۈسكە كىرگەن، بىر دۈۋە زىخچە كاۋاپنى تار، ئۇزۇنچاق پەتنۇسقا رەتلىك تىزىپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. باللارنىڭ ئىشتىھاسى يېڭىباشتىن قوزغالدى. روزى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپ، بىر دەم تۇرۇۋالدى. ئاندىن كاۋاپ قوزغىغان ئىشتىھا ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سىڭلىسىنى تارتىپ بۇ يەردىن نېرىغا كەتتى. ئۇلار شۇ تاپتا ئاتا - ئانىسى ھايات چاغدىمۇ يېيىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان بۇ باھالىق تائاملارغا ئەمەس، بەلكى بىر پارچە نانغا زار ئىدى. ئۇلار قايتىپ يەنە شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتى.

— ئاكا، ئاۋۇ يەرگە قارا، ئەنە زاغرا! — تۇۋلىۋەتتى قىز سېپىل دەرۋازىسىنىڭ يېنىنى كۆرسىتىپ. دەرۋازىنىڭ يان تەرىپىدە جۇل - جۇل كىيىملىك بىر بالا سېپىلغا يۆلىنىپ ئالدىغا بىر سېۋەت زاغرا نان قويۇۋالغان ھالدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى. روزى بۇ بالىنى تونۇدى، ئۇ روزىنىڭ ئاتىسىنىڭ توقۇغان چەكمەن، سەرگەزلىرىنى ئوتتۇرىلىق بوياپ بېرىدىغان بوياقچىنىڭ بالىسى ئىدى. بۇ بالا يېقىنقى ۋاقىتتىن بۇيان مەكتەپتىن قېلىپ ئانىسى يېقىپ بەرگەن زاغرىنى بازارغا ئاچىقىپ سېتىۋاتاتتى. دېمەك زاغرا ساتسام بولماسمىدى، بۇنىڭدا ئۆزۈگىمۇ تويغىچە زاغرا يەپ تۇرسەن.



خەققىمۇ ساتىسەن» دېگەن شېرىن ئويى بىلەن روزى سىڭلىسىنى يېتىلەپ، دەرۋازا تەرەپكە ماڭغانىدى، ياش، قامەتلىك بىر قەلەندەرنىڭ يايما دۇكانلار ئارىسىدىن بىر خىل رىتىم بىلەن ساپايى چېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. قەلەندەر ئالدىرىمايتتى، تەمتىرەپمۇ قالمايتتى. روزى بۇنى زەن سېلىپ قاراپ ئېنىق كۆرۈپ تۇردى. قەلەندەر ئۈستىگە جىگەر رەڭ چەكمەندىن ئۇزۇن پەرىجە، بېشىغا ھەر خىل بوياقتىكى يىپلار بىلەن كەشتىلىنىپ جۇلاسى ماڭگىلىتىپ قويۇلغان ئۇزۇن كۇلا كىيىۋالغان، يېنىغا قىزىل شوينا ئۆتكۈزۈلگەن سارغۇچ قارا چۆچەك ئېسىۋالغان، سول مۈرىسىگە بولسا خۇرجۇن ئارتىۋالغانىدى. قەلەندەر يېتىم ئوغۇلنىڭ كۆڭلىگە ئۈمىدسىزلىك ئۇرۇقى سەپتى، روزى: تىلەمچىلىك قىلىش ئاسان ئەمەسكەن. ئۇنىڭغا ئۆرگىنىلىكتىن باشقا، ئاشۇنداق يامىنىش ئۈچۈن دەسمايىمۇ بولۇش كېرەككەن، دەپ ئويلاپ قالدى. قەلەندەر بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا توختاپ تېگىشلىك تېپىشىنى ئالغاندىن كېيىن، دۇئاسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، تېپىشنى چۆچەككە ياكى خۇرجۇنىغا تاشلىغاندىن كېيىن، يەنە بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلەتتى. تەنزىكەشلەر ئۇنىڭغا ئۆزلىرى تىجارەت قىلىۋاتقان نەرسىلىرىدىن بېرەتتى. بىرى بىر چىمدىق گازىر بەرسە، بىرى ئىككى ياكى ئۈچ تالچە كۆلە - قاق تۇتقۇزۇپ قوياتتى، سودىگەرلەردىن بىرەر - يېرىم تىيىن پۇل بەرگۈچىلەرمۇ بولۇپ قالاتتى. قەلەندەر بۇ نەرسىلەرنى چۆچەككە تاشلاپ، نان - پانغا ئوخشاش نەرسىلەرنى خۇرجۇنىغا سالاتتى. ئۇ سامسىخانا ئالدىغا كەلگەندە، سامسىپەز بىر دانە كۆيۈك سامسىنى قاق ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، بىرىنى قەلەندەرگە بەردى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان قىز ئاكىسىغا:

— سامسىپەز بىزگە قارىغاندەك قىلمىۋاتىدۇ، يار، بىزمۇ بېرىپ باقايلى، سامسىنىڭ قالغان يېرىمىنى بىزگە بېرىپ قالامدۇ تېخى، — دېدى.

— ياق، بىزگە بەرمەيدۇ، — دېدى روزى، — سامسىپەز ئۇ يېرىمىنى شۇندىلا چوڭ قەلەندەرلەر كەلگەندە بېرىش ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ. تايىنلىق، بىز بارساق دەشنەم بېرىدىكەن!

قەلەندەر باللار تەرەپكە يېقىنلاپ، ناۋايخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ناۋاي ئېرەنسىزلىك بىلەن كىچىككىنە نان پارچىسىنى قەلەندەرگە باش كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويماستىن نەپرەت ئىچىدە تاشلاپ بەردى. قەلەندەر ساپايىسىنى توختىتىپ، ناننى ئالغىنىغا قىيغان ھالدا، باشقا دۇكانلارنىڭ ئالدىغا ئوقۇغان دۇئاسىنى تەكرارلىدى:

— ھەق دوست، بەلاگەردان نەخشۇمەن، سەخى جەننەتتى، خۇدا رەھمەتتى. تونۇۋا گۇناھنى يەر، سەدقە بەلانى... بۈگۈن ئۇلۇغ پەيشەنبە. خۇداۋەندە تائالا ئۆز بەندىلىرىگە شەپقەت ئاتا قىلىدىغان ساخاۋەتلىك كۈن. دوست!... دوست!... ئەرۋاھلار ھەققى، ئەسەدۇللاھ رەددى بەلا، ئاشىقى نامى خۇدا. دوست، لائىلاھە ئىللەللا!...

قەلەندەر بۇ سۆزلەرنى ئۇزۇنلۇق ئېيتقاندىن كېيىن، ئىچىدە يەنە بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ، دۇئا قىلدى. ئاندىن ساپايىنى تۈرۈپ تۈرۈپ، باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

روزى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن دىققەت بىلەن تىڭشىغان بولسىمۇ، تۈتۈنۈۋالالماي بېشى گاڭگىراپ قالدى. دەل شۇ چاغدا روزى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ قەلەندەرگە نەپرەت ياغدۇرۇپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى: «ھەي، بەسنومۇس! شۇ يەشتە بىلەن قەلەندەرچىلىك قىلغۇچە، قاراساقال ئاتام مازىرىغا بېرىپ گۆركار بولسىچۇ!



ھازىر ئاقسۇدا نېمە كۆپ، ئۆلۈم كۆپ، مازارلىقتا كىرگىنىگە ئون نەچچە ئادەمنىڭ مېيىتى چىقمىۋاتىدۇ. ياش جېنىغا تەييارتاپلىق بىلەن قورساق باقسەن، دەپ يۈرگىچە كىرچىنى ئايىماي ئۆلۈكلەرنىڭ يەرلىكىنى چاپسا. شۇ ھالال تۇرمۇش بولماسمىدى؟» بۇ سۆزلەرنى قۇۋۋەتلەپ بىر ھارۋىكەش «گۆركار بولسىمۇ ئېتىزغا چىقىپ كەتمەن چاپقاندىمۇ كۈنى ئۆتەتتى دەڭا!» دەپ ۋارقىرىدى. روزى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قەلەندەرگە كەينىدىن نەپرەت كۆزى بىلەن قارىدى؛ ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقان، ئەمما قىلىشنى قاملاشتۇرالمايۋاتقان تىلەمچىلىكتىن قەتئىي قول ئۈزۈش قارارىغا كەلدى. لېكىن ئاكا - سىڭىل تېخى كىچىك. ئۇلار گۆركارلىقمۇ قىلالمايتتى. دېھقانمۇ بولالمايتتى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارغا مۇشۇ تاپتا نان بەرگۈچى بولسا، ئازابلىنىۋاتقان رەھىمسىز قورساق ئېچىشقىدىن ۋاقىتىنچە بولسىمۇ قۇتۇلۇۋالسا! روزى سىڭلىسىغا ئېچىندى. ئۆزىگە ئېچىندى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ئېسىگە كېلىپ، كۆزىگە لىق ياش ئالدى. بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ، كۆڭلى ئېلىشتى. قەي قىلغۇسى كەلدى. كېيىن كۆزى قاراڭغۇلاشتى - دە، تامغا يۆلىنىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. سىڭلىسى قولىدىن تارتىپ، ئۇنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئامالىرىنى قىلىپ كۆردى، لېكىن مادارى يەتمىدى. ئاكىسىنىڭ تىنىقى ئېغىرلىشىپ، ئاخىر ئۆزى شۇ يەردە يېتىپ قالدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ خۇددى شۇنداق ئەھۋالدا ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ، تېزلا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەن قىز ئاكىسىنىڭ يېنىدا پەرۋانە بولۇپ، ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. روزىنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر توپلاندى. ئۇلار بالىنىڭ كېسىلى توغرىسىدا ئۆز پەرەزلىرىنى ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر دورىپۇرۇش بالىنىڭ پېشانىسىنى

سىلاپ ۋە تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ:
— كېسىلى ئېغىر... ۋابا! — دەۋەتتى.
— ئۆيىڭلار قەيەردە؟ — سورىدى بىرى قىزدىن. — ماڭ چاپسان بىرىپ ئاتاڭنى چاقىرىپ كەل!
— ئاتام يوق، ئۆلگەن، — جاۋاب بەردى قىز. ئۇ يەنە ئاپىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنىمۇ ئالايىتەن سۆزلەپ ئۇقتۇردى.
— ۋاي بىچارىلەر، بىز يېتىم دېسەڭلەرچۇ، — ئېچىنىش بىلەن دېدى يەنە بىر كىشى.
دورىپۇرۇش ئۆز ھۆكۈمىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ئەستىقلىتىش مەقسىتىدە قىزدىن ئالدىراپ سورىدى:
— ئاتاڭلار بىلەن ئاناڭلار ئىسسىق كېسەل بولغانمۇ؟
— ھەئە، شۇنداق بولغان، قوشنىلار ۋابا تېگىپتۇ دېيىشكەنىدى.

— مانا مەن دېمىدىممۇ؟ — توپلانغانلارغا مەغرۇر قاراپ قويۇپ سۆزلىدى دورىپۇرۇش. — بالىنىڭ كېسىلى ئېغىر. بۇ كېسەل ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسىدىن يۇققان. مۇنداق كېسەلدىن خۇدايىمنىڭ ئۆزى بەندىلىرىگە پاناھ بولسۇن. — دورىپۇرۇش توپلانغانلارغا قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇنىڭمۇ ھالى خاراپ، رەڭگى سارغىيىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.
ئاڭغىچە بۇ يەرگە ساڭنالدى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق باشقا بىر بابكار كېلىپ قالغانىدى. ئۇ روزىنىڭ ئاتىسى بىلەن يېقىن ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەننىڭ تەقدىرىدىن خەۋەرلىك ئىدى. ئۇ خالايىققا قىزنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ناۋايلار بىر ئىككىدىن نان ئەكېلىپ، بالىلارنىڭ خورجۇنىغا سېلىپ قويدى. سامسىپەز ئون دانە سامسا كۆتۈرۈپ كېلىپ، قىزنىڭ ئېتىكىگە تۆكۈپ



بەردى. باشقىلار قولىلىرىدىن كېلىشىچە ئازدۇر - كۆپتۇر نەق پۇل بېرىشتى.
قىز خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەير - ساخاۋەت بەرگۈچىلەردىن بىرئاز خىجىل بولغاندەك بولدى. لېكىن روزى كۆزىنى ئاچمايتتى. ئەكسىچە، تىنىقى تېزلىشىپ، پۈكۈلۈپ ياتقۇچە داق يەرگە بارغانچە ئېغىر ياتماقتا ئىدى. بابكار شەھەر ئىچىگە كىرا ئىزدەپ كېتىۋاتقان بوش ھەپىلەردىن بىرىنى توختاتتى - دە، ئۇنىڭغا روزىنى كۆتۈرۈپ سېلىپ، بالىلارنى ئۆز ئۆيىگە ئەكەتتى. روزىغا نان، سامسىلارنى يېيىش نېسىپ بولمىدى. ئۇ ساقايماس ۋابا كېسىلى بىلەن ئاتىسى ئۆلۈپ بەش كۈن، ئانىسى ئۆلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋاپاسىز ئالەم بىلەن مەڭگۈ خوشلىشىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ مېيىتلىرى ئاپىرىلغان قەبرىستانلىققا شۇ ئۆسمۈر ھالىتىدىلا ئۆزۈنتىپ قويۇلدى. روزىلارنىڭ قارىتال يېزىسىدا كىچىك ئاپىسى بولۇپ، قارا كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن روزىنىڭ ئۆلۈمىگە كېلەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ قارانچۇقسىز قالغان بىردىنبىر يېتىم سىڭلىسىنى ئۆز يېقىنىغا ئېلىش ئۈچۈن، شۇ كىچىك ئاپا شەھەرگە كىشى ئەۋەتىپ بۇ ئاغرىقچان قىزنى ئۆز ئۆيىگە ئەكەتتى...
ھۆرمەتلىك كىتابخان! يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلىرىم 1945 - يىل ھارپىسىدا ئاقسۇدا تۇركۈملەپ پەيدا بولغان ئۇيغۇر يېتىملىرىنىڭ تەقدىرىدىن بىر سەھىپە! سىز روزىنىڭ ھايات قالغان سىڭلىسىنى بۇ قىسسىنىڭ داۋامىدا يەنە پەيدا بولامدىكىن دەپ ئۈمىد قىلماڭ. ئۇنى مەن كىچىك ئاپىسىغا تاپشۇردۇم. مەن پەقەت ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ قانداق كۈندە قالغانلىقىنى سىزگە بىلدۈرۈپ ئۆتۈش مەقسىتىدىلا، ئۇلارنىڭ ئېچىنارلىق قىسمىتىنى ئۇ ۋاقىتتا ياشاپ ئۆتكەن مىڭلاپ -

تۈمەنلەپ جانىجىگەرلىرىمىزنىڭ بىر سۆزىنى، بىر ئامچىسى
تەرىقىسىدىلا مۇھىت تەسىۋىرى ئىچىگە قىستۇرۇپ قويدۇم.
ئەگەر سىز ئاتا - ئانا بولغان بولسىڭىز روزىدەك ۋە ئۇنىڭ
سىڭلىسىدەك بالىلىرىڭىز باردۇر، ئەگەر سىز تېخى ئۆي -
ئوچاقلىق بولمىغان ياش بولسىڭىز ياكى ئۆسمۈر بولسىڭىز،
ئۇلاردەك ئىنى - سىڭىللىرىڭىز باردۇر، تەسەۋۋۇر قىلىپ
كۆرۈڭ! سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىز ياكى ئىنى - سىڭىللىرىڭىز
ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولغان بولسا. قانداق بولاتتى؟ قانداق؟
ۋۇجۇدىڭىزنى سوغۇق تىترەك قاپلىدىمۇ؟ يۈرىكىڭىزنى پىچاق
تىلىپ ئۆتكەندەك بولۇۋاتامدۇ؟ كۆزىڭىزگە ياش كەلدىمۇ؟
مۇشتۇملىرىڭىز غەزەپ بىلەن تۈگۈلۈۋاتامدۇ؟ شۇنداق! بەختسىز
مىللەتنىڭ بەختسىز ئەۋلادى 1945 - يىل مارتىدا ئاقسۇدا
ئەنە شۇ روزىلارنىڭ كۈنىگە قالغانىدى!...

تۇرمۇشتىكى غۇربەتچىلىك ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ باۋلىق يېزا
ۋە بازارلىرى بىلەن كوچا ۋە مەھەللىلىرىنى تەكشى قاپلاپ
كەتكەنىدى. سىياسىي جەھەتتىكى قاتتىق زۇلۇم، مىللىي تەڭسىز-
لىك ۋە ھوقۇقسىزلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك - تۈمەن
ئالۋان - ياساق، ھاشار، باج - سېلىق خەلقنىڭ سەۋر - تاقەت
كاسىسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تولدۇرۇپ، ئۇلارغا كۈرەشنىڭ
مۇستەبىتلەرگە قارشى قانلىق كۈرەش يولىغا ئۆتۈشنىڭ، يەنى
كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرگەنىدى. ئەسلىدە، ئاقسۇغا غۇربەتچىلىك يات بولۇشى كېرەك
ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدا 100 نەچچە مىڭ ئاھالە، چوڭ -
كىچىك بولۇپ 200 مىڭ تۇياق چارۋا مال، 338 مىڭ مو
مۇنبەت يەر بار بولۇپ، باي دىيارلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ
تېخى تېرىلغۇ يېرىنىڭ 125 مىڭ موسىنى ئەلگە داڭلىق ئاق
ۋە سەردان گۈرۈچ چىقىدىغان شال ئېتىزلىرى تەشكىل قىلاتتى.



ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى، جۈملىدىن باغۋەنچىلىك بىلەن
كۆكتاتچىلىقىنى دولان، خوتەن ۋە كونا ئېقىن دەپ ئاتالغان
دەريالار ۋە ھەممىلا يەردە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك بۇلاقلار
سۇ بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەپ تۇراتتى. خۇددى ئۆزىنىڭ نامىغا
ئوخشايدىغان ئاقسۇ، تىنىق سۇ ئۇنىڭ كەڭ بوستانلىقلىرىدىن
تىنىمسىز ئېقىپ ئۆتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ چوڭ دىيار ئۆز
زامانىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك ناھىيە دەپ ئېتىراپ قىلىنغانىدى.
ئۇنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى تۈز تەكشىلىكلەرگە جايلاشقان بولۇپ،
ئېگىز - پەس، ئۈنۈمسىز يانباغىرلار كەمدىن كەم ئۇچرايتتى.
ئېتىزلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قارا چىلان يەرلەر ئىگىلەيتتى.
ناھىيىنىڭ ھاۋاسى جەنۇبىي شىنجاڭ كىلىماتىغا خاس ئىسسىق
بولۇپ، ئۇ زىرائەتلەرنىڭ تېز ئۆسۈشى ۋە بالدۇرراق پىشىپ
يېتىلىشىنى ئوڭۇشلۇق كىلىمات شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ
تۇراتتى. يازنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، مۇنبەت يەرلەردىن يىلىغا
ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش مۇمكىنچىلىكىنى بېرەتتى. لېكىن
شۇنىڭغا قارىماي، ئاقسۇ ئاھالىسىنىڭ ناھايىتى زور كۆپچىلىكى
كەمبەغەل ياشايتتى. يېرىم توق، يېرىم ئاچ ھالدا قاتتىقچىلىق
ۋە قاششاقلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگۈچى كىشىلەرنى بۇ
ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدىن ئارتۇقى بىلەن ئۇچراتقىلى بولاتتى.
ئاقسۇدا دېھقانچىلىق كونا ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇ
سەۋەبتىن، يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقى يىلسايىن تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى.
باج - سېلىق، ئالۋان - ياساقلارنىڭ كۆپىيىشىمۇ يوقسۇللۇق
ۋە كەمبەغەللىكنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى.

1943 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كېلىپ ئاقسۇ ئوقۇمۇشلۇق
ئىلغار ياشلار تەدرىجىي كېلىپ توپلانغان جاي بولۇپ قالدى.
بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا
مۇتەللىپ ۋە باشقا چەت ئەل ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان

ئۇلىغان زىيالىيلار بار ئىدى. لېكىن گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ خىزمەت بەرمەسلىكى ۋە تەقىپ ئاستىغا ئېلىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ رولى جارى بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتىمۇ ئەڭ قالاق ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

## بىز دېھقان، ھەرگىز تىلەمچىلىك قىلمايمىز!

ئاقسۇ بازىرىنىڭ غەربىگە (شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان قىزىلكۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىغا) گۈلباغ دەپ ئاتالغان باغۇ بوستانلىق كىچىككىنە بىر مەھەللە جايلاشقان. تۇنىياز ئاكىنىڭ ئائىلىسى شۇ مەھەللىدىكى 42 ئائىلىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھويلىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، يوغان ئېغىلى، دەرۋازا تېمىغا يۆلەكلىك تۇرغان سۇرەم - ساپىنى، ھويلىنىڭ تۆرىسىگە قويۇپ قويۇلغان يار - يار ھارۋىسى، كۆپ چاغلاردا ئۈجمە تۈۋىگە باغلاپ قويۇلىدىغان چىلان تورۇق ئېتىغا قاراپ ئېيتقاندا، ئۇ تەلتۆكۈس بىر دېھقان ئائىلىسىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. تۇنىياز ئاكىلار كۆپ جانلىق ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 30 ياشلار چامىسىدىكى يالغۇز ئوغلى يارامىلىق ئەمگەك كۈچى بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىقىدا بىردىنبىر مەزمۇت تۈۋرۈك ھېسابلىناتتى. يېقىندا بۇ تۈۋرۈك غۇلاپ كەتتى. گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدىكى 5 - ئاتلىقلار پولكى بۇ نەۋقىران يىگىتنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتقان چاغدا، ھەربىر يىگىت ئەسكەر ئۆز ئېتىنى مىنىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن چىلان تورۇقنىمۇ ئەكەتكەنىدى. تۇنىياز ئاكىلار كەم يەپ، كەم ئىچىپ،



ھەممە نېمىدىن تەڭ تېجەپ، ھەتتا قەرزگە بوغۇلۇپ، بۇ ئاتنى ئۆتكەن يىلقى كۈزلۈك خامانىدىن كېيىن مىڭ تەسلىكتە سېتىۋالغانىدى.

ئوغۇل بىلەن ئاتنىڭ 5 - ئاتلىقلار پولكىغا ئەكېتىلگىنىگە توپتوغرا بىر ئاي بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقە بىلەن دىللىرىغا تۇتاشقان ئەلەملىك ئوتنى تاكى ھازىرغىچە ئۆچۈرۈپ كېتەلمىدى.

تۇنىياز ئاكا قىشۇ ياز شۇ ئوغلى بىلەن بىللە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلاتتى. يازلىقى يەر تېرىپ، زىرائەت پەرۋىش قىلسا، قىشلىقى ئوغۇت يىغاتتى، قىر تۈزلەيتتى، ئېرىق - چۆنەكلەرنى قىرىپ ئادالاپ، ئېتىزلارغا سۇنىڭ راۋان ۋە كۆپ ئېقىپ كىرىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايتتى، ئوغۇت توشۇيتتى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ بىكار ئۆتىدىغان كۈنى بولمايتتى. ئەمما بۇ ئائىلە قىشلىقى بىلەن يازلىقى پەرقسىز دېگۈدەك غورىبەتچىلىكتە ياشايتتى. ئۇلارغا كەمبەغەللىك يىلىنىڭ تۆت پەسلىدە بىردەك ھەمراھ بولۇپ تۇراتتى. تۇنىياز ئاكىلار ئىجارىگە ئېلىپ تېرىلغان يەر ئۈچۈن كۈزلۈكى زېمىندار مەمەتبايغا تاغار - تاغارلاپ ئاشلىق تۆلىسە، قالغىنىنى غەللە - پاراق، باج - سېلىق ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، خامانىدىن ناھايىتى ئاز دارامەت بىلەن قايتىپ كېلەتتى. بەزى يىللىرى قۇرۇق قول دېگۈدەك قالاتتى. بۇ يىل ئۇلار ئۈچۈن ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولدى. تۇنىياز ئاكا ئائىلە تىرىكچىلىكىنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ئوغۇل بىلەن ئاتتىن ئايرىلىپ قالدى.

1945 - يىلىنىڭ باش ئەتىيازى كىرىپ، ئېتىزلاردا ئادەتتىكىدەك ئىش - ئەمگەك باشلىنىپ كەتتى. تۇنىياز ئاكىنىڭ ئۆيىدىكىلەر تاڭ سەھەردە ئۇلاش - چولاش ئېتىزغا

كېتىپ، بوۋاينىڭ ئۆزى ھويلىسىدىكى بىردىنبىر دېھقانچىلىق سايمىنى — كونا ساپانىنىڭ سۇنغان يەرلىرىنى ياساپ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالتە ياشلىق نەۋرىسى بىلەن ھويلىدا قالغانىدى. تۇنىياز ئاكا ئاپتاپ سىنغاچ رېمونت ئىشىنى تونۇرغا يۆلىنىپ داۋام قىلدۇرۇۋاتاتتى. خېلىدىن بېرى كۆمەچ چايناپ، ئۇنىڭ ئىززۇكىرەك تەمىنى ئالمىغان بالا تونۇرنى ئىسلەپ قالدى بولغاي، چىچىمەل تىل بىلەن ئۇشتۇمتۇت دادىسىدىن سورىدى:

— دادا، دادا! تونۇر ھەركۈنى مۇشۇنداق تۇرىدۇ، نېمىشقا نان پىشۇرۇپ بەرمەيسىز؟ تونۇر نېنى كۆمەچتىن تاتلىق تۇرسا! ئاشۇنداق تونۇرىمىز تۇرۇقلۇق ئەجەب كۈلدە كۆمەچ پىشۇرىمىزغۇ؟ ئانامغا ئېيتىڭ، بىزگە نان پىشۇرۇپ بەرسۇن. مەن ئۆيدىن تونۇرغا نان خېمىرى توشۇپ بېرىمەن!...

— ھەي سېنىڭ كېپىكىنى قارا! — تۇنىياز ئاكا نەۋرىسىگە ئەستىلىكى كەلدى. — ساڭىمۇ ئەقىل كىرىپتۇ-دە! بۇ يىل چوڭ بولغانغا ئوخشىمامسەن؟ تونۇرنى قىزىتىپ نان پىشۇرۇش بىزگە ئاسان ئىش ئەمەس بالام. بۇنىڭ ئۈچۈن يەتكۈدەك ئوتۇن، جىققىنا ئۇن بولسا بولىدۇ.

— ئاغاردا قوناق تۇرمامدۇ؟ يەنە بىر ئاغاردا بۇغدايمۇ بارغۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ نەۋرىسى. — قوناق ئۇنىدا كۆمەچ پىشۇرساقمۇ، بۇغداينى تارتىپ كېلىپ، ئاق نان يېقىپ يېسەك بولمامدۇ؟

— ئۇنداق قىلمايمىز، بالام، بۇغداينى مەھەممەتبايدىن قەرز ئالغان، بىز ئۇنى قايتۇرىمىز، ئۇ ئۇرۇقلۇق.

— ئەمىسە، بەيلى دادا، ئەمدى بازارغا كىرگىنىڭدە ئانامغا، ئاپامغا، ماڭا، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن



گۈلنجەت سەپكەن گىردە ئالغاچ چىق جۇمۇ؟

— بولىدۇ، شۇنداق قىلاي، بۇ كەمگىچە بازارغا كىرسەممۇ ناۋاي دۇكىنىغا يولىماي يۈرۈپتىمەن، ئەمدى بېرىپ قالسام ھەممىڭلارغا گىردە ئالغاچ چىقاي! — تۇنىياز ئاكا بۇ سۆزنى ناۋاي نېنى سېتىۋېلىشقا قۇربىتىم يوق، ئۆزەم قىلىپ يۈرەي، مەن سىلەرگە گىردە ئاچىقالمايمەن، دېگەن مەنىدە ئېيتالمىدى. ئەمما بالا بۇ سۆزنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشەنمەي، خۇشال بولۇپ چۇرقىرىدى، دادىسىغا مەھكەم چاپلىشىپ ئەركىلەپ، ئۇنىڭ ساقىلىنى بىرنەچچە رەت سىيلىدى.

تۇنىياز ئاكا گۆدەك ئارمىنىنىڭ بۇ گەپكە ئالدىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلى غەش بولدى-دە، ئاستا «ئۇھ» تارتىپ قويدى. لېكىن نەۋرىسى بۇنىڭ بىلەن ئالدىنىشتىن توختاپ قالمىغانىدى:

— بىزگىمۇ بازارغا كىرەمسەن دادا؟ — سورىدى ئۇ يەنە. — ھازىرلا كىرسەڭ، بىزگە گىردە، سامسا ئەكىلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ!...

— بىزگىمۇ كىرمەيمەن، ناۋايلار بىلەن سامسىپەزلەرنىڭ تونۇرلىرىغا ئوت كېتىپ گىردە، سامسىلىرىنى پىشۇرالمايۋېتىپتۇ، — تۇنىياز ئاكا نەۋرىسىدىكى بۇ خىل شېرىن خىيالنى تۈگىتىش ئۈچۈن بۇ سۆزنى ئەتەي سۆزلەپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا، بازاردىن گۈلە-قاق، جىگدە، ياڭاق ئەكىلىپ بەر!

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلىۋەرمە! — دېدى تۇنىياز ئاكا كەسكىنلىك بىلەن. — بولمىسا ئائۈمەد بولۇپ كېكىردىكىڭ ئىششىپ قالىدۇ. ماڭ، كاتەككە قاراپ باق، توخۇ تۇغقان بولسا، تۇخۇمىنى ئەكەل، پىشۇرۇپ بېرەي!

بالا چۇقان سېلىپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ كاتەككە قارىدى.

تۇغۇش ئۈچۈن يېگىراقتا ياتقان مېكىيان چۈچۈپ كېتىپ قاقاقلىغىنىچە كاتاكتىن سىرتقا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. بالا ئۇنى قوغلاپ تۇتۇپ، قايتىلاپ كاتىكىگە ئەكىرىپ قويۇش ئۈچۈن هويلا تېشىغا چىقتى. هەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان ياش، تەمبەل قەلەندەر هازىرمۇ خۇرجۇنى تىلۋالغان نانلىرى بىلەن توشۇپ، يىمپايغان هالدا مەمەتبايلار تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. بالا سىرتتىن ئىتتىك قايتىپ، ئۇنىياز ئاكىنىڭ ئالدىغا چۈرقىراپ كەلدى.

— هېلىقى كىشى كېتىۋاتىدۇ، ئۇ هەركۈنى مەمەتبايلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، خۇرجۇنىدىكىنى ساتىدىكەن، — دېدى ئۇ، — خۇرجۇن ئىچىدىن ئاق نان، گىردە، سامسا، زاغرا پارچىلىرى چىقىدىكەن. ئۇنىڭدا يەنە گۈلە - قاق، جىگدىمۇ بولىدىكەن، هەممىسنى ساتىدىكەن، مەمەتبايلار ئۇلارنى يېمەي ئوقۇرغا تۆكۈپ، ئاتلىرىغا بېرىدىكەن، هويلىسىدىكى ئىتتىقا بەرگىنىنىمۇ كۆردۈم. ئۇ كىشىنى هويلىمىزغا ئەكىلىپ، بىز سېتىۋالساق بولمامدۇ، دادا؟ ماقۇل دېگىنە. مەن هازىرلا چاقىرىپ كېلەي.

— ئاغزىمنى غىدىجلاۋەرمەي، ئويۇنىڭنى ئوينا. زاكىسىدا قېرىپ قالغان! — دەپ كايىدى ئۇنىياز ئاكا. — ئۇنى سېتىۋالىدىغانغا پۇل يوق. ئۇ نەشىگە تېگىشىدۇ. مەمەتبايدا تەشەبار. بۇ قەلەندەر ئىلگىرى بىزگە ئوخشاش مەمەتباينىڭ دېهقىنى ئىدى. هازىر ئۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قېچىپ، مەمەتبايغا زورمۇزور قەلەندەرلىك قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. — گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بوۋاي ئىلگىرى بىرقانچە قېتىم مەمەتباينىڭ ئىجارە هەققىنى سۈيلەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىجارىنى تۆلىيەلمەيدىغان جىنىڭغا كىشىدىن يەر ئېلىپ، دېهقانچىلىق قىلىمەن، دېگۈچە، كۆلا كىيىپ، خۇرجۇن كۆتۈرۈپ، بىر يولى



قەلەندەرلىك قىلساق بولمامدۇ!» دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، غەزەپكە تولدى ۋە غالىلداپ تىترەپ كەتتى. بالا بۇنىڭغا زەن سالمىدى. زەن سالسىمۇ بۇ ئالتە ياشلىق سەبىي بالا بوۋىسىدىكى بۇ ئىچكى كەچۈرمىشىنى چۈشەنمىگەن بولاتتى. ئەكسىچە ئۇ بۇرۇنقىدەك، كۆدەكلىك هېسسىياتى بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ دادىسىدىن سورىدى:

— پۇلىمىز بولمىغاندىن كېيىن، سەنمۇ شۇ كىشىدەك تىلەمچىلىك قىلساق بولمامدۇ؟ ئەكەلگەن نەرسىلىرىڭنى يېمەسمىدۇق؟

— ياق، بىز دېهقان، ئاچ قېلىپ ئۆلەر هالەتكە يەتسەكمۇ تىلەمچىلىك قىلمايمىز! — ۋارقىراپ تاشلىدى بوۋاي، — بۇ پەس قىلىقنى شۇ نەشكەش، تەييارتاپ قەلەندەر قىلسۇن، ئاچكۆز مەمەتباي قىلسۇن!

— ئۇ كىشنى يامان ئادەم دەۋاتامسەن دادا؟ ئۇنداق بولسا قەلەندەر ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئىتنى قويۇپ بېرىپ، تالاتقۇزۇۋېتەيمۇ؟

— ئاغزىڭنى يۇم، خۇدايا تۇۋا دېگىن! — جېكىپ سۆزلىدى بوۋاي. — مەن ئۇنى مەمەتباينىڭ دېهقىنى، ياللىۋالغان قەلەندەرى، دېمىدىممۇ؟ ئۇنى ئىتقا تالاتساق مەمەتبايدىن ئۆلگۈچە بالادا قالمامدۇق! ئۇ يامۇلغا ئەرز قىلىپ، بىزنى بۇ يەردىن قوغلىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

— ماقۇل دادا. ئۇنداق قىلمايمەن، — بالا كالتىكىنى ئېلىپ، هويلا سىرتىغا چىقىپ كەتتى.

بالا مېيىپ ئىدى، چاپسان يۈگۈرگەندەك قىلسىمۇ، قەدەم ئېلىشى يەنىلا ئېغىر ئىدى، پايپاسلاپ ماڭاتتى. ئۇ ئۈچ ياش چاغدا پۇتى سۇنۇپ، ياخشى تېڭىق تاپالماي، بىر پۇتى ناكار بولۇپ قالغانىدى.

ھويلىدا يالغۇز قالغان تۇنىياز ئاكا تىرىنۇرغا يۆلىنىپ، ئىشىنى داۋام قىلدۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ ساپان ياغاچىنىڭ باش تەرىپىدىكى مۇشتۇمدەك قاتتىق دۈمبەلنى يىرىنىۋېتىپ تاشلاش ئۈچۈن كۈچ بىلەن چوت ئۇراتتى. لېكىن قولى قىيپىلىپ، بىر دەمدىلا ھېرىپ قالغاندەك بولدى. ئىززەتتىن كېيىن ئۇ داق يەردە ئولتۇرۇپ، قايغۇ - ئەلەم بىلەن تولۇپ تاشقان خىيال دېڭىزىغا ئۆزىنى تاشلاپ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇلاچ كېرىپ ئۈزۈشكە باشلىدى. بوۋاي تېرىدەن تۇۋلانغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى - دە، چوتنى چەتكە تۇتۇپ، ھويلا دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىغىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ نەۋرىسىنى مەمەتباينىڭ ئۆكتەم بالىسى ئۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما نەۋرىسى ئۆزىنى ئۆزى خۇش قىلىپ، ئۆزى يالغۇز ھەدەپ گاگار ئويناۋاتاتتى. شۇنىدىن كېيىن تۇنىياز ئاكا بىر ئاز يېنىكلىشىپ، بىختىيار لەڭگەر كوچىسى تەرەپكە كۆز تىكتى. ئۇ ۋۇندىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى شۇ كوچىدا ئوغلى بىلەن كېتىۋېتىپ، كەمدىن بىرىنىڭ تۇرتۇشتۇرۇشى بىلەن شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تاسادىپەن كۆرۈپ قالغانىدى. ئەمما ئارتىنىپ ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشەلمىگەنىدى. تۇنىياز ئاكا ھازىر ئەنە شۇ دەقىقىنى ئەسلەپ قالدى. كېيىنچە ئۇ ئوغلىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا بىرمۇنچە ياخشى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ھەتتا ئوغۇل ئاتىسىغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كېتىشتىن سەل ئىلگىرى شائىرنىڭ دىئاقىز گېزىتىگە بېسىلغان يېڭى شېئىرىنى ئوقۇپ بەرگەنىدى.

تۇنىياز ئاكا بىردىن ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇڭشىدى. ئۇ لەۋزىنى بوش قىمىرلىتىپ، ئەدىبا ئىنتايىن سەمىمىيلىك بىلەن: «ئەنە شۇ يىگىت بىر كۈنى بىزنىڭ گۈلباغ مەھەللىمىزگە كېلىپ، قىشنىمىزنىڭ بېغىغا كىرگەندە، بىرنەچچە ياشقا ۋە ئوخشىلىشقا. ئاقسۇدا



چوقۇم ئۇرۇش بولىدۇ، ئۇرۇش ئىلى تەرەپتىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى بىلەن باشلىنىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا گومىنداڭچىلارنىڭ ئاقسۇدىكى بارلىق زۇلۇم ئۇۋىلىرى چۇۋۇلۇپ، يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، دېگەنىدىكەن. قېنى ئۇرۇش بولسا چاپسان بولسىدى،» دەۋەتتى. ئارقىدىن بوۋاي يەنە خىيالغا پېتىپ: ئوغلۇم ھەرگىز گومىنداڭچىلار ئۈچۈن خەلققە قارشى ئوق ئاتمايدۇ، ئۇرۇش مالىماتاڭچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ، روھىي جەھەتتىن خېلى يېنىكلىشىپ قالدى.

## پوچتىكەش بىلەن باجگىر

ئاقسۇنىڭ 1945 - يىلدىكى ئەتىيازدا ھاۋا ياخشى كەلدى. يازغى بۇغداي، ئارپا، تېرىقلار تېرىلىپ بولۇپ، كېيىنكى يەرلىرى ئوما قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان. كۈزگى بۇغداي مايسىلىرى كۆكىرىۋاتقان. قوغۇن، تاۋۇز چۈنەكلىرى تارتىلىپ، ئۇرۇق سېلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىر پەيتتە، تولۇق بىر كېچە يامغۇر يېغىپ، ئېتىز - دالالارنى قېنىپ ئاشقۇدەك ھۆللىگەنلىككە چۈمدۈردى. خۇشال بولغان دېھقانلار بۇ غەنىيمەت پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر تۇتاش ئىش - ئەمگەككە ئاتلىنىپ، ئالقانچىلىك بولسىمۇ بوش جاي قالدۇرماي، ياتتاق، ئىتىزلارنى پاك - پاكىز چېپىپ تاشلاپ، ئاق يەرلەرگە قىشلىقچە كاۋا، ئاپتاپپەرەس، پۇرچاق، ماش، زىرە

قاتارلىقلارنى تېرىۋالدى. ئېتىزلاردا ئالدىراش باشلىنىپ كەتكەن ئىش-ئەمگەكنى كۆرگەن قومباش يېزىسىنىڭ باجگىرى جۇاڭ زىڭگۇەن يىگىلا شەھەردىن بۇ يەرگە خەت-چەك توشۇپ كەلگەن خالىس پوچتىكەش سەمەتكە:

— قارىغىنا، بۇ يىل ئوبدانغىنا بىر باج يىلى بولىدىغانغا ئوخشايدۇ، — دېدى.

باجگىرنىڭ تۇقچىلىق يىلى دېيىشىنىڭ ئورنىغا باج يىلى دېگەنلىكىدىن ھەيران بولغان پوچتىكەش ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سورىدى:

— باج يىلى دەۋاتامسەن؟! قانداق يىلنى باج يىلى دەيمىز؟

— بۇ گەپ قەدىمكى خەنزۇچە كىتابلاردا بار. ئۇلاردا «تۇقچىلىق يىلى — ئەڭ ياخشى باج يىلى» دەپ يېزىلغان. مۇنداق يىلى بازارغا كىرىدىغان نەرسىلەر كۆپىيىپ، سودا-سېتىق ئاۋاتلىشىپ، ئېلىنىدىغان باج كىرىمى ئادەتتىكى يىللارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ. بۇ يىل زىرائەت ھوسۇلىنىڭ ياخشى بولۇشى چوقۇمدەك تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىلەر باجگىرلارغا كۈن تۇغۇلۇپتۇ-دە، — دېدى تەنە قىلىپ سەمەت. — بۇ يىل باشقىلەتتىن بېيىيدىكەنسىلەر-دە! دېھقانلارغا ياخشى كەلگەن يىل بىلەن يامان كەلگەن يىلنىڭ نېمە پەرقى؟ ئۆتكەن يىلمۇ زىرائەت ئوخشاپ مول ھوسۇل بەردى. ئاقىۋەت يەنە بارلىق پايدا ھۆكۈمەت بىلەن زېمىندار بايلارغا بولۇپ، ئالۋان-ياساقنىڭ كۆپلۈكىدىن نۇرغۇن دېھقان ئوخشاشلا ئاچ ئۆتتى.

— ھۆكۈمەتمۇ بېيىشى كېرەك-دە؟ — چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى جۇاڭ زىڭگۇەن.

— ھۆكۈمەتنىڭ بېيىشىنى ئۆزىگە بولامدۇ؟ ئاندىن قالسا



ئەمەلدارلارغا، باجگىر ۋە بەگلەرگە بولىدۇ-دە! شەھەردىكى بىرقانچە باجگىرنى بىلىمەن، بۇ كىشىلەر ئەمەلدار تۇغقانلىرىغا يۆلىنىپ، باجخانىغا كىرىۋالغان. ئۇلار دەسلەپ كەلگەندە، ھالىغا جىنلار يىغلايتتى. ئەبگار تەلەت بولۇپ، لاتا خەيىنىڭ سوڭىغا دەسسەپ، جۇلدۇر چاپان، دەۋانىسىدەك سارغىيىپ يۈرۈشەتتى. ئەمدى قارىدىڭ، پېشايۋانلىق، چوڭ ئازادە ئۆيلەرنى سېلىۋالغان. باغ-ئاراملارنى سېتىۋالغان. بەزىلىرى تېخى قوشۇمچە دۇكانمۇ ئېچىپ، نىمكالارنى ئىشلىتىۋېتىپتۇ. ئۆزۈڭگە قاراپ باققىنا، شەھەردە ئۆيۈڭ بار، بۇ يەردە يەنە شۇنچە چوڭ بېغىڭمۇ بار بولدى!...

باجگىر سەمەتنىڭ سۆزىگە قىزىتىش بەرگەنىنىڭ ئورنىدا گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ دېدى:

— مۇنداق گەپلەرنى قىلما! ئۆزۈڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئايلىقچىسى، پوچتىكەش تۇرۇقلۇق، بۇ گەپلەرنى قىلساڭ توغرا كەلمەيدۇ، سىياسەتكە خىلاپ بولىدۇ.

— مەن قانداقچە ئايلىقچى بولاي؟ بىكارغا خالىسانە پوچتىكەشلىك قىلىۋاتىمەن، — دېدى سەمەت. — ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلىشتىن قورقۇپ، مۇشۇ ئىشنى ئىشلەۋاتىمەن. مىنگەن ئېتىم ئۆزىمىزنىڭكى. ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا پۇل بەرمەيدۇ. ھەممىسى بىكارغا!...

— ئۆيىڭلەردىكىلەر ئايلىقسىز بولساڭمۇ ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلۇپ قالغىنىڭغا خۇش ئىكەن-دە؟ ھازىر 5-ئاتلىقلار پولكىغا يېڭى ئەسكەرلەر ئېلىنىۋاتىدۇ. بوجۇڭتۇەنگە① ئەسكەر ئېلىش توختاپتۇدەك. بوجۇڭتۇەننى تارقىتىۋېتىدىكەن دېگەن گەپ بار. ئىشقىلىپ ئۇ يەردىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالى يامان بولۇۋېتىپتۇ...

① بوجۇڭتۇەن — قوشۇمچە زاپاس پولك مەنىسىدە بولۇپ، گومىنداڭ ئۇ چاغدا ئاقسۇدا مۇشۇنداق قوشۇن قۇرغانىدى.

— ئەسكەرلىككە ئېلىشنى توختاتمىسا بولاتتىمۇ؟ ئاڭلىسام مۇشۇ قۇمباشتىنلا ئوتتۇرا قولدەك قاۋۇل يىگىتلەردىن ئون نەپەرنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ ئايكۆلدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىمۇ بۇ يەردىكىدىن ئاز ئەمەس. بىز بىچارىلەرگە ئۇۋال بولدى، ئاتا - ئانىلارنىمۇ ئۇۋال بولدى، باشقا چوڭ-راق يارامىلىق بالىلىرى يوقلار ئەمدى دېھقانچىلىقتا قىينىلىۋاتىدۇ.

— ئۇلارنى بۇچۇكتۇەتكە ئاپىرىۋالغىنىغا يىگىرمە يىلدەك بولدى. تېخى ھېلىتىق ئارقاتماپتۇ. سەن ھۆكۈمەت ئۇلارنى راستىنلا ئەسكەر قىلىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ ئۇرۇش بولۇپ قالسا، قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ، قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلالايدىغان يارامىلىق يىگىتلەرنى شۇ نام بىلەن گازارمىغا يىغىۋالغان بولىمىدۇ! بۇ ھۆكۈمەت تۇغۇلغان مەزىنىڭ كۆ-شىنى سىتاللاپ ھېسابلايدىغان تۇرسا؟ ئاجايىپ قۇۋ خەق - دە! بەزىدە بۇلار ئىنسانمۇ ياكى ئىنسان بىلەن تۈلكىنىڭ ئارىسى-دىن چىققان باشقا بىر ئائىپەمۇ دەيمۇ ئويلاپ قالىمەن...

— ئۇلارغا ھېلىتىق ئارقاتمىغان بىلەن كېچە - كۈندۈز مەشىق قىلدۇرۇپ، ھالىنى قىيناۋاتىدۇ. مەشىق قىلدۇق دەپ قاۋۇل يىگىتلەرنى ئاكار قىلغىلى تۇردى. بىچارىلەرنى ھايۋاندىن قاتتىق دۇمبالايدىكەن. سىم ئاياق بىلەن ئۇرىدىكەن. قۇمباش-تىن ئەكەتكەن يىگىتلەردىن ئالتە - يەتتىسىنى قىمىاقتا بېسىپ ئۆرە يۈرەلمەس قىلىۋېتىپتۇ. كۆپىنچىسىنىڭ پۇتىنى ئېزىپ تاشلاپتۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇققىنى يوق. ئۇقسىمۇ پۇقرالغا نىمە چارە! پۇقرانىڭ كۆيگىنى كۆيگەن، ئارتقىنى ئارتقان. ئۇلارنىڭ يىغىسىغا كىم قۇلاق سالىدۇ، دەيسەن؟

— دېگەنلىرىڭ راست، — دېدى جۇاڭ زېڭگۇەن، سەمەتنىڭ



سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ. — شەھەرگە كىرگىنىمدە بۇچۇكتۇەندىكى بالىلارنىڭ ھالىنى كۆرسەم ئېچىنىپ قالىمەن، — ياجگىر يەنە ئاغزىنى سەمەتنىڭ قۇلىقىغا يېقىن تۇتۇپ پىچىرلىدى. — بۇچۇكتۇەنتى تارقىتىۋەتكۈدەك. دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغان بولامسۇ، بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيمەن. راست بولىدىغان بولسا ھازىرقىدەك 5 - ئاتلىقلار پولكىغا ئەسكەر ئېلىپ يۈرمەس ئىدى. ھۆكۈمەت ئۇلارنى ھەرگىز تارقىتىۋەتمەيدۇ. ئەمەلدارلار ھازىر ئاقسۇدىمۇ ئىلىدىكىدەك ۋەقەنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقماقتا. چوڭ - چوڭ ئەمەلدارلار ئىچىدە ئىلى قوزغىلاڭچى-لىرىنى ئاقسۇ تەرەپكە ئۆتكۈدەك، دېگەن گەپ - سۆز كۆپىيىپ قالدى...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەمەتنىڭ تومۇرلىرىدىن يېڭىچە بىر كۈچلۈك ئېقىم ئۆرغۇپ ئۆتكەندەك بولدى. تېنىدە چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، قەلبى ئۆركەشلىنىپ، ئۈمىدلەرگە تولدى. لېكىن ئۇ باجگىرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ راست - يالغانلىقى-نى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سىنچى كۆزى بىلەن قاراپ قويدى. سەمەتتە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ھاياجاننى سەزگەن جۇاڭ زېڭگۇەن ئۇنىڭدىكى ھېس - تۇيغۇنى بىلىش ئۈچۈن قەستەي سورىدى:

— بۇ سېنىڭ خۇش بولۇۋاتقىنىڭمۇ ياكى قورقۇۋاتقىنىڭمۇ؟

— ئىلىدىن سالىي ئارمىيە كەلسە قورقىدىغان ئىش بولامدىكەن! — دېدى سەمەت تېز گېزەللى بىلەن. — مەن سېنىڭ ھۆكۈمەت ئىچىدىكى نازۇك ئىشلارنى بىلىپ تۇرغىنىڭدىن خۇش بولۇۋاتىمەن.

— مۇنداق ئىشلارنى ئېيتىپ كەلسەم تېخى بىر مۇنچىسى بار، — دېدى باجگىر مەغرۇرلۇق بىلەن. لېكىن ئۇ سۆھبەتنى

نازۇك ئىشلاردىن يۈتكۈۋېتىشكە تىرىشتى، — مۇنداق گەپلەرنى قىلىۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ. ھۆكۈمەت ئىللەتلەرنى ياقىلىغۇچىلارنى بىلىپ قالسا، كالالىسىنى ئالىدۇ. مەن ئېيتقان سۆزلەر مۇشۇ يەردە قالسۇن،بولمىسا ماڭمۇ،ساڭمۇ ياخشى بولمايدۇ...

— ھازىرغىچە قىرقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلدۇق، — دېدى سەمەت غودۇڭشىپ، — يەنە قىرقۇپ ئەمدى نەگىمۇ بارارمىز؟

— ھۆكۈمەت شەھەردە ئاقسۇغا مىللىي ئارمىيە كەلگۈدەك دەپ قويغان كىشىلەردىن بىرقانچىسىنى قولغا ئاپتۇ. دېپۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئىغىز يۈگۈرۈكى باشقا،دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالمىغان ياخشى. ئەمدى مۇنداق گەپلەر تۇرۇپ تۇرسۇن، باشقا سۆزگە كۆچەيلى: قېنى سەمەت، قانداق قىلىپ پوچتىكەش بولۇۋېلىپ، ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلۇپ قالدىڭ. شۇنى ئېيتەمنا؟

— ئىككى شەھەر ئارىلىقىدا ئاتلىق قاتناپ پوچتىكەشلىك قىلىدىغان تىختاخۇن ئاكام مېنىڭ تاغام بولىدۇ، — دېدى چۈشەندۈرۈپ سەمەت، — 5 - ئاتلىقلار پولكىغا ئەسكەر تۇتۇۋاتقاندا ئۇ ئاتامغا ئەقىل كۆرسىتىپ، مېنى بۇ ئىشقا كىرگۈزۈپ قويدى. ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۆز ئېتىمىز بىلەن شەھەردىكى پوچتىخانىدىن پوچتا تۇشۇيمەن. قالغان ۋاقىتتا ئۆيىمىزنىڭ دېھقانچىلىقىغا قارىشىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلۇپ قالدىم...

ئىككى دېھقان بىر دانە ئورۇق ئېشەكنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھەيدەپ باجگىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلاردىن بىرى ئالغۇچى، يەنە بىرى ساتقۇچى ئىدى. ئېشەك سودىسى ئۈچۈن ھەر ئىككىسى يېزا باجخانىسىغا باج تۆلەشكە كېرەك ئىدى. سەمەت خەت - چەك ۋە گېزىتلەرنى ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن يەنە بىر يېزىغا — ئايكۆل تەرەپكە كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ، باجگىرنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە مىجەز - خۇلقى ھەققىدە ئويلاپ



قالدى. ئاخىردا ئۇ بۇ كىشى بىز بىلەن تەقدىرداش، تۈز كۆڭۈل، سەمىمىي ئىكەن. پەقەت ئىشلەۋاتقان كەسىپلا ئۇنى خەلقتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىپتۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. پوچتىكەش ئۇنىڭ ئىلى تەرەپتە قوزغالغان قوراللىق ئىنقىلاب توغرىسىدا ۋە قوزغىلاڭچى ئارمىيىنىڭ ئاقسۇغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن خۇشال ئىدى...

## پاشاخوجىنىڭ كۈلكىلىك ئىشى

ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تار يان كوچىغا 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ جايلاشقانىدى. ئۇ كۆك سىرلانغان يوغان ۋە ئېگىز دەرۋازىسى، قېنىق قارا قىلىنىپ بويالغان ئۇزۇن ياغاچ رىشاتكىلىق تاملىرى، قورۇسىنىڭ تەكشى تۈزلىنىپ، گويا سېمونت ياتقۇزۇلغاندەك مۇستەھكەم چىڭدالغانلىقى ۋە يۇقىرى تەرەپتىكى كەڭ بىر پارچە يەرگە سېلىنغان تۆت چاسا شەكىلدىكى ھەيۋەتلىك ئوقۇش بىناسى بىلەن ئاقسۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باشقا مەكتەپ بىنالىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپى مەشق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان چوڭ بىر مەيداندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى تەكشى تۈزلەنگەن بوشلۇقتا ئېگىز - پەس بىرنەچچە تۇرنىك ۋە ۋاسكېتبول جازىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئاقسۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى جانسىز ھاياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش بىنالىرى جەھەتتە

مۇ، تەنھەربىيەت مەشغۇلات جازىلىرى جەھەتتىمۇ تەڭقىسلىقى
بولمىغان مۇكەممەل ئوقۇتۇش ماكانى ئىدى. بۇ مەكتەپتىكى-
دەك كۆركەم بىنا، يېتىپ ئاشقۇدەك ئۈستەل - ئورۇندۇق ۋە
تەنھەربىيەت جاھازلىرى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ باشقا مەكتەپلىرىدە
يوق ئىدى. ئۇنىڭدا شەھەر ئىچىدىكى ئىدارە - ئورگانلاردا
خىزمەت قىلغۇچى خەنزۇ، خۇيزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ
باللىرى بىلەن 5 - ئاتلىقلار پولكىدىكى ئەسكەر - ئوفىتسېر-
لەرنىڭ باللىرى ئوقۇيتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى
يەنە شەھەر ئېتىكىدىكى خەيجاڭ مەھەللىسىدە خەي تىكىپ
سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان بەزىبىر خۇيزۇ ئائىلە-
لىرىنىڭ باللىرى تەشكىل قىلاتتى. بۇ مەكتەپتە ئۈچ سىنىپ
بولۇپ، 60 نەچچە بالا ئوقۇيتتى. 1944 - يىلى يازلىق
تەتىلدىن كېيىن، ۋىلايەتنىڭ ئون ناھىيىسىدىن ئاقسۇغا يىغىپ
كېلىنگەن 30 چە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ خەنزۇچە ئوقۇتۇش
ئۈچۈن، بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنىشى بىلەن 1 - باشلانغۇچ
مەكتەپتە سىنىپ تۆتكە يېتىپ، ئوقۇغۇچىلىرى 90 كىشىدىن
ئېشىپ كەتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش
يېشىدىن ھالقىپ كەتكەن 17 - 18 ياشلار چامىسىدىكى ياشلار
ئىدى. ئۇلار باشقا ناھىيىلەردىن ئەكىلىنگەنلىكى ئۈچۈن،
مەكتەپتە ئىزالىنىپ، مەكتەپتە يېتىپ - قوپاتتى، ئوقۇپ چىقسا
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلار قارىمىقىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلە-
رىگە خەنزۇچىدىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولىدۇ، دېگەن
باھانە بىلەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، تۇرمۇش خىراجەتلىرى ۋىلايەت-
لىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيە خەزىنىسىگە يۈكلەپ قويۇل-
غانىدى. ئۇ ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى شەنلى مەكتەپ،
ئۇيۇشمىلار تەمىناتىدىكى خۇيلى مەكتەپ دەپ ئاتىلىدىغان
ئىككى خىل تەمىنات تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەر بولۇپ، ئۇلاردا



خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشلىرى بىلەن پارچە -
پۇرات ئوقۇش خىراجەتلىرىنى مەكتەپلەرنىڭ ئەنە شۇ تەۋەلىك
خاراكتېرلىرىگە ئاساسەن ياكى ھۆكۈمەت قامدايتتى، ياكى بولمىسا
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بېرەتتى. مۇشۇ ئوقۇغۇم بويىچە
بۇ 30 غا يېقىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ خەنزۇچە ئوقۇش ۋاقتى-
دىكى خىراجىتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تۆلىشى شەرت قى-
لىپ قويۇلغانىدى. لېكىن ئۇيۇشما تەمىناتىدىكى مەكتەپلەر
ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى مەكتەپلەردىن بىرقانچە ھەسسە كۆپ
بولغانلىقتىن، ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۇلارنى ھەممە ۋاقىت
تەمىنات بىلەن قامداپ تۇرۇشتا قۇربىتى يېتەۋەرمەيتتى.
ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ كېلىۋات-
قان كىشى دىنجۇ خاندانلىقى دەۋرىدىن ئاتا مىراس بولۇپ
كېلىۋاتقان جۇڭزاڭ ئۇتۇۋان دەرىجىسىدىكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر
ئۆردىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ساقىندىسى پاشاخوجا بولۇپ، ئۇ
رەسمىيەتتىن ئىبارەت بۇ لاۋازىمنى شۇ ئىمتىيازى بىلەن قولغا
كىرگۈزىۋالغان ئىدى. ئۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز ئالقىنىدا ئويىنى-
تىدىغان قورچىقى ئىدى. پاشاخوجا ئۇلارنىڭ ھەرقانداق
سۆزىنى ئەلا بىلىپ، ئاپشۇرۇق - بۇيرۇقلىرىنى شەرتسىز ئىجرا
قىلاتتى. خەنزۇچە ئوقۇپ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە خەنزۇچە دەرس
بەرگۈچى ئوقۇتقۇچى بولىدۇ، دېگەن نام بىلەن ئاقسۇغا بالا
ئەكىلىنىشىمۇ پاشاخوجىنىڭ خۇشامەتچىلىكىدىن كېلىپ
چىققان بىر ئەخمەقلىق ئىدى. ئەمەلدارلار بۇ باللارنىڭ
ئوقۇش ۋاقتىدىكى راسخوتىنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ
تۆلىشىنى شەرت قىلىپ قويغاندا، پاشاخوجا ئۇنىڭغا سۆزسىز
ماقۇل بولغانىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇش
جەھەتلەردىكى تەمىناتى ناچار، ھەتتا كۈندىلىك دەرستە ئىش-

لىتىدىغان بورلىرى، قەلەم، سىيا، دەپتەرلىرىمۇ ئۆكسۈپ تۇراتتى. ئۇلار سېلىق سالغاندەك، كەمبەغەل ئائىلىلەردىن مەجبۇرىي تاللىۋېلىنغانلىقتىن، ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارغا پۇل ئەۋەتىپ تۇرالمايتتى. ئوقۇتۇشنىڭ ئىزچىلسىزلىقى، يېمەك - ئىچمەكنىڭ ناچارلىقى ۋە باشقا تەمىناتلارنىڭ پات - پات ئۆكسۈپ تۇرغانلىقىدىن غەزىپى ئۆرلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئاخىر ئۆز شىكايەتلىرىنى دادىللىق بىلەن ئۇيۇشما رەئىسىگە ئېيتىش قارارىغا كەلدى. ئاخشىم قاراڭغۇسى باشلىنىپ، كىرچىلار جىمجىتلىققا چۆككەن كەچكى پەيت ئىدى. ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا توپلىنىپ، رەئىس بىلەن قەتئىي سۆزلىشىش، دوق - پوپوزىلاردىن قورقماسلىق، ھىيلىگەرنىڭ ئالدىمىغا چۈشمەسلىك توغرىسىدا ئۆزئارا مەسلىھەتلەشتى. ئالاش - تارتىشلىق پاراڭلارنى قىلىشتى. مەكتەپنىڭ قارشىسىدىكى تامغا تاھسىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كىچىك يان ئىشىكى جايلاشقانىدى. مەكتەپ دەرۋازىسى بىلەن يان ئىشىكنى ئوتتۇرىدىكى تار يول قىسقا ئارىلىق بىلەن ئايرىپ تۇراتتى.

ئۆز تارىخىدا ئېلېكترنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن، ئېلېكتر لامپۇچكىسىنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىغان ئاقسۇ شەھىرىدە قاراڭغۇ كېچىلىرى بۇ كوچا ھەممىدىن بەتتەر خىرەلىشىپ كېتەتتى. ئاي يورۇقى بولغاندىمۇ يولنىڭ تارلىقىدىن بۇ يەرگە تۈزۈكرەك شولا چۈشمەيتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيۇشما رەئىسىگە ئۆتىدىغان قاتتىق پوزىتسىيە ئۈستىدىكى مەسلىھەتى قىزىپ، راسا ئەۋجىگە چىققاندا، پاشاخوجا ئاقسۇ ھاكىمىنىڭ ئاھيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا توغۇل تويىغا بەرگەن كەچكى زىياپىتىدىن قايتىپ، يان ئىشىكتىن سەنتۈرۈلۈپ، مەست ھالدا چىقىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا سەل چىچەنلەشكەندەك بولۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تىڭشىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنى كۆرمىدى.



— ئۇيۇشما رەئىسىنىڭ، — دەيتتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئۈنلۈك توۋلاپ، — ئاقسۇنىڭ ئاقسۆڭەك كىنەزى، پاشاخوجىسى بولۇشىدىن، ئەمەلدارلار ئىچىدە كۈچلۈك ئارقا تىرەكنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە ھەممىمىز بىردەك كۆكرىكىمىزنى كېرىپ تۇرۇشىمىز، ئۆز تەلەپلىرىمىزنى قورقماي قاتتىق - قاتتىق ئېيتىشىمىز كېرەك. ئارىمىزدا قورقىمىز دەيدىغانلار بولسا مۇشۇيەردىلا بىزدىن ئايرىلىپ قېپقالسۇن!

— قورقىدىغانلىرىمىز يوق! بىرىمىزمۇ قالماي، ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمىز! — بالىلار بىردەك تەڭ چۇرقىراشتى. يەنە بىر ئوقۇغۇچى تېخىمۇ قاتتىق توۋلاپ تۇرۇپ:

— ئۇ مەنسەپدارلارنى كۆرگەندە دۈت، ساددىدەك بولۇۋالغان بىلەن، بىزدەك گۆدەكلەرگە كەلگەندە ئالداشنىمۇ، قورقۇتۇشنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ داڭلىق ئىككى يۈزلىمىچى، — دېدى.

— قۇرۇق ۋەدە بېرىپ يولغا سالماقچى بولسا قانداق قىلىمىز! — مەسلىھەت تەرىقىسىدە سورىدى يەنە بىرى.

— ئالدانمايمىز! — تەڭ ئاۋازدا ئېيتتى بىر نەچچە ئوقۇغۇچى، — ئاچ قالدۇق، يەيدىغانغا ئاش بەر، قەلەم، سىيا ئېلىشقا پۇل بەر، ئوقۇشىمىز ياخشى بولمايۋاتىدۇ، ئوقۇتقۇچىنى تەخىرسىز ئالماشتۇرۇپ بەر، دەپ تۇرۇۋالىمىز!

— ئۇنىڭدا يەنە ھىيلىگەرلىك ئىشلەتسە ياكى ھۆركىرەپ قورقۇتماقچى بولسا، — دېدى يېشى چوڭراق، ئېگىز، يوغان، تەمبەل كەلگەن بىر ئوقۇغۇچى. — ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، بىرلىكتە ئېتىلىپ بېرىپ، ياقىسىدىن ئالايلى. بىزنى ئوقۇتۇشقا ئەمەس، ئاچ قويۇپ قىيناشقا ئەكەلگەن بولسا، يۇرتىمىزغا قايتۇرۇۋەت! دەيلى. راسخوت بېرىپ قايتۇرۇۋېتىشكە تىلخەت يازدۇرۇۋالايلى!

— بولدۇ، شۇنداق قىلىلى. شۇنداق قىلماستىن ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلمەيلى! — بىر ئىنىمىزدىن تۇرۇۋالىشتى باشقىلار.

— قېنى ئەمسە يۈرۈڭلار! — بىرىنچى بولۇپ ماڭدى ھېلىقى تەمبەل ئوقۇغۇچى. ئۇلاردىن بىرى ھەر ئېھتىمالغا قارشى كالتەك لازىم بولۇپ قېلىشىنى ئېيتىپ، ئىشىك غورۇسىنى ئاچچىقىش ئۈچۈن ياتاق تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.

بۇ گەپلەردىن قورقۇپ، ئەستىلىكى يېنىپ، ئەقىل - ھوشى جايىغا چۈشكەن پاشاخوجا ئاھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا قايتىپ كىرىپ، پاناھلىنىۋېلىش ئۈچۈن يان ئىشىكنى ئىتتىردى. ئىشىك ئېچىلمىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەزەپلىك تۇۋلاشلىرىنى ئۆزئارا جېدەللىشىپ، ياقىلىشىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ قالغان دەرۋازىۋەن ئەنسىرەپ يان ئىشىكنى ئاللىقاچان تاقاپ تاشلىغانىدى. پاشاخوجا ئاخىر بالىلارنىڭ كالتىكىنىڭ ئاچچى-قىلىشىنى كۈتۈپ، ھازىرچە ماڭماي تۇرۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاخشام قاراڭغۇلۇقتا ئالدىراق بېرىۋېلىش ئۈچۈن تام ياقىلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئۇ چاغدا ئۇيۇشمىنىڭ سانائىي نەپىسە بۆلۈمى يورۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئېچىپ قويۇلغان دېرىزىسىدىن گازۋاي چىراغىنىڭ نۇرى قاراڭغۇلۇقنى كېسىپ سىرتقا يورۇق شولا چېچىپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئاقسۇ تاماشىچىلىرى بىلەن يات - ئارىدا يۈز كۆرۈشمىگەن «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسى رېپېتىتسىيە قىلىنىۋاتقان ئىدى. ئۇنى شائىر ل. مۇتەللىپ قايتىماشتىن تۈزەش-تۈرۈپ بېرىپ، سەھنىلەشتۈرۈپ چىققانىدى.

ئىككى خۇپتەن مەزگىلى. خەلق شېرىن ئۇيقۇغا چۆككەن ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، سانائىي نەپىسە بۆلۈمى سەگەك ئولتۇرۇشقان، رېپېتىتسىيە قىزغىنلىقى بىلەن، ھېرىش -



چارچاشنى ئۇنتۇغان ھەۋەسكار سەنئەتچىلەر بىلەن لىقمۇ لىق تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەم ئۇنىڭ يېقىن سەپدىشى مۆمىنىدىن خوجا بار ئىدى.

ئاقسۇدا ئامراتلىقنىڭ ئۆي - ئۆيلەرگە كەلگۈندەك يامراپ كىرىشى، ئاھالىلەرنىڭ يېرىم ئاچ، يېرىم توق تۇرمۇش كەچۈرۈشى، كېسەل تارقىلىپ، ئۆلۈم - يېتىمنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتۇش، ئات سېلىقىغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر سەۋەبىدىن سۆيۈملۈك سەنئەت، ئۇزاق تارىخى دەۋرلەردىن تارتىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي جۇشقۇنلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان خەلق سەنئىتى ئاقسۇ دائىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى. ئەلنەغمىلەر بولۇۋاتقان سورۇنلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. توي - تۆكۈنلەر كىچىكلەپ، ئويۇنىنىڭ بۇ خۇشاللىق مەرىكىلىرىدە چېلىنىپ تۇرۇۋالىدىغان ناغرا - سۇنايلار يوقىنىڭ ئورنىدا ئازلاپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن تېخى سەنئەت تامامەن ئۆلمىگەنىدى. ئۇ ل. مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزىلارنىڭ شائىرانە قەلەملىرىدە، «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» گە ئوخشاش پاك مۇھەببەت ناخشىلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان ئوپېرالار ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. ئۇ، ئاكا - ئۇكا مۆيىدىن خوجا بىلەن مۆمىنىدىن خوجىنىڭ، ئاكا - ئۇكا يۈسۈپجان بىلەن ساۋۇتنىڭ ۋە باشقا قىزغىنلىغان سەنئەت ئەھلىلىرىنىڭ ساتار، تەمبۇر، دۇتار، داپ، چاڭ، قالۇن ۋە راۋابلىرىدىن خەلق ئىچىگە تىنىمسىز تارقىلىپ تۇراتتى.

پاشاخوجا ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى سېمىز، دوغىلاق كىشى بولۇپ، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئۇيۇشما ئارىلىقىدىكى بىر يېرىم كىلومېترچە مۇساپىنى ئېغىر كۈچ بىلەن بېسىپ كەلدى. ئۇ ياردار شىردەك سانائىي نەپىسە بۆلۈمىگە ئۆزىنى تاشلاپ كىرگەن چاغدا، ئۇستىبېشى تەرگە چۆمۈپ، يۈزىدە قان قال-

مىغانىدى. ئۇ ھەدەپ سۆزلىمەكچى بولاتتى، ئەمما ئۆپكىسى تىقىلىپ، لەۋلىرىنى قىمىرلىتىشقا ئىمكان بەرمەيتتى. رىېپېتىتسىيە بۇ ۋاقىتتا كىرىش باسقۇچىغا ئۆتكەن بولۇپ، غېرىپ ئاجايىپ چەبدەسلىك بىلەن ئابدۇللا شائىرغا — بۇ سۈيىقەستچىلەر سەركەردىسىگە تېز - تېز تەيزە ئۇرماقتا ئىدى. پاشا خوجا ئابدۇللا شائىرغا مەھكەم يېپىشتى - دە، ھاسراپ - ھۆمۈدەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— تېز بول، نۆكەرلىرىڭ بىلەن سىرتقا چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆت!... شەھەر ئىچىدىن بىر توپ ئىسيانچى ئۇيۇشمىغا باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار مېنى ئۇرماقچى، مېنىڭدىن ئاشلىق، پۇل تەلەپ قىلماقچى، ئۇيۇشمىنىڭ خەزىنىسىنى بۇلىماقچى، ئاشلىق ئامبىرىمىزنى تالىماقچى...

ئابدۇللا شائىرى ئاڭلىنىشتا دەھشەتلىك، ئەمما تېگى - تەكتى تېخى چۈشىنىپ يېتىلمىگەن بۇ گەپ - سۆزلەردىن ھەيران بولۇپ، نەيزىسىنى تۇتقىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن پاشاخوجا غېرىپكە بۇرۇلۇپ، بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — لۇتپۇللا، سىزمۇ چىقىڭ، ھەممىڭلار چىقىڭلار، ئۇلار كۆپ، بولمىسا سىلەر ئازلىق قىلىپ قالىسىلەر. بۇ يەرگە باستۇرۇپ كەلگىنىگە لايىق ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇڭلار! تەيزەڭلەر ئۇلاردىن بىرەر - يېرىمىنىڭ قورسىقىنى تېشىپ قويسا، ئۆلتۈرۈپ تاشلىسىمۇ كېرەك يوق، ئۇنىڭغا مەن ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن!...

— گېپىڭىزنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، كىمنى ئۇرىمىز! — دېدى ل. مۇتەللىپ كەسكىنلىك بىلەن، — مەن ئۈچۈن ئادەم ئۇرۇپ بېرىڭلار دېمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ بۇ ئىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، بىزدىن قاتىل چىقمايدۇ!

ئابدۇللا شائىرى تالادا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى، كىملەرنىڭ



بۇ يەرگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا ئەتراپ جىمجىت، ھېچ ياقتىن ئۇيۇشما تەرەپكە كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ شەپىسى ئاڭلانمايتتى، ئەنسىرىگۈدەك ۋاراڭ - چۇرۇڭمۇ يوق ئىدى. ئابدۇللا شائىرى سانايىسەپىسە بۆلۈمىگە قايتىپ كىرىپ پاشاخوجىغا تەنە ئارىلاش:

— تالا تىپتىنچ، سىلى ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق. كەنغۇ! خاتىرجەم ياتاقلىرىغا كىرىپ، ئۇيقۇلىرىنى ئۇخلاۋەرسىلە! — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن پاشاخوجىنى مازاق قىلىپ، پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى. مۇنىرىدىن خوجا كۈلكىگە ئۇلاپ:

— پاشاخوجامنىڭ كۆزىگە قاراپ بېقىڭلار، شېرىسىن ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ كېتىپ، بۇ يەرگە كىرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى.

ئارتىسلار ئىچىدە يەنە بىر قېتىم قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. پاشاخوجا مازاقلارغا چىدىماي، بىردەم قىزىرىپ - بوزىرىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ:

— تېخىچە ئۇخلىغىنىم يوق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە بارغانىدىم، زىياپەتتىن قايتىپ كېلىشىم، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، مەستمەن دەڭا، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — مۇسەللەس بىلەن نەشىنىڭ كەيپى تەڭ تۇتقاندا، ئادەم كۆلەڭگىسىدىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ...

پاشاخوجا بۇ گەپلەرنى ھار ئالدى. ئۇ خاپا بولماقچى، قاتتىق چېچىلماقچى ئىدى، ئەمما خەلق سۆيگەن شائىرنىڭ ئالدىدا مۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياسىما يۇمشاقلىق بىلەن 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئالدىدا ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ھەققىدە چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى:

— بۇ ئاچكۆز، تاشقىلار ئاش - نان بەر، دەپ تۇرماقچى، ياقامدىن ئالماقچىكەن، — دېدى ئۇ.

— مەن ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى بىلىمەن، — دېدى ل. مۇتەللىپ پاشاخوجىنى ئەيىبلەپ، — ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئېغىر تۇرمۇشىمۇ ماڭا مەلۇملۇق. ئۇلارنىڭ سىزگە تەلىپى بار، سىز ئورۇندىمىسىڭىز كىم ئورۇندايدۇ؟

— ئۇلارنى ئەسلىدە ھۆكۈمەت ئۆز تەمىناتىغا ئېلىشى كېرەك ئىدى، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، — سىز ئەمەلدارلارغا ياخشىچاق بولىمەن دەپ ئۇلارنى ئەتەي ئۆيۈشما تەمىناتىغا ئۆتكۈزۈۋالدىڭىز.

— ئۆزىڭىز تەلەپ قىلىپ تەمىناتقا ئالغاندىن كېيىن، يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا زۆرۈر نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىمەمسىز! — دېدى ل. مۇتەللىپ.

— ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ نارازىلىقى بار، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا، — ئوقۇتقۇچىسى ناچار ئىكەن، دەرسنى ياخشى ئۆتمەيۋېتىپتۇ...

— ئوقۇتقۇچىنى يۆتكىۋېتىڭ، — دېدى ل. مۇتەللىپ مۇنىرىدىن خوجىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — بۇ ئوقۇغۇچىلار ئاقسۇغا يۇرت ئاتلاپ ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنىكەن، ئەلۋەتتە ئارزۇسىغا لايىق ئوقۇيالىسۇن - دە!

— سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىن چىقىۋاتقان گەپلەر ئۇلارنىڭ دەۋاتقانلىرى بىلەن ئوپمۇئوخشاشقۇ؟ بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلارنى سىلەر ئىككىڭلار ئارقاڭلارغا ئەگەشتۈرۈۋالغانغا ئوخشىمامسىلەر؟ — ئۆكتۈپ تۇرۇپ دوق قىلدى پاشاخوجا...

— نېمە دېسىڭىز، قانداق چۈشەنسىڭىز ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ياخشىلىشىڭىز كېرەك. بۇ سۆز سىز ئۈچۈن ھەم قەرز، ھەم پەرز، — دېدى ل. مۇتەللىپ.



— ئۆيۈشمىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتى قۇرۇپ كەتتى، — دېدى پاشاخوجا ئاچچىق بىلەن. — ئۇلارغا يوق نەرسىنى نەدىن تېپىپ بېرىمەن؟ ئۆز ئاشلىقىمدىن بېرەمتىمۇ؟

— نەدىن بەرسىڭىز بېرىڭ، ئىشقىلىپ بېرىڭ! — دېدى ل. مۇتەللىپ. — سىز ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالدىدا، ئۇنىڭ ئايالچە ۋېلسىپىتىنى ئۆيۈشمىغا 600 چارەك بۇغدايغا تېگىشىۋالدىڭىز. ئاقسۇنىڭ كاتاڭ توپىلىق كوچىلىرىدا ئۇنى قانداق مىنەلەيتتىڭىز؟ ئۇ ئىشخانىڭىزدا بىكار تۈۋرۈك - تەسكەتتەك ياتىدۇ.

— ھېلىمۇ بىزنىڭ بۇ خەلق ياۋاش. — دېدى مۇنىرىدىن خوجا، — باشقا بىر خەلق بولسا، مۇشۇ ۋېلسىپىت ئۈچۈنلا ساقچى باشلىقى بىلەن پاشاخوجىنى سازايى قىلىپ، كوچا ئايلاندۇراتتى.

— قېنى، شۇنداق قىلىڭلار دەپ خەلقنى قۇترىتامسىلەر! — دوق قىلدى رەئىس.

— بىز قۇترىتقۇلۇق قىلمايمىز، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — قەيەردە ناھەقچىلىق بولسا شۇ يەردە ئۇنىڭغا قارشى ھەقىقەتنى سۆزلەيمىز. خەلق دېسىڭىز مانا بىز خەلق، خەلققە ۋەكىل بولۇپ، مۇشۇ ناھەقچىلىقلار ئۈستىدىن سىزگە ئەرز - شىكايەت قىلىۋاتىمىز!...

ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان پاشاخوجا خىجىللىقىنى ئاچچىققا يۆلەپ، ئالدىدىكى ئۈستەلنى مۇشتلاشقا باشلاپ، يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچىدى. ئارتىسلارنىڭ تەڭ غۇدۇراشلىرى ئالدىدا سۆزلەشكە پېتىنالماي قالدى. ئاخىر ئاغزى تۇۋاقلىنىپ سانائىيە بۆلۈمىدىن تەرلەپ - پىشىپ چىقىپ كەتتى.

رېپېتىتسىيە قايتىدىن باشلاندى. پاشاخوجا توپتوغرا ياتىقىغا كىردى - دە، ئالمان - تالمان ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ، تالاغا تىڭشىدى. سىرتتا سانائىيە بۆلۈمىدىكى

قىلىچ، نەيزىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان ئاۋازدىن باشقا شەپە يوق ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا كېلىۋاتقاندا، ئوقۇتقۇچىسى ئۇلارنى توسۇۋېلىپ، يېرىم يولدىن مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەتكەنىدى.

## دارىلمۇئەللىمىن غەزەپلەنمەكتە

شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە سېپىلدىن ۋە شۇ ئەتراپتىكى مەھەللىدىن جەينەك شەكىللىك قىيغاچ بوشلۇق ئارقىلىق ئېنىق ئايرىلىپ تۇرغان يېڭى بىنالىق بىر يۈرۈش ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن جايلىشىپ، يەنە بىر قىسمىدىن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئورۇن ئالغانىدى. بۇ ئۆي - ئىمارەتلەر 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيۇشما راسخوتى بىلەن سېلىنغان، بۇ يەردىكى ئۆيلەر ئادەتتىكىچە بىر قەۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئاقسۇنىڭ ھەممىلا يېرىدىن كۆزگە تەكشى چېلىقىپ تۇرىدىغان پاكار، تەرتىپسىز، ناچار ئاھالە ئۆيلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، رەتلىك كۆرۈنۈشى، تام - تورۇسلىرىنىڭ پۇختىلىقى، ئىچ - تېشىنىڭ ئاقارتىلغانلىقى ۋە رام - كېشەكلىرى بىلەن يېڭىچە تۈس ئېلىپ پەرقلىنىپ تۇراتتى ۋە يېڭى بىنا دېگەن نام ئالغانىدى.

دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئىشخانىسى، سىنىپ ۋە ياتاق ئۆيلىرى بىلەن ئۇيۇشمىنىڭ كىچىكرەك زال شەكىلدىكى سانائىي نەپىسە بۆلۈمى، قاتار كەتكەن ئالتە ئېغىزلىق ئىشخانىسى،



100 كىشىگە مۆلچەرلەپ سېلىنغان كىچىك كۇلۇبى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى چوڭ ئاشلىق ئىسكىلاتى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ ئۇلاردىن ئاجرالماس بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەر تىزمىسى ھاسىل بولۇپ تۇراتتى.

دارىلمۇئەللىمىندە تۆت ئوقۇش سىنىپى بولۇپ، 130 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. كېيىنچە بۇ يەردە خەنزۇ، خۇيزۇ سىنىپى تەشكىل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىريۈزئەللىككە يەتكۈزۈلدى. مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئوتتۇرا سەۋىيىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. دەرسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى پېداگوگىكا، كېيىنما، ئوقۇتۇش مېتودىكىسى ۋە تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئىگىلەيتتى. تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۆتۈلمەسلىكى ياكى ئاز ئۆتۈلۈشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىلىم - بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 1943 - 1944 - يىللارغا كېلىپ ئاقسۇدا گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پارتىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ھەرخىل دەرىجىدىكى ياچېيكىلىرى ئىدارە، ئورگانلارغا تۇمشۇق تىقىپ سىغدىلىپ كىرىپ، ئاقسۇ جەمئىيىتىنى جاھالەتكە قاراپ چوڭ بىر قەدەم چېكىندۈردى. ئۇنىڭ يامان تەسىرى مەكتەپلەردە بولۇپمۇ ئالاھىدە ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. دارىلمۇئەللىمىننىڭ دەرس سېتكىسىدا بىردىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ «جوڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتابى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ۋە گومىنداڭ ئۆلكىلىك پارتىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ جوڭشىننىڭ «موڭغۇل - شىزاڭ ئىشلىرىغا دائىر نۇتۇقلىرى»① رەسمىي ئوقۇتۇش شەرت قىلىنغان دەرس-

① ۋۇ جوڭشىن شىنجاڭغا كەلمەستە «موڭغۇل - شىزاڭ ئىشلىرى» جەمئىيىتىگە باشچىلىق قىلاتتى.

لەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھەپتىسىگە تۆت سائەتتىن ئۆتۈلۈپ كەلگەن سىياسىي دەرس بىردىنلا سەككىز سائەتكە كۆپەيدى. بۇ-نىڭ بەدىلىگە دۇنيا تارىخى، جۇڭگو جۇغراپىيىسى دەرسلىرى دەرس سېتكىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نارازىلىقى تېخىمۇ ئۇلغايدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر قىسىم ئىل-غار ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدىكى تەقىپ كۈچەيتىلىپ، مەكتەپ مە-مۇرىيىتى بېيجىڭدىن تەيىنلىنىپ ئەۋەتىلگەن ئاچكۆز، نەپسانىيەت-چىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كىشىلەر ئوقۇش – ئوقۇ-تۇش ئىشلىرىنى ياخشىلاش ئۈستىدە باش قاتۇرماي، ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارنى ئەڭ ئەقەللىي ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قال-دۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. تېگىشلىك راسخوتلارنى قىسىپ، ئۆز يانچۇقلىرىنى تولدۇرۇش ئاۋارىچىلىقى بىلەن ئۆتەتتى. دارىلمۇئەللىمىندە ئىشپىيونلار ئارقىلىق ماقچى تەرەپ-نىڭ نازارىتى كۈچەيتىلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە 5 – ئاتلىقلار پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قاۋچىگىن ھەربىي ساۋاتتىن دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىندى. بۇ ئارقىلىق، ھەربىي تەرەپ-نىڭ نازارىتىمۇ كۈچەيتىلدى. قىسقىسى، 1945 – يىلى دارىل-مۇئەللىمىن تۆمۈر قەپەسكە ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىكى يىزىلەپ ئو-قۇغۇچى شۇ قەپەسكە سولانغان پەرۋاز قىلىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان باھار قارلىغاچلىرىغا ئوخشىشىپ كەتكەنىدى.

قاۋچىگىن بىلەن لى شياۋجاڭ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن – باشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرىمىز دېگەن بىر گەپنى چىقاردى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار قىزلارنىڭ ئىززىتىغا تېگىشنى پىلانلىغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى بىر قىسىم سەگەك ئو-قۇغۇچىلار تەرىپىدىن شۇ ھامان سېزىپ قېلىندى. ئۇلار غەزەپ-لىنىپ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلدى. ئوقۇغۇچىلار شىددەتلىك تاشقىنغا ئوخشاش سىنىپ، ياتاقلاردىن يامراپ



چىقىپ، مەكتەپ ھويلىسىغا يىغىلدى. ئۇلار ئالدىنئالا نارازىلىق سۆزلىرى يېزىلىپ تەييارلاپ قويۇلغان ئۇزۇن پلاكاتنى مۇدىرى-يەت ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا تارتىپ قويدى. ياتاق، سىنىپلار-نىڭ ئىشىك – دېرىزىلىرىگە چوڭ خەتلەر بىلەن يېزىلغان ۋە-رەقىلەرنى چاپلىدى. بۇلارغا ئۇلاپلا شىكايەت يىغىنىمۇ باشلىنىپ كەتتى. يىغىننىڭ دەل شۇ سائەتتە ئېچىلىشىنى دارىلمۇئەللى-مىننىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى پىلانلىغانىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سەپدىشى ۋە يېقىن دوستى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا روزى يېتەكچىلىك قىلاتتى. دېمەك، بۈگۈنكى شىكايەت يىغىنى بىر قىسىم ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بىرىنچى بولۇپ ئۈستەلگە سەكرەپ چىقىپ، بوراندەك كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى:

— بىزگە پەن كېرەك! ھەقىقىي بىلىم كېرەك، ئىنقىلابىي نەزەرىيە كېرەك! — دەيتتى ئۇ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — بىز دۇنيانىڭ ئۆتمۈشىنى، ھازىرقىسىنى، ئومۇمىي تارىخىنى بىلىشكە تەشنا. بىزگە جۇغراپىيە دەرسى ئۆتۈلسۇن! بىز بۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ گۈزەللىكلىرىنى، تاغ ۋە دەريالىرىنى، ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاھالىسىنى، يەر ئاستى بايلىقلىرى بىلەن ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي كۈچ – قۇدرىتىنى بىلىشىمىز كېرەك! ۋارقىراپ تۇرۇپ ئېيتىمەنكى، بىز بۇلارنى بىلىشكە چوقۇم ھوقۇقلۇقمىز!

— بىز دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇش ئۈچۈن، بىلىم چوڭ-قۇرلۇقىدا غۇلاچ كېرىپ ئۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن! — دېدى يەنە بىر ئوقۇغۇچى، ئۈستەل ئۈستىگە ئىككىنچى بولۇپ كۆتۈر-

رولۇپ چىقىپ، — بىلىم سەۋىيىمىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز تەبىئىي پەنلەرنى ئوقۇشىمىز كېرەك! بىزگە فىزىكا، خىمىيە، ئاناتومىيە، زوئولوگىيە پەنلىرى كېرەك. بىلىشكە تېگىشلىك ساۋاتلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز لازىم! ئەرزەس سىياسىي دەرسلەر بىلەن ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق!

— ھەققى يوق!... بىزنىڭ ياشلىق ۋاقتىمىز بىلەن ئويناشقۇچىغا مەكتىپىمىزدىن ئورۇن بېرىلمىسۇن! — ئوقۇغۇچىلار بىر ئېغىزدىن ۋارقىراشتى.

— ئۇنداقلارغا ھەرگىز ئورۇن بېرىلمىسۇن! — ئۈچىنچى ئوقۇغۇچى ئېگىزگە كۆتۈرۈلمەستىن تۇرغان يېرىدىلا ئۈستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — قىممەتلىك ۋاقتىمىز بىلەن بىھۇدە ئويناشقۇچى ئەبلەخلەر تېزدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، سوئاللىرىمىزغا بىرمۇ بىر جاۋاب بەرسۇن!

— قېنى تېز ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەلەپلىرىمىزنى ئورۇنداشقا ۋەدە بەرسۇن! ئالدىمىزغا كېلىپ باش ئېگىپ، خىيانەت ۋە بۇزۇق قىلمىشلىرىغا ياۋاشلىق بىلەن تەۋبا قىلسۇن! ئۇنداق ئىشلارنى ئىككىنچى قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتسۇن!

— بەدەن تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن قىزلىرىمىزنى ئاياغ - ئاستى قىلماقچى بولغان بىنومۇس ئەبلەخلەرگە قاتتىق زەربە بېرەيلى. بىلىم ئورنىنى پاھىشەخانىغا ئايلاندۇرماقچى بولغانلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايلى!

ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە قاتتىق داۋالغۇش پەيدا بولدى. ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈشكەن ھالدا كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، خۇددى بىر كىشىدەك تەكشى رىتىم بىلەن توۋلايتتى:



«يەر بىلەن يەكسان قىلايلى، يەر بىلەن يەكسان قىلايلى!...»

مەكتەپ مۇدىرى بىلەن فاك چىگىنەننى ئىشخانىدىن سۆرەپ چىقىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ئوقتەك ئېتىلىپ بىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئىككىيلەننى تاپقىلى بولمىدى. لۇ شياۋجاك بىلەن فاك چىگىنەن ئۆزلىرىنى ئىشخانىنىڭ ئارقا تام دېرىزىسىدىن تاشلاپ شەھەر ئىچىگە قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قوغدىلىپ قالغۇدەك جايغا — 5 - ئاتلىقلار پولكىغا قېچىپ بېرىۋالغانلىقى ئېنىق ئىدى.

شۇندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەزىپى تەسەللىنى قوبۇل قىلالماس دەرىجىدە يېڭىباشتىن كۆچەيدى. ئۇلار كۆرەشتىن يېڭى كۆرەشكە ئۆتتى. شىكايەت يىغىنىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، نامايىش يۈرۈشىگە ئاتلاندى. ئۇلار شەھەر ئىچىنى ئىشغاللاپ كېتىۋاتقان چاغدا، نامايىشچىلار سېپىگە دارىلمۇئەللىمىننىڭ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئارقىدىن يېتىشىپ كېلىپ قوشۇلدى. ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەرىپەتكە ئىنتىلىدىغان ياش ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن زىچ بىرلىشىپ، نامايىشنىڭ غەلىبىلىك ئۆتۈشىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى. يولدا ئۇلارغا دارىلمۇئەللىمىننى ئىلگىرى ئوقۇپ تاماملىغان بەزىبىر كىشىلەر ۋە 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە خەنزۇچە ئوقۇۋاتقان چەت ناھىيىلەرنىڭ ياش يىگىتلىرىمۇ كېلىپ قوشۇلدى. شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ بارمايلا نامايىشچىلار 250 دەك كىشىگە كۆپەيدى. بۇ، شۇ كۈنلەردە خورلۇقتىن باشقىنى كۆرمىگەن، ئاقسۇدا تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن ئىلھامبەخش يېڭى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىدى.

يۈرۈش ئۈستىدە توۋلىنىدىغان شوئارلارنى ئابدۇللا روزى ياكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى باشلاپ بېرەتتى. بىر

قىسىم ئوقۇغۇچىلار قوللىرىغا كۆتۈرۈۋالغان كىچىك قەغەز پلا-
كاتلارغا تېمىدەپ يازغۇسى كەلسە شۇنى شەخسىي قىزغىنلىقى
بىلەن يېزىۋالغانىدى. لېكىن بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئىككى
تال چوڭ ياغاچقا ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈۋالغان كەڭ ۋە ئۇزۇن
پلاكاتلىرىغا شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ مۇنۇ تۆت مىسرالىق
مەشھۇر شېئىرى يېزىپ قويۇلغانىدى:

ھەرىپەت ئىزدە، ئېرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بېرىياق بىلەن بېزىغۇچە تېشىڭنى،
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى!

ئوقۇغۇچىلار شىكايەت ۋە تەلەپلىرىنى ۋىلايەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدارى — ۋالىيغا ئېيتىش ئۈچۈن مەھكىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دەرۋازىدىكى قوراللىق ساقچىلار ئۇلارنى توسۇپ ھويلا ئىچىگە كىرگۈزمىدى. ۋالىينىڭ ئىشخانىدا يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى كەينىگە قايتۇرۇشقا ئۇرۇندى. قۇرۇق قول نامايىشچىلارنىڭ لوشياۋجاڭ بىلەن غاڭ جىڭنەنتى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن 5 - ئاتلىقلار پولكى شتابىغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلسا، بۇنىڭ ئۆزى زور قالايمىقانلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوققا تۇتۇلۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىلىشنى كۈتۈپ، بىر ھەپتىچە دەرس تاشلىدى. لوشياۋجاڭ بىلەن غاڭ جىڭنەننىڭ قىز ئوقۇغۇچىلارنى يالىڭاچلاپ بەدىنىنى تەكشۈرۈش قەستى قەتئىي چەكلىنىپ تاشلاندى. بىراق دەرس سېتىكىسى ئۆزگەرتىلمەي ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىندى. لوشياۋجاڭنىڭ تەكەببۇر مۇددىرلىقى، غاڭ جىڭنەننىڭ



دارىلمۇئەللىمىندىكى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىمۇ بۇرۇنقىدەك ساقلاپ قېلىندى. ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭغا يېڭى نارازىلىق ھەرىكىتى بىلەن قارشى چىقىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار شۇ كۈندىن تارتىپ، يوشۇرۇن پائالىيەتكە كۆچۈپ 2 - قېتىملىق شىكايەت يېغىنى ئېچىش، تېخىمۇ شىددەتلىك نامايىش قوزغاش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

دارىلمۇئەللىمىن پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە بىردىنبىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم ئوچىقى ئىدى. ئۇ 1934 - يىلى ۋىلايەت ۋالىيسى نىياز شېرىپنىڭ تەشەببۇسى، شەخسەن كۆرسەتكەن كۆپ قېتىملىق تىرىشچانلىقى بىلەن بۇلۇتنى يارغان چاقماقتەك پارلاپ ئاقسۇ مائارىپ ساھەسىدە تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەنىدى. نىياز شېرىپى — خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىدەك بۇ يۇقىرى لاۋازىمىنى 1931 - 1932 - يىللاردىكى قومۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن قولغا ئېلىپ ئىشلەشكە مۇيەسسەر بولغانىدى. 1939 - 1940 - يىللار ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى خېلى روناق تاپقانىدى. شۇ يىللىرى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدە سىنالغان قەيسەر كوممۇنىست، چوڭقۇر بىلىم ئىگىسى لىن جىلۇ يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئۆتىدى. يەنە، دەۋر ئىلغارى، كوممۇنىستىك غايىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى خۇاڭ خۇيچىڭ ۋىلايەتكە ۋالىي ئىدى. ئۇلار دارىلمۇئەللىمىنگە پات - پات كېلىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ئۇلار جۇشقۇن سۆز ۋە نۇتۇقلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا خەلقئارا ۋەزىيەتنى تونۇشتۇراتتى. ئىچكى ئەھۋاللاردىن چۈشەنچە بېرەتتى. ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەڭ مۇھىم ساۋاتلىرىنى چۈشەندۈرەتتى...

## «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسى سەھنىدە

ناھىيىلىك ماتارىپ يۇرتىغا بىر قەۋەتلىك ئۆيلىرى ۋە قاتراق تويلىق ھويلىسى بىلەن ياندىش تۇرغان بىنا ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە بولۇپ، بۇ بىنانىڭ كۆرۈمسىز تەلەتى بىلەن ئۇنىڭ سول تەرىپىگە يانمۇ يان تۇتاشتۇرۇلۇپ سېلىنغان چوڭ ۋە ئېگىز سەلتەنەتلىك كۇلۇب سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى. كۇلۇب ئۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ ناھىيىسى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچىمۇ بىردىنبىر زور كۇلۇب ۋە ئەڭ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى. توغرا، ئورنى كىچىكرەك بولسىمۇ، ئەمما كۆرۈنۈشى كۆركەم مۇنداق كۇلۇبلار ۋىلايەتنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدىمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ خۇددى ئاقسۇ كۇلۇبىدەك خەلقنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن شۇ جايلاردىكى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەرىپىدىن سېلىنغانىدى. ئاقسۇ كۇلۇبىنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى خەلقلەردىن تۈرلۈك يوللار بىلەن قىلىدىغان كىرىمى، دېھقانلاردىن ئېلىپ تۇرىدىغان كەيمەن ئاشلىقى ۋە ناھىيىلىك ئۇيۇشمىلار ھەر يىلى تاپشۇرۇپ تۇرىدىغان مەلۇم پىرسەنتلىك مەبلەغلىرى ھېسابىغا 1940 ـ يىلى سالدۇرغانىدى.

كۇلۇبنىڭ ئالدى ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ بىرى كۇلۇب خادىملىرىنىڭ ئىشخانىسى، قالغانلىرى ئۇلارنىڭ ياتاقلىرى ئىدى. كۇلۇبنىڭ ئاساسىي قىسمى 700 ـ 800 كىشىنىڭ ئازادە ئولتۇرۇپ، ئويۇن ـ



تاماشا كۆرۈشكە مۆلچەرلىنىپ سېلىنغان ئاساسىي زال، باش تەرىپىنى سەھنە ئىگىلىگەنىدى. سەھنە چۆرىسىدە بىر قاتار ئۆيلەر بولۇپ، ئۇلار ئارتىسلارنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇشى، گىرىم قىلىشى ۋە ئويۇن ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشلىرى ئۈچۈن ياسالغانىدى. ئاساسىي زالنىڭ سول تەرىپىدىن يوغان بۇفىتخانا ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىدىن كېسىپ قويۇلغان تام بىلەن ئاساسىي زالدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. قىسقىسى، كۇلۇب قايتا ـ قايتا تۈزۈلگەن ۋە تۈزىتىلگەن لايىھىگە ئاساسەن ئەنە شۇنداق خېلى مۇكەممەل ياسالغانىدى. بىراق ئۇ «بۆشۈكىدىلا تونجۇقتۇرۇۋېتىلدى» دېگەندەك، پۈتۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يوغان قۇلۇپ سېلىنىپ، سەنئەت ئىشقىۋازلىرىنىڭ نەزىرىدىن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى. شۇندىن كېيىن، خېلى مەزگىلگىچە ئۇنىڭ ئىشىكى ئېچىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەپتەرلەر ئۇۋىلىغان، ئۆمۈچۈكلەر بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلارغا تور تارتقان، چاشقانلار تۆشۈك ـ تەشمىلەر ئېچىپ بەخۇدۇك ماكانلىغان تاشلاندۇق جايغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ چاغدا ئاقسۇدا كىنو تاماشىسى يوق ئىدى. شۇڭا، كۇلۇبتا كىنومۇ قويۇلمايتتى. سەنئەت ئۆمەكلىرى بولمىغانلىقتىن، ئۇ يەردە سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالغان ياكى كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتلارنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ئاقسۇدا سەنئەتنىڭ ئورنىنى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، قىمارۋازلىق، رەممالىق، داخانىلىق ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇ ۋاقىتتا مۇنداق چۈشكۈنلۈكلەر قانۇن ئارقىلىق قوغدىلاتتى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى پارىخورلۇق قىلغىنى، پاھىشە ئوينىغىنى ياكى تاۋكا تۈزۈپ چوتۇر ئالغىنى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلمايتتى.

گومىنداڭ ھاكىمىيىتى مۇنداق رەزىللىكلەردىن مەنپەئەتدار ئىدى. ئۇ خەلقنى بىلىمسىز ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىدا تۇتۇپ، ئۆزىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان چىرىكلىكنى بىر ئىلاج بىلەن

يىرشۇرۇپ قىلىشتا، ھالاكەتلىك كىرىزىسلارنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان-
لىقىنى خەلققە سەزدۈرمەسلىككە جان - جەھلى بىلەن تىرىشىپ
كۆرەتتى. شۇ سەۋەبتىن گومىنداڭ قىمارۋازلىق، نەشىخورلۇق
ۋە باشقا بارلىق چىرىكلىككە كەڭ يول ئېچىپ بەرگەنىدى.
ئەمما، بۇلار مەرىپەتكە تەشنالىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي
ئاقارتىش ئويۇشمىسىنى قۇرۇپ، ئۇنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىقتـ
ـىساد بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن ۋە تەر تۆكۈپ ئىشلەپ،
سەلتەنەتلىك چوڭ تىياتىر — كونسېرت كۇلۇبى بىنا قىلغان
كەڭ خەلق قاتلىمىنىڭ ئارزۇسى ئەمەس ئىدى.

ئاڭلىق كۆز قاراشقا ئىگە كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنداق
كېڭەيتىشكە سەۋر - تاقەت قىلىشقا بولمايتتى. ئاخىر
ئاقسۇدا ناچار كەيپىياتنى ئۆزگەرتىش تەرەپدارلىرى كۆكرەك
كېرىپ مەيدانغا چىقتى. بۇ كەسكىن بۇرۇلۇش خاراكتېرىگە
ئىگە نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ئويغىنىشلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇ
يىلى ئاقسۇدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش
ئويۇشمىسى، كىرائەتخانا ۋە مەكتەپلەردىكى يىراقنى كۆرەر
قەيسەر نامايەندىلەردىن مەدەنىيەتپەرۋەرلەر قوشۇنى شەكىللەندى.
ئۇلارنىڭ سەپ ئالدىدىكى بايراقدارلىرى تالانتلىق شائىر ۋە
تىز نەزمىكەش مەرىپەتپەرۋەر ياش لۇتپۇللا مۇتەللىپ، كۈرەش
جارچىسى، ئۇستا سازەندە، خۇش ئاۋاز ناخشىچى، سەنئەتكار
مۇتىرىدىن خوجا، ئۆتكۈر قەلەمكەش، جۇشقۇن قەلب شائىر
بىلال ئەزىزىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسىدا
خەلق ئارىسىدىكى سازەندىلەر، ناخشىچىلار، ياشلار ئارىسىدىكى
سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سانائىنەپىسە
بۆلۈمى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، دارىلمۇئەللىمىن
مەكتىپى ۋە باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى ناخشىچىلار، سازەندە-



لەردىن سەنئەت گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، مەدەنىي تۇرمۇشتا يېڭىچە
جانلىنىش پەيدا بولدى. ئويۇشمىدا سانائىنەپىسە بۆلۈمى
قۇرۇلۇپ بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا چوڭ ئىشقا
تۇتۇش قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ خەلقىنىڭ پەقەت ئېغىز
ئارقىلىق چۆچەك شەكلىدە سۆزلەپ كېلىنگەن غايىۋى مۇھەببەت
قەھرىمانلىرى «غېرىب - سەنەم» نى ئۆز سەھنىسىدە ئوپېرا
شەكلىدە كۆرۈپ، سەنئەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش
ئارزۇسى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. كۆپ يىللار-
دىن بېرى تاقىلىپ، كېپەرخانىغا ئايلىنىپ كەتكەن ھېلىقى
ھەشەمەتلىك كۇلۇب ئەمدى ئېچىلىپ ئوپېرا قويۇلىدىغان كۈنى
ئۇنىڭ ئالدى ئويۇن كۆرۈشكە تەشنا يۈزلىگەن تاماشىبىنلار
بىلەن قايناپ تاشتى. بۇ 1945 - يىلى 4 - ئاي مەزگىلى
بولۇپ، سەنئەت ساھەسىدە مۇنداق جانلىنىشنىڭ بولۇشى ئالغا
ئىنتىلىش يولىدىكى بىرخىل خۇشاللىنارلىق ۋەقە ئىدى. ئاقسۇ
خەلقى ئۆز يۇرتىدا يۈز بەرگەن بۇ يېڭىلىقنى شادىيانىلىق
بىلەن كۈتىۋالماقتا ئىدى. كۇلۇب ئالدىغا ئويۇن تەنتەنىسىگە
ئاتاپ ياسالغان ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى راۋاقتا چۈش
قايرىلغاندىن تارتىپ ناغرا - سۇناي چېلىنىشقا باشلىدى.
بۇنىڭغا ئەگىشىپ، بۇ يەردىكى ئادەملەر توپى بارغانچە كۆپەيـ
ـدى. كۇلۇب ئالدىغا ئۇششاق سېتىقچىلار يايما قىلىپ، ماللىرىنى
تىزىشتى. گازىر، دەپتەر، قەلەم، كۈچىلىنىڭ كىر سوپۇنى، ئاۋات،
ئۆچتۈرۈيالارنىڭ كەمتە يېيى. ئاقسۇنىڭ شاپاق دوپپىسى بىلەن
مۇغەمبەر تومىقى قويۇلغان غالتەكلەردىن باشقا قاشتېشىنى
بازاردا دۇكان ئېچىپ، سودا قىلىدىغان بىرقىسىم ھاللىق
سودىگەرلەرمۇ دۇكانلىرىنى تاقىشىپ، مۈرىلىرىگە سەرگەز، چوتا،
ماتا - چەكمەنلىرىنى ئارتىشىپ سودا - سېتىق ئۈچۈن بۇ
يەرگە كېلىشتى. ئاخشامچە بىرقانچە ئاۋايمۇ باشلىرىغا ئىلىۋالغان

تەڭتىلىرى بىلەن كېلىپ، كاۋاپلىرىنى كۆپرەك سېتىۋېلىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان كاۋاپچىلارنىڭ يانلىرىغا قويۇشتى. شۇنداق قىلىپ كۈلۈپ ئالدى بىردەمدىلا غاز - غۇز بازارغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ سېپىلىنىڭ ئىچى ئۆز تارىخىدا بىرىنچى قېتىم تاشقىرىقى بازارنىڭكىدەك ئاۋات تۈس ئالغان قىزىق بازارنىڭ شاھىتى بولۇپ قالدى. راۋاقتا سۇناي چېلىنىپ، ناغرا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. پەدىلەر تېز - تېز ئۆزگىرىپ، دولان مەشرىپىگە، دولان مەشرىپىدىن كېيىن قەشقەر، كۇچا سەنەملىرىگە ۋە شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇغا يېڭىدىن كىرگەن گۈلباغ ناخشىسىنىڭ مۇزىكىسىغا يۆتكىلىپ، تاماشىچىلارنىڭ زوق - شوخىنى يەللىدىن - پەللىگە كۆتۈرەتتى. ئادەملەر توپىنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى ئىچىدە بىر - بىرىنى تەكلىپ قىلىشىپ، بىرلىكتە تەڭكەش بولۇپ ئوينىغان ئۇسسۇللار ئۈزۈلدۈكسىز داۋام قىلىپ تۇراتتى. كۈلۈپ ئىچىدە ئىش قىزغىن باراتتى: دېكوراتسىيە ئورنىتىلدى، سەيپۇڭخانىدا تىكتۈرۈلۈپ ھازىرلا پۈتتۈپ ئەكېلىنگەن پەردە تارتىلىپ، ئۇنىڭ سەھنە يۈزىگە دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكى تەكشۈرۈلدى. كۈلۈپ زالىغا تاماشىچىلار ئۈچۈن ئارقا يۆلەنچۈكى رېشاتكىلىق قىلىنىپ ياسالغان تۆت كىشىلىك ئۇزۇن ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ، يەنە بىر قۇر رەتلەندى. كۈلۈپ ئىچى پاكىز ئادالاندى. ئاڭغىچە ئارتىسلار سەھنىگە يانداش گىرىمخانىدا ئالدىراش گىرىم قىلىشتى. خەلق «غېرىپ - سەنەم» نى كۆرۈشكە بولغان ئاجايىپ تەشنالىقى بىلەن بۇ ئويۇننىڭ بېلەتىنى ئەتىگەندىلا سېتىۋېلىپ تۈگەتكەنىدى. تاماشىچىلار يانچۇقلىرىدىن بېلەتنى چىقىرىشىپ، كۈلۈپ ئىشىكىگە يېزىلەتتى. ئۇلار ئەمدى ئويۇن زالىغا كىرىشى كېرەك ئىدى. قارىماققا ئىش ئەنە شۇنداق رەتلىك ئۆز يولى بىلەن



بارماقتا ئىدى. بىراق، دەل شۇ پەيتتە ئارقىسىغا ئىككى قۇراللىق ساقچىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تىنتىش ئەمەلدارى ۋاڭ دوسا پەيدا بولدى.

— ھەممىڭلار كېتىڭلار!... ئويۇن قويۇلمايدۇ! — دەپ توۋلىدى ئۇ. تاماشىچىلار توپى تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ناغرا - سۇناي توختاپ راۋاق ئۈستى جىممىدى.

— نېمىشقا قويۇلمايدىكەن! ھەممىمىزنىڭ قولىدا بېلەت بار، بىز بېلەت ئالغان تۇرساق ئويۇن كۆرمەي قايتىپ كېتىمدىكەنمىزمۇ؟! — نارازىلىق بىلەن ۋارقىرىدى بىرنەچچە كىشى. خەلق ئىچىدە باشقىدىن جانلىنىش پەيدا بولۇپ، چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. يەنە بىرنەچچە كىشى ئارقىسىمۇ ئارقا غەزەپ بىلەن تەۋۋەلاشقا باشلىدى:

— بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز ئويۇن! «غېرىپ - سەنەم» نىمۇ كۆرۈشكە قويماسلەر؟!...

— «غېرىپ - سەنەم» نى كۆرگەنمۇ يامان ئىشمىكەن؟ ياق، بۇ يەردىن كەتمەيمىز، ئويۇننى چوقۇم كۆرىمىز!...

— ياق، كەتمەيمىز!... زادى كەتمەيمىز...

— خالايىق، ھېچقايسىڭ كەتمە!... كاللىمىز ئېلىنىپ كەتسىمۇ مەيلى، ئويۇننى كۆرمەستىن ھەرگىز كەتمەيمىز!...

خەلق ئىچىدە كۈچلۈك داۋالغۇش پەيدا بولدى. ئادەملەر دېڭىزى كەلكۈندەك شىددەتلىك كېلىپ كۈلۈپ ئىشىكى ئالدىدا تۈركەشلەندى. ۋاڭ دوسا توپ ئىچىگە يېرىپ كىرىپ، كىمنىڭدۇر بىرىنى غولىدىن چاڭگاللاپ ئىتتىردى. يەنە بىرىنى كاچاتلىدى. ياش يىگىتلەردىن بىرقانچىسى مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. توپ ئىچىدىن ئامان - ئېسەن چىقىۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ۋاڭ دوسا ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ بىر توپ قوراللىق ساقچى يۈگۈرۈپ كېلىپ

خەلقنى سىرتتىن قورشاشقا باشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا پاشاخوجىمۇ ساقچىلار بىلەن بىللە كۆلۈپ ئالدىدا پەيدا بولدى. پاشاخوجا ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن قورقۇپ، بۇ يەرگە ئەتەي ئاتلىق كەلگەنىدى.

— خالايىق. ھەي خالايىق! — مەدداھلاردەك بوغۇلۇپ بار كۈچى بىلەن تىرىۋالدى ئۇ. — جېدەل - ماجىرا قىلماي ياۋاشلىق بىلەن ئۆيلىرىڭلارغا كېتىڭلار. پۇقرا دېگەن پېقىر پۇقرادەك تۇرسۇن. مۇلايىم بولغىنى ياخشى... دوستانىڭ كېپى - ھۆكۈمەتنىڭ كېپى. ۋاڭ دوستا بىلەن تەڭ كېلىمەن، دەپ چۆچۈرىنى خام سانىغۇچە، دۆت، ئەخمەق بولغۇچە، ئۆيۈڭلەرگە بېرىپ، ئۆستەڭلارنى ئىچىپ، ئۇيقۇڭلارنى ئۇخلىغىنىڭلار تۈزۈك! ئاخىرقى گەپ شۇ، بىز ئويۇننى يىغىشتۇرسىمىز، دەۋرىپ - سەنەمنى قويىماس بولدۇق، كېيىمنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟...

پاشاخوجا ۋالىينىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، ۋالىي مەھكىمىسىنى قوغدىغۇچى قوراللىق ساقچىلاردىن بىرنەچچىسىنى ئېلىپ كۆلۈپ ئالدىغا كەلگەنىدى. ۋالىي ئۇنىڭ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىسلىكى ۋە نامىدا بار ھەممىدە يېرق پاشاخوجا نامىدىن پايدىلىنىپ ئويۇن كۆرگۈچىلەرنى ئاسان گەپكە كىرگۈزۈش ئويى بىلەن ئۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى. ھەتتا ۋالىي خەلقتىن ئالدىغان خاپىلىقىنى ئۈستەلدىن ئېلىپ، ئالدىدىكى ئۈستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ پاشاخوجىغا دوق - پوپوزا قىلىشقىچە بېرىپ يەتكەنىدى.

— ئۇيۇشمىدىكىلەر نېمانچە بەئىباش بولۇپ كەتتى؟ — دېگەنىدى ئۇ. — سىلەرنىڭ بىزگە ئېيتماستىن، بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز، ئويۇن قويماقچى بولۇپ يۈرگىنىڭلار نېمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؟ ئەگەر سىزنىڭ يۈز - خاتىرىڭىزنى قىلمىسام، ساناپ بەينەپەسە بولۇشقا كىرىۋالغان ئادەملەرنىڭ ھەممە-



سىنى قاماشقا بۇيرۇق چۈشۈرەتتىم. لۇتپۇللا، مۇتەللىپ دېگەن نېمىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىڭ. ئۇلار ئويۇن قويۇش باھانىسى بىلەن خەلقلەرگە ئۆز گەپ، ئۆز سۆزلىرىنى قىلىۋالماقچى. بۇ بىرنەچچە تۈكتۈك قىزىل پاچاق قوزغىلاڭ، ئىنقىلاب دېگەن نېمىلەر توغرىسىدا ئۆزئارا پىچىرلىشىپ يۈرۈشىدۇ. ياشلاردىن تېخى بىرمۇنچىسىنى يولدىن چىقىرىپ ئارقىغا ئەگەشتۈرۈۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغىنى خەۋپلىك ئىش، ناھايىتى خەتەرلىك!...

بۇ گەپتىن قورقۇپ چۆچۈگەن پاشاخوجىنىڭ يوغان كالا كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپ پارقىراپ كەتتى. ئۇ ۋالىيغا قەسەم ئاھاڭىدا سۆزلىدى:

— مۇندىن كېيىن ھەممە ئىشقا دىققەت قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — لۇتپۇللا بىلەن مۇتەللىپنىڭ پەيتىنى تېپىپ ئەدەبىنى بەرمەي قويمايمەن. بۈگۈن ئاخشام قويىدىغان ئويۇنغا كەلگەندە ھەققەتەن خاتالىشىپتىمىز. ھېلىمۇ جانابلىرىدىن بۇ ئويۇننى قويۇشقا رۇخسەت بېرىشلىرىنى سورايمەن، — گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە پاشاخوجا ۋالىينىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغاندەك تىزۋەن سۈكچىيىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، خەۋەرلىرى بولسا كېرەك، خەلققە بېلەت سېتىپ قويغان، بۈگۈن بولسىمۇ بىر ئاخشام قويمىساق، يۈزىمىز چۈشۈپ سەتچىلىكتە قالىمىز. ئۇيۇشمىنىڭ نامىمۇ ياخشى بولمايدۇ.

ۋالىي پاشاخوجىنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن قىلىپ بىر خىل سىرلىق ۋە كەسكىن ئاھاڭدا:

— كۆلۈپتا بىر ئاخشام، بىر سائەت ئويۇن قويۇشقا بولمايدۇ، كۆلۈپ پات - ئارىدا ھەربىي گازارما بولىدۇ، ئىلىلىق پاندىتلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن كۈندىن تارتىپ، ئاقسۇ

تەھدىت ئىچىدە قالماقتا. ئۆلكىلىك ھەربىي شتابتىن ئەسكەر تەلەپ قىلىۋىدۇق، كۇچادىكى ھەربىي قىسىمنى ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتىلىدىغان بىر پولك ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن تولۇقلىغاندىن تاشقىرى، مارالبېشىدىكى بىر روتا 120 ئەسكەرنى ئاقسۇغا يۆتكەپ بەرمەكچى بولدى. ئۇلار كەلسە كۆلۈپ قا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېز بېرىپ ئويۇننى توختىتىش كېرەك. خەلقنى تارقىتىش كېرەك! — دېدى.

— بولىدۇ، مەسىلىنىڭ جىددىيلىكىنى ئەمدىلا چۈشەندىم، خەلقنى ھازىرلا تارقىتىمەن، ئارتىسلارنى ۋىجدان - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئويۇنىمىغا ئەكىرىمەن، ئۇنىمىغانلارنى ئۆيىڭىزگە كەلتۈرۈش دەپ قوغلايمەن! — پاشاخوجا سۆزىنى تۈگىتىپ مېڭىشقا تەمشەلگەندى، ۋالىي توختىتىپ:

— روتىنى يۆتكەپ كېلىشنىڭ ئۆزى مۇھىم ھەربىي سىر، بۇنى سىزلا بىلىشىڭىز كېرەك، — دەپ ئاگاھلاندۇردى.

پاشاخوجىنىڭ ۋالىيغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن خەلقنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا جان - جەھلى بىلەن كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ھېچ نەرسىگە دال بولمىدى.

ل. مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجىلار ئىشىك ئالدىدا يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، گىرىم قىلغان پېتى كۆلۈپ ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلار بىلەن بىللە ئابدۇللا شاتىرى ۋە باشقا ئۈكەرلەرمۇ قىلىچ، نەيزىلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا چىقىشقانىدى. ئوپېرادا لۇتپۇللا مۇتەللىپ غېرىپ رولىدا، مۇنىردىن خوجا شاھى ئابباس رولىدا ئوينايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بىرى غېرىپ كىيىمىدە، يەنە بىرى شاھ كىيىمىدە ئىدى. خەلق ئۇلارنى يېقىملىق ھېسسىياتى بىلەن ئورىۋېلىپ، سەممىي تىلەكلىرىنى تەكرار - تەكرار بايان قىلىشتى:

— ئويۇنچىلارنىڭ «غېرىپ - سەنەم» ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ،



كۈندۈزدىلا كۆلۈپ ئالدىغا توپلاندۇق، ئارىمىزدا مۇشۇ ئويۇننى كۆرۈش ئۈچۈن يىراق يېزىلاردىن كەلگەنلەرمۇ بار. قورۇق قايتىپ كېتىشكە ھېچكىم رازى ئەمەس. ئويۇننى بىر ئىلاج بىلەن قويۇپ بېرىڭىزلەر، كۆرمىسەك ئەلەم بولىدۇ، ئارماندا قالىمىز.

— بۇ كىشى توغرا ئېيتتى، كۆرمەي قايتىپ كەتسەك ھەممىمىزگە دەرد بولىدۇ! — كىمدۇر بىرى خەلق توپى ئىچىدىن يىغان، بوم ئاۋاز بىلەن ترۋۇلىدى.

— پاشاخوجام ئويۇننى تەييارلىماستىن ئىلگىرى ئۆزىنى چىمدىپ باقسا بولماسمىدى؟ بىلەتنى سېتىپ بولۇپ، ئەمدى ئۇنىڭ ئويۇننى قويمايمىز، دەپ بېزىرىپ تۇرۇۋېلىشى نېمىسى!؟

— ئۇ دوساغا ئەگىشىپ، ھە دېسە، ھۇ دەۋاتامدۇ؟

— بۇنىڭ ئۆزى ئۇچىغا چىققان خۇشامەتگۈيلۇق!

ئوتتۇرىدا بىرلۇۋاتقان ۋارقىراش - جارقىراش، كەسكىن سۆزلەرگە خۇلاسە قىلغاندەك كىمدۇر بىرى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— بىز ئويۇننى كۆرىمىز دېدۇق كۆرىمىز. كۆرمەستىن كۆلۈپ ئالدىدىن قايتمايمىز. ئويۇن كۆرۈشىمىزگە ھەرقانداق كىشىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا ھەققى يوق!...

— بىز ئويۇننى سىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن تەييارلىغان، — دېدى مۇنىردىن خوجا. مۇشتىنى تۈگكەن ھالدا جاراڭلىق سۆزلەپ، — «غېرىپ - سەنەم» نى بۈگۈن ئاخشام سەھنىگە قويماستىن تۇرۇپ، بىزمۇ بۇ يەردىن كەتمەيمىز!

ھەممە كىشى خۇشال بولۇپ، قاتتىق چاۋاك چالدى، قوللىرى قاپقارا قاپىرىپ، خۇددى بازغانچىدەك قىياپەتكە كىرىۋالغان تەمبەل ياش يىگىت چوڭقۇر خۇشاللىق ئىچىدە

مۇئمىنىدىن خوجىغا:
— بارىكاللا، ئاغزىڭغا ياغ! — دەۋەتتى.
خەلق بۇ گەپ بىلەن يەنە بىر قېتىم چاۋاك چالدى.
— سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار شۇ ئىكەن، ئۇنى بىز ئورۇندىماي قويمايمىز، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — ھەرقانداق توسقۇنلۇقنى بۇسۇپ تاشلاپ، ئويۇننى ئويناۋېرىمىز! خەلقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۈچ يوق، مۇنداق كۈچ بۇرۇن بولمىغان، ھازىرمۇ يوق، كەلگۈسىدىمۇ بولمايدۇ، زوراۋانلىققا مەڭگۈ ئورۇن يوق...
— ئىشىك باقارلار، ئىشىكنى يوغان ئېچىۋېتىڭلار، خەلق كۇلۇبقا كىرسۇن! — ئۈنلۈك توۋلىدى مۇئمىنىدىن خوجا ل. مۇتەللىپنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ. ئۇنىڭ سۆزى شاھى ئاباسنىڭ سۇلتانلىق لىباسى كىيىپ، سەلتەنەت تەختىدە پەرمان جاكارلىشىغا ئوخشىشىپ كەتتى. خەلق كۇلۇبقا ئارقىمۇ ئارقا ئۈزۈلمەي رەتلىك كىرىشكە باشلىدى ۋە قوللىرىدىكى بىلەتلەرنىڭ رەت نومۇرى بويىچە ئورۇندۇقلارغا تەرتىپلىك ئولتۇرۇشتى. غېرىپ بىلەن شاھى ئاباس بارلىق خەلق كىرىپ بولغۇچە كۈتۈپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشتى. تۆككەرلەر قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن كۇلۇب ئالدىغا تىزىلىپ، خەلقنىڭ كۇلۇبقا كىرىۋېلىشىغا يول ھازىرلاپ بەردى.
شۇنداق قىلىپ، كۇلۇب ئالدىدىكى ماجىرا ئاقسۇدا يېقىن كەلگۈسىدە پارتلاش ئېھتىمالى زورىيىپ قالغان قوراللىق كۈرەشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەمەلىي رېپېتىتسىيىسى، كومىنداڭغا قارشى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئالدىن بېشارەت بەرگۈچىسى سىگنالى ۋە تەييارلىق مانېۋىرىدەك بىرخىل قەيسەر ھالەتنى شەكىللەندۈردى.
ئويۇن قويۇلدى. تاماشىچىلار غېرىپ - سەنەم ئوپېراسـ



نى سەلسىز زور ئىشتىياق بىلەن كۆردى. بۇ بىرنەچچە سائەتلىك ئويۇن سەنئەتكە تەشنا خەلقنىڭ چۈشەنچىسىدە ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. تاماشىبىنلار كۈچلۈك چاۋاك چېلىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ غېرىپ رولىنى، مۇئمىنىدىن خوجىنىڭ شاھى ئاباس رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجرا قىلغانلىقىغا بارىكاللا ئېيتتى.

## ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلۈمى

كېچىچە قاتتىق چىققان بوران تاڭ يورۇش بىلەن ئاستا - ئاستا بېسىقىشقان بولسىمۇ، تامامەن دېگۈدەك توختاپ كەتمىگەنىدى. بوران ئاقسۇ بازىرىنىڭ بەزى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى تۇپىغا تولدۇرۇپ، ئايرىم شادال ئۆتۈشلۈك يەرلەرنى پاكىز سۈپۈرۈۋەتكەندەك تازىلاپ قاتراڭ قىلىپ قويدى. تاشقىرىقى بازار ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئۆپچۆرىسىدىكى مەھەللىلەردە ئولتۇرۇشلۇق خەلقلەر بۈگۈن ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن بالدۇر تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىلىرىنى سۈپۈرۈپ ئادالىدى. ئەخلەت - چاۋالارنى ۋە بوراندا ئۇچۇپ كەلگەن باشقا نەرسىلەرنى — پارچە - پۇرۇچ، تىتىلغان ماز پاختىلارنى بىرنەچچە يەرگە يىغىپ، ئوت يېقىپ كۆيدۈردى. بۈگۈن ئاقسۇ يېڭىشەھەرنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ھەپتىسىگە بىر قېتىم بولۇپ تۇرىدىغان بازىرى ئىدى. تاڭ يورۇپ، كۈن چاشكا بولماستىنلا

تاشقىرىقى بازار ئادەملەر بىلەن تولۇپ تاشتى. بازارنىڭ ھەممە يېرىنى سېتىقچىلار قاپلىدى، يېزىلاردىن ھارۋىلىق، ئېشەكلىك ۋە پىيادە كىرگەن مىغ - مىغ ئادەملەر ئۆزلىرى ئەكەلگەن ئاز - ماز قۇرۇق مېۋىلىرىنى، كېكىردەكلىرىدىن ئاياپ قالغان بىرنەچچە چارەك قوناق، بۇغداي، ئاپتاپپەرەسلىرىنى، بەزىلىرى غەلۋىر، ئەگلەك، سېۋەت، سۈزۈرگە، ھەتتا بىرنەچچە كاللەك ماتا يىپلىرىنى ئىگىلىگەن يەرلىرىگە يېيىپ تىزىپ، تاشقىرىقى بازارنىڭ ئەسلىدىن تار يولىنى يەنىمۇ تارايتىۋەتكەنىدى. سامساخانا، ناۋايخانا، ئاشخانىلار دېھقانلار بىلەن تولۇپ، سامسىپەز، ناۋاي، ئاشپەزلەر شۇ كۈنگە ياللىۋالغان نىمكارلىرى بىلەن ئالدىراش ئىشلەيتتى. چۈنكى، ھەر بىر بازار كۈنى يېزىلىقلارنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر بازار تامقىنى ئېلىپ يېيىشى ئومۇمىيۈزلۈك ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى. دوقمۇش - دوقمۇشلاردىكى ۋاقىتلىق ياسالغان ئوچاقلاردا قازانلار قايناپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئاقسۇ گۈرۈچىدىن پولۇ دۈملەنگەن بولسا، بەزىلىرىدە لەڭمەن پىشۇرۇلدى. سىرتتىن قارىغاندا پۈتۈن تاشقىرىقى بازار تىنچ، ھەركىم ئۆز سودىسى بىلەن ئاۋارىدەك ئىدى.

بىراق، كونا مەيە بازىرى تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت ئاڭلىنىپ، بارا - بارا تاشقىرىقى دەرۋازا تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان سۈرەن ۋە دەھشەتلىك ئاۋاز بىردىن سودا - سېتىقچىلاردىكى خاتىرجەملىكنى بۇزۇپ تاشلىدى. بازاردىكى ۋاڭ - ۋۇڭچىلىق ئۇشتۇمتۇت جىمىدى. كونا مەيە بازىرىدىن كېلىۋاتقانلار بىر توپ كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن بىرىنى قوللىرىغا مىلتىق تۇتقان ئىككى ساقچى ئۆز ئوفىتسېرىنىڭ ئاكتىپ ھەمراھلىقىدا ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغانىدى. ساقچى ئوفىتسېرى تاپانچىسىنى تەڭلەپ تۇتقان ھالدا بۇ كىشىگە توختىماي ۋارقىراپ، ئۇنى تېز مې-



ڭىشقا دۈشكەلەيتتى. تۇتقۇن بولسا بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ، سالماق قەدەم بىلەن ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇ مۇشۇنداق مەزمۇت بېڭىش بىلەن خەلققە ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، بەلكى ھەممىدىن كۆپرەك مەرد ۋە قورقۇمسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. تۇتقۇننىڭ ھەمراھلىرى تەڭقۇر ياشتىكى زەبەردەس يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلار ساقچىلاردىن يىراقلاشماي، ئۇلارنى قاپساپ بىللە كېلىۋاتاتتى. ئوفىتسېر تۇتقۇنغا پات - پات ۋارقىراپ:

— ماڭ دەيمەن، ماڭ! نېمەڭگە ئىشىنىپ مۇنچىۋالا قادىيىۋالىسەن؟ — دەيتتى.

تۇتقۇننىڭ ھەمراھلىرى ئاقسۇ خەلقىگە ناتونۇش ئونچە كىشى بولۇپ، ئۇلار ساقچىلارغا مۈجۈپ تاشلايدىغاندەك كۈچلۈك غەزەپ بىلەن ھومىيىشىپ، ئوفىتسېرنىڭ چالۋاقاشلىرىغا:

— بۇنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر، نېمە قىلغىنىغا بۇ بىگۇناھنى قولغا ئالماقچى بولۇشىسىلەر؟ ئۇنى سولىماقچى بولۇشساڭ، ماناً بىزمۇ تۇرۇۋېتىمىز، ھەممىمىزنى قوشۇپ سولاش! — دەپ ۋارقىراپ رەددىيە بېرىشەتتى ۋە سۆزىنى پات - پات تەكرارلاپ تۇتقۇننى قۇتقۇزۇپ قايتۇرۇپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلاتتى.

ئاقسۇ خەلقى ئۇلارنى تونۇمىسىمۇ، ئەمما تەقى - تۇرقى، كىيىنىشى، ياش ۋە قەيسەرلىكى، ئۆملۈكلۈكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچى ياكى قەشقەر تەرەپتىن كېلىپ، بۇ يەرگە چۈشكەن قىلغان شويۇرلاردىن ئىكەنلىكىگە خاتاسىز ھۆكۈم قىلىشاتتى. تۇتقۇن شەھەر دەرۋازىسىدىن ئىچكىرىگە ئەكىرىلىۋاتقاندا ئوفىتسېر مەمەدانلىق بىلەن ۋارقىراپ، ئاۋۋالقى سۆزلىرىنى يەنە تەكرارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇت-

قۇننى قاتتىق - قاتتىق دۈشكەلەشكە باشلاپ:

— ياۋاش بولۇپ تېز ماڭ. بولمىسا ھېلىلا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! — دەپ دوق - پوپوزا قىلدى.

تۇتقۇن قارشىلىق كۆرسىتىپ، مەردانە ئاۋاز بىلەن:

— نېمە قىلغىنىمغا مېنى يالاپ ئېلىپ ماڭىسىلەر، دوسايىڭلارنى زادى مەن ئۆلتۈرۈپتىمەنمۇ؟ ئۇنى مەن خەندەككە ئىتتىرىۋېتىپتىمەنمۇ؟ ئۇ ھاراقكەشنىڭ ئاخشام مەست ھالەتتە خەندەك ئەتراپىنى چۆگىلەپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىمىلا بار، خەندەككە يىقىلسا ئۇ ئۆزى يىقىلدى، بۇنىڭدا مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار ئىكەن؟ — دېدى.

— گۇناھىڭنى تونۇمايۋاتامسەن!؟ قېنى ئاۋۋال ساقچى ئىدارىسىگە بار، ئاندىن ۋاڭ دوسانى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئىقرار قىلىشىڭنى كۆرەيلى! — دوق قىلدى ئەمەلدارلىق كىيىمى كىيىپ، تاپانچا تۇتقان ھېلىقى ئوفىتسېر، ئۇ يەنە تۇتقۇننى ئاقلاپ ھېداشلىق بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان شوپۇرلارغا تەكشى ئالىيىپ قاراپ،— ھەممىڭلارنىڭ تىلىڭلار بىر، قىلمىشىڭلارنى ئۆزئارا يوشۇرۇپ يېزىشىۋاتىسىلەر، ھەممىڭلار ئىللىق تاغ ئوغرىلىرى بىلەن ھەمنەپەس! — دەپ ۋارقىرىدى.

— قېنى كۆرىمىز! ئۆزئارا بارماي كىمنىڭ ئوغرى، كىمنىڭ توغرى ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ، — تەڭ رەددىيە بېرىپ سۆزلىدى شوپۇرلار، — ئىللىقلاردىن ئالالمىغان ئۆچۈڭلارنى بىزدىن ئالماقچىمۇ يە سىلەر، ھەي ئۆلۈكنى پۇل قىلىدىغان ئاۋارە ئۇششۇقلار!

— ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭ، بولمىسا ھېلى كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرىسىلەر! — ۋارقىرىدى ئەمەلدار ساقچى. ساقچىلار تۇتقۇننى يالىغان، شوپۇرلار ساقچىلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، قورشىغان ھالەتتە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوش قەۋەتلىك



قارا ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە تولۇق قوراللانغان ئىككى پوست تۇتقاش ئالتە سائەت ئۆرە تۇرۇشنىڭ پۇتقا چۈشۈرۈۋاتقان بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىنى بىردىنلا جىددىيلىك قاپلىدى، بۇ يەرگە شوپۇرلارغا ئەگىشىپ تاشقىرىقى بازاردىن چوڭ بىر توپ كىشى — ئاياللار ياشلار، ئوتتۇرا ياشلار ۋە بالىلار كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شوپۇرلارنىڭ ساقچىلاردىن قورقماستىن تەمكىن تەڭ مۇنازىرىلىشىپ، ئېيتىۋاتقان مەردانە سۆزلىرىنى — كىشىگە ئىنقىلابىي روھ بېغىشلىغۇچى بۇ ئالىيجاناب خىتابلىرىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ كەلگەن بولسا، بەزىلىرى تۇتقۇننىڭ ساقچى ئىدارىسىدە دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان پاجىئەلىك تەقدىرىگە قايغۇرۇپ، ئىچىنىش ھېسسىياتلىرى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شوپۇرلاردىن رازى ئىدى. تۇتقۇنغا كۆز ئۈزمەي قاراپ، «دوسانى ئۆلتۈرگەنمىش، ئەگەر بۇ سۆز راست بولۇپ قالسا نېمىدېگەن مەردلىك!» دەپ ئۆز - ئۆزىگە ئاستاغىنا پىچىرلىشىپ قوياتتى. خەلق توپىدىن، بولۇپمۇ شوپۇرلارنىڭ ئۆز ھەمراھىنى قىزغىن باتۇرلۇق بىلەن كۆرسىتىۋاتقان قارشىلىقلىرىدىن قورقۇپ، ئالاقزادىلىككە چۈشكەن ساقچى ئىدارىسى بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەربىي ھالەت تىزىمىگە كىردى. ئىدارە بىناسىنىڭ ئۆگزىسىگە قوراللىق ئادەملەرنى چىقاردى. پوست كۆپەيتىپ، دەرۋازا ئالدىنى بېكىتىشنى مۇستەھكەملىدى.

دەرۋازا ئالدىدا شوپۇرلار بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا قىسقا، ئەمما خېلى ئۆتكۈر - ئاشكارا تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. يالاپ كېلىۋاتقانلار تۇتقۇننى بىنا ئىچىگە ئەكىرمەك بولۇپ، كۈچ بىلەن ئىتتىردى. مىلتىق پاينەكلىرى بىلەن ئۇرۇپ قاتتىق دۈشكەلىدى. تۇتقۇن يوغانغىنا زەبەر-

دەسى بەستى بىلەن يەرگە سىخلاپ قويغاندەك چىڭ دەسسەپ
قىمىر قىلماي تۇرۇۋالدى. شوپۇرلار ساقچىلار بىلەن ياقىلى-
شىدىغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا ئىتتىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى كەي-
نىگە داجىتىش بىلەن ئۆز ھەمراھىنى ھەدەتلەندۇرەتتى.

— چىڭ تۇر ھېمىت! — دەيتتى شوپۇرلاردىن بىرى،
ئۇتتۇرىغا قارىتىپ، — بۇلار سېنى قاماقخانىسىغا ئەكىرى-
دىغان، ھەتتا ئىتتىۋېتىدىغان بولسىمۇ، ئاۋۋال پاكىت قويسۇن،
راست بولۇپ، قايىل قىلالىسا بىر سەنلا ئەمەس، بىز ھەم-
مىمىز تەييار. ئاتىدىغان ئوقىغا كۆكرىكىمىزنى تەڭ تۇتۇپ
تۇرۇپ بېرىمىز. چىپىپ قىيما - چىيما قىلىۋەتسىمۇ رازىمىز.
قىمىر قىلما. جايىڭدا چىڭ تۇر! بىز بۇلارنىڭ تۆھمىتىگە
ماقۇل بولىدىغان، دوق - پوپوزىلىرىدىن قورقۇپ قالىدىغان
توخۇ يۈرەكلەر ئەمەس!

يەنە بىر شوپۇر بۇ سۆزگە ئۇلاپ، ئۆزىنىڭ شىرتىڭكىدەك
بوم ئاۋازى بىلەن تەۋۋلىدى:

— يۈرۈڭلار، بۇلارنىڭ ئەكىرمەكچى بولغان يېرىگە
بىزمۇ كىرەيلى. ھېمىتنى قانداق جازالىسا بىزنىمۇ شۇنداق
جازالىسۇن. بىر ئەيكار دوسانىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن بىزدىن ئۈچ
ئالماقچى بولسا ئېلىۋەرسۇن! — ئۇ دەرۋازا ئىچىگە بىرىنچى
بولۇپ قەدەم قويۇپ ھەمراھلىرىغا خىتاب ئاھاڭىدا يەنە
توۋلىدى، — مانا مەن ماڭدىم. ھېمىت، ماڭ. ھەممەڭلار
مېڭىڭلار! بىز ئون شوپۇرنىڭ قولىدا ئون دانە زىبس ماشىنىسى
تۇرۇپتۇ. ئۇلاردا خوتەندىن يۆتكەپ كېلىنگەن تەييار بۇغداي
ئۈنى قاچىلانغان ئەمەسمۇ؟ بۇنى ساقچى ئەمەلدارلار بىلىپ
قويسۇن. بۇ ئۇن ئۇرۇمچىگە ناپىسرىلىپ ئىچكىرىگە يۆتكە-
لىدۇ. بۇنى ئاچ قالغان ئەسكەرلەر يەيدۇ، ئەگەر ساقچى ئىدا-
رىسى بىرەرىمىزنى تۇتۇپ ئەپقالىدىغان بولسا. ھەممىمىز ماشى-



نا ھەيدىمەي يېتىۋالىمىز. شۇ چاغدا بۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈ-
دەك كىشىنىڭ چىققانلىقىنى كۆرەيلى. شوپۇر باللار، مېڭىڭلار،
ئىچكىرىگە كىرەيلى، بۇلارنىڭ باشلىقى بىلەن سۆزلىشەيلى!
قالغىنى بىكار، قېنى مېنىڭ بىلەن يۈرۈڭلار!...

شوپۇرلار كىرىپ كەتتى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ
ئىشخانا كارىدورى ۋاڭ - چۇڭ بىلەن قاپلاندى. ساقچى
ئىدارىسىدىكىلەر ھېمىتنى ئەپقېلىپ، ۋاڭ دوسا ئىچۈچۈن ئۆز-
ئىڭغا جانىغا جان ئېلىش جازاسى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىشاتتى
ۋە قالغان شوپۇرلارغا چىقىپ كېتىش توغرىسىدا دوق - پو-
پوزا قىلاتتى. شوپۇرلار ئۇنىماي تېخىمۇ ئىچكىرى كىرىشكە
ھەرىكەت قىلدى. كارىدوردىكى گەپ - سۆز، مۇنازىرە ۋە
ھەرىكەتلەر تاشقىرىغا ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خەلق بۇلارنى
كۆرۈش ئۈچۈن دەرۋازىغا ئۇدۇللىنىپ، ئۆز - ئۆزىدىن كارى-
دور تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى. بىنادىن بىر ساقچى ئەمەلدارى
تاپانچا تۇتقان ھالدا خەلقنى ئۈركۈتمەكچى بولۇپ بىنا
تېمىنى ياقىلاپ قاتار تۇرۇپ كەتكەن قوراللىق ساقچىلارغا
ۋارقىرىدى:

— نېمىگە بۇتتەك قاراپ تۇرۇشىسىلەر، قوغلاڭلار
ماۋۇلارنى! بۇ يەردە ئۇلارغا بىرىكىم بەتتە يولۇ پىشۇرۇپ، ئو-
يۇن - تاماشا قىلىپ بېرىۋاتقىنى يوق!

ساقچىلار توپ ئىچىگە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، خەلقنى
قوغلىدى. كىچىك باللار قورققىنىدىن چىرقىراپ يىغلىدى،
قېچىشتى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدى بىردەمگە
قىيا - چىيا بىلەن تولدى، پاتىپاراق بولۇشقان ئادەملەرنىڭ
تاپىنى ئاستىدىن تىنىق توپا كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر ئىچىنىڭ
ساقچى ئىدارىسى جايلاشقان بۇ غول كوچىسى خىلى ئۇززۇنغىچە
بۇرۇقتۇم چاڭ ئىچىدە قالدى. خەلق كېتىۋېتىپ 5 - ئاتلىق-

لار بولكى شتابىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرىدىغان ھەربىي پوستلارنىڭ باشقا چاغلاردىكىدىن كۆپەيگەنلىكىنى بايقىدى.

ئاقسۇنىڭ بۈگۈنكى يەيشەنبە بازىرىغا يىغىلغان ئادەملەرنىڭ قىلىۋاتقىنى قولىدىكىنى سېتىپ، باشقىلاردىن ئۆزىگە ئېھتىياجلىقىنى سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئايىرۋاشلاش خاراكتېرىدىكى پارچە - پۇرات تىجارەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرى شوپۇرلارنىڭ تەقدىرى، ھېيتنىڭ تەقدىرىگە مەركەزلەشكەنىدى. ئۇلار كەچ كىرىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، ھېيتنىڭمۇ، ئۇنىڭ باشقا شوپۇر ھەمراھلىرىنىڭمۇ كۈلۈپ - ئېچىلىپ، غەلىبە خۇشاللىقى ئىچىدە تاشئېرىقى بازاردىن ئۆتۈپ، ئاپىيام ساقچىلار يالاپ ئە-كەلگەن كونا مەيە بازىرى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار بۇ يەركە ئەتىگەندە ئېچەلمەي قالغان قىرغىز بوزىسىنى ئېچىش ئۈچۈن ماڭغانىدى.

ساقچى ئىدارىسى كېچە قاراڭغۇسىدا دوسانى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ خەندەككە تاشلىۋەتكەن كىشىنى تېپىپ دەمالى جازالىمىغانىدا، خەلق ئالدىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىق-تىدارىدىكى ئىناۋىتى تۆكۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار بۇ كىشىنى تاپقان بولدى، ئەمما جازالاشقا قادىر بولالمىدى. چۈنكى، شوپۇرلارنىڭ ئۆملۈك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يول قويمىدى. بۇ ۋاقىتتا، پۈتۈن شىنجاڭدا شوپۇر بىلەن ئاپتو ماشىنا غايەت ئاز، خۇددى تۇت-ياغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردىن قايسىبىرى كېمەيسە يەنە بىرىنى سەپلەشكە ئىمكان يوق ئىدى. ئاخىر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە چېتىشلىق دېلونى «ئۇ ھاراقنى خۇددى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىچكەن،



ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزى ئاجىز بولغىنى ئۈچۈن خەندەككە دومىلاپ كېتىپ ئۆلگەن. بۇنىڭغا باشقا ھېچقانداق كىشى جاۋابكار ئەمەس» دەپ خۇلاسىلەشكە مەجبۇر بولدى.

شوپۇرلارنىڭ ئۆم - ئىتتىپاقلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ھېيتنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاتتىق چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىققانلىقى، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئېغىر بىر ئەنزىنى ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسى ھېسابىغا ياتقۇزۇلۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر شەھەرگە تارقاپ، تېزلا كونىشەھەرگىمۇ يېتىپ باردى. بۇ چاغدا لۇتپۇللا مۇتەل-لىپ، مۇئمىرىدىن خوجىلار خەلق تەلىپىگە ئاساسەن «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسىنى كونىشەھەردە سەھنىگە قويۇش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايىنەپىسە بۆلۈمىدىكى ئارتىسلارنى باشلاپ، تەييارلىق بۇ قېتىم ئاھېيىنىڭ بازىرىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارى-سىنىڭ ئەشەددىي يايلاقچىسى ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلگەنلىكى توغ-رىسىدىكى خەۋەردىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، «ئېلىپ بېرى-لىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزگە يوشۇرۇن خادا تاشتەك خەتەرلىك يوقىلىپ كېتىشى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئابلەخلەرنىڭ يوقىتىلىشى بىزنىڭ كۈرىشىمىزدىكى مۇھىم غەلىبە» دەپ تەرىپ-لىشەتتى. خوتەندىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق ئېلىپ قايتقان بۇ شوپۇرلار ئىتتىپاقلىرى كەچ بولغاندا بىر مەزگىلدە ئاقسۇغا كېلىپ توختىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئمىرىدىن خوجىلار ئۇلارنى كۆرمىگەن ۋە ئاقسۇغا چۈشكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدى. ھېيت ل. مۇتەللىپنىڭ كونا دوستى ئىدى. ئۇ ماشىنا ھەيدەپ ھەر بىر قېتىم ئاقسۇغا كەلگەن ياكى بۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدا شائىرنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشمەي قويمايتتى. ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ قەدىردان دوستىغا قىممەتلىك

سوۋغا — قىراللىق ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنى بىر ئىلاج بىلەن ئالغاچ كېلىپ تاپشۇرۇپ بېرىپ تۇراتتى. ھېممەت بۇ قېتىممۇ بۇ گېزىتنىڭ يېڭى سانلىرىنى ئۈرۈمچىدىن خۇپىيانە يول بىلەن تېپىپ ئەكەلگەنىدى. ئەمما ئاقسۇغا كەلگەن چاغدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ جەمئىيەتنى كۆزىتىش مەقسىتىدە يېزا - رايونلارغا كەتكەنلىكەن. تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ ئىلاجىسىنى قىلالماي قەشقەر، ھەتتا خوتەنگىچە يوشۇرۇپ ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتكەنىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار ھېممەت ۋە باشقا شوپۇرلار بىلەن مۇمكىن قەدەر تېز كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك تېرگاۋدا كۆرسەتكەن ئۆملۈك ۋە باتۇرلۇقلىرىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، كونىشەھەردىن ئالدىراش قايتىپ كەلدى. ئەگەر ئۇلار شوپۇرلار ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان بولسا، بىلال ئەزىزى باشلىق بىر قىسىم كونىشەھەر ياشلىرى ئۇيۇشتۇرغان كەچكى ئولتۇرۇشقا قاتنىشىپ شۇ يەردە يەنە بىر كېچە تۈنەپ قالغان بولاتتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار يېڭىشەھەرگە يېتىپ كەلگەن ھامان توپتوغرا شوپۇرلار چۈشكەن سارايغا كىردى. بۇ كەچ كىرىپ، قاش قارايغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ چاغدا كوچىلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدىغان پايلاقچى - ماراقچىلارنىڭ كۈندۈزدىكى غاز - غۇز بازار ۋاقتىدىكىدىن ئازىيىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكى گۇمانسىز ئىدى. ھېممەتمۇ بۇ چاغدا گېزىتلەرنى ماشىنىنىڭ يوشۇرۇپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ،



لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ياتىقىغا كەلمەكچى بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئىككى سەممىي دوست سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدى ۋە چوڭقۇر خۇشال بولۇشۇپ، چىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھېممەت مۇنىرىدىن خوجىغا قول بېرىپ كۆرۈشۈۋاتقاندا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ گۇمان بىلەن قاراش ياكى ئورۇنسىز ئەنسىرەش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇنىرىدىن خوجىنى ئايرىمچە تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىگە قانداق قارىسا، ئاقسۇنىڭ بۇ قەيسەر يىگىتىگە شۇنداق ئىشەنچ بىلەن قاراش لازىملىقىنى جېكىلەپ ئۇقتۇردى. ئاندىن ھېممەت ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك مېھمانلىرىنى ياتاققا باشلاپ كىردى. بۇ چاغدا شوپۇرلار ياتاق ئىچىدە داق يەرگە سېلىپ قويۇلغان ئورۇن - كۆرپىلەردە پۈتلىرىنى سوزۇشۇپ يېتىپ ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئۆزلىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ھېلىقى ئۆم ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا زوق - شوق بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. ھېممەت ئۇلارغا مېھمانلارنى تونۇشتۇردى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شەخسەن ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ كېلىشى شوپۇرلار ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق بولدى. ئۇلار شائىر توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈر شېئىرلىرى توغرىسىدا بىرمۇنچە يېقىملىق گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش شوپۇرلارنىڭ ھەممىسىنى چوڭقۇر شادىيانىلىققا چۆمدۈردى. ئوتتۇرىغا لامپا ئەكېلىنىپ، چىراغ ياندۇرۇلدى. شوپۇرلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە مۇنىرىدىن خوجىلارنىڭ جۇشقۇن سىماسى ۋە ياش تەقى - تۇرقلىرىنى مەڭگۈ ئەسلىرىدە ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقاندەك، ئۇلارغا يېقىملىق بىلەن قايتا - قايتا زەن سېلىپ قاراشتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن مۇنىرىدىن خوجا باشلىرىغا قوشكېزەكلەرنىڭكىدەك بىر خىل گۈللۈك بادام دوپپا، ئۇچىسىغا

ئۈچىسى ئوخشاش تۈپ يانچۇقلۇق چەكمەن چاپان كىيىشكەنىدى. ئەمما ئاياغ كىيىمدە پەرق بولۇپ، شائىر غۇلجا ياشلىرىغا ئوخشاش گەلەپى شىم بىلەن ئۆتۈك كىيگەن بولسا، مۇنىرىدىن خوجا: يۇرۇلكىسىغا ساغرىچ چۇچۇنچە، پۇتىغا ئۆرۈلمە كۆندىن ساپما ئاياغ كىيگەنىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق، ئاق يىشماق قىياپىتى بىلەن ئىنتايىن ساغلام كۆرۈنەتتى. مۇنىرىدىن خوجا ئاغرىقچان بولۇپ، ئىككى يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئۆپكە كېسىلى ئۇنى سېزىلەرلىك دەرىجىدە مۈكچەيتىپ، ئىلگىرىكى سېمىز، ساغلاملىقىنى تەدرىجىي قىرقىپ، يەپ كېتىۋاتقانغا ئوخشايتتى.

مېھمانلار ئولتۇرۇپ، ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن شوپۇرلاردىن بىرى كەچكى بازاردىن ساما، كاۋاپ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىش مەقسىتىدە ياتاقتىن چىقىۋېتىپ، ئۇلارغا چوڭقۇر ئۆزرىخاھلىق بىلەن:

— قىممەتلىك مېھمانلار، سىلەر بىلەن بۇ كۆرۈشمىز ياتاقتا ئۇچرىشىپ قالدۇق. كۈندۈزى بىرلىشالىغان بولسا باشقا كەپ ئىدى. سىلەرنى كېچىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە كۈتۈۋالاتتۇق. مەن بازاردىن قايتىپ كىرگۈچە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، چىشىڭلارنى ئالدىغۇدەك بىر نەرسە تېپىپ كىرەي، — دېدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇنى ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي توسۇپ قويدى.

— ئاقسۇ بىزنىڭ يۇرت، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا، — ل. مۇتەللىپ بىلەن مەن بۇ يەرگە كەپتۇق. مېھمان قىلىشقا توغرا كەلسە سىلەرنى بىز مېھمان قىلماق بولىمىز.

— ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلگەنلىكى كۈتكىنىمىزدىن ئارتۇق ياخشى ئىش بوپتۇ، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئوتتۇرىدا قىلىنىۋاتقان تەكەللۇپلارغا خاتىمە بېرىپ، — ئۇ ساقچى ئىدا-



رىسىنىڭ ناھايىتى يامان ئىتى ئىدى.

— مەن بۇنى ئاقسۇغا ئاۋۋالقى قېتىم كېلىشىمدىلا پەرق ئەتكەن، — دېدى ھىممەت، — ئۇ مېنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكىمنى، يېقىن ئالاقەمنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغاندەك قىلىدۇ. لۇتپۇللانىڭ ياتىقىغا بىر نەچچە قېتىم كىرگەن - چىققىنىمنى كۆرۈپ، ئارقامغا كىرىۋالدى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدى. ھەتتا ئۇ بىر قېتىم ئۆزىنىڭ مەستلىكىگە يۆلەپ: «ئاقسۇغا ھەر نۆۋەت كەلگىنىڭدە لۇتپۇللاغا غۇلجا گېزىتى بېرىدىكەنسەن، ماڭىمۇ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ساقچى كىيىمىدىن قورقۇپ كەتمە. مېنىڭ تېگىم ئىلى سۈمۈللۈق. شۇ گېزىتنى كۆرگۈم بار ئىدى» دېدى. ئۇنىڭ گېزىت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى گۇمان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، غۇلجا گېزىتى بەرگەن بولسام ئۆزۈمگە چوڭ كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالغاندىن تاشقىرى، لۇتپۇللا، سىلەرگىمۇ ئىش تېپىپ بەرگەن بولاتتىم.

— ئاقسۇ جەمئىيىتى ھازىر ناھايىتى مۇرەككەپ، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئالاھىدە تەكىتلەپ، — ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھوشيار بولۇش كېرەك. ۋاڭ دوساغۇ ساقچى كىيىمىدىكى ئىشپىيون. يوچاقلارنى تىمسىقلاپ يۈرگەن ئىشپىيونلاردىن ئاز ئەمەس...

ھويلىدا تاراقلىغان ئاۋاز پەيدا بولۇپ، ھارۋا ياكى مەپىدەك بىر نەرسىنىڭ كىرگەنلىكى ئاڭلاندى. بۇ سارايۋەننىڭ سىرتتىن سۆرىمەي قايتۇرۇپ كىرگەن ئىتى بىلەن ئىشكىنىڭ شەپىسى ئىدى. شۇ چاغدىلا شوپۇرلاردىن بىرى ئېھتىياتنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتىپ، ئاتايىن ھويلىغا چىقىپ، دەرۋازىنى تاقاپ كىردى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۆزلىرىگە ھازىرقىدەك ئۆلۈم ۋەقەسى سادىر بولغان كۈندە بارلىق دىققەت - نەزەرىنى

قارىتىدىغانلىقىنى ئاپىرىمچە ئۇقتۇرۇپ، ياتاق ئىشكى ئالدىدا نۆۋەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى. مۇنىرىدىن خوجا بۇنى كۆرۈپ، شوپۇرغا:

— سىز توغرا قىلدىڭىز، — دېدى.

— بىز ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلۈمى تېغىرىسىدا ئىككى خىل گەپ ئاڭلىدۇق، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، — بەزىلەر بۇ مەلئۇننى قاراڭغۇدا خەندەككە يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ دېسە، بەزىلەر شوپۇرلار ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ، دەپ سىلەرنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ يۈرىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ تېگى - تەكتى زادى قانداق؟

— بەزىلەرنىڭ ئۇنى دوملاپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ، دېگىنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بۇ مەسىلىگە چىقارغان ھۆكمىگە ئاساسەن ئېيتىلغان، — دېدى ھېمىت چۈشەندۈرۈپ، — ئەمما ئەمەلىيەتتە بىز ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. بىزگە ۋاڭ دوسا دېگەن بۇ نېمە، بىزنىڭ ئارقىمىزغا كىرىپىلىۋالدى. ئاشخانىغا كىرسەك ئاشخانىدا، بوزىخانىغا كىرسەك بوزىخانىدا، كوچىدا يۈرسەك كوچىدا بىزنىڭ كەينىمىزدىن سوكۇلدىشىپلا يۈردى. بىرنەچچە يەردە ئىچكىلار دەپ ھاراق تەكلەپ تۇرۇۋالدى. شۇندىن كېيىن بىز ئۇنىڭ ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن مەخسۇس كەينىمىزگە سېلىپ قويۇلغان ئادەم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندۇق. ئاندىن ئۇنى كەچ ئەل ياتقۇغا توغرىلاپ، خەندەك يېنىدىن كېتىۋاتقان چاغدا ۋارقىراتماي بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، خەندەك ئىچىگە تاشلىۋەتتۇق.

— بۇ چاغدا بىز بۇنى بىلمەي قاپتىمىز، — دېدى شوپۇرلاردىن بىرى، — بۇ باتۇرلۇقنى مۇشۇ ھېمىت يالغۇز ئۆزى قىلىپ بولۇپ، ھېچ ۋەقە ئۈزۈلمىگەندەك بوزىخانىغا قايتىپ



كەپتۇ، توغرا، ئۆلتۈرۈشنى بىز ھەممىمىز پىلانلىغان، ئەمما ئىجرا قىلىشنى ھېمىت ئىجرا قىلدى.

— ۋاڭ دوسادەك ۋىجىك، قەبرى ئەبگارغا ھەممىمىزنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز ئىدى، — دېدى ھېمىت يەنە ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ، — مەن ئۇنى تىنىقىدىن توختىغىچە كانىيىدىن بوغدۇم - دە، ئاندىن ئۆزى يېڭىلىشىپ يىقىلغانىنى قىلىپ، بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ خەندەككە تاشلىدىم. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىدا يېرىم بوتۇلكا ھاراق بار ئىكەندۇق، مەستلىكتە يىقىلىپتۇ، دېسۇن ئۈچۈن ئاغزى - بۇرنىغا ھاراق تۆكۈپ، بوتۇلكىسىنى ئازراق ھاراق بىلەن قالدۇرۇپ، يانچۇقىغا سېلىپ قويدۇم.

مۇنىرىدىن خوجا خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ:

— بەللى! ... بەللى! — دەۋەتتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار بۇ يەردە ئولتۇرۇۋەرسە شوپۇرلارنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېگىشقا تەمشەلدى. خوشلىشىش ئالدىدا ھېمىت قولىدىكى يوگەكلىك قىممەتلىك سوۋغا — «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنى لۇتپۇللا مۇتەللىپكە تاپشۇردى. شوپۇرلار بۇ گېزىتلەرنى ئۈرۈمچىدىن خوتەنگىچە ئايلاندۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇپ ساقلاشنىڭ مۇھەملىقىدىن ئۇلارنى ئوقۇپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولالمىغانىدى. ئۇلار ئەمدى شائىردىن گېزىتلەردىكى بەزى خەۋەر - ماقالىلەرنى ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. گېزىتلەر 1945 - يىلىنىڭ 4 - ئېيىدا چىقىرىلغان ئۈچ كۈنلۈك سان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىگە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئايرىم يېزىلار ۋە سومۇل ① ناھىيىسىدىن مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر تۈركۈم

① سومۇل — ھازىرقى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ بۇرۇنقى نامى ئىدى.

ياش جەڭچىلەرنى ئالدىنقى سەپكە ئۇزىتىش مۇراسىمىدا سۆز-
لىگەن ئۇزۇن نۇتقى بېسىلغانىدى.

«بىزنىڭ نويابىر قوراللىق ئىنقىلابىمىز پارتلاپ،
ھازىرغىچە بار - يوقى بەش ئاي، بەش يېرىم ئايدەكلا ۋاقىت
بولدى، — دېگەنىدى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ بۇ مۇھىم
نۇتقىدا. — ئۆتۈپ بولغان ۋاقىت قىسقا. ئاران شۇنچىلىكلا،
لېكىن بېسىپ ئۆتكەن يەرلىرىمىز، قولغا كەلتۈرگەن غەلىبى-
لىرىمىز ۋاقىت بىلەن ئەسلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە
زور بولدى. بۇ بەش ئاي، بەش يېرىم ئاي ئىچىدە بىز جەنۇبتىن
ئاقسۇ ناھىيىسىگە تۇتاش مۇز داۋانغىچە، باي ناھىيىسىدىن
قېيىرغىچە، شەرقتە خوتۇنسۇمبۇل ناھىيىسى تەرەپتىن يۇلتۇزغىچە،
شۇنچە كەڭ زېمىننى گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىنىڭ ئىلكىدىن ئازاد
قىلىپ بولدۇق. نىلقا، سۈمۈل، تۇققۇزتارا، موڭغۇلكۈرە، تېكەس،
كۈنەس ناھىيىلىرى دۈشمەن ئاسارىتىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلدى.
يېقىندا سايدۇڭ، چىڭخېزە ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىپ بولغان
قىسىملىرىمىز توختىماي ئىلگىرىلەپ، غەلىبىلىك ھالدا كەڭساي،
تەلكىلەردىن بۆسۈپ ئۆتكەندىن كېيىن ئەپچىللىك بىلەن داۋاملىق
ئۇرۇش قىلىپ، سايرام ئەترابىدىكى بىر نەچچە مىڭ دۈشمەن
ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىقىنى بىتچىت قىلدى. شۇنىڭدىن
كېيىن، قوشۇنىمىزنىڭ بىر قىسمى قاچقان دۈشمەنلەرگە قوغلاپ
زەربە بېرىشنى داۋام قىلدۇرۇپ، ھازىر ۋۇتەي بىلەن سەنتەي
ئارىلىقىدا جەڭ قىلماقتا. غەربكە ماڭغان قىسمىمىز ئارىشاڭ
ناھىيىسىنى ئىگىلەپ، بورتالاغا قاراپ يۈرۈش قىلماقتا...»

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزلىرى ئازادلىق، ئەركىنلىك
ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ، كۈرەشكە ئاتلانغان خەلقنىڭ
باتۇرلۇقىنى مەدھىيىلىگەنىدى.

گېزىتنىڭ 2 - بېتىگە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ يېڭى



جەڭچىلەرنى ئالدىنقى ئۇرۇش سېپىگە ئۇزىتىش مۇراسىمىدا
ئەخمەتجان قاسىمىدىن كېيىن سۆزلىگەن نۇتقى بېسىلغانىدى.

«مىللىي ئارمىيىمىز تېخى ناھايىتى ياش ئارمىيە، — دېگەنىدى
ياش ناتىق، — لېكىن ئۇ شۇنىڭغا قارىماي، ئۆزىگە پولاتتەك
مۇستەھكەم ئىنتىزامنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ھەربىي قوشۇنلاردىن
بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەربىر غەلىبىسى ئەنە شۇ مۇستەھكەم
ئىنتىزامنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئۆم - ئىناق
بولۇپ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىدىن قولغا كەلمەكتە ...»

گېزىتتە يەنە بۇ مۇراسىم توغرىسىدا رامكا ئىچىگە ئېلىنغان
خەۋەر بېسىلىپ بۇ خەۋەردە مۇراسىمغا يەنە ئەخمەتجان قاسىمى،
ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلاردىن تاشقىرى، مىللىي ئارمىيە باش قوماند-
انى ئىسھاقبېك مۇنونوۋ، مائارىپ ئىشلىرى يېتەكچىسى
سەيپىدىن ئەزىزى، كۈرەشچان ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى
سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي ئىشلار
خىزمىتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىدىن قاسىمجان
قەمبىرى ۋە ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوۋلار باشلىق بىر قىسىم
مىللىي ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ قاتناشقانلىقى بايان قىلىنغانىدى.
مۇراسىمنى قىسقىچە كىرىش سۆز بىلەن ئىسھاقبېك مۇنونوۋنىڭ
ئاچقانلىقىمۇ ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ نۇتۇق-
لىرى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ كەچ كىرىپ
كەتكەنلىكى ئۈچۈن گېزىتنىڭ باشقا سانلىرىنى ئوقۇشقا
مۇمكىنچىلىك قالمىغانلىقى توغرىسىدا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ،
ئېھتىيات نۇقتىسىدىن گېزىتلەرنى كىچىك - كىچىك قاتلاپ
يانچۇقلىرىغا سالدى. شۇندىن كېيىن شوپۇرلار بىلەن چىڭ قول
سىقىشىپ خوشلاشتى. شائىر ياتاقتىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا
ئالاھىدە توختاپ، ھېلىقى: «ئاقسۇغا پات - پات كېلىپ تۇر،

ئەمما يالغۇز كەلمەي، مۇشۇنداق ئۆم شوپۇرلار بىلەن بىللە كەل! بۇ قېتىم سىبىنىڭ ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىغىر جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىڭغا ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ ياردەمچى بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما!» — دەپ جېكىدى.

شوپۇرلار لۈتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىمىردىن خوجىلارنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ساراي دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. سىرت تىنچ، ئەمما شامال غۇيۇلداپ، كېچىنىڭ هاۋاسى خېلى سالقىنلاپ قالغانىدى.

## گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقە باشلىقىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن تەلىپى

كۈلۈبىنىڭ جەنۇب تەرەپ ئۇدۇلىدىكى كۆكىرىچ دەرۋازىلىق ئاتچە چوڭ بولمىغان ھويلىغا گومىنداڭ ئاقسۇ ناھىيىلىك پىرقىسى جايلاشقانىدى. ھويلىدىكى ئەينەك ئورنىغا قەغەز چاپلانغان ئۈچ دېرىزىلىك قاراڭغۇ ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ چوڭراق بىرىدە پىرقىنىڭ كاتىبات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈملىرى قاتار بولۇپ ئىشلەيتتى. بۇلارنىڭ ھەربىرىدە بىردىنلا كىشى بولۇپ، خىزمەت تۈرى ئايرىم - ئايرىم قويۇلغان ئۈستەل، ئىشكاپلار ئارقىلىق پەرقلىنەتتى. ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى① بۇ چوڭ ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدە ئىشىك بىلەن بۆلۈنۈپ

① گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ باشلىقى شۇجىجاڭ دەپ ئاتىلاتتى.



تۇرغان كاتەكتىن ئاتچە پەرقسىز كىچىككىنە ئۆيدە ئايرىم خىزمەت قىلاتتى.

ئومۇمەن بۇ ھويلا ناھىيىلىك پىرقە ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنمىغانىدى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزى هاراق ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزىنىڭ پارچە - پۇرات سودىسىنىمۇ شۇ ھويلىدىكى قاۋاقخانىسى ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغان بىر سودىگەرنىڭ ھويلىسى ئىدى؛ ئاقسۇدا 1943 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرى گومىنداڭنىڭ چوڭ - كىچىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغاندا، لىڭ شۇجىجاڭ ئۈرۈمچىدىن ئەگەشكەن بىرنەچچە ياردەمچى خادىملىرى بىلەن ناھىيىلىك پىرقىنى ئەنە شۇ ھويلىدا تەشكىل قىلغانىدى. سودىگەر ھويلىسىنى ئىجارىگە بېرىش ۋاقتىدا ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىككى ئېغىزلىق ئايرىم ئۆي سېلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ جاي ناھىيىلىك پىرقىمۇ خىزمەت ئېلىپ بارىدىغان، سودىگەر ھاراقمۇ ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئىككى خىل كەسىپ ئورنى بولۇپ قالدى. ھويلىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كۆيدۈرگە ئاق ھاراقتىن ئايرىلىپ چىققان قالدۇق سىپۇرگە قوناق، چۈجىگۈن قوناقلارنىڭ تېرىسىلىرى دۆۋىلىنىپ، ئەتراپقا قاڭسىق پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا ناھىيىلىك پىرقە خادىملىرى پەرۋا قىلمايتتى، ئۇلار مۇشۇ ھويلىدا تۇرۇش ۋە ئىشلەۋېرىش نەتىجىسىدە كۆڭۈلنى ئاينىتىپ، بىئاراملىق پەيدا قىلىدىغان مۇنداق سېسىق پۇراققا كۆنۈپ كەتكەنىدى.

ناھىيىلىك پىرقىدە خىزمەت قىلغۇچى كىشىلەر خوجىلىق خادىمى بىلەن تازىلىق ئىشچىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ سەككىزدىن ئاشمايتتى. بۈگۈن دۈشەنبە پىرقە ئىشخانىسى ئادەتتىكى خىزمەت ۋاقتىدىكىدىن خېلى كېچىكىپ ئېچىلدى. دۈشەنبىدە ئەتىگەنلىكى خىزمەتكە كېچىكىپ كېلىش ناھىيىلىك پىرقىدىلا

ئەمەس. ئاقسۇدىكى بارلىق ئىدارە - ئورگانلاردا ئومۇمىيۈزلۈك
ئادەت بولۇپ قالغانىدى. يەكشەنبىدە كۆڭۈللۈك ئارام بەرگۈدەك
ئويۇن - تاماشا ياكى مەدەنىي مەشغۇلاتلارنىڭ بولماسلىقىدىن
ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك دەم ئېلىش
ۋاقىتلىرىنى قىمار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە قىمار كۈندۈزى
باشلانسا كەچكىچە، ئاخشىمى باشلانسا تاڭ ئېتىپ، كۈن ئاقارغىچە
داۋام قىلاتتى. بىرقە خادىملىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇخلىماسلىقتىن
يەتكەن ئېغىر ھاردۇقنىڭ دەستىدىن بوشىشىپ، ئىرىنچەكلىك
بىلەن ئەمدىلەتىن ئىشخانىغا كەلگەنىدى. كېچىنى داجاڭ قىسىرى
بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بىر قىسىم پۇلىنى ئۇتتۇرغان لىڭ شۇجىجاڭمۇ
كۆز - قاپاقلىرى ئىششىغان، بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزى سوپۇن
مازغىپىدەك يېقىمسىز ئاقارغان ھالدا كېلىپ، ئۆز ئىشخانىسىغا
كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنى قىمارنىڭ ئەلەملا ئەمەس،
خىزمەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ ئازابلاپ تۇراتتى.

بۇ يىل — 1945 - يىلغا كېلىپ، قاھىيلىك بىرقىنىڭ
قۇرۇلغىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ گومىنداڭ
پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا تارتقان ئادەملىرى دەسلەپكى 45 كىشىدىن
ئاران يەتمىشكە يېتىپ، پىلاندىكى ساندىن يەنىلا كۆرۈنەرلىك
تۆۋەن ئىدى. بۇ ئاخىر كېلىپ، قاھىيلىك بىرقە ئۈچۈن باش
ئاغرىقى بولۇپ كېلىۋاتقان چوڭ مەسىلە بولۇپ قالغانىدى.
لىڭ شۇجىجاڭ ئۈچ كۈندىن بېرى ئىشخانىسىغا بىكىنىپ، ئۆلكىلىك
بىرقىغە ئەۋەتىلىدىغان دوكلاتنى يېزىش بىلەن ئاۋارە بولدى.
لېكىن گومىنداڭ ئەزالىرىنى كۆپەيتىپ، يۇقىرى تەلەپ قىلغان
سانغا يەتكۈزەلمىگەنلىكىدىن بېشى قېتىپ، ئۇنى تېخى
پۈتكۈزەلمىدى. لىڭ شۇجىجاڭغا راستىنى ئېيتىش خىجىللىق
ۋە ئەندىشە، يالغاندىن كۆپەيتىۋېتىپ يېزىش ئەپسىز بولۇپ
قالغانىدى. ئۇ ئىلگىرىكى بىرقانچە دوكلاتتا ساختىپەزلىك



ئىشلىتىپ، ئاقسۇدا قوبۇل قىلىنغان گومىنداڭ ئەزالىرىنى ئەتەيىن
ھەسسىلەپ كۆپ كۆرسەتكەنىدى. يالغانچىلىقنىڭمۇ چېكى بار - دە،
ئەلۋەتتە. ئۇ بۇ يالغانچىلىقنى ئۆزىدىن قۇۋ يالغانچىلارغا
ئىشلەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى ئاللىمادىن ئۆلكىلىك بىرقىدىن تەك-
شۈرگۈچى كېلىپ قالسا يالغانچىلىقنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن
قورقاتتى. شۇجىجاڭ دوكلات كوپىيىسىگە گومىنداڭ ئەزالىرىنى
ھازىرقى ساندىن ئون ھەسسە كۆپەيتىپ، 700 قىلىپ يېزىپ
باقتى. بىراق ئۆزىنىڭ قىلغىنىدىن ئۆزى قورقۇپ، بۇ رەقەمنى
ئىشتىنىڭ ئۆچۈرىۋەتتى. ئاندىن 500، كېيىن 400، ئاخىردا
350 قىلىپ يازدى. بۇلارمۇ ئەپلەشمىگەندەك قىلدى. ئەمدى،
ئەمدى ھەقىقىي سانىنى يېزىش كېرەكمۇ؟ دىياق، ياق. ئۇنداق
قىلىش كېرەك ئەمەس. بۇ پەقەت قىلغىلى بولمايدىغان ئىش،
شۇجىجاڭ شۇ گەپلەر بىلەن يازغىنىنى يېزىشنى باشلاپ، ئۆز -
ئۆزىگە گۇدۇڭشىدى - دە دوكلات يېزىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقان-
لىقىدىن رەنجىپ، قەغەزنى پۇرلەپ تاشلىۋەتتى. لېكىن بۇنىڭ
بىلەن توختاپ قالغىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۆلكىلىك بىرقىغە
دوكلات ئەۋەتىش ۋاقتى قىستاپ كېلىپ قالغانىدى. شۇجىجاڭ-
نىڭ سان ئۈستىدە بېشى قېتىپ، چېكىسىنى چىڭ چاڭگاللاپ
تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە بىر قىيىن ئىشمۇ كېلىپ قالدى.
ئۇ ئارقىمۇ ئارقا ئۇلاپ، ئىككى تال تاماكا چەكتى. لېكىن
بۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىكى ئېغىر دىققەتچانلىقنى يېنىكلىتەلمىدى.
يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دوكلاتتا گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ
ئۆگىنىش ئەھۋالىنىمۇ يېزىش كېرەك ئىدى. شۇجىجاڭ بۇ مەسىلىدە
«ئەزالىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر. ئۇرۇمچى تاكى ھازىرغىچە
جياڭ زوڭسەي① جانابلىرىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن

① زوڭسەي — جياڭ جيېشىنىڭ گومىنداڭ بىرقىسىدىكى ئورنىغا قارىتىپ ئىشلىتىلىدىغان ھۆرمەت - ئەمەل نامى.

كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتىپ بەرمىگەنلىكتىن، ئۇلارنى تازا دېگەندەك ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز» دەپ يېزىپ، ئەيىبنى ئۆلكىلىك پىرقىغە يۈكلەپ قويۇش ئارقىلىق بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتىۋالماقچى بولدى. ئۇ قەغەزنى قايتىدىن رۇسلاپ، دوكلات لايىھىسىگە ئەنە شۇ گەپلەرنى يازماقچى بولدى. بىراق يەنە ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ «ئۆگىنىشتە ئۆزۈڭلار تەشەببۇسكار بولۇپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا خىلمۇخىل مەزمۇنلاردا قىزىقارلىق تېمىلارنى چىقىرىپ تۇرۇش بىلەن ئۆگىنىشنى جانلاندۇرۇڭلار» دەپ بەرگەن كۆرسەتمىسى ئېسىگە كېلىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن باش قېتىمچىلىقى كۈچىيىپ ئاخىر ئۇ كوپىيىنى بىراقلا يىرتىپ تاشلىدى - دە، «ئېشىكىڭ ماڭمىسا ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، ئاچچىقىنى تەشكىلات، تەشۋىقات خىزمىتىدىكىلەردىن ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئىشىك ئاتلاپ، يېنىدىكى چوڭ ئىشخانىغا چىقتى. بۇ ئۆيدە تەشكىلات ئىشلىرى خادىمى، تەشۋىقات ئىشلىرى خادىمى، كاتىپ ۋە تەرجىمان بولۇپ تۆتەيلەن بىر ئۈستەلگە يىغىلىپ، قارتا ئويناۋاتاتتى. خىزمەت ۋاقتىدا قارتا ئويناش ناھىيىلىك پىرقىدىلا ئەمەس، باشقا ئىدارە - ئورگانلاردىمۇ خېلىدىن بېرى داۋام قىلىپ، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى، دېمەك، ئۇ ئەيىب ھېسابلانمايتتى.

— يەنىلا قارتا، قىلىدىغىنىڭلار يەنىلا شۇ! خىزمەتكە قارىتا باش قاتۇرۇشۇڭلار ئىنتايىن كەم بولۇۋاتىدۇ! — ئاچچىق بىلەن سۆزلىدى لىڭ شۈجىجاڭ. — قېنى ئەمدى ھەممىڭلار ئۆز ئۈستەللىڭلارغا كېلىپ، يېقىندىن بېرى ئىشلىگەن خىزمىتىڭلاردىن دوكلات بېرىپ بېقىڭلار، بىز، قىسقا مەجلىس ئېچىۋالايلى!

تەرجىمان بۇ گەپلەرنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. كاتىپ ئۈستەل ساندۇقىدىن مەجلىس خاتىرىسىنى يېزىش دەپتىرىنى



ئېلىپ، ئالدىغا قويدى. لىڭ شۈجىجاڭ تەشكىلات ئىشلىرى خادىمىدىن سورىدى:

— ئۆتكەندە بەرگەن تاپشۇرۇقۇمغا ئاساسەن، پىرقە ئەزالىرىنى كۆپەيتىش ئامالى ئۈستىدە قانچىلىك نەرسە ئويلىدىڭىز؟ بۇ توغرىدا ئەسقاتقۇدەك بىرەر يېڭى چارە تاپقان بولساڭ ئېيتىپ باق! — لىڭ شۈجىجاڭ ئۆز خادىمىنىڭ جاۋابىنى يېزىۋېلىش ئۈچۈن يانچۇقىدىن دەپتەر چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ قارىدى. تەشكىلات ئىشلىرى خادىمى بېشىنى قاشلاپ، ھەل قىلغۇچ ئامال - چارە تاپالمىغانلىقىدىن خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

— پىرقە ئەزالىقىغا مەكتەپلەردىن كىشى تاپماق ئاسانراق، شۇنداق يەرلەردىن ئەزا قوبۇل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈڭلار، دېمىگەنمىدىم؟ بۇ ھەقتە قىلىنغان ئىشلارنى ئېيت! — قىستىدى لىڭ شۈجىجاڭ.

— مەركىزى مەكتەپ، قىزلار مەكتىپى، خەنزۇ مەكتىپى مانا بۇ بارى - يوق ئۈچ مەكتەپكە نۇرغۇن قېتىم باردىم، — جاۋاب بەردى تەشكىلات ئىشلىرى خادىمى، — مۇدىر، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆزلەشتىم، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بەزىبىر سىنىپلاردا مەجلىس ئېچىپ، تەشۋىقات ئېلىپ باردىم. بىراق بۇلار باشلانغۇچ مەكتەپ بولغىنى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار كىچىك، پىرقە ئەزالىقىغا يېشى توشماي، قوبۇل قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى.

— دەيدىغىنىڭ يەنىلا شۇ گەپمۇ؟ — ئاچچىقلاندى لىڭ شۈجىجاڭ. — ئەگەر ئۆلكىلىك پىرقىدىن تەكشۈرگۈچى كېلىپ سوراپ قالسا سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنى باھانە قىلىپ تۇرساق بولامدۇ؟! بۇ گەپنى ئاز دېگەندە ماڭا ئون قېتىم ئېيتقانسەن! ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىچۇ؟ بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەمەسقۇ، بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى يەنە ئەزالىققا تارتقىلى بولمىدىمۇ؟

ئامال يوق دەۋرسەڭ، ئامال ئالدىمىزغا ئۆزى كېلەتتىمۇ؟ باش قاتۇرۇپ چارە تېپىش كېرەك – دەپ...

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار يىل بېشىدا قەسەم بېرىپ، پىرقە كىنىشكىسىنى ئېلىپ بولدى، — جاۋاب بەردى تەشكىلات ئىشلىرى خادىمى، — بۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى توققۇز. بۇلار ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭلىرى بولۇپ، قالغانلىرى كىچىك، 14 – 15 ياشلار ئەتراپىدا. چۈنكى ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 – سىنىپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە كەلگەن. ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان ھېلىقى توققۇز ئوقۇغۇچىمۇ سوزۇشتۇرۇپ كەلسە، ئەزالىق يېشىغا توشمايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ يېشىنى ئەتەيىن چوڭايتىپ يېزىۋالغان.

— كىچىك – يېچىك دەپ تۇرۇۋەرمەي، ھېلىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك، — ئەدەتلەندۈرۈپ سۆزلىدى لىڭ شۇجىجاڭ. — مەن بۇنى شىياۋجاڭغا ئايرىم ئېيتىمەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىرقە كىنىشكىسىگە بېرىلىدىغان پۇلى بولمىسا، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئۆز كاسسىسىدىن تۆلەپ تۇرسۇن. ئۇلارغا ئۇتاش كىنىشكا تارقىتىڭلار. بىز خىزمەت قانچە تېز ئىشلەنسە شۇنچە ياخشى. ئۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇلۇپ، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىن پىرقە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان كىشىلەر بىر يۈز ئوتتۇزغا يېتىدۇ. — لىڭ شۇجىجاڭ توختاپ، تاماكا چەككەچ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىسىگە كەلگەندە، بۇ خىزمەت مۇنداق ئىشلەنسۇن: ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئاتىسى ياكى ئانىسىنى پىرقە ئەزالىقىغا ئەكىرىش توغرىسىدا تاپشۇرۇق بېرىلسۇن. بۇنىمۇ تېز ئىشلەڭلار.

پىرقە ئەزالىرىنى كۆپەيتىش ئامالىنى قىلالمايۋاتقانلىقى-



دىن خىجىلچىلىق تارتىپ، ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان تەشكىلات ئىشلىرى خادىمى لىڭ شۇجىجاڭنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئەگىشەر تاپقاندەك خۇشال بولۇپ يېنىكلەشتى. ئۇ ۋەدە بېرىپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، بۇ ئىشلارنى تېز ئىشلەپ پۈتتۈرىمەن، — دېدى.

— بۇ خىزمەتكە، — دېدى لىڭ شۇجىجاڭ تەشۋىقات ئىشلىرى خادىمى، كاتىپ، تەرجىمانغا قاراپ، — سىلەرمۇ تەڭ ياردەملىشىڭلار. مۇنداق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئەگەر بۇ خىزمەت كېچىكسە ئۆلكىلىك پىرقىغا يوللايدىغان دوكلاتىمىز كېچىكىدۇ. ماتا بۇ نۇقتا ھەممىڭلارنىڭ ئېسىڭلاردا بولسۇن. شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئۆزىمىزنى ۋىلايەتتىكى ناھىيىلىك پىرقىلەر ئىچىدە ئۆلگىگە ئايلاندۇرايلى!

ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. تەشكىلات ئىشلىرى خادىمى چېكىۋاتقان تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم قاتتىق شورىۋالغاندىن كېيىن يەرگە تاشلاپ، پۇتىدا يانجىپ تۇرۇپ:

— كەلپىن قىزىللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ باقساقمىكىن، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ ئەسكەرتىش تۈرىدە.

لىڭ شۇجىجاڭ بۇ تەكلىپكە دەرھال ئىزاھات بەردى.

— كەلپىننىڭ ئۇسۇلىمۇ ئېسىمدە بار، — دېدى ئۇ، — ئۇلار بىر بازار كۈنى باج تالونى تۇتقۇزغاندەك بارلىق سېتىقچى ۋە بىر قىسىم كىشىلەرگە پىرقە كىنىشكىسىنى ئىككى پۇلدىن سېتىپ تۇتقۇزۇپ، بىر قېتىمدىلا 250 كىشىنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىۋالغان. بۇ ئۇسۇلمۇ بولىدۇ. لېكىن، سېتىقچىلار كىنىشكىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، كەلسە – كەلمەس يەرلەرگە قويۇپ يىتتۈرۈۋەتكەن. شۇنچىۋالا كۆپ كىنىشكا زايا بولغان. ناھىيىلىك پىرقە ئىز – دېرىكىنى قىلغاندا بۇ كى-

تىشكىلەرنى تاپقىلى بولمىغان. سىنىپچىلاردىن قەسەم ئېلىپ، ئۆگىنىش، مەجلىسلەرگە ئۇيۇشتۇرۇشمۇ مۇمكىنسىز ئىش بولۇپ قالغان. بىراق كەلپىن ناھىيىلىك پىرقە دەسلەپتە ئۆلگە بولۇپ كەتمەكچى. كېيىن بۇ ئىشلار ئۆلكىلىك پىرقىغە مەلۇم بولۇپ قېلىپ ئۆلگە بولالمىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ھېلى مەن ئېيتقان چارە يەنىلا ياخشى.

شۇندىن كېيىن لىڭ شۇجىجاڭ ئاقسۇدىكى پىرقە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تەشۋىقات ئىشلىرى خادىمىغا دوكلات بېرىشنى بۇيرۇدى. بۇ خادىم ئۆز ئىشلىرىدىن مەمنۇن ئىدى.

— پىرقە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئىشەنچلىك بىلەن، — بىرىنچىدىن، بارلىق چۆيفېڭبۇلارنىڭ ئۆگىنىش مەجلىسلىرىنىڭ ۋاقتىدا ئېچىلىشىغا ھەيدەكچى بولۇپ تۇردۇم؛ ئىككىنچىدىن، پىرقە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشكە تولۇق قاتنىششىنى چىڭ تۇتتۇم؛ ئۈچىنچىدىن، يېڭى - يېڭى تېمىلارنى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەممە كىشىدە پىكىر قاتناشتۇرۇش، تالاش - تارتىش قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدىم. بەزىبىر نورۇتلاردىكى مۇنازىرىلەردە ھەممە كىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىپ، بەس - بەس بىلەن تەڭ سۆزلەش ئەھۋاللىرىمۇ بولۇپ تۇردى.

— ياخشى، ... ياخشى! — خۇشال بولدى لىڭ شۇجىجاڭ، — قېنى يېڭى تېمىلىنى دەپ باققىنا؟

تەشۋىقات ئىشلىرى خادىمى خوتەننىڭ سامان قەغىزىدىن 15 ۋاراقلىق قىلىپ، ئالقانچىلىك چوڭلۇقتا تىكىۋالغان دەپتىرىنى ئالدىغا قويۇۋالغان ئىدى. ئۇ ئىزدەپ ئالدىراپ كەتمەي، يېڭى تېما يېزىلغان بەتنى ئاسانلا تېپىپ، سۆزلەشكە باشلىدى:



— ئالدىنقى ھەپتىنىڭ ئۆگىنىش تېمىسى «ئادەمنىڭ پاكار بولغىنى ياخشىمۇ ياكى ئېگىزمۇ؟ ئورۇق بولغىنى ياخشىمۇ ياكى سېمىزمۇ؟» دېگەن سوئال ئاساسىدا تۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەپتىلەرنىڭ ئۆگىنىش تېمىلىرى «ئالدامچىلىقتا جىن يامانمۇ ياكى شەيتانمۇ؟»، «ئوۋچىلىقتا بۆرە يامانمۇ ياكى تايغانمۇ؟» يەنە بىرى «روھ بىرلەمچىمۇ ياكى ماددا بىرلەمچىمۇ؟» دېگەن سوئاللاردىن ئىبارەت ئىدى. بولۇپمۇ «روھ بىرلەمچىمۇ ياكى ماددا بىرلەمچىمۇ؟» دېگەن تېما ئۈستىدىكى مۇنازىرە، ئاجايىپ قىزىپ كەتتى ...

لىڭ شۇجىجاڭ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇختىتالماي تەشۋىقات ئىشلىرى خادىمىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ناھايىتى ياخشى! ... ناھايىتى ياخشى! چىقىرىلغان تېمىلار دەل جايىدا. قىزىقارلىق بوپتۇ، — دېدى ئۇ.

— بۇ مۇنازىرە چۆيفېڭبۇلار بويىچە بولماي، پۈتۈن ئۇيغۇرلار چۆيداگبۇسى بويىچە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەجلىس زالىدا ئېلىپ بېرىلدى، — سۆزىنى داۋام قىلدۇردى تەشۋىقات ئىشلىرى خادىمى تېخىمۇ مەغرۇر ئاھاڭدا، — پىرقە ئەزالىرى ئاۋۋال «روھ تەرەپدارلىرى»، «ماددا تەرەپدارلىرى» دېگەن ناملار بويىچە چەك تاشلىنىپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. ئاندىن ئۇلار ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ياقلاپ، مۇنازىرىنى بىر دەمدىلا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. تالاش - تارتىش كەسكىن بولدى. ۋارقىراش - جارقىراش ئەۋجىگە كەلدى. ياقىلىشىپ قېلىش بولمىدى. سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئاۋازلىرى پۈتۈن بىناغا يېيىلدى. سىرتتىن ئادەملەر كېلىپ ئۆز - ئۆزىدىن زال سىرتىغا توپلاندى، دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىمۇ چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرە ۋە دەرس تەكرارلاشلىرىنى تاشلاپ كېلىپ ئاڭلىدى.

— بەك ياخشى ئىش قىلىپسىلەر! ... بەك ياخشى! ... ئاخىر مۇنازىرە نېمە بىلەن ئاياغلاشتى؟ — سورىدى لىڭ شۈجىجاڭ.

— قويۇپ بەرسەك ئۇزىراپ كېتىشىۋەرگۈدەك. روھ تەرەپدارلىرى غالىب چىقتى، دەپ ئېلان قىلىپ، مۇنازىرىنى ئاخىرلاشتۇردۇق. ئالدىمىزدىكى ھەپتىدىمۇ مۇنازىرىنى پۈتۈن چۈيدىكى بويىچە ئېلىپ بارساق، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلىڭلار، — ماقۇللىدى لىڭ شۈجىجاڭ. — بۇ قېتىمقىسىنى ئۆزۈم قاتنىشىپ كۆرەي. يوغانراق بىر زالنى تېپىپ ئېچىڭلار. دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قاتناشسۇن.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى. ئۆزىڭىز قاتنىشىپ بەرسىڭىز كۆپچىلىككە ئىلھام بولىدۇ.

— ئۇيغۇر پىرقە ئەزالىرى ھازىرغىچە زۇڭلىنىڭ① «ئۈچ مەسلەك»② كىتابىنى بىرنەچچە رەت ئوقۇپ بولدى. بىرلا كىتابنى ئوقۇۋەرسە ئۇلار زېرىكىپ قالىدۇ. زېرىكسە مەجلىسكە، ئۆگىنىشكە كەلمەس بولۇۋالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى مۇشۇنداق قىزىق – قىزىق سوئاللارنى چىقىرىپ، ئۇلارنى مۇنازىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش، تالاش – تارتىشقا سېلىپ قويۇش كېرەك. بۇ — ئوبدان چارە. ئادەملەرنى مەجلىس، ئۆگىنىشلەردىن قاچماس قىلىشنىڭ ئەپلىك دورىسى. ياخشى مەسلىھەت، — سۆزىنىڭ داۋامىدا شۈجىجاڭ تەشكىلات ئىشلىرى خادىمى، كاتىپ، تەرجىمانىنىڭ ئاتلىرىنى بىرمۇ بىر ئاتاپ تۇرۇپ، — سىلەرمۇ قىزىق – قىزىق

① زۇڭلى — سۇن جۇڭشەننىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى ئىچىدىكى پەخرى نامى بولۇپ، بارا – بارا بۇ نام ئۇنىڭ ئىسمى ئورنىدا ئىزاھاتسىزلا سۆزلىنىدىغان بولۇپ قالغان.

② ئەينى ۋاقىتتا سەنمىنجۇيى ئۈچ مەسلەك دەپ تەرجىمە قىلىنغانىدى.



تېمىلارنى چىقىرىشقا ياردەملىشىڭلار، — دېدى.

ھەممەيلەن باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. تەشكىلات ئىشلىرى خادىمى ئايرىم سۆز قىستۇرۇپ:

— ھەربىر تېمىنى چىقىرىش ۋاقتىدا بىز ياردەملەشكەن، — دېدى.

— ئۆلكىلىك پىرقە ئۆگىنىش ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرچىدا يوق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتاب ئەڭ مۇھىم ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن بىرى ئىدى، — دېدى لىڭ شۈجىجاڭ ۋە تەرجىمانغا تاپىلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — سەن ھەربىر ئۆگىنىش ۋاقتىغا ئۈلگۈرتۈپ بۇ كىتابنى ئاز – ئازدىن تەرجىمە قىلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ مۇنداق قىلىشىڭ ماتېرىيال كەمچىللىكىنى يېشىشكە خېلى ياردىمى تېگىپ قالاتتى!

— ئۇنى تەرجىمە قىلماق تەس. سۆزلىرىنى چۈشىنىش قىيىن، جۈملىلىرى ئېغىر، ئۇ ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — ئوچۇق سۆزلەپ كېسىپ جاۋاب بەردى تەرجىمان.

— ئۆلكىلىك پىرقىدىكى بىر دوستۇمدىن كەلگەن خەتتە، — دېدى كاتىپ ئىزاھات ئورنىدا سۆزلەپ، — بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ قولدىن چىقىپ بولغانلىقى ئېيتىلىپتۇ. كىتاب بولۇپ بېسىلغىچە ئاۋۋال ئۇ گېزىتكە پارچە-پارچە ئېلان قىلىنىپ تۇرۇلىدىغانغا ئوخشايدۇ.

— خوپ، ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشمۇ ھەل بوپتۇ، — دېدى لىڭ شۈجىجاڭ، — گېزىتكە قانچىلىكى بېسىلسا، شۇنى ئوتتۇرىلىق ئۇيغۇر پىرقە ئەزالىرى ئۆگەنسۇن.

لىڭ شۈجىجاڭ ئالدىغا قويۇۋالغان خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ، ئورنىدىن قوپۇپ، ئۆزىنىڭ كىچىك ئىشخانىسى تەرەپكە ماڭغانىدى، بىراق ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋەقە ھېسابلان-

غان بىر ئىشنى ئىسگە ئېلىپ، يەنە ئولتۇرغان ئورۇندۇقىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەمدى خۇشاللىقىنى يىرىقالقان، روھىي كەيپىياتتا ئۇشتۇمتۇت كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە جىددىيلىشىپ قالغان ئىدى.

— سىلەر يەنە، — دېدى ئۇ ئىككىنچىلەپ سۆز باشلاپ، — پىرقە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە، ئىپلەرنى ئويلاپ، ئىپلەرنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا، قانداق گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىگە، قىسقىسى ئۇلارنىڭ يېقىنقى ۋاقىتتىكى روھىي كەيپىياتىغا كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇشۇڭلار كېرەك. — كاتىپ ھەربىر قېتىمقى مەجلىستە خاتىرە يېزىپ تۇرغىنىدەك بۇ قېتىممۇ ناھىيىلىك پىرقىنىڭ دەپتىرىگە خاتىرە يېزىۋاتاتتى. لىڭ شۇجىجاڭ ئۇنى يېزىشتىن توختىتىپ، دەپتەرنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشنى ئېيتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — پىرقىمىزنىڭ ئەزالىرىدا ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرىنىڭ تەسىرى قانچىلىك بولۇۋاتىدۇ، مانا بۇ مەسىلىگە ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلىڭلار! كىمدە قانچىلىك تەسىرى بولسا، شۇنچىلىكنى يايىقاپ قالدۇرماي ماڭا ياكى ساقچى ئىدارىسىگە ئېيتىپ تۇرۇڭلار. پىرقە ئەزالىرىدا مۇنداق تەسىرنىڭ بولۇشى خەتەرلىك. ئىنتايىن خەتەرلىك! بولمىغان بولسا ياخشى، لېكىن بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك! مەجلىس، ئۆگىنىشلەردە ئەتەيىن گەپ قوزغاپ، «ئىلىلىق تاغ باندىتلىرى تەلكە ئېغىزىدا قاپسىلىپ قېلىپ، ياكى ئارقىغا ياناالماس، ياكى ئالدىغا باراالماس ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. يات-يېقىندا قىرىپ تۈگىتىلىدىكەن» دەپ ئېيتىڭلار! — ئاخىردا ئۇ «مېنىڭ دېگەنلىرىم يېڭى خەۋەر» دەپ قوشۇپ قويدى.

ناھىيىلىك پىرقە خادىملىرى تاماكىمۇ چەكمەي، يۆتىلىپ-قېقىلىپمۇ قويماي بۇ جىددىي گەپ-سۆزلەرنى دىققەت بىلەن



ئاڭلىدى. ئۇلار گومىنداڭ تەشۋىقاتلىرىدىن ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىتىلگەنلىكى ۋە ئەسىر بولۇپ قولغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئەكسىچە خەلق ئارىسىدا يوشۇرۇن تارقىلىپ يۈرگەن گەپ-سۆزلەردىن ئۇلارنىڭ بارغانچە ئۆلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. خادىملارنىڭ ئەمدى ئۆز باشلىقىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىككە ھەققى يوق ئىدى. ئۇلار بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنقىلابچىلارنىڭ تەلكە ئېغىزىدا قاپسىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىغا يېڭى خەۋەر سۈپىتىدە ئىشەندى.

— ئىلىلىق بىر ئوچۇم تاغ باندىتلىرىنىڭ تەسىرى ئاقسۇدا خېلى كۆپىيىپ قالدى، — دېدى لىڭ شۇجىجاڭ ئىقرار بولۇپ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ گېپى ئاغزىدىن چىقىرىشى بىلەن ئاچچىقى ئۆرلەپ، غورا قاپاقلىرى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۆگزىدىن تامچىلىغان قار ئېرىندىسىدەك ئۈستەل يۈزىگە چاچراپ چۈشۈشكە باشلىدى. — ئاڭلىشىمىزچە، بايدا ئابدۇللا دالۇۋتۇپ دېگەن قىزىل پاچاق ھەدېسىلا ياشلار ئارىسىدا «ئىنقىلاب، ئىنقىلاب، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قوزغالدى، بىز جىم ياتىمىزمۇ؟» دەپ يۈرگۈدەك. ئۇچتۇرپاندا ئارتۇق ئابباس، سېيىت ئابباس دېگەن ئىپلەر غۇلجىدىكى ئاكىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى دوراپ ھەددىدىن ئېشىۋېتىپتۇدەك. ئاقسۇدا بولسا سۇ ئاستىغا يوشۇرۇنغان خادا تاشلار تېخىمۇ كۆپ. بۇ يەر تېخىمۇ خەتەرلىك. سىلەر بىلىسىلەر، گېزىتخانىدىكى ھېلىقى لۇتپۇللا، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى مۇئمىندىن بىلەن ئابدۇللا روزى، ئاقسۇ كونتىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى بىلال دېگەن ئىپلەر ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان كۆپ قىرلىق شېئىرلارنى يېزىشىپ، ئۇچراشقانلا يەردە كۆسۈرلىشىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا سۆزلىشىپ يۈرگۈدەك ...

لىك شۇجېجاڭ قېقىلىپ - يۆتىلىپ، يۈتى ئاستىغا زەردە بىلەن تۈكۈردى، لەۋلىرىگە تۈكۈرۈك يۇقۇندىسى چاپلاشقانىدى. يىڭنىغا ئېرتىپ بولۇپ، ئارقىدىن يەنە رەسمىيەت ئۈچۈن ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ قويدى. ئاندىن ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال لوتويەن تاماكىسى ئېلىپ، تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە باشلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئېغىر-بېسىق تۇتۇپ، سالماق ئاۋازدا سۆزلەش ئۈچۈن پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىرىشىۋاتقاندەك ئىدى.

— قايسى كۈنى، — دېدى ئۇ قولىنى ئىشخانىنىڭ يۇقىرى تېمى تەرىپىگە سوزۇپ، بىگىز بارمىقى بىلەن ئىما - ئىشارە قىلىپ، — لۈتپۇللا بىلەن مۇئىنىدىنىڭ ئەنە شۇ كۆلۈپ ئالدىدا خەلقنى قوزغىتىپ تۇرۇپ قوزغىغىنى — تىرىلاڭ، ئىللىق تاغ باغدىتلىرىچە ھەرىكەت. ئۇلار شۇ ئاخشىمى ئويۇن قويۇش باھانىسى بىلەن كۆرەڭلەپ، ھەددىدىن ئېشىۋالدى، سەلەر بىلمەيلەر، ئۇلار ۋالىينىڭ بۇيرۇقىنى كۆزگە ئىلمىدى، ساقچىلار بىلەن جېدەللەشتى. ئۇيۇشما رەئىسى پاشاخوجىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئىلىككە ئالمىدى. بۇ ئوچۇق - ئاشكارا قىلىنغان ئىسيان. ھوشيار بولۇپ، مۇنداق ئۇششۇقلۇقتا كۆرگەنلا يېرىڭلاردا يەشۋا بېرىڭلار؛ قاتتىق چەكلەڭلار. خەلق يەنە ئۇلارغا ئەگىشىپ كەتمىسۇن. پىرقە ئەزالىرىغا مۇلايىم بولۇش، ھۆكۈمەت ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئوبدان بويسۇنۇش توغرىسىدا سۆزلەپ تۇرۇڭلار. ئۇلار لۈتپۇللا، مۇئىنىدىنلارغا ئالدىنىپ ئەگىشىپ قالمىسۇن.

ئاھىيلىك پىرقىنىڭ خادىملىرى شۇجېجاڭنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى؛ لېكىن ئاقسۇدا باش كۆتۈرۈپ قالغان قارشىلىق ھەرىكىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىدە چۈچۈش ھېس قىلدى. سۆز بېسىپ قالغاندەك گەپ - سۆزسىز



بىر ھازا جىم ئولتۇرۇپ قالدى. لىك شۇجېجاڭ تاماكىسىنى ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم قاتتىق شورىدى. قاتتىق يۆتىلىپ، تۈكۈرگەندىن كېيىن يۇتىدا دەسسەپ - دەسسىتىپ، ئۆزىنىڭ تۆردىكى كىچىك ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى دوكلاتنى ئىككىنچىلەپ يېزىشى كېرەك ئىدى. شۇجېجاڭنىڭ روھىي كەيپىياتى ئاۋۋالقىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆلكىلىك پىرقىگە يېزىلمىسىدىغان دوكلاتىنىڭ بىرىنچى ئاشلانغاندىن كېيىنكى يەردە چېچىلىپ ياتقان كوپىيىسىنى تېرىشتۇرۇپ بىر بىرلىكىنىشى قويغاندىن كېيىن، ئۈستەل تارتمىسىغا يېنىككىنە ئولتۇردى - دە، قايتىدىن يېزىشنى باشلاپ كەتتى:

«كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە پىرقە ئەزالىرىمىز زور دەرىجىدە كۆپەيدى، ئاقسۇ خەلقى ھازىرغا كىلىپ، پىرقىمىزنىڭ قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغلۇقىنى خېلى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. بىزدىكى ئەزالار تېزلىك بىلەن ئالتە يۈز دىن ئېشىپ كەتتى»، لىك شۇجېجاڭ بۇ زور يالغانچىلىقتا جۈرئەت قىلىشتا دادىللىق ئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىغا مەجبۇرىي تارقىتىپ بېرىلمىدىغان 130 دانە پىرقە كىنىشكىسى بىلەن مەركىزىي باشلانغۇچ ۋە قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاتا - ئانىلىرىنى سىرتتىن ئەزالىقتا ئەكىرىش ئۈچۈن ئالۋان - سېلىق ئورنىدا تارقىتىپ بېرىلمىدىغان بىرنەچچە يۈز كىنىشكىسىنى ھېسابقا ئالغانىدى. ئۆگىنىش مەسىلىسى ئۈستىگە كەلگەندە ئۇ قەغەز يۈزىدە زەررىچە قەلەمىنى ئويناتمىسىمۇ ئۆزى سۆزلەرنى يېزىپ چىقتى: «پىرقە ئەزالىرىمىزنىڭ ئالدى ئۈچ مەسىلىگە بەش قېتىم، كەينى ئۈچ - تۆت قېتىم يىغىشىپ ئۆگەنگەندىن ئاشقىرى «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» نىمۇ بىر قۇر ئۆگىنىپ بولاي دەپ قالدى. بىز بۇ كىتابنى بىر ئاي بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىلىق تەرجىمە قىلىپ، ئەزالارنى مەخسۇس ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ

تۇردۇق. ئۆزىمىز يەنە يېڭى - يېڭى تېمىلارنى تېزىپ، كۆپچىلىكنى يات - يات مۇنازىرىگە تەشكىللىدۇق. شۇڭا، ئاقىۋىدا ھۆكۈمىتىمىز بىلەن پىرقىمىزنىڭ سىياسەت ۋە ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ياخشى بولماقتا.»

دوكلات يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن لېنىڭ شۇجىجاڭ بارماقلىرىنى چىڭ بېسىپ، ئۇگىلىرىنى قارسىلدىتىپ قويدى، ئارقىدىن ئىڭىشىپ ئىچىدە ناخشا ئېيتتى. ئۇ دوكلاتنى ئېنىق سان - سىفىر ۋە پاكىتلار بىلەن نىسبەتەن يەتكۈزۈپ يېزىپ چىققانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

## قاماقخانا ئالدىدا...

ئاقسۇ ناھىيىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۈستىبېشى ناچار، جۇل-جۇل كىيىملىك بىر ئايالنىڭ تۇرغىنىغا ئىككى سائەتتەك ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئۇ بۇ يەرگە يەشىغىرىق يېزىسىدىن تاڭ سەھەر بىلەن پىيادە ماڭغانىچە ھېرىپ - ئېچىپ يۈرۈپ، چۈش - پېشىنلەردە ئاران يېتىپ كەلگەنىدى. ئايالنىڭ بىقىنىدا ئىككى بالا بولۇپ، بىرى، تۆت ياشلار چامىسىدىكى ئوغۇل بالا، يەنە بىرى، ئەمدىلەتىن ئىككى ياشقا كىرگەن قىز ئىدى. ئۇ ئېغىر كەمبەغەللىك دەستىدىن ئۆزىنىڭ باللىرىنىمۇ تۈزۈۋكرەك كىيىندۈرەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئېرى ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ قاماقخانىسىدا سولاقلىق ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە ئەرز - ھال ئېيتىپ،



كەچۈرۈم سوراش ئارقىلىق ئېرىنى قاماقخانىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈمىدى بىلەن كەلدى. ئۇنىڭ باللىرىنى ئەگەشتۈرۈۋېلىشتىكى مۇددىئاسىمۇ دەل شۇ يەردە ئىدى. ئەدلىيە مەھكىمىسىدىكىلەر ئېرىمغا ئىچىنىشىمۇ، بىزنىڭ ھازىرقى ھالىمىزنى كۆرۈپ، باللارنىڭ يېتىملىك دەردىنى بىلىپ، رەھىم - شەپقەتكە كېلىپ قالسا، ئېرىمنى قويۇپ بېرىشى مۇمكىن، دېگەن ئوي شۇ تاپتا ئايالنىڭ پىكىر - خىيالىنى چۇلغاپ تۇراتتى. ۋاقىت ئۆتەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈمىدسىزلىك شامىلى توختىماي ئۇرۇپ، ئايالدىكى بۇ شېرىن خىيالنى گويا تۇزغاققا ئوخشاش يېراق - يېراقلارغا ئۇچۇرۇپ كېتەتتى.

ئەدلىيە مەھكىمىسى بىلەن ئۇنىڭ قاماقخانىسى بىر يەرگە جايلاشقانىدى، بۇ ئىككى جاينى ئارىلىقتىكى 60 قەدەمچە مۇساپىلا بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇراتتى. بىراق ئايالى ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، سودىيەگە تىلىكىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇ جۈرئەتكە كېلىپ، ھويلىغا قەدەم بېسىشقا تەمشەلگەندە بولسا، دەرۋازىدىكى قوراللىق پوست قاتتىق دۆشكەلەپ، تىل - ئاھانەت بىلەن تىرسۇپ قوياتتى. ئايال مەھكىمە ئالدىدا قوزۇقتىن قوزۇق تۇرۇۋېرىشتىن بارغانسېرى چىڭقۇر دىققەتچىلىككە يېتىپ، يات - يات قاماقخانا دەرۋازىسى ئالدىغا كېلەتتى، بۇ يەردىمۇ ئەرز - ھال ئېيتقۇدەك ئادەمنىڭ بولمىسلىقىدىن يەنە قايتىپ، مەھكىمە دەرۋازىسى تەرەپكە بۇرۇلاتتى. دەرۋازىدىن كىرگەن - چىققانلار ئۇنىڭغا دىققەت - نەزەرىنى سېلىپ قويمايتتى. ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىغا توغرىلىنىپ، بىرقانچە قېتىم تىلىكىنى ئېيتىپ كۆردى، لېكىن ھەممىسىلا دېگۈدەك، پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ بۈگۈن دادىنى ئېيتالماي قالسا، ئەتىسى ئىشقىلىپ باشقا بىر پەيتنى توغرىلاپ ئېيتىشى كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاقسۇ بازىرىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا يېيىش ئۈچۈن ئاش - تاماق بولۇشى كېرەك. بىراق، ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىنى، باش تىقىپ كىرگۈدەك ئۆيى يوق ئىدى. ئاخىر ئايال ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى، بۇنى كۆرۈپ بالىلىرىمۇ بىئىختىيار چىرقىراپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى. بۇنىڭ بىلەن كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر توختاپ، ئايالنىڭ ئۆپچۆرىسىگە يىغىلدى. ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ ئالدى ھەش - پەش دېگۈچە كىشىلەر توپى بىلەن قاپلاندى. شۇ چاغدىلا مەھكىمە ئىچىدىن ئۆزىنىڭ رەھىمسىز زالىملىقى بىلەن بازار خەلقىگە خېلى تونۇش بولۇپ كەتكەن سودىيە سۈرۈن تەلەت بىلەن چىقىپ، ئادەملەر توپىنى دوق - پوپوزىلار بىلەن قوغلاشقا باشلىدى:

— بۇ يەردە بىرىكىم توي - تۆكۈن ياساپ، سىلەرگە ئويۇن - تاماشا قىلىپ بېرىۋاتقىنى يوق، — دېدى ئۇ، — ھەممەڭ چاپسان كېتىش! بۇ ئەدلىيە مەھكىمىسى، دانا ماۋۇ قاماقخانا. بۇ يەر ئادەملەر يىغىلىۋېلىپ، بازار قىلىدىغان جاي ئەمەس!...

— بۇنى بىلىمىز، سىلى دەپ تىزىمىسىلامۇ، بىز ئۆزىمىز بىلىمىز، — دېدى كىمدۇ بىرى ئەنە ئارىلاش تىۋۇلاپ، — مانا ماۋۇ ئايالنىڭ ئىككى بالىسىنى بېشىغا ئېلىپ، بۇ يەردە تۇرغىنىغا بىرقانچە سائەت بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ دەردى، ئېيتىدىغان تىلەك - ئارزۇسى بار ئىكەن، ھەرقايسىلىرى ئاڭلىسىلا، بىز بولساقمۇ ئاڭلاپ قويايلى، دەپ تۇرۇۋاتىمىز.

بۇ كىشى ئۆزىنى ئەسكەرلىكتىن قاچۇرۇپ، ئۆز ئېتى بىلەن ئاتالمىسىز، خالىسانە يېچىنىشلىك قىلىۋاتقان سەمەت ئىدى.

— ھە، قېنى، ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۇ ساڭا نېمە توغرىدا



يىغلاپ بەردى، — دوق قىلدى سودىيە، — بۇنىڭ قاماقخانىدا سولاقلىق ئېرى بار. ئەگەر سەن بۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقان بولساڭ، ئېرىنى قاماقتىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېنى قامايلى، قېنى سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— ھەي ئادالەتنى ئۇقمايدىغانلار! — جاۋاب تەرىقىسىدە سۆزلىدى سەمەت، — مۇشۇنداق قىلىشنى يىرىكلىك، دەپ بىلسەڭلار، مانا مەن تەييار، قامساڭلار قاماڭلار!

سودىيە رەددىيىگە گەپ تاپالماي، بىردەم دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇ بۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇۋېلىش مەقسىتىدە گېپىنى يۆتكەپ، ئايالغا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ساڭا قانۇن بىلەن ئويناشنى كىم ئۆگەتكەن؟ ئېرىڭنىڭ قامالغىنىغا ئەمدىلەتىن ئىككى يىل بولدى، ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىڭدە ئۇنىڭ قاماق مۇددىتىنى بەش يىل، دەپ ئېيتمىدىممۇ؟ ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىپ باققىنا، بۇ يەرگە يىغلاپ قانچە قېتىم كەلدىڭ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىككى يىل ئىچىدە سەككىز قېتىمغا يەتتى، ئېرىڭنىڭ قىلغىنى يىغلىغانىغا يۇمشاپ، قويۇۋېتىدىغان يېنىك گۇناھ ئەمەس. ماڭ بۇ يەردىن چاپسان يوقال! ئىككىنچىلەپ يەنە بىزنى، يىغلىغان - قاقشىغان بولۇپ، خەلقنى تىرىپلايدىغان بولساڭ، ئېرىڭغا قوشۇپ، سېنىمۇ قامىتىۋېتىمەن. ئۇ چاغدا بالىلىرىڭ تالادا قېلىپ ئۆلىدۇ.

ئايال ئاچچىقىغا پايلىماي «سېنىمۇ قامىتىمەن، بالىلىرىنىمۇ قوشۇپ بىرلىكتىچى ھەممىمىزنى قامىتىمەن» دېمەكچى ئىدى، بىراق ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ، ئاچچىقتىن يۇمشاقلىق قىلغان ياخشى، دېگەن ئوي بىلەن قايتىدىن ياش تۆكۈپ، چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— بالىلارنىڭ ئاتىسى ئاھايىتى بولسا ئاقسىياز بەگكە يېنىپ قويغان، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق

يامان ئىش قىلىسەندى. يار - يەرق گۇناھى ئەنە شۇ! ئۇ بىزنىمىزغا قايتىپ بارغاندا ئاقنىياز بەگكە تۆت پۇتكىلىنىپ تاماقۇل بولسۇن، پۇتىغا يىقىلىپ كەچۈرۈم سورىسۇن، تۇۋا قىلغاننى خۇدا كەچۈرگەن يەردە، بەندە كەچۈرمەي قالامدۇ! بالىلارنىڭ ئاتىسى سولانغاندىن بېرى مەن ئۆيدە مۇشۇ چۆچۈردەك ئىككى كىچىك بالا بىلەن قالدىم. بۇلار تېخى كىچىك. ئۆزۈم ئاغرىقچان. ئېتىز ئىشى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بىز گاھىدا توق، گاھىدا ئاچ قېلىپ، تۇرمۇشتا قىيىنلىۋاتىمىز. ئىتنىڭ كۈنىنى كەچۈرۈۋاتىمىز!...

— ئېرىڭنىڭ گۇناھىنى يېنىپ قويغان دېيەلمەيمەن بىلەن ئاقلاپ كېتەلمەيسەن. ئۇ ئاقنىياز بەگنى كەتمەن بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغان. ئاقنىياز بەگنىڭ كىملىكىنى بەلكى سەن مېنىڭدىن ياخشىراق بىلىسەن. ئۇ بەشئىبرىقتەك چوڭ يېزىدا ئەڭ كاتتا باي، چوڭ زېمىندار بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ يېزىنىڭ ھۆرمەتلىك بېگى. مانا شۇنداق كىشىگە يېنىپ قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەت!...

— ئېرىمنى ئاقنىياز بەگكە كەتمەن كۆتۈردى، دېگەن گەپ مۇتلەق يالغان، — دېدى ئايال تىترىگەن ۋە چۆچۈش ھېسسىياتى بىلەن، — بۇ گەپ قاپقارىنىسىغا توقۇپ چىقىلغان تۆھمەت!

— ئاغزىڭنى يۇم چەنپەن لولى! — ۋارقىرىدى سودىيە دوق - پوپوزا بىلەن، — بۇ قەيەر؟ سەن نەدە تۇرۇپ مۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ بۇ ئەدلىيە مەھكىمىسى، سېنىڭ بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىش مېنىڭ ئۈچۈن نومۇس. ماڭ، بۇ يەردىن كەت، ئارقاڭغا سىلىۋالغان مۇنۇ ئىككى كۈچۈكۈڭنى ئېلىپ، كۆزۈمدىن چاپسان يوقال!

— ئايالنىڭ ئېيتىۋاتقانلىرى توغرا، — ۋارقىراپ سۆز-



لىدى خەلق توپى ئىچىدىن يەنە مەمەت، — ئاقنىياز بەگنى ئەدلىيە مەھكىمىسىدىكىلەرلا بىلىپ قالماي، بىزمۇ بىلىمىز، پۈتۈن ئاقسۇ خەلقىمۇ بىلىدۇ. ئۇ زالىم، قارا كۆڭۈل، تۆھمەتخور، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان مەخلۇق!

سودىيە سەمەتنىڭ ھۆركىرەپ ئېيتقان مەردانە سۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ ئادەملەر توپى ئالدىدا ئېغىر ئەھۋالدا قېلىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندى، ئۇ بۇ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىگە سودىيەگە لايىق ئابروي - ئىناۋەت تىكلىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ كىشىنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ قوغلىۋېتىش ئۈچۈن تەمشەلگەنىدى، بىراق خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئاخىردا ئۇ ئېشەكنىڭ ھاڭگىسا ئۇزۇن تۇرقىدىنى دېگەندەك قىلىپ، يېزىلىق قورقۇنچاق بىچارە ئايالغا دوق - پوپوزا بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەممە ئىشنى ئاپقان سەن، يىغلاپ ئادەملەرنى بۇ يەرگە تۇپلىغانمۇ سەن! — دېدى ئۇ، — ئىككىنچىلەپ يەنە كېلىپ مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، يۈزۈڭنى بوياپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، خۇددى پاھىشە ئايالنى قىلغاندەك سېنى كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدۇرىمەن!

سودىيە گېپىنى تۈگىتىپ، قىزارغان - تاتارغان ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۇ ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ، قوراللىق پوستقا ۋە ئادەملەرنى قوغلاپ، كەتمىگەنلەرنى مىلتىق پايىنىكى بىلەن ئۇر، دېدى - دە، ھويلىدىمۇ توختىماي تويتوغرا ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئايال باشتىمدىن غەزەپكە تولۇپ، سودىيە ئاڭلىغۇدەك ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تىرۋلاپ:

— ھەي يۈمشماس تاش يۈرەكلەر، ئاخىر قان قۇسۇپ ئۆلەرسىلەر! — دېدى.

ئايال ئىنتايىن ئۈمىدسىز ئىدى. شۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھۆكىرەپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئەدلىيە مەھكىمىسى ئالدىدىنمۇ، قاماقخانا ئالدىدىنمۇ بىراقلا نېرىغا كەتتى. ئۇ يەنە چوڭراق بىرەر ئەمەلدارنى تېپىپ ھال ئېيتىشى كېرەك، ئېرىنىڭ ناھەق قامىلىپ ياتقانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنى شۇ ھامان قاماقتىن چىقىرىۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشى كېرەك؛ بۇ ئامال بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلدارنىڭ نەپسىنى قاندۇرارلىق دەرىجىدە بايلىق - تەڭگە — تىللا بولۇشى لازىم ئىدى. ئەمما ئايالدىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ئازراق يۇقۇندىسىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ يولارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندە ھەقىقەتەن «ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسە، ئاسمان ئېگىز، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسە، يەر قاتتىق» بولۇۋاتقاندەك ئېغىر كۈنگە قېلىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئاخىر ئايال يارلىق دەرد - ئەلىمىنى كۆزىگە زورلىدى. تۆكۈلگەن ئاچچىق ياش مەڭزىگە، مەڭزىدىن ئېڭىكىگە ئېقىپ چۈشەتتى. ئۇ قەيەرگە بېرىپ، قە- يەردە توختىشىنى بىلمەي، ھودۇقسىزلارچە مېڭىپ كەتتى. شۇ مېڭىشتا ئالدىدىن كېلىۋاتقان يار - يار ھارۋىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز ۋە قىرپال چاقىغا ئورۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ھار- ۋىكەش چاققانلىق بىلەن ھارۋىسىنى ئايالدىن قاچۇرۇپ سولغا ياندۇرۋالدى. ئايال ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى ئېلىۋالغان بالىسى زەخىملىنىشتىن ساقلىنىپ قالدى. لېكىن يوشۇرۇن كاتاك ئۇلارنى ئۆزىگە تارتتى. ئانا - بالا ئىككىسى كۆپ يىللاردىن بۇيان ھارۋا چاقلىرى پەيدا قىلغان بىر گەز چوڭ- قۇرلۇقتىكى ئويغا يىقىلىپ چۈشتى. قوچاقتىكى بالا قاتتىق



قولىدىن چىقىپ، توپىغا كۆمۈلدى. ئانا بالىسىنىڭ ھالىغا يېتىشىپ، يەنە ئۇزۇن سىلىپ يىغلىدى. ھارۋىكەش ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، بۇ كىچىك ئىككى ياشلىق قىزنى كاتاك ئىچىدىن سۈزۈۋالدى. بالىنىڭ ھەممە يېرى توپىغا مىلىنىپ، توپا ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى، ھارۋىكەش بېلىدىكى يوتىسىنى يېشىپ، بالىنىڭ بەدەن - باشلىرىنى تازىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ قىز بالا تۇرۇۋقلۇقىمۇ كىيىمسىز، قىسپىيالىڭاچ يېقىلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ئانىسىدىن سورىدى. ئايال يار - يۆلەكسىز قېلىپ، غورىبەتچىلىكتە ياشاۋاتقانلىقىنى، ئېرىنىڭ ناھەقتىن - ناھەق قامىلىپ قالغانلىقىنى نارازىلىق بىلەن سۆزلەپ بەردى. ھارۋىكەشتە ئايالنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇ- دەك ئامال يوق ئىدى. ئۇ تەسەللى بېرىپ، يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ ھارۋىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئالدىن تاپشۇرۇش شەرت قىلىنغان باج گۈرۈچى بار ئىدى. ئۇ بۇ گۈرۈچنى مۇشۇ قاپتا تاپشۇرۇپ، ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىۋېلىش تەقەززاچىلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى. توپلۇق يېزىسىدىن كەلگەن بۇ دېھقان ئېتىنىڭ شەھەر ئىچىدە 5 - ئاتلىقلار پولكى تەرەپتىن بۇلاپ ئەكىتىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

سەمەت ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كېتە- لمىشى، ئېتىنىڭمۇ ھەربىيلەر تەرەپتىن بۇلاڭچى- لىققا ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كېيىنكى كۈنلەردە ھەق ئالماستىن خالىسانە يېتىمكەش بولۇۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەنسىرەشتىن خالىي بولالمىغانىدى. ئۇ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشۇم ياكى ھېچ بولمىغاندا ئاتتىن ئاجراپ قېلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ كېيىنچە ناھىيىلىك يېتىمخانىدىن خەت - خالتىلار ئېلىشتا ياۋىداق ئات بىلەن ئەمەس، ئەتەيىن ھارۋىلىق كېلە-

دىغان بولۇپ قالغانىدى، سەمەت ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى كوچىدىن كېتىۋېتىپ، بەشتېرەقلىق ئايالنىڭ سۇدىيەگە قاماقتىكى ئېرىنى بوشىتىپ بېرىشنى تىلەپ سۆزلەۋاتقانلىقىغا تاسادىپىي دۇچ كېلىپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ ئات - ھارۋىسى پىرچىتخانا ئېغىلدا تۇراتتى. ئۇ بۇ ئايالنى تونۇيتتى. سەمەت ئۇنىڭ بىلەن بىر ئەۋرە تۇغقانلاردىن بولۇپ، بۇ ئايال ئەڭ دەسلەپكى چاچلىق تېرىمنى قىلغان چېغىدا، سەمەتلەرنىڭ يېزىسى ئايكۆلدىن كۆچۈرۈلۈپ، بەشتېرەققا كېلىپ قالغانىدى. ئابىياتىن ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىن كەتكەن سەمەت بۇ ئايالنى باللىرى بىلەن بەشتېرەق يېزىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن پىرچىتخانىدىن ھارۋىسىنى ئەكىلىپ ئۇلارنى سېلىۋالدى. ھارۋا قاماقخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىدى، قارشى تەرەپتىكى جەينەك شەكىللىك ئەگرى يولدىن كىشەنلەرنىڭ كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان قورقۇنچلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھارۋا تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. كەچ كىرىپ، كۈن ئەمدى ئولتۇراي دەپ قېلىۋاتقان ۋاقىت بولسىمۇ بۇ تار، ئەگرى كوچا خېلىلا قاراڭغۇدەك بىلىنەتتى. ھارۋىدىكىلەر جىددىيلەشتى. سەمەت كىشەنلەرنىڭ شاراقشىغا قاراپ:

— گۇناھكارلار ئەكىلىنىۋاتقانغا ئوخشايدۇ! ... بۇلار چىرقىم گۇناھكارلار! — دەپ تىۋىلىۋەتتى، كىچىكى دەھشەت باستى. پىيادە كېتىۋاتقان ئىككى ئايال قورقۇپ ئۆزلىرىنى شۇ يەردىكى ھويلىلاردىن بىرىنىڭ ئىچىگە ئۇردى. سەمەتنىڭ ھارۋىسىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بازارغا كەلگەن ئاچىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ گۇناھكارلارنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرمەسلىككە تىرىشىپ، يۈز - كۆزىنى لېچەكى بىلەن ئېتىۋالدى. كېلىۋاتقانلار ھەقىقەتەن گۇناھكارلار ئىدى. ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ بۇ بىگۇناھ تۇتقۇنلىرى كەچ كىرىپ، يار بېشىدىن قايتۇرۇپ كېلىنمەكتە ئىدى.



مەكتە ئىدى. ئۇلار يار بېشىغا ئەتىگەندە پوتەي ياساش، ئورۇش لەخمىسى كولاش ئۈچۈن ئەكېتىلگەنىدى. گۇناھكارلار پۈتۈن كۈن ئون نەچچە سائەت جىرتو چېپىش، توپا تاشلاش ئەمگەكلىرىدىن ئۆزلىرىگە يەتكەن ھاردۇققا چىداشلىق بېرىپ، كىشەنلەنگەن پۇتلىرىنى ئېغىر - ئېغىر يۆتكىمەكتە ئىدى.

سەمەت يول بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىراشلىق بىلەن ئېتىنى قامچىلاپ، يىرغان يار - يار ھارۋىسىنى تېرىسىدىكى تام تەرەپكە يۆتكىدى: گۇناھكارلار ئەگىمە يولدىن چىقىپ، كىشەنلەرگە ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سەمەت ئاتىنى ئۈركۈپ كەتمىسۇن دەپ، مەھكەم تىزگىنلەپ، چېكە تۈكتقان يېتى چاچ - ساقىلى ئۆسۈپ چىڭگا بولۇپ كەتكەن بۇ بەختسىز كىشىلەرنىڭ يادائ - تاتىرانغۇ قىياپىتىگە ئېچىنىش بىلەن قارايتتى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا زەھەرلىك يىلاندەك چىرمىشىپ، ميڭشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋاتقان كىشەنلەرگە ھەربىر قېتىم نەپرەت كۆزى بىلەن قارىغاندا، شۇ يۆگىمەچ يىلانلار گويا ئۆز پۇتىغىمۇ چىرمىشىۋاتقاندەك بولاتتى.

بەشتېرەقلىق دەردمەن ئايالنىڭ چېقىمىن چىقىلىپ، كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ھارۋىدىن ئۆزىنى تاشلاپ، ئىككى ياشلىق قىزىنى باغرىغا باسقىنىچە بىئىختىيار ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. شۇ تاپتا ئۇ گۇناھكارلار تىزىقى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ۋاپادار ئېرىنى كۆرگەنىدى. سەمەت ئاتىسى بىلەن يانمۇ يان كۆرۈشۈۋالسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ قويدى. ئايال ھاياجان ئىچىدە باللىرىغا تۇۋلاپ:

— قاراڭلار، ئەنە ئاتاڭلار! ... شۇلارنىڭ ئىچىدە چىرقىم ئاتاڭلار بار! — دەيتتى.

گۇناھكارلارنىڭ سانى ئوتتۇز ئىدى. ئۇلار 150 چە كىشى
بولۇپ، ئىككى قوردىن تىزىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەگمە يولدىن تۈزلۈك
چىقىپ بولالمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمەيتتى. بۇ
كىشىلەر ئارىسىدا يېگىرمىدەك ئايال بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغىمۇ
ئەرلەرنىڭكىدەك كىشەن سېلىنغانىدى. گۇناھكارلار باش،
ئوتتۇرا، ئاياغ تەرەپلەردە ئىككىدىن سالتىق تۇتقان جەمئىي
ئالتە ئەسكەرنىڭ قاراۋۇللۇقى ئاستىدا ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەيتتى.
ئايال ئەمدى ئېرىنى يېقىندىن ناھايىتى ئېنىق كۆردى. ئۇ
سەپنىڭ تەڭ ئاخىرىدا بولۇپ، مۈرىسىگە بىر يىرتىق جۇۋا،
كۆرجەك كۆتۈرگەن ھالدا كېلىۋاتاتتى. ئايال ئوغلىنىڭ ئاتىسى-
نى تونۇيالماي قېلىشىنى ئويلاپ، ئۇنى قارىتىپ - سۆرەپ،
ھاياجان ئىچىدە سەپنىڭ ئاخىرىغا يۈگۈردى. ئەر - خوتۇن
ۋە ئىككى بالا، ئومۇمەن بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر يەرگە
جۇغلاشتى. بۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى ئىش بولسىمۇ،
لېكىن بۇ ئۇلار ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بەختلىك بىر مىنۇت بولۇپ
قالدى. ئايال ئەر بىلەن يانمۇ يان بولۇپ، قۇچىقىدىكى
بالىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئاتا قىزنى چەكسىز مېھىر - مۇھەب-
بەت بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ، باغرىغا باستى. ئاتىسىنىڭ بۇ پەر-
زەنتىنى بەقەدەر بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ۋە قولىغا ئېلىشى ئىدى.
ئۇ بۇ بالىنىڭ ھازىر تەپتەرا ئىككى ياشقا كىرگەنلىكىگە
ھۆكۈم قىلدى. چۈنكى ئاتا بۇ بەختسىز پەرزەنت دۇنياغا
كېلىپ، ئەتىسى قاماققا ئېلىنىپ كەتكەنىدى.
ئەسكەر ھەرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئايالنى دۈشكەلەپ،
ئۇرۇپ قوغلىدى. قىزنى ئاتىدىن مىخ يۇلغاندەك يۇلۇۋېلىپ،
رەھىمسىزلىك بىلەن تۈپىگە دومىلىتىپ تاشلىدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان
ئاتا ئەسكەرنىڭ يۈزىگە بولسىمۇ تۈكۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا
ئېتىلغانىدى، ئەسكەر سالتىق پايتىكى بىلەن باش - كۆزىگە



ئۇرۇپ، ئۇنى يىقىتىپ تاشلىغاندىن تاشقىرى، ئارقىمۇئارقا
بىرنەچچە قېتىم دەسسىۋەتتى. گۇناھكار ئەرنىڭ بۇلارغا چىداپ
تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ قولىدىكى كۆرجەك بىلەن
ئەسكەرنى ئۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى يېرىپ تاشلىدى. بۇنى كۆرۈپ،
ۋەھشىيلىكى ئېشىپ - تاشقان يەنە بىر ئەسكەر شۇ ھامان ئوق
چىقىرىپ، ئەرنى ئېغىر يارىدار قىلدى. تونۇشلارنىڭ قوغۇشۇن
ئوقى پاقالچاققا تېگىپ يوتىنى سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. ئەر ھوشى-
دىن كېتىپ يىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن گۇناھكارلار سېپى قالاي-
مىقانلاشتى. سەھەت ئەسكەرلەر بىلەن ھايات - ماماتى كۆرۈشى
قىلىش ئۈچۈن ھارۋىدىن چۈشۈشكە تەمشەلگەنىدى. ئاچچىسى
يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇنى بىرقانچە قېتىم تۇتۇۋالدى. قىزقىپ
كەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرى ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ،
گۇناھكارلارنى قايتىدىن سەپ ئىچىگە كىرگۈزدى. گۇناھكارلار
قاماقخانا ھويلىسىغا ئەكىرىلىۋاتقاندا يارىدار گۇناھكارمۇ
ئۇنىڭ ئىچىگە بىھوش، قانسىرىغان ھالەتتە كۆتۈرۈپ ئە-
كىرىپ كېتىلدى. قاماقخانىدا ھېچقانداق تىببىي ياردەم يوق
ئىدى. يارىدارنىڭ شەپقەتسىزلىك بىلەن قىيناققا ئېلىنىشى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرنى ئۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن تىنىمسىز
تەن جازاسىغا دۇچ كېلىپ، ئۇزاققا بارماي ئاردان بىلەن ئۆلۈپ
كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى.
ئايال گۇناھكارلارغا سۆرىدىشىپ مېڭىپ قاماقخانا دەرۋا-
زىسىغىچە كەلدى. ئۇنىڭ ۋاپادار ئەردىن ئاجراپ قالغۇسى
يوق ئىدى. ئەگەر قاماقخانىغا كىرىشكە مۇمكىن بولسا، ئەرنىڭ
يېنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.
دەرۋازىۋەندىن ئەسكەر ئۇنى ئۇرۇپ قوغلىۋەتتى. سەھەت ئايالنى
ئەكىلىپ، يولغا راۋان بولۇش ئۈچۈن قاماقخانا ئالدىغا
كېتىۋېتىپ، دۈمبىسىگە ئۇچۇۋاتقاندەك، بېلىگە تايانچا ئاسقان،

يەرغان قاسقان شەپكىلىك بىر ساقچى ئەمەلدارنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن قاماقخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى قاماقخانىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. سەمەت قاتتىق يىرگىنىپ دەرۋازا ئالدىدا بىردەم توختاپ قالدى. بۇ ساقچى ئەمەلدارى يېقىندا بىر يەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەردىن تەپسىلىي مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. سەمەت ئۇنىڭ ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ قاماقخانا باشلىقىغا: «ھازىر بىز تىنىچ دەۋردە ئەمەس، ئۇرۇش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرى ئاقسۇغا بېسىپ كېلىپ قالغۇدەك بولسا سېپىل تاقىلىدۇ. ئۇ چاغدا قاماقخانىلاردىكى بىرنەچچە يۈز گۇناھكارنى بېقىپ كېتىش بىزگە چوڭ يۈك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇناھكارلار ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرىنىڭ سېپىلغا قىلىدىغان ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ، ئىچكى تەرەپتىن توپىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىن. ھازىر قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس. قولۇڭلاردىكى گۇناھكارلارنى چىڭ تۇتۇڭلار، ھەرىكىتى شۈبھىلىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىڭلار» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. سەمەت شۇندىن كېيىن باشقا بىر ۋەھىمىلىك ئويغا پېتىپ، شەھەر ئىچىدىكى قاماقخانىلارنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئاقسۇ بازىرىنىڭ سېپىل ئىچى ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي بىر قاتار ئىدارە - ئورگان 5 - ئاتلىقلار پولكىنى سىغدۇرغاندىن تاشقىرى بىرقانچە قاماقخانىغىمۇ ئورۇن بەرگەنىدى. ئۇلار ناھىيىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ مۇشۇ قاماقخانىسى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى سولاتماق بار، چەتقان يىرىق سىياسىي گۇناھكارلار قاماقخانىسى. ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان، سېلىق، ھاشار، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆز مۇددىتىدە ئۆتىيەلمىگەن كىشىلەرنى ئەركىنلىكىدىن ۋاقىتلىق مەھرۇم قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن پايدىلى-



نىپ كەلگەن قاماقخانىسى، 5 - ئاتلىقلار پولكىدىكى ھەربىي خىزمەتتىن قېچىشقا ئۇرۇنغان، قاراۋۇللۇقنى ياخشى ئۆتىمىگەن، ھەربىي ئىنتىزامغا قارشى باشباشتاقلىق قىلغان، ئوفىتسېرلەرگە يانغان ئەسكەرلەرنى جازالايدىغان ھەربىي قاماقخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇلاردا يوق ئىللەتلەر بىلەن قولغا ئېلىنغان بىرقانچە يۈز كىشى قامىلىپ ياتاتتى.

كەچ كىرىپ ئەدلىيە مەھكىمىسى قاماقخانىسىنىڭ ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. قاش قارايغان ۋاقىتتىن تارتىپ چىقىشقا باشلىغان شامال بارا - بارا كۈچىيىپ، بۇ يەرنى كۆز ئاچقىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە توپا - چاڭغا چۆمدۈردى، ھاۋامۇ خېلى سوۋۇپ قالدى. بالىلار يېلىڭ. قىز بولسا تېخى يالىڭاچ، چاپان مىڭىپ كەتمىسىگەندە، ئۇلار تىترىگىلاپ ئازابلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچ كىرىش بىلەن شەھەر ئىچى ئەنسىزلىشىپ قېلىۋاتقانغا ئوخشايتتى. تار كوچىدىن يېقىنلا ئىككى قوراللىق ئەسكەر ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئەمدى ئىككى ساقچى قانداقتۇر بىر نەرسىنى يوشۇرۇن قوغلاپ كېتىۋاتقاندەك، بۇ يەردىن شىپىلداپ، ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى. سەمەت ئەنسىزلىشىپ، ھارۋىدىكى كىگىزنىڭ ئاستىغا قويۇلغان بىرنەچچە پارچە «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ بۇ گېزىتلەرنى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدىن ئالىپ چىققانىدى. شائىر بۇ گېزىتلەرنى شوپۇر ھېمىتتىن ياكى باشقا بىرنەچچە يوشۇرۇن ئالاقىچى شوپۇرلاردىن ئۇلار ھەربىر قېتىم ئاقسۇغا كەلگەندە تاپشۇرۇۋېلىپ تۇراتتى. سەمەت بۇ گېزىتلەرنى لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن ئالغان چېغىدا ئۇلارنى پەخەسلىك بىلەن ئاقسۇ گېزىتى ئىچىگە تىقىپ، پوچتا بويۇملىرى قاتارىدا ئۆزى خەت - خالتا يەتكۈزىدىغان يېزىلارغا ئەكەتتەتتى - دە، يوشۇرۇن ئوقۇش ئۈچۈن مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا بېرەتتى.

ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى تەۋەررۈكىنىڭ ئورنىدا ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنى يېزىدىن - يېزىغا، قولدىن - قولغا ئالماشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ ئوقۇيتتى. خالىسانە پوچتىكەش بۇ ئىشنىمۇ خەت - خالتا يەتكۈزۈش داۋامىدا ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنداپ تۇراتتى.

سەمەت ھارۋىغا ئاچىسى، بەشئېرىقلىق ھېلىقى دەردمەن ئايال ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى سېلىپ، قاماقخانا ئالدىدىن قوزغىلىپ، يانىدىكى تار يولغا قايرىلغانىدى، ئۈشتۈمتۇت قومباش يېزىسىنىڭ باجگىرى جۇۋاڭ زىڭگۈەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. باجگىرنىڭ شەھەردىكى ئۆيى شۇ كوچىدا بولۇپ، ئۇ قومباشتىن مىنىپ كەلگەن ئېتىنى يېتىلەپ، ھويلىسىغا كىرىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ئىككىيلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن جۇۋاڭ زىڭگۈەن سەمەتكە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە سەۋەب بىلەن كېچىلەپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھەرقاچانقىدەك ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— مېنى، — دېدى ئۇ، — 5 - ئاتلىقلار پولكى ئالايىتەن قومباشقا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلدى. بۇندىن كېيىن پولكتا بولۇپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدىكەنمەن. بۇرۇن مەن 5 - ئاتلىقلار پولكى تۇرپاندىكى چاغدا ئۇنىڭ تەركىبىدە ئىدىم. بۇ پولك ئاقسۇغا يۆتكىلىپ كەلگەندە بىللە كېلىپ، كېيىنكى كېسەللىك بىلەن ئاغرىغىنىمدىن كېيىن تېنىم ئاجىزلاپ، ھەربىي خىزمەتتىن باجگىرلىككە ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنىدىم. ئىلىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ھازىر ئاقسۇدا ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ مەن ئىككىنچىلەپ ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىلىپ قالدىم. ئەمدى قومباشقا قايتالماسمەن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— بۇ گەپچە ھۆكۈمەتنىڭ غېمى ئېشىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە



قورسىقىمۇ تويغانغا ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى سەمەت ئەتەيىن گەپ كولاپ. — ھۆكۈمەت بۇ كەمگىچە باجنى قولدىن چىقىرىپ قويماي كېلىۋاتاتتى. قەيەردە ئېلىم - سېتىم بولسا، باجگىرلەر شۇ يەردە پەيدا بولۇپ، باج ئالماي قويمايتتى. ئەمدى ھۆكۈمەت قومباشتەك چوڭ يېزىنىڭ كىرىم مېھرىدىن كېچىپتۇ - دە؟

— ھازىر ئەمەلدارلاردىكى قايغۇ پۇل قايغۇسى ئەمەس، جان قايغۇسى بولۇپ قالدى. ئاقسۇدا ئۇرۇش بولۇپ قالسا كاللىسىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلاردىن كۆپچىلىكىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتىدۇ. ئۆتكەندە ئۇلار خەلقنىڭ ئاچ - يالىڭاچ قېلىپ، ئۆلەر - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىدى، ئەمدى كەلگۈلۈك ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۆزۈم خەنزۇ، لېكىن بىر قىسىم خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن نارازى بولۇپ كەلدىم.

جۇۋاڭ زىڭگۈەننىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ كۆڭلى - كۆكسىدىكى مەسىلىلەر بىلەن چىڭ باغلىنىپ كەتكەنىدى. سەمەت بۇنى بىلەتتى، ئۇ ئىلى تەرەپتىكى قوراللىق مىللىي ئىنقىلاب بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە داۋام قىلىۋاتقان ئازادلىق كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى ۋە «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدىن بىلىپ تۇراتتى. ئەمما يەنە خالىسانە پوچتىكەشلىك خىزمىتى بىلەن ھەر قېتىم قومباشقا كەلگەندە، جۇۋاڭ زىڭگۈەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئاقسۇنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ۋەزىيىتىدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. سەمەت جۇۋاڭ زىڭگۈەننى ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، خەلقنى قاقشىتىپ يۈرگەن باشقا بىر قىسىم باجگىرلارغا ئوخشاتقۇسى كەلمەيتتى. ھەقىقەتەن بۇ خەنزۇ

ئوغلانى ئادىل ئىش تۇتقانلىقى، باج ئىشلىرىدا مۇمكىنقەدەر دېھقانلار مەنپەئىتىنى ئەرەپتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن قوشباش خەلقىنىڭ رازىلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېقىن دوستلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

سەمەت ھۆكۈمەت باج كىرىمىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۆزىنىڭ باجگىرلىرىنى ھەربىي خىزمەتكە چاقىرىۋېلىۋاتقان ۋاقتتان يەردە پېچەتكەشلىكنىڭمۇ چوقۇم توختىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاقسۇغا باشقا جايلاردىن كېلىپ تۇرىدىغان خەت - چەكلەر يېقىنىڭ ھېسابىدا ئازىيىپ كېتىش بىلەن بىللە، ئۆزى خالىسا يېچەتكەشلىك قىلىۋاتقان يېزىلاردىن ماڭدۇرۇلىدىغان خەت - چەكلەرمۇ ئازىيىپ كەتكەنىدى.

— سىز 5 - ئاتلىقلار پولكىغا چاقىرىۋېلىنىپ، قومباش باجخانىسىنىڭ يېپىپ تاشلىنىشىغا قارىغاندا، — دېدى سەمەت جۇۋاڭ زىڭگۈەنگە، — پوچتا ئىشىمۇ توختىتىۋېتىلىدىغانلىقىغا ئوخشىمامدۇ! ئەمدى مەنمۇ ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلالمايدىغانغا ئوخشايمەن.

— ھۆكۈمەتنىڭ سىلەردەك ياشلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىشى، قىرغىزلاردىكى ئاتنى كۆزلەشتىن بولۇۋاتىدۇ، — چۈشەندۈردى سابىق باجگىر، — 5 - ئاتلىقلار پولكىغا نۇرغۇن زاپاس ئات كېرەك. ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئاتلىرى قېرىپ كەتتى، قېچىشقا يارىمايدۇ. ئۆزۈڭلارنىڭ ئەسكەرلىككە ئېلىنىشىڭلارغا كەلسەك، بۇنىڭغا باشقا مۇددىئا يوشۇرۇنغان، سىلەرگە ھۆكۈمەت بەرىبىر ئىشەنمەيدۇ. سىلەرنىڭ كەلگۈسىدە قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەپ، بىر يەرگە قامىۋالغانىنىڭ قاتارىدا بۇ ئىشنى قىلىۋاتىدۇ.

تار كوچا تەبئىي تۇيۇقتەك خىلۋەتتىن بېرى بۇراندىن



خالىي ئىدى. ئەمدى بۇ يەرگىمۇ بوران تۇرۇپ، ئاسمان - پەلەك توپا - چاڭ پەيدا قىلدى: باللار توپىلىغانلىقىدىنمۇ ياكى قورساق ئېچىقىشىنىڭ دەستىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئارامسىزلىنىپ ھاۋۋا ئۈستىدە مىدىرلاشقا باشلىدى، ھەتتا كىچىك قىز بەزلىگەنگە ئۇنىماي بىرنەچچە قېتىم ئاچچىق چىرقىراپ يىغلاپ تاشلىدى. سەمەت جۇۋاڭ زىڭگۈەن بىلەن خوشلىشىپ، ئاتنى قامچىلاۋېتىپ، چاقچاق ئورنىدا ئۇنىڭغا:

— ئۇرۇش بولغاندا، ئاقسۇ خەلقىگە قارشى ئوق ئاتما، پولكتىن قايتىپ چىقالىغۇدەك بولساڭ قومباشقا ئەمەس، بىزنىڭ يېزىغا كەل، ئايكۆلدە تۇر! — دېدى.

— مۇمكىن بولسا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ئېلىشتىن ساقلان، — دېدى جۇۋاڭ زىڭگۈەن بۇ ئايكۆللۈك ئاق كۆڭۈل يىگىتكە سەمىمىيلىك بىلەن، — قولۇڭدىكى ئات بولغاندىن كېيىن، بىرەر جايغا، تاغ ئىچىدەك پىنھان يەرگە ۋاقتىنچە قېچىپ بېرىپ مۆكۈنۈۋال ...

سەمەت ھاۋۋىسىنى ھەيدەپ كېتىپ، خەنزۇ ئوغلانىنىڭ مەسلىھەتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندى. ئەمما ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەمەت يېزىسىغا قايتىپ، ئۇزاققا بارماي پولكقا ھەيدىلىپ كېلىپ قېلىشىنىڭ چوقۇم ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. چۈنكى ئايكۆل يېزىسىنىڭ باشلىقى ئۇنى بەرىبىر پات - ئارىدا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يۈرەتتى. بۇ يېزا بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى تېخى ئادا قىلالمىغانىدى.

ھاۋۋا تار كوچىدىن چىققاندىن كېيىن قول يولغا ئۆتۈپ، تېزلا گۈلباغ دەرۋازىسى ئارقىلىق شەھەر تېشىغا ئۆتۈۋالدى. ھاۋۋىنىڭ ماڭار يولى ئاقسۇ بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، سەمەتلەرگە ئايكۆلگە يېتىپ بارغۇچە بىرقانچە يېزىنى

بىسىپ ئۆتۈشكە، جۇغلىمدىن، بەشتېرىقتا بېرىپ، ھارۋىدىكى دەردمەن ئايال ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلار قىزىلكۆۋرۈككە يېتىپ گۈلباغ مەھەللىسىگە كىردى، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە خېلى ئۇزۇن مۇساپە بىلەن بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ، تەسبىھ دانىلىرىدەك قاتار كەتكەن بىرقانچە يېزا جايلاشقانىدى. ئۇلار شۇ ئېگىز بىلەن جاكۆۋرۈك، ئۆستەڭ، بەشتېرىق، تۇرپلۇق، قۇمباش، ئايكۆل يېزىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى.

يار-يار ھارۋا كېچە قاراڭغۇلۇقىدا كاتاڭشىدىن كاتاڭشىغا ئۆرۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئولتۇرغانلارنى تىنىمسىز چايقاپ، سىلكىپ تۇراتتى. قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بوران دالدىسىز دالادا تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاتنىڭ مېڭىشىنى ئاستىلاتتى. سەمەتمۇ، ئۇنىڭ ئاچىسىمۇ ۋە باشقىلارمۇ بۇ زېرىكىشلىك يولنى ئۇيقۇغا زورلاپ ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلالمايتتى. سەمەت بىلەن ئۇنىڭ ئاچىسى تېگىگە سېلىۋالغان ئىككى تاغارنى ئېلىپ بالىلارغا بىردىن يېپىپ قويدى. ئەمما بالىلارغا شۇ تاپتا تاغار تۈگۈل يۇمشاق كۆرپىمۇ ئەرمەك بولالمايتتى، چۈنكى ئۇلارنى سوغۇقتىن رەھىمسىز تەرسە — قورساق ئاچلىقى ئازابلاپ تۇراتتى.

— ئاپا، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — يىغا ئارىلاش زارلاندى كىچىك قىز. ئانا شەھەر ئىچىدە، قاماقخانا ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن سانسىز كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرنى، ئېرىنىڭ ئېغىر يارىدار قىلىنىپ، قاماقخانا ئىچىگە ئىسكى پالاستەك سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىلگەنلىكىنى تېخىچىلا ئېچىنىش بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بىھوش كىشىدەك ئولتۇراتتى. قىزىنىڭ يىغىسىدىن كېيىن ئۇ يانچۇقىدىكى بىر سىقىمچە ئاچچىق ئۆرۈك قورۇقىنى ئېلىپ، بالىلارغا بۆلۈپ بەردى، شۇ چاغدا



سەمەتنىڭ ئاچىسى يېنىغا قىيىۋالغان كىچىك بىر داستىخان بوغچىسىنى يېشىپ، ئوتتۇرىغا قويدى. بوغچىدا ئالدىنئالا ھېسابلاپ ئالغانىدەك بۇ بەش كىشىگە بىردىن بەش نان بار ئىدى. ئۇ بۇلارنى شەھەرگە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۆيىدىكىلەرگە ئېلىۋالغانىدى. بۇ ئايال ھارۋىغا چۈشكەن كۆڭۈلسىز جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئۆشتۈمتۇت گەپ باشلاپ قالدى.

— ھۆكۈمەت يۇقىرىلارغا ئىلىدىكى تۇپىلاڭ بېسىقتۇرۇلۇپ بولدى، دەپ تەشۋىق قىلىدىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئەمما قىيىلىدىكى ئەسكەرلىرى ئازلىق قىلغانىدەك، يەنە ھەدەپ ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتىدىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟ قايسى گەپكە ئىشەنسەك بولىدۇ؟ بەزى كىشىلەر تېخى ئىلىدا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يۇقىرىلارنى تۇپىلاپ ئۆلتۈرۈپ، كوچا-مەھەللىلەرگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ، دېگەن گەپلەرنىمۇ تىلىپ يۈرىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا بىچارە قەمەرنىسا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇ تىرىكمىدۇ — قانداق؟

— قەمەرنىسا تىرىك، ئىلى خەلقى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە باش ئەگكىنى يوق! — كېسىپ ئېيتتى سەمەت. — ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلىغاندىن بېرى بىرمۇنچە قىز-چوكانلار يارىدارلاردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن شەپقەت ھەمشىرىسى بوپتۇ، قەمەرنىسا بىر قىزلاردىن ئەمەس. ئۇمۇ چوقۇم شەپقەت ھەمشىرىسى بولغان بولسا كېرەك.

— سەن نەدىن بىلىسەن، ئەجەب ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەيسەنغۇ؟ — قىزىقسىنىپ سورىدى ئاچىسى.

— مەن نېمىشقا بىلمىگۈدەكمەن؟ مانا مۇشۇ گېزىت ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، — سەمەت تېگىگە سېلىنغلىق كىگىز ئاستىدىن بىر ئورام «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنى ئېلىپ كۆرسەتتى، — گېزىتتىن بىلەلمىگەنلىرىمنى لۇتپۇللا

مۇتەللىپ دېگەن بىر شائىر بار. ئۇ ھەربىر قېتىم كۆرۈشكەن چېغىمدا ئۇيدان سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

— ئەگەر كېچە، قاراڭغۇ بولمىغان بولسا بۇ گېزىتلەرنى بىزگە ئوقۇپ بەرسەڭ بولغانمىكەندۇق!

— بولىدۇ. ئاۋۋال ئۆيىگە بارايلى. ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوقۇپ بېرىمەن. ئاقسۇدا ھۆكۈمەتنىڭ ھەدەپ ياشلارنى تۇتۇپ، ئەسكەر كۆپەيتىۋاتقانلىقىغا قاراپلا ئەھۋالنىڭ قانچىلىك ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىنى بىلىۋالالمىدىڭمۇ؟

— ھەر نېمە بولسا خۇدايىم سېنى ئەسكەرلىكتىن ساقلاپ قالسىلا بولاتتىغۇ؟ قەمەرنىسا بىلەن تويۇڭلارنى قىلىۋەتكەن بولساق، ئۇ مۇشۇ باھانە-سەۋەب بىلەن غۇلجىغا كېتىپ قالمىغان بولاتتى. ئەگەر كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئىككىڭلار بىللە بېرىپ، بۇ يەردىكى غەم-ئەندىشىلەردىن بىر ئۆلگۈچە قۇتۇلۇپ قالاتتىڭلار.

— ئاچا! — دېدى سەمەت ئۈمىدۋار ئاھاڭدا. — ئەھۋاللارغا قارىغاندا ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاقسۇغا كېلىپ ئۇرۇش قىلىدىغانلىقى چوقۇمدەك تۇرىدۇ. ئۇ چاغدا قەمەرنىسا شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە كەلمەي قويماس، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— قېنى، ئويلىغىنىڭ كەلسۇن! — خۇشال بولۇپ، ھاياجان ئاھاڭدا سۆزلىدى ئاچىسى.

پاراڭ جىمىدى. ئاڭغىچە بىرانمۇ خېلى بوشاپ قالغانىدى. دەردمەن ئائىلە نە ئۇخلىماي، نە گەپكە ئارىلاشماي گويا يەنىلا قاماقخانا ئالدىدا تۇرغاندەك ئېغىر ۋە جىددىي كەيپىيات ئىچىدە مىسلىسىز چوڭقۇر قايغۇ-ئەلەم دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ئولتۇراتتى. باللار يۇمشاق، ئاق داۋاي نانلىرىنى يەپ تويۇنغاندىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇلار بوش خورەك تارتىپ يېتى-



شاتتى. سەمەت مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاقسۇغا ھۇجۇم بىلەن كېلىدىغان ۋاقتىدىكى باتۇر مىنۇتلارنى ۋە قەمەرنىسا بىلەن كۆرۈشىدىغان چاغدىكى خۇشال مەنزىرىنى قىياسەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىرنەچچە قېتىم خۇشال ئۈشقىرتىپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى كەينىگە پەرۋاز قىلىپ، قاماقخانا ئالدىغا — يەنە شۇ دوزاخ ماكانىغا كېلىپ توختىدى.

## ئاقسۇنىڭ يازدىكى بىر كۈنى

ئاقسۇدا 1945 - يىلنىڭ ياز ئايلىرى باشلاندى. ھاۋا تىنچىق، ئاسمان ھەر كۈنى دېگۈدەك سۈزۈك ۋە بۇلۇتسىز. بىر ھەپتىدىن بۇيان قۇياش جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەشتەردەك ئۆتكۈر ۋە تۈمەنسىز يورۇق ئاپتىپىنى ئاقسۇ بازىرىنىڭ ھەممە يېرىگە سېخىيلىق بىلەن تەكشى سېپىۋاتاتتى. شامال يوق. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئەتىيازدىكىدەك بورانلىق كۈنلەر ئازىيىپ، تىختىماي ئۇچۇپ تۇرىدىغان توپا-چاڭ خېلى بېسىقىپ قالغان. شەھەر ئىچىدە ئانچە-مۇنچە چىلىقىپ قالىدىغان قېرى قارىياغاچ دەرەخلىرى بىلەن پاكار سۆگەتلەر ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدىكى يوغان ئۈجمە، خەلق مائارىپى يۇرتىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى مېۋە بەرمەس بولۇپ قالغان ئىككى تۈپ ئاممۇت دەرىخى كۆرۈنمەس بىر كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ شاخلىرى لىڭشىپ قويمايتتى. ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىناسى ئالدىدىكى كىچىككىنە ۋالىبول مەيدانىنىڭ تۆت بۇرجىكىدىكى ئاسمان-پەلەك ئېگىز

بىرى تارتىپ ئۆسكەن تۆت تۈپ سۆۋادان تېرەكنىڭ سايىسى قاچقان، چۈش پەيتى بولۇش بىلەن باش تەرەپتىن تەيزىدەك تىك چۈشۈشكە باشلىغان ئاپتاپ بۇ دەرەخلەرنى ئۆپچۆرىسىگە سايە تاشلىماس قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا بۇ يەردە ئۆيغۇر ئۇيۇشما خادىملىرى بىلەن ئۇلارغا قېشىنا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىرلىشىپ، يات - يات ئويناپ تۇرىدىغان ۋالىبول كۆتىدۆزى ئويناللماس بولۇپ، تۇختاپ كەتكەن، مەيدانىنىڭ يان چېتىدىكى ئاددىي ياغاچ تۇرنىكمۇ تەنتەربىيەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ مەشغۇلات قىلىپ تۇرماسلىقىدىن بىكار تاشلىنىپ، يېتىمسىرەپ قالغانىدى.

ئادەتتىكى چاغلاردا ئادەملەر بىلەن تولۇپ قايناپ بولۇپ تۇرىدىغان تاشقىرىقى بازار ياز كىرگەندىن بۇيان تېخى باشقىچە بولۇپ، غېرىبچىلىق ئىچىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئىسسىق دەستىدىن ئادەملەر شالاڭلىشىپ، بۇ يەر چۆلدەرەپ قالغان، بۇنىڭغا بېقىپ، يىنەيىتە كۈنلەردە ئانچە - مۇنچە بولۇپ تۇرىدىغان پارچە - پۇرات سودا - سېتىقمۇ ئىنتايىن ئازلاپ كەتكەنىدى. دوقمۇشلاردىكى چەرچەن مال دۇكانلىرى بىلەن كىرزا، ئىدىش، ھېجىر - تاۋاق، كېپەك - سامان دۇكانلىرى ئوچۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ئاپتاپ دەستىدىن تىنچسىقتا قېلىپ، دۇكاندارلاردىكى ئۆزلىرىگە خاس چېچەنلىك ۋە چاقساتلىقىنى يوشۇتۇپ، ئۇلارنى ئېرىنچەك قىلىپ قويغانىدى. تاشقىرىقى بازارغا ھەر يازدىكىدەك مۇز تەڭگىلىرى چىققانىدى. مۇز سۇيى ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ، يات - يات تۇۋلاپ قىرىيۇشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن بۇ بازار ئاقسۇ خەلقىنىڭ نەزەر - ئېتىبارىدىكى ئۆزىگە خاس ئاۋاتچىلىقىنى يوقاتقان، گويا چۆل - جەزىرىلەردىكىدەك جىمجىت، بىر خىل غەمكىن ھالەتكە چۆككەنىدى. ئېشەك قوشقان غالتەككە ئوخشاش كى-



چىك ھارۋىلاردا كىچىچە يول مېڭىپ، تاڭ سەھەر بىلەن چىلگە، بالدۇر پىشار بەگزادە قوغۇن ئەكەلگەن بەشتۆگمەن، قارىتال يېزىلىرىنىڭ دېھقانلىرى تاشقىرىقى بازارنىڭ شەھەر دەرۋازىسى تەرەپكە سايە قوغلىشىپ، ئۆز يايمىلىرىنى قۇرغانىدى. ئۇلار تۆكمە قىلىپ، تېز پۇل قىلىۋېلىش ئۈمىدى بىلەن ئەكەلگەن بۇ ياز نېمەتلىرىنى ئارانلا 10 - 15 دانىسىدىن ساتاتتى. قالغانلىرىنى باققاللارغا ئەرزانلا سېتىۋېتىپ يوللىرىغا راۋان بولۇشاتتى.

ئەتىسىگەنكى باش توخۇدا ئىشكلىرىنى ئېچىپ، ئوچاق ئادالاپ ئوت يېقىش، ئۈستەل - بەندىڭلەرنى سۈرتۈش، قىيما ھازىرلاش، خېمىر زۇۋۇلا قىلىشقا ئوخشاش تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزىۋالغان بىرنەچچە كىچىك ئاشخانا شوپۇرلارغا ۋە باشقا يولۇچىلارغا ئەتىگەنلىك زوتاڭ سودىسىنى قىلىۋالغاندىن كېيىن، خېرىدارسىز قېلىپ جىمىپ كەتتى. ناۋايخانىلار بۇ جۈمە ئىلگىرىدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە يېڭى نان ياقمىدى. ئەمما ئۇلارمۇ ئەتىگەن ئېچىلىپ، ئۆز چۆپقەتلىرىگە تونۇگۈنكى سودىدىن ئېشىپ قالغان نانلىرىنى ئانچە - مۇنچە ساتقان ۋە بەزى يېزا دېھقانلىرىغا تۇخۇ، توخۇم ۋە ئوتۇن، كېپەككە تېگىشكەندىن كېيىن، خېرىدارسىز قېلىپ تىمتاسلىققا چۆكۈپ كەتكەنىدى. سامسىخانىلار ئەتەيىن ۋاخچىراق ئېچىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ سودىسى ئەتىگەندىكىگە قارىغاندا كەچ تەرەپتە ئاۋاتلىشىپ قالاتتى. چۈش ۋاقتى بىلەن تەڭ ئۇلاردىمۇ قىمىرلاش بولۇپ، سامسا قىيمىسى بىلەن سامسا خېمىرى تەييارلىنىشقا باشلىدى. تىمكارلار سامسا تونۇرىغا ئوت ياقتى. شەھەر ئىچىدىكى بىرقانچە قاۋاقخانا ئوچۇق ئىدى. لېكىن، ئىسسىقنىڭ زورىدىن ئىچەرمەنلەر ئۇلارغا سوغۇق ئايلاردىكىدەك كۆپ كىرمەس بولۇپ قالغانىدى. قاۋاقخانىلارنىڭ ئالدىغا

كاۋاپدان قويۇۋالغان كىشىلەر سودىنىڭ بولماسلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆز كاۋاپلىرىنى ئۆزلىرى يەپ، ئۇ-نىڭ لەززەتلىك تەمىنى ئۇزاققىچە قېتىپ - قېتىپ شۈمۈپ قويۇۋاتتى. كۆلۈپ ئالدىدىكى بوشلۇققا يايما قىلىپ، ئۈستىگە قارامتۇل كۆك داستىخاندىن سايىۋەن قىلىۋالغان سودىگەر ئۆ-زىنىڭ دىمدام ئۇيقۇسىدىن خالاس بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىغا تىزىۋالغان دەپتەر، قەلەم، رەڭ، ئاق دوپپا، چىلتەك، كەشتە يىپى، يىڭنە، قارا يىلىم ۋە كىسىم تۈگمىلىرىگە خېرى-دارنىڭ بولماسلىقىدىن نارازى هالدا، چىرقىغۇر ئەسنەپ، ماللىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ، بۇ يەرگە ئەمدى ئىككىنچى يايما قىلماي، ئەتىدىن تارتىپ، غالتەك بىلەن سەييارە سودا قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ هويلى-سىدىن باللارنىڭ تىنىمسىز ۋاڭ - چۇڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن شەهەر ئىچىگە تارقىلىۋاتتى. باللار بۇ يەردىكى كىچىككىنە كۆلدە ئىسسىپ كەتكەن لاي سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناشماقتا ئىدى.

توغرا، ئاقسۇدا مۇنداق يېقىمسىز ئەهۋال هەر يىلىنىڭ ئەتىيازلىقى سېرىقتال ۋاقتىدىن تارتىپ باشلىنىپ، يازنىڭ ئالدىنقى ئايلىرىغىچە ئەنە شۇنداق بىر خىل هالەتتە داۋام قىلىپ تۇراتتى. قارىماققا ئاقسۇ بۇ يىلمۇ هەر يىلدىكىدەك تىنچ، ئادەتتىكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. لېكىن بۇ يەردە ئۆتكەن يىللاردىكىدىن كەسكىن پەرق قىلىدىغان يوشۇرۇن سىر ساق-لانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا چوڭقۇر يىلتىزلىنىۋاتقان بىر خىل ۋەهىمە هۆكۈم سۈرەتتى. بۇ ئاقسۇ كونىشەهەرنىڭ ياربېشى ئۈستىگە سوقما قىلىنىپ ياسىلىۋاتقان چوڭ ۋە قېلىن پوتەي-لەردىن، قەبرىلەر ئۈچچۆرىسىگە كولىنىۋاتقان غول ئېرىقتەك ئۇزۇن لەخىملەردىن، يېڭىشەهەر سېپىلىنىڭ سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ، نېپىزلىشىپ كەتكەن جايلىرىنىڭ لاي چاپلىنىپ، قايتىدىن



قېلىنلىتىۋاتقانلىقىدىن، سېپىلنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇرغان خەندەك يانلىرىغا قانداقتۇر بىر ۋاقىتلاردا تىكىلىپ قالغان بەش تۈپ تېرەك، بىرقانچە تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ كېسىپ تاشلانغانلىقىدىن، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ سېزىلەرلىك دەرى-جىدە جىددىيلىشىپ قالغانلىقىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. بۇنى يەنە مارالبېشىدىن بىر روتا ئەسكەرنىڭ ئاقسۇغا يۆتكەپ كېلىنگەنلىكىدىنمۇ بايقىۋالغىلى بولاتتى. بولۇپمۇ شەهەر ئىچىدە ۋەهىمە تېخىمۇ جىددىي ۋە روشەن تۈس كىردى. بىرچۈش-تۈەندە كۈنىگە تۆت سائەتتىن ئىككى قېتىم بولۇپ تۇرىدىغان هەربىي مەشق توختىتىپ قويۇلدى. ئۇنىڭدىكى 200 چە ئەس-كەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاغرىق - سىلاق ئىدى، بەزىلىرى كوماند-دىرلار تەرىپىدىن قاتتىق ئۇرۇلۇپ، ئاقسان ياكى ناكار بولۇپ قېلىپ قويۇلغانىدى. شۇنىڭغا قارىماي هەممىسى هەدەپ ئىش - ئەمگەككە سېلىنماقتا ئىدى. بۈچۈشتىن 5 - ئاتلىق-لار پولكىنىڭ كوماندىرى، پولكوۋنىك جاۋخەنچىنىڭ پىلانى ۋە بۇيرۇقىغا ئاساسەن شەهەرنىڭ تۆت تەرىپىدىكى دەرۋازىلى-رىنىڭ ئۈستىگە بىردىن تۆت پوتەي، دەرۋازىلار ئارىلىقىغا ئىككىدىن توغرا كەلتۈرۈپ، سەككىز پوتەي، ئومۇمەن بۇ جاي-لارغا ئېگىز ۋە قېلىن قىلىپ 12 پوتەي ياسىشى، ئاندىن يەنە شەهەر ئىچى پەسكە، هەربىر دەرۋازا يېنىغا بىردىن تۆت چوڭ پوتەي، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن 5 - ئاتلىقلار پولكى ئارىلىقىدىكى كوچا دوقمۇشىغا بىر، ۋالىي مەهكىمىسى بىلەن ناهىيىلىك گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئالدىدىن كېسىپ ئۆتكەن يولغا يەنە بىر ئاستى لەخىملىك چوڭ پوتەي-لەرنى ياسىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئىشلار ئەنە شۇنداق كۆپ، جاپالىقلىقىغا قارىماي بىر ئايدا پۈتۈپ، قولدىن چىقىشى شەرت قىلىنغانىدى. ئىش شۇ كۈنىلا باشلىنىپ كەتتى.

شىمالىي دەرۋازا تېشىدا خەندەككە يېقىن جايلاشقان

سالاخۇن ئۇستىنىڭ ئاشخانىسىغا ھەر كۈنى بولۇپ تۇرغىنىدەك، بۈگۈنمۇ شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئۇنىڭ سىرداش سۆھبەتدىشى مۇنىرىدىن خوجا كىرىپ كەلدى. بۇ ئىككى بويتاق يىگىت ھەر ئايلىق تامىقىنى كۆتۈرە بېرىپ، پۇلىنى ئاي ئاخىرىدا بىر يولى تۆلەش شەرتى بىلەن مۇشۇ ئاشخانىدىن تاماق يەپ كېلىۋاتاتتى. بىر يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم خۇش مۇئامىلە، ئوچۇق چىراي، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۇلارنى ئاتا - بالىلاردەك ئىنتايىن يېقىنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇ كۈنى ئاشخانىغا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار كىلىپ، ئانچە ئۆتمەي ياش شائىر بىلال ئەزىزىمۇ كىرىپ كەلدى. بىلال ئەزىزىنىڭ باش - كۆزى يېڭىلا چاچ - ساقىلىنى چۈشۈرتكەچكە ساقچى ئوفىتسېرلىك شەپكىسىنىڭ ئاستىدا ئەينەكتەك سۈزۈك، پاك - پاكىز پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن مەقسۇتئاخۇن ئۇستىنىڭ ساتىراشخانىسىدا چېچىنى ئالدۇرغاچ، ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈش، يېڭىدىن يېزىپ چىققان «ئۆلمىسۇن» دېگەن شېئىرىنى كېزىتكە بېسىشقا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئاقسۇ كونىشەھەردىن يېڭىشەھەرگە كەلگەنىدى. ئۇ مەقسۇتئاخۇن ئۇستىنىڭ ئازادە دۇكىنىدا چاچ - ساقال ئالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ۋە بۇ دۇكاندا يېكىرداش، ھەمسۆھبەت دوستلىرى بىلەن ئۇرغۇن قېتىم ئۇچرىشىپ قېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ كەلگەنىدى. بىلال ئەزىزى، ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلارنى ساتىراشخانىدىن ئۇچرىتالمىغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئىزدەپ كېزىتخانىغا بارغان، ئۇ يەردىنمۇ تاپالمىغاندىن كېيىن ئىز قوغلىشىپ، ئالاھىدە بۇ يەرگە كەلگەنىدى.

بىلال ئەزىزىنىڭ چىڭقى چۈش. ھاۋا تازا ئىسسىغان ۋاقىتتا ئاشخانىغا كىرىپ كېلىشى كۆتۈلمىگەن بىر ئەھۋال



بولسىمۇ، ئەمما ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار ئۇنى قىسمەتلىك ئارزۇلۇق مېھمىنى سۈپىتىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، چىڭ قول سىقىشقان ھالدا قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى ۋە ئورۇندۇق ئەكىلىپ، يانلىرىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. ل. مۇتەللىپ چوڭقۇر سەمىمىيلىك بىلەن سالاخۇن ئۇستىغا بىلال ئەزىزىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ:

— ئاتا، سىلىنىڭ ئاشخانىلىرىغا بىز ئىككى نەپەر بالىلىرىدىن باشقا ئۈچىنچى پەرزەنتلىرى بىلال ئەزىزى كىردى، — دېدى، — بۇ بىزنىڭ چىن كۆڭۈلدىن كۈتكەن ئەزىز مېھمىنىمىز. بىزگە تەييارلاۋاتقان بىرسولىرىنى ئۈچ تەخسە قىلىپ ئەكەلسىلە، يېغى، گۆشى ئاۋۇنراق بولسۇن جۇمۇسىلا. بۇنىڭ پۇلى ئايرىم تۆلىنىدۇ، — ل. مۇتەللىپ بىرئاز ئويلىنىپ توختىۋالغاندىن كېيىن ئالاھىدە جېكىپ تۇرۇپ يەنە، — غىزانى ئالدىراپ پىشۇرۇپ ئەكىلىپ قويمىسىلا، ئاۋۋال تازا ئوخشىتىپ بىر تەخسە سەي قورۇپ بەرسىلە، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— ھە، نېمە قىلىمىز، سەينى نېمە قىلىمىز؟ — ئالدىراپ سورىدى مۇنىرىدىن خوجا ۋە ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ، — بوزا ئىچىمەكچىمۇ؟ ئۇنداق بولسا ياخشى، ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار! كونا مەپە بازىرىغا بېرىپ، قالىكەشنىڭ بوزىسىدىن بىر كىرىزەك ئەكېلەي. قالىكەش ئۆزى قازاق بولسىمۇ، قىرغىز تۇغقانلىرىدىن ئۆگىنىپ، يېقىندىن بېرى بوزا چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بوزىسى ئالاھىدە كۈچلۈككەن، — دېدى. مۇنىرىدىن خوجا ئورنىدىن قوزغىلىپ ماڭدى. بىلال ئەزىزى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ۋە ل. مۇتەللىپكىمۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ:

— بۈنچىلىك ئاۋارە بولماڭلار. بوزا ئىچمەيمەن. قورسقىم توق، غىزامۇ يېمەيمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— قانچىلىك ئۇزۇن مەلىكە بولۇپ ئولتۇرساق، شۇنچە ئوبدان پاراڭلىشالىمىز، — يەنى قورۇۋېرسۇن، بىزنىمۇ ئىچەيلى. — دېدى ل. مۇتەللىپ بىلال ئەزىزنىڭ ئۆزرىخاھلىقىنى تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلىپ. — سالاخۇن ئاكام ئاشپەز بولغىنى بىلەن بىزنىڭ سىردىشىمىز. ئەڭ ياخشى سۆھبەتدىشىمىز. تېخى ئۇ بىزگە ئاشخانىغا كىرگەن - چىققان بەزى يامان، گەپ تىڭشىغۇچى، سىرلىق ئادەملەر ئۈستىدىن كۆز - قولاق بولۇپ بېرىدۇ. دوستۇم بىلال، بۇ يەردە خاتىرجەم تاماق يەيمەن، يېمەك يەرسەن، بولمىسا مەيلى، قانغۇدەك پاراڭ قىلىشالىمىز.

مۇنىرىدىن خوجا بىلال ئەزىزنىڭ تېسۇغىستىغا قويماي قالىكەشلىكىگە كەتكەندى. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە بىر كېزەك بوزا كۆتۈرۈپ كىردى. مۇنىرىدىن خوجا ھۆرمەت يۈزىسىدىن سالاخۇن ئۇستىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئاۋۋال بىر قاچا بوزا تۇتتى. ئاشخانىنىڭ خەندەك تەرەپكە ئېچىلغان ئارقا ئىشىكىدىن سېپىل ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىلىۋاتقان لاي ۋە كېسەكلەر ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئاقسۇدا ئۇرۇش بولغۇدەك، دەپ ئارقىلىپ يۈرگەن گەپ - سۆزلەر راست ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى سالاخۇن ئۇستا ساقال - بۇرۇتىغا ئامغان بوزا يۇقۇندىسىنى پەشتامىلىغا سۈرتۈپ تۇرۇپ. — قاراڭلار، ئەنە ئۇلار ھەدەپ سېپىل ئۈستىگە ئىشلەۋاتىدۇ. ھەربىي ئەمەلدار كاساپەتلەر بۇچۇگتۇمەن دېگەن مەرەزگە تۇتۇپ كەلگەن باللارنى قورسىقىغا تۈزۈكرەك ئاش - نان بەرمەي، ھەدەپ مۇشكە سالغاندى، ئەمدى ئىشقا سېلىپ ئۆلتۈرۈپ بولىدىغانغا ئوخشىمامدۇ؟!

ل. مۇتەللىپ ئىچىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان بوزىنى ئۈستەلگە قايتۇرۇپ قويدى - دە، چوكىنى سەيگە تىرەپ تۇرۇپ:

— بۇچۇگتۇمەن دېگەن بۇ بالا تەڭكۆر پەيدا بولۇپ،



ئالتە - يەتتە ئاي ئىچىدە ئۇنچە ياشنى ئۇرۇپ ۋە قىشلىقى سوغۇققا قويۇپ ئۆلتۈرۈپ بولدى. قالغانلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ئاندىن پۇخادىن چىقىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى غەزەپ بىلەن، — ئۇلارغا ئادەمنىڭ جېنى قوشقاچنىڭكىچىلىكمۇ ئەمەس. خەلقنى ئىنقىلاب بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزمىسا، باشقا ھېچنېمە قۇتقۇزالمايدۇ.

— ئۇرۇشنىڭ بولۇشى مۇقەررەر، بىراق ئۇنىڭ قاچان بولۇشى تېخى نامەلۇم، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا، — گومىنداڭ پولكىدىكى كۆل رەڭ چاپانلار بىلەن ساقچى ئىدارىسىدىكى قارا چاپانلارنىڭ ھەرىكىتى بىزدىكى نۇرغۇن تۈگۈچ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ پوتەي، لەخمە ياساشلىرى، مېڭىش - تۇرۇشلىرى ۋە ئالاقزادە بولۇشلىرىغا قاراپ، ئۇرۇشنىڭ يات - يېقىندا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇلار پوتەيدىن بەشنى ئەمەس، ئوننى، ئوننى ئەمەس يىگىرمە ياكى ئوتتۇزنى ياسىغانىكەن، چوڭراق ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەنە تەرسالارچە مۇداپىئەلىنىپ، جان ساقلاشقا تىرىكىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ ھەددى ئەمەس، ئىنقىلابىي ئۇرۇش، خەلق قوزغىلىڭى ھېچقاچان ئۇلارنىڭ رايىغا باقمايدۇ!

سالاخۇن ئۇستا مۇنىرىدىن خوجىنىڭ سۆزلىرىدە ھەقىقەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىر تۇرۇپ قىزىقىپ، بىر تۇرۇپ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئاڭلاۋاتاتتى. ئاشپەزگە سىنچى كۆزى بىلەن قاراپ تۇرغان ل. مۇتەللىپ يېقىنچىلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈشتۈمتۇت سوراپ قالدى:

— سالاخۇن ئاكا، يۈرەكلىرى پوكۇلدىماي، ئاۋۋالقىدەك پۈتۈن تۇرۇۋاتقاندۇ ياكى ئۇرۇش بولۇپ قېلىشتىن قورقۇۋاتامدىلا؟ بۇ ئۇرۇشنى ئىلى تەرەپتىن كېلىدىغان ئەزىمەتلەر

باشلاپ بېرىدۇ. بىز ئۇلارغا قوشۇلۇپ، كومىنداڭچىلارغا قارشى جەڭ قىلالالا بولىدۇ. قانداق، قاتنىشالا؟

سالاخۇن ئۇستا ئۇشتۇمتۇت، ئەمما ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئالغا دەررۇ جاۋاب بېرەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئىشىك تەرەپتىن تاغىچاقنىڭ تونۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كەلسىلە مېھمان، كەلسىلە! — دېيىشتى تاغىچاق ئاشخانىغا كىرىپ كەلگەن كىشىگە ئادەتتىكىچە جاي كۆرسىتىپ، — قېنى، ماۋۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرسىلا!

سالاخۇن ئۇستىمۇ مېھمانغا تەكەللۇپ ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كېتىپ، ل. مۇتەللىپنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ل. مۇتەللىپ بىلال ئەزىزىگە بوزا قويۇش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن كىرگەن كىشىگە زەن سالمىدى. بۇ كىشى شائىرنىڭ كەينىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇردى. مېھمان ئاشخانىغا كىرىش بىلەنلا بۇ يەردە ل. مۇتەللىپنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. بىراق، ئۇنىڭ ساقچى ئوفىتسېرى بىلەن بىللە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ سەسكىنىپ، شائىر بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

مېھمان ياز ۋاقتى بولغىنىغا قارىماي، ئۈستىگە تېرىكتىن تىكىلگەن كىيىنا ستوركا، گەلەپى شىم، بېشىغا ستالىنچە شەپكە، پۇتىغا يۇلغارىدىن ئۆتۈك كىيگەنىدى. مۇنداق فورمىدا كىيىنىش غۇلجا ياكى ئۈرۈمچىدە ئادەت بولۇپ، بۇ ئىككى شەھەرنىڭ بىر قىسىم ياشلىرى دەل ياز كۈنلىرىدە ئاشۇنداق كىيىنىپ يۈرۈشنى ياقتۇرۇشاتتى. دېمەك، مېھماندىكى تۇرۇق ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ل. مۇتەللىپلەر بىلەن بۇ يىگىت ئىككى ئۈستەلدە ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىلال ئەزىزىگە يۈزتۇراتتى، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل



بولغانلىقتىن، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە ئامادىيەن بىرنەچچە قېتىم قارىشىپ قويۇشتى، بىراق، تونۇش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزئارا سالام بېرىشمىدى. بىلال ئەزىزى بۇ مېھماننىڭ كەيپى تۇغرىسىدا ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمىدى. بىر قارىغان كىشىگە ئۇ ئۆزىنىڭ شوپۇر ئىكەنلىكىنى سەزدۈرۈپ تۇراتتى. ئاقسۇغا ئاپتوموبىل يېڭى نەرسە بولغىنىدەك، شوپۇرلارمۇ ئالاھىدە يېڭى تەقلىدتىكى كىشىلەر بولۇپ سېزىلەتتى. لېكىن بۇ يەرگە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان كەلدى - كەتتى ئاپتو ماشىنىلارنىڭ ئانچە - مۇنچە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، شوپۇرلاردىكى غەلىتە كىيىنىشلەرمۇ ئاقسۇ خەلقىنىڭ كۆزىگە سىڭىش بولۇپ قېلىشقا باشلىغانىدى. شوپۇرنىڭ دىققىتى يەنىلا بىلال ئەزىزدە ئىدى. ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ مۇشۇ قارا كىيىملىك ساقچى خادىمى بىلەن ئىچىلىپ - يېيىلىپ، ئازادە ئولتۇرغىنىغا بىر تەرەپتىن ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. لېكىن يۈزىڭلىق بىلەن شوپۇرنىڭ كۆرەشچان شائىرغا بولغان ئەقىدىسى بوشىشىپ كەتمىگەنىدى. ئاخىر ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ساقچى ئوفىتسېرىگە كۆرسىتىۋاتقان مۇئامىلىسىدە ئىنقىلاب ئىشىغا پايدىلىق مەلۇم تاكتىكا بولۇشى مۇقەررەر، دېگەن قەتئىي بىر پەرەزگە كەلدى. شوپۇر ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن، بۈگۈن داڭلىق شائىر بىلەن كۆرۈشۈشى، ئۇنىڭغا غۇلجا شەھىرىدە نەشىر قىلىنىۋاتقان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئەكېلىنگەن يېڭى سانلىرىنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى: ئۇ مۇندىن 20 كۈنلەر مۇقەددەم قەشقەرگە يۈك ئەكىتىۋېتىشتە مۇشۇ گېزىتنىڭ ئۆتكەنكى سانلىرىنى خۇددى ھازىرقىدەك مەخپىي ئالغاچ كېلىپ، ئۆز ئىشەنچىسىنى بېغىشلىغان دوستىغا، بۇ ئوتلۇق قەلەمكەشكە ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى.

سالاخۇن ئۇستىنىڭ ئاشخانىسى تاشقىرىقى بازاردىكى ئاشخانىلار ئىچىدە بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ۋاقىتتا 15 – 20 تاماق خېرىدارىنى كۈتۈۋالغۇدەك ئايرىم خانىسى بەش دانە تۆرلۈك ئۈستەل قويۇلغانىدى. بىراق كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان خېرىدارلارنىڭ يوقلۇقىدىن ھازىر ئۇنىڭ ئىچى بوش. ھېلىقى شوپۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ل. مۇتەللىپ، مۇتىرىدىن خوجا ۋە بىلال ئەزىزىلەردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئارىغا جىملىق چۈكتى. لېكىن سىرتتا ھاسىراش - ھۆمۈدەش ئاۋازلىرى توختىماي چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئازابلىق ئاۋاز خەندەك تەرەپتىن ئاشخانىنىڭ ئارقا ئىشىكى ئارقىلىق بۇ يەرگە تىنىمسىز كىرىپ تۇراتتى. ئۇ، بۇچۇڭتۇەنگە مەجبۇرىي تۇتۇپ كېلىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن چىقىۋاتقان نالە - يىغانى، چارچاش، ئۇساش ۋە قاتتىق قورساق ئېچىقىدىن كەلگەن ئاھۇ زارى ۋە داد - پەريادى ئىدى. ئۇلار تاڭ سەھەردە بۇ يەرگە ئەكېلىنگەندىن تارتىپ، دەم ئالدۇرۇلماستىن ئەمگەككە سېلىنغانچە توختىماي ئىشلەۋاتاتتى. شەھەر دەرۋازىسى ئۈستىگە ياسىلىۋاتقان پوتەيگە نەچچىسى لاي چىقىرىپ بەرسە، نەچچىسى خەندەك ئىچىدىن لاي يۇغۇپ، سېپىل تېمىغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. قانچىسى نېرى بىر يەردىن كېسەك توشۇسا، يەنە قانچىسى سېپىلغا كېسەك تارتىپ چىقىراتتى. رەھىمدىل، باردىن تەڭ پايدىلىنىشقا ئادەتلەنگەن سالاخۇن ئۇستا بىر - ئىككى قېتىم ئۇلارغا چېلەكتە سۇ، سېۋەتتە نان ئاچىقىپ بەرگەنىدى. ئوفىتسېرلەر بەرگۈزمىدى.

— ۋايجان، ۋاي ئانا، ۋىيەي پۇتۇم! — خەندەك تەرەپتىن ئۈشتۈمتۇت كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ، بۇچۇڭتۇەندىكى 15 – 16



ياشلار چامىسىدىكى تېخى بىلى قاتمىغان ئوتقۇن بالا ئەسكەرنىڭ قاتتىق يىقىلىپ، جان ئۈزۈش ئالدىدىن كۆتۈرگەن ئالىسى ئىدى. قورساق ئېچىقىدىن پەيدا بولغان ماغدۇرسىزلىق، قىزىق ئاپتاپ، سىلسىز تەرلەش ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن كەلگەن باش قېيىش كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، بۇ بالا ئەسكەرنى سېپىل ئۈستىدىن پەسكە دومىلىتىپ تاشلىغانىدى. بالا شۇ داد - پەريادتىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ئۈن چىقارمىدى. بەلكى ئۇ مۇندىن كېيىنمۇ ئۈن چىقارماس! بۇ قېتىمقى تۇۋلاش ئۇنىڭ گومىنداڭ مۇستەبىتلىرى ئۈستىدىن، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن دەھشەتلىك ۋە رەھىمسىز تۇرمۇشتىن ئوچۇق - ئاشكارا بىرىنچى قېتىم، شۇنىڭدەك ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئوقۇغان شىكايىتى ئىدى. بالا ئېگىزلىكتىن سېپىل تۈۋىگە، ئۇ يەردىن يەنە قاڭقىپ، خەندەك ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

بالا ئەسكەرنىڭ ئەجەلى ئالدىدىكى چىرقىرىشى بىلەن بىللە ئۇنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتقان باشقا ئەسكەرلەرنىڭمۇ قايغۇلۇق چىرقىراشلىرى ئاڭلاندى:

— ھەي مامۇت، نېمە بولدۇڭ جېنىم دوستۇم! — ئەسكەرلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەلگەنىدى، لېكىن، تۇتۇۋالالمىدى. خەندەكتىكى چالمىدەك يانجىلىپ چۈشكەن بالا بىرقانچە قېتىملىق ئېغىر تىنىقتىن كېيىن ئەلەملىك ھالدا جىمىپ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ كۆز يۇمدى...

دوست ئەسكەرلەر مامۇتنى ياكى ئەكېتىشنى، ياكى ئۆز جايىدا قالدۇرۇپ تۇرۇشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغانىدى، ئوفىتسېر يىرتقۇچ بۆرىدەك ھۆۋلاپ:

— ئۆلگەن بولسا مەيلى، زەمبىل بىلەن ئۈستىنى يېپىپ قويۇش! قايتقاندا ئالغاچ كېتىمىز! — دېدى.

پۈتەي ياساش يەنە داۋام قىلدۇرۇلدى. چارچىغان ئەس-كەرلەر قەدەملىرىنى ئاۋۋالقىدىنمۇ ئېغىر يۆتكەپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ل. مۇتەللىپ، مۇتەرىددىن خوجا، بىلال ئەزىزى، سالاخۇن ئۇستا ۋە ئاشخانىدىكى باشقا ئاشپەز ۋە تاماقچىلارمۇ بالا ئەسكەرنىڭ توۋلىشى بىلەن تەڭ خەندەككە يېگىرۈپ بېرىشقان ۋە ل. مۇتەللىپ خەندەككە سەكرەپ چۈشۈپ بالىنىڭ ھالىنى يېقىندىن ئېنىق كۆرەلىگۈچى بولغانىدى، بۇچۇكتۇن ئوفتىبىرى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمىدى. قورقماس شائىر ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— ئادەم گۆشى يەيدىغان يالماۋۇزلار، بىر پۈتىيگىلارنى ياساپ بولغۇچە بىر بىگۇناھ بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭلار، ھەممە پۈتىيگىلار ياسىلىپ بولغىچە ئۆزۈڭلارنىڭ بېشىنى يەپ تىنچلىنىسىلەر! — دېدى.

مۇتەرىددىن خوجا بۇ سۆزگە ئۇلاپ غەزەپ بىلەن پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ئوفتىبىرگە:

— كىشى جېنىغا بىھۇدە زامىن بولغىنىڭلار ئۈچۈن، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى جاۋاب بېرىسىلەر! — دەپ توۋلىدى.

ئوفتىبىر بۇ سۆزلەرگە رەددىيە بېرىشكە ئاجىز ئىدى. ئۇ قارامالارچە ئېتىپ تاشلاش ئەلپازى بىلەن تاپانچىسىنى غىلىپىدىن چىقاردى. بىلال ئەزىزى ۋارقىراپ ئۇنى توختىتىپ قويدى. چۈنكى، ساقچى ئوفتىبىرنىڭ ئۇنىۋانى بۇچۇكتۇن ئوفتىبىرنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى مۇشۇنداق جىددىي پەيتلەردە ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلال ئەزىزىدە تاپانچا بار ئىدى. تېز كۆتۈرۈلگەن كەسكىن كۆرەش شۇندىن كېيىن تېز جىمىپ كەتتى. تۈشمۇ تۈشتىن كېلىپ توپلانغان خەلق ئوفتىبىرنىڭ قارشىلىقىغا



قارىماي جەسەتنى كۆتۈرۈپ مەسچىتكە ئەكەتتى.

ل. مۇتەللىپ ھەمراھلىرى بىلەن ئاشخانىغا قايتىپ كىرىپ ۋېتىپ، شوپۇر بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. ئۇلار سەممىي ۋە چوڭقۇر يېقىنچىلىق بىلەن چىڭ قول سىقىشقان ۋە قايتا - قايتا ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ شوپۇر-نى ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان ئۈستەلگە تارتىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ بۇچۇكتۇن ئوفتىبىرگە بولغان غەزىپى بوشاشمىغان، بالىنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان چوڭقۇر ئېچىنىش تۇيغۇلىرى تېخى پەسەيمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى سىرداش كۆرۈشكەنلىكىدىن خېلى خۇشال بولۇپ قالغانىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ سۆز باشلاپ، سۆيۈملۈك دوستىنى بىلال ئەزىزگە تونۇشتۇردى. مۇتەرىددىن خوجا ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئۇچراشقانلىقتىن بىر - بىرىنى بىلىشەتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ سالاخۇن ئۇستىنى يېنىغا چاقىرىپ كېلىپ، مېھمانىنى ئۇنىڭغىمۇ ئالاھىدە تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى ئىلىلىق، ئۇ مېنىڭ بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىللە چوڭ بولغان دوستۇم! ئاۋۋال ئىلىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ھېيت. ھازىر شوپۇرلۇق قىلىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ يەنە ھېيتقا بىلال ئەزىزنى تونۇشتۇردى. شوپۇر شۇ چاغدىلا شېئىرلىرى بىلەن ئۆزىگە غايىبانە تونۇش بولۇپ كەتكەن بۇ ياش شائىر بىلەن خۇش چىراي قول ئېلىشىپ يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ سالاخۇن ئۇستىغا ئالاھىدە جېكىپ تۇرۇپ:

— ئاتا، ھېيت بىلەن سىزمۇ تونۇشۇپ قېلىڭ. ئاشخانىمىزغا كىرگەندە بىزنى كۈتكەندەك كۈتۈڭ، بۇ ھەممىمىزنىڭ ئەزىز مېھمىنى. بارلىق يېگەن تامىقى ئۈچۈن مەن ئۆزۈم پۇل تۆلەپ قويىمەن، — دېدى.

— خېرىدارلارنىڭ ئاق - قارىسىغا قارىماي ھەممە-

دىن ئوخشاش پۇل ئالىمىز، دەپ تۇرمايمىز، — دېدى سالاخۇن ئۇستا تەكەللۇپ بىلەن، — بۇ مېھمان ئاقسۇدا قانچە كۈن تۇرسا ئاشخانىمىزدىن شۇنچە كۈن غىزا يېسۇن، ئىشكىمىز ئوچۇق.

ھېيت تارتىنىپ، ئۈستەلنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى، مۇنىردىن خوجا ئورنىدىن يۆتكەپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ تۇرۇپ:

— تارتىنماي، ئېچىلىپ ئازادە ئولتۇرۇڭ. بىزنىڭ ئارىمىزدا سىزگە يات كىشى يوق، — دېدى. ھېيت ل. مۇتەللىپنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن بىلال ئەزىزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان چېغىدا ئۇنىڭ مەتبۇئاتلاردىن شېئىرلىرىنى ئوقۇغانلىقىنى، بۇ شېئىرلارنىڭ زامانىنىڭ رەپتارىغا بېقىپ، خۇشامەتگويلۇق بىلەن يېزىلمىغان، ئىنقىلابىي چاقىرىقلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى دەررۇ ئەسلىگەنىدى.

— «تونۇشمىغۇچە بىلىشمەس»دېگەن راست گەپ ئىكەن، — دېدى ئۇ، — مانا ئەمدى تونۇشۇۋېدۇق، كۆڭۈلدىكى تۈگۈچ گۇمانلار يېشىلىپ كەتتى. مەن بۇ ئادەمنىڭ شەپكىسى، كىيىمى، تاپانچىسىغا قاراپ ھەر خىل ئويلاپتىكەنمەن، بىراۋنىڭ سىرتىغا قاراپ باھا بېرىش ھەقىقەتەن خاتا ئىكەن.

— بىز بىلەن كۆپرەك بىللە بولساڭ، خاتايىڭنى كۆپرەك تونۇۋالىسەن، — دېدى ل. مۇتەللىپ چاقچاق قىلىپ، بۇ گەپكە ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى.

شۇندىن كېيىن گەپ ھېلىقى بىھۇدە ئۆلگەن ئوتتۇز بالا ئەسكەرنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىگە يۆتكەلدى.

— ھازىر گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ جېنى قۇشقاچنىڭكىدىن پەرقسىز بولۇپ كەتتى، — دېدى مۇنىردىن خوجا بالىغا ئىچىنىپ، — ئۆزى شۇنچە ياش،



تىرىكلىكىدە قەدىرسىز ياشاپ، ئۆلگەندىمۇ كوچىدا چالما-كېسەكنىڭ ئورنىدا قالغىلى تاس قالدى.

— ئۆلۈمنىڭ ئۆزى ھەر بىر كىشى ئۈچۈن يامان ئىش، — قوشۇمچە قىلدى ل. مۇتەللىپ، — ئەمما ھەرقانداق ناھەق ئۆلۈم پەيتى كەلگەندە خەلقنىڭ غەزىپىنى ئاشۇرۇپ، ئويغىتىش رولىنى ئوينايدۇ. بالىنىڭ ئۆلۈمى خۇددى شۇنداق ئۆلۈم بولۇپ قالدۇ. جەسەتنى خەلق كۆردى، چوقۇم ئېچىندى. نەتىجىدە ئۇلاردا مۇستەبىتلەرگە قارىتا يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى، ئەۋجىگە كەلدى.

— بىر ھېسابتا جەسەتنىڭ مەسچىتتە ئۇزۇنىراق تۇرغىنى ياخشى، — دېدى مۇنىردىن خوجا، — بۈگۈن كۆپرەك كىشى كۆرسۇن، تېخىمۇ كۆپ كىشى كۆرسۇن! ئۇنىڭ قەدىرسىز ئۆتمۈشى بىلەن ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى خەلقنى مۇستەبىتلەرگە قارشى كۈرەشكە چاقىرغۇچى يەنە بىر كۈچلۈك سىگنال بولۇپ قالسۇن! بۇچۈشكۈنۈەتنىڭ ھازىرغىچە ئون نەچچە ئەسكەرنى ھەر خىل يوللار بىلەن جازالاپ، ناھەقتىن ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدا خېلى جىق گەپ - سۆزلەر بار. ئەمدى بۇ مۇدھىش ۋەقەنى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلق ئالدىدا بىرمۇ بىر پاش قىلىپ تاشلاش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقىسى بىكار! كۆپچىلىك ئاڭلىسۇن، چۈشەنسۇن!

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك، — مۇنىردىن خوجىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى بىلال ئەزىزى، — مەن ئالدىمىزدىكى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە بۇ ناھەق قۇربانلارنىڭ ئىسمى، فامىلىسىنى، قايسى يۇرت ۋە قايسى يېزىدىن ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا قانداق جازالار بىلەن جازالىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەترابلىق ئېنىقلاپ چىقاي، ئىش قانچە پاكىتلىق بولسا، شۇنچە ياخشى.

— لېكىن، بۇ ئىشتا پەخەس بول، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا بىلال ئەزىزىگە، — ھەرىكەتنىڭ بېشىدىلا ئۆزىمىزنى سەزدۈرۈپ گۇمانلىق قىلىپ قويمايلى.

— ھازىرقى ئەمەلىيىتىمىزنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن ساقچى ئوفىتسېرى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە چارەم بار، — دېدى بىلال ئەزىزى ئىشەنچ بىلەن، — كۈرەشكە پايدىلىق قانچىلىك ئىش قولىمىزدىن كەلسە ھايالسىز شۇنچىلىكىنى ئىشلەپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

ھەممەيلەن بۇ سۆزنى تەستىقلاپ، باشلىرىنى لىڭشىتتى.

— ئىلى تەرەپتىكى ئىنقىلابنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى ل. مۇتەللىپ ھېيىتتىن.

— ئىنقىلاب ھازىر تېخىمۇ كۈچىيىپ، شىددەت بىلەن داۋام قىلىۋېتىپتۇ، — جاۋاب بەردى ھېيىت، — مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالغا ماڭغان قىسمى چۆچەككە يېقىنلىشىپتۇ، ئۈرۈمچى تەرەپكە كېلىۋاتقان قىسمىنىڭ بورتالانى ئازاد قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بار.

— ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى تاپشۇرۇۋالغان ئەڭ يېڭى خەۋەرگە قارىغاندا، — دېدى بىلال ئەزىزى قوشۇمچە قىلىپ، — مىللىي ئارمىيە تاغنىڭ شىمالىدىن مۇز داۋانىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلاپتۇ. باي ناھىيىسى تەرەپتە قىيىر تېغىنىڭ ئېغىزىمۇ تەھدىتكە ئۇچراۋېتىپتۇ. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇ تەرەپكە ئۆتۈش ئېھتىمالى ناھايىتى زور. گومىنداڭچىلارنىڭ قول - قولىغا تەگمەي پوتەي، لەخمىلەرنى ياساۋېتىشىدىكى سەۋەبمۇ شۇ يەردە.

— سىلەرنىڭ ئىشىكىڭلارنىڭ ئالدىغا، كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ كوچىسىغا پوتەي ياساۋاتقاندەك قىلىدىغۇ؟ — سورىدى مۇنىرىدىن خوجا بۇرتاكۈن كونىشەھەرگە



كىرگەندە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنىنى تەستىقلاتماقچى بولۇپ.

— ھەئە، شۇنداق قىلىۋاتىمىز، — جاۋاب بەردى بىلال ئەزىزى، — تېخى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدە باشقا بىرى بار. ئۇنى تۈنۈگۈن پۈتكۈزۈپ بولدى. ئاستىغا لەخمە كولىدى.

ل. مۇتەللىپنىڭ قارىشىچە پوتەي، لەخمە ياساشقا دائىر گەپ - سۆزلەرنى ھېيىتنىڭ تولۇق بىلىپ قېلىشى مۇھىم ئىدى. چۈنكى، مۇنداق قىلىنسا تىنىمسىز سەپەرچى شوپۇردەك بىر كىشىنىڭ بارغان يەرلىرىدە بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ، ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلارنىڭ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىگە ۋە ئالاقزادىلىككە چۈشكەنلىكىنى يەتكۈزۈشىگە، شۇنداق قىلىپ، ھەر بىر جايدىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىلا جايدا ئىنقىلاب پارتلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلىتىشقا ياردىمى تەگكەن بولاتتى.

— يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىزىقىپ ئاڭلىغۇدەك قانداق ئىشلار بار؟ — ئەتەيىن سورىدى ل. مۇتەللىپ بىلال ئەزىزىدىن.

— قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى ئېيتىپ كەلسەك كۆپ. كونىشەھەر ياربېشى قەبرىستانلىقىدىكى كەپتەرخانىنىڭ ئىككى بىقىنى كولىنىپ، ئۇزۇن لەخمە قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۇ يەردىكى چوڭ گۈمبەزنىڭ ئۈستى پۇختىلىنىپ، تۆت بۇرجىكىگە بىردىن تۆت پۇختا مۇداپىئە قالقىنى ياسالدى. گومىنداڭچىلار يەنە تۆزئاۋات، قوغان، بوزدۆڭلەرگىمۇ ھاشارچىلارنى ئاپىرىپ، چوڭ - چوڭ پوتەيلەرنى ياساتتۇردى.

— ھەممە يەردە پوتەي دېگىنە! ھەي بىچارە پوتەي بەندىلىرى. پوتەي ھازىرقى كۈندە ئۇلارنىڭ جېنىغا ئەسقاتمايدۇ. ئاخىر ئۇلار شۇ پوتەي، شۇ لەخمىلىرى بىلەن

بىللە گۇم بولىدۇ. يەنە كۆپرەك ياساپ، يەنە كۆپرەك ئۆلسۇن! — ل. مۇتەللىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ، ئۈستەلگە ئۇردى. چوكىلار چاچراپ، يەرگە چېچىلدى، بەي تەخسى بىلەن بوزا كومزىكى تەۋرەپ جاراڭلىدى.

— لېكىن، — دېدى بىلال ئەزىزى ئالاھىدە ئىزاھات بېرىپ، — ھازىرقى زوراۋار ئەسلە ھوشيار بولۇش، پەخەسلىك بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش. قىسقىسى، بىز ئۆزىمىزنى ساقلاشنى بىلىشىمىز كېرەك. ساقچىلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆز ھەرىكىتىمىز، ئۆز سۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولۇشىمىز لازىم. ھازىر ساقچى ئورگانلىرى يېڭى ئىشپىيونلارنى جەلپ قىلىپ، ئىشنىڭ قۇرتىدەك يامرىتىۋەتتى. ھەتتا ئىچكىرىدىن، ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئادەتتىكىچە ياساندۇرۇپ ئىشپىيونلۇققا ئەۋەتىلىۋاتقانلارمۇ بار. ئۇلار ئاقسۇغا كېلىپ - كېتىپ تۇرماقتا. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئارىلاپ يۈرمەكتە.

— ھازىر نېمە كۆپ، پوتەي، لەخمە كۆپ. ئاقسۇدا يەنە ئىشپىيون كۆپ دېگىنە ئەمدى، — دەپ قويدى مۇنىرىدىن خوجا ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ، — ئەنە شۇنداق مۇشكۇل شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ھەرقاچانقىدىن لەززەتلىك، قىممەتلىك بولىدۇ.

غىزا تەييار بولدى. سالاخۇن ئۇستا ئۆز قولى بىلەن ياغاچ پەتنۇستا كۆتۈرۈپ، تۆت تەخسە بىرىنى ئەكىلىپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىغا بىردىن قويدى. مۇنىرىدىن خوجا غىزادىن ئاۋۋال بوزىنى تۈگىتىپ بولۇش ئۈچۈن كومزەكتىن ئەڭ ئاخىرقى بىر قاچا بوزىنى قۇيۇپ، تەكەللۇپ بىلەن مېھمانغا تۇتتى. ھېمىت تۈزۈت قىلىپ ئەمدى ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۇ بىزنىڭ قىممىزىمىز، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا بوزىنى زورلاپ تۇرۇپ، چاقچاق ئورنىدا. — ئاقسۇلۇقلارنىڭ



مەشھۇر قىممىزى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقى، قىممىز يازدا يايلاقتا بولسا، بوزا مۇشۇنداق چۆلدىرەپ كەتكەن ئىسسىق ئاقسۇدا بولىدۇ. ئۇ پەسىل تاللىمايدۇ. قىشمۇ ياز ئۆكسۈمەيدۇ. بوزىنى ئاقسۇلۇقلارغا بوزدۆڭدىن كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان قىرغىز قېرىنداشلار ئىشلەپ بېرىدۇ. ئەمما ھازىر ئىچىۋاتقىنىمىز قالىكەشنىڭ داڭلىق بوزىسى. ئۇ موڭغۇلكۈرەلىك بولۇپ، ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن يىلتىز تارتىپ قالغان قازاق يىگىتى. ئەگەر بۇ يەر غۇلجا بولغان بولسا ئابدۇراخماننىڭ پىۋىسىنى ئىچۈرۈپ، سىزنى سەگىتىپ قوياتتۇق.

مۇنىرىدىن خوجىنىڭ يېقىملىق چاقچىقى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. كۈلكە بىلەن سالاخۇن ئۇستىنىڭ قېرىپ، قورۇق باسقان ئىككى جاۋغىيى ئېچىلىپ، چىشىدىكى كوماكلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— سىز غۇلجىنى ياخشى بىلىدىكەنسىز؟ — دېدى ھېمىت رازىمەنلىك بىلەن مۇنىرىدىن خوجىغا ۋە سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، ئۆز سۆزىگە ئۆزى ئىزاھات بەردى، — ئابدۇراخماننىڭ پىۋىسىنى ھېلىمۇ بار دەپ ئاڭلاۋاتىمىز، ھازىر ئۇ پىۋىنى بۇرۇنقىدىن كۈچلۈك ياساۋېتىپتەك، ئىچىدىغانلار كۆپىمىش.

— پىۋا غوچ ئوزۇق، كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ، — سۆز قىستۇردى بىلال ئەزىزى، — غۇلجا ھەقىقەتەن پىۋا كۆپ ئىچىلىدىغان جاي، بۇ شەھەرنىڭ خەلقى پىۋىنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىدۇ.

— سىز غۇلجىغا بارمىغان بولسىڭىزمۇ، بۇ شەھەرنى ياخشى بىلىدىكەنسىز، — سۆز قىستۇردى ھېمىت.

— غۇلجىنى ھازىر بىلمەيدىغان ئادەم قالمىدى، دېسەك خاتالاشمايمىز، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا ئالاھىدە ئىزاھات بېرىپ، — ئۇ يەردە جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان

ئىنقىلاب بولۇپ، ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىۋاتسا، غۇلجىنى يەنە بىلمەسلىك ھەر بىر ياش ئۈچۈن كۆزى كورلۇق، پاڭ قۇلاقلىق بولار!

ھېمىت يوغان چىنىدىكى بوزىنى بىر ئۇتلاپ ئىچىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىغا يىغىلىپ قالغان قاڭسىق كۆپۈك بۇسىنى بوش كېكىرىپ چىقىرىۋەتتى. ئۇلار دەسلەپتە ئاشخانىغا قورساقلىرى ئېچىپ كىرگەنىدى. ھازىر بولسا تويغۇن ئەسكەر ماموتنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنغانلىقلىرىدىن قورساق ئېچىقىنى ئۇنتۇپ، ئىشتىھاسىز بولۇپ قېلىشتى. سالاخۇن ئۇستىنىڭ تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئاخىر ئۇلار زورلىنىپ، ئۆز بوسولىرىنى ئاران يەپ تۈگەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاش سۈيىنى ئاز-ئازدىن ئۇتلاپ قويۇپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى. ھېمىتتا ئېسىل غۇلجا موخوركىسى بار ئىدى. ئاشخانا ئالدىدا ئۇلار ھەر بىرى بىر ئورامدىن قىلىپ موخوركا چېكىشتى. ھېمىت گەپ ئارىلىقىدا ئۇلارغا بۇ قېتىممۇ ئۆزىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە چىقىدىغان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ يېڭى سانلىرىنى ئۈرۈمچىدىن تېپىپ ئالغاچ كەلگەنلىكىنى، بۇلارنى كەچ كىرىپ، قاش قارايغاندا ماشىنا قويغان سارايغا بېرىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىغا يەتكۈزۈپ بارىدىغانلىقىنى ئالدىن ئالا خەۋەر قىلىپ قويدى. شوپۇر ئەمدى شائىرنىڭ ئۈلپەتلىرىگە گۇمانسىز ئىشەنگەنىدى. بىلال ئەزىزگە دەسلەپ گۇمانىي تەزەر بىلەن قارىغانلىقىغا ئۆز-ئۆزىدىن يەنە بىر قېتىم پۇشايمان يېدى. ساقچى ئوفىتسېرى توغرىسىدا ئۇ: بۇ يىگىت ئۆز شېئىرلىرىدىكى ھەر بىر مىسراغا ئوخشاش ساپ، بىجىرىم ۋە ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى ئىكەن، دەپ ئويلىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزلەر ھېمىتقا قانمىغاندەك يىگىباشتىن بىردەم كۆز ئۈزمەي قاراشتى.



شوپۇرنىڭ دوپپىدوغىلاق تۇرقىغا ئۇنىڭ ئەپچىللىكىنە تىكىلگەن گىمناستېيۇركىسى بىلەن گەلەپى شىمى بېشىدىكى شەپكىسىگە قوشۇلۇپ ئاجايىپ يارىشىپ تۇراتتى. بۇلغارى ئۆتۈك ئۇنىڭ چەبدەس پۇتلىرىغا قېلىپتا قۇيغاندەك ئىنتايىن باب چۈشكەنىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ھېمىتلار سالاخۇن ئۇستىغا بوسونى ئوخشىتىپ ئەتكەنلىكىنى، لېكىن كۈتۈلمىگەن ئىشتىھاسىزلىق سەۋەبىدىن قىزىقىپ يېيەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئاشخانا ئالدىدىن كەتتى. بۇ ۋاقىتتا مەھەللە-مەھەللىلەردىن بىر-بىراقى كېلىۋاتقان جامائەت بىر تۇققانغا — لەڭگەر كوچىسىدىكى چوڭ جامە تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. چۈنكى بۇ يەرگە مەرھۇم تويغۇن ئەسكەر ماموتنىڭ جەسىتى قويۇپ قويۇلغانىدى. بولارسىزمۇ جامە ئالدىغا يېتىمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم توپلانغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قازاق يىگىتى قالىكەش، بىرنەچچە قىرغىز بوزىكەشلىرى، ساتىراش مەقسۇتئاخۇن ۋە يار تۈۋىدە ئولتۇرۇشلۇق پېشقەدەم باغۋەن تاجاخۇن ئاكىلار تۇراتتى؛ ئاڭغىچە بۇ يەرگە ئاشپەز سالاخۇن ئۇستىمۇ كەلدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ھېمىتلار جامائەت بىلەن بۇ ئېچىنىشلىق مۇسىبەت مىنۇتلىرىدا سالاملىشىپ، كۆرۈشۈپ قويۇش ئۈچۈن توختاپ، جامە ئىچىگە كىردى. يىگىلا ئاخىرەتلىك سۇ بىلەن يۇيۇلۇپ بولغان مېيىت كېپەن ئىچىگە ئېلىنىۋاتاتتى. ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن بولسا كېرەك، جەسەت نىقىسىپ، ئۇنىڭدىن بىر خىل بۇراق تارقىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مېيىت نامازدىگەردىن كېيىن ئاچىقىلىپ، يەرلىككە قويۇلماقچىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ھېمىتلار ناھەق ئۆلۈم بەندىسىنىڭ جەسىتى يېنىدا قول قوشتۇرۇپ بىردەم ئېغىر مۇسىبەت سۈكۈناتى ئىچىدە

ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىپ، جامە ئىچىدىن چىقتى. تۆت سەپداش كېتىۋاتقان چاغدا سالاخۇن ئۇستا ئۇلارنى توختاتتى، ئاشپەز يىغا ئارىلاش ئاستا، ئەمما سەمىمىي سۆزلەر بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپكە:

— مەن ئۇرۇشتىن قورقمايمەن، — دېدى، بۇ ئۇستىنىڭ شائىرنىڭ ئاشخانىدىكى سوئالىغا بەرگەن جاۋابى ئىدى، — بۇ ئۇرۇش ئىجىس ئەبلەخلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان ئۇرۇش بولىدىكەن، مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن. ئىنقىلاب چاپسان قوزغالسۇن. قەسەم بېرىپ ئېيتىمەنكى، مەن ئۇنىڭغا قاتنىشىمەن، مىللىي ئارمىيە كەلسە ئۇلارغا ئاشپەز بولىمەن.

— ياشاڭ ئاتا! — دېدى ل. مۇتەللىپ سالاخۇن ئۇستىنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — بۇ ھىممىتىڭىزگە رەھمەت. ئاشخانىڭىزغا كىرگەن مېھمانلارغا ئەپچىل يول بولۇپلا قالسا، قورقماي سۆزلەپ، گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيلىكتە ئۇچىغا چىققانلىقىنى پاش قىلىڭ! بالا ئەسكەر ماھۇتنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى كېيىنكى ئادەملەرگە، ئاڭلىمىغانلارغا سۆزلەپ بېرىڭ!

— سىزلەر خاتىرجەم بولۇڭلار. قېرىدىم، ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دېدى سالاخۇن ئۇستا. ئاشپەزنىڭ سۆزى ۋەدە دېگەندىن كۆرە، كۆپرەك قەسەمگە ئوخشاش قەتئىي ۋە جاراڭلىق چىقتى.

سەپداشلار سالاخۇن ئۇستا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن لەڭگەر كوچىسىنى بويلاپ مېڭىپ كەتتى. ل. مۇتەللىپنىڭ تەنھا تۇتۇقلۇق ياتىقى شۇ كوچىدا، ئاقسۇ گېزىتخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاددىي ھويلىدا بولۇپ، ئۇلار شۇ يەرگە بېرىشى ۋە بۇ يەردە ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى، جۇڭگودا بولۇۋاتقان ئازادلىق ئۇرۇشى، ئىلى تەرەپتىكى ئىنقىلاب توغرىسىدىكى يەنىمۇ كەڭ-



كۆشادە سۆزلىشى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى يېزىلغان شېئىرلىرى ئۈستىدە ئىچكىرىلەپ، ئوچۇق كۆڭۈل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشلىرى كېرەك ئىدى.

سەپداشلار ئېھتىيات نۇقتىسىدىن، يولدا سىياسەتكە ياتىدىغان نازۇك مەسىلىلەر ئۈستىدە گەپ ئاچماي، كۆپرەك يېقىندا قويۇلغان تاخشا - ئۇسسۇل تومۇرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئويۇن تەييارلاش جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلار ئۈستىدە سۆزلىشىپ ماڭدى. ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقىغا يېقىنلاشقان چاغدا لەڭگەرنىڭ باش كۆۋرۈكىدە يېڭىدىن كونىشەھەر تەرەپكە قارىتىپ پوتەي سېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇنىرىدىن خوجا غەزىپىنى باسالماي:

— ھەي، يەر ئاستىدا كۆشۈلدايدىغان تۈلۈم چاشقانلار، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، يوشۇرۇنۇپ كۈن كەچۈرۈشكە ھېرىس لەخمچى، پوتەيچىلەر! ئەسقاتسا، سېلىڭلار، يەنە قانچىلىكنى سالارسىلەر تېخى! — دەپ بوش تۇۋۇلۇۋەتتى.

## سەپداشلار سۆھبىتى

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقى سەپداشلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۇچرىشىش سورۇنى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىكار قالغان ۋاقتىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن مۇڭدىشىپ، پىكىرلىشىۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. شائىر ئىشىكنى ئاچقان چاغدا تىنچىق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل نەمخۇش پۇراق ياتاقتىن كۆتۈرۈلۈپ، دىماغقا ئۇرۇلدى. ئۇ

ياتاق ئىچىنى شامالدىتىش ئۈچۈن قەغەز چاپلانغان دېرىزە رامنى يوغان ئېچىۋەتتى. ئەمما ھويلا دەرۋازىسىغا بېرىپ، ئۇنى ئىچىدىن ئېلىپ قويدى. ياتاقنىڭ ئىچى سىرتتىن ئۇرۇلۇپ كىرگەن ئاپتاپ بىلەن ئىسسىقا باشلىدى. ل. مۇتەللىپ ئاندىن لاتا تارتىپ، دېرىزىسىنى ئاپتاپتىن توسۇپ قويدى. ياتاق نورمال ھاۋا بىلەن سۆھبەتداشلارغا يېڭى ئارام بېغىشلىدى. دەرۋازىنى تاقاپ قويۇش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. مۇنداق قىلىش خۇپىيانە كېلىپ، تىڭتىڭلايدىغان يوشۇرۇن پايلاقچىلاردىن ساقلىنىپ، ئەركىن - ئازادە سۆزلىشىشكە ئىمكان يارىتىپ بېرەتتى. ھويلا ئىگىسىنىڭ باللىرى دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن يېزىدا بولۇپ، يازلىقى بىرۋاي بىلەن ھوماي — بۇ ئىككىسىلا مۇشۇ ھويلىدا قالاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بەند بولۇپ، تىنچ - مۇلايىم ياشاپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئىدى.

سەپداشلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ساھىبخان شائىر ئۆيتەلكە داستىخان سېلىپ، ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا بىر چىنىدىن چۆگۈندە سوۋۇتۇپ قۇيۇلغان سوغۇق چاي قويدى. ئاندىن قوغۇن تىلىپ، بەتنۇس بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. مۇنىردىن خوجا تەقەززالىق بىلەن سۆز باشلاپ ئاشخانىدىكى سۆھبەتنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ھېممىتقا تەكلىپ بېرىپ:

— ئىلى تەرەپتىن ئاڭلاشقا تېگىشلىك يەنە قانداق خۇش خەۋەرلەر بار؟ تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى.

— غۇلجىدا يېقىندا ئىنتايىن چوڭ ۋەقە بوپتۇ، — سۆز باشلاپ كەتتى ھېممەت، — ئاڭلىشىمىزچە، ۋاڭ قادىرنىڭ يېغىدا تەنتەنىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، پارتىزانلار مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇن دەپ ئېلان قىلىنىپ، ئۇلارغا مىللىي ئارمىيە نامى بېرىلىپتۇ ۋە ئۇلارغا «ئازادلىق»، «ئىستىقلالىيەت» ئالتۇن



ئوردېنلىرى قادالغان سەلتەنەتلىك تۇغ تاپشۇرۇلۇپتۇ. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبەك مونونوۋ شۇ يىغىلىشتا مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچى - كوماندىرلىرى نامىدىن نۇتۇق سۆزلەپ، پۈتۈن شىنجاڭنى تېز ئارىدا ئازاد قىلىشقا قەسەم بېرىپتۇ!...

سەپداشلار بۇ خەۋەرنى ھاياجان بىلەن تىڭشىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى - كۆكسى شادىيانىلىققا تولۇپ، يۈزلىرىدە خۇرسەندچىلىك ئالامەتلىرى جىلۋىلەندى. ھەر بىرى ئۆزلىرىدە ئۇرغۇغان شاد - خۇراملىقنى بىر - بىرىگە ئورتاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا قارىشىپ، باشلىرىنى تەڭ لىڭشىتىپ قويۇشتى. ھېممەت ئەكەلگەن «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ كېيىنكى سانلىرىنى ئەسلىشىپ، پات كەچ كىرىۋاتقانلىقىدىن تەقەززا بولۇشتى. گېزىت 15 نۇسخا بولۇپ، ئۇنى كۈندۈزى بۇ يەرگە ئوچۇق - ئاشكارا كۆتۈرۈپ كېلىش خەتەرلىك ئىدى. ئۇ ھېممەت چۈشكەن سارايدا ئاپتو ماشىنىنىڭ كابىنكىسى ئىچىدە، شوپۇر ئولتۇرىدىغان سافانىڭ تېگىگە ئىنتايىن پۇختىلىق بىلەن يوشۇرۇپ قويۇلغانىدى. شۇندىن كېيىن سەپداشلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئۆز - ئۆزىدىن گېزىت تەرەپكە يۆتكىلىپ كەتتى. بۇ سۆھبەتنى مۇنىردىن خوجا باشلىدى.

— ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان گېزىتلەرمۇ بار - ھە؟ — دېدى ئۇ «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىگە رازىمەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، — ئۇنىڭدىن كىشى گومىنداڭنىڭ سېنزۇرىسى ئاستىدا چىقىرىلىۋاتقان گېزىتلەرنىڭكىدىن تامامەن باشقىچە خەۋەرلەرنى ئوقۇيدۇ. گومىنداڭ گېزىتلىرىدە يالغاندىن بۆلەك ھېچنېمە يوق. شىنجاڭ گېزىتىگە ھېچبىر ئويلىماستىن «سايرام ئەتراپىدىكى ئۇرۇشتا ئىسھاقبەك ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن خەۋەرنىڭ بېسىلغىنىنى قاراڭلار! مەن بۇ گېزىتنى ئىككىنچىلەپ كۆرمەي، دەپ شۇ ھامان يىرتىۋەتتىم.

— مەن ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى تاماملىماستىن تۇرۇپ، ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئاز مۇددەت رۇس تىلى تەرجىمانى بولغىنىمدىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدىم. مەن دېمەككى ئۆزۈڭلار ئوبدان بىلىسىلەر، ئۇ گومىنداڭ گېزىتى ئىدى، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — ئۇنىڭ ھەربىر سانىدىكى خەۋەر - ماقالىلەر ئۇچۇرىدىن - بۇ جۇرنىلچە گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى بىلەن ساقچى ئورگانلىرىنىڭ گېزىتخانىغا تىقىپ قويغان خادىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ چىقاتتى. — لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇلارنى قوغۇنغا تەكلىپ قىلغاچ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدۇردى، — گومىنداڭچىلارنىڭ ھەققەت ئالدىدىكى مۇنداق مۇناپىقلىقىغا تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئاخىر گېزىتخانىدىكى بىر قىسىم ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن شۇ گېزىتتە «ئەدەبىيات گۈلزارى» سەھىپىسى تەشكىل قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا شېئىرىيەتنىڭ ئاجايىپ ئۆتكۈر يوشۇرۇن ساتىرىلىرى ئارقىلىق گومىنداڭغا قارشى ھۇجۇم باشلاندى. قەلەمكەشلەر مۇنداق ساتىرىلەرنى ئاشكارا يازالمىغان چاغلىرىدا شېئىرىيەتنىڭ ئەگىتمە ئەنئەنىلەرگە ئىگە سېھىرلىك كۈچى بىلەن دېمەكچى بولغانلىرىنى دېيىشتى. گومىنداڭ ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەتلىرىنى بايان قىلىشۋېلىشتى. ئەمما مۇستەبىتلەر بۇنىڭغا ماقۇل بولمايتتى. ئۇزۇنغا بارماي بۇ سەھىپىنى يېپىپ تاشلاپ، بۇنىڭ جازاسى بەدىلىگە مېنى ئاقسۇغا يولغا سالدى. بۇ يەردىمۇ ئەھۋال يامان ئەمەس. بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇزاققا بارماي، ئاقسۇدا خۇددى ئۈرۈمچىدىكىدەك ئىلغار قەلەم ئەھلىلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. نەتىجىدە، ئاقسۇ گېزىتىدە ئەدەبىيات سەھىپىسى — «جەنۇب شامىلى» تەسىس قىلىندى، — شائىر سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ چىن



يۈرەكتىكى تۇيغۇسىنى ئېچىمۇ بەلەن ئاۋازدا جاراڭلىق قىلىپ سۆزلىدى، — گومىنداڭ مەتبۇئات خادىملىرىنى ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ يالغانىدىن توقۇپ چىقىلغان ئىپلاس، شەرمەندە تەشۋىقاتىنىڭ جارچىسى بولۇشقا قىستايدۇ...

ياش شوپۇر تەڭدىمەت دوستى سۆزلەۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ ھازىرقى كەسكىن خاراكتېرى بىلەن بالا ۋاقتىدىكى مىجەزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ل. مۇتەللىپ كىچىكىدىلا شوخ، قورقۇمسىز ۋە ئۆزى ياشاپ چوڭ بولۇۋاتقان مۇھىتنى تار سېزىۋاتقاندەك ئىدى. لوتۇن بالا ۋاقتىدا ساۋاقداشلىرىنى دەرياغا چۆمۈلۈشكە باشلاپ كىرەتتى. ئاندىن ئۇلارنى رەتلىك تىزىپ، تاغ چوققىسىغا ئەگەشتۈرۈپ كېتەتتى. ھېمىت بالا ۋاقتىدىكى لوتۇنىنىڭ چوڭغا بوزەك بولماي، كىچىكلەرنى يىغلىتىپ قويمايدىغانلىقىنىمۇ ئەسلىدى. ل. مۇتەللىپ يالغانچى ئەمەس ئىدى، دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ھەرقانداق يەردە تارتىنماي تۈزكۈنلۈك بىلەن سۆزلەشنى بىلەتتى. ئۇ يېقىملىق چىراي ئىدى. ئۆتى بارلىق قولۇم - قوشنىلار ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. لوتۇن دەپ قىچقىرىشىپ ئامراقلىق قىلاتتى. ھېمىتنىڭ چۈشەنچىسىدە ل. مۇتەللىپ ھازىرمۇ ئىلگىرىكى ئەنە شۇ لوتۇنىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئەمما ئۇ بۈگۈنكى كۈندە كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان ئاجايىپ ئۆتكۈر شېئىرلار ئاپتورى، ناھەقچىلىكلەرگە قارشى ئوت بولۇپ ياندىغان ھەققانىيەتچى، جەڭگىۋار سىياسەتچى، ئۆتكۈر زېھىن ئىگىسى ئىدى.

ھېمىت شائىرغا پۈتۈن سۆھبەت داۋامىدا، گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك يېنىش - يېنىش نەزەر تاشلىدى. شۇنداق دوستى، شۇنداق ساۋاقدىشى بولغانلىقىدىن پەخىرلەندى. كىشىلىك ھاياتىدا باھاردەك يېقىملىق ياشلىق مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان لۇتپۇللا شۇ ۋاقىتتا 23 ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭ

ئاق پىشماق يۈزى شائىرنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە يەنىمۇ تولۇقلىنىپ، يارقىراپ تۇرغاندەك، كەڭ كۆكرىكى تېشىغا دولقۇنلاپ تېپىپ ھېلىدىن ھېلى كۆتۈرۈ-لۈۋاتقاندەك، ئوتتۇرا بوي، سىمىزرەك ۋە دوغىلاقلىققا مايىل پۈتۈن تۈرقى بەلەنلىككە پەرۋاز قىلىش ئالدىدا تۇرغان قۇر-غۇيدەك كۆرۈنەتتى.

مۆتىرىدىن خوجا ۋە بىلال ئەزىزلەر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن قۇرداش 20 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى يىگىتلەر بولۇپ، پەقەت مۆتىرىدىن خوجا سىرتتىن قارىغان كىشىگە سەل چوڭ چىراي ھالىتىدە كۆرۈنەتتى. مۇندىن ئىككى يىل مۇقەددەم، قارا شەھەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقاندا چاپلاشقان ئۆپكە كېسىلىنىڭ يىلتىز قىرغۇچتەك ئاستا - ئاستا غاجىشى بىلەن ئۇنىڭ تەمبەل گەۋدىسى ئاجىزلاپ، كامالەكتەك ئالدىغا ئېگى-لىشكە باشلىغان. يېقىملىق، ساغلام يۈز - چىرايى بىمەزگىل قارىداپ، قورۇق سىزىقچىلىرى ئاندا - ساندا تور تارتىپ قالغان ئىدى. ھېمىتنىڭ چۈشەنچىسىدە، مۆتىرىدىن خوجا ئاغرىقتىن پات ساقىت بولۇپ، ئۇزاق يىللار ياشاپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى ۋە مۇشۇ يولدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن يانمۇ-يان جىپسىلىشىپ، كۈرەش ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. شائىر بىلال ئەزىزى بۇغداي ئۆڭ ئىدى، تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن، ئورۇق بولمىغانلىقىغا قارىماي، بىر قەدەم ئېگىزلىكى بىلەن ئىنچىكىرەك، تايىغان قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئاتچە-مۇنچە ئېيتىپ سالىدىغان يەرلىك شىۋە سۆزلىرى بىلەن تېگى-تەكتى خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى سەزدۈرۈپ تۇراتتى.

دېگەر ۋاقتى ئۆتۈپ، ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقى تەرەپكە ئالدى ياقتىن چۈشۈۋاتقان قىزدۇرغۇچ ئاپتاپ ئاستا - ئاستا قوزغىلىپ، تامدىن ئۆگزىگە، ئۆگزىدىن ياتاق ئارقىسىغا يۆت-



كەلدى. ل. مۇتەللىپ دېرىزىگە تارتىپ قويۇلغان لاتىنى ئېلى-ۋەتتى، ياتاقنىڭ ئىچى باشقىدىن يورۇدى. بىلىنەر - بىلىنمەس ئېسىپ كىرىشكە باشلىغان قۇرغاق، مۆتىدىل شامال تىنچىقنى قوغلاپ، سەپداشلارغا ئارام بەرگەندەك بولدى.

مۆتىرىدىن خوجا ئاغرىق ئازابىدىن بولسا كېرەك، كارىۋات بېشىغا يۆلەنچۈك قىلىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ل. مۇتەل-لىپنىڭ ياستۇقىنى جايىدىن قوزغىغانىدى. ئۇنىڭ تېگىدىن ئاق سۈت قەغەزلىك دەپتەر چىقىپ قالدى. دەپتەر مۇقاۋىسىغا ل. مۇتەللىپنىڭ پوچۇركىسىدا مۇنۇ شېئىر يوغان ھەرپلەر بىلەن رەتلىك يېزىپ قويۇلغانىدى. مۆتىرىدىن خوجا ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان قىسقا جىمجىتلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بوش ئاۋازدا زوق-مەنلىك بىلەن ئوقۇدى:

### قىتئە

ھەربىرەت ئىزدە، ئېرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى،
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

شېئىرنىڭ ئاستىغا «1942 - يىل 10 - ئاي» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى.

ھەممەيلەن بۇ شېئىرغا دىققەت قىلىپ قالدى. ھېمىت ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئۆيلەرنىڭ تېمىغا قەدىرلەپ، رامكىغا ئېلىپ ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى ئەسلىدى - دە، ئۆزىنىڭ يېزىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ل. مۇتەللىپتىن ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. شائىر ئالدىرىماي، ئاستا، ئەمما دېكلاماتسـ

يىدىكىدەك جاراڭلىق، ئۇرغۇلۇق قىلىپ بىرمۇ بىر ئوقۇپ بەردى. ھېممەت شېئىرنى يانچۇق دەپتىرىگە گاڭگىپ قەلەم بىلەن چوڭ - چوڭ قىلىپ يېزىۋالدى.

— بۇ شېئىرنى ساۋاتلىق ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى يېزىۋالغان، — ئەسكەرتتى مۇئىزىدىن خوجا، — مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يېزىۋېلىپ يېنىدا ساقلاپ يۈرۈپتۇ. دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى بىرى يەنە بىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىپ، يۇرتلىرىغا ئەكەتتىشىپتۇ. ئۇ يەنە سانايىنەپىسەدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسىدە بار، ھەتتا بەزىسى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىپ يۈرۈپتۇ. بۇ شېئىرنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما خادىملىرىنىڭ يانچۇق دەپتەرلىرىدىنمۇ كۆردۈم.

— ھە، ئېيتماقچى، ھېلىقى شېئىرىڭچۇ؟ — ئەسكە ئېلىپ سورىدى بىلال ئەزىزى، — يازىمەن دەپ يۈرگەن «خىيالچان تىلەك» دېگەن شېئىرىڭ قانداق بولدى، يېزىلىپ پۈتكەندۇ؟

— پۈتتى، — دېدى شائىر ھازىر جاۋابلىق بىلەن، — ئەتە ياكى ئۆگۈن بېسىش ئۈچۈن مەتبەئەگە بەرمەكچىمەن. نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى دوستلىرىمىز ئەلۋەتتە بىلىپ باقسۇن، دەپ ئويلايمەن. ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزمۇ بىلىپ باقسۇن. بۇ شېئىر توغرىسىدا ھەر كىم ئۆز باھاسىنى بېرىپ كۆرسۇن. ئۇنىڭدا سۆزلەرنى ئەگمەتمەي، ئوچۇق - ئاشكارا قويدۇم.

ل. مۇتەللىپ سۆزلەۋېتىپ، سارغۇچ رەڭلىك ئۇستەل تارتمىسىدىن رەتلىك قويۇپ قويۇلغان ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئالدىغا قويدى. ئۇلارغا قومۇش قەلەمدە ھۆسنخەت قىلىپ، «خىيالچان تىلەك» شېئىرى يېزىلغانىدى. سەپداشلار كۆرۈش ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ل. مۇتەللىپ قولىغا ئېلىپ، خۇددى تەۋەررۈك يالدامىنى قەدىرلەپ تۇتقاندەك، قەغەزنى ئىككى چېتىدىن ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، شېئىرنى ئۆزىنىڭ بوم ئاۋازىدا روھلۇق ئوقۇشقا باشلىدى:



## خىيالچان تىلەك

تېڭىرقىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۈرگەن بۇ بىلەكلەرنى.
مەرد باغۋەن خازان قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى،
تەربىيەسىز سولدۇرۇپ گۈل - چېچەكلەرنى.

خىيالىم تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبىي بالا،
ئېمىش ئۈچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.
لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بېقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرىمەن روشەن بۇرجەكلەرنى.

جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نېچۈك تولغانماس،
ئاشىقى كۈتۈپ تۇرسا ئېچىپ روشەن روجەكلەرنى؟
نېمىشقا يازماي تىلەك ئارىلاش مۇڭلۇق لىرىكىلارنى،
سۆيگۈ ئىشقى ئۆرتەپ كۆيدۈرسە يۈرەكلەرنى.

ئەزەلدىن خىيالچان مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،
تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چۆچەكلەرنى.
سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىدا مەن قاينام تۇرسام،
ئۇسسۇزلۇقۇم قاندۇرسۇن ئېچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى!

سەپداشلار بۇ شېئىرنى بىر قېتىم ئاڭلىغانغا قانائەتلەنمەي ئۇنى يەنە قايتىلاپ ئوقۇغىلى سالدى. بۇ شېئىردا تەقەززالىق بىلەن كۈتۈلۈۋاتقان كېرەكلىك ئۈمىد - ئارزۇنىڭ روشەن تەسەۋۋۇرى ئەكس ئېتىلىپ، بۇ ئارزۇ - ئۈمىدلەر شېئىرىي گۈزەللىك-

نىڭ دوردانە قاپىيەلىرى بىلەن مۇجەسسەملىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ خەلقنى كۆرەشكە دەۋەت قىلغۇچى چاقىرىقنامە، ئۆزىنى خەلقلەر ئازادلىقىغا تەقدىم قىلغان ۋىجدانلىق بىر ئىنساننىڭ يەڭ شىمايلاپ ھەرقاچان كۆرەشكە تەييار تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگۈچى قەسەمنامە ۋە ئېلى دىيارىدا قوزغالغان ئىنقىلابقا جاۋابەن كۈچلۈك قوللاش ساداسى ئىدى. ئاخىردا سەپداشلار شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا ئېلى ۋادىسىدا بولۇۋاتقان كەسكىن بۇرۇلۇش، قوراللىق كۆرەشكە ئوخشاش ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشنىڭ شائىر ياشاۋاتقان زېمىن — ئاقسۇدىمۇ بولۇشى تەلەپ قىلىنغان، دېگەن پىكىرگە كەلدى ۋە شائىرنى تەبرىكلەشتى.

ھېمىت شائىرنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئېلىپ، ئۆتكەندىكى شېئىرنى دىققەت بىلەن چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈۋالدى. ئۇ «خىيالچان تىلەك» نى بۇ قېتىم قەشقەر، يەكەنلەرگە كېتىۋېتىشتا مەنزىل - مەنزىللەردە ئۇچراشقانلارغا كۆچۈرتكۈزۈپ، ئۆزى ئەكىلىۋاتقان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى بىلەن بىللە مۇمكىنقەدەر كۆپ كىشىگە تارقىتىشنى پىلان قىلغانىدى.

— لۇتپۇللا، — دېدى ل. مۇتەللىپكە ئالايىتەن مۇراجەئەت قىلىپ، — ئاقسۇ گېزىتىنىڭ «خىيالچان تىلەك» شېئىرى بېسىلغان سانىنى ماڭا ئاتاپ كۆپرەك ساقلاپ قوي، مەن ئۈرۈمچىگە قايتىشتا ئۇنى يول ئۈستىدە تارقاتقاندىن تاشقىرى، ئۈرۈمچىگە ئالغاچ بارىمەن. ھەتتا غۇلجىغا ماڭدۇرۇۋېتىشنىڭ ئىلاج - چارىسىنى قىلىپ كۆرىمەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ سەممىي - سادىق دوستىنىڭ قەيسەرلىكى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنقىلاب ئىشىغا بېرىلگەنلىكى، قىسقا، ئەمما ئورۇنلۇق، قەتئىي ۋە جەلپكار گەپلىرىنى قىلىشنى بىلىدىغانلىقى، ئەدەپ - قائىدىلىك مۇئامىلىدىن خوجا



بىلەن بىلال ئەزىزنى ئالايىتەن ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى.

ھېمىت «خىيالچان تىلەك» شېئىرىنى خاتاسىز كۆچۈرۈۋالغۇنچە، سەپداشلار شاۋ - شۇۋ قىلىشماي جىم ئولتۇرۇشتى. گاھى قەلەم يانچۇق دەپتىرىنىڭ ئاق، قېلىن بەتلىرى ئۈستىدە شىر - شىر ئاۋاز چىقىرىپ، تېز ماڭاتتى. سەپداشلار قىزغىن ھەۋەس بىلەن بىر ھېمىتقا، بىر ئۇنىڭ قەلەم تۇتقان قولىغا تىكىلىپ قارىشىپ ئولتۇراتتى.

بىلال ئەزىزى شوپۇرنىڭ كۆرۈش، ئوقۇش قاتتىق مەنئى قىلىنغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ئىنقىلابىي بازا گېزىتلىرىنى تارقىتىشتىن ئىبارەت ئاسان بايقىلىپ قالىدىغان غايەت مەسئۇلىيەتلىك ئىشنى ئۆتەۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭغا سەممىي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى. مۇنداق قىلىش ئاشكارا ئىشلەۋاتقان خىزمىتى گومىنداڭ ساقچى ئورگىنىدا بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئومۇمىي ئوي - پىكرى ۋە بارلىقى بىلەن ئۆزىنى ئەركىنلىك ئىشىغا ئاتىغان بىر كىشىنىڭ، ئىنقىلاب يولىدا ھەتتا قۇربان بولۇپ كېتىشتىن قورقماي، ئۆزىنى ئەنە شۇ خەۋپ - خەتەرلىك ئىشقا بېغىشلىغان يەنە بىر قەيسەر يىگىتكە نىسبەتەن بولغان مەسئۇلىيىتى ئىدى.

— ئىنقىلاب يولىدا دىققەت قىلىدىغان مۇنداق ئىككى ئىش بار، — دېدى ئۇ ھېمىتكە، — ئۇنىڭ بىرى، پەيتى كەلگەندە يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا چىقىپ، قورقۇمسىزلىق بىلەن ئىش كۆرۈش؛ يەنە بىرى، ئادەملەرنىڭ ياخشى - يامىنىنى بايقاپ، سەگەكلىك بىلەن ئىش تۇتۇش. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىزگە ئوخشاش مەخپىي گېزىت تارقاتقۇچى ۋە خەلققە نىسبەتەن ئىنقىلابىي تەشۋىقات ئېلىپ بارغۇچى بىر كىشى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى مەھكەم ئەستە ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. باشقىچىرەك قىلىپ ئېيتقاندا، سىز ئۈستىڭىزگە

ئېلىپ ئىشلەۋاتقان ئىش، ئوقۇل قەيسەرلىك ۋە جەسۇرلۇقتىلا موھتاج بولماي، بەلكى يەنە سەزگۈرلۈك ۋە ئېھتىياتچانلىققىمۇ موھتاج، ئىشىڭىز شۇنداق خەتەرلىك. شۇنداق مۇرەككەپكى، بۇ ئىشنىڭ قارىمۇ قارشى تەرىپىدىكى دۈشمەنلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپ، ياۋۇزمۇ ياۋۇز ۋە مەككار! — بىلال ئەزىزى بۇ سۆزلەردىن كېيىن ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، ۋاپادار دوستىغا ئوخشاش سەمىمىي قىياپەتتە، — ھازىر گېرمانىدىكى ساقچى ئورگانلىرى ئىشپىيونلۇق تورىنى ھەممە يەرگە تەكشى يېيىۋەتتى. قولاقلىرىنى شەھەر، ناھىيە، يېزا ۋە يول بېكەتلىرىگىچە تىرىقتەك تىرىۋەتتى. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، بىر ساقچى خادىمى، لېكىن ئاقسۇدا قانچىلىك ئىشپىيون بارلىقىنى، يېڭىدىن يەنە كىملەرنىڭ ئىشپىيونلۇققا تارتىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. دېمەك، سىزنىڭ يېنىڭىزدە يۈرىدىغانلار شۇنداق كۆپ ۋە تولىمۇ سىرلىق، — دېدى.

ياتاق بۆلۈمىسىغا يېپىيۈرماقتەك يېنىك بىر ئاق بۆك ئۆشتۈمتۈت ئۇچۇپ چۈشتى. ھەممەيلەن بىردىن شۈك بولۇپ قالدى. ئۇلار: بۇ گېرمانىدىكى جاسۇسنىڭ ياتاق ئۆي چۆرىسىدە كەپتەنتاپ تۇرغان چاغدا شامال ئۇرۇپ، ئۇچۇرۇپ كەلگەن بۆكى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاشقانىدى. ل. مۇتەللىپ غەزەپ بىلەن ھويلىغا ئېتىلىپ چىقتى. لېكىن بۇ ياۋاش. كەم سۆز ھويلا ئىگىسىنىڭ شاپاق دوپپىسى بولۇپ چىقتى. بىرۋاي دوپپىسىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتى. ئۇ ياخال تاشلاش ئۈچۈن ئۆگزىگە چىققانىدا شامال دوپپىسىنى ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەنىدى.

دەرۋازا تەرەپتىن يېنىك شەپە كەلدى. ل. مۇتەللىپ قاراپ، دەرۋازا يېنىچۇقىدا پەيدا بولغان ئۈچ كۆلەڭگىنىڭ تاقاق زەنجىرنى بوش شىرىلداتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تالانتلىق ئوقۇتقۇچىسى ئوسمان مۇھەممەت،



ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەرجىمانى ۋە سەھنە دېكوراتسىيىچىسى رەسسام گو جەنخۇا ۋە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا روزىلار ئىدى. ل. مۇتەللىپ دەرۋازىنى ئېچىپ، ئۇلارنى خۇشال چىراي قارشى ئېلىپ، ياتاققا باشلاپ كىردى.

بۇ كىشىلەر يېقىندىن بېرى ل. مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەر بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ ئۇلاردىن ئەڭ يېڭى ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ تۇرۇۋاتاتتى ۋە ل. مۇتەللىپتىن غۇلجا شەھىرىدە نەشىر قىلىنىۋاتقان گېزىتلەرنى ئېلىپ، يوشۇرۇن قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇشاتتى. قىسقىسى، ئۇلار بىر - بىرىگە ئىشەنچلىك ئەڭ يېقىن سىرداشلار ئىدى. سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ل. مۇتەللىپ ئوسمان مۇھەممەت، گو جيەنخۇا، ئابدۇللا روزىلارغا ھېيىتنى تولۇق ۋە ئېنىق قىلىپ تونۇشتۇردى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆتكەندە ۋاڭ دوسانىڭ ئۆلۈمىگە چېتىلىپ، جازالىنىشقا قىل قالغان ھېلىقى ئەزىمەت شويىۋۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۇقۇمىدا ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم چىڭ قول سىقىشىپ كۆرۈشتى.

— بىزگەن يەنە، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەممەيلەننى خەۋەرلەندۈرۈپ، — ئىلى گېزىتىنىڭ يېڭى سانلىرىنى ئوقۇيمىز، مىللىي ئارمىيىنىڭ غەلىبىلىك ئۇرۇشلىرى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز.

— قېنى!... قېنى... ئېلىپ ئوتتۇرىغا قوي دوستۇم، ئوقۇيلى، ھەر بىر قېتىم يېڭىسىغا كەلگەندەك يېڭى - يېڭى خۇش خەۋەر، — دەپ چۇقان سالدى تېز ئىنكاسلىق ئوسمان مۇھەممەت.

— گېزىتلەر ھازىر بۇ يەردە ئەمەس، ماشىنىدا، — ئەسكەرتتى شويىۋۇر، — مانا ئەمدى كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىرىشكە يېقىنلاشتى. يەنە سەل - پەل ۋاقىت ئۆتسە كۆز قاراڭغۇسىدا ئەكېلىمەن.

— بەللى!... بەللى...— دېدى ئوسمان مۇھەممەت، — كېچىچە ئۇخلىماي ساقلىساقمۇ ئۇقۇشالمىساق كېتەيمىز.

ھويلا ئىچى، ياتاق ئىشىكى ئالدىدا شەپە پەيدا بولدى. بۇ ئايتىللانىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇنى كۆرۈپ، دەرۋازىنىڭ تاقاقسىز قالغانلىقىنى بايقىدى ـ دە، ئىشىك يېنىغا ئورۇن ئېلىپ قايتتى. ئاگەنچە ئىشىك ئىچىدە تۇرغان ئايتىللا لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېگۈدەك ياتاققا كىردى. ئۇ يېرىم ئارتىنچاقلىق، يېرىم ـ يارتا كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۆزىنى كۆپچىلىككە تەبەسسۇم چىراي كۆر-سىتىشكە تىرىشاتتى. بېشىنى كۆتۈرمەي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياتاقچان قىياپەتتە يارىشىمىنى ئاتلاپ قوياتتى. ئېچىلىپ چېچىلىپ ئىشىۋاتقاندەك، ئانچىكىم پۈت ئۇچىنى يەرگە بوش ـ بوش سىلىكىمگەنمۇ بولاتتى...

## يوشۇرۇن خەتەر بايقالمىدى

ئايتىللا بىركىسە ھېممىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياتاقتا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە تونۇش ئىدى. ئۇلار بۇ قىزنى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن تىنىپ قىلىش تەقەززالىقى بىلەن ئوت ئېلىپ، كۆرۈلمىگەن كۆيۈۋاتقان ئىشىق دەستانىسى، تەلتۆكۈس مۇھەببەت پەرۋانىسى، دەپ بىلەتتى. شائىرنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى شۇ چۈشەنچىدە ئىدى. ئۇ بۇ قىزغا دەسلەپتىكى كۆڭۈل بەرمەس-لىكتىن كۆڭۈل بېرىشكە ئۆتكەن، ئۇنىڭغا مۇھەببەت مايىللىقى كۆرسىتىپ، جىۋ ئىنىڭ بەرىبىر ھالال جۈپتۈم، دەپ قارايدىغان



بولۇپ قالغانىدى. ئايتىللا ئىشىكتىن كىرگەن پېتى ئۆرە تۇرۇپ، تېخى ياتاق ئىچىدىن جاي ئالمىغانىدى. ئورۇنىدىن سۇنۇپ، ھەممەيلەن ئۇنى ئارقىمۇ ئارقا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. قىزدا ئارتىنچاقلىق ئۇشتۇمتۇت تۈگەپ قالدى، ئۇ ياتاق ساھىب-خانىسىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ لامپا شىشىنى ئېرتىپ، چىراغ يورۇقتى، تىرپا ـ چاڭنىڭ قونۇشىنى توسۇپ، ئالدى تەرىپىگە پەردە ئارتىلغان ئويۇققا قاراپ چىنە ـ قاچىلارنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاندىن دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويۇلغان چۆگۈننى ئېلىپ، ئىشىك ئالدىدا قايتا ـ قايتا سۈرتتى. سەگەكلىك ئىشلەتكەن بولۇپ، سىرتىنى كۆزىتىش قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىلىقتا ھويلىغا ئىككى-ئۈچ قېتىم چىقىپ كىردى. ئۈستەلنى ئېرتىشتۇرۇپ پاكىزلىدى، سۈپۈرگە ئېلىپ، يەرگە تاشلانغان مېخۇركا قالدۇقلىرىنى يېنىك سۈپۈرۈپ سىرتقا چىقاردى. بۇ ئىشلارغا زەن سېلىپ قاراپ تۇر-غان سەپداشلار ئايتىللانى ماختاپ سۆز قىلمىغان بىلسىمۇ، ئەمما: ئۇ، سۈشۈنداق چېۋەر قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى خۇسۇسىيەت ۋە ئەپچىللىك، دەپ ئويلاشتى.

ئايتىللا بۇ يەرگە كىرگەندىن بۇيان، ياتاقتىكى ئىلگىرىكى قىزغىن گەپلەر توختاپ، سەپداشلار بىردەم ئۈن ـ تىنسىز جىم بولۇپ قېلىشقانىدى. ئايتىللا سۆز باشلاپ، بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— مېھمانلارغا چاي قويماي ئولتۇرغىنىڭىز نېمىسى!؟ — دېدى ئۇ ل. مۇتەللىپكە ئاندىن يەنە ھېممىتنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى. — ئۇزايىدىن قارىغاندا، بۇ كىشى يىراقتىن كەلگەن ئوخشايدۇ. چاي ـ پاي ئىچمەي ئۆيدىن قۇرۇق كېتىپ قالسا سەت بولمامدۇ!؟ بۇ ئازارلىق بولماي، ئۆي بولغاندىن كېيىن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ـ مۇنچە بىر نەرسە چاينىماي ئول-تۇرغىنى ياخشى ئەمەسمۇ!؟ قارىغاندا، ئۆي قۇيىقىزۇرۇق.

تان - پانمۇ يوق كۆرۈنىدۇ. سىمىشكا چاغلىق بىر نەرسە بولسىمۇ بولاتتى.

شائىر ئايتىللانىڭ سۆزلىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى، دەرھال ئورنىدىن قوزغىلىپ، يوغان بىر زىپەت سومكىنى قولىغا ئالدى ۋە سەپداشلارغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ:

— ئېيتمىسىمۇ كەيگە قىزىقىپ، ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن. سىلەر بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، بازاردىن ئاز - ماز روزىغار ئەكىرەي، — دېدى.

ل. مۇتەللىپ سىرتقا ماڭدى، ھەممەيلەن توسۇپ توختىتىۋېلىپ، نەرسە - كېرەك ئەكىرىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئايتىللا ل. مۇتەللىپنىڭ قولىدىكى سومكىنى قىززۇققا ئىلىپ قويۇپ، يوغان قىزىل پۇر رەڭ ياغلىقنى ۋە چۈگۈننى ئېلىپ بازارغا چىقىپ كەتتى. ھېمىت: لۆتپۇللا بىرىش يىگىت ئەمەس، ئۇنىڭ ئالىدىغان قىزى شۇ بولسا. ئاقسۇغا يەنە بىر كېلىشىمدە تويىغا قاتنىشىپ قالسام ئىكەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ يۇرتداش دوستىدىن ئۇنىڭ توي ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىق گەپلەرنى سۈرۈشتۈرمەكچى ئىدى. مۇنچىۋالا كۆپ كىشى بار يەردە ئەپسىز ئېلىپ لام - جىم دېمىدى.

سىرداشلارنىڭ قارىشىچە، ئايتىللا شائىرغا ئەڭ لايىق ۋاپادار، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كېتەلىگۈدەك قىز ئىدى. ئۇلار يەنە ئۇنىڭ ئوقۇغان، خەت - ساۋاتلىق، ئاڭ - سەۋىيىسى يۇقىرى، ئۆي ئىشىغا پىشقان، مەينەتچىلىكتىن قاچىدىغان ۋە تۈزگۈن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېغىز - ئېغىزغا تەگمەي بىر ھازا ماختاشتى. ئوسمان مۇھەممەت ئۆزىنىڭ تېز ئىنكاسلىق خاراكتېرىگە ئاساسەن، ئوچۇق - يورۇق سۆز باشلاپ قالدى:

— لۆتپۇللا، تويۇڭنى چاپسان قىلىۋېتەيلى، — دېدى ئۇ، — ئەزىز مېھمىنىمىز ھېمىت تويۇڭنى بىز بىلەن بىللە ئوينىسۇن،



ئۇ ئاقسۇنىڭ تويلىرىنى كۆرمىگەن بولغىيدى، كۆرۈپ باقسۇن. ھەي، لۆتپۇللا، يالغۇزلۇق يامان، كۆپ ئىشلاردا قىينىلىپ قېلىۋاتىسەن، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەنمۇ بولىلى، قىلىدىغان تويلىرىمىزنىمۇ كېچىكتۈرمەي قىلىلى. بەلكى قوش توي بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— گومىنداڭچىلار، — دېدى بىلال ئەزىزى سۆز قىستۇرۇپ، — ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە قېلىپ ئۆلۈم مەرسىيەسىدە قايغۇ چېكىپ يۈرگەندە، توي ئويناش تولىمۇ مەنىلىك بىر ئىش بولىدۇ. بۇ ئۆز دۈشمىنىمىزنىڭ كۆكسىگە راسا پەيتىدە ئۇرۇلغان خەنجەر بولۇپ قالىدۇ.

توي گېپى چىقىش بىلەن كۆڭلى - كۆكسى تۇرمۇش گۈزەللىكىگە تولغان خوش ئاۋاز ناخشىچى، ئۇستا سازەندە مۇنىرىدىن خوجا ئارقىسىدىكى تامغا ئېسىقلىق دۇتارنى ئالدى - دە، شۇ كەمدە ئاقسۇ خەلقى ئىچىدە توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپ ۋە ئولتۇرۇشلاردا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ» دېگەن ناخشىنى ئىنتايىن لەرزان، يېقىملىق قىلىپ چالدى. ئۇنىڭ بار ئاۋازى بىلەن ئېيتقان ناخشىسى سەپداشلارغا گويا بىرىنچى قېتىم، پەقەت ھازىرلا ئېيتىلىۋاتقاندەك يېڭى ۋە كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى:

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

ئاقمۇ ئايدەك كېچىلەر،
ئاپپاقمۇ ئايدەك كېچىلەر.

گۈل بىلەن رەيھان پۈرايدۇ،
يار يۈرگەن كوچىلار.
......

مۇتەررىدىن خوجىنىڭ بوغۇلماس ياڭراق ئاۋازى بىلەن ناخشا ياتاقتىن ھويلىغا، ھويلىدىن كوچىغا، يىراق - يىراقلارغا تارقىلىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئولتۇرغانلار بۇ ناخشىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقاندى. مۇتەررىدىن خوجا ئاقسۇنىڭ يۈگۈنكەندەك ۋەھىمىلىك ئاخشىمىدا ناخشىنىڭ بەلكى ئۆزلىرىدىن گۇمانلىنىپ كىشىلەرنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، بۇلۇڭ - بۇچقاقلاردا مارىشىپ يۈرگەن ئىشپىيون ۋە تىڭ تىڭلىغۇچى ئۇزۇن قۇلاقلارنى جەلپ قىلىپ قويىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا ناخشىنىڭ ئورنىغا ل. مۇتەللىپنىڭ 1943 - يىلى ئاقسۇغا يېڭى كېلىپ يازغان «غەزەل» ناملىق شېئىرىنى يادقا ئوقۇپ بەردى:

**غەزەل**

دوستۇم، دىيانەت قەدرىنى ئاچمىدىغان دىلبەر تاپ،
ۋىجدانىدىن شەربەت ئەمدۈرىدىغان كەۋسەر تاپ.

ئىستىكىم مۇشۇ دەپ، شامال ئارقىسىدىن يۈگۈرمە،
شەكلى ئۇچقان ھاك - تاك قالما، مەڭگۈ جانلىق پەيكەر تاپ.

قىياپىتى ئۇنىڭ ھەرگىز تىياتىر گىرىمى بوپ قالمىسۇن،
ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدىغان ھەقىقىي سەرۋەر تاپ.

ئىچى كاۋاك، سۆلەت - سەلتەنەتكە ھەرگىز يېپىشما،
ھەر سەھىپىسى دەردكە دەرمان دەپتەر تاپ.
......



ئۆتمۈشنىڭ ساۋاقلىرى بەلكى سېنىڭ ئېسىڭدىدۇر،
تارىخنى يورۇتقىن خۇرشىد، ماھۇ - ئەنۋەر تاپ.

ئىمە ئارمان ئۆركىشى، دىل قايىنىمىدا ئۆركەشلىمەك،
دىلدا گۆھەر، دىلدا كەۋسەر، دىلدىن ئاتلىق شېكەر تاپ.

ئايتىللا بازاردىن خېلى ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى، ئۇ ھەربىر كىشىگە بەشتىن توغرا كەلتۈرۈپ 35 دانە سامسا، 15 دانە گىردە ۋە ئاچقان نان، بىر جىڭچە سېرىق ناۋات، ھەربىرى تۆت جىڭدىن سەككىز جىڭ خاسىڭ سەمشكا، سايسېرىق پىشىپ يېتىلگەن يەتتە دانە چىلگە كۆتۈرۈپ كىرگەن، يەنە ئۈچ جىڭچە سېمىز قوي گۆشى، خېلى كۆپ لازا ۋە پىدىگەنمۇ ئېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قولىدا يەنە سامسخانىدىن ئېلىۋالغان بىر چۆگۈن قىزىق چايمۇ بار ئىدى. بۇلار جىق پۇللۇق نەرسىلەر بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا يۇقىرى مائاش ئالىدىغان ئايلىقچىلارمۇ ئۇلارنى بىرلا قېتىمدا سېتىۋېلىشقا پېتىنالمايتتى. ئايتىللا بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزى ئاز مائاشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدىكى يېڭىدىن خىزمەتكە كىرگەن تۆت - بەشىنچى ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئوسمان مۇھەممەت تېز ئىنكاس بىلەن: «بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ كىرەلىشىڭىز كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ يۈكنىڭ پۇلى ئۆز ئېغىرلىقىدىنمۇ ئېغىردەك تۇرىدۇ، پۇلنى قانداق قىلغانسىز؟» دەپ سوراشقا قىل قېلىپ توختاپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئوشتۇمتۇت قىزلارنىڭ نازۇك سېزىملىكىنى ئەسكە ئېلىپ قالغانىدى. ئەگەر بۇ گەپ توپتوغرا سوراپ قېلىنغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ جاۋابى تەييار ئىدى، ئەككار ئايتىللا تەمتىرىمەستىن قوۋۇلۇق - شوخلۇق بىلەن لۆتپۇللادەك بىر كىشى بولغان يەردە بۇ نەرسىلەرنى نېسىگە ئېلىپ تۇردۇم، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى.

ئايتىللا ئاقسۇلۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋىلايەتلىك ساقچى

ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيىسىدىن ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدا بولۇپ تۇرىدىغان گەپ-سۆزلەرنى تىڭتىڭلاش، بۇ يەرگە كىرىپ-چىقىدىغانلار ئۈستىدىن كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا يۆتكەپ كېلىنگەن ۋە ئەسلى قىياپىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ كىرگۈزۈپ قويۇلغان ئىشپىيون ئىدى.

ئايىتىللا ئاقسۇدىكى قەدىمىنى ل. مۇتەللىپكە يېقىنلىشىش بىلەن باشلىدى. ئۇنىڭ چۈلۈۋىرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شۇبىڭنىڭ قولىدا بولۇپ، كۆرسەتمىلەرنى ئۆزى بىۋاستە بېرىپ تۇراتتى. ئارىدىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتتى. ئايىتىللا شائىرغا خېلى يېقىنلىشىۋالدى. ئۇنىڭ ياتىقىغا ئۇيالماستىن كىرىشكە ئادەتلەندى. پەيت تاپقان يەردە ل. مۇتەللىپكە كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا قەدەر بېرىپ يەتتى. ئايىتىللا بىرلا نەرسىگە ئىشىنەتتى، ئۇ ھۆسنى-جامالىنى ۋاستە قىلىپ، ياش شائىرنىڭ قەلب رىشتىسىنى ئۆزىگە باغلىۋالالايتتى.

ئايىتىللاغا خىراجەت قىلىنغۇسى پۇللارنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بېرەتتى. ئۇنىڭدا مۇنداق پۇلنىڭ زور بىر قىسمى زاپاسمۇ ساقلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كەڭ داستىخانلىق قىلىپ تۇراتتى. مەككار قىز ل. مۇتەللىپنىڭ مېھمانلىرىغا داستىخان سالغان، چاي قۇيغان، سەي قورۇغان ۋاقىتلىرىدا سۆھبەتداشلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى چېكىدىن-پۈتكىچە ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ھەتتا ئۇ مۇنداق ئىشلار قىلىنىپ بولغان بولسا، ئەتىسى شائىرنىڭ لۆڭگە-ياغلىق، كۆڭلەك، كىرلىككە ئوخشاش نەرسىلىرىنى يۇغان بولۇپ ئولتۇرۇپ، ياتاقتىكى بارلىق ھەرىكەتلەرگە ئاستىرتتىن زەن سېلىپ تۇراتتى. ئاندىن سىرداش ۋە سەپداشلارنىڭ گەپ-سۆز، قىلمىش-



ئەتمىشلىرىنى بىرمۇ بىر كۆڭۈل دەپتىرىگە تىركىۋېلىپ، ئوتتۇرلۇق ساقچى ئىدارىسىگە، توپتوغرا ۋۇ شۇبىڭنىڭ ئۆزىگە ۋاقتى-ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ھەمسۆھبەتلىرى بۇنى سەزمەيتتى. ئايىتىللا شۇنچە ئەپچىللىك، قۇۋلۇق-شۇملۇق بىلەن پايلاقچىلىق قىلاتتىكى، ئۆزىدىن باشقىلار سېزىۋالغۇدەك ھېچقانداق ئىز قالدۇرمايتتى. بەلكى ئۇ بارلىق پىكىر-خىيالىنى مېھماننى مۇمكىنقەدەر ياخشى ئۇزىتىشقا سەرپ قىلىپ كىشىگە ئىش ھەلەكچىلىكى بىلەنلا بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

ئايىتىللا پالكۆز ئىدى. ئۇنىڭ ياقۇتتەك تىنىمسىز پارقىراپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىگە ئوتتەك قىزىق جەلپكارلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە نۇرغۇن ھىيلە-مىكىر سىرلىرى يوشۇرۇنغانىدى. قاش-كىرپىكلىرى ئۇزۇن، خۇددى ياساپ تېرىپ قويغاندەك ئىنچىكە، ئەگمە بولۇپ، ئۇ پالكۆزى بىلەن قوشۇلۇپ، ھەل بەرگەندەك سېپىلىق، ئاق پىشماق، يۇمىلاق يۈزىگە يېڭىدىن يېڭى گۈزەللىك بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېگىزرەك بويى زىلۋا كەلگەنىدى.

ئايىتىللا شۇ كۈنى ئاقسۇدا ئەڭ ئەتىۋارلىق ھېسابلانغان خوتەن شايىسىدىن كۆڭلەك كىيگەن، قاپقارا ئۇزۇن چېچىنى كاللەكلەپ، ئۈستىگە ياغلىق چىگىۋالغانىدى (ئۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدا ئاياللاردا چاچ كاللەكلەش ئادىتى بولمىسىمۇ، ئۇ يېڭىلىق ھېسابلاپ، ئەتەيىن شۇنداق قىلىۋالغانىدى). ئىككى بارمىقىغا بىردىن ئۆتكۈزىۋالغان ئىككى دانە ئالتۇن ئۈزۈكى، قۇلىقىدىكى سوزۇنچاق ئالتۇن ھالقىسى لامپا يورۇقىدا پارقىراپ تۇراتتى.

ئايىتىللا گېزىتخانىنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى قىزلار مەكتىپىدىن قەيەرگىدۇر بېرىش ئۈچۈن چىققانىدى، ئوسمان مۇھەممەت، گو جەنخۇا، ئابدۇللا روزىلارنىڭ ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقىغا كىرىپ

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىلىنغۇسى كەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇلارغا سوقۇنۇپ دېگۈدەك بۇ يەرگە كەلدى.

ئايتىللا بازاردىن ئەكىرگەن لىق بىر داستىخان سودىلىقنى ئىشىكنىڭ كەينىگە قويغاندىن كېيىن ساھىبلارنى ليگەنگە ئېلىپ، سەپداشلارنىڭ ئالدىغا قويدى، ناننى ئۈستەلگە تىزغاندىن كېيىن بەش - ئالتە داننىسىنى سىندۇردى، چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ، مېيمانلارنىڭ تېزرەك قىلغىنىغا ئۇنىماي ھەربىرىگە ياڭاق چوڭلۇقىدا ناۋات تاشلىدى، سىمىشكا بىلەن خاسىڭنى يۇتۇن ئۈستەلگە تەكشى چېچىپ قويدى. ئاندىن ئۆزى كۆكتات يۇيۇپ، گۆش توغراپ، سەي قورۇش تەرەددۇتىغا كىرىشتى. سەپداشلاردىن ساما يېگىنى ساما يەپ، بەزىلىرى سىمىشكا چاقىشاچ پاراڭ باشلىماقچى بولۇپ تۇراتتى، ياتاقتا دەرۋازىنىڭ بوش قېقىلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. پاراڭ توختىدى. ئوسمان مۇھەممەت دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى. ئۇلار چۈشتىن كېيىنكى خىزمەت سىمپىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كوچىنى بىرقۇر كۆزەتكەندىن كېيىن ل. مۇتەللىپ بىلەن مۇگەدىشىش ئۈچۈن كەلگەن گېزىتخانا نابورچىكلىرى ۋە جەڭگىۋار سەپداشلاردىن تۇردى ھېسەيىنوپ، قادىر ئېلىلار ئىدى. ئۇلار سالاملىشىپ ۋە يېڭى مېھمان ھېمىت بىلەن ئالاھىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئابدۇللا روزى سىرتتىكى ئۇيپۇر - تۇيۇرلارغا دىققەت بولغان ھالدا نابورچىكلاردىن بىتاقەتلىك بىلەن سورىدى:

— تالادىكى نېمە شەپە؟ سىلەر سىرتتا نېمە كۆردۈڭلار، كوچىدا قانداق ئىش بولۇۋاتىدۇ؟

— تاشقىرىقى بازار دوقمۇشىدىن قايرىلىپ، بۇ تەرەپكە ئاتلىق ئەسكەرلەر كېلىۋاتقاندەك تۇراتتى. ئاڭغىچە بىز بۇ يەرگە كىرىۋالدۇق. تايىن شۇلار بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى-



رەكمۇ بىر ئىززۇوتچە ئەسكەر شەھەر ئىچىدىن چىقىپ، كۈنشەمەر تەرەپكە كەتكەنىدى، ھەممىسى تولۇق قوراللانغان، بىرى ئات ئۈستىگە ئېغىر پىلىموت ئېلىۋاپتۇ، — جاۋاب بەردى قادىر ئېلى.

— بىزگەن چۈشتە مۇساجان بىلەن كۆرۈشۈپ قالغانىدىم، — قوشۇمچە قىلدى كەمسۆز تۇردى ھېسەيىنوپ قىزىقىش ئاھاڭى بىلەن، — ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مۇزات تەرەپتە ئەھۋال كۆڭۈلدىكىدەك جىددىيلىشىپ قاپتۇ، بۇ ئەسكەرلەر شۇ يەرگە ماڭغان بولسا كېرەك.

— قورغاننى بۇ كەمگىچە ئىككى ئىززۇوت ئەسكەر ساقلاپ كېلىۋاتقانىدى، — ئىزاھات بېرىپ سۆزلىدى بىلال ئەزىزى، — 5 - ئاتلىقلار پولكى بۇ يەرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەسكەر يۆتكەۋاتقان بولسا كېرەك. ھازىر بۇلاردا ئەندىشە كۈچىيىپ كەتتى.

— كۆلۆبكا ئورۇنلىشىۋالغان ماراللىبىشى روتىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، — دېدى گو جەنخۇا، — بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۇلارنى بوزدۆڭگە يۆتكىگۇدەك دېگەن كەپ بار ئىدى. ئاشۇ ماڭغانلار شۇلار بولسا كېرەك. كۆلۆبنىڭ ئىشىكىدە بۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ پوست كۆرۈنمەيدۇ.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى خەۋەر، — دېدى سۇنمىرىدىن خوجە ھاياجان بىلەن، — قايتىلا ئاڭلىسا كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىدۇ. گومىنداڭچىلار ھازىر بۇتنى كۆيگەن توخۇدەك ئېغىر ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بۇتنى تېخىمۇ قاتتىق كۆيسۇن، ماڭالماس پالەچ ئەھۋالغا چۈشسۇن!

— بۇلاردا بارى - يوقى شۇنچىلىك ئەسكەر، — دېدى ل. مۇتەللىپ نابورچىكلار بىلەن گو جەنخۇا يەتكۈزگەن خەۋەرلەرگە خۇلاسە قىلىپ، — گومىنداڭ ئۇلارنى شاھمات تاختىسىدىكىدەك ئۇ كاتەكچىگە ياكى بۇ كاتەكچىگە يۆتكەپ شاھ كۆرسىتىپ باقتى. ئەمما ئۇرۇقنى بىر يەرگە يۆتكىسە، يەنە بىر يەر بوش قالغان-

غا ئوخشاش ئىش بولدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ كۆرسىتىدىغان كوزىرلىرى قولدىن كېتىپ، تەختى-بەختى گۇمران بولۇپ، ئاقسۇ بىلەن خوشلىشىدۇ.

— ئەھۋاللارغا قارىغاندا، — دېدى ئابدۇللا روزى، — بۇ يەردە تۇرۇش بولۇشى مۇقەررەر. بۇ بەلكى بىزنىڭ مۆلچەرلىمىزدىن بالدۇر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇزاتتا ھۇجۇمنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىدا گەپ يوق. ئۇلارنى مۇزاتتىن ئۆتتى دېگەن سۆز، ئاقسۇغا كەلدى دېگەن سۆز.

— بۇ يەردىكى ئەشەددىي گومىنداڭچىلار بىلەن يۈز تۇرانە ئېلىشقۇم كېلىپ قولۇم قىچىشىپ كېتىپ بارىدۇ، — دېدى ئوسمان مۇھەممەت، چاقچاق ئاھاڭىدا، ئەمما ناھايىتى سەمىمىي قىلىپ، — شۇلارنىڭ چېكىسىگە توغرىلاپ ئەجەل ئوقى ئېتىۋالسام ئارمىنىم چىقاتتى.

— بۇ ھەممىمىزنىڭ ئارمىنى، پۈتۈن ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئارزۇسى، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا، — قېنى ئاقسۇدا ئاۋۋال بىرىنچى پاي ئوق پاك قىلىپ ئېتىلسۇنچۇ، ھەممە كىشى ئۇ كۈنى قوزغىلىدۇ.

— تەشكىللىي تەييارلىقىمىز پۈتۈپ قالسا، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — بىز دۈشمەن قورغىنى ئىچىدىن دۈشمەنگە قارشى بىرىنچى پاي ئوقنى ئېتىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قورغان تېشىدىن ئاتىدىغان دەسلەپكى ئوقىغا جىپسىلىشىمىز. بۇ ۋەزىپە ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە ھەرقاچان، ھەر ۋاقىت ساقلىنىشى كېرەك. — سۆزنىڭ داۋامىدا شائىر ھېيىتنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا، — كەچ بولغانچە سېنىڭ گېزىتلىرىڭگە تەقەززالىقىمىز ئېشىۋاتىدۇ. دوستۇم، ئۇلارنى ئەكىلىپ كۆرسەك بولمامدۇ؟ — دېدى.

ھېيىتنىڭ ئۆزىمۇ يولغا چىقىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ ئالدىراپ تۇراتتى، ئۇ دەررۇ ماقۇل بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى.



گېزىتنىڭ گېپى چىقىش بىلەن دىڭ قۇلاق بولۇپ تۇرغان ئايتىللا غەلجىگلىق بىلەن شوپۇرنىڭ ئالدىنى توسقان بولۇپ:

— سىز بۇ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن مېھمان، — دېدى ئۇ، — بىرنەرسە يېگىنىڭىزنىڭ تايىنى يوق، گېزىت ئەكىلىدىغان ئىشىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئاۋۋال مەزىگە ئوبدان بېقىۋېلىڭ.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ھېيىت تەكلىپنى رەت قىلىپ، — بۇ مېنىڭ بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كېلىشىم ئەمەس. ھېلىمۇ ئوبدان مېھمان بولدۇم، — ئاندىن ئۇ، ل. مۇتەللىپكە، — بۇ مېنىڭ سىلەر بىلەن خوشلىشىشىم بولۇپ قالىدۇ. ھەمراھ شوپۇرلار بىلەن مۇشۇنداق ھاۋا ئىسسىق چاغدا كېچىسى يول مېڭىشنى مەسلىھەتلىشىۋالغانىدۇق. گېزىتنى قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ بولۇپ يولغا چىقىمەن. قەشقەر، يەكەن تەرەپلەردىن ساق-سالامەت قايتىپ كېلىپ كۆرۈشكىچە خوش.

ھېيىت بىلەن بىللە سارايغا بېرىپ، گېزىتلەرنى ئەكېلىشكە بىلال ئەزىزى بارىدىغان بولۇپ، ئورنىدىن قوزغالدى. ھازىرقى كۈندە كېچىسى ساقچىلار كوچا-مەھەللىلەردە كۆزەتچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىلى گېزىتلىرىدىن ئىبارەت مۇنداق مۇھىم مەخپىي ماتېرىياللىنى سەزدۈرمەستىن ياتاققا يەتكۈزۈپ كېلىشكە ساقچى ئوفىتسېرىدەك بىر كىشىنىڭ ئىناۋىتى بولۇشى زۆرۈر ئىدى. گېزىتنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تۇردى ھەسەينوپ بىلەن قادىر ئېلىمۇ بېرىشقا تەييار بولدى. ل. مۇتەللىپ ياتىقىدا مېھمان بولغاچقا ئۇلارنى تاشلاپ، سارايغا بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سەمىمىي دوستى بىلەن قايتا-قايتا قول سىقىشىپ خوشلاشتى. مۇنىرىدىن خوجا، ئوسمان مۇھەممەت، ئابدۇللا روزى، گۇ جەنخۇالارمۇ بۇ ئارزۇلۇق مېھمان بىلەن بىرلەپ-بىرلەپ قول ئېلىشىپ خەيرلەشتى.

ھېيتقا ساھىبخانىلىق ئەقىدىسىنى كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق كۆرمىشچان شائىرنىڭ دىلىنى يەتمىگۈ كۆپرەك ئۆزىگە قارىتىشقا ئالدىراۋاتقان ئايتىللا سەي قىرۇۋۇش ئالدىدا تۇرۇغانلىقىنى، قىزىلۇپ بولغۇچە داپال بولۇپ، سەيگە ئېغىز تېگىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ، مېھمانلىنى يەنە بىر قېتىم تويسىدى. ھېيت ئاخىرقى قېتىم تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن پاراڭ تۈگىتىپ، ياتاقنى بىر ھازانچە جىمجىتلىق باستى. تىنچىق كېچە. ئاقسۇ بازىرى ئادەمسىز قالغان چۆلدەك تىنچىپ كەتكەندى. يىراق - يىراقلاردىن ئىشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ئاڭلىنىپ، كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزدى، ئىشەكچى، ئاندىن گۈلباغ، سەكپاچى تەرەپلەردىن توپ - توپ ئىتلارنىڭ ئارقىمۇ ئارقا ھاۋشىشلىرى پەيدا بولۇپ، ئارقىدىنلا تازاپ ئىتلارنىڭ بىردىن دەتلاشقا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئاڭلىنىپ تۇردى. ياتاقتا قىرى بىر جايدىن يەر ئاستىدا چېپىلىۋاتقان جوتىنىڭ ئاۋازى كەلدى. بۇ لەڭگەر باش كۆۋرۈكىدە ياسىلىۋاتقان پىرتەيىنىڭ ئاستىغا لەخمە كولىنىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئاسىق مەھەللىسىدىن تونۇش ساقچىنىڭ ھۇقۇشىنىڭكىدەك سەت ۋە قوپال ئاۋازى بىلەن كىمدۇ بىرىنگە «توختا!» دەپ ۋارقىرىغانلىقى ئاڭلىنىپ، تېزدىن جىمىپ كەتتى. ياتاقتا قالغان سەيداشلار بۇ شاۋ - شۇۋۇلارنى ئېنىق ئاڭلاپ ئولتۇردى ۋە ھەربىرى كۆڭۈللىرىدە ئۆز پەرەزلىرىنى يۈرگۈزدى.

ئوسمان مۇھەممەت سۆز باشلاپ، ياتاقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئۇ بايانقى جەددىي ئەھۋال ئىچىدە ئېيتىشتا يېتىنالمىغان، ئەگەر ئېيتقاندا سەيداشلارنىڭ دىققىتى بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن بولغان بىر مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى:

— مەركىزىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى راخمان قارا



قىلدى، — دېدى ئۇ مەيۈسانە ئاۋاز بىلەن، — ئەتە جامائەت بامدات نامىزىدىن يېنىشقا دېيىت شىپىتكارلىقىغا ئاچچىقلىدىغان بولدى.

بۇ گەپ بىلەن ياتاقنى ئۈشتۈمتۈت مۇسىبەت ھاۋاسى قاپلىدى. ھەممەيلەن ياش پىداگوگنىڭ مۇڭلۇق قىياپىتىنى قايغۇلۇق ھالدا كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرۈشتى.

— راخمان، — دېدى ئوسمان مۇھەممەت ئەسكەرتىش تۈرىدە سۆزىنى داۋام قىلىپ، — مېنىڭ ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم، شۇنداقلا لۈتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، بىلال ئەزىزلەرنىڭمۇ ساۋاقدىشى ئىدى، كۆپ ياخشى، ياۋاش بىر يىگىت ئىدى.

— مەرھۇمنى ھەممىمىز بىلىمىز، پۈتۈن ئاقسۇ خەلقى بىلىدۇ، — دېدى گو جەنخۋا، — بۇ يەردە بەش يىلدەك تۇرۇپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشىغا نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى. مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراق ئىدىم. ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق ئىدى.

— راخماننىڭ تېگى - تەكتى چېلەكزۈلۈك، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — ھازىر ئۇنىڭ يۇرتى مىللىي ئارمىيە تەرەپتىن ئازاد قىلىنىپ بولدى، بۇنى ئاڭلىغانمۇ - ئاڭلىمىغانمۇ، بىلمەيمەن. ئەگەر ئاڭلىغان بولسا بۇ دۇنيادىن خۇشال كەتتى. راخمان ئەخلاقلىق، كۆركەم پەزىلەتلىك، ئىرىشچان، ئۆتكۈر ۋىجدان ئىگىسى ئىدى. ھايات بولغان بولسا، بىزنىڭ كۈرىشىمىزدە مۇھىم رول ئوينايتتى. ئۇ گومىنداڭغا چەكسىز نارازى ئىدى، ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمەنكى، ئۇ شۇ نارازىلىق ئىچىدە بوغۇلۇپ كېسەل بولۇپ، ئارمان بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى. شۇم سىل بۇ دوستىمىزنى ئىككى يېرىم يىل قىينىدى.

ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەتە ئەتىگەن ئۇنىڭ قەبرىستاندىكى دەپنىسىگە قاتنىشىش قارارىغا كەلدى. ياتاق قايتىدىن

جىلمىققا چۈكتى. بىلال ئەزىزى، تۇردى ھەسەيىنوپ، قادىر ئېلىلار قايتىپ كەلدى. ھەممەيلەن كېزىتنى تالاش-تالاش قوللىرىغا ئېلىشتى. ئەمما قاراڭغۇدا ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوقۇشىغا ئىمكان بولمىدى. ئۈستەل ئۈستىگە، تورۇتنۇق چىقىرىلىپ، يېڭىدىن پىلىكى كۆتۈرۈلگەن پاكار لامپا ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلدى. كېزىتلەرنىڭ بىر نۇسخىسى ئۈستەل ئۈستىگە بىر كەلگۈدەك يېيىپ قويۇلۇپ، ھەممەيلەن چۆرىدەپ ئۆرە تۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى ھاياتبەخش جەڭ خەۋەرلىرىنى چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىك بىلەن شىۋىرلاپ ئىچلىرىدە ئوقۇدى. خېلىدىن بېرى گۆش، سەيلەرنى توغراپ تەييار قىلىپ قويغان ئايىتىللا ئەمدى ئۇلارنى قورۇش ئۈچۈن ھويلىدىكى يازلىق ئوچاققا ئوت قالىماقچى بولۇپ تۇراتتى، كېزىتنىڭ نامىنى، سانىنى، چىقىرىلغان كۈنلىرىنى، سەپداشلارنىڭ كېزىت ئوقۇش ۋاقتىدىكى ھېسسىياتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ساقچى ئىدارىسىگە تەپسىلىي دوكلات قىلىپ بەرگۈدەك دەرىجىدە كۆڭۈل دەپتىرىگە ئېنىق خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇمۇ ئۈستەل تۈۋىگە يېپىشىۋېلىپ كەلدى ۋە ل. مۇتەللىپكە چاپلىشىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېزىتلەرگە سىنچىلاپ قارىدى. بىلال ئەزىزى شۇ چاغدىلا دەرۋازىنىڭ تاقاقسىز قالغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ئىشىكنى چىقىپ ئۇنى ئىچىدىن غورۇلاپ كىردى. كېزىتنىڭ 1-بېتىگە ھەربىي مۇخبىر ئىمزاسىدا رامكىغا ئېلىنىپ، چوڭ ھەرپ بىلەن مۇنۇ خەۋەر بېسىلغانىدى:

## «يېڭى ئايدا يېڭى خۇش خەۋەر»

گېمىندائىڭنىڭ مايتاغنى ساقلاپ ياتقان مۇنتىزىم قوراللارغا ئىگە پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت پولكىنىڭ 3-باتالىيون 9-روتىسىدىكى ئەسكەرلەر ئۆز كوماندىرى سوپاخۇن سىزدۇروۋ باشچىلىقىدا پۈتۈن تەركىبى بىلەن ئىنقىلابىي قىسىمنىڭ تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇلار مايتاغدىن قوزغىلىش ۋاقتىدا ئارقىغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپ ۋە تېزە تۇرۇپ، 3-باتالىيوننىڭ جاھىل كوماندىرىنى ئۆلتۈردى. 9-روتىنى تىرسۇۋېلىشقا ھەرىكەتلەنگەن 5-، 6-روتىلاردىن يۈزگە يېقىن دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى غەنىيمەت ئالدى. ھەقىقەتەن ھەممە يەردە غالىب. سوپاخۇن سىزدۇروۋ، ئۆز روتىسى بىلەن بىر بازىدا تۇرغان 8-روتا ئەسكەرلىرىدىنمۇ ناھايىتى كۆپىنى ئەگەشتۈرۈپ، دۈشمەن قىزغىنى ئىچىدىن ئاچىقتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 8-روتا كوماندىرى ھېسامىدىن ئاران جېنىنى ساقلاپ، يەككە-يېگانە يېتىم قالدى. سوپاخۇن سىزدۇروۋ بۇ ئىككى روتىدىكى 250 ئەزىمەتنى غەلىبىلىك باشلاپ، يولدىكى پارچە-پۇرات قارشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىتچىت قىلىپ، بورتالاغا كەلدى.

سەپداشلار خۇشاللىقىدىن بىئىختىيار چاۋاك چېلىۋەتتى. سەكرىشىپ، بىر-بىرىنى قۇچاقلاشتى. ل. مۇتەللىپ: «بەللى، باشاڭلار خەلق ئوغلانلىرى» دەپ ۋارقىراپ كېزىتنىڭ يەنە بىرىنى ئېلىپ، ئاۋۋالقى كېزىتنىڭ ئۈستىگە يايدى. بۇ «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» كېزىتىنىڭ ئۇنىڭدىن بەش كۈن ئۆتۈپ بېسىلغان باشقا بىر سانى ئىدى. بۇ ساننىڭ 1-بەت ئوڭ تەرىپىدىكى باش سىتونلىرىغا بورتالانىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «غەلىبە، ئۆز ئەركىنلىكى يولىدا جان تىكىپ كۆرەش قىلىۋاتقان خەلققە مەنسۇپ» دېگەن ماۋزۇدا باش ماقالە بېسىلىپ، سول تەرىپىدىكى 2-سىتونغا بورتالانى دۈشمەننىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدىكى شىددەتلىك جەڭنىڭ تەپسىلىي ئۆتىشىنى بايان قىلغۇچى ئۇزۇن خەۋەر بېرىلگەنىدى.

«بۇرتالانى دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم كۈچ ھېسابلانغان ئىككى پولك ئەسكىرى ساقلاپ ياتاتتى، — دېيىلگەنىدى خەۋەرلەردە، — ئۇلار مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا بۇ يەردە قۇرۇۋالغان ئۇنلىغان پوتەي، ئەپچىل ياسالغان لەخمىلىرى ئارقىلىق تىرىشتىغىرا بىر ھەپتە قارشىلىق كۆرسەتتى. بېرىلگەن قۇربان ئاز بولمىدى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچيۈزدىن ئېشىپ، ئۇلار ئارشاڭ يولىدىكى ئاقسۇبېتىنىڭ قېشىدا ساي تېشىدەك يېتىپ كەتتى. دۈشمەندىن ئېلىنغان ئەسىر 400 كىشىگە يېتىدۇ. بەزى گومىنداڭ روتىلىرى پۈتۈن تەركىبى بىلەن قول كۆتۈرۈپ قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

بورتالا ئۇرۇشىدا سوپاخۇن سۇۋۇروۋ روتىسىنىڭ كۆرسەتكەن رولى تەرىپكە لايىق زور بولدى، — دېيىلگەنىدى خەۋەردە يەنە، — بۇ قېتىشۇن مايتاغدا قىزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بورتالاغا كەلگەن چېغىدا بۇ يەردىكى ئۇرۇش ھالقىلىق پەيتتە — تىركىشىش باسقۇچىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ دۈشمەن سېپىگە كەينىدىن ئۇشتۇمتۇت بۆسۈپ كىرىشى نەتىجىسىدە، گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئالاقزادىلىكتە چۈكۈپ، تىرىپىرەن بولۇشقا يۈزلەندى. ئاخىر ئۇلار غەرب - شەرق ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجە شەكلىدە بېرىل[illegible] قاقشاتقۇچ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، پۈتۈن سەپ بويلاپ قولىدا تۇتۇپ كەلگەن ئۈستۈنلۈكىنى تېزدىن يوقاتتى.»

بۇ خەۋەرنىڭ ئاستى تەرىپىگە «ئىلاۋە» ماۋزۇسى بىلەن مۇنۇ سۆزلەر قوشۇمچە قىلىنغانىدى: «مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، بورتالادا ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىك يىغىنىدا سوپاخۇن سۇۋۇروۋنىڭ قىزغىلاڭچى قوشۇنى مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە رەسمىي قوشۇۋېلىندى. ئۇلارغا قارامتۇل سارغۇچ دىگىتالدىن تىكىلگەن ھەربىي كىيىم، مىللىي ئارمىيىچە



قالپاق، كاكار - پاگون تارقىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى گومىنداڭنىڭ كۈل رەڭ كۆرۈمسىز كونا ھەربىي كىيىملىرى خامانىدەك بىر يەرگە دۆۋىلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، كىيىملەر بىر ھازا كۆيۈپ، قاپقارا كۈلگە ئايلاندى.»

گېزىتنىڭ شۇ بېتىگە يەنە رامكا ئىچىدە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبەك نامىدا سوپاخۇن سۇۋۇروۋنىڭ روتا كوماندىرلىقىدىن باتالىيون كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا پەرمان بېسىلغانىدى. 3 - بەتتە سوپاخۇننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، كىچىكىدە ئاز بىر مۇددەت دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى، ئاتىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن بايلارنىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ ئىشلىگەنلىكى، ياش ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە قېچىپ چىقىپ، شۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى، مەكتەپنى 1939 - يىلى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاۋۋال جەنۇبىي شىنجاڭ، كېيىن مايتاغدا گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى ئىچىدە روتا كوماندىرى بولۇپ ئىشلەپ، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنى مىللىي ئارمىيە تەرەپكە باشلاپ كەلگەنلىكى ئېيتىلغانىدى.

شائىرنىڭ كىچىككىنە ياتىقى ل. مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ئوسمان مۇھەممەت، ئابدۇللا روزى، تۇردى ھەسەنوپ، گۇ جەنخۇا، قادىر ئېلى ۋە ئارىغا بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىپ كىرىۋېلىپ، ئۈستەلنىڭ بىر بۇرجىكىدە قىسىلىپ تۇرغان ئايتىللادىن ئىبارەت توققۇز كىشى بىلەن تولغان بولسىمۇ، لېكىن سەپداشلار ئۆزلىرىدە ئاۋارىچىلىق ھېس قىلمىدى. شادلىنىش تىنىق كېچىدە ياتاق ئىچىنى قاپلىغان تىنچلىقنىمۇ سەزمىدى.

كەچ كىرىپ، يېرىم كېچىگە يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي، ھەممەيلەن كۈندۈزدىكىدەك سەگەك. ئۇيقۇدىن بىزار ئىدى. ئۇلار خەۋەرلەرنى بىر كىشى ئوقۇپ بېرىپ، قالغانلىرى تىنچ ئاڭلاپ ئولتۇرغاندەك جىم، رەتلىك كۆردى. ھەربىر خەۋەر، ھەربىر قۇر، ھەربىر سۆزنى قەلب كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ، بېرىلىپ - بېرىلىپ ئوقۇدى. گېزىتنىڭ بۇ ئىككى سانىدىكى مۇھىم ماقالە ۋە خەۋەرلەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار باشقا بىر سانىنى كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ سانىغا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە داۋام قىلىۋاتقان ئۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بېسىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىدە ھەربىي مۇخبىر ئىمزاسى بىلەن قوبۇقساردىكى جەڭ ھەرىكەتلىرى بايان قىلىنغانىدى. «بۇ يەردىكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىمىزدىكى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە غەلىبىلىك تامام بولۇشى شەك - شۈبھىسىز، — دېيىلگەنىدى خەۋەردە، — بۇ ناھىيىنىڭ بارلىق يېزا، ئاۋۇل، يايلاق، قىشلاقلىرى ئازاد قىلىنىپ بولدى، ھازىر جەڭ پەقەت ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا داۋام قىلىنماقتا، دۈشمەن ئەسكەرلىرى سېپىل - پوتەي، لەخمەلەرگە يۆلىنىپ، ئاخىرقى بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزمەكتە». باشقا بىر خەۋەردە يېڭىدىن ئازاد قىلىنغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ دوربىلجىنغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى ئېيتىلغانىدى. گېزىتنىڭ بۇ سانىغا يەنە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۆرىشى يېڭىدىكى زور بۇرۇلۇش» ماۋزۇسىدا ئوزۇن ماقالە بېسىلىپ، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان نىلقا قوزغىلىڭى ھەققىدىكى بىر ئابزاس قىسمىدا: «1944 - يىلى گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن قېچىپ چىققان بىرقانچە كىشى يەرلىك خەلقنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا تۆت - بەش تال مىلتىق بىلەن گومىنداڭنىڭ ئۇلاستايدىكى ھەربىي قورغىنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە يۈز ئەسكەرنى



يوقاتقان ۋە شۇ يىلى پۈتۈن نىلقا ناھىيىسىگە تېگىش قىلىپ، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بۇ ناھىيىنى ئازاد قىلغانىدى» دېيىلگەنىدى.

يولۇچىمۇ ل. مۇتەللىپ ماقالىنىڭ بۇ ئابزاسىنى چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن تەكرار بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئاخىر ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي بۇ ئابزاسنى ھەمراھلىرىغا بىر رەت ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى. شائىرنىڭ قەلبى باشقىدىن يورۇپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرت نىلقىنى يېڭىش - يېڭىش كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇنىڭ مەھەللە - كوچىلىرىنى ئارىلاپ، خۇشال خەلقنى تەبرىكلىگەندەك بولدى. شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ئاتا - ئانا ۋە ئۇكا - سىڭىللىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋالغۇسى كەلدى. سەپداشلار شائىرنى سۆيۈملۈك يۇرتى نىلقىنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئازاد قىلىنغانلىقى بىلەن يەنە بىر قېتىم تەبرىكلەشتى. ل. مۇتەللىپنىڭ قوزىنىڭكىدەك مۇلايىم كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدە سۈزۈك ياش تامچىلىرى پەيدا بولۇپ، ھەش - پەش دېگۈچە مەڭزىگە دومىلاپ چۈشتى. بۇ، خۇشاللىق يېشى ئىدى، مۇنداق ياش دەرد - ئەلەم ياكى قايغۇ يېشىدىن كەسكىن پەرقلىنىپ، يوشۇرۇپ قېلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان مىسلىسىز زور خۇشاللىقنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولۇپ، ئەنە شۇنداق راھەتبەخش تامچىلار ئارقىلىق باشقىلارغا ئەكس ئېتەتتى. شائىر ئۆزىدىكى بۇ خۇشاللىقنى شۇ مەھەل كۆڭلىدە تۈزۈپ چىققان تۆت مىسرالىق قەلب شادىيانىسى شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىش بىلەن چاشەندۇرمەكچى ئىدى، ئاغزى سۆزگە قولاشماي ئوقۇپ بېرەلمىدى. خۇشاللىق يېشى ئۇنىڭ سادا ياڭرىتىشىغا ئىمكان بەرمىدى.

سەپداشلار ھاياجان ئىچىدە جىم بولۇپ قېلىشتى، چۈنكى، ھەممەيلەن شائىرنىڭ پاياتسىز قەلب شادىيانىسىگە تەڭ ئورتاق

ئىدى. چۈنكى ئۇلارنى كېيىنكى سەھىپىلىرىدىن ئارقىمۇ ئارقا ئوقۇلغان غەلىبە خەۋەرلىرى خۇددى ل. مۇتەللىپنىڭكىدەك چەكسىز خۇشاللىق ئىلكىگە ئېلىپ بولغانىدى.

كوچىدىن بىر خىل شەپە ئاڭلىنىپ ئۇستەلگە تۆپە - تۆپىلەپ يېيىپ قويۇلغان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ بۇ ئۈچ سانى يىغىشتۇرۇۋېلىندى. پىلىك پەسەيتىلىپ، لامپا پىلىكى سەل - پەل غۇۋالاشتۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئىككى دانە پەرۋانە يۇمشاق ئۇچۇپ، ئۆزلىرىنى چوغدەك قىزىپ كەتكەن شىشىگە تاشلاي ئۇراتتى - دە، ھارارەتتىن راھەتلىنىپ لامپا تۈۋىگە چۈشەتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئۇچۇپ، شىشە ئەتراپىدا ئايلىنىشنى داۋام قىلدۇراتتى. ئۇلار مۇشۇ تۇغما ھەرىكەتنى ئارقىمۇ ئارقا تەكرارلاپ، ھەربىر كىشىگە ئۆزىنى ئاتىغان ئىشتا ئۈزۈل - كېسىل مەقسەتكە يەتكۈچە پەرۋانىدەك قورقماي، ھارماي، چېكىنمەي ئاخىرغىچە كۈرەش ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلۈكىنى ئۆگىتىۋاتقانغا ئوخشايتتى. ل. مۇتەللىپ بۇ بىر جۈپ پەرۋانىنىڭ ھەرىكىتىگە ئارىلاپ - ئارىلاپ سەئىلىك قاراپ قوياتتى...

## كۈرەش ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا موھتاج

گېزىتتىكى ھاياجانلىق خەۋەرلەر بەخش ئەتكەن شېرىن ھېس - تۇيغۇلار سەپداشلارنى چوڭقۇر سوئاللار دېڭىزىغا چۆمدۈرۈپ، ئۇلارنى ئاقسۇدا بولغۇسى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ بىر دولقۇنىدىن يەنە بىر دولقۇنىغا تارتىپ كۈچلۈك شۇڭغۇتۇشقا



باشلىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى غۇلجىنىڭ تەۋەررۇك موخۇركىسىنى يۆگەپ ئوراپ، قېنىپ - قېنىپ شورىسا، بەزىلىرى چېكىپ بولغان تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئۆچۈرۈپ، موخۇركا قۇتىسىنىڭ ئىچىگە ئەتىۋارلاپ سېلىۋالاتتى. ياتاق بىردەمدىلا ئىس - تۈتەككە تولدى.

ھۇنەرۋەندىن خوجىنىڭ دېمى سىقىلىپ تۇرغىنىغا خېلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تاماكا چەككەنلەرنى خىجىل قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن چىدام بىلەن ئولتۇراتتى. ئاخىر تاقەت قىلالماي قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. تاماكا چېكىش توختىدى. ئايىتمىلا ئىس چىقىپ كەتسۇن دېگەننى قىلىپ، ياتاق ئىشىكىنى چوڭ ئېچىۋەتتى، ئوسمان مۇھەممەت لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن يېقىندىلا قىلىشقان مەسلىھەتكە ئاساسەن، بىرىنچى بولۇپ ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولۇپ تۇراتتى. ئۇ قىلماقچى بولغان سۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىماقچى بولۇپ ئىشىكنى ۋە دېرىزە رامىلىرىنى يېپىپ قويدى، جىمجىت كېچىدە ئاۋاز يىراققا تارقىلىپ، كۈتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. ئوسمان مۇھەممەت بۇ قېتىم چاڭگىلداق ئاۋازىنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، پەس تەلەپپۇز ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئۆز تەكلىپىنى بايان قىلىشقا باشلىدى.

— ئەمدى كېچىكىشكە پەقەت بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ، — تەشكىللىك ھەرىكەتكە كۆچۈشنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى. بىز بۇ كەمگىچە گومىنداڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىمىزنى ئۆزئارا ئۇچراشقاندا سۆز بىلەنلا ئىزھار قىلىپ كەلدۇق. بۇ يېتەرلىك ئەمەس، مىللىي ئارمىيىنىڭ بورتالا، ئارشاڭ، قوبۇقسار ۋە تولىلاردىكى يېڭى غەلىبىلىرى، ئىلى خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەلىبە قىلىش يولىدىكى تەجرىبىسى، مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبقا ئۆتۈش ئۈچۈن مۇزاتتىقا قىستاپ

تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرگە بىرلا نەرسىنى، ئۇ بولسىمۇ كېچىكىپ يەنە پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ ئىنتايىن خاتا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. — ئۇ ئالدىدىكى سوۋۇپ كەتكەن چاينى قولىغا ئېلىپ، ئىككى ئوتلام ئوتلاپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — ئەمدى كۈتۈپ تۇرۇش بىلەن ۋاقت ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ. تەشكىلات قۇرۇپ كۈرەشنى باشلىۋېتىشىمىز، خەلقنى يوشۇرۇن ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلارنى ئۆزلىرىدە بار نەرسىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئايىملا بۇ گەپلەرنى تولۇق ئاڭلاپ ئەينەن ئېسىدە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ياتاقنىڭ چېتىدىن خاتىرجەم بىر جاينى تېپىپ، ئاستىغا پاكار ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇردى. لامپا يورۇقى بۇ يەرگە تولۇق كېلەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ جىم تۇرۇپ باشقىلاردا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قاراڭغۇ بۇلۇڭدا بىر پارچە ئاق خەسىگە كەشتە تىككەن بولۇپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈلگەن يىڭنىنى سانجىغاچ ئوتتۇرىدا قىلىنىۋاتقان گەپ ۋە مەسىلىلەرنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشىدى. سەپداشلارنىڭ پىكرى بىردەك ئىدى. ئوسمان مۇھەممەتنىڭ تەكلىپى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە پىشىپ يېتىلگەن قارار ئىدى. بولۇپمۇ ھېلى گېزىتتىن كۆرگەن خەۋەرلەر ئۇلارنى كېچىكتۈرمەي تېز تەشكىلات قۇرۇپ، كۈرەش باشلىۋېتىشكە خۇددى جەڭگىۋار چاقىرىقنامىگە ئوخشاش ئالاھىدە دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. ل. مۇتەللىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، چۈنكى، شۇ ۋاقىتتىكى قائىدە بويىچە ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەش ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە قارىغاندا مەزمۇتلۇق بولۇپ، ئۇ، ئوتتۇرىدا داۋام قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى رەسمىي ۋە جىددىي مەجلىس تەرتىپى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى.

— دوستىمىز ئوسمان مۇھەممەت تەشكىلات قۇرۇشىمىزنىڭ



زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەپ ناھايىتى ياخشى قىلدى، توغرا قىلدى، — دېدى ئۇ. — بىزنىڭ قۇرغۇسى تەشكىلاتىمىز مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇدىكى ئارقا سەپى بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان بولسۇن. بىز قۇربان بېرىشتىن قورقماي كۈرەش قىلىپ، دۈشمەننى ئىچكى جەھەتتىن ھالسىزلىتىپ تاشلىشىمىز كېرەك. بىز قورغان ئىچىدە تۇرۇپ، گومىنداڭدەك بۇ جاھىل، مۇتەئەسسىپ قورغاننى ئىچىدىن پارتلىتىدىغان بومبا بولۇشىمىز لازىم. سوپاخۇن قىسىملىرى شۇنداق قىلغانىكەن، بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز ۋە شۇنداق قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىشىمىز. يەر ئاستى كۈرىشى ئارقىلىق گومىنداڭچىلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىشىمىز زۆرۈر. خەلق قوزغالسا، ھەممە نەرسە بولىدۇ. ئۇلاردىن شەمشەردەك ئۆتكۈر قىلىچلار چىقىدۇ، ئوق ۋە مىلتىق تېپىلىدۇ. قىسقىسى، كۈرەش ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا مۇھتاج. جەڭگىۋار كۈرەشنى ئۇنىڭسىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

مۇنىرىدىن خوجا ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى بىر پارچە شېئىر يېزىپ، بىرقانچە قېتىم تۈزەتكەنىدى، ئۇنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ، ھازىر يەنە لامپا يورۇقىدا ئاخىرقى ئىككى كۇپلېتنى قېشۇپ يېزىپ تولۇقلىغاندىن كېيىن ئۆز پىكرى ئورنىدا سەپداشلارغا شۇ شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى:

## غەزەپ خىتابى

قۇلچىلىق ئىنسانىي ۋىجدانىمىزغا يات،
زۇلۇم تەختى گۇم بولسۇن پات - ئارىدا پات.

ئېشىپ تاشتى زۇلۇم ئەلگە، دېھقانغا،
يەر - جاھان چۆكتى ئەلەم - يىغانغا.

ئاقسۇدا ھۆكۈمران ساقچى ۋە چېرىك،
خەلق دوزاختىدۇر ئۆلمەستىن تىرىك.

دېھقان يېتىشتۈرگەن ئۈزۈم ۋە ئانار،
ئەمما ئۆزلىرى ئۇنگە ئەمەس بولارغا زىنھار.

سېخىي ياز مول ئاشلىقتىن ياسىدى خامان،
ئەمما تېرىغۇچى قۇرۇق قول قېپقالدى ھامان.

ئاش ـ گۈرۈچ ئارتىۋېلىنىپ، ساڭغا تۆكۈلدى،
تۇرىۋالماي ئەل ـ يۇرتنىڭ قەددى پۈكۈلدى.

بىرى باج ئۈچۈن كەلسە، بىرى كەلدى ھاشار دەپ،
شۇ يول بىلەنمۇ ئاچ ـ بۆرىلەر ئالدى نەپ.

دۈشمەن جىنايىتىدىن بولدى يۇغان تاغ،
ھەربىر قىلمىش ئىزىدىن ئەلدە قالدى داغ.

ھەر كىشىدە تۈگىدى زەررىچە تاقەت،
يوقالسۇن قان شورىغۇچ گومىنداڭ ئاپەت.

زاۋاللىق تەختى ئۈجۈقسۇن، كۆرەشكە ئاتلان!
بۇ قەرزىڭ ۋە بورچۇڭ قەھرىمان ئوغلان!

كۆرەشكىن، چېلىشقىن، ۋىجدان بۇيرۇقى!
قانخورنى ئۈجۈقتۇر ئەجەل سۇمۇرۇغ!



قۇللۇقلىق ئىنسانىي ۋىجدانىمىزغا يات،
ھۆر بولسۇن كەڭ دىيار، يات ـ ئارىدا پات!...

— ئاپىرىن، ئاپىرىن، كۆپ ئاپىرىن، — دېدى بىلال ئەزىزى سەمىمىيلىك بىلەن، — ئاھايىتى ياخشى يېزىلغان. ئاقسۇنىڭ چاقماق تېكىپ، پارتلاپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ھازىرقى ۋەزىيىتىگە، بىزنىڭ كۈنتەرتىپكە قويۇلغان كۆرۈشىمىزنىڭ تەلىپىگە تولىمۇ باب. ئۇ گومىنداڭ ئۈستىدىن نەپرەت ياغدۇرۇپ يېزىپ تەييارلانغان شىكايەتنامە بولۇپلا قالماي، ئوچۇق پىكىرلەردىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك چاقىرىقنامە ھەم بوپتۇ.

— سىزنىڭ شېئىر يېزىشىڭىز بىرىنچى قېتىم ئەمەسكە ئوخشايدۇ، — دېدى ل. مۇتەللىپ ھەيرانلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭقۇر رازىمەنلىك بىلەن مۇئەررىدىن خوجىغا، — سىزنى شېئىرىيەت بىلەن ئانچە خۇشى يوق، دەپ ئويلىشىمىز خاتا بوپتۇ. بۇ شېئىرىڭىزغا قارىغاندا، سىز بۇرۇنمۇ يازغان، مۇشۇندىن كېيىنمۇ خەلق تەلەپ قىلغۇدەك ياخشى شېئىرلارنى يازالايدىغان كۆرۈنىسىز. يېزىڭ، كۆپ يېزىڭ؛ سىزگە شېئىرىيەت مەنزىللىرىدىن داغدام يول تىلەيمەن، «غەزەپ خىتابى» شېئىرىڭىز بىلەن سىزنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

مۇئەررىدىن خوجا ل. مۇتەللىپنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، ئۆزىنىڭ كىچىكىدە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ روشدى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى، بىرقانچە پارچە شېئىرنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن گېزىتخانىغا ئەۋەتكەندە، ئۇلارنىڭ «بۇ شېئىرلاردا دەۋر روھى يوق، داھىي كۈيلەنمىگەن، ئەمەلىيەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ئىجرا قىلىنىۋاتقان سىياسەت تىلغا ئېلىنمىغان، دېگەن باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن باسماي قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى، شۇن-

دىن كېيىن ئۆزىنىڭ شېئىر يازماس بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— بۇ «غەزەپ خىتابى» شېئىرىنى ھايالسىز ئېلان قىلىش نىيىتىدە مەن، — دېدى ئۇ، — ئادەملەر چاپسانراق ئوقۇپ، گومىنداڭغا قارشى تېخىمۇ قاتتىق غەزەپكە كەلسۇن. بۇ شېئىر ئىنقىلاب مەنپەئىتىگە ئاز بولسىمۇ ھەسسە قوشۇپ قالسا، مەن شۇنىڭدىن رازىمەن.

— تەكشۈرۈش قاتتىق بولۇپ كەتمىگەن بولسا، بۇ شېئىرنى ئەتىلا گېزىتكە ئېلان قىلىۋەتسەك بولاتتى، — دېدى ل. مۇتەللىپ ئەپسۇسلىق بىلدۈرۈپ.

— بۇ گەپ توغرا ئېيتىلدى، — دېدى گو جەنخۇا قوشۇمچە قىلىپ، — بۇ شېئىر گېزىتكە بېسىلسا، ئاپتور ئۆز قولىنى ئۆزى چېشەپ، گومىنداڭغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەنلىك بىلەن باراۋەر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇنىرىدىن خوجا، سىزنىڭ ئىنقىلاب ئىشىغا پايدىلىق ياش ھاياتىڭىزلا ئەمەس، بەلكى باشلاش ئالدىدا تۇرغان ئومۇمىي كۈرىشىمىزمۇ بەرباد قىلىنىپ كېتىدۇ. بۇ شېئىرنى خەلق بىلەن تېز يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن باشقىچە مۇۋاپىق چارىنى ئويلاپ تېپىشىمىز كېرەك.

— ھېمىت قەشقەر، يەكەنلەردىن كەلگەندە، بۇ شېئىرنى كۆچۈرۈۋالسۇن، — دېدى بىلال ئەزىزى ئوتتۇرىدىكى گەپ - سۆزلەرگە خۇلاسە ياساپ، — ئۇ ئۆرۈمچىگە قايتقاندا، غۇلجىدىكى گېزىتلەرگە باستۇرۇش ئۈچۈن لۇتپۇللانىڭ «خىيالچان تىلەك» دېگەن شېئىرى بىلەن بىللە ئۇنى غۇلجا شەھىرىگە ئەۋەتىپ بېرىش چارىسىنى قىلسۇن.

مۇنىرىدىن خوجا مەسلىھەتلەرگە تامامەن قوشۇلدى. ئۇ لامپىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئالدىنى يورۇتۇپ تۇرۇپ، شېئىر تېكىستىنىڭ ئايىغىغا ئاپتورنىڭ نامى ئۈچۈن «جەنۇب مۇشتۇمى»



دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇس يازدى. ئۆز ئىسمىنى يازماسلىق ئېھتىيات ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. شېئىر بېسىلىدىغان مەتبۇئات «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ ئالاقىدار مەخپىي سىياسىي ئورگانلىرى بىر ئىلاج بىلەن بۇ گېزىتنىڭ ھەربىر سانىنى قولغا چۈشۈرۈپ، كۆرۈپ تۇرغان بولۇشى تەبىئىي ئىدى. سەپداشلار مۇنىرىدىن خوجىنىڭ شۇنچە ئەپچىل ۋە مەنىلىك «جەنۇب مۇشتۇمى» تەخەللۇسىنى ئويلاپ تاللىۋالغانلىقىغا قايىللىق نەزىرى بىلەن ماقۇل بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تەخەللۇس ئاقسۇدا ل. مۇتەللىپنىڭ «قايىنام ئۆركىشى» دېگەن قەلەم ئىسمىدىن كېيىن قوللىنىلغان ئىككىنچى ئەدەبىي تەخەللۇس بولۇپ قالدى.

ئاقسۇ ئاسمىنىدا كۈندۈز - كېچىگە ئالمىشىپ، ئاخشام قاراڭغۇسى باشلانغىنىغا ئۈچ - تۆت سائەت بولۇپ قالدى. ل. مۇتەللىپ ۋاقىتنىڭ قايسى چاغقا بېرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قويۇش ئۈچۈن، شىم تاسمىسىغا زەنجىرى ئۆتكۈزۈلگەن قاپقاقلىق يومىلاق يانچۇق سائىتىنى شىمىنىڭ كىچىك سائەت يانچۇقىدىن چىقىرىپ قارىدى. سائەت سترېلكىسى ۋاقىتنىڭ كېچە سائەت 12 بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەتە پەيشەنبە. خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئاقسۇ يېڭىشەھەرنىڭ ھەپتىدە بىر بولۇپ تۇرىدىغان ئومۇمىي بازار كۈنى ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيەلەرنىڭ مەركىزىي رايونلىرى، چوڭراق يېزا - كەنتلىرىدە ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرى غاژ - غۇژ بازار بولۇپ تۇرغىنىدەك، ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ بۇ مەركىزىي رايونىدىمۇ ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبىسىدە بارلىق خەلق ئەنئەنىۋى يوسۇندا ئۆز - ئۆزىدىن تولۇق بىر كۈن ئاۋات بازار كۈنى ئۆتكۈزەتتى. ئايدۇللا روزى مۇنىرىدىن خوجىنىڭ «غەزەپ خىتابى» دېگەن بۇ ئۆتكۈر شېئىرىنى كېچىچە بىرقانچە نۇسخا كۆچۈرۈپ، تاڭدىن ئىلگىرى شەھەر

دەرۋازىسىغا چاپلاش ئۈچۈن ئاپتورنىڭ قولىدىن ئېلىۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سەپداشلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت يېشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى قانداق قۇرۇش، قاچان، قەيەردە ئۇنىڭ تەسىس مەجلىسىنى ئېچىش، تەشكىلات نىزامنامىسىگە قانداق ماددىلارنى كىرگۈزۈش مەسىلىلىرىگە كۆچتى. پىكىرلىشىش بەزىدە مەسلىھەتلىشىش نۇقتىسىدىن ھالقىپ، تالاش - تارتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. لېكىن، بىر - بىرىنىڭ پىكرىنى رەت قىلىش، بىرى بەرگەن تەكلىپنى يەنە بىرى تۈپتىن ئىنكار قىلىشتا ئوخشاش كەسكىن قارىمۇ قارشى نۇقتىئىنەزەرلەر شەكىللەنمىدى، چوقۇم تەشكىلات قۇرۇش، ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىنتىزامى ۋە نىزامنامىسى بولۇش جەھەتلەردە ھەممىنىڭ پىكرى بىردەك بولدى. بەزىلەر، خەت - ئالاقىلەر ياكى كەلدى - كەتتىلەر ئارقىلىق، ئۆز جايلىرىدا گومىنداڭغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ئابدۇللا داۋۇتوپنى باي ناھىيىسىدىن چاقىرتىپ، تەشكىلاتنىڭ تەسىس مەجلىسىگە قاتناشتۇرۇش بىلەن، ئۇنىڭ كۆپ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن پىشقەدەملىكىدە خاس باي تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشنى تەكىتلىسە، يەنە بەزىلەر سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ياشلارنى ئويغىتىپ، ئۈچتۇرپاندا گومىنداڭغا قارشى كۈچلۈك پىكىر ئېقىمى شەكىللەندۈرگەن ئارتۇق ئابباس، سىبىت ئابباس، ئابدۇللا ياقۇپ، ئىبراھىم مۆمىنلەرنىمۇ چاقىرتىپ قاتناشتۇرۇپ، ئېچىلغۇسى بۇ يېشۇرۇن تەسىس مەجلىسىنىڭ تەنتەنىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشتى.

تەكلىپلەر قارىماققا دۇرۇس، بىر ئېغىزدىن ماقۇللىنىشقا تېگىشلىك ئىدى. سەپداشلار ئىچىدە بىرلا كىشى، پەقەت بىلال ئەزىزى بۇ جەھەتتە باشقىچە پىكىردە بولدى. ئۇ بىرقانچە يىل ساقچىلىق خىزمىتى ساھەسىدە ئىشلەش جەريانىدا كۆپ قېتىم بايقىغان تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ۋە ھازىر ئاقسۇدا تۇرۇش ۋەھ-



مىسى كۈچەيگەندىن بۇيان ساقچى دائىرىلىرى ئىچىدە يوشۇرۇن تىڭتىڭلاش، كەلدى - كەتكەنلەر ئۈستىدىن نازارەت قىلىشنىڭ كۈچەيتىلگەنلىكىنى مىسال - پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، سەمىمىي ۋە سالماقلىق بىلەن قىسقا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ قۇرماقچى بولۇۋاتقىنىمىز مەخپىي تەشكىلات. بۇنى ئېيتماقمۇ ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك. بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىشىمىز بىزدىن بىرىنچى نۆۋەتتە تەشكىلاتىمىزنى قۇرۇلۇش بىلەنلا ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ، ئۇنىڭ باشتىن - ئاياغ مۇستەھكەم بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى، ھەر بىر پائالىيىتىنى دۈشمەنلەرگە قىلچىمۇ سەزدۈرۈپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دۈشمەنلىرىمىز ۋەھشىي ھەم مەككار. ھازىر جەمئىيەتكە تېرىقتەك چېچىۋېتىلگەن ئىشپىيون - ئاگېنتلارنىڭ ھەر بىرىدىن قەتئىي ھوشيار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەھۋال شۇ ئىكەن، ئەلۋەتتە بىز تەسىس مەجلىسىنى ئارتۇقچە داۋراڭ قىلىۋەتمەستىن، مۇمكىن قەدەر مەخپىي ئېچىشىمىز، قەدەممىزنى دەسلەپتىلا پۇختا بېسىشىمىز كېرەك، — بىلال ئەزىزى ئۆز تەكلىپىنى ئاخىرىدا، — پەخەسچانلىق ئىنقىلاب مەنپەئەتى ئۈچۈن زۆرۈر. لېكىن ئۇ ھېچقاچان قورقۇنچاقلىق ئەمەس، — دېگەن سۆزلەر بىلەن تۈگەتتى.

سەپداشلار ساقچى ئوفىتسېرىنىڭ مەسلىھەتىنى قايىللىق بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتىدە گومىنداڭنىڭ رازۋېتكا ئورگىنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇلىدىغان ئىچكى سىرلىرىنى ئىنقىلاب مەنپەئەتى ئۈچۈن چىن يۈرەكتىن پاش قىلىپ بېرىۋاتقان جەڭگىۋار بىر ئەزىمەتنىڭ ئۆتكۈر ۋە سەمىمىي ئاھاڭلىرى جاراڭلايتتى.

— دوستىمىز بىلال ئەزىزى ناھايىتى توغرا ئېيتتى، — دېدى ل. مۇتەللىپ، سەپداشلارنىڭ تەپەككۇر ھېسسىياتىدىن يەكۈن

ياساپ، — قىلىدىغان ئىشلىرىمىز مۇرەككەپ ۋە جاپالىق. ئەمما مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى بىلىش — ھەممىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە. قېنى ئاۋۋال ئاقسۇ كونىشەھەر، يېڭىشەھەرلەردىكى پىكىرداشلىرىمىز بىلەن تەسىس مەجلىسىنى ئاچايلى. ئاندىن بىز كېچىكتۈرمەي ئومۇمىي ئەھۋالنى ئابدۇللا داۋۇتوپ، ئارتۇق ئابباس، سېيىت ئابباس، ئابدۇللا ياقۇپ، ئىبراھىم مۇمىنلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىمۇ تەڭ خەۋەردار قىلىپ قويايمىز.

يېڭىشەھەر بازىرى بىلەن كونىشەھەر بازىرى 12 كىلومېتىرلىق مۇساپە بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۆزئارا ياندىش بازارلار بولۇپ، بۇ ئىككى جايدىكى ئىنقىلابچى سىرداشلارنىڭ تەسىس مەجلىسىگە تولۇق قاتنىشالىشى قىيىنچىلىقسىز تەبىئىي ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئىدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار يېڭىشەھەر بازىرى بىلەن كونىشەھەر بازىرىدىن قاتنىشىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بامەسلىھەت ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەسلەپكى رويخەتنى قەغەز يۈزىدە رەتلەپ چىقتى. پىكىرلىشىش ئاۋۋالقىدىنمۇ رەتلىك داۋام قىلدى، تەشكىلاتنىڭ نامى ئۈستىدە كۆپ تالاش-تارتىش بولمىدى. ئۇ تەسىس مەجلىسىدە كۆپچىلىكنىڭ بىر پىكىرگە كېلىشى بىلەن ھەل قىلىنىدىغان مەسىلە سۈپىتىدە كېيىنگە قالدۇرۇلدى. ھەممەيلەن بىردەك لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىك نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى، تەشكىلات نىزامنامىسى ۋە ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلىدىغان ماددىلار ئۈستىدىكى تالاش-تارتىش بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىت ئالغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

— ئۇ ئۆزى تەشكىلات ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ نىزامنامىسى بولىدۇ، — دېدى ل. مۇتەللىپ كەسكىن قىلىپ، — نىزامنامىسى بولمىغان تەشكىلات جانسىز ھەيكەل، قانسىز تومۇر، سۇسىز ئېرىق، يىلتىزى يوق دەرەخ بولۇپ قالىدۇ، دېمەك، نىزامنامە تەشكىلاتىمىز بىلەن بىللە مەيدانغا چىقىشى كې-



رەك، ئۇ بىزنى ئۇيۇلتاشتەك چىڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىدىغان كىشىلەرگە ۋە بىرلىكتە ئۇيۇشۇپ، ئۆزئارا مۇجەسسەملەنگەن جەڭگىۋارلارغا ئايلاندۇرىدۇ. بىزنىڭ ھەربىر قەدىمىمىز دۈشمەننىڭ قورغىنى ئىچىدە ئەنە شۇ قورغاننى سەزدۈرمەستىن پارتلىتىپ تاشلاشتىن ئىبارەت مەقسەت ئاستىدا بېسىلىدۇ.

ل. مۇتەللىپ سۆزلەۋاتقان سۆزىنى بىر پارچە قەغەزگە شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن قىسقا ۋە ئاددىي قىلىپ تىركەۋالغانىدى. ئۇ قەغەزگە قاراش ئۈچۈن پىلىكنى كۆتۈرۈپ لامپا يورۇقىنى كۈچەيتتى. شۇ چاغدا ئۇ قولىدىكى موخۇركىسىنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى بايقاپ، لامپىدا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ئىككى قېتىم سۈمۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى:

— سىلەر بىلىسىلەر، ئاقسۇ گومىنداڭ جاللاتلىرى ئىنتايىن ۋەھشىيلەشكەن جاي، بىز مۇشۇنداق جايدا ئۇلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىنىۋاتىمىز. غەلىبە ھايات-ماماتلىق كۈرىشى ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. قانچىلىك سۆزلەيلى، سۆزلىمەيلى، ئەينەن ئەھۋال ئاشۇنداق. بىزگە ئۆزىمىزنى بىرلەشتۈرگۈچى تەشكىلاتنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولغىنىدەك، يەنە تەڭ قەدەم تاشلاش، ئۇيۇشقاقلىق بىلەن قەدەم تاشلاش ئۈچۈن ئىنقىلابىي نىزامنامىنىڭ بولۇشىمۇ ئانا سۈتىدەك زۆرۈر. تەشكىلات — ئىشلىرىمىزنىڭ گەۋدىسى بولسا، نىزامنامە ئۇنىڭ جېنى ۋە پۈت-قولى...

نۇتۇق ئىھتىيات نۇقتىسىدىن مۇڭدىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىدەك پەس ئاۋازدا سۆزلەندى. ئەمما ئۇ شىرىلداپ تەكشى ئېقىپ كىرىپ مايسىلارنى كۆكەرتكەن سۇدەك سەپداشلارنىڭ قەلب ئېتىزىغا سىڭىپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب ئىشىدىكى ئىرادىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزدى.

كۆپچىلىكنىڭ بىردەك كۆرسىتىشى بىلەن نىزامنامە لايىھە-

مىنى يېزىپ چىقىشقا ل. مۇتەللىپ بىلەن مۇتىررىدىن خوجا تەيىنلەندى. تەسىس مەجلىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئورۇننىڭ قەيەر بولۇشى مەسىلىسىدە قويۇلغاندا ھەر خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چۈشتى. بىرى، بۇ مەجلىسنى تاشقىرىقى بازاردىكى سالاخۇن ئۇستىنىڭ ئاشخانىسىغا ئارقا ئۆيى قىلىپ سېلىنغان زالغا ئوخشاش چوڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىرى، ساتىراش مەقسۇتئاخۇن ئۇستىنىڭ ھويلىسىدا ئېچىشنى ئېيتتى. ئاخىردا كو جەنخۇا نىياز شېرىپنى 1934-يىلى ئاقسۇدا ۋالىي بولۇپ تۇرغان چاغدا بىنا قىلغان مېۋىزار كۆركەم باغدا ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

— بۇ باغ، — دېدى كو جەنخۇا ئۆز تەكلىپىنى ئىزاھلاپ، — بىزنىڭ مەخپىي مەجلىسىمىز ئۈچۈن ئۈچ جەھەتتىن باب كېلىدۇ. بىرىنچى، ئۇ دۆڭنىڭ بېقىنىدا. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى يارغا تۇتىشىدۇ، دېمەك، ئۇنىڭ بىر تەرىپى يارىبېشى. بۇ يەرگە پوست قىلىش ئۈچۈن ئادەم قويۇپ، پېيىمىزگە كىرىۋالغان ئىشپىيون - ئاگېنتلارنىڭ يوشۇرۇن كېلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچى، باغنىڭ جەنۇب تەرىپى كەڭ كەتكەن تەكشى ئېتىزلىق، بۇ مۆكۈنۈپ كېلىۋالىدىغان پايلاقچىلار ئۈچۈن تەبىئىي پاش بولۇپ قېلىش ئورنى؛ ئۈچىنچى، بۇ باغ يەنە، سەيداشلارنىڭ ئۈچ تەرەپتىن تەسىس مەجلىسىگە كېلىشىگە قولايلىق. يەنى كونىشەھەردىن كېلىپ قاتنىشىدىغانلارنىڭ يېڭىشەھەرنى ئارىلاپ يۈرمەي، يارىبېشى ئارقىلىق تۆپىغۇزماستىن توپتوغرا باغقا كىرىشكە، يېڭىشەھەردىكىلەرنىڭ بىر يولدىن ئەمەس، غەرب - شىمال، ھەتتا جەنۇب تەرەپلەردىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئايرىم - ئايرىم كېلىشكە پايدىلىق. باغقا ھازىر تاجىئاخۇن ئاكا ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرماقتا.

ھەممەيلەن بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. تەسىس مەجلىسىگە قاتنىشىدىغان ھەر بىر كىشىگە نىياز شېرىپنىڭ بېغىغا كېلىش توغرىسىدا ئەتىدىن تارتىپ، ئوتتۇرىلىق جېكىپ ئېيتىپ قويۇش شۇ ھامان ئالايىتەن تەكىتلەندى.

تەسىس مەجلىسىنى ئېچىش كۈنىنى بەلگىلەش مۇزاكىرىنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولمىدى. ئۇنى ئەتىدىكى پەيشەنبە بازار ئۆتسە، يەنە بىر ھەپتىنىڭ بازار كۈنى ئۆتكۈزۈش ماقۇل تېپىلدى، چۈنكى شۇ كۈنى ھەممە كىشىنىڭ سودا ۋە بازار تاماشىسى بىلەن بولۇپ كېتىدىغانلىقى، بەلكى يەنە ساقچىلارنىڭ، ئاگېنت ۋە ئىشپىيونلارنىڭ دىققىتى بازارغا قارىتىلىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق مەخپىي مۇھىم مەجلىسنى خاتىرجەمرەك ئېچىش پەقەت شۇ كۈنىلا مۇمكىن بولىدىغانلىقى ئېنىق بىر پاكىت بولۇپ قالغانىدى.

ئوسمان مۇھەممەت تەشكىلات ئۈچۈن قەسەمنامە بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى ئۇشتۇمتۇت ئەسلەپ قالدى:

— بىزدە نىزامنامە بولغىنىدەك، قەسەمنامىمۇ بولۇشى كېرەك، — دېدى ئۇ ئۆز تەكلىپىنى بايان قىلىپ، — قانلىق كۈرەشتە بىزنىڭ ھەر بىرىمىزگە ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم تەڭمۇتەڭ ھەمراھ. خەۋپ - خەتەر، دوق - پوپوزىلارغا دۇچ كەلگەندە بوشىشىپ قالماسلىق، چېكىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىزگە قان بىلەن يېزىلغان قەسەمنامە بولۇشى كېرەك. بۇرۇنراق قەسەمنامە تەييارلىنىپ، تەسىس مەجلىسىدە ھەر بىر كىشىنىڭ قولى قويدۇرۇۋېلىنسۇن، دېمەكچىمەن.

مۇتىررىدىن خوجا ل. مۇتەللىپ بىلەن مۇندىن مۇقەددەم قىلىشقان مەسلىھەتلىرىگە ئاساسەن، بۇ مەسىلە ئۈستىدە خېلىدىن بېرى باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ سەيداشلارغا قەسەم شېئىرى يېزىشقا كىرىشىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىنى تامام قىلىپ بولغانلىقىنى، قالغان كۇپلېتلىرىنى تەسىس مەجلىسىگىچە يېزىپ

قولىدىن چىقىرىپ بولالمىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ پىكرىگە قايىللىق بىلەن قوشۇلدى. ئايتىللا سۆز ئارىلىقىدا ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ، سەيداشلار ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كىردى ۋە دېرىزىدە تۇرغان يېرىم خالتا موخۇركىنى سوزۇلۇپ تۇرۇپ ئالدى - دە، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ:

— بارغانچە مۇھىم گەپلەر ئېيتىلىۋاتىدۇ، تاماكا چەككەچ ئولتۇرىڭىزلار، سىلەرنى يەنە ئۇيقۇ بېسىپ قالمىسۇن، — دېدى.

سەيداشلار مىيىقىدىلا بوش كۈلۈپ قويىدى. بۇ گەپنىڭ ياكى چاقچاق، ياكى مەلۇم بىر غەرەز بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ل. مۇتەللىپ ساھىبخانلىق سۈپىتى بىلەن ئايتىللانىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، خالتىنى دەمالى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى، سەيداشلارنى چېكىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ:

— تاماكا ئۇيقۇنى قاچۇرۇپ، كىشىنى سەگەكلەشتۈرىدۇ. ھەممىڭلار بىر - بىر ئورامدىن چېكىڭلار، ھېممەت مۇشۇ قېتىم ئۈرۈمچىدىن ئالغاچ كەپتىكەن، خېلى كۈچلۈك غۇلجا موخۇركىسىكەن، — دەپ قويىدى.

ئوسمان مۇھەممەت، تۇردى ھەسەيىنوپ، قادىر ئېلىلار كونا گېزىت قەغىزىنى يىرتىپ بىرەر ئورامدىن چەكمەكچى بولۇپ تۇراتتى، مۇنىرىدىن خوجا يۆتىلىپ كېتىپ، ئېغىر - ئېغىر ھاسىراشقا باشلىدى. ئۇلار چېكىشتىن توختىدى. ھەممەيلەن ئاغرىقچان سەيدىشىنىڭ ھالىغا تىكىلىپ، دىققەت بىلەن قاراشتى. مۇنىرىدىن خوجىنىڭ يۈز - كۆزى تاتىرىپ قالغانىدى. ئەمما بىرئازدىن كېيىن ياخشىلىنىپ ئاۋۋالقى ھالىغا كەلدى.

ل. مۇتەللىپ دۈگىلەك يانچۇق سائىتىنى چىقاردى - دە، قاپقىقىنى تارس قىلىپ ئېچىپ ستىرېلكىسىغا قارىدى. ۋاقىت سائەت بىر يېرىمغا يېقىنلاپ ياز ئېيىنىڭ راسا تۈن يېرىمى بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. سەيداشلار كېتىش



ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى. ئۆزلىرى ئىشەنگەن كىشىلەرگە تارقىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدىن ئېلىۋېلىشتى. ئايتىللا يەنىلا بولۇۋىدا ھېچقانداق گەپ - سۆزگە قۇلاق سالمىغاندەك بىدار ھالەتتە قۇرۇق يىڭنىسىنى ياغلىققا سانجىپ، كەشتە تىكىش ئاۋارىچىلىقى بىلەن بولۇۋاتقان قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ئۇ سەيداشلارنى ئىشىك تېشىغىچە ساھىبخانلاردەك يۇمشاق، مۇلايىم ئۇزىتىپ چىققان چېغىدا، ئۇلارغا «مەن ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۆتكەن مۇشۇنداق ئېغىر تۈن كېچىنى پەقەت لۇتپۇللانىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئوبدانراق مېھمان بولۇپ كېتىشىڭلار ئۈچۈنلا غەيرەت قىلىپ ئۆتكۈزدۈم. سىلەر دېيىشنىڭ توغرامدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە ئويلىمىغانسىلەر» دېگەندەك قىلاتتى. ياتاقتىن ھەممىنىڭ كەينىدە چىققان ئوسمان مۇھەممەت شەيتانلىق قىلىپ، ئايتىللانىڭ قولىدىكى ياغلىققا قول ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

— قېنى كەشتىڭىزنى كۆرۈپ باقاي، پۈتكۈزۈپ بولدىڭىزمۇ، لۇتپۇللاغا يارىشۇدەك بولغاندۇ؟ — دېدى.

ئايتىللا قاچۇرۇپ، ياغلىقنى كەينىگە يوشۇرۇۋېلىپ تۇرۇپ، قىزلارغا خاس ناز بىلەن:

— ياق، ياق، سىزگە كۆرسەتمەيمەن، پۈتكەندە بېرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە بېرىمەن، — دەپ چىرقىرىدى، ئەمەلىيەتتە ياغلىقتا كۆرسەتكۈدەك كەشتە يوق ئىدى.

سەيداشلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىققان ل. مۇتەللىپ، ئۇلارنىڭ يولدا ساقچىلارغا ئۇچراپ، چاتاققا يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. مۇنىرىدىن خوجا بىلەن ئوسمان مۇھەممەت، تۇردى ھۈسەيىنوپ، قادىر ئېلىلار بىلەن گېزىتخانا ئىچىگە ئۆتۈپ، تىنچ - ئامان كۆزدىن غايىب بولدى.

تايىرچىكلار ئۆز ياتىقىغا كىرىپ كەتسە، مۇنىرىدىن خوجا، ئوسمان مۇھەممەت گېزىتخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى تام شورىسىدىن ئۆتۈپ بىردەمدە مەركىزىي مەكتەپكە بېرىۋالالايتتى. شەھەرنىڭ غەربىدىكى بىنا تەرەپكە كېتىۋاتقان ئابدۇللا روزى بىلەن گۇ جەنخۋا لەڭگەر كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا يەتكەندىن كېيىن تاشقىرىقى بازارغا قايرىلدى. بىلال ئەزىزى كېچىدە كونىشەھەرگە قايتىپ كېتەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ل. مۇتەللىپكە ھەمراھ بولۇپ قونۇپ قېلىش مەقسىتىدە ياتاقتا قالدى. ئۇ يەنە يېڭى يازغان شېئىرىنى ل. مۇتەللىپكە كۆرسىتىپ، پىكىر ئالماقچى ئىدى.

ل. مۇتەللىپ بىلەن بىلال ئەزىزى ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، سىرتتىنى تىڭشاپ، بىرھازاغىچە خاتىرجەم بولالمىدى. مۆلچەر بويىچە ئېيتقاندا مۇنىرىدىن خوجا، ئوسمان مۇھەممەت، ئابدۇللا روزى، گۇ جەنخۋالار تېخى ئۆز ياتاقلىرىغا يېتىپ بارالمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

دەرۋازا ئالدىدىن ئارقىمۇ ئارقا بىر – بىرىگە ئۇلىنىپ بىرقانچە مەپە ئۆتۈپ، شەھەرئىچى تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇلارنىڭ مەپە ئىكەنلىكى، ئىچىدە خېلى كۆپ ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقى تۆمۈر چاقلىرىنىڭ لەڭگەر كوچىسىدىكى قاتراڭ يولغا ئېغىر يېتىپ، ئاتلارنىڭ ھاسىراپ سۆرەپ مېڭىشلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ مەپىلەردە ئەكېتىلىۋاتقانلارنى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن ياكى باي ناھىيىسى تەرىپىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن سىياسىي مەھبۇسلار دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. بىر دەمدىن كېيىن ياتاققا ياتالماس تەرەپتىن شاللىققا سۇ باشلاۋاتقان ياش بىر دېھقاننىڭ كۈچ بىلەن توۋلاپ ئېيتىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن تەڭ ياربېشىدىكى پوتەيلەرنىڭ بىرىدىن ئوق ئېتىلىپ ناخشىنى توختىتىپ قويدى.



بىلال ئەزىزى ئۆزىنىڭ يېڭى شېئىرىنى ل. مۇتەللىپكە ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن يانچۇقىدىن چىقاردى، كىرسىنى كۆيۈپ، قۇرۇقدىلىپ قالاي دەپ قالغان لامپىغا باشقىدىن كىرسىن قۇيۇلۇپ، ئۈستەل ئۈستى قايتىدىن يوپيورۇق يورۇتۇلدى. ئابتىللا ھەرقانداق ھېلىگەر پايلاقچى ئۈچۈن ئۇستىلىقنى ئىشقا سېلىپ قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان غايەت مۇھىم مەلۇماتلارنى تېزرەك ساقچى ھوقۇقدارى ۋۇ شۈبىڭغا بىرمۇ بىر، سۆزمۇ سۆز ئېنىق يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئالدىراپ تۇراتتى. بىراق، ئۇ بۇ يەردىن يېڭىلا كەتكەن سەپداشلار يول ئۈستىدە ئۇچراپ بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىغا بېرىپ بولۇش ۋاقتىنى مۆلچەرلەپ، سەل كېچىكىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇش، ئۈستەل ئەتراپىنى تازىلاش بىلەن ئەتەيىن كېچىكىپ ياتاقتىن چىقتى. ل. مۇتەللىپ ھەمراھ بولۇپ، ياتىقىغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئابتىللا ئۆزىنىڭ مۇشۇ يېقىندىكى مەكتەپكە بېرىۋالسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شائىرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى ۋە يالغۇز كېتىپ قالدى. ئابتىللا ئۆزىنى ھەقىقەتەن قىزلار مەكتىپىگە كېتىۋاتقاندەك كۆرسىتىپ ل. مۇتەللىپنىڭ ئالدىدىن ئاۋۋال شىمالغا ماڭدى. شائىرنىڭ دەرۋازىنى غورۇلاپ، ياتىقىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن يولىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەرئىچىنى نىشانلاپ، جەنۇب تەرەپكە يۈرۈلدى...

ئۇ ھازىر بېسىۋاتقان ھەر بىر قەدەم بۇ قارا نىيەتنىڭ كەينىدىن بىرمۇ بىر جىنايەتلىك ئىز قالدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ جەڭگىۋار ياشلار ئەقىدە باغلىغان ئىشنى — ئىنقىلابىي قوزغىلىشنى تېخى بۆشۈكىدە چېغىدىلا بوغۇپ تاشلاش نىيىتى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە كېتىۋاتاتتى...

ل. مۇتەللىپ ياتاققا قايتىپ كىرگەندە، بىلال ئەزىزى

ئۆزىنىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان «ئۆلمىسۇن» دېگەن شېئىرىنى قەغەزدىكى تېكىستى بويىچە مۇڭدەپ - ئەستەپ دېگۈدەك ئولتۇ-رۇپ ئوقۇۋاتاتتى. ل. مۇتەللىپمۇ شۇ چاغدا خېلى ئۇيقۇسىراپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئىككى شائىر كارىۋاتتا قوشماقلاردەك بىر - بىرىگە يېقىن، يانمۇ يان ئول-تۇرۇپ، يېڭى، بېجىرىم تۇيغۇ ۋە قىزغىن ئىشتىياق بىلەن شېئىرغا تەكرار - تەكرار كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ل. مۇتەللىپ ئۇنى ئالايىتەن تىلغا ئېلىپ ماختاپ، ئاخىرقى قېتىم دېكلاماتسىيە ئۇسلۇبىدا ئۈنلۈك قىلىپ يەنە بىر نۆۋەت ئوقۇدى:

پاك ئىنسانلار، ساپ ۋىجدانلار ھېچ ئۆلمىسۇن،
قەدىردانلار، مېھرىبانلار ھېچ ئۆلمىسۇن!
چاققان - چاققان، ئالغا ئاققان، ئەلگە باققان،
دىلغا ياققان غەيۇرانلار ھېچ ئۆلمىسۇن!
خەلق ئۈچۈن، خىسلەت ئۈچۈن، نىيەت ئۈچۈن،
ئىپپەت ئۈچۈن چېلىشقانلار ھېچ ئۆلمىسۇن!
باتۇر يۈرەك، كۈچلۈك بىلەك، نۇرلۇق تىلەك،
قىممەت ئىستەك پەھلىۋانلار ھېچ ئۆلمىسۇن!
كۆڭلى ئادىل، دىلى دادىل، ئۆزى قابىل،
ھەققە مايىل پاك ئىنسانلار ھېچ ئۆلمىسۇن!
ئەلگە ئامراق، ئالىي ئەخلاق، دىلى ساپ - ئاق،
نومۇسى ساق قەھرىمانلار ھېچ ئۆلمىسۇن!
قەلبى لىق نۇر، ئىلمى چوڭقۇر، مۇتەپەككۇر،
تۇيغۇن، سەزگۈر، ئەزىزانلار ھېچ ئۆلمىسۇن!

شېئىر ئوقۇلۇپ بولدى. ل. مۇتەللىپ ئۇنى تېز ئارىدا گېزىتتە بېسىپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۈستەل تارتمىسىغا



سېلىپ قويدى. ئىككى شائىر چارچىغانلىقلىرىنى يېڭىباشتىن ھېس قىلىپ، تۆشەكلىرىگە يانپاشلىدى.

## ئايەتلىكۇرسى بىلەن يۈرەكلىك بولغىلى بولمايدۇ

ئايتىللانىڭ چوڭ قىز بولۇپ، ھازىرقى يېشىغا يەتكۈچە مۇشۇنداق تۈن كېچە، قاپقاراڭغۇلۇقتا كوچىدا يالغۇز مېڭىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدىن يىراقلاشقانسېرى، ئۇ قورقۇنچ ھېس قىلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا لەڭگەر كوچىسى شەپىسىز، تىمتاس بولۇپ كەتكەنىدى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئايتىللاغا ناھايىتى يىراقتەك بىلىندى. ئۇ قورقۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى، ئاخىر يۈگۈردى، لېكىن بۇمۇ بولمىدى، پۇتى كالۋالىشىپ، گويا ئارقىدىن كىمدۇر بىرى قوغلاپ كېلىۋات-قاندەك تۇيۇلۇپ، ئۇنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ ئۇراتتى. ئۆگزىلەرنى سىيپاپ ئۆتكەن شامال يەرگە خازاڭ ۋە پاخاللارنى شىرىلدىتىپ چۈشۈرۈۋېيدى، ئۇ قورقۇپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئارقىغا يېنىپ قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن كەينى تەرەپتىن، لەڭگەر كۆۋرۈكى بويىدىكى ھويلىلارنىڭ بىرىدىن ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ئاڭلىنىپ، ئۇنى يەنە ئالدىغا قاراپ ئىتتەردى. ئۇ قەدىمىنى يەنە ئالدىغا — ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە قاراتتى. چىلىق - چىلىق قارا تەرگە پېتىپ، كوچا دوقمۇشى تەرەپكە يۈگۈردى. دوقمۇش

ئاقىۋ بازىرىنىڭ كۈندۈزى ئادەم قايناپ، ئاۋات بولۇپ تۇرىدىغان سورۇنلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئادەم ئۇچراپ قالامدىكىن دەپ ئۈمىد قىلىۋىدى، ھېچكىم ئۇچرىمىدى. ئاڭغىچە ئۇ لەڭگەرنىڭ ئېگىز پەشتاقلىق چوڭ جامەسى ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇ يەردە ئۇششۇمتۇت پۈتى ئاستىدىن يوغان بىر قارا ئىتنىڭ ئېتىلىپ قوپۇپ، ئۆزىنى چىشلەشكە تەييار بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىت دەھشەتلىك ھاۋشىيتتى. ئايتىللانىڭ كۆڭلەك پەشلىرىنى چىشلەپ، ئۇنىڭغا توختىماي خىرىس قىلاتتى. قىز ئاجايىپ قاتتىق قورقۇپ كەتتى، شۇ قورقۇنچىدا چىرقىراپ ئۆزىنى كەينىگە تاشلىدى. ئىت بۇ يەردە تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇستىخان غاجلاۋاتقاندا. ئايتىللا ئۇنى كۆرمەستىن دەسسىۋالغاندى. ئىت يەنە ئۇستىخاننى غاجلاشقا باشلاپ، ھاۋشىشتىن توختىدى. قىز ئۆز ۋاقتىدا ئىتنىڭ ھوجۇمىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا ئاڭلىغان گەپ - سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئاستا قوپۇپ كەينىگە شوخشىدى. ئاندىن كوچىنىڭ ئۇ قانىتىغا ئۆتۈۋېلىپ، دوقمۇش تەرەپكە بارلىق كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇستىخان غاجلاش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىت ئۇنى قوغلىمىدى.

لەڭگەر كوچىسىنىڭ دوقمۇشى ئادەتتە كۈندۈزلىرى ئادەم قاينايدىغان ئاچال بولۇپ، تاشقىرىقى بازار، ئاسۇق، سوجو مەھەللىلىرى بىلەن لەڭگەر كوچىسىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان نۇقتا ۋە كەڭ مەيدان ئىدى. ئايتىللانىڭ چۈشەنچىسىدە، ھازىرقىدەك ۋەھىملىك كۈنلەردە بۇ يەردە ئەسكەر كۆزەت قىلىپ تۇرغان بىرلۇشى ياكى كوچا ساقچىلىرىنىڭ ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئايتىللانىڭ تەلىيىگە ئۇنداق بولماي چىقتى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئىككىدىن جۈپ بولۇپ ماڭغان ئىككى گورۇپپا ساقچى دەل مۇشۇ يەردە ئۆزئارا كېسىشىپ،



غەربىتىن كەلگىنى ئاسۇق مەھەللىسىگە، شەرقتىن كەلگىنى سوجو مەھەللىسىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئايتىللانىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى بۇ يەردە يەنە بىر قورقۇنچ كۈتۈپ تۇراتتى. خەيچاڭ مەھەللىسىدىن بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ھاۋشىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئىت ئايتىللانىڭ پۇتىغا سۈركىلىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ، شەھەر ئىچى تەرەپكە چېپىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ تاشقىرىقى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاخ - شۇمبىلىرى كېسىپ تاشلانغان يوغان قارىياغاچ ئۈستىدىن جايناماز چوڭلۇقىدىكى كېگىزدەك بوز رەڭ بىرنەرسە دەھشەتلىك قانات قېقىپ، ئايتىللانىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ كەتتى. بۇ ھۆقۈش ئىدى. ئىنتايىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئايتىللا ئۆزىنى يانغا تاشلاپ، شۇ يەردىكى سامىخانىنىڭ قايناق سۇ قاينىتىش ئۈچۈن سىرتقا ياساپ قويغان ئوچاق تۇرخۇنىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇۋالدى. ئايتىللا ھۆقۈشنى بۇ كەمگىچە كۆز بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ توغرىسىدا كۆپ گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ يەنە كېچىلىرى سايرىغانلىقىنىمۇ ئانچە - مۇنچە ئاڭلىغانىدى. «ھۆقۈش — يامان ئۇچار قانات، بۇ بالايىئاپەتنىڭ ۋە كىشىلەر بېشىغا كېلىۋاتقان بەختسىزلىكلەرنىڭ مەنبەسى، بۇ قۇش شۇملۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر سايرىشى خانىۋەيرانچىلىقنى تىلەۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى». ئايتىللانىڭ ھۆقۈش توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرى ئەنە شۇلار ئىدى. ئۇ، مۇنداق گەپ - سۆزلەرگە قەتئىي ئىشىنەتتى.

ئايتىللا ئۆزىنى يوشۇرغان جايدا، تۇرخۇنغا چاپلىشىپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. ئولتۇرغانچە قورقۇنچى ئېشىپ، بەدىنى شۈركىنىپ، قاتتىق تىكەنلىشىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلدى. ئۇ قوپماقچى بولۇپ تۇرخۇنغا

تىرەلدى، ئەمما ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلىپ، يەنە ئولتۇرۇپ
قالدى، دەل شۇ چاغدا لەڭگەر جامەسى ئالدىدىكى ھېلىقى
ئىت ھاۋشىپ، تاشقىرىقى بازار تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان-
دەك تۇيۇلدى. ئايتىللا بۇ قورقۇنچىدىن باشقا بىر يېڭى
قورقۇنچقا باش ئۇرۇپ، ئاخىر ئورنىدىن قوزغالدى. ئالدىغا
قاراپ ھۇقۇش قونغان قارىياغاچقا نائىلاج كۆز تاشلىدى،
ئايتىللا بۇ دەرەختىنىڭ تىرتىڭىزلا دېگۈدەك شاخ - پۇتاقلىرى،
قويۇق يوپۇرماقلىرى بىلەن ياپېشىل كۆكىرىپ تۇرغانلىقىنى
كۆرگەنىدى. ھازىر بولسا ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا خۇددى تېرىسى بىلەن گۆشى شىلىۋېلىنغان يىغان بىر
نار تۆگىنىڭ ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن ئىسكىلىتىدەك بىر نەرسە
نامايان بولدى، ئايتىللا: ياق، بۇ دەرەخ ئەمەس، باشقا بىر
نەرسە، بۇ جىن، دەپ ئويلىدى - دە، ئاندىن ئىچىدە بىر قاتچە
قېتىم ئايەتەلكۇرسى ئوقۇدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا قورققان چاغدا
ياكى ئاخشىمى يېتىپ، چىراغنى ئۆچۈرۈش ۋاقتىدا ئەنە شۇ
ئايەتنى ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. ئايتىللانىڭ شەھەر
ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن دەرەخ يېنىدىن ئۆتمەسلىككە ئىلاجىسى
يوق ئىدى. بۇ قارىياغاچقا قارىغانچە قورقۇپ يەنە ئولتۇرۇپ
قالدى. ئىت بولسا گاھ قاتتىق ھاۋشىپ، گاھى بوش غىڭشىپ،
لەڭگەر تەرەپتىن دوقمۇشقا بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.
ئايتىللا ئورنىدىن تۇردى - دە، قارا تەرگە چۆمگەن پېتى
تاشقىرىقى بازار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. قارىياغاچ تۈۋىگە
كەلگەندە يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قېلىپ، سولغا بۇرۇلۇش
بىلەن زورلىنىپ شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىۋالدى. ئاندىن ھەش-
پەش دېگۈچە ئۆزىنى ئۇرۇپ سېپىل ئىچىگە ئۆتتى، شۇ چاغ-
دىلا ئۇ سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. ۋىلايەتلىك مالىيە-
باج ئىدارىسىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ بىردەم ئارامنى ئالدى.



ئايتىللا كۈندۈزى تۆتتۇن ئەسكەر ماھۇتنىڭ پوتەي ياساش
ۋاقتىدا دەل مۇشۇ دەرۋازا ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشۈپ ئۆلگەن-
لىكىنى ئاڭلىغانىدى. ھازىر بولسا شۇ پاجىئەلىك ۋەقە
ئېسىگە كېلىپ، مەرھۇم ئەسكەر ئايتىللانىڭ بويىنىغا
سىرتماق كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك، دەھشەت بىلەن
ئۇنى بۇ يەردىن قوغلىغاندەك بولدى. قىز شەھەر ئىچىدىكى
بۇ تار كوچىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ ئاياغ تاۋۇ-
شى ئۆزىگە ئارقىدىن بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك قورقۇنچ
سېلىپ، خۇددى يوقىتىش دەرىجىسىگە ئەكەلدى. ھەممە
نەرسە قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى، ئۇ شۇتاپتا ھېچقانداق نەر-
سىنىڭ ئۇچرىماسلىقىنى، ھەتتا ئۆزىگە ھەمدەم ساقچىلارنىڭمۇ
يولۇقۇپ قالماسلىقىنى خالاۋاتقاندەك بولدى. قىسقىسى
ئۇنىڭغا كىچە ۋەھىمىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە ھەمراھ ئەمەس
ئىدى. بۇ يەردىمۇ ئايتىللاغا دەردىگە دەرمان، ۋەھىمىسىنى
تۈگىتىشكە ياردەم بەرگۈدەك ئادەم ئۇچرىمىدى.
قىز كۆز قاراڭغۇسىدا ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر
بىرلەشمىسى دەپ ئاتالغان كىچىك بىنانىڭ ئالدىدىكى پوتەيگە
كېلىپ يۆتلاشقانلىقىنى سەزگەن چاغدا، شەھەر ئىچىنىڭ ئۈچ
ئاچىماق يول ئېغىزىغا كېلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇشتۇمتۇت
گۈلباغ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ سالغانىدى، ئۇ كوچا
چارلاشقا چىققان ئىككى قوراللىق ساقچىنىڭ گومىنداڭ
ناھىيىلىك پىرقىسى ئالدىدىن پوتەي تەرەپكە توغرىلىنىپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ساقچىلار ئۇنى توختىتىش مەقستىدە
پارول سوراپ ۋارقىرىدى. بۇ ئادەم ئاۋازى بولمىسىمۇ، لېكىن
يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەن قىزغا يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ چىرقىرىشىدەك
قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇلاردىن قاچقان ئايتىللا كۆچىنى
يىغىپ، ئۆزى كېتىۋاتقان تەرەپكە، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدار-

سىگە قاراپ جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈشنى داۋام قىلدۇردى.

5 - ئاتلىقلار يولكى ئالدىدىن ئۆتۈپ، ساقچى ئىدارىسى بىناسىغا بارغۇچى كوچا دوقمۇشىغا يەتكەن چاغدا، ئايتىللانىڭ قورقۇنچى پەسىيىپ، كۆڭلى جايىغا چۈشۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىنى قاپلىغان دەھشەت پەردىسى تېخى كۆتۈرۈلۈپ بولمىغانىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا بايقىماستىن مەپە ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئوقۇرىغا كېتىشكە ئالدىراپ، يەرنى چايچىپ، پۇشقىرىپ تۇرغان شاش ئات تۇمشۇق سوزۇپ ئۇنى چىشلىۋېلىشقا تاس قالدى. ئايتىللا قىيا - چىيا قىلىپ چىرقىرىغان پېتى ئاتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يېنىدىكى باشقا بىر مەپىگە قاتتىق ئۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ بېشى تۆمۈردەك چىڭ مەپە شوتىسىغا تېگىپ پېشانىسى يارىلاندى. بۇ مەپىلەردە كۇچا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن يېڭىلا سىياسىي مەھبۇسلار توشۇپ كېلىنگەنىدى.

ئايتىللا دەھشەتلىك قاراڭغۇ كېچىدە كۆرمىگەننى كۆرۈپ، يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك قورقۇپ، لەڭگەر كوچىسىدىن ئاخىر ئۆزى بېرىشنى شەرت قىلغان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ بولغانىدى. ئەمما ئۇ ئارزۇ - ئۈمىدكە زىت يارىلىنىشنىڭ زەربىسى بىلەن داق يەرگە يىقىلىپ، بىھوش بولۇپ ياتتى.

بۇ خەۋەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ كېچىلىك نۆۋەتچى ئوفىتسېرى ۋە بۇ ئىدارىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقى لى باغا يەتكۈزۈلگەن چاغدا لى با سىياسىي مەھبۇسلارنى رويخەتتىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇلار ئۈستىدىن دەسلەپكى تېرگاۋ يۈرگۈزۈش بىلەن بەند ئىدى.

لى با لامپا كۆتۈرۈپ، بىھوش قىزنى كۆردى، ئۇنىڭ ئايتىللا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، كېچىدە كەلگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يەتكۈزمەكچى بولغىنى مۇھىم



مەلۇمات ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. ساقچى ئوفىتسېرى ئايتىللانى ئالدىراپ رازۋېتكا بۆلۈمىگە ئەكىرىشنى بۇيرۇغانىدى، ساقچىلاردىن بىرى ئۇنى پۇتىدىن، يەنە بىرى قولىدىن زەمبىل شەكلىدە جەسەت كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ، قەدىرسىزلىك بىلەن ئېلىپ ماڭدى. لى با قىلىۋاتقان ئىش ساقچى ئىدارىسىگە نىسبەتەن كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان «مۇھىم» خىزمەت بولسىمۇ، ئۇ قىزغا ئاللىيىتەن كۆڭۈل بۆلۈپ، تېزرەك ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۇ سەپتى، پېشانىسىدىن ھېلىغىچە تەپچىرەپ چىقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ، جاراھەتكە يود سۈرۈپ قويدى. ئوفىتسېر يەنە بېشىدا ساقلاپ، ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى بىردەم كۈتتى. قىز ھوشىغا كەلمىگەندىن كېيىن بۆلۈم ئىشخانىسىنى سىرتتىن تاقاپ، سىياسىي مەھبۇسلار ئۈستىدىكى تېرگاۋنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

ئايتىللا ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ قانداق ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەك بولۇپ، ئورنىدىن قىمىرلىغانىدى، پۇتىنىڭ ھېلىمۇ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ بېشى چىڭقىلىپ، قاتتىق ئاغرىيتتى. ئۇ پېشانىسىنى تۇتۇپ، جاراھەتلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىدىن سەسكىنىپ كىمدۇر بىرىنى ئاچچىق قارغاپ قويدى. ئۇنىڭ چېكىسى گۈلە ئۇرۇقچىسى چوڭلۇقتا ئىششىپ قالغانىدى. قىز بۇنى كۆرۈپ مەيۈسلىنىپ يىغلاپ تاشلىدى.

«يۈز - ئابرويۇم تامامەن كەتتى، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە كۈدۈڭشىپ. — مۇشۇ ھالىتىم بىلەن كىمگىمۇ ئۇچرىشالارمەن، نېمە بولدۇڭ دەپ سوراپ قالسا، نېمىدەپ جاۋاب قىلارمەن. مەن تۈگەشتىم، نومۇسۇم، قىزلىق ھۆسن - جامالىم ئۇچۇپ توزۇپ كەتتى...»

ئايتىللا كېچىنىڭ شۇ قاراڭغۇسىدا، ئەل كۆرمەستىن ئىلگىرى ياتىقىغا بېرىۋېلىشنى، مۇمكىن بولسا تېخى ھايال قىلماستىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئۆيىگە — ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا كېتىشنى ئويلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پۇتىنىڭ ئاقساپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئىشىككە كېلىپ تارتىپ كۆردى. تاقاقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئورۇپ ئاچتۇرماقچى بولدى، بىراق ئۆز چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ، بولۇپمۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن ئىبارەت بۇ تىلسىمات سىرلىق ئورۇننىڭ قالايمىقانچىلىق كۆتۈرمەيدىغان مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئايتىللانىڭ ھېسسىياتىچە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىلا ئەمەس، ھەتتا ئادەتتىكى ئەمەلدارلىرىمۇ ھەرقانداق ئىشنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلىپ، ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئايرىم پىچىمدىكى كىشىلەر ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ باي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاكىسى مەستلىكتە بىر كىشىنى ئېتىپ ئېغىر يارىدار قىلىپ قويۇپ، سوت - سوراقسىز قۇتۇلۇپ قالغانىدى. مۇشۇلارنى ئويلىغان چاغدا، ئۆز - ئۆزىگە ھاي بېرىپ، ئۆزىنى ياۋاش تۇتۇشقا تىرىشتى. ئەندى ئىشىك تۈۋىدىن قايتقان ئايتىللا بۇ ئۆينىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، تامنى سىلاپ - سىيپاپ تۆر تەرەپكە ماڭدى. بۇ تەرەپتە ئىككى دانە دېرىزە بولۇپ، ئۇلارغا قېلىن قوپال قارا تىرىكە رەختتىن پەردە تارتىپ قويۇلغانلىقتىن سىرتنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ پەردىنى ئاستا قايرىپ ھويلىغا قارىدى، ۋاقىت تاڭدىن ئىلگىرىكى تۈن قاراڭغۇلۇقىغا چۆككەن چاغ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئايتىللانى يەنە قورقۇنچ باستى، ئۇ ئايەتەلكۈرسىنى ئوقۇپ مىڭگىشىپ، قىبلە تەرەپتىكى تامدا يوغان ئىشكاپنى ئۇچراتتى.



ئۇنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ يەردىن قۇلۇپلانغانلىقىنى بايقاپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينىڭ ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم كىرىپ، تاپشۇرۇق ئېلىپ چىقىپ كەتكەن رازۋېتكا بۆلۈمى ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئايتىللا كارىۋاتقا قايتىپ كېلىۋاتقاندا، تام تۈۋىدە ياتقان بىر دۆۋە كېرىزا، ئىشكەلگە ئورۇلۇپ كېتىپ، قاتتىق سەكرىتىپ كەتتى. بۆلۈمنىڭ ئىشىكى تار كارىدورغا ياندىش بولغانلىقتىن، كارىدورنىڭ ئىچى قاماقخانا كامېرلىرىنىڭكىدەك ئىنتايىن قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى.

«مانا بۇ سولاق، — گۇدۇڭشىدى ئايتىللا ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىگە ئېچىنىپ، — قاماقخانا دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلگۈدەك قورقۇنچ، شۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران دېگەندە بۇ يەرگە كەلسەم، مېنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، بۇ قىز بالا، يەنە قىرقىمسۇن دېمەستىن، مېنى بۇ قاراڭغۇ زىندانغا قاماپ قويۇشقىنىنى قاراڭلار. مەن ئەمدى ئىككىنچىلەپ بۇ يەرگە كەلمەيمەن، گەپ توشۇپ يۈرگۈچى بولمايمەن ...»

بىنانىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر ئىشىكنىڭ قوپال شەپە بىلەن غاچىلداپ ئېچىلىشى ئايتىللادىكى پەرىشانلىقنى كۈچەيتىپ، ئۇنى گۇدۇڭشىشتىن توختىتىپ قويدى، بىر توپ كىشى قاراڭغۇ كارىدوردىن ئايتىللا ئەكىرىپ قويۇلغان بۆلۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن پۇتىدىكى كىشەنلىرىنى شاراقلىتىپ، ئېغىر - ئېغىر نەپەس بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى، ئايتىللا كارىۋاتتىن ئىتتىك قوپۇپ، ئىشىك قىسلىچىقىدىن قارىدى، بىراق ھېچكىمنى كۆرەلمىدى. بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ يېتەلمىدى.

«بۇلارنى ئورۇپ چاپسان ماڭدۇرۇڭلار، تاڭ يورۇشتىن

ئىلگىرى كىرىدىغان كامېرلىرىغا كىرىپ بولسۇن!»

بۇ لى بانىڭ ئاۋازى ئىدى. ئايتىللا بۇنى دەررۇ بايقىدى. لېكىن ئۇ بۇ كىشىلەرنىڭ كۇچا ئاھىيسىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن سىياسىي مەھبۇسلار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. كوچىدىن توخۇنىڭ چىللىشى ئاڭلىنىپ تاڭ ئاتقانلىقىدىن بەلگە بەردى. خىزمەت ۋاقتى باشلاندى. ئايتىللا لى بانىڭمۇ، ۋۇ شۇبىڭنىڭمۇ ئالدىدا بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئايتىللا لى بادىن بىرىنچى قېتىم نەپرەتلەندى. بىر نەچچە قېتىملىق كۆرۈشۈشتە لى با ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە، يۇمشاق سۆز، مۇلايىم چىراي بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. ھازىر بولسا ئۇ تامامەن باشقىچە. مەھبۇسلارغا ياۋايى قاۋاندەك ھۆركىرىمەكتە، ساقچىلارغا رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇشنى ئېيتماقتا. ئايتىللا ئەمدى لى با بۇ يەرگە كىرىدۇ، نېمىلا بولسا ئەكەلگەن مەلۇماتلىرىمنى ئېيتماي ئىلاجىم يوق دەپ، سۆزلەشكە تەييار بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇنداق بولمىدى. لى با مەھبۇسلار بىلەن بىللە قاماقخانىغا كېتىپ، رازۋېتكا بۆلۈمىگە كىرمىدى. تاڭ يورۇپ، سىرتتىن ئۆيگە يورۇق كىرىپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ پەردىسى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئايتىللا دېرىزە تەرەپكە بېرىپ چەكمەن پەردىنى قايرىۋەتمەكچى بولغانىدى، ساقچى ئىدارىسىدەك مۇنداق نازۇك جايدا مۇنچىلىك ئىشنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يەنە توختاپ قالدى.

ئۇ ئەمدى ئۈشتۈمتۇت تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئوي - پىكرى خەتەرلىك خىيال دېڭىزىدا ئۈزمەكتە ئىدى.

«ئەگەر بۇ كىشىلەر، — دەيتتى ئۇ، — لۇتپۇللالار بولۇپ قالسا، مەڭگۈ خازان بولۇپ تۈگىشىمەن. مەن ئۇنى چىن يۈرەكتىن سۆيەتتىم. ئۆزۈمنى ھالال جۈپتلىككە بېغىشلاپ،



قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان بۈگۈنكى ياشلىق باھارىمنى ئەنە شۇ يىگىتكە پۈتۈنلەي تەقدىم قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئەمدى تۈگەشتىم!...»

بالاغەتلىك مەزگىلنى بېسىپ بولۇپ، توپتوغرا توي يېشىغا كېلىپ قالغان ئايتىللا ل. مۇتەللىپنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭغا ئۇ ياشلىق شېرىن تۇيغۇلىرىنى، ئەقىل - ئىدراكىنى، يۈرەك ۋە پۈتۈن بارلىقىنى ھايالسىز تاپشۇرغۇسى كېلەتتى. ئۇ شائىر ئۈستىدىن پايلاقچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرەشچان ھاياتى ۋە مەنىلىك شېئىرىي قۇرلارنى يارىتىۋاتقان ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن خائىنانە ئوينىشىۋاتقان ھازىرقى چاغدىمۇ شۇنداق قىلغۇسى «مەن پەقەت سېنىڭ ئۈچۈنلا دۇنياغا قىز بولۇپ تۆرەلگەن، سەن ئۆزۈڭنىڭ يىگىتلىك كۈچ - قۇدرىتىڭ تۈپەيلى ئۆزۈڭگە قوبۇل قىلغايسەن» دەپ ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتقۇسى كېلەتتى. ئايتىللا بۇ كەمگىچە بۇ گەپلەرنى قىلمىدى ئەمەس، قىلغانىدى. بەلكى ئۇ كۆپ قېتىم ل. مۇتەللىپنى ئىزدەپ تېپىپ، مەنىلىك قاراشلىرى، نازىنىن قىلىقلىرى، ئاشكارىدىن ئاشكارا ئاھ ئۇرۇشلىرى، ھەتتا بۇلاردىن ئارتۇق قىلىشقا قىلىق تاپالماي قىينىلىشلىرى بىلەن شائىرغا ئۆزىنىڭ پىكىر - ھېسسىياتىنى چۈلغاپ، ئوتتەك ئۆرتەپ تۇرغان شېرىن ۋە ناھايىتى گۈزەل ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى بىلدۈرگەنىدى. ئاقسۇغا كەلگەندىن بۇيان قىزنىڭ مۇتەللىپنى كۆرمىگەن كۈنى بولمىغانىدى. ئەگەر شۇنداق كۈن بولۇپ قالسا، ئۆزىنى بەختسىزلىكتە ئەيىبلەپ، ئاش - تاماق يېمەي، پۈتۈن تۈن ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئۇخلىماي ئازابلىنىپ چىققانىدى.

ل. مۇتەللىپ ئاغرىپ قالغاندا ئايتىللا چەكسىز ۋاپادار ياردەك بىر مىنۇتمۇ قېشىدىن نېرى بولماي ئۇنىڭ ھالىدىن

خەۋەر ئالغانىدى. شائىر ساقايغاندا، ئۇنىڭغا بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈپ، ئۆيى تۆرىسىگە قەدىرلەپ قاداپ قويۇشنى تەكرار - تەكرار تەكلىپ قىلغانىدى.ئابىتللا تېخى يېقىندىلا ل. مۇتەللىپكە مېۋە - چېۋىلەر پىشىپ يېتىلگەن مەمۇرچىلىق ئالتۇن كۈزدە ئۆزى بىلەن بىللە بايغا بېرىشنى، ئۇ يەردە باغلارنى ئارىلاش-نى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن ئىچىققۇدەك قىلىن تونۇشۇپ قېلىشنى ئېيتقانىدى. ئۇ يەنە ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە نىلقىغا بېرىپ، ل. مۇتەللىپنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ كېلىدىغان كۈنلەرنىڭ بولۇپ قېلىشىنىمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىز بۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن قاراپ كەلگەنىدى.

ئابىتللا ل. مۇتەللىپكە ئۇنىڭ ئوتتۇرا بويى، ئەمما تولۇق كەلگەن بەستى، ھەرۋاقىت تەمكىن، ئوچۇق ۋە كۈلكە چىراي،كۆرۈنۈ-شىدىن ئەنە شۇ يېقىملىق سىماسىغىلا ئەمەس، ئۇنىڭ يەنە كەڭ ۋە ئاداۋەت ساقلىماسلىقتەك ئاجايىپ ياخشى خۇسۇسىيىتىگە، ئەدەبلىك ياشاش، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشلىرىنى بىلىشلىرىگە، لېكىن كېيىن كەلگەندە، ئىش - ئەمگەكتىن قاچماسلىقىغا، ئۇنىڭ يەنە ئەخلاق ۋە پەزىلىتىگىمۇ قىزىقاتتى، سىياسىي رەقىبلىرىگە رەھىمسىز بولغان ل. مۇتەللىپ سىرداش ۋە پىكىرداشلىرىغا شەپقەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. سەپداشلارنى قەدىرلەپ، ھەممىنىڭ بىردەك ئالغا بېسىشىغا ئاتىلارچە غەمخورلۇق كۆرسىتەتتى. ل. مۇتەللىپ يەنە شېئىرى-يەتنىڭ ياش بۇلىقى بولۇپ، بۇ بۇلاقتا مەزمۇندار مىسرا ۋە قاپىيىلەر تىنىماي قايىنام ھاسىل قىلىپ، ئۆركەشلەۋاتقانغا ئوخشايتتى. ل. مۇتەللىپ خېلى يۇقىرى بىلىم ئىگىسى ئىدى. ئۇ شۇ بىلىملىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدىن ئايىماي، ھەممىسىگە تەڭ ئورتاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى. راستچىللىق،



سەممىيلىك، قەيسەرلىك ۋە قورقۇمسىزلىق شائىرنىڭ ئېنىق ۋە روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان خاراكتېرلىرى قاتارىغا كىرەتتى. قىسقىسى، ئۇ پۈتۈن بىر ۋىجدانلىق ئىنساننىڭ ھەقىقىي پورترېتىغا ئوخشايتتى.

ئابىتللا ل. مۇتەللىپنىڭ ئەنە شۇ ئۆچمەس خۇسۇسىيەت-لىرىگە ئامراق ئىدى. بۇ ئامراقلىق ئۇنى بۇ زەبەردەس يىگىت بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ، بىرلىكتە ئۆمۈر كەچۈرۈشكە دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. شائىرنىڭ مۇئەللىمىدىن خوجا. بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزى، ئوسمان مۇھەممەتكە ئوخشاش تەڭداش، پىكىرداش، راستچىل دوستلىرىنىڭ بولۇشى ئابىتللا ئالدىدا ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يەنىمۇ كۆتۈرگەنىدى. ئابىتللا مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن يارالغان دەپ ئۆزىگە تەمەننا بىلەن ئېيتقان چاغدا، ئۇ يەنە ئۇمۇ پەقەت مېنىڭ ئۈچۈنلا يارالغان ۋە ئىككىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن مەنمۇ، ئۇمۇ مۇشۇ ئاقۇۋغا كەلگەن، دەۋېتىشكىچە بېرىپ يېتەتتى.

ئابىتللا كېيىنت كۆرمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شائىرنىڭ مەتبۇئاتتا پات - پات ئېلان قىلىنىپ تۇرۇۋلىدىغان مەرىپەتپەرۋەر-لىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى ئىنقىلابىي شېئىرلىرىنى ئوقۇپ باقمىغانىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ مەزمۇندار شېئىرلىرىنىڭ نېمىلىكى بىلەن ئىشى يوق ئىدى. ئەمما ئۇ بىرلا نەرسىنى — ل. مۇتەللىپنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئۆزىگە مۇناسىپ داڭقىنى ۋە بۇ داڭقى ئارقىلىق ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان ئىززەت - ھۆرمىتىنى بىلەتتى. ئابىتللا بۇلارنى ئاقۇۋغا كەلمەستىنلا بىلەتتى. ئۇ بايىدا چېغىدا. شائىرغا نىسبەتەن غايىبانە ئىشقى - مۇھەببەت كويىغا چۈشكەنىدى. ئەمما ئۇ غىلجىڭ ئىدى، ئاسان تەسىرچان. شۇنىڭ بىلەن بىللە تېز ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر

مەسىلىدە قەرەلسىزلىكى، ئىرادىسىزلىكى ۋە شالاق مىجەزلىكى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە ھىيلە ـ مىكىرگە بېرىلىپ، ھالقىلىق پەيتلەردە دوست ـ يارەنلىرىگە يۈزسىزلىك قىلىشتىن تارتىنىپ قالمايتتى.

ھازىر بولسا ئايتىللا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە تۇرماقتا. ئۇ پۈتۈن بىر كېچە ئۇخلىمىغانلىقىغا قارىماي، كۆزىنى ئازراق يۇمۇۋالايمۇ دېمىدى. ئەكسىچە رازۋېتكا بۆلۈمىدىكى يالغۇزچىلىقتا نائىلاج بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى بىدار تۇتماقتا. ئۇ بۇ يەرگە مىسلىسىز خەتەرلىك شۇملۇقتا قەدەم قويۇپ، ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك سەپداشلىرى ئۈستىدىن پاش قىلىش ماتېرىيالى يەتكۈزۈش، ئەجەل دۇمبىقى چېلىش، شۇم پېئىل ھۇقۇش بولۇپ سايراش ئۈچۈن كىرگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشتىن كېلىدىغان ئاپەتنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى يېڭىلا چۈشىنىپ، ئۆزىدىن ئۆزى يىرگەنمەكتە، تەپرەتلەنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى بىلەن شائىر قامىلىدۇ، بەلكى ئۆزى سۆيگەن يىگىتنىڭ ھاياتى كېتىپ، قىزنىڭ گۈزەل قەلبىنى يورۇتۇۋاتقان يىگىت چىرىغى مەڭگۈ ئۆچىدۇ. بۇ نەقەدەر ئېغىر پاجىئە ـ ھە! ئاخىر ئۇ پاش قىلماسلىق قارارىغا كەلدى. ئەگەر لى با ۋە بەلكى ۋۇ شۇيىڭ سورىسا، «مەن ھېچ نەرسە بىلمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالىمەن» دەپ قەسەم ئىچكەندەك بولدى.

بۇ ئاخىر مۇمكىن بولىدىغان ئىشمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بۇ يەرگە ناھايىتى ئېغىر ۋاپاسىزلىق بىلەن ئۆزىگە ئۆزى ھەيدەكچى بولۇپ كەلدى. ئىت ئۇچراپ ھاۋشىپ كەلسىمۇ، كېچە قاراڭغۇسى ئۇنىڭغا ھەممە يەردە دەھشەت سېلىپ تۇرسىمۇ، ھۇقۇش ئۇچۇپ قورقۇتۇپ ۋە كۆزەتچى ساقچى مىلتىق شاراقلىتىپ يۈگۈرۈپ كەلسىمۇ، شوتىغا بېشى تېگىپ، جاراھەت



لىنىپ قالسىمۇ، شۇملۇقىدىن يانماي، رەھىمسىزلىك بىلەن بۇ يەرگە كەلدى. كېچە ئۇ ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقىغا سەپداشلارغا شۇنچە پۇل خەجلەپ داستىخان تەييارلىدى. ئەمدى بۇ پۇلنىڭ ئورنىنى كىم تولدۇرۇپ بېرىدۇ؟ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى خەزىنىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا سېخىيلىق بىلەن تۆكمە قىلىپ، كاللەك پۇل بېرىپ تۇرىدىغان تۇرسا! ئەگەر پاش قىلمىسا، پۇلغا ئامراق، كىيىم ۋە ياسىنىشقا ھېرىس غىلجىڭ بۇۋلارنىڭ ھەممىسىدىن بىر يولى مەھرۇم بولامدۇ؟

ئايتىللا بۇۋلارنى بىرمۇ بىر ئويلىدى. ل. مۇتەللىپنى ياخشى كۆرۈشتىن يۈز ئۆرۈشكىچە بولغان ئىنتايىن ئۆتكۈر زىددىيەتلىك ھېس ـ تۇيغۇلار ئۇنى ئىسكەنجىگە ئوخشاش ئىككى تەرەپتىن تەڭ قىسىپ، تېز بىر قارارغا كېلىشكە ئالدىرىتىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز ئاكىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاقسۇغا مېڭىش ۋاقتىدا ئۆزىگە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى.

— مەن ئاقسۇغا كېتىۋاتىمەن، — دېگەنىدى ئاكىسى نەسىھەتگۈيلۈق بىلەن، — مەن ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كېرەك بولۇپ كېتىۋاتقىنىمنى تېخى ئېنىق بىلگىنىم يوق. ئۇ يەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەمەس، تامامەن باشقىچە مۇھىم بىر ئىشقا كېتىۋاتىمەن. ئوچۇق قىلىپ ئېيتسام، ئاقسۇدا مەن ئۇۋغا سېلىنىمەن. ئۇ يەردە مەن چىشى شۇڭقار بولۇپ، ئەركەك شىرنىڭ يۈرىكىگە چاڭگال سالىمەن. ئوقۇتقۇچىلىق بۇ ئاجايىپ مۇھىم ئويۇننى ئويناشتا سىپنى پەردىلەش ئۈچۈن كېرەك قىلىنىدۇ...

ئايتىللا ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئېنىق بىر نەرسە چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى. بۇ ۋاقىتتا ئاكا ئاكا ئەمەس، بەلكى قاتتىق قول ساقچى

ئوفتسېرى بولۇپ، قول ئاستىدىكى ئاددىي بىر ئەسكەرگە قوشۇ-
مىسىنى تىزۇپ، جىددىي تاپشۇرۇق بېرىۋاتقانغا ئوخشايتتى.
ئايتىللا ئادەتتە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا
بۆلۈم باشلىقىدەك مۇنداق سىرلىق ۋەزىپىنى ئىگىلىگەن بىر
كىشىنىڭ ئۆز ئاكىسى بولۇپ قالغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى،
ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مۇشۇ ئاكىسى تۈپەيلى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ
شۇڭگۇمىن، دوساسىغا ئوخشاش ئوفتسېرلىك كەمىرى باغلاپ،
بېلىگە تاپانچا ئاسقان كىشىلەر كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە بازار باشلىقى، يېزا باشلىقى، بوجاڭلار، يۇرتنىڭ
باي، تەقۋادار كىشىلىرى، بەگ، ئاقساقاللار پات - پات سوۋغا -
سالام كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئادەتتە كىشىلەر تىكىلىپ قاراشقا
پېتىنالمايدىغان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا
ئوخشاش چوڭ ئەمەلدارلارمۇ ھەربىر يازدا خوتۇن - بالىلىرى-
نى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ باي بويىچە ئىنتايىن چوڭ
مېۋىلىك بېغىنى سەيلە قىلىپ قايتاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى
ياش ئايتىللانىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە تۈشمۇ
تۈشتىن ياغقان ئامەت بولۇپ، بۇ ئامەت ئەنە شۇ ئاكىسىنىڭ
ساقچى ئىدارىسىدىكى مۇھىم خىزمىتى تۈپەيلىدىنلا قولغا كېلىپ
تۇراتتى. ئايتىللانىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن قولۇم - قوشنىلار
قورقاتتى. ئۇنىڭ 16 ياشلىق بەڭباش ئىنىسىمۇ كۆڭۈل ئېچىش
ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ باغلاقلىق ئىتىنى قويۇپ بېرىپ مەھەللىدىكى-
لەردىن بىرىنىڭ بەش ياشلىق قىزىنى تالاتتۇرۇپ، يۈز -
كۆزىنى جاراھەتلەندۈرۈۋەتكەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا سۆز - سو-
راقسىز ھۆددىسىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئايتىللا ئۆكتەم،
ناھايىتى كۆكەرمىچى بولۇپ چوڭ بولغانىدى، ئۇنىڭدا بۇ قىلىق
ئۆزلىرىنىڭ ھاللىق ئائىلە بولغانلىقى، بولۇپمۇ ئاكىسىنىڭ
خىزمەت ئورنى تۈپەيلىدىن تەدرىجىي پەيدا بولغان، ئاخىر



ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ، ساۋاقداشلىرىغا بىكاردىن -
بىكار چېقىلاتتى، ئۇلارنى مازاقلايتتى، كىچىك بالىلارنى
ئۇرۇپ بوزەك قىلاتتى.

ئايتىللا بىرلا كىشىدىن، پەقەت ئاكىسىدىنلا قورقاتتى.
ئۇ ئاقسۇغا مېڭىش ئالدىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە نەسىھەتگۈيلۈق
بىلەن ئېيتقان مۇجمەل سۆزلىرىدىن تولۇق ئۇقۇم ئالغىلى بولماي-
ۋاتقان بولسىمۇ، سۆز يېرىپ قايتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سوئال
سوراشقا پېتىنالمىغانىدى.

— گېپىمنى ھازىرچە چۈشىنەلمىگەن بولساڭ، —
دېگەنىدى رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، — كېيىنچە ئوبدان
چۈشىنىپ قالىسەن. قىسقىسى، ئاقسۇغا سەن مۇھىم بىر ئىشقا —
لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تېرىسىگە كىرىپ ئىچ - قارنىنى كولاپ،
ئۈچەي - باغرىدىكىلەرنى سۇغۇرۇۋېلىشقا بارىسەن. ئۇ ھازىر
ئاقسۇدا ئۆزىگە ئوخشاش قارام ياشلارنى ئەتراپىغا توپلاپ،
ھۆكۈمەتكە قارشى ئىغۋا پەيدا قىلىش كويىدا يۈرۈپتۇ. بۇ
پارتىيىمىز، ھۆكۈمىتىمىز ۋە ھەممىمىز ئۈچۈن ئوخشاش خەتەر-
لىك. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياشلار ئىچىدە، ئاقسۇ خەلقى
ئىچىدە ئىناۋىتى كىچىك ئەمەس. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىدىغان-
لارنى يوق دەپ ئېيتقىلىمۇ، ئاز دەپ پەرەز قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.
ھەتتا بەزىلەر «ل. مۇتەللىپ بار يەردە غەلىبە بار» دەپ
ئوچۇقتىن - ئوچۇق سۆزلەپ يۈرگۈدەك.

— ئاكا، ئاقسۇغا بارمىسام بولمامدۇ؟ — دېگەنىدى
ئايتىللا يېزەلىك بىلەن بۇنىڭغا جاۋابەن، — ئۇ يەردە تۈزۈك-
رەك تونۇشىدىغان يوق. ئۆتكەندە سەن ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن-
گە ئوقۇشقا بارىدىغان چېغىمدا بارماسلىقنى ئېيتىپ توسۇپ
قويغان ئەمەسمىدىڭ؟

— ئۇ ۋاقىت بولسا ئۇ ۋاقىت، ھازىر بولسا باشقىچە، —

دېگەنىدى ئاكىسى، — سېنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇ يەردىكى ئىشىڭ قىلماقچى بولغان بۇ يەردىكى تويۇڭدىن مۇھىم. ئىللىق تاغ ئۇغرىلىرى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندىن بۇيان ئاقسۇنىڭ ئىچى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدا يەنىلا ل. مۇتەللىپنىڭ ئىنىۋاسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇچۇقىنى ئېيتسام، شۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ قەلبىدىكىلەرنى ۋۇ جۇيجاڭغا ۋاقتى - ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرسەن. قالغان گەپلەرنى مېنىڭ يۈز تۇرانە ئېيتىشىم ئەپسىز. ئاپامدىن ئاڭلا. ئاقسۇغا بارغىنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، شۇ يەردىن يوليورۇق ئېلىپ تۇر! ئۇقتۇڭمۇ؟

ئايتىللا جىم بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىچى شۈركۈنۈپ، كۆڭۈل قەپەسى ھاياجانغا تولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە كېرەكلىك ،ئۇنچىۋالا مۇھىم بىر قىز بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولدى. ئايتىللامۇ ل. مۇتەللىپنى غايىبانە كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن چاغدا، كۆپتىن بېرى نامىنى ئاڭلاپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمۇ، لېكىن تېخىچە يۈز تۇرانە كۆرمىگەن بۇ يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى - كۆكسى يايراپ كەتتى.

ئايتىللانى ئاپىسى بۇ ئائىلىنىڭ پولىغا بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئىككى پارچە گىلەم سېلىنغان، تاملىرىغا قىزىل رەختتىن كەڭ زودىۋال تارتىلىپ، پەگاھقا ساماۋار، ئۇنىڭ يېنىغا سېرىق مىس چىلاپچا بىلەن نەقىشلىنىپ بېزەلگەن قىزغۇچ ئاپتۇۋا قويۇلغان ئازادە مېھمانخانىسىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئاپىسى ھازىرلا كېتىۋاتقاندەك ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا، ئۇنى ئۆزىگە چاپلاپ ئولتۇرغۇزدى - دە، چېچىنى تاراپ تۇرۇپ:



— مېنى دېسەڭ سېنىڭدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق، — دېدى ئۇ، — ھۆكۈمەت دېگەن ھۆكۈمەت. ئۇنىڭ دېگىنىنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ. سېنىڭ شۇ چىرايلىق ھۆسن - جامالىڭ ئاخىر ئۆز بوينۇڭغا سىرتماق بولۇپ قالدى. ئاقسۇدىكى چوڭلار سېنىڭدەك گۈزەل بىر قىزنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ل. مۇتەللىپنى ساڭا رام قىلىشنى لايىق تېپىپتۇ. ئۇنى ئۇنداق - مۇنداق قىزلارنى ياراتمايدىغان قاۋۇل يىگىت دېيىشىدۇ. ئۇ يەردىكى باشلىقلار ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆت دېسە لەببەي، دەپ يېقىن ئۆت! تەگ دېسە ماقۇل. ئۇنىڭغا تېگەي دەپ ئېيت، ئىشقىلىپ ل. مۇتەللىپنىڭ ئىچ سىرىنى ئېلىپ بەرسەڭلا بولغۇدەك.

— بولىدۇ ئاپا. مېنىڭمۇ شۇ يىگىتنى كۆرگۈم بار ئىدى. ئۇ مېنى لايىق كۆرسە، تويۇمنى قىلىۋېتىمەن، سىلەرنى خەت ئەۋەتىپ، تويغا ئېلىپ بارىمەن.

— توي، نېمە توي؟ — چۆچىنىدۇردى ئاپا، — توي قىلىمەن دەپ ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ بەرسەڭلا بولغۇدەك.

— ماقۇل ئاپا، دېگىنىڭلارنى قىلىمەن، — شەيشەك قىز ئەركىلەپ ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قوينىغا تاشلىدى.

ئايتىللا بۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىككىلىنىشنى تاشلاپ ئاخىرقى قارارغا كەلدى. ئۇ ھەممىنى پاش قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدا بولغان گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى قالدۇرماي يېنىش - يېنىش ئەسلەشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇ بېشىنىڭ ئەدەب يېيىشىدىن كېلىپ چىققان ئاغرىقنىمۇ، پۇتىنىڭ ئاقساپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

# ھۇقۇش سايرىدى

كارىدور تەرەپتىن قۇلۇپقا شاراقلاپ ئاچقۇچ سېلىنىپ، رازۋېتكا بۆلۈمىگە لى با كىرىپ كەلدى. پۈتۈن بىر كېچە نۆۋەتچىلىك قىلىپ ئۇخلىمىغانلىقى، سىياسىي مەھبۇسلار ئۈستىدىن تېرگاۋ يۈرگۈزۈپ ئالدىراش ئۆتكەنلىكىدىن، ئۇنىڭ كۆزى قىزىرىپ، ھارغىنلىق ئالامىتى پەيدا بولغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ لى با ئۆزىنى سىپايە ۋە تەمكىن بىر ساقچى ئوفىتسېرى قىياپىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ئايتىللاغا:

— ئەھۋالىڭىز دېسەك بۇ يەرگە كىرىپ كەلگەن ۋاقتىڭىزدىكىگە قارىغاندا خېلى كۆپ ئۆزگىرىپ قاپتۇ. بەھۇشلۇقىڭىز يېشىلىپ، ئۆزىڭىز بۇرۇنقىدەك تىزۇلۇپ كېتىپتۇ، — لى با قىزنىڭ پېشانىسىگە قاراپ ۋە چېكىسىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، — جاراھەتلىرىڭىزنى ئارتۇقچە يامان دېگىلى بولمىغۇدەك. ئىسسىق سۇ بىلەن پات - پات يۇيۇپ بەرسىڭىز قاقچى پىشىپ، چاپسان سويۇلۇپ كەتكۈدەك. چېكىسىڭىزدىكى ئىششىقمۇ چوڭ ئەمەس، بىرنەچچە كۈندە يېنىپ ساقىيىپ بولغۇدەك، — دېدى.

— كېرەك يوق، — دېدى ئايتىللا، — شۇ قورقۇنچلۇق كېچىدە ھېلىمۇ يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمەي، ساقچى ئىدارىسىگە كېلەلىگەنلىكىمدىن خۇشالمەن. بۇنچىلىك جاراھەتنىڭ كارى چاغلىق، بىراق، قىز بالىدا مۇشۇنداق جاراھەت، ئىششىق بولسا



تولىمۇ ئەپسىزدەك تۇرىدۇ. بۇنىڭمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، ساقايغىچە كوچىغا چىقماي، كىشىلەرگە كۆرۈنمەي بىرنەچچە كۈن يېتىۋالسام، بۇ ئىشمۇ جىم ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— سىزنىڭ پىرقىغە، ھۆكۈمەتكە نەقەدەر سادىقلىقىڭىز، مۇشۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ، — دېدى لى با يېقىنچىلىق بىلەن، — بۇنى ۋۇ جۈيجاڭ بىلمەي قالمايدۇ. ھەر ھالدا ئاكىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۈمىدىنى يەردە قويماپسىز، ئاڭلىسا، ئۇمۇ خۇش بولىدۇ...

ئايتىللا رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقىنىڭ سۆزلىرىدىن مىننەتدار بولۇپ مىدىرلاپ قويدى. قىز كۈلۈپ لەۋلىرىنى تەۋرەتكەندە، ھەرقاچانقىدەك مەڭزىدە زىنىخ پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىغا يېڭى گۈزەللىك قوشۇلغاندەك بولۇپ كەتتى. لى با ئۈستەلگە سىيا ۋە قەلەم كەلتۈرۈپ، ئىشكاپتىن رەخت بىلەن مۇقاۋىلانغان قېلىن بىر دەپتەرنى ئېلىپ، ئالدىغا قويۇۋاتاتتى، ئايتىللا بىر خىل غىلجىڭ تەلەپپۇزدا:

— ھەممىدىن قاتتىق قورققىنىم ھۇقۇش بولدى، — دېدى، — دەرەختىن پالاقلاپ ئۇچۇۋېدى، قورقۇپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم.

— ئۇنىڭدىن ئېيمانچىۋالا قورققۇلۇق؟ ئۆزىڭىزمۇ ھۇقۇشقۇ، — دېدى لى با چاقچاق ئاھاڭدا، — ئۇ كېچىسى يەيدىغان چاشقانلىرىنى ئىزدەپ ئوۋغا چىقسا، سىزمۇ تاپقان ئولجىڭىزنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئەمەسمۇ؟

ئۆزىنىڭ ھۇقۇشقا ئوخشىتىلغانلىقىدىن رەنجىپ، ئايتىللانىڭ رەڭگى تۇرۇلۇپ كەتتى، ئاندىن يەنە خاپىلىقىنى يوشۇرۇپ، يېڭى بىلەن يۈز - كۆزىنى ئېتىۋالدى.

— كېيىمدىن رەنجىۋاتامسىز؟ كېچىسى ھۇقۇش بولۇپ قالغان بىلەن، ئادەتتە ئوخشاشلا گۈزەل قىز پېتى يۈرۈۋېرىسىز.

ئاسماندىن چۈشكەن ھۆر - پەرىزاتىڭىزدەك چىرايىڭىز بىلەن ل. مۇتەللىپنى مەپتۇن قىلمۇپىرسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ياق، رەنجىمىدىم. گېپىڭىزدىن رەنجىپ ئەخمەقمىدىم؟

— سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ھەمىشە شۇنداق ئىشلىنىدۇ. سىز ساقچى ئىدارىسىگە كۈندۈزى ئەل كۆزىدە ئەمەس، كېچىسى قاراڭغۇدا كېلىشىڭىز شەرت. بولمىسا باشقىلار تېىمە قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالىا. خەلق سىزدىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن ساقچى ئىدارىسى ئالدىدىكى رولىڭىز تۈگەيدۇ. بۇ — مۇھىم مەسىلە. بۇنى ئەستىن چىقارماڭ.

ئايىتللا بۇ گەپنى ئىلگىرى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ قېتىم يەنە قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. ئەمما كېچىسى يول بېسىپ، ساقچى ئىدارىسىگە كېلىشنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش قورقۇنچاق بىر قىزغا ئاجايىپ ۋەھىمىلىك ۋە دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆڭ-سۇلى ئۆزگەردى؛ رەڭگىرويى تاتاردى، ئۇ: «ياق، مەن پەقەت بۇ ئىشنى قىلالمايدىغانغا ئوخشايمەن» دېمەكچىدى، ئاكىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ تەسەھەتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، سۆز قىلماي جىم ئولتۇردى. لى يا ئۇنىڭغا ئىشەنچ بېرىپ:

— ھەرقانداق ئىش دەسلەپتە يات، باشقىچە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. كېيىن ئېپىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭكىدەك بولۇپ كېتىدۇ، كېچىسى يولدىن قورققان بولسىڭىز، بارا - بارا قورقمايدىغان بولۇپ قالىسىز، — دەپ قويدى.

رازۇيتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى زامىر قەلەمنى دۈۋەتتىكى كۆكۈش سىياغا چىلاپ، ئايىتللاغا «قېپىنى ئەكەلگەن مەلۇماتىڭنى ئېيتمامسەن؟» دېگەن مەنىدە كۆز تىكىپ قارىدى. ئايىتللا ل. مۇتەللىپنىڭ يانىقىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆز



ۋە ھەرىكەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم تېز ئويلىۋالغاندىن كېيىن، بىر تۇرۇپ راۋان، بىر تۇرۇپ دۇدۇقلاپ سۆز باشلاپ كەتتى. ھۇقۇش سەپداشلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى تولۇق دېگۈدەك ئېيتىپ بېرەلمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «سۆزلىگەنلىرىدە پالانىنىڭ غەزىپى يامان، پىزىتانى ۋارقىراپ كەتتى، پەيلى يامان» دېيىش بىلەن چەكلەندى. ئۇ ئاخشام بۇ ياتاقتا كىملەرنىڭ توپلانغانلىقىنى ئۇلارنىڭ بىر - بىرلىرى كىرىپ كەلگەنلىك تەرتىپى بويىچە ئېيتىپ بەردى. ئەمما ھېيت بالدۇر كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكە بۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئايىتللا بۇ شوپۇر توغرىسىدا ئۈن - تىن دېيەلمىدى. بىرىنچىگە مۇناسىپ «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىشنى ئۇنتۇدى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى بىلمەيدىغان، پەقەت گېزىتتىن بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ئىسماقبەك مونۇتۇپ، سوباخۇن سوۋۇرۇق، مايناخ، بورتالا، ئارىشاڭ، ئىلقا، تولى، قوبۇقسار دېگەنگە ئوخشاش ئادەم ئىسىملىرى بىلەن جاي ئىسىملىرىنى دەمال ئېسىگە ئالالمىغاندى. مۇنەردىن خوجىنىڭ «غەزەپ خىتابى» شېئىرىنىڭ مىسرالىرى ۋە ئۇنىڭدىكى قەھىر - غەزەپلىك ئوتكۈر سۆزلەر ئازراقمۇ خاتىرىسىدە بولمىغانلىقتىن، بۇ شېئىرنىڭ بېكىتىن قاتتىق سەھەردە شەھەر دەرۋازىلىرىغا چاپلىنىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ بىردىر ئېغىز سۆز ئېيتالمىدى. ئەمما ھۇقۇش سەپداشلارنىڭ ئىنقىلابىي مەخپىي تەشكىلات قۇرماقچى بولغانلىقى، ئۇنىڭغا ل. مۇتەللىپنىڭ رەئىس نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىلگەنلىكى، تەسىس مەجلىسىگە ئاقسۇ، كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەر تاھسىلىرىدىن ئادەم قاتناشماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە ئېچىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئېيتىپ بەردى. ل. مۇتەللىپنىڭ يېڭىدىن «خىيالچان تىلەك» ناملىق شېئىر يېزىپ چىققانلىقىنىمۇ ئۇزۇن دوكلاتىغا ئايرىم قىستۇرۇپ ئۆتتى.

لى با ئايتللانىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ «مۇھىم ھۆججەت — 5» دەپ ئاتالغان دەپتىرىگە خەتزۇچە يېزىپ، ئۇنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن ھۇقۇشقا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ ئېيتىپ بەردى. ئاندىن يەنە ئۇن ۋاراقچە قەغەز بېرىپ، قىزغا بۇ مەلۇماتلارنى ئۆز پۈچۈركىسى بىلەن ئۇيغۇرچە يېزىپ چىقىشنى جېكىلىدى. ساقچىلاردىن بىرى رازۋېتكا بۆلۈمىگە ئاۋۋال لۈڭگە، سۈپۈن، جاۋۇردا سۇ ئەكىرىپ، ئارقىدىن ھايال قىلماي نان، چاي، كىچىك تەخسىدە ناۋات، باشقا بىر تەخسىدە قورۇلغان گۆشلۈك سەي ئەكىردى. لى با ئايتللاغا ئۇنىڭ بىرئازدىن كېيىن ساقچى ھوقۇقدارى ۋۇ شۇبىڭنىڭ يېنىغا كىرىدىغانلىقىنى، ئاڭغىچە ئىچىدىغانلىرىنى ئىچىپ، يەيدىغانلىرىنى يەپ تەييار بولۇپ تۇرۇشىنى ئېيتىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ھۇقۇش ئۇنتۇپ قالغان. چالا ئېيتىپ قويغان سۆزلەرنى ئىككىنچىلەپ ئويلاپ تۇرماي، ئېغىزدا نېمىنى سايرىغان بولسا، قەغەزگىمۇ شۇنى يازدى. چۈنكى، ئاكىسى ئۇنىڭغا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېرىدىغان ماتېرىياللىرىدا ھەرقانداق يالغاننى ئېيتىۋېرىشتىن قورقماسلىقىنى، ئەمما بىرىنچى قېتىم ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى، ھەتتا تۆتىنچى قېتىمدىمۇ بىر خىل بولۇشىنى، بولمىسا چۈشەنمەسلىك تۇغۇلۇپ، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىپ قويۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىرنەچچە قېتىم تاپىلاپ تۇرۇپ ئېيتقانىدى.

لى با رازۋېتكا بۆلۈمىگە قايتىپ كىرىپ، ئايتللانىڭ يازغانلىرىنى ئۆزىگە ئوقۇتۇپ، «مۇھىم ھۆججەت — 5» تىكى خەتزۇچە يېزىلغىنىغا بىر قۇر سېلىشتۇردى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشماسلىقنىڭ يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، ھۇقۇشنى ۋۇ شۇبىڭنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ماڭدى.



ئايتللا كارىدوردىن ئۆتۈۋاتقاندا بىلىنگۈدەك ئاقسايتتى. ئەكەلگەن مەلۇماتىنىڭ دەھشەتلىكلىكىنى ئويلىغانلىقىدىنمۇ ياكى ۋۇ شۇبىڭنىڭ ئەلپازىدىن ئەيمىنىپ قېلىۋاتقانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ تىترەپ، يۈز - كۆزىنىڭ خېلى تاتىرىپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئايتللا ۋۇ شۇبىڭنىڭ چوڭ تۆت چاسا ئىشخانىسىغا بوسۇغىدىن قەدەم قويۇپ كىرىۋاتقان چاغدا ئاقساپ ماڭماسلىققا، تىترىمەي ئۆزىنى دادىل تۇتۇشقا تىرىشتى. ساقچى ھوقۇقدارى ئىككى تەرىپى ئىشكاپلىق، ئالدى تەرەپ ئوتتۇرىسى تۆت تارتمىلىق قىلىپ ياسالغان، ئۆزىنىڭ بويىدىن ئېگىز ئۈستەلگە جەينىكىنى ئېسىپ قويغاندەك جاپا بىلەن تىرەجەپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئولتۇراتتى. كۆپتۈرمىسى ئالايتەن يوغانلىتىپ تىكتۈرگەن شەپكىسى بېشىدا قاسقاندەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنچاقلىقىدىن ئورۇقتەك كۆرۈنىدىغان يۈزىنى سۆھبەتداشلىرىدىن يوشۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇپ كەتكەن كۆزلىرى جىنچىراغنىڭ يورۇقىدەك نۇرسىز پاللىداپ، ئۇنىڭ خېلى پىشقان، قاقباش ساقچى ئەمەلدارى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ساقچى ھوقۇقدارى باغلىۋالغان سۆلەتلىك كەمەرنىڭ مۇرە تاسمىسى سىيرىلىپ بىلىكىگە چۈشۈپ قالغان. غاز تۇمشۇقىدەك ئۇزۇن بۇغدىيىكى چىڭ ئېتىلگەن ياقىسىنى تۆۋەنگە بېسىپ پۈرلەشتۈرۈپ قويغانىدى. پودپولكوۋنىك دەرىجىسىدىكى كۆپ تۈچكىلىق پاگون ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ۋېجىك تۇرقىغا ياراشمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئىشخانا بولسا، دېرىزىلەرگە پۈتۈن ئۇزۇنلۇقتا ئېسىلغان دۇخاۋا پەردە، بۇلۇڭدا ئادەم بويى ئېگىزلىكتە تۇرغان جازىلىق چوڭ ئەينەك، تۆرىگە قاتار قويۇلغان ئىككى دانە ئىشكاپ بىلەن بېزىتىلىپ، خۇددى چوڭ بىر ئەمەلدارنىڭ خىزمەت ئۆيى سۈپىتىگە كىرگۈ-

تۈزۈلگەنىدى. يان تامدىكى تۆمۈر كارىۋات ۋۇ شۈبىڭنىڭ گاھى ۋاقىتتا بۇ يەردە قونۇپ قالىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلى، ئىشكاپلارنىڭ ئۈستىگە بويى ئېگىز بولمىسىمۇ، ئەمما ۋۇ شۈبىڭدەك تۇرۇق قىياپىتىدىن دەھشەت يېغىپ تۇرغان جياڭ جيېشىنىڭ پۈتۈن تارتىلغان ئەينەكلىك جازىلىق سۈرىتى قويۇلغانىدى. ئۇ بۇ سۈرەتتە گېنېرالىسسىمۇسلۇق ھەربىي كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئۇچى يەرگە تىرەلگەن غىلاپسىز قىلىچنى بىر جۈپ ئالقىنى بىلەن چىڭ چاڭگاللاپ ئالدىغا ئېگىلىپ تۇراتتى.

ئايتىللا ئىشىك ئېچىلىپ ھوشۇندىن ئۆزىگە كىرىۋاتقانلىقىنى بىلگەن چاغدا، ئەيمىنىپ ئېنىمۇ تىترەپ كەتتى. ۋۇ شۈبىڭ ئۇنىڭغا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ يېنىدىن جاي كۆرسەتتى. ساقچى ھوقۇقدارى ئۇنى بايا ئاھىستىدىن يېنىغا كەلگەندە بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى ئۆيىدە قوبۇل قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ لامپا يورۇقىنىڭ ئاجىزلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايالى يېنىدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن زەن سېلىپ قاراشقا پېتىنالماي قىزنى ئېنىق كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ يانمۇيان ئولتۇرۇپ، يېقىندىن قايتا - قايتا ئېنىق كۆرۈپ، بۇ ھۆسن - جامالىق قىزنى: ھەقىقەتەن ماختىشۇچىلىكى بار گۈزەل ئىكەن، دەپ ئويلىدى. ئىچىدە بولسا بىردىن كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان ھاۋايى - ھەۋەس شەھۋانىيلىكى جوش ئۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئايتىللانىڭ پېشانىسىدىكى قىزىرىپ تۇرغان جاراھەت بىلەن چېكىسىدىكى ئىششىقمۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئۈستەلنىڭ بۇ چەتتىكى بۇرجىكىدە لى با ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىغا ئېچىۋالغان دەپتەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ ۋۇ شۈبىڭغا قاراپ ئۇنىڭ سوئال سورىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

ئايتىللا ئىرىقىنى ئاتىلاپ سۆز باشلاپ، ل. مۇتەللىپنىڭ



ياتىقىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزلەرنى لى باغا رازۋېتكا بۆلۈمىدە ئېيتىپ بەرگەندەك بىرمۇبىر ئاستا بايان قىلىپ چىقتى. لى با ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۆز خوجايىنىغا چۈشىنىشلىك قىلىپ تولۇق تەرجىمە قىلىپ بەردى. ۋۇ شۈبىڭ گەپتىن گەپ شاخلىتىپ، بەزىبىر جىددىي مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىگىلەش ئۈچۈن ئارىلاپ - ئارىلاپ سوئال سوراپ تۇردى. ئەمما ئايتىللا ئۆزى يەتكۈزگەن مەلۇماتلارنىڭ باشتىن - ئاياغ بىردەك بولۇشىنى ئويلاپ، يېڭىچە بىرنەرسە قېتىشۇپ قويمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ساقچى ئورگىنى ئۈچۈن كۈتكەندىن ئارتۇق مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ، ۋۇ شۈبىڭنى ئىنتايىن رازى قىلدى. ساقچى ھوقۇقدارى ئايتىللاغا خۇشال نەزەر بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ چېچىنى سىيلاپ قويدى. شۇم نىيەت بىلەن دولىسىنى بىرنەچچە قېتىم يۇمشاق - يۇمشاق قاقتى.

— ياخشى! ياخشى، تولىمۇ ياخشى! — دېدى ۋۇ شۈبىڭ ئايتىللاغا، — بىز كۆزىڭىزنىڭ لاچىنىدەك روشەن، قۇلىقىڭىزنىڭ تاراكانىڭكىدەك سەزگۈر، ئىرتىقىڭىزنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈرلۈكى بىلەن سىزنى بايىدىن لۇتپۇللاغا مەخسۇس سېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئالاھىدە يۆتكەپ كەلگەن. كۈتكىنىمىزدەك ئىش قىپسىز. ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭىز ھۆكۈمىتىمىز ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال. تېخىمۇ سەزگۈر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ داۋامىنى بىزگە ئۈتتۈرلۈق يەتكۈزۈپ تۇرۇڭ. بۇنىڭ بەدىلىگە ئاكىڭىزنىڭ ئورنىنى يەنە بىر بالداق ئۆستۈرۈپ قويىمىز، ئايتىللا. ئۆزىڭىزمۇ ئىنئام - تارتۇقتا ئىگە بولۇپ تۇرىسىز.

— ئايتىللا مېنىڭ ئىشىم كېچىسى ساقچى ئىدارىسىگە كېلىدىغان ئىشكەن. ئۆزۈم ھوقۇقشقا ئۈرۈنشىپ قىلىۋاتىمەن، دەپ ھار ئالغاندەك بىر قاپتۇ، — دەپ گەپ قوشۇپ قويدى لى با چاقچاق ئورنىدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھۆقۇش بولۇشتىن نېمە قورقىقۇلۇق؟ — دېدى ۋۇ شۇبىڭ. — ھۆقۇقۇشمۇ قۇش. مىسال ئۈچۈن دەپ كەلسەك، مەنمۇ ھۆقۇش. لى كىچاڭمۇ ھۆقۇش. بىزنىڭ خىزمىتىمىز كۆپ چاغلاردا كېچىسى ئىشلىنىدۇ، بەزىدە كېچىسى سىرتقا چىقىمىز، كوچا - مەھەللىلەردە بولىمىز. — ئاندىن ئۇ ئايتىللاغا قاراپ، ئۆتىنگدىن. — بۇ گەپنى سىزگە باشقىلار دېۋاتامدۇ ياكى ئۆزىڭىز تاپقان سۆزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈمنىڭ گېپى، — دېدى ئايتىللا مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — كېچە ساقچى ئىدارىسىگە كېلىۋاتقىنىمدا تاشقىرىقى بازاردا ھۆقۇش ئۇچۇپ، قورقۇتۇۋەتكەنىدى، شۇنى ئېسىمگە ئېلىپ، بۇ گەپنى دېگەنىدىم.

— مەيلى، كېرەك يوق، — دېدى ۋۇ شۇبىڭ، ئاندىن ئۇ لى باغا تاپشۇرۇق بېرىپ تۇرۇپ ئالايىتەن جېكىدى، — ئەگەر بۇ قىز كېچىسى يىراق مېڭىشتىن قورقۇۋاتقان بولسا، بۇ يەرگە كۈندۈزى كەلسۇن. قايسى ۋاقىتتا مەلۇمات يەتكۈزمەكچى بولسا، شۇ ۋاقىتتا كېلەلەيدىغان بولسۇن. بۇنىڭغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرىڭلار. مېنىڭ ئىشخانامغا ئىدارىمىزنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئارقىلىق ئارقا كوچا تەرەپتىن كىرسىمۇ بولىدۇ. سەن بۇ يولنى ئۆزۈڭ كۆرسىتىپ قوي. لېكىن ھەر بىر قېتىم كەلگەندە، مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن كۆرۈشسۇن.

— بولىدۇ، — باش لىڭشىتتى لى با.

ئايتىللا ۋۇ شۇبىڭنىڭ سۆزلىرىنىڭ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلىپ ئېيتىلىۋاتقانلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئورنىدىن قىمىرلاپ، ساقچى ھەققۇقدارىغا بىرنەچچە قېتىم مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى ۋە كۆڭلىدە ئۇنى: ئىشتا پىشقان تەجرىبىلىك، يۇمشاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن، دەپ ئويلىدى. ئايتىللا ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ «مېھرىبان» كىشىنىڭ ئىشخانىسىدا ئازادە ئېچىلىپ



ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، خاتىرجەم بولۇپ قالدى ۋە ئاستا - ئاستا مۆگدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تولۇق بىر كېچە كىرپىك قاقماسلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ، سەل - پەل يۇمۇلاي دېگەن ۋاقىتتا پالاكۆزى قوي كۆزىگە ئايلىنىپ باشقىچە خۇمارلىشىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ساقچى ھوقۇقدارى ئەتەيىن سوزۇلۇپ، بىلىكىنى قىزنىڭ بىلىكىگە تەگكۈزۈپ دېگۈدەك يېقىن ئولتۇردى.

ۋۇ شۇبىڭ لى بادىن ئايتىللاغا بېرىلىدىغان تارتۇقنىڭ تەييار - تەييار ئەمەسلىكىنى سورىدى. رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆز ئىشخانىسىدىن بىر بوغچۇما نەرسىنى ھايالسىز ئەكىردى. تارتۇق قىزىل ۋە قارا يوللۇق ئىككى خىل رەڭدىكى ئىككى كۆڭلەكلىك شايى-ئەتلەس، بىر دانە كالتە كەمزول چاپانلىق قارا مانچېستىر دوخاۋا، بىر دانە ئۇششاق كىزمىزىش گۈللۈك يىپەك رومال، بىر دانە بۆرتمە شال، بەش جىڭچە ناۋات بولۇپ، ئۇلار يوغان تۈگۈچ قىلىنىپ، قىزىل شەلپەرگە ئورالغانىدى. لى با بۇلارنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆز قولى بىلەن بەرسۇن، دېگەندەك قىلىپ، خوجايىنىنىڭ ئالدىغا قويدى. ۋۇ شۇبىڭ تۈگۈچنى ئېچىپ، ئىچىدىكىلەرنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئايتىللاغا تاپشۇردى. ئاخىردا ئۇ قىزنىڭ چوكىدەك ئىنچىكە، ئۇش پاختىدەك يۇمشاق، ئەۋرىشىم بارماقلىرىنى چاڭگاللاپ يىغىپ، تۇتۇپ تۇرۇپ:

— تېخىمۇ ھوشيارلىق بىلەن ئىشلەڭ، ئىشىڭىزنىڭ نەتىجىسى چىققاندا سىزنى مۇشۇ مۇشتۇمىڭىزدەك ئالتۇن بىلەن تەقدىرلەيمىز، — دەپ غەيرىي رەسمىي ھېجىيىپ قويدى.

ئايتىللا تارتۇققا ئېچىرقاپ يېنىش - يېنىش قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، خۇشاللىقتىن يۇمۇلغان چاغدا، كۆز

ئالدى ھوقۇقىنىڭكىدەك تۇتتۇلۇپ، رەھمەتنىڭ ئۈستىگە رەھمەت قىلىپ، تەكرار بىرنەچچە رەت سايرىۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ يەنە ۋۇ شۆبىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، لى باغا ئالايتەن بۇرۇلۇپ قاراپ، مىننەتدارلىق بىلەن ھىجايدى. ساقچى ھوقۇقدارى ئايتىللا مۇشۇ بىر كۆتۈرۈۋۇم نەرسە بىلەن ساقچى ئىدارىسى بىناسىدىن ئاشكارىدىن ـ ئاشكارا كوچىغا چىقسا، خەلقتە ئۇنىڭغا نىسبەتەن گۇمانسىراش كۈچىيىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا:

— ئايتىللانى ئارقا ھويلىدىن ئۇ تەرەپتىكى كوچىغا چىقىرىپ قويۇڭ، ئۇ يەردىن كىرىش ـ چىقىشنى ھازىرلا بىلىۋالسۇن، — دېدى.

— بولىدۇ، — لى با قوزغىلىپ ئىشخانا ئىشىكىگە بارغاندا، ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئايتىللا ئۇنى بوش چىمدىدى، قۇلىقىغا شۇۋىرلىدى. شۇندىن كېيىن رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كەينىگە بۇرۇلۇپ خوجايىنغا:

— ئايتىللا كېچە ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدا توققۇز كىشىنى مېھمان قىلىمەن دەپ، بىر ئايلىق مائاشىنى خەجلەپ بوپتۇ. بۇ پۇلنى بېرىش توغرا كەلسە، قايسى خىراجەتتىن چىقىرىمىز؟ — دېدى.

— مۇنداق پۇلنى ئەلۋەتتە بېرىمىز، — دېدى ۋۇ شۆبىڭ سېخىيلىق ۋە كەسكىنلىك بىلەن، — بۇنى يەۋقۇلئاددە ئىشلار خىراجىتى ئىچىگە تىركەڭلار، ئايتىللاغا بۇنىڭدىن باشقا لازىم ۋاقىتتا خەجلەش ئۈچۈن زاپاس پۇل تۇتقۇزۇۋۇڭلار، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، — جاۋاب بەردى لى با.

ئايتىللا رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا سوغدىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ۋۇ شۆبىڭ ئۇنى ئەتەيىن توختىتىپ:



— سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز لۇتپۇللادىن يىراقلىشىش ئەمەس، ئېخىمۇ يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. لېكىن بىرلا شەرت، ئاگېنت ئىكەنلىكىڭىزنى سەزدۈرمەيسىز، بەلكى ئۇنى چاپانىراق توي قىلىشقا قىستايسىز.

ئايتىللا بۇ گەپتىن خۇش بولۇپ، سەكرىۋېتىشكە قىل قالدى. قىزلارغا خاس يېشۇرۇن تەبەسسۇم بىلەن مىيىقىدا كۈلدى. تېنىدا پەيدا بولغان شېرىن شۈركۈنۈش بىلەن قىزنىڭ يۈزى ئوت ئېلىپ قىزاردى. ئايتىللا بۇنى يېشۇرۇپ، يۈز ـ كۆزىنى يېڭى بىلەن بىردەمگە يېپىپ تۇرۇۋالدى. بۇلارنى بايقاپ تۇرغان ۋۇ شۆبىڭ كۆزىنى قىسىپ قاراپ سىنچىلىق چاقچىقى بىلەن قىزدىن سورىدى:

— لۇتپۇللا بىلەن تويىڭىزنى راستتىن قىلىپ قويامسىز ـ يە؟ ئۇنىڭ بىلەن توي ۋاقتىنى بەلگىلەپ خەۋەر قىلىپ كېلىڭ. بىز تويىڭىزلارنى ئويناشقا بارىمىز.

ئايتىللا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ باشقىدىن ئېچىلىپ ـ يايراپ كۈلۈپ تاشلىدى، بۇنىڭدىن غەزىپى قايىنغان ساقچى ھوقۇقدارى قىزنى قولىدىن سىلكىپ تارتىپ، ئىككىنچىلەپ ئولتۇرغۇزۇپ كەسكىنلىك بىلەن:

— لۇتپۇللا بىلەن توي قىلىمەن، دەپ ئەسلا ئويلىماڭ، — دېدى ئۇ. — لۇتپۇللا ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى ئەگەشكۈچى ھەمنەپەسلىرى ئۇلۇغ پىرقىمىز ۋە شەۋكەتلىك ھۆكۈمىتىمىز بىلەن تىغمۇ تىغ قارشىلىشىۋاتقان قىزىل پاچاقلار. بۇنى سىز ياخشى چۈشىنىشىڭىز كېرەك! — ۋۇ شۆبىڭ ئايتىللاغا قەھرى غەزەپ بىلەن دوق ـ پوپوزا قىلىۋاتقان چاغدا سىزلەشنى تاشلاپ سەنلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — لۇتپۇللاغا ھەققەتەن كۆڭلۈڭنى بېرىپ، ئۆزۈڭنىڭ بىزنىڭ چاڭگىلىمىزدىكى ئىشپىيون ـ ئاگېنت ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ياكى پاش قىلىپ

قويۇلغان بولساڭ، ئۇ چاغدا بىزدىن ھەرگىز رەھىم كۈتمە. شۇ كۈنى، شۇ مىنۇت قاماققا تاشلىنىپ، لوتېيۇللا بىلەن بىللە قولىمىزدا مىجىلىپ تۈگەيسەن. ئۇچاغدا ئاكاڭنىڭمۇ بايىدىكى تاجۇتەختى يوق بولىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئۇقتۇڭمۇ؟

ئايتىللا ئۈشتۈمتۇت سەكرىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئىشخانىنىڭ ئىچى تەۋرەپ ئاستىن - ئۈستىن بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، تىترەپ ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ كەتتى. كۆزلىرى چەكچىيىپ، بېشىنى بىئىختىيار يەرگە ساڭگىلىتىۋالدى. ۋۇ شۇۋېيگىنىڭ گەپلىرى ئايتىللاغا ئىنتايىن ۋەھىملىك، دەھشەتلىك تۇيۇلغانىدى. قىزنىڭ يۈز - كۆزىگە تارتۇق تاپشۇرۇلغان ۋاقىتتا يۈگۈرگەن خۇشاللىق ۋە تەبەسسۇملۇق جىلۋىلەر يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قورقۇنچلۇق تاتىرىش ئىگىلىگەن چاغدا، ئۇ بەدىنىنى تىكەتلىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئايتىللا باي، ھاللىق بىر ئائىلىنىڭ بىردىنبىر ئەركە قىزى بولۇپ، تەمەننالچى، مەنمەنچى، شۇنىڭ بىلەن بىللە غىلجىڭ ۋە مەككار چوڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنە، ياش قىز بولغانلىقىغا خاس تەجرىبىسىزلىك، قىسمەن ساددىلىق ھەم بار ئىدى. ئايتىللا بۇ دوق - پوپوزىلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر خورتۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئاچچىق ياش ئۆزى سىزىپ، كۆكۈل مەيتۇنلۇقى ئىشىۋاتقان يېقىملىق لۇتەللىپ بىلەن تويي قىلىش شېرىن ئارزۇسىنىڭ ئەنە شۇ دەقىقىدە تامامەن يوققا چىقىۋاتقانلىقىدىن تۈگۈلۈۋاتامدۇ ياكى بۇ ئاچچىق يىغا ئاگېنتلىقتەك بۇ خىل رەھىمسىز، دەھشەت تۈرغا ئۇقۇشماستىن چىرمىلىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان يەۋېتىشتىن كېلىۋاتامدۇ، بۇلارنى بىر قاراپ بىلگىلى بولمايتتى. ۋۇ شۇۋېيگ ھەيۋەپ قاراپ، تەجرىبىلىك ساقچى ئەمەلدارىغا خاس سىنچىلىقى بىلەن ئايتىللادىكى بۇ كەسكىن ئۆزگىرىشلەرگە باھا بېرىپ تۇراتتى. ئېشەك



ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەسكىن دېگەندەك، لى با خوجايىنىنىڭ دوق - پوپوزىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئايتىللادىكى باسقان ئاشتىن قاتتىق ئېغىرلىقىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇردى.

— ئىشپىيون - ئاگېنتلىق بىزنىڭ جەمئىيەت ئىچىگە يوشۇرۇن يايغان كەڭ تورىمىز، — دېدى ئۇ، — سەن بولساڭ ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر لەھەڭ. چىشلەشكە تېگىشلىك ئادەملەرگە رەھىمدىل بولساڭ ياكى تور ئىچىدىن سىرتقا چىقىۋالمەن دېسەڭ، بىز ئۇنى يىغىشتۇرۇشنى بىلىمىز. بۇنىڭ ئۆزى بىر جازا. بۇ جازا شۇنداق قاتتىق بولىدۇكى، ئۇ چاغدا بىزدىن ھەرگىز رەھىم كۈتمە!

ئايتىللا باشقىدىن خورتۇلداپ، ئاخىر ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. ساقچى ھوقۇقدارى رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا ئايتىللانى ئۆز ئىشخانىسىغا ئاچىقىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز پۇچۇركىسى بىلەن قەسەمنامە يازدۇرۇۋېلىشنى ئېيتماقچى بولۇپ تۇراتتى، تاشقىرىدىن قاراۋۇلدىكى ساقچى ھولۇققۇش بىلەن «بوگۇ جۇيجاڭ!» دەپ توۋلاپ، 5 - ئاتلىقلار يۈلكىنىڭ كوماندىرى جاۋ خەنچىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ۋۇ شۇۋېيگ ئالدىراشچىلىقتا كۆچۈپ، بۇ بۇيرۇقنى ئېيتالماي قالدى.

ھەربىي ھوقۇقدار ھايال قىلماستىن ئىشخانىغا باش تىقىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن ساقچى ھوقۇقدارىغا لى با بىلەن ئايتىللانى ئىشارەت قىلىپ سىرتقا چىقىرىۋېتىشمۇ ئەپسىز بولدى. ۋۇ شۇۋېيگ بۇ كۈتۈلمىگەن مېھماننى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى. لېكىن جاۋ خەنچى تەكەللۇپقا پەرۋا قىلماي، كىرگەن پېتى ئۆرە تۇراتتى. ھەربىي ھوقۇقدارنىڭ بۇ غەيرىي رەسمىي قىلىقى شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرۈلۈپ ساڭگىلاپ كەتكەن قاپىقىدىن ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئاچچىق بىلەن كىرگەنلىكى

سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ تېمىنىدۇر بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋېتىپ، ئايتىللانى كۆرۈپ قالدى. قىزنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى ئېزىتقۇ - شەيتاندەك ئۇنى ئېزىقتۇرۇپ بۇ ھەربىي مۇستەبىتنىڭ شەھۋانە كۆڭلىنى بىردىن مەپتۇن قىلدى. جاۋ خەنچى ئۆزىنى ئىتتىك تۈزەشتۈرۈپ، بۇرنىنى بىرش تارتىپ قويدى، ئاندىن يەنە يانچۇقىدىن ياغلىق چىقىرىپ، يۈز - كۆزىنى گەجگىسىگە قوشۇپ سۈرتتى.

ھەربىي ھۆكۈمدار بىلەن ساقچى ھۆكۈمدارى ئوتتۇرىسىدا پات-پات ئۇرۇش ۋە مەرتىۋە تالىشىش يۈز بېرىپ، ئاخىر يوشۇرۇن زىددىيەت شەكىللەنگەنىدى. بۈگۈنمۇ ئۇ شەھەر دەرۋازىلىرىغا چاپلانغان ھەزەپ خىتابىي شېڭشىسەي سۇئىقەستى بىلەن ساقچى ئورگىنىنى ئەيىبلەپ، ۋۇ شۇبىڭدىن ئىبارەت بۇ رەقىبىنى ئالايىتەن مات قىلىۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كىرگەنىدى. ھازىر بولسا ئۇ ۋۇ شۇبىڭنىڭ پەرىزاتتەك چىرايلىق بىر قىزنى ئىشخانىسىغا ئەكىرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەسەتخورلۇقى كېلىپ، ساقچى ھۆكۈمدارىغا مۇشۇ مەسىلە يۈزىسىدىن ئىللەت چاپلىۋالغۇسى كەلدى. ھەربىي ھۆكۈمدار ئەگەر ئىشخانىدا لىي يا بولماي، ۋۇ شۇبىڭ بىلەن قىزلا بولغان بولسا، ئۇنى پاھىشىۋازلىقتا ئەيىبلەپ، ئۈرۈمچىگە ئەرز - شىكايەت يېزىشقىچە بېرىپ يەتكەنمۇ بولاتتى.

ئايتىللا جاۋ خەنچىنىڭ ئېتىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى زاتەن كۆرۈشى بىرىنچى قېتىم ئىدى. ھەربىي ھۆكۈمدارنىڭ ئېگىز ۋە سېمىزرەك كەلگەن سۈرلۈك بەستىگە پاكىز ۋە يېپيېڭى ھالەتتە تۇرغان جىگەررەڭ ھەربىي كىيىمى ئۆلچەپ قويغاندەك يارىشىپ تۇراتتى. مۈرىسىدىن ھالقىتىپ باغلىغان قىزغۇچ بۆلغارى كەمەرى بەل تاسمىسى بىلەن بەدىنىدە راۋۇرۇس كۆرۈنۈپ ئۇنىڭ سۈلىتىنى ئاشۇرۇپ تۇرغانىغا ئوخشايت-



تى، جاۋ خەنچىنىڭ بېشىغا يەنە ماۋزۇر ئېسىلىپ، ئۇ قارىغان كىشىگە كىچىكرەك ئۆرە سەمەكا چىرىگلۇقىدا كۆرۈنەتتى.

ھەربىي ھۆكۈمدار ئىشخانىغا كىرىشى بىلەن ئايتىللا يېنىدىن تەختىرۋالغانىدى. ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ بۇ سۈرلۈك جاللاتنى كۆرۈپ قورقۇش نىيىتى بىلەن قارىغانىدى، بىراق ھەربىي ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە بەتنىيەت بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بېشىنى يەنە ئىككىنچىلەپ ئېگىۋالدى. جاۋ خەنچى ئايتىللا توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيتتى، ئۇ مۇنچىۋالا چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئاقسۇدا بارلىقىدىنلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئىپپەتلىكىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ بۇ قىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى، پەقەت مۇشۇ يەردىلا ئۇچرىتىشى ئىدى. دەسلەپتە ئۇ ئالدىراپ كىرىپ دەيدىغان سۆز ۋە رەقىبىگە قىلىدىغان دوق - پوپوزىلىرىنى قىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئالدىراش چىقىپ كېتىشنى ئويلىغانىدى، ئەمدى جاۋ خەنچى ئايتىللاغا ئوشتۇمتۇت مەستانە بولۇپ، ئەتەيىن ئۇنىڭغا ئۇدۇل رويىرو بولۇپ ئولتۇردى.

— يىڭگو جېيجاڭ! — ئىشىك ئېشىدىن دوسانىڭ ھولۇقۇپ قاقلىق بىلەن تىرىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىر! — رۇخسەت قىلدى ۋۇ شۇبىڭ.

دوسا ئادەت بويىچە ئىككى پۇتىنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ، قارىلدىتىپ، چاس بەرگەندىن كېيىن سۆز باشلاپ كەتتى:

— شىمالىي دەرۋازا تاشقىرىقى بازار تەرەپكە خەلقىنى قوزغىلاڭ قىلىشقا دەۋەت قىلغۇچى شېئىر چاپلىنىپتۇ! — دېدى ئۇ. — ئاڭلىغان ھامان بېرىپ سويۇپ تاشلىدۇق. ئوقۇۋاتقانلارنى قوغلىۋەتتۇق.

ساقچى ھۆكۈمدارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چانىقىدىن

چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، ئۈستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— نېمە دەۋاتىسەن، نېمە؟ جۆيلۈۋاتامسەن؟ قىزغىنلىق ... قىزغىنلىق كىرگۈزۈشكە قۇترىتقۇچى شېئىر دەۋاتامسەن؟ ئۇنى كىم يېزىپتۇ؟ چاپلىغان كىشىلەرنى بىلدىڭلارمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ياق، بىلەلمىدۇق، — ئىقرار بولۇپ جاۋاب بەردى دوسا، — كۆپ سۈرۈشتۈردۇق، كۆردۈم دېگەن كىشى چىقمىدى.

— يۇقىرانى مۆدىن، ياۋاش دېگەن بىلەن، ئىللىق تاغ ئوغرىلىرى تىپىلاك كۆتۈرگەندىن بۇيان، بۇ يەردىمۇ خېلى كۆپ كىشىدە مۈڭگۈز پەيدا بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ۋۇ شۈيىڭ بوغۇق ئاۋاز بىلەن. — كۆپىنچىسىنىڭ قىزىل پاچاق قۇترىتقۇلار بىلەن تىلى بىر. قېنى ئۇ شېئىر؟ سويۇپ ئەكەلدىڭلارمۇ؟

— ياق، سويۇۋالغىلى بولمىدى، چىڭ چاپلىۋەتكەنىكەن. ياغلىقنى ھۆللەپ سۈرتۈپ، پىچاقتا قىرىپ ئاران چىقىرىۋېتەلىدۇق.

— مۇنداق قىلغىنىڭلار بولماپتۇ. ئىخۋاگەرنىڭ ئىزى تامامەن ئۆچۈرۈلۈپ، تۈگىتىۋېتىلىپتۇ. ئۇنى ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئىخۋاگەرنى نەدىن تاپىمىز؟ شېئىر تېكىستىنى سويۇپ كەلگەن بولساڭلار، پۈچۈركىسىدىن سۈرۈشتە قىلالماسمىدۇق؟

— بۇنىڭغا ئانچە باش قاتۇرۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى جاۋ خەنچى سۆزگە ئارىلىشىپ كەسكىنلىك بىلەن، — بۇنىڭ ئۆزى شېئىر بولغانىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى لۇتپۇللا يازىدۇ. ئۇ يازمىسا ھېلىقى كىتىشەھەر ساقچى ئىدارىسىدىكى شائىر بىلال يازىدۇ. مۇتىرىدىنمۇ شائىر، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىكى ئابدۇللانى بىلىسىلەر، ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ گېزىتتە بېسىلىپ تۇرغۇدەك،



مەركىزىي مەكتەپتىكى ئوسمانمۇ شېئىر يېزىپ يۈرگۈدەك. مەن ئىز قوغلاش ھەربىي خادىم بولسام، سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ شۇنچىلىك بىلدىم. سىلەر ساقچى ئورگىنى بولۇپ تۇرۇۋېلىپ بىلمەسەڭلار، بۇ قانداق بولغىنى؟

جاۋ خەنچىنىڭ ساقچى ئىدارىسىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق تەنقىدلەپ ئېيتقان سۆزى ۋۇ شۈيىڭغا «ئۆلۈمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك قوشۇمچە زەربە بولۇپ تەگدى. شەھەر دەرۋازىسىغا «غەزەپ خىتابى» دېگەن ئىبارەت خاراكتېرى ئىنتايىن ئېغىر بۇ شېئىرنىڭ چاپلىنىشىغا بىخۇدلۇق قىلغانلىقىدىن خاپا بولۇپ يۈرگىنىدەك كايىۋاتقان ۋۇ شۈيىڭ يېلىك كوماندىرىنىڭ ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە ئۆزلىرىنى چىقىۋالغانلىقىدىن ھار ئېلىپ، قوشۇنىسىنى باشقىدىن تۈزدى. ئۇ لى باتىڭ قولىدىن مۇھىم ھۆججەت — «5» دەپتەرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا يېزىلغانلارنى باشقىدىن كۆرۈپ چىقتى. ئايتىللانىڭ يەتكۈزۈپ كەلگەن مەلۇماتلىرى ئىچىدە بۇ شېئىر توغرىسىدا لام - جىم دېيىلمىگەنىدى. قىز كېچە ل. مۇتەللىپنىڭ يانچۇقىدا مۇئىرىدىن خىرجىنىنىڭ بۇ «غەزەپ خىتابى» شېئىرىنىڭ ئوقۇلغانلىقى ۋە ئۇنى ئابدۇللا روزىنىڭ يازغان، قىلىپ يېزىپ، دەرۋازىلارغا چاپلاش ئۈچۈن ئۆز يانچۇقىغا ئەكەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئىشلارنى شۇ مەھەل ئېسىگە ئالدى. ۋەھالەنكى، ئۇ بۇنى مەقسەتلىك ھالدا رەھىمدىل بولۇپ يوشۇرۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن پاش قىلماي قويغانىدى. ئەمدى بولسا ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ئىشخانىسىدا ھەربىي ھوقۇقدار ھازىر بولغان ھالدا دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە، بۇ شېئىرنى كىمنىڭ يېزىپ چاپلىغانلىقى ھەققىدە ئېغىر باش قېتىمچىلىقى بىلەن گەپ - سۆز بولماقتا ۋە پەقەتلا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە جاۋ خەنچى ۋۇ شۈيىڭنى يۈز تۇرانە ئەيىبلەشكىچە بېرىپ يەتمەكتە.

ئۇلار تېخى ئۈنتەك بىر - بىرىنى تالاش ئالدىدا تۇرماقتا. ئايىتللا بۇنى ئېيتىۋەتسىلا، ھەممە خاپىلىق ۋە ئۈشخانىنى قاپلىغان مىسلىسىز قاتتىق دىققەتچىلىك ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۈگەيتتى. ئاندىن بۇ تۈگۈچنىڭ سىرلىق قېلىپىنى ئېچىلىپ كېتەتتى - دە، ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ۋەھىمىسىزلىك بىلەن جازاغا تارتىلىپ، شېئىرىي ۋەرەقىنىڭ ئاقىۋىتى تېز بىر تەرەپ بولاتتى. دېمەك، سىرلىق قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى ئايىتللادا ئىدى. يەقەت شۇلا بۇ قۇلۇپنى ئاچالايتتى. ھوقۇقشۇ دەل مۇشۇ مەسىلە بويىچە بىر تەچچە رەت ئاغزىنى قىمىرلىتىپ سايرىۋېتىشكە تەمشەلدى، بىراق كۆز ئالدىدا ئاكىسى نامايان بولۇپ، ئۇ يەنە ئاۋۋالقىدەك، دەمەزگەن، بىلگەن ھەرقانداق نەرسىنى پاش قىلىشقا، ھەتتا يالغاندىن تېپىپ پاش قىلىشقا مۇمكىن، لېكىن ئىشپىيون - ئاگېنت بولۇپ ئىشلەۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىكى بىر شەرت، ئۇنىڭ دەسلەپ ئېيتقانلىرى بىلەن كېيىنكىلىرى باشتىن - ئاياغ بىر خىل بولۇپ چىقىشى كېرەكتەك دەۋاتقاندەك قىلدى. ئايىتىللا دەل مۇشۇ ئېغىر مەسىلىدە ئۆزىنىڭ ئالاقىلىقىنى بىرىنچى قېتىم بىلگەچ، تەمكىنلىشىشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇ يېڭى ئىرادە بىلەن ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇردى.

كارىدوردىن كىمدۇر بىرىنىڭ ھاسىراپ، ئېغىر تىنىق بىلەن كېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ، ئارقىدىن ياڭ شۇنگۇەننىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بوگو جۇيجاڭ!

— رۇخسەت، كىر! — جاۋاب بەردى ۋۇ شۇبىڭ.

ياڭ شۇنگۇەن ئىلگىرى جاڭ دوسا يۈتنى قانداق جىبلەپ، قانداق چاس بەرگەن بولسا ھەدۇقاقلىق بىلەن شۇنداق چاس بېرىپ تۇرۇپ:



— شەھەرنىڭ غەرب دەرۋازىسى بىلەن جەنۇب دەرۋازىسىغا «غەزەپ خىتابى» دېگەن قۇترىتقۇ شېئىر چاپلىنىپتۇ، — دېدى، — سىڭلاپ ئادەم تىزىلىپ قارىشىۋېتىپتىكەن، ھەممىسىنى تۇرۇپ قوغلىۋەتتۇق. شېئىردىكى گەپلەر ياتارقىلەي بىرقىسمىرىنە. ھۆكۈمىتىمىزگە قارشى ئىغۋا ئىكەن. شۇ ھامان يىرتىپ خەقنىڭ كۆزىدىن يوقاتتۇق!

— يەنىلا شۇ گەپمۇ؟! — ۋارقىرىدى ساقچى ھوقۇقدارى. ئۇ ئاچچىقىدا پايلىيالماي بېشىدىكى قاسقان شەپكىسىنى ئېلىپ تەلگە چۆرۈپ تاشلىۋەتتى، ئاپانچىسىنى خىلاپ ئۈستىدىن چىڭ چاڭگاللاپ، ئۈشخانىنى بىر رەت ئايلىنىپ چىقتى ۋە ئوتتۇرىدا بىرئى تۇرغان ئورۇندۇقنى كۆرمەي ئۆرۈۋەتتى. ئۇ دەسسا ھەمە دېگەنچە زەردىسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىشلىرىنى تۇختىماي غۇچۇرلىتاتتى.

جاڭ خەنچى مۇشۇ شېئىرنىڭ چاپلانغانلىقى توغرىسىدا ساقچى ھوقۇقدارى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كىرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ھەربىي كۆزەتچىلىرى ئارقىلىق ئىگىلىگەنلىرى يەقەت بۇ شېئىرنىڭ شىمالىي دەرۋازىغا چاپلانغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتتىنلا ئىبارەت ئىدى، ئەمدى غەربىي دەرۋازا بىلەن جەنۇبىي دەرۋازىسىمۇ چاپلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. ساقچى ھوقۇقدارى شېئىرغا دائىر بەزى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ياڭ شۇنگۇەندىن گەپ سورىماقچى بولۇپ تۇراتتى. ھەربىي ھوقۇقدار سۆز باشلاپ، ياڭ شۇنگۇەندىن سورىدى:

— شېئىرنى يېزىپ چاپلىغۇچىنى بايقىمىدىڭلارمۇ؟ ياكى سىلەرمۇ جاڭ دوسادەك بۇنى بىلەلمەي كەلدىڭلارمۇ؟

— بايقالمىدۇق، شىلىم قورۇپ، دەرۋازىغا سىختەك چىڭ

چاپلىنىپ كەتكەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇ تاڭدىن ئىلگىرى ئەل قوپماستىنلا چاپلانغاندەك قىلىدۇ، — جاۋاب بەردى ياڭ شۇنگۇەن.

— سويۇپ ئەكەلگىنىڭلار قېنى؟ — سورىدى ۋۇ شۇبىڭ.

— شۇنچە ھەپىلەشتۇق، زادى سويغىلى بولمىدى، ئاخىر چالما ۋە لاي بىلەن قىرىپ چىقىرىۋەتتۇق.

— ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا! جاڭ دوسانىڭ دېگىنىمۇ شۇ، سەنمۇ يەنە شۇنى دەۋاتىسەن! ئىشخۇاگەرنى تۇتۇۋالالمىساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەرەقنى قىيماي تىتىپ تاشلىماق، خەپ، خەپ، — ساقچى ھوقۇقدارى دوسا بىلەن ياڭ شۇنگۇەنگە تەڭمۇ تەڭ قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — قېنى، سىلەر بىزنىڭ ئىشەنچلىك، پىشقان ساقچى خادىمىمىز ئەمەسمىدىڭلار؟ ئۆزۈڭلار ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ. تەييار يېزىپ چاپلانغان ئىشخۇانىڭ يېرىم - يارتىسىنىمۇ قولۇڭلاردا تۇتۇپ ئەكەلمەسەڭلار، بۇنى قانداق قىلىمىز؟ ئىز - دېرىكىنى قانداق تاپىمىز؟ ئەگەر يېزىپ چاپلىغان كىشىنى تېز تېپىپ چىقمىساڭلار، ئۆزۈڭلارنى قامايمەن. ئۇ چاغدا مېنىڭدىن رەنجىمەڭلار!

جاڭ دوسا بىلەن ياڭ شۇنگۇەن ئۆرە تۇرغان پېتى باشلىرىنى ئېگىشىپ جىم تۇرۇپ قالدى. ھەربىي ھوقۇقدار سۆزگە ئارىلىشىپ:

— مەن دەسلەپتىلا ئېيتىمىدىممۇ، بۇ لۈتىپۇللالارنىڭ ئىشى! — دېدى.

ياڭ شۇنگۇەن بۇ گەپ بىلەن ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇۋېلىشقا سەۋەب تېپىلغاندەك ئەل يېنىكلەشتى.

— شېئىر ئۇستىلىق بىلەن ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ يېزىلىپتۇ. سۆزلىرىمۇ نەشتەردەك ئۆتكۈر، بۇنى ل. مۇتەللىپ يازمىسا،



باشقا ھېچكىم يازالمايدۇ، — دېدى ئۇ.

ۋۇ شۇبىڭ جاۋ خەنچىنىڭ سۆزىنى ئۇنى مات قىلىۋېلىشنىڭ پۇرسىتى دەپ بىلگەنىدى. ئۇ ياڭ شۇنگۇەنگە زەردە قىلغان بولۇپ تۇرۇپ:

— ھازىر ئاقسۇدا ھۆكۈمەتكە قارشى گەدەنكەشلىك قىلىپ يۈرگەن كىشىنى بىرلا لۈتىپۇللا دەپ ئويلامسىلەر؟ ھازىر مۇنداقلار كۆپىيىپ قالدى: ھەتتا باشقا جايدىن كېلىۋاتقانلارمۇ مۇنداق ئاشكارا ئىشخۇالارنى قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ تېخى بەزى يەرلىكچىلار قىلغان ئىش بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

جاۋ خەنچى ۋۇ شۇبىڭنىڭ سۆزىنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقچى ھوقۇقدارىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئەتەيىن بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتى بىلەن:

— ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئىشخۇاگەرلەرنى تاپسا تاپسۇن. بولمىسا پۈتۈن ئاقسۇ خەلقىنى قىرىپ تاشلاشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئىشخۇاگەرلەرنى شۇلارنىڭ ئىچىدە تۈگىتىۋېتىمەن، — دېدى.

ئايتىللا قىرقىنىدىن ئولتۇرالماي قالدى، ئۇنىڭ پالكۆزلىرى يېغان ئېچىلىپ، جاۋ خەنچىنىڭ كۆز قارىچۇقىدا ئەكس ئېتىپ پاللىدى. ھەربىي ھوقۇقدار ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن ئايتىللاغا ئالايتەن تىكىلىپ قارىدى. قىز بۇ بەتنىيەت مەخلۇقنىڭ نەزەرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بېشىنى يەنە پەسكە ساڭگىلىتىۋالدى.

ھەربىي ھوقۇقدار بىلەن ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلەر بىر تەرەپتىن غەزەپ خىتابىدەك شېئىرنى يېزىپ چاپلىغۇچىنى تېپىشتىن ئىبارەت زور دېلو ئىشىغا قارىتىپ

ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، ئىككىنچى تەرەپتىن بۇ سۆزلەر بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ ئۆز ئارىلىرىدىكى يوشۇرۇن زىددىيەتنى چىقىش قىلىپ، بىر - بىرىنى پەسكارىغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە سۆزلىنىۋاتقانلىقى ئىدى. لېكىن بۇنى جاۋ خەنچى بىلەن ۋۇ شۈبىڭلا بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەتنى باشقىلار تېخى بىلىپ يەتمىگەنىدى. ئايتىلا مۇشۇ قىسقا ئارىلىقتا نەچچە قېتىم تەمشىلىپ، شېئىر توغرىسىدىكى پۈتۈن ئۆتمۈشنى پاش قىلىۋەتمەكچى بولغانىدى، ئۆزىگە ھاي بېرىپ جىم تۇرىۋالدى.

— بۇ شېئىرنى ل. مۇتەللىپ ياكى بىلال ئەزىزىنىڭ يازغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، — دېدى سۆز قىستۇرۇپ رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى با ئۆز خوجا-يىنىنىڭ مۆلچەرىنى ئاقلاش مەقسىتىدە، «مۇھىم ھۆججەت — 5» نىڭ ۋاراقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ تۇرۇپ، — ئەمما بۇنىڭدا ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتقۇدەك ئېنىق ئاساس يوق، ۋۇ جۇيجاڭ ئېيتقاندەك، بۇنى يېزىپ چاپلىغانلار ئاقسۇغا كەلدى - كەتتىلەر بولۇشى مۇمكىن.

— نېمە ئۇ؟ — سورىدى جاۋ خەنچى لى با تەرەپكە بۇرۇلۇپ، «مۇھىم ھۆججەت — 5» نى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدا شېئىرنى يېزىپ چاپلىغانلارنىڭ ئېتى بولۇشى كېرەكمىدى؟

— ھەئە، شۇنداق، — كېسىپ جاۋاب بەردى ۋۇ شۈبىڭ، — بۇ دەپتەردىكىلەر ناھايىتى يېڭى ماتېرىيال، ل. مۇتەللىپلەرنىڭ ھەرىكىتى ئۈستىدىن كېچە يەتكۈزۈپ كېلىنگەن مۇھىم پاش قىلىش مەلۇماتى.

— ئۇنى كىم يەتكۈزدى؟

— مانا مۇشۇ قىز، — ۋۇ شۈبىڭ ئايتىلانى كۆرسەتتى.

— ھە، شۇنداق دەڭ، خېلىدىن بېرى بىلەلمەي تۇراتتىم.



بۇ گۈزەل قىز بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىز ئۈچۈن يوشۇرۇن تىرەك-كەن - دە! — جاۋ خەنچى سۆزلەۋېتىپ، قىزغا يېتۈۋالمىغاندەك ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ تال چىۋىقتەك ئىنچىكە، يۇمران قولىنى مەدەنىيەتلىكلىك بىلەن چىڭ قىستى.

— مەن ئاقسۇدا شۇنچە يىل تۇرۇۋېتىپ، بازار ئىچىدىن بۇ قىزنى ئۇچرىتىپ باقماپتىمەن، — دېدى جاۋ خەنچى.

ۋۇ شۈبىڭ قىزنى ھەربىي ھوقۇقدارغا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى بايدىن لۇتپۇللاغا تۇۋچى قىلىپ سىڭىش ئۈچۈن ئە-كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— بۇ قىزنى ئەكىلىپ، بەك ياخشى قىپسىلەر، — دېدى جاۋ خەنچى، — ياخشى ئاسراپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىڭلار، بۇ لۇتپۇللادەك تونچى، مەتىمەنچى يىگىتكە بېلىق يېمى بولۇپ، تورغا چۈشۈرۈشكە ياراپ ئاشقۇدەك.

ئايتىلا ھەربىي ھوقۇقدارنىڭ سۆزلىرىدىن خۇشال بولدى. بۈگۈن ساقچى ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ، ھاقارەتكە قېلىۋاتقان بۇ قىزنى قەددىنى كۆتۈرۈپ تىك يۈرۈشكە نەكەلگەندەك قىلدى. ئۇ جاۋ خەنچىنىڭ ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزى توغرىسىدا بەرگەن تەۋسىيەسىدىن سىمابتەك ئېرىپ، يېڭىلا ۋۇ شۈبىڭدىن كۆرگەن ئىزا - ئاھانەت ۋە دوق - پوپوزىلار ئۈچۈن يېڭىباشتىن ياش تۆكۈپ سەزدۈرمەي بوش يىغلاشقا باشلىدى.

تازىلىقچى ساقچى بىر قولىدا لىق چاي قاچىلانغان چىنە چەينەك، بىر قولىدا ئۈچ - بەش دانە چىنە كۆتۈرۈپ كىرىپ، جاۋ خەنچى، ۋۇ شۈبىڭ، لى بالارغا چاي قۇيدى. مۆرىسىدىكى ئۇزۇن ئاق ماتا داغمالنى ئېلىپ، ئۈستەلنى بىر قۇر سۈرتتى. كۈلدانىنى تۈكۈرۈك قاچىسىغا تۆكۈپ ئىككىنچىلەپ ئۈستەلگە قويۇپ قويدى. ئاندىن تۈكۈرۈك قاچىسىنى ئادالاش ئۈچۈن

سىرتقا ئاچىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا ساقچى ھوقۇقدارى ھەربىي ھوقۇقدارغا تاماكا تۇتمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر تال لوتويىن ئۇزاتتى ۋە سەرەڭگە چېقىپ تۇتاشتۇرۇپ بەردى. ئاندىن لى با، جاڭ دوسا، ياڭ شىڭگوەنلەرگە بىر تالدىن تاشلاپ بېرىپ، ئۆزىمۇ چەكتى. بىر دەمدە ئىشخانا تاماكا ئىسى بىلەن قاپلىنىپ كەتتى. ئىستىن سىرت ئىشخانا ئىچى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىدىن تىنچىق بولۇپ كەتكەندى. «غەزەپ خىتابى» — بۇ «قوتراتقۇ» شېئىرنىڭ جاۋابكارىنى تېپىشتەك جىددىي مەسىلە ئۈستىدە گەپ-سۆز كېتىۋاتقاندا. مەخپىيەتلىك يۈزىسىدىن دېرىزىنى ئېچىپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئىشخانىنىڭ ھىم تۇرۇشى ئەنە شۇ جىددىي مەخپىيەتلىك ئۈچۈن مۇھىم ئىدى.

ئارىغا جىمجىتلىق چۆككەندى. سىرتتىن ساقچىنىڭ «بوگو جۇيېجاڭ» دەپ تۋۋلىشى بىلەن جىمجىتلىق بۇزۇلدى. ئىشىك ئېچىلىپ، ئىشخانىغا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى كىرىپ كەلدى. ئۇ ۋۇ شىنىڭغا ۋالىي جاۋ گىڭنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان بىر پارچە بۇيرۇقنى ئەكەلگەندى. خەت ئوچۇق بولۇپ، كونۋېرتقا سېلىنغانىدى. ساقچى ھوقۇقدارى ھەربىي ھوقۇقدار بار يەردە بۇيرۇقنى ئۆزىلا ئوقۇشقا پېتىنالماي ھەممىگە ئوچۇق-ئاشكارا ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەندى:

قەدىرلىك ۋۇ جويجاڭ:

شەھەر دەرۋازىلىرىغا بىر ماۋزۇ، بىر مەزمۇن ۋە بىرلا خىل يوچۇركا بىلەن ئىغۋا خاراكتېرلىك. يەنى شەۋكەتلىك ھۆكۈمىتىمىز. ئۇلۇغ پىرقىمىزنى ھاقارەتلىگۈچى بىر شېئىرنىڭ چاپلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. شېئىردا جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىمىز ئاغزىغا كەلگىنىچە ھاقارەتلەنگەن. خەلق بولسا ھايالسىز قوزغىلىشقا دەۋەت قىلىنغان. ئاقسۇدا ھازىر ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرىنىڭ قوراللىق توپىلىڭىدەك توپىلاڭ كۆتۈرۈش خەۋپى باش



كۆتۈرۈپ قالدى. ئۇتتۇرالادەك خۇددى بىلەلمەي يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا. ئىغۋاگەرلەرنىڭ باشلامچىلىرىنى ئىزدەپ تاپماق تەس ئەمەس. ھازىرقى جىددىي مەسىلە. دەرۋازىلارغا شېئىر يېزىپ چاپلىغۇچىلارنى تېپىش. بۇلار تېپىلسا ئىغۋاگەرلەرنى بىر-بىرلەپ قولغا چۈشۈرمەك ئاسان. جىددىي تەرەددۇت قىلىپ بۇ كىشىلەرنى ئىزدەڭلار. مۇنداقلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىش كېرەك ئەمەس.

ئىلاۋە: مۇنداق بۇيرۇقنى جاۋ شۈەنچاڭغا ئەۋەتىمەن. ئۇ ۋ-ئاتلىقلار بۆلىكىنىڭ رازۋېتكا ئوترىتىنى مەخسۇس بۇ ئىشقا ئاجرىتىپ، بۇ خەۋپلىك دېلونى ئېنىقلاپ تېز بىر تەرەپ قىلىشتا سىزلەرگە ياردەملەشتۈرىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جاۋگىڭ (ئىمزا)»

جاۋ خەنچى بۇيرۇقنى ۋۇ شۈبىڭنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، مەنسىتمەسلىك بىلەن ئۈستەلگە تاشلىدى. زاڭلىق ئارىلاش ھىجىيىپ قويۇپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپىغا:

— جاۋ جۇەنيۈەن بۇيرۇق يېزىپ ئاۋارە بولمىسىمۇ بولاتتى، — دېدى، — مەن مۇشۇ شېئىر مەسىلىسى ئۈستىدىن بۇ يەرگە كىرىپ، مۇزاكىرە يۈرگۈزۈۋاتىمەن. ئىغۋاگەرلەرنى تاپماي قويمايمىز. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساق، ۋالىيغا ئەمەس، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، ئۆلكىلىك شتاب ۋە ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ ۋالىيغا ئېيتىڭ. ئاسماندا تور، يەردە قاپقان ياساپ، بىز بىلەن ئويناشقۇچىلارنى يەرگە كىرسە چېچىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئاسمانغا چىقسا، پۇتىدىن سۆرەپ چۈشۈرىمىز. مېنىڭ گەپلىرىمنى قالدۇرماي ئېيتىپ قويۇڭ! ئۇ خاتىرجەم بولسۇن.

— بولىدۇ، — باش كاتىپ ھەربىي ھوقۇقدارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى، جاۋ خەنچى مۇنچىۋالا تەمەنناچى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى باشقىلارغا قارىغاندا ئۆزى ياخشىراق بىلەتتى. ئىلى تەرەپتە

گومىنداڭغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندىن بۇيان، ئاقسۇدا ئۇرۇش ۋەھىمىسى كۈچىيىپ، ئاقسۇنىڭ ھوقۇقى مۈلكى ئىدارىلەردىن 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە، بولۇپمۇ جاۋ خەنچىنىڭ ئۆز قولىغا ئېنىق - ئاشكارا ئۆتۈپ ۋالىي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالماقتا ئىدى.

جاۋ خەنچى يەنە نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ شتاب ئەمەلدارى خەن سەنەۋ كىرىپ كۈچا 2 - دىۋىزىيەسىنىڭ شتاب باشلىقى كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن دىۋىزىيە كوماندىرى گېنېرال شاڭ شىجاڭنىڭمۇ مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئاقسۇغا كېلىپ توختاپ، بۇ يەرنىڭ مۇداپىئە تەييارلىقلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ئۈچتۇرپان، ئاقچىلاردىكى ھەربىي چېگرا پونكىتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارماقچى بولغانلىقىنى، گېنېرالنىڭ يەنە قوغان، بوزدۆڭ، مۇزات تەرەپلەرگە ئۆتۈپ، بۇ جايلارنىڭ مۇداپىئە تەييارلىقلىرىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ھەربىي ھوقۇقدار ئالاقزادە بولۇپ. ئالدىراپ ئىشخانىدىن چىقتى. ساقچى ھوقۇقدارى ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ تاشقى دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. جاۋخەنچىنىڭ ۋالىينى مەنسىتمىگەن ھالدا ئېيتقان سۆزلىرىدىن لاسىدە بولۇپ قالغان باش كاتىپمۇ بۇ يەردىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

ۋۇ شۇيمىڭ ئىشخانىغا قايتىپ كىرىپ، لام - جىم دېمەي ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئورۇق، يېنىك تېنىنى ئورۇندۇقنىڭ ئارقا يۆلەنچۈكىگە تاشلىدى ۋە چىگىش ئوي - پىكىرلەردىن دەرد چېكىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەندەك قىلىپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۇ بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ، جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن لى كېجاڭ، دوسا، ياڭ شىڭگۇەنلەرگە —



قول ئاستىدىكى بۇ ئىشەنچلىك ئەمەلدارلىرىغا بىر - بىردىن تاماكا تاشلاپ بەردى ۋە ئۆزىمۇ چەككەچ:

— راستىنى ئېيتقاندا، — دېدى ئۇ، — ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرىنىڭ توپىلىڭى بىز ئۈچۈن بويۇتقا سېلىنغان سىرتماق بولۇپ قالدى. ئۇلار شىمالدا، تاغ ئارقىسىدا قوزغالسا، بۇ يەردە بىر مۇنچە بىسەرەمجانچىلىقلار ئارقىمۇ ئارقا مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ، كېچە دەرۋازىلارغا چاپلانغان ھېلىقى ئىغۋا شېئىر بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇنى چاپلىغانلار ئاز ئادەم ئەمەس، پۈتۈن تۈن ساقچى كۆزەتچىلىرى بىلەن پولكنىڭ ھەربىي كۆزەتچىلىرى كوچىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ چاپلىغۇچىلارنى كۆرمىسە، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ كوچىدا ھۆكۈمەتكە قارشى ۋەرەقە چاپلاش ئاقسۇ تارىخىدا بىرىنچى قېتىملىق ئىش. كۆزەتچىلەرگە ئېيتىڭلار، ئۇلار مۇندىن كېيىن قەتئىي ھوشيار بولۇپ، ئادەملەر يىغىلىدىغان جايلارنىڭ تام - ئىشىكلىرىگە، شەھەر دەرۋازىلىرىغا قاراپ يۈرسۇن. ئەتە - ئۆگۈن ئۇلار يەنە ئىدارىمىزنىڭ ئىشىكىگىمۇ ۋەرەقە چاپلاپ يۈرمىسۇن!

ياڭ شىڭگۇەن سۆز قىستۇرۇپ:

— ئەتىگەن بامدات نامىزى ۋاقتىدا يېڭىبازاردىكى رۇستەم بوجاڭ جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ ئىچىدە بىر كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىكەن، ئانچىكىم ئىش، دەپ دىققەت قىلماپتۇ، — دېدى.

— رۇستەم بوجاڭدىن بۇ كىشىنىڭ رەڭگى - رويىسىنىڭ قانداقلىقىنى سوراڭلار! — بۇيرۇدى ساقچى ھوقۇقدارى.

— سورىدۇق، — جاۋاب بەردى شىڭگۇەن، — يىراقتىن، ئۆز ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ كۆرگەنىكەن، ئېنىق پەرق قىلالماپتۇ.

— بۇندىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشلارغا پەخەس بولۇپ

يېرۇشنى جېنجاڭ، بوجاڭ، جياجاڭلارغا ئېيتىڭلار. ئۈرۈمچىسى ياكى قەشقەر تەرەپلەردىن كېلىپ، سارايلارغا چۈشكەنلەرنىڭ ئىچىدىكى گۇمانلىق ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن كۆزىتىشنى كۈچەيتىڭلار. ئەگەر بۇنى لۇتپۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن ھەمتەپىسلىرى قىلغان بولسا ئۇمۇ مەلۇم بولماي قالمايدۇ. بۇنى بىلىپ چىقىشقا مانا بۇ ئايتىللا بار.

ھوقۇش تاشتەك قېتىپ ئولتۇرغان يېرىدە مىدىرلاپ قويدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى. دوسا، ياڭ شىڭگۇەنلەر ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ، ساقچى ھوقۇقدارىغا چاس بېرىپ، چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى، ۋۇ شۇبىڭ توختىتىپ، ۋارقىراپ سۆزلەپ:

— ئىغۋاگەرلەرنى قەتئىي تېپىپ، كۆپچىلىككە ئىبرەت بولغۇدەك قاتتىق جازا بېرىمىز. كاللىسىنى كېسىپ، تاشقىرىقى بازارغا ئېسىپ سازايى قىلىمىز، — دېدى. بۇ سۆزلەرنى ساقچى ھوقۇقدارى ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ئىشەنچ بېرىش ئۈچۈن ئۈستەلنى ئۇرۇپ تۇرۇپ قىلغانىدى: لوتۇيەن تاماكىسىنىڭ تاللىرى قېپىدىن چىقىپ چېچىلىپ كەتتى. ۋۇ شۇبىڭنىڭ ئاغزىدىن شالۋاقتا ئوخشاش قويۇق تۈكۈرۈك ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرغان ئايتىللانىڭ يۈز - كۆزى ۋە كىيىمىگە چاچراپ چۈشتى. قىز بۇنىڭدىن يىرگەنگەن بولسىمۇ قورقۇپ ئېرتالمىدى. جاڭ دوسا بىلەن ياڭ شىڭگۇەن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. لى با ئايتىللانى كۆرسىتىپ خوجايىنىدىن سورىدى:

— بۇ ئەمدى كەتسە بولامدۇ، قەسەمنامىسىنى قانداق قىلىمىز؟

— ئۆز قولى بىلەن تىلخەت يېزىپ بەرگەندىن كېيىن كەتسۇن، — دېدى ۋۇ شۇبىڭ، ئاندىن يەنە ئۇ قىزغا ئالايتەن جېكىپ تۇرۇپ ئېيتتى، — بىز سىزگە يەنىلا ئىشىنىمىز،



لۇتپۇللا بىلەن بۇرۇنقىدەك يېقىن يۈرۈۋېرىڭ، پۈتۈن ھەرىكىتىڭىز لۇتپۇللاغا جۈپتى ئۆمۈر بولۇپ ئۆتۈشكە تەييار تۇرغان مۇھەببەت مەستانىسىنىڭ ھەرىكىتىدەك كۆرۈنىدىغان بولسۇن. بۇ بىر تاكتىكا. ئەگەر راستىن كۆڭۈل بېرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ساقچى ئىدارىسىگە باغلانغانلىقىنى ئېيتىپ قويسىڭىز، بىزدىن زادى رەھىم كۈتمەڭ. ئۇ چاغدا، سۆيگەن يارىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ شەپقەت قىلماي، سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى بېسىقتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى كۈرەش — ھايات - ماماتلىق كۈرىشى. كەسكىن ئېلىپ بېرىلىدىغان قانلىق جەڭ، — شۇندىن كېيىن ساقچى ھوقۇقدارى ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ئايتىللانىڭ ئالقىنىنى ئۈستەلگە تارتىپ چىقىرىپ، ئۆز قولىنى ئۇنىڭغا چاپلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — سىزنىڭ ئەكەلگەن مەلۇماتىڭىزدىن لۇتپۇللالارنىڭ ھۆكۈمىتىمىزگە قارشى مەخپىي تەشكىلات قۇرماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇق. بىزنىڭ ئارغامچىمىز ئۇزۇن. ئۇلار قېنى قۇرىدىغىنىنى قۇرسۇن. بۇ ئىيتتىنى سەزدۈرمەي يۈرگەن قىزىل پاچاقلارنى يەنىمۇ كۆپرەك بايقىۋېلىشىمىزغا پايدىلىق.

ساقچى ھوقۇقدارى رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا «قېنى، بۇنى ئېلىپ ماڭ» دېگەن مەنىدە باش ئىشارىتى قىلدى. ئايتىللا تىلخەت يېزىپ بېرىش ئۈچۈن لى بانىڭ ئارقىسىدىن تارتۇق بوغجۇمسىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان چاغدا، ۋۇ شۇبىڭ چانىقىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىنى قىزنىڭ زىلۋا، ئوتتۇرا بوي، يېقىملىق قەددىگە تىكىپ ئۈزمەي قارىدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ ئەرشتىن چۈشكەن ھۆر - پەرىدەك نېمانچە كېلىشكەن، نېمانچە چىرايلىق نېمە — ھە!» دەپ قويدى.

ئايتىللا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن بىر كۆتۈرۈم بوغچىغا بىلەن خۇشال هالدا قايتىپ چىققان ۋە يانچۇقىغا قاچىلانغان بىرقانچە تاتازا پۇل بولسىمۇ، لېكىن، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر خىل ئاچچىق سېزىم ئۇنى يەنىلا ئازابلىماقتا ئىدى. قىز مۇھەببەت رىشتىسى بارغانسېرى چىڭ تارتىلىۋاتقان سۆيۈملۈك يىگىت ل. مۇتەللىپكە كەچۈرەلمەس رەقىب مەۋقەسىدە تۇرۇپ، قارشى هەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئېغىر پۇشايمان يەيتتى، سەسكىنەتتى. شائىر بىلەن هالال جۈپ بولۇپ ئۆتۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ تامامەن قولدىن كەتكەنلىكىنى ئويلىغان چېغىدا ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشقا قولاشماي قالدى. ئۇ ئەلنىڭ كۆز ئالدىدا يىقىلىپ چۈشۈشكە تاماس قالغانىدى. ئۇ هالدا قولىدىكى ئۆزىنى خۇشال قىلغان ئېسىل رەخت ۋە ناۋات - گېزەكلەر قولىدىن چۈشۈپ چېچىلىپ كەتكەن بولار ئىدى. ئايتىللا چۆچۈپ هوشىنى يىغىپ، خەلققە ئۆز پەرىشانلىقىنى سەزدۈرمەسلىككە. بولۇپمۇ ئۇلاردىن ل. مۇتەللىپ، مۇتىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلار ئۈستىدىن يېڭىلا ساقچى ئورگىنىغا ئەجەللىك مەلۇماتلار بېرىپ، قارا يۈزلۈك بىلەن قايتىپ چىقىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇپ قېلىشقا بارلىق ئامالى بىلەن تىرىشتى. قىسقىسى، ئۇنىڭغا كىرپىكىرىنىدۇزدىكى هازىرقى مېڭىش، كېچىسى ئەل قاراڭغۇسىدا يۈرەك يېرىلغۇدەك دەرىجىدە قورقۇپ مېڭىشتىنمۇ ئېغىر بولۇپ كەتتى. قىز ئەمدى تاشقىرىقى بازارغا يەتتى. ئەمما بۇ يەردە ئۇنى تېخىمۇ سەسكەندۈرگۈچى پىكىر - خىيال قورشىۋالدى. ئۇ ئەنە شۇ تاشقىرىقى بازاردا پات - پات ل. مۇتەللىپنى ئۇچرىتىپ قالاتتى. شائىر بوش ۋاقتىنىڭ كۆپ چاغلىرىنى بۇ يەردە خەلق بىلەن مۇڭدىشىپ، تۆمۈرچى ياكى ياغاچچىلىق دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا، كوزا - ئىدىش، هېجىر-



تاۋاق، بورا - پالاس تىجارەتچىلىرىنىڭ يايمىلىرىدا ئولتۇرۇۋاتتى. ئايتىللا بۇ ئورۇنلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن چاغدا، ئەيىبكاردەك تاتىرىپ، تىترەپ لاغىلداشقا باشلىدى، ل. مۇتەللىپ دەل شۇ پەيتتە كىمدۇر بىرى بىلەن ئېچىلىپ مۇڭدىشىپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. ئەگەر ئۇ شائىرغا دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قاراپ، قايسى يول بىلەن هال - ئەهۋاللىشىشتىن غەم - ئەندىشە قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ قىز تاشقىرىقى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىدا، كېچىسى ساقچى ئىدارىسىگە كېلىۋاتقاندا ئۆزىنى يۈرىكى يېرىلغۇدەك قورقۇتقان سامسىپەزلەرنىڭ ئوچاق تۈرخۈنلىرىغا، ناۋايلارنىڭ تونۇرلىرىغا، ھەتتا ھۇقۇش ئۇچقان يالىڭاچ قارىياغاچ ۋە ئىت ھاۋشىپ قورقۇتقان دوقمۇشلارغا قاراپ قويۇشنى ئۇنتۇپ، ئاخىر ئاران دېگەندە، قىزلار مەكتىپىگە يېتىۋالدى - دە، ئۆزىنى ياتاققا يوشۇرۇپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالدى.

ئايتىللا ئۆزىنى مەخمەل يوتقانىنىڭ ئۈستىگە يۈزچان تاشلىغاندا، پېشانىسى ماغزى ياستۇققا تېگىپ جاراھىتى ئاغرىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ پېشانىسىدىكى جاراھەت ۋە ماڭلىيىدىكى ئىششىقنى ئېسىگە ئېلىپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇۋەتمەكچى بولدى، ئەمما ئۇنى بىردىنلا قانداقتۇر مەيۈسلۈك قاپلاپ، شۇ ياتقانچە باش كۆتۈرمەي ئۇزاققىچە ياش تۆكۈپ يىغلاپ ياتتى.

ئايتىللا ئىلگىرى قىزغىنلىق بىلەن كىرىشكەن ئىشتىن هازىرغا كېلىپ نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز سوۋۇپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭغا قىزنىڭ ئۆزىلا جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئۇ ئاقسۇغا كېلىپ، شائىرنى زاتەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆزى ئاڭلىغاندىنمۇ ئېسىل يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆردى. نەتىجىدە، بۇ ئۇنىڭ پاك قىزلىق قەلبىنى كىرىشتەك چىڭ تارتىپ،

ل. مۇتەللىپنىڭ يېتىملىق تۇرقىغا يېشىلمەس قىلىپ باغلىدى. ئايتىللا شائىرنىڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىققا تولۇپ تاشقان سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقان ۋە كېچىنىڭ قورقۇنچاق قىز ئۈچۈن سالغان دەھشىتىنى يېڭىپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ ئۆزىنى بۇ مۇدھىشلەر ئۇۋىسىغا تاشلىغان، ھەتتا ۋۇ شۇيمىڭ، لى بالارغا ل. مۇتەللىپلەر ئۈستىدىن جانغا زامىن بولغۇچى رەھىمسىز مەلۇماتلارنى ھۇقۇشتەك سايراپ يەتكۈزۈۋاتقان چاغدىمۇ، ئۆزى باسقان قەدەمنىڭ مۇنچىۋالا لەنەتلىك بولۇشىنى، مۇنچىلىك ئېغىر خەۋپ - خەتەر ئېكەلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. ھازىر بولسا، ئايتىللا كەينىگە شىخشىدى. ياق، شىخشىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوڭدىن - سولغا 180 گرادۇس بۇرالدى. ئۇ دەسلەپ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇدھىشلىكىدىن، لى يادىن تارتىپ ۋۇ شۇيمىڭغىچە، ئۇلاردىن تارتىپ يەنە جاۋ خەنچىڭگىچە ھەممىسىدىن يىرگەنگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق سىلكىنىپ ئويغانغانىدى. ئۇ قىزىقىپ يەتكۈزگەن مەخپىي مەلۇماتنىڭ، بولۇپمۇ بىر تۈركۈم ۋىجدانلىق ئاقسۇ ياشلىرىغا، شۇ جۈملىدىن ھەممىسىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بارلىق ۋۇجۇدىنى سۆزسىز ئاتىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئۆلۈم خەۋپى ئېكەلىشى مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ، خەتەر ئۇيقۇسىدىن تۇيۇقسىز ئويغانغانىدى. بۇنىڭغا ئىسسىت دېمەكلىكلا كېرەك، ئەمدى ۋاقتى ئۆتۈپ بۇ قىز ئۈچۈن «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» بولۇپ قالغانىدى...

ئايتىللا دۈم يېتىپ يىغلاشتىن كېيىن، ئورنىدىن قوپۇپ چېچىنى يۇلۇغىدى. يۈز - كۆزىگە ئۇرۇپ كاچاتلىدى. ئاندىن ئاكىسىغا غەزىپى قايناپ، گۆدەك سىڭلىسىنى مۇشۇ خەۋپ-خەتەرلىك يولغا ئىتتىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ دەر-



دىنى ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە تىللاپ خەت يازماقچى بولدى. بىراق بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىز قارا كۆڭۈل ئاكىسىدىن ئىنتايىن قورقاتتى. ئاخىر ئۇ قەغەز يۈزىگە ئاپىسىغا قارىتىپ، مۇنۇ سۆزلەرنى يېزىشقا باشلىدى:

«ئاپام: ئاكام ماڭا لۇتپۇللا مۇتەللىپكە قارشى ئىشلارغا سېلىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە كېرەك بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتىپ، مېنى ئاقسۇغا يولغا سالغان چاغدا، ئاكامنىڭ ئىچىدىن نە قاتارلىق ۋەھشىلىك ۋەقەلەرنىڭ ئوغۇلۇپ چىقىشىنى ئازراقمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىگەنىمەن. ھازىر بولسا قىلغۇلۇقنى قىلدىم. مىڭ سۆزلىسەممۇ پۇشايمىنىمنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن. لۇتپۇللانى بىر كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدىم. ئەمدى شۇ ياش يىگىتكە كېلىدىغان ئۆلۈم خەۋپىنى، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ مەھرۇم قالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام ئۆزۈمگە ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانلىقىغا ئىقرار بولغۇم كېلىدۇ. ئاپا، ياش غۇنچە ھاياتىم خازان بولۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن، مېنى ئاقسۇدىن ئەكېتىڭلار. ئاقسۇ خەلقىنىڭ ھېچقايسىسىغا يۈز كېلەلمەيمەن. جېنىم ئاپا، ئاكامدىن قورقىمەن، خېتىمنى ئۇنىڭغا تىنىپ قويغۇچى بولماڭلار. ئاتامغا سالام.

غېرىپ قىزىڭلار ئايتىللا.»

قىز ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاكىسىنىڭ مەسلىھەتى، بۇيرۇقىسىز ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاپىسىغا كىچىككىنە ئۈمىد بىلەن بۇ خەتنى يازدى. بولۇپمۇ ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپكە بولغان قايتۇرغۇسىز چوڭقۇر ئىشقى-مۇھەببىتىنى ئاپىسىغىلا تارتىنماي ئىزھار قىلالايتتى. لېكىن قىز خەت يېزىشتا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەرىپنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيدىغان ساۋاتسىز كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، بۇ خەتنى ئاخىر يەنىلا ئاكىسى ئوقۇشى مۇمكىنلىكىنى، ھەتتا پوچتىخانىدىكى سېنزورا سەۋەبىدىن خەتنىڭ تېخى تويپتوغرا ئۇنىڭ قولىغا

تېگىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. خەت بولسا باي ئاھ- بىسىنىڭ پوچتىخانىسىغا سېلىنىۋېتىلدى.

ئايتىللا ئۆزىگە ئوخشاش ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە باغلانغان يەنە بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ھېكىم نۇرنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىغا مەككارلىق بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن خېلىدىن بۇيان بىۋاستە ۋۇ شۇبىگە خەتەرلىك مەلۇماتلار يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان قارا نىيەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. توغرا، ئايتىللا بۇ شەخسنى سىرتقى قىياپىتىدىن بىلەتتى. ئۇ قىزنىڭ ئاقسۇغا كېلىپ ھەممىدىن بۇرۇن كۆرگەن كىشىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قىز ئۇنى كۆپ قېتىم لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يانتىمىدا ئۇچراتقانىدى.

ۋۇ شۇبىك، لى يالار ئايتىللادىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يانتىمىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزلەردىن ۋە مەخپىي تەشكىلات قۇرۇش توغرىسىدا قىلىنغان پائالىيەتلەردىن بىرىنچى بىرلىپ مەلۇمات ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا خۇددى مۇشۇ مەلۇماتنى ھېكىم نۇرنىڭمۇ يەتكۈزۈپ كېلىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ، بىراق ئۇنىڭ تېخىچە يەتكۈزۈپ كەلمىگەنلىكىدىن تەئەججۈپكە چۈشكەنىدى. ئايتىللا بۈگۈن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن تارتۇق بۇيۇملىرى قاچىلانغان يوغان بىر بوغچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ، ئۇلار ھېكىم نۇرنى ساقچى ئىدارىسىگە چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن مەخسۇس كىشى ئەۋەتتى. مەككار ئىشپىيون كۆرۈنۈشتە ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇزاقتىن بېرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشەنچلىك مەخپىي ئىشلار رازۋېتكا خادىمى بولۇپ خىزمەت قىلاتتى. ئۇ، ۋۇ شۇبىك، لى يالار تەرەپتىن جىنايى ئىشتا ئەنە شۇ ئادەتتىكىچە ئورۇندىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىلغانىدى.



# مەككار قەسەم ئىچمەكتە...

ھېكىم نۇر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۆز خوجايىنىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە قىزدۇقتەك چوڭقۇر كۆزلىرىنى پاللىدىتىپ، ئاچچىق بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ساقچى ھوقۇقدارى ۋۇ شۇبىك بۇ قېتىم ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك تەكلىپ ئاۋازى بىلەن ئولتۇر، دەپ تۇرمىدى. ئادەتتىكىچە قول ئۇزارتىپ كۆرۈشۈپمۇ قويمىدى. بۇرۇن بىرلا ساقچى ھوقۇقدارى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەتىۋار غالچىسىغا مۇنداق ئاۋازۇ - تەكەللۇپلارنى ھاجەتسىز بولسىمۇ، ئىشقىلىپ ئانچە - مۇنچە قىلىپ كەلگەنىدى. ئەكسىچە ئۇ بۇ قېتىم تىللاپ چالۋاقاپ كېتىشكە تەييار تۇرغاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، «ھىم!» دەپ چىشىنى غۇچۇرلىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ ھالەت ھېكىم نۇرغا چۈشىنىكسىز ئېغىر دەقىقە بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ بىر تۇرۇپ لى ياغا تىكىلىپ سوئال نەزەرى بىلەن قارىسا، بىر تۇرۇپ ساقچى ھوقۇقدارىغا يەر ئاستىدىن قورقۇش ۋە ئەنسىرەش نەزەرى بىلەن قارايتتى.

— تېخىچە زۇۋان سۈرمەي، بېزىرىپ جىم ئولتۇرىسەنغۇ؟ قېنى، ئەكەلگەن مەلۇماتىڭنى تاپشۇر! — بۇيرۇق قىلدى لى يا ئوتتۇرىدىكى چۈشىنىكسىز جىملىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

ھېكىم نۇر ھودۇقۇش ئىچىدە بىئىختىيار چاپان - ئىش-

تالىرىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئالدىراپ ئاختۇرۇپ، ئۈستەلگە ئىككى ۋاراق قەغەز قويدى. ئۇلارنىڭ بىرىگە نامەلۇم بىر يولۇچىنىڭ ئىلىدىكى قوراللىق ئىنقىلابنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ، بىر قىسىم مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قاراشەھەر، ئۈششاقتالغا ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقانلىقى؛ يەنە بىرى، ئاقسۇ كونىشەھەردىكى سەكپاچىلىق توختىمەت دېگەن بىر شال تېرىغۇچى دېھقاننىڭ ئېتىنى 5-ئاتلىقلار پولكىغا تارتىپ ئەكەتكەنلىكىدىن نارازى بولۇپ ئېيتقان سۆزى يېزىلغانىدى.

— بۇلارنى يانچۇقۇڭدا پۈرلەشتۈرۈپ يۈرگىچە ۋاقتىدا بىزگە تاپشۇرساڭ بولمامدۇ! — غەزەپ ئاھاڭىدا غودۇڭشىدى لى با قەغەزلەرنى ئۆز تەرىپىگە سۈرۈپ تۇرۇپ.

— بۇلارنى ئۆزىگە بەر، — دېدى ۋۇ شۈبىڭ. — قېنى ئاۋۋال ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ باقايلى. بۇلارنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك ئىجىر-بىجىر خېتىنى ھەر ئىككىمىز بىلمەيمىز ئەمەسمۇ؟ ئۆزى ئوقۇپ بەرسۇن.

ھېكىم ئۇ قەغەزلەرنى يېيىپ، ئاۋايلاپ تەكشىلەپ، چوڭ ئولجا يەتكۈزۈپ كەلگەندەك، ئۇلارغا يېزىلغانلارنى مەغرۇر ئاھاڭدا ئارقىمۇ ئارقا ئوقۇپ چىقتى. لى با ساقچى ھوقۇقدارىغا قىزىقماسلىق بىلەن تەرجىمە قىلىپ بەردى. ۋۇ شۈبىڭ قەغەزلەرنى ھېكىم ئۇۋدىن تارتىۋېلىپ، يىرتىپ تاشلايدىغان قىياپەتتە پۈرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا خېلى قاتتىق كايىدى:

— ئەكەلگىنىڭ يەنىلا شۇ گەپ! — دېدى ئۇ. — يېقىندىن بېرى بىزگە يەتكۈزۈپ كەلگەن مەلۇماتلىرىڭنىڭ ئىچىدە ئۇتامغا چىققۇدەك، كىشىنى قىزىقتۇرغۇدەك تۈزۈكرەك بىر نەرسە يوق. سەن پۇقرالارنىڭ نارازىلىق سۆزلىرىنى بۇ يەرگە ئەكەلمىسەڭمۇ، بىز ئۆزىمىز باشقا يوللار بىلەن



كىرگەندە نەچچە قېتىم ئاڭلاۋېرىپ قۇلىقىمىز پاك بولۇپ قالاي دەپ قالدى. بولمىسا سېنى پۇل بېرىپ بېقىپ، مۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ نېمە قىلاتتۇق؟

— بۇ يىگىتنىڭ ئىشەنچىمىزنى ئاقلىيالمايۋاتىدۇ، — دېدى لى با ۋۇ شۈبىڭنىڭ ھېكىم ئۇ توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، — بۇ لۈتپۇللالار ئۈستىدىن يېڭى مەلۇمات يەتكۈزۈپ كېلىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— خۇدايا، ئۆزۈڭ بىلگەيسەن! — مەككار ياقىسىنى چاڭگاللاپ، دىر-دىر تىترىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مېنىڭ ئۇنداق بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىمنى ھەرقايسىلىرى تېخى بىلمىگەن بولۇشسىلا، بىر ئاللا بىلىدۇ. مېنى لۈتپۇللا، مۇنىردىن، بىلال دېگەنلەر بىلەن بىر قازاندا قاينىتسىمۇ شورپام ئارىلاشمايدۇ. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنى ھەرگىز يەردە قويغىنىم يوق. بۇ ئىدارىنىڭ بۇ كەمگىچە تۇرغۇن پۇلىنى خەجلىدىم. بۇنىڭغا چوقۇم تۈزكورلۇق قىلمايمەن.

— سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشەنگۈلۈكمۇ ياكى ئەمەلىيىتىڭگىمۇ؟ — دېدى ۋۇ شۈبىڭ. — بۈگۈن شەھەردە شۇنچە چوڭ ئىش يۈز بەردى. پىرقىنى، ھۆكۈمەتنى ھاقارەتلىگۈچى قوتراتقۇ ۋەرەقىلەر چاپلاندى. گويا بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بولۇپ، ئاغزىڭغا تاڭگازا چىشلىۋالغاندەك سۆزلىيەلمەي مۆلدۈرلەپ جىم ئولتۇرىسەنمۇ؟ بۇنى كىملەر يېزىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىغا چاپلىدى؟ ھەممىدىن كۆرە بىزگە شۇ كېرەك! بۇنى لۈتپۇللالار قىلغانمۇ — يوق، شۇنى ئېيت دەۋاتىمىز!

— قېنى جايىڭغا كېلىپ ئولتۇر، ئالدىرىماي بۇلارنى تەپسىلىي سۆزلە! — بۇيرۇق قىلدى لى با.

ئىشپىيون بۇ گەپتىن ھەيران بولدى. لېكىن تېگى-تەكتىنى چۈشەنمەي ئارسالدى بولۇپ، يۈز - كۆزىنى تۈرۈپ قويدى.

— بۇ خەۋەرنى ئەمدىلا ئاڭلاۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — ئۆلۈشكۈنىدىن تارتىپ شەھەردە يوق ئىدىم. قارىتالدا مەشرەپ-بەگنىڭ ئاشلىق سېتىشنىڭ بۇلانغانلىق ۋەقەسىنى ئەدلىيە مەھكىمىسىدىكىلەر بىلەن بىللە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ھاكىمنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن شۇ يېزىغا بارغانىدىم.

بۇ گەپتىن لاسىدە بوشاپ، ئاچچىقىدىن ياتقان ۋۇ شۇبىنىڭ ئوچۇق چىراي بىلەن ھېكىم نۇرغا:

— سىزنى مۇنچىۋالا جىددىي ئىشلار ئالدىدا بىپەرۋالىق قىلىپ يۈرگەن چېغى-بار دەپ ئويلاپتىمەن. شۇنچىلىك ئاچچىقىم كەلگەنىدىكى، سىزنى بىراقلا سولىتىۋەتمەكچىدىم. ھېلىمۇ گەپ شۇ: قاچان بىپەرۋالىق قىلىپ، زىممىڭىزدىكى ۋەزىپىنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇنتۇيدىكەنسىز، شۇ ھامان سولىتىۋېتىمەن.

— ئۇ چاغدا مەنمۇ ھەرقانداق ئېغىر جازاغا تارتىشقا رازى، — ئىشەنچ بىلدۈرۈپ سۆزلىدى ھېكىم نۇر.

ساقچى ئىدارىسىگە چاقىرىپ كېلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەمدىلەتىن چۈشەنگەن ۋە رەھىمسىز خوجايىنىنىڭ يۇمشاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھېكىم نۇر يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، ئازادىرەك ئولتۇرۇش ئۈچۈن قىمىرلاپ قويدى.

— بۇ، لۇتپۇللالارنىڭ ئىشى بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ مەنىسىلىك بىلەن، — ئەگەر قارىتالغا كەتمىگەن بولسام، ۋەرەقە كوچىلارغا ئاچىقىلىشتىن بۇرۇن بۇ ۋەرەقىلەرنى ساقچىمىز ساق يەتكۈزگەن بولاتتىم. ھېچبولمىغاندا يازغۇچىنىڭ يوچۇركىسىدىن ئىغۋاگەرنىڭ كىملىكىنى پاش قىلىپ بېرەتتىم. مېنىڭ ھازىر يېزىدىن يېڭىلا كېلىپ تۇرۇشۇم ئىدى.



مەككار ئىشپىيوننىڭ سۆزلىرى ئۆزىنى ئاقلاشقىلا ئەمەس، بەلكى خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يەنىمۇ چىڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. ۋۇ شۇبىنىڭ ھېكىم نۇرنىڭ ساداقىتىدىن خۇشال بولۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— بىز ساڭا يەنىلا ئىشىنىمىز، — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى ئىشپىيونغا، — خەير، ئىلاج بولمىدى، ئالدىنى ئالالمىدۇق، بۇلغۇلۇق بولۇپ بولدى. ئەگەر سەن «غەزەپ خىتابى» دېگەن بۇ شېئىرنى يازغان «جەنۇب مۇشتۇمى»نى تېز تېپىپ چىقالىساڭ، بىز يەنىلا كېچىككەن بولمايمىز. بۇ ئىش ساڭا باغلىق. سەزدۈرمەي سۈرۈشتە قىل. ھەر بىر ئىشتا چاققانلىق بىلەن ئۇستىلىق بىرلىشىپ كەلسە، ئېچىلماس تىلسىماتمۇ ئېچىلىپ كېتىدۇ.

— بولىدۇ، — ھېكىم نۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە قەسەم بېرىۋاتقاندەك ئىككى پۇتىنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — ئىغۋاگەرلەرنى تېز تېپىپ چىقىپ، ئۇلۇغ پىرقىمىزغا، شەۋكەتلىك جوڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىمىزگە، جانابلىرىغا چەكسىز ساداقىتىمنى ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن يەنە بىر قېتىم بىلدۈرىمەن!...

لى با ھېكىم نۇرنىڭ سۆزى، شۇ تاپتىكى قورچاقتەك تۇرقى ۋە چاققان ھەرىكىتىدىن خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئاندىن ئۇ ساقچى ھوقۇقدارىغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ نومۇسسىز مالىيىنى ماختاپ:

— بۇنىڭ ئۆزى ۋىجىك، بوي - تۇرقى سۈپۈرگىدەك كىچىك بولغان بىلەن جېنى بۈركۈتنىڭكىدەك چوڭ! رەڭگى ھېلىلىدەك قارا. ئۆزى ئاۋاق قىياپەتتە كۆرۈنگىنى بىلەن پىرقىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز ئۈچۈن سۈتتەك

ئاق ۋە يېزىلەنگۈزدەك مەزمۇت تىزۇرۇك، — دەپ قويدى.

بۇ ھېكىم تۆرىنىڭ ئۇدۇمى تەقى - تۇرقى ۋە ئىچكى ھېسسىياتى ئۆزىچە ئەتتايىن باپ ئوخشىتىش ئىدى. ۋۇ شۇيىڭ لى يانىڭ سادىق ھالىنى ئەپچىللىك بىلەن سۈرەتلەپ چىقالغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ ياراقلاپ كۈلۈۋەتتى. ساقچى ھوقۇقدارى ھېكىم تۆرگە بىر تال تاماكا بەردى. ئىشپىيون سىزىۋۇپ ئۆتنىڭ دەسلەپكى قويۇق ئىسىنى چىقىرىۋېتىپ، لى ياغا مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— مۇندىن كېيىن بىزدىن بىسوراق ھېچ يەرگە بارمايسەن، — دېدى ۋۇ شۇيىڭ سادىق ھالىغا جىكىپ تۇرۇپ، — ھازىر ۋەزىيەت جىددىي. قەدىمىڭنى چاققان، ئۆزۈڭنى سەگەك، قولىقىڭنى تىنچسىز ئىڭ تۇتۇپ، لۈتپۇللالار ئۈستىدىكى نازارەتنى كۈچەيتسەن. ئۆزۈڭنى ئىلگىرىكىدىن ئىشەنچلىك كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ پوستى ۋە تېرىسى ئىچىگە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، — تىك تۇرۇپ ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بەردى ھېكىم تۆر.

— تاھىيلىك ھۆكۈمەتتىكى ئەسلى خىزمىتىڭگە كەلگەندە، — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى ۋە بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ ئويلانغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەتتى، — ئەمدى ئۇ مۇنداق بولىدۇ: بىزدىن رۇخسەتسىز ھېچقانداق يەرگە بارمايسەن، ئۇلارمۇ سېنى بۇرۇنقىدەك ئۆز ئالدىغا ئىشقا بۇيرۇۋەرمەيدۇ. بۇ توغرىدا ھاكىمغا ئۆزۈم ئېيتىپ قويىمەن. ھازىر سېنى بىراقلا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئەكىلىۋالغاننىڭ پايدىسى يوق. سەن ساقچى ئىدارىسىمىزنىڭ ئاشكارا خادىمى ئەمەس، مەخپىي خادىمى. ھازىرچە كۆرۈنۈشۈڭ،



تامىڭ تاھىيلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە بولۇپ ئىشلەپ تۇرۇيسەن. كېيىن ۋاقتى كەلگەندە مۇشۇ يەرگە يۆتكىۋالىمىز.

ھېكىم تۆر خۇشال بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ساقچى ھوقۇقدارىغا يېنىش - يېنىش بىرنەچچە قېتىم تەزىم قىلدى.

— رەھمەت جۇيجاڭ جانابلىرى، — دېدى ئۇ، — ماڭا بولغان ئىشەنچلىرىنى ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق جايدا سادىقەت بىلەن ئىشلەپ، ئەلتۆكۈس ئاقلايمەن. بۇ مېنىڭ يەنە بىر قېتىملىق قەسىمىم.

— ئوچۇقىنى يوشۇرماي ئېيتسام، — چۈشەندۈرۈش ئاھاڭىدا سۆزلىدى ۋۇ شۇيىڭ، — بۈگۈنكى كۈندە ئاقسۇ ۋەزىيىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. بۇ يەردە ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرىنىڭ تەسىرىنى كىچىك دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا لۇتپۇللالارنىڭ قوزغاتقۇلۇقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. ۋەكالىنىڭ مۈگىگۈزىگە ئۇرسا، قۇيرۇقى سىرقىرايتۇ دېگەندەك، بۇلارنىڭ جاجىسىنى بەرسەك، لۇتپۇللالارنىڭ پۇقرالار ئارىسىدىكى ھەممە يەسلىرى ياۋاشلىشىپ، بىزنى ئەنسىرىتىۋاتقان خەۋپ خېلى يېنىكلىشىدۇ.

— شۇنداق، جۇيجاڭ جانابلىرى، بۇ خەۋپنىڭ بېشى لۇتپۇللا! پۇقرالار ئىچىدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار كۆپ. ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭغا يېقىن قېرىنداشلىرىنىمۇ بەكرەك ئىشىنىدىغان بولۇپ كەتتى.

— قېنى ئىشەنگەنلىرى ئىشىنىپ تۇرسۇن، — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى، — بۇ بىزنىڭ ياخشى - يامان كىشىلەرنى بايقاپ، تاكتىكا بەلگىلىشىمىزگە پايدىلىق. ئەزگىلى كەلگەندە قولىمىزدىن ھېچكىم ھېچ يەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— شۇنداق جۇيجاڭ جانابلىرى، — خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ئالدىراپ سۆزلىدى ھېكىم تۆر، — قۇدرەتلىك ھۆكۈمە-

تىمىزگە تەڭ كېلەلەيدىغان كۈچ يوق. لۇتپۇللا، مۇنەررىدىن، بىلال ۋە ئۇنىڭ ھەمنەپەسلىرى بۈگۈنكى كۈنىدە خۇددىنى يوقىتىپ، تۇلپاردەك تېپىرلاپ، تىنىمسىز كىشنەۋاتقان بولسىمۇ، ۋەتىنىڭ بۈگۈنكى سامانلىقىچە» دېسەكتەك، ئۇلار بەرىبىر ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قۇدرەتلىك چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— بۇ ئىغۋاگەرلەر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ، — ۋۇ شۇبېك ھېكىم نۇرغا ئەسكەرتتى. — بۇ تەشكىلاتنى يەنە بىر ھەپتىنىڭ بازار كۈنى تاجىنىڭ بېغىدا قۇرىدىكەن. سەن شۇنىڭغا قاتنىشىپ، بۇ يەرگە كىملەر كەلدى، نېمە قارارلار قوبۇل قىلىندى، يەنە نېمە قىلماقچى، كىم قانداق سۆزلەرنى قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىزگە ئۇچۇر - بۇجۇرىغىچە مەلۇمات يەتكۈزىسەن. يەنە بىر قېتىم ئېيتىمەن: سەزدۈرمەي لۇتپۇللالارغا ئىچىمۇ يېقىن بولۇپ يۈر، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇلار تەشكىلات قۇرۇش ئۈستىدە بۇرۇنلا مەسلىھەتلىشىپ يۈرگەنىدى، — دېدى ئىشپىيون مەنمەنلىك ۋە بىلەرمەنلىك بىلەن. — پەقەت قايسى كۈنى تەسىس مەجلىسىنى ئاچىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلمىگەن.

— ئىلگىرى بىزگە سەن بۇنى مەلۇم قىلغان - ھە؟ — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى ھېكىم نۇرنىڭ بۇرۇن بۇ توغرىدا ساقچى ئىدارىسىگە يەتكۈزگەن مەلۇماتلىرىنى ئەسلەپ.

— مەلۇم قىلغان، — مەغرۇرلۇق بىلەن قىمىرلىدى ئىشپىيون.

— ئەمدى تەشكىلاتقا كىمنىڭ باشلىق، كىمنىڭ كاتىپ بولىدىغانلىقىغىچە بارلىق ئىشلارنى بىزگە تولۇق ئېيتىپ بېرىسەن. كاتىپلىقنى ئۆزۈڭنىڭ ئېلىۋالغىنىڭ ياخشى.

— بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇمات يەتكۈزۈپ كېلىشكە ۋەدە



بېرىمەن، — ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ سۆزلىدى ھېكىم نۇر. — كاتىپلىقنى ئالىشىپ قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

— ئاقسۇدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بولسىمۇ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى يوق، — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچلىك دالىيىنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ. — يېقىندا مۇنداق ئىدارىنى قۇرىمىز. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىزگە ئەڭ يېقىن ياردەمچى بولۇپ، ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئۆزىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇ قۇرۇلغاندا سېنى بۇ ئىدارىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدىن بىرىگە تەيىنلەيمىز. بۇنىڭغا قانداق دەيسەن؟

— بۇ ئىشەنچلىرى ئۈچۈن پۇتلىرىغا باش قويۇپ رەھمەت ئېيتىمەن، — ھېكىم نۇر ۋۇ شۇبېگنىڭ پۇتىغا تاشلىنىشقا تەييارلانغانىدى، ساقچى ھوقۇقدارى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، خۇشال بولغانلىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— پۇلنى بىز بېرىپ تۇرۇۋاتقاندىن كېيىن، ھەردائىم قىلىشتىن قورقما، — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى. — لۇتپۇللالار تەشكىلات قۇرىدىغان كۈنى تاجىنىڭ بېغىغا قوي ئاپىچىقىپ سوي، ئۇلارنى كۆپرەك ھاراققا زورلا. ھاراق ھەرقانداق چىڭ ئادەمنى ئېغىز قۇلۇپىنى ئېچىپ، سۆزلەيدىغان، سايرايدىغان قىلىۋېتىدۇ. شۇ يول بىلەن ئۇلاردا قورال بولسا قورالنى، ئىلىلىق تاغ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئالاقىسى بولسا شۇنى، ئۇ تەرەپتىن ئاقسۇغا كىمنىڭ يوشۇرۇن كېلىپ، لۇتپۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ چىق! ئۇلاردا غۇلجا گېزىتلىرىمۇ بار ئىكەن، ئۇنى كىم يەتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇنى تېزدىن ئېنىقلا!

— بولىدۇ، چوقۇم بىلىپ چىقىمەن: يېمىسەممۇ، ئۇخلىمىسامۇ، تاپشۇرۇقلىرىنى تەلتۆكۈس ئورۇنداشتىن

توختىمايمەن. ھەرقايسىلىرىنى ھەربىر قېتىم رازى قىلىپ ئاندىن ئارام ئالىمەن، — دېدى ھېكىم نۇر.

— لېكىن، — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ، — پۇل خەجلەش بىلەنلا باشقىلارنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزىگە رام قىلغىلى بولمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ ئىغۋاگەرلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قازىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭ كۆپرەك گەپ كوچىلاپ بەر. ئۇلار بىزنى يامانلاپ سۆزلىسە، سەن ئۇلاردىن ئاشۇرۇپ، بىزنى تېخىمۇ يامانلا. ئەمما سۆزلەۋاتقىنىڭدا گەپلىرىڭ راستەك ئاڭلىنىدىغان بولسۇن. ئۇلار دۆت ئەمەس. لۈتپۇللانىڭ سەن تاش ئىنغىچە قۇم ساناپ يۈرىدىغانلىقىنى ئېسىڭدىن چىقارما.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن. ئۇلارنى خېلى پۇختا چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدىم، مەككارلىق قىلىش، ئۇستىلىق ئىشلىتىش مېنىڭ كونا ھۈنىرىم بولۇپ قالاي دېدى.

— ياخشى، ياخشى!... يارايسەن. ساڭا بىكاردىن - بىكار ئىشىنىپ يۈرگىنىمىز يوق.

بۇ گەپلەر بىلەن ئۆزىنى تېخىمۇ ئەركىن ھېس قىلىشقا باشلىغان ھېكىم نۇر بىرنەچچە قېتىم تاڭلىيىنى قىسىرىتىپ، قېقىرغاندىن كېيىن خوتەننىڭ سامان قەغىزىگە موخوركا ئورىماقچى بولغانىدى، ساقچى ھوقۇقدارى «دانا چەك» دېگەننى قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر تال لۈتويەن تاماكىسى تاشلاپ بەردى. ۋۇ شۇبىڭ ئۆزىمۇ، لى با ۋە ھېكىم نۇرلار بىلەن بىللىلىشىپ تاماكا چەكتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشخانىدا ئۇلارنىڭ مېڭىسىدىكى ۋەھىمىلىك، چىگىش تۇماندىنمۇ كىچىكرەك تۇمان كۆتۈرۈلدى. ساقچى ھوقۇقدارى يۆتەل ئارىلاش سۆز باشلاپ ھېكىم نۇرغا:

— ساڭا تېخى ئايتىللانى ئېلىپ بەرسەك، دېگەنىمۇ



ئويلاپ يۈرۈۋاتىمەن، — دېدى، — بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قىزىقىسەن-غۇ؟ ئەمما بىرلا شەرت بار. بۇ مەسىلىدە سەن ئاۋۋال بىزنى يۈزدە يۈز رازى قىلغۇدەك خىزمەت كۆرسىتىشىڭ كېرەك. شۇ چاغدا ئايتىللا بىلەن تويۇڭنى ئۆزۈم قىلىپ قويىمەن.

ھېكىم نۇر خۇشال بولۇپ قىمىرلاپ كەتتى. بىرنەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئولتۇردى. ئۇ بۇ گەپنىڭ راستتىن ئېيتىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي، ۋۇ شۇبىڭنىڭ كۆزىگە تەكرار - تەكرار سىنچىلاپ قاراپمۇ قويدى. ئۇنىڭچە بۇ گەپ راست دېيىلىۋاتقاندەك ئىدى. رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۆزگە ئارىلىشىپ:

— ۋۇ جۈيجاڭ ئاتا بولۇپ تويۇڭنى قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى پۈتۈن توي راسخوتىنى ئۆز خەزىنىسىدىن چىقىرىپ بېرىدۇ، — دېدى.

— كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتىپ كەلسەم بۇ ئىنتايىن - ئىنتايىن ياخشى گەپ. بىراق، شۇنىسى...

— ھە، نېمىگە بىراق؟ نېمىگە شۇنىسى؟ — سورىدى ساقچى ھوقۇقدارى، — ئايتىللانى تەگمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالامسىكىن، دەمسەن - ھە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، بۇ تەرەپتىن غېمىم يوق. ۋۇ جۈيجاڭ جانابلىرى ئۇنى ماڭا ئېلىپ بېرىمەن دەۋاتقان يەردە، ئايتىللانىڭ مېنىڭ بىلەن توي قىلمايمەن دەپ تۇرۇۋېلىشىغا ھەددىمىدى؟

— ئۇنداق بولسا يەنە نېمىگە؟ — ياندۇرۇشلاپ سورىدى ۋۇ شۇبىڭ، — خوتۇنۇم، باللىرىم بار تۇرسا، بۇ توينى قانداق قىلارمەن، دېمەكچىمىدىڭ - يە؟

— خوتۇنۇم جاھىل، مۇشۇنىڭغا پۈتلىكاشاڭ بولارمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— دېمەك، بۇ گەپچە خوتۇنۇمدىن قورقىمەن دېمەكچىمۇ! ۋاي بىچارە، بەزىبىر ئىشلارغا كەلگەندە يىرىكنىڭ قايتەك قىلغان بىلەن خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىغا بارغاندا موللاممۇشۇڭ بولۇپ قالىدىكەنسەن - دە؟

— ......

— قورقۇشقا توغرا كەلسە قورقىدىغان ئادەملىرىڭ پەقەت بىر. ئۇ بولسىمۇ بىز. زۆرۈر ۋاقىتتا خوتۇنۇڭ كۆكەرمىلىك بىلەن بۇيرۇق قىلىپ، سىنى يېنىدىن ماڭدۇرمىسا، ئۇ چاغدا يەنە بىزدىن ياخشىلىق كۈتمە!...

ھېكىم نۇرنىڭ خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىن خىجىل بولۇپ قېلىپ، يۈزى - قۇلاقلىرىدىن تارتىپ، بويىنىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇۋېلىش ئۈچۈن گەپ يورغىلىتىپ:

— مەن خوتۇنىمدىن قورقىدىغانلاردىن ئەمەسمەن. بىراق، ئۇنى ئىنتايىن جاھىل دېمەكچىمەن، — دېدى.

رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئانچىكىم سۆز قىستۇرۇپ:

— ناھايىتى ياخشى كەلسە، خوتۇنۇڭنى قويۇۋېتىپ تۇرۇپ، ئايتىللا بىلەن تىرى قىلارسەن، — دەپ قويدى.

— بولدى، بەس، بۇ گەپ تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى ۋۇ شۇيىڭ سۆھبەت ماۋزۇسىنى يۆتكەپ، رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا. — ھېكىم نۇرغا مۇشۇ ئاپتىلا پۇل بەر، ئۇ تاجىنىڭ بېغىغا ئاپىرىلىدىغان قىرى، ھاراقىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلسۇن. ھەتتەگەي، بازاردا قولغا چۈشۈدەك ئېسىل رەختلەر يوق. بۇنىڭغا سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ئۆيلىرىنى تىنتىشتىن ئېلىنغان رەختلەردىن بولسىمۇ بېرىپ تۇر. بۇ ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشىگە پايدىسى بار.

— بولىدۇ.



لى با ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئۆز بۆلۈمى تەرەپكە ماڭدى. ھېكىم نۇر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

يالغۇز قالغان ۋۇ شۇيىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ۋىجىك، ئەمما باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتا بۆرىدىنمۇ قەبىھ ھېكىم نۇردىن — بۇ مۆلالاڭ مۈشۈكتىن خۇرسەن بولۇپ: «مۇشۇنداق سادىق بىر ئىشپىيون بولۇشنىڭ ئۆزى چوڭ ئامەت. ئۇ بىرگۈنكى كۈندە بۇقىدەك ھۆركىرەپ، ئۆزىگە تەمەننا قىلىۋاتقان 5 - ئايلىقلار پولكىدىن سۆزسىز ئۈستۈن. گېزى كەلگەندە، ئۇ بىرقانچە يۈز قوراللىق ئەسكەر ئورۇنداليالمايدىغان ئىشنى ئورۇندىيالايدۇ. مېنىڭ قولۇمدىن مۇنداق كىشىدىن ئاز دېگەندە توققۇز - ئونى بار. چاۋ خەنچى، سەن بۇنى چۈشىنىپ قويۇشۇڭ كېرەك» دەپ ئۆز - ئۆزىگە گۇدۇڭشىدى.

## سەپداشلار خەلق بىلەن تەقدىرداش

ئاقسۇدا زىلزىلىدەك كەسكىن ۋەزىيەت پەيدا قىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسىدىن 5 - ئايلىقلار پولكىغىچە، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ كاتىبىيىشىدىن تارتىپ، دوسا، شىڭگۇمەن ۋە ئادەتتىكى ساقچىلارغىچە چوڭ - كىچىك گومىنداڭچىلارنى ئېغىر ئالاقزادە قىلىۋەتكەن «غەزەپ خىتابى» شېئىرى ئەتىسى ئەپتىلىك بازار — پەيشەنبە كۈنىگە توغرىلىنىپ چاپلىنىپ، كۈتكەندىن ئارتۇق ئەھمىيەتلىك ۋەقەگە ئايلاندى. ئۇنى نۇرغۇن ئادەم كۆرۈپ بىلىشكە مۇيەسسەر بولدى.

ئابدۇللا روزى شېئىر تېكىستىنى ئېلىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدىن كېچە سائەت بىرىيېرىملار بىلەن كېتىپ، دارىلمۇئەللىمىنگە بارغاندىن كېيىن، ياتىقىغا كىرمەي ۋە ئاراممۇ ئالماي، سىنىپلارنىڭ بىرىدە داستىخىنىدەك يوغان ئۈچ پارچە قەغەزگە چىرايلىق ھەرپلەر بىلەن ھۆسنخەت قىلىپ، ئۇنى ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ پارچە يېزىپ چىقتى. دارىلمۇئەللىمىن بىناسىنىڭ ئىچى شۇ كېچىسى تىنچ ئىدى. ياز كېلىپ ئوقۇغۇچىلار تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەنلىكتىن يۇرتلىرىغا قايتىشقان. مۇدىر ۋە باشقا مەكتەپ خادىملىرى يىراق - يېقىنلاردىكى ئۆيلىرىگە تۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن كېتىشكەنىدى. گو جەنخۇاڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدىن ئابدۇللا روزى بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنچە ئۆيىگە كەتمەي، شېئىرنى كۆچۈرۈش ئىشىغا ياردەملەشتى. گو جەنخۇا ئۇيۇشما بىناسىدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى يۈسۈپجان ئىميازى بىلەن قوشنا ئولتۇراتتى. ئۇ بېرىپ، بۇ جەڭگىۋار سەپداشنى چاقىرىپ كەلدى. ئابدۇللا روزى شېئىرنى يوغان قام ۋەرەقىسى شەكلىدە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولدى، قالغان ئىككىسى شىلىم پىشۇرۇش، قەغەز تەييارلاش ۋە چاپلاپ بىر - بىرىگە ئۇلاپ بېرىش بىلەن بەند بولدى. قولمۇ قول، يېقىن ھەمكارلىق بىلەن قىلىنغان ئىش تېز ئارىدا نىيەتتىكىدەك پۈتۈپ چىقتى. شېئىرنىڭ يوغان قىلىنىپ يېزىلغان ھەربىر ھەرپى ئېنىق بولۇپ، چىرايلىقلىقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشلۈكلۈكى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلالارلىق ھالەتتە ئىدى.

سەپداشلار ۋەرەقىلەر بىلەن بىردىن شىلىم قاچىسىنى كۆتۈرۈپ كوچىغا كېتىۋاتقان چاغدا ئەتراپىنى تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالغانىدى. ئۇلار سېپىلغا يېقىنلىشىش بىلەن سۈرلۈك شەپە پەيدا بولدى. گۈلباغ دەرۋازىسى تۆۋىدە



بىر - بىرىگە ئۇچراشقان ئىككى ئەسكەر بىلەن ئىككى قىزىللىق ساقچى پارول بېرىشكەچ تۇختاپ، بىر - بىرىدىن تاماكا سوراپ چېكىشكەندىن كېيىن، قارىمۇ قارشى تەرەپلەرگە مېڭىپ كەتتى. سەپداشلار يوشۇرۇنغان يەرلىرىدىن قوزغالماقچى بولۇپ تۇراتتى، سېپىلنىڭ شىمالىي بېقىنى تەرەپتىن ئىتلارنىڭ ئاچچىق قاۋاشلىرى بىلەن تەڭ بىرنەچچە قارا كۆۋدىنىڭ سەپداشلارغا ئاتلىق يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى سېزىلدى. بۇ كىشىلەر شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن توختاپ ئېگەر قىشلىقىغا ئېسىپ قويغان مىلتىقلىرىنى مۈرىلىرىگە ئاسقاچ غانجۇغىلىۋالغان ئولجىلىرىغا قاراپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ چۈشۈپ قالماي ساق تۇرغىنىدىن خاتىرجەم بولۇپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇلار يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەردە ئېلىپ بارغان كىچىك كۆزەتلەردىن قايتىپ كەلگەن 5 - ئاتلىق پولكىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ئېتىنىڭ كەينىگە تىرىك ياقلان غانجۇغىلىۋالغان، ئىككىسى تۆت - بەش دانىدىن كاللىسى چېپىپ تاشلانغان ئۆلۈك تېخۇلارنى غانجۇغىلىۋالغان بولۇپ، بۇلار دېھقانلارنىڭ قوتان - كاتەكلىرىدىن ئوغرىلانغان ياكى ئاشكارا بۇلاپ كېلىنگەن نەرسىلەر ئىدى.

شۇندىن كېيىن شەپىلەر بېسىلىپ، خەۋپ - خەتەرلەر ئاخىرلىشىپ، دەرۋازا ئالدىنى بىر دەمگە خاتىرجەملىك قاپلىدى. سەپداشلار تاڭ ئالدى قاراڭغۇلۇقىنى — بۇ قىسقا مەزگىلنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن مۆكۈنگەن يەرلىرىدىن چىقىپ، تېز ھەرىكەتكە كۆچتى. ئالدىن تەقسىم قىلىنىۋالغان ۋەزىپىلىرىگە ئاساسەن، ئابدۇللا روزى بىر پارچە ۋەرەقىنى چاققانغىنا شىلىم قاچىسى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ، خەندەك بويىلاپ، شىمالىي دەرۋازا تەرەپكە كەتتى. يۈسۈپجان ئىميازى ۋەرەقىنى گۈلباغ دەرۋازىسىغا چاپلاش ئۈچۈن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە قېلىپ،

گۇجەنخۇا سېپىلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە — خوتەن دەرۋازىسىنى نىشانلاپ ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا، خورازلارنىڭ تاڭدىن خەۋەر بەرگۈچى چىللاشلىرى كوچا ۋە مەھەللىلەردە باشلىنىپ كەتكەنىدى.

دەرۋەقە چاپلاش مۇۋەپپەقىيەتلىك تامام بولدى. ئايدۇللا روزى، يۈسۈپجان نىيازى، گۇجەنخۇالار شەھەر دەرۋازىلىرىدىن ئارقىمۇ ئارقا قايتىپ، دارىلمۇئەللىمىندە ئىككىنچى قېتىم جەم بولغان چاغدا، لەڭگەر جامەسىنىڭ مەزىنى يۇرت - جامائەتنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، بىر ئاۋاز بىلەن «ۋاقتى تاھارەت» دەپ توۋلاۋاتاتتى. بۇنىڭغا ئۇلىنىپ، خەيجاڭ مەھەللىسىدىكى خۇيزۇ مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدا تاك - تاك سىزقۇلدى. ئاندىن بىر ئاز ئۆتۈپ، ئاقسۇ بازىرىنىڭ بارلىق مەسچىتلىرى ۋە ئەتراپ يېزىلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئارقىسىمۇ ئارقا ئەتىگەندىكى بامدات نامىزىنىڭ ئەزىنى ئوقۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرىنى چۆچۈتۈپ، مۇستەبىتلەر ئورنىدا يەر تەۋرىگەندەك قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلغان تارىخىي بىر كۈن — نۆۋەتتىكى كۆرەشچان پەيشەنبە بازار باشلىنىپ كەتتى.

شەرقتىن بالدۇر كۆتۈرۈلگەن ياز قۇياشى ئاقسۇنىڭ شۇ كۈنكى گىرىمسىمان تۇمانلىق ئاسمىنىنى يېرىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ ئۈرۈمچى، كۇچا دەرۋازىلىرى ئالدىغا ئاپتاپ سەپسە، قەشقەر، خوتەن دەرۋازىلىرىغا كەينى تەرەپتىن شولا تاشلايتتى. قىسقىسى، دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسى ئەتىگەندىلا ئوچۇق ئاپتاپ بىلەن قاپلىنىپ، ئۇلارغا چاپلانغان «غەزەپ خىتابى» ۋەرەقىسى كىشىلەر كۆز ئالدىدا ئېنىق نامايان بولۇپ تۇراتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئاشقىرىقى بازار — ئۈرۈمچى دەرۋازىسىنىڭ ئالدى شەھەر ئاھالىسى، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ يېزا-



كەنتلىرىدىن كەلگەن دېھقانلار، سودا - سېتىقچىلار ۋە بازار تاماشىسىنى كۆرۈشكە كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئادەتتە قەشقەر، خوتەن دەرۋازىلىرى كەلگەن - كەتكەنلەر ئۈچۈن پەقەت ئۆتكەل ئورنىدا خىزمەت قىلىپ، خەلق توپلانمايدىغان — سودا - سېتىق ياپمىلىرى قۇيۇلمايدىغان ئورۇنلار ھېسابلىناتتى. بۇ قېتىم ئۇنداق بولماي، بۇ جايلارمۇ ۋەرەقىنى كۆرگۈچىلەر بىلەن تولۇپ تاشتى.

بۈگۈن شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئالدىغا يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپچىلىكى بىر ئىلاجى بىلەن ئاياپ ئېشىنچە قىلغان بىرنەچچە چارەكتىن دانلىق ئاشلىق ياكى ئاپتاپپەرەس شىمشىكىسى، ئازدۇر - كۆپتۇر ياڭاق ياكى گۈلە - قاقىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى خۇرجۇنلىرىغا قاچىلاپ ئېشەككە ئارتقان، مۈرىلىرىدە كۆتۈرگەن ھالدا يېزىلاردىن كېچىچە 30 - 40 چاقىرىم يول يۈرۈپ كەلگەن دېھقانلار بولۇپ، بەزىسى بىر - ئىككى باغلامدىن كەسلەنگەن ئوتۇن ۋە بولارغا قوشۇمچە قىلىپ، ئۆت - بەشتىن كاۋا كۆتۈرگەچ كەلگەن يەر - مۈلۈكسىز كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆز نەرسىلىرىنى بالدۇرراق سېتىپ كېرەكلىك نەرسىلەر ئېلىشقا ئالدىرىسىمۇ، دەرۋازا ئالدىدا ئازراق تۇرۇپ، ۋەرەقىلەردە يېزىلغانلاردىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن تۇرۇشاتتى. ئادەملەر توپى ھېلىدىن - ھېلى كەلگەن كىشىلەر بىلەن — بىلەكلىرىگە بەش - ئوندىن ماتا - سەرگەز قىيۇۋالغان باپكارلار بىلەن ياكى بىر قولىغا كىچىك يۆلەنچۈكسىز يەندىك، يەنە بىر قولىغا ئۇستىرا، كاپلىغۇچلارنى كۆتۈرۈۋالغان ساتىراش ۋە باشقا ھۈنەرۋەن - كاسىپلار بىلەن تەدرىجىي زورىيىپ باراتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، سەپداشلارغا ۋەرەقىلەرنى خەلققە قايتا - قايتا ئوقۇپ بېرىشكە توغرا كېلىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلار تۈتاش ساۋاتسىز بولۇپ، بۇ ھاياجانلىق

شېئىرنى ئۇ ئالدىرىغا بىۋاستە ئوقۇشتىن مەھرۇم ئىدى. ل. مۇتەللىپ، مۇئەممەردىن خوجا ۋە ئۇلارنىڭ باشقا سەپداشلىرى بۇنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئالدىن كېلىشىۋالغانلىرى بويىچە ھەر بىرى بىردىن دەرۋازىغا كېلىپ، خەلقلەرگە شېئىرنى ۋەرەقىنى ئاجايىپ شاۋقۇنلۇق، ھەممە كىشىنىڭ ئەسلىرىدە قالغۇدەك دەرىجىدە ناھايىتى جاراڭلىق قىلىپ، دېكلاماتسىيە ئۇسۇلىدا ئوقۇپ بېرىشنى باشلىۋەتتى.

ئاشتەرىقى بازار ھەممىدىن كۆپ ئادەم تىپىلىشىپ، قىزىق سودا-سېتىق بولىدىغان جاي بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى ناۋاي، سامسىپەز ۋە باشقا ئاھالىلەر ھەرقاچانقىدەك بۈگۈنكى پەيشەنبە بازاردىمۇ ئەتىگەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، دۇكانلىرىنى بالدۇر ئېچىشقانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھەممىدىن ئىلگىرى شېئىرنى ۋەرەقىنى بىر كۆرۈپ دەرۋازا ئالدىغا تىپلاتقانىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە كاسىپلار ئارا بىردىنبىر ساۋاتلىق ساتىراش مەقسۇتئاخۇن ئۇستا بار ئىدى. بىراق بۇ بىرۋاي ياشنىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، ۋەرەقىنى يارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ئادەملەرگە تولۇق ئاڭلانغۇدەك ئاۋازلىق ئوقۇپ بېرىشكە ئىمكانسىز ئىدى. كىشىلەر بەختكە يارىشا تەلەپتىكىدەك بىرسىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، مەقسۇتئاخۇن ئۇستىشا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دەممۇدەم ئوقۇپ بېرىشنى ساقەتسىزلىك بىلەن ئۈمىد قىلاتتى. كىشىلەر ئارىسىدا ئاشپەز سالاخۇن ئۇستا بىلەن مەشھۇر باغۋەن تاجاخۇن ئاكىلار بار بولۇپ، ئۇلار لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغان ھالدا شائىرنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى.

— كەلدى، كەلدى! ئوقۇپ بېرىدىغان ئادىمىمىز يەنە كېلىۋاتىدۇ! — خۇشاللىقىدىن بالىلارچە توۋلاپ تاشلىدى ئاش-



پەز. — ياشلىرىمىزنىڭ قەدىردان سەردارى، ھۆر-پەرىلەرنىڭ سۆيگەن يارى، چاكىنىغانلارنىڭ كۈچ-مادارى، ھەممىمىزنىڭ ئارمانى، شېئىرىمىزنىڭ شىپالىق دەرمانى لۇتپۇللا مۇتەللىپ كېلىۋاتىدۇ!... قېنى، جامائەت يول بېرىشاتتاچ تۇرۇڭلار، بۇ كىشى ئالدىغا ئۆتسۇن.

سالاخۇن ئۇستا ساۋاتسىز بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئىچىدىكى بىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ھەمسۆھبەت بولۇپ كەلگەنلىكتىن، شائىرلار تەلەپپۇزىدا سۆزلەشنى بىلەتتى. شۇنداقلا ئۇ، ھەرىكەتچان، تىلدا ئەپچىل، چېقىشقاق، خۇش مۇئامىلە كىشى ئىدى. ئاشپەزنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈۋەتتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ دەرۋازىغا تېز يېتىپ كېلىپ، توپ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىردى. تىپلانغانلار يول ئېچىپ بېرىپ ئۇنى ۋەرەقىنىڭ يېنىغا ئۆتكۈزدى. ئاشتەرىقى بازارنىڭ ئۇ چەت-بۇ چەتلىرى ۋە كوچا دوقمۇشىدا ئوقۇپ بەرگۈچىلەرنىڭ كېلىپ قېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر گۇرۇلدەپ كېلىپ، خەلق تىپ-پىتى زورايتتى. شائىر يۈرگەن سەللىدەك قاتتىق قاتتىق ئورىۋالغان ئادەملەر ئارىسىدا قېلىپ، چەتتىكىلەرگە كۆرۈنمەي قالدى. مەقسۇتئاخۇن ئۇستا ساتىراشلىق دۇكىنىدىن ئورۇندۇق ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، سالاخۇن ئۇستا چاققانلىق بىلەن ئاشخانىسىدىن ئېگىز ئۈستەل كۆتۈرۈپ كېلىپ، ۋەرەقىنىڭ ئالدىغا قويدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ يەرگە خەلقنىڭ راسا تىپلانغان ۋاقتىنى كۈتۈپ، ئەتەيىن كېچىكىپرەك كەلگەنىدى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىگە چىقىپ، تەمكىنلىك بىلەن ئاۋازلىق ۋە ئېنىق قىلىپ، «غەزەپ خىتابى» شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. شېئىرنىڭ كىشىلەرنى ئوچۇق-ئاشكارا كۈرەشكە دەۋەت قىلغۇچى شاۋقۇنلۇق مىسرالىرى ئاستىغا سىزىق سىزىلىپ،

دىققەتكە سازاۋەر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇلغانىدى. قەيسەر قەلەمكەش شېئىر تېكىستىنى تولۇقى بىلەن ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن تاشقىرى، مۇنۇ مىسرالارنى ئايرىم بىرنەچچە رەت ئوقۇدى:

ھەر كىمدە تۇرغىدەك زەررىچە تاقەت،
يىقالسۇن قان شورىغۇچ گومىنداڭ ئاپەت.

زاۋاللىق تەختىنى ئۇچۇرۇڭ، كۈرەشكە ئاتلان!
بۇ قەرزىڭ ۋە بۇرچۇڭ قەھرىمان ئوغلان.

كۈرەشكىن، چېلىشقىن، ۋىجدان بۇيرۇقى!
قانخورنى ئۇچۇرۇر ئەجەل سومۇرغى!

قۇلچىلىق ئىنسانىي ۋىجدانىمىزغا يات،
ھۆر بولسۇن كەڭ دىيار پات ـ ئارىدا پات.

خەلق تۈپى ئىچىدىن بىردەك ئۇرۇلغان قاتتىق چاۋاك كۆتۈرۈلدى. بىرى ل. مۇتەللىپنى ئۈستەلدىن سىلىقتىنا كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن تەمشەلگەنىدى، تېتىك ياش شائىر قانات قېقىپ، يەسكە شۇڭغۇغان قارلىغاچتەك يەرگە ئۆزى يېنىك چۈشۈۋالدى. كىمدۇر بىرى شەھەر ئىچى تەرەپتىن بىرنەچچە ساقچىنىڭ دەرۋازا تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئادەم دېڭىزى چايقىلىپ، ل. مۇتەللىپنى قوغداپ، ئالدىغا ئېلىپ، دەرۋازا ئالدىدىن دوقمۇش ـ دوقمۇشلارغا قاراپ ئېقىپ كەتتى. شېئىرىي ۋەرەقىنىڭ گۈلباغ دەرۋازىسىغا چاپلانغان نۇسخىسىنى خەلققە ئوقۇپ بېرىشنى مۇنبەردىن خوجا



ئۈستىگە ئالغانىدى، بۇ ۋەرەقە ئېگىزرەك چاپلىنىپ قالغانلىقتىن كۆز يۈگۈرتۈپ ئوقۇشقا مەلۇم دەرىجىدە قىيىنچىلىق كەلتۈردى. چۈنكى، مۇنبەردىن خوجا ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغاندىن بېرى، بۇ غاجىلىغۇچ نىجىس كېسەل ئۇنى دېيەرلىك ئورۇقلىتىپ خېلىلا ۋىجىكلەشتۈرۈۋەتكەن، بېلىنى ئېگىپ، ئالدىغا بىلىنەرلىك مۈكچەيتىپ قويغانىدى. چېكىنمەس كۈرەشچى بۇ شېئىرنى ئۆزى يازغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى ئۇنى دېكلاماتسىيە شەكلىدە بىرىم ئاۋاز بىلەن ھاياجانلىق قىلىپ، يادقا ئوقۇدى. شەھەرنىڭ بۇ دەرۋازىسى ئالدىدا «غەزەپ خىتابى» شېئىرىنى گۈلباغ مەھەللىسى بىلەن بەشئېرىق، توپلۇق، بەشتوغراق يېزىلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان ئەر-ئايال دېھقانلار، تاشقىرىقى بازار سودىسىغا ئالدىراۋاتقانلىقىغا قارىماي تەمكىنلىك بىلەن تىڭشاپ، مۇنبەردىن خوجىنىڭ ئاغزىدىن زور ئىخلاس بىلەن قايتا ـ قايتا بىرنەچچە قېتىم ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى.

ئوسمان مۇھەممەت خوتەن دەرۋازىسى ئالدىدا شېئىر ۋەرەقىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، جەڭگىۋارلىق ھېسسىياتىغا تولغان خەلقنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئالقىشلىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىپ، سەپداشلارنى يەنە بىر قېتىم خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

تارىخچىلارنىڭ ئاقسۇنىڭ ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن پەيشەنبە بازىرىنىڭ ھازىرغىچە قانچە قېتىم ئۆتكۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەسلىكى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ يىللىق مۇشۇ ئەنئەنىۋى بازارلار ئىچىدە 1945 ـ يىل ياز ئايلىرىنىڭ بىر پەيشەنبىسىدە كەلگەن بۇ قېتىمقى بازارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. شۇ كۈنى ئاقسۇ يېڭىشەھەر بازىرى بۇ قەدىمكى جاينىڭ ھاياتلىق تارىخى شۇ كەمگىچە

ئۇچراشمىغان ئاجايىپ داۋالغۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ، بەلغۇسى قىزىللىق ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يىلتىزى ئوتتاشقانلىقىنىڭ تارىخىي گۇۋاھىغا ئايلاندى. مۇستەبىتلىك تۈزۈمىگە قارشى بېرىلگەن شېئىرىي ۋەرەقە ياڭراق سادادەك خەلقنى ئويغىتىپ، قۇدرەتلىك تاشقىنغا ئىرغىتىش ئۈچۈن — مەھەللىلەرگە، كەنت-يېزا ۋە كىشىلەر قەلبلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، شۇ كۈنكى بازارنى مىسلىسىز يېڭى ھاياجانغا چۆمدۈردى. بۇ تاشقىن ۋالىي مەھكىمىسى، 5 - ئاتلىقلار پولكى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن ئىبارەت بۇ زۇلۇم ئوردىلىرىغا بېسىپ كىرگەندە، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سوغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇشۇپ كەتتى.

× ×

شېئىرىي ۋەرەقە چاپلانغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر 5 - ئاتلىقلار پولكىغا ئاڭلانغاندا، ئۇ ئۆز كانۋېيىنىڭ تويىنى ئويناپ، يېرىم كېچىلەر بىلەن خامۇش ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كىرگەن جاۋ خەنچى غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمۈلۈپ، قىزغۇنچىلىق چۈشلەر بىلەن ئازابلىنىۋاتاتتى. ئىشىك باقار پوستى ئەتىسىگەن تەرەپتە ئويغىتىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن چاغدا، ئۇ چالا مەستلىكىدىن بېشىنى ئېلىپ، ۋەرەقە چاپلىغانلارنى «جىنايەت» ئۈستىدە قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كوچا كۆزىتىشكە چىققان ئەسكەرلەرنى جازالىماقچى بولدى. كېيىن ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ھوشيارسىزلىقتا ئەيىبلەش ئۈچۈن ئالدىراپ ۋۇ شۈيىڭنىڭ يېنىغا كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ھوقۇقدار ئىكەنلىكىگە تايىنىپ، بولۇپمۇ ئىلى تەرەپتە ئىنقىلاب قوزغالغاندىن بۇيان 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئورنى ئۆسۈپ قېلىۋاتقانلىقىغا يۆلىنىپ، مۇشۇ ۋەرەقە سەۋەبى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ يې-



شۈرۈن رەقىبىنى بىر چىشلىۋالماقچى بولغانىدى. بىراق، ئۇ ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ئىشخانىسىدا ئايتىللانى كۆرۈپ، پەقەت مۇشۇ يەردىلا بىرىنچى قېتىم تاسادىپىي ئۇچراتقان بۇ قىزنىڭ گۈزەل جامالى ئالدىدا ئەتىدىن ئۆزىنى تەرتىپلىك تۇتۇشقا تىرىشىپ، باشقىچە ئويى بىلەن ئالدىراپ بۇ يەردىن كەتتى. جاۋ خەنچى ئىشخانىسىغا باردى - دە، ئاق سىلىق كۆچىدىن ئەۋەتكەن ھەربىي خادىم بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى يېڭى رادىستىنى چاقىرىپ، ئۈرۈمچىگە — ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىغا مۇنۇ مەزمۇندا تېلېگرامما ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى.

«ئاقسۇ ئېغىر ۋەزىيەتتە تۇرغان چاغدا، — دېگەن سۆز بىلەن باشلانغانىدى تېلېگرامما، — ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئىنتايىن پاسسىپ ئورۇندا تۇرماقتا. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بىر تۈركۈم قوتراتقۇلار يوشۇرۇن كېچە ئۇلۇغ پارتىيىمىز، شەۋكەتلىك جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىمىزگە قارشى خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئاشكارىدىن - ئاشكارا دەۋەت قىلغۇچى ئۇتتۇقۇيرۇق تام ۋەرەقىسى چاپلاشتا يېتىشىپ، بىزنى يۇقىرىلار ئالدىدا ئاجىز، شەرمەندە ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. ساقچى خادىملىرىدا ھوشيارلىق بولغان بولسا، مۇنداق ئىغۋالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئاۋۋال ئالدىنى ئالغىلى، ھېچ بولمىغاندا ۋەرەقە يازغان ۋە چاپلىغانلارنى نەق جىنايەت ئۈستىدە چوقۇم قولغا چۈشۈرگىلى بولاتتى. ئاقسۇدا تۇرۇش ۋەزىيىتى كۈچەيگەن ھازىرقى كۈندە ۋۇ شۈيىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تېخىمۇ روشەن سېزىلمەكتە. مۇنداق خادىملارنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كىشىلەرنى تەيىنلەپ، ئىشىمىزغا ئاكتىپ ياردەملىشىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاقسۇ 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ كوماندىرى، پولكوۋنىك جاۋ خەنچى.»

ھەربىي ھوقۇقدار ئۆزى بىلەن زىتلىشىپ، ئورۇن - مەرتىۋە تالىشىپ كەلگەن ۋۇ شۈيىڭنىڭ ئورنىغا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ، قىزىل ئاستىدىكى ئىتائەتمەن ئىككىنچى تومۇرلۇق ھەربىي ئەمەلدار، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى فاڭ جېڭ-

نەتنىڭ تەيىنلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى فاڭ چىڭنەن بۇ ۋەزىيەتكە قويۇلدى. جاۋ خەنچىننىڭ قولىغا بىرلا ۋاقىتتا ئۆز - ئۆزىدىن ھەربىي ۋە ساقچى ھوقۇقلىرى مەركەزلىشىپ، ئۇ ئاقسۇدا ئەڭ ئەمەلىي، ئەڭ ئابرويلۇق ئورۇنغا ئۆتەتتى. ھەربىي ھوقۇقدار تېلېگراممىدا فاڭ چىڭنەننىڭ نامىنى ئىزھار قىلىپ، ئۆز ئىستىكىنى تېخىمۇ ئاشكارا ئىپادىلىگەندى. ھەدېگەندە شۇنداق قىلىشقا پېتىنالماي قالدى. شەھەر دەرۋازىلىرىغا «غەزەپ خىتابى» ۋەرەقىسى چاپلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ۋىلايەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورگىنى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئاڭلانغاندا، ۋالىي جاۋ گىلىڭ ناشتىسىغا ئەمدىلا ئەتىسىن ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئاچچىقىدىن چاچراپ قوپۇپ، ئۈستەلگە بىرقانچە قېتىم مۇشتلاپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن چاي چىنىسى يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى. جاۋ گىلىڭ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن 5 - ئاتلىقلار پولكىغا باش كاتىپ ئارقىلىق قۇتراتقۇلارنى تېز تېپىپ، تېز جازالاش توغرىسىدا ھايالسىز بۇيرۇق ئەۋەتتى. ئەمما بۇيرۇق ۋالىينى كۆزگە ئىلمايدىغان تۆپىلىدىن ھەر ئىككى ئورۇندا بىردەك ئىناۋەتكە ئىگە بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن جاۋ گىلىڭ ئاقسۇدا ئورۇش ۋەھىمىسى كۈچىيىۋاتقان ھازىرقى كۈندە، ۋالىيلىق ئىمتىيازى ئاجىزلىشىپ، قورۇق جازا ۋە ھوقۇقسىز قورچاق ئەمەلدار بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، باشقىچە يول تۇتۇش پىكرىگە ئۆتۈشكە باشلىدى.

«غەزەپ خىتابى» شېئىرى غەلىبە قىلدى. سەپداشلار ۋەرەقە چاپلاشتىن ئىبارەت بىرىنچى قېتىملىق ھايات - ماماتلىق كۈرەشنى دۈشمەنلەر سېزەلمىگۈدەك قىلىپ، ئەپچىللىك بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ غەلىبە ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن تەقدىرداش بولغانلىقىنىڭ دەسلەپكى پاكىتى سۈپىتىدە بارلىققا كەلدى.



## تەسىس مەجلىسىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى

بىر ھەپتە تېز ئۆتۈپ كەتتى. بۇ پەيشەنبە بازار ئۇزاپ، جەڭگىۋار سەپداشلارنىڭ كۈرەش پائالىيىتىدە زور ئەھمىيەتلىك يەنە بىر پەيشەنبە ھەش - پەش دېگۈچە يېتىپ كەلدى. لېكىن بۇ قېتىمقى يەتتە كۈنلۈك ئارىلىقتا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا ۋە ئۇلارنىڭ سىرداش دوستلىرى سەگەكلىك، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆز تەشكىلاتىنى غەلىبىلىك قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈۋېلىشتى. سەپداشلارنىڭ بەزىلىرى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلىسە، بەزىلىرى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، يەنە بىرقانچىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ئۇيۇشمىدا ئىشلەيتتى. ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا خىزمەت قىلىدىغانلىرى كۆپرەك بولۇپ، ئۇلار جەڭگىۋار شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئۆتكۈردىن باشقا يەنە بىرقانچە ئوت يۈرەك نابۇرچىكلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئىسيانكار شائىر بىلال ئەزىزى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە بولسا، قورقۇمسىز قىرغىز يىگىتى مۇساجان 5 - ئاتلىقلار پولكىدا مال دوختۇرلۇق خىزمىتى بىلەن بەند ئىدى. دېمەك، ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا گەدەنلىرىگە يۈكلەنگەن كۈندىلىك خىزمەتلىرى بىلەن ئالدىراش ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى. شۇنداقتىمۇ سەپداشلار ۋاقىتنى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىددىيلىك ئىچىدىن بوش پەيت تېپىپ، ئاخشاملىق، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا پۈتۈن - پۈتۈن كېچىلەردە-

كى ئۆيغۇ ۋاقىتلىرىنى ئۆزلىرىنى ئاتىغان ئىشقا، تەشكىلات قۇرۇشنىڭ ئەڭ كېيىنكى تەييارلىقلىرىغا بېغىشلىدى.

ل. مۇتەللىپ مۇشۇ ھەپتىدە ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاندىن يەنە مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ئوسمان مۇھەممەت، ئابدۇللا روزىلار بىلەن بىرلىكتە باش قوشۇپ، ئۆز ياتىقىدا بىرقانچە قېتىم نىزامنامىنى مۇزاكىرىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا ئاخىرقى تېگىشلىك تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى. مۇنىرىدىن خوجا تەسىس مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان قەسەم شېئىرىنى يېزىپ پۈتكۈزدى. مۇساجان 5 - ئاتلىقلار پولكىدا سىر ساقلاش يولى بىلەن يوشۇرۇنچە كېتىۋاتقان ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئاستىرتىن كۆزىتىش بىلەن مەشغۇل بولسا، گۇ جەنخۇا بەزىبىر ھەربىي، مەمۇرىي، ساقچى ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئاساسىي دىققىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە غەيرىي رەسمىي مۇڭدىشىش يوللىرى بىلەن ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىدىن تارتىپ ھەتتا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغىچە، بۇ ئورۇنلارنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە نېمىلەرنى پىلانلاپ، قانداق ئىشلارنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ چىقىشقا قاراتتى. بىلال ئەزىزىنىڭ قىلغان ئىشلىرى نازۇك، يەنىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى. ئۇ مۇشۇ ھەپتىدە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە يېقىندىن كىملەر ئىشپىيون ئاگېنتلىقىغا ئېلىنىپ، قايسى قايسى كىشىنىڭ ئارقىسىغا پايلاقچىلىق ئۈچۈن سېلىپ قويۇلغانلىقىنى بىلىش، بوزدۆڭ، قوغان، مۇزات تەرەپلەردە يېقىندىن قانداق ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ چىقىش بىلەن بەند بولدى. ئاقسۇ گېزىتخانىسىدىكى ياش سەپداشلاردىن قادىر ئېلى بايغا، تۇردى ھېسەيىنوپ ئۇچتۇرپانغا ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتى بىلەن



كېتىپ قالغانلىقتىن، بۇ ھەپتىدە قۇددۇس قاتارلىق بەزىبىر ئابۇنچىكلارنىڭ ھەر بىرىگە بۇلارنىڭ ئىشتا يوقلۇقىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن كۆپ ئىشلەپ، ئىككى كىشى ئورنىدا ھەرپ تىزىشقا توغرا كەلدى. قادىر ئېلى بۇ قېتىمقى سەپىرىدە بايغا تارىخچى ئابدۇللا داۋۇتوپنى، تۇردى ھېسەيىنوپ ئۇچتۇرپانغا بۇ ناھىيىنىڭ قەيسەر يىگىتلىرى ئارتۇق ئاببااس، سېيىت ئاببااس، ئابدۇللا ياقۇپ، ئىبراھىم مۇئەللىملەرنى تەسىس مەجلىسىگە يوشۇرۇنچە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىش ئۈچۈن كەتكەنىدى. ئىلى تەرەپتە ئىنقىلاب قوزغالغاندىن بۇيان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پوچتا ئارقىلىق سېلىنىدىغان خەت - چەكلەر ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى چىڭىتىۋەتكەنلىكتىن، ئۇلارغا خەت ئەۋەتىش مۇمكىن بولماي، ئاقسۇدىن بۇ سەپداشلارنى ئالاھىدە ماڭدۇرۇشقا توغرا كەلگەنىدى. ئابدۇللا داۋۇتوپ ئىلگىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ياشلارنىڭ ئاقسۇدا يوشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇش ئۈستىدە ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر خۇرسەنلىكىنى بىلدۈرگەن، ئەمما ئۆزىگە نىسبەتەن بايدا ساقچى پايلاقچىلىقىنىڭ قاتتىقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاقسۇغا بۇ مۇھىم ئىش ئۈچۈن بىۋاستە ياردەملىشىشكە بارالمايۋاتقانلىقىدىن ئەپۇ سوراپ، ئايرىمچە كەپ - سۆز ئېيتىپ بەرگەنىدى. شۇڭلاشقىمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن بايغا ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە بۇ قېتىم مەخسۇس يەنە قادىر ئېلىنى ئەۋەتتى. چۈنكى ئابدۇللا داۋۇتوپنىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ كېلىشى ئۇنىڭ بۇ مۇھىم ئىشتا چوڭقۇر پىكىرچانلىقى ۋە مول تەجرىبىسىدىن بىۋاستە پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى. ئۇچتۇرپاندىن بولسا ئاقسۇغا كېيىنكى مەزگىللەردە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىلھامبەخش خەۋەرلەر ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇردى، بۇلار ئۇچتۇرپاننىڭ ئويغاق،

ئاتلىق ياشلىرى ئاكا ـ ئۇكا ئارتۇق ئابباس بىلەن سېيىت ئابباس، ئابدۇللا ياقۇپ ۋە ئىبراھىم مۇسىلەرنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان يوشۇرۇن ئىنقىلابىي كۈرەش پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بولۇپ، ئومۇمەن بۇ ئاقسۇدىكى سەپداشلارنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرغانىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەرنىڭ پىكرىچە تەسىس مەجلىسكە بايدىن ئابدۇللا داۋۇتوپ كەلگەندىن باشقا ئۈچتۇرپاندىن ئۇ يەردىكى سەپداشلارنىڭ ھەممىسى كېلىشى، ھېچ بولمىغاندا ئۇلاردىن ۋەكىل كېلىپ، بۇرۇلۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە بۇ مۇھىم مەجلىسكە قاتنىشىپ، ئاقسۇدىكى سەپداشلار بىلەن ئۇچرىشىشى، يۈز تۇرانە تونۇپ، ئاجرالماس كۆرەش سېپى تەشكىل قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار، ئۈچتۇرپان، باي ناھىيىلىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەر ئاستى كۈرىشىدە ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ، بۇ تەجرىبىلەرنى ئاقسۇدىكى جەڭگىۋارلارغا ئورتاقلاشتۇرۇشى، تەشكىلات نىزامنامىسىگە ئۆز پىكىرلىرىنى بېرىپ، ئۇنى بۇ ئىككى ناھىيىدىكى سەپداشلارنىڭمۇ بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى. دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ جايلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ كېلىپ، تەسىس مەجلىسكە قاتنىشىشى ئەھمىيەتلىك ۋەقە بولۇپ، مۇنداق قىلىش بىلەن ئاقسۇ، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، ئۈچتۇرپان، باي ناھىيىلىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنىڭ قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئىمكان ھازىرلانغىلى بولاتتى.

تەسىس مەجلىسى ئېچىلماقچى بولغان نۆۋەتتىكى پەيشەنبە بازاردىن بىر كۈن ئاۋۋالقى ئاخشىمى جىددىي مەسلىھەتلىشىۋېلىش يۈزىسىدىن ئاقسۇدىكى سەپداشلار تۆردى ھۈسەيىنوپ بىلەن قادىر



ئېلىنىڭ ياتىقىغا توپلاندى. بۇ ياتاق گېزىتخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا بولۇپ، ئاخشىمى خېلى تىنچ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باي، ئۈچتۇرپاندىن كېلىدىغان ۋەكىللەرمۇ ئالدىن بېرىلگەن ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن توپتوغرا مۇشۇ ياتاققا كېلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى كېيىنكى كۈنلەردە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقى ساقچى ئورگىنىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سەپداشلار شائىرنىڭ ياتىقىغا يىغىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

قىلىشقان مەسلىھەتكە ئاساسەن، خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ كوچىلاردا ئادەملەر ئازىيىش بىلەن، ل. مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، يۈسۈپجان نىيازى، گۈ جەنخۇا، مۇساجانلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تۆردى ھۈسەيىنوپ، قادىر ئېلىلارنىڭ ياتىقىغا كېلىشتى، مۇنىرىدىن خوجا بىلەن ئوسمان مۇھەممەت مەركىزىي مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى ئېتىزلىقلار ئىچىدىن مېڭىپ، گېزىتخانىنىڭ ئارقا تېمىدىكى شوتا ئارقىلىق كىرىپ كەلدى. بىلال ئەزىزىمۇ كونىشەھەردىن ۋاقتىدا كېلىپ ئۈلگۈردى. ھېكىم نۇر بۇ كەچكى پىكىرلىشىشكە چاقىرىلمىغانىدى. چۈنكى سەپداشلار ئۇنىڭ ساقچى ئىدارىسىگە باغلانغان كەسپىي ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى تېخى ئېنىق بىلمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بەزىبىر سىرلىق ھەرىكەتلىرىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى كېيىنكى چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن مەسلىھەتلىرىگە چاقىرماس بولۇپ قالغانىدى. ھېكىم نۇر ياتاقتا كۈتۈلمىگەندە ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى. ئۇ سەپداشلارنىڭ ئۆزىگە قىزغىن بولمىغانلىقىنى سېزىپ دەسلەپتە ئوڭايسىزلاندى، ئاخىردا لامپىغا كىرسىن قۇيۇپ، يورۇقىنى ئۇلغايتقان، پىلىكنى تازىلىغان بولۇپ، سەپداشلار ئىچىگە يېڭىباشتىن ئۆزلىشىپ، ياتاقتا باشقىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىۋالدى.

ئالدىن قىلىنغان مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، تۇردى ھۈسەيىنوپ، قادىر ئېلىلار بۈگۈن ئاقسۇغا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار دېگەن مۆلچەردە يېتىپ كېلەلمىدى، سەپداشلار ئۇلارنى بىرئاز كۈتۈپ باقتى. ئاخىر بولماي يىغىلىشنى داۋام قىلدۇرۇۋەردى. سەپداشلار ئاۋۋال تەشكىلاتنىڭ نامى توغرۇلۇق مەسلىھەت ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بۇ جەھەتتىن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانلىرى بار ئىدى. بىرەيلەن تەشكىلاتقا «قىساسچىلار» نامىنى بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. باشقىلىرى «ئاقسۇ غەزىپى»، «جەڭگىۋارلار بىرلىكى»، «يىمىرىلمەس قورغان»، «تۆمۈر مۇشت» دېگەن ناملارنى كۆرسەتتى. ئاخىرىدا ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەر تەشكىلاتنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلدى.

ھازىرقى يىغىلىشتا قاراپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىككىنچى مەسىلە تەشكىلاتنىڭ نىزامنامە لايىھەسى ئىدى. لايىھەنى ل. مۇتەللىپ تۈزۈپ چىقىپ، سەپداشلاردىن ئايرىم - ئايرىم پىكىر ئالغان بولسىمۇ بۈگۈن ئاخشام يەنە ئاخىرقى تەييارلىق سۈپىتىدە بۇ يەردە ھازىر بولغان كىشىلەردىن ئومۇميۈزلۈك يەنە بىر قېتىم پىكىر ئېلىشنى زۆرۈر ھېسابلىدى. ل. مۇتەللىپ، نىزامنامە لايىھەسىنى ماددىمۇ-ماددا ئوقۇشقا باشلىدى.

نىزامنامە مۇنۇ ئالتە ماددىدىن تۈزۈلگەنىدى: 1 - ماددا: تەشكىلاتىمىز «شەرقىي تۈركىستان ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى «ياش ئۇچقۇنلار» دەپ ئاتىلىدۇ؛ 2 - ماددا: ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى گومىنداڭغا قارشى ھازىرچە يوشۇرۇن كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. كەلگۈسىدە ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە بولسا، ئاشكارا كۈرەش



ئېلىپ بارىدۇ؛ 3 - ماددا: تەشكىلاتىمىزنىڭ سىياسىي نىشانىسى ئاقسۇ خەلقىنى ئازادلىق يولىدا قوزغاش، تەشۋىقى - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ خەلقنى ئويغىتىش، بۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭغا قارشى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىتىش، تاملارغا ئىنقىلابىي شوئارلارنى چاپلاش، يېزىلاردىمۇ تەشۋىقات ھەرىكىتىنى كېڭەيتىش، بارا - بارا ئاشكارىلىققا ئۆتۈش، ئاخىرىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن ماسلىشىپ، قوراللىق كۈرەشكە ئۆتۈش؛ 4 - ماددا: ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى: ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىدىن تاپشۇرۇلغان ھەربىر خىزمەتنى ئەيلى ئۇنى كۈندۈزى ياكى كېچىسى ئىشلەشكە توغرا كەلسۇن، باش تارتماي شەرتسىز ئورۇنداش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرۇش؛ 5 - ماددا: تەشكىلاتىمىز دۈشمەن ئاسارىتى كۈچەيگەن ئاقسۇدا قۇرۇلۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلاش. ئەزالىرىمىز تۇتۇلۇپ قالسا، سوراقتا تارتىلىپ، قىيىن - قىستاققا ئېلىنسا، تەشكىلاتىمىزنى پاش قىلىپ قويماسلىق، سەپداشلارنى ساتماسلىق، خائىنلىق قىلىش — مۇناپىقلىق ۋە قارا يۈزلۈك بولىدۇ؛ 6 - ماددا: ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىدا ھازىرچە بىر نەپەر رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپ بولىدۇ. كېيىنچە ئەزالارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىس ياكى بىر نەپەر ياردەمچى كاتىپ كۆپەيتىلىدۇ. تەشكىلاتىمىزنىڭ خىراجىتىنى ئەزالار ئۆزلىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىغا قاراپ كۆتۈرىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ نىزامنامە لايىھەسىنى ئەنە شۇنداق قىسقا ۋە ئوقۇشلۇق قىلىپ تۈزۈپ چىققانىدى.

نىزامنامە لايىھەسى مۇزاكىرىگە قويۇلغاندا ھېچكىم ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلىپ، ئۇنىڭ خىراجەت توغرىسىدىكى ماددى

سىنى ئېلىپ تاشلاشتا قاتتىق تۇردى. بۇ سىرلىق مەخلۇقنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق، گەپ - سۆزلىرى تاپا - تەنىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى بىرىنچىكى مۇددىئاسىنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىش خېلى مۈشكۈلگە توختىدى.

— نىزامنامىنىڭ خىراجەت توغرىسىدىكى ماددىسى ئوشۇقچە، — دېدى ھېكىم نۇر، — تەشكىلاتىمىزنىڭ خىراجىتىنى ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن قەلەندەردەك تىلەپ يىغىش ئۈچچۈنلار ئىتتىپاقدەك بۇ شەۋكەتلىك تەشكىلاتنىڭ دەبدەبە ۋە ئابرويىنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دائىرىمىزدىكى پاشلاردىن خېلى كۆپچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يامان. ماڭا رۇخسەت قىلىنسا، خىراجەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالسام! ھەرقانچە زور چىقىم بولسىمۇ، ھەتتا سەپداشلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن قىلىچ ۋە قارا مىلتىق ياسىتىشقا توغرا كەلگەندىمۇ پۇل تۆلەشتىن قورقمايمەن. ھەممىنى يېنىمدىن بېرىمەن. بۇ مېنىڭ ۋەدەم. بۇنى چوقۇم ئورۇنداشقا تەييارمەن.

ھېكىم نۇر كۆپچىلىكنى ۋەدىسىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن قارىدى. ئىشپىيوننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تۇرقى تېخىمۇ ۋەجىكلىشىپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىن قارامتۇل كەلگەن يۈزى ياتاقنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تېخىمۇ قاراتۇللىشىپ ئۆزىدىكى بىر خىل غەيرىي رەسمىي مەغرۇرلۇقنى يوشۇرۇپ قېلىۋاتقانغا ئوخشايتتى. سەپداشلار ھېكىم نۇرنىڭ سۆزىگە ھەدەپ قارشى پىكىر بەرمىدى. بەلكى ئۇنىڭدىكى مەردلىكنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، تېڭىرقاش بىلەن جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار ھېكىم نۇرنىڭ ئاشخانا، سامسىخانا، بوزىخانىلاردىكى ئولتۇرۇشلاردا قىلىنغان چىقىملارنى باشقىلارنىڭ ئۇنىمىغانلىقى-



غا قويماي، بىر ئۆزىنىڭ سېخىيلىق بىلەن تۆلەپ كەلگەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. سەپداشلار كۆپ مەسىلىلەردە تېخى يۈزە پىكىر قىلالاتتى. ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ئىشپىيون ئىشلىتىش جەھەتتىكى تونۇشى يېتەرسىز ئىدى. بىلال ئەزىزى ساقچى خادىمى بولسىمۇ، بىراق ساقچى ئورگىنىنىڭ بىۋاسىتە رازۋېتكا بۆلۈمىدە ئىشلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىشپىيونلار توغرىسىدا كونكرېت چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە بولغاچقا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرقانچە يىل ساقچى خادىمى بولۇپ ئىشلىگەچكە، بېشىدىن كەچۈرگەن، دۇچ كەلگەن خىلمۇ خىل ئەھۋاللار بويىچە يېقىندىن بۇيان ھېكىم نۇرغا گۇمانسىراش نەزىرى بىلەن قاراشقا باشلىغانىدى. بۇ قېتىم قوي تېرىسىگە ئورنىۋالغان بۇ بۆرىنىڭ پىكرىگە بىرىنچى بولۇپ رەددىيە بەردى. ئۇ مۇنداق قىلىشتا سەپداشلىرىنى ھېكىم نۇرغا نىسبەتەن سەگەك بولۇشقا ئۈندەشنىمۇ كۆزدە تۇتقانىدى.

— تەشكىلاتىمىز ئۆز ئەزالىرىدىن خىراجەت يىغسا، بۇ قەلەندەرلىك بولامدىكەن؟ ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشى قىيىن. ئالىدىغان مائاشىمىز ئوخشاشلا ئاز. لېكىن بىز تەشكىلاتقا چوقۇم خىراجەت تۆلەيمىز. ئەمما بىز سىزدىكى تىزگىنسىز مۇنچىۋالا پۇلنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمىز. بۇ توغرىدا بىزگە ئېنىق قىلىپ، ئازدۇر - كۆپتۇر بىر نەرسە سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ!

بىلال ئەزىزى سۆزىنى تۈگەتمىگەنىدى، ھېكىم نۇر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بىلجىرلاپ كەتتى:

— كىشىدە مەردلىك بولسا، — دېدى ئۇ، — قىستىچىلىق بولمايدۇ. ئۆتكەندە سىلەرگە ئۆيۈمدە بېقىپ كېلىۋاتقان قويلىرىمدىن ئىككىسىنى سېتىپ پۇلىنى خەجلەپ بەردىم. ئەمدى

ياش ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ خىراجەتلىرىنى كىلەملىرىمنى سېتىپ تەمىنلەيمەن!

— بۇ ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، — دېدى مۇتىرىدىن خوجا تەنە ئاھاڭىدا. — يالغۇز سىزنىڭ كىلەملىرىڭىز بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. تەشكىلاتقا خىراجەت تۆلەشتىكى ئاساسىي مەقسەت سەپداشلارنىڭ تەشكىلاتقا بولغان سىياسىي سادىقلىقىنى ئۆلچەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ھەر بىر كىشى ئۆز تەشكىلاتىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ ساقلىشى كېرەك!

— قوي ساتتىم دېيىمز، لېكىن ساتقىنىڭىزنى كۆرمىدۇق، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — كىلەم ساتىمەن دېيىمز، بەلكى ئۇنىمۇ ساتماسىز. لېكىن يولغا كەلگەندە سىزدىن ئۇ توكۇلۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بولدى، ئەمدى بۇ گەپلەر ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن. سىز گومىنداڭ ئەزاسى، يەنە كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى گومىنداڭ چۈيفېڭبۇسىنىڭ شۇجىسى، ھەر ئايدا گومىنداڭ پىرقىسىغە بىر كىشىلىك ئەزالىق بەدىلى تۆلەۋاتىسىز. گومىنداڭ سىزنىڭ شۇنداق پارچە - پۇرات پۇللىرىڭىزغا موھتاجمىدى؟ ئۇ پۇلغا ئەمەس، بۇ ئارقىلىق ئۇ كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا موھتاج. شۇڭا سىزدىن بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. — مۇتەللىپ كۆپچىلىككە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھېكىم نۇر بىزگە، — دېدى ئۇ، — قىلىچ بىلەن مىلتىقلارنىمۇ ياساتىپ بەرمەكچى بولدى. ئەلۋەتتە ياخشى ھىممەت! ئەمما بىلىش كېرەككى، خەلق بىزگە بۇ نەرسىلەرنى پۇلغا سېتىپ تۇرمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ياساپ، ئۆزلىرى تۇتۇپ، گومىنداڭغا قارشى كۈرەشتە بىز بىلەن بىر سەپتە بولىدۇ.

— ئۇ خەلق ئىكەن، ئۇلاردا ھەممە نېمە بار، — سۆز



قىستۇردى ئوسمان مۇھەممەت، — خەلقتىن مىلتىق، تاپانچا، قىلىچ، نەيزە، شەمشەر ھەتتا بومبا تېپىلىدۇ. ئاقسۇدا قايسى كۈنى گومىنداڭغا قارشى ئاشكارا كۈرەش پارتلايدىكەن. ئۇلار شۇ كۈنى بۇ نەرسىلەرنى قوللىرىغا ئېلىپ قوراللىق ئىنقىلاب سېپىگە تىزىلىدۇ. بىز بىلەن بىللە بولىدۇ.

— مېنىڭچە، — دېدى بىلال ئەزىزى، — ھېكىم نۇرنىڭ ئېيتقىنى خەتەرلىك پىكىر. قورال - ياراغ ياساتىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەرىكىتىمىزنىڭ دەسلىپىدىلا ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆمىرچىلەرنىمۇ پاش قىلىپ قويۇپ، گومىنداڭ ساقچى ئورگانلىرىنىڭ قولىغا ئوڭايلا چۈشۈپ قالىمىز.

ھېكىم نۇر جىم ئولتۇرۇپ قالدى. خىراجەت تۆلەش توغرىسىدىكى ماددا نىزامنامە لايىھىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئەمدى مۇتىرىدىن خوجا يېزىپ چىققان قەسەم شېئىرى ئوقۇلۇپ، ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈلسە، تەسىس مەجلىسى ئالدىدىكى بۇ پىكىرلىشىش ئاخىرلىشىپ، سەپداشلار ئۆيلىرىگە قايتىشى كېرەك ئىدى. بىراق ھېكىم نۇر ئۆلۈمدىن قورقماق چىققاندەك، لوڭگىدە سۆز باشلىۋىدى، ئولتۇرۇش يەنە سوزۇلدى.

— مەن، — دېدى ئۇ، — نىزامنامىدە كۆرسىتىلگەن يوشۇرۇن كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىغا قەتئىي قوشۇلمايمەن. بىز ھەربىرىمىز ئۆلۈمدىن قورقماسلىقنى قەسەمدە بىر ئېيتىمىز. ئەگەر بۇ سۆز راست بولىدىغان بولسا، يەنە نېمىشقا كۈرەشنىڭ يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىشىنى تەكىتلەيمىز؟ ئۇ چاغدا بىزنىڭ خەلق ئىچىدە گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بارماقچى بولغان تەشۋىقات ھەرىكىتىمىز يوشۇرۇن بولامدۇ؟ تاملارغا شوئار چاپلايدىكەنمىز، كوچىلاردا ئىستىبداتلىقنى پاش قىلغۇچى ۋەرەقىلەر تارقىتىدىكەنمىز، يېزىلارغا تەشۋىقات ئۈچۈن بارىدىكەنمىز، ئاخىر بۇلارنىڭ بىرەرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىش ياكى يوشۇرۇن پېتى ساقلاپ قېلىش مۇمكىنمۇ؟

مەن كۆرۈشمىزنىڭ ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىشىنى قوۋۋەتلەيمەن. ھېچ بولمىغاندا، ئۆزۈم يالغۇز شۇنداق قىلىمەن. ھەربىرىمىزنىڭ قورقماي دادىل بولۇشىنى تەكىتلەيمەن...

سەپداشلار ئىنتىك بىر - بىرىگە قاراشتى. ل. مۇتەللىپ بىلەن مۇنبىرىدىن خوجەندنىڭ پېشانىلىرى تۈرۈلۈپ ئۇلار گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئۈستەلنى بىرنەچچە رەت چېكىپ قويدى. بىلال ئەزىزى ساقچى ئورنىدا ئىشلەپ يۈرۈپ ھاسىل قىلغان تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ھېكىم نۇرنىڭ سۆزلىرىدە بىر شۈملۈكنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئېنىق - ئاشكارا سەزدى ۋە ئۇنىڭ ماڭلىيىدا تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ھېكىم نۇر ئۆز رەقىبلىرىنى ئۇس-تىلىق بىلەن ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويالىغانلىقىدىن مەغرۇر ئىدى. ئۇ ھەممىگە تەكشى قاراپ، سەپداشلارنىڭ لاس-سىدە بولۇپ قىلىشلىرىنى قورقۇنچاقلىق، يېتىمسىپ - ئاشقان ئى-رادىسىزلىك دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىرىدى. ئوسمان مۇھەم-مەت سۆز قىلىپ، ياتاقتا چۆككەن ئېغىر سۈكۈتنى بۇزۇپ تاش-لىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى غەزەپ ئارىلاش قاتتىق ۋە ئورغۇ بىلەن چىققانلىقتىن، سۆز ياتاقتىن بۆسۈپ چىقىپ ھويلىغا ئاڭلاندى:

— نىزامنامىمىزنىڭ ماددىلىرى ئارتۇق ئەمەس. بەلكى كەم، — دېدى ئوسمان مۇھەممەت، — بىز ئەسلىدە ئۇنىڭغا ۋەتەشكىلاتىمىزغا خائىنلىق قىلىپ، ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاش-كارىلاپ قويغانلار سەپداشلارنىڭ قولىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ تاشلىنىدۇ، دېگەن بىر ماددىنى كىرگۈزۈشىمىز كېرەك. قېنى، ھېكىم نۇر، سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

ئىشپىيون بۇ سۆزگە دەرھال بىر نېمە دېيەلمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم بولۇپ قالدى. سەپداشلار ئۇنىڭغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىپ قاراشتى. يىغىننى جىددىيلىك قاپلىدى. ھېكىم نۇر بارماقتەك يوغان ئورالغان مەخوركىسىنى سۈمۈرۈپ



چېكىپ، ئۇنىڭ قويۇق ئىس بىلەن ئۆزىنى دالدىلىۋېلىشقا تى-رىشاتتى. شائىر قاپقاقلىق يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپ قارىدى، سائەت 11 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەنىدى.

— ئەتە تەسىس مەجلىسى، — سۆز باشلىدى ل. مۇتەل-لىپ. — ئۇنى دېگەن ۋاقىتتا چوقۇم ئاچىمىز. ئاچقاندىمۇ نىيەتتىكىدەك ياخشى ئاچىمىز. بىز ھازىر تارقاپ، بۇ ئۇلۇغ ئايەم كۈنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ، ئازدۇر-كۆپتۇر ھاردۇق ئېلىۋېلىشىمىز كېرەك. ئاخىرقى گەپ نىزامنامە لايىھىسىنى ئاۋازغا قويىمىز. قوشۇلغۇچىلار قول كۆتۈرسۇن!

— ئوسمان مۇھەممەتنىڭ پىكرى بويىچە لايىھىگە يېڭى ماددا قوشىمىزمۇ — يوق؟ — سورىدى ئابدۇللا روزى قول كۆتۈرۈش ئارىلىقىدا.

— ھازىرچە قوشمىساقمىكىن دەيمەن، — جاۋاب بەردى شائىر، — خائىنلار بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ ئاشكارى-لاشقا يول بېرىمىز. ئارىمىزدا ئۇنداق كىشى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەدىبىنى ھەرقاچان بېرەلەيمىز. مۇناپىقلىق قىلغۇچىلار تەشكى-لاتىمىزنىڭ پولات چاڭگىلىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قېنى، نىزامنامە لايىھىسىگە تولۇق قوشۇلغۇچىلار قول كۆتۈرسۇن!

سەپداشلار بىردەك قول كۆتۈردى. ھەممەيلەن ھېكىم نۇرغا قارىدى. ئۇنىڭ قولى باشقىلارنىڭكىدەك ئېگىز كۆتۈرۈلمىگەن ئىدى.

ھېكىم نۇر بىردىن غەمكىن بولۇپ قالدى، لېكىن ھىيلى-گەر دۈشمەن ئۆزىدە پەيدا بولغان قورقۇنچنى ئىمكان قەدەر يو-شۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاۋۋالقىدەك تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى.

— قول كۆتۈرۈش مەجبۇرىي ئىش بولۇپ قالمىسۇن، —

دېدى ئوسمان مۇھەممەت ھېكىم نۇرغا. — قوشۇلسىڭىز ئېيتىمۋېرىك. ھەتتا سەپتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىمەن دېسىڭىزمۇ مەيلى!...

— كۆرەشچان سېپىمىزنىڭ ئۇلغىيىپ، ھازىرقى ھالغا كېلىشىدە مېنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسەم بار، — دېدى ھېكىم نۇر سالماق ئاھاڭدا سۆزلەشكە تىرىشىپ. — ئەمدى تەشكىلاتىمىز رەسمىي قۇرۇلۇش باسقۇچىغا كەلگەندە چېكىنەمدىم؟ ھەرگىز چېكىنمەيمەن. بەلكى مەن مۇنداق ئوينى ئويلىغىنىم يوق. بەزى پىكىرلىرىمنى ئىشىمىزنى تېز مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بەردىم. گومىنداڭ بىلەن قانچە قېتىم تۇتۇشساق، شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئاشكارا كۆرەشتىن كېلىدىغان نەتىجە يوشۇرۇن كۆرەشنىڭكىدىن چوقۇم زور بولىدۇ، دېمەكچىدىم. ئەمدى ئىشىمىزنىڭ مەخپىي ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ مېۋەلىرىگە بولغان تونۇشۇم بۇرۇنقىدىن چوڭقۇرلاشتى. بۇنىڭ ماڭىلا ئەمەس، ھەممىمىزگە پايدىسى بولىدى، دەپ قارايمەن.

ئاندىن ئۇ چىراغ تۈۋىگە يېقىنلاپ كېلىپ، نىزامنامە لايىھەسىنى قولىغا ئېلىپ، ئەستە ساقلىنىپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئالدىرىماي ئوقۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ ئايرىم ماددىلىرىنى بولسىمۇ قىسقارتىپ كۆچۈرۈۋالماقچى بولدى. ل. مۇتەللىپ بۇنى كۆرۈپ سەپداشلارغا ئىزاھات ئۇرۇندا:

— پىلانىمىز بويىچە لايىھەنى دەسلەپ 200 نۇسخا بېسىپ، تەسىس مەجلىسىدە تارقاتقىنىمىزنى تارقىتىپ، قالغىنىنى زاپاس ساقلاپ قويماقچىدۇق، بىراق ئۈلگۈرەلمىدۇق. تۇردى ھۈسەينوپ، قادىر ئېلىلار باي، ئۈچتۇرپانلاردىن قايتىپ كېلىپ قالسا، كېيىنچە بېسىپ چىقىمىز دەۋاتىمىز، — دېدى.

— كونىشەھەردىكى سەپداشلارغا تەسىس مەجلىسىگە قاتنىشىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىلدىمۇ؟ — ئىدىتلاپ سورىدى گۈجەنخۇا.



— ھەئە، مەن تارقىتىپ بەردىم، — جاۋاب بەردى بىلال ئەزىزى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا ئۆزۈم ئېغىزچىمۇ ئېيتىپ قويدۇم. جەزمەن كېلىدۇ. ھەتتا مەۋلانجان تۇردىيېۋمۇ كۆزىنىڭ شۇنچىۋالا ئاجىزلاپ كەتكىنىگە قارىماي، چوقۇم قاتنىشىمەن، دېدى.

— تاجاخۇن ئاكىنىڭ ئۆز ئۆيىدە تەسىس مەجلىسى ئاچىدىغانلىقىمىزدىن خەۋىرى باردۇ؟ — يەنە سورىدى ھەربىر ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۈرۈشتۈرۈپ، قەدەمنى پۇختا بېسىشقا ئادەتلەنگەن گۈجەنخۇا.

— ئېيتىپ قويغان، — جاۋاب بەردى ئوسمان مۇھەممەت، — ئۇ ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇش توغرىسىدا مەجلىس ئاچىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. سىلەرگە بېغىمنىڭ ئىشكى ھەرقاچان ئوچۇق، مەجلىسنى پۈتۈن بىر كۈن ئاچساڭلارمۇ ئېچىڭلار، ھەتتا ئىككى - ئۈچ كۈنلەپ ئاچساڭلارمۇ مەيلى. بۇ يەر چەت، خىلۋەت، ئاھايىتى تىنچ جاي. مېۋىلەر پىشتى، مېھمان بولۇپ، ئۇلارغىمۇ ئېغىز تېگىڭلار! دەپ خۇشال بولۇپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

— مەنمۇ تاجاخۇن ئاكا بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتىم، — دېدى مۇئمىندىن خوجا قوشۇمچە قىلىپ، — گەپتە چېچەن، گەپ - سۆزلىرىنىڭ تەمى بار كۆرۈنىدۇ، گومىنداڭغا بولغان نارازىلىقى بىز ئويلىغاندىن كۈچلۈك. ساقچى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىدىن تارتىپ، باجگىرلارنىڭ خىيانەتلىرىگىچە ھەممىدىن نەپرەتلىنىپ سۆزلەيدىكەن!

— يارايدۇ بوۋاي، يارايدۇ، — دېدى تېز ھېسسىياتلىق ئوسمان مۇھەممەت خۇشاللىقىنى ياسالماي.

— تاجاخۇن ئاكىنى مەنمۇ ياخشى بىلىمەن، — دېدى ل. مۇتەللىپ باغۋەن ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقان تەرىپ - تەۋسىپلەرنى قۇۋۋەتلەپ. —

ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان يەردە سالاملىشىپ توختاپ، ھال ئەرالىق قىلىپ تۇرىمەن. بىزۋاينىڭ ئۆزى ساۋاتسىز، ئەمما ئوقۇشقا مۇشتاق كىشىلەرگە زوقمەن!

— تاجىنىڭ ئاغزىدىكى گەپ بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، — رەددىيە بېرىپ سۆزلىدى ھېكىم نۇر، — بۇ قېرى قاقباشتا گەپ بولغان بىلەن، قولىدا ھېچنېمە يوق. كەلگەنلەرنى داستىخان سېلىپ، مېھمان قىلىپ ئۇزىتالمايدۇ. تەسىس مەجلىسىنى كۆلباغ مەھەللىسىدىكى مەدىتباينىڭ بېغىدا ئاچمىسىمىز ياخشىدى. ئۇ كىشىنىڭ قول ئىلكىدە بار، بىزگە يېگۈدەك غىزا-تاماق قىلىپ بېرەلەيدۇ. تېگىمىزگە سالغۇدەك گىلەملىرى بار. ئۇنىڭدىن مەجلىس كاتىپىغا ئۈستەل-ئورۇندۇقمۇ تېپىلىدۇ. بېغىمۇ چوڭ.

— ئورۇننى ئۆزگەرتىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ل. مۇتەللىپ كېسىپ.

سەپداشلار تارقالدى. ئۇلار ياتاقتىن چىقىپ، كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا شەپە چىقارماي بوش قەدەم بېسىپ ئۆيلىرىگە قاراپ كېتىشتى. ھېكىم نۇر، ئابدۇللا روزى، گۇ جەنخۇالار بىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تاشقىرىقى بازارغا كەلگەندە، ھېكىم نۇر تەرەت قىلىۋېلىش باھانىسى بىلەن يالغۇز قېلىپ سامساخانىلاردىن بىرىنىڭ تاشقىرىدىكى ئوچاق مورىسى ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. ئۇ، ئابدۇللا روزى، گۇ جەنخۇالارغا كېچە قاراڭغۇلۇقىدا كۆز تىكىپ بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ قارىسى كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېرىش ئۈچۈن خاتىرجەم ھالدا ئۆزىنى شەھەر ئىچىگە تاشلىدى.

سەپداشلار كېتىپ ئاخىرىدا قېپقالغان ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەر ياتاقنى تازىلاشقا كىرىشتى. ئۇلار ھېكىم نۇرنىڭ شەلتە سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئەنسىرەشكە چۈشۈپ قالغانىدى...



ھېكىم نۇر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇنى بۇ ئىدارىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقى كۈتۈۋالدى. جۇفىنكى لى با ئۇنىڭ سەپداشلار ئىچىگە يېڭى پايلاقچىلىق مەلۇماتى ئەكىلىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا قايتماي بۇ سادىق ئىشپىيونىنى ئۆز بۆلۈمىدىكى تەنھا كارىۋاتقا يانپاشلىغاچ، تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇراتتى.

ھېكىم نۇر ئۆز خوجايىنىغا بىرىنچى مۇھىم مەلۇمات سۈپىتىدە تەسىس مەجلىسىنىڭ ئەتە تاجاخۇن ئاكىنىڭ بېغىدا سائەت ئون بىلەن چوقۇم ئېچىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. ئاندىن ئىككىنچى مۇھىم مەلۇمات سۈپىتىدە، ياتاقتىن يىغىلا چالا - بۇلا يىغىپ كەلگەن نىزامنامە لايىھىسىنى تاپشۇردى. لى با بۇنى شۇ يەردىلا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋالدى. ئىشپىيون تولۇق بولماي قالغان يەرلىرىنى تەرجىمە جەريانىدا سۆز قىستۇرۇپ، قوشۇمچە قىلىپ تۇردى. ھېكىم نۇر ل. مۇتەللىپنىڭ پىكىرلىشىش ئولتۇرۇشىدا سەپداشلارنىڭ خەلق بىلەن بىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ «خەلقتىن ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، زۆرۈرىيەت بولسا، ئۇلاردىن قىلىچ، مىلتىق چىقىدۇ» دېگەنلىكىنى، مەقسەتلىك ھالدا بۇرمىلاپ، «خەلق بىزنىڭ قورال - ياراغ ئامبىرىمىز، ئۇلاردا بىزنىڭ شەمشەردەك ئۆتكۈر قىلىچلىرىمىز، نەيزە ۋە مىلتىقلىرىمىز ساقلىنىپ تۇرماقتا» دېدى دەپ چۈشەندۈردى. لېكىن ئىشپىيون پىكىرلىشىش ئولتۇرۇشىدا زىت سۆزلەرنى سۆزلەپ، ۋاقىتنى ئۇزارتقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ سەپداشلارنىڭ قاتتىق گۇمانىغا قالغانلىقى ۋە كەسكىن رەددىيىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا لام-جىم دېمىدى. ھېكىم نۇر ئاخىردا تەسىس مەجلىسىنىڭ قانداقتۇر باراۋەت تۈسىدە يېمەك-ئىچمەك بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇزاق بىلجىرلاپ، باغقا ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى ئاچىقماقچى ئىكەنلىكىنى تەپسىلى

ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ، خىراجەتنى كۆپەيتىرىپ كۆرسىتىپ، يەنىمۇ كۆپرەك پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنى كۆزلىگەنىدى. لى با ئىشپيۇندىن رازى بولدى ۋە ئۇنىڭ دولىسىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— بەللى، بەللى، يارايسەن! — دېۋەتتى، — ئەتە باغقا باشقىلاردىن بالدۇر بار. قولىمىزدىكى رويخەتتىكىلەردىن سىرت لۈتپۇللالارغا يېقىندىن ئەگەشكەنلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئال. ئەجەلىتە قانداق گەپ - سۆزلەر بولىدۇ، بۇلارغا يىپىدىسىن يىڭنىسىغىچە دىققەت قىل. قورال كىملەرنىڭ قولىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ، بۇنى بىلىپ چىق! قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ كەل. بۇلار ھەممىدىن مۇھىم.

ھېكىم نۇر خوجايىنىنىڭ يېڭى تاپشۇرۇقلىرىنى يېزىتۇرانە بىرمۇ بىر يېزىۋالدى. لى با قوشۇمچە بىر تاتازا پۇل بېرىۋېتىپ ئۇنىڭغا ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ كاتىپلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆرۈشنى يەنە بىر قېتىم تەكرار تاپىلىدى، ئاندىن ئەتە كەچ ئۇنى ۋۇ شۇبىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېكىم نۇر خۇشال بولۇپ، ئىلگىرى قىلىپ كەلگىنىدەك، بۇ قېتىممۇ ئىككى مۇشتىنىڭ ئالقان تەرىپىنى بىر - بىرىگە چىڭ چاپلاپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەندىن كېيىن تىزىغىچە پەسلىتىپ لى باغا ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ئۆز خوجايىنىنىڭ ئىشەنچىسىگە ھەشقاللا ئېيتىش، دەپ چۈشىنىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئىشپيۇن خۇشامەتتىن تاشقىرى لى با بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە يېقىن سىرداش بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ، بەزىدە چاقچاق ئورنىدا بۇ ھەرىكەتنى قىلىپ قوياتتى. ھېكىم نۇر ھەشقاللا ئېيتقاندىن كېيىن بارماقلىرىنى چېكىپ، قارسىلدىتىپ كېتىۋاتقان چاغدا، رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بۇ سادىق مالايغا غەمخورلۇق ئاھاڭىدا:



— ھازىر يېرىم كېچە بولۇپ قالدى. تېزرەك ئۆيۈڭگە قايتىپ، ئوبدان ئۇخلىۋال. ئەتە ئەتىگەن تاجىنىڭ بېغىغا بارىسەن ئەمەسمۇ؟ يەنە بىر گەپ، لۈتپۇللالارنىڭ ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرى بىلەن قانداق ئالاقىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ چىقىشقا تىرىش! بۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم! — دېدى.

— بولىدۇ، ماڭا ئىشىنىڭ، بۇنىسى چوقۇم بىلىپ چىقىمەن، — ۋەدە بەردى ئىشپيۇن.

## باغۋەننىڭ مەككارغا بولغان غەزىپى

تاجاخۇن ئاكا ئۆز بېغىدا تەسىس مەجلىسى ئېچىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈن پەيشەنبە ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن ئەتىگەن تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا يار تۈۋىدىكى ئۆستەڭدىن سۇ باشلاپ كېلىپ، تام ئاستىدىن ئېلىنغان سېڭگىج ۋە تار ئېرىقچە ئارقىلىق باغ ئىچىگە ئاققۇزدى. ئېغىلدىن سىرتقا چىقىرىپ قويۇلغان ئېشەك، قوي قىغلىرىنى چېچىلىپ كەتكەن يەرلىرىدىن يىغىپ دۆۋىلىگەندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىنى سۇ سېپىپ، بىر قۇر پاك - پاكىز ئادالىدى. بورا - كىگىزلەرنى سىرتقا ئاچىقىپ قېقىشتۇرغاچ، ئۆي ئىچى ۋە تام - تورۇسلارنى ھېيت - ئايەملەردىكىدەك ئالاھىدە سۈپۈرۈپ تازىلىدى. ئۆگزىدىن قۇرۇپ كەتكەن تەك شۈپۈكلىرىنى، سۆگەت ۋە ئۈجمە شاخلىرىنى باغ ئىچىگە، ئۆيىگە يۆلەپ سېلىنغان يازلىق ئوچاق ئالدىغا تاشلىدى. بوۋاينىڭ ئويى - پىكرىچە بۇ نەرسىلەر سەپداشلار ئۈچۈن قاينىتىلىدىغان چاي ۋە

كۆڭلىدە ئۇلارغا ئاتاپ قويغان بىردىنبىر قىزىنىڭ كۆشنى پىشۇرۇش ئۈچۈن كېرەك ئىدى. تاجاخۇنئاكا بۇ ئىشلاردىن كېيىن كۆڭلى تىنىپ، ئەمدى مېھمانلار ئالدىدا ئالدىراپ قالماسەن، دېگەن يەرگە كەلدى — دە، ئاندىن بامدات نامىزى ئۈچۈن تەھەرەت ئېلىپ مەسچىتكە كەتتى. ناماز ئوقۇلۇپ بولۇشى بىلەن، بوۋاي يەنە ئەنسىزلىنىپ ئالدىراپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ باغ بۇرجىكىدىن قايرىلىش بىلەن ئىشىك ئالدىدا مەپە ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ھېكىم نۇرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. مەككارمۇ تاجاخۇن ئاكىنى كۆرۈپ، بۇ كەسكىن مىجەز بوۋاينىڭ كۆڭلىنى يۇمشاق — سىلىق قىلىقلار بىلەن يۇمشىتىش ئۈچۈن ياسىما ھېجىيىش بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. تاجاخۇن ئاكا قارا نىيەتنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىش ئورنىغا بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ شۇ ئەتىگەندە بۇ يەردە تۇرغانلىقىدىن ئەجەبلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن غەزەپلەنگەن ھالدا تەرسىنى تۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— بىر كىم سېغىنىپ قالغاندەك ئىت يوق يېمەستە بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى. ھېكىم نۇر بوۋاينى يەنە بىر قېتىم يۇمشىتىشقا تىرىشىپ، كۆرۈشۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى، تاجاخۇنئاكا مۇسۇلمانچىلىق ئادىتىگە ئاساسەن نائىلاج قول بېرىۋاتقان چاغدا ھېكىم نۇر ئەتەيىن گەپ يىرغىلىتىپ:

— سىز ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە چېغىڭىزدا كۆڭىنگە نەچچە قېتىم كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق، ھازىر ئويلىسام، شۇندىن بۇيان سىزنى ناھايىتى كەم كۆرۈپتىمەن. بۈگۈن ئەتەيىن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى.

— ئۇنداق ياغلىما گېپىڭنى قوي! — دېدى بوۋاي كەسكىنلىك بىلەن قولىنى سىلكىپ، — سەن ئۇ ۋاقىتتا مېنى ئادەم



قاتارىدا كۆرمەيتتىڭ. قول بېرىپقۇ كۆرۈشمەكتە يىراق، تازىلىق ئىشچىسى دەپ كەمسىتىپ، كۆزۈڭگە ھاقارەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتىڭ.

بوۋاينىڭ ھەرقانداق ئاغرىنىشلىق سۆزلىرى بۇرۇنقىدىن ئورنى كۆتۈرۈلۈپ، ھازىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ھېكىم نۇر ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە بۇ سابىق چاكارنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلماس بولۇپ كەتكەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتسىزلىق ۋە غەزەپ — نەپرەتلىرىدىنمۇ چۆچۈپ قالمايتتى. ئەمما ھازىر ھېكىم نۇر ئۈچۈن ئەھۋال باشقىچە ئىدى. ئۇ ساقچى ئورگىنى ئالدىدىكى ئىشەنچ ۋە ئىناۋىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈۋېلىشتا ناھايىتى مۇھىم ھېساپلانغان تىڭتىڭلاش ئىشى بىلەن بۈگۈن بوۋاينىڭ يېنىغا كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ تاجاخۇنئاكىغا ئەتەيىن يېقىنچىلىق سۆزلىرىنى قىلىپ قويۇشى، ھەتتا مەككارلىقىنى ئىشلىتىپ، خۇشامەت قىلىقلىرىنى بازارغا سېلىشى ئىنتايىن تەبىئىي ئىدى. باغۋەن ئاۋۋالقىدەك تەرسىنى تۇرغىنى ھالدا مەپە ئالدىدىن ئۆتۈپ، تەكەللۇپسىز ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئىشپىيون كۈچۈكلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى توسۇپ:

— تېخىچىلا كىنە ساقلاپ، ئىلگىرىكى ئىشلارنى تەرگەپ يۈرۈۋەرمەڭ، — دېدى. — ئۇ ئىشلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئىشى، كونىراپ كەتكەن. ھازىر بولسا ھازىر، بۈگۈنكى گېپىنى قىلىشايلى. ئەمدى ناماقۇل بولۇپ، سالام بېرىپ ئالدىڭىزغا كەلگەنىمدىن كېيىن، كىرنى خاتانى سۈرۈۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— قېنى، گېپىڭنى ئوچۇق ئېيت، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟ — دېدى بوۋاي تېخىمۇ كەسكىنلىك بىلەن. — ئەتىگەندە سەن مېنىڭكىگە سالاملىشىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ ياكى ئۆچمەس ئادا-

ۋەتتى ئېسىمگە سېلىپ، زەردەمنى باشقىدىن قايىنتىش ئۈچۈنمۇ؟

— بۇ يەرگە پەقەت سىز بىلەن مۇسۇلمانچىلىق يولىدا سالاملىشىپ، ھال - ئەھۋالىڭىزنى سوراش ئۈچۈنلا كەلدىم. ئىشىكىڭىزنى ئېچىڭ، مەيدىكى نەرسىلەرنى بېغىڭىزغا ئەكىرىپ قوياي.

— ئەگەر راستىن ئۆلتۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بېغىمغا كەلگەن بولساڭ، مېنىڭ ساڭا ئېچىپ بېرىدىغان ئىشىكىم يوق. بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىدىغان باشقا مېھمانلار بار. باغنى شۇلارغا ئېچىپ بېرىمەن!

— سىزنىڭ دەۋاتقانلىرىڭىز بىلەن مېنىڭ ئېيتقىنىم بىر گەپ، — دېدى ھېكىم نۇر، — بېغىڭىزدا لۇتپۇللا باشلىق بىر تۈركۈم ياشلار بىلەن بىللە قىلىدىغان مۇھىم ئىشىمىز بار.

تاجىخۇن ئاكا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ھېكىم نۇرنىڭ بېجىرىم ياشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ھەيرانلىق بىلەن مەيە ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قارىدى. مەيدىن تاشقىرىقى بازاردىكى ناۋايخانىلارنىڭ بىرىدە يېڭىلا پىشۇرۇلۇپ، سوۋۇۋېلىنغان 40 – 50 چە نان تۇراتتى. يەنە 15 جىڭچە سۇيۇقلۇق سىغىدۇدەك ئاغزى كىچىك قارا كوزا بولۇپ، بۇ كوزىدىن شىجو ھارىقىنىڭ سېسىق، ئاچچىق پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. بۇۋاي ھاراقتىن يىرگىنىپ يەرگە بىرنەچچە قېتىم تۈكۈردى ۋە رەڭگىنى پۈرۈشتۈرۈپ، پەرىجە پېشى بىلەن ئاغزى - بۇرنىنى ياپتى. مەيدە يەنە كاۋاپدان، 20 – 30 تالچە زىخ، ئىككى دانە چىراغ داستىخان تۇراتتى. باغۋەن ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى تەنھا ئۆتەتتى. بالىسى يوق ئىدى. ھېكىم نۇر كوزا، كاۋاپدانلارنى باغ ئىچىگە توشۇش ئارىلىقىدا، بۇۋاي مەيدىكى نانلارنى داستىخانغا ئوراپ، تەييارلاپ قويدى. ھەممە نەرسە توشۇلۇپ بول-



ھاندىن كېيىن، ھېكىم نۇر قوي ئەكىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئالدىراپ تاشقىرىقى بازارغا كەتتى.

سەپداشلارنىڭ باغقا سائەت ئونغىچە كېلىپ بولۇشى بەلگىلەنگەنىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلال ئەزىزى بىلەن بىللە تەسىس مەجلىسى ئېچىلىشتىن خېلى بۇرۇن باغقا يېتىپ كەلدى. بۇ ئىككى شائىر ئاخشامقى پىكىرلىشىش ئولتۇرۇشىدىن كېيىن بىر ياتاقتا قونۇپ قالغانىدى. مۇنىرىدىن خوجىمۇ ھايال بولماي يېتىپ كەلدى. ئاغرىق كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، مۇنىرىدىن خوجىنىڭ ياش يۈرىكىنى خېلى قاتتىق مۇجۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قەيسەر جەڭچى بۇنىڭغا چىداشلىق بېرىپ ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە ئارقىمۇ ئارقا بىرقانچە قېتىم يېرىم كېچىلەرگىچە كىرپىك قاقماسلىقتىن كېلىپ چىققان ئېغىر ھارغىنلىقنى يېڭىپ، بۈگۈن يېڭىچە بىرخىل روھ ۋە تېتىك قىياپەتتە تۇرغانىدەك كۆرۈنەتتى. تاجىخۇن ئاكا ئۇلارنى ئاتىلىق قۇچىقىنى يېيىپ چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ۋە مىسلىسىز قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇۋاي ئۈچ نەپەر ياش ئۇچقۇن بىلەن سالاملىشىپ، قول سىقىشقاندىن كېيىن ئۇلارنى باغ ئىچىدىكى ئارقىلىق ئۆيىگە باشلىدى.

باغۋەننىڭ ئۆيى ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىز بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپچىلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭكىدەك، ئۇنىڭ بىرى قازناق ئىدى. ساراي ھېسابلانغان تاشقىرىقى ئۆيمۇ كىچىكلىكىگە قارىماي، قۇرۇق بولۇپ، پەقەت تاپسا تەرىپىگە سېلىنغان تار بىر پارچە بورا، تۆر تەرەپتىكى كونا تەڭلىمات ۋە ئويۇقتا قاتلاپ قويۇلغان قارا چەكمەن يوتقان ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئالا - بۇلا يوللۇق سەرگەز كۆرپە بىلەن ياپيالىڭاچ تۇرغان قۇرۇق قازناقتىن ئانچە - مۇنچە پەرق قىلىپ تۇراتتى.

ل. مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇغا كەلگىنىگە ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تاجاخۇن ئاكا بىلەن مەقسۇتتاشاخۇننىڭ ساتىراشخانىسىدا تونۇشۇپ قالغان. تاجاخۇن ئاكا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوغلىغا ئوخشاتقانىدى. بوۋاي شائىرنىڭ ئۆز ئوغلىغا چىراي جەھەتتىنلا ئەمەس، ياش قۇرامى، بوي - تۇرقى جەھەتتىنمۇ ئوخشىشىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران ئىدى. شۇندىن كېيىن باغۋەن سالاپەتلىك ۋە بىلىملىك. ئەمما شۇنچىغا قارىماي ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇشنى بىلىدىغان بۇ يىگىتنى ئۆز ئوغلىدەك يېقىن كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەقسۇتتاشاخۇن ئۇستا كېيىنچە تاجاخۇن ئاكىغا ل. مۇتەللىپنى ئۇ «قاينام ئۆركىشى» دېگەن شائىر دەپ تونۇشتۇرغانىدى. شېئىرىيەتكە، مۇقام ناخشىلىرىغا تىزىلغان مەنىدار قاپىيەلەرگە ئامراق بوۋاي بۇ داڭلىق يىگىتكە ئەمدى يېڭى چۈشەنچە بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ل. مۇتەللىپ ھەرقاچان ئالدىراش ئۆتكەچكە، تاجاخۇن ئاكىنىڭ بېغىغا ھازىرغىچە كېلىش پۇرسىتى تاپالمىغانىدى. ھازىر ئۇ بىرىنچى قېتىم بوۋاينىڭ ئىلتىشىپ كەتكەن، پاكار، قاراڭغۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقان چاغدا. شۇنچە كۆڭۈللۈك باغ بىنا قىلىپ، ئۇنى ھەرخىل مېۋە دەرەخلىرى بىلەن تولدۇرغان بۇ پىشقەدەم ئەمگەكچىنىڭ يەنىلا ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا ئېچىندى. بوۋاينىڭ تۇرمۇشى كەڭ كۆپچىلىك ئاقسۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئىدى. شائىر تاجاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيى ئىچىدىن يېزا - كەنت ۋە بازار - مەھەللىلەردىكى سان - ساناقسىز ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك ھاياتىنى كۆرگەندەك بولدى.

تاجاخۇن ئاكىنىڭ تاشقىرىقى ئۆيىدىن باغقا قارىتىپ، بىر دانە پەنجىرە ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى قورۇپ كەتكەن لاي يوقۇندىلىرىدىن بۇ پەنجىرىنىڭ قىشلىقى كېسەك بىلەن ھىم ئې-



تىلىپ، يازلىقى ئېچىپ قويۇلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئىچكىرى قازناق ئۆيىدىن ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئېغىلغا قارىتىپ يەنە بىر پەنجىرە ئېچىلىپ، ئۇ يەردىن ئۆيگە باغنىڭ ساپ ھاۋاسىغا زىت قىغ - تېزەكلەرنىڭ قاڭسىق پۇرىقى كىرىپ تۇراتتى. بىرئاز ئۆتۈپ، ئېغىلدىن ئۆيگە بىر ئىنەك ۋە ئوتتۇرا ھال سېمىزلىكتىكى بىر دانە قوي ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مۇنىرىدىن خوجا ئېغىل تەرەپنى ئىما - ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، ھال - ئەھۋاللاشقانىنىڭ ئورنىدا بوۋايدىن سورىدى:

— تاجاخۇن ئاكا، كۈنىڭىز يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ ئېغىلىڭىزدا قويىڭىزمۇ بار ئىكەن، ئىنەك بېقىپ، سۈتىنى ئىچىپ تۇرۇۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

— نېمە دېسەم بولار، — سەمىمىيلىك بىلەن سۆزلىدى باغۋەن، — ئەلىمساقتىن تارتىپ «خۇداغا شۈكرى، ھال - ئوقىتىم ياخشى، كۈنۈم قەدىر - ئەھۋال ئۆتۈۋاتىدۇ» دېمەكلىك بار ئىكەن. راستىنى ئېيتسام، ئاقسۇنىڭ كۆپىنىڭ كىشىلىرىگە ئوخشاش يامان تۇرمۇش كەچۈرمەيمەن. تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىر دانە ئات قىلىۋېدىم، بىر ئاي ئىلگىرى ئىككى ئەسكەر كېلىپ، «ئېتىڭنى سېتىۋالىمىز، پۇلىنى كېيىن ئالىسەن» دەپ بۇلىغاندەك تارتىپ ئەكەتتى. ئاڭلىسام ئۇلار يېزىلاردىن بۇلاپ - تالاپ، نۇرغۇن ئات يىغىۋېتىپتۇ. غۇلجا تەرەپتە ئۇرۇش قوزغالغاندىن تارتىپ شۇنداق قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ...

— ھەئە، شۇنداق، — سۆز قىستۇردى ل. مۇتەللىپ بوۋايغا چۈشەندۈرۈپ، — بىر غۇلجىدا ئەمەس، ئىلى ۋىلايىتى گومىنداڭچىلاردىن ئازادلانغاندىن باشقا، ھازىر يەنە تارباغاتاي، ئالتايلاردا، يەنى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن ئۈچ ھەسسە چوڭ جايدا ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. ئۇ يەرلەردە گومىنداڭنىڭ ھېچنېمىسى قالمىغىلى تۇردى. گومىنداڭ ئەمدى ئاقسۇنىڭ قولىدىن كېتىشىدىن

قۇرقۇر[illegible] بۇ يەردىن ھەدەپ ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتتۇۋاتىدۇ. ئات بۇلاۋاتىدۇ.

— بۇ گەپچە ئاقسۇدىمۇ ئۇرۇش بولىدىكەن ـ دە؟ ئۇرۇش بولسا ياخشى بولاتتى. ئەمەلدارلار ئىچىدە جاجىسىنى بىرىۋالىدىغانلىرىم بار. جاجىسىنى بەرسەم پۇخانىم يېشىلەتتى. ئاندىن ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىدى. ئارمانىم قالمايتتى، — دېدى بوۋاي.

— بەللى ـ بەللى، ياشاڭ ئاتا! — دەۋەتتى ل. مۇتەللىپ، — سىزنىڭ مۇشۇ روھىڭىز بىز ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەت. ئۇلار خەلقنى خالىغانچە ئەزگەنىكەن. پۇقرالارمۇ ئۇلارنى ئوردا ـ يامۇللىرىدىن تارتىپ ـ سۆرەپ چىقىپ، پۇخانى يېشىلگۈدەك جاجىسىنى بېرىۋېلىشى كېرەك!

باغنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن كىمدۇر بىرى ئاستا شىپىلداپ كىرىپ، پەنجىرە ئالدىغا قارا كۆلەڭگە تاشلىغاندىن كېيىن ئاز ئۆتمەيلا غايىب بولۇپ كەتتى. بۇنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ پايلاقچىسى، دېپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئىدى. قىزغىن داۋام قىلىۋاتقان گەپ توختاپ، سەپداشلار ئولتۇرغان جايلىرىدىن قىمىرلىماي بۇ شەپىنى جىملىق بىلەن كۆزەتتى. بىلال ئەزىزى قىلىنىۋاتقان سۆزنىڭ مۇقامىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتى بىلەن:

— تاجاخۇن ئاكا، بىغىڭىز ئەل ئىچىدىن خېلى چەتتەكەن، — دېدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەر يول ئۈستى ئەمەسكەن. شۇنداقتىمۇ ئىشىكىڭىز ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغانلار بار ئوخشايدۇ، ئۇلار قەيەر بىلەن ماڭىدۇ؟

— بۇ تەرەپكە بىرنەچچە دوست ـ يارەنلىرىمدىن باشقا ھېچكىم كەلمەيدۇ، — جاۋاب بەردى بوۋاي، — باغنىڭ ئالدى يول ئەمەس. ئارقا تەرىپى تۇيۇق بولۇپ، يارغا تاقىشىدۇ. بۇ يەردىن ئۇ تەرەپكە ئالدىراش ئىشى بارلار يارغا يامىشىپ ئۆتمىسە، باشقا ھېچكىم بىزنىڭ بۇ جايدىن ماڭمايدۇ.



مۇنىرىدىن خوجا ئۆيدىن چىقىپ، باغنى كۆزەتتى. ئاندىن ئىشىك سىرتىغا ئۆتۈپ، يار تەرەپكە قارىدى. جاڭ دوسا بىر سىيرىلىپ، بىر ئۆرلەپ، يار ئۈستىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. سەپداشلار شۇ چاغدىلا باغ تەرەپتىمۇ ئۆزلىرى ئۈستىدىكى نازارەتنىڭ كۈچىيىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ھەتتا ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھازىر ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان تەسىس مەجلىسىدىن خەۋەر تېپىپ بولغانلىقىنىمۇ پەملىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى قەتئىي شۇ ھۆكۈمگە كەلدى، دېپ ئېيتقىلىمۇ تېخى بولمايتتى.

— ھەممە يەردە تىمىكەن، ھەرقاچان يۇتۇڭغا سانجىلىشقا تەييار تۇرىدۇ، — دېدى سىرتتىن قايتىپ كىرگەن مۇنىرىدىن خوجا، — ئۇ جاڭ دوسا ئىكەن. ساقچى ئىدارىسىنىڭ بۇ ئۆتكۈر چىشلىق ئىتى بىزنى چىشلەشكە كەلگەن ئوخشايدۇ. مېنى كۆرۈپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يارغا يامىشىپ يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى.

— كېچىدىن بېرى بۇ يەر ئەنسىزلىشىپ قالدى، — دېدى باغۋەن سەپداشلارغا ئەسلىتىپ تۇرۇپ، — سىرتتا كۈسۈلدىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتتىم. خېلىغىچە ئاياغ تىۋىشى بېسىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېكىم نۇرنى دېمەمسىلەر؟ بۇ بىردەم قارا ئىت ئەتىگەن تاڭ سەھەردە بۇ يەردە شۇم بۇيدەك ئۈرۈپ، بىرمۇنچە نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى. ئۇ تېخى بەگلەردەك مەيدە كەپتۇ.

— ھېكىم نۇرنىڭ ئۆزى قېنى، نەگە كەتتى؟ — چۆچۈپ سورىدى ئۈچ سەپداش تەڭمۇ تەڭ.

— بازارغا كەتتى. قويى ئەكىلىمەن دەيدۇ. داش قازاننىڭمۇ كېپىنى قىلدى، — جاۋاب بەردى باغۋەن.

— ئۇ يالغۇز كەپتۇمۇ؟ — سورىدى بىلال ئەزىزى.

— يالغۇز كەپتۇ. مېپىنى ئۆزى ھەيدەپتۇ. باراۋەتنىڭ

كېيىنى قىلىپ، ئالدىراش ماڭدى.

— قارىغىلار، بۇنىڭ چاققانلىقىنى! بۇ يەرگە ھەممىدىن ئىلگىرى پالاقشىپ كېلىپ بوپتۇ، — دېدى بىلال ئەزىزى ئەجەبلىنىش ئاھاڭىدا.

تاجىخۇن ئاكا تېكىرقاش بىلەن سەپداشلارغا قارىدى. ئۇ ل. مۇتەللىپ، مۇتەرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ھېكىم نۇرنىڭ بۈگۈنكى تەسىس مەجلىسى بىلەن ئالاقىسى يوقتەك بىر ئۇقۇمغا كېلىپ، بۇ قارا نىيەت توغرىسىدا ئۆز كۆز قارىشىنىڭ خاتا بولمىغانلىقىدىن خۇشال بولدى.

— مەن ئەسلىدىلا ھېكىم نۇرنىڭ سىزلەر بىلەن پىكىرداش بولۇۋېلىشىغا ئىشەنمىگەنىدىم، — دېدى ئۇ ئۆز كۆز قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ، — سىزلەر بولسىڭىزلار ئاقسۇ ياشلىرى ئىچىدە پۇراق چېچىپ تۇرغان ئۈچ تۈپ قىزىلگۈل. ھېكىم نۇر بولسا، سېپى ئۆزىدىن شۇمبۇيا. ئەگەر ئۇنىڭ باراۋەت ئۆتكۈزىمىز، دەپ يۈرگىنى باشقا بىر كىملەر ئۈچۈن بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنى بېغىمغا يولاتمايمەن. باغ سىزلەر ئۈچۈن ئوچۇق. مېنىڭ ئۇنى بۈگۈن سىزلەرگە بەرگىنىم بەرگەن، باشقىلارغا بەرمەيمەن.

سەپداشلار بوۋاينىڭ ئۆزلىرىگە بولغان مۇھەببەت ۋە چوڭقۇر ئەقىدىسىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولۇپ، تەكرار رەھمەت دېيىشتى. لېكىن ئۇنىڭ ھېكىم نۇردىن مۇنچىۋالا قاتتىق نەپرەتلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلەلمەي، بىر - بىرىگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىشىپ قويدى.

— بۇ دۈيىز مۇناپىق، — سۆزىنى داۋام قىلدۇردى كۆپنى كۆرگەن بوۋاي، — تۇرقى ئادەمگە ئوخشىغان بىلەن تۈزگەن - پۈككىنى يىرتقۇچ بۆرە. ھەجىيىپ كېلىپ، تويغۇزماستىن ئادەمگە ئېتىلىدىغان تۈلكە. ئۇ يېزىلاردىن بىرمۇنچە بىگۇناھ



ھاشارچىلارنى باغلاپ كېلىپ، ئۇرۇپ قىينىدى. بۇنداق ھاشارچىلاردىن بەزىلىرى ھېلىمۇ قاماقخانىدا يېتىپتۇ. مەن بۇنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقىمغا قارىماي، مېنى ھەدېسىلا ئۇرۇپ، ئاخىر ئىشچىلىقتىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

— ھېكىم نۇرنىڭ يەنە قانداق ئىشلىرىنى بىلىسىز ئاتا؟ — سورىدى مۇتەرىدىن خوجا.

— ئېيتسام كەلسەم تولا، — جاۋاب بەردى باغۋەن، — ئۇنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشپىيونىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر ئاخشىمى لى يا كەلسە، بىر ئاخشىمى جاڭ دوسا ياكى لى دوسا كېلەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى قارا چاپانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

سەپداشلار قاتتىق چۆچۈش ھېس قىلدى. بوۋاينىڭ پاكىتلار بىلەن تولغان ئىشەنچلىك سۆزلىرى ئۇلارنى پۇشايمان چوڭقۇرلۇقىغا باشلاپ كىردى. ل. مۇتەللىپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، بارمىقىنى بىرنەچچە رەت ئاچچىق چىشلىدى. مۇتەرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەر چېكىلىرىنى تۇتۇشۇپ ئازابلاندى. بۈگۈنكى تەشكىلات قۇرۇشتىن ئىبارەت غايەت زور مەرىكە خۇشاللىقى بىردىن ئاچچىق تۇيغۇ بىلەن ئالماشتى.

— ھېلىمۇ ھېكىم نۇرنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، — دېدى تاجىخۇن ئاكا غەزەپ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — ئەگەر سىزلەر ماقۇل بولسىڭىزلار بۇ قارا يۈزنى بېغىمغا بىر قەدەممۇ يولاتمايمەن. ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى تاشلاپ، كۆرپە - كۆرپەڭنى كۆتۈر، دەپ قوغلايمەن.

ئۆيگە بازار تەرەپتىن كېلىۋاتقان يار - يار ھارۋىنىڭ

كاتاڭ يولغا ئېگىز – پەس ئۆرۈلۈشىدىن پەيدا بولغان غاچىلداش ئاۋازى ئاڭلاندى. سەيداشلار قولاق سېلىپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىلا هارۋا باغ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ توختىدى. يار – يار هارۋىنىڭ يوغان چاقىيەلىكەتەك قوپال ياغاچ چاقلىرى تىزرۇتقان يوشاق. ئۇلاك تىريا تامدىن هالاسىپ، باغ ئىچىگە بېسىپ كىردى. بۇ هېكىم نۇر يالىلاپ ئەكەلگەن هارۋا ئىدى. بىرۋاي سىرتقا چىقىپ، قاپىقى يېغىباشتىن تىزرۇلگەن هالدا قايتىپ كىردى.

— بىز دەۋاتقان هېلىقى مۇناپىق مەخلۇق كەپتۇ، — دېدى ئۇ، — هارۋىغا قىرى، داش قازان، سەۋزە بېسىپ كەپتۇ. ئىشىكنى يېپىۋەتتىم. دۆۋىزىنىڭ يېزىنگىمۇ قاراپ قويماي كىردىم.

بىرۋاينىڭ گېپى تېگە – تەگمەستىن باغ ئىشىكى جالاقلاپ ئېچىلدى، هېكىم نۇر «تاجاخۇن ئاكا» دەپ تىۋلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ، بىرۋاينىڭ قوپاللىق قىلغانلىقىغا خاپا بولۇپ بىرنەچچە ئېغىز زەردە سۆزلىرى قىلمۇۋالماقچىدى، لېكىن، ل. مۇتەللىپ، مۇتەرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزلەرنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا سەيداشلار يۈت ئۇچىغا قاراپ قىمىرلىماي ئولتۇراتتى. ئىشپىيون ئوڭايسىزلاندى. ئۇ تاجاخۇن ئاكا بار يەردە، سەيداشلارنىڭ تېز ئۆزگىرىپ، چىرقۇم ئۆزىنگە ئىشەنمەسلىك نەزىقەسىدە بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ئىشپىيون بۇ ۋىجدانلىق بىرۋاينىڭ ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى مۇشۇنداق بىر كەسكىن يەيتتە، ل. مۇتەللىپ، مۇتەرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزلەرگە پاش قىلماي قويمايدىغانلىقىنى ئالدىنئالا يەھلەپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاخشامقى پىكىرلىشىش ئولتۇرۇشىدا تەمىس مەجلىسنى تاجاخۇن ئاكىنىڭ بېغىدا ئۆتكۈزۈشكە جان – جەھلى بىلەن قارشى چىقىپ، گۈلباغدىكى مەمەتباي-



نىڭ بېغىدا ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇۋېلىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل شۇ يەردە ئىدى. تاجاخۇن ئاكا دۆۋىزىنى شۇ هامان قوغلاپ چىقىرىشقا تەييار بولۇپ تۇراتتى. ئىشپىيون هازىرقى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، تەمىس مەجلىسكە ياشقىدىن ئۆلگىرىكىدەك ئىشەنچ بىلەن سىغدىلىپ كىرىۋېلىش ئۈچۈن، يېڭى بىر دۇقامدا سۆز باشلىدى. چۈنكى، لى با كېچە هېكىم نۇرغا: «ئەگەر لۇتپۇللالار ئىچىدە گۇمانغا قالغان بولساڭ، قايتقارىشىغا ئىشپىيونلارنى پاش قىلغان بولۇپ سۆزلە. ئەتە بىز تاجىنىڭ بېغى تەرەپكە ئاربلاپ ئادەم ئەۋەتىپ قويىمىز، سەن شۇلارنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىپ، لۇتپۇللالارنى ئانچىكىم هوشيارلىققا چاقىرىپ قويغان بولە» دەپ ئەتەيىن ئەسكەرتىپ قويغانىدى. بۇ گومىنداڭ ساقچى ئورگىنىنىڭ سول تەرەپتىن شەپە بەرگەن بولۇپ، ئۇلار بىقىنىدىن كىرىۋالغان ھەقىقىي ئىشپىيوننىڭ ئۆزىنى چاپىيەردىلەش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغان تاكتىكىسى ئىدى.

— لەڭگەر كۆۋرۈكىدىن قايرىلىپ، بۇ تەرەپكە كېلىۋېتىشتا لى دوسانىڭ مۇشۇ باغ تەرەپتىكى مەھەللىدىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، — سۆز باشلاپ كەتتى هېكىم نۇر، — ئەمدى باغ ئالدىدا توختاپ يار ئۈستىگە قارىسام بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەم ئۆزىنى يوشۇرۇشقا ئامال قىلالىمىدى بولغاي، دەرەختىن بىر تۇتام يوپۇرماقنى ئۈزگەن بولۇپ، بىكار تاماشىچىدەك كۆرۈنۈپ نېرىغا كەتتى. بۇ جاڭ دوسادەك تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا ساقچى ئورگىنى كەينىمىزگە پايلاقچى سېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى مەجلىستە سەيداشلارغا هوشيار بولۇش جەھەتتىن سۆزلەپ قويمىساق بولمىغۇدەك.

ل. مۇتەللىپ بىلەن بىلال ئەزىزى ئىشپىيوننىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ماقۇللۇق بىلەن بىر – بىرىگە باش لىڭشىتتى.

مۇنىرىددىن خوجا بۇندىن ئىلگىرىمۇ جاڭ دوساننىڭ ياۋېشىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئەسلەپ، ئۆز كۆڭلىدە ھېكىم نۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىدى. بۇ تاجاخۇن ئاكىنىڭ ھېكىم نۇر ئۈستىدىن ئېيتقانلىرى بىلەن قارىمۇ قارشى بىر خىل سېلىشتۇرما بولۇپ شەكىللەندى. سەپداشلار ئاخىردا بوۋاينىڭ سۆزلىرىدە ھېكىم نۇرغا قارىتا شەخسىي غەرەزىتىن كېلىپ چىققان گۇمانىي قاراشلار بولۇشى مۇمكىن، دېگەن يەرگە كەلدى. سىرتتا ئاۋۋال داش قازاننىڭ بوش جىڭىلدىشى بىلەن ھارۋىكەشنىڭ داش قازاننى يەرگە چۈشۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ چۆچۈگەن قوينىڭ ھارۋىدا مەرەپ تىپىرلاۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. بوۋاينىڭ سىرتقا چىققۇسى كەلمىدى. مۇنىرىددىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ھېكىم نۇرلار ھارۋىكەشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن ماڭغاندا، ل. مۇتەللىپ بوۋاينى يالغۇز قالدۇرۇشقا كۆزى قىيماي ھەمراھ بولغاچ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىش ئۈچۈن ئۆيدە قالدى.

باغۋەن يەنە ھېكىم نۇر توغرىسىدا ئاخىرقى گەپلىرىنى قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى، شائىر بايقىماي سۆز باشلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سۆزنىڭ ماۋزۇسى باشقا تەرەپكە يۆتكىلىپ كەتتى.

— بوۋا، سىز مېنى ئوغلىڭىزغا ئوخشىتاتتىڭىز، ھازىر ئۇ قەيەردە، ھېلىمۇ ئۈرۈمچىدىمۇ؟ — سورىدى ل. مۇتەللىپ.

بوۋاينىڭ غەزەپلىك تۇرقى ئۆزگىرىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى-دە، تاپىسغا كېلىپ، شائىر بىلەن يانمۇ يان ئولتۇردى.

— نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى ئۇ. — ھېلىمۇ ئۈرۈمچىدە. ئەمما تىرىكى ئەمەس، ئۆلۈكى!...

— بۇ قانداق گەپ؟! — ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن سورىدى ل. مۇتەللىپ.



— شېڭ شىسەي ئۇنى قاماققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ھايات چېغىدا ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ، 7-باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ تېخى كۆپ ياش ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئوغلۇم سىزنىڭ ھازىرقى يېشىڭىز بىلەن تەڭ بولغان بولغىدى. بويى تۇرقى، رەڭگىرويى سىزگە تولىمۇ ئوخشايتتى. چىرايلىق، پاكىز بالا بولغانىدى. ئىلگىرى كىچىك بالا چېغىدا ئاقسۇدا مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ ئوقۇغان. كىچىكىدە ئۇنى تۇرپاندىن ئۆزۈمگە ئەگەشتۈرۈپ، بۇ يەرگە ئەكەلگەنىدىم. ئاپىسى تۇرپاندا چېغىمىزدا تۇغقۇتتا ئۆلۈپ، ئوغلۇم يېنىمدا تىكەندەك يالغۇز قالغانىدى. ئاۋۋال قومۇل قوزغىلىڭى، ئاندىن تۇرپاندا قوزغىلاڭ بولغان. مەن شۇنىڭغا قاتنىشىپ 1933-يىلى ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىللە بۇ يەرگە ئەكەلگەنىدىم.

شائىرنىڭ ئۈرۈمچىدە چېغىدا 6-ۋە 7-ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇيتتى. ل. مۇتەللىپ بوۋاينىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىدىن ئۇنىڭ ئوغلى توغرىسىدا مەلۇم ئەھۋاللارنى ئەسلىگەندەك بولدى.

— ئوغلىڭىزنىڭ ئېتى ئىمىن نەزەروپمىدى؟ — ئىككىلەنمەي سورىدى ئۇ.

— ياق، نەزەروپ ئەمەس، ئىمىن تاجى ئىدى، — ھەيرانلىق بىلەن جاۋاب بەردى بوۋاي ۋە شۇ مەھەل ئۆز ئىنكارىنى ئۆزى رەت قىلىپ، — ھە، توغرا، ئاۋۋالقى فامىلىسى تاجى ئىدى. كېيىن ئاتامنىڭ ئېتىغا يۆتكەپ فامىلىسىنى ئىمىن نەزەروپ قىلىۋالغانىدى، — دېدى.

— ۋاھ ئادەمنىڭ بېتى يىرىق، ئالتۇننىڭ دېتى، دېگەن راست گەپكەن. مەن ئوغلىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. قويۇق ئارىلاش-

مىز بار ئىدى. قەلبى ئۆتكۈر بولۇپ، شىنجاڭ گېزىتىگە پات - پات ماقالىلەر بېرىپ تۇراتتى. مەن شۇ چاغدا شىنجاڭ گېزىتىدە ئىشلەيتتىم.

— سىزنى ئوغلۇمغا ئوخشىتىپ بىكار قىلمىغانىكەنمەن... بىراق، ئۇنىڭ ھاياتى ياش تۇرۇپ ئاخىرلاشتى. خۇدا سىزگە ئۇزاق ئۆمۈر نېسىپ قىلسۇن!...

— خەلق بۇ باغنى دوتەيىنىڭ بېغى دەپمۇ قويىدىكەن. دوتەي نىياز شېرىپى سىزنىڭ نېمىڭىز بولاتتى؟

— تاغام ئىدى. ئۇ جىك شۆرىن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشتى. ئاقسۇغا ۋالىي بولدى. ئاندىن ئاشكەنتكە شىنجاڭدىن بېرىپ، مۇئاۋىن باش كونسۇل بولدى. ئاخىر يەنە بۇ مەرھۇمنى شېڭ شىسەي قاماقخانىسىغا سولاپ، يەپ تۈگەتتى. بۇ باغ تاغام ئاقسۇغا ۋالىي چاغدا بىنا قىلىنغان. شۇندىن كېيىن مەن ئۇنى پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتىمەن، — بوۋاي ئاۋازىنى پەسەيتىپ تۇرۇپ، — شۇ ۋاقىتتا بىز قىلغان ئەجرىمىز، تۆككەن قېنىمىزغا تۇشلۇق خەلققە ئەمەل كەلدى، دەپ خۇش بوپتىكەنمىز، ئەدىكىنى؟ ئۇلار قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنى يەپ تۈگەتتى، — دېدى.

ل. مۇتەللىپ تاجاخۇن ئاكا بىلەن مەقسۇتئاخۇن ئۇستىنىڭ ساتىراشخانىسى ئالدىدا بىرىنچى قېتىم تونۇشقاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان گەپ - سۆزلىرىنى ئەسلەپ:

— مەن تەلەپپۇزىڭىزغا قاراپ سىزنى تۇرپانلىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. گېزىتخانىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىر بىلەن ھەپىلىشىدىغان بىزگە ئوخشاش كىشىلەر تىلچى كېلىدۇ، تىل ئۆگىنىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپ قويىدى.



— ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن تىل. ئاھاڭىمنىڭ ئۆزگەرمىكى تەسكەن، — دېدى بوۋاي ئۆزىنى بەتتەرمۇ تونۇشتۇرۇپ. — بۇ يەردىكىلەر مېنى بەزىدە تاجى تۇرپانى، دەپ ئاتاشا. بەزىلەر باياغى ئاتراقتەك تېخى مېنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، تاجى باي دەپمۇ قويۇشىدۇ.

قىسقا سۆھبەت شائىرنىڭ بوۋايغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇ سادىدىل، سەمىمىي نىيەت بۇ باغۋەنگە ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئەقىدىسىدىن كۈچلۈكرەك ئەقىدە باغلاپ قالدى. تاجاخۇن ئاكا تۇرمۇشنىڭ دەرد - ئەلەملەر تۈپەيلىدىن بالدۇر قېرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزۈن ئۇچكە ساقىلى تەپتەكشى دېڭىزدەك ئاقىرىپ بولغان، بوۋاي يەنە ئەسلى ئېگىز بولسىمۇ، ھەددى - ھېسابسىز ئورۇقداپ، ھازىر مۈكچىيىپ، ۋىججىكلىشىپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ تېتىك، سەزگۈر. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ھەقىقىي بىر ئىنسانىنىڭ ۋىجدان سادىسى جاراڭلاپ تۇراتتى. ل. مۇتەللىپ بوۋايغا ئۇلۇغلۇق مېھرى بىلەن قايتا - قايتا قاراپ، ئۇنىڭدا ئۆز ئاتىسىنىڭكىدەك بىر خىل ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى كۆردى.

شائىرنىڭ ئالدىدا ئەمدى دەسلەپ بىلگەندەك، ئاق كۆڭۈل، خۇش مۇئامىلە، سەمىمىي نىيەتلىك بىر ئۇيغۇر دېھقىنىنىڭ يېقىملىق سىماسىلا ئەمەس، بەلكى ياڭ زېڭشىن بىلەن جىك شۆرىننىڭ زۇلمەتلىك جاھالەت مەزگىلىدىن تارتىپ، شېڭ شىسەينىڭ جاللاتلىق زامانىسىغىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە گومىنداڭنىڭ ھازىرقى قىرغىنچىلىق دەۋرىگىچە بولغان ئاجايىپ جەڭگى - جېدەللىك بىر تارىخىي جەرياننىڭ تىرىك گۇۋاھچىسى تۇراتتى. تاجاخۇن ئاكا ھەقىقەتەن ئۇ تارىخنىڭ ئادەتتىكى گۇۋاھچىسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە قوزغىلاڭ - تۇرپان قوزغىلاڭلىرىنىڭ بىۋاسىتە قاتناشقۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلىنى

ياش چىغىدىلا شىلىق شىمەي يەپ تۈگەتكەن. بۇ ھالەت ئۇنىڭ تاغىسىنىمۇ ئۈنتۇداق قىلدى. شائىر بۇلارنى تەپەككۇر كۆزۈرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆز ئالدىغا ئەكەلگەن چاغدا، تاجاخۇن ئاكىدىكى گىرىنداشقا قارشى غەزەپ — نەپرەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشكە — يۇمشىماس ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولدى.

شائىر بىلەن بوۋاي ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ ئاتا — بالىدەك بىر — بىراقى مېڭىپ، تەبەسسۇم چىراي بىلەن ئۆيدىن چىقتى. قوي باغقا ئەكىرىلىپ، ئىشىكنىڭ كۆلەڭگە تەرىپىگە باغلانغان. داش قازان بىلەن تاغاردىكى سەۋزە ئىشىكنىڭ يېنە بىر قاتتىق تەرەپكە قويۇپ قويۇلغانىدى. بۇ يەرگە كۆچلەكچان كەلگەن ھېكىم نۇر بىلەكلىرىنى شىمايلىۋېتىپ، داش قازانغا ئوچاق ئورنى چاپىماقتا ئىدى. بوۋاي باغنى ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەرنى قىزغىن تەكلىپ بىلەن باغ تۆرىگە ئېلىپ ماڭدى. باغ تۆت — بەش مو ئەتراپىدا بولۇپ، ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىچى ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۈزۈم تەكلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئالقانچىلىك بوش يەر قالدۇرۇلمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئىشىكتىن كىرىپ، ئالتە — يەتتە قەدەم ماڭغاندا، ئۇدۇلىدىكى كىچىك بىر پارچە تۆت چاسا يەردە گۈل ئۆستۈرۈلگەن. يەتتە — سەككىز تۈپ گۈلسۆرۈخ ئوتتۇرىدا قىپقىزىل قىزىرىپ، ئېگىز شاخلىرى بىلەن ئۆپچۆرىدىكى گۈللەردىن ئايرىلىپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنى تۇرپاندىن كەلتۈرۈپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىيارىغا بولغان سېغىنىشىنى قاندۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ گۈللەرنى ئايرىمچە ئەھمىيەت بىلەن پەرۋىش قىلىپ كەلگەنىدى.

گۈلسۆرۈخنىڭ ئەتراپىدىكىلىرى جۇخار، لەيلى، تاجىگۈل ۋە ئەتىرگۈللەر بولۇپ، ھەممىسى تەكشى ئېچىلىپ يېتىلگەن بىرلۈپ، خۇش ھىد تارقىتىشىپ تۇراتتى. ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەر گۈللۈكتە توختاپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلاندى. باغۋەن گۈلسۆرۈخنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ۋە ئۇنىڭ قانداق ئۆستۈرۈلۈپ، قانداق پەرۋىش قىلىنىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، سەپداشلارنىڭ ھەربىرىگە ئۇنىڭ ئەڭ يوغان ئېچىلغانلىرىنى بىردىن ئۈزۈپ تەقدىم قىلدى. گۈللۈكنىڭ يېنى كىچىككىنە قىغۇنلۇق بولۇپ، ئېغىنچە يېشىللىقىنى يوقاتمىغان قويۇق يوپيۇرماقلىق پىلەكلەر بۇ يەردىكى تار ۋە قىسقا ئۈچ تال چۈنەكنى تەكشى يېپىپ، ئۇلاردىكى چىلگە قىغۇنلارنى ئايتايىن يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. باغدا خېلى چوڭ يەرنى ئىگىلەپ، دىققەتنى جەلپ قىلىۋاتقان تىپ — توپ ئۈزۈم تەكلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇچراپ تۇرىدىغان تەك ئۆستۈرۈش ئادىتىگە ئاساسەن بېدىش قىلىنماستىن، يەر يۈزىنى بويلىتىپ ئەركىن قويۇپ بېرىلگەنىدى. مۇنىرىدىن خوجا بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، ئالنى مۇنداق ئۆستۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىدى. باغۋەن بۇ ئۇسۇلنىڭ تۇرپاندا بارلىقىنى، يات — يات بولۇپ تۇرىدىغان بوران تۈپەيلىدىن ئۇ جايدا ئالنى مۇشۇنداق ئۆستۈرۈش ئادەت بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. باغنىڭ شىمال، غەرب تەرەپلىرىدىكى تام تۈۋلىرى قاتار كىرىشتۈرۈلۈپ ئۆستۈرۈلگەن نەشپۈت، ئامۇت، ئانار، چىلان دەرەخلىرى بىلەن توسۇلۇپ، ئۇلار كېسەك تامدىن سىرت يەنە بىر قەۋەت يېشىل تام شەكلىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۆيگە يانداش ئۆستۈرۈلۈپ، ھازىر ئېگىز بويى تارتىپ قالغان كېچىكىپ پىشار ئۈچ تۈپ ئۆرۈكنىڭ تەڭگە يوپۇرماقلىق شاخلىرىدا كەھرىۋادەك سېرىق، توخۇمدەك سىلىق مېۋە مەي باغلاپ كەتكەنىدى. بوۋاي سەپداشلارنى ئۆرۈكلەرنى ئۈزۈپ يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. باغ ئىلگىرى ئېيتىلغاندەك يار باغرىدا بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى توققۇز — ئون غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى

يارغا تۇتىشىپ ئەنە شۇ تەبىئىي تام بىلەن توسۇلۇپ تۇراتتى. يار تۈۋىدىكى يىغان ئۈجمە دەرىخى ئاسمان بىلەن بويى تالاشقاندەك كۆركەم كۆرۈنۈپ، باغنىڭ خېلى كەڭ بىر قىسمىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۈجمە ئاستى قويۇق ئۆسكەن يۇمران ئوت-چۆپلەر بىلەن قاپلىنىپ، ياپيېشىل پايانداز شەكلىنى ئالغانىدى. سەيداشلارغا بۇ يەر ھەممىدىن كۆپرەك يېقىپ قالدى. ئۇلار تەمىس مەجلىسىنى مۇشۇ ئۈجمە دەرىخى ئاستىدا ئۆتكۈزۈشنى سۆزسىز كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشتى. بۇ يەردىن يەنە بىر تال ئېرىقچە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئېرىقچىدىن تەك ۋە كۆكتاتلىققا سۇ كىرىپ تۇراتتى.

باغدا ئۇچار قاناتلار شاختىن شاخقا كۆچۈپ، تىنماي سايرىشاتتى. ئەنە ياربېشى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر توپ قۇشقاچ ئۈجمە دەرىخىگە قونۇپ ۋىچىرلاشقىلى باشلىدى. تامغا قونۇۋالغان بىر جۈپ پاختەك بىر-بىرىنى چۈقىلاپ ئويناشقاچ، ئارىلاپ گۈگۈلاپ قويۇشاتتى. ئاگسىچە يەنە بىرتتىن باشقا بىر توپ قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆرۈك شاخلىرىدا ئۆز سامالىرىنى باشلىدى. ئوچاق ئويۇش بىلەن بولۇۋاتقان ھېكىم نۇر خۇشياقماسلىق بىلەن چالما ئېتىپ قۇشقاچلارنى قوغلىدى. چالما شاخقا زەردە بىلەن تەگكەنلىكتىن بىرمۇنچە ئۆرۈك تۆكۈلۈپ چۈشۈپ، دەرەخ تۈۋىنى قاپلىدى. باغۋەن ھېكىم نۇرنىڭ بۇ قىلمىشىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ساھىبخانلىققا خاس تەكەللۇپىنى ئۇنتۇپ، ئاچچىق بىلەن تۇۋلىدى:

— يېگۈڭ بولسا زايە قىلماي قولۇڭ بىلەن ئېلىپ يە! ئۆرۈك كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇش ئۈچۈن لازىم. ئەگەر ئىش خۇشياقمايۋاتقان بولسا، كىرلىماي تاشلاپ قوي!

قارا نىيەت بۇ گەپلەرنى ئەتەيىن كۆڭلىگە ئالمىدى. ئەكسىچە پىشانىسىنى سىرتكەن بولۇپ، بوش كۈلۈپ قويدى.



بوۋاينىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ تىلى يەنىلا تۇتۇق ئىدى. بولۇپمۇ، مەككار مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە تاجاخۇن ئاكىسىنىڭ سەيداشلارغا ئۆزى توغرىسىدا يەنىمۇ كۆپرەك پاش قىلىش خاراكتېرىدىكى گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئالاھىدە ياۋاش بولۇشقا تىرىشاتتى...

## ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى دۇنياغا كەلدى

سائەت توققۇز يېرىم بولۇپ، سەيداشلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن يېرىم سائەت بۇرۇن باغقا كېلىپ بولدى. ئۇلار ئېھتىيات يۈزىسىدىن توپ ماڭماي، بۆلۈنۈپ تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەنىدى. يېڭىشەھەردىكى سەيداشلاردىن پەقەت ئوسمان مۇھەممەت بىلەن ئايدۇللا روزىلا سەل-پەل كېچىكىپ قالدى، چۈنكى ئۇلار ئىلگىرىكى مەسلىھەتكە ئاساسەن، بىرى بوزا، بىرى مۇسەللەس كۆتۈرگەچ كېلىشى كېرەك ئىدى. كونىشەھەردىكى سەيداشلار ياربېشى ئارقىلىق باغقا كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇلارمۇ ئۈلگۈرۈپ بۇ يەردە ھازىر بولۇشتى. كونىشەھەرلىك ئاتاقلىق پېداگوگ، ھازىر بولسا قىزىل پاچاق، گۇماتلىق ئۈتۈنسۇر دېگەن جىنايى ناملار بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ھەيدىۋېتىلگەن مەۋلانجان تۇردىيوپ، شۇنىڭدەك مەكتەپلەردىكى مۇدىرلىق ياكى ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، خىزمەتسىز ئۆتۈۋاتقان كونا مائارىپچىلاردىن ئابدۇكېرىم ئارىپوۋ، ئىبراھىم ئىدرىسوپ، ئەخمەت ھەسەنوپ، كونىشەھەر ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ

رەئىسى تەۋەككۈل ئۇلۇغۇپلار توپلىشىپ كېلىپ، كېيىن ساقچى پايلاقچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بىرنەچچە كىرا مەپىسىگە بۆلۈنۈپ، ياربېشى ئۆستىڭىدىكى كونا ھارۋا يولى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇلار مەپىلەرنى يار ئۆستەڭدىن قايتۇرۇۋېتىپ، ئېگىزدىن پەسكە چۈشىدىغان سىيرىلما تار چوققىدىن چۈشكەن، كۆزى ئاجىز مەۋلانجان تۇردىيوپنى كۆتۈرگەنىدەك ئاۋايلاپ ئېلىپ چۈشۈشكەنىدى. ئاڭغىچە يېڭىشەھەردىن گۇجەنخۇا، قۇددۇس-لارمۇ ئىلگىرى - ئاخىر كېلىپ بولغانىدى. سائەت توپتوغرا ئونغا يېتىپ، بەلگىلىمە بويىچە تەسىس مەجلىسىنى ئېچىش ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئەمما باي، ئۈچتۇرپان تاھىيىلىرىدىكى جەڭگى-ۋار ياشلارنىڭ ۋەكىللىرى تېخىچە كېلىپ بولالمىغانلىقتىن ئۇلارنى كۈتۈپ، بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئەسلىدىكى مۆلچەر بويىچە، ئۇلار تۈنۈگۈن ئاخشام يېتىپ كېلى-شى، كېچىككەندىمۇ بۈگۈن تاڭ سەھەردىن قالماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ كېچىكىشى سەپداشلاردا ھەرخىل پەرەزلەرنى قوزغىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەسىس مەجلىسنى ئەمدى ئېچى-ۋېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ، ھەممەيلەننى بىر يەرگە جەم بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. سەپداشلار يوغان ئۈجمە تۈۋىدىكى ياپيېشىل چۆپلۈككە كېلىپ، غۇجمەكلىشىپ ئولتۇردى. بۇ يەرگە مەجلىس كاتىپى ئۈچۈن پاكارغىنا يۇمىلاق شىرە قويۇپ قويۇلغانىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۈچتۇرپانلىق سەپداش سېيىت ئابباس، تۇردى ھەسەيىنوپنىڭ ھەمراھلىقى بىلەن باغقا كىرىپ كەلدى. سېيىت ئابباس ئۆز تاھىيىسىدىكى سەپداشلاردىن ئارتۇق ئابباس، ئابدۇللا ياقۇپ، ئىبراھىم مۇمتىلەر ئاقسۇغا كېلەلمىگەن ئەھۋالدا ئۇلارغا ۋەكىل بولۇپ بۇ يەرگە ئاخىر يېتىپ كەل-گەنىدى. لۇتپۇللا ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بۇ ئوچۇق چىراي يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.



قۇياش تىك ئۆرلەپ، شەرقتىن جەنۇب تەرەپكە قايرىلىش-قا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈجمە ئاستىدىكى ئەتىگەنلىك چوڭقۇر ئاپتاپ يوقاپ، بۇ يەرنى قويۇق كۆلەڭگە قاپلىدى، يۇت ئاس-تىدىكى قېلىن ئوت - چۆپلەر يېڭىباشتىن ياپيېشىل تۈستە تاۋلاندى ۋە بىرخىل يېقىملىق چىم پۇرىقى ئەتراپقا تارقالدى. ئابدۇللا روزى قېلىن مۇقاۋىلىق كۆپ ۋاراقلىق دەپتەر، زەمەر قەلەم، بىر قۇتا سىيا ئەكەلگەنىدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى مەجلىس خاتىرىسى يازماقچى بولۇپ، ئۇستەلگە قويۇپ قويدى. سەپداش-لار بىردىن جەم بولۇپ، چوڭقۇر ئىچكى ھاياجان ئىچىدە مەج-لىسنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتتى. ئۇنىڭدىن خوجا تەسىس مەجلىس-نىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭ كۈنتەرتىپىنى تونۇشتۇر-ماقچى بولۇپ تۇراتتى، يېڭىلا داش قازان ئوچىقىنى كولاپ بولغان ھېكىم نۇر ئىشتان يانچۇقىدىن بىر ئۆتتام قەغەز ۋە كىرگۈلەك يانچۇقىدىن قەلەم چىقارغان ھالدا ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇستەل تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مەج-لىسكە كاتىپ بولۇش تەمەيىدە ئىدى. بىراق، ھەممەيلەن بىر-دەك پىكىر بىلدۈرۈشۈپ، بۇ ئىشتا خۇش خەت ئابدۇللا روزىنى كۆرسەتتى. ئېيتىمىياتچان گۇجەنخۇا ياربېشىغا نازارەتچى قويۇش-نىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ، ئۇ يەرگە بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزى چىقىشنى تەلەپ قىلدى. چەۋەس يىگىت تۇردى ھەسەيىنوپ بىر سەپداشقا ئېتىبار قىلىش يۈزىسىدىن، ياربېشىغا چىقىپ، مەجلىس ئورنىغا يېقىن گىرۋەككە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ يەردىن يار ئۆستىڭى ۋە سول تەرەپتىكى كەڭ ئېتىزلىقنى كۆزەتكىلى بولاتتى. تۇردى ھەسەيىنوپ قادىر ئېلىنىڭ كېلىۋات-قانلىقىنى خەۋەر قىلدى. سەپداشلار بايلىق ھۆرمەتلىك سەپداش ئابدۇللا داۋۇتوپنى كۆرۈۋېلىش ئارزۇسى بىلەن ھاياجانغا كېلىپ، ئىشىككە قاراشتى. بىراق قادىر ئېلى باغقا يالغۇز كىرىپ كې-

لىپ، شائىرغا ئابدۇللا داۋۇتوپ ئەۋەتكەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇردى. لى. مۇتەللىپ تارىخچى ئالىمنىڭ خېتىنى مەجلىس كۈنتەرتىپىنىڭ ئادەتتىن سىرت ماددىسى ئورنىدا ئوقۇپ ئۆتتى. چۈنكى مۇنداق قىلىش بىلەن سەپداشلاردا ئابدۇللا داۋۇتوپنىڭ ئەسىس مەجلىسكە كېلەلمەسلىكىدىن پەيدا بولغان دىققەتچىلىكنى تۈگەتكىلى بولاتتى.

خەتتە ئۇنىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ بۇ ئاجايىپ مۇھىم مەجلىسكە بارالمىغانلىقىدىكى سەۋەبلەر ئېيتىلىپ كېلىپ، مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ھازىر باي ناھىيىسىدە ئىلغار كۈچلەر ئۈستىدىن ئىنتايىن قاتتىق تەقىپ ئورنىتىلماقتا. نازارەت ھەددى - ھېسابسىز كۈچەيتىلمەكتە. ساقچى ئورگىنى تەرىپىدىن ھەر بىرىمىزنىڭ ئارقىسىغا ئوچۇق - ئاشكارا پايلاقچى سېلىپ قويۇلدى. بۇنى بىز ھەربىر قەدەمدە سېزىپ تۇرماقتىمىز، ئۇلار بىزگە ئالدىنئالا سىگنال بولسۇن ئۈچۈن، يوشۇرۇن كۈرەشتىكى ئاكتىپ سەپداشلىرىمىزدىن ئېلىنى كېچىسى ئۇشتۇمتۇت ئەكېتىپ، قاماپ قويدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بىزنىڭ بوشىشىپ قالغىنىمىز يوق. ئەكسىچە تېخىمۇ سەگەك بولۇپ، گومىنداڭغا قارشى كۈرىشىمىزنى دادىللىق بىلەن داۋام قىلدۇرماقتىمىز. بىز مەسچىتلەرگە يوشۇرۇن تەشۋىقات ۋەرەقىسى تاشلاپ، جامائەتنى قوزغىلىشقا دەۋەت قىلدۇق. كوچا - مەھەللىلەرگە مۇستەبىتلەرنى مازاقلاپ، ھەجۋىي رەسىملەر چاپلىدۇق. بايدا كۈرەش ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماقتا».

ئابدۇللا داۋۇتوپ خەتتە يەنە ھەرقانداق خېيىم - خەتەردىن قورقماي، گومىنداڭنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلىپ تۇرىدىغانلىقلىرىنى، ئىلى تەرەپ بىلەن ئالاقىنى ئاۋۋالقىدەك داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، باي ناھىيىسىنى ساللىي ئارمىيە بىلەن باغلىغۇچى قىيىر تاغ ئېغى-



زىدا گومىنداڭ ئەسكەرىي كۈچلىرىنى كۆپەيتىپ، بۇ يەردىكى ئۈچ ئۆتكەل — ئۈچ جىلغىنى بىراقلا قامال قىلىپ ياتقانلىقى ئۈچۈن ئالاقىلىشىش قىيىنلىشىپ، باردى - كەلدىنى ئىلگىرىكىدەك داۋام قىلدۇرۇشقا بولمايۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويغانىدى.

«سىلەر بىلەن بولغان ئالاقىمىزدىمۇ يېڭى قىيىنچىلىقلار پەيدا بولماقتا، — دېيىلگەنىدى خەتنىڭ ئاخىردا. — ئىلى ۋىلايىتىدە قوراللىق ئىنقىلاب قوزغالغاندىن تارتىپ يولغا قويۇلغان يول خەتسىز ناھىيە ھۆدۇدىدىن ھالقىماسلىق، يولۇچىلارنى مەنزىل - مەنزىللەردە تەكشۈرۈش سىلەر بىلەن بىزنى ئۆزئارا ئۇچرىشالماس قىلىپ قويىدى. مەن ئاقسۇغا بېرىپ، سىلەر بىلەن پىكىرلەشكەچ، ئەسىس مەجلىسكە قاتنىشىشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلغانىدىم. بىراق، بېرىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. ناھىيىمىزدىكى ساقچى ئورگىنى يول خېتى بەرمىگەنىنىڭ سىرتىدا، مېنىڭ ئاقسۇغا بېرىشىمدىكى سەۋەبلەرنى سۈرۈشتە قىلىشى، سىلەرنى ئۇ يەردە تېخىمۇ گۇمان ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بىز ئەڭ ياخشىسى شوپۇرلار ئارقىلىق ئۇچرىشىپ تۇرايلى. قادىر ئېلى بىزگە ئاقسۇ ۋەزىيىتىنى ۋە سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان يەر ئاستى كۈرەشلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ئەسىس مەجلىسنىڭ ئۆتۈشى ھەققىدە تېزرەك مەلۇمات ئەۋەتىشىڭلارنى كۈتىمەن. خەت پوچتا ئارقىلىق ئەمەس، ئىشەنچلىك شەخسلەردىن ئەۋەتىلسۇن. كۈرەشچىلەرگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!»

تارىخچى ئالىم خەتنىڭ ئاخىردا قادىر ئېلىدىن تۆت دانە قول بومبىسى، 45 دانە ئوق بىلەن بىر دانە تاپانچا ئەۋەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچىدىن كەلگەن شوپۇرلار ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ يېقىنقى ئۈچ سانىدىن تەڭ پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئۇلارنىڭ

ھەربىرىدىن بىردىن نۇسخا تەۋەتتىكەنلىكىنى مەلۇم قىلغانىدى.

تەمىس مەجلىسىدە ھازىر بولغان سەيداشلاردىن بەزىلىرى ئابدۇللا داۋۇتوپ بىلەن شەخسىي تونۇشىمۇ، ئۇلاردىن بىر قىسمى ئۇنى يۈزتۇرانە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەمما ئۇلار كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئابدۇللا داۋۇتوپنىڭ مۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، ئۆز يۇرتى بايدىن قەشقەرگىچە بېرىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى. ئاندىن ئۇ يەردىن 1930 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنىدا، تەۋەككۈل ئۇلۇغۇپ، مەۋلانجان قۇردىسىۋىپ، ئىبراھىم ئىدىرىسوپ، ئەخمەت ھەسەنىيلار بىلەن ساۋاقداش بولۇپ بىللە ئوقۇغانلىقىنى، قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە، مەرىپەتپەرۋەر، ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىيلاردىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزى، ئوسمان مۇھەممەتلەر ئۇ تاشكەنتتىن شىنجاڭغا قايتىپ، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن ۋە مەدەنىيەت كادىرلىرى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا دەرس بەرگەن چاغلاردا ئۇنىڭدا ئوقۇپ تەلىم ئالغان كىشىلەر ئىدى.

ئابدۇللا داۋۇتوپنىڭ خېتى ئوقۇلۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرى تارىخچى ئالىمنىڭ ئۆزلىرىگە تونۇش ئۇرۇق، ئېگىز بويىنى، قارا قوشۇماق ئەتلىك سوزۇنچاق يۈزىنى، ھەمىشە تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان، خاپىلىق، دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ئاداۋەتنى چىدام بىلەن يوشۇرۇشنى بىلىدىغان سالماق ۋە خۇش خۇي مىجەزىنى ئەسكە ئېلىشتى. ھازىر بولسا خەتتە ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى خۇددى چاقىرىقنامىگە ئوخشاش كۈچلۈك سادا بولۇپ جاراڭلىماقتا ئىدى.



خەت ئوقۇلۇپ بولۇشى بىلەن قادىر ئېلى سۆز قىستۇرۇپ بۇ قېتىم بايدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ تارىخچى ئالىمنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى تولۇقى بىلەن تەستىقلىدى. ئۇ، قىزىل بومبىلىرى، ئوق ۋە تاپانچىسى پەقەت شوپۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئاقسۇغا يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى، ئەگەر مۇنداق ياردەم بولمىسا، بۇلارنى يەتكۈزۈپ كېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

— مېنىڭ ئەسلىمىنىڭ بايلىق ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، — دېدى قادىر ئېلى، — ئۆتمۈشتە ساقچىلاردىن باشقا بىرمۇ قوراللىق ئەسكەر بولمىغان بايدا. ھازىر ھەممىدىن كۆپ نەرسە ئەسكەر بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىناسىنى، مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرىنى ۋە بەزى يولۇچى سارايلىرىنى ئىگىلەپ ھەربىي گازارما قىلىپ بوپتۇ.

قوي سويۇلۇپ، گۆش ۋاقتىدا قازانغا سېلىنمىسا تەمىس مەجلىسى ئاخىرلىشىشقا يېتىپ ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان باغۋەن ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قويىنى ئېغىلدىن ھەيدەپ چىقىپ، ئۆرۈك تۈۋىدە سويماقچى بولدى. ھېكىم ئۇر بۇنى كۆرۈپ، تاجاخۇن ئاكىنى توسۇپ، ئۆزى ئەكەلگەن قوينى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ يەنە ئۆز لەۋزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، باغ ئىشىكىنىڭ كەينىگە باغلاقلىق قوينى ئۆزى سويۇپ، سەيداشلارنىڭ يېنىدا سويۇشقا تەمشەلدى. مۇنداق قىلغاندا، ئۇ قوي سويغاچ، مەجلىس ئەھۋالىنى كۆزىتەلەيتتى. قىلىنغان سۆزلەرنىمۇ ئەلتۆكۈس ئاڭلاپ تۇرالايتتى. باغۋەن ئۆزىنىڭ بۇ مەككار رەقىبىگە يول قويمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسقا دەتالاش مەيدانغا چىقتى. بىۋاي ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان قوينى ئاللىقاچان سەيداشلار ئۈچۈن مېھمانلىق تائامى قىلىشنى

قەتئىي ھالدا كۆڭلى - كۆكسىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

— باغ مېنىڭ ئىكەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئەنە شۇ ياشلار ئەلۋەتتە مېنىڭ مېھمىنىم، — دېدى ئۇ ھېكىم نۇرغا. — ئۇلارنى ئۆز قويۇمنىڭ گۆشى بىلەن كۈتۈۋالىمەن، سەن مېنى ھېچنېمىسى يوق كەمبەغەل كۆرۈۋاتامسەن؟ توغرا، مېنىڭدە بايلارنىڭكىدەك مال - دۇنيا بولمىغان بىلەن، بارنى ئايىماسلىقتا يېتىشىپ ئاشقۇدەك مەردلىك بار. بۇ ياشلار كەمبەغەل دېمەي مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنىكەن، قويۇمنى ئۇلارغا سويمىغۇچە ھەرگىز قانائەت تاپمايمەن. شۇنى يەنە بىر قېتىم بىلىپ قوي، مېنىڭ گېپىم گەپ!...

باغۋەن ھەش - پەش دېگۈچە قوينى چۈشەپ، تەكبىر بىلەن بوغۇزلاشقا تەييارلاندى. ھېكىم نۇر بوۋاينى سويماسلىققا ماقۇللىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقاپ، كۈچۈكلىنىپ تۇرۇپ:

— بوپتۇ، قويىڭىزنى سويسىڭىز سويۇڭ. ئەمما مەن ئەكەلگەن قوينى ئۇنىڭ ئورنىغا سىزگە قالدۇرىمەن، — دېدى.

— سېنىڭ ھارام قويۇڭ كېرەك ئەمەس، — دېدى تاجاخۇن ئاكا، — ئۇنى ئۆيۈڭگە قايتۇرۇپ كېتىپ، ئۆزۈڭنىڭ مېھمىنىڭغا سويۇپ بەر!

— قويىڭىز ھارام بولامدۇ؟ — يەنە كۈچۈكلەندى ئىشپىيون.

— بولىدۇ! — دېدى ئاچچىق بىلەن باغۋەن، — سېنىڭ قولۇڭدىكى قويلار ھەرگىز ھالال ئەمەس! ...

سەپداشلار پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى. كۈلكە شۇنداق قاتتىق چىقىپ كەتتىكى، ئۇ باغنى بىر ئېلىپ، باغدىن سىرتقا، ياربېشىغا تارقاپ كەتكەندەك بولدى. ئاڭغىچە بوۋاي قوينى بوغۇزلاپ بولۇپ، سويۇشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن ئۇنى شىر-



قىدىن يوم قورساق قىلىپ پۈدەپ كۆپتۈرمەكتە ئىدى. تۇردى ھەسەينوپ يار ئۈستىدىن ئۆزىچە شېخى تاشلاپ، ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا بەلگە بەردى. بۇنىڭغا ئۇلاپ يەنە پەس ئاۋازدا، ساقچى كىيىمىدىكى بىر كىشىنىڭ يار ئۈستىدىن بۇ تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەتىگەندە جاڭ دوسانىڭ باغ ئالدىدىن ئۆتۈپ، يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇنىرىدىن خوجا بۇ ۋەقەنى قايتىدىن ئەسلەپ كۆپچىلىككە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش مەنىسىدە:

— بۇ چوقۇم جاڭ دوسا. ساقچى ئورگىنىنىڭ ئىتلىرى پېيىمىزگە چۈشۈۋاپتۇ، — دېدى.

تېز تەسىرچان ئوسمان مۇھەممەت غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭىۋېتىپ:

— بۇ ئوغرى مۈشۈكنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار! — دېدى، — گەر كۈچۈم يەتمىسە، پۇتىدىن تارتىپ، پەسكە سۆرەپ چۈشىمەن!

ئوسمان مۇھەممەت يۈرەكلىك بولسىمۇ، تېنى ۋىجىك، جۇغى كىچىك ياش ئىدى. ئۇنىڭ كۈچۈم يەتمىسە دېيىشى ئۆزىنىڭ دەل شۇ ئاۋاقلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلغانىدى. تاجاخۇن ئاكا گەپكە ئارىلىشىپ، «جاڭ دوسا ھېكىم نۇرنىڭ دوستى، ئۇ بۇ كىشىنى بۇ يەرگە كەلمەسلىككە كۆندۈرسۇن» دېمەكچىدى. بىراق، ساھىبخانىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. تۇردى ھەسەينوپ يەنە ئۆزىچە شېخى تاشلاپ، ساقچى خادىمىنىڭ جەنۇبىي تەرەپكە قايرىلىپ، يارداڭلىقتا غايىب بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەنسىزلىك تۈگەپ، ھەممەيلەن مەجلىس رەئىسىنىڭ ئاغزىغا تىكىلىشتى. مۇنىرىدىن خوجا ئېچىش نۇتقىنى باشلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا ياندىكى باغدىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر توپ قۇشقاچ ئىنجىنىڭ

ئېگىز شاخلىرىغا قونۇپ، بەس ـ بەس بىلەن سايرىشىپ كەت-
تى. مەجلىس تىنچ كەيپىياتقا كۆچتى.

— بۈگۈن بىز، — دېدى مەجلىس رەئىسى سۆز باشلاپ، — ھەزرەتلىك بۇۋاي تاجاخۇن ئاكىنىڭ بېغىغا جەم بولۇپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ مۇستەھكەم سەپ بولۇپ ئولتۇرماقتىمىز. كۆپتىن بېرى بىز ئۆز تەشكىلاتىمىز بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدۇق. بۈگۈن شۇ ئارزۇ ۋە ئۈمىدىمىزگە ئاساسەن، ئىنقىلابىي كۈرەشچان تەشكىلات قۇرۇپ، يەكدىل، يەكجەھەتلىك بىلەن ئىش باشلىۋېتىشنى نىيەت قىلماقتىمىز. بۇ كەمگىچە بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىز چېچىلاڭغۇلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆتمۈشتىن كەلگەن ئۈنۈم ئانچە زور بولمىدى، بىز ئۆزئارا ئۇچراشقاندا گومىنداڭغا نارازىلىقلىرىمىزنى سۆزلەپ، ئايرىم سورۇنلاردا مۇستەبىتلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ قويۇش بىلەن چەكلىنىپ كەلدۇق. بۇ يېتەرلىك ئەمەس...

ئاۋۋال ياتالماس تەرەپتىن، ئاندىن يەنە يېقىن بىر يەردىن شاللىقلارغا سۇ تۇتۇۋاتقان دېھقان ياشلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىشقان ناخشىلىرى ئاڭلاندى. سەپداشلارنىڭ باش ئۈستى ئېگىزلىكتە، ئۈجمە شاخلىرىدا سايرىشىۋاتقان قۇشقاچلار ناخشا ساداسىدىن ئۈركۈپ، ناۋالىرىنى توختىتىپ، قاياققىدۇر پىرىلداپ ئۇچۇپ كەتتى. باغ ئىچى تېخىمۇ تىمتاسلىققا چۆكتى. مۇئمىردىن خوجا توختاپ نېمىنىدۇر ئويلىۋالغاندىن كېيىن، سەپداشلارنىڭ چۆرىدەپ، يۇمىلاق ئولتۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان ئادەملەر ھالقىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇيۇشمىغان پائالىيەتنى چېچىلاڭغۇ قۇمغا ئوخشاتسا بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — بۈگۈندىن ئارتىپ بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز بولىدۇ. بىزنى ئۇ يېمىرىلمەس پولات جەڭچىلەر-



دىن قىلىپ، دۈشمەن قورغىنىغا ئېتىلىپ كىرەلەيدىغان زەبەردەسلەردىن، ھەتتا پەيتى كەلگەندە ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن دەلمۇ دەل ئېلىشىپ، ئۇلارنى مۇجۇپ تاشلىيالايدىغان تۆمۈر مۇشتلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. بىز ئەمدى تەشكىللىك ئىش ئېلىپ بارىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشىمىز كېرەك.

مەجلىس كاتىپى ئابدۇللاروزى پۈتۈن دىققىتى بىلەن بۇ سۆزلەرنى بىرمۇ بىر يېزىپ، تەشكىلات دەپتىرىگە چۈشۈرمەكتە ئىدى. ھېكىم نۇر ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ مۇئمىردىن خوجىنىڭ سۆزىنى ئۆز دەپتىرىگە تىركەۋېلىشقا تىرىشتى. يوشۇرۇنچە قىلىنغان ھەربىر پەتنىيەتلىك كۆڭۈللىگە ئايان، دېگەندەك، ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىن ئۆزى ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ قولى توختىماي تىترەيتتى. سۆزلەرنى يېزىۋېلىشقا قولاشمايتتى.

— سەپداشلار، سىلەر، — سۆزىنى داۋام قىلدۇردى مۇئمىردىن خوجا، — ھېلىلا «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ يېڭى سانلىرىنى ئوقۇدۇڭلار. بۇ گېزىتلەردە شىمالدا قەھرىمان مىللىي ئارمىيىنىڭ تېز ئالغا بېسىپ، مايتاغقا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. بۇ غەلىبىلەر ئەينى ۋاقىتتا يەنە بىزنىڭمۇ غەلىبىمىز. پۈتۈن ئاقسۇ خەلقىنىڭمۇ غەلىبىسى. ۋەزىيەتتىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ بۇ يەردە ئۆز تەشكىلاتىمىزنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىلىق دۈشمەن قورغىنى ئىچىدە كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىزنى، قىسقىسى، ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلار ئوردىسىنى پاچاقلاپ تاشلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. دېمەك، بىز ئەنە شۇ بۈيۈك مەقسەت يولىدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقماقچى بولۇۋاتىمىز.

مەجلىس رەئىسى ئېچىش نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئاندىن ئۇ كۈنتەرتىپنىڭ 2 ـ ماددىسىنى ئېلان قىلىپ، ل. مۇتەللىپ

نى دوكلاتقا تەكلىپ قىلدى. ئاسماندا يوغان بىر پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ، باغ ئىچىدىكى تىنچىقنى يېنىكلەشتۈردى. يار-بېشىدىن ئۆتكەن يۇمشاق شامال ئۈجمە شاخلىرىنى قىمىرلىتىپ، سەپداشلارغا يېڭى ئارام ئەكەلدى. يان تەرەپتىكى گۈللۈك-تىن جۇخارگۈل، ئەتىرگۈل، لەيلىگۈل، قىزىلگۈللەرنىڭ يېقىملىق پۇراقلىرى تارقىلىپ، دىماغلارنى بىرخىل خۇش بۇي ساپ ھاۋا بىلەن تولدۇردى.

شائىر تەسىس مەجلىسكە ئاتالىيتەن سۆز كۆپىيىسى تەييار-لىغانىدى. ئۇ قولىدىكى سارغۇچ قەغەزگە يېزىلغان بىرقانچە ۋاراق تېكىستىنى ئاۋايلاپ، يۆگەپ تۇتقان ھالدا جانلىق ئاۋاز بىلەن سۆزىنى باشلاپ كەتتى:

— قەدىرلىك دوستىمىز مۇئەررىدىن خوجا ھېلى بۇ يەرگە نىمە مۇددىئا بىلەن توپلانغانلىقىمىزنى ئېيتىپ ئۆتتى، — دېدى ئۇ، — شۇنىسى ھەقىقەتكى، ھەممىمىزنى بۇ باغقا ئاجايىپ ئۇلۇغۋار نىشان ئەكەلدى. بىز بۇ يەردە ئاقسۇ تارىخى ئۈچۈن دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر ئىش-نى ئەمەلگە ئاشۇرماقچىمىز، يەنى بىز ئۆزىمىزنىڭ جەڭگىۋار تەشكىلاتى «شەرقىي تۈركىستان ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نى قۇر-ماقچىمىز. مۇشۇ يول بىلەن بىز يەككە، تارقاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىن تۈم، ئىتتىپاق كۈرەش باسقۇچىغا ئۆتمەكچى-مىز. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈندىن ئېتىبارەن، بىز تەش-ۋىقات كۈرىشى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت كۈرىشى بىرلەشكەن يولغا كۆچىمىز. مۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋەزىيەت تەقەز-زاسى بەلگىلىگەن. بۇ يولنى بېسىش ئاقسۇ خەلقىنىڭ كىچىك-تىن تىزگىنلى بولمايدىغان تەلپىگە ئايلانغان. ھەربىر كۈرەش ئىنقىلابىي كۈرەشچان تەشكىلاتنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئۆملۈك بىلەن ئېلىپ بېرىلغاندىلا، ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بۇ ئۆتمۈشتىكى



كۈرەشلەر تارىخىغا ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان ھۆكۈم ۋە قانۇنىي-يەت. ئۇيۇشقان كۈچ كىشىنى قورقماستىن خەتەرلىك داۋانلار-نى بۆسۈپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇيۇش-مىغان كۈچ — چېچىلغان قۇم، غەلىبە پەقەت ۋە پەقەت ئۆملۈكتە!

سەپداشلار شائىرنىڭ سۆزىنى گويا تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋات-قاندەك سەمىمىي ئىخلاسمەنلىك بىلەن تىڭشىدى. ئۇنىڭ ھەربىر جۈملىسىدىن شېئىرىيەتنىڭ دولقۇنىدىن دولقۇنغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان يېقىملىق تىزمىسى جۇشقۇنلاۋاتقاندەك، مەنىگە باي رىتىملىك مىسرا-لار تىنىمسىز بالقىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. ناتىق سۆزلەۋېتىپ، ئال-دىدا كۆندىلەڭ ئېسىلىپ تۇرغان ئىنجىكە، قورۇق ئۈجمە شېخىنى نەچ-چە يېرىدىن سۇندۇردى، بىر نەچچە قېتىم بۇن ئاستىدىن كۆكات يۇ-لۇپ يۇراپ قويدى. تام ئۈستىدىن پاختەكنىڭ كوكۇسى، دەرەخ ئۈس-تىدىن قۇشقاچلارنىڭ قىزغىن ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى. شۇ پەيت-تە بۇ ئۇچار قاناتلارنىڭ نەغمە - ناۋالىرى كىشىگە ئىنتايىن يېقىملىق تۇيۇلدى. سەپداشلار شائىرغا كۆز ئۈزمەي تىكىلەتتى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چوڭقۇر زېھىن بىلەن ئاڭلاپ، كۆڭۈل دەپتەرلىرىگە ئۆچمەس قىلىپ خاتىرىلەۋېلىشقا تىرىشاتتى.

— زېمىنىنىڭ پاسىلى-رايونلارنىڭ چەك - چېگرىسى، يولنىڭ ئۇزۇن - قىسقا دېگەندەك ئوخشاش ھەرخىل مۇساپىسى بولىدۇ، — دېدى ناتىق سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — ئەمما بىرلا نەرسىنىڭ توسۇلۇپ قالىدىغان يېرى بولمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ مەپكۇرە. مەپكۇرە توسالغۇسىز كېتىۋېرىدۇ. تاغلاردىن ھالقىپ، ھاڭلاردىن ئاتلاپ، دەريالاردىن كېچىپ ئۆتۈۋېرىدۇ. مەپكۇرە يەنە مۇساپىنى ئۇزۇن ياكى قىسقا دەپ ئايرىشنى بىلمەيدۇ.

ل. مۇتەللىپ سۆزىنى دەسلەپ، سالماق ۋە ئاستا ئاھاڭدا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بارا - بارا ھاياجانغا چۆمۈلۈپ، خۇددى شوئار توۋلاۋاتقاندەك ۋارقىراپ قويۇشلارغىچە بېرىپ

يەتتى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم ئالغا مېڭىپ كەتتى، يەنە بىرنەچچە قەدەم كەينىگە شوخشۇپ ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى. ئاخىر يەنە ئۆزىنى ۋەزمىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى - دە، ئارسلاپ - ئارسلاپ قولىدىكى سۆز تېكىستىگە قاراپ قوياتتى. تۇردى ھەسەيىنوپ ناتىقنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلاشقا بېرىلىپ، يار تۈستىنى كۆزىتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ جەنىخۇا ئىشارە قىلىپ ئۇنىڭغا چۆرە - ئەتراپقا كۆز - قۇلاق بولۇشنى تاپىلىدى.

— مەپكۈرىنىڭ چەك - چېگرىسى بولمايدۇ، دېيىشتە بىر يېتەرلىك ئاساسقا ئىگىمىز، — دېدى شائىر. — بۇنىڭ ئۈچۈن مىسالنى يىراقتىن ئەمەس، يېقىندىن ئالماقچىمەن. بىز گومىنداڭ 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ كوماندىرى جاۋ خەنچى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شۇيىڭ ھەم ئۇلارنىڭ يالاقچىلىقىنى قىلىۋاتقان بىر قىسىم يوندىخورلارنى خېلى ئېنىق بىلىمىز. بىز ئۇلار بىلەن مۇشۇ يەردە بىللە ياشاپ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىۋاتىمىز. ئېھتىمال بۇلار بىلەن بىللە يەنە بىر چۈنەكتىن ئۈزۈلگەن قوغۇن، بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ قالغان ۋاقىتىمىز بولغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ بىر جايدا تۇرۇۋاتقاچقا بولماي قالمايدىغان ئەھۋال. لېكىن بىز ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى ئۇلاردىن مىڭلاپ كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقاندەك. ھەتتا ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىر يەردە بولالمايدىغاندەك ھېس قىلىمىز. مانا بۇ مەپكۈرە، مانا بۇ مەپكۈرىدىكى ئوخشاشماسلىق ۋە كەسكىن پەرق. بۇنىڭ ئەكسىچە ئاقسۇدىن 224 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان ئۈچتۇرپاندىن قىممەتلىك دوستىمىز، جانىجان سەپدىشىمىز سىيىت ئابباس كېلىپ، مانە بۇ يەردە بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزنى ئۆز خۇشاللىقى بىلەن ئۇلۇغايتىپ، غەيرىتىمىزنى مەدەتكارلىق روھى بىلەن تىرىلدۈرۈپ، بىز بىلەن



بىللە تىنىس مەجلىسىمىزگە قاتنىشىۋاتىدۇ. مانا بۇ مەپكۈرە، مانا بۇ مەپكۈرىدىكى ئورتاق ئوخشاشلىق. مەپكۈرە ئۇ ئوخشاشماسلىقى بىلەن يېقىندىكىلەرنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرسا ۋە دۈشمەنلەشتۈرسە، ئوخشاشلىقى بىلەن يىراقتىكىلەرنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئاجرالماس قىلىپ جىپسىلاشتۇرىدۇ. بىز ئۆز مەپكۈرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئۆزلۈكسىز ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇزاق ياشاشنى ئىزدەيمىز. ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلدىكى ئىجراسى يولىدا كېرەك قىلسا ھەرقاچان قۇربان بولۇشتىن قورقمايمىز.

باغ ئىچى چوڭقۇر جىمجىتلىققا چۆكتى. سەپداشلار مەنىدار ئۆتكۈر سۆزلەرنى قاچۇرۇپ قويماي تەلتۆكۈس ئېستە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاۋۋالقىدىنمۇ بېرىلىپراق ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاڭلايتتى. ئەمما بىرلا كىشى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئىشپېيىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كۆزىگە ئازادە تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە كاتىپ ئۈستەلىگە قىستىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، نېرىراققا كېتىشكە، ئۈجمە دەرىخىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەنسىز قىمىرلىشى، ئېغىر پۇشۇلداشلىرى مەجلىس كەيپىياتىغا دەخلى قىلىپ، رەتلىك، جىمجىت ئولتۇرۇشنى يات - يات بۇزۇپ تۇراتتى. شائىر جاۋ خەنچى، ۋۇ شۇيىڭلارنىڭ نامىنى نەپرەت بىلەن تىلغا ئالغاندا، ھەتتا ھېچكىم نۇر ئۆز ئىسمىنىمۇ شۇلار قاتارىدا چېقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ چۆچۈپ كەتكەندەك بولدى. ئىشپېيىن ئۈستەل ئارقىدىن كېتىپ ۋېتىپ، ئانچە - مۇنچە نەرسىلەر تىركەۋېلىنغان قەغەزلىرىنى ئېرىققا چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۇنى ئېلىپ، سۆزگۈچىنىڭ يانىدىكى باغقا ئەكىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەككار بىر غەمدىن — يېڭى بىر غەمگە ئۆتتى. ئەمدى ئۇ كەچتە ساقچى

ھوقۇقدارىغا يەتكۈزەكچى بولغانلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قولدىن بېرىپ قويغان، بۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ئازغىنا خاتىرجەملىكنىمۇ يوقاتقانىدى.

— بىزنىڭ كۆرۈشىمىز، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆتكەننى داۋام قىلدۇرۇپ، — ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قانلىق ئۇرۇش ئۇقۇمىغا ئىگە. بۇ كىم - كىمنى يېڭىشتىن ئىبارەت ھايات - ماماتلىق مەسىلىسى. بىزنىڭ كۆرۈشىمىز دۈشمەنلەرگە، مەيلى قوراللىق ياكى قورالسىز دۈشمەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى دەلمۇدەل، تىغمۇتىغ ئېلىپ بېرىلىدۇ. دۈشمەن مەيداندىن ئېيتقاندا. يوشۇرۇپ قېلىش، قورقۇنچاقلىق قىلىش، ئۆگۈشسىزلىققا ئۇچرىغاندا كۆرەشتىن ۋاز كېچىش، خائىنلىق يولىغا ئۆتۈشتىنلا دېرەك بېرىدۇ، خالاس. مانا بۇ يىغىپ ئېيتقاندا، خەلققە، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش يولى، دۈشمەنگە رەھىم - شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش يولىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ كۆرۈشىمىز تەلەپ، ئېھتىياج ۋە شارائىتقا قاراپ، ھەر خىل شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن. لېكىن پەيت پىشىپ يېتىلمەستىن تۇرۇپ، كۆرەشنىڭ ئاشكارا شەكلىگە كۆچۈشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. مەلۇم مەزگىلگىچە يەنە بىز، دەرۋازىلارغا «غەزەپ خىتابى» شېئىرىنى چاپلاپ، دۈشمەنلەر ئىچىدە ئالاقزادىلىك پەيدا قىلغىنىمىزدەك، ئەپچىل كۆرەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشىمىز، كېچىلىرى كوچىلارغا گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيلىكلىرىنى پاش قىلغۇچى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى چاپلاپ، خەلقنى يەنىمۇ كۆپرەك ئويغىتىشىمىز، بۇ يول بىلەن ھەربىي ۋە ساقچى لاگېرلىرىغا تېخىمۇ كۈچلۈك ۋەھىمە ئۇرۇقى چېچىشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك بىز تەشۋىقات كۆرىشى بىلەن قوراللىق كۆرەشنى بىرلەشتۈرۈپ، دادىللىق بىلەن زۇلۇم قەبرىغاتلىرىنى ئىچىدىن پارتلىتىشقا ھازىرلىق كۆرۈشىمىز كېرەك. دۈش-



مەن قولىدىكى قورال پات - ئارىدا بىزنىڭ بولۇپ قالسۇن. ھەربىر سەپداش كېزىندىكى ئەسكىرى ۋە ساقچىسىدىن قورال تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى تەييار تۇتۇشى كېرەك!...

ل. مۇتەللىپنىڭ ھاياجانلىق دوكلاتى تامام بولدى. شائىر ئۆز تېكىستىنىڭ ئاخىرىغا بىرقانچە چاقىرىقلىق شوئارلارنى يېزىۋالغانىدى. بىراق، ئەمما مەجلىسنىڭ مەخپىيەتلىك تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇلارنى توۋلىماي جەڭچىلەر قاتارىغا كېلىپ، يۇمشاق چىملىقتا ئولتۇردى.

ل. مۇتەللىپ يېتىشكەن ناتىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى لىرىك شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى، قىسقا، كۈچلۈك ئوتتۇق جۈملىلىرى بىلەنمۇ ئىنتايىن ئۇقۇملۇق ئىپادىلەشنى بىلەتتى. بۈگۈن شائىر دەل شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ مەنىلىك سۆزلىرى كۆرەش، كۆرەش، يەنە كۆرەش ئۇقۇمى بىلەن سەپداشلارنىڭ قەلب كۆللىرىگە ئىللىقلىقتا ئېقىپ كىردى. تاجاخۇن ئاكىمۇ ناتىقنىڭ سۆزىنى ئالاھىتەن زەن قويۇپ ئاڭلىغانىدى، بىرۋاي سۆز ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ داش قازان ئالدىدىن گۈللۈككە بېرىپ، ھەر خىل ناملاردىكى خۇش پۇراق گۈللەردىن بىر تۇتام ئۈزۈپ كېلىپ، ل. مۇتەللىپ، مۇنىيىدىن خوجىلارغا، ئاندىن يەنە بارلىق سەپداشلارنىڭ ھەربىرىگە بىر تالدىن ئىككى قوللاپ تۇتتى. دەل جايىدا قىلىنغان بۇ قائىدە ئوتتۇق ئۈچۈن قارسلاپ ئۇرۇلغان چاۋاك - ئالقىشتىن كۈچلۈك مەنىگە ئىگە بىر خىل ئۇقۇمنى بەردى. بىرۋاي خۇشاللىقنى كۆڭۈل كاسىسىغا سىغدۇرالماي بىئىختىيار:

— بالىلىرىم، مۇشۇنداق پايدىلىق مەجلىسنى ئۆزۈۋىتراق ئېچىپ، شائىرىمىزنى يەنىمۇ كۆپرەك سۆزلىتىڭلار. ئۇنىڭ ھەربىر كەلىمە سۆزى جانغا راھەت، دىلغا ئارام بولىدىكەن، — دەۋەتتى.

باغۋەن خېلىدىن بېرى ئۈچ تەڭنىدە ئۆرۈك يۇيۇپ تەييارلاپ قويغانىدى. يېنىك ئىچىپ، ئۆيدىن ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئاچىقىپ سەپداشلارنىڭ ئالدىغا قويدى. مەجلىس ئەھلى تەكەللۇپ بىلەن ئۆرۈك يېگەچ داتىتلارنىڭ قىلىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

مۇنىردىن خوجا تەمىس مەجلىسنىڭ 3-كۈنتەرتىپىگە ئۆتكەنلىكنى جاكارلىدى. ئۈچتۇرپاندىكى جەڭگىۋار ياشلارنىڭ ۋەكىلى سېيىت ئابباس تەكلىپكە ئاساسەن ئوتتۇرىغا ئۆتۈپ، ئۆز ناھىيىسىدىكى سەپداشلارنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان يوشۇرۇن كۈرەش پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

سېيىت ئابباس مۇندىن مۇقەددەم ئاقسۇدا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەپ، ئاقسۇ ياشلىرىغا يېقىن تونۇش بولۇپ كەتكەن ۋە تېخى كۆپلىرى بىلەن قېلىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقانىدى. بۈگۈنكى مەجلىسكە قاتنىشىۋاتقان سەپداشلار ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇلار ئۈچتۇرپانلىق ھەرىكەتدىشىنىڭ سۆزگە چىققانلىقىنى چوڭقۇر قىزىقىش ۋە سەممىي ھېسسىيات بىلەن كۈتۈۋالدى.

سېيىت ئابباس شۇ ۋاقىتتا 17 — 18 ياشلار ئەتراپىدىكى يىگىت ئىدى. ئۇ مۇلايىم مىجەزى، ئېغىر-بېسىقلىقى ۋە تېخى تولىمۇ ياش ئىكەنلىكىگە قارىماي، تەقۋادار كىشىلەردەك تەرتىپلىك ياشاشنى بىلىشى، ھوشيارلىقى، ھەممىدىن كۆرە راستچىل بولۇپ، ئۆزىدە تولۇق بىر ئىنسان ۋىجدانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغانلىقى بىلەن بەزىبىر شالاق، تۇتتۇرۇقسىز كىشىلەردىن كەسكىن پەرق قىلىپ تۇراتتى. سېيىت ئابباس ئىنچىكە بوي، ئېگىز، ئورۇق بولۇپ، ئۆزىگە خاس بىر خىل



قامەتكە ئىگە ئىدى. پېشانىسىدىكى مەڭدەك كۆرۈنىدىغان سارغۇچ خال ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ قىياپىتىگە ئالاھىدە بەلگە بولۇپ قالغانىدى.

ئۈچتۇرپانلىق سەپداش ئۆز سۆزىنى شۇ ناھىيىدىكى كۈرەشچان ياشلارنىڭ ئاقسۇ يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەردىكى ياشلارغا ھاۋالە قىلغان قىزغىن سالىمىنى يەتكۈزۈشتىن باشلاپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك مەجلىسكە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆپچىلىككە ئۆزرىخاھلىق ئىزھار قىلدى.

— ئۈچتۇرپاندىكى جەڭگىۋار ياشلار باشلىغان كۈرەش، — دېدى ئۇ، — ھازىر كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، بىر پەللىدىن يەنە بىر يېڭى پەللىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. سەپداشلار قوشۇنى تېز زورىيىپ، ئىنقىلابىي ھېس-تۇيغۇغا ئىگە بىر قىسىم ياشلار ئۆزلۈكىدىن مۇستەھكەم جەڭگىۋار بىر تەشكىلات ھالىتىگە كېلىپ قالدى. كۈرەش ئۇ يەردە ئۆملۈك-ئىتتىپاقلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا. ئالدىمىزغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار نىشان بىزنى مۇستەھكەم بىرلەشتۈردى. ئۈچتۇرپانلىق سەپداشلار ھازىر يوشۇرۇن كۈرەشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرماقتا. بۈگۈنكى كۈندە بىز، قوراللىق خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈش تەييارلىقى يولىغا ئۆتۈشكە ھازىرلانماقتىمىز. ئاقسۇلۇق سەپداشلار، سىلەرگە شۇنى ۋەدە قىلىپ تۇرۇپ ئېيتىمەنكى، كۈرەشنىڭ قانلىق شەكلى ئانچە ئۇزاققا بارماي ئۈچتۇرپاندا چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. كۈرەشنىڭ مۇشۇ ئۇسۇلىلا ئېزىلگەن خەلققە ئۇزۇل-كېسىل ئازادلىق ئېلىپ بېرەلەيدۇ.

سېيىت ئاببىاسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچتۇرپاندىكى سەپداشلارنىڭ سانى بۇرۇنقى تۆت كىشىدىن سەككىز ھەسسە كۆپىيىپ 32 كىشىگە يەتكەن، ئۇلارنىڭ 25 نەپىرىنى ئۇيغۇر ياشلىرى

تەشكىل قىلىپ، بەش نەپىرىنى قىرغىز، بىر نەپىرى خوييزۇ، يەنە بىر نەپىرىنى خەنزۇ ئىگىلەيدىكەن. ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە قوراللىنىپمۇ بولغان. ئۇلارنىڭ قولىدا ھازىر يېڭىدىن تۆمۈرچىلەرگە سوقتۇرۇلغان 20 دانە قىلىچ، ئاقچىدىكى ياش قىرغىز چەۋەندازلىرى تەقدىم قىلغان ئۈچ دانە ئاددىي ئوۋ مىلتىقى ۋە سوۋېت ياردىمى ئوق سېلىنىدىغان بىر دانە شىراقلىق قارا مىلتىق بار ئىكەن. سېيىت ئابباس سۆزىنىڭ داۋامىدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوراللىق ئىنقىلابنىڭ تېخىچە ئاقسۇ ياشلىرىغا مەلۇم بولمىغان يېڭى نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇ، بۇ مەلۇماتلارنى ئاكىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ يوشۇرۇن ئالاقە يولى بىلەن ئەۋەتكەن خېتىدىن ئوقۇغانىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ سېيىت ئابباسنىڭ قان - قېرىنداش ئاكىسى بولۇپ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى ئۇيۇشتۇرغان مۇھىم كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ شۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىدە ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش شتابىدا ئىشلەيتتى ۋە پات - پات ئالدىنقى ئۇرۇش سەپلىرىدە بولۇپ، مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش يولىدا تەلىم - تەربىيە ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. سىياسىي كومىسسار مەۋقەسىدىمۇ خىزمەت قىلاتتى.

ئۇچتۇرپانلىق يالقۇنلۇق ياش سۆزىنىڭ ئاخىرىدا سەپداشلارغا سۆيۈملۈك ئاكىسىدىن تاپشۇرۇۋالغان بىر پارچە خەتنى ئۆز تېكىستى بويىچە ۋەزمىن ئاۋاز بىلەن ھاياجانلىق قىلىپ ئوقۇپ بەردى:

«غەلىبە پەقەت كۈرەش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ، — دېيىلگەنىدى خەتتە، — بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرگە قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھاياتنى قىرغداپ قېلىش ئۈچۈن



ھاياتنى قۇربان قىلىشتىن قورقماسلىق بۇ كەمگىچە بارلىق ئىنقىلابىي جەڭلەرنىڭ غەلىبە قازىنىشىدا ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئالدىنقى زۆرۈر ئاساس بولۇپ كەلگەن. بۇ ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇچتۇرپاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىڭلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك بولۇپ، بۇ ئۆلمەس ھەقىقەت مۇندىن كېيىنمۇ ئازادلىق ۋە ئادالەت ئىشى يولىدىكى بارلىق كۈرەشلەردە ئۈزلۈكسىز ئىسپاتلىنىپ تۇرىۋېرىدۇ.

ئاتا - بوۋىلار بىزگە ئاددىي، لېكىن مەنىلىك قىلىپ «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس» دېگەن تەمسىلنى قالدۇرغان. بۇ يەردە جاندىن كېچىش ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن قاچماسلىق ئۇقۇمىنى بەرسە، جانانغا يېتىش ئەنە شۇ يول بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلقنى زالىملار ئىلكىدىن ئازاد قىلىش ئۇقۇمىنى بېرىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇملۇق. سىلەر بۇ تەمسىلنى بۈگۈنكى كۈندە ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۈرەشتە قورقماس ۋە دادىل بولۇڭلار. ھۆرلۈك، ئەركىنلىكنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال ئەنە شۇ ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە تەشنا كىشىلەرنىڭ قايتماس ئىرادىسى، غەيرەت - مەتانىتى ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ئەس - يادىڭلاردا بولسۇن. مىللىي ئارمىيە شەرققە قاراپ داۋام قىلدۇرۇۋاتقان غالىبانە يۈرۈشىدە تېز ئىلگىرىلەپ ئۇرۇمچىگە كۈنسېرى يېقىنلاپ بارماقتا. قوراللىق كۈرەش قانچە كەڭ، قانچە قاتتىق ۋە شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلسا، دۈشمەن شۇنچە تېز چېكىنىپ، زور چىقىملار بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ».

مەجلىس ئەھلىدە ھاياجانلىنىش ئەۋجىگە كەلدى. ئۇلاردىن ئۇمۇمىيۈزلۈك خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ ئۇلارنىڭ

كۆڭلى – كۆكسى غەلىبە قىلىش ئىشەنچى بىلەن تولۇپ تاشتى. سېيىت ئايپاس ئاز توختىمىغاندىن كېيىن، خەتنىڭ 3 – ۋاراقتىكى ئالدىنقى ئىككى ۋاراقنىڭ ئۈستىگە ئۆتكۈزۈپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئىنىلىرىم ئارتۇق ۋە سېيىت ساۋۇرگە. سىلەر ئارقىلىق ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە چوڭقۇر سېغىنىشلىق سالام! مەن سىلەر بىلەن، يېقىن يۇرت خەلقى بىلەن يات يېقىندا ئۇچرىشىپ قالارمەن، دېگەن ئۈمىددىمەن. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن، گومىنداڭنىڭ قۇمار تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىغا ئانچە ئۇزاق قالمىدى. لېكىن، بۇ ئارزۇ ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندىكى ياشلارنىڭ بارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى بىلەن بىللە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى ئۆزلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلەرنىڭ غەلىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز يەرلىرىدە كۆتۈرۈلۈش بىلەن تېخىمۇ تېز ئەمەلگە ئاشىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن ئۆز دىيارلىرىدا بىللە بولۇپ، بىرلىكتە كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان كۈنلىرى ئانچە ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ».

ئاقسۇلۇق سەپداشلار، ئايدۇۋكېرىم ئايباسوپنىڭ كۈرەشكە دەۋەت قىلغۇچى يالقۇنلۇق خېتىدىن ۋە سېيىت ئايباسنىڭ ئۇچتۇرپان ياشلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى داۋام قىلدۇرۇۋاتقان كۈرەش توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىدىن ئۆزلىرىگە يېڭى قان ۋە كۈچ – قۇۋۋەت ئالدى.

تەسىس كۈنتەرتىپىنىڭ نۆۋەتتىكى ماددىسىغا ئۆتۈپ، تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى مۇزاكىرىگە قويۇلدى. تەشكىلاتنىڭ نامى ماقۇللاندى. ئوسمان مۇھەممەت سەپداشلارغا قانلىق قەسەم بېرىش زۆرۈرلۈكىنى مۇراجىئەت قىلدى.

تەسىس مەجلىسىنىڭ كۈنتەرتىپىگە قەسەم بېرىش كىر-



كۆرۈلمىگەنىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئەللىمدىن خوجىلار بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ئەسلىرىدىن چەتقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. قەسەمنامە تەييار ئىدى. ئۇنى مۇئەللىمدىن خوجا ئۆتكەن ھەپتە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدا تەسىس مەجلىسى تەييارلىقى ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مەسلىھەت ئولتۇرۇشىدا ۋەزىپە تەرتىپىدە تاپشۇرۇۋېلىپ شېئىر شەكلىدە يېزىپ چىققانىدى. ئۇنىڭغا مەقسەتلىك ھالدا «ئۇچقۇنلار مارشى» دەپ ئىسىم قويۇلغانىدى.

ياز كىرىپ ھاۋا ئىسسىشقا باشلاپ، ئۆپكە ئاغرىقى خېلىلا كۈچىيىپ قالغان مۇئەللىمدىن خوجا شۇنىڭغا قارىماي، بۈگۈن ئالايىتەنلا روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ شېئىرنى مىسرالار بويىچە بۆلۈپ – بۆلۈپ، دېكلاماتسىيە شەكلىدە سالماق ئوقۇشقا باشلىدى. سەپداشلار ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇدى:

## ئۇچقۇنلار مارشى

رېمىن تالىسى، خەلقىنىڭ زارى،
جەڭگە چاقىردى ھايالسىز شۇدەم.
سەپ بولۇپ ماڭ چوڭ – كىچىك يارى،
ھۆرلۈككە تەشنا ساپ ۋىجدان ئادەم.

ئوردا – يامۇل يانچىلسۇن بولسۇن گۆرىستان،
ئەل – ۋەتەندە قارار تاپسۇن شادلىق – گۈلىستان.

قايتماس ئىرادە ئاتەشىنىڭ ئۆزى،
تاۋلىسۇن بىزنى قىلىپ مۇستەھكەم.

مارشىمىز ياڭراق يۈرەكنىڭ سۆزى،
كۈرەش بىلەن بىر بولغان مۇجەسسەم.

ئوردا ـ يامۇل پاچاقلىنىپ بولغان گۆرىستان،
ئەل ـ ۋەتەندە قارار تاپقان شادلىق ـ گۈلىستان.

قانلىق كۈرەشتە بولۇپ قەھرىمان،
قىلىمىز مىڭ ئەلنى ھەمسەم.
يولىمىز مۈشكۈل، قاتمۇقات داۋان،
چېكىنمەيمىز، دەپ بېرىمىز قەسەم.

ئوردا ـ يامۇل پاچاقلىنىپ بولغان گۆرىستان،
ئەل ـ ۋەتەندە قارار تاپقان شادلىق گۈلىستان.

سەپداشلار ئۈچقۇنلار مارشىنى يېزىۋالايلى، دېيىشتى. ل. مۇتەللىپ ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن بۇ شېئىرنى ئابوردا تىزىپ 300 پارچىدىن بېسىپ چىقىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئاقسۇ گېزىتخانىسىدىن كېلىپ تەسىس مەجلىسكە قاتنىشىۋاتقان ئابورچىكلاردىن تۆردى ھۈسەيىنوپ، قادىر ئىلى، قۇددۇسلارنىڭ ئورۇندايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى. بۇلار بېسىلىپ چىقسا، پىلان بويىچە ئاقسۇ يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىغا، ئۇلاردىن سىرت يەنە، ۋىلايەتنىڭ باشقا ناھىيىلىرىگە ئەۋەتىلىپ، يوشۇرۇن تارقىتىلماقچى ئىدى.

— شۇنداقتىمۇ، — دېدى ل. مۇتەللىپ قوشۇمچە ئىزاھات بېرىپ تۇرۇپ، — نىزامنامە بىلەن مارشنى ھازىر يېزىۋالساقمۇ بولىدۇ، كەلگۈسىدە كۈرەش ئاشكارا مەزگىلگە



يەتكەندە بۇ شېئىر مارش شەكلىدە ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان بولىدۇ.

— بۇنىڭ ئۈچۈن مارشقا ئاھاڭ كېرەك، — قوشۇمچە قىلىپ سۆزلىدى مۇساجان، — ھازىردىن تارتىپ ئاھاڭ تەييارلىنىش كېرەك. مېنىڭچە بۇنى ئورۇنداشقا مۆيدىن خوجا ئەڭ مۇناسىپ كىشى. ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا بولمىغىنى بىلەن بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە شەك ـ شۈبھىسىز ھېسداشلىق قىلىدۇ. سەپدىشىمىز مۇتىرىدىن خوجا ئاكىسى مۆيدىن خوجا بىلەن بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشسۇن. ئۇلارغا يەنە سەپدىشىمىز يۈسۈپجان ئىميازى يېقىندىن ياردەم بەرسۇن!

بۇ قىرغىز مال دوختۇرىنىڭ تەكلىپى ھەممەيلەنگە ماقۇل چۈشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەجلىس ئەھلى نىزامنامە بىلەن ئۈچقۇنلار مارشىنى يېزىۋېلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار قەغەزنى تىزلىرىغا قويۇپ يازاتتى. نىزامنامىنى ل. مۇتەللىپ، شېئىرنى مۇتىرىدىن خوجا سالماقلىق بىلەن سۆزمۇ سۆز، قۇرمۇ قۇر ئاستا ئېيتىپ بەردى. ھېكىم نۇرنى تاجاخۇن ئاكا قازان بېشىدىكى ئىشلارغا قارىشىپ بېرىش ئۈچۈن سەپداشلار ئىچىدىن خېلى بۇرۇن چاقىرىپ كەتكەنىدى. ئاقىۋەت ئىشپىيون بۇلارنى يېزىۋېلىشتىن يەنىلا مەھرۇم بولۇپ قالدى.

كۈنتەرتىپنىڭ ئۈچىنچى ماددىسى بويىچە ئىختىيار قىلغۇچىلارغا سۆز بېرىلەتتى. مەجلىس رەئىسى بۇ ماددىنى ئېلان قىلىپ كۆپچىلىكنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئابورچىك سەپداش تۆردى ھۈسەيىنوپ بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېلىپ، سېيىت ئايباسنى تەسىس مەجلىسكە تەكلىپ قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈچتۇرپانغا بارغان چېغىدا يول ئۈستىدە — مەنزىل ـ مەنزىللەردە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلىي

بايان قىلىپ ئۆتتى. سەل ئىلگىرى يار ئۈستىدىكى قاراۋۇللۇق ئالمىشىپ، ئۇ يەرگە قادىر ئىلى چىقىپ، تۇردى ھېسەيىنوپ باغقا قايتىپ چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇچتۇرپاندىكى گومىنداڭچىلار شۇ جايدىمۇ ئىلى تەرەپتىكىدەك شىددەتلىك خەلق قوزغىلىڭىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئالاقزادىلىك بىلەن يول ئۈستىلىرىگە، چوڭراق يېزا ھەتتا بەزىبىر كەنتلەرگە پوتەيلەر ياسىغان ۋە ئەسكەر تۇرغۇزغان. ئىلگىرى ساقچى ئورگىنىنىڭ بۆلۈمچىلىرى بولمىغان جايلارغا يېڭىدىن بۆلۈمچىلەر قۇرغان، ئاقيارغا 30 كىشىلىك ئەسكىرىي قىسىم ئەۋەتكەن. لېكىن بۇنىڭغا قارىماي خەلقتە گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەت كۈنسايىن كۈچەيگەن. ئۇچتۇرپان ئاھالىسى گومىنداڭچىلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى غەزەپ بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكلىرىنى ھەرقانداق پەردە قورقماستىن ئاشكارا پاش قىلىپ تۇرىدىكەن. تۇردى ھېسەيىنوپنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇچتۇرپاندا ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ تەسىرى ئاجايىپ زور ۋە بىۋاستە بولۇپ، خەلق ئۆزلىرى ئىچىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ قەيسەر يىگىتنىڭ شۇلجىدىن پات - ئارىدا ئاقسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، بۇ يەردىكى قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالاھىدە پەخىرلىنىپ، زوقمەنلىك بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن گومىنداڭ پۈتۈن ئاباسوپلار ئائىلىسىنى، شۇ جۈملىدىن ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ ئارتۇق ۋە سېيىت دېگەن بۇ قەيسەر ئىنىلىرىنى كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ بىلىپ، ئۇلارغا ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىكەن.

— سېيىت ئابباس بىلەن مېنىڭ ئۇچتۇرپاندىن قوزغىلىپ ئاقسۇغا يېتىشىمىز تولىمۇ تەسكە توختىدى، — دېدى ئابورچىك ئۆزىنىڭ بايان قىلىپ ئۆتكەنلىرىگە ئۆزى پاكىت



كۆرسىتىپ، — ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن يول خېتى ئالالماي كۆپ ئاۋارە بولدۇق. ئاخىر ئىككىمىز ئۆزئارا قىلىشۋالغان مەسلىھەتكە ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم يولغا چىقىپ، ئەتىسى قاراخوجا يېزىسىغا كەلدۇق. ئاندىن شۇ يېزىنىڭ ساقچى بۆلۈمچىسىگە «يول خېتىمىزنى چۈشۈرۈپ قويدۇق» دېگەنگە ئوخشاش يالغان - ياۋىداق گەپ - سۆزلەر بىلەن قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق ئاخىر يول خەتكە ئېرىشىپ، ئاندىن ئاران دېگەندە ئاقسۇغا يېتىپ كېلەلىدۇق... ساقچى ئورگانلىرى ئاباسوپلار ئائىلىسى ئۈستىدىكى نازارەتنى ئىنتايىن كۈچلۈك ئېلىپ بارىدىكەن. شۇڭا ئۇلارنى ھېچقانداق يەرگە تەۋرەتمەيدىكەن.

تۇردى ھېسەيىنوپنىڭ ئېيتقانلىرى سېيىت ئابباسنىڭ ھېلىلا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىگە تولىمۇ باپ يېڭى قوشۇمچە بولدى. ئاقسۇلۇق ياش ئۇچقۇنلار ئۇچتۇرپانلىق سەپداشلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى ھايات - مامات كۈرىشىنى ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا جانپىدالىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن مەمنۇنىيەت بىلدۈردى.

تۇردى ھېسەيىنوپ كەمسۆز ئىدى: ئۇنىڭ تەسىس مەجلىسىدە تەمتىرەمەي دەس تۇرۇپ، كۆپچىلىك ئالدىدا سۆز قىلىشى پەقەت بىرىنچى قېتىملىق ۋەقە بولدى. ياش ئۇچقۇنلار ئۇنىڭ بۇ يېڭى خىسلىتىدىن خۇشال بولدى. ئۆزى خالاپ، ئۆزى پىداكارلىق بىلەن باشلىغان ئىنقىلابىي كۈرەش ھەر بىر كىشىنى خەلق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغۇسى تەشۋىقاتچىلىق ئۈچۈن ئەنە شۇنداق سۆزمەنلىك ۋە ناتىقلىققا ئۆگەتمەكتە ئىدى.

كېڭەش تەرتىپىنىڭ بۇ ماددىسى بويىچە تەسىس مەجلىسى خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى. ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زور قىزغىنلىق بىلەن ئارقىمۇ ئارقا سۆز قىلدى.

بەزىلىرى ئۇتۇقلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەر بىلەن داۋام قىلدۇرسا، بەزىلىرى قىسقا، ئىخچام گەپلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. سۆزلەش مەتتىقىسى، ئىشلىتىلگەن ئۇرۇغۇلار خىلمۇ خىل بولسىمۇ، ئەمما يىغىپ ئېيتقاندا ھەممىسى بىرگانە ئۇقۇمغا، بارلىق سەيداشلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان بىرلا ئۇقۇمغا كېلىپ مەركەزلەشتى. ئۇ بولسىمۇ ھەممەيلەن كۈرەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەنىدى.

ئىختىيارىي سۆزدىن كېيىن تەسىس مەجلىسى ئاخىرقى كۈنتەرتىپكە ئۆتتى، سايلام ئىشى باشلىنىپ كەتتى. ياش ئۇچقۇنلارغا بىر نەپەر رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپ سايلاش لازىم ئىدى. بىلال ئەزىزىنىڭ پىكرى بىلەن ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى تۈزۈلمىسىدە يەنە بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىس لاۋازىمىنى تۇرغۇزۇش ماقۇل تېپىلىپ، بۇ ئۈچ ۋەزىپە ئۈچۈن ئادەم كۆرسىتىلدى. ھېكىم نۇر بۇ لاۋازىملارنىڭ بىرەرىگە سايلىنىشىلىش ئۈمىدى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا باشقا بىر لاۋازىمغا ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىشتىھا يۈگۈرتۈپ، ھودۇققان پېتى قازان بېشىدىن ئۈجمە تۈۋىگە كەلدى.

— ئىنقىلابىي تەشكىلاتىمىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇنچىۋالا زورايدى، — دېدى ئۇ ئۆزىنى بىلەرمەن كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — ئۇ كەلگۈسىدە شەك - شۈبھىسىز تېخىمۇ زورىيىدۇ، تېز روناق تاپىدۇ. بىزدىكى بۇ ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى غول مەركەز بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەردىكى ياچېيكا - بۆلۈمچىلىرىنىلا ئەمەس، باي، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرىدىكى تارماقلىرىنىمۇ باشقۇرۇشى كېرەك. دېمەك، تەشكىلاتىمىزنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، ۋەزىپىسى ئېغىر. ئۇنىڭدا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ لاۋازىمنىڭ بولۇشى ناھايىتى ئازلىق قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ



دا ھازىرچە بىرقانچە بۆلۈمچىلەرنى قۇرۇپ، ھەر بىرىگە بىردىن باشلىق كۆرسىتىپ تۇرمىساقمۇ، ئەمما باش كاتىپقا ياردەملەشكۈچى بىر نەپەر كاتىپ سايلىشىمىز لازىم.

سەيداشلار بۇ تەكلىپكە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىنى بىلەي بىر مەھەل جىم ئولتۇرۇپ قالدى. قازان بېشىدا ھەدەپ شورپا سورۇش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان تاجاخۇن ئاكا ھېكىم نۇرغا بىتاقەتلىك بىلەن توۋلاپ، ئۇنىڭغا چاپان قايتىپ كېلىپ، كاۋاپ زىخلىرىغا گۆش ئۆتكۈزۈشنى ئېيتتى. ل. مۇتەللىپ ئىشپىيوننىڭ تەكلىپىگە رەددىيە مەزمۇنىدا سۆز قىلىپ:

— ھازىر ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ لاۋازىملار يېتەرلىك. كەلگۈسىدە تەشكىلاتىمىزغا جەلپ قىلىنغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ قوشقاندىن تاشقىرى، ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىدا تەشكىلات، تەشۋىقات، جەڭ يېتەكچىلىكى، قورال - ياراغ بۆلۈملىرىنى قۇرۇپ، ئۇلارغا بۆلۈم باشلىقلىرى قويۇشىمىز مۇمكىن، — دېدى.

ھېكىم نۇرنىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندى، ئۇنىڭ ياردەمچى كاتىپ بولۇش ئۈمىدى يوققا چىقتى. سەيداشلار ل. مۇتەللىپنىڭ پىكرىنى بىردەك قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىشپىيون بوشاپ، قازان بېشى تەرەپكە كەتتى. سايلام داۋاملاشتۇرۇلۇپ، سەيداشلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ل. مۇتەللىپنى تەشكىلات رەئىسلىكىگە، مۇنىرىدىن خوجىنى مۇئاۋىن رەئىسلىك بىلەن باش كاتىپلىقنى قوشۇپ ئۆتەشكە كۆرسەتتى.

سايلام ئاخىرلىشىپ، تەسىس مەجلىسىنىڭ كۈنتەرتىپلىرى ئورۇندىلىپ بولدى. مەجلىس يېپىلدى. سەيداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشچان تەشكىلاتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇپ چىقىپ بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى.

# بۇ باراۋەت، ئەلۋەتتە ئويۇن - كۈلكە بولۇشى كېرەك

تەمىس مەجلىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى باغ ئىچىدىكى مەخپىيەتلىكنىڭ تامام بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. قادىر ئېلى كۆزەتمىشتىن توختاپ، ياۋ ئۈستىدىن قايتىپ چۈشتى. باغ بىردەمدىلا ئۇچار قاناتلارنىڭ تىنىمسىز سايراشلىرى بىلەن يېقىملىق ياز كەيپىياتىغا تولدى. شىمالدىكى ياندىش باغ تەرىپىتىن كەلگەن شامال نەشپۈت، ئامۇتلارنىڭ غورىلىرىنىڭ پۇرىقىنى باغ ئىچىگە چېچىشقا باشلىدى.

تاجاخۇن ئاكا ئۈجمە تېگىنىڭ تېخىچە سايە قاپلىمىغان قىسمىغا چوڭ ئۈچ داستىخان سېلىپ، ئۇلارنى دەسلەپ، نان، چىنە - قوشۇقلار بىلەن تولدۇردى. ئاندىن ياش ئوچاقچىلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئىككى تەڭنىدە لەقمۇ لىق شورپا ئەكەلدى. كۆپچىلىكنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى. ئۇلار نان چىلاپ، ئىشتىها بىلەن ئىچىشتى. ئاندىن باغۋەن داستىخانلارغا چىلگە، بالدۇر پىشار يەكزادىلەرنى ئەكەلدى. شورپىدىن بوشىغان تەڭنىلەرنى قازان بېشىغا ئەكىتىپ، ئۇلارغا بىر تەڭنە قوشۇپ، ئۈچ تەڭنىگە گۆش بېسىپ كەلدى. ياش ئوچاقچىلار گۆش ۋە شورپىدا پىشۇرۇلغان سەۋزە يېيىشتى. تائام يېيىلىپ بولۇپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن چۆپلۈك ئۈستىدە كەڭ سورۇن تۈزۈلۈپ، بەزمە - مەشرەپ باشلىنىپ



كەتتى. ساز چېلىندى. مۇتىرىدىن خوجا تەمبۇر، يۈسۈپجان نىيازى دۇتار، ئەخمەت ھەسەنوپ ساتار، ئابدۇكېرىم ئارىپوپ داپ چالدى. سازغا تەڭكەش ئۇسسۇللار ئوينىلىشقا باشلىدى. ئويۇن - تاماشا خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلدى. ئۇسسۇلدىن كېيىن ناخشا، ناخشىدىن كېيىن ئۇسسۇل ئۆزئارا گىرىشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنىپ تۇردى. كېيىن دولان سەنئىتى باشلىنىپ، ئويۇن - تاماشا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

تاجاخۇن ئاكىنىڭ «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىنىڭ ناخشىلىرىدىن ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ تەكلىپنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئوپېرادىكى «زۆھرە جانىم» ناخشىسىنى بوم ئاۋاز بىلەن يېقىملىق قىلىپ ئورۇندىدى. ناخشىدا ساپ نىيەتلىك مۇھەببەت سەردارى تاھىرنىڭ ۋاپادار ئاشىقى زۆھرەدىن مەڭگۈلۈك جۇدا بولغاندىن كېيىن، ئاھۇ زار ۋە دەرد - ئەلەم بىلەن تولۇپ تاشقان ئاچچىق ھېس - تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ قايغۇلۇق شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنىدى:

زۆھرە جانىم ۋەسلىڭ ئىزدەپ،
رەقىب قولىغا چۈشتۈم ئەمدى.
كېچە - كۈندۈز دىدار ئىزدەپ،
ئوتتەك يېنىپ ئۆچتۈم ئەمدى.

زېمىننى باسسۇن زارىم مېنىڭ،
پەلەكتىن ئاشسۇن ئاھىم مېنىڭ.
پەرىشاندۇر ھالىم مېنىڭ،
ياردىن جۇدا بولدۇم ئەمدى.

ئۆمرۈم ئۆتتى تىنماي يىغلاپ،
كۆزۈم قانلىق، يۈرەك زەرداب.
مانا ئاقىۋەت بولدۇم خاراب،
ئۇ ئالەمگە كۆچتۈم ئەمدى.

ئاھىر دەرلەر ئاسىم قالدى،
پىغان بىلەن زارىم قالدى.
ئەجەل مېنى قوينىغا ئالدى،
ئارمان بىلەن ئۆلدۈم ئەمدى.

— بۇ ناخشىنىڭ سۆزلىرى ئاجايىپ مۇڭلۇق، ئاھاڭىمۇ شۇنداق ماس كەلگەن-دە! — دېدى ئوسمان مۇھەممەت.

— ھە ئاشۇنداق، — دېدى ل. مۇتەللىپ ئوسمان مۇھەممەتكە جاۋاب بېرىپ، — ناخشىنىڭ بۇ دىلرەبا ئاھاڭىنى زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلغان. غۇلجىدا ئۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمدىن بىرى ئىدى. زىكرى ئەلپەتتا ئۇستا سازەندە بولۇپ، غۇلجىدا خېلى تونۇلغان. ئۇ بىرقاتار شوخ ۋە يېقىملىق ناخشا ئاھاڭلىرىنى ئىشلەپ چىقتى. مۇقەددىمە، داپ، نەغمە، داستان، مەرغۇللىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن قىلىپ ئېيتىلىدىغان «روخسارى مۇقامى» ئۇنىڭ كەڭ تارقالغان ۋە كۆپ ئېيتىلىدىغان مەشھۇر ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن بىرى.

«زۆھرە جانىم» ئېيتىلىش بىلەن تەڭ ئۇچار جانىۋارلار ناخشىغا يول بەرگەندەك سايراشتىن توختاپ، جىم بولۇپ كەتكەنىدى. ناخشا ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە توپ-توپ كېلىپ، ئۈجمە شاخلىرىغا قوندى. باغۋەن ئۇچقۇنلارنىڭ ياخشى سەگىدەپ، يەنىمۇ كۆڭۈللۈك ئويۇن-تاماشا قىلىشى ئۈچۈن سۈڭگۈچكە يىغىلىپ قالغان لاۋا-لاتقىلارنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىنى راۋانلاشتۇردى. ئۈجمە تۈۋىدىن



ئۆتۈۋاتقان سۇ بىردىن ئۇلغىيىپ، باغ ئىچىگە شارىلداپ كىرىپ، ئارامبەخش شاۋقۇن تارقىتىشقا باشلىدى. سۇ سۈزۈك ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە بازارنىڭ جەنۇبىدىكى دولان دەرياسىدىن ئۆستەڭ ئارقىلىق بۆلۈنۈپ، يار بويىنى بويلاپ ئېقىپ كېلەتتى. ياش ئۇچقۇنلاردىن بەزىلەر بىلەكلىرىنى شىمايلىۋېتىپ ۋە ياقىلىرىنى كەڭلىرىگىچە قايرىۋېتىپ، باش-كۆزلىرىنى يۇيسا، بەزىلىرى سۈڭگۈچ بېشىغا كېلىپ، ئوچۇملاپ سۇ ئىچىپ ئوبدانغىنا ھۇزۇر ئېلىشتى. سۇ ياش ئۇچقۇنلارغا قانغۇدەك سالقىنداش ۋە سەگىدەش ئىمكانىيىتى بەردى.

پىشۇرۇلۇۋاتقان كاۋاپنىڭ ئالدى داستىخانغا كەلتۈرۈلدى. ھېكىم نۇر شوجۇ ھارىقىنى ئېلىپ ئۈجمە تەرەپكە ماڭغانىدى، تاجاخۇن ئاكا كۆرۈپ قېلىپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ توستى:

— ئۇ ئېشەك سۈيدۈكىنى ئەكەلمە! — دېدى ئۇ. — ئۇنى بۇ تەرەپكە يولاتماي ئۆز جايىدا قوي! ئۇنىڭ بىلەن سورۇننى بۇلغىما... ئۇنى بۇ ياشلارغا ئىچۈرىمەن دېسەڭ، ھارىقىڭنى دۈمبەڭگە ئارتىپ، ئۆزۈڭنى ھازىرلا باغدىن قوغلاپ چىقىرىمەن!

بوۋاي شوجۇنى كۆپ ئىچىۋېلىپ، كوچا-مەھەللىلەردە مەست بولۇپ يىقىلغانلارنى ئۇچراتقان. ئۇلارنىڭ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، ئادەم قىلمىغىنى قىلىدىن بەرگەنلىكىدىن نۇرغۇن قېتىم نەپرەتلەنگەنىدى. كەسكىن مىجەز بوۋاي ھاراق مەستلىرىدە ئۆز رەقىبىگە ئەنە شۇنداق يۈز-خاتىر قىلمىدى.

تاجاخۇن ئاكا ئەتىگەندە ئوسمان مۇھەممەت بىلەن ئابدۇللا دوزى ئەكەلگەن مۇسەللەس بىلەن قىرغىز بوزىسىنى كۆرسەتتى:

— مانا، بۇنى بىر نىمە قىلماڭلار بولار!...

ئارقىمۇ ئارقا بوزا ۋە ئارىلاپ مۇسەللەس ئىچىلىش،

تەكلىپ ـ تەكەللۇپلار بىلەن كاۋاپ يېيىشلەردىن كېيىن، باراۋەت ئاخىرلاشتى. كونىشەھەردىن كەلگەن سەيداش تەۋەككۇل ئۇلۇغوپ ل. مۇتەللىپكە ئۆز شېئىرلىرىدىن بىرەرىنى ئوقۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە بارلىق ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ تەلىپى ئىدى. شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈجمە دەرىخىگە يۆلەندى ۋە سەيداشلارغا 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاقسۇدا يېزىپ، ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى:

مۇھەببەت

چېلىش، يۈزلە دۈشمەننى، ئۇر ئوقە، ئوتقا ياق،
يېيىش غالىبىيەتكە، سائادەتكە كۆكرەك ياق.
كەسكىن سىنۇت يېتىپ، جېڭىڭغا كەلسە ئىمتىھان،
دېمە ھەرگىز قۇربان بېرەيمۇ يە ياق.

ئۈز غۇلاچ تاشلا، ئازادلىق دېڭىزى كەچ،
ئەمما باتۇرلۇقنى ھەيران قىل ئەتە ۋە كەچ.
ۋەتەن، خەلق قايغۇسىنى ھەممىدىن ئەلا بىل،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشتە سەن جېنىڭدىن كەچ.

گۈزەل ئەخلاق ھەرقاچان بولسۇن ساڭا يار،
كۆم يامانلىقنى جايى بولسۇن ئۆڭكۈر ـ يار.
دۈشمەندىن ئۆزۈڭنى تارتما، دائىم بول تەييار،
قولۇڭدىن چۈشمىسۇن زادى ئوق بىلەن يا.

«مۇھەببەت» شېئىرى مۇندىن بەش يېرىم ئايچە ئىلگىرى يېزىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ كۈرەشچان ياشلارنىڭ



مۇشۇ تەمىس مەجلىسىگە بېغىشلىنىپ ئېلان قىلىنمىۋاتقاندەك يېڭى جۇشقۇن ئېقىن بولۇپ ئۇلارنىڭ يۈرەك تومۇرلىرىغا كۈچلۈك تۇيغۇ سىڭىپتىمدە يەنە بىر قېتىم ئېقىپ كىردى.

قۇياش غەربكە سۈرۈلۈپ، ۋاقىت دېگەر بىلەن شام ئارىلىقى بولۇپ قالدى. سەيداشلار سورۇننى يىغىپ، ئاستا ـ ئاستا قوزغىلىشتى. ئۇلار خەيرلىشىپ، ئۆزئارا چىڭ قول سىقىشقاندىن كېيىن، باغۋەنگە تەشەككۈر ئىزھار قىلىپ سىرتقا چىقتى. كونىشەھەرلىك سەيداشلار مەپە ياللاپ قايتىپ كېتىش ئۈچۈن بۆلۈنۈپ باش لەڭگەر كۆۋرۈكىگە ماڭدى. يېڭىشەھەرلىك ياش ئوقۇغۇچىلار باغ ئالدىدىن توغرا جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، ئاسۇق، خەيجاڭ مەھەللىلىرى ئارقىلىق بازارغا بۆلۈنۈپ كىرىۋېلىش ئۈچۈن يار ئالدى ۋە ئېتىز ـ ئېرىقلىرى ئىچىدىن كەتتى. بۈگۈنكى پەيشەنبە بازار ئۈچۈن يىراق يېزىلاردىن كەلگەن دېھقانلار ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ، كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭلىشىپ قالغانىدى.

باغۋەن ئاخىردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇتىردىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەرنى ماڭدۇرماي ئېلىپ قالدى. ئەمدى بوۋايغا ئۇلار ئىلگىرى بىلگىنىدىن ئارتۇق يېقىن ئەسرا ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ كەتكەنىدى. تاجاخۇن ئاكا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇتىردىن خوجىلارنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىققان پېتى ئوتتۇرىغا ميڭىپ، بۇ ئۈچ نەپەر ئاجرالماس سەيداشنى يار ئۆڭكۈرى ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى ياردىن سىيرىلغان تويا بىلەن تىندۇرۇلۇپ ئۈستىگە ياخال ۋە قۇرۇق دەرەخ شاخلىرى تاشلانغانىدى. باغۋەن ئۇ يەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ يەردە قورال بار، — دېدى ئۇ، — مەن ھازىر بۇ يەرنى ئېچىپ، ئۇلارنى سىلەرگە كۆرسىتىمەن.

— بەللى ئاتا ... بەللى!... — دەۋەتتى لۇتپۇللا مۇتەللىپ خۇشاللىقىنى باسالماي.

— بۇ قۇراللارنى، 12 – 13 يىلدىن بۇيان مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن، — چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى 1930 - يىللاردىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بۇ ئاكتىپ جەڭچىسى، — شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتكە قورال تاپشۇرۇش ۋاقتىدا بۇلارنى بەرمەي يوشۇرۇپ قويغانىدىم. كېيىن شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگىمۇ بىر ئىلاج بىلەن بەرمەي ساقلاپ قويدۇم. ئۆزۈم ئۇرۇشتا ئىشلەتكەن. تاكى ھازىرغىچە يېپيېڭى، پاك - پاكىز تۇرۇپتۇ. ئۈچكۈرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىنى پات - پات شامالدىتىپ تۇردۇم، ئۇلارنى ئېرتىپ ياغلاپ، دات باستۇرمىدىم. بۇ قوراللارغا قارساڭلار، ھېلىمۇ يېڭى پېتى پارقىراپ تۇرىدۇ.

— قوراللىرىڭىزنى ساقلاپ قويۇپ ناھايىتى ياخشى قىپسىز، — دېدى زوقمەنلىك بىلەن مۇنىرىدىن خوجا، — بۇ بىزنىڭ كۈرەشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. كۈرەشنىڭ قورالسىز غەلىبە قازىنالىشى مۇمكىن ئەمەس.

بوۋاي ئۈچكۈر ئاغزىدىكى شاخ - شۇمبىلارنى ئالدى، سەپداشلار ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. تىنىپ كەتكەن توپىنى چېپىپ ئېلىۋېتىش ئۈچۈن بىلال ئەزىزى باغۋەننىڭ قازناق ئۆيىدىن جوتو، گۈرجەك ئاچىقتى. ئاندىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئىككىسى بىردەمدىلا ئۈچكۈر ئاغزىنى ئېچىپ بولدى. بىر تال بەشئاتار مىلتىق، بىر دانە چىراغ ماۋزۇر تاپانچا ئۈچكۈردە ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۈچكۈرنىڭ ئادەم بويى ئېگىز قورغاق يېرىدىن ئويۇق كولىنىپ، ئۇنىڭغا بەشئاتارنىڭ 53 دانە ئوقى، ماۋزۇرنىڭ 38 دانە ئوقى قويۇلغانىدى. ئۈچكۈر تېمىغا يەنە غىلاپسىز قىلىچ ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ پارقىراپ قاراڭغۇ ئۈچكۈرگە شولا چېچىپ تۇراتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇلارنى تۇتۇپ كۆرۈپ:



— باشالڭ ئاتا! — دېدى، — سىز بىز ئۈچۈن كۆھەر - ياقۇتتىن ئېسىل نەرسىلەرنى ساقلاپ كېلىپسىز.

— ھازىر ئەكەتمىسەڭلار ھازىر بېرىمەن، — دېدى تاجاخۇن ئاكا قەتئىيلىك بىلەن، — ياق، ئىشلەتكىچە ۋاقىتلىق مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن دېسەڭلار، ئۇنىڭغىمۇ مەيلى، يەنە ساقلاپ بېرىمەن. ئىشقىلىپ، بۇ قوراللار سىلەرنىڭ!

— رەھمەت بوۋاي، رەھمەت. بۇ ئالىيجاناب ھىممىتىڭىزگە تۈمەنمىڭ رەھمەت! — دېدى مۇنىرىدىن خوجا.

— بولىدۇ، بۇ قوراللار ھازىرچە بۇرۇنقىدەك سىزنىڭ قولىڭىزدا تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى ل. مۇتەللىپ بوۋاينىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

ل. مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزىلەر ئۈچكۈر ئاغزىنى شاخ - شۇمبىلار بىلەن ئاۋۋالقىدەك بىلىنمەس قىلىپ يېپىپ قويۇشقا تەمشەلگەنىدى، باغۋەن ئۇلارنى توختاتتى:

— قادىر ئېلىنىڭ ئايىيام مەجلىستە ئېيتىشىچە، ئۇ بايىدىن قورال ئەكېتىپتۇ، — دېدى ئۇ، — باشقا سەپداشلاردىمۇ قورال بولۇشى مۇمكىن. ھەممىنى مۇشۇ يەرگە ئەكىلىڭلار، مەن ئۇلارنى ئىشلىتىش ۋاقتىغىچە ساقلاپ بېرىمەن. بۇ ئۈچكۈر يوشۇرۇن قورال - ياراغ ئامبىرى بولالايدۇ. ئۇلار ئەكەلگىچە شۇنداق ئوچۇق پېتى تۇرۇپ تۇرسۇن، ھازىرچە ئاغزىنى ئەتمەي تۇرايلى.

— بولىدۇ، — خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى ل. مۇتەللىپ. — قوراللارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە تاپشۇرىمىز. ھە، ئېيتماقچى، ئۇلارنى ساقلاش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. ياش ئوچۇقۇنلار قول بومبىسى تاشلاش، مىلتىقتىن پايدىلىنىش، قىلىچ چېپىشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

— توغرا، — دېدى بوۋاي ل. مۇتەللىپنىڭ مەسلىھەتىنى

شۇ مەھەل قوزغۇتۇلۇپ. — بۇلارنى بىلمەستىن تۇرۇپ قىزىللاردىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ.

— قىزىل مەشقىغە ئۆزىڭىز باشچىلىق قىلالمامسىز قانداق؟ — تەكلىپ بەردى مۇئمىنىدىن خوجا پېشقەدەم سابىق جەڭچىگە. — مەشقنى مۇشۇ باغدا ئۆتكۈزىمىز. سەۋەب، بۇ يەر چەت، باشقا جايلارغا قارىغاندا ئىشەنچلىك.

تاجاخۇن ئاكا بۇ تەكلىپتىن خۇشال بولدى. مەشققە ئۇجمە تۈۋىدىن ئارتىپ، يار تۈۋىگىچە بولغان بىرشلۇق مۇۋاپىق ئىدى. بىرۋاي بۇ يەرنى ھېكىم ئىزۇرۇپ كۆرسىتىپ:

— ئاۋۋال مۇنۇ ئوچۇقلۇق — دوڭغۇل جايلارنى چېپىپ تاشلاپ، ئەينەكتەك تۈزلەيمىز. ئاندىن قارىنى يار تېمىغا يېپىشتۇرىمىز، — دېدى ئۇ. ئاندىن قانداقتۇر بىر ئىشنى ئەسكە ئالغاندەك بىرئاز توختاپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدۇردى. — قۇربان قىززىغىلىقى ۋاقتىدىكى ئۇرۇشلار كونا زامانىنىڭ ئۇرۇشلىرى ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا تەۋەككۈللىسىگە ئۇرۇش قىلاتتۇق، ئۆزىمىزنى ياقلاشنى بىلمەيتتۇق، ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ھىيلە - مىكىر كۆپىيىپ كەتتى. بىزنىڭ ئۈچۈن مەشققە ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدىن خەۋىرى بار بىرەر كىشى ياردەم بەرسە بولمايدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئاتا، — دېدى بىلال ئەزىزى، — ئۇنىڭغا مۇشۇ كىشى بار. مۇساجان بۇ جەھەتتىن سىزگە يېقىن ياردەمچى بولىدۇ. ئۇ كېلەلمىگەن ۋاقىتلاردا مەشققە سىز يالغۇز يېتەكچىلىك قىلىسىز.

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا ياخشى، — بىرۋاي ئۆز ئىشەنچىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى.

كەچ كىرىپ، قاش قارايدى. ئۈچ سەپداش تاجاخۇن ئاكا بىلەن قايتا - قول سىقىشىپ خوشلاشتى. يالغۇز قالغان باغۋەن گۈرجەك ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مادارى يەتكۈدەك دائىرىدە ئىشلەپ، ئۇجمە ئاستىدىكى ئېگىز - پەس دۆڭلەرنى تۈزلەشكە كىرىشتى.



ئۈچ سەپداش باشلىغەر كۆۋرۈكىگە بارغاندىن كېيىن، بىلال ئەزىزى، ل. مۇتەللىپ، مۇئمىنىدىن خوجىلار بىلەن خوشلىشىپ، ھەپە بىلەن كونىشەھەرگە ماڭدى. ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكى خىزمەتنى تاشلاپ، نەچچە كۈنلەپ يوقاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇنداق قىلىش گومىنداڭچىلار ئارىسىدا ساقچى ئوفىتسېرىنىڭ ئۈستىدىكى گۇماننى تېخىمۇ كۈچەيتىپ قوياتتى. ل. مۇتەللىپ مۇئمىنىدىن خوجىلار بىلەن مېڭىپ، تۈپتۈز غرا گېزىتخانىغا كېلىپ، نابىر سېخىغا كىردى. قادىر ئىلى، تۇردى ھەمسەيت نوپ، قۇددۇسلار بۇ بۆلۈمنىڭ كەچكى بوش قالغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن «ئۇچقۇنلار» ژۇرنىلىنى كۆپ نۇسخىدا بېسىپ چىقارماقتا ئىدى. ل. مۇتەللىپ بىلەن مۇئمىنىدىن خوجا بۇ يەردە نابىرچىكلارغا ياردەملەشكەچ، ۋاقىتنىڭ تېخىمۇ كەچ بولۇشىنى كۈتتى. ئەمدى ۋاقىت ئىككى خۇپتەنگە يېقىنلاپ، كوچىدا ئادەم قالمىغانىدى. قادىر ئىلى بايىدىن ئايدۇللا داۋۇتوپ سوۋغا قىلغان تاپانچا ۋە قول بومبىلىرىنى كۆتۈرۈپ، ل. مۇتەللىپ ئۆز ياتىقىدا ساقلاۋاتقان تاپانچا ۋە ئۇنىڭ 32 دانە ئوقىنى ئېلىپ، تاجاخۇن ئاكىنىڭ بېغىغا كەتتى. شائىرغا بۇ تاپانچىنى شوپۇر ھېمىت ئاقسۇغا يېقىنقى بىر كېلىشىدە ئۈرۈمچىدىن ئەكېلىپ قالدۇرۇپ كەتكەنىدى.

× ×

ھېكىم ئۈر باغدىن خاپا ھالدا قايتىپ، داش قازان، كاۋاپدان، كاۋاپ زىخلىرىنى ئەكىتىش ئۈچۈن يار - يار ھارۋا

ياللاپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇلارنى ئۆزىنىڭ تۇرار جايى — ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە يەتكۈزۈپ بىرلغىچە خېلى كەچ كىرىپ قالدى. شۇنىدىن كېيىن ئىشپىيون تەمىس مەجلىسى ۋە باغ باراۋىتىدىن تىڭ تىڭشىغان يېڭى مەلۇماتلىرىنى خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراشلىق بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ، توپتوغرا رازۋېتكا بۆلۈمىگە كىردى. لى يا ئۆز يالاقچىسىنىڭ مەلۇماتلىرىنى بىر قۇر ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋەدىسىگە ئاساسەن، ۋۇ شۈبىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى بۇ ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋۇ شۈبىڭ ھېكىم نۇرنىڭ يېڭى مەلۇمات ئەكەلدىغانلىقىدىن ئالدىنئالا خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيىگە قايتماي ئۇنى ئىشخانىسىدا ساقلاپ تۇراتتى.

ساقچى ھوقۇقدارى ئۇنى چوڭ ئۈمىد بىلەن كۈتۈۋالدى. لېكىن ھېكىم نۇر ئۆز خوجايىنلىرى كۈتكەندەك يېڭى ۋە ئېنىق مەخپىي مەلۇماتلار ئەكىلەلمىگەنلىكىدىن قىزىرقۇپ، پەرىشانلىق ئىچىدە قىلىپ ھودۇقۇۋاتاتتى. ئىشپىيون سۆزلەشكە باشلىدى، رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى «مۇھىم ھۆججەت — 4» كە بىرمۇ بىر يېزىپ تۇردى. ھېكىم نۇر شەخسىي ئۆچمەنلىك بىلەن كۆپىرەك تاجاخۇنئاكىنى يامانلاش بىلەن ئاۋارە بولدى:

— بۇ قېرى قاقباش قىزىل پاچاق، — دېدى ئۇ، — لۇتپۇللا مۇتەرەددىتلارنى كەلگۈسىدە جازالىغاندا، ئۇنىمۇ جازالاش كېرەك. بۇ قېرىنىڭ ئۇلار بىلەن تىلى بىرلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بايقىدىم.

— تاجى لۇتپۇللالارنىڭ باغدىكى مەجلىسىگە قاتناشتىمۇ،



ئۇلارغا ئەگىشىپ، تەكلىپ - پىكىرلەر بەردىمۇ؟ — سورىدى ساقچى ھوقۇقدارى.

— ياق، ئۇنداق قىلغۇدەك بولمىدى، — جاۋاب بەردى ھېكىم نۇر، — لېكىن خۇي - پەيلى يامان...

— تاجى لۇتپۇللالار بىلەن ئىلگىرى بىللە بولۇپ باقمىغان، شۇنداقمۇ؟... ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئىلگىرى بىز ساڭا جېكىلگەن مەسىلىلەر بويىچە ئەكەلگەن مەلۇماتلىرىڭنى تەپسىلىي ئېيت. تاجىدەك ئادەملەرگە كەلسەك، ئۇنداقلار ئاقسۇدا بەك تولا، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى كېيىنچە ئەھۋالغا قاراپ ئايرىم بېرىمىز!

— ئىلىلىق تاغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئابدۇكېرىمنىڭ ئىنىسى سېيىت ئۈچتۇرپاندىن تەمىس مەجلىسىگە ئالايىتەن كېلىپ قاتناشتى. ئۇ بۇ يەرگە قورال ئالغاچ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— قورال ئەكەپتۇ دەمسەن؟! ئۇنى باغقا ئالغاچ بېرىپتىمۇ؟

— ......

ئىشپىيون زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. چۈنكى ئۇنى تاجاخۇنئاكا ھەيدەپ تەمىس مەجلىسىدىن چاقىرىۋېلىپ، قازان بېشىدىكى ئىشلارغا سالغانلىقى ئۈچۈن، قورال - ياراغ توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى چالا - پۇچۇق ئاڭلاپ، قادىر ئېلىمنىڭ بايىدىن ئەكەلگەن تاپانچا ۋە قول بومبىلىرىنى سېيىت ئابباسقا ئالماشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ باغۋەن يار ئۆڭكۈرىدە ساقلاپ كەلگەن ۋە ل. مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدا ساقلانغان ئوق - دورا ۋە قورال - ياراغلاردىن بولسا تېخىمۇ خەۋىرى يوق ئىدى.

— قېنى زۇۋان سۈرمەمسەن؟ نېمىگە جىم ئولتۇرىسەن؟ — ئاچچىقلاندى ساقچى ھوقۇقدارى، — سېيىت ئۈچتۇرپاندىن قا-

داق قۇراللارنى ئەكەپتۇ؟ ئۇلارنى كىمنىڭ قولىغا بەردى؟

ئىشپىيون قورققىنىدىن تىترەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن ئايدۇڭ بىر ئاببا سىپىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ئىنىلىرىنىڭ ئۆز يۇرتىدا ھۆكۈمەتكە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى دېمەكچىدىم. ئۇلار ھازىر يوشۇرۇن قوراللىنىۋېتىپتۇ. بىراق، سىپىت ئاقسۇغا قورال ئەكەلگەندەك قىلىدۇ.

— يەنچۇ؟

— ئۇلار ئۇچتۇرپاندا ئەتراپىغا ئۇيغۇرلاردىن باشقا قىرغىز، خەنزۇ، خۇيزۇلارنىمۇ توپلاۋېتىپتۇ.

— تەسىس مەجلىسىدە نېمە ئىشلار قىلىندى؟ ئەمدى شۇنى ئېيت!

— ھېلىقى يوشۇرۇن تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى ئوقۇلۇپ، ئۇنى ھەممىسى يېزىۋېلىشتى. قەسەمنامە دېگەن نېمىسىمۇ ئوقۇپ ئۆتتۇلدى. ئۇنىمۇ يېزىۋېلىشتى.

— سەنچۇ؟ سېنىڭ يېزىپ كەلگىنىڭ قېنى؟

— مەن! ... مەن! ...

— نېمانچە تولا مەن؟ ھەي ئانقىپى، مەن يېزىۋالمىدىم دېمەكچىمۇ؟ ئۇ يەردە ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلدىڭ؟ يېزىپ كەلگەن بىر ۋاراقچە نەرسەڭمۇ يوق! ... لۇتپۇللا نېمە دېدى، ھېلىقى مۇنىردىن نېمە دېدى؟ كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى ئەجەل قوغلىشىپ يۈرگەن ھېلىقى ئوفىتسېر شائىرمۇ جىم تۇرماي سۆزلەپ كەتكەندۇ؟ «مەن، مەن» دەپ تۇرۇۋەرمەي ئەنە شۇلارنى ئېيتمامسەن؟

— ھە، ئېيتماقچى، ئۇلار قوزغىلىمىز، شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىمىز، دېدى.

— ھەببەللى، مۇشۇلارنى ئېيتماي، يەنە نېمىگە دۇدۇق-



لايسەن؟ قاچان قوزغىلىدىكەن، بىزگە نېمە بىلەن ھۇجۇم قىلىدىكەن؟ — چۆچۈپ سورىدى ۋۇشۇ بىڭ.

— ئۇلار شۇ گەپلەرنى ئېغىزدا بىرقانچە قېتىم تەكرارلاپ ئېيتقان بولدى. قوزغىلىدىغان ۋاقىتنى ئېنىق ئېيتمىدى، قورال-ياراغلارنى قانداق ھازىرلايدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئوچۇق بىر نېمە دېمىدى.

— ئېنىقراق ئېيتىپ بەرگىدەك بىرەر ئېغىز گېپىڭ يوقمۇ؟

— لۇتپۇللا بىلەن مۇنىردىن ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىغا باشلىق بولۇپ سايلاندى.

— سەنچۇ، كاتىپلىقنى قولىغا كەلتۈرەلىدىڭمۇ؟

— ......

ئىشپىيون ساقچى ھوقۇقدارنىڭ غەزىپىدىن ئاسانراق قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەپ تەسىس مەجلىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش جەريانى، ئۇنىڭغا قاتناشقان كىشىلەر، ھەر بىر سەپداشنىڭ روھىي كەيپىياتى، يېيىلگەن مېۋە-چېۋىلەر، پىشۇرۇلغان تائام، كاۋاپلار، نەغمە-ناۋا، ئۇسسۇل، تاماشا ۋە ل. مۇتەللىپنىڭ ئاللىقاچان مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپ، ئەپكار ئاممىغا مەلۇم بولۇپ كەتكەن «مۇھتەمىلات» شېئىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىغانىدى، ئاخىرغىچە ئاڭلاۋېرىپ، مېڭىسى كاللىماشاڭ بولۇپ كەتكەن ۋۇ شۇبىڭ بۇ مالايغا ۋارقىراپ:

— بولدى ئەمدى، گېپىڭنى توختات! — دېدى، — ئەكەلگەن مەلۇماتلىرىڭنى چوڭقۇر ئويلىنىپ، ھەممىسىنى تەپسىلىي يېزىپ چىق. ئۇلارنىڭ قورال-ياراغلىرى توغرىسىدا سانىنى، تۈرلىرىنى، قەيەردىن تاپقانلىقىنى، ھازىر قەيەردە ساقلاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەنە ئىلى تەرەپ بىلەن قانداق ئالاقە

باغلاۋاتقانلىقىنى، قورغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى ئېنىق يېزىپ چىق!

ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ كەسكىن تاپشۇرۇقلىرى بىلەن ئىشپىيوننىڭ ئۈستىگە تۈگمەن تېشى ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆڭلىدە توقۇپ يالغان گەپلەرنى ئېيتماقتىن باشقىغا چارىسى يوق ئىدى. لېكىن ئېيتىلغان يالغان كېيىنكى ئەمەلىيەتنى توغرا تەستىقلاپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ يەنە تېگىشلىك جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلەتتى.

ۋۇ شۇيىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا ھېكىم نۇر ئۈستىدىن تاپشۇرۇق بېرىپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن بىكار ئۆيلەرنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ قاماپ قوي. كېچىچە ئۇ مېنىڭ ھېلى ئېيتقانلىرىم بويىچە تولۇق ۋە ئېنىق قىلىپ قەغەز يۈزىدە مەلۇمات يېزىپ چىقسۇن. يېزىپ بولمىغۇچە كەتكۈزمە! — دېدى.

— بولىدۇ، — لى يا ۋۇ شۇيىڭغا چاس بېرىپ، ئىشپىيوننى ئالدىغا سېلىپ كارىدور تەرەپكە ماڭدى.

ساقچى ھوقۇقدارى رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى تۇختىتىپ تۇرۇپ يەنە:

— ھېكىم نۇر شۈبھىلىك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قوي! — دەپ تاپىلىدى.

## ئىشپىيون يەنە سىغدىلىۋالدى

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن قادىر ئېلى تاپانچا، ئوق، قول بومبىلىرىنى باغقا يەتكۈزۈپ بارغۇچە، تاجاخۇن ئاكا ئىشىكنى تاقاپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى تۆشەك سېلىپ ئۇيقۇغا



باش قويمىغانىدى. ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كېلىشىنى كۈتكەچ، ئاي يورۇقىدا ھەدەپ مەشىق مەيدانىنى تۈزلەش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. بۇۋاي بىر دەملىك ئۈچۈن بولسىمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن قورال - ياراغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئاغزىنى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىپ قويغانىدى. شائىر باغقا كىرىش بىلەن تاجاخۇن ئاكىنىڭ بۇ ئېھتىياتچانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېچىدە ئىرىنمەي مەشىق مەيدانىنى تەييارلاش يولىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئالايىتەن خۇرسەن بولدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزلىرى ئەكەلگەن قورال - ياراغلارنى ئۆڭكۈرگە سېلىش ئالدىدا باغۋەنگە كۆرسەتتى. بۇ ئىككى دانە تاپانچىنىڭ بىرىنى 32 دانە ئوق ۋە تۆت دانە قول بومبىسى بىلەن ئابدۇللا داۋۇتوپنىڭ بايدىن قادىر ئېلى ئارقىلىق ئەۋەتكەنلىكىنى، تاپانچىنىڭ يەنە بىرىنى 35 دانە ئوقى بىلەن شىرىپۇر ھېمىتنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئالغاچ كېلىپ ئۆزىگە قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى.

بۇۋاي تاپانچىلارنى قولىغا ئېلىپ، بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ كۆردى. ئۇ، تاپانچىلار ساق ئىكەن، لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان مايلاقسىز قاپتۇ، دەپ شۇ يەردىلا ئۇلارنى ئوبدان سۈرتۈپ تازىلىدى ۋە ئۆيدىن مايغا چىلانغان پاختا ئاچىقىپ، قايتا - قايتا مايلىدى. تاپانچىلار ئاي يورۇقىدا جۇلالىنىپ پارقىراپ كەتتى.

— بۇلارغا سىز تەقدىم قىلغان قىلىچ، قول بومبىسى، تاپانچا، مىلتىق، ئوقلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇۋايغا، — يەنىلا ئاز، بەلكى ناھايىتى ئازلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە يەنە باشقا يوللار بىلەن قورال - ياراغ تېپىش ئامالىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— غۇلجا تەرەپنىڭ بىۋاستە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرە-

لىگەن بولساق ناھايىتى ياخشى بولاتتى. — سۆز قىستۇردى قادىر ئېلى، — بىراق، ھازىر مۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىزگە ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

— بالىلىرىم، — دېدى باغۋەن سەمىمىيلىك بىلەن قادىر ئېلىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەش مەنىسىدە، — ئىلى تەرەپتىن ئاقسۇغا كېلىدىغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى چاپسانراق كەلسە، ھەممە ئىش پۈتەتتى. دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا يەتكۈدەك قورالمۇ، كىشىمۇ بار بولاتتى.

— ئۇلارغىلا يۆلىنىۋالغان بىلەن بولمايدۇ، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ چۈشەندۈرۈپ، — مۇنداق قىلساق، قان تۆكمەي، قۇربان بەرمەي تەييارغا ھەييار بولۇۋېلىش بولۇپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە بىز مانا شۇ ئاقسۇدەك دۈشمەن قورغىنى ئىچىدىن قوزغىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ يەردە ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇشىغا بىۋاستە ماسلىشىشىمىز لازىم — بۇ ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ يېتىشكە تېگىشلىك بىردىنبىر نىشانى. بۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

بوۋاي شائىرنىڭ سۆزىدە تولۇق بىر ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىپ، جىم بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ئاقسۇ كوچىلىرىدا كېزىشكە باشلاپ، ساگ-ئالدى، ئېگەرچى، ئاشۇق ۋە گۈلباغ مەھەللىلىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىرقانچە يېقىن دوست - يارەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىش بىلەن بەند بولۇپ كەتتى. بۇ كىشىلەر ئۆز ۋاقتىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولۇپ، شۇ قېتىمقى ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن، ئاقسۇدا ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ماكانلىشىپ قالغانىدى.

— ئىزدىسەك يەنە قورال تېپىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا ئامال قىلىپ كۆرىمەن، — دېدى تاجاخۇن ئاكا قەتئىيلىك بىلەن، —



مەن ئۇلارنى ئۆزۈمگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىن ئەكېلىمەن.

بوۋاينىڭ ۋەدىسى ۋەدە، سۆزلىرى ئىشەنچلىك ئىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ تېز پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئېنىق ئۇقۇمغا كەلدى. چۈنكى شائىر ئاقسۇغا كەلگەندىن بېرى ئادەملەرنى بايقاش ۋە ئۇلار بىلەن ئىسرا بولۇش جەريانىدا ئىلگىرىكى قوزغىلاڭلارنىڭ ئىشتىراكچىلىرىنى خېلى پىششىق بىلىپ بولغانىدى.

— رەھمەت ئاتا، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ بۇ يېڭىچە ھىممىتىڭىز ۋە قەتئىي ھالدا بەرگەن ۋەدىڭىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت. بىزنىڭ گومىنداڭغا قارشى كۈرىشىمىز كەڭ خەلقنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، غەلىبە قىلىدۇ.

— ئاز قورال كۆپ ئادەمنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئەمەس، — دېدى پېشقەدەم جەڭچى، — ئىشەنچلىك ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن بار قوراللارنى يىغىپ كەلگەندىن تاشقىرى، قورال ياساپ تۇرۇش كېرەك. بازاردىكى مەھەللىلەر بىلەن يېزا - كەنتلەردە ئاق كۆڭۈل ياخشى تۆمۈرچىلەر بار. ئۇلارغا ھازىردىن تارتىپ ئۇدۇللۇق قىلىچ، خەنجەر، نەيزىلەرنى ياساپ تۇرساق بولىدۇ.

— بۇ ئىشنى ھازىرلا قىلىش سەل بالدۇر بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ل. مۇتەللىپ، — تۆمۈرچىلەرگە جەڭ قوراللىرى ياساتقانلىقىمىز ئېغىزدىن - ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا ئۆتۈپ ساقچى ئورگىنىغا يېتىپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ھەرىكىتىمىز پاش بولۇپ قالىدۇ.

— بۇ گېپىڭىز راست، — دېدى بوۋاي شائىرنىڭ مۆلچەرىنى تەستىقلاپ، — كۆرۈنۈشى ئادەم، ئەمما قىلمىشى يىلان - چاياندەك مەخلۇقلارنى يوق دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

شۇ تاپتا شائىر ھېكىم نۇرنى ئەسكە ئېلىپ قالدى. ھېكىم نۇر مەسلىسى سەپداشلارنى غەم - قايغۇغا سېلىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنى قايتا - قايتا ھوشيارلىققا ئۈندەۋاتقان ئېغىر بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. ل . مۇتەللىپ ئەتىگەندە باغقا كېلىش بىلەنلا تاجاخۇن ئاكىدىن ھېكىم نۇر توغرىسىدا — سۈيىقەستچى مەسىلىدىكى بۇ قارا نىيەت شەخسنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى خېلى تەپسىلىي ئاڭلىغان بولدى. ئاندىن يەنە باغۋەننىڭ بۇ قارا نىيەتكە ئىنتايىن قوپال تەگكەنلىكىنى، ئۇنى يۈز - خاتىرسىز قەدەمدە بىر دۈشكەلەپ ئۇرغانلىقىنى كۆردى. شائىر شۇ تاپتا بۇ مۇئامىلىلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ تاجاخۇن ئاكىدىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سورىدى:

— ئاتا، ھېكىم نۇر راستىلا ئىشپىيونمىدۇ؟

— مەن، — دېدى بوۋاي جاۋاب بېرىپ، — ئىشپىيوننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما بۇ قارا يۈزنى ساقچى ئىدارىسىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلار بىلەن ئۇلپەت بولۇپ يۈرگىنىگە قاراپ، ئىشپىيونمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە گېپى - گەپ، قىلغىنى - قىلغان ھوقۇقلۇق بۆلۈم باشلىقى. باشقا بۆلۈم باشلىقلىرى ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. ھېكىم نۇر مېنى يامان كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ يەردىكى تازىلىق خىزمىتىمدىن قوغلاپ چىقارغاندىن تاشقىرى، ناھەقتىن - ناھەق بىر ئاي سولىتىۋەتكەنىدى. پارا بېرىپ يۈرۈپ، قاماقخانىدىن ئاران چىقىۋالغانىدىم.

— مۇنداق دەڭ ئاتا! — دېدى ل . مۇتەللىپ ۋە ئۆڭكۈرگە قولىنى تاياپ پېشانىسى تۈرۈلگەن ھالدا چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. قادىر ئېلى ئاڭغىچە باي ناھىيىسىنىڭ كۆك بويۇرماقلىق ئاچچىق تاماكىسىدىن يوغان بىر ئورام ئورىغانىدى،



ئارقىمۇ ئارقا ئىككى قېتىم شوراپ، كېيىن شائىرغا سۇندى.

ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئاۋۋالقىدەك شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىپ قويغاندىن كېيىن ئاستا باغ ئىشىكى تەرەپكە ماڭدى.

شائىرنىڭ خىيال ئاسمىنىدا ئىككى پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولغانىدى. ھېكىم نۇرلا ئەمەس. بەلكى ئايتىللامۇ ئۇنىڭ خىيالىدا قورقۇنچلۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئايتىللا ل . مۇتەللىپنىڭ يانتىقىغا بىر ھەپتىدىن بېرى كىرمەس بولۇپ كەتتى. سەپداشلار ئۇنىڭ ئەرلەردەك كۆپ ئويۇن - تاماشادا بولمىغان، ئارتۇقچە بەزمە - مەشرەپلەرنى كۆرمىگەن ياپپىياش قىز بولغانلىقىغا قارىماي، خۇددى ھېكىم نۇرغا ئوخشاش ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇل خەجلەپ يۈرۈشلىرىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى ئىشپىيون بولسا كېرەك، دېگەن پەرەزگە كەلگەنىدى. شائىر قادىر ئېلى بىلەن بىللە باغدىن چىقىپ، بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ ئۈلگىمغا:

— ئاتا، سىزنى يەنە ئوخلاتماي بىر ئاز ئاۋارە قىلدىمىز، — دېدى، — ئىشىكىڭىزنى تاقىماي تۇرۇپ تۇرسىڭىز. ئۇردى ھۆسەيىنوپ ھازىر بۇ يەرگە ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن «ئۈچقۇنلار مارشى» نىڭ مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىلىرىنى ئەكىلىدۇ. ناھىيىلەرگە ئەۋەتىپ بېرىلگىچە، ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئۆڭكۈردە تۇرۇپ تۇرسۇن!

— بولىدۇ بالام، — دېدى تاجاخۇن ئاكا، — ئەكەلسۇن. قېرىغاندىن بېرى ئۇيقۇممۇ كەم ئۇيقۇ، ئۇ كەلگىچە مەن مەشق مەيدانىنى تازىلىغاچ تۇرىمەن.

— رەھمەت بوۋا، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن قادىر ئېلى چەتتىكى شالاڭ ئۆيلۈك بۇ مەھەللىسىنىڭ ئوي - دوڭغۇل يوللىرىدىن قېقىلىپ - سوقۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

ل. مۇتەللىپ ھېكىم نۇر توغرىسىدا ئاچچىق ئويغا پېتىپ قاتتىق باش قېتىمچىلىقى بىلەن كېتىپ باراتتى. «بۇ ئادەم توغرىسىدا قانداق ھۆكۈمگە كېلىش كېرەك؟ — دەيتتى شائىر ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. — ئۇ ھەقىقەتەن ئىشپىيونمىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇنى ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى ئىچىدىن قايسى ئامال بىلەن چىقىرىپ تاشلاش كېرەك؟ ياق، توختا، يەنە سەۋر - تاقەت قىلىپ كۆزىتىپ بېقىش زۆرۈرمۇ - يە؟ قانچە ياخشى كۆزەتسەك، ئۇنىڭدىن چىقىرىلغان خۇلاسىمۇ شۇنچە توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە، ئىشپىيون بولماي، ياخشى سەپداش بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا مۇنداق خاتانى تۈزىتىشنىڭ ئامالىنى تاپماقمۇ تەسلىشىدۇ...»

ئىككى سەپداش باشلىغەر كۆۋرۈككە يېتىپ قالاي دېگەندە، ئالدىدىن ئۆزلىرى تەرەپكە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قامەتلىك بىر گەۋدىنى كۆردى. بۇ تۇردى ھۆسەينوپ ئىدى. تۇردى ھۆسەينوپ ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن «ئۇچقۇنلار مارشى»نىڭ مەتبەئەدە يېڭىلا بېسىلىپ چىققان 200 پارچىدەك نۇسخىسىنى ئېھتىيات نۇقتىسىدىن بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، بېلىگە پوتىدەك ئوراپ، ئۈستىگە چاپان كىيىپ ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرۇپ باغقا ئەكىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇچراشقاندىن كېيىن، تۇردى ھۆسەينوپ، ل. مۇتەللىپ، قادىر ئىبلارغا ئەنسىزلىك بىلەن ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئەھۋال خەتەرلىك بولۇپ قالدى، ئىككى نەپەر ساقچى كېزىتخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى شۇرىدىن باستۇرۇپ كىلىپ، ئاۋۋال بىزنىڭ ياتىقىمىزغا كىردى. ئاندىن ئۇ يەردىن چىقىپ، نابىرىر سىخى تەرەپكە ئۆتتى. ئۇلارنىڭ پەيلى يامان كۆرۈنىدۇ. مېنىڭ پەمىچە، ساقچىلار قورال - ياراغ ئىزدەپ كىرگەن. ئۇلارنىڭ يەنە نىزامنامە بىلەن «ئۇچقۇنلار مارشى»



نىڭ باسما ۋەرەقىلىرىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ كىرگەنلىكىمۇ ئېنىق.

— ئەبلەخلەر! — غەزەپلەندى ل. مۇتەللىپ، — بىزنىڭ بۇ ۋەرەقىلەرنى بېسىپ چىققانلىقىمىز تېخى يېڭىراقتىكى ئىشقۇ؟! ئارىمىزدا بۇنى بىرى ساقچى ئورگىنىغا مەلۇم قىپتۇ - دە! ۋەرەقىلەرنى سېختىن قانداق ئاچىقىۋالدىڭ؟

— ئاقسۇ يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەردىكى سەپداشلارغا تارقىتىلىدىغان ۋەرەقىلەرنى ئاۋۋال سېنىڭ ياتىقىڭغا ئەكىرىپ بېرىپ، ئاندىن ئىككىنچىلەپ سېختقا كىرىپ، بۇ ۋەرەقىلەرنى ئېلىپ ماڭغانىدىم، — دېدى تۇردى ھۆسەينوپ چۈشەندۈرۈپ، — گېزىتخانىنىڭ ئالدىنقى ھويلىسىغا ئۆتكەن چېغىمدا ساقچىلارنىڭ ئارقا ھويلىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئاندىن مۆكۈنىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتتىم.

— سېختا ۋەرەقىلەردىن قالمىغان بولغىدى؟

— قالمىغان، ھەتتا كوپىيىلىرىنىمۇ ئېلىۋالغانىدىم. تېخى قولدۇس بىلەن ئىككىمىز تىزىلغان ھەرپلەرنىمۇ ستوندىن بۇزۇشتىپ، ئۆز كاسسىلىرىغا قايتۇرۇپ سېلىۋەتكەنىدۇق.

— بەللى، بەك ياخشى قىپسەن! دۈشمەن تاش سانىغان يەردە، بىز قۇم ساناشنى بىلىشىمىز، ئۆز ھەرىكىتىمىزدە مۇشۇنداق ھوشيارلىق بىلەن ئىش قىلىشىمىز كېرەك. مەلئۇنلار ئىشىمىزدىن دېرەك تاپالمىسۇن.

دۈشمەننىڭ قورال - ياراغ ياكى باسما ۋەرەقىلەرنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكى بىلەنلا خەۋپ - خەتەر ئۆتۈپ كەتتى دېگىلى بولمايتتى. ساقچىلارنىڭ ھازىرقى تىنتىش ھەرىكىتى ساقچى ئورگىنىنىڭ سەپداشلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىگە كۆز بويامچىلىق بىلەن كىرىۋالغان كىمدۇر بىرىنىڭ خۇپىيانە

خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەتتى. بۇ كىشىنىڭ يەنە ھېكىم نۇر بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ل. مۇتەللىپ بۇنى ئاخىرقى قېتىم ئەنە شۇنداق قارارلاشتۇردى. لېكىن ئۇنىڭغا يول ئۈستىدە بۇ مەسىلىنى كۆپ ئويلاشقا ئورۇن يوق ئىدى. شائىر ساقچىلارنىڭ ئۆز ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ، تىنتىش ئۆتكۈزگەن - ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى بىلىش ئەنسىزلىكى بىلەن ئالدىراش لەڭگەر كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. ياتاق بۇرۇنقىدەك تىنچ تۇراتتى. ساقچىلار شائىرنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىنتايىن زور ئىززەت - ئىناۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ياتاققا ھازىرچە زورلۇق بىلەن باستۇرۇپ كىرىشكە پېتىنالمىغانىدى.

ساقچىلارنىڭ گېزىتخانا ئىچىدىن قورالمۇ، باسما ۋەرەقىمۇ تاپالمىغانلىقى ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھېكىم نۇرغا نىسبەتەن ئىككىلىنىشىنى يېڭىباشتىن كۈچەيتىپ، ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسىنى تېخىمۇ قاتتىقلىشىشقا ئەكەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىشپىيون ۋۇ شۈيشىڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئايرىم بىر ئىشخانىسىدا قاماپ قويۇلغاندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ، تەپسى مەجلىسى توغرىسىدا مەخپىي مەلۇمات يېزىش بىلەن بولۇۋاتاتتى. رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ھېساپلانغان بۇ مەلۇماتنى بىر ۋاراق يېزىلىپ بولسا شۇ بىر ۋاراقنى ئۆز ئىشخانىسىغا ئاچىقىپ، ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ تۇراتتى. بىراق، ساقچىلارنىڭ گېزىتخانىدىن ھېچنېمە تاپالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكى لى ياڭنىڭ قەھىر - غەزىپىنى يېڭىباشتىن ئۆرلىتىپ، ھېكىم نۇرغا بولغان تاپا - تەنىسىنى كۈچەيتىپ تاشلىدى. ئۇ ئاخىر ئىشپىيوننىڭ يېزىپ بولغانلىرىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مىجىپ تۇرۇپ:



— بۇ قەغەزلەرگە، — دېدى، — ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى، قەسەمنامىسى ۋە ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرى توغرىسىدا يېزىپسەن، لېكىن ساقچىلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە تىنتىپمۇ بۇلارنى تاپالماي كېلىدۇ؟ بۇنىڭغا قارىغاندا سېنىڭ ئەكەلگەن مەلۇماتلىرىڭنى راست دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. سەن بىزنى ئالداۋاتامسەن — قانداق؟ ئەمدى بۇ نەرسىلەرنى سېنىڭ ئۆزۈڭگە تاپتۇرىمەن. ساڭا بۈگۈن بىر كېچە مۆھلەت بېرىمەن. ھازىر چىقىپ، تاڭ يورۇغىچە قورال - ياراغ، باسما ۋەرەقىلەرنىڭ قويۇلغان يەرلىرىنى ئېنىقلاپ كەل. بولمىسا سەنلا ئەمەس، مەنمۇ ۋۇ جۈيجاڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن!

ھېكىم نۇر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئېغىر قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئالدىدىن قوزغالدى. ئۇ قاراڭغۇ كېچىدە تەۋەككۈلگە باش ئۇرۇپ، تۈپتۈز گېزىتخانىغا كەلدى - دە، قادىر ئېلى بىلەن تۇردى ھەسەينوۋنىڭ ياتىقىغا كىردى. قوراللىق ساقچىلار كېلىپ كەتكەندىن بۇيان، بۇ ياتاق ئوچۇق تۇراتتى. ئاندىن ئىشپىيون گېزىتخانىنىڭ ئالدىنقى ھويلىسىغا ئۆتۈپ، دېرىزىدىن تابور سېخىغا سەكرىدى. بۇ ئىككى جايدىن ئەكەتكىدەك نەرسە تاپالماي، ئۇنىڭ بېشى يەنە قاتتى. ئاخىرىدا ئۇ باغقا بېرىپ، كۆزدىن كەچۈرۈپ بېقىش توغرىسىدا ئويلاندى. بىراق، تاجاخۇن ئاكىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىنتايىن كەسكىن مۇئامىلىدە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ سېزىپ قالسا كۈتۈلمىگەن پالاكەتكە دۇچ كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇ يەرگە بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشپىيون باغدا قورالنىڭ بارلىقىدىن، ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن «ئۇچقۇنلار مارشى»نىڭ شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇلغانلىقىدىن خەۋەردار ئەمەس ئىدى. شۇندىن كېيىن ھېكىم نۇر ئەسلى ئويلانمىغان ئىشنى قىلىپ كۆرۈشكە باش ئۇرۇپ،

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئولتۇرۇۋاتقان ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە ياماشتى، شائىرنىڭ ياتقى ئوچۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى لامپا يېپىقسىز ئىشىكتىن سىرتقا شولا چېچىپ تۇراتتى. ياتاقتىن يەنە ھارغىنلىقنى ئۇنتۇغان بىرقانچە سەپداشنىڭ باش قوشۇپ ئولتۇرۇپ مۇھىم بىر مەسىلە ئۈستىدە قىزغىن سۆزلىشىۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ، قادىر ئېلى، ئۇچتۇرپانغا قايتىپ كېتەلمەي بۈگۈن كېچە مۇشۇيەردە قونماقچى بولۇپ قالغان سېيىت ئابباس، ئاندىن يەنە ياسىما ۋەرەقىلەرنى ئاپىرىپ، باغدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن تۇردى ھۈسەيىنوپلار ئىدى.

ھېكىم نۇرنىڭ يۈرىكى قىرقىشتىن كۈپۈلدەپ، دەرۋازا ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى. شۇ چاغدا ئۇ باغدىكى تەسىس مەجلىسىدە سۆز قىلغان ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك «ئارىمىزدا تەسلىمچىلەرگە، خائىن ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغۇچى مۇناپىقلارغا قەتئىي ئورۇن يوق. ئەگەر شۇنداق كىشىلەر چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلار بىزدىن ئۆلۈمنىلا كۈتسۇنكى، زادى رەھىم-شەپقەت كۈتمىسۇن» دېگەنلىرىنى ئەسلەپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئىشپىيوندا كۆرەشچان شائىرنىڭ ياتىقىغا تۇمشۇق تىقىپ كىرىشكە جۈرئەت قالمىدى. ھېكىم نۇر دەرۋازا ئۈستىدىن كوچا تەرەپكە سەيرىلىپ چۈشۈپ يېڭى غەم-قايغۇ بىلەن كېچە قاراڭغۇلۇقىدا غايىب بولدى. ئۇنىڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆيىگە بېرىپ، تاڭ ئېتىشنى دىققەتچىلىك ئىچىدە كۈتتى. ئىشپىيون ئۆزىنى سەپداشلار ئالدىدا يەتمىلا ئازدۇر-كۆپتۇر ئىشەنچىگە ئىگىمەن، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ شۇ تەمە بىلەن قوراللىق ساقچىلار تىنتىپ يۈرۈپمۇ ئېرىشەلمىگەن، ھەتتا بىرەر ئۇچى تاپالمىغان نەرسىلەرنى ياش ئۇچقۇنلاردىن بىر ئىلاج بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋېلىش ئۈچۈن، چاي ۋاقتى بولۇش



بىلەن تەڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىغا كەلدى. ئەتىگەنچە تۇردى ھۈسەيىنوپ، قادىر ئېلىلار گېزىتخانىدىكى كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە كېتىپ، ياتاقتا لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن سېيىت ئابباس ئىككىسىلا قالغانىدى. سەل ئۆتۈپ بۇ يەرگە مۇنىرىدىن خوجا كىرىپ كەلدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھېكىم نۇرنى كۆرۈش بىلەنلا غەزىپى ئۆرلىدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا گەپ-سۆز قىلماي جىم ئولتۇردى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى ياتاققا كىرگەن چاغدىمۇ ئوچۇق چىراي بولالمىدى. مۇنىرىدىن خوجا بۇنى شۇ ھامان سېزىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەيپىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى غەمخورلۇق بىلەن سورىدى. شائىر بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنىرىدىن خوجىغا ئاخشام قوراللىق ساقچىلارنىڭ گېزىتخانىغا ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرىپ، تۇردى ھۈسەيىنوپ بىلەن قادىر ئېلىنىڭ ياتىقىدىن قورال-ياراغ ئىزدىگەنلىكىنى، نابۇر سېخىنى ئاختۇرۇپ، تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى بىلەن «ئۇچقۇنلار مارشى»نىڭ مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى قىسقىچە قىلىپ ئېيتىپ بەردى. مۇنىرىدىن خوجا بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

— بۇ پەقەت ئىشپىيوننىڭ ئىشى، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، — ئارىمىزدا ئۆزىنى ئۇستىلىق بىلەن نىقابلىۋالغان ئىشپىيون بار، بولمىسا بىز ئابدۇللا داۋۇتوپ بايدىن ئەۋەتكەن قوراللارنى تېخى تۈنۈگۈنلا تاپشۇرۇۋالغان، تەشكىلات نىزامنامىسى بىلەن «ئۇچقۇنلار مارشى»نى ئەمدىلىكتىن مەتبەئەدە بېسىپ چىقارغان ئەمەسمىدۇق؟ نىزامنامە بىلەن مارشنىڭ ياش ئۇچقۇنلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلمەستىن تۇرۇپ، ساقچى ئورگىنىغا مەلۇم بولۇپ بولغىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرمامدۇ؟

— بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەقىقەتەن ئىشپىيون بار، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ غەزەپ بىلەن قاتتىق سۆزلەپ، — ئەمدى ئۇنىڭ ئۈستىلىق بىلەن يۈز - كۆزىگە تارتىۋالغان چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئارىمىزدىن ھايالسىز قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك. ئۇ مانا ھازىر بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ، ئالدىمىزدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ بولسىمۇ ھېكىم نۇر. ئۇنى تەشكىلاتىمىزدىن قوغلاپ چىقارماي تۇرۇپ، ئۆز ئىشىمىزنى ئوڭۇشلۇق داۋام قىلدۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. نىقابلانغان دۈشمەننىڭ نىقابسىز ئاشكارا دۈشمەندىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھەرقاچان ئەس - يادىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

— مېنىڭچە بۇ بۇرۇنلا قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىش ئىدى، — دېدى مۆمىنىردىن خوجا ئۆز سەپدىشىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇ چاغدا ئىنقىلاب ئىشىغا يېتىشىۋاتقان خەتەر مۇنچىۋالا زورىيىپ كەتمەس ئىدى. قوراللىق ساقچىلارنىڭ ياتاقخانا بىلەن نابۇر سېخلىرىنى تىنتىپ يۈرۈشلىرىنىڭمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. ئىشپىيوننىڭ ھېكىم نۇر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۆمىنىردىن خوجىلار سۆزلەۋاتقاندا، مەككار تىنماي مىدىرلاپ، بىر نەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزى توغرىسىدا ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەردىن چۆچۈپ كەتمىدى، ئاچچىقى كېلىپ تاتىرىپ قالمىدى ياكى خىجىل بولۇپ قىزىرىپمۇ كەتمىدى. بەلكى ئارىلاپ - ئارىلاپ ياغلىق بىلەن يۈز - كۆزىنى ئېرتقاچ ئۆزى ئۈستىدىن قىلىنىۋاتقان سۆزلەرنى ئىنكار قىلىش ئۇقۇمى بىلەن بىر نەچچە قېتىم پىسىڭلاپ كۈلۈپ قويدى. بۇ پەقەت ھېكىم نۇردەك مەككار ئىشپىيوننىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئۇستىلىق ئىدى. ئىشپىيون ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ئىچىدىن رەسۋالارچە قوغلاپ چىقىرىلىشتىن ئازراقمۇ



خىجىللىق تارتىپ قالمايتتى. ئەكسىچە ئۇ ئۆزىنى پاش قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن ۋۇ شۇيبىڭ، لى بالارنىڭ ئېغىر جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ھازىر بولسا ئىشپىيون قورال - ياراغلارنىڭ قەيەرگە قويۇلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا، نىزامنامە بىلەن مارشىنىڭ مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئىنتايىن موھتاج ئىدى، چۈنكى، ئۇ ۋەلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى خوجايىنلىرىنىڭ كەسكىن بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ھازىر مۇشۇ ئىككى رەزىل ئىش ئۈچۈنلا شائىرنىڭ ياتىقىغا باش تىقىپ كىرگەنىدى. ھېكىم نۇر ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان جىمجىتلىقتىن پايدىلىنىپ، سۆز قىلىشقا تەمشەلگەنىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇنى سۆز قىلىشتىن چەكلەپ، قەتئىي تەلەپپۇزدا:

— يەنە ئۆزۈڭنى ئاقلاشقا ئۇرۇنماقچى بولۇۋاتامسەن؟ — دېدى. — سېنىڭ ئۇنداق گەپلىرىڭنى بۇكەمگىچە خېلى كۆپ ئاڭلىدۇق. دېمەك يەنە شۇنداق گەپلەرنى قىلارسەن. بىزنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقىنىمىز ئويۇن - چاقچاق ئەمەس، ئۇ ئىنقىلاب، جان تىكىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش. بىز ئىلگىرى چېچىلاڭغۇ ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولساق، ئەمدى ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشتۇق. ئۇ ئۇزۇل - كېسىللىككە، مۇستەھكەم نىزامنامىسىگە ئىگە ئىنقىلابىي تەشكىلات. بىز سېنىڭدەك بىر ئىشپىيوننىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان يەردە ئەمەس. سەن تېخى بۇنى بىلمىگەن بولساڭ، ھازىردىن تارتىپ بىلىپ قوي!...

— سىلەر ماڭا بۇ يەردە سۆزلەشكە ھوقۇق بەرمەسەڭلار، بەرمەۋېرىڭلار، — دېدى ھېكىم نۇر پوپوزا ئاھاڭىدا. — ئاخىر ئۆز گېپىمنى تەشكىلاتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرى يىغىنىدا قىلماي قويمايمەن. ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىسىز بەربىر مېنى ئاراڭلاردىن چىقىرىۋېتەلمەيسىلەر.

— مەن تېخى بارلىق ياش ئۈچقۇنلارنىڭ ئومۇمىي يىغىنغا قاتنىشىش خام خىيالىنى قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى مۇئمىردىن خوجا، — بىزنىڭ قارارىمىز ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارى بولالايدۇ. چۈنكى ياش ئۈچقۇنلار مۇشۇنداق جىددىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئالدىمىزغا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تەشكىلاتىمىزنىڭ رەئىسى، مېنى مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ سايلىغان. سەن بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغۇدەكمەن؟ — تاكاللاشتى ھېكىم نۇر، — سىلەرنى ئۇلارلا ئەمەس، مەنمۇ قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سايلىغان. ئەمدى سىلەرگە ئىشەنگەن مۇشۇنداق بىر كىشىگە سۆزلەشكىمىز رۇخسەت بەرمەيۋاتقىنىڭلارغا قاراپ، سىلەرنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ئىكەنلىكىڭلارنى بىر يولىلا ئېتىراپ قىلماي قويامچۇ؟

— بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، — دېدى مۇئمىردىن خوجا، — سەندەك بىر كىشىنىڭ ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقىڭنىڭ بىزگە ئەمدى قىلچە ئەھمىيىتى يوق!

— سىلەرنىڭ گېپىڭلار مۇشۇلا بولىدىغان بولسا، — دېدى ھېكىم نۇر ئۈستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ، — مەنمۇ ئىلگىرى ئېيتقاندەك ئايرىم مەخپىي تەشكىلات قۇرىمەن. سىلەر قىلالىغان ئىشنى مەنمۇ قىلالايمەن.

سېيىت ئابباس، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئمىردىن خوجىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ھېكىم نۇرنىڭ ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىغا سىڭىپ كىرىۋالغان ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغانلىقى، ھېكىم نۇرنىڭ يەنە بۈگۈنگىچە ئىنقىلاب ئىشىغا قانداق زىيانلارنى سېلىپ ياش ئۈچقۇنلار ئىچىدە ئۆزىگە نىسبەتەن گۇمان تۇغدۇرغانلىقىدىن خەۋىرى بولمىغانلىقتىن، خېلىدىن بېرى ھالاك -



تاك بولۇپ ئولتۇرغانىدى. ئاخىر ئۇ ھېكىم نۇرنىڭ سۆزلەپ بېقىشىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئمىردىن خوجىلارغا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلدى.

— قېنى ئېيتماقچى بولغان گېپىڭنى دەپباق! — دېدى شائىر ھېكىم نۇرغا، — بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا سۆز قىلىشىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى مۆھلەت. لېكىن ئۆزۈڭنى ئاقلاشقا رۇخسەت يوق. ھەققىي سەپداش بولۇش ھەققىدە قىلىدىغان توۋاڭ بولسا شۇنى ئېيت. خائىنلىق قىلماسلىق، ئىشىمىزغا قەتئىي زىيان سالماسلىق توغرىسىدا بېرىدىغان ۋەدەڭنى سۆزلە. مەن بۇلارنى بىرمۇبىر يازىمەن، ئاندىن سەن ئۆز يوچۇركاڭ بىلەن تولۇق كۆچۈرۈپ قولۇڭنى قويىسەن! ئۇقتۇڭمۇ؟

— مەن ئىشپىيون ئەمەس، شۇڭا قىلىدىغان توۋام يوق، — دېدى مەككار، — شۇنداقلا ئۆزۈمنى ئاقلاپمۇ سۆز قىلمايمەن. چۈنكى، مەن ئىنقىلاب ئىشلىرىمىزغا پايدىلىق ئىشلار بولسا قىلدىمكى، زىيانلىق ھەرىكەتتە بولمىدىم.

— قېنى گەپنى ئۇزاتماي دەيدىغىنىڭنى دەپباق!

— بۇ گەپكە قارىغاندا ماڭا مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا يول قالمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى خائىن ئۈستەلدە تۇرغان پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، — مېنىڭدىن يەنە ئايرىم قەسەم تەلەپ قىلماڭلار، پىچاق بىلەن بارمىقىمنى كېسىپ، قېنىم بىلەن ئۆز قەسىمىمنى يېزىپ چىقىمەن.

ھېكىم نۇر راستتىن قولىنى كېسىدىغاندەك جىددىي ئەلپاز بىلەن سول قول ئالقىنىنى ئۈستەلگە قويۇپ، پىچاقنى ئۇنىڭ ئۈستىگە توغرىلاپ ئەكەلدى. سېيىت ئابباس ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن پىچاقنى تارتىۋالدى. ئىشپىيوننىڭ بۇ ھەرىكىتى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئمىردىن خوجىلارنىمۇ راستتىن قىلماقچى

بولغان ئىشتەك، ھەقىقىي قەسەمدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ھېكىم نۇرنىڭ ئەسلىدىكى قارامتۇل رەڭگى باشقىدىن تۇتۇلۇپ، تېخىمۇ قارىداپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەر مەككارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنى ئاقلاپ كېتەلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. مۆئمىنىدىن خوجا ئۆي ئىچىدىكى جىددىيەتلىكنى سىرتتىن يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن، ھېكىم نۇرنى دولىسىدىن بېسىپ ئولتۇرۇشقا ئۈندىدى. ئىشپىيون قېيىدىغاندەك قىلىپ، رەڭگىنى ئاچماي ئاران - ئاران ئولتۇردى. ياتاق ئىچى جىددىيچىلىك ھاۋاسى بىلەن قاپلىنىپ بىردەم سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆكتى. ھېكىم نۇر كۆرۈنۈشتە تېخىچىلا قېيىداۋاتقاندەك، رەڭگىرويىنى ئاچماي ئولتۇرسىمۇ، كۆڭلىدە قورۇلۇق - شۈملۈق بىلەن ئويىنالغان بۇ ئالداش ۋە ھەيۋە قىلىش ئويۇنى بىلەن سەپداشلارنى ئىشەندۈرۈپ كېتەلىگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى.

— سىلەرتېخىئابىيام مەن ئۇقمىغان گەپلەرنى قىلدىڭلار، — دېدى ئۇ ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ساقچى ئىدارىسىدىن ئاخشام ئادەملەر كېلىپ، گېزىتخانىدىكى ياتاق، نابور سېخلىرىنى ئاختۇرغانلىقىنى ئېيتتىڭلار، ئەگەر ئىشپىيون بولسام بۇ ئىشلارنى ھەممىدىن ئىلگىرى مەن بىلىشىم كېرەك ئىدىغۇ؟ ئارىمىزدىكىلەردىن بىرى تەشكىلاتىمىزدا قورال - ياراغ بار بولغانلىقى، مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ بېسىلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئالدىنئالا مەلۇم قىلمىغان بولسا، قوراللىق ساقچىلارنىڭ گېزىتخانىغا كېلىپ يۈرۈشى مۇمكىنمىدى؟ بۇنىڭغا قارىغاندا ئارىمىزدا چوقۇم ئىشپىيون بار. سىلەر شۇ ھەقىقىي ئىشپىيوننىڭ ئۆزىنى تاپالماي ئۇزاقتىن بېرى ماڭا گۇمان بىلەن قاراپ كەلدىڭلار. ھېلىمۇ مېنىڭ قور-



سىقىم كەڭ، مۇنداق قىلىشىڭلارغا خاپا بولماي كەلدىم.

— سەنمۇ ئىشپىيوندىن گۇمانلىنىدىكەنسەن، — دېدى مۆئمىنىدىن خوجا، — بىزمۇ تەشكىلاتىمىز ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئىشپىيون باردەپ كېلىۋاتىمىز. قېنى ئەمدى ئۇنى بىرلىكتە تېپىپ، كۆپچىلىك ئالدىدا بىرلىكتە پاش قىلايلى. سېنىڭچە مۇنداق كىشى كىم بولۇشى مۇمكىن؟ گۇمانىڭنى ئېيتىپ باق!

— ماڭا ئېيتىشقا توغرا كەلسە، گۇمانىمنى ئېيتمايمەن، — جاۋاب بەردى ھېكىم نۇر ھاياجان ئىچىدە ئېچىلىپ-يايراپ، — ئېنىق پاكىتى بىلەن ئېيتىمەن. مۇنداق كىشىلەر بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر ئەمەس بەلكى بىرنەچچە! بىلال ئەزىزى ساقچى ئورگىنىدىن ئايلىق مائاش ئېلىپ، ئوفىتسېرلىك كىيىمنى كىيىپ، ساقچى تاپانچىسىنى ئېسىپ، ئەمەلدارلىق ۋۇجىۋاڭدەيىنى باغلاپ، بىكار يۈرىدۇ دەمسىلەر؟ سىلەر ئۇنىڭغا پەيغەمبەرگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىۋاتىسىلەر. ئاندىن قالسا، گۇ جەنخۇاچۇ؟ خەنزۇ مەنسەپدارلار ئىچىدە، ئۇنىڭ دوست - يارەنلىرى ئاز ئەمەس. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىمۇ، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ ئالاقە قىلىپ يۈرگەن كىشىلىرى بار. بۇلار بىزنىڭ ئارىمىزغا كىرىۋالغان ئىشپىيونلار بولماي، باشقا يەنە كىم بولاتتى؟ بۇلارنى يوشۇرۇن ئەمەس، ئاشكارا ئىشپىيون دېسەكمۇ خاتا بولمايدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۆئمىنىدىن خوجا، سېيىت ئايباسلار ھېكىم نۇرنىڭ سۆزىگە بىردەك پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئىنكار قىلىش كۈلكىسى، مازاقلاش كۈلكىسى ئىدى. مەككار بۇ سۆز بىلەن ئۆزى ئۈستىدىكى چوڭقۇر گۇماننى بىلال ئەزىزى، گۇ جەنخۇاغا ئوخشاش ئۇچقۇنلار ئىنتىپاقىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىغا بىر يولى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى ئىدى. سەپداشلار بولسا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بىر ئازمۇ ئىشەنمىدى. لېكىن ئۇلار

ئەككارنىڭ بۇ كىشلەرنى بوھتان بىلەن قارىلاشتىكى سۈيىقەستىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلەلمىدى.

— ھەقىقىي ئىشپىيونلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەم ئۇلاردىن نەپرەتلەنمەكتە يوق، سىلەر تېخى مېنى مازاقلاپ كۈلۈۋاتىسىلەر، — دېدى ھېكىم تۇر ئېتىراز بىلدۈرگەن بولۇپ، — بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى مېنىڭ گېپىمنىڭ راست بولۇپ چىققانلىقىنى بىلىسىلەر، — شۇندىن كېيىن ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ، بىر نەرسىنى يادىغا ئالغاندەك بولۇپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — سىلەر مېنىڭ بايلىق ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدىلەرمۇ، لېكىن ئابدۇللا داۋۇتوپلار بىلەن خېلى يېقىن تونۇشقانلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى تېخى بىلمەيسىلەر. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، بايدىن ئەۋەتىلگەن قوراللارنى ساقچى ئورگىنىغا ئېيتىپ بېرىپ، ئابدۇللا داۋۇتوپنى خەتەر كۈنگە سېلىپ قويارمەنمۇ؟ مۇنداق قىلىشىم پەقەت مۇمكىن ئەمەس. يېقىن تونۇشقىنىمغا خىيانەت قىلىشنى سىلەردىن ئاۋۋال ئاتا ـ ئاناممۇ، قورۇم ـ قېرىنداشلىرىممۇ، بەلكى خۇدامۇ ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ.

— بولدى ئەمدى، مۇنداق گەپلەرنى قىلماي قوي، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، — ئۆزۈڭنى ئاقلايمەن دەپ ئەڭ ئىشەنچلىك ئاكتىپ دوستلىرىمىزنى قارىلىغۇچى بولما! سېنىڭ گەپلىرىڭگە ئىشەنگىنىمىز بىلەن مۇندىن كېيىنكى ئەمەلىيەتلىرىڭمۇ بىزنى ئىشەندۈرەلىسە بولىدۇ.

— كېيىنكىلەر يەنىلا شۇ بولىدىغان بولسا، — دېدى ئەككار قىسىرلاپ تۇرۇپ يالغان ھېجىيىش بىلەن، — «ئۇچقۇنلار مارشى» قولۇمدا بولغان بولسا ئورنۇمدىن قوپۇپ ئۇنى باشتىن ـ ئاياغ تولۇق ئوقۇپ، ياش ئۇچقۇنلۇق قەسىمىمنى يەنە بىر قېتىم بېرىۋەتكىنىم ياخشى ئىدى. تۈنۈگۈن باغدا قازان بېشىدىكى ئىشلار بىلەن بولۇپ، تەسى مەجلىسنىڭ ئۈستىدە تۇرالـ



ماي تەشكىلات نىزامنامىسى بىلەن قەسەم تېكىستىنى يازالماي قالغانىدىم.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، سېيىت ئابباسلار ھەككارنىڭ بۇ گەپىنى قىلىشتىكى يوشۇرۇن مۇددىئاسىنى چۈشەنمەيدۇ، بەلكى بۇنى بىر خىل قىزىقچىلىق بىلىپ، پاراقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى. ھەتتا كەم كۈلكە مۇنبىرىدىن خوجىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلۈۋەتتى. ھېكىم تۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ ئىككى پارچە ھۆججەتنى ئېلىۋېلىش شۇم مۇددىئاسى بىلەن ئۈستەلنىڭ تارتمىسىغا قارىدى، دېرىزە تەكچىسى ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسىپ قويۇلغان غەزەللەرنى بىرمۇ بىر ۋاراقلاپ كۆزدىن كەچۈردى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ شۇ چاغدا كارۋات كىگىزىنىڭ قېتىدىن نىزامنامە بىلەن قەسەم شېئىرىنىڭ مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان نۇسخىلىرىنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىردىن ئايرىم ئېلىپ، ھېكىم تۇرغا بېرىۋېتىپ كەسكىن ئاھاڭدا:

— چىن يۈرەكتىن چىققان قەسەم بىر قېتىملا بېرىلىدۇ، گەپ ئەمدى ئۇلارغا ئەمەل قىلىشتا! سەن بۇلارنى ئېلىۋال، يوقاتماي يېنىڭدا چىڭ ساقلا، — دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئىشپىيون بىرىنچى ئۆلجىنى قولغا چۈشۈرگەن بولدى. ئەمدى ئۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن يەنە بىر ئۆلجىغا ئىگە بولۇشى: قورال ـ ياراغلار ساقلىنىۋاتقان ئورۇننى بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ياكى مۇنبىرىدىن خوجىدىن بۇ ھەقتە توپتوغرا سوئال سوراشقا پېتىنالماي ئەيمىنىش ئىچىدە جىم بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا مۇنبىرىدىن خوجا كارۋات ئاستىدىن تېمىسقىلاپ بىر نەرسىنى ئالماقچى بولۇپ قول ئۇزاتقان ئىدى، بەختكە قارشى ئۇنىڭ قولىغا ئىزدىگەن نەرسە ئەمەس، بىر خالتا تاماكا ئىلىنىپ، ئۈستەل ئۈستىگە چىقىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ھېكىم

ئۆرنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— موخوركا بار دېمەك بولماسمىدى، — دېدى ئۇ ل. مۇتەللىپكە زورمۇ زور ھەجىيىش بىلەن، — يېنىمدا تاماكا يوق، ئەجەبمۇ چەككۈم كېلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنى غۇلجا موخوركىسى دېسەڭچۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە غۇلجىنىڭ ھەممە نېمىسى كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان بولۇپ كەتتى.

— ھەئە، غۇلجا موخوركىسى، — يۈزەلىك بىلەن جاۋاب بەردى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، — يېقىندا ھېلىقى شوپۇر دوستۇم ھېيىت ئۈرۈمچىدىن ئەكىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن.

— بەللى، بەللى! ناھايىتى ياخشى! — ئىشپىيون ئاۋۋال خوتەن قەغىزىگە موخوركا سېلىپ، ئۇنى بارماق چىرىغلۇقىدا ئورىدى، ئاندىن تەۋەررۈك ئورنىدا ساقلاپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خالتىدىن يەنە بىر ئوچۇم موخوركا ئېلىۋالدى. ھېكىم نۇر ماڭماقچى بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا بارغان چاغدا مۇنىرىدىن خوجا توختىتىپ ۋە ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئابىيامقى گەپلىرىمىزنى كۆڭلۈڭگە ئالما، — دېدى، — سىرداش كىشىلەر ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ كۈرەش قىلىشنى بىلىشى كېرەك. ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە ئەنە شۇنداق قوپال - يىرىك گەپلەر بىلەن قىلىنىپ تۇرىلىدىغان ئۆزئارا چاقچاقلىشىشمۇ توغرا چۈشىنىشى لازىم. بۇ بىزدە پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان نورمال ئەھۋال.

— مەن بۇنى بىلىمەن، — دېدى ھېكىم نۇر تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ، — سىلەر ئۆتكەندە خۇددى ماشۇ مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن قاتتىق تەگكەن ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭغا خېلى كۆنۈك.

— سەپداشلارنىڭ كۆڭلى مۇشۇنداق كەڭ بولۇشى لازىم، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇنىرىدىن خوجىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە



قىلىپ، — شۇ چاغدا ئۇلار بىر - بىرىگە كېك ساقلىمىغان ھالدا ئۆم - ئىتتىپاقلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارالايدۇ.

ئىشپىيون ئېچىلىپ يايراپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ بۇ يەردىن كۈتكىنىدەك نەرسىلەرنى، گومىنداڭ ساقچى ئورگىنى ئۈچۈن كېرەك بولغان ئىككى پارچە ۋەرەقە بىلەن غۇلجا موخوركىسىنى مۇھىم پاكىت سۈپىتىدە قولغا كەلتۈردى. بۇ نەرسىلەر ياش ئۇچقۇنلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان خەۋپ - خەتەرنىڭ مۇساپىسىنى قىسقارتىپ، ئەكسىچە ھېكىم نۇرغا ساقچى ئورگىنىدىكى خوجايىنلىرىدىن ئالىدىغان دەشنىمىنى ئۆگىتىپ بېرەتتى.

ئىشپىيون لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدىن كەتكەندىن كېيىن ئۈچ سەپداش ئۆزئارا پاراڭغا چۈشتى.

— گېپىڭىزلارغا قارىغاندا، — دېدى سىيىت ئابباس، — ھېكىم نۇرنىڭ ئىشپىيون ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا تولۇق بىر ھۆكۈمگە كېلەلمىگەندەك تۇرىسىلەر. ھەر ھالدا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش ئىشىنىپ كەتكەنگە قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەپ، دەسلەپ تونۇشقان چېغىمدىلا، مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدىم.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا، — بىز ھېلىمۇ ھېكىم نۇرغا ئىشىنىپ كەتكىنىمىز يوق. ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىمىزنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىمىز.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۈستەلنى تازىلاپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ناشتا ئۈچۈن نان، ئازراقچە ناۋات، ئۈچ دانە چىنىنە ئەكىلىپ قويدى.

— ھېكىم نۇرغا نىسبەتەن ھازىرچە بىز، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا سىيىت ئابباسقا چۈشەندۈرۈپ، — ھەم ئىشەنمە-

لىك، ھەم ئۇنى تەشكىلاتتىن ئۈزۈل - كېسىل قوغلاپ چىقارماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتماقتىمىز.

— ھېكىم ئۇر مەسىلىسى سىزلەرگىلا ئەمەس، بىزگىمۇ ئوبدان ساۋاق، — دېدى سېيىت ئابباس گەپلەرگە خۇلاسە قىلىپ، — بۇنىڭدىن مەن ئۇچتۇرپاندەك مۇرەككەپ ۋە جاپالىق جايدا ئۆز كۈرىشىمىزنى يۈرگۈزۈشتىمۇ سەگەكرەك ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەن بولدۇم.

— ۋەرەقىلەرنى ھايالىماي تارقىتىۋېتىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھېلىمۇ شۇ يەردە، — شائىرنىڭ يانچۇقىدا تۇرماقتا. لۇتپۇللا مۇتەللىپ قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزىدىكى تىزىملىك بويىچە خۇددى تىزى باشقىغا ئوخشاش، ھەربىر ۋەرەقىگە سەپداشلارنىڭ ئىسمىنى ئايرىم - ئايرىم يازدى. ئاڭغىچە، ياتاققا ئوسمان مۇھەممەت كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا سېيىت ئابباس تەسىس مەجلىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىدىن ئۇچتۇرپاندىكى سەپداشلارغا يالدۇرراق خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى يېڭى كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئاقسۇدىن كېتىشكە ئالدىراپ تۇراتتى. ئۇ يەنە بۇ ئىككى خىل ۋەرەقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۇچتۇرپاندىكى 40 نەپەر سەپداشقا ئاتاپ، قىرىقتىن جەمئىي 80 نۇسخا ئەكىتىشى كېرەك ئىدى. بىراق شائىرنىڭ يانچۇقىدا بۇنىڭغا يەتكۈدەك زاپاس ۋەرەقە يوق ئىدى. ئوسمان مۇھەممەت شۇ مەھەل قوزغىلىپ، تاجاخۇن ئاكىنىڭ بېغىدىن بىردەمدىلا ئۇچتۇرپانغا ئېھتىياجلىق ۋەرەقىلەرنى ئەكەلدى. ئاندىن يەنە تېگى - تەكتى ئۇچتۇرپانلىق بولغان بۇ سەپداش ئارتۇق ئابباس، ئابدۇللا ياقۇپ، ئىبراھىم مۇمىن ۋە باشقا ئۆزىگە تونۇش ياش جەڭگىۋارلارغا خەت يېزىپ، مۇشۇ پۇرسەت بىلەن ئۇلارنى كۈرەشتە قەتئىي بولۇشقا، ھوشيارلىق بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا، دۈشمەن بىلەن بولغان ئېلىشىشتىن ئەسلا چېكىنمەسلىككە



دەۋەت قىلدى. سېيىت ئابباس ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن قەسەم شېئىرلىرىنى ۋە ئوسمان مۇھەممەتنىڭ خېتىنى ئېلىپ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئاقسۇلۇق سەپداشلىرى بىلەن كۆز يېشى قىلىپ خەيرلىشىپ، ياتاقتىن چىقتى. شائىرنىڭ ياتىقى ساقچى ئورگىنىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ بولغان ھازىرقى چاغدا سىرتنى پايلاقچىلاردىن خالىي دەپ ئىشەنچلىك بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن ئۇزىتىپ چىقماي، ئېھتىيات نۇقتىسىدىن پەقەت لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يالغۇز ئۆزىلا ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇچتۇرپانلىق سەپداش ئالدىن قىلىشقان مەسلىھەتكە ئاساسەن، ئۆز يۇرتىغا ئاقسۇ يېڭىشەھەردىن ئەمەس، كونىشەھەر ئارقىلىق مېڭىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق قىلىش يېڭىشەھەر بازىرىدىكى پايلاقچىلارنىڭ دىققەت نەزىرىدىن ساقلىنىپ قېلىشقا ياردەم بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلال ئەزىزى ئۇنىڭغا توسقۇنسىز كېتىش ئۈچۈن كونىشەھەردە يول خېتى تەييارلاپ قويماقچىدى. سېيىت ئابباس مەپە يالاپ، كونىشەھەرگە راۋان بولدى. شائىر ئۇنى باشلەڭگەر كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ بىرلغۇچە غەمخورلۇق بىلەن كۆزىتىپ تۇردى. شۇندىن كېيىن ئوسمان مۇھەممەت ۋەرەقىلەرنى يېڭىشەھەردىكى سەپداشلىرىغا تېزرەك تارقىتىۋېتىش مەقسىتىدە ئۇلاردىن بىر قىسمىنى ئېلىپ، ياش ئۇچقۇنلارنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرى بىلەن ئۆيلىرىنى نىشانلاپ ئېھتىيات بىلەن ياتاقتىن چىقتى. ئارقىدىن مۇنىرىدىن خوجىمۇ خۇددى سېيىت ئابباسقا ئوخشاش مەپە يالاپ كونىشەھەرگە ماڭدى، ئۇ، بۇ ۋەرەقىلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىنى كونىشەھەردىكى ياش ئۇچقۇنلارغا تارقىتىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى بايىقى ئابدۇللا داۋۇتوپلارغا ئەۋەتىلىدىغان ۋەرەقىلەرلا ئىشەنچلىك شېرىكلەرنىڭ كېلىپ قېلىشىنى كۈتۈپ، تاجاخۇن ئاكىنىڭ بېغىدىكى ئۆڭكۈردە ۋاقىتىنچە ساقلىنىپ قالدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بۇ ئىشلار ئەنە شۇنداق رەت - رىتى

بىلەن تەرتىپلىك ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولۇپ، گېزىتخانىدىكى خىزمىتىدە ھازىر بولۇش ئۈچۈن ئىشخانىسى تەرەپكە كەتتى.

## دۈشمەن بىلەن دەلمۇدەل ئېلىشىش

سىيىت ئاببىاس ئۈچتۇرپانغا قايتىپ بېرىشى بىلەن بۇ ناھىيىدە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش يەنە بىر بالداق ئۆرلەپ مۇستەبىتلەرنىڭ زۇلۇم، ۋەھشىيلىكلىرىنى پاش قىلىش ھەرىكىتى يەنىمۇ كەسكىن تۈس ئالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بايدىسىمۇ ساقچى ئورگانلىرىنىڭ پايلاقچىلىقىنى كۈچەيتكەنلىكىگە قارىماي كۈرەشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن توختىماي ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا يېڭى خەۋەرلەر كەلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىگزىن ئاخشام مۇئىمرىدىن خوجا، ئابدۇكېرىم ئارىپوپ، ئوسمان مۇھەممەت، تەۋەككۇل ئولتۇنۇيلار لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىغا كېلىپ توپلاندى. ئۇلار ھەرقاچانقىدەك ئۈستەل چۆرىسىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ، ئۆز ئىشلىرىغا ئائىت ھازىرقى ۋەزىيەت ئۈستىدە ئەترابلىق تەھلىل ۋە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى. ئاقسۇدىكى كۈرەشنى باي، ئۈچتۇرپانلاردىكى كۈرەشلەرگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇللا داۋۇتوپ، ئارتۇق ئاببىاس، سىيىت ئاببىاس، ئابدۇللا ياقۇپ، ئىبراھىم مۇسالار بىلەن بولغان ئالاقىنى قانداق كۈچەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە ۋە ئاقسۇ كوچىلىرىغا يېڭىدىن خەلقنى قوزغىلىشقا دەۋەت قىلغۇچى ۋەرەقىلەر چاپلاشنىڭ تۆۋەندىكى پىلانىنى تۈزۈپ



چىقىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ مەسلىھەتلىشىشكە كىرىشتى. ياش ئۈچقۇنلارغا ئەمدى بۇ كۈرەشنى ئاقسۇ يېڭىشەھەردىلا ئەمەس، بەلكى كونىشەھەردىمۇ تەڭلا باشلىۋېتىش زۆرۈر بولۇپ تۇراتتى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئالدىغا ئىككى ۋاراق قەغەز قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە يېڭىشەھەردىكى كوچا - مەھەللىلەرنىڭ، يەنە بىرىگە كونىشەھەردىكى مەھەللىلەر ۋە كوچىلارنىڭ سىخېمىسىنى سىزىپ، ئۈستىگە بۇ جايلارنىڭ ناملىرىنى يازدى، جۈملىدىن، ئادەملەر كۆپرەك توپلىنىدىغان دوقمۇشلارنى، مەكتەپ ئىچى، مەمۇرىي ئىدارىلەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى تەشۋىقات ۋەرەقىسى چاپلىنىدىغان ئورۇنلاردىن قىلىپ تاللىدى. ئاندىن سەپداشلار بىرلىكتە باش قوشۇپ، بۇ قېتىم گومىنداڭ ئاپپاراتلىرىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىدىن قىسسەلەرنى پاش قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

ئىشىك ئۇشتۇمتۇت چېكىلىپ، ياتاقچى ئابدۇللا روزى كىرىپ كەلدى، ئارقىدىنلا گۇ جەنتخۇامۇ كىردى، بۇلار سالام بېرىپ كۆرۈشۈپ بولغۇچە يەنە يۈسۈپجان نىيازىمۇ پەيدا بولدى. بۇ ئۈچ سەپداش ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسىگە ئوخشاش مەنىدىكى بىر خىل خەۋەرنى ئەكەلگەنىدى. ئۇلار، تاشقىرىقى بازار تەرەپتىكى شەھەر دەرۋازىسىغا نامەلۇم بىر كىشىنىڭ كاللىسى ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى، كاللىنىڭ ئاستىغا گومىنداڭ 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن بۇ كىشىنىڭ مىللىي ئارمىيە كوماندىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا يېزىلغان ئىككى پارچە ئېلان چاپلانغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ياتاقتا توپلانغان ياش ئۈچقۇنلارنىڭ ھەممىسى بىردەك لاسىدە بولۇپ قالدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئىمرىدىن خوجا، ئوسمان مۇھەممەتلەر دەرھال ياتاقتىن چىقىپ ئۇ

كاللىنى كۆرۈپ كېلىشكە ماڭدى. ئۇلار كاللىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئاستىغا چوڭ قىلىپ يېزىپ چاپلانغان ئېلاننىمۇ ئوقۇدى. ئېلاندا: «ئىلىلىق تاغ بۇلاڭچىلىرى باش ئېگىپ تەسلىم بولۇپ، ئۇلاردىن زور كۆپچىلىكى جۇڭخۇا مىنگو ئەسكەرلىرىگە قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى. تاغدىن ھالقىپ قېيىر، مۇز داۋانلاردىن ئۆتمەكچى بولغانلىرى بىزنىڭ باتۇر ئەسكەرلىرىمىز تەرىپىدىن پاك - پاكىز قىرىپ تاشلاندى، ئوغرىلارنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىبېشى مۇھاسىرىدە قالغانىدى. ئەسىر چۈشۈشتىن قورقۇپ، ئاخىر ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. پۇقرالارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كېلىپ، يۇرت ئالدىدا سازايى قىلدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پۇقرالارغا تىنىچ، ياۋاش بولۇشنى يەنە بىر قېتىم تەۋسىيە قىلىمىز»، دېيىلگەنىدى. ئۇلار ئىچىدە ئېلاننى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى. ئۇنىڭدا كاللىسى سازايى قىلىنغان كىشىنىڭ ئىسمى ۋە باشقا نام - ئەمەللىرى ئېيتىلمىغانىدى. مانا بۇنىڭ ئۆزى گومىنداڭ تەشۋىقاتىنىڭ يالغانچىلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن بۇ كاللا مۇستەبىتلەرگە قارشى قولىغا قورال ئېلىپ، ھايات - مامات جېڭىگە ئاتلانغان بىر ئەر يۈرەك كىشىنىڭ گۇناھسىز كاللىسى. مۇبارەك يۈز چېھرىسى ئىدى. بولمىسا گومىنداڭ ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى يوق، تەپسە تەۋرىمەس بولۇۋېلىپ ياشاۋاتقان تىنىچ بىر تىرىك جاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى مۇنچىۋالا خارلىمىغان بولاتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ شۇ پىكىر بىلەن كاللىغا ئاخىرقى قېتىم قارىدى. ئۇ، 45 - 50 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەركىشىنىڭ كاللىسى ئىدى. مەرھۇمنىڭ ئويماقتەك كىچىك، يۇمىلاق كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلۇپ، ئەسلىدىكىدىنمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. يۈزىدە ئازابلىنىشلاردىن



قالغان تەڭگە - تەڭگە قارا داغلار بار ئىدى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگىچىنىڭ قاتتىق قىيناشقا ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كاللىسى تىلىنىپ، ئېچىلىپ قالغان ئاغزىدىن ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، تىلىنىڭمۇ خېلى قاتتىق زەخىملەندۈرۈلگەنلىكىنى ئوچۇق بايقىۋالغىلى بولاتتى. مەرھۇمنىڭ يۈزى دېيەرلىك دەرىجىدە تاتىراڭغۇ بولۇپ، سەل - پەل سوزۇنچاق كۆرۈنەتتى، پېشانىسى بىلەن ئېغىز ئۈستى بىلىنەر - بىلىنمەس تېشىغا تېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چېچى ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەنلىكتىن بېشىغا ئاق كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇچىكە ساقىلى شالاڭ ۋە ئۇزۇن بولۇپ، زەن قويۇپ قارىغان كىشى كاللا كېسىلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساقال ئۇچىنىڭمۇ كېسىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىۋالالايتتى.

شائىر بۇلارغا قاراپ، ئاخىردا ئېنىق خۇلاسىگە كەلدى. ئۇ ئۆز چۈشەنچىسىنى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئورتاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىتاقەتلىك بىلەن شۇ يەردىلا ئاشكارا سۆزلەپ:

— گومىنداڭچىلارنىڭ بۇ ئېلاندىكى گەپلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، ئويدۇرما. باشتىن - ئاياغ ساختا گەپ! بۇ كىشى ئىلى تەرەپتىكى ئىنقىلابنىڭ رەھبىرى ئەمەس، ئاددىي چارۋىچى ياكى بىچارە دېھقان، بىر بىگۇناھ پۇقرا! لېكىن ئۇ شانلىق قۇربان، جەڭگىۋار كۈرەشچى! ھەرگىز ئېلاندىكى گەپلەردىن قايمۇقۇپ قالماڭلار! — دېۋەتتى.

مۇنىردىن خوجا، ئوسمان مۇھەممەتلەرنىڭمۇ كاللا ھەققىدىكى قاراشلىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى: ئۇلار كاللا ئالدىدا خېلى ئۇزاق تۇردى، كاللىنىڭ ئۆپچۆرىسى بىردەمدىلا ئاقسۇ بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يىغىلىدىغان چوڭ توپى بىلەن تولۇپ، قىستا - قىستاڭ بولۇپ كەتتى. ئۇلارنى قورال ئاسقان ئەسكەر، ساقچىلار، قوللىرىغا كالتەك - تاياق

تۇتقان جىنجاڭ، جىياجاڭلار ئىبرەت ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆي - ئۆيلەردىن، دۇكان، مەكتەپ ۋە مەسچىتلەردىن مەجبۇرىي ھەيدەپ كەلگەنىدى. سۈر باسقان كىشىلەر كاللىغا تۇغرا قاراشقا پېتىنالماي، ھەدەپ ئۇنىڭ تېگىدىكى ئېلانغا قارايتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ساۋاتسىز ئىدى. ئېلان توغرىسىدا بىر - بىرىدىن سوراشقان بولۇپ، ئۆزئارا كۇسۇرلىشاتتى. ئېلاننى ئوقۇپ بەرگۈچى چىقمايتتى. خەلق توپى ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەت - ساۋاتلىق ئوقۇغۇچىلىرى، ئورگانلاردا ئىشلىگۈچى بەزىبىر خىزمەتچىلەر بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ ئېلاننى ئوقۇپ بەرگۈسى كەلمەيتتى.

خەلقنى گومىنداڭنىڭ يالغان - ياۋىداق تەشۋىقاتىغا ئىشەنمەيدۇ، دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي تەرەپلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوراللىق ئىنقىلابنىڭ كۈنسېرى قازىنىۋاتقان يېڭىدىن - يېڭى غەلىبىلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. گومىنداڭ مىللىي ئارمىيىنى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى سانلىق خەۋەرلەرنىمۇ جان - جەھلى بىلەن قامال قىلىشقا ئۇرۇناتتى. گومىنداڭنىڭ بۈگۈنكى يالغانلىرىنىڭ ئەتىلا پاش بولۇپ قېلىشى بىلەن كارى يوق ئىدى، چۈنكى ساختىپەزلىك بىلەن ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈش ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلەردىكى بىردىنبىر كەسپى بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن گومىنداڭچىلارنىڭ بىر كاللىنى سازايى قىلىشى، بۇ ئادەمنى ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكى ئىنقىلابنىڭ يېتەكچىسى، دەپ ئېيتىشقىچە بېرىپ يېتىشى ئۇلاردىكى كاززاپلىق ۋە ئۈچىغا چىققان ساختىپەزلىكنىڭ بىر مىسالى ئىدى. لېكىن مۇنداق ساختىپەزلىكلەر ئەھۋالدىن خەۋەرسىز خەلقنى ھەر ھالدا ئۈمىدسىزلىك ئازگىلىغا تاشلاپ قويالايتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ شۇلارنى كۆز



ئالدىدىن ئۆتكۈزدى، مۇنىرىدىن خوجا، ئوسمان مۇھەممەتلەرمۇ ئەنە شۇ ئاچچىق، كۆڭۈلسىز ئوي - پىكىرلەر ئىچىدە بىئارام بولدى. بۇ ساختىپەزلىكنى ھايالسىز پاش قىلىپ تاشلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، ئوسمان مۇھەممەتلەر ئىلگىرى - ئاخىر تاشتېمىرىقى بازار دەرۋازىسى ئالدىدىن ياتاققا قايتىپ كېلىپ، بۇ يەردە ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان ئابدۇكېرىم ئارىپوپ، ئابدۇللا روزى، گو جەنخۇا، يۈسۈپجان نىيازىلار بىلەن بىرلىكتە باش قوشۇپ، دۈشمەن تەشۋىقاتىدىكى ساختىپەزلىكنى پاش قىلىپ تاشلاپ مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلەشتى. سەپداشلار ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قوراللىق ئىنقىلاب رەھبىرى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلالىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېنىق نام - ئەملى توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. مەرھۇمنىڭ قىرغىز ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقانىدى، ئەمما ئۇ قايسى كىشى ئىكەنلىكىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. سەپداشلار مۇشۇ باش قېتىمچىلىقى بىلەن تۇرغان ۋاقىتتا، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ دال دوختۇرى، ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى، قىرغىز يىگىتى مۇساجان ياتاققا كىرىپ كەلدى.

مۇساجان كونىشەھەر بوزدۆڭلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ يەردىكى قىرغىز چارۋىچىلىرى بىلەن قويۇق باردى - كەلدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سازايى قىلىنىۋاتقان كاللىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. قىرغىز يىگىتى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىغا دەل مۇشۇ توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ قويۇش مەقسىتى بىلەن ئالاھىدە كەلگەنىدى.

— بۇ كاللا، — دېدى ئۇ سەپداشلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، — جاقىپ دېگەن مۆمىن بىر كەمبەغەل

چارۋىچىنىڭ كاللىسى. بۇ كىشى بوزدۆڭلۈك ئىدى. ئۇ ئىنتايىن ياۋاشلىقىدىن جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، بايلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بېقىش بىلەنلا بولۇپ كەلگەن. مەن جاقىپ ئاكىنى ياخشى بىلەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بېيىتىن تونۇشلاردىن ئىدىم. كاللا ئاخشام 5 - ئاتلىقلار پولكىغا ئەكېلىنگەن چاغدا، بىر كۆرۈش بىلەنلا تونۇدۇم. ئەسكەرلەرنىڭ ئاددىي بىر چارۋىچىنىڭ كاللىسىنى بوزدۆڭدىن كۆتۈرۈپ كەلگىنىگە قاراپ، بۇنىڭدا مەلۇم مەقسەت بار، دەپ ئويلىغانىدىم. ئاخىر ئۇنى سازايى قىلىپ كىرگىچە ئېسىپتۇ.

شائىر مۇساجان سۆزلەۋاتقاندا، قەغەز - قەلەم ئېلىپ بۇ قىرغىز سەيدىشى يەتكۈزۈپ كەلگەن مەلۇماتلارنى قالدۇرماي تولۇق يېزىپ ئولتۇردى. قالغانلىرى ھاياجان ئىچىدە جىم ئولتۇرۇپ قالدى، چۈنكى مۇساجاننىڭ تونۇشتۇرۇشلىرى بىگىزاقىچە زادى يەشكىللى بولمىغان، ئەمما يېشىش تىلىمۇ زۆرۈر بولۇپ تۇرغان سىرلىق تۈگۈنچىنى ئۇقۇشلۇق ۋە رەتلىك قىلىپ يېشىپ بەرمەكتە ئىدى.

— ئەجەبمۇ ۋاقتىدا كەپسەن! قېنى سۆزلە، داۋامىنى قالدۇرماي ئېيت، ئاقىۋەت بۇ بىچارە قىرغىز ئاكا قانداق ئىللەتنىڭ قۇربانى بولۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ؟ — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ چۆقان سىلىپ.

— نېمە گۇناھ بىلەن بولماقچى؟ — جاۋاب بەردى ھەربىي مال دوختۇر، — ھېچبىر گۇناھسىز شۇنداق قىلىنىپتۇ. بوزدۆڭدىن كاللىنى ئەكەلگەن ئەسكەرلەردىن سۈرۈشتۈرسەم، جاقىپ ئاكا 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئات بولاڭچىلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، ئۇ يەرگە تۈنۈگۈن جاۋ خەنچىمۇ بارغانىدى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئېتىنى بۇلىۋالماقچى بولۇپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغاندا، كەمبەغەل چارۋىچى «ئېتىمنى ئالساڭلار



جېنىمنىمۇ بىللە قوشۇپ ئېلىڭلار» دەپ قاتتىق تىركەشكەن، ياقىلاشقان، مۇشتلاشقان، ھەتتا جاۋ خەنچىنىڭ كىملىكىگە پەرۋا قىلماي ئۇنى تىللىغان. قان ئىچەر جاۋ خەنچى مۇھاپىزەتچىسىگە بۇيرۇق قىلىپ، جاقىپ ئاكىنى شۇ يەردىلا ۋەھشىيلەرچە ئېتىپ تاشلىغان.

سۆزلەۋېتىپ مۇساجاننىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى، ھەربىي مال دوختۇرنىڭ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتكەن جاقىپ ئاكىنىڭ ئەتە شۇ كاللىدىكى مىسكىن، مەيۈس قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىپ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى.

— جاقىپ ئاكا تەنھا، يار - يۆلەكسىز كىشى ئىدى، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — ئۇنىڭ شۇ بىر ئاتتىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. كىچىككىدىن تارتىپ چارۋىدارلارنىڭ ئېلىنى باققان، بوزدۆڭدىن سىرتقا چىقىپ باقمىغان، ئۆمرىدە توي قىلىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا قۇربىتى يەتمىگەن. جاقىپ ئاكا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جاۋ خەنچى خەلققە ئۇنىڭ جەسىتىنى ئەكتىشكە رۇخسەت قىلمىغان، ئۇنىڭ ئىلىلىق تاغ باندىتلىرى بىلەن تىلى بىر دەپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ كۆز ئالدىدىلا كاللىسىنى كېسىپ ئېلىۋالغان.

— ھەي، بىنومۇس قانخورلار! — ئۈستەلگە ئۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى مۇتىرىدىن خوجا، — گومىنداڭچىلارنىڭ چۈشەنچىسىدە خەلقنىڭ ھەممىسىلا دۈشمەن. خەلقتە ئەمدى ئۇلار بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىشتىن باشقا ئىستىقبال يولى قالمىدى.

— گومىنداڭچىلار تېخى ھۆركىرىگەندىن قورقۇپ، ياۋاشنى كۆپرەك بوزەك قىلىدۇ، — سۆز قىستۇردى ئوسمان مۇھەممەت، — ھۆتتىنىڭ ئىشىدا كۆيگىنچە، ئىچىدە كۆيۈپ دېگەن

تەمسىل بار. جان تىكىپ كۈرەش قىلغاندىلا، ئاندىن زۇلۇم ئوچىقىنى كۆمپەيكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

— بوزدۆڭنىڭ شائىجاڭى قىياسىدىمىدا ئات دېمەك يۈزلەپ ئات بار، باشقا يەنە نۇرغۇن مال - چارۋا بار، — چۈشەندۈردى قىرغىز سەپداش، — قانخورلار مۇنداقلارغا ھەرگىز تەگمەيدۇ. جاۋ خەنجى يېقىندا ئۇنىڭغا تېخى ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ بوزدۆڭنى قوغداش ھوقۇقىنى بېرىپتۇ.

— ئۆز ئېچىمىزدىن چىققان يۇندىخورلار تېخى بەكرەك يامان، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇساجاننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ. — بىزگە يەنە ئۇلار بىلەنمۇ كۈرەش قىلىشقا، كومىنداڭنىڭ ھەر خىل، ھەر ياڭزا مالايلىرى بىلەن، يۇندىخورلىرى بىلەنمۇ ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە، خەلقنى ئالدانماسلىق، ئۇلارغا ئەگەشمەسلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدا سىيا بولمىسۇ، چىرىك تاختا قەغەز ۋە قومۇش قەلەم يوق ئىدى. بۇ نەرسىلەر گېزىتخانىدا بار بولۇپ، ئۇلارنى شۇ يەردىن ئەكىلىشكە توغرا كېلەتتى. ئاڭغىچە كۈندىلىك ئالتە سائەتلىك ھەرپ تىزىش ۋەزىپىسىنى دەم ئالماستىن ئىشلەپ تۆت سائەتتە تۈگەتكەن قادىر ئېلى، تۇردى ھۇسەيىنوپ، قۇددۇسلار ئىشتىن قايتىپ، توپتوغرا شائىرنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. ئۈچ نەپەر ياش ئابورچىنىڭ گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن كۈرەش باشلانغاندىن بېرى ئىنقىلاب ئىشىغا ۋاقىت تېپىش ئۈچۈن كۈندىلىك ئىشنى ئەنە شۇنداق تېز ئىشلەپ، بالدۇر تاماملاشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى. قادىر ئېلى گېزىتخانىغا ئىككىنچىلەپ كىرىپ، ئۇ يەردىن بىرقانچە پارچە چىرىك تاختا قەغەز، قومۇش قەلەم، يۈك قەلەم ۋە بىر دانە سىر دۇۋەتتە قارا سىيا ئاچىقتى. چاققان قول ئابدۇللا روزى ياغاچ ئۇچلاپ، چىرىك خەت ئۈچۈن بىر تال



ئەپچىل قەلەم تەييارلىدى. ئاڭغىچە تۇردى ھۇسەيىنوپ دەرۋازىنى تاقاپ قويۇش ئۈچۈن ھويلىغا چىققانىدى، بىلال ئەزىزى بىلەن بىللە قايتىپ كىردى. بۇ كونىشەھەرلىك سەپداش بۇ كۈنكى خىزمىتى بىلەن ئىشخانىدا بىرئاز بىزلۇپ، خوجا كۆرسۈنگە ئانچە - مۇنچە ئىشلەپ قويغاندىن كېيىن، يېڭى كۈرەش ۋەزىپىسى ئۈستىدە تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئالاھىدە يېڭىشەھەرگە كەلگەنىدى. ساقچى ئوفىتسېرى بۇ يەردە جاقىپ ئاكىنىڭ كاللىسى ئېسىلىپ، سازايى قىلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ سەپداشلار بىلەن ئادەتتىكىچە سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارغا مۇھىم خەۋەر سۈپىتىدە، شەخسەن ئۆزى بىر ئىلاج بىلەن يېزىپ تەييارلىغان يول خېتى بىلەن سىيىت ئاببابىنى ئۈچتۇرپانغا ئامان - ئېسەن ئۆزىتىپ قويغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ سەپداشلارنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ، ساقچىلىق شەپكىسىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئوفىتسېرلىك كىيىمىنى سېلىۋەتتى - دە، تام ۋەرەقىسى يېزىش ئىشىغا ياردەملىشىشكە باشلىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ سۆز كوپىيىسىنى تەييارلاپ بېرىش بىلەن بەند بولدى، باشقىلار قەغەز كېسىپ راسلاپ بەردى. قۇددۇس شىلىم قاينىتىشقا كىرىشتى. بۇلار دۈشمەننىڭ ئېلانىغا قارشى ۋەرەقە چاپلاشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. شۇ چاغدا، بىردىن دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىسى قوپال شاراقلاپ قالدى. سەپداشلار قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، يوشۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاققانلىق بىلەن يىغىپ كارىۋات ئاستىغا تىقىپ قويدى. يېڭى كەلگەن «مېھمان» ھېكىم تۇر ئىدى. ئۇنىڭغا دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. دەرۋازا ئېچىپ بېرىلدى. ئىشپىيون ياتاققا كىرىپ كۆزەيلىككە بىر

خىل ئۇچۇق چىراي ۋە ھەزىلكەشلىك بىلەن سالام بەردى. سەيداشلار ئۆزلىرىنى ئادەتتىكىچە تۇتتى. ئۇلاردىن ھېچكىمنىڭ ھېكىم نۇرغا سالام قايتۇرغۇسى، قول بېرىپ كۆرۈشكۈسى كەلمىدى. كۈتۈلمىگەن مېھمانغا ئورۇن بوشىتىش ئۈچۈن ئۆز جايلىرىدىن قىمىرلاپ قويغۇچىمۇ چىقمىدى. مەككار ئاخىر سەزدۈرمەستىن كۆز قىرى بىلەن ياتاق ئىچىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن ئىشىك تۈۋىدە بىكار تۇرغان يۆلەنچۈكسىز، پاكار، كىچىك ئورۇندۇققا تەكەللۇپسىز كېلىپ ئولتۇردى.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۈن - تىنسىز، ئاستىرتىن كۆزىتىپ تۇردى. ئۇلار شۇ يول بىلەن ئىشپىيوننى ئوڭايسىز ئەھۋالغا قويۇپ، ئۇنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. لېكىن داپشاق قارا كۆلەڭگە مۇنداق مۇئامىلىلەرنى كۆڭۈلگە ئالماسلىقتا ھەرقاچان كۆندۈك ئىدى.

— ئەجەب شۈك بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ، سىرتتىكى ئىشتىن خەۋەر تاپمىغانغا ئوخشىمامسىلەر؟ — سورىدى ھېكىم نۇر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ۋە گەپتىن گەپ شاخلىتىشنى كۆزلەپ. — 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقىنى تۇتۇۋالغانىكەن، ئاقسۇغا ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپتۇ. ئۇنىڭغا قوشۇپ چاپلىغان ئېلانغا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىتىلدى، دەپ يېزىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەمدى تەشكىلاتىمىزنىڭ ھەرىكىتى سۇغا چىلاشمىسا بولاتتىغۇ؟

— 5 - ئاتلىقلار پولكى ئەسكەرلىرى شۇنداق ئاسان بېرىپ تۇتۇۋالغۇدەك قانداق باشلىق ئىكەن ئۇ؟ — سورىدى ئوسمان مۇھەممەت مازاق قىلىپ.

— ئاڭلىشىمچە جاۋ تۈەنجاڭ ئۆزى ئىسھاقبەك دېگۈدەك، —



بىلجىرلىدى مەككار، — دېمىسىمۇ كاللىغا قارىغاندا، بۇ ئادەم قىرغىزدەك تۇرىدۇ.

— قىرغىزغا ئوخشىسىلا بۇ ئادەم ئىسھاقبەك بولۇپ قالغۇدەكمۇ؟ — تەنە مەنىسىدە سورىدى ئابدۇللا روزى.

— ساللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئىسھاقبەك قىرغىز ئەمەسمىدى. شۇنىڭغا قاراپ، جاۋ تۈەنجاڭنىڭ ئېيتقىنىنى راستمىكىن دەيمىنا؟

— بۇنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىگە بىز بىر نېمە دېيەلمەيمىز، — دېدى ئوسمان مۇھەممەت ئەتەيسىن قارشىلىشىپ.

— بىز تېخى دەرۋازىغا كاللا ئېسىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپمىدۇق، بېرىپ كۆرگۈدەكمۇ بولمىدۇق، — تەنە تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلىدى مۇئمىندىن خوجا.

— بۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان ئىشلار بولسا ياردەملىشەي، دەپ كەلگەنىدىم. كاللىنى كۆردۈم - دە، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ھەممەيلەن ھېكىم نۇرنىڭ كەيپىنى مازاقلاپ، پاراقىدە كۈلۈۋەتتى، مەككار ئەيسىز ئەھۋالغا قېلىپ، قىزىرىپ - تاتىرىپ ئورنىدا ئولتۇرالماي، بىر پەس ئۇياق - بۇياق قىمىرلىدى.

— بىزنىڭ بۇنىڭغا تاقابىل قىلىدىغان ھېچقانداق ئىشىمىز يوق! — جىددىي ئاھاڭدا سۆزلىدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ مەككارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ تاشلاش مەقسىتى بىلەن. — كاللىنى كۆرۈشىڭىزمۇ بىزگە پايدىسى يوق، چۈنكى بىز ئىلگىرى ئىسھاقبەكنى كۆرگەن ئەمەس، بەرىبىر بۇ كاللىنىڭ شۇ كىشىنىڭ كاللىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ساڭا ئوخشاش سىنچى بولۇپ، قولدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا بىكاردىن - بىكار باش قاتۇرۇپ يۈرۈشنى خالىمايمىز!

گەپ توختاپ ياتاق ئىچى جىمجىت كەتتى. ھېكىم نۇر قول ياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزىنى ئېرىتقان بولۇپ، سەپداشلارغا تەكشى نەزەر تاشلاپ چىقتى. بۇ چاغدا ھەممەيلەن ئۇنىڭ ياتاقتىن تېزرەك چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ، تەقەززالىق بىلەن قارىشىپ تۇراتتى. شۇندىن كېيىن، ھېكىم نۇر بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يانچۇقىدىن يېپيېڭى بىر قاپ لوتويەن تاماكىسى چىقىرىپ، سەپداشلارغا ھەر بىرىگە ئۇنىمىغانغا قويماي، بىر تالدىن تۇتتى. تاماكا چېكىلىشكە باشلاپ، ياتاق ئىچى بىردەمدىلا ئىس - تۈتەككە تولدى. شۇندىن كېيىن، ئىشپىيون ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا ئىشەنچ بىلەن ئورۇندۇققا كېلىپ، ئىلگىرىكىدىنمۇ مەھكەمرەك ئولتۇردى. مۇنىرىدىن خوجا تاماكا ئىسىنىڭ ئاچچىقىدىن قاتتىق يۆتىلىشكە باشلاپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى. قالغانلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئارقىمۇ ئارقا ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى. بىلال ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئاربىيوپ، تەۋەككۇل ئۇلۇغۇپلار ئانچىكىم كونشەھەرگە ھازىرلا قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ياتاقتىن چىقتى. قادىر ئېلى، تۇردى ھېسەينوپلار گويا خىزمەتكە چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاندەك ئالدىراپ گېزىتخانا تەرەپكە كەتتى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئابدۇللا روزى، يۈسۈپجان نىيازى، گو جەنخۇالار مېڭىشقا تەمشەلدى، مۇنىرىدىن خوجا بىلەن ئوسمان مۇھەممەت ئۆز سىنىپلىرىدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولۇپ، شائىر بىلەن خوشلاشتى. ياتاقتا ئەمدى ھېكىم نۇرلا قالغانىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ قولىغا سۈپۈرگە ئېلىپ، تاماكا قالدۇقلىرىنى سۈپۈرۈپ - تازىلاش باھانىسى بىلەن ئۇنى ياتاقتىن قوغلىدى. ئاخىر ئىشپىيون سەپداشلار ئىچىدىن جاقىپ ئاكا كالىسىنىڭ سازايى قىلىنغانلىقىغا قارشى يېزىلىدىغان تام ۋەرەقىسى توغرىسىدا



كىچىككىنە يىپ ئۇچىسىمۇ ئىگە بولالماي بوشاشقان ھالدا ياتاقتىن چىقىپ، تاشقىرىقى بازار تەرەپكە كەتتى.

ياش ئۇچقۇنلار ئەگەر ئېلىپ بارماقچى بولغان پائالىيىتى ئەنە شۇنداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، ئورۇن يۆتكەپ ئىشلەش توغرىسىدا ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى. ئەمدى ئۇلار باشقا - باشقا كوچىلار بىلەن بۆلۈنۈپ مېڭىپ، توپتوغرا قالىكەشنىڭ ئۆيىگە بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۆي سوجۇ مەھەللىسىنىڭ كەينى تەرىپىدە، ئېتىزلىق ئىچىدە بولۇپ، ئېگىز ياسالغان قاشا تېمى بىلەن مەقسۇتئاخۇن ساتىراشنىڭ ھويلىسى ياكى تاجاخۇنئاكىنىڭ بېغىغا ئوخشاش مەخپىي ئىش - پائالىيەتلەرگە ئەپلىك ۋە خەتەرسىز ئىدى. ياش ئۇچقۇنلار لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدىن چىققاندىن كېيىن، بەزىلىرى لەڭگەر كۆۋرۈكىنى، بەزىلىرى ئاسۇق مەھەللىسى ياكى كونا مەپە بازىرىنى ئايلىنىپ، بىر - بىراقى شۇ يەرگە بېرىپ توپلاندى. قادىر ئېلى كېيىن قېلىپ، شائىر بىلەن بىللە چوڭ تاختا قەغەزلەرنى ئېلىپ باردى. قالىكەشنىڭ ئۆيى يېڭى بىنا تەرەپكە، دارىلمۇئەللىمىن بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يېقىن بولغانلىقتىن، ئابدۇللا روزى، گو جەنخۇالار خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان كۆك سىيا، قارا سىيا، قىزىل ۋە يېشىل قەلەملەرنى ھەش - پەش دېگۈچە ئەكەلدى. قالىكەش شىلىم قاينىتىپ تەييارلىدى. يۈسۈپجان نىيازى قەغەزلەرنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئىككى شەكىلدە كېسىپ تەخمۇ تەخ قىلدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ سەپداشلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كوپىيىسىنى تۈزىتىپ ئاقىقا كۆچۈردى، گو جەنخۇا يېزىلغانلارنى ئۆتتۈرلۈق ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى، شۇنداق قىلىپ، تام ۋەرەقىسى ئىككى خىل تىلدا يېزىپ چاپلىنىدىغان بولدى.

كېيىن چوڭ قاختا قەغەزلەرگە ھۆسنخەت بىلەن يوغان، كۆركەم قىلىنىپ كۆچۈرۈلۈپ بولدى. پۈچۈركىسىدىن سىزىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ۋەرەقىلەرنىڭ بىرىنى ئابدۇللا روزى، يەنە بىرىنى گۇجەنخۇا سول قوللىرى بىلەن ھەم خەت شەكىللىرىنى ئەتەي ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقتى. ئاندىن خەنزۇچىسى ئۇيغۇرچىسىغا ئاخىرقى قېتىم دىققەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىلدى. ۋەرەقىنىڭ: «ئۇيياتسىز يالغانچىلارنىڭ تىلىنى كېسىپ تاشلايلى!» دەپ ماۋزۇ قويۇلۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇ سۆزلەر بايان قىلىنغانىدى:

«قېرىنداشلار، سىلەر، چىدام ۋە سەۋر - تاقەت بىلەن كۆرۈۋاتقان ئادەم كاللىسى بوزدۇڭلۇك بىچارە قىرغىز چارۋىچى جاقىپ ئاكىنىڭ بىگۇناھ ۋە پاك چېھرىسى! گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىتىنى بولماقچى بولۇپ، زورلۇق ئىشلەتكەندە جاقىپ ئازلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكىنى ئۈچۈن، ئاقسۇ 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ كوماندىرى ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوشما ئېلانىدا ئېيتىلغانىدەك، جاقىپ ئاكا مىللىي ئارمىيىنىڭ باشلىقى بولماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە پادىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن ئەڭ ياۋاش كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ بوزدۇڭدىلا تۇرغان، قولىغا مال قامچىسىدىن باشقا نەرسە تۇتۇپ باقمىغان... سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋېسىلەركى، گومىنداڭچىلارنىڭ جىنايىتى ئېشىپ - تېشىپ، ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتتى. ئۇلار ئەمدى ئۆز قىلمىشلىرىنى يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئاقلاپ، ئۆزلىرىنى پەرىشتە قىلىپ كۆرسىتىشكە. شۇ يول بىلەن ئەھلى يۈزىنى ئالداپ، خەلقنىڭ ئوت ئېلىپ يېنىش ئالدىدا تۇرغان غەزەپ يالقۇنىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئەخمەقلەرچە ئۇرۇنماقتا. ئالداش، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىش، تەيياڭ-ۋازلىق قىلىشلارنىڭ ھېچبىرى بۇ كەمگىچە گومىنداڭچىلارغا



نەپ بەرمىگەنىدى. مۇندىن كېيىن تېخىمۇ بەرمەيدۇ. ئۇلار ھازىر ئۆلۈم گىردابىدا تۇرماقتا. ئۇلارنى ئەجەللىك ھالاكەتلا كۈتمەكتە!»

تام ۋەرەقىسىنىڭ ئالدىنقى ئابزاسلىرىغا يېزىلغان سۆزلەر ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئابزاسلىرى جاراڭلىق دەۋەتلەر ۋە شوئارلار بىلەن ئاخىرلاشتى:

«قېرىنداشلار، ئادەم كاللىسىنى كۆرۈپ ۋە بۇ ئىككى زۇلۇم ئوچىقىدىن چىقىرىلغان قوشما ئېلاندىكى يىرقىلاڭ سۆزلەرگە ئىشىنىپ، ھەرگىز قايمۇقۇپ قالماڭلار! بۇ سەكراتتىكى ئىتنىڭ جان ئاچچىقىدا ھۈرۈپىسى، ئاخىرقى تىنىقىدا ھاۋشىپ قويغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. گومىنداڭچى جاللاتلارغا تۈمەنمىڭ لەنەت! بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن قىرغىز قېرىندىشىمىزنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالاپ كاللىسىنى كېسىپ تاشلايلى! بىزنىڭ قوزغالغان كۈنىمىز دەل مۇستەبىتلەرنىڭ تۇغلىسى سۇنۇپ، ئالدىمىزدا غال - غال تىترىگەن كۈنى بولۇپ قالسۇن! قانخورلارغا ئۆلۈم! ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، جاقىپ ئاكىنىڭ ۋە باشقا بىھۇدە ئۆلتۈرۈلگەن سان - ساناقسىز كىشىلەرنىڭ روھىنى خوش قىلايلى!»

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋەرەقىنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسىگە «قايىنىغان غەزەپ» دەپ ئىمزا يازغانىدى. باشقا ياش ئۇچقۇنلار گومىنداڭ ساقچى ئورگىنىنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭ ئورنىغا «سەزگۈر يولۇچى» ئىمزاسىنى بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. شائىر بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپ، ئىمزانى شۇ مەھەل ئۆزگەرتىپ قويدى. ئاڭغىچە بىلال ئەزىزى ئۇنتۇلغان بىر پارچىسىنى ئەسلەپ قالدى بولغاي، سۆزلەپ، مۇندىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى كۈنشەھەردە يۈز بەرگەن ۋارىسىنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىنى سەپداشلارنىڭ ئېسىگە سالدى. بۇ ۋەقە مۇنداق ئىدى: شۇ

كۈنى ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ ھەپتىدە بىر بولۇپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى بازىرى ئىدى. گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچى ئورگانلىرى يېڭىدىن ئەسكەرلىككە مەجبۇر قىلىنغان ياشلارغا ئات ھازىرلاش ئۈچۈن بىر بۆلۈم ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى كوچىغا چىقىرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەردىن بىرى كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق خادىمى ۋارىس ئىدى. ئۇ يېزىلاردىن بازارغا ئوتۇن - سامان ئەكىرگەن دېھقان ھارۋىلىرىدىكى ئاتلارنى بۇلاپ قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراۋاتقاندا، جاۋ خەنچى مەقسەتلىك ھالدا ماجىرا بولۇۋاتقان جايغا كېلىپ، ۋارىسنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە شۇ يول بىلەن ھارۋا ئىگىلىرىگە تەسەللى بەرگۈچى بولۇۋالىدۇ. بۇ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى خەلق ئالدىدا ئادىل قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوينىغان ئالدامچىلىق ئويۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆز ۋاقتىدا خەلقنى قايمۇقتۇرۇش جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىغانىدى. ئەمدى ياش ئۇچقۇنلار بۇنىمۇ تام ۋەرەقىسىگە يېزىپ، ئۇنى جاقىپ ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، گومىنداڭچىلارنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى خەلققە پاش قىلىپ كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇلار بىلال ئەزىزىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، بۇ توغرىدا باشقا بىر قوشۇمچە تام ۋەرەقىسى يېزىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇنىڭ كوپىيىسىنى بىلال ئەزىزى ئۆزى يازدى. ئۇنىڭغا «جاللاتنىڭ بىر يەردە پەرىشتىلىك، يەنە بىر يەردە قانخورلۇق رول ئوينىشى» دەپ ماۋزۇ قويۇلۇپ، تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان قوشۇمچە ماۋزۇغا «جاۋخەنچىنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىگە قاراڭلار» دېگەن سۆزلەر يېزىلدى. گۇ جەنخۇا بۇ كوپىيىسىنىمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ۋەرەقىمۇ بىرىنچى تام ۋەرەقىسىگە ئوخشاش چوڭ تاختا قەغەزگە يېزىلغان ھەرپلەر بىلەن خېلى



يىرىدا تۇرۇپ ئوقۇغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە ھۆسنخەت قىلىپ يېزىلىشقا باشلىدى. بۇ قېتىم پۇچۇركا يۆتكەپ، ئۇيغۇرچىسىنى تەۋەككۈل ئۆلۈغۈپ يازدى. گۇ جەنخۇا خەنزۇچە ۋەرەقىلەرنىڭ ئالدىنقىسىنى ئوڭدىن سولغا يازغان بولسا، ئىككىنچىسىنى يۇقىرىدىن پەسكە قۇر ئېلىپ يازدى. بارلىق پائالىيەت داۋامىدا سىرتتىن كىرگۈچى كىشىلەر بولماي، ئۆي تىنچ ۋە خاتىرجەم بولۇپ بەردى.

ياش ئۇچقۇنلار قالىكەشنىڭ ھويلىسىغا كەلگەندىن بېرى، بىرىم كۈنچە ۋاقىت ئۆتۈپ، خېلى كەچ كىرىپ قالغانىدى، لېكىن ئۇلار يەنە ئەل ياتقۇ مەزگىلى بولۇپ، كوچا - مەھەللىلەردە ئادەم قارىسى قالمىغۇدەك پىنھان مەزگىل يېتىپ كەلگۈچە بۇ يەردە كۈتۈپ ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. مۇساجان ئاڭغىچە كېچىلىك ھەربىي كۆزەتچىلەرنىڭ بۈگۈن ئاخشام قايسى چاغلار بىلەن كوچىغا چىقىدىغانلىقى، پوستلارنىڭ كۆپەيتىلىدىغان - كۆپەيتىلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. جاقىپ ئاكا كاللىسىنىڭ ئاشىمىرىقى بازار دەرۋازىسىغا ئېسىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاشىمىرىقى بازارغا پوست قويۇلۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. ياش ئۇچقۇنلارنىڭ تام ۋەرەقىلىرى كاللىنىڭ ئاستىغا ئېسىلغان دۈشمەن ئېلانىغا قارشى يانمۇيان چاپلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇساجانغا كاللا يېنىغا ئەسكەر قويۇلىدىغان - قويۇلمايدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ئېنىق بىر نەرسە ئۇقۇپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى. قالىكەش ياش ئۇچقۇنلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئايالى بىلەن بىللە تاماق تەييارلاشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە زاغرا ناندىن باشقا داستىخانغا قويغۇدەك تۈزۈكرەك يېمەكلىك يوق ئىدى. ئاخىر ئۇ «تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر، تاپمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك، ئۆيىدىكى كىچىك پاقلاننى سويۇپ

ئۇنىڭ گۆشى بىلەن ياش ئۈچقۇنلارنى مېھمان قىلدى. مۇساجان پولكتىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ياش ئۈچقۇنلارغا كوچا كۆزەتچىلىرىنىڭ كېچىسى سائەت 11 دىن كېيىن ئالماشتۇرۇلۇپ كۆپەيتىلىدىغانلىقىنى، تاشقىرىقى بازار دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى پوتەيگە ئايرىم پوست قويۇلىدىغانلىقىنى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلدى. سائەت ئون بولۇپ قالغانىدى. ياش ئۈچقۇنلار ئاخىرقى تەييارلىققا كىرىشتى. ھەممەيلەن ۋەرەقىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ، ئوچۇق چىقمىغان چېكىت، ئىزىلماي قالغان ئۈندەش بەلگىلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى تولدۇردى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەۋەسكار رەسسام بولۇپ، رەسىملەرنى خېلى ئەپچىل سىزىشنى بىلەتتى. ئۇ باش بولۇپ، ئويغۇرچە ۋەرەقىلەرنىڭ ماۋزۇ چەتلىرىگە جاۋ خەنجى بىلەن ۋۇ شۇبىڭنى مازاقلاپ، بۇ ئىككى جاللاتنىڭ ئەينەن ئۆزلىرىگە ئوخشىغان سۈرەتلىرىنى سىزىپ چىقتى. بۇلارنىڭ بىرى ئادەم يۈرىكىنى چاڭگاللاپ يەۋاتقان قىياپەتتە كۆرسىتىلگەن بولسا، يەنە بىرى ئادەم قېنى ئىچىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەنىدى.

ياش ئۈچقۇنلار شائىرنىڭ بۇ ئاجايىپ ھەنەرلىك ئىشىدىن خۇشال بولدى. ئابدۇللا روزى سۈرەتلەرنىڭ بىرىگە جاۋ خەنجەنىڭ، يەنە بىرىگە ۋۇ شۇبىڭنىڭ ئىسمىنى ئېنىق قىلىپ يېزىپ قويدى. ۋىلايەتلىك ئويغۇر ئويۇشمىسىنىڭ سانائىنەپىسە بۆلۈمىدە دېكوراتسىيە سىزىپ كېلىۋاتقان گۇ جەنخۇا ئاقسۇدا تونۇلغان رەسساملاردىن ئىدى. ئۇمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سىزغانلىرىغا ئوخشىتىپ، خەنزۇ تىلىدىكى ۋەرەقىلەرگە ھەربىي ھوقۇقدار بىلەن ساقچى ھوقۇقدارنىڭ ھەجۋىي سۈرەتلىرىنى سىزىپ چىقتى.

تام ۋەرەقىلىرىنى كوچىغا بالدۇر ئاچىقىشقىمۇ، كېچىكىپ ئاچىقىشقىمۇ بولمايتتى. بالدۇر ئاچىقىلسا،



بۇ ئەل ياتمىغان ۋاقىتتا توغرا كېلىپ ئۇنىڭغا ئاللىقانداق كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، ئەكسىچە كېچىكىپ قېلىنسا، كېچىلەردە قاراۋۇللار كۆپىيىپ، ۋەرەقىلەرنى چاپلاش مۈشكۈلچىلىككە ئۇچرايتتى. دېمەك، بۇ ئىككى خىل ۋاقىت كۈرەش مەنپەئىتىگە ئوخشاشلا پايدىسىز ئىدى. سائەت 10 دىن 30 مىنۇت ئۆتۈپ، ۋەرەقە چاپلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ياش ئۈچقۇنلار دەل شۇ چاغدا قالىكەشنىڭ ئۆيىدىن قوزغالدى. ئۇلار ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان تەقدىردە ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قىسمەن ھالدا قوراللىنىپمۇ ئېلىشتى، يانلىرىغا پىچاق ۋە قىسقا لوم تۆمۈرلەرنى سېلىۋالدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن مۇنىرىدىن خىرجا ئۆيىدىن ئالدىنراق چىقىپ، ئاسۇق مەھەللىسىنىڭ تاشقىرىقى بازارغا تۇتىشىدىغان دوقمۇشى بىلەن لەڭگەر كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا يوشۇرۇندى؛ بىلال ئەزىزى بىلەن تەۋەككۈل ئۇلۇغۇپ سېپىلنىڭ شىمال تەرەپ قارشىسىدىكى ئۆستەڭ بويىدا ھازىر بولۇپ، شۇ ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇردى؛ ئوسمان مۇھەممەت، يۈسۈپجان نىيازىلار تاشقىرىقى بازارنىڭ غەربىگە كۆز - قۇلاق بولۇش ئۈچۈن سوجۇ مەھەللىسى بىلەن قىزىلكۆۋرۈك كوچىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى ئاچالدا قالدى؛ مۇساجان كېچىلىك قاراۋۇللاردا بولۇپ قالغۇسى تاسادىپىي ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىرەك 5 - ئاتلىقلار پولكىغا كەتكەنىدى. ۋاقىت سائەت ئونبىرغا يېقىنلاشقانىدا، تاشقىرىقى بازارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان ھەربىي قاراۋۇللار بىر يەرگە يىغىلىپ، ئاماكا چېكىشكەندىن كېيىن چىرقۇر ئەسنىشىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن شەھەر ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا ئالمىشىدىغان قاراۋۇللارنىڭ كېچىك-

كەنلىكىگە ئىچى پۇشۇپ شۇنداق قىلغان بولۇشتى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ بېقىش مەقسىتى بىلەن پىرلىك شتابى تەرەپكە كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. دەل شۇ چاغدا سەل نېرىدىكى ئىككى ھويلا ئارىلىقىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان ئابدۇللا روزى، ئابدۇكېرىم ئارىپ، گۇ جەنخۇالار چاققانلىق بىلەن ئالغا ئېتىلىپ، ۋەرەقىلەرنى كۆتۈرگەن پېتى ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. گۈلباغ دەرۋازىسى ئارقىلىق شەھەر ئىچىگە ئاللىقاچان كىرىپ بولغان قادىر ئېلى بىلەن تۇردى ھەسەينوپ بۇ ۋاقىتتا تاشقىرىقى بازار دەرۋازىسى تەرەپكە يېتىلىپ كېلىپ، مەست كىشىلەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ بىر - بىرىنى يۆلەپ، سەنتۈرۈلۈپ مېڭىپ، دەرۋازا ئۈستىدىكى ھەربىي قاراۋۇلنى كەينىگە قارىتىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە بەند قىلىپ تۇردى.

ۋەرەقىلەر تېز چاپلىنىپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكىلىرى كاللىنىڭ بىر تەرىپىدىن، خەنزۇ تىلىدىكىلىرى يەنە بىر تەرىپىدىن رەتلىك ئورۇن ئېلىپ، 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىرلىكتە چاپلىغان كۆرۈنمەس قوشما ئېلانىنى كۆمۈۋەتتى. بۇ جەڭگىۋار ۋە خەۋىپلىك ۋەزىپە بىردەمنىڭ ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىپ بولدى. قادىر ئېلى، تۇردى ھەسەينوپلار تام ۋەرەقىلىرىنىڭ چاپلىنىپ بولغانلىقىنى يىراقتىن بايقاپ، خاتىرجەم بولغان ھالدا كەينىگە قايرىلىپ، بارغان يولى بىلەن شەھەر ئىچىدىن قايتىپ چىقتى. تاشقىرىقى بازار دەرۋازىسى ئۆپچۆرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بىر قىسىم ياش ئۇچقۇنلارمۇ قاراۋۇللارغا ئۇچراشماي، ئەنسىز كېچىنىڭ قاپقاراڭغۇ دالدىسىدا بۆلۈنۈپ مېڭىپ، ئۆز ئۆيلىرى تەرەپكە كېتىشتى. بۇ يەردە سەل - پەل كېچىكىشكە توغرا كېلىپ، تام ۋەرەقىسى چاپلىغان جەڭگىۋارلارلا قالغانىدى. ئۇلار



دەرۋازا ئالدىدىن قايتماقچى بولۇۋېتىپ، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى نەپەر قوراللىق ساقچىنى كۆرۈپ قالدى - دە، پەخەسلىك بىلەن دالدىلىنىپ يۈرۈپ، سالاخۇن ئۈستەڭنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ماگىلىيىغا ئۆتۈۋالدى. بۇنى پەرق ئەتمىگەن ساقچىلار گويا ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىگەندەك، بەخىرامان شەھەر ئىچىگە ئۆتۈپ، كۆزدىن غايىب بولۇۋېدى، ئۇلارمۇ خاتىرجەملىك بىلەن قىزغىلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە بېرىۋالدى.

پۈتۈن بىر كېچە تاشقىرىقى بازار ئىچىدە، جاقىپ ئاكىنىڭ كاللىسى يېنىدا قوراللىق قاراۋۇللار ئۆكسۈزمەي ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ تۇردى. لېكىن، ئاي قاراڭغۇسى، چاپلانغان ۋەرەقىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ قالدى.

ياش ئۇچقۇنلار ئەتىسى يەنە ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن بالدۇرلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار ئاتۇش يېڭىشەھەرنىڭ ھەر خىل كوچىلىرىدىن، بەزىسى قىزىل، بەزىسى يان، بەزىسى ئارقا كوچا ۋە مەھەللىلەردىن تارقاق كېلىپ، خېلى بالدۇرلا تاشقىرىقى بازار دەرۋازىسى ئالدىدا ھازىر بولدى. ئاڭغىچە بۇ يەردە دەسلەپ كېلىپ توپلانغان 50 - 60 چە كىشى ھەيرانلىق بىلەن پاش قىلغۇچى ۋەرەقىلەرگە قارىشىپ تۇرۇشقانىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە يەنە بىرمۇنچە ئادەم كېلىپ، توپقا قوشۇلدى. بازارنىڭ ئېگەرچى، گۈلباغقا ئوخشاش بىرقەدەر چەت مەھەللە - كەنتلىرىدىن بىر توپ كىشى مەڭگەن، شىۋاق، قىرغۇن - چىلگە، لېيۇ - يېسىپىلەك باستان كىچىك - كىچىك ئېشەك ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ ۋە بەزىلىرى ئېشەكلىك يېتىپ كېلىپ توختاپ قالدى. ياتالماس، مەكپاچى تەرەپلەردىنمۇ بىر قىسىم دېھقانلار كېلىپ يىغىلدى. بازار جامائىتى ئەتىگەنلىك نامىزىدىن يېنىپ، ئېتىز ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ جايلارغا بارغاندا، ئۇلارغا سۈرەتلىك جەڭگىۋار ۋەرەقىلەرنىڭ چاپلان-

غانلىقى تىزغىرىسىدا خەۋەر قىلغان بولۇشلىرى مۇمكىن ئىدى. تاشقىرىقى بازارغا ئادەتتىكى بىنەپتە كۈنىدە مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ تىرىپلىنىشى ئاقسۇ تارىخىدا كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان ۋەقە ئىدى. ياش ئۇچقۇنلار بۇنى كۆرۈپ، پاش قىلغۇچى ۋەرەقىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چاپلىغان ۋاقىتتىكىدىنمۇ چوڭقۇر خۇشاللىققا چۆمۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ۋەرەقىلەر ساۋاتسىز كىشىلەرگىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئۇلاردىكى ھەجۋىي سۈرەتلەر چوڭ تاختا قەغەزلەرگە يېزىلغان ئۆتكۈر سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى قىسمەن بولسىمۇ ئۇقتۇرۇپ بېرىۋاتقانغا ئوخشايتتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ سالاخۇن ئۇستىنىڭ ئاشخانىسى ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ خەلققە پاش قىلغۇچى ۋەرەقىنى ئوقۇپ بېرىش مەقسىتىدە سەپ يېرىپ ئادەملەر توپىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. شائىر تامىقىنى قاتتىق قىرىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ئوقۇشقا ھازىرلانغانىدى، ھەممە ئۇيۇلۇپ ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن گوجەنخۇا ئۇنى تارتىپ سەپ ئىچىگە كىرگۈزىۋالدى. ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئوقۇشى خەتەرلىك بولۇپ، مۇنداق قىلىش ۋەرەقىلەرنى شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يازغانلىقىنى پاش قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ چاغدا خەلق دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرىنى ئالدىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇپ بېرىشكە قىستاۋاتاتتى. بۇ ئوقۇغۇچى ھايالسىزلا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋەرەقىنى ئوقۇشنى باشلاپ كەتتى. پاش قىلغۇچى ۋەرەقە ئوقۇلۇۋاتقاندا، خەلق توپى ئىچىدىن ھەربىي ئەربابلار بىلەن ساقچى ئەربابلىرىنىڭ يالغانچىلىقىنى مازاق قىلىپ، پات-پات قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. «ساختىپەزلەرنى راسا بابلاپتۇ» دېيىشتى خەلق. خەلق شەھەر دەرۋازىسى ئۈستىگە بىر توپ قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ چىققانلىقىنى كۆرمەي قالغانىدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. ئۇلار ئادەملەر توپىنى ھەيۋە بىلەن تارقىتىۋەتمەكچى بولغانىدى.



دەرۋازا ئالدىدا تۇنجى ساقچى پەيدا بولۇپ، خەلقنى ئۇرۇپ-تېپىپ قوغلاشقا باشلىدى. ساقچىلار پاش قىلغۇچى ۋەرەقىلەرنى يىرتىپ تاشلىدى، ساختىپەزلىك بىلەن تولۇپ تاشقان ئېلانىنىمۇ يىغىشتۇرۇۋېلىپ، جاقىپ ئاكىسىنىڭ كاللىسىنى ئەكەتتى. ساقچى دوسالىرى سۈرەتلىك تام ۋەرەقىلەرنى يېزىپ چاپلىغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىشقا يىپ ئۇچى قىلىش خام خىيالى بىلەن ھېلىقى دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىسىنى يالاپ ئەكەتمەكچى بولغانىدى، ئۇنى توپ ئىچىدىن تاپالماي قالدى. نائۈمىد بولۇپ كاللىنى كۆتۈرگەن پېتى كېتىپ قېلىشتى.

ئاقسۇدىكى ھەربىي ۋە ساقچى ئورگانلىرىنىڭ پىلانى بويىچە بىگۇناھ قىرغىز چارۋىچىنىڭ كاللىسى يېڭىشەھەردە ئىككى كۈن ئېسىلغاندىن كېيىن، كونىشەھەردىمۇ بىرنەچچە كۈن سازايى قىلىنماقچى ئىدى. ئۇلار بۇ پىلاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

مەيلى جاۋ خەنچى بولسۇن ۋە مەيلى ۋۇ شۈبىڭ بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىدىن ئىلگىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا قاتارلىق بىر تۈركۈم جەڭگىۋار ياشلاردىن گۇمان قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇلارنىڭ تىڭشىغۇچىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئىز قوغلىشىش، پوچۇركا سۈرۈشتۈرۈش، يىپ ئۇچى تېپىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى، ئۇلار بۇ ئىشلاردىنمۇ يەنىلا بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ ئارىلىقتا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى «ئىپشكىنىڭ ماگزىسا، ئۇر ترقۇنى» قىلىپ، ھېكىم فۇرنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن قىستاپ سوراپ، ۋە مۇنچىۋالا ئېغىر ۋەقەنى ئالدىنئالا بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى بىرقانچە قېتىم تىللىدى، سۆكتى، ھەتتا ئۇنىڭغا قاماپ تاشلايمىز دەپ پوپوزا قىلدى.

گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرى بۇ قېتىمقى

ۋەرەقىلەرنىڭ يېزىپ چاپلىنىشىنى دەسلەپتە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ يېقىن سىرداشلىرىدىن گۇمان قىلغانىدى. ئەمما ئۇلار قىرغىز چارۋىچىنىڭ ئاغزىدىن بىرقانچە ئۆتەڭ يىراقلىقتىكى بوزدۆڭدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ نەق قىرغىز ئىكەنلىكى ۋە جاقىپ ئاكىنىڭ ئات بۇلاڭچىلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەندە، جاۋ خەنچىنىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى بىلەن ئېتىپ تاشلانغانلىقىغا ئوخشاش بىر قاتار نازۇك جەريانلارنى لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇپ شۇنچىۋالا تېز بىلىپ چىقىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ئۆز گۇمانلىرىدىن ئاستا - ئاستا يېنىپ قالدى. شۇندىن كېيىن، ئۇلار ۋەرەقىگە يېزىلغان «سەزگۈر يولۇچى»نىڭ نەق ئۆزىنى تېپىش كويىغا كىرىپ، يېڭىشەھەر، كونىشەھەرلەردىكى سارايلارنى ئالاقىزىماي ئارىلىدى، بوزدۆڭدىن كېلىپ - كېتىپ تۇرغان كىشىلەرنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا تەپسىلىي تىنتىپ چىقتى.

ئايتىللا ئاتا - ئانىسىغا ئۆزىنى ئاقسۇدىن بايغا قايتۇرۇپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ خەت يازغاندىن بېرى ئاغرىغان بولۇپ يېتىۋېلىپ، تالا - تۈزگە چىقمىدى. ئاندىن يەنە يىراق بىر يېزىدىكى شىرەم تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىپ، شۇ يەردە 20 كۈندەك تۇرۇۋالدى. ئايتىللانى بۇ جەرياندا ھەممىدىن كۆپرەك ئازابلىغان نەرسە ئۈمىد يىپى ئۈزۈلۈپ بولغان، ئەمما ياش يۈرىكىدە ھېلىغىچە كۈچلۈك لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئىشق - مۇھەببەت ئوتى بولدى. ئۇ شائىرنى ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ جەزبىدار يېقىملىق سىماسىنى ھەر بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ئۆزىنىڭ بۇ جاھاندا ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن ھەر بىر كۈنىنىڭ تولىمۇ قىممەتسىز ۋە تولىمۇ لەززەتسىز بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، نۇرغۇن كېچىلەرنى مۆل - مۆل كۆز يېشى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئايتىللانىڭ تۇغقىنىنىڭكىدىن



شەھەرگە قايتقۇسى ۋە شائىرنىڭ مۇھەببەتلىك قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىغۇسى كېلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ۋە ئۆزى بىلگەن بىر قىسىم ياش ئۇچقۇنلار ئۈستىدىن ساقچى ئورگىنىغا ۋىجدانسىزلىق بىلەن خۇپىيانە مەلۇمات يەتكۈزگەنلىكىنى ئەسلەپ، شائىرنىڭ ياتىقىغا بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىنىڭمۇ بىر ئازاب بولىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەستەكلىگۈسى كېلەتتى.

بۇ قېتىم ۋەرەقىلەر چاپلانغاندا، ۋۇ شۇيېڭ ئۇنى تاپتۇرۇپ كەلدى. ساقچى ھوقۇقدارى قىزنىڭ تىسىڭ تىڭشىلاش ئىشىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تاشلاپ، ئۇزاق ۋاقىت يوقاپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق كايىدى، قاماپ تاشلايمەن، جازالايمەن دەپ پوپوزا قىلدى. مۇتەللىپنىڭ ياتىقىغا كىرىپ تۇر دەپ، شۇ يەردىلا قولىغا بىر تاتارا پۇل تۇتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈلۈشكۈن ئايتىللاغا ئاكىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئارقىلىق خەت ئەۋەتكەنىدى. باي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقى خەتتە ئۆز سىڭلىسىغا لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر ئۈستىدىن ۋۇ شۇيېڭ، لى بالارغا داۋاملىق مەخپىي مەلۇمات يەتكۈزۈپ تۇرۇشنى جېكىپ، بۇ ئىشتىن شەخسىي خاھىشى بويىچە باش تارتىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئاقسۇغا بېرىپ، بىر تۇغقان قان - قېرىندىشىم دەپ تۇرماي، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

بىر تەرەپتىن ۋۇ شۇيېڭ، لى بالارنىڭ دوق - پوپوزىسى، يەنە بىر تەرەپتىن شەپقەتسىز ئاكىسىنىڭ بېسىمى بىلەن ئايتىللا يەنە ھۇقۇقشا ئايلاندى. لېكىن ئايتىللانىڭ ياش شائىرغا يېشىلمەس بولۇپ چىگىلگەن مۇھەببەت رىشتىسى ئۇنىڭ لۇتپۇللالارنى بىر يولى نابۇت قىلىپ تاشلايدىغان مەلۇماتلارنى

قارىقويۇق يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا ئىمكان بېرەلمەيتتى. ئۇ شائىرغا ئاتايىن سۈركىلىپ، ئۇنىڭ ياتىقىغا ھەر بىر قېتىم پۇت قويۇپ كىرگەن چاغدا، سەپداشلارنىڭ بۇ يەردە قىلىشقان گەپ - سۆزلىرىدىن تارتىپ، ئىش - ھەرىكەتلىرىگىچە بارلىق ئىشلىرىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشقان بولدى. ئەمما ساقچى ئورگىنىغا ھەممىسىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن يەتكۈزمەي، پەقەت ئايرىم بىر قىسمىنىلا مەلۇم قىلىپ تۇرۇش بىلەن كۇپايىلەندى. بۇ ۋاقىتتا، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرمۇ بۇرۇنقىدىن سەگەكلىشىپ، نۇرغۇن ئىشلاردا قىزدىن خېلى ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

## باغدا پائالىيەت

بۈگۈن لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىنتايىن خۇشال ئىدى. شۇ سەۋەبتىن قورساق ئېچىشىنى ھېس قىلماي، چۈشلۈك تاماقنى يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. شائىر كۈننىڭ يېرىمى ئۆتۈپ، يېشىن ۋاقتى يېقىنلىشىشى بىلەن نۆۋەتتىكى يېڭى پائالىيەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىغا كۆچۈپ، ياتىقىدىن چىقتى. شۇ كۈنى ئاقسۇ ئاسمىنى ئادەتتىكىدىن سۈزۈك بولۇپ، تىك چۈشۈۋاتقان ئاپتاپ ھەممە يەرنى تەكشى قىزدۇرۇپ تۇراتتى. لۇتپۇللا باشلەڭگەر كۆۋرۈكى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، ياش ئۇچقۇنلارنىڭ بۈگۈندىن تارتىپ باشلىنىشى پىلانلانغان ھەربىي مەشىقى ئۈستىدە باغۋەن بىلەن ئالدىن مەسلىھەتلىشىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىغا كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەرلەردىكى ياش ئۇچقۇنلارغا مۇشۇ ئىش بويىچە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن باغقا



توپلىنىش ھەققىدە بىر ئۇقتۇرۇش قىلىنغانىدى. شائىر كېتىۋېتىپ، لەڭگەر كۆۋرۈكىدىن باغ تەرەپكە قايرىلاي دەپ تۇرغاندا، تاجاخۇن ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار مېھرىبان ئاتا - بالىلاردەك سالاملاشقاندىن كېيىن، شائىر سۆز باشلىغىچە باغۋەن ھاياجان بىلەن سۆز باشلاپ:

— ۋەرەقىلەردىكى سۆزلەرنى ئۆز قولىڭىز بىلەن يازغاندەك قىلىسىز، — دېدى، — گەپلىرى ئۆتكۈر، پاكىتلىرى تولۇق كۈرەش قىلىدىكەنسىزلەر، بۇ كۈرەشنى ئەنە شۇنداق دەلمۇ دەل باتۇرلۇق بىلەن قىلىشىڭىزلار كېرەك. ھەر بىر سۆز دۈشمەن يۈرىكىگە ئوق بولۇپ قادىلىپ كىرسۇن. بۇ ۋەرەقىلەردە زالىملارنىڭ يېغىرى راسا جايىدىن ئېچىپ تاشلىنىپتۇ... گېپىم توغرىمۇ، بالام؟

شائىرنىڭ باغۋەندىن ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشلارنى يوشۇرۇپ تۇرۇشى ھاجەتسىز ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ كەمتەرلىك بىلەن:

— ۋەرەقىلەردىكى سۆزلەرنى بىر مەنلا ئەمەس، ھەممىمىز ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ يازدۇق، — دەپ قويدى.

— ئۇنى شۇنچىۋالا كۆپ كىشى كۆردى، — دېدى تاجاخۇن ئاكا خۇشاللىقىنى باسالماي، — ئالاھازەل، بەزىمچە، بۇ ۋەرەقىلەردىكى گەپ - سۆزلەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەرنىڭ بارلىق بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قالماي تارقىلىپ بولدى. خۇدا بۇيرۇسا، بۇنىڭ داۋرىڭى تېخى مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە نۇرغۇن جايلارغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇلارغا جاۋ تۇەنجاڭ بىلەن ۋۇ جۇڭجاڭلارنىڭ بەت پېشىل سىرەتلىرى سىزىلغىنى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.

— مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئىككى ئىش بىلەن كېتىۋاتاتتىم، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ سۆزىنى ئەينى مۇددىئاغا يۆتكەپ، — بۇنىڭ بىرى، بۈگۈن بېغىڭىزدا دۈشمەن بىلەن دەلمۇ دەل ئېلىشىشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ مەجلىس

ئاچماقچىمىز: ئىككىنچىسى، سىزنىڭ خەۋىرىڭىز بار، ئۆتكەنكى مەسلىھەتىڭىزگە ئاساسەن، بۈگۈنكى مەجلىسكە ئۇلاپ، قورال-ياراغ ئىشلىتىش مەشىقىنى باشلىۋەتمەكچىمىز!

— بولىدۇ، شۇنداق قىلىڭلار، بۇ ياخشى گەپ. مەن ھازىرلا كەينىمگە يېنىپ، باغدا كۈتۈپ تۇراي!

— ئۆزىڭىز بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىز. بازارغا ئىش بىلەن كېتىۋاتقان بولغىدىڭىز، پۈتكۈزۈپ قايتىپ بارسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، كېچىكىپ قالمايسىز.

— بولدى ئەمدى، مېنىڭ بازاردا نېمە ئىشىم بولغاي؟ سىزلەر چاپلىغان ۋەرەقىنىڭ خۇشلۇقى تېخىچە كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلمەي، شۇ خۇشلۇق ئىچىدە يېنىكلىشىپ، ئاتچىكىم تاشقىرىقى بازار تەرەپكە كېتىۋاتاتتىم. باغدا يەنە قىلىدىغان ئىشىمۇ بار. مەشىق مەيدانىنى تازىلاپ قويىمەن، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىمەن.

— بولىدۇ ئەمىسە، شۇنداق قىلىڭ! لېكىن مەيدانىنى ئادالايمەن دەپ يەنە ئاۋارە بولۇۋەرمەڭ! ئۇ ئىشلارنى بىز ئۆزىمىز قىلىمىز. مۇنداق ئىشلارنى سىز قىلىۋەرسىڭىز، بىز خىجالەت بولۇپ قالىمىز.

تاجاخۇن ئاكا كەينىگە قايرىلىپ، ئېتىكلىك بىلەن باغقا قاراپ كەتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ كەينىگە قايتىپ بىرتەچچە قەدەم ماڭا-ماڭمايلا تېختاپ، بوۋاينى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ تۇرۇپ:

— مەشىقتە سىز ئىلگىرى ئېيتقىنىمىزدەك يەنىلا يار-دەملىشىسىز، بۇ ئىشتا مۇساجاننىڭ ياردەمچىسى بولىسىز جۇمۇ!— دېدى.

— بولىدۇ، ئۇنىڭغا مەن تەييار. ئۆزىڭىز ھازىر باغقا بارامسىز؟



— ھازىرلا بارمايمەن، بىرئاز ھايال بولۇپ، چۈشتىن كېيىن بىراقلا سەپداشلار بىلەن بىللە بارىمەن.

— ماقۇل ئەمىسە، — تاجاخۇن ئاكا ماڭماقچى بولۇۋېتىپ، بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئاستا لېكىن كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن، — ھېلىقى ھېكىم نۇر دېگەن نېمە بۇ قېتىممۇ سىزلەرگە ئەگىشىپ كېلىۋالماس؟ ئەگەر كېلىدىغان بولسا، باغدىن قوغلاپ چىقارسام، كۆڭلىڭىزلەرگە ئالمىڭىزلار! بۇ قېتىم كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جاڭجاللىشىپ، ياقىلىشىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى.

— بۇ قېتىم ئۇ بېغىڭىزغا بارمايدۇ، — ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بەردى شائىر، — مۇندىن كېيىن ھەرگىز بارالمايدۇ. ئارىمىزدىن چىقىرىۋەتتۇق. بۈگۈنكى ئىشىمىزدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق. بىز يەنە ئۇنىڭ ياش ئۇچقۇنلارنىڭ باغقا بېرىشىدىن خەۋەر تاپالماسلىقىنىڭ باشقا بىر ئىلاجىسىنىمۇ قىلىپ قويدۇق، ئاتا، ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ!

بوۋاي كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ باغقا يىغىلىش ۋاقتى بولاي دەپ قالغانىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ شۇ يەردە قېلىپ، پۇت-قوللىرىنى ئېقىن سۇدا يۇغاچ، ئۆستەڭ لېۋىدىكى يوغان سۆگەت دەرىخىنىڭ سايىسىدە ياش ئۇچقۇنلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. بۇ جاي دالدا بولۇپ، سۆگەت چىرىك يولدىن قاتناۋاتقان كىشىلەردىن شائىرنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. ئەتراپ كۈچلۈك ئاپتاپنىڭ دەستىدىن ئادەمسىز قېلىپ جىمجىتلىققا چۆككەن، پەقەت سۆگەت شاخلىرىدا تىنىمسىز ئورۇن ئالماشتۇرۇپ بىغەم ھالدا بەس-بەس بىلەن سايرىشىپ تۇرغان قۇشقاچلارنىڭ سايراشلىرىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى.

بىلال ئەزىزى لەڭگەر كۆۋرۈكى يېنىدا مەپىدىن چۈشۈپ، توپتوغرا باغ تەرەپكە كېلىۋېتىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كۆرۈپ

قالدى - دە، قايرىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن شائىرغا كونىشەھەردىن سەپداشلارنىڭ بۇ يەرگە مەپە - مەپىلەردە بۆلۈنۈپ، ئانچە ھايال بولماي بىردەمنىڭ ئىچىدە تۇتاش كېلىپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇنىرىدىن خوجا ئاۋۇق مەھەللىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئېتىزلىق ئىچىگە ئۆتۈپ، باغقا كەلگەنىدى. تاجاخۇن ئاكىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۆستەڭ بويىدا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ بۇ يەرگە كەلدى. ئاندىن بۇ ئۈچ سەپداش ئېتىز ئېرىقى ئىچىگە ئۆتۈپ، ئۆسكىلەڭ قوناق شاخلىرىنىڭ دالدىسىدا يانمۇ يان مېڭىپ، باغدا ھەممىدىن ئاۋۋال ھازىر بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك، باغۋەن سەشقەتە ئاچىسقىشتا قوراللارنى ئۆڭكۈر ئاغزىغا كەلتۈرۈپ، بورا ئۈستىگە يېيىپ قويغانىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەر ئۇلارنى ھاياجانلىق نەزەرى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردى. مۇندىن بىر ئاي ئىلگىرىكى تەسىس مەجلىسىدىن بۇيان، باغۋەننىڭ قورال - ياراغ ئامبىرى يېڭى قوراللار بىلەن بىرقەدەر بېيىپ قالغانىدى. سابىق جەڭچى يېڭى قوراللارنى ئۆزىگە يېقىن تونۇش ئىسرالىرى ۋە ئىشەنچلىك دوست - يارەنلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ ئەكىلىپ قويغانىدى. بۇۋاي ئۇلارنى يېڭىلا سۈرتۈپ تازىلاپ قويغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئۆڭكۈر ئاغزىغا چۈشۈپ تۇرغان سېرىق ياز ئاپتىپىنىڭ نۇرىدا ئۇلار پاللىداپ، كۆزنى چاقنىتاتتى.

سابىق جەڭچى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاقسۇدا قالغان ئىككى سابىق جەڭچىسى — خوجا ئابدۇل ئاكا بىلەن ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئۆيلىرىدىن ئىككى دانە توققۇزئاتار مىلتىق، 100 دانىگە يېقىن ئوق، بىر دانە قىلىچ، ئۈچ دانە قول بومبىسى ئەكىلىپ قويغانىدى. بىلال ئەزىزى قورال تۇتۇش ۋە ئىشلىتىش يوللىرىنى بىلەتتى. ئۇ، مىلتىقلارنى ئاددىيغىنا چۇۋۇپ -



قىراشتۇرۇپ، تەپكىلىرىنى بېسىپ كۆرۈپ، تېخنىكا ياقتىن تەكشۈرۈپ باقتى. ئۇلار ئومۇمەن ساق بولۇپ، ئىشلەتكىلى بولاتتى. تاجاخۇن ئاكا سەپداشلارغا كونا يۇرتداش، دوست - يارەنلىرى — گايىت ۋە روزىلارنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ يوشۇرۇن قويۇلغان بىر قىسىم قوراللارنىڭ بارلىقىنى، ئەمما بۇ كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، باللىرىنىڭ قورقۇپ، ھازىرچە ئۇ قوراللارنى بەرمەيۋاتقانلىقىنى ئاتايىن ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى.

— ئۇلارمۇ بېرىدۇ، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىشەنچ بىلەن باغۋەنگە. — يوشۇرۇن كۆرەش ئۇچقۇنى ئۇزاققا بارماي ئوت ئېلىپ ئاشكارا لاۋۇلدىسا ۋە ياتقىن بولۇپ ھەممە يەرنى قاپلىسا. ئاخىر ئۇلاردا ئىنقىلابىي تۇيغۇ كۈچىيىپ، ئوق، بومبا، قىلىچ، مىلتىقلىرىنى ئۆز - ئۆزىدىن ئەكىلىپ بېرىدىغان، ھەتتا ئۆز قوراللىرىنى ئۆزلىرى تۇتۇپ بىز بىلەن بىر سەپتە، ئۈچ ۋىلايەتتىن كېلىدىغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ گومىنداڭغا قارشى كۆرەش قىلىدىغان بولىدۇ، ئۇ چاغدا قورقىدىغانلار قورقمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ...

باغقا مۇساجان كىرىپ كەلدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىپ، يېڭىشەھەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چوڭ تۈركۈمى ھەش - پەش دېگۈچە بىر - بىرلەپ كېلىپ بولدى. كونىشەھەرلىك سەپداشلارمۇ ئانچە كېچىكىپ قالمىدى. كونىشەھەردىن تەۋەككۈل ئۇلۇغبەگ، ئابدۇكېرىم ئارىپوپ، ئىبراھىم ئىدرىسوپ، ئەخمەت ھەسەنوپلار كېلىپ بولدى. ئىشىك تاقاپ قويۇلدى. ئېھتىيات يۈزىسىدىن، ئادەتتىكىدەك يار ئۈستىگە كۆزەتچى قويۇلدى.

ياش ئوقۇتقۇچىلار تەسىس مەجلىسى ۋاقتىدىكىدەك بۇ قېتىممۇ ئۈجمە تېگىگە توپلاندى.

مۇنىرىدىن خوجا مەجلىسنى ئېچىپ، قىسقاسۆز بىلەن يېقىندا غەلىبىنىڭ تەبرىكلىنىدىغانلىقىنى، ئاندىن يەنە بىرگۈنكى

مەجلىسنىڭ ھەربىي مەشىقنى باشلىۋېتىشكە مۇقەددىمە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى.

غەلىبىنى تەبرىكلەش ۋە غەنىمگە بېرىلىدىغان ۋاقىت قىسقا ئىدى. ئۇتتۇق توختاپ مەجلىس ئاخىرلاشتى. مىلتىق، تاپانچا، ئوق، قىلىچ ۋە قىزىل بىرەمبىلىرى ئۆڭكۈردىن ئاچىقىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ياش ئۇچقۇنلار ئۇلارنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ ۋە ھەۋەس - ئىشتىياق بىلەن قوللىرىغا ئېلىپ كۆرۈشتى. ياش ئۇچقۇنلار ئۇچۇن ھەربىي قورال بۇ كەمگىچە ئۇلار تۇتۇپ كۆرمىگەن سىرلىق، يېڭى نەرسە ئىدى.

مۇساجان مەشىقنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ كونىشەھەرلىك سەپداشلارنى ئايرىم، يېڭىشەھەرلىك سەپداشلارنى ئايرىم تىزىپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلدى ۋە بۇلارغا گۇرۇپپا باشلىقلىرى تەيىنلىدى. لېكىن ئۇ مەشىق پائالىيەتلىرىدىن ھەربىي تۈزۈم ئۇقۇمى چىقىپ تۇرسۇن ئۇچۇن، گۇرۇپپىلارنى شۇ مەھەل ئوتتەدىلېنىيە نامى بىلەن ئاتاپ، مۇندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ شۇ نام بىلەن يۈرگۈزۈلۈشى زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى. مەشىق باشلاندى. بىرىنچى باسقۇچتا ياش ئۇچقۇنلارغا مىلتىق ئىشلىتىش يوللىرى ئۆگىتىلدى. كونىشەھەر ئوتتەدىلېنىيىسى بىلەن يېڭىشەھەر ئوتتەدىلېنىيىسىگە بىردىن ئىككى تال تىققۇزئاتار مىلتىق بۆلۈپ بېرىلدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن گې جەنخۇا يىرتقان ئىككى پارچە ئاق قەغەزگە قارا چەمبىرەك سىزىپ، ئۇلارنى يار قاشىقىنىڭ ئىككى يېرىگە قاداپ قويدى. بۇ قارا ئىدى. پۈتۈن مەشىق داۋامىدا، تاجاخۇن ئاكا مۇساجانغا ياردەمچى بولۇپ تۇردى. مەشىق قىزغىن ئىشتىياق بىلەن داۋام قىلدى. ئارىدىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ، ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ھەممىسى مىلتىق بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇپ، ئوق سېلىش، نىشانغا ئېلىش ۋە



تەپكە بېسىشقىچە بولغان ئىشلارنى ئۆگىنىۋالدى. شۇندىن كېيىن مەشىق ئىككىنچى باسقۇچقا ئۆتتى، ھەربىي مال دوختۇرى ياش ئۇچقۇنلارغا مىلتىقنى چۇۋۇش، تازىلاش، قۇراشتۇرۇش يوللىرىنى بىر قۇر ئۆگىتىپ قويماقچى بولۇپ تۇراتتى. كۈتۈلمىگەندە، ئىشىك قېقىلىپ نابۇرچىك سەپداش قۇددۇسنىڭ باغ سىرتىدىن ئېھتىيات بىلەن تۈۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەشىق توختىتىلدى. قوراللار قولمۇ قول ئۆڭكۈرگە ئەكىرىلىپ، ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. قۇددۇس ئىسقىتا بۇ يەرگە ئېتىزمۇ ئېتىز يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكتىن تەرلەپ كەتكەنىدى، ئاۋازى غەلىتە بولۇپ، ئېغىر ھاسىراشلىرىدىن ئۇنىڭ ھودۇقۇپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن قۇددۇسنى ئېگىرقاش بىلەن ئوتتۇرىغا ئېلىشتى ۋە نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سوراشتى.

— قادىر ئېلىنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ خەۋەر يەتكۈزۈپ، — مەن شۇ ۋاقىتتا باغقا بىللە كېلىش ئۈچۈن گېزىتخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى شىرەمدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتىم. قادىر ئېلى خىزمىتىنى يىغىلا تۈگىتىپ ئايرىم سېخىدىن چىقىشىغا مۆكۈنىۋالغان ئىككى ساقچى كېلىپ باغلاپ، ھەيدەپ ئەكەتتى. قادىر ئېلى قاتتىق ئېلىشتى، تۇتۇق بەرمەسلىككە تىرىشىپ ساقچىلارنى تەپتى، ئاخىرى يالغۇزلۇق قىلىپ قالدى...

ياش ئۇچقۇنلار بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەنسىزلەندى.

— ھازىر جىم قاراپ تۇرۇش ۋاقتى ئەمەس! — دېدى ئوسمان مۇھەممەت تۈۋلاپ، — ئىز قوغلىشىپ باغقا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ساقچىلار بىلەن ئېلىشىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىمىز كېرەك.

— توغرا، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ كەسكىنلىك بىلەن، — بىزگە ھازىر ھەر بىر مىنۇتمۇ غەنىيمەت. مەشق توختىمايدۇ. بىز ئۇنى پىلانىمىز ئورۇندالغىچە داۋام قىلدۇرىمىز. قادىر ئىبلىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ھەقىقەتەن يامان ئەھۋال. لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن يېڭىشىپ قالماي، ئۆز ئورنىمىزدا تېخىمۇ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېرىمىز.

— قادىر ئىبلى ساتقىنلىق قىلىدىغان ياشلاردىن ئەمەس، بۇ جەھەتتىن بىزگە غەم-ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز! — دېدى مۇنىردىن خوجا.

— قادىر ئىبلىنىڭ قولغا ئېلىنىپ قالغانلىقىدىن ھەرگىز ئەنسىرىمەيلى، — دېدى شائىر مۇنىردىن خوجىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىگەچ، — ئۇ قىيىن-قىستاقلارغا باش ئېگىپ، بىزنى، قورال-ياراغلىرىمىزنى پاش قىلىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس. قادىر ئىبلى بىلەن مەن ئاقسۇدا ئىككى يىلدىن بېرى خىزمەتداش بولۇپ بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. ئۇ ۋىجدانلىق يىگىت!

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سۆزلىرى ۋاقتىدا ياغقان يامغۇردەك ياش ئۈچقۇنلارنىڭ ۋۇجۇدىغا تامچىلىدى. ئۇلاردىكى غەم-ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭۈلدىكى بولغان ئىشەنچ كۈچەيدى، ھەممەيلەندە غەيرەت ۋە باتۇرلۇق ئۇرغۇدى.

— قولىمىزغا قورال ئېلىپ، ئەزىمەتلەرچە مەشق قىلىۋاتقانىكەنمىز، — دېدى بىلال ئەزىزى قىلىنغان سۆزلەرگە خۇلاسە ياساپ، — ئەمدى ئۇنى مۇشۇنداق ئېغىر مىنۇتتا تاشلاپ قويمايمىز. بىزنى ئۇتماقچى بولغان مەلئۇنلار قېنى ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ باقسۇن، باغنى جەڭ مەيدانى قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىمىز، قانلىق ئۇرۇش قىلىمىز!

ئوسمان مۇھەممەت باغنىڭ زەنجىرلىۋېتىلگەن ئىشىكىنى تېخىمۇ مەھكەم تاقاپ قويۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى يەنە ئۇستىلەپ غورۇلىدى. ئاندىن سىرتنى يار



ئۈستىدىن كۆزىتىش ئۈچۈن، باغ ئىچىدىن يار ئۈستىگە توشقاندەك چەبدەسلىك بىلەن يامىشىپ چىقىپ كەتتى.

ھەربىي مەشق قايتىدىن باشلاندى.

قادىر ئىبلىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ھەقىقەتەن يۈزە قاراشقا بولمايدىغان ئېغىر خەتەرلىك سىگنالى ئىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا، بىلال ئەزىزلەر مەشق داۋام قىلىۋاتقان چاغدا، ئۈزۈم تېكى يېنىدا ئولتۇرۇپ، بۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇردى. بۇ ۋەقە ئېغىرراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ تامامەن تارمار قىلىنىش گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقىنىڭ شەپىسى ئىدى. ئۈچ سەپداش ئاۋۋال مەسىلىنى شۇ تەرەپتىن ئويلىدى. كېيىن ئۇلار بۇ مەسىلىنىڭ ئېھتىماللىقتىكى ئىككىنچى بىر تەرىپىگە كۆچۈپ، «غەزەپ خىتابى» ۋەرەقىسى شەھەر دەرۋازىلىرىغا چاپلانغاندا، ساقچى ئورگىنىنىڭ ئۇنى يازغان كىشىلەرنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تاپالمىغانلىقىنى، يېقىندا يەنە ئۇلارنىڭ تەرەپتىن ھۇجۇمكار ۋەرەقە — جاقىپ ئاكا كاللىسىنىڭ سازايى قىلىنىشىغا قارشى پاش قىلغۇچى سۈرەتلىك ۋەرەقىلەر چاپلانغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىسيانكارلارنى تېپىشتىمۇ ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئويلاپ ئاخىر بۇ «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر» دېگەندەك، ساقچى ئورگىنى تەرىپىدىن ئانچىكىم قىلىپ بېقىلغان ئۆتكۈنچى ھەيۋە قىلىش چارىسى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن يەرگە كېلىشتى. مۇشۇ چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋال مۇنداق بولاتتى: قادىر ئىبلى ئانچە ئۇزاققا بارماي قاماقخانىدىن يېنىپ چىقاتتى ۋە ئاۋۋالقىدەك يوشۇرۇن كۈرەشنىڭ ئاكتىپ جەڭچىسى بولۇپ قېلىۋېرەتتى. ئۇ ئۆز سەپداشلىرى ياش ئۈچقۇنلارغا ھەرگىز ساتقىنلىق قىلمايتتى. لېكىن قادىر ئىبلىغا بىۋاستە چېتىشلىق يەنە بىر ئىشمۇ بار ئىدى. ئۇ ئابدۇللا

داۋۇتوپىنى ئاقسۇدا ئېچىلماقچى بولغان تەسىس مەجلىسگە تەكلىپ قىلىپ بايغا بارغان ۋە ئۇ يەردىن يوشۇرۇن قورالمۇ ئەكەلگەن. گومىنداڭچىلارنىڭ چوڭ ئەندىشىسى مۇشۇ قورال مەسىلىسىگە يىغىنچاقلانغانىدى. ئۇلار قىزغىلاڭغا ھامىلدارلىقى ئاشكارىلىنىپ بولغان ئاقسۇدا خەلقنىڭ شۇ كۈنلەردە قورال-ياراغقا ئىگە بولۇپ قېلىشىدىن ئىنتايىن قورقاتتى. تېخى گومىنداڭ ساقچى ئورگىنىنىڭ قادىر ئېلىنى مۇشۇ مەسىلە بويىچە قولغا ئالغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ چوڭقۇر ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ:

— بۇنىڭمۇ خەتىرى چاغلىق، — دېدى، — بۇ مەسىلىدە بىز ھەممىدىن ئىلگىرى قەيسەر سەپدىشىمىزنىڭ ئۆزىنى ئاياپ، باشقىلارنى پاش قىلىپ بەرمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپى. يەنە بىر پايدىلىق تەرەپ شۇكى، ئابدۇللا داۋۇتوپىنىڭ قادىر ئېلى ئارقىلىق بايدىن ئاقسۇغا قورال ئەۋەتكەنلىكىنى ھېچكىم تۇر بىلمەيتتى. ئىشپىيونىنىڭ بۇ جەھەتتىن بىزنى ساقچى ئورگىنىغا پاش قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بەلگىلىمىدىكى ۋاقىت توشۇپ، ھەربىي مەشق توختىدى. ياش ئوقۇغۇچىلار قورال-ياراغلارنى ئۆڭكۈرگە تېشۇپ بېرىپ، ئۆتەڭ ئاغزىنى شاخ-شۇمبىلار بىلەن ئەتتى. ئاندىن باغدىن ئۆتۈۋاتقان سالقىن سۇدا باش-كۆزلىرىنى يۇيۇپ سەگىدەپ ئولتۇردى. قۇياش ئولتۇرغانىدى. ئۇلار، كەچ كىرىپ، سالقىن چۈشۈش ۋاقتىنى كۈتۈپ، ئۆزئارا پاراڭغا چۈشتى.

باغۋەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەرنىڭ خېلىدىن بېرى تەڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يوغان بىر تەڭنىگە كىشمىش ئۈزۈم ئۈزۈپ، ئۇلار-



نىڭ ئالدىغا قويدى. بارلىق سەپداشلار بوۋاينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرنىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ، بۇ ياز نېمىتىگە ئىشتىھا بىلەن ئېغىز تەگدى. بوۋاي يەنە بىر تەڭنە ئۈزۈم ئۈزۈپ كېلىۋېتىپ، ئۆزرىخاھلىق بىلەن:

— ئۈزۈم خىللىرى ئىچىدە بالدۇر پىشىدىغىنى كىشمىش، — دېدى ئۇ، — لېكىن ھازىر بۇنىڭمۇ پىشىش ۋاقتى ئەمەس. بۇلار پارقىراپ چېكىلگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن تېخى سەل چىزۇك. شۇنداقتىمۇ ئاچچىق كۆرمەي، يازنىڭ يېڭىلىقى ئورنىدا كۆپىرەك ئېغىز تېگىڭلار. خۇدا بۇيرۇسا، مەشىقىمىز ئاخىرلاشقىچە، مەي باغلاپ ئوبدان تەم كىرىپ قالىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز ئاتا، — دېدى شائىر، — كىشمىش سىز ئېيتقاندەك، باشقا ئۈزۈم خىللىرىغا قارىغاندا ئاۋۋال پىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا ھېلىلا ئوبدان تەم كىرىپ قاپتۇ. بۇنى بىز ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمىزدا پات-پات يەپ تۇراتتۇق. تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرى كىشمىش ئۈزۈمنىڭ كانى، سىز بۇنىڭ تېكىنى تۇرپاندىن كەلتۈرگەنمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق! تۇرپاندىن ئورۇقىنى ئالدۇرۇپ، بىر-قانچە يىلدىن بېرى ئۆستۈرۈپ مېۋىگە كىرگۈزدۈم. كىشمىش ئاقسۇنىڭ ھاۋاسىغا ئۆزلىشىپ قالدى. ئۇنى يەنە كېڭەيتەي دەۋاتىمەن.

— شۇنداق قىلىڭ ئاتا، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا گەپكە ئارىلىشىپ.

ئۈزۈم يېيىلىپ بولدى. بوۋاي قوغۇن ئۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن چۆنەك تەرەپكە ماڭغانىدى. ياش ئوقۇغۇچىلار كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى. ھەربىي مەشق بىر ھەپتىلىك پروگراممىغا ئاساسەن، ئۇدا يەتتە كۈن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بارلىق ياش ئوقۇغۇچىلار ئەتە

چۈشتىن ئاۋۋال كۆچ ئۇلاپ ئىشلەپ، مەكتەپ ياكى ئىدارىلەر-دىكى پۈتۈن بىر كۈنلۈك ئىشنى تاماملىۋېلىپلا، چۈش قايرىلىش-قا ئۈلگۈرۈپ يەنە باغقا كەلمەكچى بولدى.

## «قوزغال، ئېزىلىشنى خالىمىغان ئىنسان!»

ۋاقىت ئۆتۈپ، كۈرەش جىددىيلەشكەنچە، ياش ئۇچقۇنلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان نۇقتىلار كۈنسېرى تارايماقتا ئىدى. ھېكىم ئۇ بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. ئۇ بىلگەنلا نۇقتىلارغا ساقچى ئورگىنىدىكى ئەمەلدارلار پايلاقچىلار-نى كۆپەيتىۋاتاتتى. ياش ئۇچقۇنلار ئىزچىل بۇ ئورۇنلار كۈتۈلمىگەن خەتەرلەرنى تۇغدۇرۇپ بېرىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ھېكىم ئورنى ئىنقىلاب سېپىدىن چىقىرىلدى، دېگەن تەقدىردىمۇ بۇ يەنىلا ئىززۇل-كېيىنكى بولىدىغان تەخمىنىي مۆلچەردىن ئىبارەت ئىدى. ھەتتا ئىشپيونىنى ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ يەكدىللىك بىلەن قوبۇل قىلىنغان قارارى بويىچە ئاشكارىدىن ئاشكارا سەپداشلىقتىن قالدۇرۇۋەتكەن ھالەتتىمۇ، بۇنىڭ قارارىدىكىدەك ئېنىق بىر تەرەپ بولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى، دۈشمەن ھۆكۈمرانلىقى ئاۋۋالقىدەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىكرەك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاقسۇدا، ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىززۇل-كېيىل ئىشقا ئاشۇرۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار كەينىگە كىرىۋالغان بۇ مۇدھىش ئىشپيوننى ئېتىپ تاشلاش ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ھازىرغا يوشۇرۇۋېتىشتەك ئەڭ ئاخىرقى كەسكىن چارە بىلەن بىر تەرەپ



قىلىۋېتىشنىمۇ ئويلاپ باقتى. بىراق، بۇ دۆڭگە مۆككەندەك ئىش بولۇپ، ياش ئۇچقۇنلارنى قاتتىق گۇمان ئاستىدا قوياتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئايىتلامۇ بار ئىدى. ياش ئۇچقۇنلار بۇ نازىنىن، قۇۋ قىزدىنمۇ ئادا-جۇدا بولۇپ كېتەلمىدى. ئۇ قايتىدىن پەيدا بولۇپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىغا بۇرۇنقى-دەك ئەركىن كىرىپ يۈرەتتى. قادىر ئېلى، تۇردى ھەسەنوپلار-نىڭ ياتىقىدا پائالىيەت ئۆتكۈزۈش سەپداشلارغا تېخىمۇ مۇمكىن بولمايتتى. بۇ مۇھىم پائالىيەت نۇقتىسى ساقچىلار قورال ئىزدەپ كىرگەن ۋە قادىر ئېلىنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن پايلاقچى-مارىقچىلارنىڭ تېخىمۇ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ياش ئۇچقۇنلار كېيىنكى كۈنلەردە كەڭ دائىرىلىك ھەرىكەت ۋە بىر قىسىم مەجلىس، مەسلىھەتلەرنى تاجا-خۇن ئاكىنىڭ بېغى بىلەن قالىكەشنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەندىن تاشقىرى، ئۆزلىرى ئۈچۈن يەنە بىر مۇھىم پائالىيەت نۇقتىسى قىلىپ، مەقسۇتئاخۇن ساتىراشنىڭ ھويلىسىنى تاللىۋالدى. ھويلىنىڭ كوچىغا يانداش چوڭ بىر ئېغىز ئۆيى سىرتقا ئېچىلغان بولۇپ، چاچ-ساقال ئالدۇرغۇچىلار ئۇ يەرگە ئايرىم ئىشىك بىلەن كىرەتتى. دۇكاننىڭ يېنىدا يوغانراق يەنە بىر ئېغىز ئىشىك جايلاشقان، بۇنىڭ بىلەن دۇكان ئىچىدىن ئايرىلىپ تۇرغان تار دەھلىزدىن ئۆتۈپ، مەقسۇتئاخۇن ئۇستىنىڭ ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى مېھمانخانا ۋە ياتاق ئۆيلىرىگە كىرگىلى بولاتتى. ئومۇمەن بۇ ھويلا ئەنە شۇنداق رەتلىك، سەرەمجان ۋە خاتىرجەم بولۇپ، ياش ئۇچقۇنلارنىڭ سىز-ھەرىكەتلىرىنى تىڭتىڭلاپ كەلگەن مارىقچى، پايلاقچىلارنى ساتىراشلىق دۇكىنى ئىچىدىن بىمالال كۆزىتىپ تۇرغىلى بولاتتى.

مەقسۇتشاخۇن ئۇستا ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ ياخشى ھېسداشلىرىدىن ئىدى. ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇغا كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن تونۇشقان كىشىلەردىن بىرى بولۇپ، ئادەتتىكى چاچ - ساقال ئالدۇرۇش يولى بىلەن باشلانغان بۇ تونۇشلۇق نۇرغۇن قىزىملىق سۆھبەت، مۇڭدىشىشلاردىن كېيىن، ئاجايىپ يېقىن ئۈلپەتچىلىككە تەرەققىي قىلىپ بارغانىدى. ياش قەلەمكەش بىلەن ساتىراش بوۋاي ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا يېقىنلىشىشقا سەۋەب بولغان ئوخشاشلىق، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈشچانلىق بىلەن ئىنتىلىش ئۇلاردىكى زۇلمەتلىك جاھانغا قارشى غەزەپ - نەپرەت، شېئىرىيەتكە باغلانغان قىزغىنلىق، خەلق سەنئىتىگە نىسبەتەن جۇشقۇن ئىشتىياق ۋە سوۋۇماس ئوتلۇق مۇھەببەت، قىسقىسى ئەنە شۇنداق بىردەكلىككە ئىگە ئەۋزەل خۇسۇسىيەتلەر ئۇلارنى ئاجرالماس ھەمسۆھبەت ۋە ئاتا - بالىلاردەك يېقىن مېھىر - مۇھەببەتلىك قىلىپ قويغانىدى.

شائىر خۇش پېئىل بوۋاينىڭ ساتىراشلىق دۇكىنىغا ئەمەس، ئۆيىگىمۇ پات - پات كېلىپ تۇراتتى. كېلىش قانچە قويۇقلاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنچە زىچلىشىپ باراتتى. شائىرنى ساتىراشنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى ياخشى كۆرەتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ يەرگە ھەر بىر قېتىم كەلگەندە مەقسۇتشاخۇن ئۇستا ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى ئىنتايىن ئوچۇق چىراي ۋە خۇش مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋالاتتى. ساتىراج قەدىمكى دەۋرنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىدىن ئابدۇراخمان جامى، ناۋائىي، پەردەۋسى، شەيخ سەئدى، سەككاكى، شامەشرەپ، لۇتپى، نىزارى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۇراتتى ۋە ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا قىزىقاتتى. مەقسۇتشاخۇن ئۇستا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ دوست - يارەنلىرى بىلەنمۇ ناھايىتى يات تونۇشۇپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى



ئۇنىڭ ئازادە ساتىراشخانىسىدا چاچ - ساقال ئالدۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالدى. كۆز قاراشتىكى بىردەكلىك ئاخىر ئۇلار-نىمۇ مەقسۇتشاخۇن ئۇستا بىلەن خۇددى لۇتپۇللا مۇتەللىپتەك سىرداش كىشىلەردىن قىلىپ قويغانىدى.

گومىنداڭچىلارنىڭ جاقىپ ئاكىنىڭ كاللىسى توغرىسىدا چاپلىغان ئېلانىغا قارشى ياش ئۇچقۇنلار تەرىپىدىن يېزىپ چاپلىنىپ، خەلقتە زىلزىلە پەيدا قىلغان سۈرەتلىك ۋەرەقىلەرگە خېلى كۈن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مىسلىسىز زور تەسىرى ھېچكىمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. بۇ ئىنقىلابىي پائالىيەت خەلقنى گومىنداڭغا قارشى سەپەرۋەر قىلىشتا چوڭ رول ئوينىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلارنىڭ قوزغاتقۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭىدىن - يېڭى ۋەرەقىلەرنى يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. بەختىگە يارىشا، بۈگۈن كۈتكەندىن ئارتۇق خۇشاللىق ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇلارنىڭ قولىغا غۇلجىدىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق يوشۇرۇنچە ئەۋەتىلگەن چوڭ بىر توپلام تەشۋىقات ۋەرەقىسى كېلىپ تەگدى. شوپۇرلار يەتكۈزۈپ كەلگەن بۇ ۋەرەقىلەرگە: «قوزغال، ئېزىلىشنى خالىمىغان ئىنسان!» دېگەن ماۋزۇ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىشتىن تۆت كۈن ئاۋۋال مەتبەئەدە بېسىلىپ، غۇلجا ۋە باشقا جايلارغا تارقىتىلغان ۋەرەقىلەردىن ئىدى. شوپۇرلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن مەقسۇتشاخۇن ئۇستىنىڭ ساتىراشخانىدا ئۇچرىشىپ، بۇ ۋەرەقىلەرنى ئۇنىڭغا شۇ يەردە تاپشۇردى. بۈگۈن كونىشەھەردىن يېڭىشەھەرگە لۇتپۇللا مۇ-تەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار بىلەن مەخسۇس يېڭى كۈرەش ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەن بىلال

ئەزىزىمۇ شائىرنى ئىزدەپ دەل شۇ چاغدا بۇ يەرگە كېلىپ قال-
غانىدى. ئۈچ سەپداش شۇ مەھەل ساتىراشنىڭ ئارقا ھويلىسىغا
ئۆتۈپ، ئۇلارنى قانداق تارقىتىش ئۈستىدە پىكىرلەشتى. ۋەرە-
قىلەر قاق ئوتتۇرىدىن پۈكلىنىپ، كىتابچە شەكلىدە تۆت بەت-
لىك بېسىلغانلىقتىن تامغا يېپىشتۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيتتى.
ئۇلار ۋەرەقىلەرنىڭ ئۈچ كىچىك تىزىلانى ئاجرىتىۋېلىپ
بىرلا ۋاقىتتا كونىشەھەر، يېڭىشەھەرلەردىكى مەكتەپ، ئىدارە،
ھەتتا ھەربىي ۋە ساقچى ئورۇنلىرىغا چېچىپ تارقىتىش قارارى-
غا كەلدى. ۋەرەقىلەرنىڭ قالغانلىرىنىمۇ خەلق ئىچىگە شۇ
ئۇسۇلدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن باشقا سەپداشلارغا بۆلۈپ بېرىلىدى-
غان بولدى. شۇ چاغدا دۇكاندىن قولى بوشاپ ئارقا ھويلىغا
ئۆتكەن مەقسۇتشاخۇن ئۇستا ۋەرەقىلەرنى جىلىلەپ، ئارقا —
ئالدى قىلىپ تامغىمۇ چاپلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سات-
راشخانىنىڭ سىرتىغا، لەڭگەر چوڭ جامەسىنىڭ ئىچى ۋە
دەرۋازىسىغا چاپلاش ئۈچۈن ئۆزىگە بىرقانچە دانىسى ئېلىپ
قالدى. بوۋاينىڭ مەسلىھەتى مۇۋاپىق ئىدى. ئەينى ئۇسۇلدا
ئاسۇق، خەيجاڭ، سۇجۇ، قىزىلكۆۋرۈك، كونا مەيە بازىرىدىكى
مەسچىتلەرگە ئەتىگەنلىك بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى چاپلىۋېتىش
ئۈچۈن، ۋەرەقىلەرنىڭ يەنە بىرقانچىسى ئاجاخۇن ئاكا، سالاخۇن ئۇستا
ۋە قالىمكەشلەرگە بېرىلمەكچى بولدى. بىلال ئەزىزى ۋەرەقىلەر-
نى كونىشەھەرگە، بېلۇيېمۇ ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ئىچىگە، مۇساجان
5 — ئاتلىقلار پولكىغا تارقىتىشقا مەسئۇل قىلىندى.

ئالدىنئالا سەپەرۋەرلىككە كەلگەن سەپداشلار بىلەن
ياش ئوچقۇنلارنىڭ ئەڭ يېقىن ھېسداشلىرى يېرىم كېچىدىن
تارتىپ سەزگۈرلۈك بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، ۋەرەقىلەرنى بەل-
گىلەنگەن جايلارغا چېچىپ چىقتى، تام، دەرۋازىلارغا چاپلىدى.
شۇنداق قىلىپ، ۋەرەقىلەردىكى جۇشقۇنلۇق، جەڭگىۋارلىققا



تولۇپ تاشقان سۆز ۋە چاقىرىقلارنى يېڭىشەھەر، كونىشەھەر-
لەردىكى بازار خەلقلىرى، جامائەت ۋە ئوقۇتقۇچى — ئوقۇغۇچى-
لارلا ئەمەس، ئاددىي ئەسكەر ۋە ساقچىلارمۇ كۆرۈشكە
مۇيەسسەر بولدى.

ۋەرەقىدە مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى:

«قوزغال، ئېزىلىشنى خالىمىغان ئىنسان!

گومىنداڭ ھاكىمىيىتى چىرىكلىكتە ئۈچىغا چىقىپ، ئەڭ
ئاخىرقى چېكىگە يەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ياشاش كۈنلىرى تۈگەپ،
غۇلاش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ،
خالاس! لېكىن بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز، مۇستەبىت ھاكىمىيەت
چاپىرەندىلىرى بۇنىڭغا تەن بەرگىنى يوق. بۈگۈنكى كۈنگىچە
ئۇلار ئاچ بۆرىدەك غالجىرلىشىپ، مىسلىسىز رەھىمسىزلىك،
يىرتقۇچلۇق ۋە شەپقەتسىزلىك بىلەن ئاشكارا بۇلاڭ — تالاڭغا
ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، جان —
جەھلى بىلەن ئۇرۇنماقتا. باج — سېلىقنى كۆپەيتىپ، يەۋاتقان
نېنىمىز، كىيىۋاتقان كىيىمىمىزنى تارتىۋېلىشتا ئاچكۆزلۈك
بىلەن قول ئۇزاتماقتا. مۇستەبىتلەرنىڭ ساقچى ئورگانلىرى
بىر تەرەپتىن بىگۇناھ قان — قېرىنداشلىرىمىزنى، ئاكا — ئۇكى-
لىرىمىزنى يوق ئىللەتلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىپ، ياشاش ھوقۇ-
قىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقان بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ۋەھشىي
ھەربىيلەر قىز — چوكانلىرىمىزنىڭ ئىپپەت — نومۇسىغا تېگىپ،
ئۇلارنىڭ پاك قەلبىنى ۋە ساپ ۋىجدانىنى خالىغىنىچە ئاياغ —
ئاستى قىلماقتا. بۇ يەردە گومىنداڭ لۈكچەكلىرى بىلەن يەكىش
شوپۇرلار زورلۇق بىلەن ئەپقاچقان ئونلاپ قىزلارنىڭ
پاجىئەلىك تەقدىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش سۆزىمىزنىڭ تىزغى-
لىقىنى ئىسپاتلاشتا يېتەرلىك مىسال بولۇپ قېلىشى مۇم-
كىن، ئەلۋەتتە.»

«ئاڭلاشقا ئېغىر، كۆرۈشكە ئەپسىز مۇنداق ۋەقەلەر، — دېيىشكەنىدى ۋەرەقىدە، — تۈنۈگۈن بورتالا، ئالتاي، چۆچەكلەردە بولۇپ ئۆتكەن بولسا، بۈگۈن ئەينى پەيتى غۇلجا، سىيدۇڭ، چىلپەنزىلەردە يۈز بەرمەكتە. ئۈرۈمچى، تۇرپان، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەردىمۇ ئەھۋال ئوخشاشلا ئېغىر بولۇپ، بۇ يەرلەردىكى خەلقلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان زۇلۇم ۋە ئاسارەت كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا. ئادەم ئۆزىدە ئەقىل - ئىدراك، ۋىجدانىي تۇيغۇنىڭ بولغانلىقى، گۈزەللىك ۋە نەپاسەت ھېسسىياتلىرى ئىچىدە ياشاشنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلگەنلىكى، ئەركىن ھاياتقا تەلپۈنۈشچانلىقى، تاكامۇللاشقان پەم - پاراسەت، نومۇس ۋە بىر پۈتۈن ۋىجدان مۇخلىسى ئىكەنلىكى بىلەن ئۇ ھەقىقىي ئادەم بولۇپ، لېكىن بىز، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان جايدا ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىشىمىز ۋە بۇنى جاراڭلىق سادا، غەزەپ - نەپرەت تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، قولغا قورال ئېلىپ، قولدىن كەتكەن بارلىق نەرسىلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىشىمىز كېرەك. ئەمدى بىزگە بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ۋە مۇنداق يول قالغان ئەمەس.»

«جەنۇبىي شىنجاڭدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان بىرقانچە مىڭ بىچارە دېھقان ياشلىرى، — دېيىشكەنىدى ۋەرەقىدە يەنە، — يۇرتىدىن، ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن ئاجرىتىلىپ، باشقا يۇرتلارغا تاشلاندى. ئۇلاردىن ئونلاپ، يۈزلەپ كىشى ھەربىي گازارمىلاردىكى تۇرمۇشنىڭ ناچارلىقى ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن جاپا - مۇشەققەتلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر كېسەللەرگە مۇپتىلا بولۇپ، ئېچىنىشلىق ھالدا بىمەزگىل ئۆلۈپ كەتتى. كۆپچىلىك ياشلار ئاغرىغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىككە يارامسىز ھېسابلىنىپ، ساقايتىۋېلىشنىڭ ئورنىغا



ئەكسىچە شەپقەتسىزلىك بىلەن سەرتان سوغۇقلاردا ئىت - مۈشۈك قاتارىدا كوچىلارغا تاشلىۋېتىلدى. كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆتكەن قىش ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا پاناھسىز قېلىپ ئۆلگەن مۇشۇنداق ئاغرىقچان مۇساپىر ياشلار 200 - 300 گە يېتىپ بارىدىكەن. قېرىنداشلار، غۇلجىدىمۇ خۇددى شۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقەلەردىن بىرقانچىسى بولغان ئەمەسمىدى؟! بۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭلار كېرەك؟»

ۋەرەقىنىڭ كېيىنكى بېتىدىكى سۆزلەر خەلقنى توپتوغرا ۋە بىۋاسىتە كۈرەشكە دەۋەت قىلغۇچى مۇنۇ كۈچلۈك، جاراڭلىق چاقىرىقلار بىلەن ئاخىرلاشقانىدى:

«بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئەنە شۇنداق شەپقەتسىز، ئۇلاردىن ۋاپا كۈتۈپ، يەنە سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۆزىمىزنىڭ قول - پۇتلىرىمىزنى ئۆزىمىز چېپىش، ياللاۋۇزنىڭ ئاغزىغا يەم قىلىپ تاشلاپ بېرىشتىنلا دېرەك بېرىدۇ! ئېزىلىشنى خالىمىغان ھەر بىر ۋىجدانلىق ئىنسان، ئورنۇڭدىن دەس تۇر! نېمە بىلەن قوراللىنالىساڭ، شۇنىڭ بىلەن ھايالسىز قوراللىنىپ كۈرەشكە ئاتلان! باش ئەگمەي باتۇرلۇق قىلىش، ئازاب چېكىۋاتقان خەلقىمىز ئۈچۈن، بارلىق قوۋم - قېرىنداش ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن سېنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بىردىنبىر بۇرچۇڭ! قېرىنداشلار، ئاكا - ئۇكىلار، ھەدە - سىڭىللار، سەپ تۈزەپ، يەكدىل، يەكجەھەتلىك بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنايلى! بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق. بىزنىڭ جەڭدىن نۇسرەت تېپىشىمىزغا ئۆلۈمدىن قورقماسلىقىمىز، ئەركىن - ئازاد ياشاش يولىدىكى ئىنسانىي ۋىجدانىمىز ھەممە ۋاقىت مەدەتكار!»

«قوزغال، ئېزىلىشنى خالىمىغان ئىنسان!» ۋەرەقىنىڭ

بارلىق جايلارغا تەكشى تارقىتىلىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ساقچى ئورگانلىرى بىلەن 5 - ئاتلىقلار بۆلىكىدىكى سەزدۇرۇلمەي ئەپچىللىك بىلەن ئەكسىرلىشى مۇستەبىت ئەمەلدارلارغا زەربە بىلەن ئۇرۇلغان تۆمۈر مۇشت بولدى. مۇندىن ئىلگىرىكى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدە پەيدا قىلغان ئىنتايىن زور تەسىراتلىرىنى تۈگىتىشكە تېخىچە ئاجىزلىق قىلىۋاتقان ساقچى ئەمەلدارلىرى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار بۇ يېڭى زەربە بىلەن يەنە بىر قېتىم ئالاقزادىلىك كۆلچىكىگە چۈشۈپ، قايتىدىن تۇنجۇقۇشقا باشلىدى. بۇ قېتىمقى ۋەرەقە ھېساۋىتى بىلەن ئىككى جاللات يەنە بىر قېتىم غوم ۋە ئاداۋەت بىلەن ئۆزئارا تالاشتى ۋە بىر - بىرىنى خېلى قاتتىق چىرقىشتى. ھەربىي ھوقۇقدار جاۋ خەنچى ئاۋۋالقىسىدەك ۋۇ شۇبىڭنى ھەددى - ھېسابسىز پالاكەتلىكتە ئەيىبلىسە، ساقچى ھوقۇقدارى ۋۇ شۇبىڭ ئوچۇق - ئاشكارا بولمىسىمۇ ئىشتىلىپ جاۋ خەنچىنى دارىتما سۆزلەر بىلەن «ئۇنىڭ بۆلىكىدىكى نائىنساپ پەرەستلار بىلەن كېچىلىك كۆزەتچىلەرنىڭ ھېچبىر رولى بولمايۋاتىدۇ، دەرۋەقە چارلىغۇچىسى پاكى تارقاتقۇچىلارنى نەق جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇۋېلىشقا قۇربىتى يەتمەپتۇ» دەپ كايىدى. لېكىن مۇنداق قىلىش بىلەن مەسىلە ئاخىرلىشىپ، تۈگۈچ يېشىلىپ كەتكەن بولمايتتى. ۋۇ شۇبىڭ ھەربىي ھوقۇقدارغا ۋەرەقە تارقاتقۇچىلارنى تېز ئارىدا تېپىپ جازالاشقا ۋەدە بېرىپ، ئاخىر يەنە «تېپىشكە ماقىسا، ئۇر توقۇمنى» قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىشخانىسىغا ھېكىم نۇر بىلەن ئايتىللانى ئايرىم - ئايرىم چاقىرىپ كەلدى. بىراق، ئۇلار بۇ ۋەرەقىلەرنىڭ قايسى چاغدا تارقىتىلغانلىقىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ قەيەردىن ئەكېلىنگەنلىكىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى. ئاخىر غالچىلاردىن سۈرۈشتۈرۈش ھېچبىر نەتىجە بەرمىدى.



ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ مەسىلىدىمۇ لۈتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا ۋە ئۇلارنىڭ ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشقان جەڭگىۋار سەپداشلىرىدىن گۇمانلانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇلارنى يۇرت خەلقى ئالدىدا ئاشكارىدىن - ئاشكارا قولغا ئېلىپ، جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە پاكىت بولۇشى كېرەك ئىدى. «قوزغال، ئېزىلىشنى خالىمىغان ئىنسان!» ۋەرەقىسىنىڭ مەتبەئەدە بېسىلىشى قارىماققا بۇ مەسىلىنى تېزرەك ئېنىقلاپ چىقىشقا يىپ ئۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇندىن كېيىن ۋۇ شۇبىڭ لاي سۇدىن بېلىق، پاتقاقتىن مەرۋايىت سۈزۈۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، ئاقسۇ گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى جىڭ شىجاڭنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كەلدى. بۇ ئىككىسى تەڭقۇر، قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ۋۇ شۇبىڭ ئۆلپەتدىشىغا ئىلگىرى كۆرۈشكەن چاغلىرىدىكىدەك ئارتۇقچە تەكەللۇپ - تەۋەززۇ قىلىپ كەتمىدى. ئەكسىچە، كۆزگە ئىلماسلىق پوزىتسىيىسى بىلەن قاپىقىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بۇ جىددىي مەسىلىنى ھايالسىز سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى:

— سىزنىڭ بىخۇدلۇقىڭىز سەۋەبىدىن، — دېدى ئۇ قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن، — گېزىتخانا لۈتپۇللا، مۇنىرىدىن قاتارلىق بىرنەچچە قىزىل پاچاقلارنىڭ جوڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىمىز ۋە شەۋكەتلىك پىرقىمىزغە قارشى پىتنە - پاسات توقۇپ چىقىرىدىغان ماكانغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار گېزىتخانا مەتبەئەسىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئىچىدە قۇترىتقۇلۇق پەيدا قىلىدىغان ئىغۋاگەر ۋەرەقىلەرنى بېسىپ تارقاتماقتا. مۇنداق كەچۈرگۈسىز ئېغىر ئەھۋال بىر قېتىم ئەمەس، ئارقىمۇئارقا بىرنەچچە قېتىم يۈز بەردى. بۇنى مەن يېقىن دوستلۇقىمىز سەۋەبىدىن ھەدېگەندىلا سىزگە ئېيتىپ يۈرمىدىم، بۇ ۋەقەلەر،

يۇمشاقراق قىلىپ ئېيتسام، سىزنىڭ بىخۇدلۇقىڭىزدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. لېكىن، راستىنى دەپ كەلسەم، بۇلار سىزنىڭ بىلىپ تۇرۇپ بىلمەس بولۇۋېلىشىڭىز، ھەتتا تويىتوغرا يول قويۇشىڭىزدىن بولماقتا...

ئۇشتۇمتۇت قىلىنغان بۇ گەپلەر ئالدىدا گېزىتخانا باشلىقىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزى تاتىرىپ كەتتى. جىڭ شىجاڭ مەتبەئە ۋەرەقىلىرى توغرىسىدا ھېچنەرسە ئاڭلىمىغانىدى. ۋۇ شۇبىڭنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا بەزى جەھەتلەردىن باش-ئايىغى يوق، چۈشىنىكسىز سۆزلەر ئىدى. ئۇ ھاڭ-تاڭ بولۇپ، ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ئوچۇقراق بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى ۋە شۇ قارىشى بىلەن تىرگاۋچىغا ئۆزىنىڭ ھېچنەرسە چۈشىنەلمەي، ھاڭۋېقىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى.

— بەس ئەمدى، بىخۇدلۇقىڭىز يېتىپ ئاشتى، — دېدى ۋۇ شۇبىڭ سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — يەنە بىخۇدلۇق قىلغان بولۇپ بىر چەتتە قولاق يوپۇرۇپ تۇرۇۋېرىسىڭىز جاۋابكارلىقىڭىز ئېشىپ، ئىش-ئەمەلىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز، ھەتتا يامىنىغا كەلگەندە، قاماققا تاشلىنىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا مەن سىزنى يۇقىرىنىڭ رەھىمسىز جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايمەن. ئىغۋاگەر ۋەرەقىلەر تۈپەيلىدىن پىرقىمىزنىڭ ئاقسۇدىكى ھاكىمىيىتى تەھلىكىگە ئۇچرىسا، سىزلا ئەمەس، مەنمۇ ئوخشاشلا جاۋابكارلىققا تارتىلىشىم تۇرغان گەپ. ئۇ چاغدا بىز بۇنىڭغا كاللىمىز بىلەن جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىمىز، ھەتتا ھالاك بولۇپ كېتىمىز...

ساقچى باشلىقى ئادەتتىكى چاغلاردا گېزىتخانا باشلىقىنى پات-پات ئۆيىگە چاقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەزىدە يېرىم كېچىلەرگىچە جۇڭگوچە شاھمات ئوينايتتى ياكى تەلەي سىناش نامىدا ئانچە-مۇنچە پۇل تىكىشىپ، پەي قەغەز قىمىرى



ئويناش بىلەن ئۆز ھاردۇقلىرىنى چىقىراتتى. ئاخىر ئۇلار ئۇتقان پۇلنى ئوتتۇرىدا خەجلەپ، ئائىلە ئەزالىرى بىلەن جەم ئولتۇرۇپ، سامسا، كاۋاپ، زاسۇي ياكى تونۇر كاۋىپى يېيىشەتتى، بۇ نەرسىلەر بىلەن بىللە ئاقسۇنىڭ كۈچلۈك شوجۇ ھارىقىنى كەلتۈرۈپ ئىچىشەتتى. ئۇلار يەنە يەكشەنبە كۈنلىرى بىرلىكتە خەلق مائارىپى يۇرتىغا بېرىپ، بىرلىيانتمۇ ئوينىشاتتى. قىسقىسى، ئاقسۇ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىشتىن بۇرۇن، بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ ئالاقىسى زىچ، باردى-كەلدىسى قويۇق ئىدى. لېكىن، مۇنداق ئولتۇرۇشلار ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ھەمىشە مەخپىي ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەشەمەتلىك ئىشخانىسىدا بولمايتتى. ئۇلار ئومۇمەن ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىۋى ئۆيلىرىدە ئۇچرىشاتتى. بارلىق پاراڭ ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆيلەردە خۇش چاقچاق، ئويۇن-كۈلكە، يېقىن دوستلۇق شارائىتىدا ئۆتكۈزەتتى. بۈگۈن بىرلا ئۇنداق ئەمەس، ۋۇ شۇبىڭ جىڭ شىجاڭنى ئۆيىگە ئەمەس، ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يۈز-خاتىرسىز، شەپقەتسىز سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن تىرگاۋ يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

— مەن سىزنىڭ سۆزىڭىزدىن تېخىچە ئېنىقراق بىرەر نېمە چۈشەنگىنىم يوق، — دېدى گېزىتخانا باشلىقى ئوچۇقتىن ئوچۇق ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — مەتبەئە ۋەرەقىسى دەيسىز، بۇنىڭ تېگى-تەكتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىم...

— يەنە بىلمەسلىككە؟ قايسى ۋاقىتقىچە بىلمەيسىز؟ — ھومايدى ساقچى باشلىقى ۋە ئۈستەل سۇغۇرتمىسىدىن «قوزغال، ئېزىلىشنى خالىمىغان ئىنسان!» ناملىق رىسالە شەكلىدىكى تۆت بەتلىك ۋەرەقىنى ئېلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ، تىرگاۋنى داۋام قىلدۇردى. — يەنە نېمە بولماقچى، مانا مۇشۇ ۋەرەقە. ئۇ گېزىتخانىڭىزلارنىڭ مەتبەئەسىدە بېسىلغان دەۋاتىمەن. لۇتپۇللا، مۇنىرىدىن قاتارلىق ئىغۋاگەرلەر سىزنىڭ يول قويۇپ بېرىشى

گىزدىن پايدىلىنىپ، پىرقىمىزنىڭ مەتبەئەسىنى خېلىدىن بېرى ئەنە شۇنداق نەرسىلەرگە ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدا خالىغان نەرسىلىرىنى بېسىۋاتىدۇ.

جىڭ شېجاڭنىڭ كۆزلىرى چۆچۈش بىلەن چەكچىيىپ، تېخىمۇ يوغان ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ۋەرەقىنى ئالدىغا تارتىپ كۆرمەكچى بولدى، ئەمما ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ تەرىپىدىن ھېيىقىپ، ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى.

— بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — ھۆركىرىدى ۋۇ شۇبىڭ ۋەرەقىنى جىڭ شېجاڭنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ تۇرۇپ، — يەنە كۆرمەيۋاتامسىز؟! تېخىچە كۆرمىگەن بولسىڭىز، ئەمدى كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ بېقىڭ!

گېزىتخانا باشلىقى ۋەرەقىلەرنى يېقىندىن قاراپ ئېنىق كۆردى. ئۇ ئۇيغۇرچە خەتلەرنى بىلمەيدۇ، ئۆز مەتبەئەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ شەكلىنى، يېڭى - كونىلىق ئەھۋالىنى، چوڭ - كىچىكلىكىنى ئىنتايىن پىششىق بىلەتتى. جىڭ شېجاڭ ھودۇقۇشتىن قۇتۇلۇپ، تەمكىنلىك بىلەن تەرىنى سۈرتتى.

— بۇ ھەرپلەر بىزنىڭ مەتبەئە ھەرپلىرىمىز ئەمەس، — دېدى ئۇ قەتئىي ئىنكار قىلىپ، — بىزدە مۇنداق چوڭ بېسىلىدىغان ئۇيغۇرچە يېڭى ھەرپلەر يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە بارلىرى 14 -، 18 -، 20 - نومۇرلۇق ھەرپلەر بار. ۋەرەقىنىڭ ماۋزۇسىغا قارىغاندا 24 - ھەرپ، قالغانلىرى 18 - ھەرپتە قىلىندۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ھەرپلەر يېڭى بولۇپ، خەت ناھايىتى ئوچۇق بېسىلغان. تېخى قەغىزىگە قارىمامسىز؟ — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، يانچۇقىدىن خەنزۇ تىلىدىكى ئاقسۇ گېزىتىنىڭ شۇ كۈنكى يېڭى نۇسخىسىنى چىقىرىپ ئۈستەلگە يايدى، — بىز ئىشلىتىۋاتقان قەغەز مانا مۇنداق، سۈپىتى ناچار، خوتەنلىكلەر يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىغان سامان قەغەزدىن ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەي-



دۇ. بۇ ۋەرەقىنىڭ قەغىزى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ سۈپەتلىك قېلىن سۈت قەغەز، فابرىكا قەغىزى تۇرمامدۇ؟

ئۇسال بولۇپ پەسكارىغا چۈشكەن ۋۇ شۇبىڭ شۇ مەھەل ئاچچىقىدىن يېنىپ، قەدىناس دوستىغا قىلىۋاتقان قوپال مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى، يۇمشاقراق بولۇشقا تىرىشىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ناماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئاخىر نەتىجىدە ئۆزىنىڭ گېزىتخانا باشلىقىغا قوپاللىق قىلىپ قويغانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ۋەرەقىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ بىرنەچچە رەت قارىدى. بۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىگە كېچىچە قويۇلغان ۋەرەقىلەردىن بىرى بولۇپ، ئەتىگەن ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ئۆزى ئۇنى ئۈستەل سۇغۇرتمىسىغا سېلىپ قويغانىدى. ۋۇشۇبىڭ ۋەرەقىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قەغىزىدىن تارتىپ ھەرپلىرىگىچە زەن سېلىپ قاراپ چىقتى ۋە جىڭ شېجاڭنىڭ قولىدىكى ئاقسۇ گېزىتىگە سېلىشتۇردى.

— گېپىڭىزچە بۇنى ئاقسۇدا ئەمەس، ئۈرۈمچىدە بېسىلغان دېمەكچىمۇ سىز؟ — سورىدى ۋۇ شۇبىڭ مەسىلىنى يەنىمۇ ئېنىقلىۋېلىش مەقسىتى بىلەن.

— ياق، ئۇنداق دېمەكچىمۇ ئەمەسمەن، — ئىزاھات بېرىپ سۆزلىدى جىڭ شېجاڭ، — ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر مەتبەئەسى ماڭا مەلۇملۇق، مۇنداق قەغەز، مۇنداق ھەرپ شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا يوق. ئۇ يەردە ئىشلىتىلىۋاتقان قەغەز بىزنىڭكىدىن سەل ياخشىراق كۆرۈنگىنى بىلەن، سۈپەت جەھەتتىن يەنىلا ناچار. ۋەرەقىنىڭكىدەك ئاق، سۈزۈك ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىدىكى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ھەرپلىرىمۇ كونا، قىسمەن بىزنىڭكىدىن پەرقسىز. ئۇلارنىڭ ھەرپ دەرىجىلىرىمۇ ۋەرەقىدىكىدەك بولماي پۈتۈنلەي بىزدىكى ئۇيغۇرچە ھەرپلەرگە ئوخشاش.

— ئۇنداق بولسا بۇ ۋەرەقىنى قەيەردە بېسىلغان دېمەكچىسىز؟

جىڭ شىجاڭ دەمالى جاۋاپ بېرەلمەي ئويلىنىپ قالدى، ۋەرەقىنى يېنىش ـ يېنىش تۇتۇپ كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ ھەرپلىرىگە باشقىلەتىن سىنچىلاپ قاراپ تەخمىنى خۇلاسىگە كەلدى:

— ۋەرەقە قەغىزى غۇلجىدا توپىلاڭ كۆتىرىلىشتىن ئىلگىرى ئاقسۇغا كېلىپ تۇرىدىغان ئىلى گېزىتلىرىنىڭ قەغىزىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھازىر يەنە ئەھۋال باشقىچە. ئۇ تەرەپتە ئۇرۇش بولۇپ، ئۆزئالدىغا گېزىت چىقىرىشقا باشلىغاندىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سۈپەتلىك قەغەز ئىمپورت قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان بولۇشى كېرەك. ئەسلىدىمۇ ئۇلارنىڭ مەتبەئەسى يېڭى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، غۇلجىدا ئايرىم كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي مەتبەئەلىرى بار. ئۇ ۋەرەقە بەلكىم شۇنداق مەتبەئەلەردە بېسىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— مۇنۇلارچۇ؟— ساقچى ھوقۇقدارى ئۈستەل سۇغۇرتمىسىدىن ھەجمى چوڭ ـ كىچىكلىكى جەھەتتىن ئىككى خىل بولغان ئىككى پارچە ۋەرەقىنى ئېلىپ، سۆھبەتداشىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

بۇ ۋەرەقىلەرنىڭ بىرىگە ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامناسى، يەنە بىرىگە ئۇچقۇنلار مارشى بېسىلغانىدى. ھېكىم نۇر بۇلارنى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياتىقىدا قولىغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئەكىلىپ بەرگەنىدى. گېزىتخانا باشلىقى ۋەرەقىلەرنى قولىغا ئېلىپ، قەغىزىنى زەن سېلىپ كۆزدىن كەچۈرگەندىن تاشقىرى، قايتا ـ قايتا سىيلاپ كۆردى. ھەرپلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئايرىمچە دىققەت قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇ چۆچۈش ھېس قىلغان ھالدا:

— بۇلار بىزنىڭ مەتبەئەيىمىزدە بېسىلغاندەك تۇرىدۇ، قەغىزىمۇ بىزنىڭ، — دېدى.

— مەسىلىنىڭ يەنە بىر ئېغىر تەرىپى مۇشۇيەردە، — دېدى ۋۇ شۇبىڭ جىددىيلىشىپ، — بۇلار ئاقسۇ گېزىتخانىسىنىڭ مەتبە-



ئەسىدە بېسىلىپتۇ، ئەمما سىز بىلمىگەندەك بېشىڭىزنى ئىچىڭىز-گە تىقىۋېلىپ، سۈرۈشتۈرمەي يۈرۈۋېرىسىڭ؟ ھېچ بولمىغاندا بۇنى ماڭا مەلۇم قىلىشىمۇ قولىڭىزدىن كەلمىگەندىمۇ؟

گېزىتخانا باشلىقى بۇ ۋەرەقىلەردىن ھەقىقەتەن خەۋەرسىز ئىدى.

— ئۆزىڭىزگە قارىغاندا بۇلارنىڭ مەتبەئەڭىزلەردە بېسىلغانلىقىنى بىلمەيدىكەنسىزدە؟

— بىلمەيمەن، تامامەن بىلمەيمەن!

— بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بىخۇدلۇق، كەچۈرۈشكە بولمايدىغان ئېغىر ئەھۋال. يەنە كېلىپ سىزنىڭ گېزىتخانا باشلىقى بولۇپ قالغىنىڭىز تېخى! بۇلاردا لۇتپۇللا، مۇنىرىدىنلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى كۆزلەپ تۈزگەن باندىتلىق تەشكىلاتى — ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن ئۇلارنىڭ «ئۇچقۇنلار مارشى» دەپ ئاتالغان قەسەمنامىسى بېسىلغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىچىدە سىزلەرنىڭ ئابورچىكىڭلاردىن قادىر ئېلى، تۇردى ھەسەيىنوپ، قۇددۇس دېگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ھازىر لۇتپۇللانىڭ ئەڭ يېقىن ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولۇپ كەتكەن.

جىڭ شىجاڭ بۇ سۆزلەرنى ئېڭىرقاش ھەم ۋەھىمە بىلەن ئاڭلاپ تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ روھىي ھالەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، يانچۇقىدىن لوتويىن تاماكىسى چىقىرىپ، سۆھبەتداشىغا تۇتۇشنى ئۇنتۇغان ھالدا يالغۇز ئۆزى سۈمۈرۈپ، ئاچچىق ـ ئاچچىق چېكىشكە باشلىدى. شۇتاپتا ئۇ قادىر ئېلىنىڭ قولىغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— سىزلەرنىڭ گېزىتخانىدىن ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى ئىچىدە لۇتپۇللا، قادىر ئېلى، تۇردى ھەسەيىنوپ، قۇددۇسلار بار، — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى ئىدىيىلىق بىلەن قايتا چۈشەن-دۈرۈپ، — لۇتپۇللا بىلەن ھېلىقى مەركىزىي مەكتەپتىكى

مۇنبىردىن ئاقسۇدىكى بارلىق يوشۇرۇن ئىغۋاگەرلەرنىڭ كاتتىبېشى. بىز ھازىرچە ئۇلارنى قولغا ئالماي، ئۆز ئەركىنلىكىگە قويۇپ بېرىۋاتىمىز. پات يېقىندا ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورال-ياراغلارنى ئېنىقلىغان ۋە يېنىغا غۇلجا تەرەپتىن يوشۇرۇن كېلىپ-كېتىپ تۇرغان كىشىلەرنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرىنى جەزىمي بىر تەرەپ قىلماقچىمىز. بۇ ئىشتا بىزگە يېقىندىن ياردەم بېرىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ گېزىتخانا بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بار.

— ھەقىقەتەن مەن ھاڭۋاقتىلىق قىپتىمەن، — ئىقرارمەنلىك بىلەن سۆزلىدى جىڭشىجاڭ. — خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ، مۇنچىۋالا بىمەنىلىشىپ كەتكەنلىكىنى پەقەت ھازىر سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىنلا ئاڭلاۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلمەي قاپتىمەن...

ساقچى ھوقۇقدارى ئۈستەلدە تۇرۇۋېرىپ سوۋۇپ كەتكەن قايناق سۇدىن تولدۇرۇپ ئۈچ يۇتۇم ئىچتى، ئاندىن تاماكا چەكمەكچى بولۇپ يانچۇقىنى ئاختۇردى، يېنىدا تاماكا يوق ئىدى. شۇندىن كېيىن ئىشكاپتىن لوتويەن ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىۋىدى، جىڭشىجاڭ ئۇنىڭغا تاماكا تۇتۇپ تۇتاشتۇرۇپ بەردى.

— قادىر ئېلىنى قولغا ئالغانلىقىمىزدىن ئەلۋەتتە خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك، — دېدى ۋۇ شۇبېڭ سۆھبەتدىشىغا. — ئۇ بايىدىن يوشۇرۇن قورال ئەكەلگەن. بىز شۇ قورالنى ۋە باشقا قوراللارنى ئېنىقلىماقچىمىز. قادىرنىڭ سوراقتىكى پوزىتسىيىسى ئىنتايىن جاھىل بولۇۋاتىدۇ. بىز باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرۇپ تويىتىنى سىرقىرىتىش ئۇسۇلى بويىچە ئاۋۋال ئۇنى قولغا ئېلىپ تۇردۇق. ۋاقتى كەلگەندە، ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنى قۇرغان بارلىق قىزىل پاچاقلارنى قويماي قولغا ئالىمىز، لۇتپۇللا، تۇردى، قۇددۇسلارنىمۇ قولغا



ئېلىنىدۇ. شۇ چاغدا سىزلەردىن قادىر قوشۇلۇپ، تۆت كىشى قاماققا كېتىپ قالغان بولىدۇ. كېيىن ئۇيغۇرچە گېزىتنى چىقىرىش بىر مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدە ئالدىن ئىشلەنگەن مەلۇم تەييارلىق بولۇشى لازىم.

— بىزدە ئۇيغۇر نابورچىكلاردىن كۆپ ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقلىرى قادىر ئېلى، تۇردى ھەسەيىنوپ، قۇددۇسلار بولۇپ، ھەرپ تىزىش تېخنىكىسى ياخشى ئىدى.

— بۇنىڭدىن غەم يېمەڭ، — كېسىپ ئېيتتى ساقچى باشلىقى. — ھەتتا ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىتنىڭ بىر يولى توختاپ كېتىشىدىنمۇ قورقماسلىق كېرەك. لۇتپۇللا ئاقسۇغا كەلگەندىن بېرى گېزىتتە «جەنۇب شامىلى» دېگەن مەخسۇس بەتنى تەشكىل قىلىپ، بۇ گېزىتنى ئۆز گېزىتىدەك قىلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەدېسلا ئىنقىلاب، قوزغال، كۈرەش، چېلىش، ئويغان دېگەنگە ئوخشاش قۇتراتقۇ شېئىرلىرىنى گېزىتكە توختىماي بېسىپ كەلدى. تېخى بۇ ئازلىق قىلغاندەك، بىلال، ئابدۇللالارنىڭ ئۇتقۇزىۋۇقلۇق شېئىرلىرىنىمۇ ئارقىمۇئارقا بېسىپ تۇردى، ئۇنداق گېزىتنى چىقىرىمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە، بىر يولى توختىتىپ تاشلىغانمۇ تۈزۈك.

— گېزىتنى توختىتىش ئۈچۈن، ھېچ بولمىغاندا ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ماقۇللۇقى بولۇشى كېرەك.

— بىز خەنزۇچىنى ئەمەس، ئۇيغۇرچىسىنى توختىتىمىزغۇ؟ — چۆچۈپ سورىدى ۋۇ شۇبېڭ.

— ئۇيغۇرچە بولسىمۇ شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— بۇنىڭدىن غەم يېمەڭ، تەستىقلىتىشنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

سۆھبەت ئاخىرلاشتى. گېزىتخانا باشلىقى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، [illegible]

بولامدۇ؟» دېگەن مەنىدە قارىدى. ۋۇشۇبىلەن ئەھۋالنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتىنى كېيىنچە ئايرىم ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، قەدىناس دوستىنى ئورنىدىن قوزغالماي، ھېچبىر تەكەللۇپمۇ قىلماي، شۇ يەردىلا ئۇزىتىپ قويدى.

## كۆرەش توختىمايدۇ، بۇندىن كېيىن قاماقخانىدا بولىدۇ

قادىر ئېلى قولغا ئېلىنىپ بەش كۈندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تۇردى ھۆسەيىنوپنى كېچىسى ياتىقىدىن باغلاپ ئەكەتتى. بۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىدا قاتتىق ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. چۈنكى، بۇنىڭ بىلەن كۆرەش سېپىدە ئوتچاقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ قەيسەر، ئەڭ قورقۇمسىز ئەزالىرىدىن ئىككىسى ئازلىدى. شائىر بۇ شۇم خەۋەرنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان چاغدا، ئېغىر ھەسرەت بىلەن گۇدۇڭشىپ «قادىر ئېلى تەشكىلاتىمىزنىڭ بىر قانىتى بولغان بولسا، تۇردى ھۆسەيىنوپ ئۇنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك قانىتى ئىدى» دەۋەتتى. لېكىن بۇنىڭدا ياش ئوتچاقۇنلار ئۈچۈن بىر مەسىلە ئېنىق ئىدى. قادىر ئېلىنىڭ قولغا ئېلىنىپ، بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن يەنە تۇردى ھۆسەيىنوپنىڭ قاماققا تاشلىنىشى ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۈتكەن نەتىجىگە تېخىچە ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقىنى، قادىر ئېلىنىڭ دەھشەتلىك سوراقلار ئالدىدا باش ئەگمىگەنلىكىنى، ئۆز سەپداشلىرىنى قىلچىمۇ ساتقىنلىق قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. چۈنكى ساقچى ئىدارىسى قادىر ئېلىدىن بىرەر سوراق نەتىجىسىگە ئىگە بولالمىغاچقا، تۇردى ھۆسەيىنوپنى قولغا ئالغانىدى. بۇ جەھەتتە، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ مۆلچەرى توغرا بولۇپ چىقتى. ئۇ قادىر ئېلى تۇتۇپ كېتىلگەندە: «بۇ سەپدىشىمىز ئۆز جېنىنى ئاياپ قېلىش بەدىلىگە ھەرگىز باشقىلارغا مۇناپىقلىق قىلمايدۇ» دېگەنىدى. تۇردى ھۆسەيىنوپمۇ خۇددى شۇنداق تولۇق بىر ۋىجدان ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشى ئوتچاقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ھە دېگەندە تارمار بولۇپ كېتىشىدىن دېرەك بەرمەيتتى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ قېتىم ئىشەنچ بىلەن يەنە شۇ خۇلاسىگە كەلدى.

قادىر ئېلى ئابدۇللا داۋۇتىينى ئوتچاقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ تەسىس مەجلىسىگە تەكلىپ قىلىپ كېلىش ئۈچۈن بايغا بارغاندا، تۇردى ھۆسەيىنوپ سېيىت ئاببىاسنى بۇ مەجلىسكە ئەكېلىش ئۈچۈن ئۈچتۇرپانغا بارغانىدى. ماھىيەت جەھەتتىن، بۇ سەپەرلەردە ئوخشاشلىق بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە باي، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرىدە گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۆرەشلەرنى ئاقسۇدىكى كۆرەش بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە تەڭ قەدەم ئېلىش كۆزدە تۇتۇلغانىدى.

قادىر ئېلى قولغا ئېلىنىپ، بەش كۈن داۋامىدا تۇرغۇن قېتىم سوراققا تارتىلدى، ئۇرۇلدى، سوقۇلدى، قاتتىق ئازابلاندى. ئاچ ۋە ئۇسسۇز قىيىلدى، كېچىسى تار سىم قەپەسكە تۆرە سېلىنىپ، ئۇيقۇ - ئارامدىن مەھرۇم قىلىندى. قىسقىسى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رەھىمسىز تېرگاۋچىلىرى ياش ئابىرۇرچىكنى قىيناپ، پاش قىلدۇرۇش يولىدا قولىدىن كەلگەن ۋەھشىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. پۈككۈلمەس، قەيسەر يىگىت بۇلارغا باشتىن - ئاياغ شىردەك چىداشلىق بەردى. ياش ئەگمە-

دى، ھەتتا تۆمۈر كالتەك، قىزىدۇرۇلغان زىخ، سىم قامچىلار ئالدىدىمۇ بوشاپ تەسلىم بولمىدى ياكى قاپقانغا دەسسىتىش مەقسىتىدە قىلىنغان ياغلىما سۆز، ئالداش ۋە ھىجىيىپ قاراشلارغا ئىشىنىپ، ئۆز ئىرادىسىنى بۇلغىمىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىداپ ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن قارشى جاۋاب بەردى، كۆپ چاغلاردا تېخى ئۇن - تىن دېمەي، جىم تۇرۇۋېلىش ئارقىلىق تېرىكاۋچىلارغا ئۆزىنىڭ دادىل ۋە پۈكۈلمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. قادىر ئېلىنىڭ قىلىۋاتقانلىرى ھەقىقىي كۈرەش ئىدى. سوراقنى سۆزلىمەسلىك بىلەن جاۋابسىز قالدۇرۇش، پاكىتلارنى ئاشكارىدىن - ئاشكارا رەت قىلىش بىلەن يوققا چىقىرىش، خىلمۇ خىل جازالارغا چىداش يولى بىلەن باش ئەگمەيدىغانلىقنى ئىپادىلەش، يىغىپ ئېيتقاندا، مانا بۇلار ئاڭلىق كۆز قاراش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش بولۇپ، ئۇ تولۇق مەنە جەھەتتىن قاماق ھاياتىدا دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەقىقىي جەڭ بولۇپ قالغانىدى. قادىر ئېلى ئەنە شۇنداق قىلىش ئارقىلىق گۈندىپايلارنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ قاماقخانىدىكى مۇشۇ بىر قاتار كۈرەشلەر ئارقىلىق ساقچى ئورگىنىغا گويا ئۇقماستەك بولۇۋېلىپ، شېئىرىي ۋەرەقە سۈرەتلىك تام ۋەرەقىلىرىنىڭ يېزىلىش، چاپلىنىش جەريانلىرىنى پاش قىلىپ قويمىدى. قورال - ياراغ توغرىسىدىكى سوراقلارنى لام - جىم دېمەي تۇرۇۋېلىش بىلەن كەسكىن رەت قىلدى. ياش ئۇچقۇنلارنىڭ رويخېتىنىمۇ ئېيتىپ بەرمىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئېيتقاندەك قادىر ئېلى ئىشەنسە بولىدىغان قەيسەر ئەزىمەت ئىدى، ئۇ بۇ خاسىيەتلىك ئىرادىسىنى شەرەپلىك ھالدا باتۇرلۇق، غەيرەتكارلىق بىلەن تەلتۆكۈس ئاقلىدى. تۆردى ھەسەنوپمۇ قىيىن - قىستاقلار ئالدىدىكى ۋىجدانىي بۇرچىنى خۇددى شۇنداق چىدام بىلەن ئورۇندايدۇ.



مانا بۇ تۆردى ھەسەنوپ بىلەن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ گېزىتىدىن تارتىپ، بۇ يەردە ئاقسۇ گېزىتخانىسىغىچە بىللە ئىشلەپ بىر - بىرىنىڭ خاراكتېرىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى، باشقا سەپداشلارنىڭ بۇ چېكىنمەس نابورچىككە بەرگەن باھاسى ئىدى.

دۈشمەنلەر غالجىرلىشىپ، قاماش چارىسىگە باش ئۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىغا تېخىمۇ زور ئىرادە بىلەن ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار بىر قانچە كۈندىن بېرى سەپداشلارنى كۆپەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە جىددىي باش قاتۇرماقتا ئىدى. ئەمدى قادىر ئېلى، تۆردى ھەسەنوپلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن بۇ مەسىلە كۈنتەرتىپتىكى تېخىمۇ ئېھتىياجلىق ئىشلاردىن بولۇپ قالدى. شەھەر دەرۋازىلىرى ۋە تاملارغا گومىنداڭغا قارشى ۋەرەقىلەر چاپلانغان، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلقنى قوزغىلىشقا ئاشكارا دەۋەت قىلغۇچى مەتبەئە ۋەرەقىسى ئىدارە، مەكتەپ، مەسچىت ۋە مەھەللىلەرگە چېچىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئاھالىدە، بولۇپمۇ بىرمۇنچە ياشلاردا كۈرەش تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەمدى سەپداشلار ئۈچۈن، مۇشۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىنقى رەتتىكى ياشلارنى ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىغا ئەكىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قوشۇنىنى يېڭى قانلار بىلەن تولۇقلاش زۆرۈر ئىدى. ئاقسۇ دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان رۇس يىگىتلىرى ئاناتولى بىلەن ئىۋان ئەنە شۇنداق ياشلاردىن ئىدى. ئاناتولىنىڭ ئاقسۇغا كەلگىنىگە ئىككى يىلچە بولۇپ، ئۇ بۇ يەرنىڭ شەرت - شارائىتى بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ قالغان، خەلقنىڭ ئېغىر كۈلپەتلەر ئىچىدە ئاچ - يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ياش ئاناتولىدا خەلققە نىسبەتەن

چوڭقۇر مۇھەببەت، كومسوموللارنىڭ قانخور ئەمەلدارلارغا قارشى كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. ئۇ غۇلجىدا تۇغۇلۇپ، بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن، كېيىنچە تىببىي كۇرستا ئوقۇش تەلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ فېلدشېرلىق كەسپىنى ئىگىلىگەن. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، جاپالىق يەردە — ئاغرىق - سىلاق كۆپ ئورۇندا ئىشلەش ئارزۇسى بىلەن ئاقسۇغا كەلگەنىدى. ئاناتولىنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە باشقا قوۋم - قېرىنداشلىرى ھېلىمۇ غۇلجا شەھىرىدە تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ئاخباراتلارنى جان - جەھلى بىلەن قامال قىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، غۇلجىدا بولۇۋاتقان ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى، شۇنىڭدەك ئۆز تەركىبىدە ئۇيغۇر، قازاقلاردىن تاشقىرى يەنە، موڭغۇل، رۇس، ئۆزبېك، تاتار، خۇيزۇ، خەنزۇ، شىبە، قىرغىز، داغۇر ۋە مانجۇ ياشلىرىنىمۇ بىرلەشتۈرگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئاڭلاپ بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. بۇنداق خەۋەرلەرنى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىر ئاماللار بىلەن مەخپىي ئەۋەتكەن خەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا پات - پات مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. ئاناتولىنىڭ ئاكىسى تېخى قولىغا قورال ئېلىپ، مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان جەڭچىلەردىن ئىدى.

رۇس فېلدشېر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بالا ۋاقتىدىن تارتىپ تونۇش ئىدى. ئۇ كەلگۈسىنىڭ بۇ داڭلىق شائىرى بىلەن غۇلجا رۇس گىمنازىيىسىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش ئىدى. ئاناتولى ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ جۈرا تېپىپ، ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىشىپ ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇرۇشنى تەقەززالىق بىلەن ئارزۇ قىلاتتى.



ئاقسۇدا بۇ جەھەتتىن بىردىنبىر جۈرا پەقەت لۇتپۇللا مۇتەللىپلا ئىدى. ئۇ شائىرنى پات - پات ئىزدەپ كېلەتتى. شائىر مۇۋاپىق پەيت تاپسىلا، ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ دوختۇرخانىغا باراتتى. ئۇيغۇر يىگىتى بىلەن رۇس يىگىتى ئورتاق تىل، ئورتاق ھەۋەس ۋە ئارزۇغا ئىگە ئىدى. ئۇلار ئۇزاق - ئۇزاق باش قوشۇپ ئولتۇرۇپ، ئالېكساندىر پۇشكىن، مىخائىل لېرمونتوپ، ماياكوۋسكىلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئىۋان كىرىلوۋ مەسەللىرىنى، ماكسىم گوركىينىڭ «ئانا»، نىكولاي ئوستروۋسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن رومانلىرىنى رۇس تىلىدا ئوقۇشاتتى ۋە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىشاتتى. ئۇيغۇر شائىرىنىڭ تالانت بىلەن يېزىلغان لىرىكىلىق شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشمۇ ئاناتولىنىڭ ئادىتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شائىرنىڭ «ماي — كۆرمىشكە باي»، «بىلىنمەس شۇنداق ئۆتكەن»، «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەك» شېئىرلىرىنى دەسلەپكى مەشق ئورنىدا ئۇيغۇرچىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىشنى يېقىنقى بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى باشلىۋەتكەنىدى.

ئىۋان ئاناتولىنىڭ ئۈرۈمچى تىببىي كۇرستا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى بولۇپ، ئاناتولى بىلەن تەڭ بىر ۋاقىتتا ئوقۇش تاماملاپ، خوتەن دوختۇرخانىسىغا فېلدشېرلىق خىزمىتىنى ئىشلەشكە كەتكەنىدى. ئۇ، تىببىي جاھازلارنىڭ بولماسلىقىدىن زېرىكىپ، يۆتكىلىۋېلىش مەقسىتى بىلەن يىل بېشىدا خوتەندىن ئايرىلىپ ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا — ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتاتتى. ئاقسۇغا كەلگەندە ئاناتولى ئۇنى بىللە ئىشلەش ئۈچۈن توختىتىۋېلىپ ئاقسۇدا قالدۇرۇپ قالغانىدى. بۇ بۇنىڭدىن يېرىم يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئىۋان ئاناتولىنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن تونۇشتى ۋە قىسقا مۇددەتتىلا ئۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي ئىدراك جەھەتتە ئور-

تاقلىقتا ئىگە سىرداش دوستلاردىن بولۇپ كەتتى. لۇتپۇللا مۇ-
تەللىپ بۇ ئىككى رۇس يىگىتى بىلەن ئۆزئارا قىلىشقان سۆھ-
بەتلىرىدە، ئاقسۇدىكى ئىلغار ياشلاردىن گومىنداڭغا قارشى
كۈرەشچان تەشكىلات — ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى
توغرىسىدا بىر قانچە قېتىم بىشارەت بەرگەنىدى. بۈگۈن ئەتى-
گەن ئۇلار بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇش ئۈچۈن لۇتپۇللا مۇتەل-
لىپنى ئىزدەپ ئۆتىنىڭ ياتىقىغا كەلدى. نىزامنامىسىگە ئاساسەن
ھەر بىر يېڭى ئەزادىن قەسەم ئېلىنىشى كېرەك ئىدى. شائىر
بۇ توغرىدا يېقىن ياردەمچىسى ئۆمەرىدىن خوجا، كونىشەھەر،
يېڭىشەھەر ياچېيكىلىرىنىڭ باشلىقلىرى — بىلال ئەزىزى،
ئابدۇللا روزىلارغا دەرھال خەۋەر قىلىپ، ئۇلارنى چاقىرتىپ
كەلدى. بۇ قېتىمقى قەسەم بېرىش مۇراسىمى مەقسۇتئاخۇن
ئۇستىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۇلار بىر - بىرلەپ كېلىپ،
ساتىراشلىق دۇكىنىغا، ئاندىن ئۇ يەردىن ئىچكىرىدىكى خىلۋەت
ھويلىغا ئۆتۈپ، مەقسۇتئاخۇن ئۇستىنىڭ ئايرىم بىر ئېغىز-
لىق ئۆيىگە توپلاندى. مۇراسىمغا يەنە ئايرىم ئۇقتۇرۇشقا ئاسا-
سەن، يېڭىشەھەرلىك سەيداشلاردىن ئوسمان مۇھەممەت، كۈجەن-
خۇا، مۇساجان، يۈسۈپجان نىيازىلارمۇ كەلدى. قەسەمنامىنىڭ
رۇس تىلىدىكى نۇسخىسى تەييار ئىدى. ئۇنى ئاناتولى تۈنۈ-
گۈن ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن بىللە ئۇيغۇر-
چىدىن ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىۋالغانىدى. مۇراسىم ئېھتىيات
نۇقتىسىدىن قىسقا، ئەمما كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئەمدىكى ئىش ئىن-
قىلابىي پائالىيەتلەرنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاناتولى
بىلەن ئىۋاننى بارلىق ياش ئۇچقۇنلارغا ئۇچراشتۇرۇشتا قالدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ساتىراشنىڭ ئۆيى بىلەن خوشلىشىپ،
تۈپتوغرا ئاجاخۇن ئاكىنىڭ بېغىغا كەتتى. چۈنكى، سەيداشلار
نۆۋەتتىكى ھەربىي مەشىق ئۈچۈن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن شۇ



يەرگە يىغىلماقچى ئىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ تاشقىرىقى بازاردىن
ئۆتۈشتە چۈشلۈك غىزاغا ئاتاپ، نان، سامسا، پىشۇرۇلغان كا-
ۋاپ گۆشى ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار مەشىق ۋاقتى بولۇپ، ياش
ئۇچقۇنلار كەلگۈچە باغدا ئولتۇرۇپ شۇ نەرسىلەرنى يېدى.
چۈش قايرىلىپ، مەشىقنىڭ باشلىنىش ۋاقتى بولۇپ قالدى.
ئاڭغىچە بۇ يەرگە كونىشەھەر، يېڭىشەھەرلەردىكى ياش ئۇچقۇن-
لار ئىلگىرى - ئاخىر كېلىپ بولدى. رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر-
نىڭ ئىلگىرىرەك قىلىشقان مەسلىھەتلىرىگە ئاساسەن بۈگۈنكى
ھەربىي مەشىق ئالدىدىن مەجلىس ئۆتكۈزۈلدى. ئۆمەرىدىن خو-
جا مەجلىسنى ئېچىپ، ئاناتولى، ئىۋانلارنىڭ بۈگۈندىن ئېتى-
بارەن رەسمىي سەيداشلىق دەرىجىسىگە ئۆتۈپ، ئىنقىلابىي تەشكى-
لات ئىزمۇرىغا ئاجرالماس قان بولۇپ كىرگەنلىكىنى تەنتەنە
بىلەن جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ سۆز قىلدى:
— بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەش، — دېدى ئۇ، — ھالا
ھازىرقى ۋاقىتقا كېلىپ، دۈشمەن بىلەن قوراللىق ئېلىشىش
باسقۇچىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە يېقىنلاپ قالدى. بۇ ھەل
قىلغۇچ پەيتتە، گومىنداڭچى جاللاتلار سەيداشلىرىمىزنى بىر -
بىرلەپ قولغا ئېلىپ، ھەممىمىزنى پىلە قۇرتىدەك تەدرىجىي
يەپ تۈگىتىش چارىسىنى قوللانماقتا. ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن
ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئىنقىلابنى ئۈزۈل - كېسىل تۇنجۇقتۇ-
رۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىسا كېرەك. ياق، بۇنداق
قىلغىلى بولمايدۇ. خەلق يوقالمايدىكەن، ئىنقىلاب يوقالمايدۇ،
چۈنكى ئىنقىلاب ھەممە كىشىنىڭ تەلىپى بولۇپ قالغان. ھۆر-
لۈك - ئەركىنلىككە تەشنا خەلقلا بولىدىكەن، ئىنقىلابمۇ ئۆچمەس
مەشئەلدەك يالقۇنلاپ، مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. مەن
يەنە بىر قېتىم شۇنى ئېيتىمەن: بىز ئاقسۇ دېھقانلىرى، ھۈنەر-
ۋەن - كاسىپلىرى، بارلىق يېزا ۋە بازار ئاھالىلىرى بىلەن

بىللە، بىز ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىللە تۇرىمىز، بىز ئۆز ھاياتىمىزنى ئەلارنى ئازاد قىلىشقا بېغىشلىغان!

ئوسمان مۇھەممەت سۆز قىستۇرۇپ:

— سەپداشلار، سىلەر بىلىسىلەر، ھازىر خەلق ئىچىدە بىزنى قوللاۋاتقانلار ئىنتايىن كۆپ، — دېدى.

— ھەقىقەتەن شۇنداق. بىزگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — بۇندىن بەش - ئالتە كۈن ئىلگىرى دوستىمىز قادىر ئېلى تۇتۇلۇپ كېتىلگەن چاغدا، سېپىمىزگە ئىلغار ياشلاردىن سەككىز كىشى كېلىپ قوشۇلغانىدى. تۈنۈگۈن ساقچى ئورگىنى سەپدىشىمىز تۇردى ھۈسەيىنوۋنى قولغا ئېلىۋېدى، بۈگۈن ئاتاتىزلى، ئىنىلار ئۆز ئارزۇلىرىغا ئاساسەن قەسەم بېرىپ، دادىللىق ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىغا رەسمىي ئەزا بولۇپ كىردى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ سۆزىدىن توختاپ موخوركا ئورىدى، ئاندىن چەكمەكچى بولۇپ سەرەڭگە چاققانىدى، چېقىلمىغاندىن كېيىن تاماكىسىنى ھىمرىپ تاشلىۋېتىپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى:

— ئىنقىلاب يولى تەپتەكشى كېلىدۇ، ئۇنى ھەمىشە ئوڭۇشلۇق بولۇۋېرىدۇ، دەپ ئويلاش خاتا، — دېدى ئۇ، — بەزىدە بىز ئۇشتۇمتۇت كۈتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلارغا، ھەتتا قۇربان بېرىشلەرگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. مىسال ئۈچۈن ئېيتسام، قادىر ئېلى، تۇردى ھۈسەيىنوۋلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تەقدىر ئەتە سىلەردىن قايسىبىرىڭلارنىڭ بېشىغا كېلىپ قالار دېسەم، خاتا ئېيتقان بولمايمەن. بەلكى، بۇنداق تەقدىر سىلەردىن ئىلگىرى مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، بىز ئۆزىمىزنى خىلمۇ خىل ئەھۋاللارغا ھەرقاچان تەييار تۇتۇشىمىز،



ئىنقىلاب قىلسام قۇربان بولۇپ كېتەرمەنمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى، ئىنقىلابتا غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت، ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلۈش بىر تۇغقان. بەلكى بەزى چاغلاردا بۇلار ئۆزئارا كىرىشىپ گىرەلىشىپ كېتىدۇ.

شائىر سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، سىنچىلىق بىلەن سەپداشلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ قارىدى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ غەيرىي رەسمىي ھالدا كۆپچىلىكتىن سورىدى:

— قادىر ئېلى، تۇردى ھۈسەيىنوۋلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن ئارىمىزدا قورقۇپ ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقانلار بارمۇ — قانداق؟

— يوق! — سەپداشلار گۈررىدەپ بىر ئېغىزدىن جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق كىشىلەر بولمىغان بولسا ناھايىتى ياخشى. ئەگەر بار بولۇپ، ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىدىن چېكىنىپ كېتىش تەلىپىنى بەرسە ئۇنىڭغىمۇ يول ئوچۇق. لېكىن، بىزنىڭ ئىنقىلابىي ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ، ھازىرقىدەك سىناق باسقۇچىغا يەتكەندە، ھېچكىم مۇناپىقلىق قىلماسلىقى، ئىشلىرىمىزغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى لازىم.

— ئىككى سەپدىشىمىزنىڭ قامالغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالنىلا كۆرۈپ، ئىنقىلابقا پايدىلىق زور-زور ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالماسلىق خاتا، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا ياش ئۇچقۇنلارنى مەدەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە سۆز قىستۇرۇپ، — شوپۇرلاردىن ئۇقۇشىمىزغا قارىغاندا، مىللىي ئارمىيە ھازىر ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ بىرىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ئاساسلىق ئۇۋىسى بولغان ئۈرۈمچى ئېغىر پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قاپتۇ. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۈرۈمچىگە تېز ئارىدا كىرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، گومىنداڭ گېنېراللىرى، ھەر مەنەن دەپ يۈرگەن ئەمەلدارلىرى بالا - چاقىلىرىنى قاچۇرۇپ،

ئىچكى ئۆلكىلەرگە يولغا سېلىنىپتۇ. ئۈرۈمچىنى ئايروپىلان باس-باسچىلىقى قاپلاپ كېتىپتۇ. قاچىدىغانلارغا ھەتتا ئادەتتىكى ماشىنىلارمۇ يېتىشمەيۋېتىپتۇ.

— ھېلىقى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولمىش، كونىشەھەرلىك كىنەز پاشاخوجىمۇ قېچىپ بولدى، — دېدى بىلال ئەزىزى سەپداشلارغا يېڭى خەۋەر يەتكۈزۈپ، — ئۇ ھازىرچە ئۈرۈمچىگە بارىدىكەن، ئاندىن ۋەزىيەت يۆتىلىشىگە قاراپ ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىۋالماقچىكەن.

تاجاخۇن ئاكا سىرتقا قارانچۇق بىرلغاچ، ئىشىك ئالدىدا تال چىۋىقتىن سېۋەت توقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ساقچى ئوفىتسېرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، باغ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئىچكىرى ئۇنىڭ يۇرتى بولمىسا، ئۇ مۇنايىق نېمىدەپ قاچىدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭ ئەجەبلەنگىدەك يېرى يوق، — چۈشەندۈردى بىلال ئەزىزى، — ئۇنىڭ گومىنداڭچىلار بىلەن يولى بىر، تىلى بىر. ئۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇغا كېلىشىدىن قورقىدۇ، خەلقنىڭ ئۆزىنى جازالاپ قويۇشىدىن خەۋپسىرەيدۇ.

— قاچىدىغانلار بىر پاشاخوجا بىلەنلا تۈگەپ كەتكىنى يوق، — دېدى ساقچى ئوفىتسېرى سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — كونىشەھەر - يېڭىشەھەرلەرنىڭ چوڭ - چوڭ ئەمەلدارلىرى ھازىر بالا - چاقىلىرىنى ماڭدۇرۇۋېتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار قاغىلىق، خوتەن تەرەپلەرگە قاچماقچى. ئۇ يەرلەردىن چەت ئەلگە ئاسان كېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟

— گومىنداڭنىڭ سادىق مالايلىرىنى ھازىر قورقۇتۇۋاتقان نەرسە ئىككى، — دېدى ئابدۇللا روزى، — ئۇلار بىر تەرەپتىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ ئاقسۇغا مۇقەررەر



كېلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاقسۇ خەلقىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قوزغىلاڭ قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇ چاغدا گومىنداڭچىلار خالىغىنىنى قىلىپ يۈرگەن ئاقسۇ ئۇلارنىڭ گۆرىستانلىقىغا ئايلىنىدۇ.

— يېقىن ئېيتقاندا، گومىنداڭچىلار بىرلا نەرسىدىن قورقىدۇ. ئۇلار ئويغانغان ئاقسۇ خەلقىنىڭ كۈتىسىز ئۆرلەپ قىيامغا ئېتىپ قالغان غەزىپىدىن قورقىدۇ، — دېدى گۈزەنخوجا.

— ھازىر خەلق ئويغىنىپ بولدى، — دېدى ئوسمان مۇھەممەت ھاياجان بىلەن سۆزلەپ، — تۈنۈگۈن ئاخشام ئاقسۇدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان بىر ئەھۋالنى كۆردۈم. ھارۋىسىغا ياتقاق تىكەن باسقان بىر ياش يىگىت يېڭى بازاردا ساقچى بىلەن قورقماستىن دەلمۇ دەل تۇتۇشۇۋېتىپتۇ. ئۇ ساقچىنى قولىدىكى قامچا بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئىككى - ئۈچىنى سېلىۋەتتى. ئۇ قارا چاپانلىق مالاي بېلىدىكى تاسمىسىنى يېشىپ، ھارۋىكەشنى ئۇرماقچى بولۇۋىدى، توپلانغان خەلق ھارۋىكەشنى قوغداپ، ساقچىنى دۈشكەلەپ كەلگەن يولىغا قوغلىۋەتتى.

— مۇنداق ئەھۋاللارنى ئېيتىپ كەلسەك بەك تولا، — دېدى تەۋەككۇل ئۇلۇغبەگ، — مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە مۇشتقا مۇشت قايتۇرۇپ، ھەتتا مىلتىق تەڭلەشلىرىدىن قورقماي، ئەسكەرلەر بىلەن جاڭجاللاشقان كىشىلەرنىمۇ كۆردۈم.

— بىر ئاقسۇدىلا ئەمەس، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا، — ھازىر خەلق ھەممە جايدا ئويغىنىپ بولدى. مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سانجىغا كەلگۈدەك بولسا، تۇرپان، قۇمۇل، قەشقەر، خوتەنلەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلىدۇ. سىلەر مېنىڭ قاراشەھەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگىنىمنى بىلىسىلەر. ئۆتكەن يىلى قاراشەھەرنىڭ بىر قىسىم ياشلىرى تاشدىن تەرەپتە

بىرنەچچە قېتىم كېچىسى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— بىز ئىشىمىزدا يولۇقۇۋاتقان قىيىنچىلىق، سەپداشلارنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىدەك پاسسىپ تەرەپلەرنىلا ئەمەس، — دېدى بىلال ئەزىزى، — ھازىر كۆپچىلىك سۆزلىگىنىدەك كىشىنى روھلاندۇرغۇچى ئەنە شۇ ئاكتىپ تەرەپلەرنىمۇ كۆپرەك كۆرۈشىمىز كېرەك. ئىنقىلاب قىلىمەن دەيدىغان كىشىدە ئارقىغا ئەمەس، ھەمىشە ئالدىغا قارايدىغان روھ بولۇشى زۆرۈر. مانا شۇ روھلا بىزنى غەلىبىگە يېتەكلەپ بارالايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، شۇ كۈنكى ھەربىي مەشىق باشلىنىپ كەتتى. يازنىڭ كۈندۈزى ئۇزۇن ئىدى، مەجلىس ئۆتكۈزۈلگەنلىككە قارىماي، ئۇلار يەنە تولۇق ئىككى سائەت قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، كىرەلەشمە جەڭ مەشىقلىرىنى داۋام قىلدۇردى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئمىنىدىن خوجىلار مۇندىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ھەربىي ھال دوختۇرغا 5 – ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئاددىي ئەسكەرلىرىدىن يىگىرمە ئەزا جەلپ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئېيتقانىدى. ئۇ، ئوسمانجان، ئىبراھىم دېگەن ئىككى ئوت يۈرەك ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ، ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىغا تونۇشتۇردى. مۇساجان بۈگۈن يەنە لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئمىنىدىن خوجىلارغا ھەربىي قوشۇنىدىن ئۆزلۈكسىز ئەزا جەلپ قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئابدۇللا روزى دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن، ئوسمان مۇھەممەت مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن، يۈسۈپجان نىيازى، گۇجەنخۇالار ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن، بىلال ئەزىزى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق ساقچىلار ئەترىتى ئىچىدىن، تەۋەككۇل ئۇلۇغبېك كونىشەھەر ناھىيىلىك ئۇيۇشمىنىڭ ئىشچى – خىزمەتچىلىرىدىن سەپداشلىققا مۇ-



ناسىپ، ئىشەنچلىك كىشىلەرنى بايقاش ئىشىنى تېزلىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. باشقا ياش ئۇچقۇنلاردىن مەۋلانجان تۇردىيوپ، ئايدۇڭكېرىم ئارسىيوپ، ئىبراھىم ئىدرىسوپ، ئەخمەت ھەسەنوپلارمۇ بۇ جەھەتتىن ئۆزلىرىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېگىشلىك مەجبۇرىيەت قوبۇل قىلىپ ئالدى. كۈنتەرتىپتىكى ئىككىنچى ئىش قورال – ياراغلارنى كۆپەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى بۇ جەھەتتىمۇ بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئۇلار يېقىنقى بىرقانچە كۈن داۋامىدا ئىشەنچلىك تۆمۈرچىلەرگە 15 دانە قىلىچ، 17 تال نەيزە ياساتتى. يېڭىدىن يەنە ئون دانە شىراقلىق مىلتىق ياساتماقچى بولدى.

بۈگۈن ئاقسۇنىڭ ئەنئەنىۋى بازار كۈنى — پەيشەنبە ئىدى. كۈننىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتلەردىن باش كۆتۈرەلمىگەن ياش ئۇچقۇنلار چۈشتىن كېيىندىن قارتىپ، باشقا بىر ئىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۈگۈن كەچ «تاھىر – زۆھرە» ئوپېراسى سەھنىگە قويۇلماقچىدى. ئوپېرا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايىنەپىسە بۆلۈمى نامىدا ئوينالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن بۇيان بۇ جەڭگىۋار تەشكىلاتنىڭ يوشۇرۇن تەشەببۇسى بىلەن سەھنىگە قويۇلماقچىدى. چۈنكى، تاھىر رولىغا لۇتپۇللا مۇتەللىپ چىقاتتى. باشقا ئاساسلىق روللارنى مۇئمىنىدىن خوجا، يۈسۈپجان نىيازى، ئابدۇللا روزى، ئوسمان مۇھەممەتلەر ئىجرا قىلاتتى. سەھنە دېكوراتسىيىلىرىنى گۇجەنخۇا سىزىپ تەييارلىدى. مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بەرگۈچىلەرنىڭ بىر قىسمىمۇ ياش ئۇچقۇنلار ئىدى. ياش ئۇچقۇنلار يەنە ئويۇن ۋاقتىدا كۇلۇب ئىشىكىدە تۇرۇش، بېلەت تەكشۈرۈپ، تاماشىبىنلارنى جاي – جايىغا ئولتۇرغۇزۇش خىزمەتلىرىنى ئۆتەيتتى، «تاھىر – زۆھرە» ئوپېراسى مۇندىن ئىككى يىرىم

ئايچە مۇقەددەم ئوينالغانلىقىغا قارىماي سەنئەت سۆيەر خەلقنىڭ قاتتىق تەلىپىگە ئاساسەن، بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم ئوينالماقچى ئىدى. كۆلۈپ مارالبېشى روتىسى ئالدىنقى سەپنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇ يەردىن قورغانغا يۆتكەپ كېتىلگەندىن بۇيان بوش تۇراتتى. ياش ئۈچقۇنلار شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا «تاھىر — زۆھرە» ئوپېراسىنىڭ ئوينىلىدىغانلىقىدىن تاماشىچىلارنى خەۋەردار قىلىپ كوچا — مەھەللىلەرگە ئېلان چاپلىدى، مۇنداق ئېلانلار كونىشەھەرگىمۇ چاپلاندى. كۆلۈپ روتا گازارمىسى قىلىنغاندىن قارىتىپ، دازباختا. يىرتىق پايپاق، كونا پايتىما، پاقالچاق بوغقۇچ، ئەخلەت — چاۋا، تېزەك — چاڭ بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ياش ئۈچقۇنلار تولۇق بىرەر كۈن دېگۈدەك ھەپىلىشىپ، كۆلۈپ ئىچىنى سۈپۈرۈپ تازىلىدى. تاملاردىكى كىر — قاسماق، پاسكىنا داغلارنى قىرىپ چىقاردى، ئارىلىقتا ئاشلانغان ئورۇندۇقلارنى تىزىشۇپ كىرىپ، رەتلىك تىزدى، پەردە تارتتى، سەھنە دېكوراتسىيىسىنى تىكلەشكە ياردەملەشتى. شۇنداق قىلىپ، كۆلۈپ ئىچى قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولدى. چۈشتىن كېيىن، كۆلۈپ ئالدىدا «غېرىپ — سەنەم» ئوينالغان يىلكى «تاھىر — زۆھرە» بىرىنچى قېتىم قويۇلغان ۋاقىتتىكىدەك ناغرا — سۇناي چېلىنىپ، ئۇسسۇللار ئوينىلىپ، ئادەملەر ئويۇن — تاماشا ئەۋجىگە چىقتى. غالتەكلەردە چىلگە، قوغۇن، سەمسىگا، يايمىلاردا ياڭاق، گىلە — قاق، تەۋەككۈلەردە نان سودىسى بولۇپ، كۆلۈپ ئالدى ھەش — پەش دېگۈچە بازار تۈسىگە كىردى. لېكىن بۇ قېتىم ئىلگىرىكى قېتىملاردىكىدەك پاتىپاراقچىلىق بولمىدى، ساقچىلار يەنە كۆرەڭلەپ كېلىپ، ئويۇن — تاماشاغا ئارىلىشىدىغان، ئوپېرانىڭ قويۇلۇشىنى چەكلەيدىغان ئىشلارنى قىلمىدى. چۈنكى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ يوشۇرۇن سىرقۇپ قويغان جۈرتى بار ئىدى. ۋۇ شۇبىڭ، لى با ۋە باشقا ساقچى ئەمەل‌



دارلىرى ئويۇن ئاخىرلىشىپ، كىشىلەر تارقاپ، كۆلۈپ ئىچى بوش قالغاندا، ياش ئۈچقۇنلارنى شۇ جەم بولغان ھالىتىدىلا بىراقلا تۇتماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئويۇن — تاماشاغا چەك قويماي يىراق قويۇپ بەرگەنىدى. بۇنى ياش ئۈچقۇنلار بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ پىكىر — خىيالى، بارلىق تىرىشچانلىقى ئويۇننى ياخشى ئويناپ، خەلقنى مۇمكىنقەدەر كۆپرەك رازى قىلىشقا قارىتىلغانىدى.

كۆلۈپ ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت ھېكىم نۇر پەيدا بولۇپ، خەلق بەزمىسىنى بۇزۇۋېتىشقا ئۇرۇندى. ئىشپىيون ئېغىر مەستلىكتە دەلدەڭشىپ ماڭاتتى، توغرا كەلگەن بىرىگە تىل سالغاندەك بولاتتى. ئۇ، ياش ئۈچقۇنلارنى ئىزدەيتتى، ئۇلارغا ئۇچراپ روبىرو بولغان چاغدا، تىلىنى چايناپ سۆزلەرنى بۆلۈپ — بۆلۈپ، تەنە بىلەن:

— ئېشەك ئۆلسە، قوتى غېجەك تارتىپتۇ، دېگەن مانا شۇ! بىرئاز ۋاقىتلارغا خۇدايا شۈكرى دەپ ئۆيۈڭلارغا قايتىپ، ئاتا — ئاناڭلار بىلەن خوشلىشىۋالساڭلار بولمامدۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، ئېشەك ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇسىبەت يىغىسىغا غېجەك تارتىۋاتىمىز، — دېدى بۇنىڭغا جاۋابەن ياش ئۈچقۇنلاردىن بىرى.

يەنە بىرى بۇنىڭغا ئۇلاپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سېنىڭ يىقىلىپ قالغان ئۆلۈمىڭگە مەرسىيە نەغمىسى قىلىپ، خۇشاللىق تاماشىسى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، — دېدى.

ئىشپىيون ياش ئۈچقۇنغا مۇشت سالماقچى بولۇپ ئالدىغا ئېتىلدى، لېكىن مەستلىك ئىچىدە قاتتىق چايقىلىپ كېتىپ، «ۋاي ئاناڭنى...» دېگىنىچە يانغا مۇدۇرۇپ يىقىلدى. ئۇ تەرەپتە غالتەك بار ئىدى. ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى بىلەن غالتەك ئۆرۈ‌

لۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىغۇنلار يىرىلىپ، شىمشكا، گۈلە-قاقلار تۇپىلاڭ يەرگە تۆكۈلدى. ياش غالتەكچى ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئاچچىقىدىن تىللاشقىنىمۇ ئۇلگۈرەلمەي كۈچ بىلەن ئۇنى ئارقىمۇ ئارقا بىرقانچە قېتىم تەپتى. ئىشپىيون قىيسىيىپ يىقىلاي دەۋاتقان چاغدا، دوسالاردىن بىرى نەدىندۇر پەيدا بولۇپ، ئۇنى غەمخورلۇق بىلەن يۆلەپ، كۇلۇب ئالدىدىن ئەكەتتى.

بىگراقتا ئايتىللا كۇلۇب ئىچىگە كىرىپ كەتكەندى. ئۇ ئوپېرانىڭ بىرەر پەردىسىنىمۇ تولۇق كۆرگۈدەك بولمىغان بولسا كېرەك، بىر دەمدىلا قايتىپ چىقتى. ئۇ مەيۈس ئىدى. كۆزلىرى ياش يۇقى كۆرۈنەتتى. ئۇ ئويۇن بىلەتىنى ئىشىك تىرىسقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقاندا، ئىشىك تىرىسقۇچى چاقچاق قىلدى:

— ھەقىقىي زۆھرە سەھنىدىكى زۆھرەگە ئوخشاشمايدۇ، تاھىر ئۈچۈن يىغلاپ چىققانىدا ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ئۇ.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئايتىللا تۇرقىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ، — مەن ھېچقاچان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ زۆھرەسى بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ كۆيۈكمگە سەھنىدىكى ئاشۇ زۆھرە يىغلىسۇن. بۇ قېتىمقى ئويۇن ماڭا قىزىق ئەمەستەك تۇيۇلدى، ئۇنى كۆرسەمەن، دەپ تۇرغۇچە ياتىقىمغا بېرىپ ئۇيقۇمنى ئۇخلاي، دەپ يېنىپ چىقتىم.

ئايتىللا راستىلا ياتىقىغا قايتىدىغاندەك بولۇپ، ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ دەسلەپ شەھەر سىرتى تەرەپكە ماڭدى. لېكىن تۆت كوچا ئاغزىغا بارغاندىن كېيىن شەھەر ئىچىنىڭ جەنۇبىي قانتىغا بۇرۇلۇپ، كېچە قاراڭغۇسىنىڭ دالدىسىدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە قاراپ چاپسان مېڭىپ كەتتى...

ئوپېرا ئاخىرلاشتى. خەلق تاھىر رولىنى تولۇق ماھارەت



بىلەن ئورۇندىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ۋاپادار سەردار رولىغا چىققان مۇنىرىدىن خوجىدىن چوڭقۇر رازى بولغان ھالدا كۇلۇبتىن چىقىپ، ئۆيلىرىگە كېتىشتى. ئاڭغىچە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن بىر تۈركۈم قوراللىق ساقچىلار دوسالارنىڭ قوماندانلىقىدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېلىپ، كۇلۇبنىڭ يان تەرىپىدىكى ۋالىي مەھكىمىسى ۋە كەينىدىكى تار ئارقا ھويلا ئارقىلىق سەھنىنى تۆت تەرەپتىن يوشۇرۇن قورشاپ بولغانىدى. ئۇلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلارنى گىرىم بىلەن تۇرغان پېتى قولغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ باشقا ياش ئۇچقۇنلارمۇ تۇشمۇتۇشتىن قولغا ئېلىنىپ، چەمبەرچاس باغلاپ تاشلاندى. بۇ يەردە پەقەت قۇددۇس بىلەن مەۋلانجان تۇردىيوپلا يىراق بولۇپ، قۇددۇس ئۆرە كېزىك كېسەللى بىلەن قاتتىق ئاغرىغانلىقى تۈپەيلىدىن كونىشەھەرگە كېتىپ، بىر ھەپتىدىن بېرى ئاتا-ئانىسىنىڭ كىزتۈمىدە تۇراتتى، مەۋلانجان تۇردىيوپ كۆز ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن كونىشەھەردە قېلىپ، «تاھىر - زۆھرە» ئويۇنىغا كېلەلمىگەنىدى. ساقچى ئىدارىسى مەۋلانجان تۇردىيوپنى ئىز قوغلىشىپ تىنتىپ يۈرۈپ، تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن تۇتۇپ كەتتى.

ئاقسۇ خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى، ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى يولىدا جان تىكىپ كۈرەش قىلغان جەڭگىۋارلار كۇلۇبتىن ھەيدەپ چىقىلىپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاراڭغۇ كامېرلىرىغا ئەكېتىلىۋاتقاندا، مۇنىرىدىن خوجا ئۇلارغا بەلەن ئاۋاز بىلەن مۇراجىئەت قىلدى:

— سەپداشلار! — دېدى ئۇ، — بىز كىچىكتۇق، كىچىككەندىمۇ راسا كىچىكتۇق. ئاخىر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويدۇق! گومىنداڭ قاماش، ئازابلاش يوللىرى بىلەن بىزدىن ئۆچ ئالالىشى مۇمكىن، ئەمما غەزەپكە كەلگەن

خەلقتىن ئۆچ ئالالمايدۇ. قۇدرەت تاپقان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىن ھەرگىز ئۆچ ئالالمايدۇ. خەلق بىگۇناھ قامالغانلىقىمىز، قاراڭغۇ كامېرلاردا تارتقان ئازابىمىز ئۈچۈن گومىنداڭچىلاردىن چوقۇم قىساس ئالىدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق، ئۇ خەلقلەر قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قالىدۇ!

ياش ئۇچقۇنلار ھەيدىلىپ تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە ئۆز – ئۆزىدىن غۇجمەكلىشىپ، بىرلەشكەن چوڭ گەۋدە شەكلىگە كىرىپ قالدى. بۇ چاغدا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئوتتۇرىدا، ياش ئۇچقۇنلار توپىنىڭ يادروسى بولۇپ ئۇلارنىڭ مەركىزىدە تۇراتتى. شائىر ھەربىر ئۇچقۇننىڭ غەزەپتىن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىرمۇ بىر قاراپ ئۇلارغا باش لىڭشىتتى. ئاندىن ئاقسۇغا كېلىپ، ئىككى يىلدىن بېرى تونۇش بولۇپ كەتكەن كوچىلارغا خەيرلىشىش نەزىرى بىلەن يېنىش – يېنىش قارىدى. ئۇ شىمالىي دەرۋازا تەرەپكە كۆز تاشلىغان چاغدا، گويا تاشقىرىقى بازار تەرەپتە مىڭ – سىڭلىغان بىچارە ئاقسۇلۇقلارنى، مەقسۇتتاخۇن ساتىراش، تاجاخۇن ئاكا، سالاخۇن ئاشپەز، قالىكەشلەرنى كۆرگەندەك بولدى، ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىن گۈلباغ دەرۋازىسى ۋە ئۇ يەردىن ھالقىپ يېڭى بىنا رايونى، يېڭىمەھەللە، سوجۇ مەھەللىسى، قىزىلكۆۋرۈك، ئېگەرچىلەرنى ۋە بۇلار ئارقىلىق ئىككى يىلدىن بېرى ئۆزى ياشىغان، ئىشلىگەن ۋە كۈرەش ئېلىپ بارغان لەڭگەر كوچىسىنى، كونا مەيە بازىرى، ئاسۇق، خەيجاڭ مەھەللىلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. ساقچىلار مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ ياش ئۇچقۇنلارنى ئىتتىك مېڭىشقا قىستاۋاتقاندا. لۇتپۇللا مۇتەللىپ پارتلىغان بومبىدەك بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ:

— بىزنىڭ قولغا ئېلىنىشىمىز بىلەن ئىنقىلاب توختىمايدۇ، مۇستەبىتلەرگە قارشى كۈرەش ئەمدى قاماقخانىدا داۋام قىلىدۇ. ياش ئۇچقۇنلار تۇتاشتۇرغان ئىنقىلاب مەشئىلى يەنىلا لاۋۇلدايدۇ! — دېدى.

ئاخشىمى چىققان قاتتىق بوران ئاھالىلەرنى پۈتۈن بىر كېچە ئەنسىزلىك سالغىنىغا قارىماي ئەتىسى يەنە كۈركىرەپ، تاكى كەچ كىرگۈچە داۋام قىلدى. يول – يوللاردا ئۇزاقتىن بېرى تىنماي كەتكەن يۇمشاق، ئۇلۇك توپا توزۇپ، كوچىلاردىن ھويلا – ئۆيلەرگىچە بېسىپ كىردى. دەل – دەرەخلەرنىڭ ياش نوتا، نازۇك، يۇمران شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ، يېشىل يوپۇرماقلارنى بىمەزگىل خازان قىلدى، باغلاردىكى گۈللەرنى توزۇتۇپ، پورەكلىرىنى يەرگە تۆكتى. ئاقسۇ يېڭىشەھەردە ھەممىدىن ئىلگىرى ئويغىنىپ، تاڭ – سەھەردىلا سودا – سېتىق تەييارلىقىغا كىرىپ كېتىدىغان تاشقىرىقى بازارمۇ پۈتۈن بىر كۈننى جىمجىتلىقتا ئۆتكۈزدى. ناۋايخانىلاردا تونۇرغا ئوت يېقىشقا بولمىغانلىقتىن نان پىشۇرۇلمىدى، سامسىپەزلەرمۇ بىر كۈنلۈك سودىدىن مەھرۇم قالدى. بىرقانچە يەردىكى ماتا، چەكمەن، سەرگەز، چوتا ۋە ئەتلەس – شايى دۇكانلىرى ئېچىلماي، بۇ كۈننى تاقاقلىق پېتى ئۆتكۈزدى، بورا – پالاس، ھېجىر – تاۋاق يايمىلىرى كوچىغا ئاچىقىلمىدى.

ئاجايىپ ئۆتكۈر ۋە مەزمۇندار شېئىرلىرى بىلەن خەلققە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ۋە باشقا ياش ئۇچقۇنلارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تېزلا

پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالدى. شائىرنىڭ تەقدىرىدىن ئۇنىڭ ئۇستاز، ساۋاقداشلىرى قايغۇردى، بارلىق تونۇش - بىلىشلىرى خاتىرجەمسىزلەندى. ئاقسۇ خەلقى ئۆز يۇرتىنىڭ مەدەنىيەت سېپىنى يورۇتۇشقا، سەنئەت ئىشلىرىنى نۇرلاندۇرۇشتا مەشئەل بولۇپ كەلگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئمىنىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئۆلتۈرۈلگەن ھەمپىكىر ياشلارنىڭ ياشاش ۋە كۈرەش قىلىش ئەركىنلىكىدىن بىر يولى مەھرۇم قىلىپ تاشلانغانلىقىغا چوڭقۇر ئېچىندى.

بۇ شۇم خەۋەر غۇلجا شەھىرىگە ئاڭلانغان چاغدا «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ئۆزىنىڭ باش ستونلىرىنىڭ بىرىگە قويۇق قارا سىيادا رامكا ئېلىپ چوڭ ھەرپلەر بىلەن مۇنۇ سۆزلەرنى باستى:

«گومىنداڭ جاللاتلىرى ئاقسۇدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرى مۇئمىنىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ئۆلتۈرۈلگەن جەڭگىۋار ياشلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قولغا ئېلىپ، كەچۈرگۈسىز جىنايەت سادىر قىلدى. لۇتپۇللا ئەزىم ئوغلى مۇتەللىپ ئەمدىلەتىن گۈزەل ياشلىقىنىڭ 23 - باھارىغا قەدەم قويۇپ، پۈتۈن بىر كىشىلىك ھاياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چېچەكلەپ ئېچىلىش مەزگىلىگە ئۆتۈۋاتقان نۇرانە ياش يىگىتلەردىن ئىدى. شۇنداقلا ئۇ خىلمۇ خىل تىزلەردە يېزىلغان لىرىكىلىق شېئىرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۈمىد - ئىستىقباللىق ماھىر قەلەمكەشلىرىدىن بىرى بولغانىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىرقانچە ئايدىن بېرى سەنئەتكار مۇئمىنىدىن خوجا، شائىر بىلال ئەزىزى قاتارلىق



ھەمپىكىر ئاقسۇ ياشلىرى بىلەن گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن سەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەركىنلىككە تەشنا خەلقلەرنى زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا باتۇرلارچە چېلىشىپ كەلگەنىدى.

بىز خەلقىمىزگە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقى توغرىسىدا قايغۇلۇق خەۋەر بېرىۋاتقان چېغىمىزدا، گومىنداڭ گۇندىپايلىرىغا: «ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنى تېز بوشىتىڭلار! ئۇلارنىڭ ياش ھاياتىغا چاڭگال سالغۇچى بولماڭلار! ئەگەر بۇ ۋەھشىيلىكنى قىلىدىكەنسىلەر، ئۇلارنىڭ شەكسىز قىساسىغا قالىسىلەر!» دەپ جاراڭلىق سادا بىلەن ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويىمىز.»

ئاقسۇغا ئانچە ھايال بولماي، باي، ئۇچتۇرپانلاردىكى ياش ئۇچقۇنلارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىمۇ خەۋەر كەلدى. گومىنداڭچىلار بايدىن ئابدۇللا داۋۇتوپ، ئوسمان قاسىم، يۈسۈپ كىچىك قاتارلىقلارنى تۇتۇپ كەلگەنىدى. شوپۇر ھېيىت يەكەندە «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنى تارقىتىۋاتقاندا، قولغا ئېلىنىپ كەتتى.

بۇ كۈنلەردە، مىللىي ئارمىيە باش شتابى ئاقسۇغا بىر قىسىم قوشۇن ئەۋەتىپ، بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنى زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم قاتناش كىندىكى بولغان ئاقسۇنى ئۈرۈمچىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىپ، گومىنداڭنىڭ قەشقەر،

## ئىككىنچى قىسىم

# قانلىق كۆرەش

يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرى بىلەن بولغان ئىنتايىن زىچ باردى - كەلدىسىنى بىر يولى ئۈزۈپ تاشلاش پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى. بۇ پىلانغا ئاساسەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى پەۋقۇلئاددە جەڭ باتالىيونى تېز تەشكىل قىلىنىپ، جەڭگىۋار ۋەزىپىگە ئۇزىتىلدى. ئۇنىڭغا خەلق ئوغلانلىرى — ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى سۈپىتىدە سىياسىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. مەشھۇر ھەربىي خادىم سوپاخۇن سوۋۇروۋ بۇ باتالىيونغا كوماندىر قىلىپ تەيىنلەندى.

# گومىنداڭچىلار ئىچىدە ئالاقزادىلىك

يېڭىشەھەرنىڭ يار ئۈستىگە ۋە كونىشەھەرنىڭ يارىبېشى قەبرىستانلىقىغا شىمالدىن بولىدىغان ھۇجۇمغا قارشى بىر قاتار مۇداپىئە پوتەيلىرى بىلەن يوشۇرۇنتۇش ئاكوپلىرىنىڭ ياسالغىنىغا بىرقانچە ئاي بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كەمگىچە ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئەسكەر قويۇلمىغانىدى. يېڭىشەھەر كوچىلىرى بىلەن كونىشەھەر كوچىلىرىدىكى پوتەي، لەخمىلەرمۇ ئوخشاشلا ئەسكەرسىز بوش تۇراتتى. شۇڭا، خەلقلەر بۇ جايلارنى تەرەتخانا ۋە ئەخلەت ئازگىلى قىلىۋالغانىدى. بىراق، مۇشۇ ھەپتىدە ئاقسۇ ۋەزىيىتى تۇشتۇمتۇت جىددىيلىشىپ، ئەسكەرلەرنىڭ نامايىشكارانە يۆتكىلىشلىرى كۆپىيىپ قالدى. قوراللىق ساقچىلار كېچە-كۈندۈزدە ئايىغى ئۈزۈلمەي كوچا - مەھەللىلەرنى تىمىسقىلاپ ئارىلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئەسكەرلىرى بۇرۇنقىدەك كېچىلىرىلا ئەمەس، كۈندۈزلىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئەتەيىن كۆرسىتىپ قويىدىغان، يېزىلارغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا كۆزىتىپ تۇرىدىغان بولدى. قىسقىسى، شۇ كۈنلەردە ئاقسۇنىڭ ئىككىلا شەھىرىدە ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرگۈچى بەلگە - ئالامەتلەر سېزىلەرلىك دەرىجىدە ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئىككى تەرەپتىن قورقاتتى. ئۇلار-

تىنىڭ قارشىچە، بىرىنچىدىن، خەلقنىڭ قوزغىلاڭغا بولغان مايىللىقى كۈچىيىپ، شۇ كۈنلەردە ئاقسۇنى قوراللىق كۆتۈرۈلۈشنىڭ ھىد - پۇراقلىرى قاپلاپ كەتكەنگە ئوخشايتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تېز ئارىدا جەنۇبقا كېلىدىغانلىقى ئۆلچەردىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئاقسۇ خەلقى باشلاش ئالدىدا تۇرغان قوراللىق قوزغىلاڭ مەلۇم بىر خىل تاشقى كۈچنىڭ بىۋاستە قوزغىشىغا موھتاج بولۇپ، بۇ كۈچ — مىللىي ئارمىيە ئىدى.

ئاقسۇدا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، شەھەر خەلقىنىڭ ھەر كۈنى ئاخشامدىن ئەتىسى تاڭ يورۇغىچە ئەركىن يۈرۈش - تۇرۇشى مەنئى قىلىندى. گومىنداڭچىلار بۇ چارىنى ئەمەلدارلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى خەلق كۆزىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئاقسۇدىن قاچۇرۇپ چىقىرىۋېلىش، ئۇلارنىڭ يول ئۈستىدە زەربىگە ئۇچراپ، خېيىم - خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جارى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ كۈنلەردە يەنە، باي ناھىيىسى تەرەپتىن قاچقۇن ئائىلىلەر كېلىپ، يىراق جايلارغا پاناھلىنىۋېلىش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئايرىم ناھىيىلىرىگە كېتىپ تۇراتتى. ئاقسۇ كونىشەھەردىكى ئەمەلدارلار ۋە بىر قىسىم يۇرت بەگلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ، يېڭىشەھەرگە چىقاتتى - دە، بۇ يەردە ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن توپ بولۇپ، كېچىلىرى ھارۋىلاردا ئۇزۇن سەپەر كارۋىنى ھاسىل قىلىپ، قوراللىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەننىڭ يەنە شۇ ناھىيىلىرىگە قېچىپ كېتىشەتتى. بۈگۈن ئەتىگەن بامدات نامىزى ۋاقتىدا يېڭىشەھەر لەڭگەر كوچىسىدىكى جامە جامائىتى بىلەن تاشقىرىقى بازارنىڭ ئۇيقۇدىن بىدار سەزگۈر سامسىپەز، ناۋايلىرى قاتار تىزىلغان تۆمۈر چاقلىق چوڭ ھارۋا ۋە مەپىلەرنىڭ كۆز ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە



كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇلار بايدىن ئاخىرقى تۇركۈمدە بالا - چاقىلىرىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قېچىپ كەلگەن قاچقۇنلار بولۇپ، شۇ ناھىيىنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، ساقچى ئىدارىسى، مالىيە - باج ئىدارىسى، ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىق ۋە سوراقچىلىرى، ئەمەلدارلىق مەنسىپىدىكى گۇندىپايلار، بانكا باشلىقى قاتارلىق غوللۇق گومىنداڭچىلار بىلەن خەلق ئالدىدىكى كۆپ يىللىق جىنايەتلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىنىشقا كۆزى يەتمەيدىغان يالاقچىلار، ئىشپىيونلار ۋە بىر قىسىم بەگلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ۋەقە يەنە كېلىپ، باي ناھىيىسىدە شىمالدىن بولۇۋاتقان خەۋپ — مىللىي ئارمىيە تەھدىتىنىڭ روشەن ھالدا كۈچىيىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاقسۇ ئۇدا بىرقانچە كۈن قاچقۇنلار كېلىپ تۆپلىنىدىغان، ئاندىن يەنە بۇ يەردىن قاغىلىق، خوتەن تەرەپلەرگە مېڭىپ تۇرىدىغان، ئۆتكۈنچى ماكان — يول ئۈستى بېكىتىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئاخىر بۇ ۋەقە ئاقسۇ خەلقىدە گومىنداڭغا قارشى ئويغىنىشنى تېخىمۇ تېزلەتسە، بۇ يەردىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلاردا بۇتىنىڭ ئەكسىچە غەم - قايغۇ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇردى. ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس، دېگەندەك، ئىككى ناھىيىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغانلىقىغا قارىماي، ئەتىسى يەنە يېڭىشەھەرگە كونىشەھەردىنمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ھودۇقۇش بىلەن قېچىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھىيە باشلىقى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ كاتىپباشلىرى، ھايات - ماماتلىق تەقدىرلىرىنىڭ چۆلۈۋۈرىنى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە يېشىلمەس قىلىپ باغلىۋالغان بازار بەگلىرىدىن رۇستەم ۋە ھەسەن چۇيجاڭلار بار ئىدى.

خەلق ئىچىدە قاچقۇنلارنىڭ يول ئۈستىدە پاجىئەلىك تەقدىرگە ئۇچراۋاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىدى.

ئاقسۇ - قەشقەر يولىدىكى شوتا. تەڭ دېگەن ئۆتەڭلەردىن قاچقۇنلارنىڭ نەيزە ۋە قىلىچلار بىلەن قوراللانغان چوڭ بىر تۈركۈم ئاقسۇ ياشلىرىنىڭ كېچىدە ئۇشتۇمتۇت تۇسۇشى ۋە قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. باي بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى قوشتېمى كەنتىدىن كەلگەن خەۋەر گومىنداڭچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولدى. ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسىنىڭ ياشلىرىدىن بىرقانچىسى شۇ يەردە قاچقۇنلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر نەپەر قوراللىق ساقچى بىلەن باي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقىنى — يەنى ئايتىللانىڭ ئاكىسىنى كېچىسى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانىدى.

بۇ ئىش بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىمۇ، ئاقسۇدىكى ھەربىي ۋە ساقچى ئورگانلىرى ئالدىدىمۇ بىردىنبىر ئەيىبلىك كىشى ۋىلايەت ۋالىيسى چاۋ گىلىڭ بولۇپ، ئۇ قاچقۇنلۇقنى ۋە كونىشەھەردىكى ئىدارە - ئورگانلارنىڭ كۆچمە مۈلۈكلىرى بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ سېپىل ئىچىدىكى دوختۇرخانا، مەكتەپ، مال دوختۇرخانىسىغا ئوخشاش ئورۇنلارنىڭ مەنقۇلاتلىرىنى شەھەر ئىچىگە توشۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بىنالىرىنى بوش تاشلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. بۇنى باھانە قىلغان ھەربىي ھوقۇقدار جاۋ خەنجى ۋىلايەتنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى — ھەربىي، مەمۇرىي، ساقچى ۋە مالىيە جەھەتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى بىر يولى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. چاۋ گىلىڭ ئەمەلدارلارنىڭ بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۇرۇشقا ئەسقاتمايدىغان چوڭ كىچىك بەزى قېرى - چۆرى ھوقۇقدارلارنى خوتەن تەرەپكە قاچۇرۇشنىلا ئەمەس، ھەتتا ئەسكەرلەر بىلەن ساقچىلارنى پۈتۈن تەركىبى بىلەن قەشقەرگە يۆتكەپ كېتىشنىمۇ تەشەببۇس قىلغانىدى. ۋالىينىڭ پىلانىغا



ئاساسلانغاندا، شۇ يول بىلەن قوراللىق كۈچلەرنى ۋە قورال - ياراغ زاپىسىنى ساقلاپ قېلىپ، قەشقەردىكى ھەربىي ۋە ساقچى كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە يېڭىلمەس مۇداپىئە سېپى شەكىللەندۈرگىلى بولاتتى. ئەگەر شۇنداق قىلىنمىسا، ئۇلارغا ئاقسۇ قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلەشكەن مىللىي ئارمىيە كۈچلىرىگە يەم بولۇشتىن باشقا چارە قالمايتتى. چاۋ گىلىڭ بۇ تەشەببۇسى بىلەن قورقۇنچاقلىق ۋە تەسلىمچىلىكتە ئەيىبلىنىپ، ۋىلايەتنىڭ باش ھوقۇقدارلىق لاۋازىمىدىن قالدۇرۇلۇپ، نەزەربەند قىلىندى. ئەسلىدە، ئىلى ۋىلايىتىدە چوڭ مەنسەپدارلاردىن بىرى بولۇپ ئىشلىگەن چاۋ گىلىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە نويابىر ئىنقىلابى قوزغىلىشتىن ئىلگىرى ئاقسۇغا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىدىن بەزىلىرى ھېلىمۇ غۇلجىدا تۇراتتى، ھەتتا تۇغقانلىرىدىن بىرى مىللىي ئارمىيە سېپىدە ئىدى. ئۇلار قوراللىق ئىنقىلاب داۋام قىلىۋاتقان جايدا نەپرەتتە قالماي خاتىرجەم ياشاپ قېلىشنى كۆزلەپ، يوشۇرۇن خەت ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن مىللىي ئارمىيىگە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلغانىدى.

شۇ كۈنلەردە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن قىيىر تاغ ئاغزى ئارقىلىق باي ناھىيىسىگە بولۇۋاتقان تەھدىت كۈچىيىپ، قوراللىق كۈرەش بورىنى ئاقسۇغا كۈنسايىن يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. يېڭىشەھەر دەرۋازىلىرى تاقىلىپ، سېپىل ئىچى بىلەن تېشىنىڭ ئادەتتىكى كىرىش - چىقىش ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قويۇلدى. شىمال، جەنۇب دەرۋازىلىرى تۆمۈر لوملار بىلەن غورۇلانغاندىن تاشقىرى، ئىچ تەرەپتىن يەنە ئالتە قەۋەت كېسەك تام قوپۇرۇلۇپ، ئېچىلماس قىلىۋېتىلدى. شەرقىي دەرۋازا تۆت - بەش يىلدىن بۇيان 5 - ئاتلىق پولكىنىڭ گازارمىسى ئىچىگە ئېلىنىپ كېتىلگەنلىكتىن، ئۇ ھەرقاچان

ئاقاقلىق تۇراتتى. پەقەت بىرگىنە دەرۋازا — غەربىي دەرۋازىلا شەھەر سىرتى بىلەن بولىدىغان ئالاقىلەردە ۋاقىتلىق پايدىلىنىش تۇرۇش ئۈچۈن تام - توسۇق بىلەن قويۇرۇلماي، يېرىم ئاقاق، يېرىم ئوچۇق ھالەتتە قالدۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەتتە تۆمۈر غورۇ بىلەن غورۇلىنىپ، سىرتتا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ھەربىي بۆلۈنمىلەر بىلەن ساقچى ئەترەتلىرىگە ئېچىپ بېرىلگەندىن تاشقىرى، باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە تاقاق تۇتۇلدى. شۇنداق قىلىپ، كىچىككىنە ئاقسۇ شەھىرى تولۇق كۆزۈتۈشى بىلەن سىبىتچىلىق قاپلىغان ئاممۇي قاماقخانىغا، قۇلۇپلاپ مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن تىرىك مۇردىلار ئاۋۇتىغا ياكى ھەربىيلەر بىلەن ساقچىلار تولۇپ تېشىپ، زىچچىمۇ زىچ بولۇپ كەتكەن مۇدھىش كازارمىغا ئايلىنىپ كەتتى.

1945 - يىلىنىڭ 8 - ئېيى كىرىپ، ئاقسۇدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىسسىق ئىقلىمىغا خاس تىنچىق ھاۋا ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. تۆت ئەتراپى ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان قاسقاندەك كىچىك شەھەر قاغجىراپ ئاپتاپ بىلەن تونۇردەك قىزىپ، ئۇنىڭغا سولانغان ئادەملەرنى تىنچىق ئازابى بىلەن قىينايتتى. سېپىل ئىچىدە ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېقىن سۇ، سايىداشقا بىرەر تۈپ دەرەخمۇ يوق ئىدى. چۆمۈلۈشكە كۆل، يۈز - قولنى يۇيۇپ سەگىدىۋېلىشقا ئېرىقمۇ تېپىلمايتتى. دەرۋازىلارنىڭ تاقىلىشى بىلەن ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى، ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ ئات - ئۇلاغلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. سۇغا بولغان ئېھتىياجنى يەر ئاستى سۈيىگە، يېڭىدىن چېپىپ كۆپەيتىلگەن قۇدۇقلارغا تايىنىش بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولاتتى. بىراق گومىنداڭچىلار بىرلا ئەرسىدىن خاتىرجەم ئىدى، ئۇلار ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە يېمەكلىك جەھەتتىنلا قىينالماي ئۆتەلەيتتى.



ئوق - دورىسىمۇ ئۈنچىۋالا كەمچىل دېگۈدەك ئەمەس ئىدى، ئۇلار بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ دەرىجىسىنى مۆلچەرلىگەن چاغدا، ھۆكۈمەت ئىسكىلاتلىرىدىكى دانلىق ئاشلىقلارنى ئالدىنئالا كۆپلەپ ئۇن قىلىپ تارتقۇزۇۋالغاندىن تاشقىرى، كونىشەھەردە ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقنى يېڭىشەھەرگە يۆتكىۋالغان ۋە سىرت يېزا - كەنتلەردىن كۆپ مىقداردا گۈرۈچ، ياغ ۋە قوي - كالا بۇلاپ كېلىپ، ئېشىپ تاشقۇدەك دەرىجىدە ئوزۇق - تۈلۈك زاپىسى تەييارلىۋالغانىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەسكەرلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئامبارلارغا تۈلۈك - تۈگىلاردا شوجۇ ھارىقى ئەكىرىۋالدى.

بىراق، 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئۆلۈم ئەندىشىسى بىلەن بىللە باشقا بىر ئەندىشىمۇ قىيناپ تۇراتتى. جاۋ خەنچى ھەربىر قېتىم مۇداپىئە تەدبىرلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغاندا، ئالدىنقى سەپ كۈچلۈك ئارقا سەپنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج. يېڭىشەھەر مۇداپىئەسى كۈچەيگەن شارائىتتىلا ئالدىنقى سەپتىكىلەر پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشتا مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولالايدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپ دەپ كۆزدە تۇتۇۋاتقان يەرلىرى مۇزداۋان، مۇزات، قوغان، بوزدۆڭلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇ كۈنلەردە 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ خۇاڭ يادۇەن روتىسى بوزدۆڭدە، مۇستەقىل خاكى ئىزۋوتى مۇزداۋاندا، دارالبېشىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن روتا قوغاندا تۇرۇۋاتاتتى. بايىنى بولسا ئاقسۇ 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن كۈچا 4 - پىيادىلەر پولكى بىرلىكتە مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. شۇ سەۋەبتىن جاۋ خەنچى بايىدا 4 - پولكنىڭ مۇداپىئەسىگە تايىنىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئاقسۇ زاپاس پولكى بۇنىڭدىن ئىلگىرىدەك بايغا يۆتكىلىپ، بار - يوق

150 - 160 چە ساقىندى ئەسكىرى بىلەن شۇ جايدا كىچىك گارنىزون قىسىم بولۇپ تۇراتتى. بىراق، جاۋ خەنچىنىڭ بۇ پولكىنى ئەمەلىي كۈچ قاتارىدا ھېسابلىغۇسى كەلمەيتتى. ئەكسىچە، ئۇ بۇ ھەربىي قىسىم تەركىبىدىكى ئەسكەرلەرنى ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرغۇچى ئىغۋاگەرلەر دەپ قارايتتى. دېمىسىمۇ زاپاس پولك ياشلىرى ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئىسيانكارلار ئىدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يىراق نىيە ناھىيەسىدىن گۇما ناھىيەسىگە قەدەر ھەرقايسى يېزا ۋە كەنتلەردىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ، ئاقسۇغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاخىرقى ھېسابتا زاپاس پولكنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بۇ ياشلار گومىنداڭنىڭ ھەربىي قورۇلمىسى ئىچىدە تۈرلۈك - تۈمەن قىيىن - قىستاقلارغا، چىدىغۇسىز خارلىنىشلارغا ئۇچراپ، ئاخىر، ئۆز تەقدىرلىرىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن ئەمەس، خەلقنىڭكى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، يېتەرلىك ئاڭ - سېزىمگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ئۇلاردىن ھېچ-بىرىنىڭ خەلققە قارشى ئۇرۇش قىلغۇسى، ئۆزلىرىنى زالىملار ئۈچۈن ھالاك قىلىپ بەرگۈسى كەلمەيتتى. شۇڭا بۇ ياشلارغا مىلتىق تۇرغاي، ئەسكەر بولغىنىغا لايىق قىلىچ چاغلىق نەرسە-لەرمۇ بېرىلمىگەنىدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇرۇش ھالىتى دەۋرىدىكى ھەممىگە ھوقۇقلۇق ئەمەلدارى زاپاس پولكىنى ئۇرۇش تەھدىتى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان جايغا ئەۋەتىشنى پىلانلىغان چاغدا، ئۇنىڭدىكى ئاددىي ئەسكەرلەرنى خۇددى ئاددىي يولۇچىلاردەك تامامەن قورالسىز ھالدا يولغا سالغانىدى. جاۋ خەنچى ئىشنى ئەنە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئۆز كۆڭلىگە مەلۇم بىر ۋەھشىيانە مەقسەتنىمۇ پۈككەنىدى. ئۇ بۇ ياشلارنى بايدا بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ پاتىپاراقچىلىقى ئىچىگە



تىقىپ تاشلاپ قويۇپ، بىر يولى بىھۇدە قۇربان قىلىۋېتىشنى كۆزلىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ جاۋ خەنچى باي ناھىيەسىنىڭ مۇداپىئەسى توغرىسىدا ھەرقاچان گەپ بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە زاپاس پولكىنى ياردەمگە ئەۋەتكەنلىكىنى پەش قىلىپ، كۇچا 2 - دىۋىزىيەسىنىڭ باشلىقى ئاڭ شىجاڭ ئالدىدا ماختىنىۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇ يول بىلەن، 5 - ئاتلىقلار پولكىدىن بايغا يەنە قوشۇمچە ھەربىي بىرلىك ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنسا، بۇنى ئورۇنداشتىن باش تارتىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلدۈرۈپ قوياتتى.

كۇچادا 2 - دىۋىزىيە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ شۇ ناھىيەدىكى 4 - پىيادىلەر پولكىنى بىۋاسىتە ئىلكىدە تۇتاتتى. بۇ پولك بۈگۈر، شايار، توقسۇ، كۇچا ناھىيەلىرىنىڭ ھەربىي مۇداپىئەلىرىگە مەسئۇل ئىدى. ئاقسۇ 5 - ئاتلىقلار پولكىمۇ 2 - دىۋىزىيە شتابىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇناتتى. گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي شتابى كېيىنكى كۈنلەردە، ئاقسۇ، كۇچا، باي تەرەپلەرگە مىللىي ئارمىيە تەھدىتىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ما جىنشاڭ كورپۇسىدىن خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان، تولۇق ئادەم سانىغا ئىگە مۇنتىزىم ئايرىم بىر مۇستەقىل ھەرىكەت باتالىيونى ئەۋەتتى. گومىنداڭ ما جىنشاڭ كورپۇسىغا ئۆتكۈر خەنجەر، قاشارماس تىغ، قايرىلماس بىس قاتارىدا قارايتتى. دېمىسىمۇ بۇ كورپۇس جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدا يول توسۇپ ئۇرۇش قىلىش، قاراملىق بىلەن بۆسۈپ كىرىش، ئۇشتۇمتۇت قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش جەھەتلەردە داڭق چىقارغان ما بۇفاڭ قوشۇنىدىن خەلق ئىنقىلابىغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن مەخسۇس ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەنىدى. كۇچاغا يېڭىدىن كۆپەيتىلىپ ئەۋەتىلگەن

ئۇستەقىل ھەرىكەت باتالىيونى ئەنە شۇ كورپۇسنىڭ يېڭىشـ ملا يېلىپ، يېڭىلىشنى بىلمەيدىغان ئەل ئالدىنقى كۆزبىر قىسىملىرىدىن بىرى دەپ قارىلاتتى.

ئۇرۇش ۋەھشىي كۈچىيىپ، خۇددى بايدىكىدەك ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان ئاقسۇدىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە قوشۇنچە ئەسكەر ئېلىش يەنە بىر قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە 5 ـ ئاتلىقلار پولكى كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى ئىدارە، مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ خادىملىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى خەنزۇ، خۇيزۇ ياشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسكەرلىككە ئېلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى يەنىمۇ تولۇقلىۋالدى.

## ئەركىنلىك جەڭچىلىرى بايدا

باي ناھىيىسىدە، ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇ ئەمەلگە ئاشتى. مىللىي ئارمىيىسىنىڭ سوۋاخۇن سوۋۇرۇۋ باتالىيونى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يېتەكچىلىكىدە قىيىر تاغ ئېغىزىدىن گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ قاتتىق توسقۇنلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، غەلىبە بىلەن باي ناھىيىسىگە كىردى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ تەبىئىي توسۇق قىيىردىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بۇ يىراق تاغ ئۆتكىلىدىن شامالدەك تېزلىك بىلەن ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ خەۋەر بايدا يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتـ قان قوزغىلاڭ تەييارلىقىغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچى پىلتە بولۇپ



خىزمەت قىلدى. بۇ يەردىكى خەلقنى ئاشكارا كۆتۈرۈلۈشكە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىشغال قىلدى. ئەدلىيە مەھكىمىسى، ساقچى ئىدارىسىگە بۆسۈپ كىرىپ، قاماقخانىلاردىكى مەھبۇسلارنى بوشاتتى. قوزغىلاڭچى خەلق قاماقخانا كامېرلىرىدىن گومىنداڭغا قارشى تەشكىلات — ئۈچچۈنلار ئىتتىپاقىنىڭ باي ياچېيكىسىدىن ئۆز ۋاقتىدا قولغا ئېلىنىپ كەتكەن ئابدۇللا داۋۇتوپ باشلىق جەڭگىۋار ياشلارنى ئىزدىدى. بىراق، بۇ كىشىلەر بايدا يوق ئىدى. ئۇلارنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بۇنىڭدىن ئىلگىرى لۈتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا ۋە ئاقسۇدىكى باشقا ياش ئۈچچۈنلار بىلەن بىرلىكتە ئىككىنچى بىر قاماق ئازابىغا سېلىش ئۈچۈن، ئاقسۇغا، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەھشەتلىك زىندانىغا ئاپىرىۋېتىلگەنىدى.

جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى قىيىردىن قاچقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ يوقىتىش يۈرۈشى بىلەن سەلتەنەتلىك ھالدا باي بازىرىغا كىرىپ كەلدى. گومىنداڭ باي تەۋەسىدە بولغان ئۇرۇشلاردا ئۇرغۇن چىقىم بېرىشكە مەجبۇر بولدى. زاپاس پولك ئەسكەرلىرى ئۆز كوماندىرلىرىنى تاياق ـ توقماق، خەنجەر ـ پىچاق ياردىمى بىلەن يوقىتىپ، پۈتۈن تەركىبى بىلەن مىللىي ئارمىيە باتالىيونىغا كېلىپ قوشۇلدى. باي بازىرى قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن چاقماقتەك تېز ئازاد قىلىندى. بۇ يەردىكى بىر روتا گومىنداڭ ئەسكىرىدىن قاچقانلىرى قېچىپ، قالغانلىرى تەسلىم بولدى. ناھىيىنىڭ شەرق، غەرب تەرەپلىرىدىكى يېزا دېھقانلىرىنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن قاچقان قوراللىق دۈشمەنلەرنىڭمۇ زور كۆپچىلىكى يوقـ تىلدى. شۇنداق قىلىپ، تارىخىي زامانلاردىن بۇيان، ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەن باي ۋە ئۇنىڭ

تولمۇ ئىززىلگەن خەلقى گومىنداڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغانلىق
شەرىپى بىلەن خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. ياشلار تىزركىزە-
لەپ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى شتابىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ
مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە قوبۇل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى.
شتاب ئىچى ھەش ـ پەش دېگىچە مۇشۇنداق يۈزلىگەن
تەلەپكارلار بىلەن تولۇپ تاشتى. رويخەتكە ئېلىنغان ياش-
لارنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا قورال ـ ياراغ تارقىتىپ بېرىلدى.
مىللىي ئارمىيە باتالىيونى مەلۇم مىقداردىكى قورال ـ ياراغ
زاپىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار يۇتى قىيىر تاغ ئېغىزىدىكى
ئۇرۇشتا دۈشمەن قوشۇنىدىن غەنىيمەت ئالغانىدى. باي ناھىيە-
سى ئازاد بولغانلىقىنىڭ بىرىنچى كۈنى باتالىيون تەركىبىگە
قوبۇل قىلىنىپ قوراللاندۇرۇلغان ياشلار بىر يۈزيىگىرمىدىن كۆپرەككە
يېتىپ، ئۇلاردىن تولۇق ئادەم سانىغا ئىگە تۆت ئىزۋوت تەش-
كىل قىلىندى. بۇ ئايرىم بىر روتا قۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك
ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى گومىنداڭ زاپاس پولكىنىڭ سابىق
ئەسكەرلىرىدىنمۇ يېڭى بىر روتا تەشكىل قىلىندى. بۇ يەردە
قوشۇن زورايتىشنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، باتالى-
يون شتابىغا كېلىپ جەڭچى بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان
ياشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەمدىكى مەسىلە قورال ـ يا-
راغنىڭ كەملىك قىلىۋاتقانلىقىدا ئىدى.

باي ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى بىلەن، مىللىي ئارمىيە
باتالىيونىنىڭ ئالدىدا ئىشلەشكە تېگىشلىك بىرىنچى ۋەزىپە، بۇ
يەردە كونا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل پاچاق-
لىنىپ تاشلانغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلاپ، ئۇنىڭ
ئورنىغا يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ
قالغانىدى. بۇ ئىش ئۈچۈن كەڭ دائىرىلىك ئاممىۋى يىغىلىش
ئۇيۇشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بىراق باي ناھىيىسى ئىككى



ياقتىن، يەنى شەرقتە كۇچا 4 ـ پىيادىلەر پولكى بىلەن
كۇچا مۇستەقىل ھەرىكەت باتالىيونىنىڭ، غەرپتە ئاقسۇ 5 ـ
ئاتلىقلار پولكىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغانلىقتىن، يىغىلىشنى
ئارتۇقچە ئۇزاققا سوزماي، مۇمكىنقەدەر قىسقا ئۆتكۈزۈش
كېرەك ئىدى. ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كەڭ ھويلىسى
يىغىلىش ئورنى قىلىپ تاللىۋېلىندى. ھويلىغا ساتما راۋاق
ياسىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ناغرا ـ سۇناي چېلىندى. بۇ غەلىبە
شادىيانىسى بولۇش بىلەن بىللە، خەلقنى يىغىلىشتىن خەۋەر-
لەندۈرۈشنىڭمۇ بەلگىسى ئىدى. ھەرخىل تەبىقىدىكى بازار
ئاھالىسى: ئىشلەمچىلەر، ئىمكارلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار،
سودا ـ سېتىقچىلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، يۇرت مۆتىۋەر-
لىرى، قىسقىسى ھەرخىل كەسىپ، ھەرخىل ياشتىكى ئەر ـ ئا-
ياللار ئارقىسىمۇ ئارقا مەكتەپكە كېلىپ، ئۇنىڭ كەڭ ھويلىسىنى
ئادەم دېڭىزى بىلەن تولدۇردى. ئۇلارغا يەنە يېقىن ئەتراپتىكى
يېزىلاردىن نۇرغۇن خەلق كېلىپ قوشۇلۇپ، يىغىلىش
تەنتەنىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈردى. ئاخىر كەڭ
ھويلا تارلىق قىلىپ قالدى. كېيىنرەك كېلىپ قالغان خەلقلەر
مەكتەپ سىرتىدىمۇ ئادەم دېڭىزى ھاسىل قىلدى. باي ناھىيە-
سىدە توك بولمىغانلىقتىن، مىكروفون ئىشلىتىشنىڭ ئىمكانىيىتى
يوق ئىدى، ئاخىر، سىياسىي كومىسسارلار ناغرا ـ سۇناي
ئۈچۈن ياسالغان ساتما راۋاققا چىقىپ، مەكتەپتە ئىشلىتىپ
كېلىنگەن كاناي ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بايىدىكى تۇنجى
نۇتۇقلىرىنى باشلىدى.

نۇتۇق تېكىستلىرى ئالدىن تەييارلىۋېلىنغان بولۇپ، زۆرۈر
تېپىلغاندا خەلقلەرگە تارقىتىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن،
غۇلجا مەتبەئەسىدە نۇرغۇن مىقداردا باستۇرۇۋېلىنغانىدى.
سىياسىي كومىسسارلار يىغىلىشتىن بۇرۇن تېكىستنى ئالاھىدە

كۆزدىن كەچۈرۈپ، باي ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق تېپكەشلىك قوشۇمچىلار بىلەن ئۇنى تولۇقلىۋالدى. يىغىنلىشنى ئايدۇكېرىم ئاببىاسوپ ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق نۇتقىنى باشلىدى:

— بىز ھازىر، — دېدى ئۇ، — باي خەلقىنىڭ يېقىنقى ھاياتىدا پەقەت ئۇچراپ باقمىغان، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەججە ئون يىللىق تارىخىدا بەلكى ناھايىتى كەمدىن كەم يۈز بەرگەن مۇھىم غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن بۇ يەرگە توپلاندۇق. بۇ يىغىلىشتا بىز سىلەر بىلەن بىللە ھېلىدىن - ھېلى قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىمىزنى، باي ناھىيىسىنىڭ گومىنداڭ ئاسارىتىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلغانلىقىنى تەبرىكلىمەكچىمىز. ئوچۇق سايلام، كەڭ خەلق سايلىمى ئۆتكۈزۈپ، ناھىيىمىزلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى سىزلەر ھەقىقىي كۆڭلىڭىزلار بىلەن سۆيگەن، ئۆزىڭىزلار ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزماقچىمىز. بۈگۈنكى كۈندىن باشلاپ باي دىيارىدىكى ھاكىمىيەت بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرگە، سىزلەرنىڭ ئۆزىڭىزلەرگە مەنسۇپ بولدى!

— ئىككىنچى بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، — دېدى ناتىق سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — بۈگۈنكى تەنتەنىلىك يىغىلىشنى خەلقىمىز ئۇنتۇلماس تارىخىي توي مەرىكىسى ۋە سىزلەرنىڭ مۇستەبىتلەر ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلىكىڭىزلارنىڭ مەڭگۈلۈك خاتىرە بەلگىسى بولۇپ قالسۇن دېمەكچىمىز. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مانا بۇ كۆتۈرمە راۋاق ئۈستىدىن، قېرىنداشلار، سىزلەرگە، بايدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىنىپ، ئىش بېجىرىشنىڭ خەلق قولىغا ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سىزلەر سايلىماقچى بولۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر



خۇرسەنچىلىك بىلەن جاكارلايمەن. يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ شۇنى ئېيتىمەن: بايدىكى ھاكىمىيەت باي خەلقىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولدى!

توپ ئىچىدە قاتتىق چاۋاك ئۇرۇلۇپ، ئادەم دېڭىزى چايقالدى، دولقۇنلىدى. باي خەلقى ئۆز ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن يوشۇرۇن دۈشمەنلەردىن، گومىنداڭنىڭ بايدىكى ساقچى ئورگىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ھەر خىل، ھەر ياڭزا پايلاقچىلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇلار مىللىي ئارمىيە باتالىيونىنىڭ ئىچكى قورۇلمىسى ۋە قورال - ياراغلىرىنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ، گومىنداڭ پولكلىرى بىلەن بولغان كۈچ - قۇدرەت جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىنى ئېنىقلاش، خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان كۆڭۈل مايىللىقىنى بىلىپ چىقىش ۋە بۇ باتالىيونىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەرىكەت يۆنىلىشلىرىنى پايلاپ، قولغا كەلتۈرگەن جىددىي ھەربىي مەلۇماتلىرىنى كۈچا ياكى ئاقسۇدىكى خوجايىنلىرىغا زۆرۈر ۋاقىتتا يەتكۈزۈپ بېرىش مۇددىئاسى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يەرلەردە يوشۇرۇن دوقۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇلار دەل مۇشۇ تاپتا مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپ، توپ ئىچىگىمۇ سىڭدىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

مەكتەپ ھويلىسى دەل - دەرەخسىز چوڭ بىر پارچە ئوچۇقچىلىق ئىدى. چاشگاھ مەزگىلىدىن كېيىن، بۇلۇتسىز سۈپسۈزۈك ئاسمان قەھرىگە تىك ئۆرلەشكە باشلىغان ياز قۇياشى بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بەرىكەتلىك ئاپتىپى بىلەن ئادەملەر توپىنى قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ساتما راۋاق ئۈستى تەرەپتىن چەللە قىلىنىپ كۆپكۆك دەرەخ شاخلىرى بىلەن يېپىلغان بولسىمۇ يانتىدىن ئۆرۈۋاتقان ئىسسىق ھاۋا تەپتىدىن ئۇنىڭ ئىچى قىزىپ، دىمىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئايدۇكېرىم ئاببىاسوپ يوغان چاپان چىنىدە تولدۇرۇپ سەغىق چاي

ئىچكەندىن كېيىن، يۈز - كۆزلىرىگە كۆتۈرۈلگەن مونچاق - مونچاق تەرنى ئېرتىپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى:

— بايىنىڭ ئازاد قىلىنىشى، — دېدى ئۇ، — بىز جەنۇبىي شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان بىر قاتار غەلىبىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇقەددىمىسى ۋە ئايرىم بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئىشنىڭ باشلىنىشى خەلق ياردىمى بىلەن ئەنە شۇنداق ئوڭۇشلۇق بولدى. ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمەنكى، مۇندىن كېيىنكى ئۇرۇشلىرىمىزمۇ چوقۇم غەلىبىلىك بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن دۈشمەننىڭ تۈلكىدەك قۇۋ، بۆرىدىنمۇ يىرتقۇچ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. خەلقتىن ئايرىلغانلارغا يېتىملىك ۋە مەغلۇبىيەت گويا ئادەم سايىسىدەك ھەرقاچان ئەگىشىپ يۈرىدۇ. لېكىن ئۇلار خەلق قوزغىلىڭىدىن يېگەن ئەجەللىك زەربىسىنى بەلكى تەن ئالماي قويۇشى مۇمكىن. دېمەك، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز تولىمۇ تەرسا ۋە جاھىل، ئۇلارنىڭ ئارىڭىزلارغا يوشۇرۇپ قالدۇرۇلۇپ كەتكەن ئادەملىرىنى يوق دەپ ئېيتىشقا ھېچقايسىمىز ھەقلىق ئەمەس. ئاشكارا دۈشمەننى، مىلتىق تۇتقان گومىنداڭ ئەسكىرىنى، قارا كىيىملىك ساقچى ئوفىتسېرىنى بايقىۋالماق ناھايىتى ئاسان، لېكىن، لىباسىنى ئۆزگەرتكەن، زەھەرلىك تىغىنى يەڭ ئىچىگە يوشۇرغان دۈشمەنلەرنى، ئىشپىيون، جاسۇسلارنى، ئۇزۇن قولاق تىڭچىلارنى، قارا كۆڭۈل تىمىسقىلارنى بايقىۋېلىش ئانچىۋالا ئاسان ئەمەس. بۇنىڭغا قارشى بىزدە بولۇشقا تېگىشلىكى ھوشيارلىق. قېرىنداشلار، سىزلەر ئۆز ئارىڭىزلەرگە تەقى - تۇرقىنى ئۆزگەرتكەن، قورالسىز بولۇپ، پۇقراچە يوشۇرۇنۇپ كەلگەن ھەربىي رازۋېتچىكلارنى پاش قىلىش ۋە تۇتۇشتا ياردەم بېرىشىڭىزلار كېرەك. دۈشمەن ئۇنسۇرلىرى ئارىمىزدىن يوشۇرۇنۇپ كىرىۋالغۇدەك دەز - يوچۇق تاپالمىسۇن.



ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىرئاز توختاپ، يەنە بىر قېتىم يۈز - كۆزىدىكى تەرنى ئېرتتى. مەكتەپ ھويلىسىنىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ، ئادەملەر توپىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. خەلق جىمجىت، گويا بىر كىشىدەك زىچ گەۋدە بولۇپ، قىمىر قىلماي، ساتما راۋاقتا ناتىقنىڭ ئاغزىغا دىققەت نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. باي خەلقى مەغرۇر ئىدى. ئۇلار شۇ تاپتا چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، مىللىي ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ قالغانلىقلىرىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ پىژغىرىم ئاپتاپتا ئۆرە تۇرغانلىقلىرىغا چىداپ، سىياسىي كومىسسارنىڭ سۆزلىرىنى چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى.

— بىز، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — يوشۇرۇن دۈشمەن ئاشكارا دۈشمەندىن خەتەرلىك دەپ ئېيتىمىزدا. ئاجىز شامالنىڭمۇ شەپىسىز كېلىپ شامنى ئۆچۈرۈپ تاشلىيالايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىمىز. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن قورقۇپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچى يېتەرلىك قورالغا ئىگە بولۇپ، تىنچ پۇقرالارنى كۆرگەندە يەتتە باشلىق ياللاۋۇزدەك كۆرەڭلىسىمۇ، بەربىر ئۇلار قوزغالغان خەلق ئالدىدا قاتتىق بىر پەشۋاغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. خەلق ھەممە ۋاقىت غالىب، كەڭ خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئۆزىگە تايانچ ۋە تۈگىمەس مەنبە قىلغان ياش مىللىي ئارمىيە يېڭىلمەستۇر!

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتتىق ئۇرۇلغان چاۋاكلارنىڭ كۈچلۈك سادالىرى ئىچىدە سۆزىنى تۈگەتتى. شۇندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى ساتما راۋاق ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ قىسقىچە نۇتقىنى باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزى ناھىيىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ، ئۇلارغا مەسئۇل خادىملار سايلاش ئۈستىدە داۋام قىلدى.

— بىز گومىنداڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان
ئىكەنمىز، — دېدى ئۇ، — ئەلۋەتتە خەلق ئۇنى ئۆزلىرى
ئىشەنگەن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈشى كېرەك.
بىزنىڭ قۇربان بېرىشتىن قورقماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىن
داڭغا قارشى قانلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتىمىزمۇ،
ئەنە شۇ يەردە. ئىنقىلابنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئەڭ ئاساسلىق
ئىشان كونا ھاكىمىيەتنى ئۈزۈل - كېسەل پاچاقلاپ تاشلاپ
ئاخىرقى نەتىجىدە ئۇنى تامامەن ئۆزگەرتىپ، يېڭىلاشتىن ئىبارەت.
ناھىيىدىكى ئىدارە ـ ئورگانلاردا خەلق يارىتىدىغان ۋە ئىشەنچ
قىلالايدىغان، يەنە كېلىپ بىز پۇقرالارئۈچۈن بەجانىدىل بىلەن
ئىشلەيدىغان كىشىلەر رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىشى كېرەك.
بۇ كىشىلەر گومىنداڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى، قورال
لىق كۈرەشتىن تىكلىنەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلەردىن بولۇ
شى شەرت. بىز بۈگۈن بۇ يەردە، ئەنە شۇنداق كىشىلەردىن
ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى سايلاپ
چىقىمىز.

سىياسىي كومىسسارلارنىڭ قولىدا ئالدىنئالا تىزىملاپ
قويۇلغان تەييار ئىسىملىك بار ئىدى. بۇ كىشىلەر باي ناھىيە
سىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولۇپ، خەلق ئىچىدە ئىززەت ـ
ئابرويغا ئىگە، ھېچقاچان جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمىغان،
گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يوشۇرۇن ياكى
ئاشكارا ساتقىنلىق خىزمىتى ئىشلىمىگەن، دىلى ساپ، نامى
پاك، ئوقۇمۇشلۇق يۇرت مۆتىۋەرلىرى قاتارىغا كىرەتتى. قاسىم
جان قەمبىرى بۇ كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىك لاۋازىملىرىغا تاللى
نىۋېلىنغانلىقىنى ئىسىملىرى بىلەن بىرمۇ بىر ئېلان قىلغاندىن
تاشقىرى، ئۇلاردىن قايسىبىرىنىڭ قايسى ئورۇندا باشلىقلىق
خىزمىتى ئۆتەيدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق ئېيتىپ ئۆتتى. ئادەملەر تۇ-



پى ئىچىدە تۈنۈگۈنكى پۇقرالارنىڭ بۈگۈن ۋەزىپىدار كىشىلەرگە
ئايلىنىپ قالغانلىقىغا قارىتا ھاياجان شاۋقۇنلىرى رىتىملىق
داۋالغۇش پەيدا بولۇپ، ئۇزاققىچە خۇشاللىق قاينىمى ئۇرغۇدى.
بۇنىڭغا ئۇلاپ، قاتتىق چاۋاك دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، سىياسىي
كومىسسارلار كۆرسەتكەن نامزاتلارنىڭ بىر ئېغىزدىن ماقۇللانغانلى
قى بىلدۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن، خەلق تەنتەنىسى يەنىمۇ ئەۋجى
گە چىقتى.

ناھىيىنىڭ يېڭى رەھبىرىي خادىملىرى يىغىلىش باشلانغان
دىن تارتىپ، راۋاق ئالدىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن راسلاپ قويۇلغان
ئورۇن ئورۇندۇقتا قاتارلىشىپ ئولتۇراتتى. ئىسىملىرى ئېلان
قىلىنغان چاغدا، ئۇلار سايلىغۇچىلارغا سالام بېرىپ، تەشەككۈر
لىرىنى بىلدۈردى. شۇندىن كېيىن، بىرپەس ناغرا - سۇناي
چېلىنىپ، باي ناھىيىسىدە ھاكىمىيەتنىڭ گومىنداڭدىن خەلق
قولىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغانلىقىغا تەنتەنە قىلىندى. كىشىلەرنىڭ رو
ھىي كەيپىياتى ئۈستۈن ئىدى. يىغىلىشتا ئومۇمىي خەلق شادى
يانىسى باشلىنىپ، ئەر - ئاياللار ئۆز - ئۆزىدىن ئوتتۇرىغا
چىقىشىپ، بىرقانچە شوخ پەدىگە ئۇسسۇل ئوينىدى. سوپاخون
سوۋۇرۇۋ خېلىدىن بېرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا بولۇپ،
باي - ئاقسۇ يولى بويىچە، مۇزات، قوغان تەرەپكە، باي، كۇ
چا يولى بويىچە، سايرام، قىزىل تەرەپلەرگە رازۋېتچىكلار ماڭ
دۇرۇش، مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ،
جەڭچىلىككە تىزىملىتىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلارنى روبىخەتكە
ئېلىش ئىشلىرى بىلەن بولۇۋاتاتتى. بۇ چاغدا، ئۇمۇ خەلق بى
لەن يۈز كۆرۈشۈپ قويۇش ئۈچۈن مەكتەپ ھويلىسىغا كەلدى.
ئادەم دېڭىزى باتالىيون كوماندىرىنى ئۆز ئارىلىرىدىن ماڭ
دۇرۇپ، قىزغىن چاۋاك ۋە يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن قارشى
ئالدى.

سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ ياكى سېمىز، ياكى گەۋدىلىك ئادەم ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپتە بىرقانچە يىل ئوقۇپ، خەتەرلىك ئۇرغۇن ھەربىي مەشقلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈش، بىر روتا ئەسكەرگە كوماندىرلىق قىلىش، ئاندىن يەنە گومىنداڭ ھەربىي قىسمىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە ئۆتكەندىن كېيىن بىرقانچە جايىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئارقىلىق چېنىقىپ مۇستەھكەم بولۇپ كەتكەن تەقى - تۇرقى ئۇنىڭ چەبدەسلىكىنى، كۆتۈرەڭگۈ روھقا تولۇپ تاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋقا مىللىي ئارمىيىنىڭ قارامتۇل سارغۇچ دىگىنال كىيىمى بېشىدىكى سادىرچە ئاق كىگىز قالپاقتا قوشۇلۇپ ئاجايىپ ياراشقانىدى. مۇرىسىدىكى بىر يالداق، تۆت تۇچكىلىق ھەربىي ئۇنۋان ئۇنىڭ تايغان سۈپەت، ئەمما تولۇق كەلگەن مۇلايىم قىياپىتىگە باشقىلاتتىن كۆركەملىك قوشۇپ تۇراتتى. سىياسىي كومىسسارلار خەلقنىڭ باتالىيون كوماندىرىنى كۆرۈشكە تەلمۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى راۋاق ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ، راۋاقتا كۆرۈنگەن چاغدا ئادەم توپى ئىچىدىن يەنە بىر قېتىم تەكشى چېلىنغان چاۋاك ئاۋازى ياڭرىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ كوماندىرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ نوقۇل ھەربىي خادىم بولۇپ، نۇتۇق سۆزلەشكە ئادەتلەنمىگەنىدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم يۆتەلگەن بولۇپ، كانىيىنى قىرغاندىن كېيىن ساللاقلىق بىلەن سۆز باشلاپ كەتتى:

— باي ناھىيىسى گومىنداڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىندى، — دېدى كوماندىر. — لېكىن بۇ يەر بىزنىڭ كېلىپ توختىغان ئاخىرقى بېكىتىمىز ئەمەس. باي ئۈچۈن بولغان جەڭ بۇندىن كېيىن پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى دۈشمەنلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرقاتار ئۇرۇشلارنىڭ تەڭ دەسلەپكى باشلىنىشى. قىرىندىكىگە ئوخشاش قانلىق جەڭ بۈگۈنكى كۈندە شىمالىي شىنجاڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماناس دەرياسى بويىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپنى ئېلىپ ئېيتساق، باي ناھىيىسى تەۋەسىدىن باشقا تاشقورغان، يەكەن قاتارلىقلاردا بولماقتا. شۇنداق قىلىپ دۈشمەن كۈچلىرى شىمال، جەنۇب، قىسقىسى ھەممە تەرەپتىن قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالدى. بىز توختىماي ئىلگىرىلەيمىز. مۇشۇ بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، كۇچانى ئازاد قىلىمىز ياكى غەربكە مېڭىپ، ئاقسۇ تەرەپتىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرى بىلەن ھايات - ماماتجىگى ئېلىپ بارىمىز. ئۇ چاغدا، باي ناھىيىسى بىزنىڭ ئارقا سېپىمىز بولۇپ قالىدۇ. سىزلەرنىڭ بىزگە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە باشقا جەھەتلەردىن يەنىمۇ كۆپرەك ياردەم بېرىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئادەملەر توپى ئىچىدىن تاشقىندەك كۈچلۈك بىر ئوتتاش گۈرۈلدىگەن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى:

— سىزلەرگە ئادەم كېرەك بولسا ئادەم، ئات كېرەك بولسا ئات، ئاش كېرەك بولسا ئاش بېرىمىز!...

توپ ئىچىدىن بىر ياش يىگىتنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ، شاۋقۇن - سۈرەنلەرنى توختاتتى:

— ماڭا مەن ئەسكەر بولىمەن. سىزلەرگە قوشۇلۇپ، نەگە بارسىڭىزلار شۇ يەردە دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىمەن. مېنى مۇشۇ يەردىلا ئەسكەرلىككە تىزىملاپ قويسىڭىزلار، بۇ مېنىڭ قەتئىي تەلىپىم!

يىگىت ۋارقىراپ سۆزلىگەچ، زىچ گەۋدىلەر بىلەن غۇجمەكلىشىپ كەتكەن ئادەملەر توپىنى يېرىپ، ئالدىغا — ساتىما راۋاق

تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى. يىگىتنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا، ئۇنىڭغا ئۇلاپ چاچ ـ ساقاللىرى قاردەك ئاپئاق ئاقارغان بىر ياشانغان كىشىنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ئۇ مۇشۇ يىگىتنىڭ ئاتىسى ئىدى.

— كوماندىر ئەپەندىلەر، بۇ بالىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىسمىنى يېزىپ، ئۇنى ئۆز سېپىڭىزلەرگە قوشۇۋېلىڭىزلار. ئېتى ئابدۇۋاخمان. خۇدا سىزلەرگە ھەمىشە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن!...

ئادەملەر توپىنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىدىن ئەتراپنى بىر ئېلىپ، يەنە گۈركىرىگەن ئاۋازلار چىقتى:

— مەنمۇ جەڭچى بولىمەن، ئېتىم ساتتار، ھازىرلا يېزىپ قويۇڭلار!

— مېنىمۇ يېزىۋېلىڭلار، ئىسمىم قاسىم!

قوشكېزەكلەردەك تەڭ بوي، ئوخشاش چىراي، تەمبەل، كۆچتۈڭگۈر ئىككى ياش بالا غەيرەت بىلەن توپنى يېرىپ مېڭىپ، ساتما راۋاق ئالدىغا كېلىپ، ھاياجان بىلەن ئۆز تەلەپلىرىنى مەلۇم قىلدى:

— بىز ئىككىمىز بىر كىشىنىڭ باللىرى، مېنىڭ ئېتىم ھەسەن، بۇنىڭ ئېتى ھۈسەن، ئىسىملىرىمىزنى يېزىۋېلىڭىزلار. ئىككىلىمىزلا سىزلەرگە جەڭچى بولىمىز. ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن مۇشۇ يەردە يېزىۋېلىڭىزلار!...

ئىككى يۈزدەك ئاياللار ئەرلەردىن ئايرىم بىر چەتتە سەپ تۈزۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە لىچەكلىك ياشانغان ئاياللارمۇ، قۇچاقتىكى باللىرىنى كۆتۈرۈۋالغان چوكانلارمۇ ۋە يېڭىدىن چاچلىق بولغان ياش قىزلارمۇ بار ئىدى. ئۇلاردىن ئۈچ تەپرى خېلىدىن بېرى راۋاق ئالدىغا كېلىشكە تەلمۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما غوجەمەك ئەرلەر ئارىسىدىن ئۆتۈشكە مۇمكىنچىلىك تاپالماي ياكى ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ تەلەپلىرىنى بېرىشكە دادىل



بولالماي، بىرىم خىجىللىق ۋە بىرىم تەقەززالىق ئىچىدە تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار باي بازىرىدىكى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، شەپقەت ھەمشىرىلىكىگە يېزىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەر ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى توۋلاپ، ساتما راۋاققا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى. سىياسىي كومىسسارلار بۇ قىزلارنىڭ ئىسىملىرىنى شۇ ھامان يېزىۋالدى.

مىللىي ئارمىيە سېپىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغۇچى كىشىلەر بارغانچە كۆپەيدى. ئۇلار مەكتەپ ھويلىسىنىڭ تۆرىسى، ئالدى ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىن ئادەملەر توپىنى يېرىپ، ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن راۋاققا يېقىنلىشىشقا تىرىشاتتى. بۇنىڭ بىلەن سەپ قىمىرلايتتى، داۋالغۇيتتى. گويا دېڭىز سۈيىدەك دولقۇن ئۇرۇپ، ئىككى تەرەپكە تىنىمسىز چايقىلاتتى. شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرۈلەتتى.

— بولدى، بەس، جىم! — خۇشال تەبەسسۇم بىلەن توۋلىدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — بۇ ھىممىتىڭىزلەرگە رەھمەت! مۇنچىۋالا قوللىغىنىڭىزلارغا مىڭلارچە تەشەككۈر. چىن كۆڭلىمىزدىن بارىكاللا! ... مىللىي ئارمىيە سېپىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ رويخېتىنى مۇشۇيەردىلا ئېلىۋەرەلمەيمىز. ھەممىسىنى بۇ يەردە يېزىپ بولۇش تەس. يىغىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باتالىيون شتابىغا بېرىڭلار. رويخەت شۇ يەردە ئېلىنىدۇ...

سىياسىي كومىسسار سۆزىنى تۈگەتمىگەنىدى، ساقال ـ بۇرۇتىغا ئەمدىلا ئاز ـ پاز ئاق دارىغان بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بوي، يوغان ـ يوغان، تەمبەل قىياپەتلىك 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى قولىدا ئىككى دانە قوغۇن كۆتۈرگەن ھالدا كەينىگە 17 ـ 18 ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، ساتما راۋاق ئۈستىگە چىقتى. ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە قوغۇننى تىلىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن

سۇۋۇرۇۋۇلارنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ:

— ئاڭلىساق سىلەر غۇلجىلىق ئىكەنسىلەر، ئۇ يەرنىڭ هاۋاسى باينىڭكىدىن سالقىنراق، بىزنىڭ بۇ يەردە بىرئازلا ئاپتاپتا تۇرغان كىشى ئۇسساپ چاڭقاپ قالىدۇ. قېنى، قوغۇندىن ئېلىڭىزلار، — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەس ئاكا، — ئىزاهات ئورنىدا چۈشەندۈردى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — ئۆزىمىزنى ئېيتىپ كەلسەك، بىز ئۈچىمىزلا غۇلجىلىق ئەمەس، مەن ئۈچتۇرپانلىق. كىچىكىمدە ئاقسۇدا ئوقۇغان، مانا بۇ كىشى قاسىمجان قەمبەرى ئاتۇشلۇق، سىياخۇن سۇۋۇرۇۋۇ هاۋاسى بايدىنمۇ ئىسسىق قۇمۇللۇق بولىدۇ.

— هە، مۇنداق دەڭ ئۇكام، — سۆز قىستۇردى چار ساقال، — هەرقايسىڭىزلار هەر يەر - هەر يەردىن ئىكەنسىلەر - دە؟ مەن ئىلگىرى غۇلجىدا بولغان، ئۇ يەرنى پۇختا بىلىمەن، غۇلجا ياخشى يۇرت!

— سىز نېمە كەسىپ قىلىسىز؟ — سورىدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — باققالچىلىق قىلامسىز - يە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، كەسپىم تۆمۈرچى. تىرىكچىلىكىم ئاشۇ هۈنەر بىلەن ئۆتىدۇ.

— ئېتىڭىز نېمە؟

— هاجىقەمبەر.

— تۆمۈرچى بولغىنىڭىزغا لايىق ئۆزىڭىز گىرۋى، تەمبەل ئىكەنسىز. ئېتىڭىزمۇ خېلى هەيۋەت ئىكەن، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

هاجىقەمبەر بۇ گەپلەرگە قاراپ سىياسىي كومىسسارنىڭ ئۆزى دەسلەپ پەملىگەندىنمۇ ئارتۇق هەيۋىسى يوق، كەمتەر، خۇشچاقچاق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۆزى بىلەن هە دېگەندىلا



ئوچۇق چىراي چىقىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، لەرزان كۈلۈپ قويدى ۋە شۇ هامان مەغرۇرلۇقتا تولۇپ، قويۇق چار بۇرۇتىنى بىرنەچچە قېتىم ھىمرىپ - ھىمرىپ سىيلىدى. قاسىمجان قەمبەرىنىڭ تۈز مىجەز، ساددا كۆڭۈل تۆمۈرچىگە قاراپ:

— مېنىڭ ئاتامنىڭ ئىسمىمۇ قەمبەر، ئاتام قېرىغاندا باشقا ئىش - ئوقەت بىلەن بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلگىرى تۆمۈرچىلىك قىلغان. تۆمۈرچى بولغان ئادەم قىشمۇ ياز ئوت ئالدىدا بولغاچقا - بازغان ئۇرىدۇ. بۇ ئېغىر ئەمگەك. شۇڭا سىز تۆمۈرچى بولغىنىڭىزغا لايىق تولىمۇ تەمبەل ئىكەنسىز، — دېدى. كېيىن بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن هاجىقەمبەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئېتىڭىز ئىكەن قەمبەر. بولۇپ قالسىڭىز ئەگەر، مىللىي ئارمىيىگە ئەسكەر، باغلايسىزدە هەربىي كەمەر، — دېگەن مىسرالىق سۆزلەر بىلەن چاقچاق قىلدى.

بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىك، يېقىملىق ئاهاڭلار بىلەن ئەپچىللەشتۈرۈپ ئېيتىلغانلىقىغا قاراپ، ئادەم دېڭىزى ئىچىدىن پاراقلاپ قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۈلكە ئۇزاق داۋام قىلىپ، ئاخىر گۈلدۈرمامىدەك ئۇرۇلغان كۈچلۈك چاۋاك بىلەن توختىدى. تېخىمۇ چوڭقۇر هاياجانغا تولغان تۆمۈرچى ساتما راۋاق ئالدىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، تۆت ئەتراپتىن ئۆزىگە قارىشىپ تۇرغان سان - ساناقسىز كىشىلەرگە قاراپ، مەغرۇرلۇق ئىچىدە شاپ بۇرۇتىنى يەنە بىر قېتىم چىڭ ھىمرىپ قويدى. شۇتاپتا ئۇنىڭ يېنىدا غالىب باتالىيوننىڭ غادايغان، سۈرلۈك، شەۋكەتلىك كوماندىر ۋە سىياسىي كومىسسارلىرى ئەمەس، ئەكسىچە تەڭتۇشىغا دوست - ياران، كىچىكلەرگە مېھرىبان، چوڭلارغا كەمتەر ئېسىل كىشىلەر تۇرۇۋاتقاندەك بولۇپ كەتكەنىدى. تۆمۈرچى سىياسىي كومىسسارلارغا تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىپ، هاياجان بىلەن:

— سىزلەر دېيىسىڭىزلەرمۇ ئۆزۈم تەمبەل، — دېدى، — چاچ-ساقىلىغا ئاق دارىغان بىلەن تېخى قېرىپ كەتكىنىم يوق. گومىنداڭنىڭ ئاتاقچى ئەبجەقلىرىدىن ئىككى-ئۈچىنى بىرلا چاڭگاللاپ تاشلىغۇچىلىكىم بار. سىزلەرنىڭ ئالدىڭىزلارغا جەڭچىلىككە كىرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم.

— بولىدۇ. سىزنى مىللىي ئارمىيىگە ئالايلى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — بىراق، شۇنىڭغا ھەممە كىشىگە قورال-ياراغ يېتىپ كېتىشى ناتايىن. سىز ھازىرچە قورالسىز جەڭچى بولۇپ تۇرىسىز-دە!

— قورالدىن غەم يېمىڭىزلار، — دېدى ھازىر جاۋابلىق بىلەن ھاجىسەقەمبەر، — تۆمۈرچىلىكنى مۇشۇ ئىشتا ئىشلەتمىسەم، قېيمگە ئىشلىتىمەن؟ ئۆزۈمگە تۆمۈر كەسكۈدەك قايرىلماس قىلىچ ياسايمەن، ئوغلۇمغىمۇ ياسايمەن. بۇ ئىش ئۈچۈن بىر-ئىككى كېچە ئۇيقۇدىن كەچسەملا بولىدۇ.

— بەللى، بەللى! مۇنداق دەڭ! — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — ئۆزۈمنىڭ قېمىنى ئۆزۈم قىلىمەن دەڭا تېخى! ئوغلىڭىزنىمۇ جەڭچى قىلامسىز؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق. مەن ئۇنى جەڭچى قىلىمەن دەپ ئەگەشتۈرۈپ بىللە ئەكەلگەن.

— قېنى ئۇ؟

— ئەنە! — تۆمۈرچى ساتما راۋاق شوتىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر بالىنى، كۆرۈنۈشى نورۇقراق، ئەمما ئۇزايىدىن چېچەنلىك، چاققانلىق ئۇرغۇپ تۇرغان ئېگىز بوي بىر ئوغۇلنى كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ تۇرۇپ، — راۋاققا چىققىن قاسىمجان، ئۆز ئىسمىڭنى ئۆزۈڭ يېزىپ، جەڭچى بولۇش نىيىتىڭنى ئۇقتۇرا! — دېدى.

بالا ئاللە بالداقلىق شوتىدىن قولى بىلەن تۇتماي، تايغاندەك ئىتتىلىپ چىقىپ، باتالىيون رەھبەرلىرى ئالدىدىكى تەزگە ئىسمى، فامىلىسىنى يازدى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى، فامىلىسى قاسىمجان ھاجىسەقەمبەرى بولۇپ چىقتى. قاسىمجان قەمبەرى ئۇنىڭ يازغانلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بالىنى ئۆزىگە چىڭ چاپلاپ تۇرۇپ:

— ئىسمىڭ، فامىلەڭدىن ھاجى سۆزىنى چىقىرىۋېتەيلى. مۇندىن كېيىن باتالىيون ئىچىدىكى ئېتىڭ مېنىڭ ئېتىمغا ئوخشاش قاسىمجان قەمبەرى بولسۇن. جەڭچىلەر سېنىڭ ئېتىڭ بىلەن مېنىڭ ئېتىمنى پەرق قىلىۋېلىش ئۈچۈن، مېنىڭكىگە ئاسان تەۋرىمەس، سېنىڭكىگە چاققان چەبدەس دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ ئىشلەتسۇن، — دېدى. بۇ گەپ بىلەن مەكتەپ ھويلىسىدا يەنە بىرقېتىم چاۋاك ئارىلاش قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بالا ئاتىسى بىلەن بىللە شۇ يەردىلا مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇۋېلىندى. لېكىن، ئۇ كىچىك قاسىمجان، دەپ يۇرۇۋتۇلۇپ، سىياسىي كومىسسار ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەشھۇر ئېتى — قاسىمجان قەمبەرى دېگەن نام بىلەن ئاۋۋالقىدەك بىر خىل ئاتىلىۋېرىدىغان بولدى.

— سىزلەر ئاتا-بالا ئىككىڭلار، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ تۆمۈرچىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، — بۈگۈندىن تارتىپ مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بولۇپ يېڭى شەرەپلىك ئىشقا قەدەم قويدىڭىزلار. لېكىن تەبرىكلەش ھازىرچە نېسى بولۇپ تۇرىدۇ. قارا تول سېرىق دېگەنالدىن ھەربىرىچە ئىشتان-چاپان كىيگىنىڭىزلاردىن كېيىن، بارلىق يېڭى جەڭچىلەرگە قوشۇپ، سىزلەرنى ئايرىم تەبرىكلىۋالىمىز. بۇنىڭغا ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، — خۇشال جاۋاب بەردى ھاجىسەقەمبەر.

— ئۇرۇش تېخى ئالدىمىزدا، — دېدى مەسلىھەت تەرىقىسىدە سوپاخۇن سوۋۇروۋ، — بىزگە مۇندىن كېيىن يۆتكىلىپ

يېزىپ ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇچاغدا بۇ يەردە باينىڭ ئۆزىنى ساقلاشقا ئادەم قالماي بولمايدۇ. ھاجىقەمبەر ئاكا، سىزنى ھاكىم ئىدارىسىنى قوغدايدىغان بىر ئوتتۇلىنىيە جەڭچىگە كوماندىر قىلىپ، مۇشۇيەردە قالدۇرساق قانداق دەيسىز؟

— بۇنىڭغا ياق دېمەيمەن، نېمە ئىشقا قويسىڭىزلار ماقۇل دەيمەن. جەڭچىنىڭ كوماندىر كۆرسەتمىسىگە بويسۇن تولغاشقا ھەققى يوق. راست گەپ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئاڭغىچە ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغۇچى ئوتلىغان ياش ئادەملەر توپىدىن قىستىلىپ ئاتما راۋاق ئالدىغا كەلدى. باتالىيون كوماندىرى ئۇلارغا سۆزلەپ:

— ھەممىڭلارنى قالدۇرماي قوبۇل قىلىمىز، — دېدى، — ئوت ئېچىلغان ئۇرۇش سەپلىرىدە دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ قورقۇمسىز، قەيسەر يىگىتلەر كېرەك. ئارقا سەپنى قوغداش، ھەربىي تەمىنات خىزمەتلىرىنى ئۆتەش. بايدا خەلق قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئىدارە - ئورگانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈنمۇ جەڭچىلەر كېرەك، ئادەملەر لازىم. بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە قىزىققۇچىلار ھاكىم ئىدارىسى ياكى ساقچى ئىدارىسىگە بارسۇن، ئۇلار شۇ يەردە تىزىمغا ئېلىنىدۇ. قېنى ئەمدى ئىش شۇنداق بولسۇن!

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋلار ئالدىراش ئىدى. ئۇلارنى قارارگاھلىرىغا بارغاندىن كېيىن ھايالسىز ئىشلەشكە تېگىشلىك بىرقانچە جىددىي ئىش كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ ئىشلار ئىچىدە غۇلجىغا رادىئوگرامما بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شىتابىغا باي ناھىيەسىنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلاردىن ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرى-



لىشى توغرىسىدا يوليورۇق ئېلىشتىن ئىبارەت ھەربىي ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم خىزمەتمۇ بار ئىدى. سىياسىي كومىسسارلار بىلەن باتالىيون كوماندىرى ئاتما راۋاقتىن چۈشتى، ئۇلار مەكتەپ ھويلىسىدىن قايتىپ چىقىۋاتقاندا، ئاغرا-سوناي تېخىمۇ قاتتىق چېلىنىپ، ئومۇمىي يۇرت شادىيانىسى يەنە بىر قېتىم ئەۋجىگە كەلدى. خەلق ئۇلارنى قىزغىن چاۋاكلار ئۇرۇپ قارشى ئالغاندا. قانداق قىلغان بولسا، خۇددى شۇنداق زور تەنتەنە بىلەن ئۇزاتتى ۋە بىر قىسمى ئەگىشىپ، ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ غول رەستىدىكى ئىككى قەۋەت بىناسىغىچە كەلدى. بۇ جاي ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن قاسىمجان قەمبىرىنىڭ بايدا بولغان مەزگىلدە ئىشلەش ۋە يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان ۋاقىتلىق تۇرالغۇ بىناسى ئىدى. سوپاخۇن سوۋۇروۋ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، كۈچا، ئاقسۇ تەرەپلەرگە ئەۋەتىلگەن رازۋېتكىچىلاردىن قايتىپ كەلگەنلىرىنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش ۋە مىللىي ئارمىيە سېپىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ياشلارنىڭ روييخىتىنى ئېلىپ، ئۇلاردىن يېڭى ئوتتۇلىنىيە، يېڭى ئىزۋوتلار تەشكىل قىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز قارارگاھى — ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە كەتتى. بۇ ئورۇندا يەنە باتالىيون شتابى جايلاشقانىدى. ئىككى سىياسىي رەھبەر رادىئوگراممىسىنىڭ سۆز تېكىستى ئۈستىدە قىسقىچە كېڭەشىۋالغاندىن كېيىن، تېكىست ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ يوچۇركىسىدا تېز يېزىلىپ، شۇ مەھەل غۇلجىغا بېرىۋېتىش ئۈچۈن رادىستقا تاپشۇرۇلدى. رادىئوگرامما ئۈستىدە كەڭرەك پىكىرلىشىۋېلىشقا ئورۇن يوق ئىدى، چۈنكى بۇ چاغدا، سىياسىي كومىسسارلار بىلەن ئايرىم ھالدا يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋاللىشىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كەڭ زالىدا

يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كىشىلەر، باي خەلقىنىڭ ۋەكىل-
لىرى، بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى ساقلاپ تۇراتتى.
رادىئوگرامما رادىستقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇنىڭدا مۇنۇ
سۆزلەر يېزىلغانىدى:
«جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغۇچى باتالىيونىمىز باي
ناھىيىسى تەۋەسىدە كۈتكەندىن ئارتۇق غەلىبىلىك جەڭ قىلدى.
كۈچا 4 – پىيادىلار پولكىنىڭ قىيىر جىلغىلىرىنى مۇداپىئە
بازىسى قىلغان 1 –، 2 –، 3 – روتىلىرى گومىنداڭنىڭ بۇ
يەردىكى ئەڭ كۈچلۈك ھۇجۇمچى قىسىملىرى بولۇپ، تەخمىنەن
300 چە ئەسكەردىن تەركىب تاپقانىكەن. ئۇلارنىڭ قوراللىرى
خىل، پوتەي، لەخمىگە ئوخشاش مۇداپىئەلىنىش قورۇلمىلىرىمۇ
پۇختا ياسىلىپتىكەن. بىز ئالدىن تۈزۈلگەن پىلانغا ئاساسەن،
1 –، 3 – جىلغىلاردىكى دۈشمەنلەرنى 2 – جىلغىدىن ئايرىپ
تاشلاش ئۈچۈن، بىرىنچى قەدەمدە ئوتتۇردىكى جىلغىغا ئۇشتۇمتۇت
ھۇجۇم قىلدۇق. بىزنىڭ ھۇجۇمىمىز تاڭ سەھەر بىلەن باشلاندى.
چۈنكى، بۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا چۈشە-
كەپ ياتقان بىخىرامان پەيتى ئىدى. جەڭچىلىرىمىز پەقەت
جىلغىلارنىڭ يان باغرىدىكى تاغ چوققىسىغا پوتەي ياساپ
بېكىنىۋالغان بىر ۋزۋوت دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ خېلى قاتتىق
قارشىلىقىغىلا دۇچ كەلگەن بولدى. بىراق، ئۇلارمۇ جىلغىلار-
دىكى ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، تىرىك قالغانلىرى-
نىڭ پىتىراپ قاچقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن يانتاياقسىز
قېلىپ، ئاخىر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.»
رادىئوگراممىنىڭ داۋامىدا، ئارمىيە باتالىيونىنىڭ قاچقان
دۈشمەنلەرنى قوغلاپ يۈرۈش قىلغاچ ئەتىسى باي ناھىيىسى-
نىڭ بازىرىغا غەلىبىلىك ھالدا كىرگەنلىكىنى، خەلقنىڭ يول-
يوللاردا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىشتا



ئۆزلىرىگە يېقىن ياردەمچى بولغانلىقى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە
ئاران قېچىپ كېتەلىگەن 10 – 15 دۈشمەننى ھېسابقا ئالمى-
غاندا، كۈچا 4 – پىيادىلەر پولكىنىڭ قىيىردا تۇرغۇزغان
ئۈچ روتا ئەسكىرى تامامەن يوقىتىلىپ، ئۇلاردىن 280 تالدىن
كۆپرەك مىلتىق، بىرمۇنچە ئوق – دورا، قىلىچ، تاپانچا ۋە قول
بومبىلىرى غەنىيمەت ئېلىنغانلىقى مەلۇم قىلىنغانىدى.
رادىئوگراممىدا ئېيتىلغاندەك، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى
باي تەۋەسىدە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق جەڭ قىلدى. ئۇلاردىن
بار – يوق 15 جەڭچى قۇربان بولدى. يارىدار بولغانلىرى
بۇنىڭدىنمۇ ئاز، پەقەت سەككىز كىشىگە يېتەتتى. رادىئوگرامما
بېرىلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئۈچ ۋىلايەت
ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش
شتابىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەمدى قايسى يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەت
قىلىشى توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىش بىلەن
ئاخىرلاشتى. چۈنكى، مىللىي ئارمىيە باتالىيونىنىڭ ئالدىدا
بىر بولسا كۈچا تەرەپكە مېڭىپ، 4 – پىيادىلەر پولكى ۋە
ما جۇڭيىڭ كورپۇسىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت باتالىيونى بىلەن
ئۇرۇش قىلىش ياكى ئاقسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، 5 – ئاتلىقلار
پولكى بىلەن ئېلىشىشتىن ئىبارەت تېز بەلگىلىنىشى تېگىشلىك
ئىككى ئاچىماق يول تۇراتتى. بۇ ھەقتە غۇلجا جەنۇبىي يۆنى-
لىش قوشۇنىغا مەخسۇس كۆرسەتمە بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ
كۆرسەتمە ئەڭ تېز بولغاندا يەنە رادىئوگرامما ئارقىلىق
بۈگۈن كەچ ناماز شام ۋاقتى بىلەن يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى.
ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر ئۆز رادىئوگرامما-
لىرىنىڭ غۇلجىغا بېرىلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، خېلى
خاتىرجەم بولۇپ ياتقىدىن چىقتى ۋە يېنىك قەدەملەر بىلەن
تەمتەڭ مېڭىپ، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىلىش
زالىغا كىرىپ كەتتى.

# يۇرت مۆتىۋەرلىرى سالامغا كەلدى

باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ زالى 200 كىشىگە مۆلچەرلەپ ياسالغان بولۇپ، ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە جايلاشقانىدى. دېرىزە راملىرىغا چاپلانغان قەغەزلەر ياز كەلگەندىن بېرى يىرتىپ ئېلىۋېتىلگەنلىكتىن، زال ئىچى يورۇق ۋە شاماللىق ئىدى. يۇرت مۆتىۋەرلىرى مەكتەپ ھويلىسىدىكى يىغىلىشقا قاتناشقانلىقىغا قارىماي، قائىدە بويىچە، سىياسىي كومىسسارلار بىلەن ئايرىم سالاملىشىش ۋە يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ قويۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. بۇ كىشىلەر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى جەھەتتىن ئۈچ خىل كۆز قاراشتا ئىكەن بولۇپ، ئۈچ خىل مەيداندا تۇراتتى. بىر خىلى — خەلق قوراللىق كۈرىشىنى چىن دىلىدىن سۆيگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار مەكتەپ ھويلىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك تەبرىك يىغىلىشىدا ناھىيىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا مەسئۇل خادىم بولۇپ سايلانغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەنە بىر قىسمى كۆپىرەك سانىنى ئىگىلەيتتى. ئۇلار — ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە قاراپ نىشان بەلگىلەيدىغان ئارىسالدىلار، ئىقتىساد جەھەتتىن ھاللىق سودىگەرلەر، دىنىي مۆتىۋەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. قالغان قىسمى مۇتەئەسسىپلەر تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنى ئومۇمەن بازار، يېزا ۋە كوچا باشلىقلىرى مەنسىپىدىكى كىشىلەر تەشكىل قىلاتتى. بولۇپمۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى خىل كۆز قاراشتىكى



كىشىلەرنىڭ پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى ئاڭلاپ، تەشۋىق - تەربىيە ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ تونۇشلىرىنى يېڭى چۈشەنچە بىلەن يورۇتۇش مىللىي ئارمىيە باتالىيونىنىڭ نۆۋەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن بۇ يەرگە كېلىپ جەم بولۇپ تۇرۇشى بۇ خىزمەتنى ئىشلەۋېلىشنىڭ تەييار پۇرسىتى بولۇپ قالغانىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر زالغا كىرىپلا بۇ كىشىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى ۋە بۇنىڭغا ئۇلاپ ئۇلارنىڭ نام - ئەمەللىرى بىلەن تونۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى ھال - ئەھۋاللىشىش خاراكتېرىدا سۆز باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەتتە داۋام قىلىۋاتقان قوراللىق ئىنقىلابنىڭ بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئىش - ھەرىكەت ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ ھازىرقى كۈندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ۋە خەلقئارادىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى. ئاندىن ئۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ چوڭ نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈپ، قولىغا قورال ئالغان خەلقنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە پۈتۈن ئىلىنىلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا ئارباغاتاي ۋىلايىتىدىن ھالقىپ، بارلىق ئالتاي تەۋەسىنىمۇ گومىنداڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، شەرق يۈنىلىشىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ماناس دەرياسىغا يېتىپ، ئەمدى ئۈرۈمچى بوسۇغىسىدىن ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىنقىلاب سېپىگە ئۇيۇشقان قوراللىق جەڭچىلەرنىڭ دەسلەپكى ئون نەچچە كىشىدىن ھازىر بىرقانچە ئونمىڭ كىشىگە يېتىپ قالغانلىقىنى، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن تارتىۋېلىنغان قورال - ياراغلار ھېسابىغا ئۆزلۈكسىز قوراللىنىۋاتقانلىقىنى

تولۇق مىسال ـ پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز قىلىپ، خەلق ۋەكىللىرى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە شۇ كۈندىكى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشلىرىغا پايدىلىق مەملىكەت ئەھۋالى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنى قىسقىچە بايان قىلىپ بەردى:

— غەربتىكى گىتلېر گېرمانىيىسى بىلەن مۇسولىنى ئىتالىيىسى، شەرقتىكى ياپون فاشىستلىرى دۇنيادا ئەڭ ئەكسىيەتچى، قىرغىنچى كۈچلەر ئىدى، ئەمما ئۇلار قانچە كۆرەڭلىگەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنە ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، تەسلىمنامىلەرگە شەرتسىز قول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي بىتچىت بولۇشى بىلەن، گومىنداڭ ئۆزىنىڭ تەسلىمچىلىك شەرمەندىلىكىنى يۇيۇپتۈۋېلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ، خەلق ئالدىدا بۈگۈنى-ئەتىكە كۆزى يەتمەس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھازىر ئىنتايىن پايدىلىق ئورۇندا تۇرماقتا. ئۇ بۇ كەمگىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتا ئەڭ ئاساسلىق كۈچ بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇ يەنە بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ يورۇق پارلىغان يۇلتۇز بولۇپ، جۇڭگونىڭ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان يىرگىنچلىك جەمئىيىتىنى زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇپ نۇرلاندۇرۇشتا. گومىنداڭنىڭ فاشىزم ئالدىدىكى مايىللىقىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئازادلىق جەڭلىرىگە يېتەكلىمەكتە. ئەڭ قۇدرەتلىك. ئەڭ ئىستىقباللىق كۈچ بولۇپ قالماقتا.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ تاماكا چەكمەكچى بولۇپ، سۆزدىن توختاپ، يانچۇقىدىن چىرايلىق سېرىق مىس قۇتىدا غۇلجا مەخۇركىسى چىقارغانىدى، بىراق، مۇنداق قىلغاندا، ياشانغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالىدىغانلى-



قىنى ئېسىگە ئېلىپ، قۇتىنى شۇ مەھەل قايتۇرۇپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى ـ دە، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە جۇشقۇن ئاۋاز بىلەن سۆز باشلاپ كەتتى:

— كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ غەلىبىسى ئەينى ۋاقىتتا يەنە بىزنىڭ غەلىبىمىز. خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى ئۆزىگە يادرو قىلغان ياۋروپا كوممۇنىستلىرى ۋە باشقا ئىلغار كۈچلەرنىڭ فاشىزم ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ غەلىبىمىز. بىز ئۆز كۆرىشىمىزدە ھەرگىز يېتىم ئەمەس. پاتالىيونىمىزنىڭ بايىدىكى جەڭ تەجرىبىلىرىگە بۇ يەردىكى خەلقلەر بىۋاستە ياردەمچى بولدى. مۇندىن كېيىن، قەيەردە ئۇرۇش قىلماق شۇ يەردىكى ئازادلىققا تەشنا كىشىلەرنىڭمۇ بىزگە يېقىن ھەمكار ۋە ياردەمچى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئىنقىلاب بىر مەملىكەتتىن يەنە بىر مەملىكەتكە ئېكسپورت قىلىشقا بولىدىغان بويۇم بولمىغىنىدەك، بىر جايدىن باشقا بىر جايغا تەكلىپ قىلىنىدىغان مېھمانمۇ ئەمەس. مەن بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ بايىغا قانداق ئۇلۇغۋار نىشان بىلەن كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتماقچىمەن. چاقىرىلمىغان مېھمان دېيىشكە توغرا كەلسە، بىزنى دېسە بولاتتى. چۈنكى بىز بايغا چاقىرىلماستىن كېلىپ قالدۇق. بىزنى گومىنداڭچىلار خالىمايتتى. بىز ئۇلارنىڭ رايىغا باقماي، قوراللىق كۈرەش سەپىرى بىلەن ئاخىر بۇ يەرگە كەلدۇق. بولمىسا ئۇلار قولىدىكى ھوقۇق، چاڭگىلىدىكى ھاكىمىيەتنى تەكلىپ ـ تەۋەززۇ بىلەن خەلققە بەرمىگەن بولاتتى. بىزگە بۇ غەلىبىنى قانلىق كۈرەش، پەقەت قوراللىق ئىنقىلابلا زور سېخىيلىق بىلەن ھەدىيە قىلدى.

خەلق ۋەكىللىرى چاۋاك چېلىش بىلەن ھەممە كىشى ئەڭ چاۋاك چېلىپ، ئۇتتۇق مەھەللىسىدا جىمىپ كەتكەن زال بىردىن تەۋرىنىپ كەتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئاخىردا چاقچاق

ئارىلاش ئۆزرىخاھلىق مەقسىدە سۆز قىلدى:

— بىز سىزلەرگە پىكىر ـ تەكلىپىڭىزلەر ئۈچۈن كۆپىرەك ۋاقىت بېرىش ئورنىغا ئۆزىمىز سۆزلەپ كەتتۇق، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپۇ قىلىڭىزلار، چۈنكى بىز جەنۇبىي شىنجاڭغا جەڭ قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا يەنە سۆز قىلىش ئۈچۈنمۇ كەلگەن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇرۇش قىلىپ، يار ـ بۇرادەرلەر بىلەن تېپىشقاندا سۆزلەشكە تېگىشلىك ئەنە شۇنداق گەپلىرىمىزنى قىسىپ قالماي ئېيتىپ تۇرىمىز. سىزلەرنىڭ بىزنى ئالاھىدە ئىزدەپ كەلگەنلىكىڭىزلارغا كۆپ رەھمەت...

سىياسىي كومىسسارلارنىڭ سۆزلىرى خەلق ۋەكىللىرىگە چوڭقۇر تەسىر بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك قېپىنى يېڭى ئىشەنچ ۋە باتۇرلۇق تۇيغۇسى بىلەن تولدۇردى. ئارىسالدىلارنى تېزدىن ئۆز مەيدانىنى تاللىۋېلىشقا رىغبەتلەندۈردى. گومىنداڭ-نىڭ كۈچىگە تېخىچە ئىشىنىپ، ئۆز تەقدىرلىرىنى ئۇنىڭدىن ئاجرىتىپ كېتەلمەيۋاتقانلارغا بولسا. قارىغۇلارچە چوقۇنۇۋېرىش-تىن ئەمدى نەپ چىقمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشكە كۆمەكچى بولدى. سىياسىي كومىسسارلارنىڭ نۇتۇقلىرىدىن كېيىن. خەلق ۋەكىل-لىرى ئۇيۇشما زالىغا توپلانغانلار ئىچىدە بىرىنچىلەردىن بولۇپ سۆز قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۆتۈرۈلۈشنى ئاخىرقى نەپەسكىچە قەتئىي نىيەت بىلەن قوللايدىغانلىقلىرىنى، ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى بوشاشماستىن قولىدىن كېلىشىچە زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەيدىغانلىقلىرىنى ئە-مىلىك بىلەن بايان قىلىپ ئۆتۈشتى. ئاندىن باشقا كىشىلەرمۇ ئارقىمۇئارقا سۆز باشلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن، قالايمىقان، سىستېمىسىز بولسىمۇ، ئومۇمەن بۇ سۆزلەر بىر نۇقتىغا يىغىلاتتى، بايىدىكى گومىنداڭ ئەمەل-



دارلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، ئىستىبدات تۈزۈم ئۈستىدىن خەلق شىكايەتلىرىنى بايان قىلىش-تىن ئىبارەت بولدى. ئاخىردا، بازار بېگى سۆز قىلىپ، مىللىي ئارمىيە باتالىيونى قىيىر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشتىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال گومىنداڭ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە يۇرت مۆتىۋەر-لىرىنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. شۇ كۈنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ زالىغا يۇرت بەگلىرى، جامائەت مۆتىۋەرلىرى، چوڭ ـ چوڭ مەسچىت-لەرنىڭ ئىمام ۋە خاتىپلىرى تولۇق يېرىم كۈن زىياپەتكە يىغى-ۋېلىنىپ، مىللىي ئارمىيە بايغا كېلىپ قالسا، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتمەسلىك، مۇبادا، ئاھالىلەردىن قوشۇلۇپ كېتىشنى خالىغۇ-چىلار چىقسا، ئالداش، قورقۇتۇش ۋە قاتتىق دوق ـ پوپوزىلار بىلەن توسۇش توغرىسىدا قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇشلار بېرىلگەنىدى. شۇ كۈنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرى، دوسا، شۈنگۈەنلىرى، ئونلىغان قوراللىق ساقچى ۋە سىرلىق ئىش ـ پىشلار بىلەن ئارىلاپ كىرىپ، ئارىلاپ چىقىپ تۇرىدى-غان كىشىلەر بىلەن ھەمىشە بوش قالمايدىغان بىر قەۋەتلىك ياپما بىناسى جىمجىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قاتار كەتكەن بىرقانچە ئىشخانا پېچەتلەنگەنىنىڭ ئۈستىگە، مۇشتۇمدەك چويۈن قۇلۇپلار بىلەن تاقالغانىدى. خىزمەت بىناسىدىن سېپىل-دەك ئېگىز تام بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان قاماقخانا پۈتۈنىدىلا قوراللىق قاراۋۇل بولۇپ، ئۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئە-كىرىلگەن زالغا كۆرۈنمەيتتى. ساقچىلار ئەمەلدارلارنىڭ قاغىلىق، خوتەن تەرەپلەرگە قاچۇرۇلغان بالا ـ چاقىلىرىنى يول ئۈستىدە قوغداشقا ماڭدۇرۇلۇپ، ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆزلىرى باشپاناھلىق ئىزدەپ ئاقسۇغا قېچىپ، بۇ قاتىللار ئىدارىسى شۇ كۈنى ئەنە شۇنداق پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئادەمسىز

قالغان، ئۇنىڭ سىزلىق، دەھشەتلىك كۆرۈنىدىغان ھويلىسى گويا گۆرىستاندەك ۋەھىمىلىك جىمجىتلىققا چۆككەندى. زالدا پەقەت ئاخىرقى نۆۋەتتە قېچىشقا قالدۇرۇلغان بۇ ئىدارىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقىلا ھازىر بولۇپ تۇراتتى. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بايىدىن كېتىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا بۇ زىياپەتنى ئۆتكۈزۈپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە ئېيتىپ قويۇشقا تېگىشلىك دوق - پوپوزىلار توغرىسىدا يېنىش - يېنىش كۆرسەتمە بېرىپ قويغانىدى.

بازار بېگىنىڭ ئېيتىشىچە، زىياپەت ناھايىتى كەڭ - كۇشادە ئۆتكۈزۈلگەن، ئۈچ تۇياق يورداق قوي ئۆلتۈرۈلۈپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى زىخ كاۋاپ، تونۇر كاۋىپى، قورداق، سامسا، پولۇ، ئاخىردا يەنە قوغۇن - تاۋۇز بىلەن مېھمان قىلىنغان. رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى داستىخان ئۈستىدە ئارىلاپ - ئارىلاپ سۆز قىلىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تاپشۇرۇقىدىكى دوق - پوپوزىلار تولۇپ تاشقان گەپلەرنى، كۆڭلىگە تۈگكەن بىر دۇۋە غەرەز ۋە شۇم مۇددىئالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ ئۆتكەن.

«سۈندىن بىر - ئىككى كۈن ئىلگىرى، — دېگەن ئۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە، — ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشلىقى بىلەن باشقا ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئاقسۇغا ۋاقىتلىق كېتىشى بىلەن، بىر قىسىم بۇزۇق نىيەت كىشىلەر ھۆكۈمىتىمىزنىڭ كۈچىگە شەك كەلتۈرۈشكە باشلاپ، ئوخشىماي جۆيلىدى. ئاغزىغا كەلگىنىچە پىتنە - ئىغۋالار تارقاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىللىق تاغ باغ-دىتلىرىنى بۇ يەرگە يات - ئارىدا كېلىدۇ، دېيىشىپ، ئاندىن ئۆزلىرىمۇ بايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، يارلىق تەرىسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلارمىش. بۇ كىشىلەرنىڭ بىرقانچە ۋاقىتتىن بېرى ئاغزى بېسىلغىنى يوق. ئۇلار ئەمەلدارلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ماڭدۇرۇلغان چاغدىمۇ ئاشۇنداق ئۇيتۇرۇقسىز سۆزلەرنى تارقات-



قان ئىدى. بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى باشتىن - ئاياغ ئۆسەك. ھۆكۈمىتىمىزگە تەڭ كېلەلەيدىغان كۈچ يوق. باشقىلار بايىدىن كەتكەن بولسا، باشقا يەرگە ئەمەس، قۇدرەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى — ئاقسۇغا كەتتى. ئۇلار ۋىلايەتتە مەجلىسكە قاتنىشىدۇ. ئاندىن يەنە بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە بايغا قايتىپ كېلىدۇ.»

بازار بېگىنىڭ ۋە باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋەزىيەتتىن خەۋەرسىز بولغانلىقتىن رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن. شۇڭا، زىياپەت ئۈستىدە بۇ سۆزلەرنى ماقۇللاپ، پات - پات «ھەق، راست» دېگۈچىلەر بولۇپ تۇرغان. بازار بېگىنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن باي بازىرىدىكى چوڭ جامەنىڭ خاتىپى سۆز قىستۇردى:

— ناھىيىمىزدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، — دېدى ئۇ، — كېيىنكى كۈنلەردە ھە دېسىلا بىزنى مەجلىسكە يىغىپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىپ تۇردى: مىللىي ئارمىيىنى يامانلاپ، ئاجىز كۆرسىتىپ، ھەممىمىزنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇندى. بىز ئىلى تەرەپتىكى ئىنقىلابنىڭ غەلىبىلىرىدىن خەۋەرسىز قالغانلىقىمىزدىن، ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىشىپ يۈرۈپتىمىز. ھەتتا ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، جامە - مەسچىتلەردە جامائەتكە بىرقانچە قېتىم تىنچ - ياۋاشلىق بىلەن ئۆتۈش توغرىسىدا سۆزلەپمۇ قويۇپتىمىز. بۈگۈن سىزلەرنى كۆرگەندىن كېيىنلا بۇلارنىڭ بىزنى ئالدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزلەر ياشانغانلارنىڭ بالىسى، چوڭلارنىڭ ئىنىسى، كىچىكلەرنىڭ مېھرىبان ئاكىسىدەك يېقىملىق ياش يىگىتلەر ئىكەنسىزلەر. سىزلەرنى تۆت توك - توك ئوغرى، باندىت دېگەنلەر تىلى كۆيۈپ، تۇرغان يېرىدىلا قان قۇسۇپ ئۆلسۇن. ئاللا ئىنقىلاب-چىلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغاي!

— ئالدانغاننىڭ كارى چاغلىق، — ئىزاھات بەردى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — بۇرۇن ئەمەلدارلارنىڭ كېپىگە ئىشىنىپتىكەنسىزلەر، ئەمدى ئىشەنمىسىڭىزلارلا بولدى، ئۇلار بىزنى بايغا كېلەلمەيدۇ دېگەن ئەمەسمىدى؟ مانا ئەمدى كەلدۇققۇ! گومىنداڭچىلارنىڭ تۆككەن - پۈككەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، ئۇلار ئەنە شۇنداق ئادەم ئالداش، ساختىپەزلىك قىلىش بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.

باي قازىسى ئاڭغىچە ساقچى ئىدارىسىدە بېرىلگەن شۇ كۈنكى زىياپەتتە رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقىنىڭ كۆرەڭلىك بىلەن قىلىپ ئۆتكەن دوق - پوپوزىلىرىنى ئەسلىگەنىدى، ئۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئەپۇچانلىق بىلەن قىلغان سۆزلىرىدىن كېيىن، كۆڭلى - كۆكسىگە يېشۇرۇنغان قورقۇنچىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئەركىن - ئازادىلىك بىلەن بۇ دوق - پوپوزىلارنى ئۇتتۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتى.

«قۇتراتقۇلار پىتنە - ئىغۋا تارقاتماقچى بولسا، يەنە تارقىتىپ تۇرسۇن، — دېگەنىدى رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شۇ چاغدا ئەيمەتمەستىن، — بۇنى يەنە كەڭ قورساقلىق بىلەن كۆرۈپ باقمىز. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، ئۇ مۇتلاق جېنىدىن تويغان كىشىلەرنى ھازىرچە بوش قويۇپ بېرىپ، كېيىن بىراقلا يىغىشتۇرۇۋېلىشنى بىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ كىملىكى بىزگە بەش قولدەك ئېنىق مەلۇملۇق. ئۇلار ھۆكۈمىتىمىز بىلەن ئۆچەكەشكەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. سىزلەر ئابدۇللا داۋۇتوۋېنى بىلىسىزلەرغۇ؟ ئۇ بىزنى بىزەك ھېسابلىۋىدى، ئاخىر نېمە بولدى؟ كېيىنكى كۈنگە كېلىپ، قاراڭغۇ زىندانغا تاشلاندى... ئىلىلىق ئاق باندىتلىرى ناھايىتى ئاز، بار - يوقى نەچچە ئون كىشىدىنلا ئىبارەت. بۇلارنى شەۋكەتلىك ئارمىيىمىز قوغلاپ قىسىپ، تېكەس تېغىنىڭ بىر ئۆڭكۈرىگە



قايناپ قويدى، ھازىر بۇ باندىتلار قىيىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، بايغا كېلەلىسە تېخى ياخشى. بىز ئۇلارنى مۇشۇ يەردە قىرىپ تۈگىتىمىز. يۇرت مۆتىۋەرلىرى، سىلەر بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزگە ئىشىنىپ، پىتنە - ئىغۋالارنى توسۇشۇڭلار لازىم. «سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ. ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ» دېگەن سۆز ئېسىڭلاردا بولسۇن. ئاخىر يەنە مۇشۇ باي، ئاخىر يەنە باي خەلقى بىزنىڭ قولىمىزدا قالىدۇ. بەڭباشلار قۇدرەتلىك چاڭگىلىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.»

— گومىنداڭنىڭ بىزنى قىرىپ تۈگەتكۈدەك ئارمىيىسى قېنىسكەن؟ ئەمدى ئۇلار باينى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە ئەجەب مەجبۇر بولۇپ قاپتىغۇ!؟ — دەۋەتتى قاسىمجان قەمبىرى غەزەپ بىلەن. — ھازىر بايدا تۇرۇۋاتقانلار بىزمىكەنمىز ياكى ئۇلارمۇ؟ كىمنىڭ كىمنى قىرىپ تۈگىتىۋاتقانلىقىنى گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆزلىرى ھەممىدىن ياخشىراق بىلىدۇ!

— سىزلەرگە بۇ گەپلەرنى قىلغان ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھېلىقى ئەخمەق، كۆرەڭ ئەمەلدارى ھازىر قەيەردە؟ ئەمدى ئۇ شۇ گەپلىرىنى يەنە بىر قېتىم قىلىپ باققان بولسا بولاتتى! — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ.

— قېچىپ ئاقسۇ تەرەپكە كېتىپتۇ، — جاۋاب بەردى يۇرت مۆتىۋەرلىرى.

— قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، پات - ئارىدا قولىمىزغا چۈشىدۇ. شۇ چاغدا جازالىنىشى ئۈچۈن ئۇنى باي خەلقىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز! — قەتئىي ھۆكۈم ئاھاڭىدا ئېيتتى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ.

سىياسىي كومىسسارنىڭ سۆزى بىر پۈتۈن ھەققانىيلىكى ۋە ئىشەنچلىكلىكى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە جاراڭلىق سادا-

دەك كۈچلۈك ئاڭلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلاردىن بىرقانچىسى شۇ مەھەل باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلەن:

— دەر ھەقىقەت، ھەق راست! — دېيىشتى.

گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقى ئۈستىدىن ئىز - دېرەك سۈرۈشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەنلا، سىياسىي كومىسسارلار ئابدۇللا داۋۇتوپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن گەپ باي خەلقىنىڭ بۇ جەڭگىۋار ياشلىرىغا يۆتكىلىپ كەتتى:

— ئابدۇللا داۋۇتوپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى — دېدى قاسىمجان قەمبىرى، — خۇددى ئاقسۇدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى ۋە ئۈچتۇرپاندىكى ئارتۇق ئابباس، سىبىت ئابباس، ئابدۇللا ياقۇپ، ئىبراھىم مۇسلىھىدىنلەردەك قەيسەر، كۈرەشچان ياش ئەزىمەتلەر ۋە باي ئاسمىنىدا ئەركىنلىك. ھۆرلۈكتىن خەۋەر بېرىپ، ئەڭ دەسلەپ پاللىدىغان يۇلتۇزلار ئىدى. ئابدۇللا داۋۇتوپ بايدىكى خىزمەتلىرىمىزدە بىزگە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ يېقىن ياردەمچىلەردىن بولۇپ قالاتتى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىمىزغا قارىغاندا، ئابدۇللا داۋۇتوپ قاملىپ، بۇ يەردىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەھشەتلىك زىندانىغا يۆتكەپ كېتىلگەن. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى بايدا گومىنداڭ ساقچى ئورگىنىغا پاش قىلىپ بەرگۈچى كىم؟ قولغا ئېلىپ دەھشەتلىك سوراق ۋە قىيىن - قىستاقلار بىلەن ئازابلىغۇچى كىم؟ بۇنى بىز ئېنىقلىماي، يۇندىخورلارنى جازالىماي قويمايمىز، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، سىزلەر بۇ ئىشتا بىزگە ھەمدەملىك قىلىڭىزلار. خەلق ۋەكىللىرى، بۇ سىزلەرنىڭ يېڭى ئاپپاراتلاردا خىزمەت باشلىغىنىڭىزلاردىن كېيىن ئىشلەشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلىرىڭىزلارنىڭ بىرى بولۇپ قالسۇن!...



مۇھاپىزەتچى جەڭچىلەردىن ئىككىسى زالغا ئىككى تاغاردا قوغۇن - تاۋۇز كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. سىياسىي كومىسسارلار خەلق ۋەكىللىرى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى ئارقىمۇ ئارقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ، بۇ ياز نېمەتلىرى بىلەن بەھۇزۇر مېھمان قىلدى. قاسىمجان قەمبىرى سۆز باشلاپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە ئويۇن - چاقچاق ئورنىدا:

— ئۇزاقنى كۆزنى سىزلەر، — دېدى ئۇ، — ساقچى ئىدارىسىنىڭ مېھمىنى بولغان بولسىڭىزلار، ئەمدى ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، بۈگۈن بىزگە مېھمان بولۇۋاتىسىزلەر. بىز داستىخىنىمىزغا ئۇلارنىڭكىدەك پولۇ، قورداق، كاۋاپ، سامسا قويالمىغان بولساقمۇ، ئازنى كۆپكە تەۋە قىلىپ، تەمىزنى تەملىكرەك بىلىپ، جىقراق، ياخشىراق يەپ بېرىڭىزلار...

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى. ئۇلار سىياسىي كومىسسارلارنىڭ كەمتەر، مىجەز، چىقىشقاق، ئىززەت كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى ۋە ئادەمگەرچىلىكىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەن بولدى. بۇنىڭ بىلەن زالغا يىغىلغان يۇرت مۆتىۋەرلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىچە قىينىچىلىق ھېس قىلىپ تۇرغان بەزىبىر بازار مەنسەپدارلىرىمۇ قايتىدىن كۆڭۈل ئازادىلىكىگە تولغاندەك بولدى. ۋاقىت ئۆتۈپ، ئامازدىگەر مەزگىلى يېقىنلاپ قالغانىدى. بۇ چاغدا، چوڭ جامەنىڭ خاتىپى داستىخاندىن قوپۇش ئۈچۈن كۆپچىلىكتىن مىللىي ئارمىيە باتالىيونىغا نۇسرەت تىلەپ، دۇئا قىلىشقا تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى: سىرتتىن زالغا پوست كىرىپ، سىياسىي كومىسسارلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن نامەلۇم ئۈچ نەپەر يىگىتنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇلار ياش ئۈچتۇرپانلار ئاقسۇدا ئاممىۋى ھالدا قولغا ئېلىنىۋاتقاندا، قېچىپ قۇتۇلۇپ قالغان

راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەللىم ۋە ئابدۇللا داۋۇتوپنىڭ
بايلىق سەپداشلىرىدىن ھامىتلار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى
ئولجا قوراللىرى بولغان بىر دانە بەشئاتار مىلتىق بىلەن
بىر دانە تاپانچىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، يېڭىراقتا باي بازىرى-
غا يېتىپ كېلىش بىلەن، ئەڭ دەسلەپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ
باتالىيون شتابىغا كىرگەنىدى. ئاندىن سوۋاخۇن سۈرۈۋۈرۈۋۇ،
بۇ ئۈچ نەپەر ياشنى سىياسىي كومىسسارلار بىلەن ھايالسىز
كۆرۈشتۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئەۋەتكەن.
خەلق ۋەكىللىرى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئۆزلىرىگە يۇرتداش
ھامىتنى ئانچە - مۇنچە بىلسىمۇ، قالغان ئىككىسىنى تونۇمايت-
تى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ كېيىنكى يو-
شۇرۇن كۈرەش مەزگىللىرىدە باشتىن كەچۈرگەن ئېغىر سەرگۈزەشت-
لىرىدىن ئازراقمۇ چۈشەنچىسى يوق ئىدى. بۇ ئۈچ نەپەر
ياش ئارقىمۇ ئارقا سۆزلەپ، ئۆزلىرىگە تېڭىرقاش ۋە سوئال
نەزەرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغان خەلق ۋەكىللىرى بىلەن
يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى سىياسىي كومىسسارلارغا
قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

تونۇشتۇرۇشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاقسۇدىكى ياش ئۈچ-
قۇنلار قاماققا ئېلىنغان كۈنى راشىدىنجان بىلەن مۇھەممەت
مۇئەللىم بوزدۆڭدە ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ تۈۋەتتىكى تەشۋىقات
ۋەرەقىلىرىنى مەخپىي تارقىتىش ھەرىكىتى بىلەن مەشغۇل
بولۇۋاتقانىكەن. ئاقسۇدا يۈز بەرگەن بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقە تېزلا
بوزدۆڭگە ئاڭلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنى دۈشمەن چاڭگىلى-
دىن ساقلاپ قېلىش ئامالىغا كىرىشىپ، تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە
يوشۇرۇنىدۇ، تېكەس تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش مەقسىتىدە، مۇزدا-
ۋانغا كېلىدۇ. بىراق بۇ يەردىكى چوققىدا بىر ئىززەت گومىن-
داڭ ئەسكىرى ئابارون تۇتۇپ ياتقانلىقتىن، ئۆتۈپ كېتىش



ئۈمىدى يوققا چىقىپ كەينىگە قايتىدۇ. شۇندىن كېيىن
ئۇلار يەنىلا ئۆڭكۈرلەردە ۋە ئادەمسىز خىلۋەت ئوي - چۇڭقۇر-
لاردا مۆكۈنۈپ يۈرۈش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.
ئۇلار بوزدۆڭنىڭ چەت، يىراق يايلاقلىرىغا كېلىپ، قىرغىز
چارۋىچىلىرىنىڭ يەككە چېدىرلىرىدا تۇرىدۇ. ئاخىر ئۇلار،
تەلەمەت ياكى قىيىر تەرەپلەردىن كۆنەسكە ئۆتۈۋېلىش نىيىتى-
گە كېلىپ، تاغ يامزاللىرىنى بويلاپ مېڭىپ، پىيادە مىڭبىر
جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن باي تەۋەسىگە ئۆتىدۇ. قاچقۇنلار بۇ
جەرياندا كۆپ قېتىم ئاش - تاماقسىز قالىدۇ. ئۇسسۇزلۇق
ئازابىغىمۇ ئۇچرايدۇ، ئۇيقۇسىز قېلىپ قاتتىق چارچايدۇ. قىسقىسى،
تۈرلۈك تەرەپلەردىن قىينىلىپ ئورۇقلاپ كېتىدۇ.

راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەللىملەر بايدىكى ياش
ئۈچقۇنلارنىڭ كەم - كەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇلارنىڭ
ئىچىدىكىلەردىن ھامىتنىڭ ئابدۇللا داۋۇتوپ ۋە باشقىلار قولغا
ئېلىنغان كۈنى بىر ئۇلاغ بىلەن باي بازىرىدىن قېچىپ كېتىپ،
قاماقتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاقسۇ - باي ئارىلىقى-
دىكى كىچىك ئۆتەڭ — قوشتېمى كەنتىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ
بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ ئىككىيلەن تېخى ئەينى يىللاردا
ھامىت بىلەن ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش-
لار بولۇپ، ئۆزئارا قويۇق بۇرادەرچىلىكى بار ئىدى. مۇشۇ
سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئاخىر راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەل-
لىملەر قوشتېمىدا بىرنەچچە كۈن پاناھلىنىپ، ئوبدانراق ھالىغا
كېلىۋېلىش مەقسىتى بىلەن تاغ تۈۋىدىن قايتىپ بىر كېچىسى
ھامىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. بايلىق قاچقۇنىنىڭمۇ
مۆكۈنۈش - يوشۇرۇنۇش بىلەن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرى راشى-
دىنجان بىلەن مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇ،
كېچىلىرى يىراق يېزا - كەنتلەردىكى تۇغقانلىرىنىڭكىگە بېرىپ

يوشۇرۇنىدۇ، كۆندۈزلىرى ئولپاك، ئۇرىلارغا كىرىپ مۆكۈنىدۇ. تاغقا كېتىۋېلىپ، كۆنەس تەرەپكە ئۆتۈۋېلىشنىڭ ئامال ـ چارىلىرىنى قىلىپ باقىدۇ. ئاخىر يەنە باشقا كەلگەننى كۆرەي دېمەكلىك بىلەن قارامىلارچە يول تۇتۇپ، تىزغىلۇپ ئۆسكەن كەنتكە — ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ، راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەللىملەرنىڭ قۇشتېمىغا كەلگەن ۋاقتى دەل ھامىتنىڭ ئۆز كەنتىگە قايتقان كۈنىگە توغرا كەلگەنىدى. نەتىجىدە بۇ بۇ ئۈچ نەپەر جاپاكەش ياش ئۈچقۇن ۋە بۇ ئۈچ ساۋاقداش ھامىتلارنىڭكىدە بەختكە يارىشا كۆرۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ مىللىي ئارمىيە باتالىيونى بايغا كىرىشتىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال يېزىلۇپ ئۆتكەن ۋەقە ئىدى. ئۇلار شۇ كېچىسى قوشتېمىغا ئۆزلىرىنى تۇتۇشقا ئادەم كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالانى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققاندا، ئىككى ئات قىرشولغان يىغان پىڭچەي ھارۋىدا باي بازىرىدىن ئاخىرقى قېتىم ئاقسۇغا قېچىپ كېتىۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ھارۋىنى ئايرىم ئات مىنگەن بىر قوراللىق ساقچى مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتاتتى. قاچقۇنلار ھارۋىسى قىشتېمى كەنتىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، خىلۋەت جايغا يېتىپ بېرىشى بىلەن ئۈچ سەپداش تۇيغۇزماستىن قەدەممۇ قەدەم قوغلاپ كېلىپ، ساقچىنى ئۇچۇقتۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىكى بەشئاتارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئاندىن ئۈچىسى ئۈچ ئاتقا مىنىپ باشقا بىر پاناھلىنىش جايغا يۆتكىلىۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەردىن شۇ مەھەل يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ئەمدىلا قوشتېمى كەنتىنىڭ ئىككىنچى بىر چېتىگە چىققاندا، شۇ يەردە ئۇلارغا باي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدۇ. ئۇلار بۇ قانخورنى ئېتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى 25 تال ئوقى بىلەن قولغا چۈشۈرىدۇ. شۇندىن كېيىن، راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەللىم، ھامىتلار ئىككى ئېيىم ئايدىن بۇيان، ياۋايى كىشىلەردەك باشتىن كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان مۆكۈش، يوشۇرۇنۇشقا ئوخشاش تولىمۇ ئەنسىرەشلىك، ھەددى ـ ھېسابسىز جاپالىق تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلاش نىيىتى بىلەن تاغ ئىچىگە قاراپ مېڭىشنى داۋام قىلدۇرماقچى بولىدۇ. بىراق ئەتىسى ئۇلار بەزى پادىچى باللار بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، بەخت خۇشاللىقى ئىچىدە ئۇلاردىن مىللىي ئارمىيىنىڭ بايغا كىرگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ ۋە شۇ ھامان يېزىنى ئۆزگەرتىپ، باي بازىرىغا قوللىرىدىكى ئولجا قوراللارنى كۆتۈرۈپ، غەلىبە قىلغۇچىلار قىياپىتىدە كىرىپ كېلىدۇ.

— شۇنداق قىلىپ، يېڭىلاردىكى مىلتىق، تاپانچىلارنى دۈشمەن قولىدىن تارتىۋېلىنغان دەڭلار؟ — ئېدىتلاپ سورىدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۇلاردىن.

— ھەئە، بىز بۇلارنى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان، — مەغرۇرانە قىياپەت بىلەن جاۋاب بەردى راشىدىنجان، — تاپانچىنى رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى ئېتىپ تاشلاپ قولغا چۈشۈردۇق، مىلتىقنى مۇھاپىزەتچى ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ شۇنىڭدىن تارتىۋالدۇق.

— بەللى، بەللى! ئۆزىنى خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشىغا بېغىشلىغان ھەربىر كىشىدە مۇشۇنداق قەيسەرلىك، مەتانەت بولۇشى كېرەك! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى خۇشاللىق بىلەن.

سىياسىي كۇرسلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەللىم، ھامىتلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ چىڭ قول سىقىپ كۆرۈشتى. خەلق ۋەكىللىرى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى باش ئەگمەس ياش قەھرىمانلارنىڭ قوللىرىدىكى تاپانچا، مىلتىق، ئوقلارغا، شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ بوي ـ تۇرقى ۋە رەڭگىرويىغا

ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى بىلەن قايتىدىن نەزەر تاشلاپ ئولتۇردى. ئۇلار باي بازىرىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ھامىتنى ئىلگىرى كۆپ قېتىم كۆرگەنلىكى ۋە ئۇنى خېلى ئوبدان تونۇغانلىقى ئۈچۈن، شۇ مەھەل ئۇنىڭ ئىنتايىن قارىداپ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئېگىز بويى، تايغان سىيپەت راشىدىنجان ئەسلىدىن تارتىپ سېمىز بولمىسىمۇ، ئەمما ياداڭ، تاتىراڭغۇلاردىن ھېسابلانمايتتى. لېكىن، ئۇمۇ ئايلاپ ئاچ - توق قېلىش، تاغ ۋە ئوچۇق دالالاردا ئاپتاپتا كۆيۈش نەتىجىسىدە، ئورۇقلاپ، ئىككى مەڭزى ئىككى پارچە كىچىك سۆڭەكتەك تېشىپ كۆتۈرۈلۈپ چىققان، كۆزلىرى چاناق ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئەگەر بۇ يەردە مۇھەممەت مۇئەللىمنى تونۇغۇچىلار بولغان بولسا، ئۇنىڭمۇ نەقاتارلىق تارتىلىپ كەتكەنلىكىنى دەررۇ بايقىۋالغان بولاتتى. چۈنكى ئەسلىدىن سېمىز كەلگەن بۇ مائارىپچى شۇ تاپتا ئىنتايىن ئورۇقلاپ، يۈزىدىكى قويۇق چوقۇرلار ھەرە كۆنەكلىرىدەك تۈرلىشىپ ۋە روشەن كاتەكلەپ كەتكەنىدى، يوشۇرۇنۇپ ياشاش، ئاي - ئايلاپ ئۆڭكۈر ۋە تاغ - دالالاردا ئۆتكەن جاپالىق تۇرمۇش بۇ ئۈچ سەپداشنى ئاچ - توقلۇقنىڭ رەھىمسىز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ، ئەنە شۇنداق تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

— خۇدايا تەۋۋا! «ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەن تەمسىل بىكار ئېيتىلمىغانىكەن، رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقى بىرمۇنچە ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلغانىدى، ئاخىر ئۆزىمۇ قۇتۇلالماپتۇ! — دەپ گۇدۇڭشىدى بىر مۆتىۋەر.

يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىچىدە رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقىنىڭ يىراقراق شىرىم تۇغقىنى بار ئىدى، ئۇ ئىچىدە ئاستا پىچىرلاپ، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تۇيغۇزماستىن دۇئا - تەكبىر قىلىۋالدى.



ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەللىم، ھامىتلارغا شۇ مەھەل بۇ يەردىن قايتىپ باتالىيون شتابىغا بېرىشنى ئېيتتى ۋە ئۇلارغا باشلاپ ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن جەڭچى قوشۇپ، ئۇنىڭ قولىغا ئۆز يۇچۇركىسى بىلەن يېزىلغان كىچىك پارچە خەتنى تۇتقۇزدى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋۇنىڭ نامىغا يېزىلغان بۇ خەتتە، راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەللىم، ھامىتلارغا تۇرمۇش جەھەتتىن ياخشى غەمخورلۇق قىلىش ئالايىتەن جېكىلەنگەن ۋە ئۇلارنى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىزۋوتلارنىڭ ئۈچىگە ئايرىم - ئايرىم كوماندىر قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلگەنىدى. راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەللىم، ھامىتلار مېڭىشى بىلەنلا يۇرت مۆتىۋەرلىرى مىللىي ئارمىيىگە نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، زالدىن چىقىشتى. خەلق ۋەكىللىرى قېپقېلىپ، سىياسىي كومىسسارلاردىن ئۆز زىممىلىرىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەر توغرىسىدا كونكرېت يوليورۇق ئالغاندىن كېيىن، خىزمەت ئورۇنلىرىغا قاراپ كېتىشتى.

## قوغان ئۈچۈن جەڭ

خەلق ۋەكىللىرى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن كەتكەندىن كېيىن، سىياسىي كومىسسارلار زالدىن قوزغىلىپ، بىنانىڭ 2 - قەۋىتىگە كۆتۈرۈلدى. بۇيەردە ئۇلارنىڭ ياتىقى ۋە ياتاق يېنىدا رادىستنىڭ ئايرىم بۆلمىسى بار ئىدى. بۆلمىنىڭ ئىشىكى ھەم يېپىقلىق بولۇپ، رادىست-

نىڭ قىزغىن ئىشلەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بۆلمە ئالدىدا بىر ئاز تىرىختىغاندىن كېيىن، ياتاققا كىرىپ كېتىشتىن ئاۋۋال، نۆۋەتچى جەڭچىنى چاقىرىپ، باتالىيون كوماندىرىنى بىللە ئەكىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئەمدى بۇ ئۈچەيلەن جىددىي باش قوشۇپ، نۆۋەتتىكى جەڭ ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشى كېرەك ئىدى. سوپاخۇن سىزۋۇرۇۋۇ سىياسىي كومىسسارلار ياتىقىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، بۇ يەرگە رادىستنى كىرىپ، ئۇلارغا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىن ئەۋەتىلگەن رادىئوگراممىنىڭ يېڭىلا يېزىۋېلىنغان تېكىستىنى تاپشۇردى. بۇ رادىئوگرامما سىياسىي كومىسسارلار بۈگۈن يولىيورۇق سوراپ غۇلجىغا ئەۋەتكەن رادىئوگراممىنىڭ جاۋابى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇلار بايان قىلىنغانىدى:

«سىلەرنىڭ ئاز چىقىم بەدىلىگە يېزىلگەن دۈشمەن ئەسكە-رىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىدار قىلىپ سەپتىن چىقىرىپ، باي تاھ-يەسىنى ئازاد قىلغانلىقىڭلارنى چوڭ خۇشاللىق بىلەن تەبرىك-لەيمىز. چوقۇم بۇ غەلىبە شىمالىي فرونت بىلەن شەرقىي فرونتتا تەڭ بىر ۋاقىتتا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان جەڭچى ۋە ئوفىتسېرلىرىمىزنىڭ دۈشمەن كۈچلىرىگە قارشى تېخىمۇ باتۇر-لۇق بىلەن جەڭ قىلىشىغا يېڭى مەدەت ۋە ئىلھام بولۇپ خىز-مەت قىلىدۇ. سىزلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەمدىكى ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى پىلانلىق ئۇرۇش قىلغاندىن تاشقىرى، دۈشمەن ئىلكىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىلغان جايلارنى ئۆز قولىڭلاردا مۇس-تەھكەم ساقلاشتىن ئىبارەت بولۇپ قېلىشى كېرەك. ئىككىنچى-لەپ دۈشمەنلەرگە ئارتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ جايلارنى ھوشيارلىق، جانپىدالىق بىلەن قوغداپ قېلىش زۆرۈر. ئەگەر ئەكسىچە ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، جاللاتلار بۇ يەرلەردىكى



خەلقلەردىن ئۆچ ئېلىپ، ئۇلارنى خالىغانچە قىرىپ تاشلىشى مۇمكىن. جەنۇبىي يۆنىلىش باتالىيونىنىڭ مۇندىن كېيىن كۈچا ياكى ئاقسۇ تەرەپكە، قىسقىسى بۇ ئىككى جايدىن بىرىگە يۈرۈش قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى ئۇرۇش قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆزۈڭلارنىڭ تاللىۋالغىنىڭلار تۈزۈك. ئەمما بىزچە، يەنىلا قوغان، مۇزات تەرەپلەرگە ئۆتۈرۈشلەرنى ئاقلانى-لىق بولارمىكىن دەپ ھېسابلايمىز. گەپ شۇ يەردىكى، ھازىرچە ئارتۇق قىزىپ كەتمەي، مۇشۇ جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ، ئاھالە زىچراق ئولتۇرۇشلارغا، بازار ياكى ناھىيە مەركەزلىرىگە يۈرۈپ كىرىشتىن ۋاقىتىنچە ساقلىنىپ تۇرۇڭلار. ئالتاي بىلەن ماناس دەرياسى بويىدىكى جەڭ ھەرىكەتلىرى كۈندىن - كۈنگە كۈچە-يىۋاتقانلىقتىن، ھازىرچە سىلەرگە زور مىقداردا ياردەمچى كۈچ ئەۋەتەلمەيمىز. سىلەرنىڭ مۇندىن كېيىنكى كۈرەشلىرىڭلارغا يېڭى زەپەر ۋە نۇسرەت تىلەيمىز».

رادىئوگراممىنىڭ ئاخىرىغا قىسقا ئىلاۋە قوشۇمچە قىلىنىپ، ئۇنىڭدا مۇنۇلار كۆرسىتىلگەنىدى:

«گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ، ئۈچتۇرپانلاردىكى قاماقخا-نىلىرىدا ياتقان سىياسىي مەھبۇسلارنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىشنىڭ ئامالى قانچىلىك؟ بۇ توغرىدا بۇ جايلارغا يوشۇرۇن رازۋېتچىك ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى پۇختا ئىگىلىگەندىن كېيىن، غۇلجىغا ئايرىم رادىئوگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىڭلار. قۇربان بولغان جەڭچى-لەرنى ئۇلارنىڭ مىللىتى، ئېتىقادى ئۆرپ - ئادىتىگە ئاساسەن، يۈكسەك قەدىر - قىممەت بىلەن يەرلىككە قويۇڭلار. يارىدارلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىش، دۈشمەن ئەسىرلىرىگە ئازار بەرمەس-لىك — ھەربىر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ ھەر ۋاقىت ئېسى-دە ساقلانغان ئىش بولسۇن».

رادىئوگراممىدىكى كۆرسەتمە باتالىيون ئۈچۈن مۇندىن

كېيىنكى جەڭ يۈنىلىشىنى بەلگىلەشتە يېتەرلىك دەستۇر ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ۋە رادىئوگراممىدا كۆرسىتىلگەندەك پايدىلىق يۈنىلىشنى ئۆزلىرى بەلگىلەش روھى بويىچە، بۇ مەسىلە ئۈستىدىن ئايرىم باش قوشۇپ جىددىي تەھلىل ۋە مۇزاكىرە يۈرگۈزدى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ ئۆزىنىڭ نوقۇل ھەربىي خادىملىق ئۇقتىسىنەزەرى ۋە تۇرغۇن يىللىق كوماندىرلىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كۇچا تەرەپكە يۈرۈش قىلىشنى قۇۋۋەتلەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ پەرىزىچە بولغاندا، بىر يولى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم ۋە كەڭ كۆلەملىك جەڭ ئارقىلىق كۇچادىكى 4 - پىيادىلەر پولكى، ما چىنشاڭ كورپۇسىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت باتالىيونى ۋە 2 - دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى تارمار قىلىش مەقسىتىگە يېتىپ، كۆپ مىقداردىكى قورال - ياراغ زاپاسلىرىنى قولغا چۈشۈرگىلى بولاتتى. باتالىيون كوماندىرىنىڭ پەرىزىچە، مۇنداق قىلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى، چۈنكى، بايدا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان جەڭچىلەرلا ئۈچ يۈزدىن كۆپرەككە يېتىپ، ئۇلارنىڭ تېخى يېرىمىدىن ئوشۇقراقى قوراللاندۇرۇلۇپ بولۇنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىللىي ئارمىيە خەلقنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ياردىمىگە ئىگە ئىدى. گومىنداڭ ھەربىي قوشۇنى يېتىم بولۇپ، ئۇلار مۇنداق ئىمكانىيەتلەردىن تامامەن مەھرۇم ھالەتتە تۇراتتى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ ھۇجۇم نىشانىنى كۇچاغا قارىتىشنى تەشەببۇس قىلىشتا ئەنە شۇ كونكرېت ئامىل ۋە ئىمكانىيەتلەرنى كۆزدە تۇتاتتى. ئاندىن قالسا، ئۇ جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنىنىڭ قىزىلدىن ئۆتۈشى بىلەن، كۇچادا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى پاتىپاراقچىلىق ۋەزىيىتىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ھەقىقەتەن، شۇ كۈنلەردە، كۇچادىمۇ خۇددى



ئاقسۇدىكىدەك ئۇرۇش ۋەھىمىسى كېچىپ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بالا - چاقىلىرىنى ھەدەپ تارىم بويى ۋە تەكلىماكان چۆلى ئارقىلىق خوتەن تەرەپكە قاچۇرماقتا ئىدى. خەلق ئىچىدە بولسا، مىللىي ئارمىيىنىڭ بايدىن كۇچا تەرەپكە كېلىپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ - سۆز كۆپىيىپ كەتكەنىدى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى خىل ئامىل كۇچاغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، تېز غەلىبە قىلىشنىڭ پايدىلىق ئىمكانىيەتلىرى ھېسابلىناتتى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ پىكرى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇپ، ئۇ شەرققە ئەمەس، غەرب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشنى قۇۋۋەتلەيتتى. بۇ جەھەتتىن، ئۇ مەلۇم ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە ئىدى.

— غۇلجا جەڭ يۈنىلىشىنى كونكرېت شارائىتقا قاراپ ئۆزىمىزنىڭ بەلگىلىشىنى ئېيتقان بولسىمۇ، — دېدى ئۇ ئۆز تونۇشىنى ئىزاھلاپ، — ئەمما يەنە رادىئوگراممىدا بىزنىڭ مۇمكىنقەدەر قوغان، مۇزات تەرەپلەرگە ئۆتۈشىمىزنى ئايرىم جېكىلىگەندەك قىلىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، يەنىلا غەربكە يۈرۈش قىلغىنىمىز ياخشى. قوغان، مۇزات، بوزدۆڭلەردىكى دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئارىلىقى يىراق، بۇ بىزنىڭ باتالىيونىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرماي، يەككە - يەككە يوقىتىشقا پايدىلىق. بۇ يەنە، قىزىلدا قوللانغىنىمىزدەك كۈچلۈك ئورۇندىكى دۈشمەننى بۆلۈپ يوقىتىش تاكتىكىسىغىمۇ ئۇيغۇن. كۇچا تەرەپ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يەردە شۇنچىۋالا كۆپ ئەسكەر، يەنى تولۇق بىر پولك، مۇستەقىل بىر باتالىيون ۋە دىۋىزىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بىرنەچچە يۈز كىشىلىك مۇھاپىزەتچى گارنىزونى بىر - ئىككى يەرگە غۇجىمەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلارغا تېگىش ئاسان، ئەمما غەلىبە قىلىش تەس!...

ئۈستەلدە قارا سىيا بىلەن قولدا قىلىنغان سىزىق تارتىپ سىزىلغان ۋە سىزىقلار ئارىلىقىدىكى دوپپىدوسلاق دۈگىلەكچىلەر ئىچىگە غەربىي سەپنىڭ ئۆتەڭ ۋە كىچىك ـ كىچىك ئاھالە نۇقتىلىرىنىڭ قۇشتېپىسى، ياقىرىق، قارابۇلاق، قىزىلبۇلاق، قارىباغ، قۇرۇقان، مۇزات، بوزدۆڭ، تىكەنلىقۇدۇق، قارايۇلغۇن، جام ئىشلەنچى دېگەنگە ئوخشاش نامىلىرى يېزىلغان يوغان بىر پارچە پارقىراق سۈت قەغەز تۇراتتى. قەغەز يۈزىدىكى سىزىقلار ئاددىي كۆرۈنسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنى ھەربىي يۈرۈشتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر قاتار شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن تەمىنلەپ بېرىشكە يېتەرلىك ئىدى. قاسىمجان قەمبەرى سخېمىنى ئالدىغا تارتىپ، ئۇنىڭدىكى مۇساپە سىزىقلىرى ۋە دۈگىلەكچىلەرگە يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ:

— بىزنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە ھازىرچە ئېلىپ بارىدىغىنىمىز مۇنتىزىم ئۇرۇش ئەمەس، ئاساسەن پارتىزانلىق ئۇرۇشى، — دېدى. — مۇنداق ئۇرۇش ئەلۋەتتە كۇچاغا ئوخشاش ئاھالىسى زىچ چوڭ بازارلارنى ئىشغال قىلىشنى ئەمەس، بەلكى پارچە ـ پارچە جەڭ ھەرىكەتلىرىنى داۋام قىلدۇرۇپ، دۈشمەن قوشۇنىغا كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىشنى، بازارلاردىن يىراق ستراتېگىيىلىك چەت جايلاردىكى ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئىچىدە بىر تۇتاش ئۈجۈقۇش ۋە ئالاقىزادىلىك ھاۋاسى پەيدا قىلىشنى، بولۇپمۇ قاتناش لىنىيىلىرىگە ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ، مەلۇم بىر مەزگىلگىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرىنى ئۇرۇش-



چەندىن بولىدىغان ياردەملەردىن مەھرۇم قىلىپ تۇرۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ. مۇنداق دېگەنلىك، بىز ھازىرچە پارتىزانلىق شەكلىدىكى ئۇرۇشلار بىلەنلا چەكلىنىپ تۇرايلى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مۇنداق ئۇرۇش كۆپ ھاللاردا چوڭ ھەل قىلغۇچ جەڭلەر بىلەنمۇ گىرەلىشىپ كېتىدىغان بولىدۇ ...

— ھازىر جەڭچىلىرىمىز، — دېدى باتالىيون كوماندىرى ئۆزىنىڭ دەسلەپ بەرگەن پىكرىنى ئىزاھلاپ، — ئۇرۇش قىلىشقا ئىنتايىن ئالدىراۋاتىدۇ. بەزىدا بىر كۈن تۇرۇپ قېلىشىدۇق، بۇ بىر كۈندە ئىززەت. روتا كوماندىرلىرىدىن تارتىپ ئاددىي جەڭچىلەرگىچە، خېلى كۆپ قىسمى كۇچاغا تەرەپكە ھايالسىز مېڭىش توغرىسىدا ئۈزلۈكسىز تەلەپ بېرىپ تۇردى. ئۇلار چىڭراق ئۇرۇش قىلىش ئىستىكىدە چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ.

— كۇچاغا بارساق چوڭ جەڭ قىلغىلى بولىدۇ، — چۈشەندۈردى ئايدۆڭكىرىم ئابباسوپ، — غەربىي سەپتە قىلىدىغان ئۇرۇشىمىزمۇ ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ. ئاقسۇ 5 ـ ئاتلىقلار پولكىنىڭ مارالبېشىدىن يۆتكەلگەن بىر روتىسى ھازىر قوغاندا تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ يەنە بوزدۆڭدە خۇاڭ يادۇەن روتىسى، مۇزداۋان چېرقىسىدا خاكى باشچىلىق قىلىۋاتقان بىر ۋىزۋوت ئەسكىرى بار. ئالدىمىزدا بىز شۇلارغا تەگمەكچىمىز. دېمەك، بۇنىڭدىن قىلىدىغان ئۇرۇشىمىزنىڭ كىچىك دائىرىدە بولمايدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟ گومىنداڭنىڭ تېخى بۇ روتىلىرىدا ئىككى دانە ئېغىر پىلىموتمۇ بار.

— شۇنداق، — سوپاخۇن سۆزۈۋۈ ئويلىنىپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تاپشۇرۇۋېلىنغان يېڭى مەلۇماتنى ئەسلەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — بايىغا كەلگەن بوزدۆڭلۈك ئىككى نەپەر قىرغىز مەرگەندىن ئۇققىنىمىزچە، ئاقسۇ تەرەپ قوغانغا ئىككى ۋىزۋوتچە يېڭى ئەسكەر يۆتكەپ كەپتۇدەك.

— دېمەك، بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قوغان، بوزدۆڭلەردە قىلىدىغان ئۇرۇشىمىز كىچىك ئەمەس، خېلى چوڭ بولىدۇ. ھەتتا ئەھۋالغا قاراپ ئاقسۇنىڭ ئۆزىنىمۇ بېرىپ قىلىشىمىز مۇمكىن، ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى ئۈچۈن، بۇنى جەڭچىلەرگە ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى تەكىتلەپ.

— بولىدۇ، — جاۋاب بەردى باتالىيون كوماندىرى.

— ئەتراپقا رازۋېتكىچىلار ماڭدۇرۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بولغىيدى؟ — ئېنىقلاپ سورىدى ئابدۇكېرىم ئاببасوپ.

— ھەئە، شۇنداق، — مەلۇمات بەردى سوپاخۇن سوۋۇروۋ، — بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر چىقىرىلدى. رازۋېتكىچىلىرىمىز شەرق تەرەپتىن سايرام، قىزىلغىچە، غەرب تەرەپتىن قارىباغ، ياقا ئېرىققىچە بېرىپ كەلدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قارىسىمۇ يىراقتا تۇرىدۇ ...

غۇلجا موخۇركىسىنى يوغان ئوراپ، سۈمۈرۈپ چېكىشكە باشلىغان قاسىمجان قەمبىرى خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كەتتى - دە، ئۈستەل ئۈستىنى قاپلىغان ئىس - تۈتەكنى ھەيدەپ تۇرۇپ:

— دۈشمەنلەر تازا ئۈجۈقۇپ، چاشقاندەك ئۆچەكلىرىگە كىرىپ كەتتى دەڭا! — دەۋەتتى. سىياسىي كومىسسارلار بىلەن باتالىيون كوماندىرى مۇزداۋاتنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورنىنى ھازىر ھەرقانداق ئادەمدىن ياخشىراق چۈشىنەتتى. شۇنداقتىمۇ ئابدۇكېرىم ئاببасوپ بۇ ھەقتە ئالاھىدە سۆزلەپ:

— مەن كىچىكىمدە ئاتامغا ھەمراھ بولۇپ مۇزداۋاتتىن ئۆتكەنىدىم، — دېدى ئۇ، — ئۇ چاغدا بىز يۇرتىمىز ئۈچتۇرپاندىن تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن غۇلجىغا ماڭغانىدۇق. مۇزداۋان ئاجايىپ چەرقا، ئۇيۇل كەتكەن قورقۇنچلۇق



مۇز چوققىسى. ئۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ يول توسۇۋالسىڭىز، پەستىن ئېگىزگە ئىس - جىنمۇ چىقالمايدۇ. — سىياسىي كومىسسار بۇ گەپ بىلەن يۇرتىنى، ئاتا - ئانا ۋە ئاكا - ئۇكىلىرىنى، ئۆزىنىڭ بالا ۋاقتىنى ئەسلەپ قالدى بولغاي، بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن يەنە رەسمىي ئاھاڭ بىلەن ئۈنلۈك سۆز باشلاپ كەتتى:

— قېنى، بىز ئەمدى جەڭنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرىپىنىلا ئەمەس، ئوڭۇشسىز تەرىپىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى، — دېدى ئۇ، — بىزنى دۈشمەنلەر باشقا جايدا ئەمەس، دەل مۇشۇ جايدا تۆت تەرەپتىن كېلىپ ئوتتۇرىغا قاپسىۋالغان بولسۇن، ئۇ چاغدا، بىز بىرەر چىقىش يولىغا مۇھتاج بولىمىزمۇ — يوق؟ ئەلۋەتتە بولىمىز. بىزنى قورشىۋالغان دۈشمەننىڭ ئەينى ۋاقىتتا يەنە، قىسىر تاغ ئېغىزىنى ئىگىلىۋېلىپ ئىشغال قىلىپ بولغانلىقىنىمۇ پەرەز قىلايلى. بىزگە ئەمدى قايسى تەرەپنى بۆسۈپ، قايسى يوچۇقتىن ئىلى تەرەپكە ۋاقىتنىچە ئۆتۈپ تۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلار؟ مۇشۇ جەھەتتىنمۇ مۇزداۋان ئەڭ مۇھىم جاي دېمەك. مۇزداۋاتتا يامان ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىمىزدە، بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزگە ئۆزىنى قوغداپ، غۇلجا تەرەپكە ساق - سالامەت چېكىنىۋېلىشى ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. بۇ جاي، يەنە ئۆزىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئومۇمىي قوراللىق ئىنقىلابىمىزغا ئەڭ كېرەكلىك تەبىئىي ئىستىھكام.

تۈرلۈك پىكىر، مەسلىھەت ۋە مۇلاھىزىلەردىن كېيىن، ئاخىر باتالىيون رەھبەرلىرى غەربكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا تولۇق بىرلىككە كەلدى. بىرىنچى قېتىم تېگىش قىلىنىدىغان ھەربىي نۇقتا — قوغان ئىستىھكامى قىلىپ بەلگىلەندى. يول ئۈستىدە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىپ

قالا، پارچە - پۇرات تۇرۇشلارنىڭ بولۇپ قېلىش مۇمكىنلىكىمۇ ئالدىنئالا پەرەز قىلىپ قويۇلدى. ھەربىي سىر نۇقتىسىنەزەرىدىن يولغا چىقىش ۋاقتى ئەل ياتقۇسى سائەت 11 ئەتراپى قىلىپ بەلگىلىنىپ، جەڭچىلەر ياخشى ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ھازىردىن تارتىپ ئۇخلىۋېلىشقا بۇيرۇلىدىغان بولدى. بۇ چاغدا، جەڭچىلەرنىڭ قورسىقى تويۇق بولۇپ، ئۇلار ئامازشام بىلەن گۆش بېسىپ ئېتىلگەن مەززىلىك پولۇ يېگەنىدى. سوپاخۇن سىۋۇرۇۋ نۆۋەتتىكى ھەربىي يۈرۈشنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ باتالىيون شتابىغا كەتتى. قىلىنغان مەسلىھەتكە ئاساسەن، قاسىمجان قەمبىرى باي - قوغان ئارىلىقىنىڭ يول ئەھۋالى ۋە جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى بىلەن يەنىمۇ پۇختىراق تونۇشۇۋېلىش ئۈچۈن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ يېڭى سايلانغان باشلىقىنى چاقىرىپ كەلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىنى ئەمدىكى ھۇجۇم يۆنىلىشىنىڭ قوغان - مۇزات تەرەپ قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىدىن ۋە بۈگۈن ئاخشام يولغا چىقىپ، ئۆگۈنلۈككە تاڭ سەھەر بىلەن بۇ ئىككى جاينى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىنى باشلايدىغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتىلىدىغان رادىئوگرامما تېكىستىنى يېزىش ۋە ئۇنى تېز يېزىۋېتىش ئىشى بىلەن بەند بولدى. سوپاخۇن سىۋۇرۇۋ باتالىيون شتابىغا يېتىش بىلەنلا، قوغان تەرەپتىكى يولنى مەخسۇس كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى نەپەر رازۋېتكىچىنى ماڭدۇردى. ئاندىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، تولۇق قوراللانغان 30 كىشىلىك بىر ۋىزۋۇت ئالدىن يۈرەر جەڭچىسىنى ئۈچەرلەپ ئاتلار بىلەن سەپەرگە ئاتلاندۇردى. سائەت 11 بولۇپ قالاي دېگەنىدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر



يېتىپ كەلدى، جەڭچىلەرگە ھەربىي يۈرۈشنى باشلاش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق بېرىلدى. بۇ يەردە باي بازىرىنى قوغداش ئۈچۈن يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىككى ۋىزۋۇت جەڭچى قالدۇرۇلۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز روتىلىرى بويىچە قوزغىلىپ ھەش - پەش دېگۈچە يولغا چىقىپ بولدى. سەلتەنەتلىك ھەربىي يۈرۈش — ھۇجۇم يۈرۈشى كېچىنىڭ تىمتاسلىقى ئىچىدە ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى يەردىن تەكشى قەدەم ئېلىپ مېڭىشى بىلەن ناھايىتى تىنچ داۋام قىلدى. خېلى ئۇزۇن يول بېسىلىپمۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىنمىدى. ھەقىقەتەن ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ باي تەۋەسىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك زور غەلىبىسىدىن كېيىن، ھودۇقۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ۋە پەقەت ئىستىھكاملىرىنى قانداق ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىدىلا بولۇپ، مىللىي ئارمىيىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى.

قوغان ھەربىي ساۋات نۇقتىسىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى ئۈچۈن قەتئىي ئىشغال قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم جاي ئىدى. ئۇ يېقىن ئەتراپىنى كۆزدە تۇتقاندا، بوزدۆڭنى تېز ئازاد قىلىش ۋە مۇز داۋان چوققىسىنى غەلىبىلىك قولغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت دەھالى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ تىلسىماتنى بىر يولى ئېچىپ تاشلاشنىڭ ئاچقۇچى، ئىككىنچى ياقتىن ئېيتقاندا، بۇ يەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۈچۈن پۇت تىرەپ تۇرۇشقا بولىدىغان ئىشەنچلىك ئارقا سەپ بولۇپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشنىڭمۇ ئەڭ ئاساسلىق كۆۋرۈكى ئىدى. قوغاننىڭ مۇنچىۋالا زور ئەھمىيىتىنى ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ھەربىيلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار بۇ يەرگە ئىلگىرىكى

بىر روتا ئەسكەرگە قوشۇمچە ياردەمچى كۈچ قىلىپ، يېقىندا يەنە ئىككى ۋىزۋوت ئەسكەر ئەۋەتكەن. قوغانغا قوشنا بوزدۆڭدە خۇاڭ يادۈەن روتىسىنى. مۇزاتتا خاكىنىڭ مۇستەقىل ۋىزۋوتىنى تۇرغۇزۇپ، بۇ جاھىل ئىستېھكامنى مۇستەھكەم مۇداپىئە چەمبىرىكى ھالىتىگە كەلتۈرگەنىدى. قىسقىسى قوغاندا غەلىبىلىك جەڭ قىلىش سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ باتالىيونى ئۈچۈن قىيىر ئۇرۇشىدىنمۇ ئەھمىيەتلىكرەك ئىش بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھەربىي ئوپېراتسىيەلىرى ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈشكە داغدام يول ئېچىۋالغانلىقى بىلەن باراۋەر ئىش بولاتتى.

جەڭچىلەر قارايۇلاققا يېتىپ كەلگەندە، چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە باتالىيوننىڭ ئالدىنقى روتىسى توختىتىلىپ، ئارقىدىكىلىرى يېتىپ كېلىپ، ھەممىسى تولۇق جەم بولۇش بىلەن، غىزا - تاماق يەۋېلىش ۋە ھاردۇق ئېلىۋېلىش جاكارلاندى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باتالىيونغا قوغاننى ئىشغال قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. شۇنىڭدەك بۇ جاھىل ئىستېھكامنى قىسقا جەڭ ئارقىلىق بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن چاقماقتەك تېز ئۇرۇش قىلىپ، ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى جېكىدى. باتالىيوننىڭ روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن ئىدى، ھەر بىر روتا كوماندىرى ئۆز جەڭچىلىرى نامىدىن سۆزلەپ، قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۆزلىرىنىڭ تەلىپى بولۇپ قالغانلىقلىرىنى ئۇنىڭغا راپورت بىلەن يەنە بىر قېتىم مەلۇم قىلدى. كوماندا بېرىلىپ ئالدىن يۈرەر ۋىزۋوت قوزغىلىپ تېرىندىكى يوغان قوم بارخاننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، قالغان ۋىزۋوتلار ئۆز روتىلىرى بويىچە، رەت - رەت بولۇپ يولغا چىقتى. ھەربىي يۈرۈش شاۋقۇن - سۈرەنسىز، جىمجىتلىق ئىچىدە



داۋام قىلاتتى، يۈزلىگەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن سارغۇچ يۇمشاق توپا بەزىدە ئۇشتۇمتۇت ئۇرغان ئىسسىق شامال بىلەن پەس ئۇچۇپ، يىراقلارغا كەتسە، بەزىدە تىنچ تىنىق ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، پارچە - پارچە تۇمان ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. ھەربىي يۈرۈش قوغان تەرەپكە يېقىنلاشقانچە، يېزىلاردىن - يېزىلارغا ئارىلاپ ئۆتۈپ تۇرغان ھارۋىلار ۋە پىيادە ئادەملەرنىڭ قارىسى تېخىمۇ ئازلاپ، بارا - بارا كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى. بۇ ئاقسۇ تەرەپتىكى گومىنداڭچىلارنىڭ يېزا باشلىقلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خەلقنى باي تەرەپكە بېرىشتىن قەتئىي توسۇپ قويغانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاڭغىچە، كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى قىزىلبۇلاققا يېقىنلاپ قالغاندا، ئۇلارغا ئۆز رازۋېتكىچىلىرى ئۇچراشتى. بۇ رازۋېتكىچىلار گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قورالسىزلاندۇرۇلغان بىر رازۋېتكىچىسىنى باغلاپ ئات ئۈستىدە ئەكىلىۋاتقانىدى. رازۋېتكىچىلارنىڭ باتالىيون رەھبەرلىرىگە بەرگەن راپورتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار بۈگۈن قىزىلبۇلاقتا بولۇپ ئۆتكەن قىسقا ئېتىشمىدا يارىدار قىلىپ ئەسىرگە ئالغان، دۈشمەننىڭ بۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان يەنە بىر ئەسكىرىنى شۇ يەردىلا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. بۇ ئىككى دۈشمەن مىللىي ئارمىيە رازۋېتكىچىلىرىغا ئۇچرىشىپ قالغاندا، جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچقان، شۇنىڭدىن كېيىن، قەھرىمان رازۋېتكىچىلار ئوق ئۈزۈپ، ئاۋۋال ئاتلىرىنى، ئاندىن ئۆزلىرىنى ئېتىپ، ئاخىرىدا بۇنى يارىدار ھالەتتە قولغا چۈشۈرگەن، دۈشمەن رازۋېتكىچىلىرىنىڭ ئۆز جايىدا بېسىقتۇرۇلۇشى ئۇرۇش نۇقتىسىنەزەرىدىن تۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۆزىگە خاس ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن قوغان، بوزدۆڭلەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئالدى

تەرەپنى كۆزىتىش ۋە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ بۇ تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشتىن بىر يولى مەھرۇم بولۇپ، قارىغۇ - گاسلاردەك ھەممە نەرسىدىن بىخەۋەر قېلىشۇرگەن بولاتتى. ھۆججەتكار باتالىيون قىزىلبېۋۇلاقتا بىر ئاز توختاپ، جەڭچىلەرگە قىسقا مۇددەتلىك ھاردۇق، ئاتلارغا يەم - بوغۇز بەردى. ۋاقىت باش توخۇ مەزگىلىگە كېلىپ، بۇ يەرگە قىشنا كەتتىلەرنىڭ بىرىدە چىللىغان خورازلارنىڭ ئاۋازى كېلىپ ئاڭلاندى. تاڭ سىزىۋېلىپ، ئەتىراپ يورۇشقىچە قوغانغا يېتىپ بېرىپ، دۈشمەنلەرنىڭ بۇ جاھىل قورغىنىنى مەزدۇرمەستىن قورشىۋېلىش، كوماندانىڭ بۇ يەردىكى ئەسكەرلەردىن بىرىنىمۇ قاچۇرماي قولغا چۈشۈرۈشتە تاكتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى. جەزىبىي يۈرۈش قوشۇنى قوغانغا يېتىپ بارغاندا، تاڭ سىزىۋېلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ھاۋانىڭ بۇلۇتلۇقى سەۋەبىدىن ئەتراپ بىر نەرسىنى پەرق قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە قاراڭغۇ ئىدى. باتالىيون ئاخىر قوغانغا قارشىلىقسىز كېلىپ، بۇ يەردە ئالدىن يازەر ۋزۋوت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوشۇلدى. بۇ ۋزۋوت مەل ئىلگىرى يېتىپ كېلىپ، قوغان دەرۋازىسى تەرەپنى كۆز نازارىتى ئاستىغا ئېلىپ تۇراتتى. دۈشمەنلەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغانلىقلىرىنى بايقىمىغاندا. پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىق-لىرىنى بىلىپ، قاتتىق ئالاقزادىلەشتى: كېچىچە سىرتتا قالدۇرغان تەييار ئېگەرلىك ئاتلىرىنى سېپىل ئىچىگە ئەكىرى-ۋالالمىدى، دەرۋازىنى تاقىۋالالىغان بولسىمۇ، ئىچىدىن يۆلەپ تام تۇسۇق قىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. سىرتتىكى پوتەي ۋە يەر ئاستى ئاكوپىنى ھەش - پەش دېگۈچە قولىدىن بېرىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوغاننىڭ ئاقسۇدىكى پولك شتابى بوزدۆڭدىكى خۇاڭ يادۇەن روتىسى، مۇزداۋاندىكى خاكى



ۋزۋوتى بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلۈپ تاشلانغانىدى. چۈنكى، ئالدىن يازەر ۋزۋوت بۇ يەرگە كېلىش بىلەنلا، سىم تاناپلارنى كېسىۋەتكەنىدى. باتالىيون جەڭچىلىرى تەكشى يېيىلىپ، قوغان سېپىلى ئۆپچۆرىسىدە بىر ئۆتاش چەمبىرەك شەكلىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن، دۈشمەن قەپەسكە سولانغان ھۇقۇشتەك مۇستەھكەم مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ شەمشاد دەرىخىدەك قەد تىكلەپ ئورنىدىن تىك تۇرۇپ، يېنىدىكى چوڭ قورام تاش ئۈستىگە چىقىپ، كاناي ئارقىلىق بوم، ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن قوغان ئىچىدى-كىلەرنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ شۇ تاپتا قول كۆتۈرۈپ، ياۋاشلىق بىلەن قورال تاپشۇرۇشتىن باشقا ئامالىنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، ئۇلار كوماندىرلىرىنىڭ جاھىللىق بىلەن بەرگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن، بۇ دەۋەتكە قاتتىق ئوق ياغدۇرۇش بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۈچ ۋىلايەتتە قوراللىق ئىنقىلاب قوزغالغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئىچىدە بۇ ئىنقىلابقا قارىتا بىر خىل ناتوغرا چۈشەنچە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. گومىنداڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى مىللىي ئارمىيىنى ھەر تەرەپلىمە يامان كۆرسىتىپ، ئۇلارغا بۇ ئەركىن-لىك جەڭچىلىرى توغرىسىدا باشباشتاقلىق بىلەن ئىش قىلىدىغان تاغ ياۋايىلىرى، تەسلىم بولغان بىلەن ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسەتكەننى پەرق ئەتمەستىن بىردەك قىرىپ تاشلاشنىلا بىلىدىغان قارا كۆڭۈللەر دېگەن كۆز قاراشنى سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمەس بولۇپ قالغان ھازىرقىدەك ئۈمىدسىز شارائىتتا تېخىمۇ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرغان گەپ ئىدى. مىللىي ئارمىيە باتالىيونى

قويۇق يېغىۋاتقان ئوق يامغۇرىغا قارىماي ئۆمىلەپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، مۇھاسىرە ھالقىسىنى كىچىكلەتتى. سېپىل ئۈستىدىكى پوتەيلەرنى مىناميوتتىن ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنى گۇمران قىلدى. مەرگەنلەر چەنلەپ ئېتىپ، دۈشمەن پىلىموتچىكىنىڭ بىرىنى سەپتىن چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن، قوغان ئىچىدە ئالاقزادىلىك يەنىمۇ كۈچەيدى. لېكىن قارشىلىق پەسەيمىدى، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بىر قىسىم پىدائىيلار سېپىل تۈۋىگە ئۆمىلەپ بېرىپ، بىر - بىرىنى مۈرىدە كۆتۈرۈش يولى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئامالىنى قىلىپ كۆردى. بىراق، دۈشمەنلەرنىڭ تۆپە - تۆپىلەپ تاشلىغان قول بومبىلىرى سېپىلغا ئۆرلەشنىڭ ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقاردى. يۇقىرىغا چىقىشقا ئۇزۇن، بەردەم شوتىلا ياردەم بېرەلەيتتى. ئەمما، تەييار شوتىنىڭ يوقلۇقىدىن بۇ جەڭگىۋار ئوپېراتسىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭمۇ مۇمكىنچىلىكى بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قوغانغا بولغان بۆسۈش ھۇجۇمى ئۇنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە يۆتكەلدى. باتالىيون جەڭچىلىرىنىڭ بىرقانچىسى يېقىنلاپ بېرىپ، دەرۋازىغا قول بومبىلىرى تاشلىدى. ئومۇمەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئېگىزلىكتە — سېپىل ئۈستىدە، مىللىي ئارمىيە پەستە، بىر قەدەر يانتۇ كەتكەن تۈزلەڭلىكتە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوغان سېپىلى ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە دالدىلىنىپ ئۇرۇش قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان ھەربىي قۇرۇلمىلار بولمىغانلىقتىن، دۈشمەن مەلۇم مەزگىلگىچە جان تالىشىپ، ئۆزلىرىنى قوغداپ تۇرالىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇرۇش ئوتى ئېچىلىپ، ئانچە ئۆتمەي مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن تۆت نەپىرى قۇربان بولۇپ، ئۈچ نەپىرى ئېغىر يارىدار بولدى. ئۇرۇشنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشى باتالىيونغا پايدىسىز ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارغا قاتتىق ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تېز غەلىبە قىلىش تاكتىكىسى بويىچە، جىددىي جەڭ ئوپېرات-



سىيەسى ئۆتكۈزۈشكىلا توغرا كېلەتتى. ئاخىر بۇ ئەھۋال باتالىيون رەھبەرلىرىدە باش قېتىمچىلىقى پەيدا قىلدى. دەل شۇ ئېغىر پەيتتە بوزدۆڭ تەرەپتىن تۆت نەپەر ئاتلىق قىرغىز چارۋىچىلىرى ئۆز مىلتىقلىرىنى تېقىمىلىرىغا باستۇرغان ھالدا كېلىپ قالدى. ئۇلار تۇغما مەرگەنلەر بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ بايىنى ئازاد قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېچىلەپ قوغان تەرەپكە كېلىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. قىرغىز مەرگەنلىرى كىچىكىدىن تارتىپ، بوزدۆڭ، مۇزات، قوغان ئەتراپلىرىدىكى تاغ - ئېدىرلارنىڭ قاپتاللىرىدا ئوۋچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇلار بۇ جاھىل دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم ئوقى ئېتىشنىڭ ئەپلىك ئورۇنلىرىنى بىلەتتى. بۇرۇندىن تارتىپ، مۇستەبىتلەرگە ئىشەنچلىك ھەربىي بازا بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلگەن قوغان قورغىنى دەريا كېچىكىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپى ئازراق تۈزلەڭلىك، بىر تەرىپى مۇزاتقا يانداش ئىدى. قىرغىز چارۋىچىلىرى باتالىيون رەھبەرلىرىگە قوغان سېپىلىگە ئېگىزدىن تۇرۇپ، چەنلەپ ئوق ئېتىشقا بولىدىغان ئەپچىل جاينىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئون جەڭچىنى ئاتلىق كېچىكتىن ئۆتكۈزۈپ، دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا ئېلىپ ماڭدى. ھەرقايسى روتىلاردىن تاللىۋېلىنغان بۇ كىشىلەر ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدىغان ئۇستا مەرگەنلەردىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار، تۆت نەپەر يول باشلىغۇچى بىلەن بىرلىكتە 14 كىشىلىك مەرگەنلەر ئوتدىلىنىيىسى بولۇپ ئۇيۇشۇپ، تاغ قاپتىلىنىڭ قوغانغا يېقىن دالدا يەرلىرىگە خەتەرسىز بېرىپ ئورۇنلاشتى ۋە شۇ يەردىن ئوق ئۈزۈپ، ھە دېگەنچىلا ئوتتۇزغا يېقىن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى يەر چىشلەتتى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تېز ئۆزگىرىش

بارلىقچا كېلىشكە باشلىدى. شۇندىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنى سېپىل ئۈستىدە ئاشكارا ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇپ ئوق ئۈزۈشتىن پوتەي ئىچى ۋە داللىلارغا يوشۇرۇنۇپ جان ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قوغان ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، بۇ يەردىكى ئۇرۇشنى تېز ۋە ئۈزۈل - كېسىل ئاياغلاشتۇرۇشنىڭ پايدىلىق پۇرسىتى ئىدى. باتالىيون رەھبەرلىرى دەرۋازىنى ئۇرۇپ چېقىش ياكى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلاش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. شۇ چاغدا، باي بازىرى تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قالغان ناھىيىلىك يېڭى ساقچى ئىدارىسىنىڭ خادىمى باشقىچە خەۋەر يەتكۈزۈپ، بۇ تەدبىرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ۋاقىتنىچە كېيىنگە كېچىكتۈردى. مەلۇم بولۇشىچە، ما چىڭشاڭ كورپۇسىنىڭ كۈچادىكى مۇستەقىل ھەرىكەت باتالىيونى پۈتۈن تەركىبى بىلەن ھۇجۇم يۈرۈشى باشلاپ، بايغا بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. خەۋەرچى ساقچى ئۆزى بايدا چاغدا، ئۇلارنىڭ قىزىلغا كېلىپ بولغانلىقىنى، ھازىرغىچە بايغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. باينىڭ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ئاجىز، شۇ تاپتا ئۇ يەردە ئىككى ۋىزۋوت جەڭچى، 15 نەپەرچە قوراللىق ساقچى خادىملا بار ئىدى. ئۇلار شۇنچىۋالا كۆپ دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى بايدىكى قورالسىز مۇلكىي خادىملارغا بازاردىن ئامان - ئېسەن چىقىۋېلىشتا پەقەت قوغداپ تۇرۇش ياردىمىنىلا بېرەلەيتتى. دېمەك، بايغا بېسىپ كەلگەن كۆرەڭ دۈشمەن چېكىنگەنلەرنى قوغلاپ، قوغانغىچە كېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھەقىقەتەن ئۇلار بىر يەرگە كېلىپ قالغۇدەك بولسا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ بۇ يەردىكى غەلىبىسى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزى مۇھىم بولۇپ قالدى. مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ئۈچۈن



ئەمدى ئەڭ پايدىلىق ھازىرقى ھەر بىر مىنۇتنى قىممەت بىلىپ، مۇستەقىل باتالىيون بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال، ئالدىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغانىدى. باتالىيون رەھبەرلىرى تېز ھەرىكەتكە كۆچۈپ، جىددىي ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. 14 كىشىلىك مەرگەنلەر ئۆتتەپلىنىشىنى ئىلگىرىكىدەك تاغ قاپتىلىدا قالدۇردى. 130 جەڭچىدىن تەركىب تاپقان 1 - روتىنى قوغان سېپىلىنى قورشاپ، ئۇنىڭدىكى دۈشمەنلەرنى بەند قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئاندىن باتالىيوننىڭ ئىككى روتىسى ۋە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان قوراللىق روتىنى ئېلىپ، ئالاھىدە ھەرىكەت باتالىيون-نىڭ ئالدىغا يۈرۈپ كەتتى. قوغاندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇ ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىنىۋاتقانلىقىدىكى سەۋەبلەرنى بىلمەيتتى. ئەگەر بىلسە، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇھاسىرىچى روتىسىغا ئۆزلىرىدىكى كۆپ سانلىق ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تاشلىنىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆز پايدىسى تەرەپكە ئۆزگەرتىۋالغان بولاتتى. بۇ خەتەرلىك ئىش بولۇپ، ئاخىر ئۇ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ بارلىق تەركىبىنى مەغلۇبىيەت تەقدىرىگە ئەكېلىپ قوياتتى. مىللىي ئارمىيە باتالىيونىنىڭ 2 -، 3 - روتىلىرى بىلەن يېڭى روتا جىددىي ئاتلىنىپ، باي تەرەپكە ماڭماق بولۇپ تۇراتتى. ئالدى تەرەپتىكى دۆڭ باغرىدا ئاسمان - پەلەك توپا - چاڭ پەيدا بولۇپ، قېچىپ كېلىۋاتقان زور بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار باي ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن يېڭىدىن خىز-مەتكە قويۇلغان ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم، ئىدارىلەرنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرى بىلەن كادىر - خىزمەتچىلەر ۋە ئىنقىلاب تەرەپدارلىرى بولغان بىرنەچچە يۈز خەلق ئاممىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى بىلەن قوغان سېپىلىدىكى دۈشمەنلەر

تۈزلەرنى قىلىن مۇھاسىرىدە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ـ دە، تېخىمۇ قىزغىنچىقا چۈشۈپ، ئورۇنلىرىدىن باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ كەتتى. باتالىيون رەھبەرلىرى بۇ كىشىلەرنى قوغان مۇھاسىرىسىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ، دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، 2 ـ، 3 ـ روتىلار بىلەن يېڭى روتىغا ھەربىي يۈرۈشنى باشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئۇلار ئات سېلىپ، تېزلا قىزىلبۇلاققا يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا، چاڭ ـ توزان ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلارنىڭ كىملىكىنى پەرق ئېتىشتە ئاساسلىق بەلگە بولۇپ قالغانىدى. بۇ چاغدا قوغانغا قاراپ، كۇچادىكى ئالاھىدە ھەرىكەت باتالىيونى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار تېز مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، باتالىيون كوماندىرى بارلىق جەڭچىلەرگە دۈشمەنلەر بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. قەدىمدە مەشھۇر ئۆتەڭ بولۇپ، ھازىرقى كۈندە ئاھالە ياشىماس بولۇپ قالغان قىزىلبۇلاق دالدىلىنىپ ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك جاي ئىدى. بۇ يەردە جەڭچىلەر ئۈچۈن مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشقا بولىدىغان كونا ۋەيرانە ئۆيلەر بولغاندىن تاشقىرى، ئالدى تەرەپتە ئەگىمەچ سوزۇلغان تاقا شەكىللىك ئۇزۇن قىيان ئازگالمۇ بار ئىدى. بۇلار دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تۇيدۇرماي يېقىن كەلتۈرۈپ، ئالدى تەرەپتىن ۋە ئىككى ياندىن ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىشكە تېپىلغۇسىز ياخشى، تەبىئىي ئاكوپلار ھېسابلىناتتى. باتالىيون كوماندىرى جەڭچىلەرگە ئاتلارنى ئەسكى تاملارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قىيان ئازگالغا چۈشۈشى توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق بەردى. روتىلار نىمۇر تەرتىپى بويىچە ئۆيمان ئىچىگە تېز جايلىشىۋالدى. ئاڭغىچە، كۇچا ئالاھىدە ھەرىكەت



باتالىيونى قىزىلبۇلاققا خېلى يېقىنلاپ قالدى. لېكىن ئۇلار ئۆز ئاتلىرىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى ئىچىدە يىراقتىن پەرق قىلالماي كېلىۋاتقانلىقتىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى پايقىيالمىدى. دۈشمەنلەر قىيان ئازگالغا 200 ـ 300 قەدەملىك مۇساپە ئارىلىقى بىلەن ئۇدۇللۇق ئۇدۇل يېقىنلاپ كەلگەندە، جەڭچىلەر ئوت ئېچىپ، دەسلەپكى ئوق يامغۇرىدىلا ئۇلاردىن قىرىققا يېقىن كىشىنى ئۆلتۈردى. ئۇلاردىن يەنە بىرقانچە ئوتى ھەر خىل دەرىجىدە يارىدار بولدى. شۇندىن كېيىن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆگىتىلگەن ھەربىي ئاتلىرىنى ياتقۇزۇپ، ئاتلارنىڭ دالدىسىدا ئوق ئۈزدى. جەڭچىلەر ئادەملەرنى ئېتىش مۇمكىن بولمىغاندا، ئاتلارنى ئېتىپ، دۈشمەنلەرنىڭ بەزىلىرىنى قېچىپ كېتەلمەس قىلىپ قويدى. شۇندىن كېيىن، ئازگالدىن چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. قىلىچۋازلىق ئۇرۇشى باشلىنىپ، دۈشمەنلەرنىڭ يېڭىلىشكە يۈزلەنگەنلىكى تېز روشەنلەشتى. ئاخىر ئۇلار 60 نەچچە ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكى، قىرىققا يېقىن يارىدار ۋە 12 ئەسىرنى تاشلاپ، رەسۋالارچە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ھېدۇقتان دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، پۈتۈن بىر كىزىر باتالىيوننى تامامەن قىرىپ تۈگىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. بىراق مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى دەل شۇ پەيتتە، گومىنداڭنىڭ قوغاندىكى جاھىل ئىستىھكامىنى ئىشغال قىلىشتىن ئىبارەت يەنە بىر جاپالىق جەڭ كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ جەڭنى ئاندىن يەنە قوغانغا ئانچە يىراق بولمىغان بوزدۆڭدىكى خۇاڭ يادۇەن روتىسى بىلەن مۇز چوققىدىكى مۇستەقىل خاكى ۋىزۋوتىنغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان يېقىنقى جەڭلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە مىللىي ئارمىيە قەھرىمانلىرى ئۈچۈن كۇچا باتالىيونىغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۇرۇشى قىلىش شۇ مە-

ھەل ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالغانىدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئات سېلىپ، تېزلا قىرغاققا قايتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى ئەھۋال بۇرۇنقى پېتىچە بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ تىركىشىش باسقۇچىدا تۇراتتى. سوپاخۇن سۇۋۇروۋ تەجرىبىلىك كوماندىرلا ئەمەس، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ماھىر مەرگەنلەردىن ھەم ھېسابلىناتتى. ئۇ تاغ قاپتىلىدىكى مەرگەنلەر ئوت لىنىيىسى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن قوغان ئىستىھكامىغا ئەڭ يېقىن جايغا كەلدى - دە، دەرۋازىنى ئىچ تەرەپتىن مىناسوت ئوقىغا تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىر قانىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇندىن كېيىن، ئىستىھكام ئىچىگە سەلتەنەتلىك چۇقان - سۈرەنلەر بىلەن بۆسۈپ كىرىشنىڭ يولى ئېچىلدى. قوغان ئىچى ۋە سېپىل ئۈستىدە قىسقا مەزگىللىك گىرەلەشمە ئۇرۇش قىلىنغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەردىن ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى تەسلىم بولدى. سوپاخۇن سۇۋۇروۋ سېپىل ئۈستىگە چىققانىدى. دۈشمەن ۋىزۋوتلىرىدىن بىرىنىڭ كوماندىرى تىرىك قېپقېلىش ئۈمىدى بىلەن يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ — سۇ جۇڭپېي ئىدى. بۇ كىشى ئۆز ۋاقتىدا مىللىي ئارمىيە باتالىيونىنىڭ بۈگۈنكى كوماندىرى بىلەن ئۈرۈمچى ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغانىدى.

— مەن ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا چوڭ ئەخمەقلىق قىلدىم، قارا يۈز بولدۇم، — دەيتتى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — ھەي سوپاخۇن، ئىككىمىزنىڭ ساۋاقداش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغانسەن؟ مەكتەپتە ئىككىمىزنىڭ ئالاقىسى ياخشى ئەمەسمىدى! ساۋاقداشلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مېنى كەچۈر، ئۆلتۈرمە ... كىچىك باللىرىم بار. شۇلار يېتىم قالمىسۇن! ... سىلەردىن بىر قېتىملىق جېنىمنى تىلەيمەن. ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلسەم، مىڭ مەرتىۋە رازى بولاتتىم. مۇندىن كېيىنكى ئۇرۇشلاردا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىلەرگە خىزمەت قىلىمەن! ... سوپاخۇن، كىچىك باللىرىم ئۈچۈن جېنىمنى تىلەيمەن، رەھىم قىلىڭلار، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار! شۇنداق بولسۇن دوستۇم سوپاخۇن!...

ئاڭغىچە سېپىل ئۈستىگە سىياسىي كومىسسارلار چىققانىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ھازىرچە ئۇنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇشنى، سوراق قىلىپ، 5 - ئاتلىق پولكىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆلتۈرۈش - ئۆلتۈرمەسلىكنى ئايرىم بەلگىلەشنى ئېيتتى ۋە ئاخىرىدا ھۆكۈم ئاھاڭىدا:

— قولىمىزغا تىرىك چۈشكەن ھەرقانداق دۈشمەن، ھەتتا ئوقى تۈگەپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان ھالەتتىمۇ، قەتئىي ئۆلتۈرۈلمەسلىكى كېرەك! — دېدى.

باتالىيون كوماندىرى سىياسىي كومىسسارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ماقۇل تېپىپ، قومۇل خەلقىنىڭ يەرلىك تىل شىۋىسىدە سۇ جۇڭپېيغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئورنۇڭدىن تۇر لومىدى مۇرتەد! بىزگە قارشى ئىشلەتكەن پىلىموتنىڭ قېنى؟ ئاۋۋال ئۇنى ساق پېتى جەڭچىلىرىمىزنىڭ قولىغا تاپشۇر. ئاندىن ئۆلتۈرۈلۈش - ئۆلتۈرۈلمەسلىكىڭنى بەلگىلەيمىز.

گومىنداڭ ۋىزۋوتىنىڭ كوماندىرى قوغان سېپىلى يېنىدىن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئالدامچىلىق بىلەن:

— پىلىموتنىڭ تەپكىسى يېڭىلا قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەن ئۆزۈم تېپىپ بېرەي. بولمىسا ئۇنىڭ باشقا ھەممە نەرسىسى ساق ئىدى، — دېدى - دە، قېچىپ قۇتۇلۇۋېلىش غەرىزى بىلەن ئۆزىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولدى. جەڭچىلەر ئۇنى شۇ مەھەل قىمىر قىلدۇرماي گەجگە-

سەددىن چاڭگاللاپ، يەرگە بېسىپ قويىدى. دۈشمەن ئوقىت-
مىرى چويۇندەك قاتتىق قولىنىڭ ئاستىدا پۇتى باغلانغان
غالجىر ئىتتەك پىشۇلداپ، يۈزى تۆۋەن تەۋرىلمەي ياتتى.

گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ۋەزىۋوت كوماندىرى سۇ جۇڭبىي 5-
ئاتلىقلار بولكى ئىچىدە ئۇستا پىلىموتچىلاردىن ھېسابلىناتتى.
ئۇ بۇ يەردىكى ئۇرۇشتا ئېغىر پىلىموتنى ئۆزى ئىشلەتكەن.
ھەتتا ئۇ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى سېپىلغا يۈگۈرۈپ چىقىۋات-
قان ئەڭ كېيىنكى مىنۇتلاردىمۇ پىلىموتتىن ئوق ئۈزۈشنى توخ-
تاتماي جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى. سۇ
جۇڭبىي ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ، پىلىموتنىڭ ئىنقىلابچىلار
قولىغا چۈشۈپ كېتىشى ئېنىقلىنىپ قالغاندا، بۇزۇپ تاشلاشنى
قەستلەپ، ئۇنىڭ تەپكىسىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنىدى. جەڭچىلەر
ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى بايقاپ قالغانىدى. ھازىر يەنە بۇ جا-
ھىل دۈشمەننىڭ ئەيمەنمەستىن ساختىپەزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، ئۇلار قاتتىق غەزەپ بىلەن تۆشمۇ تۆشتىن قىلىچ
ئۇرۇپ ئۇنى چېپىپ تاشلىدى.

قوغان ئىچىدە بولغان جەڭدە 60 چە گومىنداڭ ئەسكىرى
شۇ جەڭدىن، ئونچە يارىدار تىرىك قولغا چۈشۈرۈلگەنىدى.
ئۇلار ۋاقىتچە يوغان بىر ئۆيگە قاماپ قويۇلدى. مىللىي ئار-
مىيەدىن قۇربان بولغان جەڭچىلەر — يۇيۇپ تارالغاندىن كې-
يىن، باتالىيون ئىمامىنىڭ باشچىلىقىدا نامىزى چۈشۈرۈلۈپ،
چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن يەرلىككە قويۇلدى. دۈشمەنلەرنىڭ ئون-
لىغان جەسەتلىرى خېلى نېرى بىر يەردىكى ئازگاللىققا ئاپى-
رىلغاندىن كېيىن، چوڭقۇرلۇققا تاشلىنىپ قېلىن كۆمۈۋېتىلدى.
يارىدارلارغا باتالىيون ھەمشىرىسى قەمەرنىسا تىببىي ياردەم
كۆرسەتتى. بۇ قىز جەڭچىلەر بىلەن غۇلجىدىن تارتىپ بىللە
ئىدى. شۇندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە باتالىيونى نۆۋەتتىكى



ئۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىش ئۈچۈن، ئالدىراشلىق بىلەن غىزا-
لىنىشقا كىرىشىپ، چاي بىلەن قۇرۇق نان يېيىشتى. ئۆزلىرى
تېكەستىن تۆلەك - تۇڭلاردا زاپاس ئەكەلگەن شەمەل ۋە
سېرىق مايلارغىمۇ ئىشتىھا بىلەن ئېغىز تېگىشتى. چاي ئىچى-
لىپ بولاي دەپ قالغانىدى، بوزدۆڭ تەرەپكە رازۋېتكا قىلىپ
كەتكەن جەڭچىلەر بىر گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئارىلىرىغا ئېلىپ،
قوغان سېپىلى ئىچىگە كەلدى. ئەسكەر باغلانمىغان، قولىدىكى
مىلتىق، خەنجەر، قول بومبىلىرىمۇ تارتىۋېلىنمىغانىدى.
جەڭچىلەر بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. گومىنداڭ ئەسكىرىگە
مۇنچىۋالا ئىشەنچ قىلغانلىقى ئۈچۈن، رازۋېتكىچىلارنى بىخۇدلۇق-
تا ئەيىبلەپ، تەرەپ - تەرەپتىن سۆزلەپ كېتىشتى:

— ھەي دۆتلەر! — رازۋېتكىچىلەرگە ۋارقىرىدى جەڭچى-
لەردىن بىرى، — مۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ كەتمىسەڭلار، بۇ نې-
مىلەر ئازمىدى؟ بۇنى ئۇچراتقان يېرىڭلاردا ئېتىپ تاشلاپ،
جەھەننەمگە ئۇزىتىۋەتسەڭلار بولمامدى؟!

باشقا بىر جەڭچى بۇ گەپكە ئۇلاپ، تەنە ۋە نارازىلىق
بىلەن تېخىمۇ ئۈنلۈك توۋلىدى:

— ئىشەنچ قىلىپ، ئۆز قوراللىرىنى ئۆزىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ-
غىچە ئۇنىڭغا ئۇنۇلارنىمۇ ئال، دەپ قولۇڭلاردىكى قوراللارنىمۇ
بىراقلا بېرىۋەتسەڭلار بولمامدى!

رازۋېتكىچىلار بۇ تاپا - تەنىلەرگە بىسىرمۇبىسىر جاۋاب
بېرىپ تۇرمىدى، ئەكسىچە بۇ گەپلەرنى مەنسىتمەسلىك بىلەن
ئاڭلاپ، ھىجىيىشىپلا كۈلۈشۈپ قويىدى. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئاب-
باسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سۇۋۇرۇۋلار بىر توپ
جەڭچىلەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بۇ ئىش-
تىن ھەيران بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن گەپ - سۆز قىلماستىن،
رازۋېتكىچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى دوكلاتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۇز-

لارغا سوئال نەزەرى بىلەن جىم قاراپ تۇردى. ئاڭغىچە، يەنە بىر جەڭچى تۇۋلاپ:

— بۇ جان ساتتى سىلەرنىڭ ئاتاڭلارمىدى؟ باغلىماي ئەكەلگىنىڭلارنى قاراڭلار! بۇ بىر نېمىنى شۇنچىۋالا قەدىرلىگەن بولساڭلار، ئۇچاڭلارغا چىقىرىۋالساڭلار بولمامدى؟ — دېدى.

رازۋېتكىچىلار داق يەرگىلا داستىخان سېلىپ، دۆگىلەك ھالەتتە توپ - توپ ئولتۇرغان جەڭچىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەربىيچە چاس بېرىپ تۇرۇپ، باتالىيون رەھبەرلىرىگە دوكلات بەردى:

— بۇ ئەسكەر بىزدۆڭدىكى خۇاڭ يادۇەن روتىسىنىڭ رازۋېتكىچىسى ئىكەن، — دېدى ئۇلار، — ئەسلى بۇلار ئىككى كىشى بولۇپ، بىزدۆڭدىن باي يولنى كۆزىتىپ كېلىشكە چىقىرىلىپتىكەن. قوغان تەرەپكە يېقىنلاشقاندا، بۇ ھەمراھىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن بۇياققا كېلىۋېتىپتىكەن. بىز ۋەقە بولغان جايغا بېرىپ، ھېلىقى ئېتىۋېتىلگەن رازۋېتكىچىنىڭ جەسىتىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. مانا بۇ ئۇنىڭ قورالى!

جەڭچىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، خۇشال بولۇپ چۇرقىراشتى. بىرنەچچىسى چاۋاك چالدى. داستىخانلارنى يىغىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۆز رازۋېتچىكلىرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىشتى. سابىق گومىنداڭ ئەسكىرىگە بۇرادەرلەرچە قول بېرىپ، ئوچۇق چىراي كۆرۈشتى. سىياسىي كومىسسارلار ئۇنى ئايرىم ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، خۇاڭ يادۇەن روتىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقلىرىنى سورىدى.

— ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ قوغانغا كەلگەنلىكىنى ئۇقتىمۇ؟ — سورىدى قاسىمجان قەمبىرى گومىنداڭنىڭ سابىق رازۋېتكىچىسىدىن.



— ئۇقتى.

— قىزىلبۇلاقتا بولغان ئۇرۇشتىن خەۋەر تاپقانمىدى؟ — ئېبدىتلاپ سورىدى ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ. سابىق گومىنداڭ ئەسكىرى جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— دېمەك، خەۋەر تاپالماپتىكەن - دە؟

— شۇنداق، قىزىلبۇلاقتا ئۇرۇش بولغانلىقىنى روتىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئاڭلىمىغان...

— ئاڭلىمىغىنى ياخشى بولماپتۇ، — دېدى سوپاخۇن سىۋۇرۇۋۇ، — ئۇ يەردە بىز چوڭ ئۇرۇش قىلدۇق. كۆچادىكى ئالاھىدە ھەرىكەت باتالىيونى ئادەم ۋە قورال - ياراغ جەھەتتىن نۇرغۇن چىقىمدار بولدى. بۇنى خۇاڭ يادۇەننىڭ ئۇققىنى ياخشى ئىدى، ئۇ چاغدا قورقۇپ روتىسى بىلەن بىللە بىزگە تەسلىم بولاتتى.

— ئۇلار نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەرسىز، — ئىزاھات بەردى سابىق گومىنداڭ رازۋېتكىچىسى، — سىم تاناپلار ئىشلىمەي، ئاقسۇ، ھەتتا مۇشۇ يېقىن يەردىكى قوغان بىلەنمۇ ئالاقە قىلالماي قالدى. سىزلەرنىڭ قوغانغا كەلگەنلىكىڭىزلاردىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، بۇ يەرنى ئىشغال قىلىپ بولغىنىڭىزلارنى ھازىرچە بىلگىنى يوق. بۇ جەھەتتىن مۇشۇ تاپتىمۇ تېخى بەخىرامان!

— مۇنداق دەڭ! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى، — قوغاننى ئىشغال قىلىپ بولغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەيدۇ دەڭ!

— شۇنداق، ئۇلار تېخى قوغاندىكى روتىغا ياردەملىشىپ، سىزلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلمەكچى بولۇپ قالغانىدى. ھازىر خاكى ۋىزۇۋتىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ ۋىزۇۋت مۇزداۋاندىن بىزدۆڭگە قايتىپ چۈشمەكچىدى. شۇلار كەلسە بۇ يەرگە قاراپ يولغا چىقماقچىدى...

— مۇزات يېرلى قوغاننىڭ يېنىدىن ئۆتمىدىغان تۇرسا، خاكى ۋىزۋوتى ئېمىشقا ئۆتەلەك ھالقىپ، بوزدۆڭگە بارغۇدەك! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مۇستەقىل ۋىزۋوت ئەمەسمىدى؟ — دەپ دىتلاپ سورىدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ.

— يېقىندا ئۇلار خۇاڭ يادۇەن روتىسى تەركىبىگە قوشۇۋېتىلگەن، — جاۋاب بەردى سابىق گومىنداڭ ئەسكىرى.

— مۇنداق دەڭ! — ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن قەتئىي ھۆكۈمگە كېلىپ، — بىزنىڭ قوغاننى ئىشغال قىلىپ بولغانلىقىمىزنى دەسلەپ ئۇقمىغان بولسا، ھازىرغا كېلىپ ئۇققان بولدى. ئۇلار ئەمدى قوغانغا كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە روتىسىنى چىقىمسىز ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇدۇللاپ ئاقسۇغا قېچىشى مۇمكىن. ئاڭغىچە بىز تېز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى تارمار قىلىپ تاشلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ تەسەۋۋۇرى توغرا ئىدى. باتاليون رەھبەرلىرى بۇ پىكىرگە بىر ئېغىزدىن قوشۇلدى.

— بۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، خاكى ۋىزۋوتى تېخى بوزدۆڭگە يېتىپ بولالمىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى سوپاخۇن سوۋۇروۋ سابىق گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، يوق قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن ھازىرلا مۇزداۋان تەرەپكە بىر ۋىزۋوت جەڭچى ئەۋەتىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ چىرقىمىدىن چېكىنگەن ۋاقتى تۈيغۇزماستىن يېقىتىپ تاشلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى. مۇزداۋانغا ئۆرلەپ ئۇرۇش قىلماق مۈشكۈل بولۇپ قالىدۇ.

— قېنى شۇنداق قىلىلى! سىز جەڭچىلەرنى جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۈرۈپ، خاكى ۋىزۋوتى بىلەن ئۇرۇش قىلغۇچىلارنى ئالدىن ماڭدۇرۇپ، قالغانلىرىنى بوزدۆڭگە دېگىشتا سەپەرۋەر



قىلىڭ! — دېدى سىياسىي كومىسسار.

باتاليون كوماندىرى روتا ۋە ۋىزۋوتلارنىڭ كوماندىرلىرىنى يىغىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىشنى بۇيرۇدى. باتاليون خوجىدارى سابىق گومىنداڭ رازۋېتكىچىسىغا يەڭگۈشلىنىپ بېرىلىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ زاپاس ھەربىي كىيىمىدىن بىر يۈرۈش بەردى. شۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى پاختەك تۈزكى كونا لەنتىلىك گومىنداڭچە ئەسكىرىي كىيىم ئېرغىتىپ تاشلىنىپ، شۇ ھامان كۆيدۈرۈۋېتىلدى، جەڭچىلەر ۋىزۋوت ۋە روتىلار بويىچە بىردەمدىلا سەپكە تىزىلىپ، ئات ئۈستىلىرىگە چىقىپ بولدى. سوپاخۇن سوۋۇروۋ ئومۇمىي بۇيرۇق جاكارلاش بىلەن تەڭ، بوزدۆڭ تەرەپكە يۈرۈش باشلاندى. مۇزداۋان تەرەپكە ماڭىدىغان ۋىزۋوت بۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك يولغا چىقىپ بولغانىدى. قاسىمجان قەمبىرى دۈشمەن ئەسىرلىرىگە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى گومىنداڭغا خىزمەت قىلىشتىن گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىش مەيدانىغا يېتەكلەپ كېلىش ئۈچۈن، بىر ۋىزۋوت جەڭچىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ۋاقىتىنچە قوغاندا قېپقالدى.

## جەڭدىن — جەڭگە

مىللىي ئارمىيە باتاليونى بوزدۆڭ يايلىقىغا قەدەم بېسىپ كىرىش بىلەن، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ئوق يامغۇرىغا دۇچ كەلدى. بۇ، خۇاڭ يادۇەن روتىسىنىڭ ئالدىنقى تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ۋىزۋوت ئەسكىرىنىڭ دەسىچت پەش-

تىقىدەك ئېگىز ۋە يوغان ياسالغان پوتەيگە يوشۇرۇنۇپ، ئېغىر پىلىموت ۋە بەشئاتار، توققۇزئاتار مىلتىقلار بىلەن ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە كۆرسىتىۋاتقان قارشىلىقى ئىدى. باتالىيوننىڭ ھۇجۇمچى روتىسىدىن ئىككى جەڭچى شۇ يەردىكى تار جىلغا بىلەن يەر بېغىرلاپ بېرىپ، پوتەيگە قول بومبىلىرى تاشلىدى. پوتەينىڭ بىر تەرىپى گۈمۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ قارىغا ئېلىش تۆشۈكى يۇسۇلۇپ چۈشتى. ئىككىنچى قېتىم تاشلانغان قول بومبىلىرى پوتەي ئىچىدە پارتلاپ، پىلىموت ئاۋازىنى جىمىقتۇردى. دۈشمەن پىلىموتچىكى ئۆلۈپ، قالغان ئەسكەرلەردىن ئىككىسى ئېغىر يارىلاندى. بۇنىڭ بىلەن، پوتەيدىن بولۇۋاتقان قارشىلىق پۈتۈنلەي توختىدى. بىراق، بۇ يەردىكى تار، ئۇزۇن جىلغا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ تېز ئىلگىرىلىشىگە تەبىئىي توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى. پوتەي ئىچىدىن تىرىك قۇتۇلۇپ چىققان ئەسكەرلەر قېچىپ، ئاخىر خۇاڭ يادۇەن روتىسىغا بىخەتەر بېرىپ قوشۇلۇۋالدى. لېكىن، پوتەي ئۇرۇشى گومىنداڭچىلارغا چوڭ يوقىتىش ئەكەلدى. ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا ئۈچ ئەسكىرىدىن ئايرىلغاندىن تاشقىرى بىر دانە ئېغىر پىلىموتنى قولدىن چىقىرىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن خۇاڭ يادۇەن روتىسى قارشىلىق كۆرسىتىش ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، خاكى ۋىزۋوتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنىمۇ كۈتمەي، ئاقسۇ تەرەپكە يول ئېلىپ، قاتتىق ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاچتى. مىللىي ئارمىيە باتالىيونىغا پوتەي ئالدىدىكى جىلغىنى ئايلىنىپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بوزدۆڭ ئاۋۇلىغا كىرىشكە توغرا كەلگەنىدى. ئاڭغىچە روتا تېنەڭقۇدۇققىچە قېچىپ بېرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى شۇ يەردە يىغىپ، تەرتىپكە سېلىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولۇۋالدى. جەنۇبىي يۆنىلىش باتالىيونىغا بوزدۆڭ ئاۋۇلىدا خاكى ۋىزۋوتىغا توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن،



مۇزات تەرەپكە ئەۋەتىلگەن بىر ۋىزۋوت جەڭچىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ توختاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. لېكىن جەڭچىلەر مۇنداق قىلىشقا رازى ئەمەس ئىدى، ئۇلار قاچقان دۈشمەننى ئاقسۇغا ئامان – ئېسەن قېچىپ بېرىپ، ئۆز پولكىغا قوشۇلۇۋېلىشتىن ئاۋۋال يوقىتىپ تاشلاش تەقەززالىقى بىلەن تىت – تىت بولاتتى. سىياسىي كومىسسارلار جەڭچىلەرگە نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ۋاقىتىنچە توختاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، خۇاڭ يادۇەن روتىسىغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىنى داۋام قىلدۇرۇشنىڭ ئۆۋەتتىكى تەييارلىقلىرىنى ئىشلىۋېلىشقا بۇيرۇدى. بۇ جەرياندا، ئاتلار سۇغىرىلىپ، بولۇق ئوت – چۆپلەردە ئانچە – مۇنچە بېقىۋېلىندى. ئاڭغىچە، مىللىي ئارمىيەنىڭ بوزدۆڭگە كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېقىن ئۆپچۆرىدىكى قىرغىز چارۋىچىلىرىغا ئاڭلىنىپ بولغانىدى. ئۇلار ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ، ئۇنىمىغانىغا قويماي ئۆزلىرىنىڭ سېمىز، ئۇچقۇر ئاتلىرىنى بەزى جەڭچىلەرنىڭ ئورۇق، ياداڭغۇ ئاتلىرىغا ئالماشتۇرۇپ بەردى. ئىلگىرى – ئاخىر 15 نەپەر قىرغىز چارۋىچى ئۆز مىلتىقلىرى بىلەن ئاتلىق كېلىپ، باتالىيون تەركىبىگە رەسمىي جەڭچى سۈپىتىدە قوشۇلدى. بوزدۆڭدىكىلەر جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنى ئۆز يايلاقلىرىدا بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى. ئاڭغىچە، خاكى ۋىزۋوتى بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋىزۋوت مۇزات تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ قالدى. ئۇلار، ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى جەڭ قىلىپ جاھىل خاكى ۋىزۋوتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى قىرىپ تۈگەتكەنىدى.

— بىز ئالدىن پەرەز قىلغاندەك، — مىللىي ئارمىيە پراپورچىكى باتالىيون رەھبەرلىرىگە راپورت بېرىپ تۇرۇپ، — ھەقىقەتەن بۇ دۈشمەن ۋىزۋوتى بوزدۆڭ روتىسىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن مۇزداۋاندىن چۈشۈپ، بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانى

كەن، بىز ئۇلارغا يوشۇرۇپ تۇرۇپ، ئەپچىللىك بىلەن ھۇجۇم
باشلىغانىدۇق. بىرىنچى قېتىملىق زەربىمىزدىلا، ئۇلار تارمار
بولۇپ قاچتى. ئۇنىڭغا يېقىن دۈشمەن ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلۈپ،
سەككىز نەپىرى يارىدار بولدى. مانا بىز بۇ قوراللارنى شۇلاردىن
قولغا چۈشۈردۇق، — ئۇ بىر قانچە ئاتنىڭ كەينىگە غانجۇغە-
لانغان 20 تاللا يېقىن مىلتىق، ئوق ۋە قىلىچلارنى كۆرسەت-
تى، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — دۈشمەنلەردىن تىرىك
قالغانلىرى خاكىغا ئەگىشىپ، جەنۇب تەرەپكە قاچتى. ئۇلار-
نىڭ يارىدارلىرىنى قوغانغا ئېلىپ بېرىپ، قاسىمجان قەمبىر-
گە تاپشۇرۇپ بەردۇق. شەپقەت ھەمشىرىسى قەمەرنىسا ئۇلار-
نى داۋالاشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قالدى، — دېدى.

— يارايسىلەر، يىگىتلەر، ياخشى جەڭ قىلىپسىلەر، —
دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — خاكىلار قېچىپ كەتكەن بولسا،
بۇنىڭ كارى چاغلىق، ئات يۈگۈرسە بەربىر ئوقسۇرغىچە ئەمەس-
مۇ؟ ئۇلار خۇاڭ يادۇڭىن روتىسىغا قوشۇلۇۋېلىشى مۇمكىن. لې-
كىن يەربىر بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— جەڭچىلەر، تەييار بولۇڭلار، — بۇيرۇق بەردى سوپا-
خۇن سىزۋۇرۇۋۇ.

باتالىيون كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بايراقدار جەڭچى
ئوتتۇرىغا كېلىپ، مىللىي ئارمىيە تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھال-
دا بىرنەچچە قېتىم لەپىلدەتتى. بۇ، ھەربىي يۈرۈشنى باشلاش-
نىڭ بەلگىسى ئىدى. خاكى ۋىنزوۋتىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان قو-
راللار مىلتىقسىز جەڭچىلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن،
يارلىق جەڭچىلەر ئاتلىنىپ، جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار كومىنداڭنىڭ تاكتىكىچى، ھېيلىگەر ئوفىتسېرى خۇاڭ
يادۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى روتا تىككەنىقۇدۇق-
تا ياكى تۆزئاۋات، جام، تازلەڭگىرىدە ئۇچراشسا،



ئەنە شۇ جايلارنىڭ ھەممىسىدە، قىسقىسى ئاقسۇ يېزىلىنىڭ قاي-
سى ئۆتكىلىدە ئۇچرىسا، شۇ يەردە ئۇلار بىلەن قىرىپ يوقىتىش
جېڭى قىلىش ئۈچۈن ئات سېلىپ كېتىشتى. بىر ئايدىن كۆپرەك
ۋاقىت مابەينىدە، بوزدۆڭدە خاتىرجەم تۇرۇپ، قىرغىز يايلىقى-
نىڭ بولۇق ئوت-چۆپلىرى بىلەن سەمرىپ دېمىراپ كەتكەن
گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ئاتلىرى جەبدەس ۋە ئۈچقۇر ئىدى.
خۇاڭ يادۇڭىن روتىسى شۇ قاچقانچە توختىماي ھېچكىسى جامغا
كېلىۋالغانىدى، جام كېيىنكى كۈنلەردە ئاقسۇ ئۈچۈن شىمالدىن
بولىدىغان ھۇجۇمنى توسۇشتا، ئالدىنقى ھەربىي نۇقتىلاردىن بو-
لۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ئۈچ پوتىيى،
خېلى مۇستەھكەم ياسالغان لەخمىسى ۋە بۇلارغا جايلاشتۇرۇل-
غان تولۇق 30 كىشىلىك بىر ۋىنزوۋتى بار ئىدى. مىللىي ئار-
مىيىنىڭ ئالدىنقى ئاۋانگارت ۋىنزوۋتلىرى كېلىپ بولغۇچە، خۇاڭ
يادۇڭىن روتىسى پوتەي، لەخمىلەردىن تاشقىرى، بۇ يەردىكى
مەسچىت پەشتىقى، مەكتەپ ئۆگزىسى ۋە كوچىنىڭ ئىككى قا-
نىتىدىكى بەزى ئېگىز ئۆيلەرنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ئوق چىقىرىشقا
ئەپلىك بالىخانىلىرىغا كىرىپ ئورۇنلىشىۋالغانىدى. جەنۇبىي
يۆنىلىش قوشۇنى بۇ يەردە خېلى قاتتىق قارشىلىققا دۇچ كەل-
دى. جەڭچىلەر جانغا كېلە-كەلمەيلا، ئۇلاردىن ئۈچ كىشى
يان تەرەپلەردىن يوشۇرۇن ئېتىلغان ئەجەل ئوقلىرىدا قۇربان
بولۇپ كەتتى، يەنە شۇنچىلىك جەڭچى يارىدار بولۇپ سەپتىن
چىقتى، ئاخىر بۇ يوقىتىش جەڭچىلەردە دۈشمەنگە قارشى غە-
زەپنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنى قاراملىق بىلەن ئۇرۇش قى-
لىشتا ئەكەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باتالىيون كو-
ماندىرى شۇ مەھەل ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۆسۈپ
كىرىش ھۇجۇمىنى تېز باشلىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چاكارلى-
دى. جەڭچىلەر روتا كوماندىرلىرىغا ئەگىشىپ بۆلۈنۈپ، قەيسەر-

لىك بىلەن پۇتەي، لەخمە، مەكتەپ، ھېيلىلارغا بىرلا ۋاقىتتا ئېتىلىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن بەزىدە گىرەلەشمە ئۇرۇشلارمۇ بولدى. ئاخىر، دۈشمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزلىرىنىڭ كونا ئۇۋىسى 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ شتابىنى نىشانلاپ ئاقسۇ تەرەپكە تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى. جامدا دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن 20 نەچچىسىنىڭ، شۇ جۈملىدىن خوۋاڭ يادۇڭمىن بىلەن ئۈچ نەپەر ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ ئۆلۈكى قالدى. پەقەت خاكى قاتارلىق تۆت نەپەر كىچىك ئوفىتسېرلەرلا قالدۇق دۈشمەنلەرگە قوشۇلۇپ قېچىپ، جانلىرىنى ئاران-ئاران ساقلاپ قالدى.

خوۋاڭ يادۇڭمىننىڭ ئۆلۈمى جاۋ خەنجى ئۈچۈن ئېغىر يوقىتىش ۋە ئەلەم قىلغۇچى چوڭقۇر مۇسىبەت ھېسابلىناتتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چاغدا، ئاچچىق بىلەن قولىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ:

— خوۋاڭ يادۇڭمىن ئۆلگۈچە، قورقۇنچاق، نانسقىيى ئەسكەرلەردىن بىرەر يۈزى ئۆلسىمۇ مەيلى ئەمەسمىدى! ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مېنىڭ ئوڭ بىلىكىم ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى، — دەۋەتتى.

جام ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىچە، ۋاقىت ئىككى خۇيتەن مەزگىلگە يېقىنلاپ قالغانىدى. جەڭچىلەرنىڭ قورسىقى ئاچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاردۇق يەتكەنلىكتىن، ئۇلار غىزالىنىۋالغاندىن تاشقىرى، ئۇخلىۋېلىشىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئاتلارنىڭ تەرلەپ - پىشىپ قارنى تارتىلىپ كەتكەنىدى، دېمەك، ئۇلارنىمۇ ئوت - بوغۇز بېرىپ، ئوبدانراق تاكشىرىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، مىللىي ئارمىيە باتالىيونى جامدا قېپقالدى. ئۇلار شۇ قالغانچە، بۇ يەردە ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز تۇردى. جام كۆرۈشىدىكى 5 - ئاتلىقلار پولكى ئۈچۈن شىمالدىن كەلگەن ھۇجۇمنى قايتۇرۇشتا ستراتېگىيە



لىك مۇھىم دەرۋازا بولۇپ قالماي، مىللىي ئارمىيە باتالىيونى ئۈچۈنمۇ مۇندىن كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلىرىنى ھەر تەرەپلىمە باش قاتۇرۇپ بەلگىلىۋېلىشتا ھەل قىلغۇچ پۇنكت ئىدى. باتالىيون رەھبەرلىرى بۇ يەردە ئۇرۇش جەريانىدا، بىرقانچە قېتىم كېڭەش - مەسلىھەتلەر ئۆتكۈزدى، ئاخىر يەنىلا ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. چۈنكى ئاقسۇغا بېرىش ياكى ئۆتەڭمۇ ئۆتەڭ مېڭىپ يۈرۈپ يول توسۇش ئۇرۇشى قىلىش يۆنىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىشلار بولۇپ، بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى ئەڭ يۇقىرى ئورگان — ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابى بەلگىلەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. باتالىيون سىياسىي كومىسسارلىرى جامنى ئىشغال قىلىش بىلەن تەڭ، غۇلجىنى قىزىلبۇلاق، قوغان، بوزدۆڭ، جاملاردا ئېلىپ بېرىلغان غەلىبىلىك جەڭلەرنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋەردار قىلىپ، مۇندىن كېيىنكى ھۇجۇم يۆنىلىشى ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىلىشىنى سوراپ، ئۇلارغا رادىئوگراممىا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە جاۋاب ئالالمىغانىدى. بىراق، جاۋاب كەلسۇن - كەلمىسۇن، غۇلجىنىڭ كۆرسەتمىسىدە ئالدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىرلا يۆنىلىش ئېنىق بولۇپ، ئۇلار باتالىيوندىن يەنىلا ئاقسۇدەك ئاھالىسى زىچ جايلارغا ھەدېگەندە باستۇرۇپ بارماي، يول ئۈستىدە، ئۆتەڭ ۋە كىچىك ھەربىي نۇقتىلاردا ۋاقىتنچە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، دۈشمەنلەرنى خاتىرجەم قاتناش ئالاقىسىدىن مەھرۇم قىلىپ تۇرۇشنى، دۈشمەنگە قارشى كىچىك كۆلەمدە تېزرىتىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالاقىزادىلىكىنى بىر تېمىدا ساقلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

ھۇجۇم يۆنىلىشىنى بەلگىلەشتە، مەسىلىنىڭ بۇنىڭدىن

باشقا ئىككىنچى بىر تەرسىمۇ بار ئىدى. گەرچە، جەنۇبىي يۆتىلىش قوشۇنى قىسىمىدىن قارتىپ باي، قىزىلبۇلاق، قوغان، بوزدۆڭ، جامىچە بولغان بۇ بىر قاتار ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار گومىنداڭ 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن تېخى ئۇچراشمىغانىدى. بۇ پولك شۇ تاپتا تولۇق قوراللاندۇرۇلغان ئىككى باتالىيونلۇق ئەسكەرنى ئۆز ئىلكىدە ساقلاپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر بولسىمۇ، ئەمما قالغان زور كۆپچىلىكى كۆپ يىللىق ھەربىي تۇرمۇشنى باشلىرىدىن كەچۈرگەن تەجرىبىلىك، قاقباش كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى باش ھوقۇقدارى جاۋخەنچى لازىم تېپىلسا بىۋاسىتە بۇيرۇق بىلەن ئۈچتۇرپان باتالىيونىنى 5 - ئاتلىقلار پولكى ئىچىگە يۆتكىيەلەيتتى. ئاقسۇنىڭ قېلىن ياسالغان تاش سېرى، ئېگىزدىن - ئېگىز قوپۇرۇلغان قەدىمىي سېپىلمۇ گومىنداڭچىلارغا ياردەم بېرەتتى. بۇ تاغ زەنجىرىگە بولمىغان جەنۇبىي يۆتىلىش قىرغىزلىرىنىڭ شەھەرگە قىلغان ھۇجۇمىنى مەلۇم دەرىجىدە تېسىۋېپ قېلىش روللىغا ئىگە ئىدى. مىللىي ئارمىيە باتالىيونىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن باشقىچىرەك ئىدى. ئۇلاردا، بارلىق جەڭچىلەرگە ئالا قويماي تارقىتىپ بېرىشكە قورال - ياراغ، ئوق - دورا يېتىشمەيتتى. بۇ باتالىيون باي، بوزدۆڭ، جامالاردا تەلەپ قىلىپ كىرگەن يېڭى پىدائىي جەڭچىلەر ھېسابىغا كۆپىيىپ، بۇرۇنقى 200 كىشىدىن 500 كىشىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە كونا جەڭچىلەرنىڭ تەدرىجىي قۇربان بولۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئاساسلىق كۈچى ئاجىزلاپ، يېڭى جەڭچىلەرنىڭ نىسبىتى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ بازىرى



تەرەپكە ئۆتسە، ئۇنىڭغا قوشۇلغۇچىلار ھېسابسىز كۆپىيىپ، سان جەھەتتىن يېڭى بىر دولقۇن پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇ چاغدا يەنە قورال - ياراغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقماي قالمايتتى. ئاچلىق ئاساسىدىكى باتۇرلۇق، ئۆلۈمدىن قورقماي جەڭ قىلىش ئۇرۇشتا مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا مەلۇم دەرىجىدە تەجرىبە ئىگىلىگەن بولۇش، ئۆزىنى قوغداپ ۋە ھاياتىنى ساقلاپ تۇرۇپ، دۈشمەننى قىرىپ تاشلاش سەنئىتىنى ئىگىلەشنى بىلىش، يەنىلا ئۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم ۋە بەلكى كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر شەرت بولۇپ قېلىۋېرەتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، جەنۇبىي يۆتىلىش قوشۇنىنىڭ كۆپچىلىك جەڭچىلىرىنى ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشتىن قاچمايدىغان قەيسەر يىگىتلەر تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ كۆرمىگەچكە، جەڭ قىلىش سەنئىتى ۋە تەجرىبىسىدىن ساۋاتسىز بولغان كىشىلەردىن ھېسابلىناتتى.

گومىنداڭ 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن مىللىي ئارمىيە باتالىيونى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت ئىدى. چوڭراق ئۇرۇش ۋە بەلكى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ئاقسۇدەك بىر جايغا بېرىشنى ئويلانغاندا، چوقۇم بۇ پەرقنى ھېسابقا ئېلىشقا توغرا كېلەتتى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ جامدا تۇرغان ۋاقتى ئۇزارغانچە، بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ھەربىي جاسۇسلار بىلەن ساقچى ئىشپىيونلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەتتا ئۇلار ئۇزۇن يول بېسىپ كۇچادىنمۇ كېلەتتى. ئادەتتە بۇ كىشىلەرنى پەرق قىلغىلى، سىرلىق ھەرىكەتلىرىنى سېزىۋالغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى 2 - دىۋىزىيە قوماندانلىق شتابى كۇچادىن ماڭدۇرسا، بەزىلىرىنى 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەت

لىك ساقچى ئىدارىسى يېڭىشەھەردىن ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇ كىشىلەر تەقىي ـ تۇرقىنى تېزىپتىن ئۆزگەرتكەن ھالدا، باشلىرىغا مۇغەمبەر تۇماق، دۈمبىلىرىگە جىگەررەڭ ياكى قارا چەكمەنلەردىن تىكىلگەن كۆنىچە ئۆزۈن تونلارنى كىيىپ، يولۇچى دېھقان، سەيياھ كىچىك ئېلىپساتار قىياپىتىدە كېلەتتى. سودىگەر تۇرقىدىكى رازۋېتكىچىلار تولىمۇ بىچارە كۆرۈنۈشتە بولۇپ، ئۇلار جام بازىرىغا قەدەم قويۇپ كىرىشتە، كونا خۇرجۇنلارنىڭ بىر بېشىغا ئازراقچە سىمىشكا، يەنە بىر بېشىغا گىلە ـ قاق ياكى 15 ـ 20 جىڭچە ياڭاق قاچىلىۋالغان بولاتتى. شۇ يول بىلەن، ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي بىرلىكلىرى ئىچىگە بۇ نەرسىلەرنى سېتىش باھانىسى ئاستىدا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى، قورال ـ ياراغ جەھەتتىكى ئەھۋالى، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى ۋە روھىي كەيپىياتىنى ئاستىرتىن كۆزىتىشۋالاتتى. ھەتتا ئۇلار جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئۇرۇش پىلانى بىلەن تونۇشۇۋېلىشقىمۇ ئۇرۇنۇپ كۆرەتتى. بۇنىڭغا مۇقابىل مىللىي ئارمىيە باتالىيونىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە جامدىن كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەرلەرگە بىرقانچە قېتىم ھەربىي رازۋېتكىچى ئەۋەتىپ، دۈشمەن ھەربىيلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى، ئۇرۇش قىلىش كەيپىياتى ۋە مۇداپىئە ئىنشائاتلىرىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى.

گومىنداڭ 5 ـ ئاتلىقلار پولكى يار ئۈستىدىكى پوتەي، ئاكوپ ۋە يارىبېشى قەبرىستانلىقىدىكى كەپتەرخانا ئامىلىق چوڭ گۈمبەزگە ھەربىي بىرلىكلىرىنى جايلاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق كونىشەھەر بازىرىنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، بۇ يەرنى مۇداپىئەسىز بوش تاشلاپ قويغانىدى. بۇ بازاردا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىلا بۇرۇنقىدەك ئىشلەپ تۇراتتى.



ئەمما ئۇمۇ ئەمەلىيەتتە بىرئازلا قوراللىق ساقچى بىلەن قوغدىلىپ، بىر ئىلاجى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى جانسىز رولىنى ئىجرا قىلىۋاتقانغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ ئاۋات، كەلپىن ناھىيىلىرى تەرەپكە ئەۋەتكەن رازۋېتكىچىلىرى بۇ جايلاردا ھېچقانداق دۈشمەن ھەربىيلىرىنىڭ يوقلۇقى توغرىسىدا خەۋەر ئەكەلدى. ئاخىر، بۇ ئەمەلىي كۆزىتىشلەر، مىللىي ئارمىيە باتالىيونىدا ئاقسۇنىڭ كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەردىن ئىبارەت بۇ قوشماق ئىككى بازىرىغا باستۇرۇپ كىرىش قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئۇستۇرۇپ، يېڭى بىر بالداققا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ئۇرۇشلا قىلسا، چوقۇم غەلىبە قىلىش مۇمكىنلىكى بىلەن تولۇپ تاشقان يېڭى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ باسقۇچىغا ئەكەلدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى جايىدا جىمجىت تۇرۇۋېرىشكە رازى ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ جەھەتتىن غۇلغۇلا كۆچەيدى، ئوتدېلىنىيە، ۋزۋوتلاردىن ئارتىپ، روتىلارغىچە تېزدىن جەڭگە ئاتلىنىش سادالىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا ياڭراشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇلار ئۆز تەلەپلىرىنى ئىزھار قىلىپ، باتالىيون رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىلىرىغىچە بېرىشتى.

ئاخىر، سىياسىي كومىسسارلار بىلەن باتالىيون كوماندىرى بىردەك ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كېلىپ، جەڭچىلەرگە بۇيرۇق ئېلان قىلدى. رادىست شۇ مەھەل ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ قولىدىن راپورت تېكىستىنى ئېلىپ، ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىنماقچى بولغانلىقىدىن غۇلجىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇش ئۈچۈن رادىئوگرامما بېرىشكە چىقىپ كەتتى. جەڭچىلەر قىزغىن ئىشلەپ، نۆۋەتتىكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى قىلىۋالدى.

باتالىيون تاڭ ئېتىپ، يەر ـ جاھان ئەمدىلەتىن

يۈرۈشى بىلەن يولغا چىققانىدى. ئۇلار، تازىلەنگىرى، ئىشلەنچى ئۆتەڭلىرىدە پارچە - پۇرات ئۇرۇش قىلغانىدىن تاشقىرى، باشقا جايلاردا قارشىلىقسىز ئىلگىرىلەپ، چاي ۋاقتىدىن سەل ئىلگىرى يارىبىشغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى پايانسىز كەڭ قەبرىستانلىققا 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ پىلىموت ۋە باشقا ھەر خىل قۇراللار بىلەن قوراللانغان بەش روتا ئەسكىرى تەكشى تارقىتىلغانىدى. ئۇلار شام كۆزلەر ئىچىدە، ئېگىز قەبرىلەر كەينىدە، گۈمبەزلەرنىڭ دالدىلىرىدا، پوتەي ۋە ئاكوپلاردا يول توسۇپ يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. كەپتەرخانا گومىنداڭنىڭ بۇ يەردىكى ئاساسلىق مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. قىلىن تام بىلەن يىرغان ۋە ئېگىز قىلىپ ياسالغان كەپتەرخانا گۈمبىزى ئۆزىگە ئىككى ئىززۇت ئەسكەرنى سىغدۇرۇپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئالدىغا پوتەي ياسالغاندىن تاشقىرى، تۆت ئەتراپىغا دالدىلىنىپ تۇرۇپ ئوق ئېتىشقا ئەپلىك يۇپيۇمىلاق ئاكوپ كولانغانىدى. جەنۇبىي يۈزلىنىش قوشۇنىنىڭ جەڭچىلىرى يارىبىشى قەبرىستانلىقىغا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، ھەممىدىن ئاۋۋال كەپتەرخانىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئۇلار گۈمبەز ۋە ئاكوپ ئىچىدىن ئېغىر پىلىموت، بەشئاتار ۋە توققۇزئاتار مىلتىقلار بىلەن زىچ ئوق ياغدۇردى. كەپتەرخانا قەبرىلەر ئارىسىدىن ئۆتىدىغان ئەگرى - بۈگرى ھارۋا يولىنىڭ باش تەرىپىدە بولۇپ، ئۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تېز ئىلگىرىلىشىگە مەلۇم دەرىجىدە پۇتلىكاشاڭ بولاتتى. قەبرىستانلىقتىكى قەيەردىن باشلىنىپ، قايسى تەرەپكە سوزۇلغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ياشقا ئېزىقتۇ يوللار - يالغۇز ئاياغ چىغىر يوللاردىن ئىبارەت بولۇپ، قەبرىسىز لەھەتلەر ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەنلىكتىن، ئۇلارغا ئات سېلىپ كىرىش ئەپسىز،



كىرگەندىمۇ ئات چاپتۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ناقولاي ئىدى، جەڭچىلەرمۇ دىنىي ئېتىقاد بويىچە، ئۆلۈكلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتۈشنى راۋا كۆرمەيتتى. ئۇلارنىڭ پەقەت كەپتەرخانىنى مىناميوتلار بىلەن شىددەتلىك ئوققا تۇتۇپ، بۇ ھەيۋەتلىك گۈمبەزنى ۋەيران قىلىپ تاشلىشى، شۇ يول بىلەن ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ۋىززۇت دۈشمەن ئەسكىرىنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىپ، گۈمبەز يېنىدىكى چوڭ ھارۋا يولى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇمغا ئۆتۈشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، جەڭچىلەر مۇنداق قىلىشنىمۇ راۋا كۆرمەي قالدى. ئۇلار گۈمبەزگە تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان نازارلىق دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئوق ئېتىشتىن قوللىرىنى تارتتى. دەل شۇ پەيتتە، باتالىيون ئىمامى بۇ قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، گۈمبەز ئىچىنى باشلامچىلىق بىلەن ئوققا تۇتتى ۋە جەڭچىلەرگە قايسىبىر ئايەت بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ تۇرۇپ:

— بىز گۈمبەزنى ئوققا تۇتۇش ئۈچۈن ئاتمايمىز، ئۇ يەرنى دۈشمەنلەرنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئاتىمىز. قېنى، شۇ يەرگە قاراپ ئۇررا! — دەپ تىرۋىلدى.

ئىمامنىڭ دەۋىتىدىن كېيىن، مىناميوتتىن ئارقىمۇئارقا ئىككى پاي ئوق ئېتىلىپ، گۈمبەزنىڭ بىر تەرىپى بۇزۇلۇپ تاشلاندى. دۈشمەن پىلىموتچىكى تام ئاستىدا بېسىلىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيەردىن كېلىۋاتقان قويۇق ئوق يامغۇرى توختىدى. جەڭچىلەر ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ يارىبىشى قەبرىستانلىقىدىكى بۇ ئىشەنچلىك كىچىك قورغىنىنى دۈشمەندىن تاپسىدىن پاك - پاكىز تازىلىدى. ھارۋا يولى ئېچىلىپ، كەڭ دائىرىدە ئالغا ئىلگىرىلەشكە

ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىنىپ كەتتى. ئۇرۇش ئەسىر - ئەسىرلەردىن بۇيان 100 مىڭلاپ ئادەمنىڭ پاك جەسەتلىرىنى كىتاب - ژۇرنال تىزغاندەك قەۋەت - قەۋەت تىزىپ، ئۆز قوينىغا ئېلىپ، پايانسىز ئۆلۈك- لەر ماكانىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ ھەممە يېرىدە تەكشى داۋام قىلدى. جەڭچىلەرنىڭ خېلى كۆپى ئاتلىرىنى قەبرىستانلىقنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ پىيادە بولۇۋالغانىدى. قانلىق جەڭ ھەر بىر شام گۈرنىڭ تۈۋىدە، قەبرىلەرنىڭ ئۆپچۆرىسىدە، چوڭ - كىچىك گۈمبەزلەر يېنىدا. قىسقىسى بۇ مۇڭلۇق ماكانىنىڭ ھەممە يېرىدە بولۇۋا- تاتتى. ئاڭغىچە، مىللىي ئارمىيىگە 40 - 50 كىشى ئۆپچۆ- رىسىدە ياردەمچى كۈچ كېلىپ قوشۇلدى. ئۇلار قورغان ئۇرۇشىدا دۈشمەن روتىسىدىن ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەرنىڭ زور بىر قىسمى بولۇپ، بۇلارنى سىياسىي كومىسسار قاسىمجان قەمبىرى يېتەكلەپ ئەكەلگەنىدى. ئەسىرلەر تۆت كۈندىن بۇيانقى ئۇرغۇن قېتىملىق مۇڭدىشىش ۋە تەربىيە بېرىش جەريانىدا ۋىجدان ئىرادىسى بىلەن، ئەركىنلىك كۈرەشچىلىرى سېپىدە تۇرۇپ جەڭ قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرگەن ۋە بەزىلىرى بار قوراللار بىلەن بىرىم - يارتا قوراللاندۇرۇلغانىدى. ئۇرۇش كىرەلەشمە باسقۇچىغا كۆچتى، ئاخىرى دۈشمەن 50 چە ئۆلۈكىنى قالدۇرۇپ، 20 نەچچە ياردىدارىنى ئەكىتىشكە پېتىنالماي تاشلاپ قويۇپ، يېڭىشەھەرگە، ئۆزلىرىنىڭ 5 - ئاتلىقلار پولكىدىكى كونا ئۇۋىسىغا قاراپ قاچتى. جەڭچىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوق ياغدۇرۇپ، ئىزمۇئىز قوغلاپ كەتتى.

گومىنداڭ كونىشەھەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، ئاھالى- لەرنى بىرقانچە كۈندىن بۇيان ھويلا - ئاراملاردىن چىقالماس



قىلىپ قويغانىدى. بىراق، خەلق بۈگۈن قەبرىستانلىقتا يۈز بەرگەن ئۇرۇشنىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالىنى ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، ئېنىق بايقاپ تۇردى. كۆپچىلىك ياشلار ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقىشقا پېتىنالمىغان بولسىمۇ، مىللىي ئارمىيە- گە قاتنىشىش تەقەززالىقى بىلەن ئىچ - ئىچىدىن ئوت بولۇپ ياندى. نامازخان ئەر - ئايال قېرىلار تەسۋى سىيرىپ ياكى جايىنامازلاردا دۇئاگۇيلۇق بىلەن ئولتۇرۇپ، ياشلارغا دىيا- نەت، يۇرتقا خاتىرجەملىك، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە نۇسرەت تىلىدى. گومىنداڭچى ھەربىيلەرنىڭ يارىبېشىدىن قېچىشى بىلەن، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر قىسىم قالدۇق خادىملىرىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يېڭىشەھەرگە قېچىپ، كونىشەھەر بازىرى ئۇلارنىڭ پاسكىنا تاپىنى ئاستىدىن پاكىز- لىنىپ بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا يارىبېشىدىكى ئوق ئېتىشمىلىرى جىمىپ، پايانسىز مىسكىن قەبرىستانلىق ئىلگىرىكىدەك مەڭگۈ- لۈك ئۇيقۇسىغا چۆككەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش يېڭىشەھەر تەرەپتە توختىماستىن داۋام قىلماقتا ئىدى. كونىشەھەر خەلقى ھويلا - ئاراملىرى، ئۆي ئىچى، ئىشىك ئالدىلىرىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى گۈمبۈرلەشلەرنى، مىناميوت ئوقلىرىنىڭ چاقنىداپ ئېتىلىشلىرىنى، قول بومبىلىرىنىڭ پارتلاشتىن كېيىنكى ئاۋاز- لىرىنى، مىلتىقلارنىڭ چاقنىداپ ئوق ئۈزۈشلىرىنى گويا يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاشقىن شاۋقۇنىنى دىققەت بىلەن ئاڭلى- غاندەك ئۇزاقىچە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ تۇردى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بەرگۈچى جەڭچىلەر بىلەن بىللە يارىبېشىدىن توپتوغرا يېڭىشەھەرگە كەتكەنىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن قاسىمجان قەمبىرى ئېگىز كەپتەرخانا گۈمبىزى ئۈستىدىن يېڭىشەھەر تەرەپتىكى ئۇرۇشنى بىر پەس دۇربۇن بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن، بىر ئوتدېلىنىيە جەڭچى-

نىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا يارىپشىدىن تۈۋۈەتلەپ، تەنتەنىلىك ھالدا كوئشەھەر كوچىسىغا كىردى. خەلق ئۆز جەڭچىلىرىنى كۆرۈشكە تەشنا ئىدى. ئۇلار ئۆي - ئۆيلەردىن يامراپ چىقىپ ۋە ئاۋۋاللىراق خەۋەر تاپقانلار تېخىچە ئاڭلىمىغانلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ، باتالىيون سىياسىي كومىسسارلىرىنى ئۇمۇمىي خەلق شادىيانىسى ئىچىدە خۇشال - خۇراملىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ياشلار مەھەللە - مەھەللىلەردىن توپ - توپ كېلىپ، بىرئازمۇ كېچىكمەي قىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى ۋە بىر ئوتتۇلىستىيە جەڭچىنى چۆرىدەپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى يېنىدىن ئايرىلماي بىللە ماڭدى. مىللىي ئارمىيە شتابى ئۈچۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسى تاللىۋېلىنىۋاقچىدى. سىياسىي كومىسسارلار ئاتتىن چۈشۈپ، پىيادە ماڭغانلىقلىرىغا قارىماي، خەلقنىڭ تەنتەنە شاۋقۇنلىرى ئىچىدە يارىپشىدىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىغىچە بولغان ئۇزۇن ئارىلىقنى بىردەمدىلا بېسىپ بولغاندەك بولدى. كوئشەھەر خەلقى ئىلگىرى ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ باش مەنبەسى بولغان بۇ جايغا ئىلگىرى بىر ئىلاج بىلەن كەلمەسلىككە تىرىشاتتى. بۈگۈنكى ئەھۋال ئۇنىڭدىن تامامەن باشقىچە بولۇپ، ئەمدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ ئالدى ئارقىسى ئارقا كېلىپ توپلانغان ياش - قېرىلار بىلەن بىردەمنىڭ ئىچىدە ئادەملەر دېڭىزى تۈسىگە كىردى. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆكتەر ياشلار تەشكىل قىلاتتى. ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ پىدائىيلىرى بولۇش ئارزۇسى بىلەن جەڭچىلىك روۋيخەتكە يېزىلىشقا تەقەززا ئىدى.

سىياسىي كومىسسارلار بىلەن بىللە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن مۇھاپىزەتچى جەڭچىلەر ئارىدىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سىرتقا



چىقىپ، دەرۋازا ئالدىدا ئۈستەل - ئورۇندۇق قويدى. بۇ پەردە يىلانغا ئاساسەن، بازار يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، سىياسىي كومىسسارلار نۇتۇق سۆزلىشى كېرەك ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، توپلانغانلار بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك سالاملىشىپ تۇرۇشىغا، ھەر بىرىنىڭ ئىچىگە ئىككىسىدىن جەمئىي تۆت جەسەت سېلىنغان ئىككى دانە يار - يار ھارۋا ئۆزگىلىسىز غىچىلداش بىلەن ئادەملەر توپىنى يېرىپ، ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار مىللىي ئارمىيە يارىپشى قەبرىستانلىقىدىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ يېڭىشەھەر تەرەپكە يېڭىشى بىلەن، قالدۇق دۈشمەنلەرنى تازىلاش ئۈچۈن كوئشەھەر بازىرى ئىچىگە كىرگەن ئالدىن يۈرەر ئوتتۇلىستىيە تەركىبىدىكى جەڭچىلەرنىڭ جەسەتلىرى ئىدى. يار - يار ھارۋىلارنى ھەيدەپ كەلگەن جەڭچىلەردىن بىرى سىياسىي كومىسسارلارنىڭ ئالدىدا چاس بېرىپ تۇرۇپ، قايغۇلۇق ئاۋاز بىلەن ۋەقەنىڭ ئۆتمۈش جەريانىدىن قىسقىچە دوكلات بەردى:

— بىز ئالدىن يۈرەر ئوتتۇلىستىيە، — دېدى ئۇ، — قالدۇق دۈشمەنلەرنىڭ يار - يىرقلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن كوئشەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرەتتۇق. يېڭىشەھەر مەھەللىسىگە كەلگىنىمىزدە، ما جەنشاڭ دىۋىزىيىسىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك چوڭ ئاشخانىسى ئىچىدىن ئوقتومتۇت ئۈزۈلگەن ئوقلار بىلەن بۇ تۆت نەپەر ھەمراھىمىز قۇربان بولدى. سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، ما جەنشاڭ دىۋىزىيىسىدىن يېڭىشەھەرگە قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئۈچ نەپەر ساقچى ئوفىتسېرنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاشخانىسىغا يوشۇرۇپ قويغانىكەن.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر دەرھال ھارۋىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىنقىلاب قۇربانلىرىنىڭ يۈزىنى

ئېچىپ كۆردى، ئۇلار قاراملىقى بىلەن ئوق ئۆتمەس تۆمۈر بەدەن دەپ نام ئالغان، قېيىر، باي، قوغان، بوزدۆڭ، جام، يارېشى ئۇرۇشلىرىدا بىر تۇتاش باتۇرلۇقنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان كونا جەڭچىلەردىن ئىدى. سىياسىي كومىسسارلار جەسەتلەر ئالدىدا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن تىك تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن ئېتىپ تاشلانغانلىقىغا چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە ماتەمدارلىقىنى بىلدۈردى.

شۇندىن كېيىن، قاسىمجان قەمبىرى جىددىي تۈردە ئېنىقلاشقا كىرىشىپ، ئالدىن يۈرەر ئوتدېلېنىيىسىنىڭ بۇ ئىككى نەپەر جەڭچىسىدىن سورىدى:

— ساقچى ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئۆزلىرى قېنى؟ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدىمۇ ياكى تىرىك تۇتقانلىرىڭلارمۇ بارمۇ؟

— قارشىلىق كۆرسەتتى. تىرىك قولغا چۈشۈرگىلى بولماي، ئاخىر ھەممىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۇق.

— بوپتۇ. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە بولۇپ بېسىقىش بىلەن تىرىك تۇتۇلۇش بۇ جاھىل دۈشمەنلەر ئۈچۈن ئوخشاش گەپ. ئۇلار بەرىبىر ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدى. قاچسا تۇتۇلاتتى...

جەڭچىلەردىن بىرى ئىككىنچىلەپ تىك تۇرۇپ، رەسمىي ئاھاڭ بىلەن سىياسىي كومىسسارلارغا ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى بايان قىلىپ بەردى:

— ما جەنشاڭنىڭ ئاشخانىسى ئىچىدىن ئۇشتۇمتۇت ئوق ئېتىلىپ، بۇ تۆت نەپەر ھەمراھىمىز قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە قىسقا مۇددەت شىددەتلىك جەڭ بولدى، — دېدى ئۇ. — ئاشخانىغا توپتوغرا بېسىپ كىرىشكە بولماي، بىر ئامال بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ھويلىغا كىرىپ، ئۆگزىگە يامىشىپ چىقتۇق-دە، ئۇ يەردىن يېقىنلاپ ئاشخانىنىڭ 2-قەۋىتى ئىچىگە ئوق ئۈزدۇق، قول بومبىلىرى تاشلىدۇق.



ئۇ يەردە ئىككى دۈشمەن بولۇپ، بىرى يارىدار بولغانىدى، غەزىپىمىزنى باسالماي، يارىدارنىمۇ شۇ يەردە چېپىپ تاشلىدۇق. بۇ جەڭدە، يەنە بىر جەڭچىمىز يوتا گۆشىگە ئوق تېگىپ، يېنىك يارىدار بولدى، ئۇ سەپتىن قېلىشقا رازى بولماي ھېلىمۇ چارلاش ئىشىنى داۋام قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

— ما جەنشاڭ قېنى، ئۇنى نېمە قىلدىڭلار؟ — سورىدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ.

— قېچىپ كېتىپتىكەن، تاپالمىدۇق.

— ئاشخانىنىڭ ئاستى-ئۈستى ئىككى قەۋىتىنى، ئۆيىنى ئاختۇردۇق، — قوشۇمچە قىلىپ سۆزلىدى يەنە بىر جەڭچى، — ھازىرچە تېپىشقا بولمىدى. بىزگە بۇ ئىشتا ياردەملەشكەن ئاقسۇ ياشلىرى ئۇنى، «تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان بولسا كېرەك. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز ئۇنى قەيەرگە مۈككەن بولسا، شۇ يەردىن ئىزدەپ تېپىپ، شتابقا تاپشۇرۇپ بېرىمىز» دېدى.

ئاندىن بىزمۇ ئارتۇقچە جىددىيلىشىۋەرمەي چارلاشقا كېتىدىغانلىرىمىز كېتىپ، بىز بۇ ھارۋىلاردىكى قۇربانلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرىنى ئېلىپ، سىزلەرنى ۋەقەدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدۇق.

— قوراللانغان خەلقنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن قېچىپ ياكى مۈكۈپ قۇتۇلالايدىغان ھېچقانداق دۈشمەن يوق، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — ما جەنشاڭ بەرىبىر بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشىدۇ. گومىنداڭنىڭ سادىق غالچىلىرى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ماڭار يولى بىر بولغاندەك، ئاخىر ئۇلارنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىمۇ بىر بولىدۇ. ئۇلارغا قىلچە شەپقەت يوق. دۈشمەنگە رەھىمدىل بولۇش ئىنقىلاب مەنپەئەتىنى بىھۇدە قۇربان قىلىۋېتىش بىلەن باراۋەر!..

— ما جەنشاڭنى تېزدىن ئىزدەشكە كىرىشىمىز، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ، — ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ئېغىر ياكى يېنىك بولۇشى كېيىن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلىنىڭ تېگى - تەكتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ما جەنشاڭنىڭ تەقدىرىنى ھايالسىز بىر تەرەپ قىلىمىز. بىھۇدە ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ تۆت نەپەر جەڭچىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى سىلەر ئاشخانىدا ئۈچ نەپەر ساقچى ئوفىتسېرىدىن ئالغاندەك، ئۇنىڭدىنمۇ ئالىمىز!

سىياسىي كومىسسارلار ھارۋىلارغا قايتىدىن يېتىلەپ باردى ۋە ئىنقىلاب قۇربانلىرىنىڭ يۈزىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىپ، ئۇلار بىلەن يىغا ئارىلاش ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشتى. شۇندىن كېيىن، جەڭچىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ، بۇ تۆت جەسەتنى ھازىرچە رەستىدىكى چوڭ جامەگە ئاپىرىپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. ھارۋىلار قايغۇلۇق غىچىلداپ كەينىگە بۇرۇلدى. باتالىيون شتابى بىلەن چوڭ جامەنىڭ خاتىپ، مەزىنلىرى ۋە بىر قانچە ياشانغان تەقۋادارلار ئۇلارنى يۇيۇپ - تاراش ئۈچۈن ھارۋىلار بىلەن بىللە كەتتى.

سىياسىي كومىسسارلار ئۈستەل تەرەپكە كېلىپ، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇردى. دەل شۇ مەھەل قاسىمجان قەمبىرى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئېسىگە ئېلىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ مۇھاپىزەت ئوتدېلېنىيىسىنىڭ باشلىقىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا يېڭى جەڭگىۋار ۋەزىپە تاپشۇردى.

— سىز ھازىر جەڭچىلەردىن ئۈچ كىشىنى ئېلىپ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېرىڭ، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئورۇننىڭ قاماقخانىسىدىكى ئادەملەر تېخىچە قاراڭغۇ كامېرلاردا ياتىدۇ. سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىمىز. ئارقىڭىزلاردىن تەخىر قىلماي يەنە كىشى ئەۋەتىمىز. بۇ كىشى بار-



لىق مەھبۇسلارنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ تىزىملاپ، ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش خىزمىتىنى بېجىرىدۇ.

— خوپ! — ئوتدېلېنىيە باشلىقى پۇتلىرىنى جىپىلەپ چاس بەرگەندىن كېيىن سىياسىي كومىسسارلارنىڭ ئالدىدىن كەتتى. ئاندىن ھايالسىز ئۈچ جەڭچىنى ئېلىپ، مەغرۇر قەدەملەر بىلەن خۇشال خەلقلەرنىڭ كۆز نەزەرى ئاستىدا گومىنداڭ سابىق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە ماڭدى.

شۇ چاغدا يەنە ئىككىلا سىياسىي كومىسسار ناھىيىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ قاماقخانىسىنىمۇ ئەسلەپ قالدى. بۇ يەردە ياتقانلارنىڭ ئاز قىسمى جېدەل - ماجىرا، ئۆچ ئېلىش سەۋەبلىرى ۋە باشقا خىلمۇخىل سەۋەبلەر بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىللار، قولۇم - قوشنا ياكى تونۇش - بىلىشلىرىگە ئەلەم كۆرگۈزۈلمىز مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلىدىن تىغ ئىشلىتىپ، ئۇلارغا جىسمانىي جەھەتتىن زىيانكەشلىك قىلىپ قويغۇچىلار، يەنە بىرنەچچىسى ئوغرىلار بولۇپ، قالغان كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھاشارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق، ئالۋان - ياساق تۆلىيەلمەسلىك، بالىلىرىنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىكتىن قاچۇرۇش، ھەربىيلەرگە ئات بېرىشتىن باش تارتىش، باج تۆلىيەلمەسلىك، بەگ، مەنسەپدار ۋە زېمىندارلار بىلەن تاكاللىشىپ قويۇش، بازار ياكى يېزا باشلىقلىرىغا يېنىش، ئېلىمدارلارنىڭ قەرزىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەسلىك، باج تاپشۇرالماسلىق سەۋەبلىرى بىلەن بىگۇناھ قامالغان كىشىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ قاتىل، ئوغرىلاردىن باشقىلىرى سۆزسىز قويۇپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باتالىيون شتابىنىڭ خادىمىنى چاقىرىپ، ئۇنى ئىككى جەڭچى بىلەن بىللە ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ قاماقخانىسىغا بېرىپ ئەيىبسىز كىشىلەرنى بوشىتىۋېتىشكە بۇيرۇدى.

مۇنداق بۇيرۇقلار ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئازاد قىلىنغان ھەربىر ناھىيىسىدە بېرىلىپ تولۇق ئىجرا قىلىنغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۆز مەنىسى، ئەمەلىيىتى ۋە ئۈزۈل - كېسىللىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى جەلپ قىلغان ۋە بەزى جەھەتلەردىن كونا قانۇن - تۈزۈملەرگە خاتىمە بېرىپ، يېڭىچە ئىش كۆرۈشنى بىلگەن ھەقىقىي قوراللىق قوزغىلاڭ ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەرنىڭ گومىنداڭ قاماقخانىلىرى ۋە ئۇلاردا بىگۇناھ سولىنىپ ياتقان مەھبۇسلار توغرىسىدا ئارقىمۇئارقا بەرگەن كەسكىن بۇيرۇقلىرى بۇ ئىككى سىياسىي كومىسسارنىڭ ھۇزۇرلىرىغا يىغىلغان مىڭلىغان ئاقىۋ خەلقنى مىسلىسىز چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. ئۇلار ۋەقەنىڭ مۇنداق تېز ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى ھېچ ئويلىيالمىغان، تۈنۈگۈنكى كۈتكىچىلا ئەمەس، ھەتتا كونىشەھەر دۈشمەن قولىدىن تارتىۋېلىنغان ئەتە كېيىنكى سائەتكىچىمۇ پەرەز قىلىپ باقمىغانىدى. بۇلار قىسقىسى، ئويلاش، پەرەز قىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان ئىشلار ئىدى. سىياسىي كومىسسارلار بۇيرۇق جاكارلاش بىلەن تەڭ، خەلقلەر تولۇپ ھاياجان ئىچىدە تەۋرەندى. خۇشاللىققا چۆمۈلدى. روھىي جانلىنىشلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي رازىمەنلىك كۈلۈمسىرەشلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قاراشتى. تەنتەنە شاۋقۇنلىرى كۆتۈردى ۋە قاراسلاپ قاتتىق چاۋاك چالدى.

خەلقلەرنىڭ بىر قىسمى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە، يەنە بىر قىسمى ئەدلىيە مەھكىمىسى تەرەپكە قاماقخانىلاردىن ئازاد قىلىنغان كىشىلەرنى، تۇغقان ۋە يار - بۇرادەرلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ ئاقماقچى بولۇپ تۇراتتى. ئاڭغىچە يارىدارلار سېلىنغان بىرقانچە ھارۋىنى كۆرۈپ، ئۆز جايلىرىدا توختاپ قالدى. قىزاللىق جەڭچىلەر ھەيدەپ كەل-



گەن بۇ ھارۋىلار ئالتە دانە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۆتىدە يارىبېشى قەبرىستانلىقىدىكى ئۇرۇشتا يارىدار بولغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى تۆتتىن - تۆتتىن ئولتۇرۇشقان. قالغان ئىككىسىدە ئېغىر يارىدارلار ئىككىدىن ياتقۇزۇلغانىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر ئىتتىك يېرىپ، يېنىك يارىدارلار بىلەن سالاملاشتى. بىرمۇ بىر قول ئېلىپ كۆرۈشتى. ئېغىر يارىدارلارنىڭ جاراھەت ئورۇنلىرىنى ئېچىنىش بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ، باش لىڭشىتىش ئارقىلىق ھال - ئەھۋاللاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جەڭچىلەرگە ھارۋىلارنى ناھىيىلىك بانكا بىناسىغا ئېلىپ يارىدارلارنى شۇ يەردە ياتقۇزۇشنى تاپىلىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى قەمەرنىسا ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇ بانكا بىناسىغىمۇ ئاجرالماي بىللە بېرىشقا تەييارلاندى. توپلانغان خەلقلەر ئىچىدە يەرلىك دوختۇرخانىنىڭ بىرنەچچە تىببىي خادىم فېلدشېرلىرى بار ئىدى. ئۇلار يارىدارلارنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈش، ياتقۇزۇش ئىشلىرىغا كۆمەكلىشىش ئۈچۈن جامائەت توپىدىن ئايرىلىپ، ئالدىراپ، ھارۋىلاردىن ئالدىراق بانكا بىناسىغا قاراپ كەتتى. جەڭچىلەر ھارۋىلارنى ھەيدەپ ماڭماقچى بولۇۋېتىپ سىياسىي كومىسسارلارغا ئىزاھات راپورتى بەردى:

— كەينىمىزدىن يەنە ئون ھارۋىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن يارىدار بولغانلار ئەكېلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭكىلەردىن كۆپ، 30 نەچچىگە يېتىدۇ...

قاسىمجان قەمبىرى باتالىيون شتابىنىڭ مۇھاپىزەتچى جەڭچىلىرىدىن بىرىنى دەررۇ چاقىرىپ، بۇيرۇق قىلىپ تۇرۇپ:

— سەن تېز ئالدىغا بارغىن، ئۇلار بۇ يەرگە كەلتۈرۈلمىسۇن، بىزنىڭ يارىدارلار ياتقۇزۇلغان يەرگە ياتقۇزۇلمىسۇن!

ئۇ يەر تار، ئورۇن يېتىشمەيدۇ. ئۇلارنى ئەدلىيە مەھكىمىسى-
نىڭ قاماقخانىسىغا ئاپىرىپ گۇناھكارلار بوشىتىپ چىقى-
رىۋېتىلگەن بوش ئۆيلەرگە ۋاقىتىنچە ياتقۇزۇپ تۇرۇڭلار! بىر
دەمدىن كېيىن دوختۇر بېرىپ داۋالايدۇ، — دېدى.

مۇھاپىزەتچى جەڭچى گومىنداڭ يارىدارلىرى ئەكېلىنى-
ۋاتقان كوچا — ياربېشى يولىغا ئېگىلىشى بىلەن، ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت ئىدارىسى تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم
كونىشەھەرلىك ياشلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى، كىمنىدۇ بىرىنى
تىللاپ تىرۋالاشلىرى، ئۇرۇش ۋە دۈشكەلەشلىرى ئاڭلاندى. بۇ-
لار گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئىمزا -
تاماق خېرىدارلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى تىڭ تىڭلاشقا
قويۇپ قويغان سەزگۈر كۆز - قۇلىقى، بۈگۈن بولسا ئۆز ئاش-
خانىسى ئىچىگە گومىنداڭ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ
يېڭىشەھەرگە قاچالماي قالغان ئۈچ نەپەر قوراللىق ئوفىتسېرىنى
مۆكتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيە چارلىغۇچىلىرىدىن تۆت كىشىنىڭ
ئۆلتۈرۈلۈپ قۇربان بولۇپ كېتىشىگە بىۋاسىتە سەۋەبچى بولغان
دۈشمەن مالىيى ما جەنشاڭنى تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ياشلار بۇ
مەلئۇننى ھازىرلا دەسسەپ يانچىپ تاشلايدىغان غەزەپلىك
ئەلپاز بىلەن بوينىنى بېسىپ، قولىنى كەينىگە قايرىپ تۇرۇپ
تۇتۇپ، ئۇرغان، تەپكەن ۋە دۈشكەلىگەن پېتى سىياسىي كومىس-
سارلارنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ياشلار-
غا ئۇرۇش - تېپىشنى توختىتىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئاندىن
ئۇ، سوراق قىلىنغاندىن كېيىن بۇ قارا نىيەت سۇيىقەستچىگە
قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دەرھال ناھىيىلىك
ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىشنى جېكىلىدى. ياشلارنىڭ قولى-
غا يەنە ساقچى ئىدارىسىدىكى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە
قارىتىپ، ما جەنشاڭنى دەرھال قاماپ تاشلاش توغرىسىدا
يېزىلغان خەتنى تاپشۇردى.



ئاشخانا خوجايىنى ئىنتايىن سېمىز ۋە شۇ سېمىزلىكى
بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئوتتۇرا ئېگىزلەر قاتارىدىكى بويى
پاكارلاپ، شۇ تاپتا دوپدومىلاق سۇ مالتىقى ياكى كېپەك-
سىز ياسالغان نان تونۇرىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى. كونىشەھەر
ياشلىرى شۇنىڭغا قارىماي بۇ سەت ئەلپاز مۇناپىقنى ئىككىس-
چىلەپ ئۇرغانچە، تەپكەن ۋە دۈشكەلىگەنچە يۈگۈرتۈپ ساقچى
ئىدارىسى تەرەپكە ئەكەتتى.

ما جەنشاڭ ئۆز ئاشخانىسى ئالدىدا بىھۇدە قان تۆكۈلۈش
ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىن، تەرەتخانا ئىچىگە
سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ يانتۇلۇقتىكى چوڭقۇرلۇقىغا يوشۇ-
رۇنۇۋالغانىدى. ياشلار ئۇرغۇن ئىزدەشلەردىن كېيىن، بۇ مەل-
ئۇننى شۇ يەردىن تېپىپ چىققانىدى.

كۈن ئولتۇرۇپ، ئوچۇق ھاۋانىڭ كەچكى شەپەق قىزىل-
لىقى ئۇپۇق سىزىقىدىن غايىب بولۇش بىلەن، ئاقسۇ كونىشەھەر
ناھىيىسىنىڭ بۇ قەدىمىي بازىرى شۇ يىلقى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ
يەنە بىر تىنچىق كېچىسىنى كۈتۈۋېلىشقا باشلىدى. يېڭىشەھەر
تەرەپتىكى ئۇرۇش ئېتىشىشىدىن ئۈزۈلۈكسىز كېلىۋاتقان سوس ئوق
ئاۋازلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە تەبىئەت ئۇيقۇغا
چۆككەندەك جىمجىت ئىدى، كىشىگە ئارام بېغىشلىغۇچى شا-
مالدىنمۇ ئەسەر يوق ئىدى. نامازخانلار شام نامىزى ئوقۇش
ئۈچۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسى ئالدىدىن خېلى بالدۇر
تارقاپ مەسچىتلەرگە كېتىشكەن، باشقىلار رامزان ئېيىنىڭ شۇ
كۈنى ئىپتىخارلىقى بىلەن ئېغىزلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۆيلە-
رىگە قايتىشقان بولسىمۇ، لېكىن، يەنە بىرئاز ئۆتۈپ بۇ يەر
ياشلار، بازار خەلقى، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ بىر
قىسىم دېھقانلىرى بىلەن قايتىدىن تولۇپ، ئىككىنچىلەپ
ئادەم دېڭىزى ھاسىل قىلىشقا باشلىدى. چوڭ ياشلىق كىشىلەر

ئۆز يۇرتىدا يۈز بەرگەن بۇ ئاجايىپ ئۆزگىرىشنىڭ تېگى -
تەكتىنى ئېنىقراق چۈشىنىۋېلىش ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالىنىڭ
زادى قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا چوڭقۇرراق تونۇش
ھاسىل قىلىۋېلىش مەقسىتىدە، مەلۇم ئەنسىزلىك بىلەن يىغىلىپ،
سىياسىي كومىسسارلارنىڭ بۇ ھەقتە سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ
تۇرغان بولسا، ياشلار چەكسىز قىزغىنلىق ئىچىدە پىدائىيلىققا
يېزىلىش ئىنتىزارلىقى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرۇشاتتى. بىراق،
باتالىيون يېتەكچىلىرى بۇ ۋاقىتتا باشقا بىر قاتار مۇھىم
ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇلار غۇلجىغا رادىئوگرامما
بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ شۇ سائەتتە ئاقسۇدا ئىكەنلىكىنى، كونا
شەھەرنىڭ يېرىم كېچىدىكى كەسكىن تىركىشىش ئۇرۇشىدىن
كېيىن پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنغانلىقىنى، نۆۋەتتىكى ئۇرۇشنىڭ
ئەمدى يېڭىشەھەردە كېتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىشتىن تار-
تىپ، بۇ ناھىيىدىكى ئىدارە - ئورگانلارنىڭ ئىچكى ئەھۋال-
لىرى بىلەن ئۇقۇشۇش، يېڭى ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملارنىڭ
نامزاتلىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلەش، دوختۇرخانىدا يات-
قۇزۇلغان يارىدار جەڭچىلەر ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ھال
سوراش، شۇ كېچىدە يەنە يېڭىشەھەر تەرەپكە بېرىپ، بۇ ئال-
دىنقى سەپتىكى جەڭنىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالىنى كۆزدىن
كەچۈرۈشكە ئوخشاش جىددىي ئىشلارنى كېچىكتۈرمەي ئىشلەش
كېرەك ئىدى. ئاخىر، سىياسىي كومىسسارلار خەلقلەرنى
ئۆزرىخاھلىق بىلەن ۋاقىتنىچە قايتۇرۇپ تۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ،
دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئەمدىلەتىن باشلانغان رامىزان كۈنلىرى-
نىڭ ئاسماندىكى يېڭى ھىلال ئېيى ئاجىز بولۇپ، ئەتراپ
ئاخشام قاراڭغۇلۇقىغا قاپلانغان بولسىمۇ، ئۇلار خەلقلەرگە
ئىككىنچىلەپ سالام بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىسقىچە ئۆزرىخاھلىق
سۆزلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى:



— ئاكا - ئۇكىلار، تەڭقۇر دوست - يارەنلەر! — مۇ-
راجىئەت قىلدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — سىزلەرنىڭ بىزنى
قارشى ئېلىپ، بۇ يەردە بىز بىلەن شۇنچە ئۇزاق بىللە بول-
غىنىڭىزلارغا رەھمەت. بىز ئاقسۇغا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى
بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، تارتىۋېلىنغان ھاكىمىيەت-
نى سىزلەرنىڭ قولىڭىزلارغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ كەلدۇق.
قىسقىسى، بىز بۇ يەرگە كېتىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە،
سىزلەر بىلەن ئۇزاق ۋاقىت بىللە بولۇش ئارزۇسى بىلەن كەل-
دۇق. مۇندىن كېيىن، ئاقسۇ خەلقى بىلەن پات - پات كۆرۈشۈش
پۇرسەتلىرىمىز بولۇپ تۇرىدۇ. مۇنداق كۆرۈشۈشنىڭ ئەتىمۇ،
ئۆگۈنىمۇ، ئىندىن ۋە باشقا كۈنلەردىمۇ، قىسقىسى، ھەرقاچان،
ھەر زامان بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىڭىزلارنى
ئۈمىد قىلىمىز. پىدائىيلىققا يېزىلىدىغانلارغا ئەتىدىكى دەپنە
مۇراسىمىدىن كېيىن مۇشۇ يەرگە كېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.
— قېرىنداشلار! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى سۆز باش-
لاپ، — دوستۇم ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئېيتقاندەك، سىلەر بىلەن
كۆرۈشىدىغان كۈنلىرىمىز ناھايىتى - ناھايىتى كۆپ. ھەرقاي-
سىڭلار بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئاممىۋى يىغىنلاردا بىللە بولىمىز،
بەلكى ئالدىمىزدا يېتىپ كېلىدىغان روزى ھېيت كۈنلىرىدە ئۆي -
ئۆيلەرگە پەتىلەپ بېرىشىمىز مۇمكىن. رامىزان ئېيى ئۆتۈپ،
ئوچۇق ئېغىز كۈنلەر كەلسە، ئاقسۇ باغلىرىدا بولۇپ، سىلەر
بىلەن بەزمە - مەشرەپ ئۆتكۈزىمىز دېگەن شېرىن ئويلاردا بو-
لۇۋاتىمىز. يېڭىشەھەر ئازاد قىلىنغاندا، تەنتەنىلىك يىغىلىشقا
تەڭ قاتنىشىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ بۇ خۇشاللىق تويىنى بىر-
لىكتە تەبرىكلەيدىغان كۈنلىرىمىز تېخى پات - ئارىدا كېلىپ
قېلىشى مۇمكىن. كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس. ھەممىمىز
كۈتۈۋاتقان بۇ زور ئەييام ئۇزاققا قالماي يېتىپ كېلىدۇ. سىلەر-

گە خۇشاللىق كېچە. ياخشى چۈش تىلەيمىز. ئەتە كۆرۈشكىچە خەير...

سۆز ئاخىرلاشقىچە، باتالىيون كوماندىرى سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ كاتۇۋاينىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭىشەھەردىن بۇ يەرگە ئاتلىق كېلىپ قالغانىدى. ئۇ خەلقنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغان چاۋاكلىرى ئىچىدە ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنىڭ قىسقا سۆزىنى باشلىدى:

— ئۇرۇش ھازىر يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ تۆت ئەتراپىنى بويلاپ داۋام قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ. — دۈشمەن پۈتۈنلەي شەھەر ئىچىگە بېكىنىپ، ئۇنىڭ سىرتىدىكى بازار، كوچا ۋە مەھەللىلەر جەڭچىلىرىمىزنىڭ قولىغا ئۆتتى. گومىنداڭچىلار شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقىۋالدى. باتالىيونىمىز سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرماقتا. — خەلق خۇشاللىقىدا قاتتىق چاۋاك ئۇردى. باتالىيون كوماندىرى بۇنىڭ بىلەن توختاپ، يۈز - كۆزىدىكى توپا - چاڭلارنى بىر سۈرتكەندىن كېيىن سۆزىنى يەنە باشلاپ كەتتى، — مەن يېڭىشەھەردىن يار ئۈستى بىلەن كېلىۋېتىپ، ئاخىر ئەتىگەن ئۇرۇش بولغان ھېلىقى قەبرىستانلىقتىن بىر قۇر ئارىلىدىم، كۆزدىن كەچۈردۈم، بۇ يەردە ئاتا - بوۋىلارنىڭ قەبرىلىرىنى بۇلغاپ، بىرمۇنچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى يېتىپتۇ، ئۇلارنى بىرمۇبىر تېرىشتۇرۇۋېلىپ، يىراق ئازگالغا تاشلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ياربېشىدىن چۈشكەندىن كېيىن، يەنە جامەگە كىرىپ، ئۆزىمىزدىن قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردۈم. ئەتە ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئۇلارنى يەرلىككە قويۇشىمىز كېرەك. سىلەرنىڭ بۇ ئىشقا قاتنىشىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز...

خەلق تويپى قىمىرلاپ، دېڭىز سۈيىدەك چايقالدى. ھەممىسى بىر ئېغىزدىن توۋلاپ:



— قاتنىشىمىز! قەبرىستانلىققا ھازىرلا چىقىپ، قانخورلارنىڭ جەسەتلىرىنى كېچىچە يىغىشتۇرۇپ يىراققا ئاپىرىۋېتىمىز، ئازگالغا تاشلايمىز. شەپكە، پاپاقلىرىمىزنى قويماي ئادالايمىز! — دېدى.

ئادەملەر تېزپى تارقاپ، ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى تويپتوغرا قەبرىستانلىققا قاراپ كەتتى. بەزىلىرى ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى بىرمۇبىر تېرىپ، يىراق بىر جايدىكى ئازگاللىققا ئاپىرىپ تاشلىدى، بەزىلىرى كەتمەن - گۈرجەكلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇيۇپ كەتكەن قانلىرىنى قىردى. ئۇتۇلغان ياش ئەزىمەتلەر كېچىچە ئۇخلىماي، كەتمەن، جوتۇلار بىلەن مىللىي ئارمىيە قۇربانلىرىغا ئاتاپ يېڭى يەرلىك چاپتى. كېچە قاراڭغۇلۇقىغا پۈركەنگەن قەبرىلەر جىم ۋە مۇڭلۇق كەيپىياتتا ئىدى، ئەمما بۇ چاغدا بۇ يەرگە يېڭىشەھەر تەرەپتىن ئۇرۇشنىڭ شىددەتلىك داۋام قىلىۋاتقانلىقىدىن بەلگە بېرىپ، قويۇق ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى كېلىپ تۇراتتى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى سېپىل ئۈستىدىكى قوراللىق دۈشمەنلەرنى چەتلەپ غەزەپ بىلەن ئاتقان مىناميوت ئوقلىرىنىڭ كۈچلۈك، جاڭگىلدىغان سادالىرى ئاپتوماتلاردىن ئۈزۈلگەن ئوقلارنىڭ قۇلاققا يېقىملىق ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ، گويا ئۇرۇش مۇشۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ زېمىنىدە بىرلىشىۋاتقاندەك، قەبرىستانلىقتىكى مۇڭ - زار ۋە چوڭقۇر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

باتالىيون شتابىدىن جامەگە ئىككى نەپەر جەڭچى ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇلار بەللىرىگە ئاق باغلاپ، كۈندۈزدىن تارتىپ، قوللىرىغا قورال تۇتقان ھالدا پۈتۈن بىر كېچە 26 نەپەر مىللىي ئارمىيە قۇربانىنىڭ جەسەتلىرى يېنىدا ھۆرمەت قاراۋۇللۇقى قىلدى.

## كونىشەھەرگە كىرگەن كۈننىڭ ئەتىسى ۋە ئۆگۈنى ...

ئەتىسى، بامدات نامىزى ئوقۇلۇشتىن ئىلگىرى، بىر قى-
سىم كىشىلەر كونىشەھەر بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى مە-
ھەللە - كەنت مەسچىتلىرىدىن جامەگە 20 نەچچە جىنازا
يۆتكەپ كېلىپ، تەقمۇ تەق قىلىپ قويدى. ئابدۇكېرىم ئاببا-
سوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سىپاخۇن سۇۋۇرۇۋلار شتاب خادىم-
لىرى بىلەن بىللە بەللىرىگە ئاق باغلاپ، ئەتىگەندىلا جامە
ئالدىدا ھازىر بولدى. شۇ كۈنى كونىشەھەرنىڭ ھەپتىدە بىر
بولۇپ تۇرىدىغان بازار كۈنى ئىدى. ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقى
سەۋەبىدىن يىراق يېزا - كەنتلەردىن ئېرىپ - تىرىپ ئادەملەر
كېلىپ، قىزغىن سودا - سېتىق بولمايدىغانلىقى ئېنىق بولسى-
مۇ، لېكىن يەنىلا جامەگە ناھايىتى كۆپ ئادەم توپلانغانىدى.
بىر تۈركۈم جامائەت خانىقاغا سىغماي، جىنازا نامىزىنى سىرتتا
تۇرۇپ ئوقۇدى. خەلقنى دۈشمەنلەر زۇلمىدىن ئازاد قىلىش
يولىدا جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ قۇربان بولغان 26 نەپەر جەڭچى
26 جىنازىدا قاتار كۆتۈرۈپ مېڭىلغان چاغدا، پۈتۈن كونىشەھەر
ماتەمگە چۆمدى. مېيىت ئېلىپ مېڭىلغان كوچىلاردىكى ياشانغان
ئاياللار بىلەن قىز - چوكانلار ئۆيلىرىدىن تۇتاش ئاق لىچەك



ياكى ئاق ياغلىق چىگىپ، ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلدى.
تاۋۇتلار ھارۋىغا سېلىنمىدى، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇلارنى خەلق
قولدىن - قولغا، مۈرىدىن - مۈرىگە يۆتكەپ، تالىشىپ كۆتۈ-
رۈپ، چوڭقۇر مۇسىبەت ئىچىدە ئاۋايلاپ يارىبېشىغا — ئىنقىلابى
قۇربانلار تۈنۈگۈن جەڭ ئېلىپ بارغان پايانسىز قەبرىستانلىققا
ئاچىقتى. بۇ يەرگە ئوقۇش يېشىدىكى زور بىر تۈركۈم
بالىلارمۇ جامائەتكە ئەگىشىپ كەلگەنىدى. جەسەتلەر يەرلىككە
قويۇلۇۋاتقاندا، ئۇلار قەبرىلەر ئىچىگە تارقاپ، مەشەك تەردى،
مەشەك تېرىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ ئىدى.
بالىلار دۈشمەنلەر تاشلاپ قاچقان 10 - 15 چە قول بومبې-
سىنىمۇ تېپىپ كۆتۈرۈپ كەلدى. مەشەككە قىزىقىپ قەبرىستانلىقنىڭ
ئېرىقى چېتىگە ئىچكىرىلەپ كەتكەن بەزى بالىلار شامگۇر ئىچى-
گە مۆكۈنۈۋالغان بىر نەچچە گومىنداڭ ئەسكىرىنى كۆرۈپ
قېلىپ، باتالىيون رەھبەرلىرىگە خەۋەر بەردى. جەڭچىلەر ئىزت-
لەپ بېرىپ، ئۇنى تۇتۇپ ئەكەلدى. ئۇ پۇتىدىن يارىدار
بولۇپ، قاچالماي قالغان ئىكەن. بىر قىسىم بالىلار يەنە
شامگۇرلەرنىڭ ئىككىسىدە ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈكى
تۇرغانلىقى توغرىسىدىمۇ خەۋەر ئەكەلدى. بۇ جەسەتلەر
شۇ مەھەل يىراق بىر دۆڭلۈكنىڭ كەينىدىكى چوڭقۇرلۇققا
سۆرەپ ئاپىرىلىپ كۆمۈۋېتىلدى.

قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنىۋاتقان 26 نەپەر ئەركىنلىك جەڭ-
چىلىرىنىڭ يىگىرمە ئىككىسى يارىبېشىدىكى ئۇرۇشتا قازا تاپقان، تۆت
نەپىرى ما جەنشاڭنىڭ ئاشخانىسى ئالدىدا گومىنداڭ ساقچى
ئوفىتسېرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار
بىر - بىرىگە ياندىشىپ، قاتارمۇ قاتار كولانغان 26 يەرلىك-
كە چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم
ئاببا سوپ بۇ يەرگە توپلانغان جامائەتكە قارىتىپ نۇتۇق سۆز-

لىدى. شۇنچە كۆپ كىشى كەڭ دائىرىگە يېيىلىپ ئولتۇرغانلىقتىن، سۆزنى تەكشى ئاڭلاشقا مۇمكىن بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار باتالىيون رەھبەرلىرىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئارزۇسى بىلەن ئۆرە تۇرۇۋالغانلىقتىن، جامائەت سورۇنى قالايمىقانلىشىپ كەتكەتتى. شۇندىن كېيىن، يىراقلاردىن كەلگەن كىشىلەر ئاتلىرىنى يار تۈۋىدىن ئاچىقىپ، قايتا - قايتا قىلىنغان ئۆزرىخاھلىققا قارىماي، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سىۋۇرۇۋلارنى بىردىن ئۈچ ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ جاماەت ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، نۇتقىنى ئات ئۈستىدە داۋام قىلدۇردى:

— چوڭ - كىچىك قېرىنداشلار، ئاكا - ئۇكىلار، — دېدى ئۇ، — بۇ كۆپ ئەسىرلىك قەدىمىي يۇرت، بۇ كەڭكىچە كىرىملىك قوزغىلاڭ، قوراللىق ئوۋغا ۋە نۇرغۇن دەرد - ئەلەملەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئەنە شۇ ئاقسۇ كونىشەھەرى زالىملار ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىنغان ھازىرقى مىنۇتلاردا، سىلەر بىلەن بىز بۇ يەردە خۇشال - خۇرام ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلغانىدۇق. سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەركى، ئۇنداق بولمىدى. ئالدىمىزدا ئەنە 26 نەپەر جەڭچىمىزنىڭ يېڭى يەرلىكلىرى پەيدا بولۇپ، ئۇلار بىزنى جۇدالىقنىڭ ئېغىر مۇسىبىتى ئىچىگە ئەكىردى. بۇ ئىنقىلابىي قوربانلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى 1944 - يىل نويابىر ئىنقىلابىي باشلانغان كۈندىن ئېتىبارەن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش سېپىگە قاتناشقان پىداكارلاردىن بولۇپ قېتىشۇلغان ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، خۇيزۇ ياشلىرى، يەنە بىر قىسمى باي، ياقائېرىق، جام، بىزدۆك ۋە جاملاردىن قېتىشۇلغان ئۇيغۇر، قىرغىز جەڭچىلىرى ئىدى. بىزنىڭ قوربانلىرىمىز ھايات چېغىدا باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلدى، ئۇلار تۈنۈگۈن مۇشۇ قەبرىستانلىققا ئات چاپتۇرۇپ، دۈشمەن ئۈستىگە باستۇ-



رۇپ كېلىۋاتقان چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ۋە قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قىسقا جەڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، ئاندىن سىلەر بىلەن خۇشال - خۇرام ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆز ئارزۇلىرىغا يەتمەي، سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەي، بىمەزگىل قۇربان بولۇپ، ئارىمىزدىن كەتتى. شۇنى ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، بۇ جەڭچىلىرىمىزنىڭ قېنى بىھۇدە تۆكۈلمىدى، ئۇلار قەھرىمانلىق، جاسارەت ۋە پىداكارلىق بىلەن قۇربان بولدى ...

يېڭىشەھەر تەرەپتىن بىرقانچە مىنامىيوتتىن سېپىل ئىچىگە قارىتىپ تەڭ ئېتىلغان ئوقلارنىڭ چاڭىلدىغان ئاۋازلىرى كېلىپ ئاڭلاندى، بۇنىڭ كەينىدىن يەنە، مىلتىقلاردىن ئۇچقان قويۇق ئوقلارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن قول بومبىلىرىنىڭ ئارقىمۇ ئارقا پارتلاشلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك سادامۇ بىر - بىراقىسى يېتىپ كەلدى.

— قېرىنداشلار! — خىتاب ئاھاڭى بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — ئەنە جەڭ ئۆز كۈچىنى نامايان قىلماقتا. ئەنە شۇ تەرەپتە، كونىشەھەرگە قوشنا يېڭىشەھەردە جەڭچىلىرىمىز گومىنداڭچىلارنىڭ ئاسارەت ئۇۋىلىرىنى تارمار قىلىش كۈرىشىنى داۋام قىلدۇرماقتا. ئۇ يەر بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن، 10 ياكى 12 كىلومېترلا كېلىدۇ. باتالىيونىمىز جەڭدىن - جەڭگە ئۆتۈپ، بۇ قەبرىستانلىقتىكى ئۇرۇشنى يېڭىشەھەرگە يۆتكەپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇ يەردىكى سېپىلنى قورشىغانىكەن، چوقۇم يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئازاد كونىشەھەرنى ئازاد يېڭىشەھەرگە تۇتاشتۇرماي قويمايدۇ. قېرىنداشلار، ئاكا - ئۇكىلار! بىز قەبرىستاندىن قايتقاندىن كېيىن، بۈگۈندىن قالدۇرماي ئاھىيەڭلارنىڭ يېڭى

هاكىمى، مۇئاۋىن هاكىمى ۋە باشقا بىر قىسىم ناھىيىلىك هۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاپ، كونا هاكىمىيەتكە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىمىز. بۇ مۇھىم ئىشقا ھەممىڭلارنىڭ ئىگىدارلىق سېزىمى بىلەن قاتنىشىپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز ... يېڭىشەھەردە ئۇرۇش بولۇۋاتقان مىنۇتتىن تارتىپ، كونىشەھەر تەبىئىي هالدا ئۆز - ئۆزىدىن ئارقا سەپكە ئايلاندى. سىلەرنىڭ زور قىزغىنلىق بىلەن ھەر ۋاقىت، ھەر چاغ ئالدىنقى سەپنى ئادەم كۈچى، ماددىي كىرىم ۋە ئېھتىياجدىكى ياردەملەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇتتۇق سۆزلىنىپ بولدى. ياشلاردىن بىرقانچىسى ئۆزلىرىنىڭ قەبرىستانلىقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ چاۋاك ئۇرۇشقا تەييارلانغانىدى، جامە خاتىپى بۇنى كۆرۈپ قېلىپ، جامائەتنى ئالدىراش دۇئاغا يېتەكلىدى. ھەممەيلەن قول كۆتۈرۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئاخىرەتلىك، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە نۇسرەت تىلەپ، يەنە بىر قېتىم ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلدى. سۇ بولمىسىلىقتىن بىر تۈپ گىياھمۇ بولمىغان ياربېشى تۈپىلىكى ناھايىتى قاغجىراق ئىدى. قۇياشنىڭ چاشگاھ ۋاقتىدىكى ئوتتەك قىزىق تەپتى بىلەن بۇ جاي ئۆزىدىكى پايانسىز قەبرىستانلىقنى تونۇردەك ئىسسىقلىققا تولدۇرۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، جامائەت بىرخىل چىدام بىلەن ئولتۇرۇپ، باتالىيون يېتەكچىلىرىنىڭ يەنە سۆز قىلىپ بېرىشىنى كۈتتى. ئاندىن، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلارنىڭ تەكلىپى بىلەن سۆز باشلاپ كەتتى.

— تۈنۈگۈن بىز بۇ قەبرىستانلىقنى ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان باتۇر دەقىقىلەردە بىر قېتىم كۆرگەنىدۇق، — دېدى ئۇ. — بۈگۈن 26 نەپەر جەڭچىمىزنىڭ پاك، مۇبارەك جەسەتلىرىنى يەرلىككە قويۇپ، مەڭگۈ ۋىدالىشىۋاتقان هازىرقى قايغۇلۇق



مىنۇتلاردا ئىككىنچى قېتىم يەنە تەپسىلىي كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەلۋەتتە شۇنداق قۇربانلارنىڭ هاياتى بەدىلىگىلا قولغا كېلىدۇ. لېكىن، ئومۇمىي مەنا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خەلق ئۆلمەيدۇ. ئۇ، ئەۋلادتىن ئەۋلاد قالدۇرۇپ، ئەبەدىلئەبەد ياشاپ قالىدۇ. بىز هازىر ياربېشى قەبرىستانلىقىدىن مەرھۇم ئاتا - بوۋىلىرىنى، مەرھۇم ئانا - ئىگىچىلىرىنى ئۆز قەھرىگە ئالغان تىنچ، مۇڭلۇق دۇنيانى كۆرۈۋاتىمىز. قەبرىلەر نېمانچە كۆپ، بۇ يەر نېمانچە سىرلىق! بۇ ئۆتمۈش ئەسىرلەردىن تارتىپ، هازىرغىچە بىر - بىراقى ۋاپاسىز ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، ئاخىر بۇ يەرنى ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈك ماكان قىلىپ تۇتقان سان - ساناقسىز دەردمەنلەرنىڭ قەبرىسى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئۆتمۈشتىكى زالىملارغا قارشى قوراللىق كۆتۈرۈلۈشلەردە قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، مەردلەرچە قۇربان بولغان كىشىلەرنىڭمۇ، ناھەقتىن - ناھەق جازالىنىپ كاللىسى كېسىلگەن بىگۇناھلارنىڭمۇ قەبرىلىرى بار ئەلۋەتتە. يەنە بىر قېتىم ئېيتىمەن: خەلق ئۆلمەيدۇ! ئۆتمۈشتە مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ئۈچتۇرپان خەلقىنى قويماي قىرىپ، ئۇلارنىڭ ئانا زېمىنىنى قانغا بويىمىغان ئەمەسمىدى؟ ئۆتمۈشتە ئاقسۇ كوچىلىرىدا بىگۇناھ ئاقسۇ خەلقىنىڭ قانلىرى دەريا بولۇپ ئاققان چاغلارمۇ كۆپ قېتىم بولغان ئەمەسمىدى؟ لېكىن قەدىمىي يۇرتلار ساقلىنىپ قالدى. خەلق تۈگەپ كەتمىدى، بەلكى ئاۋۋالقىدىنمۇ داۋاملىق ياشاپ قالدى.

شۇندىن كېيىن، ناتىق سۆزدىن توختاپ، كۆز ئالدىدىكى 26 نەپەر جەڭچىنىڭ تۇپراقلىرىغا قارىدى ۋە تىك تۇرۇپ، قايغۇلۇق ئاھاڭ بىلەن ئۇلارغا ئاخىرقى خىتاب سۆزلىرى بىلەن مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەي 26 نەپەر قەدىرلىك دوستىمىز، ئەلۋىدا! سۆيۈملۈك جەڭچىلىرىمىز. سىلەرنىڭ قىزىل قېنىڭلار ئەھمىيەتسىز،

بىھۇدە تۆكۈلمىدى. ئۇ ئاخىر يەنە مەنسىزلەرچە قۇرۇپ كەتمەيدۇ! سىلەرنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى سەپداشلىرىڭلار دۈشمەنلەرگە چوقۇم تېخىمۇ قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئىنتىقامىڭلارنى ئالىدۇ. ئىنقىلابىي قۇربانلار، تىنچ يېتىڭلار، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇڭلاردا خاتىرجەم بولۇڭلار! ...

— ئامىن! — خاتىپ ھەممەيلەن ئاڭلىغۇدەك قىلىپ توۋلىدى. جامائەت ئۈچىنچى قېتىم دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋلار بۇ ۋاقىتتا تەڭمۇتەڭ قاتار بولۇپ، يېڭى قەبرىلەر تەرەپكە يۈزلەندى ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن 26 نەپەر جەڭچىنىڭ تۇپراق باشلىرىغا بىرمۇ بىر ئۇدۇل كېلىپ، ھەربىي قائىدە بويىچە ئۇلارغا چاس بەردى. جامائەت قەبرىستانلىق بىلەن خوشلىشىپ، جىنازىلار قايتۇرۇلۇپ ئېلىپ مېڭىلغاندا ئۇلاردىن خېلى كۆپ كىشى قويۇق كۆز ياشلىرى قىلىشتى. سىياسىي كومىسسارلار بىلەن باتالىيون كوماندىرى خەلق توپى بىلەن بىللە پىيادە مېڭىۋاتاتتى. ئات ئىگىلىرى ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم ۋە جىددىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى زورمۇزور ئاتقا مىندۈرۈپ قويىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋلار يول ئۈستىدە گومىنداڭ سابىق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە توختاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قاماقخانىنى كۆزدىن كەچۈردى. گومىنداڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بۇ يەرگە قامالغان ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ كونىشەھەرلىك بىر قىسىم ئەزالىرىنى يېڭىشەھەر قاماقخانىسىغا ئاللىقاچان يۆتكەپ كەتكەنىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، بۇ يەرگە ئەكىرىلگەن سىياسىي مەھبۇسلار گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەر ۋە ياش ئۇچقۇنلارنىڭ يوشۇرۇن پائالىيەتلىرىگە سىرتتىن تۇرۇپ ھەمداشلىق قىلغانلار ئىدى. ئۇلار تۇتۇلغان ئاخشام



باتالىيون شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قاماقتىن بوشىتىلىپ، قازاق يىگىتى قالىكەش قاتارلىق بىرقانچە كىشى قايتىدىن تەشكىللىنىدىغان ساقچى ئىدارىسىنىڭ يېڭى ئاپپاراتىدا ئىشلەش ئۈچۈن قالدۇرۇلغانىدى. سىياسىي كومىسسارلار بىلەن كوماندىرلارنىڭ ئىشلەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە سۆزلەشكەندىن كېيىن، شۇ يەردە غىزالىنىپ، گومىنداڭ سابىق ناھىيىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىگە كەتتى. جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ يېتەكچىلىرى بۇ يەردىكى قاماقخانىنىڭ رويخەت دەپتىرىنى كۆرۈپ، گۇناھكارلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇلارغا يۈكلەنگەن جىنايى قىلمىشلارنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن، ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل ۋە قىلمىشى قەبىھ بەزى ئوغرىلارنى ھازىرچە قاماقخانىدا قالدۇرۇپ تۇرۇپ، قالغانلىرىنى ئومۇمیۈزلۈك ئازاد قىلىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شۇندىن كېيىن، ئۇلار بانكا بىناسىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ياتقۇزۇلغان مىللىي ئارمىيە يارىدارلىرىدىن ھال سورىدى ۋە ئۇزاق مۇڭداشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋلار شتابقا قايتىپ كەلگۈچە، ھەربىي ئاشپەزلەر ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان تاماقلىرىنى قايتىدىن ئىسسىتىپ ساقلاپ تۇراتتى. باتالىيون رەھبەرلىرى يەنە بىر ئاز غىزا يېگەچ، يېڭىشەھەردە كېتىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ تاكتىكا مەسىلىلىرى، كونىشەھەردە ئىشلەشكە تېگىشلىك سىياسىي، مەمۇرىي خىزمەتلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ مۇزاكىرىلەشتى. شۇندىن كېيىن، سوپاخۇن سوۋۇروۋ ئۇرۇش ئۈستىدە ھازىر بولۇش ئۈچۈن ئۆز كانۋويىنى ھەمراھ قىلىپ ئالدىراش ئالدىنقى سەپكە — يېڭىشەھەرگە كەتتى. ئاڭغىچە، تەكلىپكە ئاساسەن، شتابقا بىر تۈركۈم خەلق ۋەكىللىرى كەلگەنىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، كەڭ-كۇشادە سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتتى. دىگەر ۋاقتى يېقىنلاپ سۆھ-

بەت ئاخىرلاشقان ئىدى، سىياسىي كومىسسارلار ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچى جەڭچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇرۇش سېپىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن، يېڭىشەھەرگە قاراپ ماڭدى.

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۇ يەردە بۇ كىچىككىنە يۇندىخورلار شەھىرىنى تۆت تەرەپتىن تەكشى ئوراپ، مۇستەھكەم مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىگە ئېلىۋالغان، يەر يۈزى بىلەن سېپىل ئۈستى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئوق ئېتىشىشلىرى داۋام قىلماقتا ئىدى. شەھەرنىڭ ھەربىر دەرۋازىسىغا بىردىن روتا مۇئەككەل بولۇپ، ئۇلار كۆرۈنگەن ھەرقانداق نىشاننى بوش قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن شەھەر ئىچىدىكى كوچا - مەھەللەردىن، ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ يۇقىرى بالىخانا، دالانلىرىدىن سېپىل بەدەنلىرىگە چەنلەپ ئوق ئاتماقتا ئىدى. كەچ كىرىپ خېلى قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدىلا، ئابدۇكېرىم ئاببasوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەر ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار ھەرىكەتلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، يېڭى كۆتۈرەڭگۈ ھېسسىيات بىلەن كونىشەھەرگە قايتتى. ئۇلار لەڭگەر كوچىسىدىن چىقىپ ياتالماس ئارقىلىق توپتوغرا يېزا ئۆيلىرىنى ئارىلاپ ماڭدى. شاللىقلارنىڭ قىر ئارىلىرىدىن، مېۋىلىك باغلار ئالدىدىن، دان ئېلىپ بولغان قوناقلار يېنىدىن ئۆتكەن چاغدا، دەل - دەرەخلىك ئاقسۇ يېزىلىرىنىڭ كېچىدىكى سالقىن شامىلى توختىماي ئىسسىپ، ئۇلارغا مەي باغلاپ يېتىلگەن مېۋىلەرنىڭ، زىرائەت ۋە قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن يېقىملىق ھىد - پۇراقلىرىنى ئەكەلدى. سىياسىي كومىسسارلار كونىشەھەرگە يېتىپ بېرىپ، ئاتتىن چۈشۈپ، باتالىيون شتابى ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ھارۋىلارغا سومالتىسقى، كەتمەن - گۈرجەك بېسىپ، يۈز - كۆزلىرىگە لاي يۇقۇندىسى چاپلاشقان ھالەتتە يارىبېشى قەبرىستانلىقىدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن جەڭچىلەر



ئۆز رەھبەرلىرىگە راپورت بېرىپ، بىر تۈركۈم ئاقسۇ ياشلىرى بىلەن بىللە 26 نەپەر مەرھۇم جەڭچىنىڭ يەرلىكى ئۈستىگە كۆركەم قىلىپ 26 قەبرە قاتۇرۇپ قىرىغانلىقلىرىنى مەلۇم قىلدى.

بۈگۈن ئەتىگەن، قاجاخۇن ئاكا ئېشەك ھارۋىسىغا ئون نەچچە قول بومبىسى، بىرى بەشئاتار، يەنە بىرى تىرقىۋۇزئاتار ئىككى تال مىلتىق، ئۈچ دانە تاپانچا، 150 دانىدىن كۆپرەك ھەرخىل ئوقلارنى بېسىپ، جەنۇبىي يۆنىلىش قىسمىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن كەلدى. ئابدۇكېرىم ئاببasوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سۇۋۇرۇۋلار بۇ كېزنا جەڭچىنى سالام بىلەن خۇش مۇئامىلە كۈتۈۋالدى.

— مەن سىزلەرگە تەۋەررۈك سوۋغا ئەكەلدىم، — دېدى بوۋاي ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھارۋىدىكىلەرنى كۆرسەتكەندىن كېيىن. — بۇ قوراللارنىڭ بىر قىسمىنى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈم لۈتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق باتۇر ياشلارغا تەقدىم قىلغانىدىم. ئەنە شۇ تاپانچىلاردىن بىرىنى، يەنە بىرنەچچە قول بومبىسىنى ئابدۇللا داۋۇتوپ ئۇلارغا بايىدىن ئەۋەتىپتىكەن. يەنە بىرىنى 30 نەچچە تال ئوقى بىلەن لۈتپۇللانىڭ شىرىپۇر دوستى ئۇنىڭغا سوۋغا ئورنىدا قالدۇرۇپ كېتىپتىكەن. بۇلارنى ماڭا ساقلاپ بېرىشكە تاپشۇرغانىدى. شۇندىن بېرى، بۇ قوراللارنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرىغاندەك ئاسراپ، جېنىمدىن ئەزىزرەك كۆرۈپ ساقلاپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن بۇ تەۋەررۈك ئامانەتلەرنى سىزلەرنىڭ قولىڭىزلارغا ئىرادىق تاپشۇرۇپ بېرىشكە نېسىپ بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشالمەن. بالىلىرىم، بۇلارنى بىرمۇ بىر ساناپ ئېلىڭلار. ئامانەت ئامانەتچە ساق تاپشۇرۇلغىنى ياخشى.

جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىرى تاجاخۇن ئاكىنىڭ سادىدا كۆڭۈل ۋە سەمىمىي نىيەت بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىدىن چوڭقۇر خۇرسەن بولغان ھالدا، ئۇنىڭ ياشانغان بوۋايلارنىڭكىدەك سىپايە چىرايىغا قايتا - قايتا رازىمەنلىك بىلەن قارىدى ۋە پاكار ئېشەك ھارۋىسىغا ئېگىشىپ قاراپ، ئۇنىڭغا تەرتىپلىك قاچىلانغان قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىلارنى ھەۋەس بىلەن كۆزدىن كەچۈردى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ مىلتىق، ئاپانچىلارنى بىر - بىرلەپ قولىغا ئېلىپ، تەپكىلىرىنى چىقىرىپ ۋە قايتۇرۇپ سىلاپ، سىناپ كۆردى. قوراللارنىڭ ھەممىسى دات باسمىغان، بۇزۇلمىغان، ھازىرلا ئېھتىياجدىن چىققۇدەك دەرىجىدە ساق ئىدى. ئۈچ رەھبەرنىڭ خۇرسەنچىلىكى يەنىمۇ ئاشتى. قاسىمجان قەمبىرى شۇ مەھەل شتاب خىزمەتدارىنى چاقىرىپ، مىلتىق، ئاپانچا، قىلىچ، ئوق ۋە قول بومبىلىرىنى ئايرىم قويۇپ ساقلاپ تۇرۇشىنى تاپىلىدى. شۇندىن كېيىن، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ يېتەكچىلىرى ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ ئەڭ يېقىن قوللىغۇچىلىرىدىن بىرىنى شتاب ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىردى. بۇ يەردە ئۇلار كەڭ - كۇشادە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاققىچە سەمىمىي مۇڭداشتى ۋە باغۋەننىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا ۋە باشقا ياش ئۈچقۇنلارنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ھاياجان بىلەن ئاڭلىدى. تاجاخۇن ئاكا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلارغا ئۆزى بىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، شۇ جۈملىدىن، ياش ئۈچقۇنلارنىڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇدھىش زىندانىغا قامىلىشتىن ئاۋۋال گومىنداڭچىلار بىلەن دەلمۇ دەل ئېلىپ بارغان كەسكىن كۈرەشلىرىنى، ئۇلارنىڭ تەسىس مەج-



لىسى، قەسەم بېرىش مەجلىسلىرىنى مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن تارتىپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا رەسمىي تەييارلىنىش ئۈچۈن باغدا ھەربىي مەشىق، قورال - ياراغ ئۆگىنىش مەشقى ئېلىپ بارغىنىغا قەدەر ئىشلىگەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ تونۇشتۇردى.

— ياش ئۈچقۇنلار، — دېدى تاجاخۇن ئاكا، — سىزلەرنىڭ ئاقىۋىغا كېلىدىغانلىقىڭىزلارنى بىلەتتى. ئۇلار ھەمىشە بىزمۇ جىم ياتماي تەييارلىق قىلىپ، دۈشمەن قورغىنىنى ئىچىدىن پارتلىتىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ سىرتتىن كېلىپ قىلىدىغان ھۇجۇمىغا ماسلىشىشىمىز كېرەك دەيتتى. لۇتپۇللا ئۆز بالامغا ئوخشاش ئاجايىپ ياخشى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزىلارنى دېمەمسىزلەر؟ ئۈچتۇرپاندىن ئالايىتەن كېلىپ، تەسىس مەجلىسىگە قاتناشقان سېيىت ئابباس ۋە باشقا ياش ئۈچقۇنلارنىڭ ھەممىسىمۇ ناھايىتى قەيسەر، ئۆلۈمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار ھازىر قاراڭغۇ زىنداندا يېتىۋاتقان بولسىمۇ، سىزلەرنىڭ كەلگەنلىكىڭىزلارنى ئاتقان ئوقىڭىزلاردىن بىلىپ، كۆڭلى يېرىم، دىلى خۇرسەن تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنى ئۆلۈم زىندانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىڭلار! گومىنداڭچىلارنىڭ پەيلى يامان، بىر تۇرۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىگەندى، دەپ ئەنسىرەپ قالىمەن. ھەممىگە يارىتقان ئىگەم يار. خۇدايىم لۇتپۇللالارنى ئۆلۈمدىن ئامان قىلسۇن!

— ئاتا، خاتىرجەم بولۇڭ، — ۋەدە بېرىپ سۆزلىدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — سىپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرمەي قويمايمىز. بىزنىڭ بىر نىشانىمىز ئاقسۇ خەلقىنى گومىنداڭنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن ئازاد قىلىش بولسا، يەنە بىر نىشانىمىز

ساقچى قاماقخانىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇئەممىدىن خوجا، بىلال نازىمى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنى قاماقتىن قۇتقۇلدۇرۇپ كۈنىنىڭ سىرىتقىدا ئۇلاشتۇرۇش. ھازىر ئادىمىمىز كۆپىيىپ بىر پولك جەڭچىگە يەتتى. قورال-ياراغلىرىمىزمۇ كۆپەيدى. ھەممىدىن مۇھىمى، جەڭچىلىرىمىزنىڭ غەيرىتى كۈچىيىپ، ھەرقانداق ھۇجۇمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالدى.

بوۋاي خورسەنلىك بىلەن كۈلۈپ مەغرۇر قىياپەتتە ساقال-بۇرۇتىنى سىيلاپ قويدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلەپ قالدى بولغاي، چوڭقۇر خورسىنىپ تۇرۇپ:

— بۇ باللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بەزى ئىشلاردا ياشلىق قىلدى، تەجرىبىسىزلىك قىلىپ قويدى. دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق پەرق ئېتەلمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا قوزى قىياپىتىدە كىرىۋالغان ھېكىم نىيازدەك يىرتقۇچ بۆرىلەرنى بىلەلمەي قالدى، — دېدى.

— بۇنىڭدىنمۇ خاتىرجەم بولۇڭ ئاتا! — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ كەسكىن ئاھاڭ بىلەن. — ھېكىم تۇرنىڭ ئەشەددىي مۇناپىقلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانمىز. گومىنداڭنىڭ جىنايەتكار ئەمەلدارلىرىنى جازالىغان چېغىمىزدا، ئۇنىمۇ شۇلارغا قوشۇپ قاتتىق جازالايمىز.

بوۋاي يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ قەتئىيلىكىگە خورسەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قايتىپ كېتىش ئۈچۈن تەۋرەندى. ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرۇپ، مۇڭداشماقچى بولغان ئىدى، بىراق، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋلار ناھايىتى ئالدىراش بولۇۋاتقان ھازىرقى چاغدا ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى ئارتۇقچە ئېلىپ قويۇشنى كۆز ئالدىدا تۇتتى. بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۆزىنىڭ قىسقا دۇئاسىدا شۇنىلاپ تو-



رۇپ، ھەممىنى ئارمىيە جەڭچىلىرىگە يېڭىش-يېڭىش نۇسرەت تىلىدى. شۇندىن كېيىن ئورنىدىن قوپۇپ ماڭماقچى بولغانىدى، سو-پاخۇن سوۋۇروۋ بۇ پېشقەدەم باغۋەننى توختىتىپ تۇرۇپ، غەمخورلۇق بىلەن سورىدى:

— ئاتا، نېمە كەسىپ قىلىسىز؟ ئۆيىڭىزدە سىزگە قارىغۇدەك كىشىلەر بارمۇ؟

— ئۆيۈمدە ھالىمدىن خەۋەر ئالغۇدەك كىشى يوق. بىر ئوغلۇم ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەينىڭ قاماقخانىسىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئايالىم قازا قىلغان. ئۆيدە تەنھا كۈن كەچۈرىمەن. كەسىپكە كەلگەندە، ھۈنەر-پەنەردىن خەۋەرسىز، راسا قولى يۇمىلاقلاردىن بىرىمەن.

— ئۇنداق بولسا، شتابتا قېلىڭ! — تەكلىپ بەردى باتالىيون كوماندىرى. — ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالايلى!...

— رەھمەت باللىرىم، — تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلدى تاجاخۇن ئاكا. — ئۆزۈمنىڭ پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتقان بېغىم بار. قارىمىسام بولمايدۇ. ھە، ئېيتماقچى، سىلەرنى باغقا ئېلىپ بارماقچىمەن. ئالدىراشچىلىقلار تۈگەپ ئارا-جايىدا بولغان ۋاقتىڭىزلاردا بېرىپ مېۋە-چېۋىلەردىن يەپ كېتىڭىزلار! بېغىمدا تۇرپاننىڭ بىجاقىي دېگەن ئۈزۈمى بار. پىشىپ، راسا تەمگە كىردى. باغدا تېخى لۇتپۇللالار مەجلىس ئاچقان، ھەربىي مەشىق، قورال تۇتۇش مەشقى ئۆتكۈزگەن جايلارنى كۆرىڭىزلار.

— بولىدۇ ئاتا، — ۋەدە بېرىپ تۇرۇپ سۆزلىدى قاسىمجان قەمبىرى، — ئۇنداق بولسا، ناھايىتى ياخشى. چوقۇم بېرىپ بېغىڭىزنى كۆرىمىز. ئۇ تەۋەررۇك جاينى كۆزدىن كەچۈرىمىز.

— شۇنداق قىلىڭىزلار. مەن سىلەرنى كۈتىمەن.

باغۇدىن خوشلىشىپ شتاب ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتاتتى،
ئۆۋەتچى جەڭچى شتاب ھويلىسىغا ئىككى كىشىنى باشلاپ
كىرىپ سىياسىي كومىسسارلار بىلەن ئۇچراشتۇردى. بۇلارنىڭ بىرى،
ساتىراش مەقسۇتئاخۇن بولۇپ، قولىدىكى پەشتانىۋالغا كاپلىغۇچ،
بىلەي، ئۇستىرا ئورىۋالغان ئىدى. يەنە بىرى، مەشھۇر ئاشپەز
سالاخۇن ئۇستا بولۇپ، ئۇ بىر قولىغا چىرايلىق يۇنۇلغان
دۆشە كۆتۈرگەن، ئىككىنچى قولىدىكى سېۋەتكە قىڭراق تاختۇچ،
نوغۇچ، بىلەي، پىچاق سېلىۋالغانىدى. ئۇچقۇنلار ئىنتىپاقى-
نىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ سادىق ھېيداشلىرى مىللىي ئارمىيە
شتابىغا ئۆزلىرىنىڭ ئاشپەزلىك، ساتىراشلىق خىزمەتلىرىگە
قويۇلۇشىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. جەنۇبىي يۈرۈش
قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ قىممەتلىك مېھمانلارنى ئاتا ھۆر-
مىتىدە چوڭقۇر قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ تە-
لەپلىرىگە ئاساسەن شتابنىڭ ساتىراش ۋە ئاشپەزلىكىگە تەيىنلەپ،
ئۆز يانلىرىدا قالدۇردى. ئارقىدىن يەنە، روتىلارنىڭ ئاشخانى-
لىرىمۇ ئاقسۇنىڭ بىر قىسىم چېۋەر ئاشپەز ۋە ناۋايلىرى بىلەن
تولۇقلاندى.

جەنۇبىي يۈرۈش قوشۇنى ئاقسۇغا كەلگەندىن بۇيان،
خۇددى بايدىكىدەك ئالدىراش ئىشلىگەن خىزمەتلەرنىڭ بىرى —
گومىنداڭدىن قالغان كونا، چىرىك ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنى
قەتئىي ئۆزگەرتىپ، يېڭىلاپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى. باتا-
لىيون شتابىنىڭ ھەر تەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن، خەلق
ئىچىدىن گومىنداڭغا قارشى غەزەپ - نەپرىتى كۈچلۈك، يۇرت
ئەھلى ئىچىدە چوڭقۇر ئىناۋەت ۋە ئىشەنچىگە ئىگە كىشىلەر
تاللىنىپ، كونىشەھەر ناھىيىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ مە-
سئۇل خىزمەتلىرىگە قويۇلدى، قوراللىق ئىنقىلابنىڭ ئۆزۈل -



كېسىللىكىمۇ دەل ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش
مەسىلىسىدە ئىپادىلىنەتتى، شۇڭا جەنۇبىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ
سىياسىي رەھبەرلىرى بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى باي ناھىيە-
سىدە قانداق ئىشلىگەن بولسا، بۇ يەردىمۇ شۇنداق ئېتىبار
بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەرنىڭ ئارىلىقى
تام قوشنا ئائىلىلەرنىڭكىدەك يېقىن بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە
گومىنداڭچىلار يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدە ھېلىغىچە پۇت تىرەپ
تۇرغان شارائىتتا، كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ
خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە شۇ سەۋەبتىن بۇ ئورۇنغا دادىللىق
ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن ئىشلەپ، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى
ئېلىشقا قادىر بولالىغۇدەك كىشىلەرنى قويۇش ئالاھىدە مۇھىم
بولۇپ تۇراتتى. بۇلار خىزمەتنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە
ئاشۇردى.

ئاقسۇ خەلقىنىڭ ناھايىتى كەڭ قاتلىمى مىللىي ئارمى-
يىسىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، بالىلىرىنى جەڭچىلىككە تەق-
دىم قىلىۋاتقان ۋە يېڭىشەھەردە داۋام قىلدۇرۇۋاتقان ئۇرۇش ھە-
رىكەتلىرىنى قولىدىن كېلىشىچە ھەر خىل ياردەملەر بىلەن تە-
مىنلەپ، كونىشەھەرنىڭ ئارقا سەپلىك رولىنى يېتەرلىك جارى
قىلدۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنداق قىل-
مايتتى ياكى ھېچ بولمىغاندىمۇ مىللىي ئارمىيىنى قوللاشتىن
باش تارتقۇسى ۋە بىر ئىلاج بىلەن ئۆزلىرىنى قاچۇرغۇسى
كېلەتتى. مۇنداق كىشىلەر كۆپ ئەمەس ئىدى، ئەمما جامائەت-
چىلىك ئىچىدە ئورنى، نامى ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلىۋالغان ھو-
قۇق - ئىمتىيازلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھېلىمۇ مەلۇم
تەسىرگە ئىگە ئىدى. بۇ كىشىلەر، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆزلى-
رىگە بېرىلگەن مەرتىۋە - مەنسەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى
تالان - تاراج قىلىش ئارقىلىق نەپ - مەنپەئەت ئەكەل-

گەن، بەزىلىرى كونا ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا بەگ، لويى ئاتاق-
لىرى بىلەن ئىشلەپ، خەلق ئالدىدا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بو-
لۇۋالغان ۋە بەزىلىرى باج ئىدارىسىنىڭ يانتاياقلىرى بولۇۋېلىپ
باياشات تۇرمۇشقا يېتىشكەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆز ئىمتى-
يازلىرىنى قولدىن بېرىشكە رازى بولمايتتى. بۇ كىشىلەر ھېلى-
ھەم، گومىنداڭغا يوقالمايدىغان ئەڭگۈشتەر، سۇندۇرغىلى بولماي-
دىغان چەكسىز قۇدرەتلىك كۈچ ھېسابىدا قاراپ، پەيت تاپسىلا،
مىللىي ئارمىيىگە ھەتتەمسىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغۇسى كې-
لەتتى. قىسقىسى، ئۇلار ئۆتمۈشتىن تارتىپ قېنى-قېنىغا سىڭىپ
كەتكەن كونا ئەقىدىسىگە ئاساسەن، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان چې-
رىك ھاكىمىيەتتىن يەنىلا ئۈمىد كۈتەتتى. بۇ كىشىلەر خەلق
ئىچىدە ئاستىرتتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن مىللىي ئارمىيە
باتالىيونىنىڭ شەنىگە قارشى رەڭگارەڭ پىتنە-ئىغۋالارنى تو-
قۇپ تارقىتىپ تۇراتتى. ھەتتا نەسىھەتگۈيلۇق، ۋەزخانلىقلار
بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇرۇق-تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرىگە
مىللىي ئارمىيىگە يېقىنلاشماسلىق ھەققىدە ھېچبىر ئەيمەنمەس-
تىن سۆزلەيتتى. بىر قىسىم خەلق ئىچىدە مۇنداق كىشىلەرنىڭ
گەپ-سۆز ۋە پىتنە-ئىغۋالىرى ئاسانلا تەسىرگە ئىگە بولۇپ،
خېرىدارلىق ھال بولۇپ قالاتتى. شۇ سەۋەبتىن، جەنۇبىي يۈرۈ-
لىش قوشۇنى ئالدىدا، تەشۋىقات ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، بەت-
نىيەتلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ
تاشلاش كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ۋەزىپىلەردىن ھېسابلىناتتى.
ھەتتا ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ سەزگۈرلۈك بىلەن خىزمەت
ئىشلەشلىرى ئارقىلىق، بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ قەبىھلەرنى
بايقاپ ۋە سۆزسىز جازالاپ، ئۇلارغا قوراللىق ئىنقىلابنىڭ ھا-
كىمىيەت باشقۇرۇش جەھەتتىكى كۈچ-قۇدرەت ۋە ئىقتىدا-
رىنى تېتىتىپ قويمىسا بولمايتتى. ما جەنشاڭ قاماقتا بۇيرۇ-



لۇپ، ئانچە ئۇزاققا بارماي توختىتى قېچىر، گېرجاگىرۇلار قولغا
ئېلىندى. چۈنكى، ئۇلار گومىنداڭنىڭ سابىق ناھىيىلىك ساقچى
ئىدارىسى كونىشەھەردە قالدۇرۇپ كەتكەن كونا ئىشپىيونلار
بولۇپ، يېڭىشەھەردىكى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھەر
خىل يوللار بىلەن مەخپىي مەلۇمات يەتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ-
لاردىن كېيىن يەنە، ئىمىن توغرى قاتارلىق بىرقانچە خەتەر-
لىك پاراكەندىچىلەر تۇتۇلۇپ قاماققا تاشلاندى. ئۇلار، مىل-
لىي ئارمىيىنى كەمسىتىپ، تىنىمسىز سۆز-چۆچەك تارقاتقان-
دىن تاشقىرى، گومىنداڭنىڭ خەلق ئىچىدە ئاشكارا پاراكەندى-
چىلىك تۇغدۇرۇش تاكتىكىسىغا ماسلىشىپ، ئازاد رايون — كو-
نىشەھەردە ئوت قويۇش ۋە بۇلاڭچىلىق جىنايەتلىرىنى سادىر
قىلغانلار ئىدى. بۇلارنى قولغا ئېلىپ جازالىماسا، جەنۇبىي
يۈرۈش قوشۇنى بەرپا قىلغان ھاكىمىيەتنىڭ كەڭ خەلق ئال-
دىدىكى ئىناۋىتى ئاجىزلاپ كېتەتتى. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ
ئازاد قىلىنىشى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزا-كەنت-
لىرىدىن، شەھەر سىرتىدىكى كوچا-مەھەللىلەردىن كونىشە-
ھەرگە ئۆركۈملەپ ئادەملەر كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ جەڭچىلىككە
قوبۇل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقان چاغدا، بەزى گومىنداڭ ئىش-
پىيونلىرىنىڭ ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئازاد رايونغا ئۆتۈۋېلىشى،
ھەتتا، ۋاقتىدا بايقالمىسا، باتالىيون شتابى بىلەن ساقچى
ئىدارىسىغىمۇ سىغدىلىۋېلىپ، مۇھىم لاۋازىملارنى قولغا كىرگۈزۈۋې-
لىشى ئەقىلدىن يىراق ئەمەس ئىدى. دېمەك، سىياسىي كو-
مىسسارلارغا ئىنقىلاب مەنپەئىتى يولىدا، خىلمۇخىل خىزمەتلەر-
گە يېتەكچىلىك قىلغاندىن تاشقىرى، بۇ جەھەتتىكى مۇرەككەپ
ۋە نازۇك ئىشلارنىمۇ ماھىرلىق بىلەن بايقاشقا توغرا كېلەتتى.
شۇنداق قىلىپ، بۇ خىزمەتلەر ئومۇمەن مۇشۇ تەلەپكە ئاساسەن
ئىشلەندى. يېڭىشەھەردىن ئېلىپ كىرگەن بەزى گۇۋاھلىق كى-

شلەرمۇ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتنچە قولغا ئېلىنىپ، ئىلگە-
رىكى ساقچى ئورگىنى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان كىشلەرنىڭ
قويۇپ بېرىلىشى بىلەن ئۈچ كۈندىن بېرى بوش قالغان قاماق-
خانا يېڭى مەھبۇسلار ھېسابىغا قايتىدىن تولۇشقا باشلىدى.
لېكىن، بۇ تەدبىرنى يېتەرلىك سەگەكلىك ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن
ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، دېيىشكە بولمايتتى. ھەقىقىي دۈشمەنلەرنى
تەلتۆكۈس بايقاپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ئىشنى بې-
جىرىشتە، بەزىبىر خاتالىقلاردىن خالىي بولۇپ كېتىش مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بەزى ياخشى كىشلەرمۇ گۇمان
بىلەن قاراشنىڭ پېشكەللىكىگە ئۇچراپ، ۋاقىتنچە قاماقخانىدا
يېتىپ قالدى. ما جەنشاڭ، تۇختى قىچىر، گۇ جاڭرۇلارنىڭ قىلى-
مىشى ناھايىتى ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىشلەر نەق جىنا-
يەت ئۈستىدە قولغا چۈشكەنلىكتىن، ئۇلارغا تېز ئارىدا كەسكىن
چارە قوللانماسا بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كەچۈرۈلمەس
جىنايەتچىلەرگە كېچىكتۈرۈلمەي ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ،
يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى يەنە بىر قېتىم نامايان
بولدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ قوراللىق ئىنقىلابىنى كەمس-
تىپ ھەدەپ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ يۈرگەن كىشلەر ئاغزىنى
يىغىشقا مەجبۇر بولدى. يوشۇرۇن دۈشمەنلەرمۇ ياۋاشلىشىپ قالدى.

## باتالىيون پولكقا زورايدى

گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ شەھەر ئىچىگە كىرىۋېلىپ قار-
شىلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى
مۆلچەرلەپ بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، يېڭىشە-



ھەرنىڭ ئېگىز ۋە قېلىن سېپىلى گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئۈچۈن
تەبىئىي ئىستىھكامغا ئايلىنىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تېز ئۇرۇش
قىلىپ، تېز غەلىبە قىلىش تاكتىكىسى بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشى-
گە ئەڭ ئاسانلىق توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى. ئۇزاققا سوزۇ-
لۇشى ئېھتىماللىقى بولغان ۋە پات - پات ئۆزگىرىپ تۇرىدى-
غان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى يېقىندىن بىۋاستە كونترول قىلىپ تۇ-
رۇش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە باتالىيون شتابى كونىشەھەر
بازىرىدىن ياتالماسقا كۆچۈرۈپ كېلىندى. بۇ يەر ئىككى ناھى-
يە بازارلىرىنىڭ ئارلىقىدا بولۇپ، جايلىشىش جەھەتتىن يېڭى-
شەھەرگە يېقىنراق ئىدى. شتاب ياتالماستا بولغاندا ھەربىي
ئىشلار جەھەتتىكى قوماندانلىقلا ئەمەس، ئىككى ناھىيىنىڭ
مەمۇرىي خىزمەتلىرىگە تەڭ يېتەكچىلىك قىلىشقىمۇ قولاي بو-
لاتتى. جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى ئاقسۇغا كېلىپ، پىدائىي
بولۇشنى تەلەپ قىلغۇچى ياشلاردىن بىرقانچە تۈركۈمنىڭ ئار-
قىمۇ ئارقا ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىنىشى بىلەن، جەڭچىلەر
يەنە كۆپىيىپ، ئۇلاردىن تولۇق ئادەم سانىغا ئىگە ئىككى ئاق-
سۇ باتالىيونى تەشكىل قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارغا ئەسلى-
دىكى يادرولۇق باتالىيون بىلەن باي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن
قۇرۇلغان بىرقانچە روتىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، جەنۇبىي يۆ-
نىلىش قوشۇنى تولۇق بىر پولكقا تەڭ چوڭ ھەربىي بىرلىككە
ئايلاندى. ھازىرغا كېلىپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قو-
رال - ياراغ يېتىشمەسلىكمۇ تەدرىجىي ھەل بولۇپ، ئاخىر
بۇ تەڭقىسلىق ئۇنتۇلۇش باسقۇچىغا يېتىپ قالغانىدى. يېڭى
جەڭچىلەرنىڭ بىر قىسمى ھەربىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قولغا
چۈشۈرۈلگەن غەنىيمەتلەر بىلەن ئۇدۇللۇق قوراللاندۇرۇلۇپ، قال-
غانلىرىغا يارىيىشى قەبرىستانلىقىدىكى ئۇرۇشتا دۈشمەن ئەسكەر-
لىرىدىن تارتىۋېلىنغان قورال - ياراغ، ئاقسۇغا كېلىپ ئورۇن-

لاشقاندىن كېيىن خەلق تەقدىم قىلغان بەشئاتار، توققۇزئاتار مىلتىق، قىلىچ، قول بومبىلىرى تارقىتىپ بېرىلدى، مىللىي ئارمىيە شتابى يەنە ھەربىر جەڭچىدە بىردىن قورال بولۇش تەلىپى بويىچە، ئۇستا تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ، ئەڭ ئاددىيسى نەيزە، قىلىچلارنى ياساتتى.

شتاب ئۆلۈشكىن غۇلجىغا رادىئوگرامما بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىنى قىزىلبۇلاق، قىرغان، بوزدۆڭ، جام، ياربېشى قەبرىستانلىقىدىكى شىددەتلىك ئۇرۇشلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئارقىمۇ ئارقا ئۇتۇقلۇققا ئېرىشىپ، ئاخىر ئاقسۇ كونىشەھەرگە غەلىبىلىك كىرگەنلىكىدىن خەۋەردار قىلغانىدى. بۈگۈن ئەتىگەن شتاب مىللىي ئارمىيە باتالىيونى تەركىبىگە بۇ يەردىن بىرقانچە يۈز ياش يىگىتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن جەڭچىلەر سانىنىڭ بايىدىكى ۋاقىتتىكىدىن ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، بۇرۇنقى باتالىيوننىڭ تولۇق تۆت باتالىيونلۇق ھەربىي قوشۇن بولۇپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، يەنە رادىئوگرامما ئەۋەتتى. ئارىدىن ئۈچ - تۆت سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ، غۇلجىدىن بۇنىڭغا جاۋابەن رادىئوگرامما كەلدى. ئۇنىڭدا بارلىق جەڭچى- ئوفىتسېرلەرنى خۇشال قىلغۇچى مۇنۇ سۆزلەر ئېيتىلغانىدى:

«دۈشمەنگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىلا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈمىمۇ ئىنتايىن شەرەپلىك ۋە قەدىرلىك. رادىئوگراممىمىزلاردىن سىزلەرنىڭ ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان 26 نەپەر جەڭچىنى زور بىر تۈركۈم جامائەتنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا دەپنە قىلغانلىقىڭىزلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئالاھىدە خۇرسەن بولدۇق. تىرىكلىكىدە قىممەتلىك بولغان كىشى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ خەلقلەر ئالدىدا ئوخشاشلا قە-



دىرلىك بولۇپ قېلىشى كېرەك. دۈشمەنگە جان - جەھلى بىلەن بېرىلىپ خىزمەت قىلىپ، خەلققە، جەڭچىلىرىمىزگە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇلار رەھىم - شەپقەتتىن يۈزلەي مەھرۇم قىلىنغان ھالدا، شەرتسىز جازاغا تارتىلىشى لازىم.»

رادىئوگراممىنىڭ داۋامىدا جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ يېڭى ھەربىي تەشكىلىي ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنۇ سۆزلەر زور ئېتىبار بىلەن كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەنىدى:

«سىلەرنىڭ يېڭى ھەربىي قورۇلمىڭىزلارغا كەلسەك، پولك تەشكىل قىلىش تەغرىسىدىكى پىكىرىڭىزلارغا تولۇق ماقۇللۇق بىلەن قوشۇلىمىز. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سىزلەرنىڭ ھاۋالىڭىزلارغا ئاساسەن پولكىڭىزلارغا ئىلگىرىكى باتالىيون كوماندىرى سوپاخۇن سوۋۇرۇۋنى كوماندىر قىلىپ تەيىنلىدۇق. بۇنىڭغا مۇناسىپ، ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋان بېرىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىمىز. سىياسىي كومىسسارلار، سىزلەرنىڭمۇ ھەربىي ئۇنۋانىڭىزلار پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلدى. سىزلەرنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىمىزنى قىسىمدىن تارتىپ ئاقسۇغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئالتە قېتىملىق جەڭدە ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە يولىغا يېتەكلىگەنلىكىڭىزلارنى ھېسابقا ئېلىپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بىلەن باش شتاب مەخسۇس پەرمان بىلەن بۈگۈن غۇلجا شەھىرىدە سىزلەر — ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلارنى بىرلا ۋاقىتتا «ئازادلىق — I»، «ئىستىقلالىيەت — I» ئالتۇن ئوردېنلىرى بىلەن تەقدىرلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. سىزلەرنىڭ ھاۋالىڭىزلارغا مۇۋاپىق، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى تەركىبىدىكى موڭغۇل يېگىتى كۆكە باشچىلىقىدىكى روتىغىمۇ ئۇلارنىڭ جەڭلەردىكى

ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، كوللېكتىپ ھالدا «ئىستىقلالىيەت — I» ئالتۇن ئوردېنى تاپشۇرۇلىدىغانلىقى بۇ يەردە ئايرىم پەرمان بىلەن جاكارلاندى. سىزلەرگە يەنە باتالىيونلىرىڭىزلارنىڭ كوماندىرلىق ۋەزىپىلىرىگە ئۆزىڭىزلەر تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن كىشىلەرنىڭ شۇ تىزىملىك بويىچە تەستىقلانغانلىقىنى مەلۇم قىلىمىز. پولكىڭىزلارغا جەڭلەردە يېڭى غەلىبىلەر تىلەيمىز».

ئاقسۇ شەھىرى مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، ئايدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار ئۆز ئارىلىرىدىكى مەسلىھەتكە ئاساسەن، ئاۋات ناھىيىسىنى گومىنداڭ ئىلكىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بىر روتا جەڭچىنى ماڭدۇرغاندىن تاشقىرى، يېقىنقى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۈچتۇرپانغىمۇ بىر باتالىيون ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى. غۇلجىدىن كەلگەن جاۋاب رادىئوگراممىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ ئىككى مەسىلە يۈزىسىدىن ئايرىم كۆرسەتمە بېرىلىپ، ئاۋاتقا كېلىۋاتقان روتىنى تېز قايتۇرۇۋېلىش، ئۈچتۇرپانغا باتالىيون ئەۋەتىش پىلانىنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ قارىشىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيىلىرىگە قوراللىق كۈچ ئەۋەتكەندە، تۇرۇش سېپى كېڭىيىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ قوماندانلىق قىلىشقا سەلبىي تەسىر بېرىپ قوياتتى. ئۇ چاغدا يەنە قوشۇن تارقاقلىشىپ، «ئاۋۋال يېڭىشەھەرنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىش، ئاندىن باشقا ناھىيىلەرگە ئۆتۈش» دېگەن سىتراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ بىر تۇتاش ئىجراسىمۇ كۈتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى غۇلجىنىڭ بۇ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن، ئاۋات ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن روتىنى يول ئۈستىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. ئۈچتۇرپانغا



مېڭىش ئالدىدا تۇرغان بىر باتالىيون جەڭچىسىنى بۇ ھەربىي يۈرۈشتىن توختاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن قىسقا ۋاقىت داۋام قىلغان ئوق ئېتىشىشتىن كېيىن، سېپىل ئەتراپى جىمىپ كەتتى. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئانچە - مۇنچە قىمىرلاشقان 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئەسكەرلىرى ئەتىگەن كۈن ئۆرلەپ، يېڭىشەھەر قىزىق ياز ئاپتىپىنىڭ قوينىغا كىرگەندىن تارتىپ، پوتەيلەر ئىچىگە كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ پاناھ جايلىرىغا ھەرقاچانقىدەك يەنە يوشۇرۇنۇۋېلىشتى. بۇ مىللىي ئارمىيە پولكى ئۈچۈن روتا، باتالىيونلارنىڭ كوماندىرلىرى بىلەن زور بىر قىسىم جەڭچىلەرنى شتابقا يىغىپ، ئۇلارغا غۇلجىدىن كەلگەن رادىئوگراممىنى خاتىرجەم ئوقۇپ بېرىش ۋە كۈنتەرتىپتىكى بەزى مۇھىم ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىكنى ئۇلاردىن خەۋەردار قىلىۋېلىشتا ئوبدان پەيت ھېسابلىناتتى. سېپىل ئەتراپىنى قورشاپ تۇرۇشقا بىر قىسىم ۋىزۋوتلار قالدۇرۇلۇپ، قالغانلىرى بۇيرۇققا ئاساسەن پولك شتابىغا كېلىپ توپلاندى.

يىغىلىش ئۆتۈش ۋاقتى ۋەزىيەتكە ئاساسەن قىسقا بولدى. قاسىمجان قەمبىرى غۇلجىنىڭ جاۋاب رادىئوگراممىسىنى ھاياجان بىلەن ئوقۇپ، ئىلگىرىكى مىللىي ئارمىيە باتالىيونىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپەيگەن يېڭى جەڭچىلەر ھېسابىغا زورىيىپ، ئەمدى پولك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان چاغدا، ئۇزۇنغىچە ئۇرۇلغان قاتتىق چاۋاكلار ئىچىدە شتاب ھويلىسى تەۋرەپ كەتكەندەك بولدى. جەڭچىلەر ھەربىي ئىنتىزامنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ خۇشال كۈلكىلەر ئىچىدە ئۆزئارا قۇچاقلاشتى. چۇقان - سۈرەن كۆتۈردى. سىياسىي كومىسسارلار بىلەن ھەربىي كوماندىرنىڭ قوش ئالتۇن ئوردېنلار بىلەن تەقدىرلەنگەنلىكىنى قايتا - قايتا ئۇرۇلغان چاۋاكلار

بىلەن تەبرىكلىدى. سوپاخۇن سىزۋۇرۋۇنىڭ تۈنۈگۈنكى باتالىيون كوماندىرلىقىدىن بۈگۈن يەنە يېڭى قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولۇپ، پولك كوماندىرلىقىغا ئۆسكەنلىكىگە خۇشاللىق تەنتەنىلىرى قىلدى. كوللېكتىپ ھالدا «ئىستىقلالىيەت — I» ئالتۇن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان روتا كوماندىرى، موڭغۇل خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى كۆكەنى بولسا، كۈچتۈگۈر جەڭچىلەر نۆۋەتمۇ نۆۋەت كۆتىرىپ، بەس - بەس بىلەن چۆكىلەتتى.

رادىئوگراممىدا ئوقۇلۇپ، تەبرىك شاۋقۇنلىرى بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، پولكوۋنىك سوپاخۇن سىزۋۇرۋۇ باتالىيون كوماندىرىنىڭ غۇلجا تەرەپتىن تەستىقلانغان تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. 1 - باتالىيون ئاۋۋالقى يادرولۇق باتالىيون ئاساسىدا تەشكىل قىلىنىپ، ئۇنىڭغا كۆكە كوماندىر بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى. 2 - باتالىيونغا راشىدىنجان، 3 - باتالىيونغا مۇھەممەت مۇئەللىم كوماندىرلىق قىلىدىغان بولدى. 4 - باتالىيون مەخسۇس ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياشلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاقسۇدا بىر قانچە يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان قازاق يىگىتى، ئىلگىرىكى يۈزبېشى قالىكەش كوماندىر قىلىپ تەيىنلەندى. بۇ يېڭى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن، قالىكەش يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى لاۋازىمىدىن شۇ مەھەل ھەربىي سەپكە يۆتكەپ كېلىندى. بۇرۇنقى بىر باتالىيوندىن ئىبارەت جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ پولكقا تەرەققىي قىلىشى بىلەن، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ھەربىي بىرلىكلەرمۇ يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىنىپ چىقىلدى. ھەر بىر باتالىيون ئۈچ روتىدىن، ھەر بىر روتا ئۆزىگە 30 دىن جەڭچىنى بىرلەشتۈرگەن ئۈچ ۋىزۋوتتىن تەشكىل تاپتى، ۋىزۋوتلارنىڭ ھەر بىرى يەنە ئون كىشىلىكتىن قۇرۇلغان ئۈچ ئوتدېلېنىيىنى ئۆز تەركىبىگە ئالدى. روتىلارغا سىياسىي يېتەكچىلەرمۇ



قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى بۇرۇنقىدەك پارتىزانلىق شەكلىدىن ئۆزگىرىپ، مۇنتىزىم ھەربىي قىسىم بولۇپ قالدى، بۇ تەشكىللىنىش جەڭچىلەردىكى ئۇرۇش قىلىش قىزغىنلىقىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. جەڭچىلەر پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا، ھەش - پەش دېگۈچە شۇ يەردىلا ئۆز ۋىزۋوتى، روتىسى ۋە ئۆز باتالىيونلىرى بويىچە رەتكە تىزىلىپ، ئايرىم سەپ بولۇپ ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن پولك سىياسىي كومىسسارى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق نۇتقىنى سۆزلىدى:

— بىز غۇلجا بىلەن خوشلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىمىزدا، ناھايىتى ئاز ئادەم، بار - يوقى ئىككى يۈز دەكلا ئادەم ئىدۇق، — دېدى ئۇ، — لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، ئۆز ئىرادىمىز ۋە ئىشەنچىمىزگە تايىنىپ، يېقىن بىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت زور ئىشنى بىر يولى ئۈستىمىزگە ھۆددىلەپ ئالدۇق. بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باتالىيونىمىزنىڭ ھەر بىر جەڭچىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىچىك قوشۇنىنىڭ قەدىمى تەگكەن ھەر بىر جايدا، يېڭى پىدائىيلار ھېسابىغا تەدرىجىي زورىيىپ بارىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋار ئىدى. ئەھۋالنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ھەقىقەتەن جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقتى. باتالىيونىمىز كىچىكلىمىدى. ئەكسىچە، شۇنچە كۆپ ئۇرۇشلارنى قۇربانسىز ئاخىرلاشتۇرمىغانلىقىغا قارىماي، بۈگۈن ئەسلىدىكىدىن بەش ھەسسە چوڭ مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇن، تولۇق تۆت باتالىيونلۇق جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى بولۇپ قالدى.

شتابنىڭ سىرتىدا ئۈشتۈمتۈت مۆرىگەن قوي، كالىلارنىڭ مالىمىنى پەيدا بولۇپ، دەرۋازىدىن ھويلىغا بىر پارچە

قويۇق چاڭ ـ توزان بېسىپ كىردى. دەرۋازىسىدا پوست تۇرغان
جەڭچى كىرىپ، يېڭى يېتەكچىلىرىگە بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ
شتابقا قوي ـ كالا تەقدىم قىلىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىل-
دى. پولكنىڭ خوجىدارلىرىدىن بىرى ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ
قىلىپ باشلاپ كىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى، سىياسىي كومىس-
سارلار ئادەت بويىچە بۇ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشى، ئاڭغىچە
ئۇلار ئۆيدە كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇندىن كېيىن، ئاب-
دۇكېرىم ئابباسوپ نۇتقىنى داۋام قىلدۇرۇشقا باشلىدى:

— بىزنىڭ قىيىر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەن ۋاقتىمىزدىن
تارتىپ ھېسابلىغاندىمۇ ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە بولۇپ كېلى-
ۋاتقىنىمىزغا تېخى ئون كۈن بولمىدى، — دېدى ئۇ، — ئې-
تىپ كەلمەك. بۇ قىسقا ۋاقىت. لېكىن، مۇشۇ بىر ھەپتىدىن
كۆپرەك مەزگىل ئىچىدە، بايدا، كونىشەھەردە، قوغان، بىرىدۆڭ
تەرەپلەردە جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكۈدەك تۈپ ئۆز-
گىرىشلەر، زور يۇرۇلۇشلار بارلىققا كەلدى. ھازىر يېڭىشەھەر-
نىڭ قوشقاچ ئۆتەلمەس، دەپ ئاتالغان قەدىمىي سېپىلىنى غە-
لىبىلىك قورشاپ تۇرۇۋېتىمىز. سېپىل ئىچىنىڭ ئۆزىنى ئالساقمۇ،
ئۇ ئانچە چوڭ ئەمەس. گومىنداڭچىلار مۇشۇ كىچىككىنە ئالقان-
چىلىك يەردە جان ساقلىماقتا. ئەمما، ئۇلارنىڭ سېپىلگە يۆلى-
نىپ، ئۇزاق ۋاقىت جېنىنى جان ئېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس،
ئېغىزنىڭ بوسۇپ تاشلىنىشى بىلەن، ئىلى تەرەپتىن ئاقسۇ ۋىلا-
يىتىگە توسالغۇسىز ئۆتۈشنىڭ داغدام يولى ئېچىلغانىدى، قو-
غان، مۇزات ئىستىھكاملىرىنى ئىشغال قىلغىنىمىزدىن كېيىن،
ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئاقسۇدىن ئىبارەت بۇ مۇڭلۇق زېمىن، بۇ
مىسكىنلەر دىيارى يەنە بىر قېتىم ئۆزئارا تۇتاشتى. بۇ ئەلۋەت-
تە، كىچىك ئىش ئەمەس. بۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى
جەھەتتىن يۇرۇلۇش خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم ۋەقە بولۇپ، بۇ



غەلىبە جەڭچىلىرىمىزنىڭ قۇربان بولۇشتىن قورقماي، جانپى-
دالىق بىلەن كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا قولغا كەلدى.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا، ئىلگىرىكى كىچىك باتالىيونىمىزنىڭ
بۈگۈن زورىيىپ، پولك بولۇپ قالغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن. ئىل-
گىرىكى كۆكە روتىسىنىڭ كوللېكتىپ ھالدا «ئىستىقلالىيەت — I»
ئالتۇن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
بۇ روتىدىكى جەڭچىلەرنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلەيمەن. ھەر
بىر مۇكاپات ۋە تەقدىر شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس،
شۇنىڭدەك يەنە جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە مەنسۇپ.

نۇتۇق ئاخىرلىشىش بىلەن، ھەممەيلەن چوڭقۇر سۆيۈنۈپ
قاتتىق چاۋاك چالدى، بىر قىسىملىرى قولىدىكى مىلتىقلىرىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ، سىياسىي كومىسسارنىڭ ھاياجانلىق سۆز-
لىرىنى ئالقىشلىدى.

بوش ئۆتكەن ئىسسىق شامال شتاب ھويلىسىدىن
ئۆتۈپ بۇ يەرگە شۇ ئەتراپتىكى سۇلۇق ئېتىزلاردىن شالنىڭ
ئۆزىگە خاس بىرخىل پۇرىقى بىلەن جىغان گۈلى، پىچان ۋە
بۇيا چېچەكلىرىنىڭ خۇش بۇيى ھىدلىرىنى ئەكەلدى. ھېلى-
راقتا ئۇرۇلغان چاۋاك، ئالقىش سادالىرىنىڭ شاۋقۇنىدىن ئۈر-
كۈپ ئۇچۇپ كەتكەن قۇشقاچلار يىراق ـ يىراقلاردىن توپ ـ
توپى بىلەن پەرۋاز قىلىپ كېلىپ، ھويلىنىڭ تۆرە تام تەرى-
پىدىكى ئۈجمە، ئامۇت دەرەخلىرىدە بەس ـ بەس بىلەن ۋىچىر-
لىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ھويلىغا سېپىل تەرەپتىن
پارچە ـ پۇرات ئېتىلغان مىلتىق ئوقلىرىنىڭ ئاۋازى كەلدى.
ئارقىدىن يەنە، مىنامىيوتلاردىن ئارقىمۇ ئارقا ئېتىلغان ئىك-
كى پاي ئوق قاتتىق چاڭىلداپ، قۇشقاچلارنى سايراشتىن بىر-
دەم توختىتىپ قويدى.

يىغىلىش ئاخىرىدا، سېپىل ئىچى مۇھاسىرىدە تۇرغان

ھازىرقى مەزگىلدە، ھەربىر باتالىيوننىڭ ئايرىم - ئايرىم ئۆتەشكە تېگىشلىك جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرى ئېلان قىلىندى. پولك كوماندىرى سىياسىي كومىسسارلار بىلەن ئالدىن كېڭىشىپ مۇقىملاشتۇرغان قارارغا ئاساسەن، 1 - باتالىيون شەھەرنى شىمال تەرەپتىن، 2 -، 4 - باتالىيونلار جەنۇب ۋە شەرق تەرەپلەردىن قورشاشنى داۋام قىلدۇرىدىغان بولدى. شەھەرنىڭ بۇ ئۈچ تەرەپتىكى دەرۋازىلىرى يەنى ئۈرۈمچى، كۇچا، خوتەن دەرۋازىلىرى ئىچىدىن قىرپۇرۇلغان قېلىن تاملار بىلەن ئېچىلماس قىلىپ ئېتىپ تاشلىنىپ، پەقەت غەرب تەرەپتىكى قەشقەر دەرۋازىسىلا قېچىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن ۋاقىتلىق غورۇلاپ قويۇلغانىدى. 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق خادىملار ئەترىتى شەھەرنى ئۆز قولىدا ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمەيۋاتقان ھازىرقى چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ ھەرقاچان قېچىپ كېتىشكە ئاسان بولۇشىنى ئويلاپ، غەربىي دەرۋازىنى يول ئېغىزى ئورنىدا ئەنە شۇنداق قالدۇرۇپ قويغانىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى تۇتۇۋېلىنغان دۈشمەن رازۋېتكىچىلىرى ياكى ھەربىي ئەسىرلەردىن سۈرۈشتە قىلىپ، دەرۋازىلار توغرىسىدىكى بۇ ئىچكى سىردىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇلارمۇ سېپىل ئىچىدىن قېچىپ چىققۇچىلارغا يول بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنى شەھەر تېشىدا توسۇپ يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن بۇ تەرەپكە ئايرىم مۇھاسىرىچى باتالىيون بەلگىلىمىدى. بۇنىڭ بىلەن 3 - باتالىيوننىڭ 1 -، 2 - روتىلىرى باي ناھىيىسىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەنلەرنىڭ كۇچا تەرەپتىن قوزغاپ قىلىشى مۇمكىن



بولغان ئۈشتۈمتۈت ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي سېپىلگە ماڭدۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ 3 - روتىسى بالداڭنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىندى. بالداڭ — گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچى - قەشقەر ھاۋا يولىدا پايدىلىنىپ كەلگەن ئايرودرومى بولۇپ، كۇنشەھەر، ئۈچتۇرپان، يېڭىشەھەر پاسىللىرىدا ئۈچ يۇلۇڭلۇق ئاچال سۈپىتىدە تۇرغانلىقتىن، ئۇ مەلۇم ھەربىي ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم جايلاردىن بىرى ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە يەنە 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئايرودرومدىكى جاھازىماي ئىسكىلاتى ۋە ئايروپىلاننىڭ يەر ئۈستى يولىنى ساقلاش ئۈچۈن ئەسكەر تۇرغۇزغاندا ياساپ قويغان بىر قىسىم ھەربىي قۇرۇلۇشلىرى، پوتەي ۋە ئاكوپلىرى بار ئىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ يېڭىدىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلىنىپ ئېيتقاندا، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇش بولغاندىن تارتىپ، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ بەدەل، ئاقچى ناھىيىسىنىڭ تېرەك، چىچارغا ئوخشاش چېگرا پونكىتلىرىدا تۇرغۇزۇپ كەلگەن بىر پولك ئەسكىرىدىن تاللاپ - تېرىشتۇرۇپ، قايتىدىن تەشكىللەپ چىققان تەرمە باتالىيونى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۈچتۇرپان بازىرىغا كەلتۈرۈپ قويۇلغانىدى. دۈشمەننىڭ بۇ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاخىرقى ھېسابتا 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدىكى مۇداپىئەسىنى سىرتقى جەھەتتىن كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ تەرمە باتالىيوننى ئاقسۇ تەرەپكە يۆتكەپ، مىللىي ئارمىيىگە قارشى ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇمغا سېلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئاخىر بۇ يەنە جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ ئالدىدا بالداڭدا روتا تۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۈچەيتىپ قويغانىدى.

# ئاچكۆزنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە بۆرنى ئاۋۋال تاشقا تەگدى

شەھەرنىڭ مۇھاسىرە ئىسكەنجىسىدە تۇرۇپ كەلگىنىگە 15 كۈن بولۇپ قالدى، چىڭقى چۈش ۋاقتى ئىدى. ئاقسۇ ئاسمىنىدىن قاتتىق گۈركىرەش ئاۋازى كېلىپ، ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدىن 5 - ئاتلىقلار پولكىغا ياردەم بۇيۇملىرى ئەكەلگەن ئاقۇچ ئايروپىلان ناھايىتى ئېگىزدە، ئاسمان قەھرىگە پارچە - پارچە تارقىلىپ يۇمۇرماق شەكلىنى ئالغان كىچىك بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچاتتى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇيۇملارنى توغرا مۆلچەر بىلەن سېپىل ئىچىگە تاشلاپ بېرىش ئۈچۈن پەسلەشكە، بىر ئىلاج بىلەن تۆۋەنگە شۇڭغۇپ بېقىشقا ئۇرۇنغاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇچقۇچىلار مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ نىشانلاپ تۇرۇپ مەرگەنلەرچە ئوق ئۈزۈشىنى قورقۇش بىلەن كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرەتتى - دە، ئاخىر يەنە پەسلەشكە پېتىنالمايتتى. ئۆرلەش، يەنە ئۆرلەش، ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇچۇش ۋە ئەگىش خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئايروپىلان نىشانىدىن يىراقلىشىپ كۈنشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىدا نۇرغۇن قېتىم ئايلاندى. ئاڭغىچە كەچ كىرىشكە باشلاپ، ئۇچقۇچىلارنىڭ ۋەھىمىسىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئاخىر ئۇلار تەۋەككۈلگە باش ئۇردى - دە، گومىنداڭ 5 - ئاتلىقلار پولكىغا ئاتاپ ئە-



كەلگەن ياردەم بۇيۇملىرىنى، نۇرغۇن ساندىكى ئوق - دورا، ئونلىغان ئاپتومات ۋە يارىدارلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇتما قان ۋە باشقا تىببىي ياردەم بۇيۇملىرىنى نىشانسىز تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ نەرسىلەر ئايرىم - ئايرىم ئۈچ بولاق قىلىنىپ، ئۈچ پاراشۇتتا تاشلانغان ئىدى. پاراشۇتلارنىڭ بىرى شەھەردىن يىراق بالداڭغا، ئىككىسى ياتالماس بىلەن سەكپاچى تەرىپىگە چۈشۈپ، ھەممىسى ئۆز پېتىچە جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پاراشۇتلارنى قاتتىق تالاشتى. ئۇلار مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇپ كەلگەندىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىنى باشلاپ، سېپىل ئۈستىدىن قويۇق ئوق ئېتىش ئارقىلىق پاراشۇتلارنى ئەكىتىۋاتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن يەنە مەرگەن جەڭچىلەرنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچراپ، بىر-ئازدىن كېيىنلا قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە جىمىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە روھىي چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك يەنىمۇ كۈچەيدى.

جاۋ خەنچى شۇ كۈنلەردە، جىددىي ياردەمگە موھتاج بولۇپ تۇرغان 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ نەرسىلەرنى ئۈرۈمچىدىن نۇرغۇن قېتىم تەلەپ قىلىش ئارقىلىق كەلتۈرگەنىدى. جاۋ خەنچىنىڭ ياردەم تەلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن جىددىي تېلېگراممىسىدا مۇنۇ سۆزلەر ئېيتىلغانىدى:

«شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ۋۇجۇڭشىن جانابىي ئالىيلىرى:

ئىلىلىق تاغ باندىتلىرىنىڭ شەھىرىمىزگە قاراتقان مۇھاسىرىسىنىڭ چەمبىرىكى كۈندىن - كۈنگە تارىيىۋېرىش نەتىجىسىدە، بىز ئاقسۇ 5 - ئاتلىقلار پولكى مۆلچەردىكىدىن ئارتۇق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتىمىز. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتساق، ھازىر بىز كانايىدىن بوغۇلۇپ، بەل - قولىدىن باغلىنىپ، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان ئادەمدەك قىمىرلىيالماس ئەھۋالغا كېلىپ قالدۇق. بىز يەنە ھۆرمەتسىزلىك بىلەن جانابىيلىرىغا مۇنۇ سۆزلەرنى

ئېيتىشقىمۇ مەجبۇرمىز: ئۆزىمىزنى ۋرۇش ئەسىرىگە ئوخشاتقان چېغىمىزدا، ئاقىۋىتىنىڭ ئالقانچىلىك كىچىك سېپىل ئىچىنى ئوتتۇنلار لاگېرى دەپ پەرەز قىلىشتىن باشقىغا جۈرئەت قىلالمايمىز. بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ شەھەر ئىچىگە قامىلىپ قالغاندىن بۇيانقى ئەھۋالىمىز ئەنە شۇنداق مىسلىسىز دەرىجىدە يامان بولىۋاتاتتى. ئەسكەرلىرىمىز ھېلىمۇ ئۈزلۈكسىز جېڭىغا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. يارىدار بولۇۋاتقانلار، ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ. ئوق - دورىمىز ئازلاپ كەتتى. ھەربىي قوراللىرىمىزنىڭ بەزىلىرى كارغا كەلمەس دەرىجىگە يەتتى. تىببىي دورىلىرىمىز كەمچىللىك قىلىپ يارىدارلارنى داۋالاش قىيىن مەسىلىگە ئايلاندى. ئەسكەرلەردە روھىي كەيپىيات سىزىلەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئۇلاردا ھازىر مۇھاسىرىدىن تىنچ - ئامان قۇتۇلۇۋېلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۈچۈقچىلىق ئۈمىدىمۇ يوققا چىقاي دەپ قالدى.»

**تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر تېخىمۇ قاتتىق تەلەپپۇزدا يېزىلغانىدى، جاۋ خەنچى بۇ سۆزلەرنى ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلىۋېلىش نىيىتىدە ئەمەس، ئەكسىچە شۇ رېئاللىقنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىن مۇمكىنقەدەر كۆپ ۋە تېز ياردەمگە ئىگە بولۇۋېلىش مەقسىتىدە يازغان ئىدى:**

«بىز جانابىلىرىدىن قىسقا مۇددەت ئىچىدە تۇرۇشتا ئەستاتقۇدەك زۆرۈر ياردەملەرنىڭ ئەۋەتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ياردەم كېچىكسە، مۇھىم ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەرنىڭ ئەۋەتىلىشىگە ئېتىبار بېرىلمىسە ياكى پۈتۈنلەي ئەۋەتىلمەي قويۇلسا، ئاقسۇدا تىمە بىلەن يۈت تىرەپ تۇرۇشىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئەگەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۈرۈمچى باش شتاب بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا، سورالغان ياردەملەرنى تېز ئارىدا ئەۋەتىش مۇمكىن، دەپ ئويلايمىز. ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئۇنتىغىمۇ مەيلى، ئۇ چاغدا بىزگە باندىتلار ئالدىدا قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشتىن باشقا يول قالمايدۇ. بىز يەنە ئۈرۈمچىدىن كونا تىزىملىكتىكى 1000 نەپەر ئوفىتسېر ئەسكەر ھېسابىدا ئىككى - ئۈچ ئايلىق مائاش پۇلى ئەۋەتىلىشنى قوشۇمچە تەلەپ قىلىمىز. بىزگە ئوخشاش قورشاۋ ئىچىدە قالغان كىشىلەرگە ئەسلىدە جان قايغۇسىدىن باشقا پۇل قايغۇسى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق مۇنچىۋالا كۆپ پۇل چۈشكۈنلۈكتە



تۇرغان ئەسكەرلىرىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا.

ئەسكەرتىش: مۇشۇ مەزمۇندىكى جىددىي تېلېگراما ئۈرۈمچى باش ھەربىي شتابىغىمۇ يوللاندى. جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئۇلارنى مۇشۇ جەھەتتىن ۋاقتى - ۋاقتىدا سويلەپ تۇرۇشلىرىغا موھتاجمىز.

چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن: ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارى، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك جاۋخەنچى. ئاقسۇ.»

مۇشۇ يېزىز - خاتىرىسىز تەلەپكە ئاساسەن، ئۈرۈمچى 5 - ئاتلىقلار پولكىغا ئايروپىلاندا چوڭ - چوڭ ئۈچ بولاق ياردەم بۇيۇملىرى ئەۋەتكەنىدى. بىراق ئۇلار گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ قولىغا تەگمەي، «ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە بۇرنى ئاۋۋال تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، 5 - ئاتلىقلار پولكىنى ئۇزاقچە ئۇنتۇلماس ئېغىر داغدا قالدۇردى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە قارىتىلغان مۇھاسىرە چەمبىرىكى بارغانسىرى چىڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يېرىم ئاي داۋامىدا قويۇقراق تۈسكە ئىگە بىرەر ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان كەسكىن ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى يۈز بەرمىدى. مۇھاسىرىدە ئارىلاپ ئوق ئۈزۈش، ئارىلاپ مىناميوت ئېتىپ قويۇش، ئاندىن يەنە بۇ پارچە - پۇرات ئېتىشمىلارغا ئوتتۇمتۇت جىددىيلىك تۈسىنى بېرىپ، سېپىل ئۈستىنى ئوق يامغۇرى ئاستىغا ئېلىش ئادەتكە ئايلىنىپ، ئومۇمەن ئۇ ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمدىن دېرەك بەرمەيدىغان ئادەتتىكى نورمال ئۇرۇش كەيپىياتى شەكلىگە كىرىپ قالدى. ئۇ ئاخىر بىرقانچە قېتىملىق كەسكىن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، چاقماقتەك تېز ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبە پەيتىنى تېز كۆتۈرۈۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى زېرىكتۈرۈشكە ئەكەلدى. شۇنداق قىلىپ، قوراللىق ئۇرۇشنىڭ ئورنىنى تىل ئۇرۇشى ئىگىلەشكە

باشلىدى. بۇ چاغدا، جەڭچىلەردە گومىنداڭچىلارغا بولغان ئۆچلۈك ۋە غەزەپنى تىل - ئاھانەت ۋاقتى ئارقىلىق بولسىمۇ پات - پات بىلدۈرۈپ تۇرۇش ئىستىكى كۈچەيگەنىدى.

— ھەي سېپىل بەندىلىرى، — ئۈنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى ئۇلار، — قورقۇنچلاردىن ئۇجۇقۇپ تۈگەشتىڭلارمۇ - يە!؟ جېنىڭلار بولسا قېنى قىمىرلاپ باقمامسىلەر! بېشىڭنى چىقىرىپ باق، ھەي تىرىكلەر كۆرۈستانلىقىنىڭ شەيخلىرى! سىلەرنىڭ بار - يوقلۇقۇڭلارنى بىلىپ باقايلى!...

سېپىل ئەتراپىنىڭ نېرىقى چېتىدە تۇرغان يەنە بىر جەڭچى بۇ سۆزگە ئۇلاپ تېخىمۇ قاتتىق توۋلايتتى:

— ھەي گومىنداڭ ئەبگارلىرى! قىمىرلىغۇدەك ماجالىڭ بولۇشسا، يۇندا پالىقىدىن تەۋرىنىپ، باشلىرىڭنى كۆتۈرۈپ بېقىشمامسەن؟ ئىتلىقىڭلارنى قىلىپ ھاۋشىپ بولسىمۇ قويۇشمامسەن؟

— قورقىنىدىن دىرىلدەپ، ئۈنى ئۆچۈپ قالدى، — تەنە قىلاتتى ئۈچىنچى بىر جەڭچى، — بۇ بىچارىلەرنىڭ تىنىق تارتقۇدەك ماجالى يوق. ئۇلار ھازىر قولىغا قورال تۇتقان ئەسكەر ئەمەس، مىلتىقلىرىنى ھاسا قىلىۋالغان شەھەر كۆرۈستانلىقىنىڭ ئىمجان مەشايىخلىرى. پوتەيلەرنى جەندە، كۆلا قىلىپ كىيىۋالغان قورقۇنچاق دىۋانىلەر، بىچارە ئەرۋاھ، جىن - شاياتۇنلار!

— ياق، ئەدىكىنى؟ ئۇلارنىڭ شەيخ - ماشايىخ بولۇش قىسمۇ قۇدرىتى يوق، — دەيتتى باشقا بىر جەڭچى، — ئەگەر شەيخ بولۇشقا ماجالى بولغۇدەكلا بولسا، بىرەر قېتىم داڭ ئۇرۇپ بولسىمۇ قويماسمىدى؟ ھازىر ئۇلار تىرىك مۇردا، نەق جانسىز بۇتنىڭ ئۆزى!

تىل ئۇرۇشى بىر جەڭچىنىڭ ئەنە شۇنداق تەنىلىك



سۆزلىرىنى يەنە بىر جەڭچى كۈچەيتىپ سۆزلەش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىدىن ئۇزىراپ كېتەتتى. مۇنداق ئۇرۇش كۆپرەك ئاخشاملىرى ئەۋجىگە كىرىپ، كېچىنىڭ تىنچ، تىنىق ھاۋاسى بۇ سۆزلەرنى، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئوقتىن كۈچلۈك، نەيزىدىن ئۆتكۈر بۇ تەنىلىرىنى قارشىلىقسىز شەھەر ئىچى ۋە پۈتۈن ئاقسۇ بازىرىغا تەكشى تارقىتىپ، دۈشمەنلەرگە ۋەھىمە، خەلقلەرنىڭ كۆڭلى - كۆكسىگە كۈچ - مادار تۈيغۇسى بولۇپ كىرەتتى. گومىنداڭ پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بۇنىڭغا قارشى ئۆلۈم ئالدىدىكى سەكرات تىنىقى ئورنىدا، ساز چېلىش، كەلسە - كەلمەس نەغمە - ناۋا قىلىش، ئارىلاپ ئۇسسۇلمۇ ئويناپ قويۇش بىلەن جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇناتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى ئىككى يىلچە مۇقەددەم ساقچى ئىدارىسى قارمىقىدا تەشكىل قىلىنغان «ئۆچ مىسلەك» نامىلىق سەنئەت ئۆمىكىدىكى ياللانما ئارتىسلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇراتتى. ئۆمەكنىڭ سازەندە ۋە ئارتىسلىرىغا ئاقسۇنىڭ ئوتتەك كۈچلۈك كۆيدۈرگۈ ھارىقى ئىچۈرۈلەتتى - دە، ئاندىن ئۇلار سېپىل ئۈستىگە قويۇپ بېرىلىپ، ئۇ پوتەي، بۇ پوتەينىڭ تۈۋىدە نەغمە - ناۋا قىلىشقا مەجبۇر قىلىناتتى. گومىنداڭچىلار مۇشۇ يول ئارقىلىق، جەنۇبىي يۈرۈش قوشۇنىدىكىلەر بىلەن خەلققە ئۆزلىرىنىڭ قانداقتۇر ئەندىشىسىز ۋە خاتىرجەم تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى. لېكىن، بۇ چارىمۇ ئۆزىنىڭ باشلانغان كۈنىدىن تارتىپلا كۈتكەن نەتىجىنى بەرمىدى. ھاراق مەستلىكى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ، ئاشكارا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالغان بۇ ياللانما سەنئەتچىلەردىن بىرى مىللىي ئارمىيە مەرگەنلىرىنىڭ ئوقىدا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇپ، باشقا ئىككىسى بىرىنچى ئاخشامدىلا يارىدارلىنىپ يىقىلدى. جەڭچىلەر شەھەر تېشىدىكى بەزى

ئىككى قەۋەتلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ بالىخانىلىرى بىلەن
سېپىلنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى كوچا - مەھەللە مەسچىتلىرىنىڭ
پەشتاقلىرىدا تۇرۇپ، ھەر ۋاقىت گومىنداڭچىلارنى نىشانغا
ئېلىپ تۇراتتى. سېپىل ئۈستىدە ئادەم گەۋدىسى كۆرۈنگەن
ھامان، چەبدەسلىك ۋە ماھىرلىق بىلەن ئوق ئۈزۈپ بۇ تىرىك
ئۆلۈكلەرنى جېنىدىن جۇدا قىلاتتى ياكى يارىدار قىلىپ،
ئورۇش قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىپ تاشلايتتى. شەھەر
ئىچىدىكى ۋاقىتلىق ھەربىي دوختۇرخانا سېپىل ئۈستىدىن
كۈنىگە بىرلەپ - ئىككىلەپ كەلتۈرۈلۈپ تۇرغان گومىنداڭ
يارىدارلىرى ۋە ئاكار ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ تاشتى. بۇ
يەردە ياتقۇزۇلغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى بۇ دوختۇرخانا
تەشكىل قىلىنماستىن ئىلگىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى
شەھەر تېشىدىكى ئورۇش بىلەن شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىنىش
ۋاقتىدىكى كەسكىن ئوق ئېتىشمىلىرىدا ئوق تېگىپ، قاتتىق
مەجرۇھلانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىدى.

ۋاقىتلىق ھەربىي دوختۇرخانا شەھەر ئىچىدىكى بىردىن-
بىر مەكتەپ — خەنزۇ - خۇيزۇ باشلانغۇچ مەكتىپىدە قۇرۇلغا-
نىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سىنىپ ۋە ئىشخانىلىرى بولۇپ
ئومۇمەن بەش ئېغىزلىق بىناسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يارىدارلار
بىلەن تولۇپ تاشتى. دوختۇرخانىدا دورا - دەرمان كەمچىل
بولۇپ، ئۈنۈملۈكرەك دورىلار توغرىسىدا سۆز ئېچىش تېخىمۇ
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ئىشلەشكە قويۇلغان كىشىلەر
شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ كەلگەن پۇقرا تېۋىپلار،
5 - ئاتلىق پولكىنىڭ مال دوختۇرلىرى بىلەن ئىلگىرى
ھۆكۈمەت مال دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلغان خادىملار بولۇپ،
ئۇلار تىببىي بىلىم تېخنىكىسىدىن خەۋەرسىز، ئادەم يارىسىنى
داۋالاش قولىدىن كەلمەيدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن



ۋاقىتلىق ھەربىي دوختۇرخانىدا ئېغىر يارىدارلارنىڭ ئۆلۈم-
يىتىمى كۆپىيىپ، ھەر كۈنى ئەكېلىنىپ تۇرۇلىدىغان يېڭى
يارىدارلارغا پات - پات ئورۇن بوشاپ تۇراتتى. شۇنداق
قىلىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئەجەل ئوقى تېگىپ
ئۆلۈش بىلەن ئېغىر يارىدار بولۇپ، مال دوختۇرلىرىنىڭ
قولىدا ئۆلۈش پەرقسىز بىر ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئۆلۈكلەرنى
شەھەر تېشىغا ئاچىقىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن گومىنداڭ-
چىلار ئۇلارنى سېپىل ياقىلىرىدىن كولانغان تېيىز ئورەكلەرگە
كۆمۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ ھەقتە، ھەربىي ئەمەلدارلار
ئەسكەرلەردە بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان نارازىلىقنى
بېسىش ئۈچۈن: «بۇ، ۋاقىتلىق قىلىنغان ئامال، كېيىن ئورۇش
ئاخىرلاشقاندا ئۇلار زور قەدىر - قىممەت بىلەن شەھەر تېشىغا
يۆتكەپ چىقىلىپ، مۇۋاپىق جايغا قويۇلىدۇ»، دەپ تەسەللى
بېرەتتى. بۇ ۋاقىتتا، شەھەر ئىچى يۇندا - ئەخلەت ئازگىلىغا
ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى سېسىق پۇراق قاپلاپ كەتكە-
نىدى. كوچا يوللىرى، ئېشىك ئالدى ۋە تام تۈۋلىرىگە
تىنىمسىز تۆكۈلۈپ تۇرۇلىدىغان پاسكىنا يۇندا، كۈنىگە
سويۇلۇپ تۇرۇلىدىغان قوي - ئۆچكىلەرنىڭ قان، ژىنلىرىنىڭ
پۇراقلىرى، قەۋەت - قەۋەت دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئەخلەت - چاۋا،
تورۇندى كۆل ۋە ئات تېزەكلىرى، بۇلارغا قوشۇلۇپ، ھەددى-
ھېسابسىز كۆپەيگەن ۋە تىنىمسىز گىژىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن
چىۋىنلارنىڭ ئاۋارىچىلىقى، تەپسىنى بوغقۇچى تىنجىق...
قىسقىسى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن شەھەر قېلىن بىر قەۋەت
نىجاسەت ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئازگاللىققا ئوخشاش
تولىمۇ كۆڭۈلسىز بولۇپ كەتكەنىدى. شەھەر ئىچىدە يېشىلچى-
لىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. مۇھاسىرە باشلانغاندىن تارتىپ،
يەككە - يېگانە كونا مازارلىقتەك بولۇپ ئادەتتىن تاشقىرى

يېتىلمىشىپ قالغان شەھەر ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى كۈنلەردە پېرىلاردىن ۋە ئۆزىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى باغ، ئېتىزلىقلاردىن ئەكىرىپ تۇرۇلىدىغان بەرىكەتلىك يازنىڭ ھەرقانداق تازۇ تېپىمىتىدىن بىر يولى مەھرۇم بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، سودا - سېتىق توختاپ كەتكەن، دۇكمازىنىڭ قاۋاقخانىسىلا ئوچۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەتىدىن كەچكىچە كۈچلۈك كۆيدۈرگۈ ھاراق سېتىلىپ تۇراتتى. شۇ كۈنلەردە، 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى دۇكمازىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا چۆيقەتلىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ئەسكەرلەر بىلەن ساقچىلاردا بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئۈمىدسىزلىك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈككە ۋاقىتىنچە بولسىمۇ خاتىمە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا يات - يات ھاراق ئىچۈرەتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار كۈنتىگە بىر قانچە كومزەكتىن ھاراق سېتىۋېلىپ تۇراتتى. ئاندىن قالسا، دۇكمازىنىڭ چۆيقەتلىرى باي، ئاقسۇ كونىشەھەر، ئاۋات ناھىيىلىرىدىن بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەن مەنسەپدارلار بىلەن بەگ، بازار باشلىقلىرى ئىدى. ئۇلار ھەربىر قېتىم قاتتىق غەم - ئەندىشە قىلىپ، شەھەرگە قامىلىپ يېتىۋېرىشنىڭ ئېغىر ئىچ پۇشۇقىنى تارتقان چاغدا، قاۋاقخانىغا كېلىپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ، مەست بولغۇچە ھاراق ئىچەتتى. ئاقسۇنىڭ قىزىل قوناق، چۈجگۈن ۋە سۆپۈرگە قوناقلىرىنى مۇھاسىرىدىن ئاۋۋال كۆپلەپ يىغىۋېلىپ، تاغدەك ئېگىز بېسىۋالغان دۇكمازى ھەر كۈنى ھاراق ياساپ، ھەر ۋاقىت ئۇنى تۆكمۈتۈپ قويماي ساتاتتى.

شەھەر ئىچىدىكى بىرنەچچە گۆرۈكەشنىڭ ئۆيلىرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئەڭكى يېقىنىدا ئىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى



ئاڭلاپ باشلىنىپ قالسا، بۇ قېرى ئەر - ئايال گۆرۈكەشلەر ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇشتا ئامالسىز قېلىپ، چوڭقۇر ئەنسىزلىك ئىچىدە دۇكان ئالدىلىرىغا چىقىشاتتى - دە، گويا سۈرەتتىكىدەك قىمىر قىلماي، كۆزلىرىنى ئالدىلىرىدىكى قاتراڭ يەرگە تىكىپ، ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلار مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئايىتوماتلىرىدىن كۈچلۈك سادا بېرىپ چاڭىلداپ ئېتىلغان ئوقلارنىڭ تۈن قاراڭغۇسىغا پۈركەنگەن شەھەر ئاسمىنىغا تۈز قىزىل سىزىق تارتىپ، بىر يولى جەنۇبتىن شىمالغا، بىر يولى شەرقتىن غەربكە ئۆتۈۋاتقانلىقىغا ئەندىشە بىلەن نەزەر تاشلايتتى...

گۆرۈكەشلەر جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ غەلىبىسىگە ئۆزلىرىنى مەنپەئەتدار ھېسابلىمايتتى. شۇڭا، ئۇلار شەھەر تېشىدىن بولىدىغان ھەر بىر ھۇجۇمغا يېڭىدىن - يېڭى غەم - ئەندىشە بىلەن نەزەر - ئېتىبارىنى ئاغدۇراتتى. بۇ ئەر - خوتۇن گۆرۈكەشلەر شۇ يوسۇندا كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىشتىھا بىلەن غىزا - تاماق يېگۈسى كەلمەيتتى، يېگەن - ئىچكەن ھالەتتىمۇ يېگەنلىرى چىرايىغا چىقمايتتى.

گۆرۈكەشلەر شۇ تاپتا ئۆز تەقدىرلىرىنىڭ نېمە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئارتۇقچە غەم - قايغۇرمۇ قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرى، ئەلەم ۋە ھەسرىتى كۆپىرەك بالىلىرىنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشكەن. 5 - ئاتلىقلار پولكىغا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەن ئوغۇللىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئالدىنئالا كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرۈپ، ۋەھىمە ئىچىدە ياشايتتى.

ھەر قېتىم ئوت ئېچىلغاندا، ئۇلار بالىلىرىنىڭ يارىدار بولۇپ، ھەرىمى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان - بېرىلمىگان-

لىقىنى بىلمەش ئۈچۈن كىزنىكە بىرقانچە تۆۋەت خەنزۇ - خۇيزۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ كېلەتتى. ئەگەر، ئۇلارنىڭ بالىلىرى يارىدار بولماي، بىراقلا ئۆلۈپ، سېپىل تۈۋىنگە كۆمۈۋېتىلگەن بولسىچۇ؟ بۇ كۆرۈكەشلەر ئۈچۈن ئۆلچىگۈسىز ئېغىر ئەلەم ئىدى. ۋاقتىنچ مۇسىبەتلىك مىنۇتلارنى كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلغان كۆرۈكەش مىس باشلىق بىر چى ئۇزۇنلۇقتىكى غاگزىسىنى كىرخالتىسىغا ياتۇرۇپ، زورلىنىپ تۇتاشتۇرۇپ، كۆك، ئاچچىق مەخۇركىسىنى چېكىشكە باشلايتتى...

ئاقسۇ يېڭىشەھەرنىڭ مۇھاسىرە ۋاقتىدىكى ئەھۋالى قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەنە شۇنداق ئىدى. ئەمما شەھەر ئىچى شۇ كۈنلەردە بەئەينى جەننەت مىسالىدا گۈزەل بولۇپ، سېخىي يازنىڭ يەر - زېمىنغا ئاتا قىلغان مېھىر - شەپقىتى بىلەن يېشىلچىلىققا پۈركىنىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا، 9 - ئاينىڭ ئالدىنقى كۈنلىرىگىچە پىشىپ يېتىلىدىغان مېۋە - چېۋىلەر ئالتۇندەك سارغىيىپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چوقچىيىپ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يوپۇرماقلىرىغا پۈركەنگەن سايۋا ئۈزۈملەر پىشىپ يېتىلىپ، ئاللىقاچان مەي باغلاپ بولغان ئىدى، نەشپۈت، ئامۇتلار غۇجمەك - غۇجمەك ساڭگىلاپ، ئۆز شاخلىرىنى تۆۋەنگە ئېگىپ تۇراتتى. چىلان، ئانارلارمۇ بەس - بەس بىلەن قىزىرىپ، كىشىنى جەلپ قىلارلىق ھالدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. يېڭىشەھەر بازىرىنى غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلەردىن قورشاپ، ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە ئېقىپ ئۆتىدىغان دولان دەرياسى شۇ كۈنلەردە يەنە ئاپتاپ نۇرىدا كەڭ ئاق لېنتىدەك پارقىراپ، سۇسىزلىقتىن چۆلدەرەپ كەتكەن شەھەر ئىچى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى.

ئاسۇق مەھەللىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى 5 - ئاتلىقلار



پولكىغا ياندىش كەڭ بىر پارچە يەر قوغۇنلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ چۆنەك ۋە ئېتەكلىرىدە ناۋات تەم پوستىپىياز، قاراكۆسەي، بەشەكشىرنىلەر ئۆزلىرىنىڭ پىشىپ سارغىيىپ، خازان بولۇش مەزگىلىگە كىرىپ قالغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، پىلەكلەر ئارىسىدىن سىرتقا چىقىپ تۇراتتى. يېڭىبازار ئاھالىسىنىڭ بەزىلىرى بۇ يىل تام ئارقىلىرىغا قوغۇن، تاۋۇز ۋە بەزىلىرى بەسەي، تۇرۇپ، سەۋزىلەر ئارىسىغا بولسا كىرىشتۈرۈپ كاۋا تېرىغانىدى. ئۇلار ھازىر ئۈزۈۋالىدىغان ياكى پاساك قىلىپ يىغىۋالىدىغانغا كىشى يوق. قۇرۇپ كەتكەن پىلەكلىرىدىن ئاجراپ، ساي تېشىدەك ساپسېرىق دومىلاپ ياتاتتى. بىراق سېپىل سىرتىدىكى كۆكتاتلىق، قوغۇن - تاۋۇزلۇقلارنى تەكشى ئوت - چۆپمۇ بېسىپ كەتكەن ئىدى. ئاقسۇدا ئۇرۇش پارتلاپ ياشلار مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ قاتناشقان، قېرىلار ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ، كونىشەھەرگە ياكى يىراق يېزىلاردىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭكىگە باشپاناھ ئىزدەپ قېچىپ كەتكەندىن بېرى ئۇلار سۇغىرىشسىز، پەرۋىشسىز قالغانىدى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سېپىل ئۈستىدىن يازنىڭ بۇ تۈرلۈك - تۈمەن نازۇ نېمەتلىرىنى كۆرۈپ، ئەمما ئېغىز تەگكۈزۈپ يېيەلمەيۋاتقانلىقىدىن ھەر قېتىم ھەسرەتلەنگەن چاغدا، ئاچكۆزلۈكى تۇتۇپ ۋە مەن يېيەلمىگەننى باشقىلارمۇ يېيەلمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، ئۇلارنى يىراقتىن ئوققا تۇتۇپ بىھۇدە زايا قىلىپ تۇراتتى. گومىنداڭنىڭ ئەسكەر ۋە ساقچىلىرى ئۆتكەن يىللارنىڭ دەل مۇشۇ كۈنلىرىدە باغلارغا، قوغۇن - تاۋۇزلۇقلار ئىچىگە ئۈششۈقلۇق بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ، مېۋە - چېۋە، ئۈزۈم ۋە قوغۇن - تاۋۇزلارنى خالىغانچە ئۈزۈپ يەپ تۇرغانىدى. ئۇلار بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى، دەرەخلەرنى سۇندۇرۇپ، پىلەكلەرنى چەيلەپ، بىشەملىك بىلەن

تالان - تاراج قىلاتتى. بۇ يىل ئۇلار سېپىل ئىچىگە قامىلىپ، مۇنداق زومىگەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئۇلار 20 كۈندىن بىرى مىلىسىز چۆلدەرەپ كەتكەن جايدا، سىپىقچىلىق بىلەن تولۇپ تاشقان ئەنە شۇ كىچىككىنە شەھەردە بۇلۇقتۇرما بولۇپ قېلىپ، ئەلەم چېكىشۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھۆل مېۋىلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يېگۈسى، باغلارغا، كۆكتاتلىقلارغا، قوغۇن - تاۋۇزلۇقلارغا بېسىپ كىرىپ تالان - تاراج قىلغۇسى كېلەتتى، بىراق بۇ ئەمدى دۈشمەنلەرگە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان شېرىن خىيال بولۇپ قالغانىدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىلغان مىنامىيوت ئوقى سېپىلنىڭ قايسىبىر يېرىگە ئۆلۈم خەۋەرچىسىدەك غارىلداپ تېگىپ، دەھشەتلىك پارتلايتتى - دە، ئۇلار يەنە سىرتتىن كۆزنى يۇمۇپ، پوتەي ئىچىگە كىرىۋالاتتى. ئاندىن ئۇلار يەنە ئۆلۈم قايغۇسى ئىچىگە غەرق بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن مەھرۇم بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا باشلايتتى.

## يەنىلا سېپىل تۇسالغۇ بولماقتا

كۈنلەر ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ مۇھاسىرىدە تۇرغان ۋاقتى ئۇزارغانچە، دۈشمەنلەردە ئۆز كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قاراش شۇنچە ئاجىزلىشىپ بارماقتا ئىدى. سېپىل ئۈستىنى تېخىمۇ قاتتىق روھىي چۈشكۈنلۈك قاپلاپ كەتتى. بولۇپمۇ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى قىيىر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشتىن ئاۋۋال، ئەر-



كىنلىك جەڭچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشقا سېلىش ئۈچۈن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنغان يەرلىك دېھقان ياشلىرىدا بۇ كەيپىيات تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتەتتى. ئۇلار خەلقنى زۇلۇم ئىسكەن-جىسىدىن ئازاد قىلىش يولىدا كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە دۈشمەنلىك ئوقى ئېتىشنى ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئۆزلىرىنى ئازادلىققا تەشنا ئومۇمىي ئاقسۇ ئاھالىسى بىلەن قارىمۇ قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايتتى. يېقىنقى بىر ئاخشامدا، شۇنداق ياشلاردىن بىرنەچ-چىسى ئۆزلىرىدە جۇشقۇنلاۋاتقان ۋىجدان بۇيرۇقى ۋە ئەقىل-ئىدراك تۇيغۇسىنىڭ جەڭگىۋار تۈرتكىسى بىلەن، كېچىدىكى تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ شەھەر تېشىغا قېچىپ كەتتى. بۇ ياخشى باشلىنىش ئىدى. شۇندىن كېيىن يەنە بىرنەچچە تۇتقۇن ئەسكەر سېپىلدىن ئەپچىللىك بىلەن سىيرىلىپ، قوراللىق يۇرتداشلىرى ئىچىگە — مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى سېپىگە ساق - سالامەت ئۆتۈۋالدى. ئاندىن ئۇلار ئاخشىمى تىل ئۇرۇشى باشلانغاندا، بىرىنچىلەردىن بولۇپ، يار ئاۋازى بىلەن توۋلاپ، سېپىل ئۈستىدىكى كونا ھەمراھلىرىنى قېچىپ چۈشۈشكە دەۋەت قىلىپ تۇردى. بۇنداق قىلىشنىڭ رولى چوڭ ئىدى. 5 - ئاتلىق-لار پولكى ئىچىدىكى باشقا ئەسكەرلەرمۇ تونۇش ئاۋازلاردىن ئۇلارنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىدا ئەركىنلىك جەڭچىسىگە خاس قەدىر — قىممەت بىلەن تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۆزلىرى-نىڭمۇ خۇددى شۇلارغا ئوخشاش ئىش كۆرۈشى لازىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھېس قىلىپ قالاتتى. بىراق، كېيىنچە دۈشمەنلەر قېچىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھىيلە — مىكىر ئىشلىتىش يولىغا ئۆتۈپ، ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىكرەك ئەسكەر-لەرنى ئىشپىيونلۇققا تارتىپ، بىرىنى يەنە بىرىگە كۆز - قۇلاق قىلىپ قويدى. سېپىلدىن ماھىرلىق بىلەن شەپە چىقماي سىيرى-

لىش جىددىي ھايات ـ ماماتلىق جەريانىنى تەلەپ قىلغىنىدەك، بۇ كەسكىن پائالىيەت يەنە ئۆزى بىلەن بىر يەردە تۇرغان بىر ياكى بىرقانچە ئەسكەرنىڭ كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيە سېپىگە ئامان ـ ئېسەن قېچىپ بېرىۋېلىشىنى خاتىرجەم شارائىت بىلەن تەمىنلەپ بېرىشىگىمۇ موھتاج ئىدى. ئەگەر ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، سېپىلدىن سىيرىلىۋاتقان ياكى بولمىغاندا پەستە قېچىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا قاچقۇچىغا يېنىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ ئوق چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلۇشكۈن كېچە قارىڭغالىق ئادىل بىلەن جاملىق قادىر قېچىش پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇلغان ئىشپىيون ئەسكەر پاش قىلىپ قويۇپ، بۇ ئىككى ياشنىڭ رەھىمسىزلەرچە توغرىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئىككىنچى كېچىسى ئېگەرچىلىك يىگى ئەسكەر ھاكىم قاچقانىدى. ئۇنىڭ بىلەن سېپىل ئۈستىدە بىللە تۇرغان سەممىي نىيەتلىك ئىككى ھەمراھى ئىلى بىلەن ھۆسەن ئۇنىڭ قېچىپ كېتەلىشىگە سۈكۈت قىلىپ بەرگەنلىك گۇناھى بىلەن جازاغا تارتىلىپ، ھەربىي جاللاتلار تەرىپىدىن چېپىپ تاشلاندى. مۇھاسىرە ئىچىدە نىمجان بولۇپ تۇرۇۋېرىش گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تۈنجۇقۇش ئەھۋالىغا كەلتۈرۈپ قويغىنىدەك، شەھەر ئىچىگە شانۇشەۋكەت بىلەن بۆسۈپ كىرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئامالىنى تاپالماسلىقمۇ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدە زېرىكىش ۋە بۇلۇقتۇرمىلىقنى كۈچەيتىپ قويىدى. ئۇلار ھەرقاچان شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ھەربىي ۋە ساقچى ئاپپاراتلىرىنى ئاخىرقى قېتىم غەلىبىلىك پارتلىتىپ تاشلاش مىنۇتلىرىنىڭ تېز يېتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. بۇ ھەل قىلغۇچ يۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇ-



رۇشتا جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىغا كەمچىل بولۇپ تۇرغان قورال — چوڭ كالىبىرلىق دالا زەمبىرىكى ئىدى. ئەگەر بۇ قورال بولغان بولسا، ئاقسۇ سېپىلى ئاللىقاچان بۆسۈپ تاشلىنىپ، جەڭچىلەر 5 ـ ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن ئىبارەت بۇ گېزەندىلەر ئۇۋىسىنى پاچاقلىۋەتكەن ۋە بۇ ئىككى جاينى سەلتەنەت بىلەن قولىغا كىرگۈزۈپ بولغان بولاتتى. ئاخىر، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋلار مەسلىھەتلىشىشلەردىن كېيىن، جەڭچىلەرنى مىلتىق دورىسى ۋە قول بومبىلىرىنى دۆۋىلەپ پارتلىتىش ئۇسۇلى بىلەن سېپىلدىن تۆشۈك ئېچىش تەييارلىقىنى ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلدى. بۇ ئىش ئۈچۈن تاللانغان جەڭچىلەردىن 30 كىشىلىك پارتلىتىش ئالاھىدە ۋىزۋوتى تەشكىل قىلىندى. ئۇلار كېچىسى ئاي قاراڭغۇسىدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى تاشقىرىقى بازار دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ يېقىنىدىكى سالاخۇن ئۆستەڭنىڭ ئاشخانىسى ئىچىدىن سېپىل تۈۋىگە كەلدى. يەنە بىر بۆلىكى دەرۋازىنىڭ سول يېقىنىغا ئۆتۈپ، سېپىلنى پارتلاتماقچى بولدى. ئۇلارمۇ 1 ـ بۆلەكتىكى جەڭچىلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ شۇ يەردىكى چايخانىسى ۋە پوچتىخانا ئىچىدىن يوشۇرۇنۇپ مېڭىپ سېپىلغا يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا، كۆكە ئوقچى باتالىيونى سېپىل ئۈستىدىن باش كۆتۈرگەن دۈشمەنلەرنى ئېتىپ، پارتلاتقۇچى ئەزۋوتنى دۈشمەنلەرنىڭ ئوقىقا تۇتۇشىدىن قوغداپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش كاشىلىغا يولۇقماي بىخەتەر تېز ئېلىپ بېرىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئەزۋوت چەبدەس ھەرىكەت قىلىپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىنىدىن كىچىكرەك تونۇر چوڭلۇقىدا ئىككى دانە ئۆڭكۈر قېزىپ چىقتى. ئاندىن ھەر بىرىگە ئون جىڭدىن مىلتىق دورىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە 15 دانىدىن

قول بومبىسى قويۇپ بىرلا ۋاقىتتا پارتلاتتى. سېپىل تەۋرەپ كەتتى، كۈچلۈك گۈمبۈرلەش ئاۋازى كېچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ يېزىلارغىچە يېتىپ باردى. كونىشەھەرگە ئاڭلىنىپ، تۈن يېرىمىدا شېرىن ئۇيقۇغا چۆككەن خەلقلەرنى ئويغىتىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى. يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىنى مىسلىسىز ئالاقزادىلىك قاپلىدى، بولۇپمۇ 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىردەم دەھشەتلىك پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قالدى. شەھەر ئىچىدىكى كوچىلاردا كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر يۈرەكزادە بولۇپ قېچىپ، پوتەيلەر ئىچىگە كىرىۋالدى، لەخمىلەرگە ئۆزلىرىنى تاشلاپ مۈكۈنۈپ ياتتى، دەرۋازىلاردا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ھودۇقۇپ كېتىپ نىشانسىز ئوق ئېتىشقىچە بېرىپ يەتتى.

بۇ چاغدا، جاۋ خەنچى ئۇخلاۋاتقانىدى. گۈمبۈرلەش كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ، ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈردى. ئۇ ياتىقىدىن ئەمدىلا چىققانىدى، پارتلاش ۋەقەسىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان كانىۋېينى باستۇرۇپ كېلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۆلۈم قورقۇنچىسى ئىچىدە ئېتىپ تاشلىدى. جاۋ خەنچى كېيىن تاشقىرىقى بازار دەرۋازىسى تەرەپتە قوغداشقا مەسئۇل قىلىنغان روتا كوماندىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى بىخۇدلۇقتا ئەيىبلىدى. بارلىق دەرد - ئەلىمىنى شۇ بىر كىشىدىن چىقىرىۋالسا بولىدىغاندەك، قانخور ئەلپازى بىلەن تاپانچا تەڭلەپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشەنچلىك يانتايىقىنى ئېتىپ تاشلاشقا قىل قالدى.

سوقما تام شەكلىدە چىڭداپ سوقۇلغان ئاقسۇ سېپىلى قېلىن بولۇپ، ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى. مىلتىق دورىسى ۋە قول بومبىلىرى بىلەن پارتلىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئاددىي ئوپېراتسىيە چارىسى ئەمەلىي ئۈنۈم بەرمىدى. سېپىل بۆسۈلۈپ چۈشمە



دى، شەھەر ئىچىگە ئادەم ئۆتەلىگۈدەك تۆشۈك ئېچىلمىدى. ئاخىر بۇ يەنە جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى شتابىدا باش قېتىمچىلىقنى پەيدا قىلىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سىياخۇن سوۋۇرۇۋۇلارنى تېزرەك باشقا چارە - ئاماللارنى ئىزدەشكە ئېلىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا، شەھەرگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ كېچىكىۋاتقانلىقىدىن جەڭچىلەرلا ئەمەس، بولۇپمۇ پارتلىتىش نەتىجە بەرمىگەندىن كېيىن خەلقنىڭ كەڭ قاتلىمىمۇ كۈچلۈك تىت - تىت بولۇپ قالغانىدى. مۇنداق كىشىلەردىن بىرى ئابرويلۇق سەيپۇڭ غۇلامجان ئىدى. ئۇ شەھەرگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئامالى سۈپىتىدە يېڭى بىر خىل چارىنى ئويلاپ يۈرەتتى. غۇلامجان ئۆز چارىسىنى پولك رەھبەرلىرىگە تېزرەك ئېيتىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا بىتاقەت بولۇپ، بۈگۈن ئەتىگەندىلا شتابقا كەلدى. سىياسىي كومىسسارلار بىلەن پولك كوماندىرى بۇ ئوچۇق چىراي ھۈنەرۋەننى خۇش مۇئامىلە بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭ تەكلىپ - مەسلىھەتلىرىنى قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدى.

غۇلامجان ئاقسۇغا كېلىشتىن ئاۋۋال خوتەندە تۇرغانىدى. ئۇ ئۆزبېك بولۇپ، ئۆزبېك تەلەپپۇزىنى ئۇيغۇر تەلەپپۇزى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى - كۆكسىدە مىللىي ئارمىيىگە نىسبەتەن چوڭقۇر غەمخورلۇق، ۋاپادارلىق ۋە سەمىمىيلىك قايناپ تېشىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ گېپىم ئاشكارا، يوشۇرۇپ قالىدىغان نەرسەم يوق، — دېدى ئۇ شتابقا كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى سۆزلەشكە باشلاپ، — سىلەر باتۇرلۇق، پەم - پاراسەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننى سېپىل ئىچىگە قامىۋەتكەن، باشقا يەنە زور - زور ئىشلارنى قىلغان بولساڭلارمۇ، لېكىن سىلەر بەربىر مېنىڭدىن كىچىك، ماڭا قارىغاندا ياش. شۇڭا بۇ يەرگە كۆڭلۈمگە پۈككىنىمنى ئېيتىۋېرەي دەپ كەلدىم.

— ئاكا، ھەرقانداق گەپ-سۆزىڭىز بولسا، تارتىنماي ھەممىسىنى ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى كەمتەرلىك ۋە ئۆزرىخاھلىق بىلەن، — ئۆزىمىزمۇ پاراڭغا ئامراق، ئەگەر ھازىرغىچە ئەنە شۇ كىچىككىنە شەھەرنى ئىشغال قىلالمايۋاتقانلىقىمىز ھەققىدە دەيدىغانلىرىڭىز ياكى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن قىلماقچى بولغان باشقا شىكايەتلىرىڭىز بولسىمۇ، ئۇلارنى قولاق سېلىپ ئاڭلاشقا بىز تەييار. قېنى، گەپ-سۆزىڭىزنى بىمالال ئېيتىۋېرىڭ، ھەتتا تىللىۋېلىش ئويىدا بولسىڭىزمۇ مەيلى.

— سىزلەرگە تارتىنماي سۆزلەشكە تىلىم بارسىمۇ، تىللاشقا تىلىم بارمايدۇ، — دېدى ھۆنەرۋەن چاقچاق ئاھاڭى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھەر كاللىدا بىر خىيال، مىڭ كاللىدا مىڭ خىيال دېگەندەك، ئۆز كۆڭلۈمدىن كەچكەن مەسلىھەتىمنى بېرىپ باقاي دېۋاتىمەن.

— يېڭىراقتا بىز، سىزگە ئوخشاش كۈيىنى كۆرگەن تەجرىبىلىك پېشقەدەملەرنى شتابقا تەكلىپ قىلىپ، سېپىلدىن بۆسۈپ ئۆتۈشنىڭ ئوبدانراق چارە-ئاماللىرى ئۈستىدە پىكىرلىشىپ باقايلى، دەپ تۇراتتۇق. ئۆزىڭىزنىڭ بۇنى بىلگەندەك كەلگىنىڭىز تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سەمىمىيلىك بىلەن.

— مەن كىيىم تىككۈچى ھۆنەرۋەن، — دېدى غۇلامجان ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — كىگىزدىن كىيىم كىيىپ بېرىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ باقسىڭىز دەيمەن. كىگىز كىيىمنى مەن ئۆزۈم تىكىمەن.

بۇ مەسلىھەت ئېيتىلىش بىلەنلا پولات رەھبەرلەرنىڭ ئوي-پىكىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلار ئۈمىدۋارلىققا تولۇپ، ھۆنەرۋەننىڭ ئاغزىغا قايتا تىكىلىپ قارىدى. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ سۆزنى بۆلۈپ:



— ئۇزايىدىن قارىغاندا، مەسلىھەتىڭىز ياخشى، خېلى ئوتاملىقتەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

— سىزلەرمۇ بىلسىڭىزلار كېرەك، — دېدى غۇلامجان چۈشەندۈرۈپ، — كىگىزگە ئاسانلىقچە ئوت ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخى مۇنداق كىيىمنى سۇغا چىلاپ ھۆلدىۋالسىمىز. ئۇ چاغدا ئۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئوقياسىمۇ ئېشەلمەيدىغان قالقان بولۇپ چىقىدۇ.

— بۇ ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ياخشى مەسلىھەت، ئىنتايىن قىممەتلىك پىكىر ئىكەن، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى ھاياجان بىلەن ماقۇل بولۇپ.

— خەلق ئىچىدە، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — ئەقىل-ئىدراك ئىگىلىرى، دانىشمەنلەرچە پىكىر قىلىدىغان كىشىلەر ئاز ئەمەس. بىراق بىزدىكى بىرلا كەمچىلىك، بۇكەمگىچە ئۇلاردىن مەسلىھەت ئېلىپ پايدىلىنىشنى بىلمىدۇق.

— ئەگەر، — دېدى غۇلامجان سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — بۇ كىيىمنى تەمبەل، كۈچتۈڭگۈر ئادەم كىيىدىغان بولسا، كىگىزنى ئىككى قەۋەت قىلىپ تىككەنمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ بۆكىمۇ كىگىزدىن قىلىنىدۇ. بۇ كىيىمنى بىر ئۆزۈم يالغۇز تىكىپ چاپسانلا پۈتكۈزىمەن، ئوت قويۇش ۋاقتى كېچىكمەيدۇ.

— كېيىش ۋاقتىدا، كىروي، تەمبەل جەڭچىلەرنىڭ بىرىگە ئۆلچەك، — دېدى سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ، — مەن مۇنداق جەڭچىنى ھازىرلا چاقىرىپ كېلىپ سىزگە قوشۇپ قوياي.

— ئۇنداق قىلىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق، — دېدى غۇلامجان قەتئىي قىلىپ، — بۇ كىيىمنى ئۆزۈمگە ئۆلچەپ تىكىپ، ئۆزۈم كىيىپ، ئوتنىمۇ ئۆزۈم قويىمەن. شۇنداق قىلمىغۇچە بۇخانىم پېشىلمەيدۇ.

پولك رەھبەرلىرى سەيپۇڭنىڭ ئىرادىسىگە ئۈستى-ئۈستىلەپ قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ تەقى-تۇرقىغا يېڭىباشتىن قارىدى. غۇلامجان ئوتتۇرا بوي بولۇپ، ساغلام بەدەن، خېلى تەمبەل كۆرۈنەتتى. يېشى 47-48 ياشلار چامىسىدا ئىدى. قويۇق بۇرۇتى ئىككى تەرەپكە شاپ تارتىپ، ساقىلى پۈتۈن ئېڭىكىنى قاپلاپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، تېخىچە ئاق دىدارىدىن خالىي ئىدى. رەڭگىرويىنى مەغرۇرلۇق ئىگىلەپ، ئۇنىڭ بۇ خەتەرلىك ئىشنى ئورۇنداشقا ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ يۈكسەك روھىڭىز ۋە ئالىيجاناب غەيرىتىڭىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ھۈنەرۋەتنىڭ كىگىز كىيىم تىكىپ بەرگەنىدىن تاشقىرى دەرۋازىغا ئوت قويۇشنىمۇ ئۆزى ھۆددىلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەممىيلىك بىلەن رەت قىلىپ، — سىزنىڭ ئۆز قىزغىنلىقىڭىز بىلەن پولك شتابىمىزغا كېلىپ بۇ قىممەتلىك مەسلىھەتنى بەرگەنلىكىڭىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىگىز كىيىمنى چاپادىن قاچىماي ئۆز قولىڭىز بىلەن تىكىپ، بىزگە تەقدىم قىلماقچى بولغانلىقىڭىز ھەرقانداق ياردەم، غەمخورلۇقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ. دەرۋازىغا ئوت قويۇشنى پولك جەڭچىلىرىدىن بىرىگە تاپشۇرماقچىمىز. بۇ ئىشنى بىزگە قالدۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

— ئېغىزىدا مەسلىھەت بېرىپ قويۇش ماڭا ئوخشاش ئاددىي بىر كاسىپ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئەگەر مەن ئۆزۈم ئوت قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن بولسام، مەسلىھەت بېرىش، قۇرۇق گەپ-سۆز قىلىش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كېلىپ، سىزلەرنىڭ ۋاقتىڭىزلارنى ئېلىپ يۈرمەيتتىم.

غۇلامجان ئۆز تەلىپىدە قەتئىي ئىدى. ئۇ ئۆلۈمدىن قورقماس ئىرادىسىنى سۆزىنىڭ كەسكىنلىكى بىلەنلا ئەمەس،



سۆھبەت ئۈستىدىكى جۇشقۇن ھەرىكىتى ۋە قىياپىتىدىن ئەكس ئېتىپ تۇرغان سەممىي پوزىتسىيىسى بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. پولك رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا يەكدىللىك بىلەن ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلىڭ، ئوتنىمۇ سىز قويۇڭ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ.

— ئۆيۈمدە يەنە كىيىم تىكىشكە بۆلىدىغان قېلىن ناماتەمەن كىگىز بار، — دېدى سەيپۇڭ. — ئۇنى بۈگۈن قولدا پۈتتۈرىمەن، ئوتنى كېچىدە قويسامىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن. سىزلەرچە قانداق؟ رامزان ئېيىنىڭ كىرگىنىگە بۈگۈن توپتوغرا 12 كۈن بولدى، بۇ ئىش كېچىكىپ قالسا، ئەپسىز بولۇپ قالىدۇ. ئاي تولۇنلاپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى يوقايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— مەسلىھىتىڭىز توغرا، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى، — دەرۋازىغا تۈن قاراڭغۇسى ۋاقتىدا ئوت ياقايلى. مۇمكىن بولسا، بۇ ئىشنى بۈگۈن كېچە ئورۇندايلى، يەنە كېچىكسەك بولمىغۇدەك.

— كىيىمنى تىكىشكە ئاتىچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. ئۇنى بۈگۈن پۈتتۈرىمەن، ئوتنىمۇ بۈگۈن كېچە ياقىمەن. ئەڭ ئاخىرقى مەسلىھىتىمىز ئەنە شۇنداق بولسۇن، — دېدى غۇلامجان.

— كىگىزنى مۇشۇ يەردە تىكىڭ، شتاب ئىچى كەڭتاشا، — مەسلىھەت بەردى سوپاخۇن سوۋۇروۋ.

— دېمىسىڭىزلەرمۇ مۇشۇ يەردە تىكىمەن، — دېدى سەيپۇڭ، — تېخى ئۆزۈمنى جەڭچىلىككە ئېلىشىڭىزلارنى تەلەپ قىلماقچىدىم. ئوبدان بىر كىشىلىك ئورۇش قىلىپ بېرەلەيمەن.

— بولىدۇ، جەڭچىلىككە ئالايلى، بىزگە سىزگە ئوخشاش مەسلىھەتچى جەڭچى، سەيپۇڭ جەڭچىلەرمۇ كېرەك. ئۇ چاغدا سىز شتابىمىزدا تۇرىدىغان بولىسىز، — ماقۇللۇق بىلدۈردى پولك كوماندىرى.

— ئۆيىڭىزدە بالا - چاقىلىرىڭىز بارمۇ؟ — سورىدى قاسىمجان قەمبىرى.

— بار، ئەمما ھازىر ئاقسۇدا ئەمەس، ئاۋاتتىكى غوروچۆلدە، — جاۋاب بەردى سەيپۇك. — گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى ئىنىمنى لۈتپۇللا مۇتەللىپ، مۇتەرىدىن خوجىلار بىلەن بىللە قاماققا ئالغاندىن كېيىن، ماڭىمۇ چاتاق سالمىسۇن دەپ، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غوروچۆل دېگەن يېرىگە بالا - چاقىلىرىمنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدىم. ئۇ يەردىن تەكلىماكان ئارقىلىق ئەسلى يۇرتۇم خوتەنگە بېرىۋالغىلى بولاتتى. كېيىنچە، قورقۇپ قېچىپ يۈرۈۋېرىشتىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۆلۈشكۈن ئۆزۈم يالغۇز ئاقسۇغا قايتىپ كەلدىم. «نەگىلا بارسا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەندەك، ھەممە يەردە گومىنداڭ! غوروچۆلدىمۇ ئۇلارنىڭ ساقچى بۆلۈمچىسى بولۇپ، كالالىكېسەرلىرى بار ئىكەن. سىزلەر ئاقسۇغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار شۇ كىچىككىنە چەت يېزىدىن بەش نەپەر يارامىلىق ياشنى قولغا ئېلىپ قاماقخانىغا تاشلىدى.

— بۇ گەپنى ئوبدان دېدىڭىز، شۇ ياشلارنى قۇتقۇلدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن غوروچۆلگە دەرھال جەڭچىلەر ئەۋەتەيلى! — ۋەدە تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلىدى سىپاخۇن سوۋۇروۋ.

— مۇنداق قىلساڭىزلارغۇ ناھايىتى ياخشى بولاتتى، بىراق قامالغان ياشلار ھازىر ئۇ يەردە ئەمەستەك. گومىنداڭ ئۇلارنى قولغا ئالغان كېچىسىلا ئاقسۇغا يۆتكەپ كېلىپ، بۇ يەردىكى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىغا سولاپتۇ. ئۇلار ھازىر ئىنىم بىلەن بىر زىنداندامىشتەك.

— ئىنىڭىز كىم ئىدى؟ — سورىدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ.

— ئىنىم بىلال ئەزىزى. مەن ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بولىمەن. ئاتامىمۇ قاماقتا ياتقان. ئۇنى جاللات شېڭ شىسەي



خوتەندىن قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

پولك رەھبەرلىرىگە ئەمدى ھەممە نەرسە چۈشىنىشلىك بولۇپ كەتتى. غۇلامجاندىكى ئۆلۈمدىن قورقماي شەھەر دەرۋازىسىغا كۆكرەك كېرىپ بېرىپ ئوت قويۇشنى ھۆددىلىگىچە بولغان غەيرەت ئۇنىڭ قەلبىدە ئىنتىقام ئوتىنىڭ كۆيۈپ لاۋۇلداۋېتىشىدىن، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە بولغان چەكسىز كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەتتىن تۇغۇلۇپ چىققانلىقى ئېنىق ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ھۈنەرۋەننىڭ قولىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن:

— بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشقا سىزگە ئوخشاش پەم - پاراسەتلىك، ئەر يۈرەك كىشىلەر كېرەك، — دېدى.

غۇلامجان ئۆيىدىن كىگىز، تورمۇز ۋە باشقا لازىم نەرسىلەرنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىۋېتىپ:

— كىگىز كىيىمنى بۈگۈن كەچكە قالماي يەتكۈزىمەن. ئوت قويۇش ۋاقتىنى بۈگۈن كېچە ئاينىڭ ئولتۇرۇشىغا قاراپ بەلگىلەيلى! — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى قويۇپ بەرمەي، — كىگىزنى ئۆيىڭىزدىن ئەكىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، بىزنىڭ ئۆزىمىزدىمۇ قېلىن، يېڭى كىگىزلەر بار. تورمۇزنىمۇ بىز تېپىپ بېرەيلى. سىز ھازىردىن تارتىپلا شتابىمىزدا قېلىڭ!

غۇلامجان قايتىدىن ئولتۇردى. پولك رەھبەرلىرى داستىخان سېلىپ، قەدىرلىك مېھماننى ئەتكەنچاي، تىلقا ھەسلى، تېكەسىنىڭ سېرىق مېيى ۋە شتاب ئىچىدىكى تونۇردىن يېڭى سويۇۋېلىنغان ئىسسىق گىردە نان بىلەن كۈتۈۋالدى. پولك خوجىدارى شۇندىن كېيىن يەنە ئۈستەلگە يوغان بىر لېگەندە ياتالماسىنىڭ مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ھۆل ئۈزۈمىنى

ئەكىرىپ قويدى. ئاتام يېگەچ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا، غۇلامجان ياش ئۇچقۇنلارنىڭ يېقىملىق سىمالىرىنى ئەسلەپ قالغانىدى.

— لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلار ئىنتايىن ياخشى ياشلار، ئاقسۇنىڭ گۈل تاجىسى دېيىشكە ئەرزىيدىغان يىگىتلەر ئىدى، — دېدى ئۇ ئېچىنىش بىلەن، — ئۇ كام بىلال ئەزىزى كونىشەھەردىن يېڭىشەھەرگە چىقىپ، بىزنىڭ ئۆيگە كەلگۈدەكلا بولسا، ئۇلار ئايرىلماي بىللە بولاتتى. ئۆيىمىزدە سائەت-سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى، غۇلجىدىن پۈتۈن شىنجاڭغىچە، جۇڭگودىن پۈتۈن دۇنياغىچە قىزىقىپ سۆزلەشەستىن قويمايتتى. يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، ئوچۇق بەس-مۇنازىرىلەر قىلىشاتتى. ئۇلار سىزلەرنى چوقۇم ئاقسۇغا كېلىدۇ، دەيتتى. مىللىي ئارمىيەنىڭ بۇ يەرگە كېلىش ۋاقتىنى بىتاقەت بىلەن كۈزىتىپ تۇراتتى؛ ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ئويدان، بىلىملىك، ئوچۇق چىراي، تەلپۈنۈشچان، قورقماس، كىشىگە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان ياش باللار ئىدى. تەقدىر شۇنداق بولدى، سىزلەرنىڭ كەلگەنلىكىڭلارنى كۆرگىچە، جاللاتلار ئۇلارنى قاراڭغۇ زىندانغا سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى، بۇنىڭغا ئىسست دېمەككىلا كېرەك!...

— بىزنىڭچە ئىسست دېيىشنىڭ ۋاقتى - قەرەلى تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى، — ئەمدى ئۇلارنىڭ قاماقخانىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى، بىزگە بۇ كەمگىچە بىرلا سېپىل توسالغۇ بولۇپ كەلگەن، بۈگۈن كېچە دەرۋازىغا ئوت قويۇپ، شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرەلىگۈدەكلا بولساق، ھەممىدىن ئىلگىرى ئاشۇلارنى قۇتقۇزىمىز.



— شۇنداق! شۇنداق!... بۇنىسى ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ! — ئۈمىدۋارلىققا تولۇپ خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن سۆزلىدى غۇلامجان.

— ئۇلارنى گومىنداڭ قاماقخانىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىشەنچ بىلەن، — ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق بارلىق ياش ئۇچقۇنلارنى جاللاتلارنىڭ ئۆلۈمىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش توغرىسىدا بىزگە ئالاھىدە تاپشۇرۇق بەرگەن. ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە سىز، بىزلا ئەمەس، ھازىر پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ.

كىگىز كىيىم ئامازشام ۋاقتىغا قالماي پۈتكۈزۈلۈپ بولدى، ئوتنى ئىچ تەرەپتىن تام قىلىپ قويۇرۇلمىغان غەربىي دەرۋازىغا قويۇش قارار قىلىندى. كۆيدۈرۈشتە ئىشلىتىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر تۈلۈك كىرىسىن، بىر باغلام ياغاچ ئوتتۇن ھازىرلاپ قويۇلدى. دەرۋازا تۈۋىگە بىر كىشىنىڭ بويىنىڭدىن كۆپ نەرسىنى كۆتۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوت قويۇش ۋاقتىدا غۇلامجاننى سېپىل ئۈستىدىن تاشلىنىدىغان قول بومبىلىرى ۋە ياغدۇرۇلىدىغان زىچ ئوق يامغۇرىدىن مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەنلەرنى باش كۆتۈرتمەسلىككە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر روتا جەڭچى غەربىي دەرۋازا تەرەپتە سېپىل ئۈستىگە ئوق ئېتىشقا بەلگىلىنىپ، كۆكە. قالىكەش باتالىيونلىرى ئوت قويۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالغان تەقدىردە شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە مەسئۇل قىلىندى.

تۈن نىسپى ئۆتۈپ، ئاي ئولتۇرۇپ، ئاقسۇ ئاسمىنىدا تاڭ ئالدى قاراڭغۇسى باشلاندى. غۇلامجان چەبدەس ھەرىكەتكە

ئۆتۈپ، سۇجۇ مەھەللىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن تام ياقىلاپ كېلىپ، ئەپچىللىك بىلەن سىپىل تەرەپكە يېقىنلاشتى. بىراق سۇجۇ كوچىسى بىلەن سىپىل ئارىلىقىدىكى كەڭ خەندەك توسالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇپ سىپىل تۈۋى بىلەن مېڭىشقا ئىمكان بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەنلەر بۇ جەڭگىۋار ھەرىكەتنىڭ دەسلىپىدىلا غۇلامجاننى بايقاپ قالدى. شۇندىن كېيىن، سىپىلدىن پەسكە قول بومبىلىرى تاشلاش، ئوق يامغۇرى تۆكۈش باشلىنىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ چەنلەپ ئاتقان ئوقلىرى نەتىجىسىدە، دۈشمەنلەر كېيىنچە بېشىنى چىقىرىپ، پەسنى كۆزىتىشكە ئامالسىز قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دەرۋازىدىن ئاللىقاچان تېشىپ تەييارلىۋالغان يوشۇرۇن تۆشۈكلەردىن مىلتىق ئېتىشى بىلەن تۆك ئوق تېگىپ تېشىلىپ، دەرۋازا تۈۋىگە بارغىچە كىرسىن ئوت ئېلىشقا ۋە ئېقىپ تۈگەشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، غۇلامجاننىڭ قولىغا ئوق تېگىپ، بېشىغا قول بومبىسى چۈشۈپ، ئېغىر جاراھەتلىنىپ يىقىلىپ يېتىپ قالدى. ئاخىر غۇلامجان نىمجان ھالەتتە ئەكېلىۋېلىنغان بولسىمۇ، دەرۋازىغا ئوت قويۇش مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىش ئەمەلگە ئاشمىدى...

لېكىن بۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكنى دۈشمەننىڭ غەلىبىسى دېگىلى بولمايتتى. دۈشمەن بۇنىڭ بىلەن كۆرەڭلەۋېلىشقا يەنىلا ئاجىز ئىدى. چۈنكى، شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت قويۇشتەك مۇنداق جەڭگىۋار ھەرىكەتنى پەقەت خەلق بىلەن ھەمنەپەس ئەركىنلىك جەڭچىلىرىلا قىلالايتتى. گومىنداڭچىلاردا كۆرەڭلەشتەك ئەكسىچە ئالاقزادىلىك يەنىمۇ كۈچەيدى. ئۇلار سىپىلنى كولاپ، پارتلىتىش يولىدا ئەمەلىي ئىش ئېلىپ بارغان، ھەتتا شەھەر دەرۋازىسىنى كۆيدۈرۈشكە جۈرئەت قىلغان كىشىلەرنىڭ مۇندىن كېيىن يەنە تېخىمۇ كەسكىن ھۇجۇم ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىر ۋەھىمە ئىچىدە قالدى.



## دۈشمەن مۇھاسىرىسى

ئۆتكەن ھەپتىدە، 5 ـ ئاتلىقلار پولكىغا قولدىن كەتكۈزگەن قوراللىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلار، ئۇيۇتما ئادەم قېنى، ئەپيۇن سۈيى ۋە پۇللار مىللىي ئارمىيە قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن ھار ئالغان، قاتتىق غەزەپكە كەلگەن جاۋ خەنچى شۇندىن بۇيان ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە ياردەم سوراپ تېلېگرامما ئەۋەتىپ تۇردى. بۈگۈن بۇ گومىنداڭ پولكوۋنىكى يەنە تاپا ـ تەنە ۋە ھەسرەت ـ نادامەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۆلكە رەئىسى ۋۇ جۇڭشىنغا، گومىنداڭ ئۆلكىلىك قوماندانلىق باش شتابىغا بىر خىل مەزمۇندا ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى پارچە تېلېگرامما ئەۋەتتى:

«ھازىرغا كېلىپ بىزدە ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا بولغان ئۈمىد تامامەن تۈگەپ، ئالدىمىزدا ئەمدى ئىككى خىل يولىلا قېپقالغانلىقىنى ناھايىتى روشەن بايقاپ تۇرۇۋېتىمىز. — دېگەنىدى جاۋ خەنچى بۇ تېلېگراممىلاردا. — بۇنىڭ بىرى، قەشقەر تەرەپكە قېچىپ كېتىپ، ھاكىمىيەتنى بىراقلا باندىتلارغا تاشلاپ بېرىش. ئەمما بۇ خەتەرلىك. بۇنىڭدا باندىتلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، كۆپ چىقىمدار بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن؛ يەنە بىرى، سىپىل ئۈستىگە ئاق بايراق چىقىرىپ، تەسلىم بولۇپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئۇلارغا يوغان ئېچىپ بېرىش. ھازىرقى ئەھۋالىمىزنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى يوشۇرماستىن ئېيتقاندا، بىزگە بۇ ئىككى يولدىن باشقا تاللىۋېلىشقا بولىدىغان ئۈمىد ـ ئىستىقبال يولى — ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ

قالغۇدەك ئۈچىنچى بىر يول قالمىدى. قىسقىسى، دۈشمەننىڭ خەتىرى گۆشتىن ئۆتۈپ، سۆڭەكلىرىمىزگە سانجىلاي دەپ قالدى. ئەگەر ئۈرۈمچى دەردىمىزگە دەرمان بولغۇدەك ياردىمىنى بەرمىسە، بۇ ياردەمنى يەنە ئۆز قولىمىزغا تۇيتۇغرا تەگكۈدەك قىلىپ ئەۋەتمىسە، بىز مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قېچىش بىلەن تەسلىم بولۇشتىن ئىبارەت بۇ نومۇسلۇق يوللارنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىۋېلىشقا چوقۇم مەجبۇر بولۇپ قالىمىز. ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئۇۋالى سىزلەرگە بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىزلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالدىدا تولۇق جاۋابكارلىقنى ئۈستىڭىزلەرگە ئېلىشىڭىزلار كېرەك!»

«ئۈلۈشكۈنكى كېچە بىلەن تۈنۈگۈنكى كېچە بىز باندىتلارنىڭ ئالدىن ئويلاپ باقمىغان ئىككى خەتەرلىك ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدۇق، — دېيىلگەندى جاۋ خەنچى يەنە ئۆز تېلېگراممىسىنىڭ ئاخىرىدا. — ئىلىلىق تاغ باندىتلىرى ئاۋۋالقى كېچىسى سېپىلنى قىسمەن ھالدا تېشىپ كىرىپ، پارتلىتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان بولسا، تۈنۈگۈن كېچە شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن دەرۋازىسىغا ئوت قويۇشقا ئۇرۇندى. گەرچە ئۇلار بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسكەرلىرىمىزنى قاتتىق چۆچۈتۈپ تاشلىدى. باندىتلار يەنە نېمىلەرنى ئويلاپ، قانداق خەتەرلىك ھۇجۇملارنى باشلار؟! بۇنى ئالدىن مۆلچەرلەش قىيىن. بۇ ئۇرۇقتىن قۇرۇق قاقشاپ تۇرۇپ ئېيتىلىۋاتقان سۆز ئەمەس، باندىتلارنىڭ يامان خۇي - پەيلى ۋە قاراملىق بىلەن ئىش قىلىۋېتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار نېمىنى قىلماقچى بولسا، شۇنى قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ، چۈنكى بىز ئاجىزلاپ، شۇنچە بوزەك ئورۇندا تۇرۇۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟ پات-ئارىدا سېپىلمۇ كار قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. قىسقىسى، بىزگە تېزدىن ياردەم ئەۋەتىلىشى كېرەك. بولمىسا يا قېچىش، يا قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشتىن باشقىغا چارە تاپالماي قالىمىز.»

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي باش ئەمەلدارى ئۆز تېلېگراممىسىغا جاۋابەن شۇ كۈنىلا ئۈرۈمچىدىن تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا كۆرە، ئۈچتۇرپان تەرەپلەردىن ئاقسۇغا ئومۇمەن بىر پولك مىقدارىدا ئەسكىرىي كۈچ ئەۋەتىلىپ ياردەم بېرىلىدىغانلىقى، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ شۇ چاغدا ھازىرقى پاسسىپ ئورۇندىكى مۇداپىئەدىن ئاكتىپ ئورۇندىكى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىچكى جەھەتتىن بۇ ياردەمچى



كۈچلەرگە يېقىندىن ئۈنۈملۈك ياردەم كۆرسىتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ئېيتىلغانىدى.

ئۈرۈمچىدىن 5 - ئاتلىقلار پولكىغا جاۋاب تېلېگراممىسى كېلىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئاقسۇدا باشقىچە ۋەقەلەر سادىر بولۇشقا باشلىدى: جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى باي ناھىيىسىدە تەشكىللىگەن يېڭى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى باشپاناھ ئىزدەپ، ئاقسۇ كونىشەھەرگە قېچىپ كەلدى. گومىنداڭ كۇچادىكى 4 - پىيادىلەر پولكىدىن ماڭدۇرۇلغان ئىككى باتالىيون ئەسكەر باينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئاقسۇغا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. قاچقۇن خادىملارنىڭ ئېيتىشىچە، مىللىي ئارمىيىنىڭ بايدا تۇرغۇزۇلغان ئىككى روتا جەڭچىسى ئۇشتۇمتۇت قىلىنغان ھۇجۇمدا دەسلەپكى چېقىمغا ئۇچراپ، ئاقسۇ تەرەپكە چېكىنگەندىن كېيىن، قارايۇلغۇنغا كېلىپ توختىغان. ئۇلار شۇ يەردە ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ، قايتىدىن رەسلىنىۋالغاندىن كېيىن، كۇچا ئەسكەرلىرىنى توسۇپ، قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا كىرىشكەن. بىراق، ھەربىي ساۋات نۇقتىسى بويىچە ئالدىن مۆلچەرلەپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەن ئالدىدا ئاجىز كېلىپ، ئاخىر يەنە ئۇزاققا قالماي ئاقسۇغا قېچىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. باي ناھىيىسىنىڭ يېڭى ئورگىنىدىكى ئوفىتسېر خادىملار قېچىش ۋاقتىدا بايدىن ئۆزلىرى بىلەن كونىشەھەرگە ئىككى نەپەر گومىنداڭ رازۋېدكىچىسىنى تۇتقۇن قىلىپ ئەكەلگەنىدى. بۇ رازۋېدچىكلار 4 - پىيادىلەر پولكىنىڭ باتالىيونلىرى بايغا باستۇرۇپ كېلىشتىن ئاۋۋال كۇچادىن يوشۇرۇن ئەۋەتىلگەن ئالدىنقى ئاۋانگارت ھەربىي خادىملاردىن بولۇپ، ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ يەردىكى قىسىملىرىنىڭ ياتاقلىرىنى مەخپىي

پارتىلاتماقچى بولغاندا، ياۋىدار قىلىنىپ، قولغا چۈشۈرۈلگەنىدى. جەنۇبىي يۈننەنلىش پولكى كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئەشەددىي جاھىل دۈشمەن ئۈنسۇرلىرىغا قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلماسلىق ئۇستاۋىغا ئاساسەن، ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى دەرھال ئېتىپ ئۆلتۈردى، پولك يەنە كونىشەھەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئۈرۈمچى گومىنداڭ باش قوماندانلىق شتابى بىلەن مەخپىي سىغىرلار ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ كەلگەن ھەربىي سىستېمىدىكى كونا ئىشپىيون لياڭ جىنلىنىمۇ شۇ كۈنى قولغا ئېلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇدى. بۇ كەسكىن تەدبىرلەر جەنۇبىي يۈننەنلىش پولكى ئۈچ تەرەپتىن قىلىنىدىغان قايتۇرما ھۇجۇمغا دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي شارائىتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىغا قارىماي، ئۇ يەنە، بۇ پولكنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئېغىر جەڭدە غەلىبە قىلىش ئۈمىدىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇرۇش ۋەزىيىتى كەسكىن تۈسكە كىرىپ، 20 نەچچە كۈندىن بېرى ئاقسۇدا داۋام قىلىپ كەلگەن ئىلگىرىكى مۇھاسىرە قاماللىقى بۇزۇلۇش تەرەپكە يۈزلەندى. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش قوماندانلىق شتابى جاۋ خەنچىنىڭ جىددىي تەلىپىگە ئاساسەن، كۇچا 4 - پىيادىلەر پولكىغا بىر قىسىم باتالىيونلىرىنى باي، ئاقسۇ تەرەپلەرگە قايتۇرما ھۇجۇم يۈرۈشى بىلەن ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىش بىلەن بىللە، ئۈچتۇرپان، ئاقچىلاردا تۇرۇۋاتقان ھەربىي قىسىملىرىدىن تېرىپ قۇراشتۇرۇلغان بىر باتالىيون ئەسكەرگىمۇ بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارنى ئۈچتۇرپاندىن ئاقسۇغا ئۇشتۇمتۇت بېسىپ بېرىش ئۈچۈن شۇ كۈنى يولغا سالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي يۈننەنلىش پولكىنىڭ بۇ كەمگىچە ئۆز قولىدا تۇرۇپ كەلگەن ئۈستۈن ئورۇنىدىكى ئاكتىپ مەۋقەسى تەھلىكىگە ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئەمدى ئۇلارغا ئۆزىدىن كۆپ دۈشمەن ھەربىي كۈچلىرى



بىلەن، يەنى ئاقسۇ سېپىلى ئىچىدىكى 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ھازىرقى ئىككى يېرىم باتالىيون چامىسىدىكى ئەسكىرى بىلەن، 4 - پىيادىلەر پولكىنىڭ كۇچادىن كېلىۋاتقان ئىككى باتالىيونلۇق ئەسكىرى ۋە ئۈچتۇرپاندىن ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان تەرمە باتالىيون بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلىپ قالدى.

مىللىي ئارمىيە پولكىغا ھەربىي رازۋېتچىكلار غەرب - شەرق تەرەپلەردىن ئارقىمۇ ئارقا جىددىي ۋە كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئۈچتۇرپاندىن ماڭدۇرۇلغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى شۇ كۈنى ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان ناھەيىلىرى ئارىلىقىدىكى ئوتتۇرا يېكەت — ئاقيار يېزىسىغا يېقىنلاپ، كونىشەھەر بازىرىغا بولغان تەھدىتنى كۈچەيتمەكتە ئىدى. بايدىن چېكىنىپ چىققان مىللىي ئارمىيە روتىسى قارايۇلغۇندا توختاپ، مۇداپىئە تاكتىكىسى بويىچە دۈشمەننى توسۇش ئۇرۇشى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يەنىلا تەدرىجىي چېكىنىۋاتاتتى. ۋەزىيەت مىنۇتسېرى كەسكىنلىشىشكە باشلىدى. بۇ ئاخىر جەنۇبىي يۈننەنلىش قوشۇنىنىڭ ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەن مۇھاسىرىسى ئىچىدە قېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئالامەتلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئۆز باتالىيونلىرى بويىچە بۆلۈنۈپ ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلدى. راشىدىنجان باتالىيونى شەھەر مۇھاسىرىسىنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە قېلىپ، كۆكە، قالىكەش باتالىيونلىرى كۇچا 4 - پىيادىلەر پولكىنىڭ ھۇجۇمچى باتالىيونلىرىنى ئاقسۇغا يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال يول ئۈستىدە تارمار قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن، جام، قارايۇلغۇن تەرەپلەرگە

ماڭدۇرۇلدى. مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭ ئىككى روتىسى بايغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، يېرىملىشىپ قالغان باتالىيوننى كونىشەھەر بازىرى بىلەن بالداق ئايرودرومىنىڭ مۇداپىئەسىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئاقيار تەرەپكە ئەۋەتىلدى.

ئاخشىمى، 5 ـ ئاتلىقلار پولكى ئىچىدىمۇ ئۈمىدسىزلىك تۈگەپ، ئۇشتۇمتۇت جانلىنىش كەيپىياتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار 20 نەچچە كۈندىن بۇيان سولىنىپ كەلگەن كىچىك قەپەس — مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن بۆسۈپ چىقىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆز ئىچىدە بىر قاتار ھەربىي سەپەرۋەرلىكلەرنى قىلىشۋالدى. كۇچا، ئۇچتۇرپان تەرەپلەردىن ياردەمگە كېلىۋاتقان ھەربىي قىسىملار ئاقسۇ بازىرىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە پەيدا بولۇپ، ئۇ، ھۇجۇملىرىنى باشلىسىلا، 5 ـ ئاتلىقلار پولكىنىڭ بۇ كۈچلەرنىڭ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ شەھەر تېشىغا چىقىشى ۋە سېپىلنى قورشاپ تۇرغان راشىدىنجان باتالىيونىغا قارشى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشى مۇمكىن ئىدى.

كەڭ دائىرىدە باشلىنىپ كېتىدىغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى يېقىنلاپ، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكىدەك يېقىن مۇساپىگە كېلىپ قالدى. ئۇچتۇرپان باتالىيونى مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭ يېرىملىشىپ قالغان باتالىيونىنى ئاقياردىكى بىر قېتىملىق قاتتىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىپ، كونىشەھەر تەرەپكە چېكىندۈرگەندىن كېيىن، توپتوغرا بالداق ئايرودرومى ئەتراپىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاقسۇ تەۋەسىدىكى بىرىنچى ھۇجۇمىنى ئەنە شۇ ئايرودرومنى ئالىشىش بىلەن باشلىدى. چۈنكى، بۇ جاي ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، ئەمما بىر قەدەر زامانىۋى تۈسكە ئىگە قۇرۇلۇشلىرى، بىر قىسىم پۇختا ھەربىي



ئىستىھكاملىرى بىلەن مۇھىم ئورۇنلاردىن بىرى ھېسابلىناتتى. شۇ چاغدا بۇ يەرنى جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ مەخسۇس قويۇپ قويۇلغان مۇستەقىل بىر روتىسى قوغداپ تۇراتتى. ئۇلاردىن تۆت ھەسسە كۆپ ئۇچتۇرپان باتالىيونىدا ئايرودرومنى ئىشغال قىلىش ئارتۇقچە ھەشەم تەلەپ قىلمايدىغان ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ دۈشمەنلەر ئاز چىقىم بەدىلىگە ياكى پۈتۈنلەي چىقىم بەرمەسلىك يولى بىلەن بۇ يەرنى ئىشغال قىلىش، شۇنىڭدەك مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇپ، ھەممىسىنى قىرىپ تۈگىتىش مەقسىتىدە، ئىككى يېرىم روتىچە ئەسكىرىي كۈچنى ئارقا تەرەپتىن قورشاپ كېلىشكە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، بىر يېرىم روتىچە ئەسكەر بىلەن ئايرودرومغا ئاشكارا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار قىراللىرىنىڭ ئۈچىنى كەينىگە قارىتىۋالغان ھالدا مۈرىلىرىگە ياتقۇزۇپ كۆتۈرۈۋالغان ۋە ئىككى يانغا يېيىلىپ شالاڭ سەپ بولۇۋالغانىدى. بۇ ھال مەسىلىگە ساددا كۆز بىلەن قارايدىغان كىشىگە گويا ئۇلار ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە تەسلىم بولۇشقا كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ روتا يېتەكچىلىرى ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولمىغان، ساددا خىيال ياشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەنلەرنىڭ بۇ ھىيلە ـ مىكرىسىنى پايقىۋېلىشتىن ئاجىز ئىدى. دۈشمەنلەر بولسا توختاۋسىز ئىلگىرىلەيتتى، ئۆزلىرىگە قارشى ئوق ئېتىلماي تىنچ ئۆتۈۋاتقان بۇ دەقىقىلەرنى تېپىلغۇسىز پەيت بىلىپ، ئايرودروم تەرەپكە بارغانچە تېز قەدەملەر بىلەن چىقىمسىز، توسالغۇسىز ياماراپ كېلەتتى. بۇ چاغدا، جەڭچىلەر گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئۆز ۋاقتىدا كولاپ قويغان لەخمىلەر ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ئۇداپىئەلىنىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئوق چىقارماي. دۈشمەنلەرنىڭ قورال تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ

كىلىشنى كۈتۈش خىيالى بىلەن جىم كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۆزىگە ئېغىر خەۋپ-خەتەرنى يوشۇرغان سىرلىق پەيت يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. مىللىي ئارمىيە روتىسىدىكى جەڭچىلەر ئىچىدە ئاقسۇغا كېلىشتىن ئاۋۋال غۇلجىدىكى مەشھۇر ھەرەمباغ، لەڭگەرلىك ئۇرۇشلىرىغا ۋە موڭغۇلكۈرە، تېكەسلەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى بايقاپ قالغان، ئازدۇر-كۆپتۇر ھەربىي تەجرىبىگە ئىگە تىلەۋالدىغا ئوخشاش ئوتتۇرا ياش جەڭچىلەرمۇ بار ئىدى. تىلەۋالدى كېمىنداك ئەسكەرلەرنىڭ نەيرەڭۋازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى شۇ ھامان بايقىغاندەك بولدى-دە، خېلى يېقىنلاپ قالغان ئالدىنقى رەتتىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئاپتوماتىنى ئەيلاندۇرۇپ بىر دېمىدە ئوق ئۈزدى. دۈشمەنلەردىن ئالتىسى يىقىلىپ يەر چىشلىدى. تىلەۋالدىغا ئەگىشىپ، لەخمىنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر جەڭچى تولۇق ئوق سېلىنغان بەشئاتارنىڭ تەپكىسىنى ئارقىمۇ ئارقا بېسىپ، ئۈچ ئەسكەرنى ئۆلتۈردى. دۈشمەنلەر ئاكوپقا ئارتۇقچە يىراق بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى خاتاسىز نىشانغا ئالغىلى بولاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بارلىق جەڭچىلەر تەڭ ئوق ئۈزۈشكە تەييارلاندى. بىراق، روتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى سېيىت جىددىي تۈۋلاپ، جەڭچىلەرنى ئوق ئۈزۈشتىن چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، روتا كوماندىرىنىڭ ئوق ئۈزمەكچى بولۇۋاتقان جەڭچىلەرگە ئاۋازلىق بىلەن غۇدۇڭشىپ، جىددىي بۇيرۇق ئورنىدا قىلىۋاتقان مۇنۇ سۆزى ئاڭلاندى:

— تەسلىم بولۇپ، قورال تاپشۇرۇشقا كېلىۋاتقان كىشىلەرگە ئوق ئېتىلمىسۇن! بۇ ھەربىي بۇيرۇق! بۇنىڭغا ئەمدى خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا، يۈز-خاتىر قىلىنماستىن قاتتىق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ!...



مىللىي ئارمىيە ئۇستاپ بىلەن باشقۇرۇلغاچقا، جەڭچىلەر ئىچىدە ھەربىي ئىنتىزام چىڭ ئىدى. كوماندىر ياكى سىياسىي خادىمنىڭ بۇيرۇقى ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە بەرگەن تاپشۇرۇقلىرىنى شەرتسىز، دەرھال ئورۇنداش كېرەك ئىدى. بۇ ھەربىي ئىنتىزام ئۇرۇش مەزگىللىرىدە تېخىمۇ كۈچلۈك يۈرگۈزۈلەتتى. جەڭچىلەر گىرۋەككە تىرەپ ئېتىشقا تەييارلاپ قويغان مىلتىق، ئاپتوماتلىرىنى قايتۇرۇپ لەخمە ئىچىگە چۈشۈرۈۋالدى. بۇنى كۆرۈپ، مىللىي ئارمىيە روتىسىنى تامامەن ھىيلە-مىكىر تۇزىقىغا كىرگۈزۈپ بولغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنگەن دۈشمەنلەر بىمالال ئىككى تەرەپكە كەڭ يېيىلىپ، لەخمە ۋە يوتەيلەرنى ئومۇميۈزلۈك قاپساپ، غەم-ئەندىشىسىز بارغانچە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. بەزى تەجرىبىلىك جەڭچىلەرنىڭ بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنىلا جىم تۇرۇۋېرەلمەيدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. تىلەۋالدى روتا كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقىنى بىرىنچى بولۇپ، دادىللىق بىلەن قەتئىي رەت قىلىپ، ئاپتومات تەپكىسىنى غەزەپ بىلەن باستى. بۇ قېتىم ئېتىلغان تولۇق بىر دېسكا ئوقمۇ زايا كەتمىدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن ئۈچى ئۆلۈپ، ئۈچى يارىدار بولدى. قالغان بەزى ئەسكەرلەر كەينىگە ئۆرۈلۈپ قېچىشقا تەمشەلدى. ئۈچتۇرپان باتالىيونىنىڭ كوماندىرى سەيپىنىڭ ئارقىدا، خېلى نېرىدا ئىدى. يىراقتىن ئۇنىڭ چىڭقىرىپ تۇرۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىگە سۆز كانىيى ئارقىلىق بەرگەن بۇيرۇقى تەستە كېلىپ ئاڭلاندى:

— ھەممەڭلار بارغان يەرىڭلاردا قور تارتىپ، يەر بېغىرلاپ يېتىڭلار، چېكىنىپ كەتمەڭلار!

كوماندىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دۈشمەن كانايچىسى ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئاۋۋال ئىلگىرىلىمەستىن توختاش، ئاندىن يەنە جىم يېتىۋېلىش ئۇقۇمىنى بېرىپ، ئارقىمۇ ئارقا ئىككى قېتىم كاناي چالدى. دۈشمەنلەر شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئوق ئۈزمىدى.

قوراللىرىنى مۈرلىرىدىن چۈشۈرمەي ئاۋۋالقىدەك كەينىگە قارىتىۋالغان ھالدا يەر بېغىرلاپ ياتتى. بۇ ئۇلارنىڭ جەڭچىلەرنى ئۆزلىرىگە بەتتە قىلىپ تۇرۇپ، مۇھاسىرىگە ئالغۇچى روتىلىرىغا ئارقا تەرەپتىن يېقىنلىشىۋېلىش ئۈچۈن ۋاقىت يارىتىپ بېرىشى ئىدى. ئاخىر بۇ مىللىي ئارمىيە روتىسىنىڭ يېتەكچىلىرىدە دۈشمەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەمەس، پەقەت بىزگە تەسلىم بولۇپ، قورال تاپشۇرۇش ئۈچۈنلا كەلگەن، دېگەن يۈزە قاراشنى كۈچەيتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەڭچىلىرىنى ئوق ئۈزۈشتىن توختىتىپ، توغرا قىلغانلىقىنى باشقىلارغا ئاتايىن ھېس قىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، تىلمۇالدىغا يەنە بىر قېتىم زورمۇ زور قاتتىق كايىدى. روتا كوماندىرى ھەتتا قامچىسىنى دېۋەيلەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە بەگباشلىق بىلەن ئوت ئاچىدىغان بولسا، قولىدىكى ئاپتوماتىنى تارتىۋېلىپ، قاتتىق جازالايدىغانلىقى توغرىسىدا بىر قاتار قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بەردى. تىلمۇالدى ئۆز كوماندىرىغا بىرىنچى قېتىم، پەقەت مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدىلا مەنسىتمەسلىك بىلەن جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ:

— سىزنىڭ سۆز ۋە بۇيرۇقلىرىڭىزغا ئىتائەت قىلىش، — دېدى، — مەندەك ئاددىي جەڭچى ئۈچۈن بويسۇن تولغاشقا بولمايدىغان ئىش بولسۇن. ئەمما بۇ يەردە مۇتلەق بويسۇنۇپ، جىم تۇرۇۋېرىشكە قەتئىي رازى ئەمەسمەن! دۈشمەن ساددىلىقىمىزنى بىلىپ، بىزنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ! ئۇلار ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىۋاتىدۇ، تۇزاق قۇرۇۋاتىدۇ!... بىزدىن كۆپ دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن ئاز كىشىلەرگە شۇنچىۋالا خىل قوراللىرى بىلەن ئۆزلۈكىدىن كېلىپ، تەسلىم بولماقچى بولغانلىقىنى مەن ھېچقانداق يەردە كۆرمىگەن. ئۆزۈم كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتناشتىم. بۇلارنىڭ ھېچبىرىدە ياۋاش، مۆمىن دۈشمەننى كۆرمىدىم.



ئۇلارنى ئۇرۇش قىلماي باش ئېگىپ كېلىپ قورالنى تاپشۇرىدۇ، دەپ قاراش ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلىق!

— ئاغزىڭنى يۇم، ئەمدى بىلجىراۋەرمە! — ۋارقىرىدى كوماندىر، — يەنە گەدەنكەشلىك قىلساڭ، سېنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە!...

— توغرا گېپىمنى ئېيتىپ، سىزنى خاپا قىلىپ قويۇۋاتقان بولسام، مېنى تايىنلىق ئېتىۋېتەرسىز. ھازىرقى پەيت — جىددىي ھايات-مامات پەيتى... بۇ بىزنىڭ راسا سىنىلىدىغان ۋاقتىمىز. بۇنىڭدا كاللىنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ، ئەھۋالنى تېز، توغرا مۆلچەرلەشكە توغرا كېلىدۇ.

— خوش قېنى، سېنىڭچە قانداق قىلساق بولىدۇ؟

— ئوت ئاچىمىز، جەڭ قىلىمىز!

— تەسلىم بولۇش ئۈچۈن تەييار ئالدىمىزغا كېلىۋاتقان كىشىلەر بىلەنمۇ؟

— ھەئە شۇلار بىلەن! بىزنى قورشاپ، تۆشمۇ تۆشتىن تىرىك تۇتۇشقا كەلگەن ئەنە شۇ دۈشمەنلەر بىلەن!...

— بۇ گەپلىرىڭ بىر تىمەن! — سۆزگە ئارىلىشىپ، تىلمۇالدىغا ۋارقىرىدى سىياسىي يېتەكچى.

بىر پەس جىم ياتقان دۈشمەنلەر يەنە قىمىرلىشىپ، يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ ئالدىغا سىلجىشقا باشلىدى. ئايرودرومدىكى پوتەي، ئاكوپ، لەخمىلەرگە بىر كىلومېتىرچىلا ئارىلىق قالدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئارىسىدىن بىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ كاناي ئارقىلىق چالا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىدى. بۇ ئۈچتۇرپان باتالىيونىنىڭ ئەڭ ھىيلىگەر تاكتىكچى مۇئاۋىن كوماندىرى ئىدى.

— بىز ئەل بولۇشقا كەلدۇق، — دېدى ئۇ، — مەسلىھەتچىلار پىششىپ بولغان بولسا، ئالدىمىزغا قورقماي كېلىپ.

قورالليرىمىزنى تاپشۇرۇۋېلىڭلار، ئەمما بىرلا شەرت، بىزنى ئۆلتۈرمەڭلار!

تىلىۋالدى دۈشمەن ئوفىتسېرىغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ ئاپتوماتنىڭ ئۇچىنى قاراتتى.

— ئەخمەق تاپىمەنمىكىن دەپ تىلىڭنى بىھۇدە چايناما! سېنىڭ ھەققىڭ بىر پاي ئوق! — تىلىۋالدى ۋارقىراپ بولۇپ، ئاپتوماتنىڭ تەپكىسىنى بېسىشقا تەمشەلگەندى، روتا كوماندىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ:

— ئاتقۇچى بولما! ئۆزۈڭمۇ ئاڭلىغانسەن؟ ئۇلار بىزگە تەسلىم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتامدۇ؟ تەسلىم بولغۇچىلار بىلەن زورلىنىپ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ھەربىي ئۇستاپتا يوق! — دەپ كايىدى.

— تەسلىم بولمايدۇ! — يەنە بىر قېتىم قەتئىيلىك بىلەن دېدى تىلىۋالدى. — ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىزنى قىرىپ تۈگىتىش، چىقىمسىز ئولجىغا ئىگە بولۇش، بىزنىڭ ھەممىمىزنى ئەسىر ئېلىش!...

— بۇلارنى گومىنداڭنىڭ چىرىك ھەربىي تۈزۈمىدىن زېرىكىپ تەسلىم بولۇشقا كەلگەنلەر دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدىغۇ؟ ئوقى تۈگەپ قالغانلاردىن بولۇپ قالسىچۇ؟ — ئۆز پىكرىنى يورغىلاتتى روتا كوماندىرى.

— ئۇنداق بولۇشى تېخىمۇ ناتايىن، — دېدى تىلىۋالدى، — بۇ كەمگىچە قورالىنى قولىدا چىڭ تۇتۇۋېلىپ، باش ئېگىشكە كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى كۆرگەن ئەمەسمەن. ھەقىقەتەن تەسلىم بولغۇچىلارمۇ بولىدۇ. بىراق ئۇنداقلار بىرىنچىدىن، ئەڭ ئاۋۋال ئاق بايراق كۆتۈرتكۈزۈپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بارلىق قوراللىرىنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ، ھەممىسىنى بىر يولى تاپشۇرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئالدى بىلەن ئادەم



مانىنى، ئوق-دورىلىرىنىڭ مىقدارىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلغىنى يوق!...

ئاڭغىچە دۈشمەنلەر ئۆرلەپ، ئالغا سىلجىپ، ئايرودروم ئەتراپىغا يېقىنلىشىپ قالغاندى. كەينى تەرەپتىن ئەگىپ، ئېرىق، ئازگاللار ئىچىدىن يوشۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەن روتىلىرىمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ بولغانىدى. سىللىي ئارمىيە روتىسى تۆت ئەتراپتىن مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. خەۋپ-خەتەر كۈچىيىپ، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتتى، كەينى تەرەپ ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن ئۇچتۇرۇپيان باتالىيونى كوماندىرىنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۆز ئەسكەرلىرىگە جەڭچىلەرنى تىرىك تۇتۇش توغرىسىدا بەرگەن بۇيرۇقى ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتىدىغانلىقىدىن بەلگە بەرگۈچى سۈرلۈك كانىيى چېلىندى. ئارقىدىنلا «ساي، ئالغا!» دېگەنگە ئوخشاش چىرقىراق ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئوڭ، سول، ئارقا ۋە ئوڭدۇل تەرەپلەردىن بىسىرەڭ يامراپ كېلىپ، سىللىي ئارمىيە روتىسىنىڭ مۇداپىئە سەپلىرىگە بۆسۈپ كىردى، جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ھودۇقۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. تىلىۋالدىغا ئوخشاش بىر قىسىم تەمكىن جەڭچىلەر سەپ ئىچىگە بېرىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە ئوت ئېچىپ، قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى. بىراق، بىر باتالىيون ئەسكەر قۇرتتەك يامراپ، تۇشمۇتۇشتىن بېسىپ كەلگەنلىكتىن، قىسقا مۇددەت شىددەتلىك ئېتىشىش ۋە پارچە-پۇرات گىرەلەشمە ئېلىشىشلاردىن كېيىن، ئۇرۇش ئوتى توختاپ، ئايرودروم ئىچى جىمىپ كەتتى. تىلىۋالدى قۇربان بولدى، روتا كوماندىرى، سىياسىي يېتەكچى ۋە ئۇلار بىلەن 17 جەڭچى ئۆز ھاياتى بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى. 20 نەپەر جەڭچى ئاتلىرىغا مىنىپ قېچىشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما دۈشمەن

ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ يەرلىرى ئانچە يىراقتا بارماي قۇربان بولۇپ كەتتى. 14 جەڭچى يارىدار بولدى، قالغانلىرى يارىدارلارغا قوشۇلۇپ، دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بالداق ئايرودرومىدىكى ئۇرۇش كومانداق ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى ئۈچۈن بىر ئاقسۇ كونىشەھەر ۋە ئاقسۇ يېڭىشەھەر تاھىيىلىرىگە كېلىپ، 20 نەچچە كۈن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار ئۇرۇشلار ئىچىدە، ئەڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلىك ۋە ئېغىر ئېچىنىشلىق بىر ئۇرۇش بولۇپ قالدى. مۇھىم ئىستىھكام ئاتىلىپ كەلگەن بالداق ئايرودرومى دۈشمەن قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ 5 - ئاتلىقلار پولكىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۈچتۇرپاندىن يۆتكەپ كېلىنگەن كومانداق باتالىيونىنىڭ ئاقسۇ تەۋەسىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى ئىدى. بۇ باتالىيوننىڭ كوماندىرلىرى ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ماھىر ئىدى، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنى بىلەتتى. ئۇلار ئايرودروم ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، ئاقياردىمۇ مۇھەممەت مۇئەللىم باتالىيونىنىڭ شۇ كىشى ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان ئىككى روتىسىنى تاكتىكىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ كۆپ سانلىق ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ، ئاقسۇ كونىشەھەر تەرەپكە چېكىندۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۈچتۇرپان باتالىيونىنىڭ بىر روتىسى ئايرودرومنى قوغداش ئۈچۈن بالداقتا قېلىپ، قالغان ئۈچ روتىسى سېپىل ئىچىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان جەڭچىلىرى — راشىدىنجان باتالىيونىغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇم باشلاش ئۈچۈن شۇ مەھەل ئاقسۇ بازىرىغا قاراپ ماڭدى. بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بۇ ئىككى باتالىيون سېپىلنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى



كوچا - مەھەللىلەردە ئۇچراشتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش قىستى. ئەمما ۋاقىت كەسكىن بولدى. شۇ كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، گۆكە. قالكەش باتالىيونلىرىنىڭ يول توسۇپ، كوچا 4 - پىيادىلەر پولكىنىڭ ئاقسۇغا كېلىۋاتقان ئىككى باتالىيونى بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن جام - قارايۇلغۇن تەرەپلەرگە كېتىپ، باتالىيونلار شتابىدا قاسىمجان قەمبىرى بىلەن سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ قالغانىدى. ئۇلار شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا ئالدىنقى سەپكە كېلىپ، سېپىل ئەتراپىدىكى ئۇرۇشتا راشىدىنجان باتالىيونىغا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى. ئاقيار، بالداق ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قىلىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن ئۈچتۇرپان باتالىيونى ئاقسۇ بازىرىنىڭ گۈلباغ، ئېگەرچى مەھەللىرىگە بۆلۈنۈپ كىرىپ، سېپىل ئەتراپىدىكى جەڭچىلەرگە غەرب، جەنۇب تەرەپلەردىن بىرلا ۋاقىتتا شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. 5 - ئاتلىقلار پولكى ياردەمچى ھەربىي كۈچىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە چىقتى. شۇنداق قىلىپ، راشىدىنجان باتالىيونى نىسبىي ھالەتتىكى مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ قالدى. ئۇلار ئاسۇق، لەڭگەر، كونا مەيە بازىرى، خەيجاڭ مەھەللىلىرىدە مۆكۈنۈپ ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەنلەرگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۆزلىرىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ ئەسكىرىي كۈچىگە ئىشەنگەن دۈشمەنلەر راشىدىنجان باتالىيونىنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن بىتچىت قىلىپ تاشلاشنى ئويلىغانىدى. ئەمما كېيىنكى ئۇرۇش ئەمەلىيىتى ئۇنداق بولماي چىقتى. ئۇلار مەھەللە - مەھەللىلەردە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، بىرقانچە ئون ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. چۈنكى، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ھويلىلارغا، ئۆيلەرگە، كوچا دوقمۇشلىرى ۋە دۇكانلار ئىچىگە ئەپچىللىك بىلەن دالدىلىنىپ

تۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە ئالدىلىرىغا جاھىللىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ھەر بىر گومىنداڭ ئەسكىرىنى يېقىندىن نىشانغا ئېلىپ ئوق ئۈزۈپ ئۆلتۈردى ياكى يارىدار قىلىپ سەپتىن چىقاردى. بىر باتالىيونلۇق ھەربىي كۈچنىڭ تەخمىنەن تۆت يېرىم باتالىيونچە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى بەرىبىر مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاخىر، قاسىمجان قەمبىرى بىلەن سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ ئادەم كۈچىنى ساقلاپ قېلىش قارارىغا كېلىپ، راشىدىنجان باتالىيونىغا بىر تۇتاش چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ياتالماسقا ئۆتۈپ قالسا، پولك شتابى قولدىن كېتىپ، جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىنىڭ بىر يەردىكى ھەربىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ھۆججەتلىرىنى ساق كۆچۈرۈپ كېتىش قىيىنچىلىققا ئۇچرايتتى. راشىدىنجان باتالىيونى قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار بىلەن بىللە ياتالماسقا كېلىپ، شتاب ئىچىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، كونىشەھەرگە كەتتى. كونىشەھەردە مىللىي ئارمىيە يارىدارلىرى بولۇپ، ئۇلارنى ھازىرچە تىنچ ئارقا سەپكە، بوزدۆڭ ياكى قوغانغا يۆتكەپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە، كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قامالغان ئون نەچچە كىشىنىڭ مەسىلىسىنى تېز بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مىللىي ئارمىيە كونىشەھەرگە كەلگەندىن بېرى يېڭىشەھەردىن، گومىنداڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ياكى 5 - ئاتلىقلار پولكى تەرىپىدىن يوشۇرۇن كىرگۈزۈلگەن ئىشپىيونلار بولۇپ، قالغان ئازچىلىقى كېيىنكى كۈنلەردە يېڭىشەھەر تەرەپتىن مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ كىرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ساپ نىيەتلىك زىيالىيلار



ئىدى. بىراق، ئۇلارمۇ ئىشپىيونلۇقتا گۇمانلىنىپ، مەسىلىسى ئېنىقلىنىپ بولغۇچە، قاماقخانىدا ۋاقىتلىق ياتقۇزۇلۇپ تۇرۇلغانىدى. جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنىنىڭ راشىدىنجان باتالىيونىدىن ئىبارەت بىر قىسىم ھەربىي كۈچىنىڭ ھازىر كونىشەھەردە بولۇشى قاسىمجان قەمبىرى ۋە سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار ئۈچۈن مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلەۋېلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتى بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئۇچتۇرپان باتالىيونىنىڭ 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن بىرلىكتە ئىز قوغلىشىپ، كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى نەتىجىسىدە، شتاب رەھبەرلىرىگە بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە پەقەت ئىمكان بولمىدى. راشىدىنجان باتالىيونى ئاران دېگەندە مىللىي ئارمىيىنىڭ يانىكا بىناسىدىكى يارىدارلىرىدىن ئات مىنەلىگۈدەك يېنىكلىرىنى ئەكېتەلىدى. ئېغىر يارىدارلارنى ئەكېتىشكە ئىمكان بولماي قالدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە، گومىنداڭچىلار كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىنى ھەممىدىن بالدۇر ئىگىلەپ، پىدائىي بولۇش ئارزۇسىدىكى كىشىلەرنى ھايالىماي ئېتىپ تاشلىدى. ئۆز ئىشپىيونلىرىنى قۇتقۇزۇپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن يېڭىشەھەرگە ئەكەتتى. ئۇلار يانىكا بىناسىغىمۇ باستۇرۇپ كىرىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قالدۇرۇلۇپ قېپقان يارىدارلىرىنى ۋەھشىيلەرچە خورلاپ، ئېتىپ ئۆلتۈردى، چېپىپ تاشلىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇلار جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنى ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن سادىر قىلغان ئىككى خاتالىق بولۇپ قالدى. بىرىنچىدىن، ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىنىڭ تېز ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۆز يارىدارلىرىنى كونىشەھەرگە ئوخشاش ئالدىنقى سەپتە قالدۇرماي، بوزدۆڭ، قوغانلاردەك ئارقا سەپلەرگە ئۆز ۋاقتىدا يۆتكەپ ئەكەتمىدى؛ ئىككىنچىدىن، قولغا چۈشكەن دۈشمەن غالچىلىرىنى تېز جازالىشى، گۇمان بىلەن

قولغا ئېلىنغان ساپ ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ئەسلىسىنى ۋاقتىدا ئىنقىلاب، ئۇلارنىڭ مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ قاتنىشىش تەلىپىنى كېچىكتۈرمەي قاندۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئىككى خاتالىق تۈپەيلىدىن كۈتمىگەن ئىككى سەلبىي نەتىجە، گومىنداڭچىلارغا پايدىلىق، ئىنقىلاب مەنپەئەتىگە تامامەن زىيانلىق ئىككى خىل يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى تەجرىبىسىزلىكتىن سادىر قىلغان ئىككى زور سەۋەنلىك، كىشىلەرگە ئارامسىزلىق ئەكەلگەن ئىككى خىل كۆڭۈلسىز، ئاچچىق ساۋاق بولۇپ قالدى.

راشىدىنجان باتالىيونى كونىشەھەردە ئۇزاقراق تۇرۇشقا ئىمكان بولماي، پولك شتابىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى بىلەن بىللە تازلەڭگىرى تەرەپكە چېكىنىپ چىقتى. تاز لەڭگەرىگە راشىدىنجان باتالىيونى بىلەن بىللە كەلگەن قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار سىياسىي كومىسسار ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ يەردىكى شىددەتلىك جەڭگە بىرلىكتە تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتەكچىلىك قىلدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تازلەڭگەردىكى ئۇرۇشنى چاقماقتەك تېز بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، گومىنداڭنىڭ كونىشەھەرگە كىرگەن تۆت باتالىيوندىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچى راشىدىنجان باتالىيونىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلىشىپ، بۇ يەرگە كېلىشى ئېنىق ئىدى. مۇبادا ئۇلار كۇچا 4-پىيادىلەر پولكىنىڭ باتالىيونلىرى بىلەن بىرلىشىۋالسا، تېخىمۇ زور قوشۇنغا ئايلىنىپ، جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنى مۇھاسىرە قىلىۋېلىش ئارقىلىق كۈتۈلمىگەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. كۆكە، قالدىكىش باتالىيونلىرىنىڭ مەۋقەسى مۇستەھكەم بولۇپ، دۈشمەنلەرگە ئۈستۈن ھالەتتە



زەربە بېرىۋاتاتتى. ھالسىراپ قالغان 4-پىيادىلەر پولكىنىڭ باتالىيونلىرى ئۆز مۇداپىئەسىنى ئاران-ئاران ساقلاۋاتاتتى. قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلارنىڭ جەڭدىكى تۇرۇش پەيتىدە تازلەڭگەردە ھازىر بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ قوماندانلىقىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە راشىدىنجان باتالىيونىنىڭ بۇ مەركىزىي سەپكە كېلىپ قوشۇلۇشى كۆكە، قالدىكىش باتالىيونلىرىدىكى جەڭچىلەرگە زور مەدەت، غەيرەتنى غەيرەتكە ئۇلاپ يارغۇچى يېڭى ئىلھام بولدى. جەڭچىلەر ئۈزلۈكسىز ئارقىمۇ ئارقا «ئۇررا» توۋلاپ دۈشمەن سېپىگە شىددەت بىلەن بېسىپ كىردى. ئون مىنۇتچە گىرەلىشىپ ئۇرۇش، قىلىچۋازلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن، كۇچا پولكىنىڭ روتا ۋە باتالىيونلىرى 60 چە ئۆلۈك، ئەللىككە يېقىن يارىدارلىرىنى تاشلاپ پەرىشانلىق بىلەن چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن ئېتى ئۆلۈپ، ئاتسىز قالغانلىرى باشقىلاردىن ئات تالىشاتتى، ئۆلگەن ئەسكەرلەر بىلەن يارىدارلارنىڭ ئاتلىرىغا مىنىپ قاچاتتى.

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى قوغلاشنى داۋام قىلدۇردى. دۈشمەنلەر جانغا كەلگەندە، بىردىن يولنى ئۆزگەرتىپ، كۇچا تەرەپكە ئەمەس، توپتوغرا قىرغان تەرەپكە يول ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەقسىتى قېچىش باھانىسى ئاستىدا قوغان، مۇزاتلارنى ئىگىلەپ، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنى ئىلى تەرەپكە ئۆتۈش يولىدىن مەھرۇم قىلىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن، ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە ئاقسۇغا قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىش پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىپ، ئاخىر شىمالغا يۈرۈش باشلاپ، كۇچا 4-پىيادىلەر پولكىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى ئىزمۇئىز قوغلاپ كەتتى. دۈشمەنلەر بوز-دۆڭدىن ئۆتۈش بىلەن يول ئۈستىدىكى جىلغا ۋە تاغ دونايلىرىغا

مۆكۈنۈپ، جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنە بەرداشلىق بېرەلمەي، باي تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەنلەرنىڭ ھەربىي ستراتېگىيە جەھەتتە مۇھىم ئورۇن ھېسابلانغان قوغان ئىستىھكامى بىلەن سىرلىق ئېگىزلىك — مۇزداۋاننى ئىگىلەپ، جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىنى ئۆتۈش يولىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش قەستى بىر يولى تارمار بولدى.

5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ئۈچتۇرپان باتالىيونى راشىدىنجان باتالىيونىنىڭ كەينىدىن ئازلىغىچە كەلگەن بولسىمۇ، ئاخىر كوچا باتالىيونلىرىنىڭ چېكىنىپ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەنسىرەشكە چۈشۈپ ئاقسۇ شەھىرىگە قايتىپ كەتتى، لېكىن ئۇلار يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىنىڭ ئىلگىرىلەپ ئاقسۇغا باستۇرۇپ كېلىشىنى ئويلاپ، يۈزلىگەن ھاشارچىلارنى مەجبۇرلاش ئارقىلىق، ئالدىراشلىق بىلەن داۋبېشى قەبرىستانلىقىغا بېگىس ھەربىي قورۇلمىلار ياساشقا كىرىشتى، كەپتەرخانا گۇمبىزى ئالدىدىكى قارىغا ئېلىش ئۆشۈكلىرىگە ئىگە پوتەيتى ئېغىزلىق قىلىنىلتىش ۋە ئېگىزلىتىپ ياساشنى باشلىۋەتتى. بىراق، ئۇلار قەبرىستانلىقتا قىلغۇاتقانلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئىللىي ئارمىيىنى كەلگۈسىدە پايدىلىنىپ كەتمىسۇن، دېگەن مەقسەت بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ لەڭگەر كۆۋرۈكىدىكى كوچا ۋە مەھەللىلەردىكى ئۇنىلغان پوتەيلەرنى ئۆرۈپ تاشلاپ، بۇلارنىڭ چۆرە - ئەتراپىدىكى لەخمىلەرنى تىندۇرۇپ تۈزلىۋەتتى.

5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ئۈچتۇرپان باتالىيونى يەنە، جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئوق ئېتىش جايى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، شەھەر سېپىلى ئەتراپىدىكى



تاشقىرىقى بازارنى، ئاسۇق، سۇجۇ مەھەللىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قەشقەر، خوتەن دەرۋازىلىرىغا ياندىش كوچىلاردىكى ئېگىز - ئېگىز ئۆي - ئىمارەتلەرنى، شۇ جۈملىدىن، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى جايلاشقان بېگى بىنا دېلىق چوڭ بىر يۈرۈش ئىمارەتلەرنى، ئىشخانا ۋە ئوقۇش بىنالىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاۋات تاشقىرىقى بازىرى بىلەن يۈزلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرى، ئاشخانىلار، چايخانىلار، ناۋايخانا، سامسىخانىلار، پارچە - پۇرات سودا - سېتىق دۇكانلىرى بىر تۇتاش ۋەيران بولۇپ كەتتى. ئاھالىلەر ئۆيسىز، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىناسىز قالدى...

## يارىدار بار يەردە، شەپقەت ھەمشىرىسى بولدۇ...

جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىنىڭ كونىشەھەر ناھىيىلىك بانكا بىناسىدا تەشكىل قىلىنغان ۋاقىتلىق ھەربىي دوختۇرخانىدىن يېنىك يارىدارلار راشىدىنجان باتالىيونى بىلەن بىللە كېتىپ، يۆتكىگىلى بولمايدىغان ئېغىر يارىدارلار قېپقالغان چاغدا، پولكنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى قەمەرنىسا ئېغىر يارىدارلارنى قارانچۇقسىز تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماي، ئۇلار بىلەن بىللە بۇ يەردە قېپقالغانىدى. يېنىك يارىدارلارنى ئەكېتىشكە

ياردەملەشكۈچى تىببىي خىزمەت ۋىزۋوتىنىڭ كوماندىرى بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھلىق قىلغۇچى جەڭچىلەر يانلىغا ئات ئەكەلگەندە، شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ مىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئايرىم ئات ئەكەلگەنىدى. يېنىك ياردارلار بىلەن ئېغىر ياردارلارنىڭ ئايرىلىش مىنۇتلىرى چوڭقۇر يىغا - زار، ئېغىر جۇدالىق ۋە مۇسىبەتلىك ھېسسىيات ئىچىدە ئۆتتى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتلىق خوشلىشىش بولماي، مەڭگۈلۈك ئايرىلىش، ئاخىرەتلىك سەپەر ۋە قايغۇلۇق ۋىدالىشىش ئىدى. چۈنكى ئېغىر ياردارلار ئەكېتىشنىڭ ئىلاجسىزلىقىدىن بۇ يەرگە — دۈشمەن چاڭگال سېلىپ كېلىۋاتقان جايغا تاشلاپ كېتىلمەكتە ئىدى. ياردارلار ئىلگىرى ساق، تەمبەل چاغلىرىدا بىر - بىرىگە يانمۇيان تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى بىرلىكتە ھايات - ماماتلىق ئۇرۇشى قىلىپلا قالماي، ئوق تېگىپ نىمجان بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ، ئەنە شۇ دوختۇرخانىدا بىللە يېتىپ، ناكارلىقنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتىشقان، تەڭ داۋالانغانىدى. ئەمدى ئۇلار دۈشمەنلەر جاللاتلىق قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، كونىشەھەرگە ھۇجۇم بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەلەملىك پەيتتە، تەقدىرگە تەن بېرىپ، بىر - بىرىدىن ئۈشتۈمتۇت تەبىئىي ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر دەقىقە ئىدى!...

بۇ يەردە قېپقالغان ئېغىر ياردارلارنىڭ تەقدىرى قايسى قىيىن - قىستاق ۋە ئازابلاشلاردىن باشلىنىپ، قانداق مۇدھىش پاجىئەلەر بىلەن ئاخىرلىشار؟ بۇ ھەممە كىشىگە، بەلكى باشقىلاردىن ئاۋۋال ياردارلارنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ ئايان ئىدى. دۈشمەن رەھىمسىز ئىدى، ئەسىرلەرگە شەپقەت قىلمايتتى. شۇڭا، يېنىك ياردارلار ئېغىر ياردارلار بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قويۇق ياش تۆكۈپ تۇرۇپ خوشلاشتى. شەپقەت ھەمشىرىسى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇردى ۋە قايغۇلۇق



ھېسداشلىقتىن تەسىرلەندى. ئاخىر ئۇ: «يېنىك ۋە ئېغىر ياردارلارنى داۋالاپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش. ئېغىر ياردارلار قەيەردە بولسا مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن، ياردار بار يەردە ئەلۋەتتە شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇشى كېرەك» دېگەن چوڭقۇر چۈشەنچە بىلەن، ۋاقىتلىق ھەربىي بالنىتسىدا قېپقېلىش قارارىغا كەلدى. تىببىي خىزمەت ۋىزۋوتىنىڭ كوماندىرى بىللە كەلگەن ئىككى جەڭچى ئالدىراق مېڭىپ تۇرۇش ئۈچۈن، يېنىك ياردارلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا قەمەرنىسا قېپقېلىشقا باھانە ئىزدەپ، ئېغىر ياردارلارغا دورا ئىچكۈزۈش، بېشىنى يۆتكەپ، جاراھەتلىرىنى تېڭىش، لۆڭگە ھۆلدەپ، باش - كۆزلىرىنى سۈرتۈش ئىشلىرى بىلەن ئۇزاققىچە بەند بولۇپ تۇرۇۋالدى. ۋىزۋوت كوماندىرى بۇ ئىشلار ئىشلىنىپ بولغۇچە چىدام بىلەن كۈتتى. شۇندىن كېيىن يەنە قەمەرنىسا ئادەتتىكى خاتىرجەم كۈلەرىدىكىدەك يانىكا ھويلىسىدىكى يازلىق ئوچاققا ئوت يېقىپ، ياردارلارغا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن چاي قاينىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئاڭغىچە كونىشەھەربازىرىنىڭ قايسىبىر كوچىسىدىن پاراسلاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى كېلىپ، ئارقىدىنلا بۇنىڭغا ۋالاق قىلىپ پارتىلىغان قول بومبىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ ئەھۋال يېڭىشەھەر تەرەپتىن راشىدىنجان باتالىيونىغا ئىز بېسىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرىنىڭ كونىشەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئارىدىن سەل ئۆتمەي، ياربېشى ئۈستىدە كەسكىن ئوق ئېتىشىشلىرى باشلىنىپ، ئۇزاققا بارماي يەنە توختاپ كەتتى. بۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن كونىشەھەردىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چېكىنىپ چىققان بىر ۋىزۋوت مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ئىدى. بۇ ۋىزۋوت ئۆزلىرىنى قوغداپ، قىسقا مەزگىللىك ئۇرۇش قىلغاندىن

كېيىن، قوغان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. شۇندىن كېيىن بانكىنىڭ يان تەرىپىدىكى تار جەينەكچە ئەگمە كوچىدىن تۆت ـ بەش ئاتنىڭ دۈپۈرلەپ ماڭغان ۋاقتىدىكى تۇياق ئاۋازى كېلىپ، بارا ـ بارا يىراقلىشىپ جىمىپ بولدى. ئۇلار ئەشمەبۇلاق يېنىدىن ئېگىزگە، بازار ئىچىدىن يار ئۈستىگە ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان قايسىبىر قىراللىق كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ۋىزۇۋوت كوماندىرىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسىنى ساقلاۋېرىپ تاقىتى ـ تاق بولدى. قەمەرنىسا بۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق ۋەقە بولمايۋاتقاندەك ھەدەپ باش چۆكۈرۈپ، ئۆز ئىشىنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى. ئاخىر ۋىزۇۋوت كوماندىرى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن قول ئاستىدىكى جەڭچىلەرگە ۋارقىرىغاندەك ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— قەمەرنىسا، قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى توختىتىپ، چاپسان ئاتقا مىنىڭ، بۇ يەردىن مېنىڭ بىلەن بىللە كېتىسىز! — دېدى.

— ياق، كەتمەيمەن! — غودۇڭشىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى شەپقەت ھەمشىرىسى، — ياردارلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ، مەن قەيەرگە كەتمەكچىدىم، كەتمەيمەن، زادى بۇ يەردىن ئايرىلمايمەن!

— مېنىڭ تىببىي خىزمەت ۋىزۇۋوتىنىڭ كوماندىرى، ئەق سىزنىڭ كوماندىرىڭىز ئىكەنلىكىمنى بىلمىسىزمۇ!؟ — دېدى ئۇ، — مېنىڭدىن بۇيرۇق: ھازىر بۇ يەردىن كېتىسىز! چاپسان ئاتقا مىنىڭ!

— دوختۇرخانىنى تاشلاپ كېتىشكە قىلچە رازى ئەمەسمەن! روتا، ھەتتا باتالىيون كوماندىرى كەلسىمۇ مېنىڭ ئېيتىدىغان گېپىم شۇ، مېنىڭ ۋەزىپەم ياردارلارنى بېقىش. ئۇلار قەيەردە بولسا مەنمۇ شەرتسىز شۇ يەردە بولىمەن! كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزغا ھازىرچە بويسۇنالمايمەن!...

— دىققەت قىلىڭ. مېنىڭ دېگەنلىرىم بۇيرۇق، بۇ يەنە مېنىڭلا ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا، سىياسىي كومىسسارلارنىڭمۇ بۇيرۇقى.



ئۇلار ماڭا يېنىڭ ياردارلار بىلەن بىللە سىزنىمۇ ئەكېتىشنى بۇيرۇغان!

ۋىزۇۋوت كوماندىرىنىڭ ئېيتقانلىرى راست ۋە قەتئىي ئىدى. قەمەرنىسا ئىككىلىنىپ قالدى، بارا ـ بارا بوشاپ، بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ كىگىز قالپىقىنى تۈزەشتۈرۈپ كىيىپ، ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىنى يۆگەپ ئۇنىڭ ئىچىگە تىقتى. بەل تاسمىسىنى يېشىپ، باشقىدىن چىڭ باغلىدى. ھەربىي خالتىسىنى قېقىشتۇرۇپ بولۇپ بوينىغا ئاستى ۋە ئۇنىڭغا ئىككى دانە قول بومبىسى سالدى. تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوقىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈردى. بېلىدىكى ئوقدانىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنى ئوق بىلەن تولۇقلىدى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن يەنە، ھەربىر ياردارغا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىچىشكە تېگىشلىك دورىلارنى تۇتقۇزۇپ، ھېجىر ـ چىنىلەرنى قايناق سۇ بىلەن تولدۇرۇپ قويدى. ئاخىردا شەپقەت ھەمشىرىسى شەخسەن ئۆزى ۋاپادارلىق بىلەن كۈتكەن، داۋالىغان ۋە ھالىدىن تىنىمسىز خەۋەر ئېلىپ تۇرغان، 20 نەچچە كۈن داۋامىدا ئاكا ـ سىڭىللارچە قويۇق سىرداش بولۇپ كەتكەن بۇ ياردار جەڭچىلەرگە قويۇق مېھرىبانلىق بىلەن يېنىش ـ يېنىش قارىدى. تارىغانچە ئۇلارغا شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ ۋىجدانىي مۇھەببىتى ۋە چوڭقۇر قىزغىنلىقى ئېشىپ، ئۆزىنىڭ ياردارلاردىن بولۇپمۇ مۇشۇ ئېغىر پاجىئەلىك دەقىقىلەردە قەتئىي ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى. ئاخىر ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئالدىدىكى ياردار مۇڭغۇل جەڭچى دامىرجاپ ئاكىنىڭ كارىۋىتىغا تاشلىدى. دامىرجاپ ئاكا يارىبېشى قەبرىستانلىقىدىكى ئۇرۇشتا دول گۈرجىكىگە دۈشمەن توققۇز ئاتارىنىڭ ئوقى كىرىپ، ئېغىر ياردار بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىدام بىلەن بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ، قەمەرنىسانى ئەڭ

سۆيۈملۈك يالقۇندەك سەمىمىي نىيەت بىلەن سۆزلىدى:

— دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ يەرگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىۋاتىسىز، — دېدى ئۇ، — بۇ ناھايىتى جىددىي، خەتەرلىك پەيت. ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ، تېز مېڭىپ، جەڭچىلىرىمىزگە يېتىشىۋېلىڭ. ئۇرۇش تېخى تۈگىگىنى يوق، ئۇ يەنە بولىدۇ. ئۇرۇش بولىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۆلۈش، يارىدارلىنىش ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بىز سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازى. سىز بۇندىن كېيىن يېڭى يارىدارلارنى داۋالايسىز. بىز پولكىمىزنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىشىنىمىز. تەقدىرىمىز ئوڭ كېلىپ، بەختىمىزگە ئۆلتۈرۈلمەي قېپقالساق ناھايىتى ياخشى. ئۇ چاغدا سىزلەر بىلەن يەنە مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. تېز مېڭىڭ، ئەمدى كېچىكمەڭ، بىزدىن زادى غەم يېمەڭ. خەير-خوش قىزىم!...

شەپقەت ھەمشىرىسى كارىۋاتتىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى، ئەكسىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ تېخىمۇ قويۇق ياش تۆكەتتى. شۇندىن كېيىن مۇھەممەت مۇئەللىم باتالىيوننىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ھامىت ئۇنى بەزلەشكە تىرىشتى. ئابدۇللا داۋۇتوپ بايدا يوشۇرۇن قۇرغان ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاكتىپ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ھامىت راشىدىنجان، مۇھەممەت مۇئەللىملەر بىلەن ئۆز يېزىسى قۇشتېمىدا ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كېمىنداك باي ئاھمىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمى باشلىقىنى ئۆلتۈرگەن ۋە شۇندىن كېيىن جەنۇبىي يۈنىلىش قىسمىغا كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن ئاخىر ئاقياردىكى ئۇرۇشتا ياقالچاق سۆڭىكىگە ئوق تېگىپ ئېغىر يارىدار بولۇپ قالغانىدى. ھامىت شەپقەت ھەمشىرىسىنى سەمىمىي سۆزلەر بىلەن بەزلەپ تۇرۇپ:

— قەمەرنىسا، بۇ يەردىن چاپسان كېتىڭ، — دېدى، —



يەنە كېچىكسىڭىز جەڭچىلىرىمىز تېخىمۇ ئۇزاپ كېتىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇۋېلىشىڭىز تەسلىشىپ قالىدۇ. دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قېپ قالسىڭىز بۆسۈپ چىقالمايسىز، سىزمۇ، ۋىزۋوت كوماندىرىمۇ تەڭ قۇربان بولۇپ كېتىشىڭىزلار مۇمكىن. ئۇ چاغدا بۇ بىكاردىن-بىكار ئۆلۈپ كېتىش بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەر بىر جەڭچىنىڭ دادىل، ساغلام نۆكەرلەردەك تۇرۇشى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ كېيىنكى جەڭلىرىمىزدە غەلىبە قىلىشقا پايدىلىق. سىز بۇ يەردىن كەتكەن بىلەن يەنە باشقا يارىدارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسىز ئەمەسمۇ؟ بۇمۇ ئوخشاشلا سىزنىڭ قىلىشىڭىزغا تېگىشلىك ئىش!

دول ئومۇرتقىسىغا ئوق تېگىپ، قولتۇقىدىن تارتىپ مۈرىسىگىچە تېڭىپ قويۇلغان يەنە بىر يارىدار جەڭچى ھامىتنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، شەپقەت ھەمشىرىسىگە تەسەللىي قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى، ناھايىتى يېقىن بىر جايدىن ئېتىلغان ئوق ۋاقىتلىق ھەربىي دوختۇرخانا ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى. ئارقىدىن يەنە بانكا دەرۋازىسى ئالدىدىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھەش - پەش دېگۈچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا ھويلا ئىچىدە بىر دانە قول بومبىسى قۇلاقنى يارغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق پارتلىدى. شۇ چاغدا بۇ يەرگە 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئالدىن يىزۇرۇپ، كونىشەھەر بازىرىنى چارلىغۇچى ئىككى ئەسكىرى كەلگەنىدى. تىببىي خىزمەت ۋىزۋوتىنىڭ كوماندىرى شۇ ھامان يارىدارلار ياتقىنىدىن چىقتى - دە، ھويلا ئىچىدىن تام ياقىلاپ بېرىپ، دەرۋازا كەينىگە يوشۇرۇندى. ۋاقىتلىق ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ جىمجىت تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەندىشىسى تارقىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بەخىرامان ھويلا ئىچىگە باش تىقىپ كىردى، ۋىزۋوت كوماندىرى ئۇلاردىن بىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. يەنە بىرى بىلىكىگە ئوق تېگىپ، يارىدار بولغاندىن كېيىن كەينىگە

ئات سېلىپ قاچتى. ۋىزۋوت كوماندىرى ئاتلىنىپ، ئۇنىمۇ تىرىك
قويۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن بىر-
ئاز ئۆتۈپ، يانىكا يېنىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ تەرەپ-
تىن چاڭگىلداپ ئوق ئېتىلىپ، ئارقىدىنلا قايسىبىر ئايالنىڭ
ئىنتايىن ئاچچىق يىغىسى بىلەن ئېچىنىشلىق داد - پەريادى
ئاڭلاندى. لېكىن يەنە بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى قورقۇنچلۇق چۈشكە
ئوخشاش بىردەمدىلا جىمىپ يوقاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن
دوختۇرخانىغا بەش - ئالتە ياشلار چامىسىدىكى كىچىك بىر ئوغۇل
بالىنىڭ «ۋاي ئانا، جېنىم ئانا!» دېگەن يىغا ئارىلاش قور-
قۇنچلۇق ئاۋازى كېلىپ، يەنە بىر ئوق ئاۋازىنىڭ چىقىشى بىلەن
ئۇنىڭ يىغىسىمۇ ئۈشتۈمتۇت جىمىپ قالدى. بۇ گومىنداڭ ھەر-
بىي ئوفىتسېرىنىڭ يېڭىشەھەر مۇھاسىرىدە ۋاقتىدا سېپىلدىن
سىيرىلىپ چۈشۈپ، مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەن كو-
نىشەھەرلىك بىر ئەسكەردىن ئۆچ ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ
ئانىسى بىلەن ئىنىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكىنى ئىدى. شەپقەت ھەم-
شىرىسى شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ جىددىيلەشتى، ئۇ شۇ چاغدا
ياردارلار ياتىقىدا تەقدىرگە تەن بېرىپ، قايغۇ - ئەلەم بىلەن
تۇرۇۋېرىشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى چۈشەندى-
دە، دامىرجاپ ئاكىسىنىڭ كارىۋىتىدىن سىلكىنىپ قوپۇپ، تاپانچى-
سىنى غىلاپىدىن چىقارغان پېتى ياردارلار بىلەن خوشلىشىشنى
ئۇنتۇغان ھالدا ياتاقتىن سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى. دوختۇرخانا
ھويلىسىدا مىللىي ئارمىيە پولك شتابى ئۇنىڭغا تىببىي خىزمەت
ۋىزۋوتىنىڭ كوماندىرىدىن مەخسۇس ئەۋەتكەن قارا يورغا ئېگەر-
توقۇملىرى بىلەن تەييار باغلاقلىق تۇراتتى. قەمەرنىسا ئاتقا
مىنىپ، ئانا - بالا شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن يەرگە —
مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا
يېڭىلا ئۆلۈكلەر يېنىدىن ئايرىلىپ، كۆرەڭلىك بىلەن كېتىۋاتقان



دۈشمەن ئوفىتسېرى ئارقا تەرەپتىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ
ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تارتىپ، يان كوچا ئىچىگە قاراپ
ئاستا ماڭماقتا ئىدى. ئۇزايىدىن ئۇ ئانا - بالا ئىككىيلەننى
ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خۇشال، كۆڭلى خاتىرجەم، بەختىياران
كۆرۈنەتتى. قەمەرنىسا چاققانلىق بىلەن يېقىنلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ
چېكىسىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزدى. مېڭىسى قوناق ئۇنىنىڭ خې-
مىرىدەك ئۈۋۈلىنىپ چېچىلغان ھەربىي ئوفىتسېر ئاتتىن دومىلاپ،
تويلاڭغۇچقا يىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شەپقەت ھەمشىرىسى
ئىزۋوت كوماندىرى بىلەن بىللە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ
چوڭ توپىغا قوشۇلۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ ياربېشى تە-
رەپكە ئات سالدى. بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى كوچا
4 - پىيادىلەر پولكىنىڭ باتالىيونلىرىنى تازىلەڭگىرىدىن قوغ-
لىغانچە بۇزدۆك تەرەپكە كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن
كونىشەھەر بازىرىنى 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ئۇچتۇرپان باتا-
لىيونى ئىگىلەپ، ئۆز قوللىرىغا تولۇق كىرگۈزۈپ بولغانىدى.
بۇ جاينىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى
يامراپ يۈرەتتى. ياربېشىدا ئاندا - ساندا ئوق ئۈزۈشلەر يۈز
بېرىپ، ئاخىرقى پارچە - پۇرات ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى داۋام
قىلىپ تۇراتتى. قەمەرنىسا يار ئۈستىگە چىقىۋېلىش ئۈچۈن توپ-
توغرا شەرق تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ، ئەشمەبۇلاق بېزەكلىكىگە
كەلدى ۋە بۇ يەردىن ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن دەپسەڭگە
قەدەم قويغانىدى. كۆتۈرۈلمىگەندە ئېتىغا ئوق تېگىپ پىيادە
قالدى. دەل شۇ پەيتتە قەمەرنىساغا ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرى
قارشى تەرەپتىن ئۇدۇللاپ روبىرو بولۇپ كەلدى. ئەسكەرلەر لالما
ئىتلار گويا تاپقا ئېتىلغاندەك ئۇنىڭغا ئاچكۆزلۈك بىلەن ئېتى-
لىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ ياپياش-
قىنا ھۆسن - جامالىق گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ھەم

مەستخۇشلۇق، ھەم كۆزگە ئىلماسلىق نەزەرى بىلەن ئوق ئاتماستىن تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن يېگۈرۈشەتتى. ئۇلار خېلى يېقىن كېلىپ قالدى. قەمەرنىسا چاققانلىق بىلەن دەپسەنىڭ يېنىدىكى خارابە تاملىق ئىچىگە كىرىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئوق ئۈزدى. ئۇلاردىن بىرى ئۆلۈپ، يەنە بىر ئىتتىغا يىتتۇۋېلىپ قېچىپ، ھەماللار ئىچىدە غايىب بولدى. بۇ ئەھۋاللارنى يار ئۈستىدىن كىتتىۋاتقان باشقا بىر گومىنداڭ ئەسكىرى بايقاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆملەپ كېلىپ، يار لىۋىدىن خارابە تاملىق ئىچىگە قول بومبىسى تاشلاپ، قەمەرنىسانى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە تەييارلاندى. بىراق دەپسەنىڭ ئۇدۇلىدىكى قوناقلىق ئىچىدىن يوشۇرۇن ئىتىلغان ئوق بىلەن بۇ ئەسكەر تىن تارتماي ئۆلۈپ، شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ يېنىغا سوقما تامنىڭ چالمىسىدەك دومىلاپ چۈشتى. قەمەرنىسا جىددىي ھايات - ماماتلىق پەيتتە يۈز بەرگەن بۇ سىرلىق ئۆزگىرىشنى بىلەلمەي بىردەم تېڭىرقاپ قالدى. ئاڭغىچە ئۇدۇلىدىكى ئېگىز بوي تارتقان قوناق شاخلىرى بوش شىرىلداپ تەۋرەپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن گومىنداڭ ئەسكىرى كىيىممىدىكى بىر كىشى قورالىنى بەخىرامان تۇتقان ھالدا كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كەلدى. قىز ئۇنى تونۇيالماي قايتىدىن جىددىيلەشتى. تېزلىك بىلەن تاپانچىسىنى قارىغا ئېلىپ، ئېتىپ تاشلاشقا تەمشەلگەنىدى، يىگىت ۋارقىراپ، ئاۋازى ئارقىلىق تونۇشلۇق بېرىپ، قەمەرنىسا بىلەن ئۆزىنىڭ بىر يېزىلىق تۇغقان ۋە ئۆز ۋاقتىدا توي قىلىپ، ئۆمۈرلۈك ھالال جۈپتلەردىن بولۇشقا ۋەدىلەشكەن سەمەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. سەمەت قىزنىڭ ھاياتىغا خەۋپ سېلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ دۈشمەن ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنىدى. شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ كۆز ئالدى چاقناپ، كۆڭلى - كۆكسى ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ قودرەتلىك ھارارىتى بىلەن بىردىنلا يايراپ كەتتى. قىز ئۆزىنىڭ



ئۇرۇش ئوتى تېخى ئۈزۈل - كېسىل توختاپ كەتمىگەن جايدا، يۈزلەن تەقدىرى يېڭىباشتىن گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئەنە شۇ ۋەھشىلىك كونىشەھەر بازىرى ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، خارابە تام ئىچىدىن سەمەتنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقماقچى بولغانىدى، يىگىت ئوچۇقچىلىقتا ئەسكەرلەرنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قىزنى توختىتىپ، ئۆزى چەبدەسلىك بىلەن خارابە تام ئىچىگە ئۆتتى. سەمەت بۇ سەممىمىي، ئاق كۆڭۈل سۆيگىنى بىلەن كۆزدىن خالىي شۇ دالدا جايدا كۆرۈشۈپ، بىر يەردە جەم بولدى. ئۇلار چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ چاغدا يار ئۈستى بىلەن يار ئاستىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ئاتدا - ساندا داۋام قىلىپ تۇراتتى. بۇ يەرگە يەنە قەيەرلەردىندۇر، يىراق بىر يەردىن گۈمبۈرلەپ پارتلىغان قول بومبىلىرى بىلەن قويۇق چاكىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىمۇ كېلىپ تۇراتتى. ئۇرۇش كونىشەھەر بازىرىدىن يىراق بىر جايدا داۋام قىلىپ، جەنۇبىي يۈنلىش پولكى كۇچا باتالىيونلىرىنى قوغلاپ، شىمال تەرەپكە ھەيدەپ سۈرۈپ بارماقتا ئىدى.

كەچ كىرىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، ئەمما تېخى كۈندۈز تۈگىمەپ، تۈن قاراڭغۇسى باشلانمىغانىدى. بۇ چاغدا قەمەرنىسا مىللىي ئارمىيە شەپقەت ھەمشىرىلىرىنىڭ فورمىسىدا قارامتۇل سارغۇچ دېگىنالدىن ئىككى مەيدە يانچۇقلۇق كىمناستيوركا، ئاستى تەرىپىگە يوپكا ۋە بېشىغا سادىر پالۋانچە سېپتا كىگىز قالپاق كىيىۋالغان پېتى ئىدى. قەمەرنىسا بىلەن سەمەت خارابە تاملىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئىچىلىپ بىر سائەتچە ئولتۇردى. ئاڭغىچە ئۇرۇش سېپى يەنىمۇ يىراقلاپ، ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. يار ئۈستىدىن ئۇيياق - بۇيياقتا ئۆتۈپ تۇردىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ۋە ئات تۇياقلىرىنىڭ شەپىلىرى يوقاپ، يۈزلەن ئەتراپ تىمتاس بولۇپ كەتتى. قاراڭغۇلۇق باشلىنىش بىلەن يار تۈۋىدىكى يولدىن

ئاندا – ساندا ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئەسكەرلەرمۇ كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا سەمەت قەمەرنىسانى ئېلىپ، قوناقلىق ئىچىگە ئۆتۈپ، ئاندىن ئۇ يەردىن پەخەسلىك بىلەن ئېتىزلىق ئارىلىقىدىكى يەككە – يېگانە دېھقان ئائىلىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالدى. بۇ سەمەتنىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيى ئىدى. سەمەت شۇ كۈنكى ئۇرۇشتا 5 – ئاتلىقلار پولكىنىڭ كونىشەھەر بازىرىنى كۆزىتىپ قىلغۇچى ۋىزۋوتى تەركىبىدە بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەنىدى. بۇ ۋىزۋوتقا قومباش يېزىسىنىڭ سابىق باجگىرى، سەمەت خالىس پوچىتكەشلىك قىلغان چاغدا ئۇبدان تونۇش بولۇپ كەتكەن، ياۋاش، مۇلايىم جۇاڭ زېڭگۈەن كوماندىرلىق قىلاتتى. سەمەت ئۆز ۋىزۋوتى بىلەن كونىشەھەر بازىرىنى كۆزىتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بوۋىسى بىلەن مومىسىنى يوقلاپ قويۇش ئۈچۈن دەپسەڭ يېنىغا كەلگەنىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ قوناق ئىچىنى ئارىلاپ كېلىۋېتىپ، قەمەرنىسانى دەپسەڭ تۈۋىدە كۆرۈپ قالدى. قەمەرنىسا ئۇنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسىنىڭ تۇغقانىدى. بوۋاي بىلەن موماي قىزنى تونۇپلا قالماي، بەلكى غۇلجىغا كېتىپ قالماستىن ئىلگىرى سەمەت بىلەن توي قىلىشقا ۋەدىلىشىپ قويغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

## سەمەت ۋە قەمەرنىسا

گومىنداڭ 5 – ئاتلىقلار پولكى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇغا كېلىپ قېلىشىغا قارشى ياشلاردىن مەجبۇرىي ئەسكەر ئېلىشنى باشلىۋەتكەن چاغدا، سەمەت ئۆزىنى بۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ھەق ئالمايدىغان خالىسانە پوچتىكەش بولۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاخىر يەنىلا ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلۇپ قالالمىدى. جۇاڭ زېڭگۈەن باجگىرلىك خىزمىتىدىن توختىتىلىپ، قومباشتىن 5 – ئاتلىقلار پولكىغا ئەكىرىپ كېتىلگەن چاغدا، سەمەتمۇ ئىككىنچى قېتىمدىكى ئەسكەر ئېلىش ھەرىكىتىدە تۇتۇلۇپ، ھەربىي سەپكە قوشۇۋېلىندى. سەمەتنىڭ ئاتا – ئانىسى ئوغلىنى بۇ لەنەتلىك ئىشتىن قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ئامال – چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كۆردى. بەگ – دورغىلارغا پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنى بېرىپ باقتى، ئۆيىدىكى بىردىنبىر تىرىكچىلىك قورالى ئاتنى پارا ئورنىدا تۇتتى، بۇلار بەگ – دورغىلارغا ئازلىق قىلدى؛ ئاندىن ئۇلار سەمەتنى ئورا – ئازگاللارغا يوشۇرۇپ باقتى، باشقا كەنت ۋە يىراق يېزىلاردىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆز يۇرتىدىكى ئايكۆل بەگلىرىنىڭ كۆزىدىن قاچۇردى. ئاقىۋەت بۇ چارىلەرنىڭ ھېچبىرى سەمەتنى ئەسكەرلىكتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ياردەم بېرەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاتا – ئانىسى كەمبەغەل بولۇپ، بەگ – دورغىلار ئالدىدا ئابرويى – ئىناۋىتى يوق ئىدى، تەلىپى ئۆتمەيتتى. چۈنكى بۇ چاغدا ئالۋان – ياساق، سەيسى – ھاشار يوقسۇللارنىڭ بېشىغا كېلىپ تۇرغانىدەك، جانجان پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرى قىلىشنى خالىمىغان ئىشقا، ئەسكەرلىككە بەرمەسلىكمۇ ئۇلارنىڭ قەتئىي قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش ئىدى. بىراق سەمەت بۇ كۈنلەردە ئاڭسىزلارچە تەقدىرگە تەن بېرىپ، كۈن كەچۈرىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ كۈندىن – كۈنگە كېڭىيىپ تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن يېقىملىق گەپ – سۆزلەرنى ئاڭلاپ ۋە ئاقسۇ بازىرىغا پوچتىكەشلىك بىلەن ھەر بىر قېتىم كەلگەندە لۈتپۇللا مۇتەللىپتىن غۇلجا گېزىتلىرىنى ئېلىپ كۆرۈپ، قوراللىق

قوزغىلاڭ رەھبىرى بىلەن ئالقۇنجاشقا باشلىغان سەمەت گومىنداڭ پولكى ئىچىگە كىرە - كىرمەيلا دۈشمەنگە كەينىدىن تەيزە ئۇرۇش يولىنى تاللاپ بولغانىدى. ئۇ شۇ يول بىلەن ماڭدى ۋە بۇ يولدا يارغانسېرى ئىچكىرىلىدى. ئۇ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ گومىنداڭ ھەربىيلىرى بىلەن ئۇرۇش سېپىدە روبىرو بولۇشۇپ، كەسكىن ئېلىشىۋاتقان چاغدىكى شەۋكەتلىك مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ۋاقىتتا، ئاستا شۇبىرلاپ، قەتئىي بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئۆز - ئۆزىگە: «ھەي سەمەت، گومىنداڭ پولكى ئىچىدە يۈزلىگەن يېڭى ئەسكەرلەرگە ئوخشاش بۈگۈن سەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان بولساڭمۇ، ئەمما بۇنىڭ بىر ياخشى تەرىپى شۇكى، بۇ ئىش بىلەن سېنىڭ قولۇڭغا قورال كەلدى، سەن بۇنى، پەيت كەلگەندە گومىنداڭچىلارغا قارشى ئىشلىتەلەيسەن» دەيتتى. سەمەت گومىنداڭنىڭ ئەسكىرى بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ھار ئالاتتى، لېكىن ئۇ ئەنە شۇ سۆز بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ سەمەت 5 - ئاتلىقلار پولكى ئىچىدە مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ھەم يېزىلىق دېھقان ياشلىرى ئارىسىدا ئىنقىلاب مەنپەئەتى يولىدا يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئاۋانگارتى بولۇپ قالدى. ئايكۆل يېزىسىدىن سەمەت بىلەن بىللە ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ياشلار ئۇنىڭ كىچىككىدىن بۇيان بىللە ئويناپ، بىللە ئىشلەپ كەلگەن تەڭتۇش سىرداش دوستلىرى ئىدى. ئۇ يەنە 5 - ئاتلىقلار پولكىغا كەلگەندىن بېرى ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان قارىتال، بەشئېرىق، قۇمباش، توپلۇق، بەشتۈگمەن ياشلىرى بىلەن تونۇشتى. شۇنداق قىلىپ سەمەت ھەر بىر پەيتى كەلگەندە، يوشۇرۇن تەشۋىقاتچى سۈپىتىدە ئىككىلەنمەستىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارغا گومىنداڭ تەرەپتە تۇرۇپ، ئۆز جېنىنى ناھەق ئىش ئۈچۈن ھالاك قىلىپ



بېرىشنىڭ خەلق ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەت بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇردى.

ئاخىر ئاقسۇغا مىللىي ئارمىيە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر دەرۋازىلىرى چىڭ تاقىلىپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي - ساقچى، مۇلكىي ئەمەلدارلىرى سېپىل ئىچىگە قامىلىپ قالدى. 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ بىر قانچە باتالىيون ئەسكىرى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىر قانچە ئون كىشىلىك ساقچى ئەترىتىمۇ شەھەر تۆت قوۋۇقلىرى، سېپىل بەدەنلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا سەمەت مىللىي ئارمىيىگە قارشى ئوق ئېتىشنى تېخىمۇ خالىمىدى. بەلكى ئۇ ئىسيانكار روھ بىلەن شەھەر ئىچىدىن قېچىپ چىقىپ، مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلۇۋېلىش يولىنى ئىزدىدى. شەھەر مۇھاسىرىدە تۇرغان مەزگىلدە، بەزى يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە قوشۇلۇۋېلىش ۋەقەلىرى بولۇپ تۇردى. ئەڭ ئاۋۋال ئايكۆل يېزىسىدىن كەلگەن پەيزۇللا، قارىتاللىق ئابدۇشۈكۈر، ساقساقلىق قەييۇملار شۇنداق قىلدى. ئۇلارنىڭ ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق ئۆزئارا كىرىشىپ، ئاجرالماس بولۇپ كەتكەن بۇ خەتەرلىك باتۇرلۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىگە كېلىشكە قىسمەن بولسىمۇ سەمەتنىڭ يوشۇرۇن تەشۋىقاتچىلىق پائالىيىتى رول ئوينىغۇدەك. ئۇلارنىڭ مىللىي ئارمىيە سېپىگىمۇ ئۆلۈم پاجىئەسىگە ئۇچرىماي، ساق - سالامەت بېرىۋېلىشىدا يەنە شۇ سەمەت بىۋاستە ھالقىلىق رولىنى ئوينىدى. ئۇ، پەيزۇللا، ئابدۇشۈكۈر، قەييۇملارغا قورال - ياراغلىرى بىلەن سېپىلدىن سىيرىلىش ۋاقتىدا كۆزرەسكە سېلىش ئارقىلىق دالدا بولۇپ بەرگەن بولسا، يەر ئۈستىدە ئۇلارنىڭ قارشى مەيكە تىرىك ئۆتۈشۈۋېلىشىغا كەينىدىن ئوق ئاتماستىن مەددەتكارلىق روھى بىلەن جىم تۇرۇپ بەردى. سەمەت شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىنغان كۈن-

نىڭ دەسلەپكى كېچىسىلا سىيرىلىپ قېچىشىنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ، بۇ ئىشنىڭ تېگىشلىك تەييارلىقلىرىنى قىلىپ قويغانىدى، لېكىن ئۇ ھەمراھلىرىنى ئاۋۋال قېچىشقا تەشكىللەشنىڭ «زۆرۈرلۈكىنى» ھېسابقا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قېچىش ۋاقتىنى ئاتايىن ئارقىغا سۈردى. كېيىنچە پولك شتابى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى سېپىلدىن سىيرىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەسكەرلەر ئىچىگە پايلاقچىلارنى تىقىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئىسياتكار ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن مەھرۇم بولۇپ، گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىن نېرى - بېرىشقا تەۋرىيەلمەس بولۇپ قالغانىدى.

5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ سەمەت قاتناشتۇرۇلغان ۋەزىيىتى مۇندىن ئۈچ ئاي مۇقەددەم زاپاس ھەربىي بۆلۈنمىلەر قاتارىدا يېڭى تەشكىل قىلىنغان ۋەزىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاقسۇدا ئۇرۇش ۋەھىمىسى كۈچەيگەندىن كېيىن يېزىلاردىن تۇتۇپ كېلىنگەن دېھقان ياشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئۆسمۈر ۋاقتىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ روشدى سىنىپىنچە ئوقۇپ، خەت - ساۋاتلىق بولۇپ قالغانلىقتىن، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ پەقەت مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن باشقا ئەسكەرلىرىگە قارىغاندا، ئوقۇمۇشلۇق يىگىتلەردىن ھېسابلىناتتى. ئۇلارغا سابىق باجگىر جۇاڭ زېڭگۈەن كوماندىرلىق قىلاتتى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئەڭ كېيىنكى ۋاقىتقىچە قۇمباش، ئايكۆل يېزىلىرىدىكى دېھقان ياشلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن، ئاقسۇ خەلقىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىق روھى بىلەن تونۇلغان بۇ مۇلايىم خەنزۇ يىگىتنى ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا ئانچە ئىشەنچلىك كىشى دەپ ئېيتقىلى بولمايتتى. بۇ ۋەزىيەت جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنى ئاقسۇغا كېلىپ، يېڭىشەھەر شەھەر سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن بۇيانقى 23 كۈن داۋامىدا سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ، پاسسىپ مۇداپىئە



بىلەنلا بولۇپ كەلدى. 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ئۈچتۇرپان باتالىيونى بىرلىشىپ، راشىدىنجان باتالىيونىغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن چاغدىمۇ، ئۇلار يەنە بىۋاسىتە ئۇرۇشقا سېلىنماي، ئارقا سەپ ياردەمچى ئەسكەرلىرى سۈپىتىدە كونىشەھەر بازىرىنى قوغداپ تۇرۇشقا قويۇلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ جۇاڭ زېڭگۈەن ۋەزىيىتىنىڭ ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ، شەھەر تېشىغا چىقىشى بىرىنچى قېتىم بولغىنىدەك، مۇشۇ ۋەزىيەت تەركىبىدىكى يېڭى ئەسكەر سەمەتنىڭ سېپىلدىن چۈشۈپ، كونىشەھەر بازىرىغا كىرىشىمۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىش بولدى.

سەمەت قەمەرنىسانىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغۇچى مىللىي ئارمىيە بىلەن بىللە ئاقسۇغا كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن يارىبېشى دەپسىگىدە ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ۋەقە سۈپىتىدە ھېس قىلسىمۇ، ئەمما بۇ قىزنىڭ ئەركىنلىك جەڭچىلىرى ئىچىدە شەپقەت ھەمشىرىسىگە ئوخشاش بىر خىل ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتقانلىقىدىن ئارتۇقچە ھەيران بولۇپ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇ لۈتپۇللا مۇتەللىپتىن ئېلىپ ئوقۇيدىغان، ئاندىن يەنە ئايكۆل يېزىسىغا يوشۇرۇن ئاپىرىپ بۇ يەردىكى تەڭقۇر ئوقۇتقۇچىلار ئىچىگە تارقىلىپ تۇرىدىغان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ قايسىبىر سانىدىن مۇنداق بىر خەۋەرنى كۆرگەنىدى. قەمەرنىسانىڭ نامى ئۇچۇق بايان قىلىنغان بۇ خەۋەردە مۇنۇلار يېزىلغانىدى: «غۇلجا ھەرەمباغ ئۇرۇشى ھەدىگەندىلا كەسكىن تۈس ئېلىپ، بۇ يەردە قوراللىق قوزغىلاڭچىلارغا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىشكە باشلىغان چاغدا، مەشھۇر شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل بەختكە قارشى دۈشمەنلەرنىڭ شۇم ئوقىدا قەھرىمانلارچە

قۇربان بولدى، ئۇ، بۇ يەردىكى ئۇرۇش سېپىدە قوزغىلاڭچى خەلقلەردىن ياردار بولغانلىرىغا تىببىي ياردەم كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى داسلىكلاردا ئارقا سەپكە يۆتكەش خىزمىتى بىلەن قول - قولىغا تەگمەي جىددىي مەشغۇل بولۇپ تۇراتتى. دۈشمەنلەرنىڭ قېچىش ئالدىدا جان تالىشىپ تۇرۇپ ئاتقان بىر ئوقى بۇ قەھرىمان ياش قىزنى قۇربان قىلىپ، ئۇنىڭ قوراللىق ئىنقىلابىمىز ئۈچۈن كېرەكلىك ھاياتىنى ۋاپاسىزلىق بىلەن بىمەزگىل ئاياغلاشتۇردى. شەپقەت ھەمشىرىمىز رىزۋانگۈل ئوق يامغۇر بولۇپ چۈشۈۋاتقان ئۇرۇش سېپىدە ئەنە شۇنداق قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، لېكىن ئۇ داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەن ئىش توختاپ قالمىدى. بىر شەپقەت ھەمشىرىسى ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى بىرمۇنچە شەپقەت ھەمشىرىلىرى ئىگىلىدى. رىزۋانگۈلنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغان كۈنىلا غۇلجا شەھىرىدىن ئونلىغان قىز - چوكانلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ شتابقا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقسۇدىن غۇلجىغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كېلىپ تۇرۇپ قالغان قەمەرنىسا، قەشقەرلىق ئامانگۈل، ئاتۇشلۇق تۇنساخانغا ئوخشاش مۇساپىر قىزلارمۇ بار. ئۇلار ھازىر پارتىزان ئەترەتلىرىگە تارقىتىلىپ، شەپقەت ھەمشىرىلىك خىزمىتىنى قورقۇمسىزلىق بىلەن ئادا قىلماقتا.

قەمەرنىسا ئۆتكەن يىل كۈزگە يېقىن ئۆز يېزىسى ئايكۆلدىن غۇلجىدا ئۆيى - ئوچاقلىق بولۇپ قالغان ئاچىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنىدى. بىراق ئۇ قايتىپ كەلگىچە، ئۇ يەردە ئىنقىلاب پارتلاپ، يول توسۇلۇپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلەلمىدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەممىدىن كۆپرەك قەمەرنىسا تېزرەك قايتىپ كەلسە، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇقىدا ئۇنىڭ سەمەت بىلەن توينى قىلىۋېلىپ، خاتىرجەم بولۇۋالساق،



دەپ ئويلايتتى. ئۇلار قەمەرنىسادىن كۆپ ئەنسىرىدى: تېز قايتىپ كېلىشىنى جېكىپ، غۇلجىغا بىرقانچە قېتىم خەت ئەۋەتتى. ئەمما ئۇچۇرىنى ئالالمىدى، چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ ئاھالىسىنىڭ ناھايىتى زور كۆپچىلىكى غۇلجىدا ئىنقىلاب باشلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بۇ يەردىكى خەلقنىڭ بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئويغىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، قوراللىق ئىنقىلاب توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ تارقىلىپ قېلىشىنى جان - جەھلى بىلەن توسۇيتتى.

قەمەرنىسا ھەقىقەتەن پۈتۈن ئايكۆل ئاھالىسى پەخىرلەنسە ئەرزىگۈدەك ئىنتايىن چىچەن، نومۇسچان، ۋىجدانلىق، گۈزەل قىز ئىدى. ئۇ بۇ يىل 20 - باھارنى باشلاپ، تولۇق يېتىلگەن چاچلىق قىز دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. ئەمدىلەتىن 22 ياشقا كىرگەن سەمەت گويا تەبىئەت ئالدىن تاللاپ ئۆستۈرگەندەك، ئۇنىڭ بىردىنبىر لايىقى بولۇپ ئۆسكەنىدى. خۇددى قەمەرنىسادەك ئاق نىيەت، خۇش پېئىل، ۋىجدانلىق، تەقى - تۇرقى كېلىشىملىك، قامەت بويى بۇ دېھقان يىگىت ئۇنىڭغا بەكمۇ مۇناسىپ كېلەتتى. قىز غۇلجىغا ماڭىدىغان چاغدا تونۇش - بىلىش ھەممەيلەرگە قوشۇپ قويۇلغانلىقىغا قارىماي، سەمەت يەنە مۇزاتقىچە بىللە ئۇزىتىپ بېرىپ، ئۇنى خەتەرلىك مۇز داۋاندىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ قويغانىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى ئاقسۇغا كەلگەندىن بېرى، چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلارنىڭ تىنىمسىز بولۇپ تۇرۇشى بىلەن، پات - پات ئالدىنقى سەپتە بولۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونىشەھەر ناھىيىلىك يانكا بىناسىدىكى ۋاقىتلىق ھەربىي بالنىتسىدا يېتىپ - قوپۇپ يۈرۈپ ئىشلەش نەتىجىسىدە، قەمەرنىسا ھەر كۈنى ئالدىراش ئۆتۈپ، ئايكۆل يېزىسىغا بارالمىغانىدى. ئەمما ئۇ سەمەتنىڭ كونىشەھەردىكى بوۋىسىنىڭكىگە ۋاقىت تاپسىلا كېلىپ

يوقلاپ تۇردى. ئايكۆلدىكى ئاتا - ئانا ۋە تۇرۇق - تۇغقانلىرى بىرقانچە قېتىم ئالايىتەن يوقلاپ كەلگەندە، قەمەرنىسا ئۇلاردىن سوراپ، سەمەتنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىكىگە تۇتۇلۇپ، ھازىر 5 - ئاتلىقلار پولكىدا ئىكەنلىكىنى بىلدى. قىز بىر - بىرىگە بىر-ئازمۇ ياندىشالمايدىغان ئىككى خىل تەقدىرنىڭ ئۆزلىرىنى بىر - بىرىگە تۇيۇقسىز قارىمۇ قارشى ئىككى خىل مەيدانغا ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھەر بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە بەيۇسلىنىپ، سەمەتنىڭ ئەنە شۇ قاراڭغۇ مۇھىت ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىغا قايتا - قايتا ئېچىندى. بىراق، ئۇ بۇنىڭ بىلەن سۆيگەن يىگىتىگە باغلانغان پاك مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلىمىدى، قىز ئۆز سۆيگىنىنىڭ ئەركىنلىك جەڭچىلىرى سېپىگە ۋاپاسىزلىق بىلەن ئوق ئاتمايدىغانلىقىغا، ئۇنىڭدا خەلق ۋە ئىنقىلاب بىلەن قېيۇق تەقدىرداشلىقنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنىڭدەك ئۇ 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن گومىنداڭ قوراللىق ساقچى ئەترىتى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەلتۆكۈس تارمار قىلىنىپ، يېڭىشەھەرنىڭ سېپىل ئىچى ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان چاغدا، سەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ، غەلىبە خۇشاللىقىنى توي خۇشاللىقىغا بىرلەشتۈرۈپ، شۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى باشلاپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەنگەنىدى. ئاخىر ئۇلار ئۇچراشتى. تىلەك ئەمەلگە ئاشتى. ئەمما بۇ ۋەقە قەمەرنىسا كۈتكەندىكىدەك يېڭىشەھەر ئازاد قىلىنغان سەلتەنەتلىك كۈنلەردە ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە، كونىشەھەر قايتىدىن گومىنداڭ ئىسكەنجىسىگە ئۆتۈپ قالغان ئەنە شۇ ئاجايىپ كۆڭۈلسىز دەقىقىدە يۈز بەردى. بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ قەتئىي ئىرادىلىك، قەھرىمان شەپقەت ھەمشىرىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ يەنە ئەسىرلىك ھاياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى. يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خورلۇق ۋە ئاسارەت



قەيسى ئىچىدىن سەمەت قۇتقۇزۇپ قالالارمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشقا قۇربىتى يەتمەيدۇ. چۈنكى، سەمەتنىڭ ئۆزىمۇ گومىنداڭچىلار ئالدىدا ئىشەنچلىك ئەسكەر ئەمەس. ئەكسىچە شەكلى ئۆزگەرگەن ھەربىي ئەسىر. بۇ ياش دېھقان يىگىتنى گومىنداڭ ھەربىي ئوفىتسېرلىرى يوق ئىللەتلەر بىلەن جازالىشى، ھەتتا سوت - سوراقسىز ئېتىپ تاشلىشىمۇ مۇمكىن.

## شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ تويى

بوۋاي بىلەن موماي ياز كۈنلىرىدىن بىرىنىڭ ئۇزۇن بىر كۈندۈزىنى قورساق ئېچىقى ۋە چاڭقاق ئۇسسۇزلۇق ئىچىدە چىدام بىلەن باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن شام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەمدىلەتىن ئىپتارلىق غىزاسىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىغانىدى. ئۇلار سەمەت بىلەن قەمەرنىسانىڭ شەپە چىقارماي، ئاجرالماس قوشماقلاردەك تەڭ قەدەم بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى قارا چىراغ يورۇقىدىن غىل - پال كۆرۈپ، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاشتى. ئاندىن خۇشاللىق بىلەن تەۋرىنىپ، قىيقاس، بارىكاللا سادالىرى بىلەن ئۇلارنى قۇچاق ئېچىپ قىزغىن قارشى ئالدى، ئىككىسىنى يانلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ، «ئاۋۋال تائام، كېيىن كالام» دەپ ئۇلارنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى. موماي بۇ چاغدا ھەرقاچانقىدىن تېتىكلىشىپ، تەخسىنى كاۋا، پىدىگەن، پۇرچاقلار بىلەن، ئەبجەش قورۇلغان سەي بىلەن تولۇقلىدى. ئاق بىلەن قارا ئارىلاشتۇرۇپ جىرىس خېمىردا پىشۇرۇلغان ئىككى دانە يېگى

قاتلىمنى داستىخانغا قويدى، قوشۇق ئەكەلدى، ھېجىرلەرگە چاي قۇيدى. يىگىت بىلەن قىز ئاتامنى ئارتىنماي يېيىشتى، چۈنكى ئۇلارمۇ خۇددى روزا تۇتقان كىشىلەرگە ئوخشاش پۈتۈن بىر كۈندۈزنى يېمەي - ئىچمەي ئۆتكۈزگەنىدى. كېيىن موماي داستىخاننى يېڭىدىن پىشۇرۇلغان كۆكباش قوناق بىلەن تولدۇردى. سەمەت بىلەن قەمەرنىسانى كۆرۈپ، بىتاقەت ئولتۇرغان بوۋاي غىزا ئارىلىقىدا ھاياجان بىلەن سۆز باشلاپ:

— دەسلەپ سىلەرنىڭ ئۆيگە بىللە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنگۈم كەلمىدى، — دېدى، — ئىككىڭلارنىڭ ئۆزئارا مۇشۇنداق چىرايلىق تېپىشىپ، بىللە بولۇشۇڭلارنى مىڭ قېتىم ئارزۇ قىلغان بولسامۇ، بۇ ئۆيگە مۇشۇ سائەتتە بىر جۈپ قوشماق بولۇپ كىرىپ قالىدىغانلىقىڭلارنى زادى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. خۇداغا شۈكرى. ئاللا ئىگەم ئۆز قۇدرىتى بىلەن سىلەرنى ئۇچراشتۇرغان ئوخشايدۇ.

— خوش قېنى، باشقا گەپنى قويايلى، — دېدى بوۋاي كېيىن سۆزلەپ، — سىلەرنى قايسى شامال بىر تۈپ گىياھنىڭ ئىككى تال يوپۇرمىقىدەك جۈپلەپ ئۇچۇرۇپ، بۇ ئۆيگە ئەكەلدى؟ ئاۋۋال شۇنى ئېيتىڭلار!

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئۇچرىشىپ قالغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىشتى.

— خۇدانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، — دېدى بوۋاي، — ئۇنىڭ كارامىتى ياغ ئىچىدە ئوت، پاختا ئارىسىدا چىراغ، غەلۋىر بىلەن چېلەكدە سۇ ساقلايدۇ...

— سىلەر بىزنىڭ يېنىمىزغا بىر ئوبدان كىرىپسىلەر، — دېدى ئۇ، — ئەمدى نېمە قىلايلى دەۋاتىسىلەر؟ بىز ئىككىڭلارنى قانداق قىلىپ قويساق ياخشىراق بولىدۇ؟

— بىز ئىككىمىزنىڭ مىللىي ئارمىيە يېنىغا كەتكىنىمىز



ياخشىدى، — جاۋاب بەردى سەمەت، — بۇ توغرىدا بىز كۆپ باش قاتۇردۇق: ھازىرچە بۇنىڭغا ئىلاج يوقتەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بايغا كەتتىمۇ ياكى بوزدۇڭ، قوغان تەرەپتىمۇ؟ بۇلارنى ئۇققىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرەپلەردىكى يوللاردا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بار. ئۆتۈپ كەتمەك تەس...

— ئۇنداق بولسا ھېچ يەرگە بارماي مۇشۇ يەردە قېلىڭلار. ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ۋاقتىنچە ئۆتۈپ تۇرارسىلەر. كېيىنچە يۇرت پۈتۈنلەي تىنچىپ قالسا، ئايىكۆلگە كېتىۋالساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى موماي.

— بۇ يەردە قېپقېلىشىمۇ، ئايىكۆلگە كېتىشىمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك، — سۆز قىستۇردى قەمەرنىسا. — گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى سېزىۋېلىپ پاش قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە قېپقالساق مىللىي ئارمىيە چاپسان كەلسىغۇ ياخشى، كېچىكسە يەنىلا چاتاققا ئۇچرايمىز.

— دېگىنىڭمۇ راست، — دېدى بوۋاي، — ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىش ۋاقتىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

— ئۆزۈم بىر ئەسكەر، — چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى سەمەت، — دېمەك، مەن ھەربىي تۈزۈم ئىلكىدىكى ئادەممەن. بۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇرۇش ۋاقتى. 5 - ئاتلىقلار پولكى قالايمىقان. بىر - بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش ناھايىتى كۈچىيىپ كەتكەن. سەللا پەخەس بولماي قالسا، ھەربىيلەر ئىچىدە ئۇرۇش ھالىماتاڭچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، بىر - بىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، كونا ئاداۋىتىنى ئېلىۋالىدىغانلار يوق ئەمەس. پولك ئىچىدە مەنمۇ دۈشمەنلىرىمنى ئاز دەپ ئېيتالمايمەن.

— قوي قوزىسىدەك ياۋاش بالا تۇرۇقلۇقمۇ تېخى مېنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىدىغانلار بار دېگىن؟ ھەي ھارامتاماقلار! — دېدى

بوۋاي چۆچۈش ۋە ئەنسىرەش بىلەن.

— 5 - ئاتلىقلار پولكى ئادەم قىلىپىدىن چىققان بىر قىسىم يامان ئادەملەر يىغىلغان جاي. ئۇ يەردە تېخى ياۋاشنى بوزەك ئېتىدىغانلار كۆپىرەك. مۇشۇ تاپتا ۋىزۋۇتقا بارمىسام بولمايدۇ. مېنى سۈرۈشتە قىلىپ قالسا، يوق ئىللەتلەر بىلەن جازالاپ قويۇشى مۇمكىن. پىتنە - ئىغۋا قىلىدىغانلار بىزنىڭ يېڭىياچى دېھقان باللىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىزۋۇتىمىزدىن چىقمىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئىچىدىن چىقىپ قالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بالام چاپسان كەت، بېشىڭ تىنچ بولسۇن، — دېدى بوۋاي ۋە بىرئاز توختاپ ئەنسىرەشلىك بىلەن سورىدى، — قەمەرنىسانى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ۋاقتىدا ھېلىقى گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئېتىپ تاشلىغىنىڭنى باشقىلار كۆرۈپ قالمىغان بولغىيدى؟

— بۇ ئىش راسا ئوبدان پەيتكە توغرا كېلىپ قالغانىدى، ھېچكىم كۆرمىدى، — كېسىپ جاۋاب بەردى سەمەت.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، بەك ئوبدان ئىش بوپتۇ، — دېدى بوۋاي بىلەن موماي تەڭمۇ تەڭ خۇشال بولۇپ.

— خوش ئەمىسە مەن ماڭاي، — دېدى سەمەت دىققەتچىلىك بىلەن، — ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق كېچىكسەم بولمايدۇ. ئەگەر ئىزۋۇت مېنى تاپالماي يېڭىشەھەرگە كېتىپ قالغۇدەك بولسا، چاتاقنىڭ چوڭى شۇ يەردىن چىقىدۇ تېخى!

سەمەت بوۋاي، موماي بىلەن خوشلىشىپ، قەمەرنىسا بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا يېنىش - يېنىش خوشلىشىپ مېڭىشقا تەمشەلدى. بوۋاي ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇۋېتىپ سورىدى:



— ھازىر كەتسەڭ يەنە كېلەمسەن؟ قاچان كېلەلەرسەن؟

— بۇنىڭغا بىرنەرسە دەپ جاۋاب بېرەلمەيمەن. سىلەر بولغانىدىن كېيىن قەمەرنىسا بۇ ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ تۇرار.

— ھازىر ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتى دېگىلى بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ھەر ئىككىڭلار ئۇرۇش ئۈستىدىكى ئادەملەر، ئەگەر ئوق تېگىپ قالسا...— بوۋاي كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يىغلاپ سېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدۇرالمىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزى مومايغا ياقمىدى. موماي رەنجىگەن ئاھاڭدا غودۇڭشىپ تۇرۇپ:

— ۋۇي، بۇ بىر ئوبدان گەپ قىلىۋېتىپ يەنە ئالجىدى، — دېدى ئۇ، — ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلغۇچە باشقا مەسلىھەتلىرى بولسا شۇنى ئېيتسىلا بولماسمىدى؟

— ئۇنداق بولسا نېمە دېسەم بولىدۇ؟ يەنە قانداق مەسلىھەت؟ — سورىدى بوۋاي.

— توي ئىشىچۇ؟ — ئىتتىكلا جاۋاب بەردى موماي، — توي قىلىش خۇدانىڭ بۇلارغا تاپشۇرغان ئامانىتى. بۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ، ئىككى باشنى بىر يەرگە جەم قىلىپ قويۇش بىزنىڭ گەدىنىمىزدىكى قەرز. توي ئىشى پەيغەمبىرىمىزدىن قالغان سۈننەت ئەمەسمۇ!...

بوۋاي چۈشەندى، ئۇ مومايىنىڭ سۆزىگە قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپ:

— ھە، سەن بۇنى دېمەكچى ئىكەنسەن - دە!؟ — دېدى ئۇ، — بۇ ياخشى مەسلىھەت. ھازىرچە چوڭ توي قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئاۋۋال توي شەرتىنى قىلىپ بۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇپ قويايلى، قېنى، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ سەمەت، كونىشەھەرگە يەنە كىرەلىگۈدەكلا بولساڭ ئارىلىقتا بىر كىر، بۇ ئىشقا ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. نىكاھىڭلارنى ئوقۇتۇپ، ھازىرچە

پەرزىنى ئادا قىلىپ تۇرساقلا بولدى.

— مەن كوماندىرنىڭ ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان ئادەم، ئىزۋوتىمىز كىرسە كىرەلەيمەن.

— خوش، ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز، تويۇڭلار كېچىكۈرسە مەيلىمۇ؟ بىز مەيلى دېگەن بىلەن شەرىئەت مەيلى دېمەيدۇ. ئەتە - ئۆگۈن يەنە ئۇرۇش بولۇپ قېلىپ، سەن ئۇياق، قەمەرنىسا بۇياق بولۇپ كەتسە، بۇنىڭ بىلەن توي كېچىكسە، ئوغۇل بىلەن قىز چوڭ قىلغان بىز ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق گۇناھ بولامدۇ؟

بوۋاي سىنال نەزەرى بىلەن سەمەتكە قارىدى، سەمەت دەرھال قانداق جاۋاب بېرىشىنى ئۇقماي «قېنى بۇنىڭغا قەمەرنىسا بىر نەرسە دەپ باقسۇن» دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى قىز تەرەپكە بۇرىدى. شەپقەت ھەمشىرىسى خىجىل بولۇپ يۈز - كۆزىنى كىگىز قالپاق بىلەن يېپىۋالدى. ئاندىن يەنە تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان موماي ئۇنى يۇمشاققىنا تۇتۇۋېلىپ، ئانىلارچە مېھىر بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— يەنە نېمىگە تارتىنىپ يۈرىسىز؟ — دېدى موماي قىزغا. — سىلەرنىڭ تويۇڭلار توغرىسىدىكى گەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى، سىز غۇلجىغا كېتىشتىن ئاۋۋال چېيىڭىز ئىچىلىپ بولغان ئەمەسمۇ؟ ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، توي يېشىغا يېتىپ قالغان يىگىت - قىزلارنىڭ بۇ دۇنيادىن نىكاھسىز كېتىشى گۇناھ بولمامدۇ - ھە؟ خۇدانىڭ دەرگاھىغا بويتاق كەتكەن يامان بولىدۇ قىزىم!

قەمەرنىسا كۈلدى ۋە كۈلگەنچە خىجىللىق بىلدۈرۈپ، يۈز - كۆزىنى تېخىمۇ مەھكەم ياپتى.

— ئاتاڭلارنىڭ دەۋاتقىنى ناھايىتى توغرا گەپ، — دېدى



بوۋاي موماينىڭ مەسلىھىتىنى يەنە بىر قېتىم قۇۋۋەتلەپ. — ھازىرچە نىكاھىڭلارنى ئوقۇتۇپ قويايلى، بۇ مۇھىم ئىش. ساق - سالامەت بولساڭلار يۇرت تىنچىغاندا بۇ يەردە بولامدۇ ياكى ئايكۆلدە بولامدۇ، ئىشقىلىپ توي - تاماشايىڭلارنى باشقىدىن ئۆبدان قىلىپ بېرىمىز.

سەمەت ۋىزۋوتىغا قايتىشقا ئەنسىزلىك بىلەن ئالدىراۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما قەمەرنىساغا بولغان چىن مۇھەببەت شۇ تاپتا ئۇنى يەنە باشقىدىن مۇستەھكەم ئۆز ئەسىرىگە ئېلىپ بولغانىدى. جۇاڭ زېڭگۇمىن 5 - ئاتلىقلار پولكى ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك ئوفىتسېرلەر ئىچىدە ئۆز ۋىزۋوتىدىكى ئەسكەرلەرگە شەپقەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ سەۋەنلىك ۋە كەمچىلىكلىرىنى باشقىلار ئالدىدا يوشۇرۇشقا تىرىشىدىغان بىردىنبىر كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن سەمەت ئۆز ئوفىتسېرىغا ئىشىنەتتى ۋە ھازىرمۇ ۋىزۋوتقا كېچىكىپ بېرىشتىن ئارتۇقچە ۋەھىمە قىلمىپ كەتمىدى. ئۇ بۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئەمدى خېلى تەمكىن ۋە سالماق بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ سەمەت بوۋاي بىلەن موماينىڭ نىكاھ ئوقۇتۇپ قويۇش توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلىرىدىن كېيىن تەخىرچانلىق بىلەن ئىككىنچىلەپ بىسات ئۈستىگە كەلدى. قەمەرنىسا بوۋاي بىلەن مومايغا سەزدۈرمەي ئاستا سۈرۈلۈپ، يىگىتكە ئاجرالماس قوشماقلاردەك يېقىن بولۇپ ئولتۇردى. موماي نىكاھ تەييارلىقىغا كىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خالتىسىدىكى گۈرۈچنى ئۆكتۈرۈپ دېگۈدەك قالدۇرماي پۈتۈنلەي تەڭنىگە تۆكتى، ئۆيدە ئاقلاقلىق تەييار سەۋزىمۇ بار ئىدى. بوۋاي بىلەن موماي بۇلارنى كېچىدىكى زولۇقىغا پولۇ قىلىپ يېيىش ئۈچۈن ھازىرلاپ قويغانىدى. بوۋاي ئىمام - مەزىن چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن قوزغىلىپ، سىرتقا ماڭماقچى بولۇۋېتىپ، سەمەت بىلەن

قەمەرنساغا سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن قارىدى.

— قەدىمكىلەر تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق دەپتىكەن، — دېدى ئۇ خۇش‌چاقچاق ئاھاڭدا. — تۆمۈرلەر مۇھەببەت ئوتىدا تاۋلىنىپ قالدى. بىزمۇ ئۇلارنى قىزىقىدا سوقۇۋېتەيلى!

ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى. قەمەرنسا كۈلكىسىنى توختىتالماي ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ، بىرنەچچە قېتىم سەمەتنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇۋېلىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ خىجىلچىلىق بىلەن تاشقىرىقى ئۆي تەرەپكە ماڭماقچى بولدى. موماي بۇنى كۆرۈپ بوۋاينى كايىدى:

— قېرىغىنىنى تېخىچە بىلمىگەن چال! بۇلار ياش باللار تۇرسا، چوڭ بوۋىسىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپلەر چىقسا خىجىل بولمامدۇ!

سەمەت بوۋىسىنىڭ چاقچىقىدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇپ، بوش يۆتىلىپ قويدى. بوۋاي ئىمام - مەزىننى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى. موماي ئۇنىڭغا جېكىپ تۇرۇپ:

— تولا نېرى كەتمەي، ئۆز مەھەللىمىزدىكى ئىمام - مەزىننىلا چاقىرىپ كەلسىلە. بولمىسا داۋراڭ بولۇپ، قەمەرنىسا يوشۇرۇنۇپ بولۇشتىن بۇرۇن باش ئاغرىقىغا قالمىسۇن يەنە! — دېدى.

— بۇنى سەنمۇ بىلمەمسەن، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن، — دەپ قويدى بوۋاي، ئاندىن يەنە مومايغا ئەسلىتىپ تۇرۇپ، — يولۇدىن ئاۋۋال چاي بىلەن يېيىشكە بىرنەچچە قاتلىما پىشۇرغىن، — دېدى.

شۇ چاغدا سەمەت ھازىر تۇرۇش ۋاقتى ئىكەنلىكىنى، سىرتتا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى دەررۇ ئېسىگە ئېلىپ قالدى. دېمەك، مۇشۇ تاپتا غەيرىي ھەربىي كىشىلەر سىرتقا چىقسا بولمايتتى. پاترولغا يولۇقۇپ قالسا، پارولغا جا-



ۋاب بېرەلمەي، ئېتىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ بوۋاينى قالدۇرۇپ، ئىمام - مەزىننى چاقىرىپ كېلىشكە ئۆزى كەتتى. لېكىن سەمەتنىڭ ئالدىدا ھازىرلا قىلىشقا تېگىشلىك بىرخىل جىددىي ئىش بار ئىدى. ئۇ مەسچىتكە بېرىشتىن ئىلگىرى ۋىزۋوت كوماندىرى جۇاڭ زېڭگۇەننى تېپىپ، بۇ ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ بارالمىغانلىقىدىكى سەۋەبلەرنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تويى ئىشىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىپ، قىسقا ۋاقىت رۇخسەت ئېلىشى كېرەك ئىدى. رۇخسەت قىلماي قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممىدىن ياخشىسى، رۇخسەت ئالىمەن دەپ يۈرمەي قارارلىق بىلەن تويىنى قىلىۋېلىپ، ئاخىردا باشقا كەلگەننى كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى. بىراق، بۇ ئېيىبنىڭ جازا بىلەن ئاخىرلاشمايتتى. سەمەت ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرماي ئېيتسا، ئوفىتسېر نىكاھ ئىشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆز ئالدىدا تۇتقان ھالدا ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىشى مۇمكىن ئىدى. سەمەت جۇاڭ زېڭگۇەننىڭ ئەدەبلىك ئادەم ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ كىچىك ئىشلار بىلەن چوڭ ئىشلارنى پەرق قىلىپ، ھەر بىرىگە لايىقىدا جاۋاب بېرىدىغانلىقىغىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ياخشى پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنەتتى. بۇ ۋاپادار ۋىزۋوت كوماندىرى سەمەتنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ باشقا خېلى زور بىر قىسىم ئەسكەرلەردەك يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقىنى، قىمار ئوينىمايدىغانلىقىنى، تاماكا - نەشە چەكمەيدىغانلىقىنى، باشقا ئەسكەرلەردەك يېزىلارغا بارسا بۇلاڭ - تالاڭ بىلەن بولۇپ، دېھقانلارنى نارازى قىلىپ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، پاھىشە تەرەپكە ئاغمايدىغانلىقىنى، بۇلاردىن باشقا يەنە يالغانچى، ساختىپەزلەردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى، قىسقىسى، ئۇنىڭ كومىنداڭ ئەسكىرى بولسىمۇ، لەنەت - نەپرەتكە تولۇپ تاشقان 5 - ئات-

لىقلار پولكىنىڭ بىر قىسىم كاللىكبېرلىرىگە زادى ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقاپ، بۇ ياش يىگىتكە ۋىجدان تۇيغۇسى بىلەن ئامراق بولۇپ قالغانىدى.

بۇ ۋاقىتتا جۇاڭ زىڭگۇەن بىر بولسا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە ياكى بولسا ياربېشىدىكى كەپتەرخانىدا بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. سەمەت ئۆزىنىڭ ھەربىي ئېتىنى مىنىۋالغانىدى. يول - يوللاردا ئەسكەرلەر ئۇچراپ، ئۆتۈشكىدىن قەدەمدە بىر دېگۈدەك پارول سورىدى. بۇ چاغدىكى پارول «تىكەن» ئىدى. سەمەت ھەممە يەردە توغرا جاۋاب بېرىپ، ھېچقانداق كاشىلىسىز ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىگە كېلىپ، جۇاڭ زىڭگۇەننى ئاخىر شۇ يەردىن تاپتى. ۋىزۋوت كوماندىرى ھەربىي ئىنتىزام بويىچە ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇنىڭ مۇنچىۋالا ئۇزاق يوقاپ كەتكەنلىكىنى تىركاۋ قىلىپ، قاتتىق - يىرىك سۆزلەر بىلەن بىر قۇر ئەيىبلىگەن بولدى. ئاندىن كېچىكىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سورىدى. سەمەت ئۇنىڭ ئالدىغا توي ئىشى ئۈچۈن قىسقا مەزگىللىك ۋاقىت بېرىلىشىنى ئىلتىماس قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈستىدە توختالغان چاغدا بارلىق گەپنى راستى بىلەن ئېيتماقچى بولغانىدى. بىراق گومىنداڭ ئوفىتسېرىغا ئاخىرقى قېتىم ئىشەنچسىزلىك بىلەن قاراپ، ھەقىقىي ئىشنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ، سەل باشقىچىرەك قىلىپ سۆزلىدى.

— بىز يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدە مۇھاسىرىدە تۇرغان چېغىمىزدا، — دېدى ئۇ ۋىزۋوت كوماندىرىغا. — ئايالىم يېزىمىزدىن كونىشەھەرگە تۇغقان يوقلاپ كېلىپ تۇرۇپ قاپتىكەن، ئۇنىڭ بىلەن يېقىندا دېگۈدەك كۆرۈشتۈم. ئۇنى بۇ يەرگە ئوبدانراق جايلاشتۇرۇپ قويسامىكىن ياكى يېڭىشەھەرگە بىللە ئەكەتسەممىكىن، دەپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا مەسلىھەت سوراپ كەلدىم.



— يالغان ئېيتما! — دېدى ۋىزۋوت كوماندىرى كۈلۈپ تۇرۇپ، — سېنىڭ يالغان ئېيتىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولىدىكەن - ھە؟ مەن ساڭا شۇنچىۋالا ئىشىنىۋاتقان يەردە يالغان ئېيتىشىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

— يالغان ئېيتمىدىم، — دېدى سەمەت ئوڭايسىزلىنىپ.

— بولدى ئەمدى ئۇنداق گەپنى قىلما. ئوفىتسېر بولغان كىشىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەردىن بۆكەمگىچە كىملەرنىڭ ئۆيلىنىپ، كىملەرنىڭ ئۆيلەنمىگەنلىكىنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سېنىڭ بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ تونۇش تۇرۇقلۇق سېنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەمدىمەن؟ يالغان ئېيتىپ يۈرگۈچە، ئايىلىق توي قىلىۋالاي، رۇخسەت بەرگىن دېسەڭ بولمامدۇ؟

— ھەئە، ئېيتقىنىڭىز راست، توي قىلماقچىدىم.

— ئالىدىغان قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئېتىپ تاشلىنىپ، بۇلاڭ - تالاڭغا قالغان بىچارە قىزلاردىن بولۇپ قالمىسۇن - يەنە؟ پولكىمىزنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئاتىسى ياكى ئاپىسىنى ناھەقتىن ناھەق ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قىزىنى بۇلاپ ئېلىۋالغانلار يوق ئەمەس. سەن ئۇنداق قىلىدىغانلاردىن ئەمەسسەنغۇ؟

— بۇ گەپلەرنى ماڭا چاقچاق ئورنىدا قىلىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، ئەمدى مۇنداق گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ. مېنىڭ توي قىلىمەن دەۋاتقىنىم مىللىي ئارمىيىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى.

— سېنىڭ دېگىنىڭ بىلەن مېنىڭ دېگىنىم بىر يەردىن چىقىپ قېلىۋاتامدۇ، نېمە؟ دېمەك، ئۇ غۇلجا قىزى ئىكەن - دە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئىككىمىز بۇرۇنلا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ھېلىقى ئايكۆللۈك قەمەرنىسا.

— قەمەرنىسا!؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى جۇاڭ زىڭگۇەن. — سەن ئۇنى قومباشتا تۇرغان ۋاقتىمدا ماڭا غۇلجىغا تۇغقان

يوقلاشقا كەتتى دەپ بىرنەچچە قېتىم ئېيتمىغانمىدىڭ؟

— ھەئە، شۇ قەمەرنىسا، — جاۋاب بەردى سەمەت، — ئۇ مىللىي ئارمىيە بىلەن ئاقسۇغا شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ بىللە كەلگەنىكەن. كونىشەھەردىكى تۇغقانلىرىمىز نىكاھىڭلارنى قىلىپ قويايلى دەۋاتىدۇ.

جۇۋاڭ زىڭگۇەن سەمەتتىن قەمەرنىسانىڭ جەنۇبىي يۈنلىش قوشۇنى تەركىبىدە شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ ئاقسۇغا كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش بولىدىكەن، ئەسىر چۈشۈشمۇ بولىدۇ، بۇ ئادەتتىكى ئىش، دېگەن قۇمتاق چۈشەنچە بىلەن قانائەتلىنىپ، قەمەرنىسانىڭ مىللىي ئارمىيە يېڭىلگەندىن ئايرىلىپ قېپقالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرمىدى. ئەكسىچە ئۇ بۇنىڭدىن بالدۇرراق قايسىبىر ئەسكەرنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزىگە يەتكۈزۈپ كەلگەن مەلۇماتىنى ئەسلەپ:

— سېنىڭ كۈندۈزى مىللىي ئارمىيىدىكىلەر فورمىسىدا كىيىنگەن بىر قىزنى دېمەك يېنىدىن ئەگەشتۈرۈپ، قوناقلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭ توغرىسىدا خەۋەر تاپشۇرۇۋالغانىدىم. مەن بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ كەلگۈچىگە «سەمەت قىزلارغا بىھۇدە كۆز تاشلايدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇلارنى خاتا كۆرۈپ قالغان بولساڭ كېرەك» دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋەتتىم، — دەپلا قويدى.

سەمەت بۇ گەپ بىلەن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇ بىرسىنى كۆرۈپ قالغان ئەسكەر مېنىڭ قەمەرنىسانى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز ئەسكىرىمىزنى ئېتىپ تاشلىغانلىقىمنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ، دېگەن خىيالنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇندىن كېيىن سەمەت جۇۋاڭ زىڭگۇەننىڭ ئاغزىنى كولاپ، بۇ ھەقتە گەپ ئېلىپ بېقىش مەقسىتىدە ئاتايىن سۆزلەپ:

— سىزدىن تويى قىلىدىغان قىزىمنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى ئىكەن-



لىكىنى يوشۇرغىنىم راست، — دېدى ئۇ، — گەرچە قەمەرنىسا ئەسلىدىن مېنىڭ بىلەن تويى قىلماقچى بولغان قىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھازىر بەرىبىر ھەربىي ئەسىردە! شۇ سەۋەبتىن سىزگە يالغان ئېيتقانىدىم.

— يارىدارلارغا شەپقەت ھەمشىرىسى بولغان قىزنى ھەربىي ئەسىر دېيىشمۇ بولىدۇ، دېمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى ۋىزۋوت كوماندىرى قەمەرنىسا مەسىلىسىنى يېنىكلىتىپ تۇرۇپ، — چۈنكى شەپقەت ھەمشىرىسى بولغان كىشى قورال تۇتۇپ ئۇرۇش سېپىگە بارمايدۇ، قارشى تەرەپكە ئوق ئاتمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەمەرنىسا ئەر ئەمەس، قىز. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇ تېخىمۇ گۇناھسىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سەمەت جىم بولۇپ قالدى. خەۋەر يەتكۈزگۈچى ئەسكەرنىڭ قەمەرنىسانى قۇتقۇزۇش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئەسكەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ غەمدىن خېلىلا يېنىكلەپ قالدى.

— بوپتۇ، ساڭا رۇخسەت قىلاي، تويۇڭنى قىلىۋال، — دېدى جۇۋاڭ زىڭگۇەن، — لېكىن كەينىمىزدىنلا يىڭشەھەرگە قايتىپ بار. روتا كوماندىرى سېنى سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، مېنىڭ جاۋاب بەرمىكىم تەسلىشىپ قالىدۇ. يەنە بىر گەپ: قەمەرنىسانىمۇ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىۋال. ھازىر ئۇرۇش ۋاقتى، يېڭىشەھەرنىڭ سېپىلى ئىچىدىكىگە قارىغاندا كونىشەھەر بازىرى مۇقىمسىز. قەمەرنىسانىڭ بۇ يەردە مىللىي ئارمىيىگە شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى بىلىدىغانلار كۆپ. بىرەر يېرىم ئادەم پاش قىلىپ قويسا ئۇنىڭ ھاياتىغا خەتەر يېتىدۇ. ئۇ چاغدا يەنە ساڭىمۇ، ماڭىمۇ ياخشى كۈن بولماي قالىدۇ.

— خوپ، شۇنداق قىلاي، — سەمەت بىرۋىسىنىڭ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى. ئوفىتسېر ئامراقلىق بىلەن

ئۇنىڭ دولىسىنى قىقىپ، چاقچاق مەنىسىدە كۈلۈپ تۇرۇپ:
— قەھرىمانى ئەمدى بىز ئۆزىمىزگە شەپقەت ھەمشىرىسى قىلىۋالىمىز، — دېدى.
سەمەت چاقچاققا جاۋاب بېرىپ:
— قېنى، ئۇنداق بولسا مەن خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالاتتىم، — دەپ قويدى.
— بىزنىڭ ھەربىي ئۆزۈممىزدە شەپقەت ھەمشىرىسى دېگەن نەرسە يوق، — دېدى جۇاڭ زېڭگۇەن چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز تەرتىپسىز، ناچىكۆز، ئەگەر ئۇلار ئۆز ئىچىگە قىز - چوكان كىرىپ قالسا قولىدىن كەلگەن ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايدۇ. مىللىي ئارمىيە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇلاردا بىر يۈرۈش مۇستەھكەم تەرتىپ - ئىنتىزام بار. خوتۇن - قىزلارغا كەلسە - كەلمەس كۆز تاشلىمايدۇ، ئولجىغا قول ئۇزاتمايدۇ، پۇقرانى بۇلاڭ - تالاڭ قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە. شۇڭا ئۇلار ھازىر تولۇق 1000 كىشىلىك پولك بولۇپ قالدى.
بۇ سۆزلەردىن كېيىن سەمەتنىڭ ئۆز كوماندىرىغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئەقىدىسى بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچەيدى. شۇ مەھەل ئۇ «يېڭىشەھەرگە قايتىماي پۈتۈن ۋىزۋوت بويىچە كونىشەھەردە قېپ قېلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈش ئارقىلىق مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسەك بولمامدۇ؟» دېمەكچىدى، بىراق ئۆزىنىڭ بىرقانچە ئايدىن بۇيان جۇاڭ زېڭگۇەن ئۈستىدىكى بايقاشلىرىغا ئاساسەن، بۇ كىشىدە تۆپ ئىدىيە جەھەتتىن گومىنداڭغا نىسبەتەن تېخىچىلا قارىغۇلارچە ساداقەتمەنلىكنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇ سۆزنى قىلىشتىن دەررۇ ئۆزىنى تارتىۋالدى.
سىرتتىن ئەسكەر كىرىپ، ئوفىتسېرگە يېڭىشەھەردىن كونىشەھەر بازىرىنىڭ كۆزەتچىلىكىگە ئالمىشىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ كېلىپ



بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. جۇاڭ زېڭگۇەن سائىتىگە قارىدى. ۋاقىت كەچ ئون بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھېلىقى ئەسكەرگە قايتىپ تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋىزۋوتنى ھويلىغا يىغىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئۆيىنىڭ بۇلۇڭلىرىدا شاپتۇل، قوغۇن، بىر سېۋەتتە ئۈزۈم تۇراتتى. جۇاڭ زېڭگۇەن باشقا بىر قۇرۇق سېۋەتكە بۇ مېۋىلەردىن بۆلۈپ قاچىلاپ ۋە قوغۇنلاردىن ئىككى دانىسىنى ئەكىلىپ سەمەتكە تۇتقۇزدى.
— تويى ھەرقانچە كىچىك، ئاددىي قىلىنغان تەقدىردىمۇ بەرىبىر ئۇنى بۇ مېۋىلەرسىز ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ، — دېدى ۋىزۋوت كوماندىرى، — چۈنكى ھازىر ياز. ئىنكاھ ئۈستىدە ياز مېۋىسى بولغىنى ياخشى. لېكىن ئاخىرقى گەپ شۇكى، يېڭىشەھەرگە كېچىكمەي قايت. ئىككىڭلار بارغۇچە سىلەرگە شەھەر ئىچىدىن ئۆي تېپىپ ساقلاپ تۇرىمەن.
— بولىدۇ، — دېدى سەمەت، — بىر سائەتتىن ئۇزاققا قالماي ئارقىڭىزلاردىن يېتىپ بارىمىز.
سەمەت ماڭماقچى بولۇپ، ئاتقا مىندى، كىچىك يېشىل ئوفىتسېر ئېغىر كۆرمەي، سېۋەتنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەردى ۋە مەخپىيەتلىك نۇقتىسىدىن سەمەتنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ تۇرۇپ ئەسكەرتتى:
— بىر سائەتتىن كېيىن پارول ئۆزگىرىدۇ، ئۇ چاغدىكى پارول «مايمۇن» بولىدۇ!
جۇاڭ زېڭگۇەن ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن تېخىچىلا گومىنداڭدىن ئۈمىد ئۈزەلمەي كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما سۇبيېكتىپ مىجەز خاراكتېر جەھەتتىن ئاق نىيەت كىشىلەردىن بىرى ئىدى. سەمەت بۇۋىسىنىڭكىگە قانداق كېلىپ بولغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ئۇ ھويلا ئىچىگە سېۋەتنى قويۇپ قويۇپ، ئالدىراپ شۇ مەھەل

لىدىكى ئىمام - مەزىننى چاقىرىشقا كەتتى. ئاڭغىچە قەمەرنىسا
مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىلىك كىيىمىنى باشقا كىيىمگە ئالماش-
تۇرۇۋالغانىدى. بۇ كىيىملەر توي كىيىمىگە لايىق يېڭى بولۇپ،
ھېچقانداق يېرىگە كىر - قاسماق تەگمىگەنىدى. سەمەتنىڭ
مومىسى ئۇلارنى ئورغۇن يىللاردىن بۇيان تەۋەررۈك ئامانەتتەك
پۇختا بوپىلاپ ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ قىزغا بىر قەدەر ياش
ۋاقتىدا كىيىگەن، ئەمما ھازىرغىچە يېڭى پېتى تۇرغان قىزىل
يوللۇق، كەڭ ئېتەكلىك، كۆنىچە فورمىدىكى قارا رەڭلىك ئەت-
لەس كۆڭلەكنى، پۇتىغا خۇرۇمدەك سىلىق ئەشلەنگەن مە-
سىنى كىيگۈزۈپ قويغانىدى. موماي يەنە قەمەرنىسانىڭ چېچىنى
يىلىم چىبىپ بەش ئۆرۈملۈك قىلىپ ياساپ قويدى. بېشىغا چوڭ
گۈللۈك قىزىل پەرەڭ ياغلىق چىگدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىز
مومايىنىڭ زورلىشىغا كۆنۈپ، قېشىغا ئوسمىمۇ قويۇۋالدى. ئومۇ-
مەن ئېيتقاندا، شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ ياسىنىشى ئاقسۇ يېزى-
لىرىدىكى توي قىلغۇچى قىزلارنىڭ ياسىنىشىغا پۈتۈنلەي دېگۈ-
دەك ئوخشىشىپ كەتتى.بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىن گۈزەل قەمەرنىسا
تېخىمۇ ئىسسىق چىراي دېھقان قىزى تۈسىگە كىرىپ، ئۆز يې-
زىسى ئايكۆلدە توي قىلىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.
نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىمام - مەزىن قاتلىما
نان بىلەن پولۇغا بەھۇزۇر ئېغىز تەگكەندىن كېيىن شاپتۇل،
ئۈزۈم، قوغۇنلارنى يېيىشىپ، كۆپ ھايال بولماي، ئۆيدىن ئۇ-
زاپ چىقتى. ئاندىن سەمەت بىلەن قەمەرنىسا ئالدىراش مېڭىش
تەييارلىقىغا كىرىشتى. سەمەت يېڭىشەھەرگە كېچىكىپ بېرىپ
ئۆزىنىمۇ، جۇۋاڭ زېڭگۈەنىنىمۇ جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش-
نى خالىمايتتى.شەپقەت ھەمشىرىسى بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئۆيىگە
ئۆزىنىڭ غۇلجا ۋە ئاقسۇدىكى ئۇرۇش سەپلىرىدە ئالتە - يەتتە
ئايدىن بۇيان كىيىپ كەلگەن ئەتىۋارلىق مىللىي ئارمىيە كىيى-



مىنىلا ئەمەس، بۇنىڭغا قوشۇپ، يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئاجرات-
مىغان، بەلكى ئاز دېگەندە ھازىرغىچە بەش دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشكە
ياردەم بەرگەن سۆيۈملۈك تاپانچىسىنىمۇ 30 تال ئوقى بىلەن
ئامانەت قىلىپ قالدۇردى؛ ئۇ يەنە ئىككى دانە قول بومبىس-
نىمۇ ئېغىلغا كۆمۈشكە ئۈلگۈردى.
بوۋاي بىلەن موماي جانىجىگەر نەۋرىسى بىلەن سۆ-
يۈملۈك يېڭى كېلىنىنى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا
ئۇزاتماقچى بولۇپ تۇرغاندا قەمەرنىسا ئۇلارغا چاپلىشىپ
يىغلاپ تۇرۇپ:
— مەن ھازىر مىللىي ئارمىيە يېنىغا ئەمەس، ئەكسىچە
مۇستەبىتلەر زىندانى يېڭىشەھەرگە كېتىۋاتىمەن، — دېدى، —
ئۇ ئەگەر سىلەرنىڭ يۈزىڭىزلەرنى قىلمىسام، سەمەتنى دېمىسەم
ھەرگىز ئۇ يەرگە بارمىغان بولاتتىم. 5 - ئاتلىقلار پولكىدا
سەمەتتىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى دۈشمەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى
جاللات. ئۇلار بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايمەن. كۆرۈشكىچە بې-
شىمىز ئامان بولسۇن!... مىللىي ئارمىيە بۇ يەردىن تامامەن
كېتىپ قالغىنى يوق. ئۇلار ھازىر كەتكەن بولسا يەنە كېلىدۇ.
شۇ چاغدا قالدۇرۇپ قويغان ئامانەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى،
كىيىم - كېچەك، قالپاق، پاگون، كاكار، تاپانچا، ئوق، قول
بومبىسى، ھەربىي كەمەر، دورا سومكامنى ئۇلارغا ساق - سالامەت
تاپشۇرۇپ بېرىڭلار!... مەن خاتىرجەم ماكانغا ئەمەس، تىرىك-
لەرنى يۇتىدىغان لەھەتكە كېتىۋاتىمەن!... ئاتا - ئانامغا سالام
ئېيتىپ قويۇڭلار! مىللىي ئارمىيە كەلگەندە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ،
قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مې-
نىڭ نامىمدىن ئۇلارغا سالام ئېيتىپ قويۇڭلار، قېپقالغان ئاما-
نىتىمنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار!...
شەپقەت ھەمشىرىسى سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرمىغانىدى، قويۇق

ئېقىۋاتقان ياش، بوغۇلۇۋاتقان كاناي، سىقىلىۋاتقان يۈرەك ئۇنىڭغا سۆزنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكان بەرمىدى. سەمەت بوۋاي-مومايلار بىلەن خوشلىشىپ، ھويلىدىلا ئاتقا مىندى. قەمەرنىسا خىجىللىق يۈزىسىدىن سىرتقا چىقىپ، بوۋاي بىلەن موماينىڭ كۆزىدىن نېرى بولغاندا ئاتقا ئېسىلىپ، سەمەتنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى. سەمەت بېرىدىن يېڭى پارولنى ئېسىگە ئېلىپ قالدى. پارول خەنزۇ تىلىدا يۈرگۈزۈلەتتى، ئۇ ئۇنتۇپ قالغان ئەھۋالدا مايمۇننىڭ خەنزۇچە ئېيتىلىشىنى باش قاتۇرۇپ ئويلىدى. ئاخىر جۇۋاڭ زېڭگوۋەننىڭ بۇ پارولنى جېكىپ تۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم ئېيتىپ بەرگەن ۋاقتىدىكى ئەلپازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، «مايمۇن» سۆزىنىڭ خەنزۇچىدا «خوۋزى» دېيىلىدىغانلىقىنى قايتىدىن بىلىۋالدى.

ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ ھوزۇرىدا بالدۇرراق ھازىر بولۇش تەقەززالىقىدا قالغان سەمەت ئاتنى ھەدەپ قامچىلايتتى. شەپەق ئات ھەر بىر قامچىدىن كېيىن ئالدىغا چاپچىپ، ئوقتەك تېز مېڭىپ، يېڭىشەھەرگە يېقىنلاپ باراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە سائەت يوق ئىدى. ۋاقىت ئوندىن ئۆتۈپ، بۇرۇنقى «تىكەن» پارولىنىڭ ئورنىنى «مايمۇن - خوۋزى» ئىگىلىگەن ئىدى. يول - يوللاردا سورالغان پارولغا سەمەتنىڭ ھودۇقماي-تەمتىرىمەي، تەمكىنلىك بىلەن توغرا جاۋاب بېرىشى بىلەن ئاخىر ئۇلار يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە خەۋپ-خەتەرسىز كىرىپ كەتتى. ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا بۇ يەردە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەردىن بىرى تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن ئۇلارنى توختىتىپ، قەمەرنىسانىڭ گۈزەل ھۆسـ-



نىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى - دە، شەھۋانىيلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇيالماستىن ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— بىز ئەخمەق ئىكەنمىز، ئولجا ئالىمىز، دەپ، كىرگەن ئۆيلىرىمىزدىن ھازىرچە جانغا ئەسقاتمايدىغان پۇل - پۈچەك، رەخت، كىيىم - كېچەك بۇلاپتىمىز. سەمەتكە قاراڭلار، ئۇ تىرناقتا توختايدىغان قىز بۇلاپتۇ، — دېدى.

دەرۋازىنىڭ ئىككىنچى قانىتىدا تۇرغان يەنە بىر ئەسكەر بۇ سۆزگە ئۇلاپ ئېچىنىش مەنىسىدە:

— سەمەت، سەن تولىمۇ چىرايلىق قىز ئەكەپسەن، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە بالا تېپىۋالما! ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى «ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ» بولۇپ قالمىسۇن يەنە! قىزىڭنى چوڭ ئوفىتسېرلارنىڭ كۆزىگە يولاتما!

قەمەرنىساغا بۇ گەپلەر قاتتىق ھار كەلدى. ئۇ ئەسكەرلەرنى تىللىماقچى ئىدى، ئەمما تىللاشتىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ توختاپ قالدى.

ۋىزۋوت كوماندىرى ئۆزى ئېيتقاندەك، بۇ يېڭى توي ئىگىلىرىگە شەھەر ئىچىدىن ئۆي تېپىپ قويغانىدى. بۇ ئۆي پولك شتابىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۇردىخان دەللالنىڭ ھويلىسىدا بولۇپ، جۇۋاڭ زېڭگوۋەن ئۇلارنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى. سەمەت قەمەرنىسانى ئالمان - تالمان ئۆيگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ پولك ئىچىگە كىرىپ كەتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇنى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسكىرىي ۋەزىپە كۈتۈپ تۇراتتى. سەمەت پۈتۈن روتا تەركىبىدىكىلەر بىلەن بىللە شۇ مەھەل سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، قاراۋۇللۇق قىلىشى كېرەك ئىدى.

# ئۆيقۇسىز ئۆتكەن كېچە

ئۇردىخان دەللىنىڭ ھويلىسى تار ۋە كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ تەرىپىدىكى خەنزۇ ئاشپۇزۇلى بىلەن سول تەرىپىدىكى قاۋاقخانا ئۇنى ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىدەك قىسىپ، تېخىمۇ چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ھويلا ئومۇمەن، تاشقىرىقى ئىشىك بىقىنىدىكى خارابە ئېغىل بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى كىچىككىنە تونۇر ۋە تونۇر يېنىدىكى توخۇ كاتىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بار - يوقى ئىككى ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت ئىدى. ئۆيلەر بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى ھالدا ھويلىنىڭ باش تەرەپ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان، ئۇلارنىڭ ئىچى ئاپتاپ چۈشمەسلىكى، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرماسلىقىدىن نەمخۇش بولۇپ، زەي تۇپىنىڭ قاڭسىق پۇرىقى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئەنە شۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىگە ئەكىرىلگەندە ئۇشتۇمتۇت شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ كۆڭلى ئاينىپ كەتتى. نەمخۇش تىنچىق تىنىقنى بوغۇپ، ئۇنى قاتتىق بىئاراملىققا سالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي ئىچى كۆزنى تېڭىپ قويغاندەك قاراڭغۇ بولۇپ، بۇمۇ ئاخىر قىزدىكى غەشلىكنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ ئۆي ئىچىدە پەخەسلىك بىلەن مېڭىپ تام - تورۇسلارنى سىيلاپ كۆردى. ئۆيدە پەنجىرە تەرەپكە تىزىپ قويۇلغان بەش - ئالتە كېسەك، بۇلۇڭغا يۆلەپ قويۇلغان بىر تاغار سامان، تامغا قېقىلغان ئىككى دانە قوزۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. يەردە پۇتقا پۇتلىشىپ، بىر دانە بورا يېيىقلىق تۇراتتى. قىزنى شۇ تاپتا يالغۇزچىلىقنىڭ ئېغىر ئازابى قىيناشقا باشلىدى. ئۇ سەمەتنى ھەر بىر قېتىم ئويلىغان ۋە



كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، سەمىمىي ساپ مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك يورۇقىدا ئۇنى ناھايىتى روشەن كۆرگەندەك بولۇپ تۇراتتى. لېكىن ھەربىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈش، ئۇنىڭ چىڭلىقىنى چۈشىنىپ قالغان بۇ قىز سەمەتنىڭ سېپىل ئۈستىدىكى ھەربىي قاراۋۇللۇقتىن چاپان قايتىپ چۈشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، تار ھويلىنىڭ قەپەستەك شۇ كىچىك ئۆيىدە پۈتۈن بىر قاراڭغۇ كېچىنى تىكەندەك يالغۇز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى ئەمدى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىشكە باشلىدى.

قەمەرنىسا تۇغۇلۇشتىن تارتىپ يېزىدا تۇرۇپ چوڭ بولغان دېھقان قىزى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىشەھەر بازىرىدا تۇغقىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرگە ناھايىتى كەم كەلگەنىدى. قىسقىسى، ئۇ قۇلاق بىلەن ئاڭلىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يېڭىشەھەر بازىرى توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. سېپىل ئىچىدىكى كوچىلارنىڭ تار ۋە قىستىلىقى، ئىدارىلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئۆيلەرنىڭ زىچلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى ئاز ۋە يۈزە ئىدى. قىزنىڭ چۈشەنچىسىدە ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى ھويلا - ئاراملار غۇلجا يېزىلىرىنىڭكىدىن كىچىكرەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ دائىرىسى يەنىلا كەڭ، شەھەر ئىچىدىكى ھويلا - ئاراملاردىن چوڭ ۋە ئازادە، ئاسمىنىمۇ سۈزۈك ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سۆيۈملۈك يېزىسى ئايكۆل شۇنداق ئىدى، قومباش، خاڭگۇڭ، توپلۇق، بەشتۈگمەن، قىسقىسى، ئۇ كۆرگەن - بىلگەن يېزىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىدى، ئۇلاردىكى ئۆيلەر چوڭ - كىچىك مېۋىلىك باغلار بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى. ئۆستەڭ - ئېرىقلاردا توختىماي سۇ ئاقاتتى، ھەممە جاي دەل - دەرەخلىك، ئۇلارنىڭ شاخلىرىدا ئۇچار قاناتلار سايرىشىپ تۇراتتى، ئەركىن قانات قېقىپ، باغدىن - باغقا ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. قەمەرنىسا ئويلاپ،

پىكىر — خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇغانچە ئۇ يېزىسى ئايكۆلنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ يەرگە قانات قېقىپ ئۇچۇپ بارغۇسى كېلىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن باشقا خىيالغا كۆچۈپ، غۇلجىدا ئۆتكەن يەتتە-سەككىز ئايلىق جەڭگىۋار ھاياتىنى ئەسلىدى. بايانداي ئۇرۇشى، لياڭشاڭ بوتخانىسى ئەتراپىدىكى ئۇرۇش، ئايرودروم ئۇرۇشى، گومىنداڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئىگىلەش ۋە قاماقخانىدىكىلەرنى بوشىتىپ چىقىش ۋاقتىدىكى قانلىق ئېلىشىش ۋە نىھايەت ھەرەمباغدىكى مەشھۇر ھەل قىلغۇچ جەڭ...

قەمەرنىسا بۇلارنى ئويلاپ، بىرمۇ بىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە بىۋاستە قاتناشقانىدى؛ ھەتتا بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ ئىشلەپ، يارىدارلارنى ئۇرۇش سېپىدىن ئاچىقىپ، يارىلىرىنى تېڭىشقا ئوخشاش جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى. قەمەرنىسا يەنە خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ، جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنى ئىچىگە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىدا قىيىر، باي، قىزىلبۇلاق، قوغان، بېزدۆڭ، تۇزلاۋات، جام، يارىبېشى قەبرىستانلىقى گەۋدىلەندى. كونىشەھەرگە كىردى، ياتالماستىكى پولك شتابىدا بولدى. چۈنكى بۇ جايلاردىمۇ كەسكىن ھايات — مامات ئۇرۇشلىرى بولۇپ، ئۇلارغا قەمەرنىسا يەنىلا ئۆزىنىڭ كەسپىي ۋەزىپىسى شەپقەت ھەمشىرىسى خىزمىتى بىلەن قاتناشقانىدى. قىزنىڭ قەلبى ئۇشتۇمتۇت غۇرۇرلۇق سېزىمى بىلەن تولدى. شۇ چاغدا ئۇ كۆز ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتىۋاتقان بۇ سەلتەنەتلىك كارتىنىلاردىن ئۆزىگە مىسلىسىز شېرىن لەززەت تۇيغۇسىنى قوبۇل قىلىۋالغانىدى. شۇندىن كېيىن خىيال كارتىنىسى بىر كۆرۈنۈشتىن باشقا بىر كۆرۈنۈشكە يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ خىيالى بۈگۈن كونىشەھەردە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. مانا ناھىيىلىك بانكىنىڭ كىچىك ھويلا تېمى ئىچىگە



ئېلىنغان تۆت ئېغىزلىق كۆرۈمسىز بىناسى، جەنۇبىي يۈنىلىش پولكى 20 نەچچە كۈندىن بۇيان ۋاقىتلىق ھەربىي داۋالىنىش ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن بۇ جايدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئېغىر يېنىك يارىدار جەڭچىلىرى داۋالانغانىدى. كۈتۈلگەن، زور ئېتىبار بىلەن ئاسرالغانىدى. شەپقەت ھەمشىرىسىمۇ ئاقسۇ ئۇرۇش سېپىدىكى جەڭگىۋارلىقتا باي ئەتىسە شۇ 20 نەچچە كۈنلۈك پارلاق ھاياتىنى دەل شۇ يەردە تۇرۇپ، ئالدىراشلىق ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەنىدى. ئەمما قەمەرنىسانىڭ نەزەرىدە ناھىيىلىك بانكىدىكى كارتىنا ئىچىنىشلىق مەنزىرە، قايغۇ — ئەلەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر خىل كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈش بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەرگە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن ئەجەللىك يېرىگە ئوق تېگىپ، ساقايتىۋېلىشتىن مەڭگۈ ئۈمىد بولمىغان ناھايىتى ئېغىر يارىدارلارمۇ، بومبا قولى ياكى پۇتىنى ئۈزۈۋېتىپ تاشلىغان مېيىپلەرمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېنىك يارىدارلار بىلەن قەتئىي ساقايتىۋالغىلى بولىدىغان، ئەمما داۋالىنىش مۇددىتى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان يارىدارلارمۇ ئەكېلىنگەنىدى. شەپقەت ھەمشىرىسى جەڭگىۋار سەپداشلىرىغا بولغان چەكسىز قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن ئۇلارنى مېھرىبانلارچە ئەنە شۇ يەردە باقتى، كۈتتى، دوختۇرلارنىڭ داۋالىشىغا يېقىندىن ھەمكارلاشتى. يارىدارلار بىلەن ھەربىي يۈرۈش ۋاقتىدىكىدىنمۇ چوڭقۇرراق تونۇشۇپ، ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاپادار سىردىشىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۈگۈن بولسا ئۇ شۇلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن، جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىدىكىلەرگە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەگىشىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان، شۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ بەجانىدىل غەمخورلۇققا مۇھتاج بولۇپ قالغان ئېغىر يارىدارلار بىلەن نائىلاج خوشلىشىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى. كېيىن يەنە قەمەرنىسا ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى

تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە چېپىپ تاشلىغانلىقى توغرىسىدىمۇ كىشىنى قاتتىق ئازابلىغۇچى شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدى. شەپقەت ھەمشىرىسى تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن بۇ دەھشەتلىك كارتىنىنى ئويلاپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا قەمەرنىسانىڭ كۆز ئالدى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ، كىچىككىنە قاراڭغۇ ئۆي بەئەينى تار لەھەتكە ئوخشىشىپ كەتكەندەك بولدى. قىز ئېچىنىشلىق قايغۇنىڭ ئېغىر بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىشكە ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ، ئاخىر كۆز يېشىنى تۆكۈشكە باشلىدى. ئاڭغىچە تاشقىرىقى ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ، سىرتتىن كىمدۇ بىرىسىنىڭ ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىق شەپىسى ئاڭلاندى. تۆكۈلۈۋاتقان ياش بىردىن توختىدى. قەمەرنىسا يىغلىغانلىقىنى يوشۇرۇپ، كۆز ئۆپچۆرىسى ۋە مەڭزىدىكى نەم يۇقۇندىلىرىنى ئېرتتى. ئۇ گەرچە قىز بولسىمۇ، بىرقانچە دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن جەڭچى — دە، ئاخىر!...

بۇ يەرگە كېچىسى سائەت ئون بىرلەر ئۆپچۆرىسىدە كەلگەن قەمەرنىسا ھويلا ئىچىنى تېخى ئېنىق بىلىپ بولمىغاندەك، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. دەسلەپتە ئۇ ھويلىغا قەدەم قويۇپ كىرىپ كېلىۋاتقان كىشىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ جىم ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن شەپىنىڭ ئۆي ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، جىمىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، بۇ كىشىنى سەمەت دەپ ئويلىدى ۋە ئويناشقانغا ئوينىشىش بىلەن جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئۆي بۇلۇڭىغا شەپە چىقارماي كېلىپ، شۇ يەردىكى ئېگىز سامان تاغىرىنىڭ ئارقىغا يوشۇرۇندى. بىراق ئۇ سەمەت بولماي، ھويلا ئىگىسى تۇردىخان دەللە بولۇپ چىقتى. بۇ ئۇنىڭ پولك كوماندىرى جاۋ خەنچىنىڭ كىچىك غىزا - تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرىپ، پىراستىنا، لۆڭگىلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، 5 - ئاتلىقلار پولكى ئىچىدىن قايتىپ چىقىشى ئىدى. قەمەرنىسا ھويلىغا ئەكېلىنىپ جايلاشتۇرۇلغاندا ئۇ پولك ئىچىدە بولۇپ، بۇ خەۋەرنى شۇ يەردە ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە قىزنى يۈز تۇرانە تۇرۇپ كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن دەللە ئەنە شۇنداق قىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئالايىتەن تىمىسقىلاپ توختىغانىدى.



شەپە يەنە قوزغىلىپ، ئۇدۇلدىكى ئۆي ئىچىگە ئۆتۈپ جىمىپ كەتكەندىن كېيىن قەمەرنىسا بۇ كىشىنىڭ سەمەت ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە سامانلىقنىڭ كەينىدىن يېنىپ چىقتى. ۋاقىت يېرىم كېچە مەزگىلىدىن ئۆتۈپ، باش توخۇ ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن شەھەر ئىچىدە توخۇ دىدارى قالدۇرۇلمىغانلىقتىن بۇنى ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى. قىز بىر دانە كىيمەك ئۈستىگە چاپىنىنى قويۇپ ياستۇق قىلىپ زەي تۇپا دەستىدىن تەملىشىپ كەتكەن بورا ئۈستىدە يېتىپ باقتى، بىراق ئۇيقۇسى كەلمەي، يەنە خىيال سۈردى. ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭ خىيال - پىكرى يەنە سۆيۈملۈك ھالال جۈپتى سەمەتنىڭ ئۈستىگە كېلىپ مەركەزلەشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىچىك چېغىدىكى شوخ، يېقىملىق سەمەتمۇ، ھازىرقى بەستلىك، قەددى - قامەتلىك، سەمىمىي، تۈز كۆڭۈل، ۋىجدانلىق سەمەتمۇ تەسبىھ دانىچىلىرىدەك تىزىلىپ بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۆز سۆيگۈسىدىن پەقەت ئىككى ياش كىچىكلىكى بىلەن ئاز - تولا پەرقلىنىدىغان قەمەرنىسا سەمەت بىلەن يېزىداش، مەھەللىداش. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغقان چىقىش بولغانلىقتىن سان - ساناقسىز ئۇچرىشىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. بىر ئاز چوڭ بولغاندا ئايكۆل بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇدى ۋە خەت - ساۋاتلىق بولدى. لېكىن بۇلار ئادەتتىكىچە ئىشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ

ئاتا ـ ئانىسىغا بۇ ئىشق ـ مۇھەببەتتىن يىراق، ئانچىكىم باللار مۇناسىۋىتى، ساۋاقداشلىق ئالاقىسى بولۇپ تۇيۇلدى. لېكىن كېيىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، قەمەرنىسا ئارا بويى، ئوتتۇرا سىيمىزلىكتىكى يېقىملىق، كۆزگە يېقىن، ئىنتايىن چىرايلىق قىز بولۇپ چوڭ بولدى. سەمەت يوغان يولپا، كۈچتۈڭگۈر، يېقىملىق چىراي، ئىسسىق تەبىئەتلىك، قامەتلىك بولۇپ ئۆستى. قىسقىسى، ئۇلار يېزىلىقلار تەرىپلەپ ئېيتقاندەك بارا ـ بارا ھۆسن ـ جامالغا تولغان قىز ـ يىگىتلەردىن بولۇپ قالدى. كۆرگەنلا ئادەم ئۇلارنى تۇغما قوشماق، يېزىمىزنىڭ سەرخىل گۈللىرىدىن دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. لېكىن شۇ كۈنلەردە ئەركىن خاھىشنى چەكلەپ تۇرغان جاھالەت زەنجىرى بىر ـ بىرىنى چىن يۈرەكتىن ياخشى كۆرۈشكەن يىگىت ۋە قىزنىڭ خالىغانچە ئۇچرىشىشىغا توسالغۇ بولاتتى. بىراق ئايكۆل ئېتىكى كەڭ يېزا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇچرىشىپ تۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. مۇنداق ئىمكانىيەتنى يىگىت بىلەن قىز ئۆزلىرى تاپاتتى. يېزىنىڭ ئىشچان ئوغۇل ـ قىزلىرى قىشۇ ياز ئېتىزلاردا، باغلاردا، بوز يەر، دەشتۇ باياۋان، جىرا، توقايزار ۋە خامانلاردا بولۇپ، ئەتىگەننى كەچكە ئۇلاپ ئەمگەك قىلاتتى. يىگىتلەر ئېرىق چاپقاندا، قىزلار قىرلارغا ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى سالاتتى. ئوغۇللار ئۆز ئېتىزلىرىدا يەر چاغلىغاندا، چاچلىق قىزلار ئۆز قوناقلىقلىرىدا ئوت ئوتايتتى. يىگىتلەر بوز يەردە ناخشا ئېيتسا، قىزلار ئۇنىڭ يېنىدىكى باغلاردا ئېيتاتتى ـ دە، ئاندىن ئۇلار تەبىئىي جورىلارغا ئايلىنىپ، بۇ يېقىملىق سادالار تەدرىجىي ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كېتەتتى.

سەمەت بىلەن قەمەرنىسا ئېتىزلاردا ئۇچرىشاتتى، بەلكى سۆيگۈ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ تولۇق ئىزھار قىلىۋېلىش پەيتىنى كۆزلەپ، گۈگۈم ئارىلىقلىرىدا يىراق توقايزارلىقلارغا كېتەتتى



ياكى باغلاردا ئۈجمە قېقىپ يېگەچ قېتىپ ـ قېتىپ مۇڭدىشاتتى، ئويۇن ـ تاماشا قىلاتتى. لېكىن بۇلار بەربىر كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقماي قالمايتتى. ئاندىن بۇ ھەقتىكى گەپ ـ سۆزلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ئاخىر سەمەت بىلەن قەمەرنىسانىڭ ئۆيىدىكىلەرگە بېرىپ يەتتى. سەمەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىز ئوغلىمىزنى مايماق قىلماي، قارىغۇ ياكى گاس ـ گاچا قىلىپ قويماي بېجىرىم يىگىت قىلىپ چوڭ قىلغانىكەنمىز، ئۇ خارلىنىپ قىزنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ، پايپېتەك بولۇپ يۈرمىسىمۇ، تويىنى بارنى ئايىماي خەجلەپ، ئىززەت ـ ئابروي بىلەن چوڭ قىلىپ قويماسمىدۇق، دەپ كايىيتتى. قەمەرنىسانىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ مەسىلىدە قىزىدىن تېخىمۇ باشقىچە، تېخىمۇ قاتتىق خاپا بولاتتى. ئۇلار قەمەرنىسانىڭ سەمەت بىلەن بىللە يۈرگەنلىكىنى بىز ئۈچۈنمۇ، قىزىمىزنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئۇچىغا چىققان سەتچىلىك، تازىلاپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان داغ، بېشىمىزغا چۈشكەن شەرمەندىلىك دەپ ھېسابلايتتى ـ دە، ئۇ سەمەتكە چاپلىشىۋالماي، يۈزىنى پاك ساقلاپ يۈرسە، ھەر مەمەن دېگەن لايىقلار بىلەن بىر چىرايلىق تويىنى قىلىپ قويىماسمىدۇق، دېگەن ئويلار بىلەن قاتتىق ھەسرەت چېكەتتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆز قىزىنى يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئەيىبلىگەن چاغلىرى كۆپ بولدى. بەزىدە ئۇنى دۆشكەلەپ، تەستەكلەپمۇ تاشلىدى. سەمەت بىلەن قەمەرنىسا بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى ئائىلە ئۆزئارا بار ـ يوقنى تەڭشەپ ئىشلىتىپ، پۈتۈن يېزا بويىچە ئىناق ئۆتكەن ئائىلىلەردىن ھېسابلىناتتى. بىراق كېيىنچە كېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ، سەمەت بىلەن قەمەرنىسانىڭ پاك مۇھەببەت يولىدىكى قويۇق ئالاقىسىنى بىر ـ بىرىگە دۆڭگەپ بىرى، ئوغلۇڭلارنى بەڭباش چوڭ قىلدىڭلار دېسە، يەنە بىرى، قىزىڭلارنى

چىڭ ساقلىمىدىڭلار دەپ، ئۆزئارا ئاراز بولۇشۇپ قالدى. لېكىن
بۇنىڭغا قاراپ يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىر - بىرىدىن مەڭگۈ
ئايرىپ، ئادا - جۇدا قىلىۋەتكىلى بولمايتتى. ئىككى ياشنىڭ
پاك مۇھەببىتى ئاخىر يەنە بۇ ئىككى ئائىلىنى ئاۋۇالقىدىنمۇ
يېقىنلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي قۇدىلاردىن بولۇپ قېلىشقا ئې-
كەلدى. سەمەتنىڭ ئاتا-ئانىسى قەمەرنىسالارنىڭكىگە توي چېيى
ئەكىردى ۋە ئۇلارنىڭ تويىنى ئورمىنىڭ ئالدىراش ئىشى
تۈگەپ، كىشىلەر يېڭى بۇغدايغا ئۇلاشقان، ئېتىزلاردا قوغۇن -
تاۋۇز، باغلاردا نەشپۈت، شاپتۇل پىشىپ يېتىلگەن توقچىلىق
ۋاقتىدا كەڭ - كۈشادە قىلىۋېلىش مەسلىھەتىگە كەلدى. بىراق
بۇ ئارزۇلۇق ئىشنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قىلىۋېلىشقا نېسىپ
بولمىدى. شۇ چاغدا غۇلجىدىن قەمەرنىسانىڭ بىر تۇغقان ئاچ-
سىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىپ
قالدى. بۇ 1944 - يىلىنىڭ ياز ۋاقتىدىكى ۋەقە ئىدى. ئائى-
لىدە قەمەرنىسا ھەممىدىن چوڭ بالا بولۇپ، ئاچىسىنى يوقلاشقا
ئۇ بېرىشى كېرەك ئىدى، قىز يولغا چىقتى. سەمەت ھەمراھ
بولۇپ مېڭىپ، ئۇنى مۇزداۋاندىن ئۆتكۈزۈپ قويدى...

تۈننىڭ قاراڭغۇ پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ، ئاقۇش ئاسمىنى
بارا - بارا تاڭ يورۇقى بىلەن ئالماشماقتا ئىدى، لېكىن قىز
تېخىچە بىدار بولۇپ، بىر خىيال دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىدىن ئىككىنچى
بىر خىيال دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىغا غەرق بولۇشنى يەنىلا داۋام
قىلدۇرماقتا ئىدى. قىز قورسىقىنىڭ ئېچىپ قالغانلىقىنى ھېس
قىلىشقا باشلىدى. مومايى ئاخشام ياغدا ئايرىم پىشۇرۇپ ئۇلارغا
تۆت دانە قاتلىما يوللۇق تۇتقانىدى. قەمەرنىسا ئۇنى بوغچۇ-
مىدىن ئېلىپ يېمەكچى بولدى، ئەمما شۇ مەھەل سەمەت ئال-
دىغا كېلىپ، ئۇ كىرىپ قالسا بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشنى ئويلاپ،
قاتلىمىنى بوغچۇمىغا قايتىدىن چىگىپ قويدى، ئاڭغىچە تاش-



ئۆمرى يورۇپ قالغانىدى، قەمەرنىسا قاماقخانىدەك بۇ تار قە-
پەسنى ئوبدانراق كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى. ئۇدۇل
تامدىكى ئۆيىدىن تۆردىخان دەللىنىڭ كىشىنى يىرگىندۈرگۈچى
قاتتىق خورەكى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىز پۈت ئۇچىدا شەپە چىق-
قارماي مېڭىپ، تاشقىرىقى ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئىشىك ئىچ-
تەرەپتىن ئۆتكۈزۈلگەن غوزۇ بىلەن تاقاقلىق تۇراتتى. ئاندىن ئۇ
ئىشىككە چاپلىشىپ دېگۈدەك يېقىن تۇرۇپ، سىرتتىكى كۆڭۈلسىز
مەنزىرىگە نەزەر تاشلىدى. پاختەك رەڭ ماتا كىيىملىك بىر-
نەچچە كىشى ئىشىك يېچۇقىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ، جىن - شەي-
تانلاردەك بىر دەمدىلا غايىب بولۇپ كەتتى. بۇلار شەھەر ئى-
چىنىڭ قاراۋۇللۇقىنى قىلىۋاتقان قوراللىق ئەسكەرلەر بولۇپ،
كوچىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالغا، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى
ئالدىدىن تاشقىرىقى بازار دەرۋازىسى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.
ئاندىن قىز ئۇدۇلىغا كۆز تاشلاپ رازۋېتچىك جەڭچىلەردەك راسا
زەن سېلىپ قارىدى، ئۇ تەرەپتىكى تۆمۈر قاناتلىق دەرۋازى-
نىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككىدىن سوۋرۇن تەلەت تۆت ئەسكەر
قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇراتتى. بۇ 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ دەرۋا-
زىسى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ كاللاكېسەر مۇنتىزىم قوشۇنى شۇ-
نىڭ ئىچىگە جايلاشقانىدى.

قىز ئىشىك ئالدىدىن كەينىگە بۇرۇلاي دەپ تۇرغاندا
ھويلىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئۆرۈلگەن تام ئىچىدىن بىر نەر-
سىنىڭ تېپىرلاپ، ئارقىدىن بوشىتۇرۇپ قالغانلىقى ئاڭلاندى.
بۇ ئېشەك ئىدى، دېمەك، بۇ ھويلىدا ئەنە شۇ قوتۇر ئېشەك ۋە
تۆردىخان دەللىلا بار ئىدى. قەمەرنىسا ئېغىل ئىشىكىگە كېلىپ،
ئۇنىڭ ئىچىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن ئاۋۇالقىدەك شەپە
چىقارماي ئاستا مېڭىپ، ئۆيىگە قايتىپ كىردى، بۇ چاغدا دەللە
ئويقۇدىن ئويغانغان بولسا كېرەك، يۆتىلىۋاتاتتى.

قىز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى، ۋەھىمىلىك ئوي - پىكىرلەر ئۇنىڭ مېڭىسىنى چۇلغىۋالدى. ئۆز - ئۆزىگە:

«ئەگەر مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ۋاقتىدا ئۇنىڭ گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئېتىپ تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ قالغۇچى بولۇپ، جاۋ خەنچىڭگە مەلۇم قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ ھازىر شۇنىڭ پېشكەللىكىنى تارتىۋاتامدۇ - نېمە؟ بولمىسا نېمىشقا مۇشۇ ۋاقىتقىچە پولكتىن قايتىپ چىقمايدۇ؟...» - دەپ گودۇڭشىدى.

ئۇشتۇمتۇت تۇردىخان دەللىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، شىپ - شىپ بېسىلغان ئاياغ تىۋىشى ئىچىل تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى؛ قەمەرنىسا ھەقەمسايىسىنى دەسلەپكى قېتىم نىرىزاقتىن بولسىمۇ غەيرىي رەسمىي كۆرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆي ئىچىدىن قارىدى. تۇردىخان دەللە 45 - 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ياخىيىپ چاڭگىللىشىپ كەتكەن چېچىغا خىللا كۆپ ئاق دارىغانىدەك تۇراتتى. تەقى - تۇرقى ئېگىز ۋە ئورۇق، شۇنىڭغا بىقىپ سەل - پەل ئالدىغا مۈكچەيگەندەك ئىدى، ئەمما چاققان - چاققان قەدەم ئېلىشلىرىدىن ئۇنىڭ ياش چوكان ۋاقتىدىكى ئېپتىكلىكىنى ھېلىغىچە يوقاتمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مىللىي ئارمىيە ياردارلىرى بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدىكى يىغا - زار، ئۇنىڭدىن كېيىنكى جىددىيلىك، دەپسەڭ يېنىدىكى كۆرەش، سەمەت بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئارمانىدا قالدۇرغان نىكاھ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يېڭىشەھەردە پۈتۈن بىر كېچىنى تۈرلۈك - تۈمەن ئوي - پىكىرلەر ئىچىدە ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈش قەمەرنىسانى قاتتىق چارچىتىپ قويغانىدى. ئاخىر ئۇ كۆزى يۇمۇلۇپ، چاپانلا ئۇيقۇ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى.



# دەللىنىڭ رەزىللىكى

تۇردىخان دەللە ئۆز ھويلىسىغا قەمەرنىسانىڭ كۆچۈرۈپ ئەكىرىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قىزنىڭ تەقى - تۇرقىنى كۆرۈپ باقمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يۈز - كۆزىنى چالا - پۇچۇق يۇيۇپلا ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى، بۇ چاغدا قەمەرنىسا ئۇخلاۋاتاتتى. دەللە يۆتىلىپ - قېقىلىپ يېرۇپ ئۇنى ئويغاتتى. قىز كەم ئۇيقۇدىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، رەڭگى - روينى ھاۋغىنلىق ئالامەتلىرى قاپلاپ، ئورۇقلاپ - تارتىلىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى يېقىملىق، گۈزەل جامالى دانا مەن دەپلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. تۇردىخان دەللە ئەسلىدە بۇ كۈتۈلمىگەن قوشنىسىنىڭ مۇنچىۋالا چىرايلىقلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. ئۇ سەمەتنىڭ تولىمۇ ياۋاش، بۇنىڭ ئۈستىگە پولك ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئاددىي ئەسكەر ئىكەنلىكىنى ئويلىغان چاغدا، ئۇنىڭ كونىشەھەردىن ئەكەلگەن قىزنىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تومپاي، كۆرۈمسىزلەردىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى. دەللە ئۇشتۇمتۇت ئەيمىنىپ، قىزنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالغاندەك بولدى. بىراق، بۇ تۇيغۇ بىردەمدىلا يوقاپ، دەللىنىڭ كۆڭلىدە جادۇلارنىڭكىدەك ھىيلە - مىكىر، قۇۋلۇق - شۇملۇق ۋە ۋەھشىيانە رەزىل نىيەتلەر پەيدا بولدى. شۇ چاغدا ئۇ: «سەمەت بۇ بىباھا ئولجىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، مېنىڭ ئۈچۈن ئاچىققان چېغى بارە» دەپ ئۆز -

ئۆزىدىن خۇشال بولدى، ئۇ شۇ تاپتا قەھرىمان توغرىسىدا پولك كوماندىرى جاۋخەنجى ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى فاڭ چىڭنەنگە ئۆزئارا ئۇچراشتۇرماي ئىلگىرى - ئاخىر خەۋەر قىلىپ، ئۇلاردىن ئايرىم - ئايرىم ئىنئام - سوۋغىنىچە ئۇنىدۇرۇۋېلىشقا تەقەززا بولۇۋاتاتتى. دەللە قىزنىڭ ساددا مەيلىنى ئۆزىگە ئاسانراق ۋلىم قىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئۆيىدىن ئالدىراپ - تېنەپ كىگىز ئاچىقىپ ئۇنىمىغانغا قويماي قەھرىماننىڭ ئاستىدىكى چۈۋۇق بورىنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويدى، ئاندىن يەنە ئىككى دانە ئورۇندۇق ئەكىردى. شۇندىن كېيىن ئۇ: «سىزدەك ياش قىزلار ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرمىسا بولمايدۇ» دەپ تۇرۇپ، ئۆز ئۆيىدىكى بىردىنبىر ئەينەكنى ئاچىقىپ، قەھرىماننىڭ ھۇجرا ئۆي ئويۇقىغا تىكلەپ قويدى. قىز تۇردىخان دەللە بىلەن تونۇشمايتتى، ھەتتا ئىلگىرى ئۇنىڭ توغرىسىدا بىرئازمۇ گەپ - سۆز ئاڭلىمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ دەللىنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى ياخشى قوشنىنىڭ سەممىي ئادەمگەرچىلىكى دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى، تۇردىخان دەللە قەھرىماننىڭ يېنىدىن ۋاقتىنچە ئۇزاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ بۇ ساددا قىزنىڭ قەلبىنى ياسىما ۋاپادارلىق بىلەن تېخىمۇ مەھكەمرەك جەلپ قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەتەيىن سۆزلەپ:

— مەن ھويلا سىرتىدىن گۆش - پۆش، كۆكتات - پۆكتاتقا ئوخشاش نەرسىلەرنى تېپىپ كىرىمەن، — دېدى ئۇ، — ئىككىمىز بىزنىڭ ئۆيدە تەڭ قول ئىشلەپ غىزا ئېتىپ يەيلى، بالام. قارىسام سىز، تېخىچە ئون گۈلىڭىزدىن بىر گۈلىڭىز ئېچىلمىغان پورەكتەك بۇدرۇق. كۆزگە يېقىن قىز ئىكەنسىز، مەن قايتىپ كىرگىچە تاشقىرىقى ئىشىك تەرەپكە بېرىپ، سىرتقا ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ قويماڭ. سىرتتا ساپلا ئەسكەر، ئىتنىڭ



قۇيرۇقىدەك كۆپ، ئۇلار سىزدەك قىزلارنى كۆرسە ئاچكۆز بۆرىدەك بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ ھويلىدا تۇرغان ۋاقتىڭىزنىڭ ھەممىسىدە ئۆيدىن بېشىڭىزنى سىرتقا چىقارماي ئۆتكىنىڭىز تۈزۈك!...

دەللە ئۆيدىن ئۇزاپ قەھرىماننىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى، قىز سىپىل ئىچىگە قامىلىپ، قەپەسكە سولانغان قۇشتەك ئۆز ئەركىنى يوقاتقانلىقىغا ۋە دەردكە دەرمان، يۈرەككە ئارمان ھالال جۈپتى سەمەتتىن ئايرىلىپ، بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئېغىر غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاتتىق نارازى بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ تاپتا قوشنىسىدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۆزىدە خېلى يېنىكلىك ھېس قىلىشقا باشلىدى. قىز تۇردىخان دەللىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شەھەر ئىچىدە ھەممە نەرسە نەپەسنى بوغقۇدەك دەرىجىدە يامان، ئىنتايىن يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىگە قارىماي، كىر - قاسماق تىزگىزچ ئىچىدە ئېتىبارسىز تاشلىۋېتىلگەن گۆھەرگە ئوخشاش ياخشى كۆڭۈل ئاياللارمۇ بار ئىكەن، دەپ ئويلىدى. دەللە دېگىنىدەك گۆش، كۆكتات كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى پولك ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئاشخانىسىدىن ئاچىققانىدى. جاۋ خەنجى، فاڭ چىڭنەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، مەخسۇس ئۇلارنىڭ غىزالىقىنى ئېتىپ يۈرگەن دەللە بۇ ئاشخانىدىكى ئاشپەزلەرگە تونۇش بولۇپ، ئاشخانا ئىشىكى ئۇنىڭغا ھەممە ۋاقىت ئوچۇق ئىدى. ئۇلار ئىككىسى قولمۇ قول ئىشلەپ، ھەش - پەش دېگۈچە پىتىر ماتتا پىشۇردى. ئەمما قەھرىماننىڭ تاۋى يەنىلا غىزاغا تارتمايتتى، ئۇ تۇردىخان دەللىنىڭ زورلىشى بىلەن دامىغا ئاز - پاز ئېغىز تەگكەن بولدى. چۈنكى قىز شۇ تاپتىمۇ سەمەتنى ئويلايتتى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈپ، يىغلا ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن بۇ

پېتىر ماقتىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشنى ئارزۇ قىلاتتى. قەمەرنىسا يېيىشنىڭ چوڭلۇقىدىن ئانا يوللۇق ھالەتكە كېلىپ قالغان بۇ قائىجال ئايالدىن خىجىل بولۇپ، خېلىدىن بېرى ئۆز سۆيگىنى توغرىسىدا گەپ سورىيالماي جىم ئولتۇراتتى، ئەمدى ئۇ بىتاقەتلىكنىڭ شىددەتلىك تۈرتكىسى ئارقىسىدا ئاخىر سۈرۈشتە قىلىپ، سەمەت توغرىسىدا بىرەر خەۋەر ئاڭلاپ بېقىشقا مەجبۇر بولدى:

— سەمەتنى تونۇمسىز؟ — سورىدى ئۇ دەللىدىن، — 5 - ئاتلىقلار پولكى ئىچىگە كىرەلىسىڭىز ئىبغىر كۆرمەي ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاچىقىپ بەرسىڭىز. كۆپ خۇرسەن بولۇپ قالاتتىم...

— سەمەتنى تونۇيمەن، — جاۋاب بەردى دەللە، — بىزنىڭ پولكتىكىلەردىن تونۇمايدىغىنىم يوق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بەش قولدەك بىلىمەن. ئەجەب ساددا ئىكەنسىز، مېنىڭ ھېلىلام بۇ پولك ئون قەدەمچە ئۇدۇلدا تۇرۇقلۇق پولكتىكىلەرنى بىلمىسەم بولماس!...

قەمەرنىسا ئۇردىخان دەللىنىڭ سۆزلىرىدىن سەمەت توغرىسىدا خەۋەر ئۇقۇشۇشىنىڭ ئاسان بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ شۇ مەھەل خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ دەللىگە كۈلۈمسىرەش بىلەن قاراپ:

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، — دېدى، — ئىبغىر كۆرمەي سەمەتنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ بەرسىڭىز قانداق؟ بولسىغۇ مۇشۇ يەرگە چاقىرىپ ئاچىقىپ بەرگەن بولسىڭىز...

— بۇ كېيىمىڭىزگە قارىغاندا سىزنىڭ چىرايىڭىزغا لايىق ئەقلىڭىز يوققا ئوخشىمامدۇ بالام؟ — دېدى دەللە، — سىزنىڭ شۇ تېمپاي سەمەتنىڭ ئىلكىگە كىرىپ قالغانلىقىڭىزنى دەسلەپ ئاڭلىغان چېغىمدا ئانچە ھەيران بولۇپ كەتمىگەنىدىم، ئەمدى سىزنىڭ ئەۋرىشىم بويىڭىز، شۇنچە گۈزەل چىرايىڭىزنى كۆرۈ-



گەندىن كېيىن، سىز ئۈچۈن پۇشايمان يەپ، بۇ، گۆھەرنى ئاشقا ئۇرغاندەك ئىش بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدىم. سەمەتنىڭ ئارزۇسىنى يېمەيلا قويۇدەك بالام!...

دەللە ئالدامچىلىق بىلەن قەمەرنىسانى يېنىغا تارتىپ باش - كۆزىنى سىلىماقچى بولدى، قىز ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقىنىپ چىقىپ، ئاچچىق بىلەن نېرىغا سۈرۈلۈۋالدى ۋە غەزەپ ئىچىدە ئۆتلۈك سۆزلەپ:

— قېنى سىزچە بولغاندا نېمە قىلسام بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىلگىرى بىلمەي ياكى ئۇنىڭ زورمەنلىكىگە قارشىلىق قىلالماي تېگىپ قالغان بولسىڭىز، ئەمدى ئۇنى تاشلاڭ دېمەكچىمەن. بۇ كونىشەھەر ئەمەس، ھەر - ھەر چوڭ ئەمەلدارلار جۇغلاشقان يېڭىشەھەر! جاۋ تۇەنجاڭمۇ بالا - چاقىلىرى قاغىلىق، خوتەن تەرەپلەرگە كېتىپ يالغۇز ئۆتۈۋاتىدۇ. فۇتۇەنجاڭمۇ بويتاق كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ.

— ھە، سىز شۇنداق دېمەكچىمۇ تېخى. سەمەتنى 5 - ئاتلىقلار پولكىدىكى يۇندىخورلارنىڭ ھېچقايسىسىغا تەڭ قىلالمايمەن. مەن يېڭىشەھەردىكى داشكۇلچىلىكنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، پەقەت سەمەت ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كەلگەن.

— نادان بولماڭ، ئاغزىڭىزغا قاراپراق سۆزلەڭ. بۇ يەر ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرى بېسىۋالغان ۋاقىتتىكى كونىشەھەر ئەمەس. ئېغىر - بېسىق بولۇپ، مەسلىھەتىمچە ئىش قىلسىڭىز بېشىڭىزغا بالا تېپىۋالمىسىز. سەمەتنى زادى تىلغا ئالماڭ. ماقۇل دېسىڭىز سىزنى جاۋ تۇەنجاڭنىڭ يېنىغا ئەكىرەي، ئۇنىڭ ئۆي بىساتلىرىنى كۆرۈپ بېقىڭ. ئۇلارنى كۆرسىڭىز خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك بولىسىز!

— ئاغزىڭىزنى يۇم، ۋىجدانسىز يالماۋۇز! — دېدى قەمەرنىسا

ۋە ئۇ ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ، تۇردىخان دەللىنىڭ يې-
نىدىن چىقىپ كەتتى. دەللىمۇ ئۇنى سەنلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ
بارىچە تۇۋلاپ:
— مۇزاينىڭ يۈگۈرۈشى سادانىلىقتىچە! — دېدى. —
شەھەر دەرۋازىلىرى تاقاق، ھېچقانداق يەرگە بارالماي ئاخىر
يەنە ئەنە شۇ ئۇدۇلۇمدىكى گۆرۈڭگە كىرىپ جىمغىنىڭنى
كۆرىمەن!
قەھرىنسا دەللىنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئاشكارا ھاقارەت سۆز-
لىرى بىلەن رەددىيە بەرمەكچىدى، لېكىن زورىغا ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىپ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. قىز يەنە خورلۇققا
بەرداشلىق بېرەلمەي ئۈن سېلىپ يىغلىماقچىمۇ بولغانىدى، ئەمما
بۇنداق قىلىشىنىڭ دۈشمىنى ئالدىدا ئاجىزلىق بولۇپ قالىدى-
غانلىقىنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ، ئۈن - سىزەن چىقارمىدى.
شۇ چاغدا ئۇنىڭغا دەللە ئابسىيامىراق ئەكىرىپ سېلىپ قوي-
غان كىگىز ناھايىتى سەت كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىگىز-
نى سۆرەپ تارتىپ، ھويلا ئىچىگە پىرقىرىتىپ تاشلىدى. شۇن-
دىن كېيىن قەھرىنسا ئۆيدە ئۇزاقتىن ئولتۇرۇپ
قاتتىق يىرگىنىچ ئىچىدە تۇردىخان دەللە تۇغرىسىدا ئوي -
پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياشان-
غان ھەققىتى ئىنساپلىق، تەقۋادار بىر ئايالنىڭ يېقىملىق
سىماسى ئەمەس، قانامەن بۇنىڭ ئەكسىچە سوغۇق نەپەس، بەت-
خۇي، ئىنجىمارۇق، قانداقتۇر بىر قارا نۇردىنىڭ شەكلى قىيا-
پىتى تۇرغاندەك ئىدى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ قاپاق سۆڭەك-
لىرى ئىچىگە ئالايتەن ئويۇپ تىقىپ قويغاندەك تەرەن ئۇرىسىز
كۆزلىرىگە گويا تومۇسىز بىر پاھىشە دەللىسىنىڭ سېھىرلىك
قاراشلىرى پەردىلىنىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانغا ئوخشايتتى. كۈتۈل-
مىگەن ھەققەسايىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىكى ھىيلىگەرلىك،



ماھتاپ ئۇچۇرۇش، دوق - پوپوزىلار، شۇلار بىلەن بىللە يەنە،
تولۇپ تاشقان سۆزنى ھەرىكەت ۋە كىچىككىنىمۇ يارىشىملىقى
بولمىغان سۆزنى قىلىقلار بۇ دەللىنىڭ كۆپ ئۆمرىنى بەدنىيى-
لىككە سەرپ قىلىپ، خۇددى شەپەرەڭلەردەك بۇلۇڭ - پۇچقاق-
لاردا كېزىپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى تولۇق مەنىسى بىلەن
ئەستىقلاپ تۇراتتى.
تۇردىخان دەللە ئاقسۇ يېزىلىرىنىڭ بىرىدە تۇغۇلۇپ، ئۆ-
زىنىڭ باللىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئەنە شۇ يەردە ئاتا - ئا-
نىسىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدى، چوڭ بولۇپ، سۇمبۇل چاچلىق مەز-
گىلگە قەدەم قويغاندا ئاتا - ئانىسى ئۇنى شۇ يېزىدىكى بىر
يېتىمچى دېھقان يىگىت بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويدى.
بىراق شۇ كۈنلەردە تۇردىخان دەللىنىڭ بۇرۇنراق توي قىلغان
چوڭ ئاچىسى ئېرىدىن زورىمۇ زور ئاجرىشىپ، تۇغقىنىنىڭ ئۆ-
يىدە تۇرۇپ كېلىش باھانىسى بىلەن يېزىدىن يىگىشەھەر بازى-
رىغا قېچىپ كىرىۋالدى. ئۇ بۇ يەردە ئاسانلا بىر بويتاق
كۆرۈكەشنى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدى. بازاردىكى
تۇرمۇش يېزىدىكىدەك ئۇچتۇۋالا جاپالىق ئەمەس ئىدى. كۆرۈ-
كەشلەر دېھقانچىلىق قىلمايتتى، كەتمەن چاپمايتتى، ئۇلارنىڭ
خوتۇنلىرى ئېتىزلاردىكىدەك مۈكچىيىپ يۈرۈپ، ئوتالغۇ قىلمايتتى،
تېرىم ئىشلىرىغا قاتناشمايتتى. مال - ۋاران ئۈچۈن ئېتىزلار-
دىن ئوت يۇلۇپ كەلمەيتتى، سامان يۈيۈپ، ھەلەپ ئېتمەن،
ئېغىل، ئوقۇرنى ئادالايمەن دېمىمۇ يۈرمەيتتى. قىسقىسى، بۇ
ئىش خۇش ياقماس بەرەر دانىقىپچى ئايال كۆرۈكەش، تاۋۇكاچى
ياكى ھاراق ساتقۇچىغا تېگىۋالدىمۇ بولىدى، ئۇنىڭغا بەخت
قۇشى قونغاندەك بولۇپ، تىكىنسىخورلۇق بىلەن ئەرنىڭ تېپىپ
بەرگىنىنى ئارامخۇدا يەپ ئولتۇرۇۋېرەتتى.
تۇردىخاننىڭ قارىشىچە، چىراق ئاچىسىنىڭ شەھەردىكى

تۇرمۇشى باياشات، ئازادە ۋە كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇ يېزا ئاھالىسىنىڭكىدەك قوپال، يىرىك ئەمەس، ئەكسىچە سىلىق - سىلىق تائاملار بىلەن غىزالىنىپ يۈرەتتى، گۆش، ياغسىز، ئاق نان ۋە گۈرۈچسىز قالمايتتى، ئېسىل زاۋۇت رەختلىرىدىن پات - پات كىيىنىپ تۇراتتى. تۇردىخان كېيىنچە چوڭ ئاچچىسىنىڭكىگە ھەر بىر قېتىم كەلگەندە يېزىغا قايتقۇسى كەلمەي ھەپتىلەپ، ئايلاپ شەھەردە تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ بىر قاۋاقخانىچى بىلەن تېپىشىۋېلىپ، كۆرۈكەش ۋە چوڭ ئاچىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئۇنىڭغا تېگىپ، قاۋاقخانىچى ئۆلگەندىن كېيىن ئەنە شۇ ھويلىنى مىراس قىلىپ، شۇ يەردە تۇرۇۋېپ قالدى. بۇ ھويلا 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە قوشنا بولغانلىقتىن، ئەسكەرلەر بىلەن ساقچىلار بارا - بارا ئۇنىڭ چۆپچەتلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۆزى بۇ ئىككى ئورۇنغا توسالغۇسىز كىرىپ - چىقالايدىغان ھالەتكە يېتىۋالدى. ئۇنىڭ ھويلىسىغىمۇ ھەربىي ئوفىتسېرلەر بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرى پات - پات كىرىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ تۇردىخان تېزلا دەللاللىك يولىغا ئۆتۈۋالدى. ئۇ ئاقسۇ بازىرىدىكى بىر قىسىم ساددا قىز - چوكانلارنى ئالداپ، ھىيلە - مىكىر بىلەن دامغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى شۇ كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەچۈرگۈسىز نەپرەتكە قېلىپ، خەلق تەرىپىدىن يىرگىنچلىك نام — تۇردىخان دەللە لەقىمى بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ قالدى، شۇ نام بىلەن يېڭىشەھەر بازىرىغا مەشھۇر بولۇپ كەتتى. لېكىن قەمەرنىسا بۇنى بىلمەيتتى.

جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى كېلىپ، ئاقسۇدا ئورۇش پارتلىغاندىن بۇيان تۇردىخان دەللەنىڭ كومىنداڭ 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇقلىشىپ كەتتى.



چوڭ ئوفىتسېرلەرنىڭ بالا - چاقىلىرى قاغىلىق، خوتەن تەرەپكە قاچۇرۇۋېتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى بويتاق قالغاندا، ئۇ غىزا - ئاماق ئېتىپ بېرىش، كىر - قات يۇيۇش باھانىلىرى بىلەن پولك كوماندىرى جاۋ خەنچى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى فاڭ چىڭنەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئايغى ئۈزۈلمەي كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى، دەللە ئۇلارنىڭ پاھىشىسى ئۈچۈن يارامىلىق ئولجا تېپىپ، چوڭراق ئىنئامغا ئېگە بولۇۋېلىشنى خىيالىدىن بىرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچى كۆڭۈلدىكىدەك ياش قىز - چوكانلاردىن قۇرۇقلىنىپ قالغاندا مۇنداق ئولجىنى تېپىش مۇمكىن بولماي قالغانىدى. ھازىر بولسا قېرى قاقباشنىڭ ھويلىسى ئىچىدە، ئۇنىڭ تىنىمسىز ئاۋلانغۇدەك يېقىن روبىروسىدىكى ئۆيدە قەمەرنىسا ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ، ئەرسىز يەككە - يېگانە ئولتۇرماقتا. تۇردىخان دەللەنىڭ چۈشەنچىسىدە، ئۇ ئاسماندىن يېگىلىشىپ ئۇچۇپ چۈشكەن ھۆر - پەرىزات ۋە پەلەك مەلىكىسى ياكى قىزىلتاغ لەيلىسىنىڭ بەرگىدىن بەمەزگىل تۆكۈلۈپ، ئۇچۇپ كېلىپ قالغان يوپۇرماق ئۈنچە - يورەك، قىز - چوكانلار ئىچىدىكى يېقىملىق بىر مۆجىزە ئىدى...

تۇردىخان دەللە بۇ ئاجايىپ ئولجىسى توغرىسىدا بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي جاۋ خەنچى بىلەن فاڭ چىڭنەنگە ئايرىم - ئايرىم خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن پولك شتابىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ جاۋ خەنچىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە فاڭ چىڭنەنگە يولۇقۇپ قېلىپ، بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. فاڭ چىڭنەن مۇمكىن بولسا قەمەرنىسانى ھازىرلا ئۆيىگە ئاچىقىشىنى، بولمىسا ئەل قاراڭغۇسى بولغاندا ئۆزى ھويلىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئالدىن تەييارلىق ئۈچۈن دەللىنى ئۆيىگە قايتۇردى.

دەللە ئەمدى قىزنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تۈگىتىپ، كۆڭلىنى باشقىدىن يۇمشىتىش خىيالى بىلەن ئالدىراپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىردى.

— ئايىيام سىزنى قاتتىق - يېرىك سۆزلەر بىلەن خاپا قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ، — ئۆزىڭىزمۇ بىلگەنسىز. مېنىڭ كۆڭلۈم تولىمۇ تېز كەتكەن، تېز كۆڭۈل ئادەم، يوپۇتۇپ سۆز قىلىشنى بىلمەي. ئەنە شۇنداق ئاسانلا باشقىلارنى رەنجىتىپ قويىمەن. شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ تارتىنچاقلىقىڭىزغا بېقىپ سۆز قىلىشنى بىلمەپتىمەن. ئەمدى مىجەزىڭىزنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. مەيۈسلىنىۋەرمەي بۇ ھويلىدا ئاتا - ئانىڭىزنىڭ يېنىدا تۇرغاندىكىدەك ئېچىلىپ - يايراپ يۈرۈۋېرىڭ. مېنىڭدىن رەنجىڭ - رەنجىمەڭ بەرىبىر ئىككىمىز قوشنا. بەلكى تىلىكىم ئىجابەت بولۇپ قالسا، ئۆمۈرۋايەت يېقىن قوشنىلاردەك بار - يوقنى تەڭ ئىشلىتىپ ئۆتۈپ كېتىمىز تېخى.

— كەينى ئاز قىلىڭ، بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆيدە يالغۇز قېلىپ ئارام ئېلىۋالاي، — دېدى قەمەرنىسا رەڭگىنى ئاچماي.

— قىيىداش ئۇزۇن ئۆمۈرنىڭ دۈشمىنى، — دېدى دەللە، — سىزدەك چىرايلىق قىزغا خاپىلىق ياراشمايدۇ.

— تولا سۆزلىمەي ماڭا ئارام بېرىڭ دەۋاتىمەن! — ۋارقىرىدى قەمەرنىسا تەتۈر ئۆرۈلۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ.

— سىزگە قىزىم، ئارام بەرمەي دەۋاتقىنىم يوق. ئايىيام خاپا قىلىپ قويغىنىمغا ناماقۇل بولۇپ سۆزلەۋاتىمەن. بىر ئوبدان ئەتكەن ماتىنى يېمىدىڭىز. ئەمدى سىزگە پولك شىنابىدىن نەشپۈت، ئامۇت، چىلان، ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇزغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بېرەي دەۋاتىمەن، يەرسىزمۇ؟

— بۇلارنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، ئاۋۇم ھېچ نەرسىنى تارتمايدۇ!



— بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئىچىڭىز پۇشۇپ قېلىۋاتقانغا ئوخشايدۇ. ماقۇل دېسىڭىز شىتاب ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ چىقاي، مېنى ئاغزىدا چىشى قالمىغان قېرى ئىكەن، دەپ چۈشىنىپ قېلىۋەرمەڭ. شىتاب ئىچىنى كۆرسىتىش قولۇمدىن كېلىدۇ. يۈرۈڭ، شۇ يەرگە ئەكىرەي!

تۇردىخان دەللە مېڭىشقا زورلاپ قەمەرنىسانىڭ قولىنى تارتتى، قىز ئۇ يەردە سەھەت بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ، ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشەلدىيۇ، ئەمما شۇ مەھەل ئولتۇرۇۋېلىپ، دەللىنىڭ قولىنى سىلكىپ تاشلىدى. چۈنكى ئۇ پۈتۈن پولك ئىچىنى ئارىلاپ چىققان ھالەتتىمۇ ئۆزىنىڭ سەھەت بىلەن ئۇچرىشالمايدىغانلىقىنى پەملەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەللىنىڭ بۇ سۆزىدە ئۆزىنى توپتوغرا چاۋ خەنجىي ياكى فاك جىڭنەننىڭ ئۆيىگە ئەكىرىشكە ئالدىنئالا قۇرۇپ قويۇلغان قىلتاق بار ئىدى. قەمەرنىسا تۇردىخان دەللىگە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق جايىنى كۆرىدىغانغا كۆزۈم يوق، — دېدى ئۇ، — ئۆلۈك ئىچىگە كىرىپ، كۆڭلۈمنى يارا قىلسامۇ، مۇشۇ كىچىككىنە جاللاتلار شەھرىدە تارتىۋاتقىنىم يېتىپ ئاشمامدى!؟

— بۇ يەردە دەرد تارتىۋاتقان بولسىڭىز ئۇ يەردە بۇنىڭدىن خالىي بولىسىز، — دېدى دەللە ئەينى مۇددىئاسىنى ئاشكارا سۆزلەشكە باشلاپ، — مەن سىزنى فاك فۇتۇەنجاڭنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىمەن، ئەگەر خالىسىڭىز جاۋ تۇەنجاڭ بىلەنمۇ ئۇچراشتۇرىمەن. بۇ ياخشى پۇرسەت، ئۇنى قولدىن بەرمەڭ بالام. بۇ ئۆيلەردە مېنىڭ بىلەن بىللە غىزا - تاماق ئەتكەن بولۇپ، توق - باياشات ئۆتۈۋېرىسىز.

— مېنىڭ ئوغامنى قايىنتىپ، مۇنداق جاللاتلارنىڭ ئىتىنى ئىككىنچى تىلىڭىزغا ئالماڭ! — سىلكىنىۋەتتى قىز.

— جاللات ئەمەس، — ئاقلاپ سۆزلەشكە ئۆرۈندى دەللە، — ئۇلار مىغ - مىغ ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقلىرى، ياخشى ئادەملەر، مەرد، قولى ئوچۇق. ئۇلارنىڭ ھازىر يېنىدا بالا - چاقىلىرى يوق، بۇ ئۆيلەردە بولسىڭىز ئۆز بەگ - ئۆز خان بولۇپ يايراپ كېتىسىز. ناخشا ئېيتساڭ چوڭ ئەمەلدارنىڭ ناخشىسىنى ئېيت، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

— مۇنداق تېتىقسىز گەپنى ئىككىنچى قىلماڭلا دەۋاتىمەن! — قەمەرنىسا سىرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى. ئەمما قەيەرگە بېرىشنى ئۇقماي ئۆي ئىچىدە يەنە توختاپ قالدى.

— بۇ مەن گەپنى ئۆزۈمچىلا ئېيتىۋاتقىنىم يوق. تۆەنجاڭلار چىرايىڭىزنى كۆرسە، چوقۇم سىزنى يارىتىپ قالىدۇ، دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئېيتىۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھازىر ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك، زىرە، سۆكىلەر ساندۇقتىن ئېشىپ، پەتنۇس، تەخسىلەردە تۇرىدىغان بولۇپ كەتتى. تۆەنجاڭلارغا ياراپ قالسىڭىزلا بولدى، ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ئىچىگە كۆمۈلۈپ كېتىسىز.

— ۋۇي، بولدى، يەنىلا شۇ گەپمۇ؟ ۋالاقشىڭىزدىن بېشىم ئاغرىپ كەتتى! — قەمەرنىسا زەردە بىلەن ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ قۇلىقىنى ئېتىۋالدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك ئامالى يوق ئىدى. تۇردىخان دەللە بۇنى نازلاش مەنىسىدىكى قىيىداش دەپ ئويلاپ، بىلجىرلاشقا باشلىدى.

— قىزلارنىڭ ياش ۋاقتى ئويناپ كۈلۈۋالىدىغان ۋاقتى، — دېدى ئۇ، — مەن جىگىلداپ تۇرىدىغان ياش چوكان ۋاقتىمدا باي قاۋاقخانىچىغا تېگىۋېدىم. ئاتا - ئانام يېزىدا ئىشلەپ، يېزىدىن ئۆمرىدە ئۇلىشالمىغان راھەتكە ئۇلاشتىم، ئېرىم ئۆلۈۋېدى، ئۇنىڭدىن ماڭا نۇرغۇن تەئەللۇقات، مال - مۈلۈك،



ئۆي - ئىمارەت قالدى. سىزمۇ مۇشۇنداق ياش. ھۆسن - جامالىڭىز تولغان ۋاقتىڭىزدا تۆەنجاڭلاردىن بىرىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، باياشات تۇرمۇشنىڭ مېغىزىنى چېقىڭ دېمەكچىمەن!...

— كۆزۈمدىن يوقال، قېرى دەججال! بولمىسا بىراقلا بوينۇڭدىن بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن! — غەزىپىگە پايلىماي قاتتىق ۋارقىراپ تاشلىدى قەمەرنىسا. تۇردىخان دەللىنىڭ ھاڭ - تاڭ بولۇپ، كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۆڭگۈلى ئۆچكەن ھالدا:

— يامانغا ياغ ياراشماس، ئۆچكىگە يوغاقىسىزت! ھەي ئەقىلسىز ئەخمەق! ئەمدى مۇشۇ گېپىڭنى تۆەنجاڭلارغا ئېيتىپ، سېنى قانداق قىلدۇرۇۋېتىدىغانلىقىمنى كۆر! بىردەمدىلا جاجاڭنى تارتىمەن! — دېدى.

— مېنى دېسەڭ ھازىر چىقىپ ئېيت! بۇنداق خورلۇقتىن بىر يولى ئۆلگىنىم ياخشى!

— ئاجايىپ ھۆركىرەيسەنغۇ؟ نېمەڭگە ئىشىنىپ مۇنچىۋالا ۋارقىرايسەن!؟

— سېنىڭ جاۋ تۆەنجاڭلىرىڭ بولسا، مېنىڭمۇ قۇدرەتلىك تايانچىم بار. ئۇلار بۈگۈن كەلمىسە ئەتە، ئەتە كەلمىسە ئۆگۈن كېلىدۇ، بەربىر كېلىپ، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيدۇ!...

تۇردىخان دەللە بۇ گەپ بىلەن ھويلا ئوتتۇرىسىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. قورقۇپ ئاز - تولا تىترىگەندەكمۇ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆي ئىشىكى ئالدىغا سۆرىلىپ كېلىپ ئەجەبلىنىش ئاھاڭىدا ئاستا سورىدى:

— ھېلىقى ئىلىدىن كەلگەن ئوغرىلارنى دەۋاتامسىز؟ ئۇلار يەنە كېلەمدۇ؟ ئۇلار سىزنى تونۇمدۇ؟

— ھە، ئاشۇلارنى دەۋاتىمەن، — تەنە ئاھاڭىدا جاۋاب

بەردى قىز. — ئۇلار كېلىدۇ، شۇ چاغدا بۇ تار قەپەستىن بىراقلا قۇتۇلىمەن. مەن ئاياغ-ئاستى قىلىشقا ماقۇل دەيدىغان قىزلاردىن ئەمەس. بىلمىگەن بولساڭ ئەمدى بىلىپ قوي. تۈەنجاڭلىرىڭغىمۇ ئېيت! مېنى خارلايمەن دەپ يۈرگىنىچە ئۇلار-نىڭمۇ بىلىپ قويغىنى ياخشى!

— بۇ گەپچە سىزمۇ ئىلىدىن كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇرۇش قىلىۋاتقانلاردىنمۇ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى دەللە.

— ھەئە شۇلاردىن! ئۆزۈممۇ ئىلىدىن كەلگەن! — ئوچۇق جاۋاب بەردى قىز.

— گېپىڭىزنىڭ تېگى-تەكتىنى دېگىنىڭىزدەك چۈشىنەلمەي بېشىم قېيىپ كېتىۋاتىدۇ. سىز سەمەت بىلەن يېڭىدىن توي قىلىپ، كونىشەھەردىن ئاچقىلىشقان ئەمەسمىدىڭىز؟

— ھەئە شۇنداق بولغان. ئەسلىم ئاقسۇلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەمەت بىلەن بىر يېزىلىق. لېكىن بۇ قېتىم مىللىي ئارمىيە بىلەن بىللە غۇلجىدىن كەلگەنمەن. چىن كۆڭلۈمدىن خالاپ، سەمەت بىلەن توي قىلغانمەن. تېخىچە ئۇقمىغان بولساڭ، يەنە بىر قېتىم ئۇقۇپ قوي!...

تۇردىخان دەللىنىڭ ئەمدى قەمەرنىسانى جاۋ خەنچى، فاڭچىڭئەنلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئۈمىدى يوققا چىققانىدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بېشى قېتىپ، لاسىدە بوشاپ، تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپلا قالدى. دەللە فاڭچىڭئەن بىلەن ئەتىگەن تەرەپتە قىلىشقان مەسلىھەتكە ئاساسەن قىزنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاچىقىش ياكى ئۇنىڭ ئۆزى كەچتە بۇ يەرگە كىرىشى، قىسقىسى، گومىنداڭ پولكىنىڭ بۇ مۇئاۋىن كوماندىرى پاھىشە ئاچكۆزلۈكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىز بىلەن بىر يەردە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمدى دەللىنىڭ ھازىرقى چۈشەنچىسىدە قەمەرنىسا ياغلىما گەپلەر بىلەن قايمۇقمايدىغان، تەلتۆكۈس بىر تەرسا.



ياق، تەرسالا ئەمەس، بەلكى يەنە گومىنداڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن بىر يەردە بولۇشنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاڭلاشنى خالىمايدىغان بىر ئىنقىلابچى بولۇپ قالغان ئىدى. ئەگەر قىز فاڭچىڭئەنگە ئۇچراشتۇرۇلسا ھەققەتەن چوڭ كۆڭۈلسىزلىك چىقىشى، ئۇنى تىللىشى، يۈزىگە تۈكۈرۈشى، قولىدىن كەلگەن قارشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشى مۇمكىن ئىدى. تۇردىخان دەللە شۇ تاپتا 5-ئاتلىقلار پولكى ئىچىگە كىرىپ، قەمەرنىسانىڭ قوراللىق ئىنقىلابچىلاردىن ئىكەنلىكىنى پاش قىلىپ، ئۇنى رەھىمسىز جازاغا يولۇقتۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق ھازىر بۇنداق قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولۇپ، ئەگەر فاڭچىڭئەن شۇ تاپتا ھويلىغا كىرىپ كەلسە تۇردىخان دەللە ئۈچۈن ئۇنى پەقەت خۇش چىراي قارشى ئېلىپ، قەمەرنىسا بىلەن بىر يەردە قىلىپ قويماقتىن باشقىغا چارە قالمىغانىدى. كەچ كىرىپ، دەل شۇنداق قىلىشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كېلىۋاتاتتى. دەللىنىڭ قايغۇسى ئېشىپ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەندەك بولدى. ئاڭغىچە تاشقىرىقى ئىشىك داقىلداپ ئېچىلىپ، تاشقىرىدىن بىر ئەسكەر يوغان بىر قۇچاق بويا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. بويا شائىخادىن تاۋاردىن تىكىلگەن يىپەكچە يوتقان-كۆرپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار يۇڭ ئەدىيالغا ئورالغانىدى. بۇنى فاڭچىڭئەن مۇشۇ ھويلىدىكى بىر كېچىلىك قونالغۇسىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئالدىنئالا كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. ئەسكەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تۇردىخان دەللە بۇ نەرسىلەرنى قەمەرنىسانىڭ يېنىغا كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— قىزىم، — دېدى قۇۋۇلۇق-شۇملۇق بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ، — فاڭ فۇتۇەنجاڭ سىزنى قاتتىق-قۇرۇق، داخ يەردە يېتىپ يۈرمىسۇن، دەپ بۇلارنى ئاتىدارچىلىق بىلەن كىرگۈزۈپتۇ. قوبۇل قىلىپ ئېلىپ كېچىسى تېگىڭىزگە يۇمشاقىنا سېلىپ يېتىڭ.

ئۇ كىشى كىرگەندىمۇ ئوچۇق چىراي كۆتۈرۈۋېلىڭ.

قەمەرنىسا بويىنى ئۈن-تىنسىز ھويلىغا چۆرۈپ تاشلىدى. دەللە ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىۋېتىپ:

— سىنىڭ ئەمدى فاڭ فۇتۇەنجاڭغا تەڭ كېلەلىگەنلىكىڭنى كۆرەي! — دېدى-دە، جىممىپ كەتتى.

قەمەرنىسا دەللىنىڭ كېيىنكى سۆزىگە جاۋاب قايتۇرۇپ تۇرمىدى. چۈنكى كەچ كىرگەنچە فاڭ چىڭنەننىڭ بۇ ھويلىغا باش تىقىپ كېلىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ، سۆز كۆرۈشى قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ قالغانىدى. دەللە ئۆيىگە كىرىپ جىمغاندەك بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا غەم-قايغۇ ۋە دەككە-دۈككە ئىچىدە تېخىمۇ قاتتىق خاتىرجەمسىزلەنمەكتە ئىدى. دەللە قەمەرنىسا — بۇ گۈزەل قىز توغرىسىدا ئەتىگەندىلا فاڭ چىڭنەننى خەۋەردار قىلغىنىغا قارىماي، جاۋ خەنچىنى تېخىچە بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ قويۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. ئۇردىخان دەللىنىڭ چۈشەنچىسىدە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر-بىرىدىن قېلىشماس پاھىشە مەستانىلىرى، ھاۋايى-ھەۋەس ئاچكۆزلىرى ئىدى. ئۇ ئۆز ھويلىسىغا ئوشتۇمتۇت ئۇچۇپ كېلىپ قالغان بۇ گۈل توغرىسىدا مۇئاۋىن پولك كوماندىرىنى خەۋەرلەندۈرگەن يەردە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن پولك كوماندىرىنى ھەممىدىن ئاۋۋال خەۋەردار قىلىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. فاڭ چىڭنەن ئاڭلىغاننى جاۋ خەنچى ئاڭلىماي قويمايتتى. ئۇ بەھرىمەن بولغان نەرسىدىن جاۋ خەنچى تېخىمۇ بالدۇرراق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇردىخان دەللە بۇ ئىشتا جاۋ خەنچىدىن چوقۇم قاتتىق پىشكەللىك يەپ قېلىشىنى ئويلاپ غالىلداپ تىترەشكە باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا پولك كوماندىرىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ قوزغالدى. لېكىن يەنە بۇ توغرىدا سۆز قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ توختاپ قالدى. دەللىگە بۇنىڭدىن باشقا پىش-



كەللىك يوقمىدى؟ ئۇ شۇندىن كېيىن فاڭ چىڭنەننىڭ ھويلىغا كىرىش ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى، لېكىن قەمەرنىسانىڭ ئۇنى ئوچۇق چىراي كۆتۈرۈۋېلىشقا قەتئىي كۆنمەيۋاتقانلىقىنى يادىغا ئالدى-دە، فاڭ چىڭنەنگە «قىز گۈزەللىكىگە قارىماي تولىمۇ تەرسا ئىكەن، ئالداپ-سالداپ ئۆزىڭىزگە كۆندۈرۈۋېلىڭ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى ئالايىتەن ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىراپ پولك ئىچىگە كەتتى. ئۆيدە يالغۇز قالغان قەمەرنىسا سەمەتكە تويدىن كېيىن ھېچبىر خىزمەت قىلىپ بەرمىگەنلىكىنى ئويلاپ، ئاخىرقى دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆڭلەك-تامباللىرىنى يۇيۇپ قويۇش ئۈچۈن ھېچ ئىش بولمايۋاتقاندەك تەمكىنلىك بىلەن كىر يۇيۇشقا كىرىشتى.

## خورلىنىپ ياشىغاندىن ۋىجدان بىلەن ئۆلگەن تۈزۈك

قەمەرنىسا ھويلىدا يالغۇز قېلىپ، ھالال جۈپتىگە بولغان پاك مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە سەمەتنىڭ كۆڭلەك-تامباللىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى. قەمەرنىسا ئېغىر خورلۇق ئىچىدە ئازابلىنىۋاتاتتى. ئۇ مەڭگۈ كەچۈرۈم قىلغىلى بولمايدىغان ھىيلىگەر، بىنومۇس، قاقباش دەللىنىڭ ئويۇنچۇق قىلىپ ئويۇنىشى ۋە مەسخىرە قىلىشىغا دۇچار بولماقتا. ئۇنىڭ ھويلىسىدا بۈگۈنگىچە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار كۆڭۈلسىز تىراگېدىيىنىڭ بىرىنچى پەردىسى ۋە بەلكى مۇقەددىمىسى ئىدى. ئۇنىڭ تەسەۋ-

ۋۇر قىلىشقا بولمايدىغان ئاجايىپ بىنومۇس ئىككىنچى پەردىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى باشقا پەردىلىرى ئەمدى قىزنىڭ ئىرادىسىگە زىت ھالدا ئارقىمۇ ئارقا باشلىنىپ كېتىدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. بۇ پەقەت ئازغىنا ۋاقىتتىلا، يەنە بىر ئاز كەچ كىرىشىگىلا باغلىق بولۇپ قالغانىدى. كۈن ئاللىقاچان غەربىي ئۈپۈقنىڭ كەينىگە يانپاشلاپ، قاراڭغۇلۇق دەللىنىڭ كىچىككىنە تار ھويلىسىنى قاپلاشقا باشلىدى. كەچ كىرىشىگىلا قاق چېكىنەن بىلەن بولىدىغان تراگېدىيىنىڭ باشلىنىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئاڭغىچە قەمەرنىسا سەمەتنىڭ كۆڭلەك - تامباللىرىنى يۇيۇپ بولۇپ يايدى. قىز سەمەتنىڭ تېخىچە ئىز - دېرىكى بولمىسىمۇ، بۇ سۆيۈملۈك يىگىت ھازىرلا كىرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن كۆڭلەك - تامباللىرىنى خۇشال - خۇرام تاپشۇرۇۋالىدىغاندەك، ئۇلارنى يەنە قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ ھويلىغا يايدى. قىز پەقەت بۇ ئىشلارنى سەمەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى ئارقىسىدىلا قىلدى، ياق، بۇلار ئەمەس، قىز بۇ ئىشتى يەنە ئۆز سۆيگىنىگە بولغان ئەڭ دەسلەپكى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەڭ ئاخىرقى ئەمەلىي ئەقىدىسى سۈپىتىدە بەجا كەلتۈردى. چۈنكى ئۇ سەمەت بىلەن توي نىكاھى ئوقۇلغاندىن بۇيان بىر ئۆيدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئازراق بولسىمۇ خىزمىتىنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، قىز يەنە مۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىشقا ئامالسىز ئىدى. دەللىنىڭ ھويلىسىدا باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان پاجىئەلىك تىراگېدىيە ۋەقەنىڭ چوقۇم شۇنداق بولۇشىدىن ئېنىق دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

قەمەرنىسا كىردىن قولى بوشىغاندىن كېيىن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى: ئۇ ئۆيگە كىرىپ باقتى. نەپىسى بوغۇلغاندەك بولۇپ ئولتۇرالماي يەنە ھويلىغا چىقتى، ئاندىن بۇ يەردىن



قاشقىرىقى ئىشىك تەرەپكە بېرىپ، ئىشىكنى قارىتىپ كۆردى. دەللە قەمەرنىسانى قېچىپ چىقىپ كەتمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، ئۇنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويغانىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ قىسىلچاقتىن ئۇدۇلىدىكى چوڭ ھويلا 5 - ئاتلىقلار پولكى ئىچىگە قارىدى. ئۇ سەمەتنى كۆرمەكچىدى، ئاخشام قاراڭغۇسىنىڭ قېلىن پەردىسى پولك ھويلىسىنى قاپلاپ، ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەس قىلىۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا قىز ئىشىككە يېقىنلاپ قالغان ئىككى قارا گەۋدىنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇلارنى قاق چېكىنەن بىلەن تۇرىدىغان دەللە بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ كىرىشىگە ئۇرۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئىشىكنىڭ ئورۇۋ ياغىچىنى قولىغا ئېلىپ تەييارلاندى. بۇ ئىككى گەۋدە كوچا چارلاپ يۈرگەن ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار بىر دەمدىلا قىسىلچاق ئۇدۇلىدىن غايىب بولدى. قىز ياغاچنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە قايتىپ كىردى، ئۇ تاپانچىسىنى كونىشەھەردە قالدۇرۇپ چىققانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆز - ئۆزىنى كايىدى، يۈز - كۆزىنى تەستەكلەشكە تاس قالدى. چېچىنى يۇڭدىسىدى. ئاچچىق پۇشايماننىڭ دەستىدىن ئاراملاپ ياش تۆكۈشكىچە بېرىپ يەتتى.

كەچ كىرىش بىلەن قاق چېكىنەننى چاقىرىپ چىقىش ئۈچۈن پولك شىتابىغا كىرىپ كەتكەن دەللە ئۇ يەردە خېلى ھايال بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ يەرگە كىرىپ كەلگەن چاغدا سېپىل ئۈستىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ يېڭىلا ئۆيىگە قايتىپ چۈشكەن قاق چېكىنەن پولك ساتىراشىنى باشلاپ كېلىپ، قەمەرنىسا بىلەن ئۇچرىشىشقا تەييارلىنىپ ئالايىتەن چېچىنى ياساتتىپ، ساقال - بۇرۇتىنى قىردۇرۇۋاتاتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ دەللىگە گۆشلۈك سەي قورۇغۇزۇپ، قورساق توقلىدى. ئۆزىچە قىز بىلەن بىر يەردە بولۇشتىن ئىبارەت بۇ خۇشاللىق ئىشقا

خۇش خۇي كەيپىياتتا بىر بىشىم كېرەك، دېگەن مەقسەت بىلەن ئاقسۇنىڭ كۆيدۈرگۈ ھارىقىدىن پوكاندەك قىزارغىچە ئۇستى - ئۇستىلەپ بىر قانچە رومكا ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن فاڭ چىڭنەن روھىي جەھەتتىن ھەقىقەتەن كۆتۈرەڭگۈلىشىپ، قاراڭغۇ كېچىدە ئۇچۇشقا تەييارلىنىۋاتقان مەشۈكياپىلاقتەك غۇلىچىنى كېرىپ، ئۇيياق - بۇياققا بالىلارچە سەكرەشكە باشلىدى. يوغان، يوم ئاۋازى بىلەن كالىدەك ھۆركىرەپ، بىر پەس ئىرخاڭ ناخشىسىغا توۋلىدى، ئاندىن يەنە كەلسە - كەلمەس ئىسقىرتىپمۇ قويدى. مۆتىۋەن پولك كوماندىرلىق پاگونىنى سىرتىپ تاشلاپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى قايتا - قايتا تۈزەشتۈرۈپ، ئەينەككە بىر قانچە رەت قارىدى، كەمىرىنى باشقىدىن چىڭىتىپ، تاپانچىسىدا ئوقىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆيدىن چىقماقچى بولۇۋىتىپ، ئۈستەلدىكى ھاراققا يەنە كۆزى چۈشتى - دە، تۇردىخان دەللىنى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ رومكا ئىچكۈزدى، تاماكا تۇتتى ۋە قولىغا چوڭ بىر كورۇپكا لوتوبەن تاماكىسى تۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قاقياشىنىڭ بارمىقىغا بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكمۇ سېلىپ قويدى. دەللە خۇشال بولۇپ، مۆتىۋەن پولك كوماندىرىنىڭ قولىغا سۆيدى، فاڭ چىڭنەن دەللىنىڭ چېچىنى بوش تارتىپ قويۇپ:

— بوغۇزلىماي بىمە بولىدىغان كەپتەرنىڭ باچكىسى، سۇمۇرۇغنىڭ ئۇچۇرمىسى ھويلاڭدا يالغۇز قېلىپ قانداق تۇردىغاندۇ؟ بۇ ۋاقىتچە مېنى ساقلاۋېرىپ ئىچى پۇشقاندۇ - ھە؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق بولمامدىغان، ئەلۋەتتە شۇنداق، — جاۋاب بەردى دەللە، — يۈز - كۆزىنى يۇيسۇن ئۈچۈن چوڭگۇندە سۇ ئىسسىتىپ ھويلىغا ئاچىقىپ قويغانىدىم، سوپۇنىمۇ بەردىم،



بۇ ۋاقىتچە باش - كۆزىنى يۇيۇپ، تېخىمۇ ئاقىرىپ، مامۇقتەك يۇمشاپ ئولتۇرىدىغاندۇ...

— بەللى... بەللى، كۆپ ئىشلاردا دېتىڭ بار ئاپالسەن. قولۇڭدىن كەلمەيدىغان، قاملاشتۇرالمايدىغان ئىشىڭ يوق. ھا! - ھا! - ھا!... ئەتە سېنى باشقىدىن رازى قىلىمەن، ئۆز قولۇم بىلەن قۇلىقىڭغا زىرە سېلىپ قويىمەن. ھا! - ھا! - ھا!...

— نېمىلا قىلىمەن دېسە قوللىرىدىن كېلىدۇ، ھەتتا مېنى كىمخاب، ئاۋارغا يۆركىسۇپىتىمەن دېسىمۇ، ھى! - ھى! - ھى!...

— قېنى ئەمسە ماڭايلى، — دېدى فاڭ چىڭنەن، — خېلى كەچ بولدى. جاۋ تۈەنجاڭ بۇ چاغقىچە ئۈچىمىگە كىرىپ ئۇخلاپ بولغاندۇ.

— سەمەسەتچۇ؟ ئۇنى قانداق قىلدىلا؟ — سورىدى تۇردىخان دەللە.

— ئۇ بىر ئاددىي ئەسكەر تۇرسا. ئۇنىڭدىنمۇ غەم يېگەن بارمۇ؟ ئۇنى تولۇق بىر سوتكىلىق قاراۋۇللۇققا تۇرغۇزۇۋەتتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقا ئىشقا بۇيرۇۋېتىمەن. ئەسكەر دېگەن بىزنىڭ قولىمىزدىكى ئويۇنچۇق.

— ئوغۇ راست، شۇنىسى بىراق...

— يەنە نېمە گەپ، تېخىچە ماڭماي تۇرىسەنغۇ؟ مېنىڭدىن باشقا بىر نەرسە تەلەپ قىلماي دەۋاتامسەن؟ ياكى يەنە بىرەر رومكا قۇيۇپ بەرسە ئىچەمسەن، دېمەكچىمۇ سەن؟!

— باشقا بىر گەپ بار ئىدى. شۇنى ئېيتىپ قويسامسىكىن، — ئىككىلىنىپ جاۋاب بەردى دەللە.

— ھەي، قېنى ئېيت، قانداقلا گېپىڭ بولسا قاندۇرماي دەۋە!

— ھويلامدىكى بايقۇش تېخى ياش، ئون گۈلىدىن بىر گۈلى ئېچىلمىغان. كىچىككىنە سەبىي قىزچاق دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇ كەمگىچە ئۇ ئەر ھىدى كۆرمىگەندەك تۇرىدۇ. مىجەزىمۇ تەرسا ئىكەن، ئالمادىن قىيىقلىق قىلىپ قالسا چىچىلىپ كەتمەي، ئالداپ - سالداپ ئىش قىلسىلا جۇمۇ!

— بۇ كەپلىرىڭنى قوي، ھەممىنى بىلىمەن. ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ھۆر - پەرىزاتنى ئالقىنىمغا چۈشۈرۈۋېلىشنى، ھەرقانداق چىشى يولۋاسنى تىزىمدا پۈكلىۋېلىشنى بىلىمەن. ھا! ھا! ھا!...

— شۇنداق بولسۇن، خۇدايا شۈكرى، قېنى، بىز ئەمدى ماڭىلى!

مۇئاۋىن پولك كوماندىرى تۇردىخان دەللە بىلەن تەڭمۇ تەڭ ئۆيدىن چىقىۋېتىپ، ئىشىك سىرتىدا توختاپ قالدى.

— سېنىڭ بىلەن بىللە ماڭسام بولمىغۇدەك، — دېدى ئۇ مەستلىكتىن ئانچە - مۇنچە يېشىلگەندەك بولۇپ. — ئىككىمىز شۇ پېتى سىرتقا چىقساق ئوفىتسېرلار كۆرسە گۇمانلىنىدۇ. سەن ئاۋۋال بېرىپ ئۇ بايقۇشقا مېنىڭ كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى خەۋەر قىلىپ قوي. ئىشىكنى تاقىما، ئارتۇقچە ھايال بولماي ئارقاڭدىنلا يېتىپ بارىمەن... ھە، ئېيتماقچى، ئۆيۈڭدە لامپا چىراغ بارمۇ؟

— يوق، ئىشلىتىۋاتقىنىم جىنچىراغ.

— ئۇنداق بولسا توختا. ئۆيۈمدىكى لامپىنى ئېلىۋال. بۇنى قىزنىڭ ئۆيىگە ياندۇرۇپ قويسەن.

— بولىدۇ، ئېلىۋالاي. سىلىنىڭ ئەقىللىرى ھەممە ئىشقا يېتىشىدۇ.

تۇردىخان دەللە لامپىغا لىققىدە لىق كىرسىن قاچىلاپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ھويلىسىغا قايتىپ كىرگەندە قەمەرنىسانىڭ



ئۆيى ئادەم يوقتەك جىم، خورەكمۇ ئاڭلانمايتتى. دەللە قىزنى تام ئارتىلىپ قېچىپ كەتكەن بولسۇن دەپ ئويلاپ ئەنسىرىلىشىپ، ئېغىل ۋە ھويلا ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئاندىن يەنە پەنجىرىگە قۇلىقىنى يېقىپ تۇرۇپ، قەمەرنىسانىڭ ئۆي ئىچىنى تىڭشىدى، ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ كۆردى. ئۆي ئىچ تەرەپتىن ياغاچ بىلەن تاقاقلىق ئىدى. تۇردىخان دەللە كېتىپ ئۆيىدە يالغۇز قالغان فاك چىڭنەن قىزغا پاكىز كۆرۈنۈشىنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقى ئورنىدا لۆڭگىنى جاۋۇرغا چىلاپ ھۆلدەپ باش - كۆزىنى يەنە بىر قېتىم سۈرتتى، كىيىم - كېچەكلىرىگە قويۇق ئەدىكولون چاچتى، بارمىقىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغاندىن تاشقىرى قەمەرنىساغا ئاتاپ، يانچۇقىغا بىر جۈپ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكمۇ ئېلىۋالدى. ئاندىن ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، كەمەر ۋە شەپكىسىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ، يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا پولك شتابىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەنىدى، ئالدى تەرەپتە جاۋ خەنچىننىڭ ئىككى ئەسكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتلىق سىرتقا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پولك كوماندىرى بۇ چاغدا شەھەر تېشىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن ساقچى كۈزەتچىلىرىنىڭ كېچىدىكى ئىشلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. فاك چىڭنەن جاۋ خەنچىننىڭ ئۇزاقراق مېڭىپ، كۆزدىن غايىب بولۇشىنى كۈتۈپ، شتاب ئوتتۇرىسىدا بىردەم تىختىدى ۋە ئۆز - ئۆزىدىن خۇشال بولۇپ: بۇنىڭ مۇشۇ تاپتا سىرتقا كېتىشى مېنىڭ دەللىنىڭ ھويلىسىدا خالىغانچە ئويناپ - ياپراپ، ئۇزاق كۆڭۈل ئېچىشىم ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت، دەپ ئويلىدى. جاۋ خەنچى فاك چىڭنەننىڭ پاھىشىۋازلىقتا بىردىنبىر تەڭ كېلەلەيدىغان رەقىبى ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر سىرتقا كېتىشى فاك چىڭنەننى خېلى خاتىرجەم قىلدى.

فاڭ چىڭنەن ھويلىغا قەدەم بېسىپ كىرگەندە ئۇنىڭ ئىچى شەپىسىز، ئادەمزات يوقتەك جىمجىت ئىدى. بۇ يەردە پەقەت تۇردىخان دەللالا ئۇنىڭ قەمەرنىسانىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇراتتى. قىز ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ ئۈن-تىنسىز جىم ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى شەپە ھەرىكەتلىرىگە سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالاتتى. باسقۇنچى پاھىشىۋاز مەھەدانىلىق بىلەن كېلىپ، ئىشىكنى ئىتتىردى. ئىچ تەرەپتىن مەزمۇت تىرەپ قويۇلغاق ئىشىك ئېچىلمىدى. فاڭ چىڭنەن ئاچچىقلانغانلىقىدىن ھار ئېلىپ، «ئىشىكنى ئاچمىسا ئۇر تېپقۇمنى» دېگەندەك تۇردىخان دەللالغا قاتتىق قايىدى. دەللە ئۆزىنى ئاقلاپ:

— مەن سىلىگە دېمىدىممۇ؟ بۇ ناھايىتى تەرسا قىز ئىكەن. چىرايلىقلىقىغا قارىماي ئەنە شۇنداق جۆلقى سەت.

— مەن كىم! بۇ تېخى مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمىگەنگە ئوخشىمامدۇ؟ مەن ھەرقانداق يۇمشىماس تاشنى ئېرىتىپ، بىلىكتەك قىلىۋېتەلەيمەن! — ماختىنىپ ھۆركىرىدى مۇئاۋىن پولك كوماندىرى.

— زادى شۇنداق قىلسىلا. — دېدى تۇردىخان دەللالە، شۇندىن كېيىن ئۇ ئاغزىنى ئىشىكنىڭ دەز يېرىقلىرىغا چاپلاپ تۇرۇپ، ئالدامچىلىق بىلەن بوش ئاۋازدا قەمەرنىساغا سۆزلىدى، — ئەمدى ئەخمەقلىق قىلماڭ قىزىم، ھازىر قانتىنى كېرىپ سىزنىڭ قېشىڭىزغا بەخت قۇشى ئۇچۇپ كەلدى، قۇچىقىڭىزنى كېرىپ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىڭ.

— يوقال ئىنجىمارۇق! ھەر ئىككىڭ كۆزۈمدىن يوقال! — ۋارقىرىدى قىز.

— ئۇنداق يېنىكلىك قىلماڭ قىزىم، — دېدى دەللە يالۋۇرۇپ، — ھېلىمۇ ئاغزىڭىزغا ھاي بەرگىنىڭىز ياخشى، چىرايلىق قى-



زىم. بۇ كىشى فاڭ فۇتۇەنجاڭ، كىچىك ئەمەلدارلاردىن ئەمەس، جاڭ تۇەنجاڭ ئاقسۇدا بىر بولسا، ئاندىن قالسا بۇ كىشى. ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ، كېچىچە مۇڭدىشىڭ. ھال-ئەھۋالىڭىزنى ئېيتىڭ، ھەممىنى ئورۇنداپ بېرىش قولىدىن كېلىدۇ. خۇدا ھەققى، كۆپ مىڭگە كىرىڭ. ھازىر تەرسالىق قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

— يوقال دەۋاتىمەن قاقباش دەللە. بەخت قۇشۇڭنى ئۆز چېكەڭگە قوندۇرۇۋال! — توۋلىدى قىز.

— بولمىسا ئۆزۈڭنىڭ شورى، — دېدى ئاچچىق بىلەن تۇردىخان، — چۈشەنچىلىك جېنىڭغا مىجىلىپ كەتسەڭمۇ مەيلى. قېنى فاڭ فۇتۇەنجاڭغا تەڭ كېلەلىگەنلىكىڭنى كۆرەي!...

فاڭ چىڭنەن توروپاقىنىڭكىدەك يوغان، قوپال گەۋدىسى بىلەن كۈچىنىپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئىتتىردى. چىرىپ ئاللىقاچان جۆلىقى چىقىپ كەتكەن كونا ئىشىك قىڭغىيىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئۆي ئىچى توپا-چاڭغا مىلەندى. ئاڭغىچە قىز ئىتتىك كېلىپ، تىرەك ياغاچنى قولىغا ئېلىۋالدى ۋە ئۇنى باسقۇنچىنىڭ قورسىقىغا تىرەپ، ئۇنى يېقىن كەلتۈرمىدى. دەللە لامپىنى پەنجىرە تەكچىسىگە قويدى. ئۆي ئىچى يورۇدى. فاڭ چىڭنەن قىزنىڭ چىرايىنى بىرىنچى قېتىم ئېنىق كۆرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە باشقىدىن مەپتۇن بولدى. لېكىن ئۇ شۇتاپتا قىزنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراۋاتقانلىقىدىن ھار ئېلىپمۇ قالدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دېدى ئۇ ياسىما ھىجىيىش بىلەن ئومۇچان ئوتتۇنغا. — مېنى ئۆزۈڭگە يېقىن كەلتۈرمەيمەن دەپ ياغاچنى تىرىۋالغىنىڭمۇ؟ ياكى مېنىڭدىن قورقۇۋاتامسەن؟ ئاڭلىسام سەن ئىلىلىق تاغ ياندىتلىرىنىڭ ئادىمىكەنسەن. سىلەر باتۇر ئەمەسمىدىڭلار؟ ئاقسۇنى ۋەتۇپ يوركۆرۈۋېتىدىغان ئەلپاز بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن ئىدىڭلارغۇ؟ مېنىڭدىن قورقما.

مەن سىنى قىزىقتۇرمەن، دەپ يېنىڭغا كىرمىدىم، سىلەر ياندىن، تەرتىپسىز ئائىلەر بىرلەشتىڭلار بىلەن بىز ئۇنداق ئەمەس. ئادەم-گەرچىلىكنى بىلمىسىز؛ مەن ساڭا ھەمراھ بولاي، ھالىڭغا يېتەي دەپ يېنىڭغا كىردىم، ھا! ھا! ھا!...

— مېنى قىزىقتۇۋاتىدۇ دەۋاتامسەن تېخى!؟ قىزىقتۇۋاتقىنى دەل ئۆزۈڭ! — مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بەردى قەمەرنىسا. ئۇنىڭ قىزلارغا خاس زىل، نازۇك ئاۋازى كىچىلىك جاراڭلاپ، بۇ كىچىككىنە ئۆيدە ئەكس سادا پەيدا قىلغاندەك بولۇپ كەتتى.

— نېمىگە قاراپ بۇ كېپنى قىلىسەن؟ — سورىدى ۋاڭ چىڭنەن ھىرىمىيىپ تۇرۇپ.

— قورقمىغان بولساڭ تاپانچاڭنى ئېلىپ، مېنىڭ يېنىمغا كىرەتتىڭمۇ؟

— ھە، راست، سىلەر ئەسلىدىنلا بىزنىڭ قورالىمىزدىن قورقاتتىڭلار. ئۇنداق بولسا تاپانچامنى يېنىمدىن ئېلىۋېتەي، — ۋاڭ چىڭنەن كەمرىنى يېشىپ، تاپانچىنى ئورۇندۇققا قويۇۋېتىپ، قىزدىن سورىدى، — يەنە نېمە قىلسام بولىدۇ؟

— سۆلەت كىيىمىڭنى سېلىۋەت، — بۇيرۇق قىلدى قىز، — مەن سىلەرنىڭ ھەربىي كىيىمىڭلارنى ناھايىتى يامان كۆرىمەن. شەپكەڭنىمۇ ئېلىۋەت!...

— بولىدۇ، بولىدۇ، — ۋاڭ چىڭنەن چاپىنىنى سېلىۋېتىپ تۇرۇپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — سەن دېمىسەڭمۇ ئۆزۈم چاپىنىمنى سېلىۋەتمەكچىدىم، چۈنكى مەن سېنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ ئۆيدە قونۇش ئۈچۈن كىرگەن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى كۆرگەنسەن، بىز مۇشۇنداق رايىش خەلق.

— سەن مېنى دەپ بۇ يەرگە كىرگەن ئىكەنسەن، تېخىمۇ رايىش بىرلىشىشىڭ كېرەك!

— شۇنداق، شۇنداق، ھا! ھا! ھا!...



قەمەرنىسانىڭ ئابىيامقىدەك لام - جىم دېمەي دومسىيىپ قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىغاندا ئەمدى ھەر نېمە بولسا سۆز قىلىشى ۋاڭ چىڭنەنگە ئۇنىڭ يۇمشاپ قىلىۋاتقانلىقىدىن بەلگە بېرىۋاتقاندەك سېزىلدى. ھويلىدا تۇرۇپ، ئۆي ئىچىدىكى ئەھۋالنى كۆزىتىۋاتقان تۇردىخان دەللىنىڭ چۈشەنچىسىمۇ شۇنداق ئىدى. دەللە خۇشال بولۇپ، ئىشىكنىڭ بېشىدا تىمىسقىلاپ تۇرغان پېتى قەمەرنىساغا:

— چىرايلىق، تاتلىق قىزىم، — دېدى، — پەدىمچە خېلى ئەقىللىق قىزدەك تۇراتتىڭىز. ئاخىر يەنە ھوشىڭىزنى تېپىپ، ئەقلىڭىزگە كېلىۋاتىسىز. تېخىمۇ مۇلايىم بولۇڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ھېچنېمە كەتمەيدۇ. بېشىڭىز ئامان قالسىلا بولمامدىمۇ؟ ۋاڭ فۇتۇەنجاڭنى ئۆيدىن رازى قىلسىڭىز كېيىنچە يەنە كىمخاب تونغا ئورىلىسىز. ئۆمرىڭىزدە كۆرمىگەن دۆلەتنى كۆرىسىز...

ۋاڭ چىڭنەنگە تۇردىخان دەللىنىڭ سۆزلىرى يېقىمسىز، ئارتۇقچە بولۇپ تۇيۇلدى. شۇڭا ئۇ دەللىگە:

— ماڭ، چاپسان يوقال! ئۆيۈڭگە كىرىپ يوتقىنىڭغا بۆركەن، ئىككىنچى ۋالاقلىغۇچى بولما! — دەپ ۋارقىرىدى.

قەمەرنىسا ۋاڭ چىڭنەن تۇردىخان دەللىگە گەپ قىلىۋاتقان پەيتتە چەبدەسلىك بىلەن بېرىپ، تاپانچىنى ئېلىۋالدى. مۇئاۋىن پولك كوماندىرى بۇنى سېزىپ، ھودۇققانلىق بىلەن قىزغا قارىغان چاغدا تاپانچا ئۇنىڭ پېشانىسىگە توغرىلىنىپ بولغانىدى. ۋاڭ چىڭنەن قارامىلىق بىلەن قەمەرنىسانىڭ قولىغا ئېسىلماقچى بولدى، لېكىن بۇ ۋاقىتتا مۇنداق قىلىشتىن ئۆلۈمدىن باشقا نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ توختاپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ تىترەپ - تىترەپ يەرگە يىقىلدى، كەۋدىسىنى يېرىم - يارتا كۆتىرۈپ قىزنىڭ ئالدىدا تىزلاندى - دە،

تەسلىم بولغان ئەسكەرلەر قىياپىتىدە ئىككى قولىنى بېشىدىن ھالقىتىپ تۇرۇپ، شەپقەت ھەمشىرىگە يېنىش - يېنىش يالۋۇردى:

— ماڭا كەڭچىلىك قىلىڭ، سىزدىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن...

— بولدى، ئەمدى جىم بول، — ۋارقىرىدى قەمەرنىسا. — ئاۋۋال سوئالىمغا جاۋاب بېرىسەن، ئاندىن ئۆلتۈرۈش - ئۆلتۈرمەسلىكىمنى كېيىن بىلىسەن. مۇشۇ تاپتىكى پاروللار نېمە؟ شۇنى ئېيت!

— ساڭ...... ساڭ...... ساڭ - يىڭ،...... ساڭ - يىڭ.

— نېمە يىڭ دەۋاتىسەن؟ تىترىمەي باشقىدىن ئېيت!

— ساڭ يىڭ، ھە، ھە شۇنداق... ساڭيىڭ، ساڭيىڭ.

— بۇ پارول مېنىڭ شەھەر تېشىغا چىقىۋېلىشىمغا ياردەم بېرەلەمدۇ؟

— بېرىدۇ... بېرىدۇ... ئەگەر خالىسىڭىز ئۆزۈم ئاپىرىپ، سىزنى شەھەر تېشىغا چىقىرىپ قوياي.

— ئەمدى قۇۋلۇقۇڭنى تاشلا! ھىيلە - مىكىر بىلەن تۇزاققا دەسسىتىدىغان ۋاقتىڭ كېتىپ بولغان!

— شۇنداق، شۇنداق... ئەگەر خالىسىڭىز شەھەر تېشىغا توسقۇنسىز چىقىپ كېتىشىڭىزگە خەت يېزىپ بېرەي، يانچۇقۇمدا تەييار قەلەم - قەغەز، تۇجاڭزا بار.

فاڭ چىڭنەن بۇ سۆزنى قىلىپ بولۇپ، قەمەرنىسانىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغا يېقىنلاپ ماڭدى. ئۇ شۇ ھەرىكىتىدە ئۇنىڭ قولىدىن تاپانچىنى تارتىۋالماقچىدى. قىز ئاجايىپ چەبدەسلىك بىلەن يانغا داجىپ، بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— خورلىنىپ ياشىغاندىن ۋىجدان بىلەن ئۆلگەن تۈزۈك!



قەمەرنىسا بۇ جاراڭلىق سۆز بىلەن تەڭ تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى باسقانىدى، ئوق فاڭ چىڭنەننىڭ پېشانىسىگە تېگىپ، ئۇنى بارسا كەلمەس دۇنياغا ئۇزاتتى. شۇندىن كېيىن قەمەرنىسا فاڭ چىڭنەننىڭ چاپىنى بىلەن شەپكىسىنى كىيدى. ئاندىن يەنە چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ھەربىي كەمىرىنى باغلىدى. قىز ئۇزۇن چېچىنى ئىچىگە يۆگەپ تىققان چاغدا چوڭ ھەربىي شەپكە ئۇنىڭ بېشىغا دەل كەلگەندەك بولدى. لېكىن چاپان يەنىلا ئۇزۇن ۋە چوڭ ئىدى. شۇنداقتىمۇ شەپكە ۋە كىيىم قەمەرنىسانىڭ قىياپىتىنى ئەر كىشىگە ئوخشىتىپ قويغاندەك ۋە ھەر ھالدا گومىنداڭ ئوفىتسېرىنىڭ شەكلىگە كىرگۈزگەندەك بولدى، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىيلەشتى. قەمەرنىسانىڭ ئەمدى ئۆيدە تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ فاڭ چىڭنەنگە ئوق ئۈزگەن چاغدا تۇردىخان دەللە ۋايساپ، ئۆكسۈزلىنى يىقاتقان ھالدا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىققانىدى. ئۇنىڭ ئەمدى ئۈنىنىڭ بارىچە توۋلاپ تاشقىرىقى ئىشىك تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقانلىقى بىلىندى.

— ئادەم ئۆلدى، غۇلجىلىق باندىت فاڭ فۇتۇەنجاڭنى ئېتىۋەتتى، — دەيتتى دەللە.

قەمەرنىسا ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ تۇردىخان دەللىنى ھويلىدىن چىقىپ بولغۇچە ئېتىپ تاشلىماقچىدى. قىز ئۇنىڭ تاشقىرىقى ئىشىككە توسۇلۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتىشكە تېخىچە ئۈلگۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆردى. فاڭ چىڭنەن ئابىيام ھويلىغا كىرىش ۋاقتىدا قىزغا قىزغانچۇقلۇق قىلىپ، باشقا بىرىنىڭ بۇ يەرگە تۈيلەپ كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقىۋەتكەنىدى. دەللە سىرتقا چىقالمىغانچە جان - جەھلى بىلەن ئىشىكنى تېپەتتى، قىسىلچاقتا ئاغزىنى چاپىلداشتۇرۇپ تۇرۇپ، ۋەھشىلىك ئاۋاز بىلەن سىرتقا ئۈن - سۈرەن قىلاتتى:

— ئادەم ئۆلدى، ئادەم! — دەيتتى ئۇ، — فاڭ فۇتۇەنجاڭ ئېتىلىپ كەتتى!... چاپسان كېلىپ باندىتنى تۇتۇڭلار!...

قەمەرنىسا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى چېكىسىدىن ئېتىپ ئۆلتۈردى، شۇندىن كېيىن قىز دەللىنى بىرقانچە قېتىم دەسسەۋېتىپ سىرتقا چىقتى. كوچا ھويلىدىكىدەك قاراڭغۇ ئىدى. بۇ ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى دەمالى تونۇۋېلىپ قويماسلىقىغا ئىمكان بېرەتتى. كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن كېلىۋاتقان ئىككى ئەسكەر قەمەرنىساغا ھەربىيچە سالام بېرىپ، پولك شتابى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. قىز قايسى تەرەپكە مېڭىش كېرەكلىكىنى بەم قىلالماي تۇردىخان دەللىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىرئاز تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پارولسىز ماڭغىلى بولمايدىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ قالدى. بىراق ئۇ ۋەسايىتلىك سۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئاخىر قىزنىڭ بېشى قاتتى. قىز شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە مېڭىشنى ئۇنتۇپ، جەنۇبىي تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ تەرەپتە ئىشخانا ۋە ئاماقخانىلىرى بەش قولدەك زىچ ساقچىلار بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنىپ تۇرغان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بار ئىدى. قەمەرنىسا قەدەمدە بىر پارولغا دۇچ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان بىرقانچە ساقچى شۇ تەرەپتىن قىزنىڭ قارشىسىغا مېڭىپ، تۇردىخان دەللىنىڭ ھويلىسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. قەمەرنىسا ئۇلارنى ئاتماقچى بولدى. ئاڭغىچە يانىدىكى 5 - ئاتلىقلار پولكى ئىچىدىن كېلىۋاتقان بىرقانچە ئەسكەر ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ئارقىدىن كېلىپ تۇتۇۋالدى - دە، قولىنى قايرىشتۇرۇپ ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. بۇنىڭدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان ساقچىلار ئۇلارغا تۇۋلاپ:

— بوپتۇ، بۇنى سىلەر پولكقا ئەكەتسەڭلار مەيلى،



لېكىن قىز ئىكەن دەپ ئالدىنىپ قالماڭلار. بۇ قىز بىر ئوفىتسېرنىڭ ئۆيىدىن تاپانچا بىلەن قېچىپ چىققانىدەك تۇرىدۇ. پۇختا سۈرۈشتۈرۈڭلار، ئۇنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەڭلار! — دېدى.

— بۇ باندىتنىڭ نەق ئۆزى بولغان تەقدىردىمۇ خۇداغا شۈكرى ھەر ھالدا قىز ئىكەن، — بۇ سۆزگە جاۋابەن ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئوفىتسېر دەرىجىلىك بىرى. — باندىت دەپ قىزدىن قورققان بارمۇ؟ قىز دېگەن نەرسە ھازىر شەھەر ئىچىدە كۆزگە تۇتىيا بولۇپ تۇرسا؟ سىلەر غەم قىلماڭلار، بۇنىڭ جازاسىنىمۇ بېرىمىز، ئەمما ئاسانلىقچە جادۇغىنىمۇ باسمايمىز.

قەمەرنىسا پولك شتابى ئىچىگە ئەمدىلا ئەتىسى ئەكىرىلمەۋاتاتتى. ئاڭغىچە شەھەر تېشىدىن قايتىپ كىرگەن جاۋ خەنچى دەرۋازا ئىزۇۋىگە كېلىپ قالدى. ئۇ قەمەرنىسانى كۆرۈپ، ئۇنىڭ فاڭ چىڭنەندەك مايور دەرىجىلىك چوڭ بىر ئوفىتسېرنىڭ كىيىمىدە تۇرغانلىقىغا ھاڭ - تاڭ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك تۇردىخان دەللىنىڭ ھويلىسىدا خۇددى مۇشۇنداق چىرايلىق بىر قىزنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ سەنەتنىڭ كونىشەھەردىن ئۆيلىنىپ ئاچىققان خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. جاۋ خەنچى يېڭىدىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشەنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قەمەرنىسانىڭ تۇرقىغا قاراپ، بۇ مەسىلىدە بىرەر كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بەم قىلغاندەك بولدى. شۇندىن كېيىن ئۇ قەمەرنىسانى ئەكىتىۋاتقان ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق ئاھاڭىدا سۆزلەپ:

— سىلەر بۇنى كوچىدىن تۇتۇۋالغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى، — مۇنداق قىلمىسىڭلار ياخشى بوپتۇ. ئەمدى سىلەر بۇنى قالدۇرۇپ كېتىڭلار، قولۇڭلاردىكى تاپانچىنى كانۋايغا بېرىۋېتىڭلار!

— خوپ! — ئەسكەرلەر قەمەرنىسانى شۇ يەردە قالدۇرۇپ ۋە تاپانچىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، بۇ يەردىن كەتتى.

جاۋ خەنچى دېمەكچى بولۇپ تۇرغان گېپىنى ئەسكەرلەرمۇ ئاڭلىسۇن دېگەندەك قىلىپ، كانىۋايغا ئاتايىن ۋارقىراپ:

— پەمىمچە بۇ ئىلىلىق تاغ باندىتلىرى بىلەن بىللە كەلگەن قىزلاردىن بولسا كېرەك. ئاپىرىپ بۇنى قاماقخانا ئىچىگە تاشلىۋەت. ھازىرچە شۇ يەردە يېتىپ تۇرسۇن، كېيىن سوراق قىلىپ ئېنىقلاپ، بۇنىڭ مەسىلىسىنى ئايرىم بىر تەرەپ قىلىمىز، — دېدى.

— خوپ، — كانىۋاي قەمەرنىسانى قاماقخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، جاۋ خەنچى كانىۋاينى يەنە توختىتىپ، پەس ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

— قاماقخانا دېسەم بۇنى گۇناھكار ئەسكەرلەر ياتقۇزۇلىدىغان ھېلىقى قاراڭغۇ زىندانغا ئەكىرىپ قويما يەنە، — دېدى، — ئۇ يەردە ئەرلەر بار، بۇ قىز ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئۇ يەردە ياتقۇزغىلى بولمايدۇ، ھازىرچە كىيىم-كېچەك ئىسكىلاتىدا تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەھۋالدىن سەن خەۋەر ئال، ياخشى كۈت. مەن نېمە يېسەم، ئۇنىڭغىمۇ شۇ تاماقتىن بېرىپ تۇر. ئىش قىلىپ ھازىرچە كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭلار.

— خوپ، — كانىۋاي قەمەرنىسانى ئىسكىلاتقا ئەكەتتى. جاۋ خەنچى ئۆيگە كىرىپ بولۇشىغا ئانچە ھايال بولمايلا كانىۋاي قايتىپ كېلىپ، پولك كوماندىرىغا قىزنى ئىسكىلاتقا ئەكىرىپ قويغانلىقىنى، ھەتتا ئىشىكنىمۇ تاقىماي بوش قويۇپ قويغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. جاۋ خەنچى يەنە كانىۋاينى ئىشقا بۇيرۇپ، قەمەرنىسانىڭ ھېلىقى سەمەتنىڭ خوتۇنى بولۇش مۇمكىنلىكىنى، بۇنىڭ قانداق قىلىپ فاڭ چىڭنەتنىڭ سوكنا چاپىنىنى كىيىپ ۋە تاپانچا تۇتۇپ، كېچىدە كوچىغا



چىقىپ قالغانلىقىدىكى سەۋەبلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن تۇردىخان دەللىنىڭ ھويلىسىغا ئەۋەتتى. كانىۋاي كېتىپ ئۆيدە يالغۇز قالغان جاۋ خەنچى قەمەرنىسانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە مەپتۇن بولغان ھالدا شەھۋانە ھەۋەس ئىچىدە ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە باشلىدى. كانىۋاي ئۆڭگۈلى ئۆچكەن، كۆزلىرى چەكچەيگەن، رەڭگىرويى تاتارغان ھالدا ھودۇقۇپ كىرىپ، پولك كوماندىرىغا تۇردىخان دەللىنىڭ ھويلىسىدا كۆرگەنلىرىدىن دوكلات بەردى. جاۋ خەنچى ئىلگىرى زادى ئويلاپ باقمىغان ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈلسىز بولغان بۇ پاجىئەلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. بەدىنى تىكەنلىشىپ، قارا تەرگە چۆمۈلگەندەك بولۇپ قالدى. خىيال-پىكرىنى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى قاپلاپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئۇستەل يېنىدىن كانىۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— نېمە دەۋاتىسەن، نېمە؟ — دېدى ئۆزىنىڭ سادىق چاكىرىدىن ياندۇرمىلاپ سوراپ، — فاڭ فۇتۇەنجاڭنى ئۆلۈپتۇ دېدىڭمۇ؟! راست شۇنداقمۇ، ئۇ قانداقىسىگە ئۆلۈپتۇ؟ ياكى ئاغزىڭغا كەلگىنىنى جۆيلۈۋاتامسەن-يە؟ ئۇنى كىم ئۆلتۈرۈپتۇ؟ چاپسان سۆزلە! ئۆزىنى-ئۆزى ئېتىۋالغان بولمىسۇن يەنە!؟

— بۇنىسى ئېنىق ئەمەس، — جاۋاب بەردى كانىۋاي جىددىيلەشكەن ئاھاڭدا، — ئۇنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولمىدى. ئوق چېكىسىگە تەگكەن. ئۆي ئىچىدە قانغا مىلىنىپ ياتىدۇ. ھېلى بىز ئەسكەرلەردىن تاپشۇرۇۋالغان تاپانچا شۇنىڭكى ئوخشايدۇ.

— ئۇنىڭ يېنىدا تاپانچا يوق تۇرامدۇ؟

— يوق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇردىخان دەللىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈكى ئىشىك تۈۋىدە ياتىدۇ.

— ھەتتەڭگەي! — جاۋ خەنچى ئاچچىقىدا پايلىماي تامغا

قاتتىق مۇشتلىدى. چېكىسىنى تۇتۇپ، بىردەم ئويلاندى. شۇندىن كېيىن كانىۋايغا يەنە ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى: — مۇنچىۋالا ئېغىر ئىشنى ھېلىقى قىز قىلغانمىدۇ؟ بولارنى شۇ ئۆلتۈرگەنمىدۇ!؟... ياق، ياق، ئۇ قىز بالا. ئۇنىڭ قولىدىن بۇ ئىشلارنىڭ كېلىشىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ ۋەقەنى سەھەت تۇغدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ خوتۇنىنى دەپ فاڭ فۇتۇەنجاڭ بىلەن تۇردىخان دەللىنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟... ياق، ئۇنداق بولسا ئۇ گۇمانلىنىپ خوتۇنىنىمۇ ئېتىۋەتمەسمىدى؟ نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ۋەقەنى تېز سۈرۈشتە قىلىش كېرەك. سەھەتنىڭ بۇ قىز بىلەن توي قىلىشىغا، ئۇنى يەنە يېڭىشەھەرگە ئەكىلىپ، تۇردىخان دەللىنىڭكىدە ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇشىغا جۇۋاڭ زېڭگۇەننىڭ ئەقىل كۆرسەتكەنلىكى، ياردەم بەرگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. بۇنىمۇ سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

— فاڭ فۇتۇەنجاڭنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى كانىۋاي، — تۇردىخان دەللىنىڭ ئۆلۈكىمۇ ئىشىكنى توسۇپ، بوسۇغىدا دەسسىلىپ ياتىدۇ.

— ئۆلۈكلەرنى يەنە نېمە قىلماقچى؟ كۆمىمىز، — ئېچىنىش ئاھاڭىدا جاۋاب بەردى جاۋ خەنچى، — سەن ھازىر جازا ئىزۋوتىدىكى ئەسكەرلەردىن بىرنەچچىسىنى باشلاپ بار. ئۆلۈكلەرنى ئەكەلگىنىڭلاردىن كېيىن ھايال قىلماي سېپىل تۈۋىگە كۆمۈۋېتىڭلار. لېكىن يەنە بىر گەپ: ۋەقە تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغۇچە تارقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خەۋەرنى قاتتىق قامال قىلىڭلار. ئەسكەرلەر ئاڭلاپ قالسا روھىي چۈشكۈنلۈك يۈز بېرىشى مۇمكىن.

— خوپ! — كانىۋاي چاس بېرىپ ئۆيدىن سىرتقا ماڭدى. پولك كوماندىرى ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— ئاۋۋال سەن پولك شتابىنىڭ باشلىقىنى چاقىرىپ قوي! — دېدى.



كانىۋاي كېتىۋاتقان چاغدا جاۋ خەنچى ئۆز - ئۆزىگە: «فاڭ فۇتۇەنجاڭ ھاۋايى - ھەۋەس ۋە پاھىشە دېسە قاتان چىقىرىپ ئۆچىدىغان، بۇ ئىشتا ھەتتا مېنىڭ بىلەن بەس تالىشىدىغان ئادەم ئىدى. ئاخىر بۇ قىلىق ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ» دەپ غودۇڭشىدى. ئۆيدە يالغۇز قالغان پولك كوماندىرى ئۈشتۈمتۇت ئەتىگەندە ئۈرۈمچىگە بېرىلگەن تېلېگراممىنى ئېسىگە ئېلىپ قالدى. ئۇ بۇ تېلېگراممىدا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن رەقىبى ۋۇ شۈيىڭدىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە ئۇنى پاسسىپ، قابىلىيەتسىز، دۆت دەپ ئەيىبلەپ، ۋۇ شۈيىڭنىڭ ئورنىغا فاڭ چىڭنەننى قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدى. بۇنى ئېسىگە ئېلىش بىلەن جاۋ خەنچى ئەمدى ئۈرۈمچىگە باشقا مەزمۇندا تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنىڭغا تۈزىتىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلىدى - دە، بىردىن جىددىيلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رادىستىنى چاقىرىپ، ھايالسىز ئۈرۈمچىگە قايتىدىن تېلېگرامما بېرىشنى تاپىلىدى: تېلېگرامما بېرىلدى. «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىغا. — دېيىلگەنىدى ئۇنىڭدا. — ئاقسۇ 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى مايور فاڭ چىڭنەن كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قازا تاپتى. ۋۇ شۈيىڭ لايىق كىشى تېپىلغۇچە ۋاقىتىنچە ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەپ تۇرسا. بۇنىڭغا مۇناسىپ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا فاڭ چىڭنەننى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا بۈگۈن ئەتىگەن تېلېگرامما ئارقىلىق سىزلەرگە ئەۋەتكەن ئىلتىماسىم ھازىرچە ئىناۋەتسىز ھېسابلانسا.» تېلېگراممىدا فاڭ چىڭنەننىڭ ئۆلۈشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبلەر ئېيتىلماي يوشۇرۇپ قېلىندى. شۇنداقتىمۇ جاۋ خەنچى خاتىرجەملىك ھېس قىلىپ، شتاب باشلىقى بىلەن بىللە قىزنى غەيرىي رەسمىي

تېرگاۋ قىلغاچ ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى چىراغ يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈپ يېتىش مۇددىئاسى بىلەن ئىسكىلاتقا كەتتى. قەمەرنىسا تامغا بېشىنى تىرەپ، سەگەك، گويا ھېچنەرسە سادىر بولمىغاندەك تىنچ، خاتىرجەم تۇراتتى. تېخى ھارغىنلىقمۇ يەتمىگەندەك يۈزى ئالمىدەك قىزىل. ئاۋۋالقىدەك گۈزەل، ئىنتايىن يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاھۇنىڭكىدەك دۈپدۈگىلەك، قاپقارا كۆزلىرى گازۋاي لامپىسىنىڭ ئۆزىگە قادالغان كۈچلۈك يورۇقىدا كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق دەرىجىدە نۇر ئېلىپ چاقناپ تۇراتتى. جاۋ خەنچى قىزنى يېقىندىن ئېنىق كۆرۈپ، ئىچىدە: ئادەمزات دېگەن مۇنچىۋالا چىرايلىق بولالايتتى. بۇ ئىنسان نەسلىدىن بولماي بەئەينى ھۆر-پەرىزاتقا ئوخشايدىكەن، دەپ ئويلىدى.

بۇ ئىككى ھەربىي ھوقۇقدار ئىسكىلاتقا كىرگەندە ئىشىكنى ياپقان بولسىمۇ لېكىن تاقىمىغانىدى. ئۇلارنىڭ بەتنىيەت بىلەن ئاچكۆزلەرچە تىكىلىپ قاراۋېرىشىدىن ئەيمەنگەن قەمەرنىسا قېچىپ سىرتقا چىقىۋېلىش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى. جاۋ خەنچى توسىۋېلىش باھانىسى ئاستىدا ئۇنى قوپال قوللىرى بىلەن تۇتۇپ، مەقسەتلىك ھالدا قاتتىق سىقتى. غەزەپكە كەلگەن قىز كۈچكە تولۇپ، ئۇنىڭ ياقىسىنى قاتتىق بىر تارتىش بىلەن يىرتىپ تاشلىدى. يۈزىگە تۈكۈردى. قوللىرىنى چىشلىدى. بۇنى كۆرۈپ شتاب باشلىقى قەمەرنىسانى ئېتىپ تاشلاش ئۈچۈن تاپانچا تەڭلىگەنىدى، جاۋ خەنچى ئاتماسلىققا ئۈندەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. قىز ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، مەردلىك بىلەن ھەر ئىككىسىگە تەڭمۇ تەك ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سىلەرنىڭ بۇ يەرگە شۇم مەقسەت بىلەن كىرگىنىڭلارنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدۇم، — دېدى ئۇ، — مېنى خورلايمىز، ئاياغ-ئاستى قىلىمىز دېمەڭلار ئۇچىغا چىققان



ئەخمەقلىق. مۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت مۇمكىن ئەمەس. بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش سىلەرنىڭ ھۈنىرىڭلار ئەمەسمىدى؟ مانا مەن تىك تۇرۇپ بېرەي، بىسىر يولى ئېتىپ تاشلاڭلار!

جاۋخەنچى شتاب باشلىقىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق ئىشارە بەردى، بۇ ئۇنىڭ ياغلىما سۆزلەر بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتىپ، ماقۇل مايىل قىلىپ بەرگىن دېگەنى ئىدى. شتاب باشلىقى خۇشامەتگۆيلۇق بىلەن سۆز باشلاپ:

— بۇ كىشى ئاددىي ئادەملەردىن ئەمەس، — دېدى ئۇ قەمەرنىساغا جاۋ خەنچىنى تونۇشتۇرۇپ، — بۇ كىشى پولكىمىزنىڭ كوماندىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى. ئۇنى ھۆرمەتلە! قىلمەن دېگەن ئىشىڭغا ماقۇل بول، بۇيرۇقىمىزغا ئىتائەت قىل. سېنى قامايمىز، ئۆلتۈرمەيمىز، ئاتمايمىز، چاپمايمىز دەۋاتقىنىمىز يوق...

شتاب باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگىمىگەنىدى، شتاب نۆۋەتچىسى، ئىزۋوت كوماندىرى خاكى ھولۇقۇش ئىچىدە ئىسكىلاتقا يۈگۈرۈپ كىرىپ، پولك كوماندىرىغا دوكلات بەردى:

— بوگو تۇەنجاڭ! — دېدى ئۇ جاۋ خەنچىگە چاس بېرىپ تۇرۇپ، — باندىتلار قايتىپ كېلىپ، كونشەھەرنى ئىككىنچىلەپ ئىگىلەپتۇ. ياربېشىدىكى ئەسكەرلەردىن بىر قىسمى قېچىپ كەلدى. جاڭدىكى روتىدىن تېخى خەۋەر يوق. ئۇلاردىن ھازىرغىچە بىرمۇ ئەسكەر قايتىپ كەلمىدى!...

— تېخى مۇنداق-دە! — ۋارقىرىدى جاۋ خەنچى، — بوزدۆڭ تەرەپكە رازۋېتكا ئىشى بىلەن ماڭدۇرۇلغان ئون ئەسكەرچۇ؟ ئىشلەمچى، تازلەڭگەرى تەرەپلەردە تۇرغۇزۇلغان ئىزۋوتلارچۇ؟!

— رازۋېتچىكلاردىن دېرەك ئالالمىدۇق، ئىشلەمچى، تاز

لەڭگىرىدىكى ئەسكەرلەردىن بەزىلىرى كېلىپ، بەزىلىرى كەلمىدى. ئىززۇوت كوماندىرلىرىمۇ ئۇلار تېغىرىسىدا ئېنىق جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ.

پولك كوماندىرى شتاب باشلىقىغا بۇيرۇق قىلىپ تۇرۇپ:

— سەنمۇجاڭ، سىز دەرھال چىقىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇڭ! — دېدى ئۇ، — ھېلىقى گۈلباغ دەرۋازىسى قايتىدىن تاقالسۇن، سېپىل ئۈستىدىكى پوتەيلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئاۋۋالقىدەك ئىككىدىن ئېغىر پىلىمۇت قويۇپ قويۇلسۇن، ئۆيقۇدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويغىتىپ، سېپىلغا چىقىرىدىغانلىرى سېپىلغا، شەھەر ئىچىگە قاراۋۇللۇققا قويۇلىدىغانلىرى شەھەر ئىچى قاراۋۇللۇقىغا قويۇلسۇن. قىسقىسى، سىز باتالىيون كوماندىرلىرى بىلەن روتا كوماندىرلىرىنى تېز يىغىپ، ئۇلارغا جىددىي ئۇرۇش ھالىتىدە ئىكەنلىكىمىزنى ئېلان قىلىڭ. مەنمۇ كەينىڭىزدىن ھايال بولماي يېتىپ بارىمەن. ئاندىن سېپىل ئۈستىنىڭ مۇداپىئەسىنى ئىككىمىز بىللە يۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرىمىز.

— خوپ! — شتاب باشلىقى ئالدىراش ماڭدى. ئارقىدىن پولك كوماندىرى خاكى بىلەن بىللە ئىسكىلاتنى تاقاپ ئەنسىزلىك ئىچىدە بۇ يەردىن كەتتى. قەمەرنىسا ئىسكىلات ئىچىدە يالغۇز سولىنىپ قالدى. لېكىن ئۇ جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، كۆڭلى - كۆكسى يېڭى ئۈمىد - ئارزۇلار بىلەن يايراپ كەتتى. قىز ئىسكىلات ئىشىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپ جاراڭلىق سادا بىلەن:

— گومىنداڭچى جاللاتلارغا ئۆلۈم! جاۋ خەنچى سەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ تۆمۈر مۇشتۇمىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسەن! — دەپ توۋلىدى.

پولك كوماندىرى بۇ شوئارنى ئېنىق ئاڭلىدى. ئۇ كېتىۋاتقان يېرىدە جىممىدە توختىدى، لېكىن تىمە ئۈچۈرىدۇر، بىر ئازدىن



كېيىن چىشلىرىنى قاتتىق قاتتىق غۇچۇرلىتىپ، يەنە ئىتتىك ئوفىتسېرلەر يىغىلىدىغان جايغا قاراپ ماڭدى ۋە كېتىۋېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە پەس ئاۋازدا غودۇڭشىپ:

«بۇرۇنقى جەڭنامىلىرىدە يېزىلىشىچە، — دېدى ئۇ، — خۇددى مۇشۇنداق قورقماس قىزلارنى، دۈشمەنگە باش ئېگىشنى بىلمىگەن، ئۆلۈمنى پەسەنت قىلماس كىشىلەرنى باشتا قورقۇنچاق تەسلىمچىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۆلتۈرمەي ساقلاپ قېلىش، ھەتتا ئۇلاردىن كېيىنكى كۈنلەردە پايدىلىنىش بار ئىكەن. بىراق مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. چۈنكى ھازىرقى كۈندە ئۇنداق قىلىش جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاخىرغىچە جاھىللىق قىلمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن مۇنداق پەرىزاتتەك گۈزەل قىزنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلغان بولاتتىم...»

يازنىڭ قىسقا تۈنى ئۆزاپ، تاڭ ئېتىش بىلەن ئەتراپ بىردىنلا يورۇپ كەتتى. 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ھويلىسىغا، دەرۋازىغا ئۇدۇل كەڭ بوشلۇقتا ئىككى دانە دار ياسىلىپ، ئۇلاردىن سەل نېرىراقتا جادا قويۇپ قويۇلدى. جازا ۋىزۋوتى قەمەرنىسانى ھەربىي كىيىم - كېچەكلەر ئىسكىلاتىدىن، سەمەت بىلەن جۇاڭ زىڭگوۋەنى پولك قاماقخانىسىدىن ئاچىقىۋاتقان چاغدا شەھەر ئۈستىدىن قويۇق ئېتىلغان ئوقلار ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ جەنۇبىي يۈنىلىش قوشۇنىنىڭ تاڭ سەھەر بىلەن يېڭىشەھەر سېپىلىنى قايتىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۆز ھۇجۇمىنى باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئارىدىن يەنە ئاز ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ شىمال ۋە جەنۇب دەرۋازىلىرى تەرىپىتە بىرلا ۋاقىتتا مىنامىيوت ئوقلىرى پارتلاپ، ئاقسۇ ئاسمىنى بىر مەھەل چاڭىلداق ئاۋاز بىلەن تىترىدى. قەمەرنىسا توختاپ، مەغرۇر قىيابەتتە تىڭشىدى. جازا ئەسكەرلىرى مېڭىش

قا ئالدىرىتىپ دۈشكەلىمەكچى بولغانىدى. قىزنىڭ ئۆزى مەزمۇت قەدەم بىلەن جادا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئاقشىچە جازا ئەسكەرلىرى ھەربىي قاماقخانىدىن سەمەت بىلەن جىۋاڭ زىڭگۇەننى ئاچىقىپ، دار تۈۋىدە تۇرغۇزۇپ قويغانىدى. قەمەرنىسا سەمەتنى يېقىن ئارىلىقتىن ئاھايىتى ئېنىق كۆردى. ئۇلار بىر - بىرىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تىرىۋتىماي قاراپ، باش لىڭشىتىش ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى.

سەمەتنىڭ يۈزى ئاتىرىپ، سارغىيىپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما قەمەرنىسا جىۋاڭ زىڭگۇەننى تونۇمايتتى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزلىرى بىلەن بىللە جازالانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. سەمەتكە جەنۇبىي يۇرتلىش قىرغىزتىنىڭ ۋاپادارلىق شەپقەت ھەمشىرىسى بىلەن تىرىك قالغان دەپ گۇناھ ئارتىلغان بولسا، جىۋاڭ زىڭگۇەن قىزىل ئارمىيىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن دوست - يارەنلەردەك ئاپاق - چاپاق بولۇۋېلىپ، ئىنزۇت ئىچىدە ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزۇشتۇرۇۋەتكەن. ئاخىر يەنە سەمەتنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى بىلەن تىكالىنىشىغا يول قويۇپ، قاڭ چىڭنەن بىلەن تۈردىخان دەللەنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان دېگەندەك ئوخشاش جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەنگەنىدى.

قەمەرنىسا جىۋاڭ زىڭگۇەننى تونۇمىسىمۇ، ئەمما سەمەت بىلەن بىللە كونىشەھەردىن يېڭىشەھەرگە كېلىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭدىن جىۋاڭ زىڭگۇەننىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك كۆز قارىشىغا ئىگە كىشى ئىكەنلىكىنى، ئەسكەرلەرگە ھەربىي مۇستەبىتلىك بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تويىنىڭ دەل شۇ كىشىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى بىلەن ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئەمما قىز تۈردىخان دەللەنىڭ ھويلىسىدىن ئۆي تېپىپ بەرگۈ-



چىنىدىمۇ يەنە شۇ كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەگەر بىلگەن بولسا ئۇنى نۇرغۇن قېتىم قاغىۋەتكەن بولاتتى. بىراق بۇ مەسىلىدە جىۋاڭ زىڭگۇەننى يەنىلا ئەيىبلىگىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۇ تۈردىخان دەللەنىڭ ھويلىسىنىڭ پولك شتابىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، سەمەتنىڭ كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشىغا ئاسان دېگەن ئوي بىلەن ئۇلارغا ئەنە شۇ يەردىن ئۆي تېپىپ قويغانىدى.

سەمەت مەڭگۈلۈك ھالال جۈپتى قەمەرنىسانى كونىشەھەردىن يېڭىشەھەرگە ئاچىقىلغاندىن بۇيانقى ئىككى - ئۈچ كۈن داۋامىدا پەقەت بىرىنچى قېتىم ئەنە شۇ جازا مەيدانىدا كۆرۈۋاتاتتى. يىگىت سۆيۈملۈك ھەمراھىنىڭ مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە باشتىن كەچۈرگەن قەھرىمانلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى، تۈردىخان دەللەنىڭ ھويلىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەنى، ئاخىر كېلىپ قەمەرنىسانىڭ خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش پولك شتابى ئىچىدە قاماپ ياتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. ئۆلۈم ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. قەمەرنىسا ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتتا سەمەت بىلەن قول تۇتۇشۇپ مەڭگۈلۈككە ۋىدالىشىۋېلىش ئۈچۈن مەيدانغا تەبەسسۇم بىلەن دار تەرەپكە سۈرۈلدى. يىگىتمۇ چوڭقۇر ئارمان ۋە ئۈمىدسىز تەلپۈنۈشچانلىق ئىچىدە ئاستا جادا تەرەپكە ماڭدى. شتاب باشلىقى كاتىپى يىرتىلىپ كەتكۈچە قاتتىق ۋارقىراپ، ئۇلارنى ئۆز جايلىرىدىن قىمىرلىماسقا بۇيرۇدى. قەمەرنىسا لەۋلىرىنى بوش قىمىرلىتىپ:

— سەمەت، جېنىم سەمەت، — دېدى، — مېنىڭدىن ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم رازى بول. سەن پەقەت مېنىڭ ئۈچۈنلا ئۆلۈمگە گىرىپتار بولۇۋاتىسەن، قۇربان بولۇۋاتىسەن!...

سەمەت بۇنىڭغا جاۋابەن نېمىشقىدۇر، بىر نېمە دېمەكچى

بولۇپ تۇراتتى، سىرتماق تارتىلىپ، ئۇنىڭ تىنىقى كېسىپ
تاشلاندى. ئىككى ئەر گەۋدىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن دار ياغىچى
غىچىرلاپ، لىڭشىپ كەتتى. جاللاتلار قەمەرنىسانى جادىغا يات-
قۇزماقچى بولۇپ، بېشىنى باسقانىدى، قىز ئۇلارنىڭ قولىنى
سىلكىپ ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزى بويىنىنى بېسىقا قويۇپ بەردى.
ئاڭغىچە يولنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە چۈشۈپ پارتىلىغان مىنا-
مىيوت ئوقىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى ياڭراپ، جازا مەيدانىنى
زىلزىلىگە سالدى. بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا دار تۈۋىگە يەنە بىر مىنا-
مىيوت ئوقى چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىر پارچىسى شتاب باشلىقىنىڭ
كۆكرىكىگە تەگدى. شتاب باشلىقى شۇ مەھەل يىقىلىپ قانغا
مىلەندى.

قەمەرنىسا جادىدىن كۆتۈرۈلۈپ، كۈلۈمسىرىدى. بۇ ئۇنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى ھەرىكىتى ۋە كۈلۈمسىرىشى ئىدى...

جاۋ خەنجى سازايى قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىز ئە-
كەرلىرىگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن قەمەرنىسا، سەمەت ۋە جۇاڭ
زىڭگۇەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى جازا مەيدانىدا بىر قانچە كۈن
قالدۇردى.

## سېپىل يەنە مۇھاسىرىدە

ئىشلەنچى، تازلەڭگىرلەردىكى ئۇرۇشلاردا قاتتىق زەر-
بىگە ئۇچراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان كۆچا 4 - پىيادىلەر
پولكىنىڭ ئىككى باتالىيون ئەسكىرى قېچىپ، قوغان تەرەپكە
سۈرۈلگەندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ھالسىرىغان



دۈشمەننى قوغلاپ يوقىتىش تاكتىكىسى بويىچە ئۇلارنى بوز-
دۆڭ يېنىدىكى جىلغىلاردا توسۇپ قورشىدى. كۆچا باتالىيون-
لىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەقسىتى قېچىپ يۈرۈپ ئۆز كۈچىنى ساق-
لاپ قېلىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا قوغان ئىستېھكامىنى
ئىشغال قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ
ئوتتۇرا ئارىلىقتىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى مۇزداۋاننى قاي-
تىدىن قولغا كىرگۈزۈۋېلىش سۈيىقەستى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ
ۋاقىتتا قوغاندا جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ بىر قىسىم گومىن-
داڭ يارىدارلىرىنى ساقلاۋاتقان بىر ئوتىدېلېنىيە جەڭچىلىرىدىن
باشقا مەخسۇس قويۇپ قويۇلغان قوغدىغۇچى قىسمى يوق ئىدى.
مۇزداۋاننىڭ قوغدىلىش ئەھۋالىغا كەلسەك، بۇ تېخىمۇ باش-
قىچە ئىدى. چۈنكى مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش
پولكى ئاقسۇ تەرەپتە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا ئازاد ئۈچ ۋىلايەت
زېمىنى بۇ پولكىنىڭ پايانسىز ۋە ئىشەنچلىك ئارقا سېپى ھې-
سابلىناتتى. شۇڭا مۇزداۋاندا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى تۇر-
غۇزۇلمىغانىدى. قوغان بىلەن مۇزداۋاندىن ئىبارەت بىر -
بىرىگە يېقىن ۋە ياندىش بۇ ئىككى جاي قولدىن كەتسە جە-
نۇبىي يۆنىلىش پولكى ئىشەنچلىك ئارقا سەپتىن ئايرىلىپ
قېلىپ، كۈتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن
ئىدى. دۈشمەنلەر بۇنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار قوغان بىلەن مۇز-
داۋاننى بېسىۋېلىش ئارقىلىق جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنى
غۇلجا تەرەپ بىلەن بولىدىغان بىۋاستە ئالاقىدىن مەھرۇم قى-
لىپ، بىر يولى يېتىم قالدۇرۇشنى خىيالىدىن بويان پىلانلاپ
كەلگەنىدى. كۆچا باتالىيونلىرى بۇ قېتىم ئۆزلىرى كەلگەن
تەرەپ شەرققە ئەمەس، ئەكسىچە توپتوغرا شىمالغا چېكىنىشتە
ئەنە شۇ شۇم مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋېلىشنى كۆزدە تۇتقا-
نىدى. بۇنى سەزگەن جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى بوزدۆڭ جىل-

غىلىرىدا ئۇلارنى توسۇپ ۋە قورشاپ يەنە بىر قېتىم زەربىگە ئۇچراتقاندىن كېيىن دۈشمەن باتالىيونلىرى ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 15 ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈشىگە زامىن بولۇپ، 14 ئادىمىنى ئەسىر بېرىپ، ئاخىر شەرققە قاراپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ھەتتا ئۇلار باي بازىرىدا تۇرۇپ قېلىشقىمۇ پېتىنالماي، شۇ قاچقانچە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇچىكى كۇچاغا بېرىپ تىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي يۈرۈش پولكى ئۇلاردىن چۈشكەن ئولجا قوراللار ھېسابىغا ئۆزلىرى ئاقسۇدىن چېكىنىش ۋاقتىدا بالداق ئايرودرومى، پىكشەنبە سېپىل ئەتراپى ۋە كونىشەھەر بازىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا قولدىن كەتكەن قورال - ياراغ، ئوق - دورا زاپىسىنىڭ بىر قىسمىنى تولدۇرۇۋالدى. بۇنىڭدا يەنە مىللىي ئارمىيە قوشۇنىنىڭ پايدىسىغا ھەل بولغان ئەڭ مۇھىم نەتىجە شۇ بولدىكى، كۇچا باتالىيونلىرى بىلەن ئېلىشىشى، تاز لەڭگىرى ۋە بوزدۆڭ جىلغىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان غەلىبىلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق جەڭچىلەر قايتىدىن ئومۇميۈزلۈك ئىشەنچ ۋە روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈككە ئىگە بولدى.

لېكىن بۇ كۈنلەردە جەنۇبىي يۈرۈش پولكىغا ھاردۇق يېتىپ قالغانىدى. ئۇلار ئەمدى بوزدۆڭدە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، بۇ قىرغىز يايلىقىدا ئارام ئېلىۋېلىشى، شۇ يول بىلەن مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈن مابەينىدە يېڭىدىن ئۆز سېپىگە قوشۇلغان كىشىلەرنى مەشق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىش تېخنىكىسى ۋە ھەربىي قوراللارنى دەسلەپكى قەدەمدە بولسىمۇ ئىشلىتىش تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئىشلاردىن باشقا پولك غۇلجا مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىن مىنامىيوت



ئوقلىرى كەلتۈرۈپ، ھازىر قوللىرىدا ئىنتايىن كەملەپ كەتكەن مۇنداق ئوقلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ قولىدىكى پىلىموت، بەشئاتار، توققۇزئاتار مىلتىق، ھەتتا قول بومبىسى، تاپانچا، قىلىچلارغىچە بولغان ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ زور بىر قىسمى ۋە ئوق - دورىلار دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن تارتىۋېلىش ۋە ئولجىغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز تولۇقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئەمما مىنامىيوت ئوقىنى پەقەت غۇلجىدىنلا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. چۈنكى، بۇ قورال گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدىكى ھەربىي بۆلۈنمىلىرىدە يوق ئىدى. دۈشمەنلەردە يەنە ئاپتوماتمۇ ئەڭ كەمچىل قوراللاردىن ھېسابلىناتتى. شۇڭا سوپاخۇن سوۋۇروۋ پولكىغا ئاپتومات ئوقلىرىنى دۈشمەنلەردىن تارتىۋېلىش بەدىلىگە تولۇقلايمەن، دەپ تۇرماي، ئۇنىمۇ غۇلجىدىن ئەكىلىش زۆرۈر ئىدى. شۇنداق قىلىپ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بوزدۆڭدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. ئەمما ئۇلار بۇ جەرياندا ھەربىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىرقانچە مۇھىم ئىشنى ئورۇنداۋالدى. غۇلجا بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىن يېڭى ۋە ئەمەلىي ياردەملەرنى ئالدى. زۆرۈر يۈرۈش كۆرسەتمىلىرى تاپشۇرۇۋالدى. پولك يەنە بۇ يەردە ئاقسۇغا قايتىدىن يۈرۈش قىلىشنىڭ بىرقانچە خىل جەڭ تەييارلىقىنى ئىشلەپ پۈتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭدەك بوزدۆڭدىكى قىرغىز ئاھالىلىرى بىلەن يېڭىباشتىن تېخىمۇ قويۇق ئالاقە ئورنىتىۋالدى. مىللىي ئارمىيە سېپىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئون نەچچە قىرغىز ياشلىرى بىلەن بوزدۆڭ ئەتراپىدىكى تىكەنسۇدۇق، توزاۋات مەنزىللىرىدىن، قوغان ئەتراپىدىكى قىزىلبۇلاق، قارابۇلاقتا ئوخشاش ئۆتەڭ ۋە كەنتلەردىن كەلگەن پىدائىيلاردىن يېڭى ۋزۋوت تەشكىللەپ، ئۇلار-

نى ئىزچىل مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، دەسلەپكى جەڭ-
چىلىك تۇرمۇشىغا خېلى كۆندۈرۈۋالىدى. يېڭى پىدائىيلار ئۆز
ئاتلىرى بىلەن كەلگەنىدى. شۇڭلاقىمۇ جەنۇبىي يۆنىلىش پول-
كىغا يېڭىۋرۇك، ئۇچقۇر ئۇنلىغان ئاتنىڭ زۆرۈرلۈكى ھېس قى-
لىنىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئاتلاردىن بەزىلە-
رى ئوق تېگىپ، ئىشتىن چىققان، بەزىلىرى قېرىلىقى سەۋەبى-
دىن مىنىشكە بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالغانىدى. بۇنى
كۆرگەن قىرغىز چارۋىچىلىرى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن پولكقا
ئوتلاق - يايلاقلاردا بېقىۋاتقان ئۇنلىغان شاش، ئاساۋ ئاتلىرىنى
ئەكېلىپ تەقدىم قىلدى. ئېگىرى يوق ئاتلارنى يېڭى ئې-
گەرلەر بىلەن جابدۇتۇپ قويىدى. بۇ قىسقا مەزگىللىك ھاردۇق
داۋامىدا قىرغىز خەلقىنىڭ قىممەتلىك مېھمىنى سۈپىتىدە كۈتۈ-
ۋېلىنغان جەڭچىلەر ئويدانقىنا ھال - ئەھۋالغا كېلىۋالغاندىن
تاشقىرى ھەربىي ئاتلارمۇ بىلىنەرلىك سەمرىپ، ئۇچقۇرلۇق
دەرىجىسىگە كېلىپ قالدى. ئاڭغىچە ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، قا-
سىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار جەنۇبىي يۆنىلىش پول-
كى نامىدىن غۇلجا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي
ئارمىيە باش شتابىغا يېڭى ئۇرۇش پىلانىنى مەلۇم قىلىپ را-
دىئوگراممىا ئەۋەتكەنىدى. بۇنىڭغا جاۋاب كەلسىلا پولك نۆ-
ۋەتتىكى ھەربىي يۈرۈشنى باشلىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار
بوزدۆڭدە تۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنى غۇلجىدىن جاۋاب رادىئو-
گراممىسى تاپشۇرۇۋالدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، قاسىمجان
قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار ۋە ئاممىغا ئەۋەتىلگەن بۇ رادىئوگرام-
مىدا مۇنۇ سۆزلەر ئېيتىلغانىدى:

«سىزلەرنىڭ يوليورۇق سوراپ بىزگە ئەۋەتكەن رادىئوگرام-
مىڭىزلارنىڭ مەزمۇنىدىن ئۆز ۋاقتىدا ۋاقىپ بولدۇق. ئاقسۇ
ۋىلايىتىنىڭ ئۇچتۇرپان، كەلپىن، ئاقچى، ئاۋات ناھىيىلىرىنى



ئىشغال قىلىپ، ئۇرۇش رايونىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى پىك-
رىڭىزلەرگە كەلسەك، بۇنىڭغا ھېلىمۇ قوشۇلغىلى بولمايدۇ.
بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ جايلارنىڭ بەزىلىرىنى دەل شۇ كۈز-
لەردىمۇ ئازاد رايونلار قاتارىدا ھېسابلاۋېرىش كېرەك. بىز
كەلپىن، ئاۋات ناھىيىلىرىنى ئۇرۇش قىلماي، ئوق ئاتماي،
قاتتىق بىر چوقان بىلەنلا ئىشغال قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھې-
سابلايمىز. چۈنكى گومىنداڭ ئۆز ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە بەلگە
قىلىپ، ئېھتىيات ئۈچۈن قالدۇرۇپ تۇرغان ئاز ساندىكى قورال-
لىق ساقچىلاردىن باشقا، ئومۇمەن بۇ ئىككى جايدا ئۇلارنىڭ
ئوللۇقراق مۇنتىزىم ئەسكىرىي كۈچى يوق. لېكىن ئۇچتۇرپان
بىلەن ئاقچى خېلى باش قاتۇرۇپ ئويلىنىشقا تېگىشلىك نۇق-
تىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى جاينىڭ ناھىيە با-
زارلىرىدا ھازىرچە گومىنداڭنىڭ قوراللىق ھەربىي كۈچلىرى
بولمىغان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا تۇتاشقان تاغ ئې-
غىزلىرىدا ئۇلارنىڭ ھېلىمۇ خېلى كۆپ چېگرا قىسىم ئەسكەر-
لىرى تۇرماقتا. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ جەڭچىلىرى ئۇچ-
تۇرپان، ئاقچىلارغا بارغانىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ
جايلاردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماي قې-
لىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چاغدا ئۇرۇش سېپى كېڭىيىپ كې-
تىپ، يېڭىشەھەر سېپىلى ئەتراپىدىكى مۇھاسىرە بوشىشىپ
كېتىدۇ - دە، ئاخىر شەھەرنى ئىشغال قىلىش پىلانى ئوڭۇش-
سىزلىققا ئۇچرايدۇ».

«شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق ھېسابلىماقتىمىزكى، —
دېيىلگەنىدى رادىئوگراممىدا، — سىزلەرنىڭ كۇچا تەرەپكە
يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانچە ئەمەلدىن قال-
دۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزلارنى خۇشاللىق بىلەن ھېس قىلماقتىمىز.
جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ ئۇچتۇرپان تەرەپكە بېرىشىمۇ ياكى

كۆچا تەرەپكە يۈزلىنىشىمۇ ھەممىدىن ئىلگىرى ئاقسۇ يېڭىشەھەر سېپىلىنى ئىشغال قىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 5 - ئاتلىقلار پولكىنى تەلتۆكۈس بىتچىت قىلىپ تاشلىشقا باغلىق. گومىنداڭچىلار ئۈچتۇرپان بازىرىدىكى مۇستەقىل باتالىيونىنى ئاقسۇغا يۆتكەپ كەلگەندىن بۇيان 5 - ئاتلىقلار پولكى بۇرۇنقىدىن كۈچىيىپ قالدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى بوز-دۆڭدىن تويتوغرا ئاقسۇغا قايتىپ، شەھەرگە بۆسۈپ كىرىش ئوپېراتسىيىسىنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئاندىن غۇلجا سىزلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ھەربىي يۆنىلىشىڭىزلار توغرىسىدا ئايرىم كۆرسەتمە بېرىدۇ.»

پولك جاۋاب رادىئوگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان ئۇنىڭدىكى يوليورۇقىقا ئاساسەن تاڭ ئاخىرقى تەييارلىقلاردىن كېيىن شۇ كۈنى ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بۇ يۈرۈشتە ئىلگىرى - ئاخىر 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ تىرقىتۇز نەپەر قىراللىق رازۋېتكىچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ھەم تىرىك تۇتۇپ، يارىبېشى قەبرىستانلىقىدىكى كەپتەرخانا گۈمبىزىدە مۇداپىئە نۇقتىسى بەرپا قىلىپ ياتقان بىر ۋىزۋوت گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئەپچىللىك بىلەن تۇيدۇرماي كېلىپ يوقىتىپ، تاڭ ۋاقتى بىلەن كونىشەھەر بازىرىغا غەلىبە بىلەن كىردى. ئاندىن ھايالسىز يېڭىشەھەر تەرەپكە ئۆتۈپ، سېپىلنى ئىككىنچى قېتىم مۇھاسىرىگە ئالدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى كونىشەھەرگە كىرگەندە بۇ قەدىمىي دىيار ئاھالىسى تەكرار - تەكرار ئەنسىرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەمدىلەتىن ئۇيقۇغا چۆككەنىدى. كونىشەھەر خەلقى-نىڭ كۆپ قىسمى مۇندىن تۆت - بەش كۈن ئىلگىرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ يەرگە قايتىدىن بېسىپ كىرىشى بىلەن قېچىپ يىراق يېزىلارغا بېرىۋالغان. بازارنىڭ ئۆزىدە بولسا، قېچىشقا ئامالى بولمىغان بەزى ئاز ساندىكى قېرى - چۈرىلەر، تۇل خوتۇن، ئىگە - چاقىسىز كىچىك نارەسىدە باللارلا قالغانىدى.



بۇ قىسقىغىنا بىرقانچە كۈن ئىچىدە گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن كونىشەھەردە ھەر كۈنى ئۇدۇللۇق بىرقانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ تۇرۇلدى. ئۇلار بۇ ئادەملەرنى ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن، بەزىسىنى «تۇغلۇقنى مىللىي ئارمىيىگە پىدائىيلىققا بېرىپسەن» دېگەن «ئىللەت» بىلەن، بەزىسىنى «تۇغرىلار ئۈچۈن خىزمەت قىپسەن» دېگەن «تۆھمەت» بىلەن تۇتۇپ تاشلىغان، چاپقان ياكى يېرىم ئۆلۈك قىلىۋېتىپ تۇرۇپ، نىمجان ھالەتتە ئازگاللارغا تاشلىغانىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ كونىشەھەر ئاھىيىلىك بانكا بىناسىدا قېپقالغان يارىدار جەڭچىلىرىنى بولسا، ئۇلار كونىشەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەن كۈنىنىڭ دەسلىپىدىلا ئۆلتۈرۈپ، بۇ بىگۇناھلارنىڭ پاك جەسەتلىرىنى كېچىگە تاشلىۋەتكەنىدى. جەڭچىلەر رەھىمسىز-لەرچە ئۆچ ئېلىنىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئېغىر مۇسىبەت، نالە - پىغان ۋە قايغۇلۇق مۇڭ - زار بىلەن تولۇپ تاشقان ئەنە شۇ ئاقسۇ كونىشەھەرگە ئەمدى ئىككىنچى قېتىم كەلدى. ئەمما بۇ قېتىم بۇ يەردە ئۇرۇش بولمىدى، چۈنكى گومىنداڭ ھەر-بىيلىرى بىلەن ساقچىلىرى قىستىغىنا بەش كۈن ئىچىدە مۇشۇنداق ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق — پەقەت كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايى قىلمىشلارنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەڭگى - جېدەللىك ماكانغا قايتىدىن مۇقىم ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا پېتىنالمىغانىدى. ئاھىيىلىك ئىدارە - ئورگانلارغا بۇرۇنقىدەك خادىم قويۇپ، ئىشنى ئاۋۋالقىغا ئوخشاش رەتكە سېلىش ۋاقتىغا ئىگە بولالمىغانىدى. چۈنكى ئۇلار كونىشەھەر بازىرىنى تەلتۆكۈس قايتۇرۇۋالغانلىقى تازا ئېنىق مۇئەييەن-لەشمىگەن ھازىرقى ئارىسالدى شارائىتتا سېپىلى بولمىغان ياكى باشقا بىر خىل تۈزۈكرەك قوغدىنىش ئىنشائاتى ۋە پۇختىراق ئىستىھكامى بولمىغان بۇ جايدا مۇقىم ئەسكەر ۋە خادىملارنى

تۇرغۇزۇشنى مىللىي ئارمىيىگە تەييار ئولجا يېمى تاشلاپ بېرىش دېمەك بولاتتى. شۇڭا بۇ يەردە مىللىي ئارمىيىگە ئوت ئېچىپ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلار ئەسلى ماكانغا ھەقدارلىق بىلەن كىرگەن مىراسخورلاردەك ئوق ئېتىشمىلىرىسىز تىنچ، خاتىرجەم مۇھىت ئىچىدە بۇ يەرگە سەلتەنەت بىلەن كىرىپ كەلدى. ئەمما نۆۋەتتىكى گەپ يەنىلا يېڭىشەھەر سېپىلىنى قانداق ئىشغال قىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقالماي قالمايتتى. بۇ يەنىلا ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مۇھاسىرە ۋاقتىدىكىدەك ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ زىددىيەتلىك تەرىپى بولۇپ، ئەڭ ئۆتكۈر زىددىيەت بۇ قېتىممۇ شۇ تۈگۈنگە كېلىپ مەركەزلەشمەي قالمايتتى.

جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ ئاقسۇغا يېتىپ بېرىشى بىلەن شەھەر سېپىلى تەلتۆكۈس مۇھاسىرىگە ئېلىندى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن تەڭ 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ قوغدىنىپ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ۋەزىيىتى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ يەنە، جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ پاسسىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھالىتى شەكىللىنىپ چىقتى. ئەمما شۇنىڭغا قارىماي، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۈچۈن بۇ ئىككىنچى قېتىملىق مۇھاسىرىنىڭ دەسلەپكى مۇھاسىرىدىن پەرق قىلىنىدىغان تەرىپىمۇ بار ئىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى بوزدۆڭدە تۇرغان مەزگىلدە 5 - ئاتلىقلار پولكى شەھەر سىرتىدىكى دۇكان، ئاشخانا ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى بىلەن مەسچىت، جامەلەرنىڭ پەشتاق، خانىقالىرىنى ئۆرۈۋېتىپ تۈزلىۋەتكەن ۋە بەزى كوچىلارنى بىر تۇتاش كۆيدۈرۈپ، ئوچۇق تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ ئەلۋەتتە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئاۋۋالقىدەك دالدىنىپ تۇرۇپ سېپىلغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياكى مەسچىت پەشتاقلىرى ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە يوشۇرۇنۇپ، سېپىل ئۈستىدىكى گومىنداڭچىلارغا نىشانلاپ ئوق



ئېتىشقا قىيىنچىلىق كەلتۈرمەي قويمايتتى.

جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ بوزدۆڭدە تۇرغان مەزگىلى گومىنداڭ 5 - ئاتلىقلار پولكى ئۈچۈن مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىدىن قۇتۇلۇپ ۋاقتىنچە قول - پۇتىنى بوشىتىۋېلىش مەزگىلىلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەنە ئۇلارغا بەرىبىر مۇداپىئە ئىنشائاتلىرىنى قايتىدىن ئىشلىۋېلىشىنىڭمۇ پۇرسىتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار بۇ جەرياندا سېپىل ئۈستىدىكى ۋەيرانە پوتەيلىرىنى باشقىدىن تۈزەشتۈرۈپ، قوپۇرۇپ بۇرۇنقىدىن ئېگىزلىتىۋالدى، تاملىرىنى لايلاپ قېلىنلىتىۋالدى، مىنا - يوت ئوقلىرىدا يوسۇلۇپ كەتكەن ئىستىھكاملارنىڭ تۆشۈك، ئۆڭكۈر-لىرىنى ياماپ ئاۋۋالقى ھالىغا كەلتۈرۈۋالدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى پارتلىتىش ئۈچۈن سېپىل تۈۋىدىن تەشكەن ئىككى چوڭ يېرىچۇقنى تاش - تۇپراقلار بىلەن جىگداپ مۇستەھكەم ئېتىۋالدى. گومىنداڭچىلار يەنە، بۇ قىسقا مەزگىلدە يېزا - كەنتلەردە ئۈستى - ئۈستىلەپ بۇلاڭچىلىق يۈرگۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ خامانلىرى ۋە ئۆيلىرىدىن كۆپ مىقداردا ئاشلىق، ئوتۇن، ياغلىق دان، ياغ، چارۋا - مال، كۆكتات، يەل - يېمىش، قوغۇن - تاۋۇز ۋە ئات - ئۇلاغلارغا يەم - خەشەك يىغىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭچىلارنىڭ شەھەر ئىچىدىكى قۇرۇقدىلىپ قېلىشقا باشلىغان ئاشلىق ئامبارلىرى ئىككىنچى قېتىم ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھاسىرىگە يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن قامدالدى. ئۇلار يەنە بىرمۇنچە گۆش - ياغ زاپىسىغا ئىگە بولۇۋالدى.

جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى بۇ قېتىمقى شەھەر مۇھاسىرىسىنى گومىنداڭچىلارغا پايدىلىق بولغان ئەنە شۇنداق شارائىتتا باشلىدى. ھۇجۇم باشلىنىپ، ئاقسۇنىڭ تۇنۇرىغا ئوخشاش كىچىككىنە شەھىرى يەنە ئوق يامغۇرى ئاستىدا قالدى. سېپىل سىرتىدىكى لەڭگەر، ئاسۇق، خەيجاڭ مەھەللىلىرىدىن نىشانلاپ

ئېتىلغان مىنامىيوت ئوقلىرى سېپىل ئۈستى، 5 ـ ئاتلىقلار پولكى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھويلىلىرىدا پارتلاپ، بەزىبىر ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى يارىدار قىلىپ سەپتىن چىقاردى. مىنامىيوت ئوقلىرى پوتەيلەرگىمۇ تېگىپ، ئۇلاردا دەز ـ يوچۇق پەيدا قىلدى. ئەمما شۇنداقتىمۇ مىللىي ئارمىيە تەرەپتىكى ئەھۋال ئۈنچىۋالا ئوڭۇشلۇق ئەمەس ئىدى، ئۇلارغا كۆيدۈرۈلگەن ۋە ئۈرۈپ تاشلىنىپ تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن خارابە ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئىزناسى ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، بىرمۇنچە ئەپسىزلىكلەر تۇغۇلۇپ تۇردى. دەسلەپتىلا جەڭچىلەردىن ئون نەچچە كىشى ئوق تېگىپ قۇربان بولدى.

ئىككىنچى قېتىملىق مۇھاسىرە باشلىنىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ئۇرۇش ئەھۋالىدا كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ ئۈنۈملۈكرەك ئامالى بولماي، جەڭچىلەردە يەنە بىرىنچى قېتىملىق مۇھاسىرە ۋاقتىدىكىدەك ئىچ پۇشۇقى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن تىل ئۇرۇشى ئاۋۋالقىدەك ئۆز ـ ئۆزىدىن قىزغىلىپ كەتتى. گومىنداڭچىلار جەڭچىلەرنىڭ خەنجەردىن ئۆتكۈر تىل ۋە ئاھانەتلىرىگە جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنۇپ، ئاخشام ۋە كېچىلىرى سېپىل ئۈستىدە بەزمە ـ مەشرەپ ئۆتكۈزۈۋاتقان قىياپەتتە نەغمە ـ ناۋا قىلاتتى. كا ـ ناينىڭ يىرتىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ۋارقىراپ ناخشا ئېيتاتتى. شۇ يول بىلەن ئۇلار جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىدىكىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسىز، خاتىرجەم ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى ئاتايىن ئۇقتۇرۇۋاتقاندەك بولاتتى. لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن يەنىلا غەم ـ قايغۇ ئىچىگە ئەلەملىك كۈلكە، ساز ئىچىگە كۆز يېشى، ناخشا ئارىسىغا يىغا ـ زار



ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى باشقىلاردىن چوڭقۇرراق چۈشىنەتتى. غەم ـ قايغۇلۇق مەشرەپنى بىرىنچى قېتىملىق مۇھاسىرە ۋاقتىدىكىدەك بۇ قېتىممۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شۈيىڭ «ئۈچ مەسىلە» سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرنى سېپىلغا چىقىرىش ئارقىلىق ئۇيۇشتۇرغانىدى. مىللىي ئارمىيە پالۋانلىرى ئۇلارغا ئەمدى تىل ئۇرۇشى ئارقىلىق ئەمەس، ئەجەل ئوقى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى. ئاخشام قاراڭغۇسىدا ئاسۇق دەھلىسىدىن توغرا مۆلچەر بىلەن ئېتىلغان مىنامىيوت ئوقلىرىدىن بىرى سېپىل قاشىقىدا پارتلاپ، دۈشمەن مەشرەپچىلىرىدىن ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچىنى قول، پۇت ياكى مۈرە سۆڭەكلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ تاشلىدى. ئاخىر بۇ جاۋ خەنجى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يوشۇرۇن رەقىبى ۋۇ شۈيىڭدىن قۇسۇر تېپىپ، ئۇنى راسا چېقىشتۇرۇشنىڭ دەستىكىگە ئايلىنىپ قالدى. جاۋ خەنجى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئاچچىقىغا پايلىماي ۋۇ شۈيىڭنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ، ئۇنى يۈز ـ خاتىرسىز ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق كايىشقا باشلىدى:

— سىز شەھەر مۇھاسىرىدە تۇرغان مۇشۇ ئېغىر پەيتتە سېپىل ئۈستىدە يىغا ـ زار، مەشرەپنى ئۇيۇشتۇردىڭىز، — دېدى ئۇ تاپا ـ تەنە بىلەن، — بۇنداق قىلىشىڭىز ئۆزى «ئېشەك ئۆلسە قوڭى ئېچىدەك قارتىپتۇ» دېگەندەك ئەخمەقلەرنىڭ كۈلكىلىك قىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاخىر بۇ ئەخمەقلىق «ئۈچ مەسىلە» سەنئەت ئۆمىكىدىكى كىشىلەردىن يەتتىسىنىڭ ئۆلۈمى ۋە يارىدار بولۇشىغا سەۋەب بوپتۇ. سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزنى باشقا بىر تەدبىر بىلەن «دۆلەتكە مۈككەنلىك» دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ناخشا ئېيتىش ياكى ساز چېلىش قارشى تەرەپكە بۇ بىر توپ كىشى ئۆزلىرىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى

ئۇچۇق – ئاشكارا مەلۇم قىلىش بىلەن باراۋەر ئىش بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ ئىشتىكى خاتالىقنى سىزگە ئوخشاش دۆت بىر باشلىقنىڭ ئەخمەقلەرچە ئۆتكۈزگەن خاتالىقى دەپ ئېيتىش ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى 5 – ئاتلىقلار پولكىنىڭ كوماندىرىغا تېگىشلىك گەپ – سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا كونا مەپە بازىرىدىن ئارقىسىغۇ ئارقا ئۇچۇپ كەلگەن ئىككى دانە مىنامىيوت ئوقى ۋۇ شۇبىڭنىڭ ھەشەمەتلىك ئىشخانا ئۆگزىسىدە پارتلاپ تورۇسىنى تېشىپ تاشلىدى. لىم، بادرىلارنى سۇندۇرۇپ، ئىشخانا ئىچىنى قويۇق توپا – چاڭغا تولدۇردى. تورۇستىن قىلىن بىر قەۋەت ئۆگزە لېيى قاتتىق چالمىدەك سىيرىلىپ چۈشۈپ، ساقچى باشلىقىنىڭ مەخپىي ھۆججەتلەر ئىشكاپىنى سۇندۇردى. جىياڭ جيېشىنىڭ چوڭ سۈرىتى سېلىنغان ئەينەك جازا پارچىلىنىپ، كۆكۈم – تالقان بولۇپ كەتتى. جاۋ خەنچى بىلەن ۋۇ شۇبىڭ بەدەن بېشى توپا – چاڭغا كۆمۈلگەن ھالدا ئىشخانا ئىچىدىن ئۆزلىرىنى ئېلىپ، ئۆلۈم قورقۇنچىسى ئىچىدە ئاران قېچىپ چىقىۋالدى. جاۋ خەنچىنىڭ ماجالى قالمىغانىدى. ئۇ ئۆڭسۈلى يىقىلغان ھالدا پولك شتابىغا قايتىپ كەلدى – دە، رادىستنى چاقىرىپ، ئۇنى شۇ مەھەل ئۈرۈمچىگە تېلېگرامما بېرىشكە بۇيرۇپ تۇرۇپ:

— ئۈرۈمچى باش قوماندانلىق شتابىدىكىلەر ئۆلدىمۇ — نېمە؟ — دېدى غەزىپىنى باسالماي، — بىزنىڭ غەم – قايغۇمىزنى ئازراق بولسىمۇ ئويلاپ قويايلى دېمەيۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنى تامامەن تاشلىۋەتتى. ئۈرۈمچىگە تېز تېلېگرامما بەر، مۇھىم گەپلەر تەكرارلىنىپ كەتسىمۇ مەيلى. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىل، بۇ قېتىمقى تېلېگرامما ئاۋۋالقى تېلېگراممىلاردى-



كىدەك سىلى، ئۆزلىرى، جانابلىرى، ھەزرەتلىرى دەپ گەپ ئوينىتىدىغان سىلىق – سىپايە سۆزلەر بىلەن بېرىلىپ قالمىسۇن، ئۇقتۇڭمۇ؟ بۇ قېتىمقىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇلارغا بازغاندەك قاتتىق، ئەشتەردەك تۈپتۈز بېرىپ تېگىدىغان، سانجىلىدىغان بولسۇن... دېمەكچى بولغان گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى شۇ. بۇ گەپلەرنىڭ بىرسىمۇ قالدۇرۇلماي تېلېگراممىغا كىرگۈزۈلسۇن. «بالا يىغلىمىغۇچە ئانىسى ئەمچەك سالماپتۇ» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ؟ بۇ قېتىم قېنى يىغلاپ باقاي، ئاندىن ئۈرۈمچىمۇ ئەمچىكىنى ماڭا چىشلىتىپ باقسۇن!

ۋۇ شۇبىڭنىڭ ئىشخانىسىدا مىنامىيوت ئوقىدىن قورقۇپ كەتكەن جاۋ خەنچىنىڭ يۈرىكى تېخىچە جايىغا چۈشمىگەن ۋە ھودۇقۇشىمۇ تۈگەپ كەتمىگەنىدى. ئۇ رادىستقا ئېيتقان تاپا – تەنىلىرىنى تېلېگراممىنىڭ سۆز تېكىستى ھېسابلاپ، ئۇنىڭدا ئۈرۈمچى قوماندانلىق شتابىغا ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپ – سۆز، تەلەپ ۋە مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسى بايان قىلىنىپ بولدى، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ رادىستقا تېلېگراممىنى تېز بېرىۋېتىشنى ئېيتىپ، ئېگىز جاھازلىق چوڭ ئەينەك ئالدىغا كەلدى. ھازىرمۇ ھەربىي ھوقۇقدارنىڭ كىيىم – كېچەك، يۈز – كۆزلىرى توپا – چاڭغا كۆمۈلگەن پېتى ئىدى. ئۇ ئەينەك يۈزىدىن ئەلپازىنى كۆرمەك بولۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدە تېخىچە قىمىر قىلماي تۇرغان رادىستنى كۆرۈپ قالدى.

— نېمىگە تېلېگراممىنى بەرمەي بۇتتەك قېتىپ تۇرىسەن؟ — دېدى ئۇ گويا تەستەكلىۋېتىدىغان ئەلپاز بىلەن رادىستنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، — گەپ – سۆزلەرنىڭ قاتتىق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ قورقۇپ قالدىڭمۇ – يە؟ تايىنلىق يامىنىغا كەلسە قوماندانلىق شتابى مېنى ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلا!...

— گېپىڭىزدىن تېخىچە ئېنىقراق بىرنەرسە چۈشىنەلىگىنىم يوق، — دېدى رادىست.

— نېمە دېدىڭ، نېمە؟ ھەي گاس قۇلاق! — جاۋخەنچى ئۈستىبېشىدىكى توپا - چاڭلارنى ئېرتقاچ ئويلىنىپ قالدى. شۇ چاغدىلا ئۇ تېلېگراممىدا بايان قىلىشقا تېگىشلىك گەپلەرنى ئېيتمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، رادىستنىڭ قولىدىكى ھېلىقى تاپا - تەنىلەر يېزىلغان قەغەزنى تارتىۋېلىپ يىرتىۋەتتى. ئاندىن ئۈستەل ئالدىغا كېلىپ، تېلېگراممىسا سۆزلىرىنى بىرقەدەر تەمكىنلىك بىلەن ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. رادىست بىرمۇنچە يازدى. بۇ سۆزلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى:

«ئىلىلىق تاغ باندىتلىرى ئاقسۇغا يەنە باستۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىز كونىشەھەرنى ئىككىنچىلەپ قولدىن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق، يېڭىشەھەر سېپىلى ئارىلىقتىكى بەش - ئالتە كۈنلۈك جىمجىتلىقتىن كېيىن يەنە مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بىز ئۇنىڭ ئىچىگە قامىلىپ، قانات - قۇيرۇقلىرى بوغۇلۇپ، قەپەسكە تاشلانغان قۇشتەك ئاسارەت ئىسكەنجىسىدە ياشىماقتىمىز. باندىتلارنىڭ بۇ قېتىم شەھەرگە بۆسۈپ كىرمەي قالمايدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بىزنى ھالاك بولۇپ تۈگەشمىسۇن دېسەڭلار، تېزدىن ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىڭلار. ئەھۋالىمىز سىز باش شتابىڭلارنىڭ ھەممىسىگە مەلۇملۇق. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، بىزگە ياردەم كېرەك. قورال - ياراغ، ئوق - دورا كېرەك...»

ھەربىي ھوقۇقدار ئويلىنىپ توختاپ قالدى. ئاندىن يەنە بىر پەس پۇرقىرىتىپ تاماكا چەكتى. سۆز تۈگىگەن بولسا كېرەك، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالغان رادىستتىن قول قويدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يازغانلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ قەغەزنى ئۇنىڭغا سۇنغانىدى، جاۋخەنچى قەغەزنى قوپاللىق بىلەن



ئىتتىرىۋېتىپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى. ئۇنىڭغا كېيىنكى سۆزلىرى تېخىمۇ قاتتىق تاپا - تەنىلەر بىلەن تولۇپ تاشتى.

— قىلمىغان گەپلىرىم تۈگىمىگەنتى يوق، — دېدى ئۇ، — ئەمدى مۇنۇلارنى ياز: بۈگۈن ماڭا مىتاليوت ئوقى تېگىپ كەتكىلى قىل قالدى. مەن بىر كىشى، ئۆلتۈرۈشنىڭ كارى چاغلىق. لېكىن، باش شتاب بولۇپمۇ مېنىڭ بۈگۈنكىدەك ئېغىر پەيتتە تىرىك تۇرۇپ بېرىشىمنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقى كېرەك. مەن ئۆلىدىكەنمەن شۇ سائەت پۈتۈن ئاقسۇ شەھىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. مېنىڭ ھاياتىم ئاجرىشىم بىلەن 5 - ئاتلىقلار پولكىمۇ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق ساقچىلار ئەترىتىمۇ شۇ سائەت باندىتلارغا تەسلىم بولۇپ ياكى يەم بولۇپ تۈگىشى مۇمكىن. بۇ شەك - شۈبھىسىز ناھايىتى ئېنىق.

مەنسەپچى ھوقۇقدار سۆزىدىن توختاپ، ئىككىنچى قېتىم يانچۇقىدىن لوتويەن تاماكىسى ئالغاندىن كېيىن بارماق تىرنىقىغا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇپ قويۇپ تۇتاشتۇردى. ئاندىن رادىستقا يازغىنىڭنى ئوقۇپ باق، دېگەندەك قىلىپ قارىدى. رادىست سۆزلەرنى ئۆز ئېيتىشى بويىچە تىزلىق بىلەن ئوقۇغانىدى. ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن جاۋخەنچى قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، ئۆز پىچىركىسى بىلەن ئىسمىنى يېزىپ، ئادەت بويىچە ئۈستىگە يەنە تۈجاڭزىسىنى باستى. شۇندىن كېيىن ياسىما مەغرۇرلۇق بىلەن بۇ تېلېگراممىغا ئاقسۇ - يەنسۇ، 5 - ئاتلىقلار پولكى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي باش ئەمەلدارلىرى، كوماندىر، پولكوۋنىك. مەللە - بەللە دەپ تۇرۇپ ئىستىن ئۆز ئىسمىنىڭلا يېزىلىشى ياخشى. ئىش - ئەمەلىنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرمىسامۇ، سۆز ئويۇنى قىلىپ يۈرمىسەمۇ ئۆزۈمچىلىكلەردىن تارتىپ، مەركەز، دۆلەت

مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگىچە ھەممە ئادەم مېنى تونۇيدۇ، — دەپ زورمۇزور كۆرەڭلىدى.

جاۋ خەنچى رادىستنىڭ كەينىدىن ئۇ تېلېگراممىنى بۆلۈمگە كىرىپ بولغىچە قاراپ تۇرغانىدى. بىر دانە مىنامىيوت ئوقى قايسى كۆڭكى جازا مەيدانىغا چۈشۈپ، سەلتەنەتلىك سادا بىلەن بىر ئاز پىرقىرىغاندىن كېيىن چاقىلداپ پارچىلاندى. ئاندىن شۇ يەردىن قويۇق تۇپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، قەھرىمانلىق تۆغرىلىشىدىن قېپقالغان پاك قان قاتىمىسىنى قېلىن بىر قەۋەت تۇپا بىلەن يېپىۋەتتى. ئوق پارچىلىرى ئۇچۇپ بېرىپ، شىددەت بىلەن دارغا تەگكەنىدى، ياغاچ سۇنۇپ، سەھەت بىلەن جۇاڭ زىڭگوۋەننىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىنغاندەك بولدى. ھەربىي ھوقۇقدار قورقىنىدىن قېچىپ بېرىپ، دەرۋازا يېنىدىكى پوتەيگە كىرىۋالدى. رادىست تېلېگراممىنى ئەمدىلەتىن بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئاپپاراتتا ئەكسى بەلگە پەيدا بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن 5 - ئاتلىقلار پولكىغا تېلېگراما بېرىلمەكچى ئىكەنلىكى ئۇشتۇمتۇت مەلۇم بولۇپ قالدى. رادىست ئۇنى قوبۇل قىلىۋېلىۋالدى. جاۋ خەنچىنىڭ شەخسىي نامىغا ئەۋەتىلگەن بۇ تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «سىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم مۇھاسىرىدە قالغانلىقىڭلاردىن چوڭقۇر ئېچىنغان ھالدا خەۋەر تېپىپ، كۈچا 4 - پىيادىلەر پولكىغا ئاقسۇغا تېزدىن ياردەمچى كۈچ ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلدۇق، سىلەر، ئۆزۈڭلار بىر ئىلاج بىلەن كۈچا رايونىغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ ياردەمچى كۈچ بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىڭلار. ئۇلار ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندا سىلەر ئىچكى تەرەپتىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ باندىتلارغا كەينى تەرەپتىن زەربە بېرىشىگە ماسلىشىپ، تەڭ قەدەم بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىڭلار. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش



باندىتلارنى ئىسكەنجە شەكلىدە ئىككى تەرەپتىن قىسىش تاكتىكىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ئىشەنچلار ئۈگۈنۈشلۈك داۋام قىلدۇرۇلسۇن. ئۈمىدسىزلىككە ھەرگىز ئورۇن بېرىلمىسۇن. بىز سىلەردىن غەلىبە خەۋىرى كۈتىمىز.»

5 - ئاتلىقلار پولكى كۈچادىن ئەۋەتىلگەن ياردەمچى كۈچنى ئالدىغا بېرىپ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن شۇ كۈنى كېچىسى ئىككى ئەسكەرنى دېھقانلار قورمىسىدا قىزىل يەكتەك، چاپان، مۇغەمبەر تۇماقلىرى بىلەن ياساندۇرۇپ ۋە دولىلىرىغا سۇ غانجۇغىلىرى، نان خۇرجۇنلىرى ئارتقۇزۇپ، ئىچ كىيىمىگە يوشۇرۇن ئېسىلغان تاپانچىلىرى بىلەن سېپىلدىن چۈشۈرگەنىدى. بۇلارنىڭ بىرى تۈپتۈغرا قالىكەش باتالىيونىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. شۇندىن كېيىن گومىنداڭ رازۋېتكىچىسىنىڭ يەنە بىرى ئاسان قولغا چۈشۈپ، 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ كۈچادىن كېلىۋاتقان ھەربىي قىسىم بىلەن ئالاقە باغلاش پىلانى تېزدىن بىتچىت بولۇپ كەتتى. رازۋېتكىچىلار ياردەمچى كۈچ جامغا كېلىش بىلەن ئۆزلىرى ئالدىنراق يېڭىشەھەرگە كېلىپ، كېچىسى يار ئۈستىدە گۈلخان يېقىش ئارقىلىق سىگنال ئىچىدىكىلەرگە بەلگە بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى جاۋ خەنچىنىڭ بۇ تاكتىكىسىمۇ ئۆز - ئۆزىدىن يوققا چىقتى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى دۈشمەن رازۋېتكىچىلىرى مەلۇم قىلغان يېڭى مەلۇماتقا ئاساسەن كۈچا يولىغا قالىكەشنىڭ ھۇجۇمچى باتالىيونىنى ئەۋەتىپ، ياردەمچى كۈچنى توسۇپ، ئۇلارنى قارايۇلغۇن بىلەن ياقائېرىق ئارىلىقىدىكى تاغ قاپتاللىرىدا تولۇق تارمار قىلىپ تاشلىدى. جاۋ خەنچىنىڭ تاپا - تەنە ۋە نارازىلىقلار بىلەن ئۈرۈمچىدىن ياردەم سوراپ ئەۋەتمەكچى بولغان تېلېگراممى كۈچادىن ئاقسۇغا ياردەم ئۈچۈن ھەربىي قىسىم ئەۋەتىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىنىڭ كېلىپ قېلىشى

بىلەن ماگدۇرۇۋېلىغانىدى. ھەربىي ھوقۇقدار ياردەمگە ئۇلىشالمىغانلىقىدىن غەزەپكە تولۇپ، بۇ تېلېگراممىنى ئەمدى ئۈرۈمچىگە كېچىكتۈرمەي يېرىۋەتتى ھەم ئۇنىڭغا «كۇچادىن ئەۋەتىش ۋەدە قىلىنغان ئەسكەرلەر كەلمىدى. قىلىچ بىسىدا تۇرغان ۋاقتىمىزدا يالغان گەپ - سۆزلەر بىلەن بىزنى ئالداش 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ھازىرقى خەتەرلىك تەقدىرىنى ئويۇنچۇق قىلىپ ئويناش بىلەن باراۋەر» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

## جەڭگىۋار مەجلىس

جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ شتابى ھېلىمۇ بىرىنچى قېتىمقى مۇھاسىرە ۋاقتىدىكىدەك ياتالماستىكى چوڭ باغلىق ھويلىغا جايلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ يەرگە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋ ۋە بۇلاردىن تاشقىرى پولك كوماندىرىنىڭ دىنىي ئىشلار بويىچە مۇئاۋىنى، شتابنىڭ ئۆزىدە خىزمەت قىلغۇچى ئوفىتسېرلار قىسقا مۇددەتلىك مەجلىسكە توپلاندى. ئۇلار بۇ يەردە مەخسۇس سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ ئۈنۈملۈكرەك چارىسىنى تېپىپ چىقىش مەسىلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشى كېرەك ئىدى. بۇ مەسىلە بويىچە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېنىق ۋە ھەل قىلغۇچ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز، — دېدى ئۇ، — گومىنداڭ



ھەربىيلىرىنى پوتەيچىلەر، لەخمىچىلەر دەپ ئورۇنسىز ئاتاۋاتقىنى يوق. گومىنداڭچىلار يەنە سېپىلغىمۇ يۆلىنىپ جان ساقلىماقتا. دەرھەقىقەت بىزنىڭ ئاقسۇدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇشىمىز باشتىن - ئاياغ سېپىلنىڭمۇ، پوتەي بىلەن لەخمىنىڭمۇ ئوخشاشلا توسقۇنلۇقىغا دۇچ كېلىپ تۇردى. ھازىرقى زاماننى ئالساق، ئومۇمەن ئۇرۇشلار سېپىلسىز، پوتەيسىز ئېلىپ بېرىلىش دەۋرىگە كىرىپ بولدى. بۇ تېخى ئۇنچىۋالا يېقىنقىمۇ ئىش ئەمەس. بەلكى ئۇزاق بىر مەزگىلدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش. ئۇ ۋاقىتتىكى قىلىچ، نەيزە، قارا مىلتىققا ئوخشاش قالاق ئۇرۇش قوراللىرى ئۆز ئورنىنى بىرقەدەر ئىلغار ھەربىي قوراللارغا بوشىتىپ بەرگەندىن بۇيان سېپىل، پوتەي، لەخمىلەر ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا بۇ نەرسىلەر ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قالاق مەزگىلىگە مەنسۇپ بولۇپ قالدى. ھازىر بىزنىڭ شەھەرنى ئىشغال قىلىشىمىزغا XIV ۋە XV ئەسىرلەرنىڭ شۇ قالاق ھەربىي ئىنشائاتلىرى بىردىنبىر توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭغا قارشى بىزدە پەقەت ھالا زەمبىرەكنى كەملىك قىلماقتا. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قالمايمىز، بىز بۇ ئاقسۇ سېپىلىنى سۈيدۈڭ، كۈرە، شىخو، جىڭ سېپىللىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەندەك قەھرىمانلىق بىلەن بۆسۈپ ئۆتىمىز. سىزلەرچە بۇنىڭدىن باشقا چارە بارمۇ - يە؟ ئەگەر بار بولسا ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار. مۇزاكىرىلىشەيلى. مېنىڭچە باشقا ئامال قالمىدى. سېپىلغا ئۆرلەپ چىقىپ، شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدىكەنمىز، ئەلۋەتتە بۇنى قانداق يول ۋە قايسى ئۇسۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى زور ئېتىبار بىلەن مۇزاكىرىلىشىشىمىز كېرەك.

سېپىل ئۈستىگە يۆسۈپ چىقىش ۋە شۇ ئارقىلىق شەھەرنى

ئىشغال قىلىش ئابدۇكېرىم ئاباسوپ خېلىدىن بېرى ئويلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلە ئىدى. بىرلىقىمۇ ئۇ بوزدۆڭدە تۇرغان مەزگىلدە ھەر تەرەپلىمە باش قاتۇرۇشلاردىن كېيىن بۇ ھەقتە تولۇق بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. ئىككىنچى قېتىملىق سېپىل مۇھاسىرىسىنىڭ باشلىنىشى جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ يەنىلا غالىب ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەنە ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلالماسلىقتەك پاسسىپ تۇرۇش چەمبىرىكى ئىچىگىمۇ كىرگۈزۈپ قويغانىدى. شۇڭا كۆكرەك كېرىپ جانپىدالىق بىلەن سېپىلغا چىقىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن گىرەلەشمە جەڭ ئېلىپ بېرىش جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى ئۈچۈن شۇ تاپتا جىددىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك تۇرۇش تاكتىكىسى بولۇپ قالغانىدى.

— مەن سىياسىي كومىسسارىمىز، پولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ ئىپتىقانلىرىغا تولۇق قوشۇلىمەن، — دېدى پولك كوماندىرى سوپاخۇن سوۋۇروۋ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ، — بىزگە ئەمدى شەھەرنى ئىشغال قىلىشتا پەقەت بىرلا يول قالدى. ئۇ بولسىمۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ئىپتىقاندەك سېپىل ئۈستىگە چىقىپ شۇ يەردە تۇرۇش قىلىش. جەڭچىلىرىمىز دەسلەپكى قېتىم شەھەرنى توپتوغرا 22 كۈن مۇھاسىرىگە ئالدى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شۇ چاغدا بىزگە ئاساسىي توسالغۇ سېپىل بولدى. شۇ ۋاقىتتا بىرقانچە چارىنى قىلىپ كۆردۇق. مەسىلەن، سېپىلنى ئىككى يەردىن تېشىپ، بۇ ئىككى يەردىن بىرلا ۋاقىتتا پارتلاتتۇق. تام قېلىن كېلىپ، بۇ چارە كۈتكەن نەتىجىنى بەرمىدى. كېيىن سەيپۇڭ غۇلامجان سېپىسىزگە ئىختىيارى بىلەن كېلىپ قوشۇلۇپ، ئۆز تەلىپى بىلەن شەھەر دەرۋازىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش ئامالىنى قىلىپ كۆردى. لې-



كىن دۈشمەنلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا بۇ ئىشەنچلىك چارىمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. ھەتتا غۇلامجان شۇ قېتىم قۇربان بولۇپ كەتتى. ئومۇمەن بىرىنچى قېتىملىق مۇھاسىرە مەزگىلى جەڭچىلىرىمىز ئىچىدە ئىچ پۇشۇقى بىلەن ئۆتكەنىدى. ئىككىنچى قېتىملىق مۇھاسىرىنىڭ باشلانغىنىغا بىرقانچە كۈن بولا — بولمايلا ئۇلاردا يەنە ئىچ پۇشۇقى پەيدا بولدى. ئەگەر ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ئىپتىقاندەك، شەھەرگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ يېڭى ئامالىنى قىلىپ كۆرمىسەك، ئاخىر پولكىمىزدا روھىي چۈشكۈنلۈك كەيپىياتى باش كۆتۈرۈپ قېلىشى مۇمكىن.

— مەن ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، سوپاخۇن سوۋۇروۋلارنىڭ پىكىرلىرىنى قوللاپ — قۇۋۋەتلەيمەن، — دېدى سىياسىي كومىسسار، پولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى سۆز قىلىپ، — بىزدە ئۆلۈمدىن قورقماس ئىرادە بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. ئۇ يەلكى ھەربىر جەڭچىمىزدە ئېشىپ — تېشىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. بىز بۈگەنگىچە ئەنە شۇ ئىرادىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى بىلمىدۇق. ئەگەر ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ پىكرى ئومۇمنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلسا، يۈزلىگەن جەڭچىلەرنىڭ بىرىنچىلەردىن بولۇپ، سېپىلغا چىقىشقا تەلەپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مۇستەھكەم ئىرادە غەلىبە قازىنىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل، دېمەك، بۇ بىزدە ناھايىتى روشەنلىك بىلەن ئەكس ئېتىپ تۇرماقتا. سېپىلدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى زامان توسۇقىغا كەلسەك، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھەممە يېرىدە بار ئىدى. چۆچەك، قوبۇقسار، نىلقا، مۇڭغۇلكۈرەلەرنىڭ سېپىللىرىمۇ سۈيدۈڭكۈرە-نىڭ سېپىلىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى، لېكىن ئۇلار مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى ئالدىدا ھېچنەرسىگە دال بولالمىدى، ئاقسۇدىكى پەرق بىرلا تەرەپتە. بۇ

يەردىكى سېپىل ھەم ئېگىز، ھەم قېلىن، ھەم تىل، ئوتتۇردىكى ئايرىما پەقەت شۇنىڭدىن ئىبارەت. جەڭچىلىرىمىزدە باتۇرلۇق بولغانىكەن، ئۇنى ئېگىلەشمۇ ھېچگەپ ئەمەس.

شۇندىن كېيىن پولك كوماندىرىنىڭ دىنىي ئىشلار بويىچە مۇئاۋىنى سۆز ئالدى. ئۇ يىغىندىكى سۆزلەردە ئېيتىلمىغان، باشقىلار بەلكى كەمدىن كەم ئويلىغان باشقىچىرەك بىر خىل پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— سېپىلغا چىقىش يەنى قورالLIQ دۈشمەنلەر كۆز تىكىپ قاراپ تۇرغان چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كۆكرەك كېرىپ ئۆرلەپ بېرىش ئىنتايىن باتۇرلۇقنى تەلەپ قىلىدىغان جەڭ، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭدا سەزدۈرمەي ئىش قىلىش ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. دۈشمەن سېزىۋالدى دېگەن سۆز سېپىلغا چىقىش ئۆز - ئۆزىدىن مەغلۇپ بولدى دېگەنلىك بىلەن باراۋەر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاي قاراڭغۇسى بولىدىغان ۋاقىتنى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. قاراڭغۇلۇق جەڭچىلىرىمىزنىڭ كېچىسى سەزدۈرمەستىن يۇقىرىغا ئۆرلىشىگە قېلىن بىر قەۋەت يوشۇرۇنۇش يېپىنچىسى، دۈشمەن كۆزىنى ئېتىۋالغۇچى تۈتەك پەردە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۈگۈن رامزان ئېيىغا 18، يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتسە تۈننىڭ ئاۋۋالقى يېرىمى تولۇق قاراڭغۇلىشىدىغان ۋاقىت باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا سېپىلغا خەتەرسىز ئۆرلەپ، كۈتكىنىمىزدىكىدەك جەڭ ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

پولك كوماندىرىنىڭ دىنىي ئىشلار بويىچە مۇئاۋىنى ئۆز پىكرى بىلەن ھەممەيلەننى ھاياجانغا سالدى. ئابدۇكېرىم ئاپياسوپ شۇ چاغدا ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇراتتى. ئۇ رازىمەنلىك بىلەن بۇ كىشىنىڭ دولىسىنى بىرنەچچە قېتىم بوش قېقىپ قويدى. سېپىلغا چىقىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى مۇزاكىرە بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ قىزغىن تۈس كىردى. پولك شتابىنىڭ ئوفىتسېر



خادىملىرىمۇ، بۇ ئىشنى قۇۋۋەتلەپ، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا سېپىلغا چىقىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولىدىغانلىقلىرىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلىپ ئۆتۈشتى. ئۇلار پولك كوماندىرىنىڭ دىنىي ئىشلار بويىچە مۇئاۋىنىنىڭ ئېيتقانلىرى ئۈستىدە توختالغان چاغدا سېپىل ئۈستى گىرەلەشمە ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش راسا ۋاقتىدا تەشەببۇس قىلىنغان. بۇ ئىش ئۈچۈن پىدائىي جەڭچىلەرنى تاللاش، شوتا ياساشقا ئوخشاش تەييارلىقلار پۈتكىچە رامزان ئېيى ئاي قاراڭغۇسى مەزگىلىگە كىرگۈدەك دەپ ھېسابلاشتى.

شۇندىن كېيىن جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىدا بۇ زور ھالقىلىق جەڭ ئوپېراتسىيىسىنىڭ بىر قاتار تەييارلىقلىرى جىددىيلىك بىلەن ئارقىمۇ ئارقا ۋە قولمۇ قول باشلىنىپ كەتتى.

سېپىل ئۈستى گىرەلەشمە جېڭى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى باتالىيون كوماندىرلىرى بىلەن روتا كوماندىرلىرى ۋە سىياسىي يېتەكچىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلغاندىن كېيىن بارلىق پولك جەڭچىلىرىگە ئۇقتۇرۇپ، ئۇلاردىن سېپىلغا چىققۇچىلارنىڭ رويخىتىنى تىزىملاش پىلان قىلىنغانىدى. بىراق بۇ مەسىلە كوماندىر ۋە سىياسىي يېتەكچىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلۇشى بىلەنلا بىر ئېغىزدىن ماقۇللاشقا ئىگە بولۇپ، مىسلىسىز قىزغىن تالاش - تارتىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. كوماندىرلار بىلەن سىياسىي يېتەكچىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى سېپىلغا بىرىنچىلەردىن بولۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلۇشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرىۋېلىشتى. پىكىرلەر بەس - بەس بىلەن بېرىلدى، تالاش - تارتىش ئۇزاققا سوزۇلدى.

— سېپىلغا بىرىنچى بولۇپ مەن چىقىمەن، — دېدى ئوقچىلار باتالىيونىنىڭ كوماندىرى، مۇڭغۇل يىگىتى كۆكە قەتئىي ھالدا، — ئۆزۈم تېگىشلىك. گومىنداڭغا قارشى

قوراللىق ئىنقىلابقا قاتنىشىپ كېلىۋاتقانلىقىمغا سەككىز ئايچە بولۇپ قالدى، نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا بولۇپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ خېلى ئوبدان تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇپ قالدىم، تېكەستىمۇ خۇددى مۇشۇنداق سېپىل بار ئىدى، ئۇ يەردە سېپىل ئۈستىدىن بۆسۈپ كىرىش ئۇرۇشى بولمىغان بىلەنمۇ، شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىشتە ئالدىنقى جەڭچىلەر قاتارىدا تۇرغانىدىم. بۇ ھەقتە تولىمۇ تەجرىبىسىزلەردىن ئەمەسمەن، شۇڭا مېنىڭ ئەڭ بىرىنچى بولۇپ سېپىلغا چىقىشىمنى ماقۇل تېپىشىڭلارنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن.

مەجلىسكە قاسىمجان قەمبىرى رىياسەتچىلىك قىلدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سىپاخۇن سۇۋۇروۋ ۋە پولك شتابىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېر خادىملىرى قاتنىشىپ، سۆزلەرنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ تۇردى. ئۈچىنچى ئۆۋەتتە قىلىچۋازلار باتالىيونىنىڭ كوماندىرى راشىدىنجان سۆز ئېلىپ، ئۆز تەلىپىنى قاتتىق ھاياجان بىلەن باشلاپ كەتتى. ئۇ پىكىر - تەلەپ ۋە ئارزۇسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ماقۇللىتىش ھېسسىياتىدا سۆزلىگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئاۋازى كۈچلۈك جاراڭلاپ، پۈتۈن شتابقا تارقىلىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى.

— مەن ئاقسۇ كونىشەھەرلىك، — دېدى ئۇ، — دېمەك، مەن بۇ يەرگە يەرلىك كىشىمەن. كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر بىر - بىرىگە يېقىن جايلاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىشەھەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ ئوقۇغانلىقىم سەۋەبىدىن شەھەر ئىچىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ھەممە يېرىنى ئۆز ئۆيىمىزنى بىلگەندەك ئېنىق بىلىمەن. ھەرقانداق قاراڭغۇ كېچىدە ئادىشىپ، تەمتىرەپ قالمايمەن. شۇڭا سېپىلغا چىقىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ۋەزىپىنىڭ ماڭا تاپشۇرۇلۇشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن. تەلىپىم بۇ يەردە ماقۇل تېپىلمىسا كېيىن شتابقا كىرىپ



تەكرار بېرىمەن. تا قوبۇل قىلىنغىچە ئۆز تەلىپىمدە تۇرىمەن، يېرىم يولدا جىم توختاپ قالمايمەن.

مەجلىستە ھازىر بولغان باتالىيون كوماندىرلىرى بىلەن روتا كوماندىرلىرى ۋە سىياسىي يېتەكچىلەرنىڭ ئىچىدە سېپىلغا چىقىپ جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ كەسكىن ھايات - ماماتلىق ۋەزىپىنىڭ تۇساتتىن ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئەندىكىش ئىچىدە ئولتۇرۇۋاتقان بەزىبىر كىشىلەرنىمۇ يوق، دەپ ئېيتقىلى بولمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ روھىي ھالەتنى سارغىيىش، تاتىرىش، مەنىسىز قىمىرلاپ قويۇش ۋە ئارىسالدى قاراشلار بىلەن تېز - تېز ئىپادىلەپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، بىراق مەجلىس كەيپىياتىدىكى قىزغىنلىق، بەس - بەس بىلەن سۆز قىلىپ، سېپىلغا چىقىشنى قەتئىي نىيەت بىلەن تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشلار ئاخىر ئۇلارنى قەھرىمانلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بۇ جەڭگىۋار، شەرەپلىك بۇرچنى باشقىلاردەك تالىشىپ تۇرۇپ ئورۇنداش ئىرادىسىگە يېتەكلەپ ئەكەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارمۇ ئۆز تەلەپلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، قىزغىنلىق بىلەن ئارقىمۇئارقا سۆز قىلىپ ئۆتتى. ھۇجۇمچى باتالىيونىنىڭ كوماندىرى، قازاق يىگىتى قالىكەش ھەممىدىن ئىلگىرى سۆز قىلىپ، ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىراق ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆزلەشكە ئادەتلەنمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر - بېسىق، تەمكىن مىجەز، كەم سۆز بولغانلىقتىن، سۆزلەشكە پېتىنالماي قىينىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى سۆز ئالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئېگىز - پەس ئىدى، سۆزلىرى بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ چىقاتتى. مەجلىس ئەھلى بۇ تۈز كۆڭۈل قازاق يىگىتىنىڭ تەمتىرىمەي، ئالدىرىماي ئىرادە بىلدۈرۈۋېلىشىغا قىمىرلاشماي، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاش بىلەن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

— شۇتىنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكلەپ، ئۇنىڭدىن سېپىلغا بىرىنچى بولۇپ چىقاي، — دېدى ئۇ. — مەن ئەسلى موڭغۇلكۈرەلىك بولسامۇ ئەمما ئاقسۇدا تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىمغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. ئالتە - يەتتە يىل، مانا بۇ ئەلۋەتتە ئاز ۋاقىت ئەمەس، تا ھازىرغىچە ئاقسۇنىڭ تۇزىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ يەردە كۆپ ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ، كۆپ ئادەملەر بىلەن ئەسرا بولدۇم. ئاقسۇدا ئۆيلىنىپ، بالا - چاقىلىق بولدۇم. ئۈرۈمچى ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى تاماملاپ، ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن 5 - ئاتلىقلار پولكىدا قىسقا مۇددەت كىچىك ئوفىتسېرلىق خىزمىتىنى ئۆتىدىم. ئاندىن يەنە شۇنىڭ ئىچىدە جازاغا تارتىلىپ، ھەربىي قاماقخانىغا سولاندىم. شۇندىن كېيىن ئورنۇم تۆۋەنلەپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچى ئەترىتىدە قوراللىق ساقچى بولۇپ ئىشلىدىم. بىراق يەنە پىتنە - ئىغۋا تارقاتتى، دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ شۇ ئىدارىنىڭ مۇدھىش قاماقخانىسىدا ياتتىم. ئاخىر ۋالىي مەھكىمىسىدە شوپۇر بولۇپ، بىر مۇددەت زىس ماشىنىسى ھەيدىدىم. بىراق، ئۇلار مېنى بۇ يەردىنمۇ قوغلاپ چىقاردى. قىسقىسى، مەن بۇ قېتىم شەھەرگە بېسىپ كىرىشتە ھۇجۇم نىشانى قىلىنىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىمەن. ل. مۇتەللىپ، مۇنەرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق جەڭگىۋار ياشلار قامالغان يەر ئۈستى كامېر، يەر ئاستى زىندانلىرىنىڭ بىرىنى قويماي ئېنىق بىلىمەن. شۇڭا سېپىلغا ئەڭ ئاۋۋال چىققۇچى مەن بولۇشۇم كېرەك. ماڭا بۇ ۋەزىپىنىڭ بىرىنچى بولۇپ تاپشۇرۇلۇشىنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن! ...

ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا ئەڭ دەسلەپ سېپىلغا چىققۇچىلار ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلار ئۇ



يەرگە چىقىش بىلەن تەڭ ئۆزلىرىگە دۇچ كەلگەن قارشىلىقلارنى يوقىتىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئارقىمۇ ئارقا يۇقىرى ئۆرلىشىگە يول ئېچىپ بېرىشى كېرەك. شۇڭا بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن ئۆلۈمدىن قورقمىغۇچىلارلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر بىر قەدەمدە ئۆزلىرىنى ئىنتايىن ۋەزمىن تۇتۇشنى بىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك ئىدى. پولك رەھبەرلىرى ئۇرغۇن قېتىم تاسقاش، تەھلىل قىلىش ۋە قايتا - قايتا ئويلىنىشلاردىن كېيىن بۇلاردىن بىرىگە قالىكەشنى مۇۋاپىق كۆردى. قازاق يىگىتى قالىكەش ھەقىقەتەن شۇنداق كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ ئىنتايىن ئېغىر - بېسىق، كەسكىن مىنۇتلاردا ھولۇقماي، ئۆزىنى بىردەك تەمكىن تۇتۇشنى بىلەتتى. ئۇ يەنە پولك ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭ قىلىپ كەلگەن بىر قاتار قەھرىمانلارنىڭ ئالدىنقىلىرىدىن ھېسابلىناتتى. سېپىلغا چىققۇچىلارنىڭ ھازىرقىدەك جىددىي ھۇجۇم پەيتىدە شەھەر ئىچىدىكى بار - يوق بىرنەچچە تال كوچىنى بىلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا تەلەپكە يېتەرلىك دەرىجىدە جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئۇ كىشى يەنە ھەممىدىن ئىلگىرى باستۇرۇپ كىرىشكە تېگىشلىك 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئىچىنى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق بىرقانچە ئون نەپەر ياش ئۇچقۇن تۇتقۇن قىلىنغان مەخپىي قاماقخانا ئورۇنلاشقان جايىنىمۇ بىلىشى كېرەك ئىدى. سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىش شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشتە ھەممىدىن ئىلگىرى ئورۇندىشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. ئەگەر بۇ ئىش كېچىكسە مەغلۇپ بولغان دۈشمەنلەر ئىنقىلابچىلاردىن ئۆچ ئېلىش بەدىلىگە ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋالغان بولاتتى. 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچى ۋە قاماقخانىسىنى

ئىنىق بىلگۈچىمۇ يەنە شۇ قالىكەش ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەڭ ئاۋۋال سېپىلغا چىققۇچىلارنىڭ بىرى قىلىپ تاللىۋېلىندى. يەنە بىرىگە قادىر تاللاندى. چۈنكى قادىر بۇندىن بىر يىل مۇقەددەم خوتەندىن ئاقسۇ زاپاس پولكىغا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن بوي ئەگمەسلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن، مىللىي ئارمىيە قوشۇنى جەنۇبقا ئۆتكەندە ئۇلارغا قىسىرتاغ ئېغىزىدا قوشۇلۇپ، قوغاننى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا ئەڭ ئاۋۋال دەرۋازىدىن بۆسۈپ كىرگۈچىلەردىن بولغانىدى. ئۇ يەنە قىزىلبۇلاق، جام، يارباشى قەبرىستانلىقىدىكى ئۇرۇشلاردىمۇ ئاجايىپ زور باتۇرلۇقنى نامايان قىلغانىدى. قادىر ھازىر قالىكەش باتالىيوندا بولۇپ، بۇ باتالىيوننىڭ بىرىنچى روتىسىدا سىياسىي يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئۆتەيتتى. ئۇ شەھەرگە سېپىل ئۈستى ئارقىلىق بۆسۈپ كىرىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا بىرىنچىلەردىن بولۇپ سېپىلغا چىقىش تەلىپىنى بەردى ۋە پولك شتابىغا ئۆز ئارزۇسىنى مەلۇم قىلىپ، يازما ئىلتىماسمۇ تاپشۇردى.

قالىكەش، قادىرلار سېپىل ئۈستىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش يولى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئېگىزگە ئۆرلەپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىغا ھۇجۇم قىلغۇچىلار تاللاندى ۋە ئۇلاردىن شۇ ھامان ئايرىم ئۆتەدېلىنىيە تەشكىل قىلىندى. بۇ ئۆتەدېلىنىيە تەركىبىگە ھەربىر كىشىنىڭ قەتئىي خاھىشى ۋە تەلىپى بويىچە جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ ياش جەڭچىلىرىدىن مۇختار، نۇرۇللا، رۇستەم، يۇنۇس، نىجات، يولۋاس، تاشپولات، خالىق، شاكىرجان ۋە كىچىك قاسىمجانلار كىرگۈزۈلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاقسۇ ۋە بايلىق جەڭچىلەر بولۇپ، قالغانلىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئىلقا ياكى غۇلجىدا بىللە ئوقۇغان تەڭقۇر ساۋاقداشلار ئىدى. شۇنداق قىلىپ،



سېپىلغا بىرىنچى، ئىككىنچى قەدەملەردە چىققۇچىلار بەلگىلىنىپ بولدى، لېكىن بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ئۆرلىگۈچىلەر ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن سېپىل ئۈستىدىمۇ، شەھەر ئىچىدىمۇ ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسى قالىكەش باتالىيونىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇلار مۇستەھكەملەر قورغىنى ئىچىدە چاقماقتەك تېز ئىلگىرىلەپ، يول - يوللاردىكى قارشىلىقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئارقىلىق دەرۋازىنى ئېچىپ، سېپىلنى سىرتتىن قورشاپ تۇرغان باتالىيونلارنىڭ شەھەرگە ئوڭۇشلۇق ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىگە يول ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

## سېپىل ئۈستىگە تەييارلىق

سېپىلغا چىققۇچىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئەنە شۇ تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ناھايىتى تېز تاماملاندى. چۈنكى ھەر بىر ئوفىتسېر ۋە ھەربىر جەڭچىدىكى مىسلىسىز جەڭگىۋارلىق سېپىلغا بۆسۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ قەھرىمانلىق ئوپېراتسىيەسىنىڭ پۇختا تەييارلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىنى پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئەمدى نۆۋەتتىكى ئىش شوتا ياساشتا قالدى. شوتا قوپال بولماي كۆتۈرۈش ۋە يۆتكەشكە مۇۋاپىق يېنىك، ئەپچىل، ئۇزۇن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر باتالىيون جەڭچىنىڭ بىر - بىراقى دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلىشىگە چىداشلىق بېرەلەيدىغان دەرىجىدە پۇختا ۋە مەزمۇت بولۇشى كېرەك ئىدى. يېڭىشەھەر بازىرى ئەتراپىنى يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئوراپ

ئاقىدىغان دولان دەرياسى بويلىرىدا تەبىئىي ئۆسۈپ زورايغان سۆۋادان تېرەكلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شوتا ياساشقا باب كېلىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. قالىكەش بىلەن قادىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تۈز ۋە راۋۇرۇس ئۆسكەنلىرىنى تاللاپ كېسىپ كەلدى. شوتا پولك شتابىدا ياسالماقچىدى. قالىكەش ئۇنىڭ سىپىل ئېگىزلىكىگە تەڭمۇ تەڭ ياسىلىپ چىقىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، پولك رەھبەرلىرىگە تاجاخۇن ئاكىسىنىڭ بېغىدا ياساش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. چۈنكى بۇ باغنىڭ بىر تەرىپى يارغا تۇتاش بولغانلىقى شوتىنى سىپىلنىڭ بويىغا ئۆلچەپ ياسىغاندەك خاتاسىز، دەلمۇ دەل ياساپ چىقىشقا مۇمكىنچىلىك بېرەتتى. بۇ يەردە يەنە شوتىنى يارغا يۆلەپ، تەقلىد شەكلىدە سىپىلغا چىقىش مەشقى ئۆتكۈزگىلى بولاتتى.

ئەپچىل قول قالىكەش ئاقسۇدا تونۇلغان ياغاچچىلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ شوتىنى ئۆزى ئۆلچەپ، ئۆزى ياسىدى. بۇ ئىشنىڭ ئۆز بېغىدا قىلىنىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولغان تاجاخۇن ئاكا ئۇنىڭغا پايدىلىق مەسلىھەتلىرى بىلەن يېقىندىن ياردەملىشىپ تۇردى. شوتا خۇددى نىيەتتىكىدەك ئەپچىل، پۇختا ياسىلىپ پۈتتى. قالىكەش چوڭقۇر ئويلىنىشلاردىن كېيىن، شوتىنىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن ئىككى غالتەك ئورنىتىپ، غالتەكلەرنىڭ كەينى تەرىپىگە ئادەملەر تىك تۇرۇپ، ئوق ئاتالىغۇدەك كەڭ يۆلەنچۈكلۈك تاختاي ئورناتتى. مۇنداق قىلغاندا ئاۋۋال شوتىنى تىكلەش، ئاندىن ئۇنى دەسسەپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىككى قېتىملىق ھەرىكەتنى بىرلا قېتىمدا ئورۇنداۋالغىلى بولاتتى، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ سېزىۋېلىشىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولاتتى. قالىكەش غالتەكلەرنىڭ غىچىرلاپ ئاۋاز چىقىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بىر قەۋەت رېزىنكىمۇ چاپلىدى ۋە غالتەكلەرنى مايلىدى.



شوتا پۈتۈش بىلەن سىپىلغا ئۆرلەش مەشقى باشلىنىپ كەتتى. باغقا قالىكەش، قادىرلاردىن باشقا يەنە ساقچى قاماقخانىسىغا بۆسۈپ كىرگۈچى ياش پىدائىيلار ئوتدېلېنىيىسىنىڭ جەڭچىلىرى مۇختار، نۇرۇللا، رۇستەم، يۇنۇس، نىجات، يولۋاس، خالىق، تاشپولات، شاكىرجان ۋە كىچىك قاسىمجانلار كۆچۈپ كەلدى. شوتا مەشقى قايتا - قايتا پىششىق ۋە رەسمىي ھالدا كۆپ قېتىم داۋام قىلدۇرۇلدى. ياش ھۇجۇمكار جەڭچىلەر قالىكەش يېتەكچىلىكىدە ئۇدا ئۈچ كۈن سىپىلغا چىقىش مەشقىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە دۈشمەنلەر بىلەن كىرەلەشمە ئۇرۇش قىلىش تېخنىكىسىنى، قول بومبىسى تاشلاش، قىلىچۋازلىق قىلىش، قاماقخانا ئىشىكلىرىنى قومۇرۇش ياكى ئوت قويۇش يوللىرىنى ۋە بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتىدىكى ئۆزىنى قوغداپ تۇرۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش قائىدىلىرىنى تەكرار - تەكرار مەشق قىلدى. ئارىلاپ بۇ مەشقلەرگە ھۇجۇمچى باتالىيوننىڭ بارلىق جەڭچىلىرى قاتنىشىپ تۇرۇلدى. مەشقنى خالىغان ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن باغقا ۋاقىتنچە باتالىيون شتابى كۆچۈرۈپ كېلىندى. جەڭچىلەرنىڭ غىزا - تامىقىمۇ شۇ يەردە بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇچقۇنلار ئىنتىپاقىنىڭ تەسىس مەجلىسى ئېچىلىپ، كۆرەشچان شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆز سەپداشلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى نۇتقىنى سۆزلىگەن باغ، مۇنىرىدىن خوجا قەسەم شېئىرلىرىنى ياش ئۇچقۇنلارغا ئوقۇپ ئاڭلاتقان، ئۇچتۇرپانلىق قەھرىمان ئوغلان سىبىت ئابباس سۆز سۆزلەپ، ئاكىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ غۇلجىدىن يوشۇرۇن ئەۋەتكەن ئىسيانكار خەتنى ئوقۇپ ئۆتكەن باغ، ئەنە شۇ تاجاخۇن ئاكىنىڭ بېغى ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇنداق جەڭگىۋار ئورۇنغا، سىپىلغا بۆسۈپ چىققۇچى پىدائىي جەڭچىلەر مەشق ئۆتكۈزىدىغان ماكانغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ

يەردە ياش ئۇچىتېللار قوللىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ تۇرۇپ، ئۆز خاھىشلىرى بىلەن لوتپۇللا مۇتەللىپنى ئۇچىتېللار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىكىگە، مۇئىنىدىن خوجىنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە بىر ئېغىزدىن سايلىغانىدى. ياش ئۇچىتېللار يەنە ئۆزلىرىنى گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن كۆرەشكە ئاتىغانلىقلىرىنى چىن كۆڭۈلدىن ئىزھار قىلىپ قاتتىق قەسەم بەرگەن جايمۇ ئەنە شۇ باغ بولغانىدى. ئۇلار بۇ يەردە جەڭ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش مەشقى ۋە ھەربىي قوراللارنى ئىشلىتىش يوللىرى بىلەن تونۇشۇش مەشقىمۇ ئۆتكۈزگەنىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سۇۋۇرۇۋلار باغقا ئىلگىرى - ئاخىر بىرنەچچە قېتىمدىن كېلىپ، شەرتىنى كۆردى. سېپىلغا چىقىش مەشقى ۋە گىرەلەشمە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەڭ كېيىنكى تەييارلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. شوتىنىڭ يەنىمۇ ئەپچىل، تېخىمۇ پۇختا بولۇشىغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى مەسلىھەتلىرىنى بېرىپ تۇردى.

ئۇلار تاجاخۇن ئاكا بىلەن، ياش ئۇچىتېللار ئۆز ۋاقتىدا مەشىق قىلغان، ئەمما بولغۇسى جەڭلەردە رەسمىي ئىشلىتىشكە ئۈلگۈرەلمەي ئۇنىڭ ئېغىدا ساقلاپ بېرىشكە ئامانەت قويغان قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن شىتابقا كىرگەن كۈنىدىن تارتىپ تونۇشۇپ قالغان ۋە شۇندىن كېيىنكى بىرقانچە قېتىملىق ئۇچرىشىشلار داۋامىدا ئۇنىڭ بىلەن يەنە يېقىن سىرداش بولۇپ كەتكەنىدى. باغۋەن بۈگۈنمۇ پولك رەھبەرلىرىنى ئۆتكەن قېتىملاردىكىدەك ناھايىتى خۇش چىراي كۈتۈۋالدى. ئۇ باغ ئىچىدىكى گۈللۈك تۈۋىگە داستىخان سېلىپ، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى ئۈزۈم، ئانار، چىلان، نەشپۈت، ئامۇتلار بىلەن كەڭ - كۇشادە مېھمان قىلدى. باغۋەن قالكەش، قادىر ۋە قاماقخانىغا



بۆسۈپ كىرگۈچى ئوتدىلىنىيە جەڭچىلىرىنىمۇ پولك رەھبەرلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغانىدى. داستىخان ئۈستى سۆھبىتى قىزغىن داۋام قىلدى. باغۋەن ئۆزىنىڭ ل. مۇتەللىپ، مۇئىنىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى ۋە باشقا بارلىق ياش ئۇچىتېللار بىلەن ساتىراش مەقسۇتئاخۇن ئۇستا، سالاخۇن ئاشپەز، قازاق يىگىتى ئەنە شۇ قالكەشلەرگە ئوخشاش قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ، بۇ جەڭگىۋارلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە زوق - شوخ بىلەن تونۇشتۇردى.

— ياش ئۇچىتېللار، — دېدى تاجاخۇن ئاكا، — مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەقىقەتەن ئاقسۇغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇلار مىللىي ئارمىيە قىسىمى ياكى سوزاتتىن ئۆتكەن كۈنى بىزنىڭ ئۇلارغا ماسلىشىپ، بۇ يەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالىدۇ، دەيتتى ۋە بۇ سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ل. مۇتەللىپلەر ئۆزلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن پائالىيەتلىرىنى بىر بولسا مەقسۇتئاخۇننىڭ ساتىراشخانىسى، بىر بولسا سالاخۇن ئۇستىنىڭ ئاشخانىسىدا ئېلىپ باراتتى، بەزىدە ئۇلار قالكەشنىڭ ئۆيىگە توپلىنىپ مەجلىس ئاچاتتى، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى يازاتتى. ئۇلار بىزنىڭ بۇ باغقا كۆپ قېتىم كېلىپ، نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى ... سىلەر بالىلىرىم، سېپىلغا چىقىشنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىۋاتىسىلەر. بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش. خۇدايىتائالا نۇسرەت بېرىپ، شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشىڭلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ قالسا ئەلۋەتتە ئۇچىتېللار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ئازاد بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شۇ چاغدا جاۋ خەنچى، ۋۇ شۇبىڭلارنىڭ قاتتىق جاجىسىنى بېرىڭلار، ھېكىم نۇر دېگەن مەلئۇننىمۇ بوش قويۇۋەتمەڭلار!

— بولىدۇ، دېمىسىڭىزمۇ شۇنداق قىلىمىز ئاتا، — دېدى ئايدۇكېرىم ئاببابىسوپ تاجاخۇن ئاكىغا ۋەدە ئاھاڭىدا سۆزلەپ، — ئاقسۇغا يېڭى كېلىپ، دەسلەپ كۆرۈشكەن ۋاقتىمىزدىمۇ بۇ ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، تىلەكلىرىڭىزنى بىلدۈرگەنىدىڭىز، ئەمدى لۈتپۇللا مۇتەللىپلەرنى ئازاد قىلىشتىڭىزمۇ، ھەربىي جاللاتلار بىلەن ساقچى جاللاتلىرىنى، ھېكىم نۇردەك ئەشەددىي ئىشپىيونلارنى جازالىۋېلىشىڭىزمۇ ۋاقتى كېلىپ قالدى، شەھەرنى ئىشغال قىلىش بىلەن تەڭ ئازاد قىلىدىغانلارنى چوقۇم ئازاد قىلىمىز. جازالاشقا تېگىشلىكلەرنى كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بىلەن ئومۇمىي يۇرت خەلقى ئالدىدا چىرقۇم قاتتىق جازالايمىز، بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز مۇشۇ ئىككى خىل مۇھىم ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىدۇ.

— رەھمەت بالام، زادى شۇنداق قىلىڭلار! ...

داستىخان يىغىلىپ، شۇتىدىن چېقىش مەشقى يەنە باشلىنىپ كەتتى، بىرقانچە كۈندىن بۇيانقى مەشق ھۇجۇمكار ئوتدېلىنىيدىكى ياش پىدائىيلارنى تېخىمۇ چەبدەس قىلىپ يېتىشتۈرگەنىدى. ئۇلار بىر - بىراقى يۇقىرى ئۆرلەپ، ھەش - پەش دېگۈچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا يار ئۈستىگە چىقىپ بولدى، شۇتىنىڭ بالداقلىرى ئادەتتىكىچە تۇم ياغاچلاردىن ئەمەس، تارراق تاختاي قىلىنىپ، ياپىلاق پەلەمپەي شەكلىدە تىك ئورە تۇرغۇدەك ھالەتتە ئېپچىلگىنە ياسالغانىدى. شۇتا سىيرىلدۇرۇلۇپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم پەسكە چۈشۈرۈلۈپ، يەنە ئۈستىگە چىقىرىلدى. بۇ ھەرىكەتلەردە قالىكەش بىلەن قادىر ئىككى باشقا ئۇلتۇرۇپ، شۇتا بىلەن تەڭلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يار تېمى خۇددى سېپىل تېمىدەك يانتۇ چېپىپ تۈزەپ قويۇلغانىدى. شۇتا كۆتۈرۈلگەندە غالتەكلەر غىچىرلىماي سىلىق پىرقىرىدى. پەقەت يار تېمىدىن بوش شىرىلداپ بىرئاز



يۇمشاق توپا قۇيۇلدى. پولك رەھبەرلىرى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن كېيىن شۇتىنىڭ ياسىلىشىدىن تارتىپ، سېپىلغا چىقىش مەشقىغىچە بارلىق ئىشلاردىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلدى. بۇ سېپىل ئۈستى گىرەلەشمە ئۇرۇشنى ئەمدى كېچىكتۈرمەي باشلىۋەتسە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاڭغىچە رامزان ئېيى 22 - كۈنگە قەدەم قويۇپ، كېچىنىڭ يېرىم تۈنىدە قاراڭغۇلىشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئاخىر سېپىلغا چىقىش ۋاقتى قىلىنىپ، شۇ كۈنى كېچە دەل سائەت 12 مەزگىلى تاللىۋېلىندى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا سېپىلغا ئۆرلەپ، دۈشمەننىڭ يۈت ئۈچقىچە بېسىپ بېرىش ئاقسۇدا بىر ئايدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن خىلمۇ خىل ئۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى ئىچىدە ھۇجۇمكار جەڭچىدىن مەسلىسىز جانپىدالىقنى، ئاجايىپ تەمكىنلىك، سەزگۈرلۈك ۋە چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەت بولۇپلا قالماي، بۇ ھەرىكەت يەنە ھۇجۇمدىن ئاۋۋال دۈشمەنگە سېزدۈرمەسلىكنى، قالماسلىقى ئۈچۈن قەتئىي سىر تۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ تەلەپكە ئاساسەن ئۈزۈن جەڭ شۇتىسى قاش قارىيىپ، خېلى قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتتا باغدىن يېڭىبازار تەرەپكە يۆتكەپ كېلىندى. يېڭىبازار مەھەللىسى شەھەرنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا بولۇپ، بۇ يەردە سېپىلغا يۆلەپ، بىر قىسىم ھەربىي ئوفىتسېرلەر بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ تۇرار جايلىرى ياسالغانلىقتىن بۇ تەرەپتىكى خەندەك ئالىنىغاچان تىندۇرۇۋېتىلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن گومىنداڭچىلار يېقىندا خەندەكنى تازىلاپ كېڭەيتكەن ۋاقىتتا بۇ تەرەپكە قايتىدىن خەندەك كولانمىغان، سۇمۇ قويۇپ بېرىلمىگەنىدى. ئۈنىڭ ئۈستىگە جەنۇبىي سېپىل ئىچ تەرەپتىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىنالىرىغا تۇتاشقان بولۇپ، سىياسىي مەھبۇسلار

بىلەن تولۇپ تاشقان، قاماقخانىمۇ دەل شۇ يەردىكى سېپىلغا يانداش تۇراتتى. شەھەرگە بۆسۈپ كىرىش قەدىمىنى جەنۇبىي سېپىلدىن باشلىغاندا لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق تۇتۇلغان ياش ئۇچقۇنلارنى كامېرلار-دىن بالدۇرراق ئازاد قىلىش ئىشى ئەمەلگە ئېشىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئۇلارنى شەھەردىن قېچىش ۋاقتىدا ئۆچ ئېلىۋېلىش قەستى بىلەن قەتل قىلىپ تاشلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولاتتى. بۇ تەرەپكە يەنە تاھىيلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ قاماقخانىسى جايلاشقان بولۇپ، گومىنداڭچىلار بۇ يەردىكى بىرقانچە ئون مەھبۇسنى ئۆز مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ بەدەل قۇربانلىقى ئۈچۈن سېپىل گوداڭلىرىغا تىرىك كۆمۈۋېتىشنى ئاللىقاچان پىلانلاپ قويغانىدى. مىللىي ئارمىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ شەھەرنى ئازاد قىلىشتا ئالدىغا قويغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرى-دىن بىرى، ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ قاماقخانىسىنىمۇ تېز ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىگۇناھ دېھقان مەھبۇسلارنى خۇددى سىياسىي مەھبۇسلارغا ئوخشاش ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىنمۇ سېپىل ئۈستىدىن قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن باشلاش ئەڭ مۇۋاپىق بولۇپ قالغانىدى.

سېپىل ئۈستى گىرەلەشمە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈنى كۈندۈزى قاتتىق ئوق ئېتىشمىلىرى بولغان بولسىمۇ، كەچ كىرگەندىن تارتىپ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى تەشەببۇس-كارلىق بىلەن ۋاقتىنچە ئوق ئېتىشنى تامامەن توختىتىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن تىل ئۇرۇشىمۇ بارا-بارا جىمىپ كەتتى. بۇنداق قىلىش دۈشمەنلەردە خاتىرجەملىك پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى قىسمەن بولسىمۇ غەپلەت ئىسكەنجىسىگە سېلىپ قويۇشقا ئىمكان بېرەتتى. ئاڭغىچە مىللىي ئارمىيە باتالىيونلىرى



سېپىلغا ئېغىشمۇ يېقىنراق سىلجىپ، شەھەرگە قارىتا جىمجىتقىنا مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلىنۋالدى. قالىكەشنىڭ ھۇجۇمچى باتالىيونىدىكى جەڭچىلەر سېپىل ئۈستىدە گىرەلەشمە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش تەلىپىگە ئاساسەن، قىلىچ، نەيزە، خەنجەر، قول بومبىلىرى بىلەن ۋە قىسمەنلىرى مىلتىق، تاپانچا ياكى ئاپتوماتلار بىلەن قوراللىنىپ، يېڭىبازاردىكى سېپىلغا يېقىن ھويلىلارغا ئالدىنئالا جايلىشىپ، ھۇجۇم ھالىتىدە تەييار بولۇپ تۇردى. سېپىلغا بىرىنچى قەدەمدە چىققۇچى قالىكەش، قادىرلار بىلەن ئىككىنچى قەدەمدە يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىغا بۆسۈپ كىرگۈچى ياش پىدائىيلار مۇختار، نۇرۇللا، رۇستەم، يۇنۇس، نىجات، يولۋاس، خالىق، تاشپولات، شاكىرجان ۋە كىچىك قاسىمجانلار مەخسۇس بەلگە ئورنىدا بويۇنلىرىغا ئاق خەسە چىگىۋالدى. مۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ سېپىل ئۈستى بىلەن سېپىل ئاستىدىكى كەسكىن ئېلىشىشلاردا ئۆزئارا بىر - بىرىنى بايقىۋېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. مۇھەممەت مۇئەللىم باتالىيونىدىكى جەڭچىلەر سېپىلدىن سىيرىلىپ قېچىشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەرنى ئۇدۇللۇق يوقىتىشقا مەسئۇل قىلىنىپ، سېپىل ئەتراپىغا تارقىتىلدى. كۆكە باتالىيونى بىلەن راشىدىنجان باتالىيونى گۈلباغ تەرەپكە مەخسۇس قويۇپ قويۇلدى. چۈنكى بۇ دەرۋازا ئۇرۇش باشلان-غاندىن تارتىپ، غۇرۇلاپ، مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما شەھەرنىڭ شىمال، شەرق، جەنۇبىي دەرۋازىلىرىدەك بىر يولى ئىچىدىن قويۇرۇلۇپ، ئېچىلماس قىلىۋېتىلمىگەنىدى. دېمەك، 5 - ئاتلىق پولكى ھەرقاچان قاچسا ئۇشۇ يەردىن چىقىپ، ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن ئىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىدىكى رەھبەرلەرنىڭ مۆلچەرىچە، ئاساسىي كۈچ گۈلباغ دەرۋازىسى تەرەپكە قويۇلدا،

بىرمۇ دۈشمەننىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشىغا دىمز - يوچۇق ۋە ئىمكانىيەت قالدۇرماسلىق پىلانى تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى. پولك رەھبەرلىرىمۇ ئىش تەقسىملىشىۋالدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ سېپىلغا چىقىش ئوپېراتسىيىسىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قالىكەش باتالىيونى بىلەن بىللە بولىدىغان بولدى، قاسىمجان قەمبىرى مۇھەممەت مۆئەللىم باتالىيونىدا خىزمەت ئۆتەشكە قالدى، سىياخۇن سوۋۇرۇۋ كۆكە، راشىدىنجان باتالىيونلىرىغا ئومۇميۈزلۈك كوماندىرلىق قىلىشقا قويۇلدى.

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭ سېپىلغا چىقىش جېڭىنىڭ باشلىنىشىنى ئەنە شۇنداق ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق، زور كۆتۈرەڭگۈلۈك ۋە غەلىبىگە بولغان ئىشەنچ - ئارزۇلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى.

## قاماقخانىدا جەڭ

ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مىناميوتتىن ئوق ئۈزۈش سېپىلغا شوتا قويۇش ۋاقتى ئۈچۈن بولىدىغان بەلگە ھېسابلىناتتى. شۇ كېچىسى باتالىيونلاردىكى مىناميوتچىلاردىن 30 كىشىلىك ئايرىم ۋزۋوت تەشكىل قىلىنىپ، ئۇلار ئالدىنئالا شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كوتا مەپە بازىرى، سۇجۇ، خەيجاڭ مەھەللىلىرى ۋە لەڭگەر كوچىسى ئەتراپلىرىغا تەكشى تارقىتىلىپ مۆكتۈرۈپ قويۇلدى. مىناميوتچىلار ۋزۋوتى سېپىلغا چىقىش ئوپېراتسىيىسى باشلىنىشتىن ئاۋۋال ئوق ئۈزۈش ئارقىلىق دۈشمەنگە ئوڭدىن شەپە بەرگەن بولۇپ،



سولدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش تاكتىكىسى بويىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە بەند قىلىپ تۇرۇۋىشى ۋە شۇ يول بىلەن قالىكەش، قادىرلارنىڭ سېپىلغا قارشىلىقسىز كۆتۈرۈلۈۋېلىشىغا ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئاقسۇنىڭ بۇلۇتسىز ئاسمىنىدا ئاي ئولتۇرۇپ، تۈن قاراڭغۇسى باسلىنىش بىلەن ئوق ئۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئوقلار سېپىلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە چۈشۈپ، سېپىلغا چىققۇچىلارغا كۆزلەنمىگەن ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن مىناميوتلار مەلۇم چەكلىمە دائىرىسى ئىچىدە نىشانغا ئېلىنىپ ئېتىلدى. ئۇلار شىمالىي سېپىل ئۈستىگە چۈشۈپ، پىرتەيلەرنى ۋەيران قىلاتتى، بەزىلىرى 5 - ئاتلىقلار پولكى ئىچىگە چۈشۈپ بۇ جاللاتلار ئۇۋىسىدىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرىنى ئالاقزادىلىككە سالسا، بەزىلىرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھويلا - ئۆڭكۈرلىرىدە پارتلاپ، شەھەر ئاسمىنىدا بىر قەۋەت تۇيا تۇمانى پەيدا قىلاتتى. مىناميوتلار ئارقىلىق قىلىنغان ھۇجۇم نەتىجىسىدە دۈشمەنلەر ئوچۇقچىلىقتىن قېچىپ دالدا جاي ۋە ئۆچەكلەرگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئوت ئېچىش توختاپ، سېپىل ئۈستى قىسقىغا مەزگىللىك نىسپىي تىمتاسلىق قوينىغا كىردى. بۇنىڭ بىلەن سېپىلغا چىقىشنىڭ خەتەرسىز مەزگىلى يارىتىۋېلىندى. شوتا تىكلەندى، شوتا بىلەن تەڭ قالىكەش، قادىرلار ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ، دۈشمەن سېپىلى ئۈستىدە پەيدا بولدى. دۈشمەنلەر بۇنى سېزەلمىگەنىدى. قالىكەش بىلەن قادىر شىتىمنىڭ ئىككى ئۇچىدا تۇرۇپ، ئاپتوماتلاردىن شىددەت بىلەن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. دۈشمەنلەر ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، مۆككەن جايلىرىدا تۇرۇۋېرىشنى ياكى قېچىشنى بىلەلمەي ئېغىر گاڭگىراپ قالدى. پىرتەيلەردىن قېچىپ چىقىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەردىن بىرقانچىسى

جەڭ بۇركۈتلىرىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قۇتۇلالماي شۇ يەردىلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. يان تەرەپتىكى پوتەيگە يوشۇرۇنغان بىر ئوتدېلېنىيە گىرىسنداك ئەسكىرى تەرسالىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، پىلىموتتىن ئوق ئۈزمەكچى بولۇپ تۇراتتى. بۇنى بايقاپ قالغان قالىكەش ئارقىسىغا ئارقا ئىككى قول بومبىسى تاشلاپ، ئۇلارنى پوتەيىنىڭ ئۆرۈلگەن تورىيا ۋە كېسەكلىرى ئىچىگە كۆمۈپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقتا ئالدىدىكى قارشى كۈچلەر ئۆلۈپ جىمىقىپ، ياش پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ ئىككىنچى قەدەمدە سېپىلغا چىقىشىغا داغدام يول ئېچىلدى. مۇختار، نۇرۇللا، رۇستەم، شاكىرجان، يۇنۇس، نىجات، كىچىك قاسىمجان، يولۋاس، خالىق، تاشپولاتلاردىن ئىبارەت بۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىغا بېسىپ كىرگۈچى ياش پىدائىيلار ئارقىسىغا ئارقا بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان ئۇلىنىپ، سېپىلغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان جەڭگىۋار ۋەزىپىگە ئاساسەن، كېسەك پەلەمپەي بىلەن ئۆزەڭگە چۈشۈپ، باتۇرلۇق بىلەن قاماقخانىغا بېسىپ كىردى. ئۇلار يول ئۈستىدە بىر قاتار ئېغىر قارشىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئارىلاپ لەخمىلەردىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئارىلاپ قاماقخانا ئۆيچۆرىسىدىكى پوتەيلەر ئىچىدىن تاشلانغان قول بومبىلىرىنىڭ تىرسقۇنلۇقىغا يولۇقتى. ياش پىدائىيلار ئوتدېلېنىيىسى يەنە قاماقخانا ھويلىسىدا ساقچىلار ئەترىتىنىڭ بىر ۋەزۋوت قىراللىق قىسمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ساقچىلار پوتەيلەرگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ياش پىدائىيلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ يەردىكى دۈشمەن پوتەيىنى پارتلىتىپ تاشلاشقىچە بولغان قىسقا مۇددەتلىك شىددەتلىك جەڭدە خالىق بىلەن يۇنۇسقا ئوق تېگىپ، ئۇلار مەردلەرچە قۇربان بولدى. شاكىرجان مۇرىسىدىن يارىدار بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ سەپتىن چۈشۈپ قالماي يېرىم جان



ھالەتتە باشقا ھەمراھلىرى بىلەن بىللە كۈرەشنى داۋام قىلدۇرۇۋەردى. ياش پىدائىيلار كامېرلارغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندا، ئار دوقمۇشتىن ئۆتۈشتە ئىككىنچى بىر پوتەيدىكى قىراللىق ساقچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ يەردىكى ئۇرۇشنىمۇ پەقەت پوتەيىنى پارتلىتىش ئارقىلىلا بىر تەرەپ قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە يول ئاچقىلى بولاتتى. رۇستەم پوتەي تۆشۈكىگە قول بومبىسى تاشلاش ئۈچۈن ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاندى، قارشى تەرەپتىن چەنلەپ ئېتىلغان ئوق بىلەن قۇربان بولۇپ كەتتى. ئاندىن نىجات، تاشپولاتلار تېز يېتىپ، ئىككىسى تەرەپتىن ئۆمىلەپ كېلىپ، ئىككى دانە قول بومبىسى بىلەن پوتەيىنى ۋەيران قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تارچۇق دوقمۇشتىكى قارشىلىقمۇ بىر يولى جىمىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھايات قالغان ياش پىدائىيلار ئوڭۇشلۇق ھالدا تېز ئىلگىرىلەپ، كامېرلارغا يېقىنلاشتى.

ھەر بىر كامېر ئادەم مۈشتۈمى چوڭلۇقىدىكى يۇمىلاق پولات قۇلۇپلار بىلەن تاقالغان بولۇپ، ئىشىكلىرى يېرىچۇقسىز قېلىن تۆمۈر تاختايلار بىلەن چىڭ قاپلاپ قېزىلغانىدى. ئۇلارنىڭ كىچىك پەنجىرىلىرى بويى پەتمەس ئېگىزلىككە ياسىلىپ، ئۈچ قەۋەت كېسەك بىلەن چاپلىتىلگەندىن تاشقىرى سىرت تەرىپى بەش قولدەك زىچ پولات چىۋىقلار بىلەن رېشاتكىلانغانىدى. ياش پىدائىيلار كامېرلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى كۆپ چۆگىلىدى. بىراق، ھە دېگەندىلا پەنجىرىلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ ياكى ئىشىكلەرنى ئۆرۈۋېتىپ، ياش ئۇچقۇنلارنى بۇ قاراڭغۇ زىندانلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنىڭ ھېچقانداق چارىسىنى قىلالمىدى. ئۇلار ئازگالدەك چوڭقۇر قىلىپ ياسالغان سوزۇلۇك بىر كامېرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىن بوم ئاۋازدا يۇراندەك كۈچلۈك گۈركىرەپ چىققان ئىلھامبەخش بىر خىل تونۇش سادانى ئاڭلىدى. بۇ

پۈكۈلمەس، ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ساداسى ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ساقچى قاماقخانىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن ياش ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە زوقلىنىپ تۇرۇپ خىتاب قىلماقتا ئىدى. شائىرنىڭ تەسىرچان ئاۋازى ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ساۋاقداشلىرى مۇختار، شاكىرجان، نىجاتلارغا ئاللىقاچاندىن بېرى تونۇش ئىدى. ئىلگىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كۆرمىگەن تاشپولات، كىچىك قاسىمجان ۋە نۇرۇللالارغىمۇ ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىردىنلا تونۇش كىشىنىڭ ئاۋازىدەك بىلىنىپ كەتتى. پىدائىي ياشلار قايتىدىن ئۈمىد - ئارزۇلارغا تولۇپ، كۈرەش يالقۇنى ئىچىدە گويا ئوتتەك يېنىپ، يېڭىباشتىن كۈچلۈك لاۋۇلداشقا باشلىغان بۇ مىجىلماس قەيسەر يىگىتنىڭ تىنىمسىز جۇشقۇنلاۋاتقان ئاجايىپ ئۆتكۈر خىتابىنى يېقىن تۇرۇپ، بىر پەس ناھايىتى ئېنىق تەكرار - تەكرار ئاڭلىدى:

ئېلىشقىن، چېلىشقىن، چېكىنمەستىن قىل غازات،
زۇلۇم تەختى يانچىلىپ، خەلقىمىز بولسۇن ئازاد!...

شائىرنىڭ يالقۇنلۇق خىتابى ئۇ ياتقان كامېردىن بۆسۈپ چىقىپ، تاشقىن سۇدەك باشقا كامېرلار ئىچىگە ھەيۋەتلىك ئېقىپ كىردى. ئاندىن ھەممە كامېرلاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شۇ شېئىرىي خىتابى كۆتۈرۈلۈپ، چوڭ قاماقخانىنىڭ ھەممە يېرىنى بۇ جاراڭلىق ئۆچمەس سادا بىر يولى قاپلاپ كەتكەندەك بولدى:

ئېلىشقىن، چېلىشقىن، چېكىنمەستىن قىل غازات،
زۇلۇم تەختى يانچىلىپ، خەلقىمىز بولسۇن ئازاد!...



شۇنداق قىلىپ، قىسقا، ئەمما ئۆتكۈر خىتاب ۋە چاقىرىق ئۇقۇمى بىلەن تولۇپ تاشقان بۇ شېئىرىي سادا ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغان بارلىق ياش ئۇچقۇنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئومۇمىي خورى بولۇپ قالدى.

ياش پىدائىيلار ھەر بىر كامېر ئىزۋىدە ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان قاتتىق قارشىلىقلارغا ئۇچرىدى. بۇ يەردىكى كەسكىن ئوق ئېتىشىشلىرىنىڭ بىرىدە شاكىرجان بىلەن نىجات قۇربان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قالغان جەڭلەرنىڭ ھەممىسىنى كىچىك قاسىمجان، نۇرۇللا، مۇختار، تاشپولاتلارغا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. دۈشمەنلەرنىڭ قاماقخانا ئىچىدىكى ئوت تۇچكىلىرى تەرەپتىن ئوق ئۈزۈپ، كۈچلۈك مۇھاسىرە ھاسىل قىلدى. ئاخىر ياش پىدائىيلاردا ئوق تۈگىدى. ئۇلاردا قول بومبىسىمۇ تۈگەپ كەتكەنىدى. سېپىل ئۈستىدىن قاماقخانىغا يىگىرمىدەك گومىنداڭ ئەسكىرى يامراپ چۈشكەن چاغدا بۇ تۆت نەپەر پىدائىي ياش قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قىلىچ، خەنجەرلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئالتىدەك دۈشمەن ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. گومىنداڭچىلار سان جەھەتتىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. دەسلەپتىن تارتىپ ياردەمچى كۈچتىن مەھرۇم بولۇپ قالغان ياش پىدائىيلار ئاخىر تۇشمۇ تۇش باشلانغان كەسكىن ھۇجۇمدا قاماقخانا ئىچىدە مەردلەرچە قۇربان بولۇپ، كامېرلارنىڭ ئۆيچۆرىسى ئۇلارنىڭ پاك قىزىل قانلىرى بىلەن بويالدى...

ئۇرۇش توختاپ، ئېغىر ئەجەل ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغان گومىنداڭچىلار شۇ كېچىسى ياش پىدائىيلارنىڭ كاللىسىنى سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىگە ئېسىپ ۋەھشىيلىك بىلەن سازايى قىلدى.

قاماقخانىدىكى قانلىق كۈرەش قىسقا مۇددەتلىك كەسكىن

ئېلىشىشلاردىن كېيىن ئەنە شۇنداق پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشتى، سېپىل ئۈستى گىرەلەشمە ئۇرۇشنى قىلىشقىمۇ مۇمكىنچىلىك بولمىدى. ياش ئۇچقۇنلارنى ئازاد قىلىش ئىشىتا ئاشمىدى، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە ساقچى خادىملىرىنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ، شەھەرنى دۈشمەن قولىدىن تارتىۋېلىش پىلانى ئورۇندالماي قالدى. چۈنكى، سېپىل ئۈستىگە ھۇجۇمچى باتالىيون چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر ئىچىدە ئۇرۇش بولمىدى. ياش پىدائىيلارمۇ قاماقخانىدىكى قاتتىق ئېلىشىشتا ئارقىدىن كېلىدىغان ياردەمچى كۈچلەرگە ئىگە بولالمىدى. بەختكە قارشى مۇنداق ياردەم ئۇلارنىڭ ساقچى قاماقخانىسىغا بۆسۈپ كىرىشى بىلەن تەڭ ئۈزۈلۈپ قالغانىدى.

قالىكەش بىلەن بىللە بىرىنچى قەدەمدە سېپىلغا چىقماقچى بولغان جەڭچى قادىرغا ياش پىدائىيلار سېپىلغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدا ئوق تەگدى. ئۇ قۇربان بولۇپ كەتتى. ئاندىن قالىكەش، ياش پىدائىيلار شوتىدىن چىقىپ بولۇپ، ھۇجۇمچى باتالىيون جەڭچىلىرى يۇقىرىغا ئۆرلەش ئالدىدا تۇرغان ھالقىلىق پەيتتە قول بومبىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ سېپىلدىن پەسكە يىقىلىپ چۈشتى. چۈنكى، بۇ چاغدا قالىكەشنىڭ يالغۇز ئۆزىگە بىرنەچچە دۈشمەن بىلەن بىرلا چاغدا ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلىپ قالغانىدى. 5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ ۋزۋوت كوماندىرلىرىدىن خاكى قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سېپىل ئۈستىدىكى ئۇرۇشنى باشلىنىش بىلەنلا پەتەيلەرنى تاشلاپ، قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، غەزىپىگە پايلىيالمىغان ھالدا ئۆزى يالغۇز قالىكەشنىڭ ئالدىغا قول بومبىسى تاشلاش ئۈچۈن يېقىنلاپ كەلدى. باتۇر جەڭچى دۈشمەن ئوفىتسېرى بومبا تاشلىغۇچە ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. خاكى يىقىلدى. لېكىن ئوق ئەجەللىك يېرىگە



تەگمىگەنلىكتىن ئۆلمىدى، بەلكى يېنىك يارىدارلانغاچقا بىردەمدىلا ماجالىغا كېلىۋېلىپ، ئۆلگەن قىياپەتتە ھىيلىگەرلىك قىلىپ شۈك يېتىۋالدى. ئەمما بۇ چاغدا خاكىنىڭ قولىدا قول بومبىسى چېكى چاتقاللاقلىق ئىدى. ئۇ بۇنى تاشلاش پۇرسىتىنى كۈتەتتى. بۇ پۇرسەت قالىكەشنىڭ ئاپتوماتىدا يېڭىدىن ئوق باساقچى بولۇپ تۇرغانلىقى بىلەن يېتىپ كەلگەندەك بولدى. خاكى ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتىن تېز مۆلچەرلەپ قول بومبىسى تاشلىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدا قالىكەش دۈشمەننى ئېتىپ تاشلاشقا ياكى ئۆزىنى قوغداپ قېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي بومبا زەربىسى بىلەن شوتىدىن سىيرىلىپ، پەسكە يىقىلىپ چۈشتى. ئاندىن خاكى شوتىنى قايرىپ، يەرگە ئۆرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۇجۇمچى باتالىيون سېپىل ئۈستىگە ئۆرلىيەلمەي قالدى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قالغان دۈشمەنلەر شۇ چاغدا ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ، سېپىل ئۈستىدىن پەسكە ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ئوت ئېچىش ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. ئاخىرچە باتۇرلۇق، پىداكارلىق ۋە تولۇپتاشقان قەيسەرلىك ئىچىدە ئۆتكەن بىر كېچە ئاخىرلىشىپ، ئاق يورۇش مەزگىلى بولۇپ قالاي دېگەنىدى.

سېپىلغا چىقىش ھەربىي ئوپېراتسىيىسى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى. بۇنى دۈشمەنلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم غەلىبە ھېسابلىغان بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار شەھەر مۇھاسىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، جەنۇبىي يېزىلىش پولكىغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇم تەييارلىقىنى كۆرۈپ باقتى. ئەمما شۇ ھامان بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، شەھەر ئىچىدىكى كۈچنى ئۆچەك ۋە لەخمىلەرگە، سېپىل ئۈستىدىكى چوڭ، كىچىك پەتەي ۋە مۇداپىئە ئۆتكەللىرىگە قايتىدىن مۆكۈنۈپ، باش چىقىرالماي ئاۋۋالقىدەك جىم بولۇۋالدى. لېكىن بۇنى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇ ئۇرۇشىدا يولۇققان نۆۋەتتىكى مەغلۇبىيىتى دەپمۇ ھېسابلىغىلى بولمايتتى. چۈنكى

بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا گەرچە جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى شەھەرنى ئىشغال قىلىش، گومىنداڭ قاماقخانىلىرىدىكى مەھبۇسلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەقسىتىنى ئورۇندىيالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ مۇھىم ھەربىي ھەرىكەتتە ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماس روھىنى، دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى راسا قاتتىق مۇجۇيالايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. گومىنداڭچىلار ئۇن تەپەر پىدائىي ياشنىڭ كاللىسىنى سېپىل ئۈستىگە ئېسىپ قويالىغانلىقىدىن مەغرۇرلانسا كېرەك. ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ ئۆيلىغانلىرىنىڭ ئەكسىچە، خەلقنى ئازاد قىلىش يولىدا جېنىنى پىدا قىلغان كۈرەشچان ياشلارنىڭ تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا يەنە دۈشمەن قاماقخانىلىرىغا دادىللىق بىلەن بېسىپ كىرەلەيدىغانلىقىغا ئىسپات بولۇپ ئاقسۇ خەلقىنىڭ قەلبىگە ئۆچمەس خاتىرە سۈپىتىدە ئورناشتى.

سېپىل ئۈستىگە چىقىش جېڭىدە قالىكەش، قادىرلار، ساقچى قاماقخانىسىدىكى جەڭدە مۇختار، نۇرۇللا، رۇستەم، يۇنۇس، نىجات، كىچىك قاسىمجان، يولۋاس، شاكىرجان، خالىق، تاشپولاتلار قۇربان بولدى. لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا قارشى بۇ ئىككى ئورۇندىكى ئۇرۇشلاردا دۈشمەنلەرنىڭ قىرىقتىن كۆپرەك ئەسكەر ۋە ساقچىسىنى، شۇ جۈملىدىن روتا ۋە ۋزۋوت كوماندىرلىرىدىن تۆت كىشىنى ئۆلتۈرگەنىدى.

## قالىكەش ئۆلمىدى

قالىكەش سېپىلدىن يىقىلىپ چۈشكەندە ئۇنىڭ ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان يۈرىكى تېخى ئۆچمىگەن، سوقۇشتىن توختىمىغانىدى. بىراق ئۇ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى شتابىغا تېز تىببىي ياردەمگە ئېلىنىۋاتقاندا يولدا بەختكە قارشى جان ئۈزۈپ قالدى. قادىرنىڭ جەسىتى سېپىل تۈۋىدىن يۇرۇنراق قايتۇرۇپ كېلىنىۋالغانىدى. ئۇن تەپەر پىدائىي ياشنىڭ جەسەتلىرى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ مۇستەبىتلەر ئۈستىگە قەھرىمانلارچە باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنىڭ تارىخىي گۇۋاھى بولۇپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانا ھويلىسىدا قالدى. قالىكەش، قادىرلارنىڭ جەسەتلىرى شۇ كېچىسى يەنە پولك شتابىدىن كونىشەھەر خانىقا مەسچىتىگە يۆتكەپ كېلىندى. ئەتىسى ئۇلار تەنتەنىلىك جىنازا نامىزى بىلەن يارباغ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا كونىشەھەر بازىرىنىڭ خانىقاسى ئالدىدا رەستىنى تولدۇرۇپ، بىرقانچە يۈز كىشىلىك جامائەت توپى سەپ تارتتى. پەشتاق ئۈستىگە تاڭ سەھەردە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بايرىقى يېرىم چۈشۈرۈلگەن ھالدا ئېسىلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە ئوغۇللار مەكتىپى بىلەن قىزلار مەكتىپىنىڭ ئۆگزە ياكى دەرۋازىلىرىغىمۇ بايراقلار يېرىم چۈشۈرۈلۈپ قادالدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار باش ھازىدارلار سۈپىتىدە بەللىرىگە ئاق خەسىدىن ماتەم پوتىسى چىگدى. پولك شتابىنىڭ ئوفىتسېر خادىملىرى بىلەن خانىقادا ھازىر بولغان بىر قىسىم باتالىيون، روتىلارنىڭ كوماندىر ۋە سىياسىي يېتەكچىلىرىمۇ ئاق پوتا باغلىدى.

مېيىتلەرنى ئۇزاتقۇچى خەلق كونىشەھەر بازىرىدىنلا ئەمەس، يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن كونىشەھەرنىڭ يېقىن يېزىلىرىدىنمۇ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىمۇ بۇ ئېغىر جۇدالىقنى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆلۈم مۇسىبىتىدەك

بىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەللىرىگە پوتا باغلىشىۋالغانىدى؛ مېيىتلەر ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بايراق-لىرى يېپىلغان جىنازىلارغا سېلىنغاندىن كېيىن پولك كوماندى-رىنىڭ دىنىي ئىشلار مۇئاۋىنىنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە نامازلىرى چۈشۈرۈلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇندىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك ياتار جايى ياربېشى قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ مېڭىلدى. جىنازىلارنىڭ ئالدىنقى تەرەپ ئۈستىگە قالىكەش، قادىرلار مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە پىدائىي بولۇپ قاتناشقاندىن بېرى كىيىپ كەلگەن سادىر پالۋانچە كىگىز قالپاق قىيىپ قويۇلدى. قالپاقلارنىڭ يېنىغا يەنە قالىكەشنىڭ كاپىتانلىق بىر سىزىق، تۆت يۇلتۇز-لۇق، قادىرنىڭ پودپولكوۋنىكلىق بىر سىزىق ئىككى يۇلتۇزلۇق ھەربىي ئۇنۋانلىرىنى كۆرسەتكۈچى ھەيۋەتلىك پاگونلار قادالدى. جامائەت سېپىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالغان بىر روتا جەڭچى يول بويى مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي شېئىرىنى ئورۇنداپ ماڭدى. بىر ۋىزۋوت جەڭچى جىنازىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە 15 تىن تىزىلىپ، پەخرىي قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. جىنازىلار ئەكېتىلىۋاتقاندا يول ئۈستىدىكى ئۆي ۋە ھويلى-لاردىن بالىلار، قىز - چوكانلار ۋە باشلىرىنى ئاق لېچەك بىلەن چۈمكىگەن موماينلار چىقىپ، ئېغىر مۇسىبەت ھازىدارلىقى ئىچىدە كۆرەش قۇربانلىرىنى ئۇزاتتى ۋە بەزىلىرى سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ مېيىتلىرى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ، بىر ھازا كۆز ياشلىرى تۆكۈشتى.

شۇ كۈنى كۈنىشەھەرنىڭ ئەتىگەنكى ھاۋاسى سالقىن ئىدى. تاڭ سەھەر بىلەن ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، خېلى ئۇزاققىچە كۆز يېشىدەك ئۇششاق يامغۇر تامچىلىرى چېچىلىپ تۇردى. قالىكەش، قادىرلارنىڭ يەرلىكلىرى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ياربېشىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە ۋە كۈنىشە-



ھەرنى مۇستەبىتلەر قولىدىن ئازاد قىلىش ئۇرۇشى ۋاقتىدا قۇربان بولغان ئوتلۇق قان پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ قەبرىلىرى يېنىغا چېپىلغانىدى. قالىكەش، قادىرلارنىڭ مېيىتلىرى يەرلىككە قويۇلۇپ، قەبرىلىرى قاتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كىمدۇر بىرى شۇ كۈنلا بۇ قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا سىرلاشماي، خازان بولماي مەڭگۈ كۆكىرىپ ياشناۋاتقانلىقىنىڭ ۋە پەقەت ئۆلمەي تېخىچە ھايات تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بىردىن ئىككى-تىن ياش قىرچىن تال دەرىخىنى تىكىپ قويدى.

مېيىتلەرنى ئۇزاتقۇچى خەلق بىلەن قەبرىستانلىققا قالى-كەشنىڭ بەش ياشلىق ئوغلىمۇ چىققانىدى. ئۇ ئاتىسىغا دۇنيا بىر قېتىم قۇيۇپ قويغاندەك ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. جا-مائەت بالىغا بىرىنچى قېتىم پەقەت مۇشۇ يەردە كۆرۈۋاتقاندەك سۆ-يۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن قايتا - قايتا قاراشتى. قارىغانچە ئۇ قالىكەشكە تېخىمۇ ئوخشىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ھەق-قەتەن بۇ بالا ئاتىسىغا ئوخشىشىپ. جامائەتكە قالىكەشنىڭ كىچىك ۋاقتىنى ئەتەيىن ئەسلىتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. خەلق بالىنىڭ ھازىرقى تۇرقىدىن قازاق جەڭچىسىنىڭ تۇغۇلۇپ - ئۆسكەن يۇرتى موڭغۇلكۈرەدە ئاتا - ئانىسىنىڭ بېقىمچىلىقىدا تۇرۇۋات-قان مەزگىلىدىكى كىچىك ۋاقتىنى كۆرگەندەك بولدى. دېمەك، قالىكەش ئۆلمىگەنىدى، ئۇ بەلكى ھېلىمۇ تىرىك. ئۇ سىڭ-غان ئاقىۋ خەلقىنىڭ قەلبىدە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارمان - ئارزۇ ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىدا ئەبەدىي ھاياتتەك ئىدى. قالىكەشنىڭ قورالداش كۆرەشتىكى جەڭگىۋار سەپداشلىرى، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى خۇددى خەلققە ئوخشاش زادى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى قازاق يىگىتى ئۆز يېتەكچىلىكىدىكى ھۇجۇمچى باتالىيوننى ياخشى تەشكىللەشنى بىلگەنلىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە

ئۇرۇش ئۈستىدىكى پەم - پاراسىتى ۋە قورقۇمسىزلىقى بىلەنمۇ پات - ئارىدىلا جەنۇبىي يۈرۈش پولكىنىڭ بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىغا شۆھرەتلىك شەخس سۈپىتىدە تولۇق تونۇلۇپ كەتكەنىدى.

جەسەتلەر يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قەبرىستانلىقتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ فرونتىدىكى پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ۋەكىلى، جەنۇبىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، پولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۆمىدۋارلىق كەيپىياتىغا تولۇپ-تاشقان ھالدا ئىنتايىن قىزغىن تەزىيە نۇتقى سۆزلىدى.

— قالىكەش باشلىق سېپىلغا چىققان 12 نەپەر جەڭچىمىز، — دېدى ئۇ، — ئۆتكەن كېچە، كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇ چوڭقۇرلۇقىغا چۆككەن تۈن يېرىمى مەزگىلىدە دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ، يېڭى باتۇرلۇقنىڭ تىپىك نەمۇنىسىنى ياراتتى. ئۇلار گومىنداڭچىلار ئۇزاقتىن بۇيان ئەبەدىيلىك ئىستېھكام دەپ ماختاپ كەلگەن يېڭىشەھەرنىڭ بىر يېرىم ئەسىرلىك ئېگىز كونا قەلئەسى ئۈستىگە مەردلىك بىلەن ئۆرلەپ، دۈشمەن پوتەيلىرى ئالدىدا پىداكارلىق بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازا، تۆمۈر پەنجىرىلىك قاماقخانا ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئەنە شۇ جايدا تۆت - بەش ئايدىن بۇيان قامىلىپ، قىيىن - قىستاقلار ئىچىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتاقلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئونلىغان ياش سەپداشلىرىنى قاراڭغۇ كامېرلاردىن ئازاد قىلىش كۈرىشىنى ئېلىپ باردى. قاماقخانىدىكى جەڭ تىغمۇ تىغ ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ جەريانى قىسقا بولدى. لېكىن ئىنتايىن كەسكىن، ئىنتايىن شىددەتلىك داۋام قىلدى. پىدائىي جەڭچىلە-



رىمىز سېپىل ئۈستىدىن تارتىپ شەھەر ئىچىگە، شەھەر ئىچىدىن تارتىپ قاماقخانا ھويلىسىغىچە بولغان ھالقىسىمان قانلىق ئېلىشىشلاردا 40 نەچچە دۈشمەن ئەسكىرى ۋە دۈشمەن ساقچىسىنى ئۆلتۈردى، ئالتە پوتەينى بۇزدى ياكى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. قېرىنداشلار، ئەمدى سىلەر بىلىپ تۇرۇۋىسىلەركى، دۈشمەنلەرنىڭ ئۆتكەن كېچىدە تارتقان زىيىنى ئەنە شۇنداق زور بولدى. بۇ ئۇرۇش تېخى شەھەر تېشىدا ياكى يار ئۈستىدە تۈزلەڭلىكتە بولماي، ئەكسىچە، گومىنداڭچىلارنىڭ يۈرىكى ئىچىدە، سېپىل ئۈستىدە، يوشۇرۇن ئارقا ھويلىسى — قاماقخانا ۋە كامېرلارنىڭ تۆۋىدە ئېلىپ بېرىلدى. بىزنىڭ قالىكەش باشلىق 12 نەپەر جەڭچىمىز مۇشۇ جەددىي ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى ئىلگىرى - ئاخىر پەقەت ئون مىنۇتلا داۋام قىلدۇرۇپ، بۇ زور نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق ۋە باتۇرلۇقنىڭ يېڭى نەمۇنىسىنى ياراتتى.

جامائەتتىن بىرى قەددىنى رۇسلاپ، ئىپتىخارلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئاللاتائالا جەڭچى باللىرىمىزغا بۇنىڭدىنمۇ زور نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، — دەپ بىئىختىيار توۋلىۋەتتى.

يەنە بىر كىشى بۇ سۆزگە ئۇلاپ، ئۆز - ئۆزىگە خېلى ئۈنلۈك گۇدۇڭشىدى:

«شېھىت بولغانلاردىن ئەمدى ئىككىسىنى يەرلىككە قويدۇق. قالغان ئونىنىڭ جەسىتى قەيەردىدۇ؟»

بۇ ھەممە كىشى سوراپ بىلىۋالغۇسى كېلىۋاتقان مەسىلە ئىدى. جامائەت جاۋاب بېرىلىشىنى كۈتكەندەك سىياسىي كومىسسارغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى. قەبرىستانلىق تىنىق ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت. تاڭ سەھەردىن تارتىپ چىقىۋاتقان شامال ھازىرغا كېلىپ، تېخىمۇ پەسلەپ، يامغۇرمۇ

توختاشقا باشلىغانىدى. گەرچە بۇ سوئال ئۆز-ئۆزىگە گۇدۇڭشىش تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۇنى ئېنىق ئاڭلاپ قالغانىدى.

— قالغان ئون تەپەر پىداكار ياش جەڭچىمىزنىڭ جەسەتلىرى، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ئۇلار مەردلىك بىلەن جەڭ قىلغان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىدا قالدى. بۇ ئەزىمەتلەر ياردەمسىز، يەككە-يېگانە قالغاندىمۇ تەسلىم بولۇشنى خالىماي، ياردار بولسا يېقىلغان يېرىدىن دەس تۇرۇپ، ئەڭ ئاداققىچە كۈرەش قىلدى، مەردلىك بىلەن جەڭ قىلدى، ئاخىر شۇ ئۇرۇش مەيدانىدا قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولدى.

كىمدۇر بىرى تۇۋلاپ، سۆزنى بۆلۈپ:

— شېھىتلەرنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولسۇن! — دەۋەتتى. شۇ ھامان كونشەھەر خانىقاسىنىڭ ئىمامى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. بارلىق جامائەت دۇئا-تەكبىر بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن قول كۆتۈردى.

— ئاكا، ئۇكىلار ۋە بۇ يەرگە توپلانغان جىمى قېرىنداشلار! — سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ. — جەڭچىلىرىمىز يۇرت-ماكانلارنى ئازاد قىلىپ، مەزلۇم پۇقرالارنى ھۆرلۈك-ئەركىنلىككە ئىگە قىلىش يولىدا قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە خەلقىمىز بىز بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ، ئۇرۇش سېپىگە ئۆزلىرىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئايىماي ئاتاۋاتقان يەردە، بىز ھەرقانداق ئىشنى سىزلەردىن سىر ساقلىمايمىز ۋە سىر ساقلايدىغان ھېچ نەرسىمىز يوق. بىز كېچىدىكى جەڭنى ئاسۇق شەھىرىنىڭ ئىچىنى تەلتۆكۈس ئىشغال قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغانىدۇق. بىراق بىزى



ئوڭۇشسىزلىقلار سەۋەبىدىن بۇ ئۇلۇغۋار نىشان ۋاقتىنچە ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇنداق قىلىپ كېچىدىكى بىرىنچى قېتىملىق سېپىلغا چىقىش پات-ئارىدا ئېلىپ بارداقچى بولغان تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ مۇكەممەل سېپىل ئۈستى كىرەلەشمە ئۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئالدىنقى سىناق مانېۋۇرى ۋە بىزگە نىسبەتەن پايدىلىق ئۆتكەل بولۇپ قالدى. جەڭچىلىرىمىزدە قايناپ تاشقان قەھرىمانلىق ۋە جاسارەت، سىزلەردىن بىزگە ئۈزۈلدۈكسىز ھەمكارلىق، مەدەت ۋە ياردەم بولۇۋاتقانلىكەن، ئەلۋەتتە بىز ئىككىنچى قېتىم سېپىلغا يۆلىنىپ چىقىپ بۇ مۇستەبىتلەر ئوردىسىنى چوقۇم بىتچىت قىلىپ تاشلايمىز ۋە قاشلىيالايمىز!...

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا قەھرىمان قۇربانلارنىڭ نامىغا خىتاب قىلىپ تۇرۇپ:

— قازاق خەلقىنىڭ ئېتىبارلىق ئوغلانى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىردان قېرىندىشى قالىكەش، — دېدى ئۇ، — سەن يىگىتتىن ياش قويغان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇڭدا خاتىرجەم، ئەبەدىي تىنچ يات! ئىنىمىز قادىر، تىنچ يات!... مۇختار، نۇرۇللا، رۇستەم، يۇنۇس، نىجات، يولۋاس، خالىق، كىچىك قاسىمجان، تاشپولات، شاكىرجان ھەممەڭلار تىنچ يېتىڭلار، ھەي سۆيۈملۈك ئىنىلىرىمىز، سىلەر نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەت، ئەلەم-قايغۇلار بىلەن تولۇپ تاشقان بۇ تەڭسىز ئالەمنىڭ ھايات بەيگىسىگە ئەمدىلەتىن ئات سېلىپ كىرگەن ياش چەۋەندازلاردىن ئىدىڭلار، بىراق، سىلەر، قول بولۇپ ياشاشتىن كۆرە، مەردلىك بىلەن ئۆلۈشنىڭ ئەلالىقىنى بىلىشكە ئۈلگۈرۈپ، ئاخىر ئۆز ھاياتىڭلارنى شانلىق كۈرەش يولىغا ئاتاپ جانپىدالىق بىلەن قۇربان بولدۇڭلار! شۇنىسى ئەپسۇسكى، پاك جەسەتلىرىڭلار دۈشمەنلەرنىڭ نىجىس قولىدا قالدى. بىراق، سىلەر جەڭ قىلىپ قۇربان بولغان ئەنە شۇ جايدا بىزنىڭ يەنە جەڭ-كۈرەش

ئېلىپ بېرىپ، ئىختىلاپچىلارنى ئالدىغانلىقىمىزغا قەتئىي ئىشەنىڭلار!... بارلىق قۇربانلار، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇڭلاردا تىنچ-ئامان، خاتىرجەم بولۇڭلار!...

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. پولك كوماندىرىنىڭ دىنىي ئىشلار بويىچە مۇئاۋىنى پاتىھە ئوقۇدى. جامائەت بارلىق قۇربانلارغا ئاتاپ، يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك دۇئا قىلدى. شۇندىن كېيىن سىياسىي كومېسار، پولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى سۆز قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى-كۆكسى مىللىي ئارمىيە قۇربانلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن تولۇپ-تاشقانلىقتىن ئاۋازى مۇڭلۇق، بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ چىقاتتى.

— قەدىردان دوستىمىز قالىكەش، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى، — بىزگىلا ئەمەس، بەلكى بىزدىن ئاۋۋال سىز جامائەتكە، ئاقسۇ خەلقىنىڭ كۆيۈمچانلىقىغا تونۇش بولۇپ كەتكەن ئاجايىپ زەبەردەس قازاق يىگىتى ئىدى. ئۇ مىللىي ئارمىيە سېپىگە كىرىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى، چېۋەرلىكىنى، قابىلىيەتلىك كوماندىر ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن قېتىم نامايان قىلدى. قازاق ئوغلانىدىكى ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيەت، ئۇنىڭ ئۆلۈمنى قەتئىي پەسەنت قىلماسلىقىدا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تولۇق بىر باتالىيون جەڭچىنى ماھىرلىق بىلەن تەشكىللەپ، جەڭگىۋارلىق يولىغا يېتەكلەشنى، ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىشنىڭ بىر قاتار ئامال-چارىلىرىنى ئىزدەپ تېپىشنى بىلەتتى. قالىكەش شىتاب ئالدىدا راستچىل، كەسىپداشلىرىغا سەمىمىي، ئاپشۇرۇلغان ۋەزىپىگە بەجانىدىل ۋە باشتىن-ئاياغ سادىق ئىدى. ئۇ ساختىپەزلىكنى، يالغان سۆزلەپ، كىشىلەرنى ئالداشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ھەممە ۋاقىت ئېيتقانلىرى بىلەن قىلغان ۋە قىلماقچى بولغانلىرى بىردەك



بولۇپ چىقاتتى، دوستىمىز قالىكەش بىزنىڭ تەڭلىك ۋە مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جان پىدالىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھازىرقى كۈرىشىمىزنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئەقىل-ئىدراكىنى، بارلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ياش ھاياتىنى قىلچە ئىككىلەنمەي مۇشۇ كۈرەشكە بېغىشلىدى.

شانلىق قۇربانىمىزنىڭ قەبرىسى ئۆزى بىلەن بىللە يانمۇيان تۇرغان ئۆلتۈرۈلگەن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئەنە شۇ زەبەردەس قەبرىلىرى بىلەن بىللە تۇرىدۇ، قەھرىمانلىق ۋەقەلىرىنىڭ مەڭگۈ گۇۋاھى سۈپىتىدە ئۇزاق زامانلارغىچە قەد كۆتۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىدا نامايان بولۇپ تۇرسۇن!...

شۇندىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى بىرئاز توختاپ، قالىكەش، قادىرلارنىڭ يەرلىكلىرىگە، مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇرۇنراق ئالەمدىن ئۆتكەن قەھرىمان جەڭچىلىرىنىڭ قاتار تۇرغان قەبرىلىرى ۋە پۈتۈن يارىشى قەبرىستانلىقىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ چاغدا پايانسىز ئۆلۈكلەر ماكانىنىڭ يىراق بىر چېتىدىن كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ يىغى باغلانغان قەبرە تولۇقىنىڭ كەينىدە بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئايەت ئوقۇۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاسىمجان قەمبىرى بۇ ئايەتنى سەل-پەل تىڭشىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇشقا باشلىدى. نۆۋەتتىكى سۆزىنى جامائەتكە قازاق يىگىتنىڭ ئاقسۇدا ئۆتكەن بەش-ئالتە يىللىق ئىنسانكار ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشقا بېغىشلىدى.

— قالىكەشنىڭ قەلبى خەلقىنىڭ قەلبى بىلەن بىر ئىدى، — دېدى ئۇ، — بۇ قازاق يىگىتى ئاقسۇغا كېلىپ، 5-ئاتلىقلار پولكى تەركىبىدە ۋىزۋوت كوماندىرى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق ساقچى ئەترىتىدە ئوتدېلېنىيە كو-

ماندىرى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋالىي ۋىلايەت مەھكىمىسىدە شوپۇر بولۇپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئۆزگىرەك ئىللىقلىق تاپالمىدى. شۇنداق بولۇشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى ساپ ۋىجدانلىق بۇ قازاق يىگىتنى مۇستەبىتلەرنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋە ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ھېچبىرى بىلەن ئەسلا سىغىشالمايتتى. ئۇنىڭغا بۇ جايلار يات ئىدى، ئۆزىمۇ ئۇلارغا يات بولۇپ كۆرۈنەتتى. قالمىكەشنىڭ بۇ ئورۇنلاردىكى ھاياتى ئىنسانكارلىق روھى بىلەن ئۆتۈپ قامىلىش ۋە قوغلىنىش بىلەن بىر - بىراقى ناھايىتى تېز ئاخىرلىشىۋەردى. ئۇنىڭ ئىسسىق ھاكانى ۋە دوستلىرى خەلق ئىچىدە ئىدى. ئۇ ئاخىر ئاقسۇدىكى بەش - ئالتە يىللىق ھاياتىنى خەلق ئىچىدە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزدى. قالمىكەش ئاقسۇ خەلقىگە كۆيۈمچۈل بىرىتۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار ئوتتۇرىسىدا بۇ يەردە مىللىي قېرىنداشلىق كۆۋرۈكى قەد كۆتۈرۈپتۇ. يىلتىزى بىر، ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدا قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلىپتۇ.

قاسىمجان قەمبىرىنىڭ سۆزى بۇ يەرگە كەلگەندە جامائەت يەنە بىردىن قالمىكەشنىڭ ئوغلىنى ئەسكە ئېلىپ قالدى. بۇ چاغدا بالا يەرلىك ئۆيچۈرۈسىدىكى بىر توپ كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىم ئولتۇراتتى. بىرنەچچە كىشى تەڭمۇ تەڭ چۇرقىراپ، پولك يېتەكچىلىرىگە ئۇنى كۆرسەتمەكچى بولغانىدى، ئاڭغىچە ياشلاردىن بىرى بالىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۇرغان يېرىدىلا تۆت تەرەپكە چۆگىلىتىپ، ھەممەيلەنگە باشقىدىن يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ چىقتى.

— قېرىنداشلار! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — بىرىنچى قېتىملىق سېپىلغا چىقىش بىزنىڭ غەلىبىمىز بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇنىڭ بىلەن بىز ئۆز دۈشمەنلە-



رىمىزگە شەھەرنى تۆت ئەتراپتىن قورشاشنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە زور قەھرىمانلىق بىلەن سېپىلغا چىقىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ زۇلۇم ئۇۋىلىرى ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلاردىن قورقماي ئۇرۇش قىلالايدىغانلىقىمىزنىمۇ كۆرسىتىپ قويدۇق. ھازىر دۈشمەنلەر ئىنتايىن قاتتىق، بۇرۇنقىدىنمۇ يامان دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇرماقتا. ئۇلار ئەمدى ئۆلۈم ياكى قول كۆتۈرۈپ، تەسلىم بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق قۇتۇلۇش يولى قالمىدى. دۈشمەنلەر بۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ ئېنىقراق چۈشىنىش ۋە ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى.

شۇندىن كېيىن جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ كوماندىرى، پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ ئوتتۇرىغا كېلىپ، تەبرىستانلىقتا توپلانغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ تۇرۇپ بىر تۇتاش ھەربىيچە سالام بەردى. ئاندىن قىسقىچە سۆز قىلىپ، مىللىي ئارمىيە پولك شتابىنىڭ كېچە سېپىل ئۈستىدە ۋە قاماقخانىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭلەردە قۇربان بولغان ئەزىمەتلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قوبۇل قىلغان قارارىدىن كۆپچىلىككە ئاخبارات ئاڭلاتتى. پولك شتابى كېچە سېپىل ئۈستى ئۇرۇشى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەخسۇس مەجلىس ئۆتكۈزۈپ، قالمىكەشكە مىللىي ئارمىيە قەھرىمانى ئاتىقىنى بېرىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نامىغا يەنە «ئازادلىق — I» ئالتۇن ئوردېنى تاپشۇرۇشنى، قادىرنىڭ نامىنىمۇ دەل شۇ ئوردېن بىلەن تەقدىرلەشنى، شۇنىڭدەك ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانا ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، شۇ يەردىكى ئۇرۇشتا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان ئون نەپەر ياش پىدائىيلارنىڭ شانلىق ناملىرىنى «ئىستىقلالىيەت — I» ئالتۇن ئوردېنلىرى بىلەن تەقدىرلەشنى ئۆتۈنۈپ، غۇلجىغا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا رادىئو-

گىراما ئەۋەتكەنىدى. پولك شتابىنىڭ نۆۋەتچىسى ئوفىتسېرى يېكىراقتا قەبرىستانلىققا يەتكۈزۈپ كەلگەن جاۋاب رادىئوگراممىسىدا جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ بۇ تەلىپى ماقۇل تېپىلىپ، غۇلجا شەھىرىدە چىقىدىغان گېزىتلەرنىڭ ئەتىدىكى سانلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ بۇ ھەقتىكى قوشما پەرمانىنىڭ رەسمىي ئېلان قىلىنىدىغانلىقى مەلۇم قىلىنغانىدى.

جامائەت پولك كوماندىرىنىڭ ئاخباراتىدىن ھاياجانلاندى. ئۇلار بىر ئېغىزدىن دېگۈدەك بۇ ھەقتىكى يېڭى ھېس تۇيغۇلىرىنى بايان قىلىپ: «خەلقىقە ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ تەۋەررۇك نامى ھەممە يەرگە تارقالماي قالمايدۇ، باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، مەردلىك بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن شېھىت - قۇربانلار كىشىلەر قەلبىدە ئۇزاققىچە ساقلىنىدۇ» دېيىشتى.

دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلىشىپ، جامائەت قەبرىستانلىقتىن تارقىدى. لېكىن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئاقسۇدا قەھرىمانلىق بىلەن ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئۇرۇشلىرى ھەققىدە ئۆز - ئۆزىدىن قىزغىن ئىشتىياق بىلەن باشلىنىپ كەتكەن گەپ - سۆزلەر پۈتۈن يول بويى داۋام قىلىپ، كىشىلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكۈچە توختىمىدى. جامائەت ئىچىدە قالىكەشنى تونۇيدىغانلار كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇرۇشلاردىكى باتۇرلۇقى، مۇناسىۋەتتىكى سەممىيلىكى، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىغا ئىنتىلىشچانلىق بىلەن ياردەم بېرىپ كەلگەنلىكى، ئىش - ھەرىكەتتە چەبدەس ۋە چىۋەرلىكى ئۆزئارا باشلىنىپ كەتكەن سۆھبەتنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولۇپ قالدى. قازاق يىگىتى بىلەن يېڭىشەھەر سوجۇ مەھەللىسىدە يېتىنچى ۋاقىتقىچە يېقىن ھەمسايىلەردىن بولۇپ، بىرقانچە يىل بىللە ئولتۇرغان، ئەمما ئۇرۇش پارتلىغاندىن بېرى ئايرىلىدىكەنلەر



بىلەن بىللە كونىشەھەرگە كۆچۈپ كېلىپ، تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان بىر ياپكار ئۆزى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىگە قالىكەش ھەققىدە يېنىش - يېنىش سۆزلەپ، ئۇنىڭ قوشنىلىرىغا قىلىپ بەرگەن بىرمۇنچە ياخشى ئىشلىرىنى زوق - شوخ بىلەن تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. ياپكارنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىدىن بۇ قەھرىمان قازاق يىگىتى بىلەن يېقىن قېرىنداشلاردەك ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ھازىر بولسا ئۇنىڭ ئومۇمىي روھىي قىياپىتىنى قالىكەشنى سېغىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە چەكسىز ئېچىنىش ھېس - تۇيغۇلىرى قاپلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇ ئىنتايىن ياخشى ۋە باھاسىز يىگىت ئىدى، — دەيتتى ئۇ، — ئۆتكەن يىلى ھويلىمىزنىڭ تېمى زەيلىشىپ ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئاندىن يەنە ئۆلۈمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك شۇ يىلى كۈزدە چىققان قاتتىق بوراندا يېتىپ - قوپۇۋاتقان ئۆيىمىزمۇ غۇلاپ چۈشكەنىدى. كەمبەغەللىك نەس باسسا ئەنە شۇنداق ئارقىمۇ ئارقا باسىدىكەن. ئۆيىمىزنىڭ غۇلىشى بىلەن بىر قىسىم نەرسىمىز بۇزۇلۇپ تۈگىدى، ياپكارلىق دەستىگاھىمىزمۇ كېرەكتىن چىقتى. ئاڭغىچە قىش يېقىنلاپ قالدى. قولىمىز قىسقا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆينى باشقىدىن ياسىۋېلىشقا ياردەملەشكۈدەك بالىمىز يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، باش قىيىنچىلىقىمىز راسا كۈچەيگەن چاغدا قالىكەش ئۆزلۈكىدىن كېلىپ، بىزگە ناھايىتى ئوبدان قارىشىپ بەردى. ئۇ ئۇدا ئون كۈنچە ئىشلەپ، تېمىمىزنى قوپۇرۇپ، ئۆيىمىزنىمۇ باشقىدىن ياساپ بەردى. ئۇنىڭ تامچىلىققا قولى ئەپلىك ئىكەن. ئەگەر ئۇ ياردەم بەرمىگەن بولسا، پۇلىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن باشقا تامچى سالالماي ئۇششاق بالىلىرىمىز بىلەن قىشنىڭ قىشىدا چوقۇم ئالادا قالاتتۇق. قالىكەش يەنە ئۆگزىنى يېپىشقا

تۆت دانە بادرا، تۆت دانە يېڭى بورا ياردەم قىلدى. خۇداي تائالا چوقۇم ئۇنىڭ جايىنى جەننەت قىلسۇن...

باپكار بىلەن بىللە كېتىۋاتقان يەنە بىر يېڭىشەھەرلىك ياماقچى موزدۇز ئۆينىڭ كېيى چىقىشى بىلەن گومىنداڭچىلارنىڭ سېپىل ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنى ۋەيران قىلىپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقىنى ئەسلەپ قالغانىدى، ئۇ شۇ ھامان سۆز قىستۇرۇپ، چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن:

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ئۇ باپكارغا، — ئۆتكەن يىل كۈزدىكى قاتتىق بوراندا بەزىبىر كونا ئۆيلەر ۋەيران بولغانىدى. ئىشقىلىپ، شۇ يىلقى قىشنى ساق قالغان ئۆيلەرگە سىغدىلىپ بىر ئىلاج بىلەن چىقىرىۋالغانىدۇق. بۇ يىلچۇ؟ ياز ئۆتۈپ، قارا قىش يەنە يېقىنلاپ كەلمەكتە. گومىنداڭ يېڭىشەھەر بازىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تۈۋتاش كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشسا يېڭىشەھەرگە قايتىمىز. قىشنى بالا ـ چاقىلىرىمىز بىلەن ئۆي ـ ماكانسىز قانداقمۇ ئۆتكۈزىمىز؟ بۇنى غەم قىلىۋېرىپ بېشىم تاشتەك قېتىپ كەتتى.

— بۇنىڭدىن غەم قىلىپ يۈرۈش ھاجەتسىز، — دېدى قەتئىيلىك بىلەن باپكار، — مەن قالىكەش بىلەن ئۇ قۇربان بولۇپ كېتىشتىن بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال كۆرۈشكەنىدىم. قالىكەش مۇشۇ توغرىدا ئالايىتەن سۆزلەپ، شەھەر ئىچىنى بالدۇرراق ئىشغال قىلىپ، سىلەرنى پولكنىڭ ھارۋىلىرى بىلەن يېڭىشەھەرگە كۆچۈرۈپ قويىمىز. جەڭچىلىرىمىز يەنە ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۆي ـ ماكانىڭلارنى قايتىدىن ياسىۋېلىشىڭلارغا ياردەم بېرىدۇ، دېگەنىدى. قالىكەشنىڭ ئېيتىشىچە بۇ سىلىنى ئارمىيە شتابىنىڭ قارارى ئىمىش. ئابدۇكېرىم ئابباسوپمۇ يېڭىشەھەرنىڭ خەلق ۋەكىللىرىگە بۇ ھەقتە بىرنەچچە قېتىم ئېيتىپتۇ. ۋاي ئىست! قالىكەش ئاجايىپ ياخشى ئادەم ئىدى.



كۆڭلى مېھرى دەريا... شۇنىسى ئۇ ئۆلۈپ كەتتى ـ دە!...

— ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزلىگەنگە تۈگىمەيدۇ، — دېدى يەنە بىر كىشى قالىكەش توغرىسىدا سۆزلەپ، — ئۆزاقى يىلى دولان دەرياسىنىڭ سۈيى تۇساتتىن ئۆلغىيىپ، تاشقىن پەيدا بولۇپ، دەريا ئەتراپىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭلار كېرەك. شۇ ۋاقىتتا بوۋاق بالىمىز بۆشۈكى بىلەن بىللە ئېقىپ كەتتى، تۇتۇۋالىمەن دەپ ئۆزۈمنى سۇغا تاشلىدىم. تۇتۇۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزۈم سۇغا چۆكۈپ كېتىپ، ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالدىم. ھەر بىر ئادەم ئۆز ھالەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن ياردەم بېرىشكە نەدىمۇ ئادەم بولسۇن. دەل شۇ پەيتتە قالىكەش سۇغا سەكرەپ، قاينام ئىچىدىن بالام بىلەن مېنى قىرغاققا ئاچىقىپ، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدى. ئۇ راستتىن ھەممە كىشىگە يېقىن كۆرۈنىدىغان ئىللىق كۆڭۈل ئادەم ئىدى، ئۆزى بىلەن زادى ھېسابلىشىپ يۈرمەيتتى.

— سىلەر ئۆز مەھەللەڭلاردىكى ئىشلارنىلا سۆزلەۋاتىسىلەر، — ئاق نىيەت بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى مەقسۇت تاشاخۇن ساتىراش، — قالىكەشنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان ـ ئەتكەن ياخشى ئىشلىرى ئۇنىڭ بىر سۆجۈ مەھەللىسى ياكى بىر تاشقىن ۋاقتىدا قولۇم ـ قوشنىلىرىغا كۆرسەتكەن ياردەملىرىنى سۆزلەش بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ. ئۇ سىزلەر ئېيتقاندەك ياغاچچى، تامچىلا ئەمەس، ئۇ يەنە سۆيۈنۈپ قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق جابدۇقلارنى ياسايدىغان ئۇستا تۆمۈرچى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ قالىكەش ئۆزى يالغۇز كېچىلىرى ئۆيىدە يوشۇرۇن ئىشلەپ يۈرۈپ، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرگە ئىككى دانە بېجىرىم قارا مىلتىق، تۆت دانە قىلىچ، بىرقانچە تال شەمشەردەك ئۆتكۈر خەنجەر ياساپ بەردى. ئۇ بۇ ئىشلارنى قورقماي

قىلىۋەردى. گومىنداڭ ساقچىلىرى سېزىپ قالاي دېگەندە ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئۆيىدىن
كەتتى. ئۇنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلۇ-
ۋېلىش ئىدى. ئاخىر تۇتۇلۇپ، مىللىي ئارمىيە كەلگىچە كونا
شەھەردىكى ساقچى قاماقخانىسىدا سولىنىپ ياتتى. ئاڭلىشىمىزچە
ئۇ مىلتىق، قىلىچ، خەنجەر ياساپ لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرگە تەق-
دىم قىلغانلىقىنى گومىنداڭچى سوراقچىلارغا زادى ئېيتماپتۇ.
— بىزنىڭ ئۆي ياتالماستا، — يەنە بىر كىشى ئۆزىنى
تونۇشتۇرۇپ سۆز باشلىدى، — مېنىڭ قالىكەش بىلەن ئالاقەم
يېقىن ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە پات - پات كېلىپ تۇراتتى.
ئۇ مەقسۇتئاخۇن ئاكام ئېيتقاندەك تۆمۈرچىلىككە ھەقىقەتەن
ئۇستا ئىكەن، بىر يىلى ئىجارىگە ئالغان يېرىمىز كۆپرەك
بولۇپ، ھەممىسىگە شال تېرىغانىدۇق. قالىكەش ئورمىدا ئىش-
لەتكىن، دەپ ئورغاق سوقۇپ بەرگەنىدى. ھېلىمۇ بۇ ئورغاق
قاشارىماي شەمشەردەك ئىشلەپ بىزگە ناھايىتى ئەسقېتىپ تۇ-
رۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قالىكەش ھەر يىلى شال يىغىمىدا
بىزنىڭكىگە كېلىپ، ئورما ئىشلىرىمىزغا ياردەم بېرىپ تۇراتتى.
— ئۇنىڭ يەنە بىر ھۈنىرىنى دەڭلا تېخى، — مەقسۇت-
ئاخۇن ساتىراش قالىكەشنىڭ سائەت رېمونتچىلىقىنى ئۇشتۇمتۇت
ئەسلەپ قېلىپ ئىككىنچى قېتىم قوشۇمچە قىلدى، — بۇزۇلغان
سائەتلەرنىڭ كېسىلىنى تېپىپ، تۈزەشتۈرەلەيدىغان كىشىمۇ يەنە
شۇ ئىدى. ئۇ دۇكىنىمىزدىكى تام سائىتىنى بىرنەچچە نۆۋەت
رېمونت قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇ تېخى كىچىك يانچۇق سائەتلى-
رىنىمۇ ئوبدانلا رېمونت قىلالايدىكەنتۇق. شۇنىڭغا قارىماي
قالىكەش ئايرىم دۇكان ئېچىپ، ھۈنەر قىلىپ، پۇل تېپىش،
مال - دۇنيا يىغىش كويىغا كىرمىگەن. ئۇ ئىككى نان تاپقان
كۈنى بىرىنى باشقىلارغا بېرەتتى، دېمەك، ھەرگىز لاپ سۆز-



لەپ قالغان بولمايمىزغۇ دەيمەن. قىسقىسى، قالىكەش مىجەزى
ئوڭلۇق، مۇلايىم، كۆڭلى يۇمشاق، كىبىرسى يوق، چوڭ - كى-
چىككە ئوخشاش، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىدى.
مەقسۇتئاخۇن ساتىراشلارنىڭ كەينىدىن يەنە ئون نەچچە
كىشى غۇجەمەك توپ بولۇپ، قىزغىن پاراڭ بىلەن كېلىشىۋاتاتتى.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەردىن باغۋەن تاجاخۇن ئاكىسىنىڭ قازاق
يىگىتى قالىكەش توغرىسىدا چوڭقۇر سېغىنىش ۋە تۈگىمەس
ئارزۇ - ئارمان بىلەن ئۈزۈلۈك قىلىپ سۆزلىگەن سۆزلىرى ئاڭلىنىپ
تۇراتتى.
— قالىكەشنىڭ كەمتەرلىك جۇشقۇن قىياپىتى تېخىچە
كۆز ئالدىمدىن كەتكىنى يوق، — دەيتتى بۇ كۆپنى كۆرگەن
بوۋاي، — ئۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى بىزنىڭ بېغىمىزدا ئۆز
قولى بىلەن شوتا ياسىغان، سېپىلغا كۆتۈرۈلۈش مەشقى ئۆت-
كۈزگەندىن باشقا ھەتتا تېخى تۈنۈگۈن تولۇق بىر كۈن باش
كۆتۈرمەي ئىشلەپ، شوتىنى دەسلەپكىدىنمۇ مەزمۇتلاشتۇرغان،
پۇت تەرىپىنى يانتۇلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، بىرقانچە ئادەم بىر
ۋاقىتتا دەسسەپ ئۆرلىسە تەڭقايمايدىغان قىلىپ چىققانىدى.
ئۇ يەنە شوتىنىڭ ئۇلانمىلىرىنى قايتىدىن تۆمۈر چەمبەر بىلەن
چىڭىتقان، غالتەكلىرىنى يەنە بىر قۇر قىرىپ، تېخىمۇ سىلىق-
لاتقان، ياغ سۈرتۈپ، ئاخىرقى قېتىم رېزىنكە قاپلاپ، زادى
غىچىرلىماس قىلىۋەتكەنىدى. كەچلىكى شوتىنى سېپىل تەرەپكە
ئېلىپ مېڭىش ۋاقتىدا دېمىسىلە، شۇنچىۋالا ئېغىر
نەرسىنى باشقىلار تالاشقانغا قويماي، خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆزى
يالغۇز كۆتۈرۈپ ماڭدى. قۇربان بولدى، دەپ ئۇنى بىزگىن
بىز ئۆز قولىمىز بىلەن يەرلىككە قويدۇق. كېيىنكى ھەقىقەتنى
ئېيتسام، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ھېلىغىچە ئىشەنگۈم يوق. قالى-
كەش دۈشمەنلەرنىڭ بىر تال، يېرىم تال ئوقىمىسى ياكى بىرەر

بىردىن ئوقىدا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.
— بۇنىڭغا نېمە ئىلاج؟ — تەسەللىي ئاھاڭىدا سۆزلىدى كىمدۇر بىرى، — بۇ تەقدىر ئىلاھىنىڭ پۈتكىنى. قىزىل بۆرىبېسى تەككەننىڭ ئىزىستىگە قالكەشنىڭ داۋالغۇپ كېتىپ، شۇنچە ئېگىز سېپىلدىن چۈرۈيۈندەك قاتتىق قاتراپ يەرگە يىقىلىپ چۈشكىنى ھەممىدىن يامان زەربە بولغان ‑ دە!
— مېنىڭچە تاجاخۇننىڭ ئۆلمىگىنىدەك ئويلىغۇم كېلىپ تۇرىدۇ، — دېدى سالاخۇن ئاشپەز ئېچىنىش بىلەن، — قالكەش كىشىگە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان يىگىت ئەمەس ئىدى. خىيالىمغا قانچە كۆپ كەلتۈرسەم كۆزۈمگە ئۇ شۇنچە ساغلام ۋە ھامان تىرىك بىرلۇپ كۆرۈنىدۇ. قالكەش زادى ئۆلمىگەندەك، يەنىلا ھايات، ئۇ يەنە بىز بىلەن بۇرۇنقىدەكلا بىللە بولىدىغاندەك بىلىنىدۇ.
— توغرا ئېيتتىڭلار، ئاكىلار، سىلەر ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭلار، — بۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ كەڭ جامائەتكە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ئاۋازى ئىدى. ئۇ قەبرىستانلىقتىن پىيادە قايتىپ كېلىۋېتىپ، بۇ بىر تۈپ ئادەملەرگە ئۇلىشىۋالغانىدى. ئادەملەر تۈپى ھاياجان ئىچىدە ئۇششۇمتۇت توختاپ خۇشال ھالدا كەينىگە قارىدى. سىياسىي كومىسسار قېرىنداشلارچە مېھىر ‑ مۇھەببەت ۋە روشەن كۆزلىرىمىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىردى. ئاڭغىچە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئالدىدىراق كېتىۋاتقان مەقىرىتئاخۇن ساتىراشلار تېپىمۇ توختىدى. ئاندىن بۇ ئىككى تۈپ بىر ‑ بىرىگە قوشۇلۇپ، چوڭ بىر بۆلەك جامائەت قايتىدىن ھاسىل قىلىپ، يەنە يۈرۈشنى داۋام قىلدۇردى.
— قالكەش ھەقىقەتەن ئۆلگىنى يوق، خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، مەردلىك بىلەن قۇربان بولغان



كىشىلەرنىڭ سۆيۈملۈك سىماسى ھەمىشە بىز بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شانلىق نامى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ئەۋلادتىن ‑ ئەۋلادقىچە ئۇنتۇلماي يادلىنىدۇ. دوستىمىز قالكەش كۆرەشتىن ئىبارەت بۇ توغرا يولنى تاللىۋېلىشتا قول بولۇپ قول قوشتۇرۇپ ياتاشتىن كۆرە، گومىنداڭغا قارشى جەڭ قىلىپ، مەردلىك بىلەن ئۆلۈشنىڭ نە قاتارلىق شەرەپلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. ئاخىر ئۇ مۇشۇ ئۇلۇغۋار چۈشەنچە بىلەن مىللىي ئارمىيە سېپىگە كىرىپ، قانخورلارغا قارشى بىر قاتار جەڭلەرنى شەرەپلىك داۋام قىلدۇردى. ئۇ تېخى ياش ئىدى، شۇ سەۋەبتىنمۇ ياشىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئەجەل ئوقى، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى ئاتىغان كىشىنى بىمەزگىل بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئەكەتتى. جەڭ توختىمىدى، گومىنداڭغا قارشى قانلىق كۆرەش يەنىمۇ داۋام قىلماقتا. قۇربانلارنىڭ قېنى ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ. شىددەتلىك قوراللىق كۆرەش زالىملار ئوردىسىنى تېز ئارىدا بىتچىت قىلىپ، شانلىق قۇربانلىرىمىز ئورۇنداشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئۇلۇغۋار ئارزۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.
سۆز توختاپ، ئادەملەر تۈپى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا ئىشەنچكە تولۇپ، مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئۆيلىرى ئالدىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ سىياسىي كومىسساردىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، ئۇنىڭ بىلەن يەنىلا بىللە ماڭاتتى. ھاۋا تىنىپ، قالكەشلەرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ھازىدارلىقتا چۆمگەن كوتىشەھەر كوچىلىرى تىنچ، جىمجىت ئىدى، يېڭىشەھەردە گومىنداڭچىلارغا قارشى شىددەت بىلەن ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىن بىرلا ۋاقىتتا سېپىلغا قارىتىپ، ئوت ئاچقان ئۇنلىغان مىناميوتلارنىڭ قولاققا يېقىملىق چاڭگىلداشلىرى يېتىپ

كېلىپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ شەھەرنى ھوشيارلىق بىلەن ئۈزلۈكسىز مۇھاسىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قەبرىستانلىقتىن كېيىنرەك قايتقان قاسىمجان قەمبەرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، بىرئاز توختىدى. ئۇلار بۇ ئىدارىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆز نۆۋىتىدە بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن بىرلىكتە ياتالماسقا — مىللىي ئارمىيە پولك شتابىغا قايتىشى كېرەك ئىدى. دەل شۇ چاغدا، كېچە ساي تەرەپكە رازۋېتكىغا ئەۋەتىلگەن ئىككى جەڭچى، ئىچكە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ، تېشىنى ئۇزۇن تون پەرىجە بىلەن چۈمپەردىلىگەن ئىككى نەپەر قورااللىق دۈشمەن ئەسكىرىنى ئالدىغا سېلىپ كېلىپ قالدى. بۇلار كوچىدىن ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ رازۋېتكىچىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى بىلىكىدىن، يەنە بىرى پاقالچىقىدىن يېنىكرەك يارىدارلانغانىدى. دېمەك، بۇ ئۇلارنىڭ مىللىي ئارمىيە رازۋېتكىچىلىرىغا يولدا ئۇچراپ قالغاندىن كېيىن قارشىلىق كۆرسىتىپ ئوت ئاچقانلىقىنى. ئاندىن ئىككى تەرەپ ئېتىشمىسىدا ئوق تېگىپ، مەجبۇرىي قولغا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. شۇ ئېتىشمىدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بىرى يارىدار بولۇپ، چېكىسىنى بېنت بىلەن تېڭىۋالغانىدى. غەزەپلەنگەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، شۇ يەردىلا ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، بۇ ئىككى نەپەر جاھىل دۈشمەننى قاماپ تاشلاشنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى جۈمە كۈنى ئىدى. كونىشەھەر بازىرىنىڭ تېزىزگۈن ئەتىگەن قالىكەش، قادىرلارنىڭ مىيىت نامىزى چۈشۈرۈلگەن چوڭ خانىقاسىدا جۈمە نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىن ئادەت بويىچە بىرقانچە يۈز كىشى ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى يوقلاش، قالىكەش، قادىر ۋە باشقا مىللىي ئارمىيە قۇربانلىرىغا دۇئا - پاتىھە قىلىش ئۈچۈن يارىبېشى قەبرىستانلىقىغا چىقتى. ئۇلار بۇ يەردە سېپىل ئۈستىدىكى جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىلىرى ئالدىغا تىزىلغان كەچ قاداپ قويۇلغان خاتىرە تاختايلىرىنى كۆردى. چىڭ ئۈجمە ياغىچىدىن ئەينەكتەك سىلىقداپ ياسالغان تاختايلارنىڭ بىرىگە «خالىق (قالىكەش) 1917 - يىلى مىرئۇغۇلكىرەدە قازاق چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1945 - يىلى 9 - ئايدا، 28 يېشىدا ئاقسۇنى گومىنداڭچىلاردىن ئازاد قىلىش يولىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. بۇ مىللىي ئارمىيە پولك شتابى تەرىپىدىن تەييارلانغان تاختاي ئىدى. ئۇنىڭدىكى خالىق ئىسمىدىن قەھرىماننىڭ ئەسلى ئېتى خالىق بولۇپ، قازاق خەلقىنىڭ نام چاقىرىش جەھەتتىكى ئادىتىگە ئاساسەن ئەتىۋارلاش ۋە ئارزۇلاشلار بىلەن ئەركىلىتىپ ئاتىشى نەتىجىسىدە خالىقنىڭ كېيىنچە قالىكەشكە ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

مىللىي ئارمىيە پولكى قورقۇپ ئالاقزادىلىككە چۈشكەن دۈشمەنگە قەۋەتلەپ تەستەك ئۇرماقچى بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم سېپىلغا چىقىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا يەنە بىر قارارغا كەلگەنىدى. بۇ قارار بويىچە باتالىيون، روتا، ئىنژۋوتلارغا بىر تۇتاش يەتكۈزۈلگەن چاغدا بارلىق جەڭچىلەر ئۇنى بىر ئاۋازدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. بۇ قېتىم سېپىلغا بىر يەردىن ئەمەس، بىرلا ۋاقىتتا تۆت يەردىن شوتا قويۇپ چىقىلماقچىدى. پولكتا بۇ جەھەتتىن قىزغىن تەييارلىق باشلىنىپ كەتتى. جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ سېپىلغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ، پولك شتابىغا بەس - بەس بىلەن ئىلتىماسلار بېرىشتى.

# جەڭگىۋار تەلەپلەر

يېڭىشەھەر سېپىلى بۇرۇنقىدەك قاتتىق مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرماقتا. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى مۇشۇ يول بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىلدىن باش چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوچۇق - ئاشكارا ھەرىكەتلىنىش ئىمكانىيەتلىرىنى تۈگەتتى. مۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى. چۈنكى بىر قىسىم قولغا چۈشۈرۈلگەن پاكىتلار ياكى ئېنىق سېزىلىشكە باشلىغان بەزىبىر ئالامەتلەر گومىنداڭ ھەربىيلىرى بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سېپىل ئۈستى ئۇرۇشى ۋە قاماقخانىغا باستۇرۇپ كىرىشتىن كېيىن خېلى مەغرۇرلىنىپ قالغانلىقىنى، 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى پەيت تاپسىلا تۈرلۈك ئامال - چارىلەر بىلەن سىرتقا يوشۇرۇن ھالدا ھەربىي رازۋېتچىك ياكى ئىشپىيونلارنى چىقىرىپ، مىللىي ئارمىيە پولكى ئىچىدە بۇندىن كېيىنكى ئۇرۇش يۆنىلىشى ئۈستىدە كېتىۋاتقان ھەر خىل تەييارلىقلارنى بىلىۋېلىشقا ھەدەپ ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. شۇ كۈنلەردە جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى ئىككىنچى قېتىم سېپىل ئۈستىگە چىقىش يۈزىسىدىن قىزغىن ئىش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ قېتىم سېپىلغا تۆت تەرەپتىن چىقىش پىلانلىنىپ، تۆت دانە شوتا ياساشقا كىرىشىپ كېتىلگەنىدى ۋە بۇنىڭغا مۇۋاپىق ھەربىي بۆلۈنمىلەر بىر قۇر رەتكە سېلىنىپ، بىر قىسىم قايتا تەشكىللەش خىزمەت-



لىرى ئىشلىنىۋاتاتتى. بۇلار دۈشمەنلەردىن قەتئىي يوشۇرۇن تۇتۇلۇشقا تېگىشلىك ئىشلار بولۇپ، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئالدىنئالا بەلگىلەپ بەرگۈچى ئەڭ مۇھىم ھەربىي سىرلاردىن ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇلارنى دۈشمەنلەر بىلىپ قالالماسلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن سېپىل مۇھاسىرىسى تېخىمۇ ھوشيارلىق بىلەن داۋام قىلدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى ئىچىگە تۈسى ئۆزگەرتىلگەن ھەربىي جاسۇس ۋە ساقچى ئىشپىيونلىرىنى كىرگۈزۈۋېلىشىغا قەتئىي يوچۇق قالدۇرماسلىقى كېرەك ئىدى. قالىكەش، قادىرلار ئېلىپ بارغان بىرنەچچە مىنۇتلۇق سېپىل ئۈستى ئۇرۇشى بىلەن ئون نەپەر پىدائىي باش ساقچى قاماقخانىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان كىرەلەشمە ئۇرۇشىنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى.

بۇ مۇددەت ئىچىدە جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىدا ئىككىنچى قېتىم سېپىل ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ بىر قاتار ئەمەلىي تەييارلىقلىرى ئىشلىنىپ قولدىن چىقىرىۋېتىلدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ھەربىي بۆلۈنمىلەردە ئۆتكۈزۈلگەن مەجلىسلەردە ئومۇمىيۈزلۈك سېپىلغا چىقىشنىڭ پىدائىيلىرىدىن بولۇش قىزغىنلىقىدا ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، بەزىلىرى يەنە ئايرىم ھالدا روتا كوماندىرلىرىدىن باتالىيون كوماندىرلىرىغىچە، بىر قىسىملىرى تېخى توپتوغرا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سۇۋۇروۋلارغىچە ئۆزلىرىنىڭ سېپىلغا چىقىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، قەتئىي تەلەپ ۋە ئىرادىلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. بۇلاردىن باشقا يەنە پولك شتابىدىن ۋىزۋوت، روتا ۋە باتالىيونلارنىڭ كوماندىرلىرى ياكى سىياسىي يېتەكچىلىرى بىلەن بەزى خەت - ساۋاتلىق جەڭچىلەرنىڭ قەغەز ئارقىلىق يېزىپ كىرگۈزگەن تەلەپنامىلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. قىسقىسى، پۈتۈن پولك قالىكەش، قادىرلارنىڭ ئۈلگى-

مۇختار، نۇرۇللا، رۇستەم، يۇنۇس، نىجات، يولۋاس، خالىق، تاشپولات، شاكىرجان، كىچىك قاسىمجانلارنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن دۈشمەنلەردىن ئىنتىقام ئېلىش ھېس - تۇيغۇسى بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. قىسقىسى، ئۇلار ھۇجۇمچى باتالىيوننىڭ بۇرۇنقى كوماندىرى قالىكەش ۋە 11 نەپەر ياش سەپداشلىرىنىڭ ھالاكلىق پەيتتە قۇربان بولۇپ، ئورۇنداليماي قالغان ئىشنى ئىككىنچى قېتىم كېچىكتۈرمەي ئورۇنداشقا ئالدىرايتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ قەلبى قايتىدىن جۇشقۇنلاپ، غەلىبىلىك مىنۇتلارنىڭ تېز يېتىپ كېلىشىگە قىزغىن تەقەززالىق ۋە دۈشمەنلەرنىڭ سېپىل ئىچىدە قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولغان ۋاقتىنى چاپسانراق كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن ئوت بولۇپ يانغانىدى. دېمىسىمۇ، شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىپ، گومىنداڭچىلارنىڭ زۇلۇم ئوچاقلىرىنى بىتچىت قىلىش، ئاقسۇ خەلقىنى تەلتۆكۈس ئازاد قىلىش بىلەن بىللە لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇتىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ئونلىغان ياش ئەزىمەتلەرنى مەھبۇسلۇق ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا قورال ئېلىپ، جەڭگىۋار سەپكە ئۇيۇشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئالدىنقى مۇراد - مەقسىتى ئەمەسمىدى؟ شۇ كۈنلەردە ھەربىر كوماندىر ۋە ھەربىر جەڭچىنىڭ ئوي - پىكرى يەنە شۇ ئۇلۇغۋار نىشانغا مەركەزلەشكەنىدى.

ئاڭغىچە رامىزان ئېيى ئاخىرلىشىپ، تېخىمۇ قاراڭغۇ كېچىلەر باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سەزدۈرمەستىن سېپىلغا چىقىپ غەلىبىلىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئوبدان پەيتى بولۇپ قالدى. سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدىن تەڭ بىر ۋاقىتتا چىقىش ئۈچۈن تۆت دانە شوتىمۇ ياسىلىپ بولدى. ئۇلار دۈشمەن پايلاقچىلىرىدىن قەتئىي سىر تۇتۇش مەقسىتىدە پولك شتابىنىڭ ئۆزىدە ياسالدى. ئۇلارنى جەڭچىلەر ئىچىدىكى ياغاچچىلار



بىرىنچى قېتىملىق سېپىلغا چىقىشتا پايدىلىنىلغان شوتىنىڭ شەكلىدە ھەرىكەتچان ئېپچىل قىلىپ ياسىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن كىشى جايلىشىدۇ - دە، ئومۇمەن تۆت دانە شوتا ئىشلىتىلىپ بولۇش بىلەن سەككىز نەپەر پىدائىي جەڭچى شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا سېپىل ئۈستىگە چىقىپ بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا دۈشمەنلەر ئۆز مۇداپىئەسىدە ئوڭۇشسىز ئورۇندا قېلىپ، بىرىنچى قېتىملىق سېپىل ئۈستى ئۇرۇشى ۋاقتىدىكىدەك دىققىتىنى بىر جايغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلىرىنى بىر نۇقتىغا توپلىۋېلىشتەك ئوڭۇشلۇق ئىمكانىيەتلەردىن بىر يولى مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇلار چېچىلاڭغۇلۇق مۇداپىئەسىنى بىر كوماندىغا يىغىنچاقلىيالماسلىقتەك پاسسىپ ئەھۋالغا قېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ سېپىل ئۈستى ۋە گىرۋەلەشمە ئۇرۇشى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى ئۇرۇشىنى كۈچەيتكەندىكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

شوتىلار ياسىلىپ بولۇش بىلەن جەڭچى ۋە كوماندىرلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ سېپىلغا چىقىرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ھەرىكەت مىسلىسىز كۈچلۈك دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. قالىكەش قۇربان بولغاندىن تارتىپ، ئىلگىرىكى قىلىچۋازلار باتالىيونىنىڭ كوماندىرى موڭغۇل يىگىتى كۆكە بۇ قازاق ئوغلانىنىڭ ۋەزىپىسىگە يۆتكىلىپ، ھۇجۇمچى باتالىيونغا كوماندىرلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ پولك شتابىغا بۇ ھەقتە يازغان تەلەپنامىسىدە مۇنۇلارنى بايان قىلدى:

«بىز مەرھۇم دوستىمىز قالىكەش ۋە ئۇنىڭ باتالىيونىدىكى بىر قىسىم پىدائىي ياشلار باشلاپ بەرگەن قەھرىمانلىق ئىشىنىڭ تېزرەك داۋام قىلدۇرۇلۇشىنى قەتئىي قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمىز، ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقماس روھ ۋە غەلىبىگە بولغان تولۇق

ئىشەنچلىرى بىلەن سېپىلغا چىقىپ، ئەپزەللىرىن مىللىي ئارمىيىمىز ئۈچۈن، ئاندىن قالسا ھەممىمىز ئۈچۈن ئاجايىپ زور باتۇرلۇق- نىڭ يېڭى داستانىنى ياراتتى. توغرا، ئەنە شۇ قېتىمقى سېپىلغا چىقىش ئوپېراتسىيىسى ئۇشتۇمتۇت مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ شەھەرنى سېپىل ئۈستى ئارقىلىق ئىشغال قىلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالدى. بىراق بۇنىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ئۆزۈل - كېسەل مەغلۇبىيەت بولۇپ قېلىشى مۇم- كىن ئەمەس، چۈنكى بىز بۈگۈن يەنە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ئۇلار ئورۇندىيالمى- غان ئىشنى ئورۇندايمىز، دەۋاتىمىز. لېكىن ھېچقاچان ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگەن دۈشمەن بولغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سېپىل ئۈستى جېڭىدىن كېيىن مەغرۇرلىنى- ۋاتقانلىقىنى ھەربىر قېتىم بايقاپ قالغان چېغىمىزدا بىز چوقۇم غەزەپلەنمەي تۇرالمايمىز. بىز ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم سېپىل ئۈستى جېڭى ئېلىپ بېرىش — شەھەرنى ئۆزۈل - كېسەل ئىشغال قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇ يەنە دۈشمەنلەرنىڭ ئۆسۈپ قالغان ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈنمۇ زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا».

«يولداش شتابىمىزدىن، — دەپ يازغانىدى كۆكە تەلەپ- نامىسىنىڭ ئاخىرىدا، — سېپىل ئۈستىدە جەڭ ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى مېنىڭ باتالىيونۇمغا تاپشۇرۇشنى ۋە بۇنىڭغا مۇۋا- پىق بۇ باتالىيوننى مېنىڭ سېپىل ئۈستىگە باشلاپ چىقىشىمغا ماقۇل بولۇشنى قەتئىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.»

كۆكەنىڭ قىلىچۋازلار باتالىيونىدىن ھۇجۇمچى باتال- يونغا يۆتكىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوقچىلار باتالىيونىدىن بۇ مۇكەممەل يىگىتنىڭ ئىلگىرىكى ئورنىغا كوماندىر بولۇپ يۆت- كەلگەن راشىدىنجان تەلەپ بەرگەنلىكىگە قارىماي بىرىنچى



قېتىملىق سېپىلغا چىقىشقا تەستىقلانمىغانلىقىدىن قاتتىق ئار- مان ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ يولداش شتابىغا بىرىنچى قەدەمدە چىقىدىغان سەككىز نەپەر پىدائىي جەڭچى قاتارىدا تەستىقلىنىشىنى قەتئىي ئۈمىد قىلىپ، قايتىدىن تەلەپ- نامە يېزىپ تاپشۇردى. ئۇنىڭ تەلىپى يولداش رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قىزغىن ماقۇللۇق بىلەن قارشى ئېلىندى. بۇنىڭدىن خۇرسەن بولغان راشىدىنجان يولداش كوماندىرنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ:

— سېپىلغا چىقىدىكەنمىز، ئەلۋەتتە ئۇ يەردە كۆرەلەشمە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئۇ. — كۆرە- لەشمە ئۇرۇش دۈشمەنگە قارشى قوغۇچە قىلىشىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆتكۈر جەڭ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قىلىچۋاز، نەيزىۋاز جەڭچىلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭ باتالىيونۇم دەل شۇنداق كىشىلەردىن ئۇيۇشقان باتال- يون ئەمەسمۇ؟ شۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىمقى سېپىلغا چىقىش ۋەزىپىسىنىڭ يەنە بىزگىلا تاپشۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىپ سىز- لەرنىڭ قېشىڭىزلارغا كەلدىم. بۇ باتالىيوندىكى جەڭچىلەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكىنى ئاقسۇلۇق پىدائىيلار تەشكىل قىلىدۇ، دېمەك، سېپىل ئىچىنىڭ ھەممە يېرى بىلەن تونۇش. ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا ۋە باشقا ياش سەپداشلار بىلەن بىللە نۇرغۇن قېتىم مەخپىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋە مەج- لىسلەردە بىللە بولغانىدىم. شۇڭا مەن ياش ئۇچقۇنلارنىڭ باتالىيونۇم تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىشىنى، جاۋ خەنجى- ۋۇ شۇبىلىڭ، ھېكىم نۇرلارنىڭ مېنىڭ ئوقۇمدا ئۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن!...

ئاڭغىچە بۇ يەرگە سىياسىي كومىسسار ئايدۇكېرىم ئابباسوپ

كېلىپ قالغانىدى. ئۇ باتالىيون كوماندىرى، پارودچىك راشىدىنجاننىڭ تەلىپىدىن چوڭقۇر مىننەتدار بولغان ھالدا سۆز قىستۇرۇپ:

— ئىككىنچى قېتىم سېپىلغا چىقماقچى بولغانلىقىمىز توغرىسىدا جەڭچىلەرگە ئۇقتۇرۇش بېرىلگەندىن تارتىپ، پۈتۈن پولك ئىچىنى يېڭىباشتىن ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق قاپلىدى، — دېدى، — مەن يېڭىلا كۆكەنىڭ پولك شتابىغا يېزىپ تاپشۇرغان ئۈچىنچى قېتىملىق ئىلتىماسىنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر نىمانچىۋالا سەممىي، نىمانچىۋالا روھلۇق ۋە قەتئىي – ھە! بىز بۇ قېتىمقى مۇشكۈل جەڭنى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارالايمىز. غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىز بارغانچە زورايماقتا. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كومانداچىلارنىڭ تىتىرەپ قول كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن.

— مەن شتابىمىزنىڭ سېپىلغا چىقىشىمىغا رۇخسەت قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، — دېدى راشىدىنجان سىياسىي كومىسارغا ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇپ، — ئەمدى باتالىيونىمىزنىڭمۇ پۈتۈن تەركىبى بىلەن سېپىلغا چىقىشقا ماقۇل بولۇشىڭىزلارنى قەتئىي ئۈمىد قىلىمەن!

راشىدىنجان سۆز داۋامىدا قولىدىكى خۇرجۇندىن تىكىلگەن تۆرە ھەربىي سومكىسىدىن قىلىچۋازلار باتالىيوندىكى جەڭچىلەرنىڭ بۇ ھەقتە يازغان بىر تۇتام تەلەپنامىسىنى چىقىرىپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوپقا تاپشۇردى. شۇ چاغدا پولك كوماندىرى سوپاخۇن سوۋۇرۇۋۇ باشقا باتالىيونلاردىكى جەڭچىلەردىن زور بىر تۈركۈمىنىڭ بىۋاستە شتابقا كىرىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە تاپشۇرغان يازما تەلەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، سىياسىي كومىسارغا بۇ ھەقتە ھاياجان بىلەن خەۋەر يەتكۈزدى:

— مېنىڭ سومكام ۋە ئۈستەل سىزغۇرتمىلىرىمىمۇ يېڭى



ئىلتىماسنامە، تەلەپنامىلەر بىلەن تولۇپ بولدى، — دېدى ئۇ، — قاراپ كۆرسەم، بەزىلەر مۇنداق تەلەپنامىلەرنى ئىككى – ئۈچ قېتىمدىن يازغاندەك قىلىدۇ. ھەتتا ئون نەچچە جەڭچى سېپىل ئۈستىنى ئۆرۈۋېتىش باتۇرلۇق بىلەن ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم بېرىپ، تەلەپنامە ئۈستىگە بارماق قانلىرىنى تېمىتىپمۇ قويۇپتۇ.

— بىزنىڭ باتالىيونىمىزدىكى جەڭچىلەردىن بەزىلىرىمۇ قولىنى كېسىپ، ئىلتىماسنامىلەرنىڭ ئاياغ تەرىپى ئىمزا قويغان جايلىرىغا قانلىق قەسەم نۇرىدا ئالايىتەن بېسىپ قويىدى، — دېدى راشىدىنجان ئەسكەرتىش نۇرىدا قوشۇمچە قىلىپ.

بۇ كەيپىتىن يەنە بىر قېتىم خۇشال بولغان ئابدۇكېرىم ئاباسوپ قىلىچۋازلار باتالىيونىنىڭ كوماندىرىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ دولىسىغا يۇمشاق قېقىپ قويدى ۋە ئاندىن قىزلىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئايرىمچە تەشەككۈر ئېيتتى. شۇ چاغدا راشىدىنجانغا سىياسىي كومىسارنىڭ تومۇرلىرىدىكى ھارارەتلىك قان ئېقىنى تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىرادىسىنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈرگەندەك بولدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ باتالىيون كوماندىرىغا ھەربىي بۇيرۇق بېرىۋاتقاندەك رەسمىي ئاھاڭ بىلەن ئېنىق سۆزلەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى شۇ يەردىلا تىندۇرۇپ قويدى.

— پولك شتابى سېپىلغا چىققۇچىلار قاتارىدا سىزنىلا ئەمەس، باتالىيونىڭىزنىڭ 1 -، 2 - روتىلىرىنىمۇ تەستىقلاپ بولغان. سوپاخۇن سوۋۇرۇۋۇ بىر ئازدىن كېيىن سىزلەرنىڭكىگە بېرىپ شتاب نامىدىن بۇنى بارلىق باتالىيون جەڭچىلىرىگە رەسمىي ھەربىي بۇيرۇق تەرىقىسىدە جاكارلايدۇ، — دېدى. پولك كوماندىرى بېشىنى لىڭشىتىپ، شۇنداق قىلماقچى

بولغانلىقىدىن بىشارەت بەردى. راشىدىنجان خۇشال بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن سوپاخۇن سوۋۇرۇۋۇغا تىك تۇرۇپ، ئارقىمۇ ئارقا ھەربىيچە سالام بەردى.

پولك شتابىنىڭ ئالاقىچى جەڭچىسى خېلىدىن بېرى ھۇجۇمچى باتالىيونغا كۆكەنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەنىدى. ئاڭغىچە كۆكە كېلىپ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بىلەن كوماندىرىغا ئايرىم - ئايرىم چاس بەردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ چاسقا چاس بىلەن جاۋاب بېرىپ، موڭغۇل يىگىتىنى ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشمىگەن يېقىن دوستىدەك ئېچىقىپ تۇرۇپ قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭغىمۇ ئۆز باتالىيونىدىكى جەڭچىلەرنىڭ بىر قىسمىنى باشلاپ، سېپىلغا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنماقچى بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئاندىن ئۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئايرىم كېڭەشمۇۋېلىشنى ئېيتىپ، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋۇ بىلەن بىللە بۇ ئىككى باتالىيون كوماندىرىنى ئېلىپ، پولك شتابىغا كىرىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر سىياسىي كومىسسار قاسىمجان قەمبىرى ئىشخانىدا مۇھەممەت مۇئەللىم باتالىيونىدىكى جەڭچىلەر يېزىپ ئەۋەتكەن يوغان بىر قاتلام تەلەپنامىلەرنى ئوقۇپ، تەلەپكارلارنىڭ ناملىرىنى ئايرىم دەپتەرگە تىزىپ ئولتۇراتتى.

— بۇلاردا يېزىلغان سۆزلەر بىر - بىرىدىن كەسكىن ۋە سەممىي، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى باتالىيون كوماندىرلىرى بىلەن قول سىقىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ. — بۇلاردىكى گەپ - سۆزلەر ئاددىي، ئۆز جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن مۇراد - مەقسەت ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ھەممىسىلا سېپىل ئۈستىگە كىرەلىشىنى، ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپتۇ. مانا ماۋۇ مۇھەممەت باتالىيونىدىكىلەرنىڭ كوللېكتىپ تەلەپنامىسى، مۇنۇ بىرى



مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭ شەخسەن ئۆز نامىدىن يازغىنى!...

قاسىمجان قەمبىرى تەلەپنامىلەر ئىچىدىن ھەر بىرى بىر - نەچچە ۋاراقتىن يېزىلغان ئىككى پارچە قەغەزنى ئېلىپ، كەسىپدىشىنىڭ ئالدىغا قويدى. تەلەپنامىلەرنىڭ سۆزلىرى ئۆتكۈر، خەتلىرى چىرايلىق ۋە ئوچۇق ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ زوقمەنلىك بىلەن قاراۋېتىپ:

— ھەئە، راست. بۇلارنىڭ بىرى كوللېكتىپنىڭ نامىدىن يېزىلغان تەلەپنامە بولۇپ، يەنە بىرى مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭ ئۆز تەلەپنامىسى ئىكەن، — دېدى. — قارىماققا ھەر ئىككىسىنى باتالىيون كوماندىرى مۇھەممەت مۇئەللىم ئۆزى يازغاندەك تۇرىدۇ. ھەرپلەر ئىنتايىن چىرايلىق - ھە! ھەرقانداق ھۆسن خەت بۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭغا قاراپ مۇھەممەت مۇئەللىمنى بۇ دۇنياغا پەقەت ئوقۇتقۇچىلىق ئۈچۈنلا يارالغان كىشى دەپ ئېيتساق خاتا بولمايدۇ. بىراق، بۇنىڭغا نېمە چارە؟ كۈرەش ۋە ئۇرۇش ئادەملەرنىڭ كەسپىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، گومىنداڭچىلار مائارىپچىلارنى ئاز مائاش بىلەن ئەزدى، كەمسىتتى، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا قىلچە ئەھمىيەت بەرمىدى. ئۇلار خەلقنىڭ توق - باياشات ياشاش ھوقۇقىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىلىم ئېلىش ھوقۇقىنىمۇ خالىغانچە دەپسەندە قىلدى. ئاخىر مۇھەممەت مۇئەللىمگە ئوخشاش بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەرلەر نائىلاج سىنىپىنى، بېرىۋاتقان دەرسىنى تاشلاپ، مانا بۈگۈنكىدەك قولىغا قورال ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. مۇھەممەت مۇئەللىم مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتنىشىپ ئاقسۇدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار داۋامىدا چىنىققان جەڭچىگە، ئاندىن يەنە ھازىرقىدەك خېلى تەجرىبىلىك كوماندىرغا ئايلاندى.

راشىدىنجان مۇھەممەت مۇئەللىم بىلەن ئاقسۇ كونىشەھەر-

لىك — بىر يەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلۋەم بىر مەزگىل باشلانغۇچ مەكتەپتە كەسىپداش ئوقۇتقۇچى بولۇپ بىللە ئىشلىگەنلىكتىن ئۇنىڭ خەت پۇچۇركىسىنىڭ چىرايلىقلىقىنى بىلەتتى. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن يېڭى ھەۋەس بىلەن تەلەپنامىنىڭ يېزىلىشىغا ئالايىتەن كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ چىقتى. موڭغۇل يىگىتى كۆكەمۇ ئىنج ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغىلىشتىن ئىلگىرى ئۆز يۇرتى تېكەستە، چېدىر مەكتەپلىرىنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا بىلگىنىدەك ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەنمۇ پىششىق تونۇش ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭ خەت پۇچۇر-كىسىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ، ئاۋۋالقى ئورنىدىن سىرىلۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ يېنىغا كېلىۋالغانىدى. سىياسىي كومىسسار باتالىيون كوماندىرلىرىنىڭ ھەر ئىككىسىگە بۇ ئىككى پارچە تەلەپنامىنى يېقىن قىلىپ بېرىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە شاۋقۇنلۇق ئاۋاز بىلەن ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئوقۇپ بەردى. مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭ ئۆز باتالىيونىدىكى بارلىق جەڭچىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پولك شتابىغا كوللېكتىپ ھالدا يېزىپ كىرگۈزگەن تەلەپنامىسىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«بىرىنچى قېتىملىق سېپىل ئۈستى ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش پىلانىمىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، مۆلچەردىكى غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن بىز شۇ ئەھەل شەھەر ئىشغال قىلىنغانغا قەدەر سېپىلغا چىقىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى يەنە داۋام قىلدۇرۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە باشقىلەتتىن چوڭقۇر ھېس قىلغانىدۇق. ئىككىنچى قېتىملىق سېپىل ئۈستى ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇ-رۇلغانلىقى ئۆز نۆۋىتىدە، بولۇپمۇ بىزنى يەنە بىر قېتىم



خورسەن قىلدى. بالداق ئايرودرومىدا بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى ئېچىنىشلىق ئۇرۇشتا باتالىيونىمىزنىڭ شۇ يەرنى قوغداۋاتقان بىر روتىسى دۈشمەننىڭ دامىغا چۈشۈپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ شانلىق نامىغا بىرىنچى قېتىم ئېغىر داغ چۈشتى. بۇ داغنى بىزنىڭ باتالىيونىمىز بىۋاسىتە چۈشۈردى. جەنۇبىي بۆلۈنۈش قوشۇنىنىڭ ھەرقانداق بىر ھەربىي بۆلۈمىمۇ شۇ كەمگىچە مۇنداق ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ باقمىغانىدى. بالداقتىكى ئەنە شۇ ئۇرۇشنى ھەر بىر قېتىم كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن چاغدا بىز نومۇستا بىرىتۈلۈپ، پۈتۈن پولكىمىزدىكىلەر ئالدىدا، پۈتۈن ئاقسۇ خەلقى ئالدىدا تولىمۇ خىجىلچىلىق ھېس قىلىپ كەلدۇق. ئىككىنچى قېتىملىق سېپىلغا چىقىشنى بىز شۇ قېتىمقى خاتالىقىمىز ۋە مەغلۇبىيىتى-مىزنى يۇيۇپ تازىلىۋېتىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم پۇرسەت، دەپ ھېسابلايمىز. پولك شتابىمىزنىڭ ئوقچىلار باتالىيونىمىزنى تولۇق تەركىبى بىلەن سېپىلغا چىقىپ، گىرەلەشمە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا تەيىنلەپ، بىزنى بۇ پۇرسەت بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي نىيەت ۋە تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسلىدە تەلەپنامىگە ھەر بىر جەڭچى قولىنى كېسىپ، قېنىنى تېمىتماقچى ئىدى، ئاخىر بىز ھەر بىر ئىززوۋتتىن بىر كىشى شۇنداق قىلسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئايرىم جەڭچىلەرنىڭلا قان تېمىتىشىغا رۇخسەت قىلدۇق.»

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ تەلەپنامىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاياغىدىكى جىلىلىرىگە قايتىدىن يېنىش - يېنىش كۆز يۈگۈرتتى، ئاندىن چوڭقۇر تەبەسسۇم بىلەن سىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭدا يېزىلغان سۆزلەر نېمانچە كونكرېت، نېمانچە سەمىمىي! — دەۋەتتى.

— تېخى ئوھەدەت مۇتەللىمىنىڭ شەخسەن ئۆز نامىدا يازغان تەلەپنامىسىنى دېمەمسىز؟! — سۆز قىستۇردى قاسىمجان قەمبەرى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ تەلەپنامىسىنىمۇ يېڭىباشتىن قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوقۇشقا باشلىدى:

«مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىغا قاتنىشىپ، ل. مۇتەللىپ باشلىق ياش ئۇچقۇنلار بىلەن گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن كۈرەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغانىدىم. ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويغان ئۇلۇغۋار نىشانى ئاخىر مۇشۇنداق قانلىق جەڭ، قوراللىق كۈرەش ئىدى. مەن پۇرسەت يارىتىلىپ قېلىپ، گومىنداڭ ساقچىسىنىڭ تۇتقۇنىدىن قېچىپ قۇتۇلدۇم. ئەپسۇسكى، ھازىر ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا ۋە باشقا تۇتۇلغان ياش جەڭگىۋارلار بىز بىلەن بىللە ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ۋاقتىنى كۈتۈپ، ئەجەل بىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە ئۆزۈمدە ئۆلچەپسىز ئېغىر ئېچىنىش ۋە مۇسىبەت قايغۇسى ھېس قىلىمەن. مەن گومىنداڭ قاماقخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغانلارنى ئۆز قولۇم بىلەن قاتتىق جازالاشنى ئارزۇ قىلىمەن. بۇ تەلەپنى يۈرەك قېنىم بىلەن يېزىپ بېرىۋاتىمەن. ئەگەر ماقۇل تېپىلمىسا، پولك شتابىنىڭ ئۆزۈمنى مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بولدۇم، ئەمما خەلق ئۈچۈن بىر يارىماچىلىكنىمۇ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، دەپ ھېسابلايدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

تەلەپنامە ئوقۇلۇپ بولدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مەغرۇرلۇق ھېسسىياتقا تولۇپ، سەمىمىي كۈلۈمسىرەش بىلەن جىم ئولتۇرۇپ قالدى. سوۋاخۇن سوۋۇروۋ ئۇنىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئېلىپ، سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئىچىدە بۇ تەلەپنامىنى بوش شىۋىرلاش



بىلەن يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاسىمجان قەمبەرىنىڭ ئالدىدا قېلىن تىزىقلىق تۇرغان تەلەپنامىلەرنى ئۆز تەرىپىگە سۈرۈپ، ئۇلارنى ئارىلاپ - ئارىلاپ كۆرۈپ چىقتى. ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ:

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قاندۇرۇپ كېتىش تەس. قاندۇرمىساق دېمەك پەس بىلەن ئىشىمىز بولماي، ھەممەيلەن ئېگىزگە، سېپىلغا چىقىۋالساق بولىدۇ، بۇنداق قىلىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، — دېدى.

— باتالىيون كوماندىرلىرىدىن ئىككىسى سېپىلغا چىقسا بولىدۇ، — دېدى سوۋاخۇن سوۋۇروۋ ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ. — ئىككى باتالىيون جەڭچى سېپىل ئۈستىدە، ئاندىن يەنە شەھەر ئىچىدە ئۇرۇش قىلىدۇ. قالغان ئىككى باتالىيون جەڭچىسى قاچقان دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن سىرتقا سېپىلنى قورشاپ تۇرۇشى كېرەك.

— كۆكە بىلەن راشىدىنجان ئۆز باتالىيونلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ سېپىلغا چىقسۇن، — دېدى قاسىمجان قەمبەرى پىكىرلىشىشنىڭ ئاخىرقى يەكۈنىنى سىزىپتىمە. — قالغان كوماندىر ۋە جەڭچىلەرگە ئەھۋالنى سۆزلەپ قانائەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇلار سېپىل سىرتىدا قاچقان دۈشمەنلەرنى تۇتۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭنىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولسۇن.

— گەپ ئەنە شۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ كۆكە بىلەن راشىدىنجاننىڭ ئاتلىرىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ. — سىلەر ئىككىڭلار سېپىلغا چىقىسىلەر. ھەر ئىككىڭلارنىڭ باتالىيونلىرىدىن ئىككىدىن روتا سېپىل ئۈستى ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ، بۇ ئۇرۇشنى ئەتە ئاخشام ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىمىز، بۇنى ئۆز باتالىيونىڭلاردىكى جەڭچىلەرگە ھەربىي بۇيرۇق تەرىقىسىدە

جاكارلاڭلار! سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار ئىككىدىن شوتىنى ئې-كىتىپ، بۈگۈندىن تارتىپ، ئەتە كەچكىچە سېپىلغا ئۆرلەشنىڭ رەسمىي مەشقىنى ئېلىپ بېرىڭلار! كۆكە، سىزنىڭ ھۇجۇمچى باتالىيونىڭىزنىڭ ئىككى روتىسى سېپىلغا شەھەرنىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىن، راشىدىنجان، سىزنىڭ قىلىچۋازلار باتال-يونىڭىزنىڭ ئىككى روتىسى شىمال ۋە غەربلىرىدىن چىقىدۇ. ئاخىرقى گەپ ئەنە شۇ، ھازىردىن تارتىپ تەييارلىققا كىرى-شىڭلار! ئانچە ھايال بولماي، بىز شتابلىرىڭىزلارغا بارىمىز.

باتالىيون كوماندىرلىرى دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سىياسىي كومىسسارلار بىلەن پولك كوماندىرىغا ئايرىم - ئايرىم چاس بەردى ۋە خۇشال ھالدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۆز شتابلىرىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن مەغرۇر قەدەملەر بىلەن سىرتقا ماڭدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سېپىلغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھايات - مامات ئوتتۇرىسىدىكى قىسقا مۇساپىلىق كەسكىن جەڭ ئىكەنلى-كىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە بىر قېتىم خەيرلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى توختىتىپ بىرمۇ بىر قۇچاقلىدى. قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋلارمۇ شۇ مەھەل كېلىپ، بۇ ئىككى قەيسەر كوماندىر بىلەن ئارقىمۇ ئارقا قۇچاقلاشتى. كۆكە بىلەن راشىدىنجان پولك رەھبەرلىرى ئالدىدىن ئۇزاپ، دادىل قەدەملەر بىلەن باتالىيون شتابلىرى تەرەپكە كېتىۋاتقان چاغدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋلار قىز-غىن سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كۆز ئۈز-مەي خېلىغىچە قارىدى. باتالىيون كوماندىرلىرى چوڭقۇر ھايا-جان ئىلكىدە ئۈن - تىنسىز تەڭ قەدەم تاشلاپ ماڭماقتا ئىدى. شۇ تاپتا چوڭ چامداملار بىلەن كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز باتالىيونلىرىغا بالدۇراق يېتىپ بېرىپ، سېپىلغا چىقىشنىڭ بىر قىسىم تەييارلىقلىرىنى ھازىردىن تارتىپلا تېز



ۋە پۇختىراق ئىشلىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، بىئىختىيار ئۆز - ئۆزىگە گۇدۇڭشىپ:

«كۆكە موڭغۇل يىگىتى، — دېدى ئۇ، — بۇ قەيسەر يىگىت بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان بۇ يەردە ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئۇ يەنە بۇ قېتىم سېپىلغا چىقىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. كۆكە سېپىل ئۈستىدىكىدەك نازۇك جايدا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدىكەن، ئەلۋەتتە ئۆلۈمنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق، بىرلا يېگانە مەقسەت، گومىنداڭغا قارشى چەكسىز كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت، ئېزىلگەن ئاچ - يالىڭاچ موڭغۇل خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى قان - قېرىنداشلارچە يېقىن دوستلۇق ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندىمەكتە...»

## كۈتۈلمىگەن رادىئوگرامما

پولك كوماندىرى سوپاخۇن سوۋۇروۋ ھۇجۇمچى قىلىچۋازلار باتالىيونلىرىغا بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇرۇش سېپىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ، كانۋېيى بىلەن بىللە سېپىل تەرەپكە كەتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن قاسىمجان قەمبىرى سېپىل ئۈستىدە قىلىنىدىغان يېڭى ھۇجۇمنىڭ يەنە باشقا تەييارلىقلىرى ئۈستىدە بىر قۇر مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن پولك شتابىنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا ئۆتۈپ، شوتىلارنى ئاخىرقى قېتىم تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى. دەل شۇ ۋاقىتتا ھۇجۇمچى باتالىيون بىلەن قىلىچۋازلار باتالىيونىدىن شوتىلارنى ئەكىتىشكە ئونغا يېقىن جەڭچى كېلىپ قالدى. شوتىلار بۇ باتالىيونلارغا

ئاپىرىلىپ، سېپىلغا چىقىشنىڭ رەسمىي مەشقلىرى باشلىۋېتىلىشى كېرەك ئىدى. قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سوپاخۇن سوۋۇروۋلار بىلەن ئىلگىرى قىلىشقان مەسلىھەتلىرىگە ئاساسەن، غۇلجىنى ئىككىنچى قېتىملىق سېپىلغا چىقىش پىلانى-دىن خەۋەردار قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە رادىئوگرامما تېكىستى يېزىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئىشخانىغا تەرەپكە ماڭغانىدى، رادىست ئۈشتۈمتۇت ئۇنىڭ ئالدىغا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىن رادىئوگرامما ئارقىلىق يېڭى ئۆزگەرتىلگەن جىددىي بۇيرۇقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قالدى. سىياسىي كومىسسارلار رادىئوگراممىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى - دە، ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. سوپاخۇن سوۋۇروۋنىمۇ چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن شۇ ھامان ئالدىنقى ئۇرۇش سېپىگە ئادەم ماڭدۇرۇلدى. ھۇجۇمچى باتالىيون بىلەن قىلىچۋازلار باتالىيونىدىن كەلگەن جەڭچىلەر قايتۇرۇۋېتىلىپ، شوتىلار يەنە تەۋرىتىلمەي ئاۋۋالقىدەك شتاب يېنىدا قالدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن ياغاچچى جەڭچىلەرمۇ، پولك شتابى ئىچىدىكى شىرتا تەييار-لاشقا ئالاقىدار باشقا جەڭچىلەر ۋە ئوفىتسېرلەرمۇ چۈشىنىكسىز ھېس قىلىپ ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. شۇن-داق قىلىپ، بۇ يەردە يېڭىلا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قىزغىنلىق ۋە ھەر بىر كىشىدە ئىنتايىن روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرغان چەبدەسلىك بىردىن پەسىيىپ، شتاب ئىچى جىمىپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى. ياغاچچى جەڭچىلەر قىسقا مۇددەتتە ياساپ پۈتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان، ئاخىرقى ھېسابتا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكتۈرۈلمەي ئەقىل - پاراسەت ۋە تەر سىڭدۈرۈلۈپ تۈزۈپ، راسا نىيەتتىكىدەك پۈتكۈزۈپ چىقىلغان جەڭ شوتىلىرى-نىڭ ئۆز جايىدا قالدۇرۇلۇپ قويۇلغانلىقىدىن تېڭىرقاپ



قىلىشتى. ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزئارا سوراپ بىلمەكچى بولدى. شتابنىڭ نۆۋەتچى ئوفىتسېرلىرىدىن سوراپمۇ بېقىشتى. بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلىگۈدەك كىشى چىقمىدى.

غۇلجىدىن بۇ قېتىم كەلگەن رادىئوگرامما تامامەن يېڭى، ھېچكىم شۇ چاغقىچە ئويلىنىپ باقمىغان مەزمۇندا بولۇپ، ئۇ بويىچە ئاقسۇدىكى ۋە بەلكى پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئۇرۇش پىلانلىرىنى، شۇ جۈملىدىن ئەتە ئاخشام ئىجرا قىلىنىشى بەلگى-لىنىپ بولغان نۆۋەتتىكى سېپىلغا چىقىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىدى-كىلەرگىلا ئەمەس، پۈتۈن ئاقسۇ خەلقىگە ۋە بۇ يەردە 30 نەچچە كۈندىن بۇيان مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋام قىلدۇرۇلۇپ كەلگەن تەڭلىك ۋە ئەركىنلىك يولىدىكى ئۇرۇشقا ئۈمىد-ۋارلىق نەزەرى بىلەن قاراپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇرماي قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما رادىئوگراممىدىكى سۆزلەر قەتئىي بولۇپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۈچۈن ئىجرا قىلىشقا تېگىش-لىك ناھايىتى كەسكىن ۋە دەررەسمە تەلەپ قىلىنمايدىغان ھەربىي بۇيرۇق ئىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇ فرونتىدىكى پولكىغا، — دېيىلگەن-ىدى رادىئوگراممىدا، — سىلەر يېڭى ئۇرۇش پىلانىڭلارغا ئاساسەن بىر غەلىبىدىن يەنە بىر غەلىبىگە قاراپ، تېز ئالغا ئىلگىرىلە-ۋاتقان ۋاقىتىڭلاردا ئۇرۇش توختىتىشقا توغرا كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇش سىلەرگە، كوماندىرلاردىن تارتىپ بارلىق جەڭچىلەرگە كۈتۈلمىگەن ھادىسە بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بىزگە شۇنداق قىلىشنى، يەنى بارلىق مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكىلەرگە ئاقسۇدىلا ئەمەس، بەلكى دۈشمەنگە قارشى تىنىمسىز ئوت ئېچىلىۋاتقان شىمال، شەرق، قىسقىسى،

بارلىق فرونتلاردا ئۇرۇش توختىتىشنى ئالاھىدە شەرت قىلىپ قويماقتا. لېكىن كۆرەش بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز توختاپ كەتمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئېلىپ بېرىلىش شەكلىلا ئۆزگىرىدۇ، خالاس. بۇندىن كېيىن بىز گومىنداڭ بىلەن ئۈستەل ئۈستى كۆرىشى، تەلەپلىرىمىز قاندۇرۇلغان ئەھۋالدا سۈلھىگە كېلىش سۆھبىتى ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىمىز. لېكىن بۇنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقى سۈپىتىدە بارلىق فرونتلاردا ئۇرۇش توختىتىشقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئەلۋەتتە سىلەرگە چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى قوراللىق كۆرەش توختىغاندىلا ئاندىن سۆھبەتكە يول ئېچىلىدۇ، ئەمەسمۇ؟ سىلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، بۇ رادىئوگراممىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان ئۇرۇشنى توختىتىشىڭلار ۋە تېزلىك بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە قايتىشىڭلار كېرەك. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ ئۆز پايدىسىغا پۇرسەت يارىتىۋالماسلىقى ئۈچۈن، سەگەكلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۇلارغا كىچىككىنىمۇ يوچۇق قالدۇرماسلىققا دىققەت قىلىشىڭلار لازىم!»

رادىئوگراممىنىڭ داۋامىدا ئۇرۇش توختىتىپ، تىنچلىق سۆھبىتى تەرەپكە يۈزلىنىشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىدىكى سەۋەبلەر تەپسىلىي بايان قىلىنىپ كېلىپ مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ياۋروپادا گىتلېر گېرمانىيىسى بىلەن مۇسسولىنى ئىتالىيىسى، ئاسىيادا ياپون باسمىچىلىرىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشى بىلەن دۇنيادا ئۇرۇش ئاپىتى پەيدا قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتلەر ئۇزۇل-كېسىل گۇمران بولدى. فاشىزم بارلىق بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى ئىدى. بۇ مەنبەنىڭ تۈگىتىلىشى بىلەن ئۇرۇش ئوچاقلىرى جىمىقىپ، دۇنيا ھازىر ۋاقىتلىق تىنچلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىكەن، بىزگىمۇ بۇ يەردە ئۇرۇش توختىتىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى جاڭ جيېشى يېقىندا رادىئو نۇتقى



سۆزلەپ، بىزگە ئۇرۇش توختىتىپ، ئۆزلىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى مۇراجىئەت قىلدى. گومىنداڭنىڭ سۆزىگىلا ئەمەس، ھەتتا قەسىمىگە ئىشەنگىلى بولامسىمۇ. لېكىن، بىز دۇنيادا تىنچلىق دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇرۇش توختىتىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدۇق.»

رادىئوگرامما ئەنە شۇنداق ئوچۇق - يورۇق گەپ - سۆزلەر بىلەن بېرىلگەنىدى. لېكىن ئۇ پولك شتابىدا قىسقا بىر مەزگىل تېڭىرقاش ۋە ھەيرانلىق پەيدا قىلماي قويمىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ چوڭقۇر ئوي بىلەن چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەم ئۈستەلگە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. قاسىمجان قەمبىرى ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك كۆزىنى ئۇۋۇلاپ - ئۇۋۇلاپ، رادىئوگراممىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى. ئاڭغىچە سوپاخۇن سوۋۇروۋمۇ ئالدىنقى سەپ — سېپىل ئەتراپىدىن پولك شتابىغا قايتىپ كەلدى. شۇندىن كېيىن ھېلىلا سېپىل ئۈستى ئۇرۇشنى تەشكىللەش ئۈستىدە ئىنتايىن قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلغان ئىشخانىدا ئەمدى ئۇنىڭ تامامەن ئەكسىچە ئۇرۇشنى بىر يولى توختىتىپ، ئاقسۇ فرونتىدىن قايتىپ كېتىش مەسىلىسى سۆزلىنىشكە باشلىدى.

— مانا بۇ رادىئوگرامما، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ئىشداشلىرىغا غۇلجىدىن ئەۋەتىلگەن يېڭى كۆرسەتمىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئىچىدە بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى بۇيرۇق. بىز ئەمدى ئاقسۇدىن كېتىشىمىز كېرەك، شۇنداقمۇ؟ ئەتە، ئەگەر بۇ ئىككى كۈن كېچىكىپ كەلگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!؟ ئەتە ئاخشام سېپىلغا چىقاتتۇق، شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرەتتۇق، يېڭىشەھەرنىڭ ئىشغال قىلىنىشى بىلەن پۈتۈن بىر ئاقسۇ ۋىلايىتى ئازاد قىلىناتتى. بۇنىڭغا ئەمدى نېمە ئىلاج؟

رادىئوگراممىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇيرۇق، ئۇرۇش توختىتىشنىڭ زورۇر بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە بايان قىلىنغان سەۋەبلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئىككىنچى بىر جۈملە بويىچە ئېيتقاندا يەنىلا بۇيرۇق، چۈنكى بۇ سەۋەبلەر بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئىزاھات بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، خالاس!...

— بىز شتابتىكىلەر ئۇرۇش توختىتىشقا دەمالى ماقۇل بولمايۋاتقان يەردە، جەڭچىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىن رايىنى ئېلىش تېخىمۇ تەس، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى ئەسكەرتىپ تۇرۇپ، — ئۇلارغا ئۇرۇش توختىتىپ، ئاقسۇدىن بىر يولى كېتىشنى ئېيتىش تولىمۇ ئەپسىز، مۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىش بىلەن باراۋەر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

— مەن ئالدىنقى سەپكە كېتىۋېتىشتە ھۇجۇمچى باتالىيونغا كىرىپ ئۆتكەنىدىم، — دېدى سوپاخۇن سوۋۇروۋ ئىزاھات ئورنىدا سۆزلەپ، — كۆكە سېپىلغا چىقىشنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغانلىقىنى مەلۇم قىلغانىكەن، پۈتۈن باتالىيون خۇشال بولۇپ، قىقاس - چۇقان كۆتۈرگىلى تۇرۇپتۇ. بىرنەچچە جەڭچى خۇرسەنچىلىكىگە پايلىماي ئۆم بولۇپ كېلىپ، كۆكەنى گەجگىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ.

— مانا بۇ ھەقىقىي ئەھۋال، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، — جەڭچىلەرنى ئۇرۇش توختىتىشقا ماقۇللاتماستىن تۇرۇپ، ئۇلارغا ئاقسۇدىن كېتىشنى ئېيتىش ناھايىتى تەس.

— بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىرىماسلىق كېرەك، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى، — ئاز دېگەندە يەنە بۈگۈن - ئەتە ئىككى كۈن تۇرۇش كېرەك. بۇ جەرياندا بىز بىر تەرەپتىن، جەڭچىلەرنى يىغىپ، ئۇرۇش توختىتىشنىڭ زورۇر بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشىمىز؛ ئىككىنچى تەرەپتىن، تەدرىجىي قايتىش تەييارلىقىنى ئىشلىشىمىز كېرەك.



— لېكىن، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاباسوپ قوشۇمچە ئىزاھات بېرىپ، — قايتىپ كېتىش ئارىلىقىنچە رادىئوگراممىدا ئېيتىلغىنىدەك بۇ ئىشلارنى دۈشمەندىن سىر تۇتۇشىمىز لازىم، بولمىسا ئۇلار بۇ كەمگىچە بىزدىن يەپ كەلگەن دەككىسىنىڭ قىساسى ئۈچۈن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىزگە كۈتۈلمىگەن قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلىپ بېرىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ گومىنداڭچىلارغا قارىتا ئېيتقاندا مۇنداق قىلىش ناھايىتى مۇھىم. ئۇلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرسىمۇ غەلىبە قىلىۋاتىمىز دېيىشكە ئامراق، تىلى كۆيمەس يۈزسىزلەر.

سىياسىي كومىسسارلار بىلەن پولك كوماندىرى ئاخىر تولۇق بىر پىكىرگە كەلدى. ئۇرۇش ئوتىنى ئۆگۈنلۈككە تاڭ سەھەر بىلەن توختىتىپ يولغا چىقىش قارار قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئىلگىرى كۆكە باتالىيونى بىلەن راشىدىنجان باتالىيونىنى يېڭى رادىئوگراممىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار سېپىلغا چىقىشقا بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ستراتېگىيىلىك ھۇجۇم بولۇپ، بۇ باتالىيونلارغا مەلۇم قىلىنغانىدى. ئۇلار ئۇرۇش توختىتىشقا ماقۇللىتالىسىلا باشقا ھەربىي بۆلۈنمىلەردە بۇ جەھەتتىن ئارتۇقچە پىكىر ئىختىلاپى قالمايتتى. كۆكە، راشىدىنجانلار دەرھال پولك شتابىغا چاقىرتىپ كېلىندى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ئۇلارغا ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا بىر قۇر سۆزلەپ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇپ چىقىشى ئۈچۈن رادىئوگراممىنى قوللىرىغا بەردى. كۆكە ئوقۇپ بولۇپ شۇ ھامان:

— ئۇھ! — دەۋەتتى چوڭقۇر ئارمان بىلەن، — بىز پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىش نىشانى بويىچە بۇ يەردە توپتوغرا 32 كۈن ئۇرۇش قىلدۇق. نۇرغۇن دۈشمەننى يوقاتتۇق، لېكىن ئۆزىمىز ئاز قۇربان بەرمىدۇق. ئىسسىت، شۇ

قۇربانلارنىڭ ھاياتىغا... ئىست، قالغىنىنىڭ ئۆلۈمىگە!... ئەمدى شۇ كىشىلەرنىڭ قانلىرى بىھۇدە ئاققان بولامدۇ؟ جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانى يوققا چىقامدۇ؟

— ياق كۆكە، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ،— چۈشەندۈردى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، — بۇ ھەرگىز ئارمانىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. گومىنداڭچىلارنىڭ سولھ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇشى ئىنقىلاب قۇربانلىرىنىڭ قوراللىق كۈرەشكە ئۆز ھاياتىنى بىھۇدە تەقدىم قىلمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. گومىنداڭ ئۆز ئازادلىقى يولىدا جەڭ قورالى كۆتۈرگەن خەلقتىن قورقتى. جياڭ جيېشى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا رادىئو نۇتقى سۆزلەشكە مەجبۇر بولۇپ، ھۆرلۈك، تەڭ-كىنلىك ئۈچۈن غازات جېڭىغا ئاتلانغان خەلقلەردىن قورقۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. دېمەك، ئۇرۇش توختىتىشنىڭ ئۆزى بىزنىڭ غالىبانە يۈرۈشتىن يېرىم يولدا توختاپ قالغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە دۈشمەندىن ئۈستۈن كەلگەنلىكىمىزنى، غەلىبە قىلغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ...

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ نېمىنىدۇ ئويلاپ سۆزلەشتىن توختاپ قالدى. قاسىمجان قەمبىرى سۆز ئۇلاپ قوشۇمچە قىلىپ:

— كۆكە، راشىدىنجان، سىلەر بۇ مەسىلىنى مۇشۇنداق چۈشىنىپلا قالماي، باتالىيونلاردىكى جەڭچىلەرگىمۇ خۇددى شۇنداق چۈشەندۈرۈڭلار، — دېدى.

— كۆكە سەن راشىدىنجان بىلەن رادىئوگراممىنى ئايرىم ئوقۇپ چىقىڭلار، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باتالىيونلارنىڭ بۇ ئىككى كوماندىرىغا جېكىپ، — ئۇنىڭدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى بۇيرۇق. مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى بولغان ھەربىر كىشى ئۇنىڭدىكى كۆرسەتمىلەرنى شەرتسىز ئىجرا قىلىشى كېرەك!...

سۆز توختىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ باتالىيون



كوماندىرلىرى ئۈچۈن شتابتىن قايتما بولىدىغانلىقىغا بەلگە بولدى. كۆكە بىلەن راشىدىنجان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پولك رەھبەرلىرىگە چاس بېرىپ، ئىشخانىدىن قوزغالدى. قاسىمجان قەمبىرى ئۇلارنى بىرئاز توختىتىپ تۇرۇپ، ھەربىي بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

— سىلەرنىڭ باتالىيونىڭلار ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئوقچى باتالىيونلاردىن سېپىلنى قورشاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئاۋۋال، بىز ئۈچىمىز بۆلۈنۈپ، سىلەرنىڭ شتابىڭلارغا بارىمىز، — دېدى ئۇ، — ئاڭغىچە سىلەر جەڭچىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ تۇرۇڭلار. ئۇلارغا ئۇرۇش توختىتىپ، بۇ يەردىن قايتىش تەييارلىقىنى ئىشلەش توغرىسىدا سۆز قىلىمىز. باتالىيونلارنى بۈگۈنكى رادىئوگراممىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلىمىز.

— خوپ، — كۆكە بىلەن راشىدىنجان تەڭمۇ تەڭ چاس بېرىپ، دادىل قەدەملەر بىلەن لېكىن روھىي جەھەتتىن خېلى بوشاشقان ھالدا پولك شتابىدىن چىقىپ، ئۆز باتالىيونلىرى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. قايتىش تەييارلىقى دۈشمەنگە قارشى بىرەر ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەييارلىقىدەك جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. چۈنكى رادىئوگرامما مىللىي ئارمىيە پولكىدىن ئۇرۇشنى تېز توختىتىپ، چاپسانراق قايتىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنى ئاستا ئىشلەپ، كەينىگە سۈرۈۋېرىش ھەربىي تاكتىكا نۇقتىسىنەزەرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا زور خاتالىق ھېسابلىناتتى. يۇقىرىدىن ئېيتىلغاندەك، ئەگەر بۇنداق قىلىنسا دۈشمەن تەرەپ بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ، كۈتۈلمىگەن پۇتلا-كاشاڭ ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. قايتىش تەييارلىقى ئىچىدە جەڭچىلەرنى ئۇرۇش توختىتىشقا كۆندۈرۈش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بۇ خىزمەت دەسلەپ

ۋەزىيەتلەردە، ئاندىن روتا ۋە باتالىيونلاردا بىر تۇتاش مەجلىسلەر ئېچىپ، جەڭچىلەرگە قايتا - قايتا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ھەل قىلىندى. ئاندىن كېيىنكى خىزمەتلەر كونىشەھەر ۋاقىتلىق ھەربىي بالنىتسىيەدە داۋالىنىۋاتقان يارىدار جەڭچىلەرنى ئىلى تەرەپكە ئەكېتىش ئۈچۈن ئالدىنئالا يولغا سېلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆز لايىقىدا يۇمشاق چىرىق ۋە ئاسلىكلار تەييارلاش. كونىشەھەر ئىنقىلابىي ساقچى ئىدارىسىدە قامىلىپ ياتقان مەھبۇسلارنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئاخىرقى ھۆكۈم ئېلان قىلىش ئىشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرىنى كېيىنكى كۈنلەردە يېڭىشەھەردىن ئىنقىلابىي بازا ئىچىگە مەخپىي مەلۇمات توپلاش ئۈچۈن كىرگۈزۈلگەن ئىشپىيونلار، ئەمەلىي ھەرىكەت ئۈستىدە تۇتۇلغان ھەربىي رازۋېتكىچىلار تەشكىل قىلىپ، قالغان ئاز قىسمىنى گۇمان بىلەن قاماپ قويۇلغان كىشىلەر ئىگىلەيتتى. ئىنقىلاب مەنپەئەتى مىللىي ئارمىيە پولكىدىن دۈشمەن ئۇنسۇرلىرىغا قىلچە رەھىم قىلماسلىقنى تەلەپ قىلاتتى. ئاخىر نەتىجىدە، مۇنداق كىشىلەر ئەڭ كېيىنكى ھۆكۈمگە ئاساسەن قاتتىق جازاغا تارتىلىپ، قوراللىق كۆرەشنىڭ ئىنتايىن ئۈزۈل - كېسىللىكى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىندى. گۇمان بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر قاماقتىن چىقىرىلىپ، شەخسىي تەلەپلىرىگە ئاساسەن ئۇلار مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇۋېلىندى. يارىدار جەڭچىلەر ئاتلارغا چېتىلغان يۇمشاق ئاسلىكا ياكى چىرىقلارغا سېلىنىپ، ئالدىنئالا ماڭدۇرۇۋېتىلدى. بىراق بۇ كىشىلەر ئىچىدە مەيدىسىگە ئوق تېگىپ، قاتتىق زەخمىلەنگەن، قورساق قىسمىدىن يارىدارلىنىپ، جايىدىن قوزغاتقىلى بولمايدىغان ئېغىر يارىدارلارمۇ بار ئىدى. قارىماققا ئۇلارنى ئەكېتىپ، يول ئۈستى ئازابىغا قويغۇچە، ئەكسىچە



ئۇلارنى پاناھلىق جايلارغا قالدۇرۇپ قويۇپ، خەلق ئىچىدە يوشۇرۇن داۋالاشمۇ ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ جەنۇبىي بۆلۈنلىش پولكى قالدۇرۇپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان ھالدا چوڭقۇر ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئايرىم ئائىلىلارنى قىلىپ، بۇ كىشىلەرنى ئەكېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ كۆردى. بىراق، ئېغىر يارىدارلار شەخسەن ئۆزلىرى بۇنىڭغا قەتئىي ماقۇل بولماي تۇرۇۋالدى.

— ئەكېتىش بىلەن ئەكەتمەسلىكنىڭ بىز ئۈچۈن ھېچقانداق پەرقى يوق، — دېدى ئۇلار، — بىز بەربىر ساقايالمايمىز. ئۆز ۋاقتىدا بىز كۆرەشكە جېنىمىزنى ئاتاپ، مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ كىرگەنىدۇق. ھېلىمۇ ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمىزكى، جېنىمىزنى ھەرگىز ئاياپ تۇرمايمىز. سىلەر بىز ئۈچۈن ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭلار، بىزنى ئەكېتىشكە كۆرسىتىۋاتقان غەمخورلۇقۇڭلارغا تۈمەنمىڭ رەھمەت...

ئۇلارنىڭ ئىپتىقادلىرى قەتئىي ئىدى. ھەقىقەتەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئاغرىقىنى ساقايتقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قايتىش ۋاقتىدا بېسىپ ئۆتىدىغان يولى تاغمۇ تاشلىق، ئەگرى - بۈگرى جىرا ۋە ئېگىز - پەس داۋانلىق ھەتتا مۇز داۋانغا ئوخشاش قارلىق چوققا ۋە خەتەرلىك ئۆتكەللەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يوللاردا راسا پەخەس بولمىسا چىرىق بىلەنمۇ ماڭغىلى بولماي قالاتتى. ئاخىر بۇ كىشىلەر بىر قىسىم كونىشەھەرلىك تېۋىپ ۋە يەرلىك دوختۇرلارنىڭ قاتتىق تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كۆچۈرۈپ قويۇلدى. ئىككىنچى قېتىملىق سېپىل ئۈستى جېڭى ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرۇپ ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئەپچىللىكتە ياساپ چىقىلغان ئوت دانە شوتا تېخىچە پولك شتابىنىڭ بېغىدا تۇراتتى. ئۇلارنى بۇزۇۋېتىش ياساشقا قارىغاندا ناھايىتى

ئاسان ئىدى. ئەگەر بۇ ستراتېگىيىلىك شوتىلار شۇ پېتى قالدۇرۇپ قويۇلسا، گومىنداڭ پولكىمدىكىلەر بىلەن گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر ئەتە ـ ئۆگۈن بۇلارنى كۆرۈپ، «شوتا ياساش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەپتۇ. ئەمما سېپىلغا تىكلەپ ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ» دەپ، مەقسەتلىك ھالدا پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى چۇۋۇۋېتىشكە كۆزى قىيمىسىمۇ، ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىپ تۇرۇپ، شۇ كۈنىلا ئۇلارنى چۇۋۇپ تاشلىدى.

قايتىش تەييارلىقى شۇ يوسۇندا ئىشلىنىپ بولدى. بۇ ئىشلار جىددىيلىك بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدىلا قىلىنىپ قولدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئەمدى كەپ سېپىل ئەتراپىدا بىر ئايدىن كۆپرەك داۋام قىلدۇرۇلغان ھەربىي مۇھاسىرىنى قانداق قىلىپ بىر يولى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۈتۈن جەنۇبىي يۈنىلىش پولكى بويىچە سەپ تارتىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ، تيانشاننىڭ شىمالىغا مېڭىشتا، ئاقسۇدىن قايتىشتا قالدى. بۇ يەنە جەڭچىلەردە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نارازىلىق تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىپ، ھەربىي بۆلۈنمىلەردە مەيۈسلۈك ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىپ قويۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىدى. لېكىن، دۈشمەن تەرەپكە كەلگەندە، ئۇلار دەسلەپكى بىرنەچچە سائەت ئارىلىقىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇھاسىرىنى تاشلاپ قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قەتئىي بىلمەسلىكى كېرەك. بولمىسا ئوتتۇرىدىن يوچۇق ئېچىلىپ، ئۇلارغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈۋېلىش پۇرسىتى تۇغۇلۇپ قېلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش يېڭىباشتىن ئەۋجىگە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ تىنچ ـ ئامان قايتىۋېلىش بىلەن يېڭىباشتىن ئۇرۇش ئوتى ئىچىگە كىرىپ كېتىشتىن ئىبارەت كەسكىن زىددىيەتلىك ئىككى خىل مەسىلە ئىدى. مۇشۇ ئىش يۈزىسىدىن بۈگۈن كەچ پولك شتابىغا بارلىق باتالىيون،



روتا كوماندىرلىرى بىلەن سىياسىي يېتەكچىلەر ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىسقا يىغىلىش ئۈچۈن چاقىرىپ كېلىندى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ يىغىلىشتا بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلاپ، ئۇلارغا ئۇرۇش توختىتىپ، قايتىپ كېتىش ۋاقتىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە شەرتلەرنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتتى.

— بۈگۈن كېچە، — دېدى ئۇ شتاب ئىشخانىسىغا تولغان ئوفىتسېرلەرگە جىددىي قاراپ، — مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇدا ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى. بىز بۇ يەردىن تۈن يېرىمى باش توخۇ ۋاقتى بىلەن مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى بوشىتىپ قايتىشقا باشلايمىز. بىراق بۇ يەردىن ھەممىمىزنىڭ بىرلا ۋاقىتتا كېتىشىمىزگە بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن سېپىل ئەتراپىدا ئاز دېگەندە بىر روتا جەڭچى قېلىپ، بىزنىڭ تېخىچە سېپىل ئەتراپىدا بارلىقىمىزنى ئىپادىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەنگە قارىلاپ ـ ئارىلاپ ئوق ئېتىپ تۇرۇشى كېرەك. مانا بۇ قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى مەسىلە. ئاندىن قالسا ئىككىنچى مەسىلە. قايتىش شاۋقۇنسىز، شەپىسىز، تەرتىپلىك بولۇش كېرەك. سىلەر ئەمدى بۇ گەپلىرىمدىن چۈشىنىڭ بەزى ھاللاردا قوراشتۇرۇشتىن مۇشكۈل بولىدىكەن. قايتىشنىڭمۇ كېلىشتىن قىيىن بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتقان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ئارىمىزدا قايتىشقا ھېلىھەم نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى يوق دەپ ئېيتىشقا ھېچ قايسىمىز ھەقلىق ئەمەسمىز. مۇنداق كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز پىكرىنى قايتىشقا ئوچۇق ـ ئاشكارا بويۇن تولغاش يولى بىلەن ئەمەس، ھەربىي قائىدىمىزگە ئاساسەن، ئاغزاكى بايان قىلىش ئارقىلىق بىزگە مەلۇم قىلىشى زۆرۈر. بۇ ھەممىدىن مۇھىم نۇقتا. بۇنىڭ ئۆزى بۇيرۇق. بۇنى ھەربىي جەڭچى تولۇق چۈشەنگەن بولۇشى، تېخىچە چۈشەنمەيۋاتقان بولسا ئۇلارغا سىياسىي خىزمەت ئوفىتسېرلىرى تەرىپىدىن كېچىكتۈرۈل

مەي يەنە بىر قېتىم ۋە ھەتتا تەكرار - تەكرار چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك. بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا ئىختىيارلىرى بىلەن كېلىپ، 30 نەچچە كۈندىن بۇيان پولك شتابى، باتالىيون، روتىلاردا بەجانىدىل خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئاشپەز، ناۋاي، كىيىم تىككۈچى، ساتىراش ۋە مال باقارلارغا كەلسەك ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 80 - 90 كىشىگە يېتىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئاز ئەمەس. بۇ كىشىلەردىن بىز بىلەن كەتمەكچى بولغانلار كەتسە بولىدۇ. بىز ئۇلارنى ئات بىلەن تەمىنلەيمىز. ئەگەر ئەل - يۇرت، ئۆي - ۋاقى، مۈلكى - مىراس ۋە بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قېيىقىلىشنى خالىمىغۇچىلار بولسا ئۇنىڭغىمۇ مەيلى. شتابىمىزنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، باتالىيون، روتىلارنىڭ خوجىلىق ئوفىتسېرلىرى مۇنداق كىشىلەرگە ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان زاپاس تەمىناتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى، 40 - 50 جىڭدىن ئۇن، گۈرۈچ، بىرنەچچىدىن قوي، كىگىز - قات، ياغ ۋە ئوتۇن قالدۇرۇپ قويۇشى كېرەك. لېكىن ھەممىدىن زۆرۈرى، قالىدىغان كىشىلەرگە سىلەر ھەرقايسىڭلار گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆچ ئېلىش جازاسى بېرىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار. ئۇلار بۇ جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلسۇن. بۇ ئۈچىنچى مەسىلە.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ سۆزى تۈگىدى، ئاندىن قاسىمجان قەمبىرى قوشۇمچە كۆرسەتمە بېرىپ تۇرۇپ:

— ھەربىي يىگىتلەر، — دېدى ئۇ، — خەلقتىن ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى، مەيلى ئۇلار چوڭ ۋە يۇللۇق ۋە مەيلى كىچىك، پۇلغا ئەرزىمىگۈدەك ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. قىسقىسى، يىڭنە، قايچا، پالتا، جۇۋالدۇزغا ئوخشاش نەرسىلەر بولسىمۇ جەڭچىلەرنىڭ قولىدا



قېپقالمىسۇن. بىز كەتكەندىن كېيىن دۈشمەنلەر مەلۇم ھەربىي قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە بىز تۇرغان جاي ۋە ئۆيلەرنى تىمىسقىلاپ تەكشۈرۈشى چوقۇم. شۇڭا، سىلەر بىر ۋاراق قەغەز، بىر قۇر خەت، بىر تال ئوق پىستىنى چاغلىق نەرسىلەرنىمۇ تاشلىۋەتمەي، يىغىۋېلىشىڭلار كېرەك... جەڭچىلىرىمىزنىڭ زور كۆپچىلىكىنى ئاقسۇ كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەرلىك ياشلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ قايتماقچى بولغانلىقىمىز توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىۋېلىشقا ئالدىراپ، ئۆيلىرىگە بېرىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىشلىرى مۇمكىن، شۇڭا سىلەر مۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قايتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىتىش بىلەن بىللە ھازىرچە ئۆيلىرىگە بېرىپ كېلىشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنىمۇ ئۇقتۇرۇۋېتىشىڭلار كېرەك. بولمىسا 5 - ئاتلىق پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى قايتماستىن تۇرۇپ، قايتىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ئالدىن خەۋەر تېپىۋېلىشى، بۇنىڭ بىلەن رەتلىك قايتىشىمىزغا ھەر خىل يوللار بىلەن پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلىپ قويۇشى، ھەتتا ئۇلار قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە بىز بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىۋاتقاندەك ئەكس تەسىرات كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن.

— مۇنداق دېمەكلىكىمنىڭ ئۆزى، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى تەكىتلەپ تۇرۇپ، — ئەمدى ئۇرۇش توختىتىپ قايتىمىز دەۋاتقانىكەنمىز، مۇمكىنقەدەر تىنچ، تەرتىپلىك قايتىشىمىز كېرەك، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يېڭى رادىئوگرامما كەلگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن بىز ئۇرۇش قىلمىمىز دېگەن مەيداندا تۇرغانىدۇق، ھەقىقەتەن بۇكەمگىچە ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلدۇق. قېيىردىن ئۆتتۈپ، بىر ئاي ئون كۈندەك ۋاقىت

تىن بۇيان بۇ قان ئىچەر يالماۋۇزلار بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ مەيدانلىرىدا روبىرو لاشتۇق، ھەربىر ئۇرۇشنى ئۆز غەلىبىمىز ھېسابىغا ئاخىرلاشتۇردۇق. قىمىردىمۇ، باي، قىزىلبۇلاق، قوغانلاردىمۇ، ئاندىن يەنە بوزدۆڭ، جام، تازلەڭگىرى، ئىشلەمچى ۋە يارېيشى قەبرىستانلىقىدىمۇ ئۇلار بىلەن باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق. ئاخىر دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئوقىمىز، ئۇررايىمىزدىنلا ئەمەس، ھەتتا يۆتىلىمىزدىنمۇ قورقىدىغان ھالەتكە كەلدى. ئەمدى بىز قايتىمىز، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۆزى تىنچ، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ئاخىردا پولك كوماندىرى سۆز قىلىپ، باتالىيون، روتا كوماندىرلىرى بىلەن سىياسىي يېتەكچىلەرگە سېپىل ئەترابىدىن كېتىش ۋاقتىدىكى تەرتىپنى ئۇقتۇردى.

— باتالىيونلار ئۆزلىرىنىڭ رەت دەرىجىلىرى بويىچە قايتىدۇ، — دېدى سوپاخۇن سوۋۇروۋ. — ئەمما بۇنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇنداق بولىدۇ: ئاۋۋال 2 - ئوقچىلار باتالىيونى سېپىل ئەترابىدىن كېتىپ، ئاندىن 1 - ئوقچىلار باتالىيونى قايتىشقا باشلايدۇ، 3 - قىلىچۋازلار باتالىيونى مېڭىپ، ئەڭ ئاخىر ھۇجۇمچى باتالىيون سېپىل ئەترابىدىن كېتىدۇ. ئاقسۇلۇق جەڭچىلەرگە ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىۋېلىش پۇرسىتىمۇ بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا مەخسۇس ۋاقىت بېرىلمەيدۇ، پەقەت جەڭچىلىرىمىز قايتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا يول ئۈستىدىن ئۆيلىرىگە قىسقا ۋاقىتلىق كىرىپ ئۆتسىلا بولىدۇ. قايتىش يۈرۈشى يار تۈۋىدىكى تاشيول ئارقىلىق داۋام قىلدۇرۇلىدۇ. سەھەردە خەلقنى بىسەرەمجان قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن كونىشەھەر بازىرىدا ئانچە كۆپ توختاپ تۇرمايمىز. دەپسەڭگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن توپتوغرا يارېيشى قەبرىستانلىقىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن جام ئارقىلىق قوغان تەرەپكە كېتىمىز. ئۈچ ۋىلايەتكە



ئۆتۈپ كېتىش يولىمىز مۇز داۋاندىن بولىدۇ.

سوپاخۇن سوۋۇروۋنىڭ ئېيتىۋاتقانلىرى كونكرېت يوليورۇق ئىدى. كوماندىرلار بىلەن سىياسىي يېتەكچىلەر قايتىش تەرتىپى ۋە مېڭىش ئۆتكەللىرى ھەققىدىكى سۆزلەرنى بىرمۇبىر ئېنىق يېزىۋالدى. بۇنىڭدىن يەرلىك جەڭچىلەر ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىۋېلىشقا ۋاقىت قالمىغاندەك تۇراتتى. كۆكە بۇنى ئېنىقلىق بىلىپ قېلىش ئۈچۈن پولك كوماندىرىدىن ئالايىتەن سورىدى:

— قايتىشنىڭ قىسقا ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنىغا قارىغاندا، جەڭچىلەرگە ئۆيلىرىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ھېچقانداق پۇرسەت قالمىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇلارغا بۇ ئىش ئۈچۈن بىرئاز ۋاقىت بېرىلگىنى ياخشىدى، — دېدى كۆكە.

— پۇرسەت قالدۇرۇلمىغان ئەمەس، قالدۇرۇلغان، — جاۋاب بەردى پولك كوماندىرى، — ئۇلارغا بۇ ئىش ئۈچۈن يېرىم سائەتلىك ۋاقىت بېرىلىدۇ. كونىشەھەرگە يېتىپ بېرىشىمىز بىلەن ئۇلارغا رۇخسەت بېرىڭلار، يېرىم سائەت ئىچىدە شاۋقۇن قىلماي ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن خوشلىشىپ كەلسۇن، ئەمما ۋاقىت ئۇزىراپ كەتمىسۇن.

— بولىدۇ، بۇنى جەڭچىلەرگە ئوچۇق ئېيتىپ، بۇيرۇق تەرىقىسىدە ئۇقتۇرىمىز، — دېدى كۆكە.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى سوپاخۇن سوۋۇروۋ سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ، — ھەربىر باتالىيون، ھەربىر روتا ۋە ئىزۋوت يولغا يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك، ئاتلارغا يەم - خەشەك ئېلىۋېلىشى كېرەك. ئاندىن قالسا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئېيتقاندەك يېڭىشەھەردىن كېتىش ۋاقتىدا سېپىلنى ۋاقىتىنچە قورشاپ تۇرۇش مەسىلىسىمۇ بار، بۇنى بىرلا روتا بېجىرسىمۇ بولىدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش، بۇ قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ھەربىي

ستراتېگىيە، ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە بۇ ۋەزىپە شۇ روتىنىڭ ئۆزىگە ئايرىم بۇيرۇق بىلەن ئۇقتۇرۇلىدۇ.

— شۇ روتا بىلەن مەن قالىمەن، — دېدى مۇڭغۇل يىگىتى كۆكە قەتئىي تەلەپ قىلىپ. — بۇ روتىنى ئۆز باتالىيونىمىزدىكى كونا جەڭچىلەردىن ئايرىم ئۇيۇشتۇرىمەن. ئۇلار قايتۇرما ھۇجۇمغا تولۇپ زەربە بېرىش، قوغدىنىپ تۇرۇپ چېكىنىش تاكتىكىلىرى جەھەتتە يېڭى جەڭچىلەردىن تەجرىبىلىكرەك. پولك شتابىمىزدىن بۇ ۋەزىپىنىڭ ماڭا تاپشۇرۇلۇشىنى قەتئىيلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا ئەسلى مۇنداق ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىي كومىسسار ياكى پولك كوماندىرىنىڭ يەككە بۇيرۇقى بويىچە ئىجرا قىلىناتتى. ئەمما بۇ قېتىم ھۇجۇمچى باتالىيوننىڭ كوماندىرى شەخسىي قىزغىنلىقى بىلەن بۇ قائىدىنى بۇزۇپ مۇشۇ جىددىي ۋەزىپىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىپ، توغرىدىن توغرا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باشقا كوماندىر ۋە سىياسىي يېتەكچىلەردىمۇ خۇددى مۇشۇنداق قىزغىنلىقنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ مەسىلىدە تالاش - تارتىش پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا تەلەپ قىلىپ تۇرمىدى. جان پىدالىق بىلەن ئادا قىلىنىدىغان بۇ ئۆتكۈر جەڭ ۋەزىپىسى ئاخىر كۆكەگە تاپشۇرۇلدى. مۇڭغۇل يىگىتى بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، شۇ كۈنى بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆز باتالىيونىدىكى ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە كونا جەڭچىلەردىن سېپىلنى قورشاپ، دۈشمەنلەرنى بەند قىلىپ تۇرغۇچى ئايرىم روتا تەشكىل قىلدى. مۇنداق جەڭچىلەر ھۇجۇمچى باتالىيوندىن كەملىك قىلىپ قالغاندا بۇ روتا باشقا باتالىيونلاردىكى كونا جەڭچىلەرنى يۆتكەپ كېلىپ سەپلەش ئارقىلىق شۇ كۈنىلا تولۇقلىۋېلىندى.



# جەنۇبىي يۈنىلىش پولكى قايتتى

يېرىم كېچە ئۆتتى. تاڭ يورۇشقا يېقىنلاپ، ئاقسۇ يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ ياتالماس، كۆزلباغ، ئېگەرچى مەھەللىلىرىدىكى توخۇلار ئارقىمۇ ئارقا چىللاشقا باشلىدى. بۇ جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىدىكىلەرنىڭ قايتىش سەپىرىگە قەدەم قويۇشى ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك بەلگە ۋە كانايى ئورنىدا خىزمەت قىلغۇچى سىگنال ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى جىددىي سەپەرۋەرلىكتىن كېيىن پۈتۈن پولك ئاتلىنىپ يولغا چىقتى. سېپىل ئەتراپىدا پەقەت كۆكە ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر روتا — 90 نەپەر جەڭچىلا دۈشمەننى بەند قىلىپ تۇرۇش تاكتىكىسىغا ئاساسەن ۋاقىتىنچە قېپقالدى. ئۇلار ئاز ئادەم بولۇشىغا قارىماي ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن بىر پولكتىن كۆپرەك دۈشمەن ئەسكىرى ۋە قوراللىق ساقچىلىرى ئۈستىدىن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن مۇھاسىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى داۋام قىلدۇردى. دۈشمەنلەر مىللىي ئارمىيىنىڭ قايتىشقا باشلىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا شەھەر ئىچى كۆرۈستانلىققا ئايلىنىپ، ھاياتسىز قالغاندەك جىم ئىدى. گومىنداڭ 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى كاللا كېسەرلەر يەنىلا غەم - قايغۇدا. ھەتتا سېپىل سىرتىدا ۋەھىمىلىك جىمجىتلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم باشلىنىپ قېلىشىنى پەرەز قىلىۋاتقاندەك

دەككە ـ دۈككە ۋە ئېغىر ۋەھىمە ئىچىدە تۇراتتى. كېيىنچە مۇھاسىرىچى ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى مەلۇم قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە سېپىل ئۈستىگە ئانچە ـ مۇنچە ئوق ئېتىشنىمۇ داۋام قىلىپ تۇردى.

جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى يېڭىشەھەردىن قوزغىلىپ، كونىشەھەر يارېيشى دەپسىگىگە يېتىپ بارغىچە تاڭ سۈزۈلۈپ، ئەتراپ يورۇپ قالدى. بىر قىسىم جەڭچىلەر مەھەللە ـ مەھەللىلەرگە ئات چاپتۇرۇپ، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ياكى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراش ئۆيلىرىگە كەتتى. مەسچىت پەشتاقلىرىدە ۋاقتى تەرەت چاقىرىقىنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغان مەزىنلەر بىر ئازدىن كېيىن قولاق قېقىپ، ئارقىمۇ ئارقا ئەتىگەنلىك بامدات نامىزى ئۈچۈن ئەزان توۋلاشقا باشلىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆي ـ ئۆيلىرىدىن چىقىپ، مەسچىتلەرگە مېڭىشى بىلەن بازاردا يەنە ھاياتلىق سەھنىسىنىڭ شۇ كۈنكى يېڭى پەردىسى ئېچىلىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئۇلاپ بىرمۇنچە ئۆيلەردىن جەڭچى بالىسى، ئىنىسى ياكى جەڭچى ئاكىسى ۋە ئېرىنى ئۇزىتىپ، ھەر خىل ياشتىكى كىشىلەر، بوۋايلار، مومايلار، بالا ۋە قىز ـ چوكانلار چىقتى. ئۇلار ئۇزىتىلىۋاتقان كىشىلەرگە ئەگىشىپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ھالدا چوڭ توپ بولۇپ يار ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇزاتقۇچى ئامما ئاز ئەمەس ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار يەنە كۆپەيدى ۋە ھەممىسى ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئۆجەك بولۇپ كېلىپ، پولك رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئاقسۇدىن كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشتى. ئاڭغىچە بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ بولغان كېرەك. بىر دەمنىڭ ئىچىدە يارېيشى قەبرىستانلىقى ئارقىمۇئارقا كېلىپ توپلانغان كىشىلەر بىلەن چوڭ ھايات دېڭىزى قاينىمى ئىچىگە كىرىپ،



بۇ يەردە خۇددى جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى يېڭى كەلگەن ۋاقىتتىكىدەك ئاجايىپ بىر خىل تەنتەنىلىك ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئاخىر دۈشمەن ئىشپىيونلىرى ۋە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ خۇشامەتچى مالايلىرى ئۈچۈن خالىغانچە قۇترىۋېلىشنىڭ تېپىلغۇسىز پۇرسىتى بولۇپ قالدى. بۇ كىشىلەر خەلقنىڭ تەڭلىك ۋە باراۋەرلىككە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈشنى ئەسلا خالىغۇسى كەلمەيدىغان بەزىبىر مۇشتۇمزور سۈيىقەستچى ۋە قارا نىيەتلەر، گومىنداڭ ساقچىسىغا ياللانغان ئەشەددىي پايلاقچى ۋە ئىشپىيونلار ئىدى. ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇ كونىشەھەردىكى 30 نەچچە كۈنلۈك ھاكىمىيىتى دەۋرىدە مۆمىن، مۇلايىم تۈسكە كىرىۋېلىپ، پاش قىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ھازىر بۇ كىشىلەر قايتىدىن تەۋرەپ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ياكى 5 ـ ئاتلىقلار پولكىدىكى گومىنداڭچى خوجايىنلىرىغا مىللىي ئارمىيە پولكىنىڭ قايتىپ كېتىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يوشۇرۇنچە ئات سېلىپ، دالدا يوللار بىلەن يېڭىشەھەر تەرەپكە كەتتى. ئۇلارغا ھېچكىم دىققەت نەزىرىنى تاشلىمىدى.

يار ئۈستىدە يەنىلا ئادەم دېڭىزى قايناۋاتتى. ئۇلار مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىشاتتى ۋە ئۇلارنىڭ سەپىرىگە سەمىمىي نىيەت بىلەن ئاق يول تىلەيتتى. ئاتا ـ ئانىلار جەڭچى پەرزەنتلىرىگە ئۆلچەمسىز چوڭقۇر مېھرى بىلەن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئۇلارغا قەدەممۇ قەدەم ئەگىشىپ ماڭاتتى. چوڭ بىر توپ كىشى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇروۋلارنى كەڭ چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئوتتۇرىغا ئېلىشىۋالغانىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۇلارغا قارىتىپ، ئەڭ ئاخىرقى نۇتۇق — خوشلىشىش نۇتقىنى سۆزلىدى:

— ئاكا ـ ئۇكىلار، ئاچا ـ سىڭىللار، — دېدى، — بىز

سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشىنىۋاتىمىز. بىز ئەسلى بۇ يەرگە كېتىش ئۈچۈن ئەمەس. ئەكسىچە سىلەر بىلەن مەڭگۈلۈك بىللە بولۇش نىيىتى بىلەن كەلگەنىدۇق. شەھەر ئىچىدىكى مۇستەبىتلەر ئۇۋىسىنى تولۇق تارمار كەلتۈرۈپ، ئاندىن يەنە كۆچىدىكى گومىنداڭ ھەربىي كازارمىلىرىنى بىتچىت قىلىپ، پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىش — بىزنىڭ تۈپ مۇددىئايىمىز ئىدى. سىلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىق ۋە ياردەملىرىڭلارغا ئىگە بولۇۋاتقان مىللىي ئارمىيە باشتىن - ئاياغ غالىب ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلەن قارايتتى. گومىنداڭ 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە قارىتا ئېيتقاندا ئۇلارغا قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى غالىبانە يۈرۈشلىرىگە ماسلىشىپ خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن يەكەن، تاشقورغان، قاغىلىق، پوسكام، ئۇلۇغچاتلاردىكى گومىنداڭچىلارمۇ بۇزغۇندىن قايغۇ قىلىپ، ئەتىسىگە كۆز يەتمەس ھالغا كېلىپ قالغانىدى. شىمالىي شىنجاڭدا بولسا ئۇرۇش ئۈرۈمچى بوسۇغىسىدا، ماناس دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا داۋام قىلىۋاتاتتى. قېرىنداشلار، ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى ھەقىقىي ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىدى. گومىنداڭچىلارنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا گۇمران بولۇپ، يوقىلىش كۈنلىرى ناھايىتى يېقىنلاپ قالغانىدى.

سىياسىي كومىسسارنىڭ خۇشلىشىش نۇتقى داۋام قىلماقتا ئىدى. شۇ ئارىلىقتا پولك كوماندىرى سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ يېڭىشەھەرگە تېخىچە سېپىلنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان كۆكە باشچىلىقىدىكى روتا جەڭچىلىرىگە قايتىشنى بۇيرۇپ ئادەم ئەۋەتتى. يار ئۈستىدىكى جەڭچىلەر ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خەلققە ئومۇمىيۈزلۈك چاس بېرىپ تۇرۇپ خوشلىشىپ، ئۆز ھەربىي



بىرلىكلىرى بويىچە تەرتىپلىك ھالدا قوزغىلىپ، ئاستا - ئاستا شىمالغا، مۇزات تەرەپكە ماڭماقتا. ئەمما زور بىر توپ كىشى تېخىچە سىياسىي كومىسسارنى چۆرىدەپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزغىن نۇتقىنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

— دېمەك، شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن ئەلتۈككۈزۈپ قۇتۇلىدىغان كۈنلىرى ئانچە ئۇزاق قالمىغانىدى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ. — ئاخىر ئەمەلىي پاكىت بولۇپ قالغان بۇ ھەقىقەتنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىمۇ چۈشىنىشكە مەجبۇر بولىدى. ئۇلار تۇشىمۇ تۇشىتىن پايىپەتەك بولۇشتا باشلاپ، ياۋاش - مۇلايىملىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇتتۇقلار سۆزلەشكە، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئەللەتلەرنى ئۇرۇشنى توختىتىپ، سۆھبەت ئۈستىلىگە كېلىشكە. مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقلىرى ھەققىدە ئارقىمۇ ئارقا ۋەدىلەر بېرىشكە باشلىدى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى جياڭ جيېشىنىڭ يېقىندا رادىيو ئارقىلىق سۆزلىگەن سۆزى بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم پاكىتلىرىدىن بىرى. ئۇ بۇ نۇتقىدا قوراللىق ئىنقىلاب داۋام قىلىۋاتقان مىللىي جايلارغا ھەتتا تولۇق ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىشنىمۇ ئويلىشىۋاتقانلىقىنىمۇ خېلى ئېنىق ئىشارەتلەر بەردى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئاۋازى بارغانچە كۈچلۈك جاراڭلاپ، يىراق - يىراقلارغا ئۆچمەس سادا بولۇپ تارقىلاتتى. خەلق توپى تېخىمۇ زىچلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈمىد ۋە غەلىبە ئىشەنچىسى بىلەن تولۇپ تاشقان سۆزلىرىنى قايناق ھېسسىيات ئىچىدە ئاڭلايتتى.

— بۈگۈنكى كۈندە ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا. — بىزنىڭ سىلەر بىلەن ئۇشتۇمتۇت

خەيرلىشىپ، قايتىپ كېتىۋېتىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ
يەردە. خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى جان تىكىپ قوراللىق ئىن-
قىلاب ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتى ھۆرلۈك، ئەركىنلىكنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەمدى بارلىق
سەپ بويلاپ ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش توختىتىۋاتقانلىقىمۇ يەنىلا
شۇ بۈيۈك مەقسەتنى ئۆزىگە ئاساس قىلغانلىقىدىن بولماقتا.
تىنچلىق سۆھبىتى قېنى قانداقراق نەتىجە بېرەر؟ بۇ كەلگۈسـ
نىڭ ئىنقىلاب بېرىشى ۋە راھا بېرىشىگە قاراقلىق مەسىلە.
گومىنداڭچىلار بۇ ھەقتە قانداق ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇنىڭ
ئەمەلىيەتتىكى ئىجراسىنى نېمە نەتىجىلەر بىلەن ئىپادە قىلار؟
بىز تېخى بۇنىڭغا قارايمىز. مۇشۇ ئۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇرۇشنىڭ
توختىغانلىقى ياكى ۋاقتىنچە توختىغانلىقى قۇدرەتلىك ئىنقىلاب
يالقۇنىنىڭ ھېچبولمىغاندا ئۆچكەنلىكى ياكى تامامەن ئۆچكەن-
لىكىدىن ھېچقاچان دېرەك بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. گومىنداڭچى
مەنسەپدارلار بىزگە قانائەتلىنەرلىك تەڭلىك ھوقۇقى بېرىشكە
ماقۇل بولمايدىكەن ياكى بۇزگەن ۋەدە بېرىپ، ئەتىسى يېنىۋې-
لىشقا ئۇرۇنىدىكەن، قوراللىق ئىنقىلاب يەنە پارتلاپ، ئىلگىرى-
كى سەپلەرنىڭ ھەممىسىدە، بەلكى ئۇلاردىنمۇ كۆپرەك سەپتە
ئۇرۇش بولىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئەزىز مەسكىنلەر دىيارى ئاق-
سۇدىمۇ ھازىرقىدىن كۈچلۈك جەڭ پارتلايدۇ. ئۇ چاغدا گومىن-
داڭچىلار تېخىمۇ كەسكىن، ئېزىل - كېسىل ئۇرۇش ئوتى
ئىچىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ.

ئۇتۇق ئاخىرلاشتى. مىللىي ئارمىيە پولكى ئۆز تەركىبى
بىلەن تېخىچە قايتىشنى داۋام قىلدۇرماقتا. ئۇنىڭ يېڭىشەھەر-
دە تا ھازىرغىچە ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان كۆكە مۇھاسىرىچى
روتىسىدىن باشقا بارلىق ھەربىي بۆلۈكلىرى ياربېشى قىبر-



تانلىقىدىن ئارقىسىغا ئارقا مېڭىپ بۇ يەردىكى خەلق تويىدىن
يىراقلىشىپ كەتتى. مەقسۇتشاخۇن ساتىراچ، سالاخۇن ئاشپەز،
تاجاخۇن باغۋەن ۋە ئۇلاردىن باشقا يەنە جەنۇبىي يۆتىلىش
پولكى ئۈچۈن 30 نەچچە كۈندىن بۇيان سەمىمىي - ساداقەت
بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن بىر قىسىم ئاشپەزلەر، ئاۋايلار،
كېيىم تىككۈچى، ياغاچچى ۋە مال باقارلار ئادەملەر تويىنىڭ
ئالدىدا تۇراتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى،
سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار، ئۇلار بىلەن بىرمۇ بىر قول بېرىپ
خوشلاشتى. ئاندىن پولك رەھبەرلىرى مۇنتىزىم ھەربىي خادىم
سۈپىتىدە تىك تۇرۇپ، ئادەملەر تويى ئىچىدە پىرقىراپ، ھەم-
مەيلەنگە تەكشى چاس بېرىش ئارقىلىق، بارلىق كىشىلەر
بىلەن ئاداققى قېتىم خوشلاشتى. ئۇلار توپ ئىچىدىن ئاتلىرىنى يېتىلەپ
پىيادە ماڭغانىدى. خەلق تەكەللۇپ - تەۋەززۇغا ئۇنىماي ئۇلار-
نى يەردىن كۆتۈرۈۋېلىپ، شۇ يەردىلا ئاتلارغا مىندۇرۇپ
قويۇشتى. كۆكە روتىسى تېخىچە يېتىپ كەلمىگەنىدى. پولكوۋ-
نىك سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ تېز قايتىشنى بۇيرۇق تەرتىپىدە
ئېيتىشنى تاپىلاپ، يېڭىشەھەر سېپىلى ئەتراپىغا يەنە بىر
جەڭچى ماڭدۇردى.

خەلق ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكە كۆزى قىيماي جەنۇبىي
يۆنىلىش پولكىنىڭ كۆپ كىشىلىك سالتەنەتلىك قوشۇنىغا
خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. جەڭچىلىرى نېرى بىر يەردىكى
بىر ئويمانلىقتىن يەنە بىر ئويمانلىققا كىرىپ، پولك رەھبەر-
لىرىمۇ ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، كۆزدىن غايىب بولغان
بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچىلا يېقىن بىر ئارىلىقتىن كىشىلەرگە
ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. يۈزلىگەن ئۈچقۇر ھەر-
بىي ئاتلارنىڭ مەزمۇت تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق
چاڭ - توزان ئۇرۇشنىڭ توختىغانلىقىنى ئەمەس، ئەكسىچە
يېڭىدىن باشلىنىۋاتقانلىقىغا بەلگە بولۇۋاتقاندەك ئېگىز ئاس-
ماندا قېلىن توزان ھاسىل قىلىپ، بوران شىددىتى بىلەن يې-
ڭىشەھەر تەرەپكە كۆچمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا ھەققەتەن يېڭى-

شەھەردە ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان ئىدى. موڭغۇل كوماندىرى كۆكەنىڭ بەند قىلىپ تۇرغۇچى روتىسى شەھەرنى ئاۋۋالقىدەك قورشاپ، جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىدىكى جەڭچى سەپداشلىرىنى ئۆز رەھبەرلىرى سىياسىي كومىسسار، پولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، سىياسىي كومىسسار، پولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى، پولك كوماندىرى، پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇروۋلارنى يىراقتا ئۆزنۆۋەتلىشىچە قوغداپ، سېپىل ئۈستىدىكى گومىنداڭچىلارغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق مىلتىق ۋە سىناسىيوت ئوقلىرىنى شىددەت بىلەن ئاتماقتا ئىدى.

مەيزىلىككە چۈككەن خەلق يار ئۈستىدىن بىر - بىراقى قايتىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاقسۇدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ يېڭى قەبرىلىرى ئالدىدا توختاپ، ئۆزۈندىن - ئۆزۈن دۇئا قىلىشتى. مەرھۇم قەھرىمانلارنىڭ قەبرىلىرى تىنچ ۋە مۇڭلۇق ئىدى. ئەمما ئۇلار يارىپشى قەبرىستانلىقتىكى سان - ساناقسىز مىسكىنلەر قەبرىلىرى ئىچىدە يېڭىدىن قاتۇرۇلغانلىقتى. كۆركەم ۋە ئېگىزلىكى بىلەن ھەممىدىن ئىلگىرى كىشىلەر كۆزىگە چېلىقىپ تۇراتتى.

## كۆكە ئۆلۈمدىن قورقمىدى

گومىنداڭچىلارنى بەند قىلىپ تۇرۇش روتىسى جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىنىڭ كونىشەھەردىن كېتىپ بولغانلىقىنى تەخمىن پەرەز قىلغان چاغدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سېپىل بەندىلىرىنى قاتتىق سىناسىيوت، ئاپتومات ئوقلىرىغا تۇتۇپ، قايتماقچى



بولۇپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە سوپاخۇن سوۋۇروۋ ئەۋەتكەن جەڭچىلەرمۇ ئىلگىرى - ئاخىر يېتىپ كېلىپ، ئۇلارغا قايتىش بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ بولغانىدى. دەل شۇ چاغدا تاشقىرىقى بازاردىكى خارابە دۇكانلاردىن بىرىنىڭ كەينىدە دالدىلىنىپ قايتىش ئالدىدىن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆكە سىرلىق ئىككى كۆلەڭگىنىڭ ئات يېتىلەپ، چۇقان سالغىنىچە لەڭگەر كوچىسى تەرەپتىن سېپىلغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئىككى كۆلەڭگە بىرى توختىسا، يەنە بىرى، بەزىدە ھەر ئىككىسى تەڭمۇ تەڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىنىمسىز قىيا - چىيا قىلىپ توۋلىشاتتى. ئەمما ئۇلار دەل شۇ يەردە بىر روتا جەڭچىنىڭ خارابە ئۆي ۋە دۇكانلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا سېپىل ئۈستىنى نىشانلاپ مۆكۈنۈپ ياتقانلىقلىرىنى بىلمەيتتى.

— جاڭ تۇەنجاڭغا خۇش خەۋەر، ۋۇ جۈيجاڭغا خۇش خەۋەر! — دەيتتى ئۇلار، — تۇغرىلار كەتتى!... ئىلىلىق تاغ باندىتلىرى ياتالماسنى بوشىتىپ، كونىشەھەرنى تاشلاپ، يىراقلا كېتىپ بولدى، ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەردە ھېچقانداق قارىسى، روھى - ئەرۋاھى قالمىدى ...

بۇ ئىككى قارا نىيەت بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك بىرى توختىسا، يەنە بىرى تېخىمۇ ئۈنلۈك توۋلاپ، ئۆزلىرى ئەكەلگەن خەۋەرلەرنى سېپىل ئۈستىدىكى خوجايىنلىرىغا مۇمكىنقەدەر تېز ئاڭلىتىۋېلىشقا تىرىشاتتى. بىراق، ئۇلار بىلەن سېپىل ئارىلىقى يەنىلا يىراق بولۇپ، گومىنداڭچىلارنىڭ بۇ خۇش خەۋەرنى ئېنىق ئاڭلىۋېلىشى ياكى بۇ كىشىلەرنى روشەنرەك كۆرۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىل ئۈستىدىكىلەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قايتىۋېتىشىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقتىن ئۇلارغا بۇ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى مۇجمەل ۋە چۈشىنىكسىز، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ

سىرلىق ۋە گۇمانلىق بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن ئىدى. ئاخىر بۇ ئىككى كىشى ئاتلىرىنى قامچىلاپ سېپىل تۈۋىگە يېقىنلاشماقچى بولدى. نەتىجىدە بۇ گومىنداڭچىلارغا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاشكارا ھۇجۇمىدەك بىر ئەھۋال بولۇپ كۆرۈنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سېپىل ئۈستىدىكىلەر ئوق ئۈزۈپ، بۇ ئادەملەرنىڭ بىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆلتۈردى. ئاندىن بىرى قورقۇنچىغا چۈشۈپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا ئۇرۇنغانىدى، كۆكە ئۇنى ئېنىق تونۇپ، ئىنقىلابنىڭ جازا ئوقى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ كىشى دەسلەپتە گومىنداڭ ساقچى ئورگىنىنىڭ ئىشپىيون خادىمى بولۇپ، مىللىي ئارمىيە تەرەپتىن كىر-نىشەھەردە قاماققا ئېلىنغان، كېيىن يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان تۆۋا ئىستىغپارىغا ئاساسەن قويۇپ بېرىلگەن ماجەن ئىدى. بۇنىڭدىن سەل ئۆتۈپ كۆكە گۇلباغ دەرۋازىسى تەرەپتە باشقا بىر كىشىنىڭ سېپىلغا چاپلىشىپ دېگۈدەك يېقىن بېرىپ، گومىنداڭچىلارغا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇ تەۋەسىدىن كەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېلىقىدەك «خۇش خەۋەر» يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. بۇ كىشى يېرىم ئايچە مىللىي ئارمىيە پولك شتابىغا خەنزۇچە بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەرجىمانلىق خىزمىتى تەلەپ قىلىپ كەلگەن، ئەمما شتابتا تەرجىمان ئىشلىتىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنماي قايتۇرۇۋېتىلگەن چىپار ئىدى. كۆكە ئۇنى بىر قاراپلا تونۇدى ـ دە، شۇ ھامان ئوق ئۈزۈپ ئېتىپ تاشلىدى. بىراق، بۇ ۋاقىتتا جاۋ خەنچى سېپىل ئۈستىدە بولۇپ، چىپار گومىنداڭ پولكىنىڭ كوماندىرىغا ئۆزى ئەكەلگەن خەۋەرنى ئېنىق ئاڭلىتىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. سېپىل ئۈستىدە سەپەرۋەرلىك باشلاندى. شەھەر ئىچى 5-ئاتلىقلار پولكى شتابىدىن ھايالسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى چېلىنىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىرىنچى قەدەمدە گۇلباغ دەرۋازىسى ئېچى-



لىپ، گومىنداڭ پولكىنىڭ مىللىي ئارمىيە پولكى چېكىنىپ كەتكەن جايلارغا قايتىدىن باستۇرۇپ كىرىش يۈرۈشى باشلىنىپ كەتتى. كۆكە روتىسى قايتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، ئۇلار دەرۋازىدىن يامراپ چىققان گومىنداڭ قوراللىقلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاچ چېكىنىشنى داۋام قىلدۇردى. كونىشەھەر يارېيشى قەبرىستانلىقىغا بارغاندا بۇ روتا تۆت تەرەپتىن قورشاپ قىلىنغان ھۇجۇمغا دۇچ كەلدى. ئاخىرقى قېتىملىق ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشى كەپتەرخانا ئۆيچۆرىسىدە داۋام قىلدى. ئۇلارنى بۇ يەردە دۈشمەننىڭ ئىككى يۈزدەك ئەسكىرى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغانىدى. كۆكە ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھەمراھلىرى دالدىلىنىپ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. كەپتەرخانا جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى تەرىپىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن تۆت قېتىملىق ئۇرۇشتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۇدا تۆت قېتىم باتۇرلۇق بىلەن تارتىۋېلىنغان گۈمبەز ئىدى. ئەمدى ئەكسىچە ئەھۋال يۈز بېرىپ، مىللىي ئارمىيە روتىسىغا شۇنىڭ ئىچىدە دالدىلىنىپ تۇرۇپ، قوغدىنىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. بۇ يەردە ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. قىسقا ئارىلىقتىلا دۈشمەننىڭ 12 ئەسكىرى ئۆلۈپ، كۆكە روتىسىمۇ شۇنىڭغا باراۋەر ئادەم چىقىمى بەردى. ئاڭغىچە گۈمبەز تەرەپكە يەنە بىر روتىچە گومىنداڭ ئەسكىرى باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ كۆكە روتىسى ئۈچۈن ناھايىتى خەۋپلىك ئەھۋال ئىدى. ئەگەر ئۇرۇش مۇشۇ ۋەزىيەتتە داۋام قىلىۋەرسە بۇ روتا يوقىتىلەي ھالاك بولۇپ تۈگىشىشى مۇمكىن ئىدى. ئاخىر كوماندىر كۆكە جەڭچىلەرگە مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى بۆسۈپ چىقىپ، مۇزات تەرەپكە كېتىش توغرىسىدا قەتئىي بۇيرۇق بەردى. چېكىنىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ساق قالغان 75 نەپەر

جەڭچى جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن ئات سېلىپ، شىمال تەرەپكە يول ئالدى. گۈمبەز ئىچىدە پەقەت دۈشمەنلەرنى ئۆزىگە بەند قىلىپ چېكىنگۈچىلەرنىڭ قارشىلىقسىز كېتىۋېلىشىغا نوقۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن يالغۇز كۆكە قالدى. دۈشمەنلەرنىڭ بىر قىسمى جەڭچىلەرنى كەينىدىن توغىلاش ئۈچۈن كېتىپ، بۇ يەردە قالغانلىرى گۈمبەزگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. كۆكە گۈمبەزنىڭ ئىشىك تۈۋىگىچە بىر - بىراقى يېتىنلاپ كەلگەن تۆت دۈشمەننى ئۈزۈلۈكسىز ئاپتومات ئوقىغا تۇتۇپ، بىرىنى يارىدار قىلدى. قالغان ئۈچىنى ئۆلتۈردى. شۇنىدىن كېيىن دۈشمەنلەر قىچىپ بىر پەس ھۇجۇم جىمىدى. كۆكە شۇ چاغدا بۇ يەردىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىشنى ئويلىغانىدى، بىراق ئېتىنىڭ ئېتىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرۈپ، جىددىيلىك بىلەن ئاخىرقى قوغدىنىش تەييارلىقىنى قىلدى. قايتىدىن ئاپتوماتقا ئوق باستى. ئاپانچا ئىچىدە يېرىمداپ قالغان توقىنى تولۇقلىدى. قول بومبىلىرىنىڭ پىلتىلىرىنى چىقىرىپ ئاتقا بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈۋالدى. دۈشمەنلەر يەنە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. كۆكە ئارقىمۇ ئارقا ئىككى دانە قول بومبىسى تاشلاش بىلەن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارشىلىقىنى كۆرسەتتى. ئىككى ئەسكەر ئۆلدى، بىراق دۈشمەنلەرنىڭ قول بومبىسىدا گۈمبەزنىڭ ئۈستى قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، كۆكەنى خېلى ئېغىر جاراھەتلەندۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوڭ بىلىكىگە ئوق تېگىپ، موڭغۇل خەلقىنىڭ بۇ باتۇر ئوغلانى كومانداچىلار بىلەن ئېلىشىش ئىقتىدارىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ بىلىكىگە تەككەن ئوق توقۇزئاتار مىلتىقىنىڭ چوڭ قوغۇشۇن ئوقى ئىدى. ئوق بىلەك جەينەك تەرەپتىن چېقىلىپ، ئۇنى قىۋال تۇتالماس قىلىپ قويغانىدى. دۈشمەنلەر كۆكەنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈشنى مەق-



سەت قىلغانىدى. ئاخىر ئۇنى يارىدار ھالەتتە ئەسىر ئېلىپ، بېگىشەھەرگە يالاپ ئېلىپ ماڭدى. موڭغۇل يىگىتى جانىنى قاقشاتقۇدەك دەرىجىدە ئېغىر جاراھەتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆز دۈشمەنلىرى ئالدىدا غەيرىتىنى ئىپادىلەپ، ساق كىشىلەردەك تېز ۋە چىدام بىلەن ماڭاتتى. ئۇ پىيادە ئىدى. قەبرىستانلىقتىكى ئېگىز بىر دۆڭلۈكتىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا كەينىگە قاراپ، چېكىنگەن ھەمراھلىرىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى دەممۇ دەم ئوققا تۇتقاچ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ ئىزى بىلەن شىمال تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. كۆكە خۇشال بولۇپ، يېنىك نەپەس ئالدى. ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆكە ئۇلارغا مىللىي ئارمىيىنىڭ يارىدار ھالەتتە ئەسىر چۈشۈپ قالغان كاپىتان دەرىجىسىدىكىلەردىن ئەڭ تۇنجى ۋە بىر قەدەر يۇقىرى لاۋازىمدىكى ئوفىتسېرى ئىدى. موڭغۇل يىگىتى تېپىلماس ئولجا قاتارىدا داۋراڭ بىلەن 5 - ئاتلىق پولكى شتابىغا ئەكىرىلگەندە گومىنداڭ كوماندىرى ۋە شۇ كۈنلەردە ئاقسۇنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي باش ھوقۇقدارى جاۋ خەنجى ئۆزلىرىنى 30 نەچچە كۈندىن بۇيان مۇھاسىرە ئىچىدە تۇتۇپ، ئېغىر ئۆلۈم ئەندىشىسىگە سالغان جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ بۇ قەيسەر پالۋىنىنى ئاتايىن كېلىپ كۆزدىن كەچۈردى.

كۆكە يوغان، كۆركەم سىماسى، ھېكايە - چۆچەكلەردىكىدەك تاغ يارار زەبەردەس تەقى - تۇرقى، ھازىر بولسا ئۆپچۆرىسىگە توپلانغان يىرتقۇچ رەقىبلىرىگە غەزەپلىك ھومىيىپ قاراش ۋە مەنسىتمەسلىك ئۇقۇمىدىكى قىمىرلاشلىرى بىلەن يارىدار ئەمەس، گويا ئەسىرمۇ ئەمەس، ئەكسىچە غالىب ئورۇندىكى بىر جەڭچىگە ئوخشاپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ

ئۈستىگە بېشىدىكى يارىشىملىق سادىر پالۋانچە ئاق كىگىز قالپىقى، مۇرىسىدە يالتىراپ تۇرغان شەۋكەتلىك پاگونى ھېلىمۇ ئۇنىڭ باش ئەگمەس مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە نامايان قىلىپ بېرىۋاتقانغا ئوخشايتتى.

5 - ئاتلىقلار پولكىنىڭ روتا كوماندىرى قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە كۆكەنى كەپتەرخانا گۈمبىزى ئىچىدىن ئۆلتۈرمەي تىرىك تۇتۇپ چىقىشنى بۇيرۇق قىلغان چاغدا ئۇنىڭدىن سوراق قىلىپ، جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىغا ئائىت ھەربىي سىرلارنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەمما جاۋخەنچى بۇنىڭ ئەكسىچە، ياسىما مەغرۇرلۇق بىلەن پالۋانغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن جازا ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ:

— بۇنى بىردەممۇ تىرىك قالدۇرماي ھايالسىز چېپىپ تاشلاڭلار! بۇنىڭ شۇ ئەلپازىنى ھېچقايسىمىز ئىككىنچى كۆرگۈدەك بولمايلى، — دېدى.

جاللاتلار شۇ ھامان ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئىتتىرىپ گوداڭ تەرەپكە ئېلىپ ماڭغانىدى، كۆكە ئۇلاردىن بىرىنى تېپىپ يىقىتىپ تاشلاپ، جازا مەيدانىغا قورقۇمسىز قىياپەتتە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئۆزى يۈرۈپ كەتتى. ئەسىرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى باتۇرلۇقى ئاخىر ھەربىي ھوقۇقدارلارنىڭ ئىككىنچىلەپ دىققىتىنى تارتماي قويمىدى. ئۇ پالۋانغا نىسبەتەن ئۆزىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان قايىللىق نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا باشقىلەتتىن سىنچىلاپ كۆز يۈگۈرتتى. ئەسىرنىڭ مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ فورمىسىدا پاكىز، رەتلىك كىيىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ھېچقانداق ھودۇقماي، ئۆزىنى بىردەك سىپايە تۇتۇشنى بىلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلى - كۆكسىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان مەغرۇرلۇق موڭغۇل



يىگىتنىڭ ئادەتتىكى ئوفىتسېرلاردىن بولماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى ئەقىدە قىلغان ئىشقا ئاخىرقى نەپەسكىچە سادىق، گېپى كەم ۋە ئۆز دۈشمەنلىرى ئالدىدا باتۇرلۇق بىلەن ئۆلۈشكە ئەرزىملىك مۇھىم ھەربىي خادىملاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. جاۋخەنچى دەل شۇ چاغدا كۆكەنى ئالدىراپ ئۆلتۈرمەي، سوت - سوراق قىلىپ، ئۇنىڭدىن مىللىي ئارمىيىگە ئائىت ھەربىي سىرلارنى ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسلەپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جاللاتلارنى توختىتىپ:

— بۇنىڭغا مۇنداق ئاسان ئۆلۈم يوق. بىزگە قارشى قورال كۆتۈرگىنىگە توشلۇق ئۇنى تېتىغۇدەك قىينايمىز، بەلكى ئۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ھەربىي سىرلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، بىزگە ھەقىقىي ئەل بولغانلىقىنى ئىپادىلىسە تېخى ئۇنى ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرىشىمىز مۇمكىن. ھازىرچە قاماپ تۇرۇڭلار! — دېدى.

مىللىي ئارمىيە پولكىنىڭ ئەڭ كېيىنكى كۈنلەرگىچە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقىغا قارىماي، ئاقسۇدىن ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كەتكەنلىكى، گومىنداڭچىلار ئۈچۈن تولىمۇ چۈشىنىكسىز بولۇپ تۇرغان بىردىنبىر سىر ئىدى. ئۇلار «نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى؟ تامامەن كەتتىمۇ ياكى يەنە كېلەمدۇ؟» بۇ سوئاللار ئۇلارنى بالدۇرراق بىلىۋېلىشقا تىنىمسىز قىستاپ تۇراتتى. بەلكى ئۇلار مىللىي ئارمىيە پولكى بۇرۇنقىدىن ئۇلغىيىپ، تېخىمۇ ھەيۋەت بولۇپ كېلىدۇ، دەپ ئۆزلىرىچە پەرەز قىلىشقانلىرىدا ئەس - ھوشىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە قورقۇشۇپ كېتەتتى. بۇ گومىنداڭچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ئەسىرنىڭ زەي قاماقخانىدا تارتىۋاتقان ئازابىدىنمۇ ئېغىر ئازاب ۋە ئۆلچەمسىز قاتتىق ۋەھىمە ئىدى. ھەربىي ھوقۇقدار ئۆزىنىڭ دەسلەپكى بۇيرۇقىنى ئۆزگەرتىپ، كۆكەنى ھازىرچە ئۆلتۈرمەي

سولاشقا ھۆكۈم قىلغان چاغدا، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە ئىنتايىن مۇھىم بىلىنۋاتقان مۇشۇ سىرلىق تۈگۈنچنى يەشتۈرۈۋېلىشنى تويلىغانىدى، ئەمما مۇڭغۇل يىگىتنىڭ ئىنقىلاب ئىشىغا خائىنلىق قىلىش يولىغا قەتئىي قەدەم قويمايدىغانلىقىنى، دۈشمەنگە ئالدىنىپ، ساتقىنلىق بىلەن ياشاشقا ھەرگىز رازى ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى. كۆكە 5 - ئاتلىقلار پولكى شتابىنىڭ قاپقاراڭغۇ، زەي زىندانلىرىنىڭ بىرىگە قامالدى. ئۇ بۇ يەردە توپتوغرا ئۈچ كۈن ياتتى. ئۇنىڭ تىرىقتۇزئاتار مىلتىق ئوقىدا تېشىلىپ كەتكەن بىلىكى سىرقىراپ، ھەددى - ھېسابسىز قاتتىق ئاغرىيتتى. ئۇ كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز، كۈندۈزنى تاماقسىز ئۆتكۈزەتتى. پولك شتابى ئەسىرگە تىببىي ياردەم كۆرسەتمىدى، ئۇنىڭ يارىسى زورۇقۇپ، قاماقخانىدىكى تىنچىقتا تېزلا سېسىقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆكە ئورۇقلاپ، بىر ئەت، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى قامەتلىك تەقى - تۇرقىدىن ئەسەر قالمىدى، بارغانچە ۋىجىكلەپ، جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋىتىدىن ئومۇمەن مەھرۇم بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭدا بىر خىل مىسلىسىز كۈچلۈك جاسارەت ۋە ئۆلچەمسىز زور غەيرەت باشقىدىن ئۇرغۇپ، ئاخىر بۇ مۇڭغۇل يىگىتنى تېخىمۇ ۋىجدانلىق، تېخىمۇ چىدامىلىق باتۇر ئەزىمەت قىلىپ يېتىشتۈردى.

ئەسىرلىككە ئېلىنىپ، قاماقتا ياتقاندىن بۇيانقى تۆت كۈن داۋامىدا كۆكە نۇرغۇن قېتىم سوراققا ئېلىندى، لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە گاس - گاچىلاردەك ئۈن چىقارماي جاۋاب بەرمەسلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. دۈشمەن ئۇرۇش، قىيناش، پوپوزا قىلىش ۋە باشقا بېسىملار بىلەن جاۋاب ئالالمىغاندا ئالداشقا ئۆتۈپ، ئانچىكىم بىلىكىگە دورا سۈركىگەن بولۇپ، تېڭىپ قويدى، كۆكە بۇنى بىلىۋېلىپ، شۇ ھامان



يارىسىغا چاپلانغان بىنتلارنى يىرتىپ تاشلىدى، گۆش، ياغ، دورا - دەرمان ھىدى ئۇرۇپ تۇرىدىغان مەززىلىك تاماقلارنى ئەكىرگەندە، چىنە - تەخسىلەرنى چېقىپ تاشلىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە بىلەك يارىسى ئازابلاپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ غىزا - تاماققا تاۋى تارتماي قويغانىدى. گومىنداڭچىلار مىللىي ئارمىيىنىڭ كۆكەدەك بىر باتۇر جەڭچىسىنىڭ سوت - سوراقلاردا قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئالدىنئالا پەرەز قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن قارشىلىقنىڭ بۇ دەرىجىدە قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ گومىنداڭچىلارنىڭ ھەربىي ئەسىردىن سىر ئېلىش ئۈمىدى بىر يولى يوققا چىقتى. ئاخىر ئۇلار كۆكەنى ئەقلىدىن ئازغانغا چىقىرىپ، بۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە يەتكەن ئار - ئەلەمنى يېنىكلىتىۋالماقچى بولدى. جاۋ خەنچى موڭغۇل يىگىتنىڭ ئالداش ياكى ئۇرۇپ - قىستاشلارغا باش ئەگمەسلىكىدەك باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىكىنى ئاتايىن يەرگە ئۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسىر ئالدىدا نامايان بولغان ئاجىزلىقلىرىنى ئەسكەرلەردىن يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىشىپ قالغان، قاتتىق قورقۇش سەۋەبىدىن گاس - گاچا كېسىلىگىمۇ مۇپتىلا بولغان دەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى - دە، ئاندىن مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ ئاجايىپ باتۇرىنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. لېكىن ھەربىي ھوقۇقدار جاۋ خەنچى بىلەن ساقچى ھوقۇقدارى ۋۇ شۇبىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا جازالاشنىڭ بۇ ئاددىي، يوشۇرۇن ئۇسۇلىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەنلا مەسىلە ئاخىرلاشمايتتى. ئۇلار كۆكەنى خەلق ئالدىدا جازاغا ھۆكۈم قىلىپ، دارغا ئېسىشى، شۇ يول بىلەن ئۇنى جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرى دەپ سازايى قىلىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك داۋام قىلغان مۇھاسىرىدە قولدىن كەتكەن ئىناۋىتىنى ئاز - پاز بول

سىمۇ، يالغان - ياۋىداقتىن تىكلىشۋېلىشى كېرەك
ئىدى. دەرۋەقە كۆكەنىڭ ئاددىي جەڭچى بولماي،
كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئىكەنلىكى ئۇلار ئۈچۈن مۇنداق
قىلىشقا يېتەرلىك دەسمايە ئىدى.

ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن ئۆيلىرىنى تاشلاپ، كۈنىشەھەر ياكى يېراق يېزا - كەنتلەرگە كېتىپ قالغان يېڭىشەھەر بازىرىنىڭ ئاھالىلىرى ئۇرۇش توختاپ، بۇ كۈنلەردە ئاستا - ئاستا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرىغا قايتىپ كەلمەكتە ئىدى. دار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ، بىر تۇتاش ۋەيرانىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن تاشقىرىقى بازارغا تىكلەندى، بۇ يەر يەنە تېخىمۇ يامانراق كۆيدۈرۈلۈپ گۆرۈستانلىقتەك قىلىۋېتىلگەن لەڭگەر كوچىسى. ئاسۇق، سۇجۇ، كونا مەپە بازىرى مەھەللىرى بويىچە ئوتتۇرا نۇقتا ھېسابلىناتتى. كۆكە جازا مەيدانىغا ئاچىقىلىشتىن بۇرۇن دار ئەتراپى بىر قۇر تازىلىنىپ، ئانچە - مۇنچە تەكشىلەندى. يەردىكى ئۆلۈك توپىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن سۇ سېپىلدى. دار ئەتراپىنى چۆرىدەپ، ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىغا بىرقانچە ئورۇندۇق ۋە بىر دانە ئۇزۇن ئۈستەل قويۇلدى. خەلق سوراقتا شاھىت قىلىنغاچ مۇشۇ يول بىلەن يېزىكىنى ئالايىتەن مۇجۇپ قويۇش ئۈچۈن مەھەللە - مەھەللىلەردىن ھەيدەپ كېلىندى. ئورۇندۇقلاردىن جاۋ خەنچى بىلەن ۋۇ شۇبىڭ بىر - بىرىگە يېقىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يانلىرىدا چوڭ - چوڭ ھەربىي ئوفىتسېرلار بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرى ئولتۇردى. شۇنداق قىلىپ دار ئەتراپى تېخىمۇ سۈرلۈك تۈسكە كىردى. بۇ مەنزىرە خەلققە جازالانغۇچى ھەققەتەن مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇھىم كاتتىبېشى ئىكەن، دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. ئاندىن ساق قولى بىلەن چىقىلغان قولى بىر - بىرىگە چىتىلىپ كۆكرىكى بىلەن بىرلىكتە چىڭ چەمبەرچاس باغلانغان كۆكە ئىككى قوراللىق ئەسكەرنىڭ يالىشى ئاستىدا پولكتىن ھەيدەپ چىقىلىپ، دار ئالدىغا ئەكېلىندى. خەلق - مەيۈسانە بوش قىمىرلاپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغۇچىغا چوڭقۇر ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن قاراشتى. ئۇلار ئۇ تاپتا بۇ بىتەلەي ۋە بەختسىز ئىنساننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا تەقەززا ئىدى. دەرۋەقە ئاقسۇ خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكى جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىنىڭ بارلىق ئوفىتسېرلىرىنى ئالا قويماي دېگۈدەك ياخشى بىلەتتى. يېڭىشەھەر بازىرىنىڭ ئاھالىسى ئۇلارنى ياقالىماستىكى شتاب ئەتراپىدا ياكى يېزا يوللىرى ۋە ھېچ بولمىغاندا كونىشەھەردە ئىككى - ئۈچ قېتىمدىن كۆپرەك كۆرگەن ۋە بىرمۇنچىسىنىڭ ئاتلىرىنىمۇ بىلىپ بولغانىدى. خەلق كۆكەنى دەرھال تونۇيالمىدى، ئېغىر قول يارىسى، تەكرار - ئۇيقۇسىزلىق، غىزا - تاماق يېمەي، ئۇدا بىرقانچە كۈن ئاچ ئۆتۈش، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاماقخانا، سوت - سوراقتىكى قاتتىق ئازابلاشلار ئۇنى ھەددى - ھېسابسىز ئورۇقلىتىپ ۋە مۈكچەيتىپ، ئەنە شۇنداق تونۇغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بىر ئاز ئۆتۈپ خەلق ئىچىدە قىمىرلاش ۋە ئۆزئارا پىچىرلاشلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلاردىن بەزىلەر كۆكەنى ئاستا - ئاستا تونۇپ، ئەسىرنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئۆزئارا سۆزلىشىپ، بىر - بىرىگە مەلۇم قىلىشتى. شۇ ئەسنادا باللاردىن بىرى ئۈششۈمتۈت ۋارقىراپ:

«كۆكە! ... بۇ كۆكە ئىكەن!» — دەۋەتتى.

موڭغۇل يىگىتى قەددىنى رۇسلاپ، خەلق قورۇغا باشتىن - ئاياغ ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، كۈزلىمىگەن ھالدا بېشىنى قىمىرلىتىپ، ئۇلار بىلەن ئاخىرقى قېتىم خەيرلەشكەندەك بولدى. ۋۇ شۇبىڭ قەھىر - غەزەپ بىلەن ئورنىدىن

سىمۇ، يالغان – ياۋىداقتىن تىكلىنىۋېلىشى كېرەك ئىدى. دەرۋەقە كۆكەنىڭ ئاددىي جەڭچى بولماي، كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئىكەنلىكى ئۇلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىشقا يېتەرلىك دەسمايە ئىدى.

ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن ئۆيلىرىنى تاشلاپ، كۈنىشەھەر ياكى يىراق يېزا – كەنتلەرگە كېتىپ قالغان يېڭىشەھەر بازىرىنىڭ ئاھالىلىرى ئۇرۇش توختاپ، بۇ كۈنلەردە ئاستا – ئاستا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرىغا قايتىپ كەلمەكتە ئىدى. دار گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ، بىر تۇتاش ۋەيرانىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن تاشقىرىقى بازارغا تىكلەندى، بۇ يەر يەنە تېخىمۇ يامانراق كۆيدۈرۈلۈپ گۆرۈستانلىقتەك قىلىۋېتىلگەن لەڭگەر كوچىسى. ئاسۇق، سۇجۇ، كونا مەيە بازىرى مەھەللىلىرى بويىچە ئوتتۇرا نۇقتا ھېسابلىناتتى. كۆكە جازا مەيدانىغا ئاچىقىلىشتىن بۇرۇن دار ئەتراپى بىر قۇر تازىلىنىپ، ئانچە – مۇنچە تەكشىلەندى، يەردىكى ئۆلۈك توپىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن سۇ سېپىلدى، دار ئەتراپىنى چۆرىدەپ، ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىغا بىرقانچە ئورۇندۇق ۋە بىر دانە ئۇزۇن ئۈستەل قويۇلدى، خەلق سوراقتا شاھىت قىلىنغاچ مۇشۇ يول بىلەن يۈرىكىنى ئالايىتەن مۇجۇپ قويۇش ئۈچۈن مەھەللە – مەھەللىلەردىن ھەيدەپ كېلىندى، ئورۇندۇقلاردىن جاۋ خەنچى بىلەن ۋۇ شۈبىڭ بىر – بىرىگە يېقىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يانلىرىدا چوڭ – چوڭ ھەربىي ئوفىتسېرلار بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرى ئولتۇردى. شۇنداق قىلىپ دار ئەتراپى تېخىمۇ سىرلىق تۈسكە كىردى. بۇ مەنزىرە خەلققە جازالانغۇچى ھەققەتەن مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇھىم كاتتىبېشى ئىكەن، دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. ئاندىن ساق قولى بى-



لەن چىقىلغان قولى بىر – بىرىگە چېتىلىپ كۆكرىكى بىلەن بىرلىكتە چىڭ چەمبەرچاس باغلانغان كۆكە ئىككى قوراللىق ئەسكەرنىڭ يالىشى ئاستىدا پولكتىن ھەيدەپ چىقىلىپ، دار ئالدىغا ئەكېلىندى. خەلق – مەيزانە بوش قىمىرلاپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغۇچىغا چوڭقۇر ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن قاراشتى. ئۇلار شۇ تاپتا بۇ بىتەلەي ۋە بەختسىز ئىنساننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا تەقەززا ئىدى. دەرۋەقە ئاقسۇ خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكى جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ بارلىق ئوفىتسېرلىرىنى ئالا قويماي دېگۈدەك ياخشى بىلەتتى. يېڭىشەھەر بازىرىنىڭ ئاھالىسى ئۇلارنى ياقالماستىكى شتاب ئەتراپىدا ياكى يېزا يوللىرى ۋە ھېچ بولمىغاندا كونىشەھەردە ئىككى – ئۈچ قېتىمدىن كۆپىرەك كۆرگەن ۋە بىرمۇنچىسىنىڭ ئاتلىرىنىمۇ بىلىپ بولغانىدى. خەلق كۆكەنى دەماللىققا تونۇيالمىدى، ئېغىر قول يارىسى، تەكرار – تەكرار ئۇيقۇسىزلىق، غىزا – تاماق يېمەي، ئۇدا بىرقانچە كۈن ئاچ ئۆتۈش، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاماقخانا، سوت-سوراقتىكى قاتتىق ئازابلاشلار ئۇنى ھەددى – ھېسابسىز ئورۇقلىتىپ ۋە مۈكچەيتىپ، ئەنە شۇنداق تونۇغۇلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بىرئاز ئۆتۈپ خەلق ئىچىدە قىمىرلاش ۋە ئۆزئارا پىچىرلاشلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلاردىن بەزىلەر كۆكەنى ئاستا – ئاستا تونۇپ، ئەسىرنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئۆزئارا سۆزلىشىپ، بىر – بىرىگە مەلۇم قىلىشتى. شۇ ئەسنادا باللاردىن بىرى ئۈشتۈمتۇت ۋارقىراپ:

«كۆكە! ... بۇ كۆكە ئىكەن!» — دەۋەتتى.

موڭغۇل يىگىتى قەددىنى رۇسلاپ، خەلق قورىغا باشتىن – ئاياغ ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى – دە، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى قىمىرلىتىپ، ئۇلار بىلەن ئاخىرقى قېتىم خەير-لەشكەندەك بولدى. ۋۇ شۈبىڭ قەھىر – غەزەپ بىلەن ئورنىدىن

تۇرۇپ، ئەسىرنىڭ نامىنى چاقىرغان ھېلىقى بالىنى كۆرۈپ قويۇش ئۈچۈن تۇپ ئىچىگە قاراپ چىقتى. خەلق بالىنى سۆزلىمەسلىككە نوقۇپ، ئۆز ئارىلىرىغا يوشۇرۇۋېلىشتى. ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرى مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدىن بىرىنى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالاپ، خەلق ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ھېلىمۇ ئۈستۈن تۇرۇۋاتقانلىقىنى نامايىش قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلى يەنىلا دەككە-دۈككىدە بولۇپ تۇراتتى. گومىنداڭچىلار ھەتتا شۇقاپتا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىككىنچىلەپ ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كېلىپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇلار كۆكەنى تېز جازالاپ، ئۆز ئۇچەكلىرىگە چاپسان كىرىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. جاڭ خەنچى كىشىگە ئېيتىپ بولمايدىغان شۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە خەلققە قارىتىپ، دوق-پوپوزىلار بىلەن سۆز قىلىشقا كىرىشتى.

— ھەر سەتمەن دېگەن باندىتنىڭمۇ ئەڭ كېيىنكى ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ كۆكەنى كۆرسىتىپ، — ئاقسۇ خەلقىنىڭ خېلى بىر قىسمى بۇلارغا ئىشىنىپ، ئارقىدىن ئەگەشكەنىدى. سىلەر كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئاخىرى نېمە بولدى؟ باندىتلار ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي، ئاقسۇنى تاشلاپ، تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە قاچتى، بەربىر ئۇلارغا تاغ ئىچىدىمۇ خاتىرجەم كۈن يوق، بىز ئۇلارنى بۇ يەردە ئاتقاندەك، چېپىپ ئۆلتۈرگەندەك، ئۇ يەردىمۇ پات يېقىندا قىرىپ تۈگىتىمىز. ئىلىلىق تاغ ئوغرىلىرى مانا بۇ ھەلتۈڭنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىۋېشىدىن ئايرىلدى. دۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ باشباشتاقلىق بىلەن كەچۈرىدىغان كۈنى ئىلگىرىكىدىنمۇ تەسلەشتى. باندىتلارنى ئەجەل قوغلىشىپ، يەنە بۇ يەرگە كەلمەيدۇ، دەپ ئېيتالمايمىز، ئەمما كەلسە ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۆتكەنكىدىنمۇ يامانىراق بولىدۇ، دەپ ئالدىنئالا ھۆكۈم



قىلالايمىز. ئومۇمەن ئېيتقاندا ئوغرىلار تۈگەشتى، قەيەردە بولمىسۇن، قەيەرگە بېرىپ پاراكەندىچىلىك يۈرگۈزمىسۇن، ئۇلارغا ئەمدى بەربىر ئۆلۈم. ئۇلار دارغا كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنۇ بىچارە باشلىقىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەھۋالىدىن باشقا ھېچقانداق ياخشى ئاقىۋەتكە يېتەلمەيدۇ. پۇقرالار، ئۇلارغا قەتئىي ئەگەشمەڭلار، سىلەرگە ئەڭ ئاخىردا ئېيتىپ قويىدىغان گېپىمىز ئەنە شۇ! ئۇ چاغدا ھەر بىرىڭلارغا قىلچە رەھىم يوق!

گومىنداڭ پولكوۋنىكىنىڭ دوق-پوپوزىلىرى تۈگىتىشى بىلەن كۆكە باغلاقتىن يېشىۋېلىپ، دار ئاستىغا ئەكېلىندى. ئاندىن بەش قەۋەت تىزىلغان كېسەك سۇپىغا سىرتماق سېلىندى، جاڭ خەنچى بۇيرۇق بەرسىلا پۈت ئاستىدىكى كېسەكلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، ئەسىر دارغا ئېسىلاتتى. دەل شۇ چاغدا كۆكە سۆز باشلاپ، گومىنداڭچىلارنىڭ ياللانچىلىقىنى ئېنىق ۋە داداللىق سۆزلەر بىلەن پاش قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۈن كۈندىن بۇيان ساراڭغا چىقىرىلىپ، گاس-گاچا كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان دەپ ھۆكۈم قىلىنغان كۆكە بۈگۈن بىلەن گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرىنى بىرخىل غەيرىي تەئەججۈپكە قالدۇردى. ئۇلار مۇڭغۇل يىگىتىنىڭ زىندانىدىكى ۋاقتىدا سۆزلىمەسلىكى ۋە سوت-سوراقلارغا جاۋاب بەرمەسلىككە قاراپ، ساراڭغا چىقارغاندىن باشقا، بەزىدە ئۇنى خەنزۇچە ياكى ئۇيغۇرچە بىلمەسلىكىدىنمۇ جىم تۇرۇۋېلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ۋە ئۇنىڭ مىللىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى شىبە مىللىتىدىن بولغان كۆ ئارقىلىق شىبە تىلىدا ياكى بولمىسا قايسىبىر يىلى جۇڭچەكتىن كېلىپ، ئاقسۇ يېزىلىرىنىڭ بىرىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن داغۇر يىگىتى ئادىر ئارقىلىق داغۇر تىلىدا سۆزلىشىپ باقماقچى بولغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆزلىرى-

نىڭ چوڭ ئەخمەقلىق قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. كۆكە ئۇيغۇر تىلىدا قىلچە چاندۇرماي ئەپچىل سۆزلەيتتى. ئۇ بۇ تىلنى ئۆز يۇرتى تېكەستىكى مىڭچوڭقۇر، داۋنىبىل يايلاقلىرىدا بۇ جايلاردىكى موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئۆملىشىپ بىللە ياشىشى جەريانىدا كىچىكىدىن تارتىپلا پۇختا ئۆگىنىپ ئىگىلىۋالغانىدى.

— سىلەر ئۆتۈپ كەتكەن نومۇسسىزلار، — دېدى ھەربىي ئەسىر ئۈشتۈمتۇت جاۋ خەنجى، ۋۇ شۈبىڭلارغا ساق قولىنى بىگىزدەك سانچىپ تۇرۇپ، — گومىنداڭچى زالىملارنىڭ ھەرقاندىقى يالغانچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. مەن سىلەر ئېيتىۋاتقان جەنۇبىي يۇننەن پولكىنىڭ كاتىپىشى ئەمەس، سىياسىي كومىسسارى، پولك كوماندىرى ياكى پولك شتابىنىڭ ئادەتتىكى ئوفىتسېر خادىمىمۇ ئەمەسمەن، مەن پەقەت كىچىككىنە ئىزۋوت كوماندىرىلا، خالاس. مەن ھەرگىز يالغان ئېيتمايمەن، ئۆمرۈمدە يالغان ئېيتىپ باققان ئەمەس. توغرا، مېنىڭ باتالىيون كوماندىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىممۇ بولغان، بۇ كېيىنكى ئىش، بىزنىڭ ھازىرقى پولكىمىز دەسلەپ جەنۇبقا بىر يېرىم روتىچە يەنى 150 چە جەڭچى بىلەن كەلگەن چاغدا مەن يەنىلا 30 كىشىلىك بىر ئىزۋوتنىڭلا كوماندىرى ئىدىم ... سىلەر مېنى پولك كوماندىرى، چوڭ كاتىپباش دەپ ئاتاۋاتقان ۋاقىتلاردا ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ئالدىشىڭلار ياكى ئەترايىڭلاردىكى كاللا كېسەرلەرنى ئالدىيالىشىڭلار مۇمكىن، ئاقىۋەت خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار مېنى، جەنۇبىي يۇننەن پولكىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى روشەن بىلىدۇ، سىياسىي كومىسسارلىرىمىز ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، پولك كوماندىرىمىز سوپاخۇن سوۋۇروۋ ھېلىمۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ



باتۇر قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا ۋە گومىنداڭغا قارشى غەلىبىلىك كۈرەش ئېلىپ بارماقتا!.

— ئاغزىڭنى يۇم مەلئۇن! — جاۋ خەنجى ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە جاللاتقا ھومىيىپ تۇرۇپ، — نېمىگە ئاسماي جىم قاراپ تۇرىسەن ياكى ھېسداشلىق قىلىپ سۆزلىۋالدىغىنىنى سۆزلىۋالسۇن دەپ تۇرامسەن. دارغا چاپسان ئاس، بۇنىڭ ئاغزى جىمىقسۇن! — دېدى.

كۆكەنىڭ بويىنىغا سېلىنغان سىرتماقنىڭ ئۇچى ئاللىقاچان دار تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويۇلغانىدى. جاللات ئەمدى ئەسىرنىڭ پۇت ئاستىدىكى بەش تىزىق كېسەكنى ئۆرۈۋەتسە ياكى ئېلىۋەتسىلا ئىش پۈتۈپ، مۇڭغۇل يىگىتى ئېسىلىپ بولغان بولاتتى. جاللات كېسەكلەرنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىشكە تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا ۋۇ شۈبىڭ قىزىل ئىشارىتى بىلەن بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنى توختاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جاۋ خەنجى تەرەپكە سۈرۈلۈپ، تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئېسىشقا بىرنەچچە مىنۇت تەخىر قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى ئۇ، — بىرئاز سوراق قىلىپ، ئۇنىڭدىن بەزى بىر مۇھىم مەسىلىلەرنى ئېنىقلىۋالساق ياخشى بولاتتى.

ھەربىي ھوقۇقدار ساقچى ھوقۇقدارنىڭ مەسلىھەتىگە ماقۇل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە «قېنى سورايدىغان نەرسىلىرىڭنى سوراۋالامسەن؟» دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— كەيپىڭگە قارىغاندا، — دېدى ۋۇ شۈبىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ مۇڭغۇل يىگىتكە، — خېلى بىلەرمەندەك كۆرۈنىسەن، باتالىيون كوماندىرى بولغان كىشىنىڭ ئۆز قوشۇنى ئىچىدە ئابرويى - ئىناۋىتى زور بولىدۇ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىدىن ئۆتمەيدىغان ۋە ئۇ بىلمەيدىغان ئىش بولمايدۇ. سىلەرنىڭ پولكۇڭلار ئۈشتۈمتۇت كېتىشتە نېمىنى كۆزلىگە پېتتى؟ بۇ يەرگە يەنە

قاچان كېلىشنى ۋە قانداق ئۇرۇش قىلىشنى پىلانلىدى؟ بۇلارغا راستلىق بىلەن بىر-بىرلەپ جاۋاب بەر. بىز ساڭا ئۆلتۈرمەي يەنىلا رەھىم قىلىمىز. ھەتتا مۇلايىم بولساڭ سولىماي، خارلىماي بىر يولى قويۇپ بېرىشىمىزمۇ مۇمكىن.

كۆكە بىر ئاز قىمىرلاپ ئاغرىپ قاتتىق ئازابلاۋاتقان ئوڭ بىلىكىنى سول قولى بىلەن سىلاپ-سىلاپ ئۇنى سول بىلەك ئۈستىگە ئېلىۋالدى، شۇندىن كېيىن شۈك بولۇپ كەتتى، سۆزلىمىدى. تەرجىمان ۋۇ شىيىڭنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەن بولسا كېرەك، دېگەن ئويى بىلەن ئۇنىڭغا بۇ سۆزنى يەنە بىر قېتىم تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— قېنى تېز بول! ھازىر سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەر، — ۋارقىرىدى جاۋ خەنچى.

— مۇلايىم بولساڭ كەچۈرۈم قىلىپ، قويۇپ بېرىمىز دېگەن گەپنى ئۇققانسەن؟ — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى ھەربىي ھوقۇقدارنىڭ ئەكسىچە ئالدامچىلىق بىلەن يۇمشاق سۆزلەپ. — بۇ ساڭا ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە مىنۇتلۇق پۇرسەت. بولمىسا دارغا ئېسىلىسەن، ئۇ چاغدا بىر ئۆزۈڭنىڭ شېرى بولۇپ قالىدۇ. ياش جېنىڭنى دېسەڭ، ھېلىقى سوئاللارغا بىرمۇبىر جاۋاب بەر! تېز بول! جېنىڭنى ئاياپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىل!

كۆكە مىللىي ئارمىيە پولكىنىڭ ئاقسۇدىن نېمە ئۈچۈن قايتىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى سوئال دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدىلا تەئەججۈپلەنگەنىدى. ئەمدى بۇ سوئالنىڭ يەنە تەكرارلىنىشى بىلەن تېخىمۇ ھەيرانلىقتا چۆمدى. مىللىي ئارمىيە پولكى گومىنداڭ بىلەن باشلىنىدىغان تىنچلىق سۆھبىتىگە يول ھازىرلاشنىڭ ئالدىنقى بېشارەتلىك تەييارلىقى سۈپىتىدە ئاقسۇ فرونتىدىكى ئۇرۇشنى توختىتىپ قايتقان ئەمەسمىدى؟ ھەتتا بۇ سۆھبەت باشلاش تەلىپىنى



گومىنداڭچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىبېشى جياڭ جيېشى ئىلاجسىزلىقتىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، رادىئو ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىشقا مەجبۇر بولمىغانمىدى؟ ئەجەبا، ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلار تېخىچە بۇنى بىلمەمسە؟ ياكى بۇ جياڭ جيېشىنىڭ بىزنى ئالداپ ئويناۋاتقان ھىيلە-نەيرەڭلىك ئويۇنىمۇ-يە؟ ئەمىر ئۇلارنى ئويلاپ تەئەججۈپكە چۆمدى. شۇ تاپتا ئۇ مۇستەبىتلەرگە تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش توختىتىش كېرەك ئەمەسمىدى؟ دېمەكچى بولغانىدى، ئەمما جەنۇبىي يۈنىلىش پولكىنىڭ قايتىپ كېتىۋېتىشىدە ئۆزىگە يارىشا ھازىرچە سىر تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر خىل ھەربىي مەخپىيەتلىكنىڭ بارلىقىنى ئەسكە ئېلىپ بۇ گەپنى ئېيتمىدى. ئەكسىچە ئۇ گومىنداڭچىلارنىڭ يۈرىكىنى يەنە بىر قېتىم مۇجۇپ قويۇش ئۈچۈن مەردانىلىق بىلەن سۆزلىدى:

— مىللىي ئارمىيىنىڭ، — دېدى ئۇ، — قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە ئۇرۇشى، ئاندىن يەنە قانداق ئىشلارنى قىلماقچى بولۇشى تامامەن ئۇلارنىڭ ئۆز پىلانىدىكى ئىش. بۇلارنى بىز ئۆزىمىز بەلگىلەيدىغان ئىش. بۇ پىلاننى سىلەرنىڭ سورۇشتە قىلىشقا مۇتلەق ھەققىڭلار يوق. مىللىي ئارمىيە بىرىنچى قېتىم ئاقسۇغا كېلىپ، بېشىڭلارغا ئەجەل ياغدۇرغان چاغدىلا ئاندىن ھوشۇڭلارنى تېپىپ، ئەسىبىدالىقتا قارشى قوزغالغان خەلقنىڭ نە قاتارلىق كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاشقا مەجبۇر بولغان ئىدىڭلار! مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا سىلەر ئىنتايىن دۆت، تولىمۇ بىچارە مەخلۇقلار. يەنە سىلەر مۇشۇ دۆتلۈكۈڭلار بىلەن مېنىڭدىن مىللىي ئارمىيىنىڭ قەيەرگە بېرىپ، نېمە ئىشلارنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇيالماستىن سوراپ بىلىۋېلىشقا پېتىناقچى بولۇۋاتىسىلەر، ئۇلار ھېچ يەرگە

بارمايدۇ، بەلكى خالىغان يېرىدە تۇرۇپ، كۈرەشنى داۋام قىلە
دۇرۇۋېرىدۇ. ئەگەر سىلەر بىلىشكە تەشنا بولۇۋاتقان نەرسە
شۇ بولىدىغان بولسا، مېنىڭ بېرىدىغان جاۋابىم ئەنە شۇ!

— دەيدىغانلىرىڭ يەتمىلا شۇ گەپمۇ، — دېدى ۋۇ شۈبىڭ ئەسىرگە ياسىما ئاھاڭ بىلەن. — تەرسالىق قىلماي سورىغان سوئاللىرىمىزغا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، بۇنىڭ بەدە لىگە بىزدىن بىر قىزشۇق قېتىنىنى تىلىگىنىڭ ياخشى ئەمەسمىدى؟ بىلمەيۋاتقان بولساڭ، ئەمدى كېيىمكە دىققەت قىل: مانا بۇ كىشى ۋىلايەتلىك ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقلىرىنى تەڭ تۇتۇپ تۇرغان باش ئەمەلدار جاۋ خەنچى ئەپەندى، ئۇنىڭ سېنىڭدەك ئون، يۈز ھەتتا مىڭلىغان ئىشلەرنىڭ ئۆلۈمىنى كەچۈرۈم قىلىشقا قۇربىتى يېتىدۇ. مېنىمۇ ئاڭلىغان بولغىدىڭ؟ مەن بولسام ۋۇ شۈبىڭ. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ... ياۋاشلىق بىلەن جاۋاب بەر. ئۇ چاغدا ئۆزۈممۇ سېنى ئۆلتۈرمەسلىككە كاپالەت بېرەلەيمەن.

— سىلەر ئەمەل ۋە مەرتىۋەڭلارنى يەش قىلىپ ئاۋارە بولماي قويۇڭلار! — دېدى كۆكە غەزەپ بىلەن. — سىلەرنىڭ كىملىكىڭلارنى بىلىش ماڭا كېرەك ئەمەس. بىزنىڭ يولىمىز ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولسا، يەنە كېلىپ سىلەر بىلەن تېخىمۇ شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىۋېرىدۇ. ئاخىر سېپىل ئىچىنى ئىشغال قىلماستىن توختىمايدۇ.

— جاللات! — ۋارقىرىدى ھەربىي ھوقۇقدار، — ھاڭۋېقىپ تۇرماي بۇنىڭ تىلىنى كەس!

جاللات قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، كۆكەنىڭ تىلىنى كېسىشكە تەييارلانغانىدى، ۋۇ شۈبىڭ ئۇنى يەنە بىر قېتىم تەخىر قىلىپ تۇر، دېگەندەك قىلىپ، قول ئىشارىتى بىلەن توختىتىپ قويدى، ساقچى ساھەسىدە ئۇزاق يىللىق خىزمىتىدە



ئالداپ سوراق قىلىش ۋە تۈرلۈك - تۈمەن قوۋلۇق - شۇملۇقلارنى ئىشقا سېلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن مەككار ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ شۇ تاپتا كۆڭلىگە پۈككىنى — ئەسىرنى ئۆلۈمدىن ئاياپ قېلىش ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە موڭغۇل يىگىتتىن جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھەرىكەت پىلانلىرى توغرىسىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەلۇم يىپ ئۇچى مەلۇماتلارنى ئېلىۋېلىش، ئاندىن ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىدى.

— سېنىڭ مىللىتىڭ نېمە؟ — ئۇشتۇمتۇت سوراقنى باشقا تەرەپكە يۆتكىدى ۋۇ شۈبىڭ.

— مىللىتىم موڭغۇل، — جاۋاب بەردى ئەسىر، — ئەگەر سىلەرگە بىلىش زۆرۈر بولسا، ئېتىمنىمۇ ئېيتىپ بېرەي: ئېتىم كۆكە! ...

— ھە؟! موڭغۇل دەمسەن ؟ — ياسىما چۆچۈش بىلەن سورىدى ۋۇ شۈبىڭ. — بۇ قېتىمقى قوراللىق توپىلاڭ ئۇيغۇر، قازاق، رۇس باندىتلىرى قىلىۋاتقان ئىشقۇ؟ سەن موڭغۇل تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇرۇش قىلىپ يۈردۈڭ؟ ئالداندىم، ئەخمەقلىق قىلدىم دېگىنە! بۇنى دېيىشىڭ ئۆزىمۇ تەۋبە قىلغانلىق، جىنايىتىڭدىن كەچۈرۈم سورىغانلىق بولىدۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس! بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزدا ھېچكىم ھېچكىمنى ئالدىمىغان. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە ئالدىتىشى يوق. مىللىي ئارمىيىدە موڭغۇللاردىن مەن بىر كىشى ئەمەس، گومىنداڭغا قارشى، سىلەرگە قارشى قولىغا قورال ئالغان خەلقلەر ئىچىدە ماڭا ئوخشاش مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان موڭغۇل يىگىتلىرى بار.

— نېمىشقا سەن ئىللىق تاغ باندىتلىرى ئۈچۈن جېنىڭنى سېتىشقا مەجبۇر بولدۇڭ؟ ئاۋۋال شۇنىڭغا مۇلايىملىق بى-

لەن جاۋاب بەر! — گەپنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن بۇ سوئالنى ئاتايىن سورىدى ۋۇ شۈبىلەك.

— بىزنىڭ ئارىمىزدىكىلەردىن ھېچ كىشى بىرى يەنە بىرىگە جېنىنى سېتىپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغان ئەمەس، مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە ئۇيغۇر، قازاق، مۇڭغۇل، رۇس، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، شىبە، داغۇر، خۇيزۇلارمۇ بار، قىسقىسى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن خورلانغان، جەبرى - زۇلۇم كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى — شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى بار.

— بولدى، توختا! — ۋارقىرىدى ساقچى ھوقۇقدارى، — گەدەنكەشلىكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قارا يۈز مەلئۇن! ...

— مەن مەلئۇن ئەمەسمەن، — قەتئىيلىك بىلەن سۆزلىدى كۆكە، — توغرا، گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋاتىمەن. مەن ئۆز قوشۇنىمىزغا ساتقۇنلۇق قىلىپ، مۇناپىقلارچە ياشاشتىن ئۈمىد كۈتكۈچە ساپ ۋىجدان ۋە مەردلىك بىلەن ئۆلۈشنى ياشقا ھەممە نەرسىدىن ئەلا كۆرىمەن! ...

كۆكەنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەنىدى، ئاچچىقىغا پايلىيالمىغان ۋۇ شۈبىلەك ھەقىقىي قانخورلۇقىنى ئاشكارا ئىپادىلەپ، جاللاتقا بۇيرۇدى:

— ئاس! ... تېز ئاس! ... مەلئۇننىڭ تىلى ھايالسىز بېسىلسۇن! ...

جاللات ئىششقا تەييارلانغانىدى. جاۋ خەنجى ئاچچىق بىلەن شۇ مەھەل قولىنى شىلتىپ، جاللاتنى توختىتىپ تۇرۇپ:

— ئىششتىن بۇرۇن تىلىنى كەس. ئاندىن كۆزىنى ئوي، ئۆلۈشتىن ئاۋۋال تازا قىينالسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ يوشۇرۇن رەقىبى ۋۇ شۈيىڭغا تەنە مەنىسىدە ئالايتەن



ھېجىيىپ قاراپ قويدى. بۇ ھەربىي جاللاتنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇق تالاشقۇچىسى ساقچى جاللاتقا «مېنىڭ ئەسىرنى ھايالسىز ئېتىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك» دېگىنىم توغرىمىكەن ياكى سېنىڭ «سوت - سوراق قىلىپ، ئۇنىڭدىن سىر ئالىمەن، دەپ ئەخمەقلىق قىلغىنىڭ توغرا بولۇپ چىقتىمۇ؟» دېگىنى ۋە شۇ يول بىلەن ئۇنى چېقىۋالغىنى، دات قىلىۋالغىنى ئىدى.

كۆكەنىڭ تىلى كېسىپ تاشلاندى، كۆزى ئويۇلدى، ئۇلار ئۆلۈم ئالدىدىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئىنتايىن ۋەھشى جازالار ئىدى. لېكىن مەرد يىگىت مىسلىسىز زور غەيرەت بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىدىدى. بەلكى ئۇ مەردلىك بىلەن جاللاتنىڭ خەنجىرىگە تىلىنى چىقىرىپ بەردى ھەتتا كۆزىنى ئويۇش ۋاقتىدا ۋىجىك قانخورنىڭ بويى يەتمەي قىيلىشىنى ئويلاپ، گەۋدىسىنى ئېگىپ بەردى. بۇ رەھىمسىز جازالار بىر - بىراقى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئاخىر پۇتىدىكى كىسەك ئېلىۋېتىلىپ، مۇڭغۇل ئوغلانى دارغا ئېسىلدۇرۇپ قويۇلدى. لېكىن يەنىلا بۇرۇتقىدەك زەبەردەس ۋە قامەتلىك كۆرۈنۈپ، گويا ئۆلمىگەندەك، تېخىچىلا سوراقتا مەردلەرچە جاۋاب بېرىپ، گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىنىڭ جىنايى قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ھەقىقەت ساداسى بىلەن جاراڭلىق ۋە ئۆرغۇلۇق ھالدا پاش قىلىۋاتقاندەك، كۆز ئالدىدىكى قان ئىچەر جاللاتلارغا ئىسيانكارلىق روھى بىلەن يەنىلا ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك ئىدى ...

كۆكەنىڭ پاك جەسىتى ئۇ ئېسىلغان داردا بىر ھەپتىچە تۇرۇپ قالدى. خەلق ئۇنى ئاۋايلاپ ئېلىۋېلىپ، قەدىر - قىممەت بىلەن دەپنە قىلىشقا تەقەززا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن مەھرۇم ئىدى، چۈنكى گومىنداڭچىلار پايلاقچىلىق ئۈچۈن دار تۈۋىگە قوراللىق ساقچى

قويۇپ قويغانىدى، خەلق موڭغۇل يىگىتىنىڭ مۇڭلۇق جەسىتىنى ھەربىر قېتىم تاشقىرىقى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆرگەن چاغدا قايتا - قايتا چوڭقۇر مۇسىبەت دېڭىزىغا چۆكۈپ، قويۇق كۆز ياشلىرى تۆكەتتى، پۈتۈن ئاقسۇ بارلىق مىللىي ئارمىيە قۇربانلىرى ئۈچۈن، موڭغۇل خەلقىنىڭ ئەنە شۇ قورقۇمسىز باتۇر ئوغلانى ئۈچۈن ئۇزاق بىر مەزگىل ماتەم ئازابى بىلەن قىينالدى ...

ئاقسۇدا ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى بىرىنچى پەيشەنبە ئەتىگەنلىكى يېزا - كەنتلەردىكى ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋە بازار ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ خېلى كۆپىنچىسىدە ياغ يورۇتۇپ، يىمەك سىلىنغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. ئۇلار بۇ مەرسىيە رەسمىيىتىنى ئۆز يۇرتىدا مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بېرىلىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك داۋام قىلغان قانلىق كۆرەشنىڭ شانلىق قۇربانلىرىغا ئاتاپ ئادا قىلغانىدى.

## ئانىنىڭ ھازىسى

ئاقسۇدا ئۇرۇشتىن كېيىن يۈز بېرىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار، گومىنداڭچى جاللاتلارنىڭ تىنچ، بىگۇناھ خەلقلەردىن نومۇسسىزلىق بىلەن تىنىمسىز ئۆچ ئېلىۋاتقانلىقلىرى كەلدى - كەتتى ئادەملەر، يوشۇرۇن ھەرىكەتتىكى يولۇچى سىپەت ئادەملەر ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن يەنە ھەر خىل ئامىللار بىلەن تېزلا غۇلجىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق خەۋەرلەر مۇزداۋان ياكى باشقا تاسىلاتلىق تاغ يوللىرىدىن



مىللىي ئارمىيە سېپىگە قېتىلىش ئۈچۈن قېچىپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئاقسۇ ياشلىرى ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارغا يەتكۈزۈلۈپ، ئۆز ئەينىچە مەلۇم قىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابى ھۆججەتچى باتالىيوننىڭ مەشھۇر كوماندىرى، سۆيۈملۈك موڭغۇل يىگىتى، كاپىتان كۆكەنىڭ جەنۇبىي يۈرۈش پولكى ئاقسۇدىن قايتىۋاتقان ۋاقىتتا يېڭىشەھەر سېپىلىنى ئاخىرقى قېتىم مۇھاسىرىدە تۇتۇپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن تارتىپ، كەپتەرخانىدىكى ئۇرۇشقىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرسەتكەن ئاجايىپ زور قەھرىمانلىقى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە شۇ قەيسەر يىگىتنىڭ دار ئالدىدىكى سوراقتا ئۆلۈمنى پەسەنت قىلماي جاللاتلارغا بەرگەن جاۋابلىرى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بىلەن ھەربىي باش شتاب بۇ باتۇرلۇقنى ھېسابقا ئېلىپ، مەرھۇمغا قەھرىمانلىق ئۇنۋانى بېرىپ، ئۇنىڭ شەرەپلىك نامىغا «ئازادلىق — I»، «ئىستىقلالىيەت — I» ئالتۇن ئوردېنلىرى تەقدىم قىلىش توغرىسىدا قوشما پەرمان ئېلان قىلدى. بۇ پەرمانغا ئاساسەن تېزدىن مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ سىياسىي خىزمەت ئوفىتسېرى، موڭغۇل پولكىنىڭ ئىلگىرىكى مۇئاۋىن كوماندىرى، پودپولكوۋنىك پوجە، كۆكە باتالىيونىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سىياسىي يېتەكچىسى، موڭغۇل يىگىتى پارودچىك دورجى، ئاقسۇدىكى ئۇرۇشلاردا كۆكە بىلەن جەڭگىۋار سەپداش بولۇپ بىرلىكتە كۈرەش ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر پەرزەنتى، كاپىتان راشىدىنجان، قىيىر، قوغان، بوزدۆڭلەردە بولۇپ ئۆتكەن جەڭلەرنىڭ باتۇرى، موڭغۇل ئوغلانى پىراپورچىك ئىرىنچىنلاردىن ھازا ئېچىش - ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىل قىلىنىپ، غۇلجىدىن مەخسۇس تېكەسكە، قەھ-

رەمانىنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىلدى. بۇ چاغدا كۆكەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئاپىسى، ئايالى ۋە بىر يېرىم ياشلىق قىزى تېكەس ناھىيىسىنىڭ موڭچۇڭقۇر ئاۋۇلىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار كۈز ئايلىرى باشلىنىش بىلەن ياز داۋامىدا مال بېقىپ كەلگەن داۋانىبىل يايلىقىدىن يېڭىلا بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدى.

كۆكە بۇندىن 25 يىل ئاۋۋالقى قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مۇشۇ موڭچۇڭقۇر ئاۋۇلىدا تۇغۇلغان ۋە ئۈچ ۋىلايەتتە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى پارتلاپ، ھەربىي خىزمەتكە قاتناشقىچە بولغان 20 نەچچە يىل داۋامىدا داۋانىبىل ۋە موڭچۇڭقۇرلاردا ئۆسۈپ چوڭ بولغانىدى.

كۆكە كەمبەغەل چارۋىچىنىڭ يېگانە، بىردىنبىر ئارزۇلۇق بالىسى ئىدى. ئۇ ئەركە چوڭ بولدى. ئۆسمۈر چېغىدىلا يايلاق خەلقلىرىگە قورقۇمسىز بالا بولۇپ تونۇلدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئائىلىسىدىكى كەمبەغەللىك تۈپەيلىدىن كىچىكىدە چارۋىدارلارنىڭ مال پادىسىدا ئىشلەپ، بالا چوپانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئانىسىنىڭ مېھرى ئاتىسىدىن ناھايىتى بالدۇر يېتىم قالغان بالىغا ئىنتايىن قويۇق ئىدى. ئاخىر ئانا كۆكەنىڭ تەلپۈنۈشىگە بېقىپ، ئۇنى پادىچىلىقتىن ئاجرىتىۋېلىپ، شۇ كەمدە يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان يايلاق كۆچمە مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى. زېھنىلىك كۆكە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلاچىلار قاتارىدا تاماملىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ بىرقانچە تەڭتۇش يۇرتداش بالىلار بىلەن غۇلجا شەھىرىگە بېرىپ، موڭغۇل باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا بىر يېرىم يىل ئوقۇپ، ئۆز بىلىمىنى ئوتتۇرا تەلىم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈۋالدى. بۇ چاغ غۇلجىدا يوشۇرۇن ئىنقىلابىي ئويغىنىش جامائەتچىلىكنىڭ كەڭ قاتلاملىرىدا، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك تۈس ئېلىشقا باشلىغان ھالقىلىق مەزگىل ئىدى. نەتىجىدە



بۇ كۆكەنىڭ سۈپسۈزۈك پاك قەلبىگە داۋالغۇتقۇچى شىددەتلىك ئېقىمغا ئوخشاش قۇدرەتلىك تەسىرچان تۇيغۇسى سۈپىتىدە كىرىپ كەلدى. نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تېغىدا گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرەشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرىنچى پاي ئوقى ئېتىلغان چاغدا ياش كۆكە كۇرسىنى تاماملاپ، قايتىپ كېلىپ، موڭچۇڭقۇر ئاۋۇلىدىكى موڭغۇل باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەمما قوراللىق كۈرەش مۇستەبىتلەر بىلەن پات-ئارىدا ئېلىپ بېرىلغۇسى قانلىق ئېلىشىش ئۇ قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئۇلۇغ ئارزۇلاردىن ئىدى.

كۆكەدە ئىنقىلابىي ھېس-تۇيغۇ ئۇ تېخى 20 ياشلارغا كىرمىگەن چاغدىلا بىخ سۈرۈشكە باشلىغانىدى. بۇ چاغدا جەمئىيەتتە زۇلۇم يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، خەلق ئاچ-يالىڭاچ ۋە قاششاقلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. كۆكەگە باشقا جايلاردىن كۆپرەك تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن موڭچۇڭقۇر ئاۋۇلى بىلەن داۋانىبىل يايلىقىدا مىڭلاپ ئات-كالا، ئونمىڭلاپ قوي-ئۆچكىلەر بېقىلغاندەك قىلاتتى. ئەمما مالچى، پادىچىلارنىڭ يۈزلىگەن كەمبەغەل ئائىلىلىرى تۇرمۇش كاپالىتىدىن مەھرۇم بولغان ھالدا، يېرىم توق، يېرىم ئاچ ۋە يالىڭاچ كۈن كەچۈرەتتى. ئات-ئۇلاغ ۋە ئۇششاق چارۋا ماللارنىڭ كۆپىنچىسى، ھەتتا بەزى ئوتاۋلاردا مۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاز ساندىكى مۈلۈكدار زەڭگى، ئۈكۈرداي ۋە ئاقىلاقچىلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇلار كۆپ سانلىق كەمبەغەل مالچىلارنى ئېزەتتى، يايلاق مۇشتۇمزورلىرى يەنە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئالدىدا يۈزلۈك، نوپۇزلۇق بولۇپ، كەمبەغەللەرنى خالىغانچە جازالاش ھوقۇقلىرىغا ئىگە ئىدى. چۈنكى ئەمەلدارلار بۇ كىشىلەرنى ھەممە تەرەپتىن قوغداپ تۇراتتى. كىچىكىدىنلا زېھنىلىك ئۆسكەن كۆكە بۇ باراۋەرسىز تۇرمۇشنىڭ ئەلەم ۋە

ناھەقلىق بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىنى ناھايىتى تېز بايقاشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ كەمبەغەل بولۇپ، ئېزىش - ئېزىلىشنىڭ بىۋاسىتە ئىلكىدە قاقشاق ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلەتتى. بولۇپمۇ شۇ كۈنلەردە كۆكەگە مۇنداق بىر ۋەقە ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەس دەرىجىدە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. شۇ يىلى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى ئورگىنىدىن چارۋىچىلار قولىدىكى ئوۋ قوراللىرىنى يىغىۋېلىش نىقابى ئاستىدا تېكەسكە ئەۋەتىلگەن ئوفۇمىيۇزلۇك تىنتىش گۇرۇپپىسى كۆكەنىڭ ئاتا تەرەپ چوڭ تاغىسىنى مىلتىق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتتى دېگەن باھانە بىلەن ئېتىپ تاشلىغانىدى. بۇ ئاخىر موڭغۇل پەرزەنتىنىڭ دەۋرگە بولغان غەزىپى — نەپرىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. ئىنقىلاب بورىنى ئۇلاستايدىن غۇلجىغا، غۇلجىدىن يەنە ئۇلاستاي ۋە ئىلىقىغا يېيىلىپ، تېكەستە قوراللىق كۆرەش يالقۇنى كۈچەيگەندە كۆكە قولىدا يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن ئوۋ مىلتىقى — كىبىرماتكىنى 38 دانە ئوقى بىلەن كۆتۈرۈپ، ئۇچقۇر تەۋقىران لاچىن سىيىتىدە ئىنقىلاب سېپىگە ھايالسىز كىرىپ كەتتى.

سوپاخۇن سوۋۇروۋ پولكى ئاقسۇدىن قايتىپ چىققاندىن تارتىپ، خېلى بىر مەزگىلگىچە تېكەستە تۇرۇپ قالدى. دەسلەپ بۇ پولك قىسىر ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتكەندە بىر يېرىم روتىچە كونا - يېڭى جەڭچىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى بۇ قېتىم ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلىنىش ۋاقتىدا تېكەستىن قوشۇلغان قازاق، موڭغۇل، ئۇيغۇر ياشلىرى تەشكىل قىلاتتى. باي، ئاقسۇ ناھىيىلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر قۇربانسىز ئۆتمىدى ۋە بۇ قۇربانلارنىڭ بىر قىسمى تېكەس ياشلىرىنىڭ ئەردىلەرچە ئۆلۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. جەنۇبىي يۈرۈش پولكى مۇز داۋاندىن ھالقىپ تېكەستىن ئۆ-



تۈپ، بۇندىن كېيىنكى قارارگاھى چىكىرتى يايلىقىدا توختىشى بىلەن ئۇلاردىن ھال سوراپ، پولك شتابىغا كەلگۈچىلەر ئىنتايىن كۆپ بولدى. بۇنىڭ بىلەن باي، ئاقسۇلارنى گومىنداڭچىلار ئىلكىدىن ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان تېكەس ياشلىرىدىن ھايات قالغانلىرى بىلەن قۇربان بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىرى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ۋە باشقا ئەل - جامائەتكە تېزلا مەلۇم بولۇپ قالدى. كۆكەنىڭ تۇل ئانىسىمۇ سۆيۈملۈك بالىسى بىلەن تېز دىدارلىشىپ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتىنى قاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن موڭغۇلكۈرەدىن ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئالدىراش پولك شتابى جايلاشقان يايلاق چىكىرتىگە كەلدى. كوماندىرلار بىلەن سىياسىي رەھبەرلەر قەھرىماننىڭ ئانىسىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ۋاقىتىنچە مەخسۇس ئۆيگە جايلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر موماي ئالدىدا كۆكەنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئاشكارىدىن - ئاشكارا ئېغىز ئېچىشقا ئاجىز ئىدى. ئانا دېگەن ئانا - دە! ئۇنىڭ بالىسى بار بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئۆلچەمسىز چوڭقۇر سۆيۈنۈش ۋە مەڭگۈلۈك مېھىر - مۇھەببىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ئەنە شۇ پەخىرلىك نام — ئانا نامى بىلەن ئاتالغان - دە!... بالىسى بىلەن قۇچاق ئېچىپ كۆرۈشۈش ئارزۇسى بىلەن قانات كېرىپ تاغ ئېشىپ ئۇزاق يول كېزىپ، خۇشاللىق ھېسسىياتلىرى ئىچىدە بىتاقەت كەلگەن ئانىنى يەنە كېلىپ، شەۋكەتلىك بىر قەھرىماننىڭ تۇغۇپ ئۆستۈرگۈچىسىنى ئۆلۈم خەۋىرى بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ تەلپۈنۈشچان قەلبىنى ئاجايىپ ئېغىر يارا ئازابى بىلەن ئاغرىتىش ھەربىر ئەقىل ئىگىسى جۈرئەت قىلالايدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى! ئانا شتابقا كېلىپلا ھەممىدىن بۇرۇن بالىسىنى كۆرۈشى كېرەك ئىدى، ئەمما كۆرەلمىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئەدىلىكىنى كۆپ سۈرۈشتە قىلدى، لېكىن ھېچكىمدىن ئې-

خەلق ئەسلەيدىغان قەھرىماننىڭ پارلاق سىماسى ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ. كۆكە سىزنىڭلا ئەمەس، بىزنىڭ ۋە بارلىق تېكەلىكلەرنىڭمۇ ئوغلى. ئۇنىڭ نامى ئۆچمەس، نامى بىزنىڭ قەلبىمىزدە خۇددى تىرىك كىشىنىڭ نامىدەك مەڭگۈ يېڭى پېتى ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ.

ئانىنىڭ يىغىسى توختىمىدى. بەلكى بۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇنىڭ كۆز يېشى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئاندىن پودپولكوۋنىك پوچە ئانىنى بەزلەشكە تىرىشىپ، كۆكەنىڭ بارلىق سەپلەردە قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقىنى. ئاخىر يەنە دار ئالدىدا ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلماي، دوق - پوپوزا ۋە ئالداشلارغا بوي ئەگمەي، مەردلىك بىلەن قۇربان بولغانلىقىنى تەپسىلىي ئېيتىپ كېلىپ:

— كۆكە ياراتقان شان - شەرەپ پۈتۈن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ شان - شەرىپى. بەلكى بۇ شان - شەرەپ ھەممىدىن ئىلگىرى شۇنداق قەھرىماننى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن سىز ھۆرمەتلىك ئانىغا. كۆكەنى يوقنى تېپىشتۇرۇپ باققان ئاتا دامىرجاپقا مەنسۇپ، شۇ سەۋەبتىن سىز يىغلاشنىڭ ئورنىغا خۇشال بولۇشىڭىز، ئېچىلىپ - يايراپ ئولتۇرۇشىڭىز كېرەك. ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىمىز بىلەن باش شتابىمىز ئوغلىڭىزنىڭ جەڭلەردىكى باتۇرلۇقى ئۈچۈن ئۇنى قەھرىمانلىق نامى ۋە بىر جۈپ ئالتۇن ئوردېن بىلەن تەقدىرلىدى. بۇ ئاسانلىقچە قولغا كېلىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى.

بۇ سۆزلەر ئانىنىڭ يىغىسىنى پەسەيتىشنىڭ ئورنىغا ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا كۈچەيتىۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ كۆكەنىڭ ئۆلۈمىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاتىسى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بولغانىدى.



— ئۇرۇشنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى يوق، — دېدى ئانا نالە قىلىپ تۇرۇپ. — ئۇنىڭ ھەرقاندىقى يامان! قومۇل ئۇرۇشى كۆكەنىڭ ئاتىسىنى يەپ كەتكەنىدى. ئەمدى بۇ قېتىمقى ئۇرۇش جانجىگەر بالامنى يوق قىلىپ تاشلاپتۇ. ماڭا شان - شەرەپ دېگەن نەرسىلەر كېرەك ئەمەس. مەن بۇلارغا ئوغلۇمنىڭ جېنىنى تېگىشمەيمەن. ئەكەلگەن نەرسەڭلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ كېتىپ، ئوغلۇمنى قولۇمغا ساق تاپشۇرۇپ بېرىڭلار!... جېنىم كۆكە، قايدىسەن بالام!... تۇل ئانانىڭ نالە - زارىنى ئاڭلاۋاتامسەن كۆز قارىچۇقۇم! جېنىم ئوغلۇم، يۈرەك باغرىم بالام!...

بۇ سۆزلەر ئاڭلىغۇچىغا ئورۇنسىزدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما سۆيۈملۈك بالىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان ئانىنىڭ ئېغىر جۇدالىقتا پايلىماي ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئېيتىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا بۇ سۆزنىڭ نالايىق تۇيغۇ بېرىدىغان يېرى يوق ئىدى. ھازا ئېچىش - ھال سوراش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئانىنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلاندى، ئەمما ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن ئانىنى يىغىدىن توختىتىپ ۋە ئۇنى مۇسىبەت ئىلكىدىن قۇتقۇزۇپ، ئەتە بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان سالتەنەتلىك ئوردېن تەقدىم قىلىش يىغىلىشى ئۈچۈن توي - مەرىكە كۆتۈرەڭگۈلۈكتەك روھلۇق كەيپىيات ھازىرلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئانا يىغلاشتىن خالىي بولۇپ، باتۇر يىگىتنىڭ باتۇر ئانىسىدەك سەۋر - تاقەت بىلەن تۇرۇشى، ئۆزىنى ئوغلىنىڭ جاسارىتىدىن پەخىرلىنىۋاتقاندەك تۇتۇپ، كۆكەگە بېغىشلانغان يۇرت تەنتەنىسىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئانىنىڭ يىغىسى بارغانچە ئەدىمەكتە. بۇنىڭدىن بىتاقەت بولۇپ ئولتۇرغان كۆكەنىڭ ئانا تەرەپ كىچىك تاغىسى يىغىسىنى توختىتىشقا تەمشىلىپ ئاچىسىغا نەسىھەت قىلدى:

— سىنىڭ قىلىۋاتقىنىڭ خۇشاللىقنى يىغىغا تېگىشىش! — دېدى ئۇ. — مۇنداق قىلىش بىلەن كۆكەنىڭ شەرەپلىك نامىغا داغ تەگكۈزۈۋاتىسەن! قېنى ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، باشقا جايلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ ئاۋۇلىمىزدىن سۆزلەيلى! بۇ يەردە بالىسىدىن ئايرىلمىغان ئاتا - ئانا، بىر تۇغقان ئىنىسىدىن ئايرىلمىغان ئاكا ياكى ئاچىلار بارمۇ؟ بىر مۇنچە مىڭغول، قازاق ياشلىرى ئۆز ۋاقتىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ياكى تۇرپان قوزغىلىڭىغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمىدىمۇ؟ مۇشۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا ئىبكەستىكى گومىنداڭ باتالىيونى قېچىپ كېتىش ئالدىدىن بىر مۇنچە ياشلىرىمىزنى ئىنقىلابقا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن ناھەقتىن ناھەق قىرىپ تاشلىمىدىمۇ؟ مانا بۇلارمۇ ئۆلۈم ئەمەسمۇ؟

— ئۆلۈمنىڭ ئۆلۈمدىن پەرقى بار، — سۆزىنى داۋام قىلدۇردى كۆكەنىڭ تاغىسى. — ئۇلارنىڭ بىر خىلى شەرەپلىك بولسا، يەنە بىر خىلى ئۇنداق ئەمەس. خەلق بىلەن باشتىن - ئاياغ ئۆچەكىشىپ، ئىنقىلابنىڭ ئوقىدا ئۆلگەنلەرنىڭ نام - ئەمەلى تېخىمۇ يامان ۋە تېخىمۇ نەپرەتلىك. كۆكەنىڭ ئۆلۈمى بولسا ئۇنداق ئەمەس، تامامەن شەرەپلىك. ئۇ خەلقنى گومىنداڭنىڭ زۇلۇم ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا مەردلىك بىلەن قۇربان بولغان. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇشىمىز كېرەككى، يىغا - زار قىلىپ، ياش تۆكۈشىمىز كېرەك ئەمەس. كۆكەنىڭ روھى بىزنىڭ شادلىقىمىز بىلەن شادلىنىدىغان بولسۇن، ئەكسىچە غەمكىنلىك تارتىدىغان بولۇپ قالمىسۇن!...

ئانا ئاستا - ئاستا يىغىدىن توختىدى. مۇسىبەتنىڭ يۈز - كۆزىدە قالدۇرغان قويۇق نەم يۇقۇندىلىرىنىمۇ ئېرىتىپ تازىلىدى، ئۆيدىكى نالە - زارلىق كەيپىيات ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئىچى نورمال ھالەتكە كۆچتى. كۆكەنىڭ تۇل قالغان ئايالى مېھمان-



لارغا ئاتاپ، خېلىدىن بېرى چاي تەييارلاپ قويغانىدى. ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىنىپ، ھازىدارلىقنىڭ ئاددىي بەلگىسى سۈپىتىدە قويماق - بوغۇرساق ئەكېلىندى، قورۇۋاتقىنىمۇ ئېغىز تېگىلدى. پاراڭ ئارىلىقىدا كېلىن يەنە قاچا - قۇچىلاردا ئايران كۆتۈرۈپ كىرىپ، داستىخانغا قويۇپ قويدى. ئانا مېھمانلارنى ئوچۇق چىراي بىلەن يېمەكلىككە تەكلىپ قىلىپ تۇردى. راشىدىنجان ئاتام يېڭىچە سۆز باشلاپ، مۇڭغۇل يىگىتنىڭ ئاقسۇدىكى ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇردى.

— كۆكە يالغۇز ئۇرۇش قەھرىمانىلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغۇن جەھەتلەردىن پۇختا يېتىلگەن پەم - پاراسەتلىك جوشقۇن يىگىت ئىدى، — دېدى ئۇ. — مەن ئاقسۇدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدۇم. كۆكە قاتناشقان ۋە ئۇنىڭ باتالىيونى قوزغىغان چوڭ - كىچىك ھۇجۇملارنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى غەلىبىلىك ئۆتتى. ئۇ قول ئاستىدىكى جەڭچىلەرنى ئەپچىللىك بىلەن ھۇجۇمغا يېتەكلەشنىلا ئەمەس، يولى كەلگەندە ئۇلارنى بىھۇدە قۇربانلاردىن ئاسراپ قېلىشنىمۇ بىلەتتى. كۆكەنىڭ دۈشمەن پوتسىيىسىگە يەككە - يېگانە باستۇرۇپ بېرىپ، بىر قېتىملىق ھۇجۇمدىلا قول بومبىسى بىلەن توققۇز گومىنداڭچىنى پارتلىتىپ تاشلىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ جەنۇبىي يۆتىلىش پولكىدا تېز ئۆستى. ئاقسۇغا يېڭى بارغاندا پودپورودچىك دەرىجىسىدىكى ۋىزۋوت كوماندىرى بولغان بولسا، كېيىنچە كاپىتان دەرىجىلىك باتالىيون كوماندىرى بولۇپ قالدى.

— كۆكەلەر ئائىلىسىدىكى قەھرىمانلىق ئۇنىڭ ئاتىسىدىن تارتىپ باشلانغان، — دېدى ئىزاھات بېرىپ پودپولكوۋنىك پوجە. — مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، كۆكەنىڭ ئاتىسى

دامرجاب ئاكمۇ ئىسيانكارلىق بىلەن ئۆلگەن. 1930 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا كونا ھۆكۈمەت موڭغۇللاردىن بىر روتا ئەسكەر تۇتۇپ، مۇشۇ قوزغىلاڭغا قارشى ئۇرۇشقا سالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دامرجاپ ئاكمۇ بار بولۇپ، ئۇ بىر ئوتتېلىنىيە ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىدىكەن. ئەمما قوزغىلاڭچى خەلقنى باستۇرۇشقا كۆڭلى تارتماي ئۆز ئوتتېلىنىيىسىدىكىلەر بىلەن بىللە مۇستەبىتلەر ئارمىيىسىگە يوشۇرۇن ئوق ئېتىپ، قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرىكەتلەنگەن، بىراق، دامرجاپ ئاكا بەختكە قارشى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىپ، تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن جاللاتلارنىڭ قولى بىلەن رەھىمسىزلەرچە تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن.

— دامرجاپ ئاكا، — دېدى كۆكەنىڭ تاغىسى قوشۇمچە قىلىپ، — شۇ ئېلىشىشتا تىرىك تۇتۇۋېلىنىشتىن ئىلگىرى مۇستەبىتلەرنىڭ باتالىيون كوماندىرىنى خەنجەر تىقىپ يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەندىن تاشقىرى بىر نەپەر روتا كوماندىرى، يەنە بىر نەپەر ئىززۇوت كوماندىرىنى نوم تېغى جىلغىسىدا بىر - بىرىگە تۇيغۇزماي ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

— ھەئە، شۇنداق، بۇ سۆزنى ئىلگىرى مەنمۇ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى يوجە قايتىدىن ئەسلەپ، — بۇ گەپلەرگە قاراپ دامرجاپ ئاكىنىڭ ئائىلىسىنى قەھرىمانلار ئائىلىسى دېمەك ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. كۆكەنىڭ قەھرىمان ئوفىتسېر بولۇپ يېتىلىشىمۇ ئۇنىڭ ئائىلە ئەنئەنىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان، دېمەك، ئۇلار ئاتا - بالا ئوخشاشلا ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغان، ھەر ئىككىسى بىردەك دۈشمەن ئالدىدا تىز پۈكمىگەن!

بۇ يەرگە جەم بولغانلار كۆكەنىڭ ئاقسۇ ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلىقلىرىدىن ھەر خىل دەرىجىدە خەۋەردار بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنى بۇ قەيسەر يىگىتنىڭ ئاتىسى بۇندىن 15 يىل مۇقەد-



دىم قۇمۇلدا ئىسيانكار روھ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغان ئاجايىپ ئىشلارنى بىلمەيتتى.

شۇندىن كېيىن ئاتا ناھايىتى تېزلىك بىلەن مۇنۇلارنى ئويلاپ يەتتى: ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشى دامرجاپ قۇمۇل خەلقىنىڭ ئازادلىقى يولىدا قۇربان بولغان چاغدا توپتوغرا 25 ياشتا بولۇپ، كۆكە دەل شۇ ۋاقىتتا ئون ياشتا ئىدى. ئارىدىن 15 يىل ئۆتۈپ، ئوغۇل 25 ياشقا كىرىپ قالغانىدى، دېمەك، كۆكەمۇ ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئازادلىقى يولىدا خۇددى ئاتىسىغا ئوخشاش 25 ياشتا قەيسەرلىك ۋە باتۇرلۇق بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى. بۇ تاسادىپىي ئوخشىشىپ قالغانلىق ئىدى. ئاتا بۇ ئويدىن كېيىن يەنە يىغلاپ تاشلىدى. مېھمانلار مۇسىبەت ئۈستىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئاساسەن ئانىنى كۆز يېشى قىلماسلىققا ئۈندىدى. ئاتا يىغىدىن توختاۋېتىپ، راستچىللىق بىلەن:

— ئاۋۋال جۇدالىقنىڭ قاتتىق بېسىمى بىلەن دەرد - ئەلەم يېشى تۆككەنىدىم، ھازىر بىر ئويدان خۇشاللىق يىغىسى يىغلاپ ئۆزۈمنى خېلى يېنىكلىتىۋالدىم... يىغام تۈگىدى، بۇندىن كېيىن ياش تۆكمەيمەن... بەلكى مەڭگۈ ياش تۆكمەسمەن، دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.

ھازا ئىچىش - ھال سوراش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئانىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ، بىئىختىيار تەڭلا كۈلۈپ تاشلىدى. ھەتتا تېكەس ناھىيىسىنىڭ شوخ، خۇش چاقچاق ھاكىمى كۈلكىگە ئۇلاپ قارسىلداپ قاتتىق چاۋاك چېلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆڭۈلنى غەش قىلغۇچى يىغا - زارلىق مۇسىبەتنىڭ دەل شۇ يەردە ئۆز - ئۆزىدىن ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئانىنىڭ ئۆيىدە ئوچۇق چىراي ئولتۇرۇشقا يول ئېچىلىپ ھازا - ماتەم ۋەزىيىتى ئۆز ئورنىنى قەھرىماننىڭ شانلىق نامىغا مۇناسىپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان ئولتۇرۇشقا بوشىتىپ بەردى.

# قەھرىمانىڭ نامى ئۆچمەيدۇ

مېھمانلار موگچوگقۇردا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ، بىرىنچى كۈنى پۈتۈن تىبەس تاھىيىسىدىكى خەلق ۋەكىللىرى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە ۋە ئىدارە - جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا ئەتىدىكى ئوردېن تەقدىم قىلىش يىغىلىشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن موگچوگقۇرغا كېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە ئاۋۇلدا ھاۋا مۆلايىم، ھۆل - يېغىنسىز بولۇپ بەردى. ياش كۈزدىكى قۇياش ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق نۇرىنى ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر خىل ئىللىق ھالەتتە تەكشى چېچىپ تۇرغانلىقىغا قارىماي، كۈزنىڭ ئۆزىگە خاس سالقىن شامىلى توختىماستىن بوش ئېسىپ تۇردى. موگچوگقۇرنىڭ تاغ باغرىدا ئېگىز ئۆسكەن ئارچا - قارىغايلار كەڭ سايە تاشلاپ، بەئەينى تىبەس دەرياسى ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى سۇغا تولدۇرۇپ، ئەتىدىكى تەبرىك يىغىلىشىغا يېڭىدىن - يېڭى شادىيانە كۆركەملىك بېغىشلاۋاتقاندەك ئىدى.

پىلانغا ئاساسەن ئەتىسى ئوردېن تەقدىم قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭغا قاتنىشىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، قازاقلار، قىرغىزلار ۋە رۇسلارنىڭ ۋەكىللىرى بار ئىدى. بۇلاردىن تاشقىرى يەنە موگچوگقۇر، داۋانچىل يايلاقلىرىدىكى چوڭ - كىچىك ھەر خىل ياشتىكى كىشىلەر يىغىلىشقا ئۆز قىزغىنلىقلىرى بىلەن



كېلىپ قاتناشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پېشقەدەملەردىن تارتىپ، ئۆسمۈر ۋە كىچىك باللارغىچە ھەممەيلەن دېگۈدەك كۆكەنى كۆپ قېتىم كۆرگەن ۋە بەزىلىرى ئۇنىڭ بىلەن يېقىن تونۇش ۋە دوست - يارەنلەردىن بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ ئوردېن تەقدىم قىلىش يىغىلىشى ئومۇمىي خەلقنىڭ تەنتەنىلىك تەبرىك پائالىيىتىگە ئايلىنىپ كەتتى. يىغىلىش كۆكەلەرنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى تەكشى كەتكەن كەڭ چىمەنلىكتە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يەرگە يەنە مەرھۇم كۆكە ھايات ۋاقتىدا كوماندىرلىق قىلغان ھۇجۇمچى باتالىيونمۇ شۇ كۈنلەردىكى يېڭى تەركىبى بىلەن تولۇق كەلگەنىدى. ئۇلار خەلقلەر توپىنىڭ ئالدىدا قەھرىماننى چەكسىز سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن رەتلىك سەپ تارتىپ تۇردى. باتالىيوننى جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ كوماندىرى، پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇروۋ شەخسەن ئۆزى موگچوگقۇرغا يېتەكلەپ ئەكەلگەنىدى.

تەنتەنىلىك يىغىلىش مىللىي ئارمىيە مارشى ساداسى ئىچىدە ئېچىلدى. بۇ مارشنى ھۇجۇمچى باتالىيوننىڭ بىرقانچە يۈز جەڭچىسى گويا گۈلدۈرمامىدەك ناھايىتى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى. شۇندىن كېيىن ھازا ئېچىش - ھال سوراش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، پودپولكوۋنىك پوجە يىغىلىشقا ئاتاپ ئېچىش نۇتقى سۆزلەپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ كۆكەگە قەھرىمانلىق ئۇنۋانى بېرىش ۋە ئۇنىڭ نامىغا «ئازادلىق — I»، «ئىستىقلالىيەت — I» ئالتۇن ئوردېنلىرى تەقدىم قىلىش توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان قوشما پەرماننى ئوقۇپ ئۆتتى. شۇندىن كېيىن ئانىغا گۈلدۈرمامىغا ئايلانغان كۈچلۈك چاۋاكلار ئىچىدە مەرھۇم ئوغلىغا تەقدىم قىلىنغان قەھرىمانلىق كىنىشكىسى بىلەن ئالتۇن ئوردېنلار چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ئاندىن سوپاخۇن سوۋۇروۋ سۆز قىلغاندىن كېيىن جەنۇبىي يۆتىلىش پولكىنىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارلىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقسۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا جەنۇبىي شىنجاڭ فرونتىغا ئەۋەتىلگەن يەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ۋەكىللىرى پولكوۋنىك ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن پولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرىنىڭ مۇشۇ يىغىلىشقا ئاتاپ، قوشما ئىمزا بىلەن يېزىپ ئەۋەتكەن تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. سىياسىي كومىسسارلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلىپ، جەنۇبىي يۆتىلىش پولكى ئاقسۇدىن تېكەسكە قايتقاندىن كېيىن ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن ئارمىيە سېپىدىن ئايرىلىپ، توپتوغرا غۇلجا شەھىرىگە كېتىپ قالغانىدى. خەتنى ھازا ئېچىش – ھال سوراش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، كاپىتان راشىدىنجان ئوقۇپ ئۆتتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«تېكەس خەلقىنىڭ ئىپتىخارلىق ياش يۇرتدىشى، موڭغۇل خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانىغا قەھرىمانلىق ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا قوشما پەرمان ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ شانلىق نامىغا «ئازادلىق — I»، «ئىستىقلالىيەت — I» قوش ئالتۇن ئوردېنلىرى تاپشۇرۇلۇۋاتقان ئەنە شۇ تەنتەنىلىك دەقىقىلەردە بىز سۆيۈملۈك سەپدىشىمىز كۆكەنىڭ باي-ئاقسۇلاردىكى بىر قاتار ئۇرۇشلاردا بولۇپمۇ دۈشمەن دارى ئالدىدىكى دەھشەتلىك سوت – سوراقتا كۆرسەتكەن جاسارىتىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالماقتىمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەرھۇم كۆكەنىڭ باتۇرلارغا خاس زەربىدەس سىماسى ھازىر يەنە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا قايتىدىن نامايان بولماقتا. بۇ سىما ئەنە شۇ تېكەسلىك ياشنىڭ جەڭلەردە ئىپادىلىگەن قەيسەرلىك ۋە باتۇرلۇقلىرىدا روشەن ئەكس ئېتىپ، ھۆررىيەتكە تەشنا ئاقسۇ خەلقىنىڭ قەلبىدىمۇ ئۇنتۇلماس خاتىرىگە ئايلاندى.»



شۇنچە كەڭ چىمەنلىكنى لىققىدە تولدۇرغان خەلق سىياسىي كومىسسارلارنىڭ خېتىنى شاۋقۇنسىز تىنچ ئولتۇرۇپ، زەن سېلىپ ئاڭلايتتى. پەقەت توختىماي ئىسسىۋاتقان كۆز شاملىلا يىغىن مۇنبىرىگە ئۇرۇلۇپ، راشىدىنجاننىڭ قولىدىن قەغەز ۋاراقلىرىنى بىر خىل ئاھاڭدا شىرىلدىتىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا يېقىن تاغ باغرىدىكى قارىغاي شاخلىرىدىكى بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى تەبرىك تەنتەنىسىگە يېڭى تەنتەنە قوشۇپ تۇرۇۋاتقاندەك بولدى. ئاڭغىچە تۇشتۇمتۇت شىمالدىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر توپ تۇرنىنىڭ رىتىملىق غاقىلداشلىرى ئاسمان بوشلۇقىنى قاپلاپ ئۆتۈپ، بىر ئازدىن كېيىن جىمىپ كەتتى. ئۇلار ئوچۇق ھاۋادا چىمەنلىك ئۈستىگە زەنجىرسىمان سايە تاشلىغاندىن كېيىن بۇ يەردىن يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ پات-ئارىدا كۈز ئاخىرلىشىپ، قىش كىرىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى، چۈنكى تۇرنىلار شىمالدىن جەنۇبقا، ئىسسىق تەرەپلەرگە كۆچمەكتە ئىدى. راشىدىنجان شامالدا قەغەزلەرنىڭ ئىككىنچى ۋارىقىنى تەستە قايرىپ سىياسىي كومىسسارلارنىڭ تەبرىك خېتىنى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى:

«دۈشمەنلەر بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزدىن ئاجايىپ قورقاتتى،— دېيىلگەنىدى خەتتە، — چۈنكى جەڭچىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى زور كۆپچىلىكى ئۆلۈمنى پىسەنت قىلماس باتۇرلار ئىدى. بىزنىڭ پولكىمىز ئۆز تەركىبىدە تېكەسلىك موڭغۇل يىگىتى كۆكەدەك، موڭغۇلكۈرەلىك قازاق ئوغلانى قالىكەشتەك، خوتەنلىك قادىر ۋە ئاقسۇ سېپىلى ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ساقچى قاماقخانىسىدا ئۇرۇش ئېلىپ بارغان ئون نەپەر پىدائىي ياش جەڭچىلىرىمىزدەك بىر قاتار قەيسەر كىشىلەرنىڭ بولۇشى بىلەن قىيىر تاغ ئېغىزىدىن تارتىپ، ئاقسۇ يېڭىشەھەر دەرۋازىسى ئالدىغىچە بولغان چوڭ - كىچىك ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە غەلىبە قىلىپ كەلدى.

ھازىر بولسا شىمال، ئوتتۇرا ۋە جەنۇب يۆنىلىشلەردىكى ئۇرۇشلار ئومۇميۈزلۈك توختىدى. مىللىي ئارمىيە ئۇرۇش توختىتىشنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مىللىي زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان خەلقلەرنىڭ يېڭىلمەس كۈچىنى ئېتىراپ قىلغان ھەم ئۇنىڭغا تەن بەرگەن شارائىتتىلا ئەمەلگە ئاشۇردى. لېكىن بۇنىڭدىن كۈرەش تامامەن توختاپ كەتتى، دېگەن مەنا چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ ئەمدى سۆھبەت ئۈستىلى ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە بەلكى ئۇ ئۇرۇش سەپلىرىدىكىدەك كەسكىن تالاش - تارتىش ۋەزىيىتى ئىچىدە داۋام قىلىشى مۇمكىن. ھازىر ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت پات - ئارىدا باشلىنىش ئېھتىمالى بولغان شۇ سۆھبەتكە ۋەكىل ئەۋەتىش ۋە ئۇنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى بەزىبىر تەييارلىقلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.»

خەتنىڭ ئاخىرىدا مەرھۇم كۆكەتنىڭ ئائىلىق نامىنى ئۇنىڭغا بېرىلگەن قەھرىمانلىق ئۇنۋانى بىلەن ھەممىنى تەبرىكلەيدىغانلىقى، قەھرىماننىڭ ئانىسىغا سەھەت - سالامەتلىك ۋە خۇشال تۇرمۇش تىلەيدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

خەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئانا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەرنىڭ قوش ئىمزاسى قويۇلغان ئەنە شۇ تەبرىكنامىنى قاتتىق ئۇرۇلغان چاۋاكلار ئىچىدە تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ بۇ چاغدا ئاجايىپ تەمكىن بولۇپ، ئوغلىغا قەھرىمانلىق ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى پەرمان بىلەن ئالتۇن ئوردېنلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتقان ۋاقىتتىكىدەك روھلۇق ۋە خۇشال ئىدى.

يىغىلىشنىڭ نۆۋەتتىكى كۈن تەرتىپى بويىچە ئاھىيە ھاكىمى تەبرىك نۇتقى سۆزلىگەندىن كېيىن، ئانا مۇنبەرگە تەكلىپ قىلىندى. يېڭىدىن قاتتىق ئۇرۇلغان قاتتىق چاۋاكلاردىن كېيىن



مەيدان جىمىپ، يۈزلىگەن يېقىملىق كۆزلەر قويۇق مېھىر - مۇھەببەت بىلەن مۇنبەرگە تىكىلدى. بۇ چاغدا ئانىنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنى ھاياجانلىق ھېسسىيات قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر ئاز تىترىدى. شۇندىن كېيىن تېز تەمكىنلىشىپ، سۆز باشلىماقچى بولدى، بىراق، ئارقىدىنلا يەنە تىترەپ قالدى. كۆكەتنىڭ تاغىسى مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن ئۇنى يېتىلەپ مۇنبەرگە تېخىمۇ يېقىن ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئانا ھاياجىنىنى باسقاندەك بولدى - دە، قولىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ قوشما پەرمانىنى ئىتتىك ۋە تولىمۇ پەخەسلىك بىلەن بىر قەچچە رەت سىيلىدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپ يەنە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرىلەرنىڭ تەبرىك خېتىنى باشقىدىن چىڭ چاڭگاللاپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا ئاستا پىچىرلىدى:

— غۇلجىدىكى رەھبەرلىرىمىزگە رەھمەت!... ئۇلار سالامەت بولۇپ، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرسۇن!...— ئانىنىڭ سۆزى ناھايىتى قىسقا. ئەنە شۇنداق ئۈزۈك - ئۈزۈك ئېيتىلدى. لېكىن بۇ سۆزلەر چىن يۈرەكتىن شۇنچىۋالا سەمىمىيەت بىلەن ئۇرغۇپ چىقتىكى، ئۇ ئاستا شىۋىرلاپ ئېيتىلغانلىقىغا قارىماي، يىغىلىش ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە شۇ ھامان تەكشى ئاڭلىنىپ بولدى. شۇندىن كېيىن ئانا يەنە جىمىپ، مۇنبەرنىڭ گىرۋەكلىرىنى سىيلاش ئارقىلىق سۆز قىلالمايۋېتىشىدىكى خىجىللىقىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى تەقەززارلىق ئىچىدە كۈتۈپ، تېخىمۇ جىمجىتلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ تىڭشىدى. ئانا بىردىن قىزىرگەندەك بولۇپ، قەددىنى رۇسلاپ، يۈز - كۆزىنى ئېرىتىپ، مۇنبەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆزۈن ئورۇندۇقلاردا قاتارلىشىپ ئولتۇرغان بولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ، پودپولكوۋنىك يوجە، پارودچىك دورجى، پراپورچىك

ئېرىنچىن، كاپىتان راشىدىنجان، ناھىيە ھاكىمى ۋە باشقا خەلق ۋەكىللىرىگە تېز كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇلارغا مىننەتدارلىق ئۇقۇمىدا سالام بېرىپ، ئايرىم ـ ئايرىم باش لىڭشىتتى، ئانا ئالدى تەرەپتىكى چىمەنلىكتە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان خەلقلەرگە قارىغان چاغدا بېشىنى يەنە لىڭشىتىپ:

— ئوغلۇم كۆكەنى ۋە مېنى شۇنچىۋالا قەدىرلىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا، بارلىق يۇرت خەلقىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، تۈمەنمىڭ رەھمەت!....— دېدى.

خەلق تويى ئىچىدە يىغىلىق كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يەنە قاتتىق چاۋاك چېلىنىپ، بىردەمدىن كېيىن تىم توختاپ كەتتى. ھاياجانغا چۈمۈلگەن ئانا ئاڭسىزچە ئىختىيارسىز ھالدا مۇنبەرنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ قالغانىدى. كۆكەنىڭ تاغىسى ئۇنى ئاۋۋالقى ئورنىغا — مۇنبەرنىڭ كەينى تەرىپىگە ئەكىلىۋېتىپ، تەمتىرىمەي، دادىللىق بىلەن ئۇزۇنراق سۆز قىلىشنى يەنە بىر قېتىم تاپىلىدى. ئانا ئۆزىگە غەيرەت بەردى، ئاندىن ھاياجاندىن قۇتۇلۇپ، بار ئاۋازى بىلەن سۆزلەشكە تەمشەلدى. بىراق يەنە بولمىدى، ئاخىردا ئۇ:

— جېنىم ئوغلۇم كۆكە ئۇرۇشتا كۆپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپتۇ، ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ باتۇرلۇق بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى، — دېيەلىدى ـ دە، كۆڭلى ئۆرتىنىپ، بالىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ داۋالغۇتۇشى ۋە ئۆمۈرلۈك يولدىشىغا باغلانغان چىن ئەقىدىدىن كەلگەن ئۆلچەمسىز قاتتىق جۇدالىق بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى. كۆكەنىڭ تاغىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنى دەرھال تەيىبلىمەكچى بولغانىدى، بۇنى سەزگەن يىرجە ئىتتىك مۇنبەرگە بېرىپ، ئانىنى يېنىدىكى ئورۇندۇققا يۇمشاقتىنا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

تەبرىك يىغىلىشى ئاخىرلىشىپ، ئاخىرقى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك



چاۋاك چېلىندى، بۇ چاغدا ئانىمۇ يىغىدىن توختاپ ئۇچۇق چىراي ئورنىدىن تۇرغان ھالدا كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ، ئۇزاققىچە چاۋاك ياڭراتتى.

كۆكەنىڭ تاغىسى غۇلجا شەھىرى ۋە تېكەس ناھىيىسىنىڭ مەركىزىدىن كەلگەن ئونلىغان مېھمانلارنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى، ئۇ بۈگۈنكى تەبرىك يىغىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھويلىسىغا كەڭ ساتىما ئۆي ياساتقانىدى. ئۆيدە قويماق ـ بوغۇرساقلار پىشۇرۇلۇپ ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغانىدى. قولۇم ـ قوشنىلار بۇ يەرگە ئۆز ئۆيلىرىدىن تۇلۇم ـ تۇلۇملاردا قىمىز، قېتىق، ئىرىمچىك، سۈت ھارىقى ئەكەلدى، ساھىبخان پادىدىن ئايرىپ، ئايرىم باققان ئىككى دانە سېمىز قويىنى بەزمىگە ئاتاپ سويۇپ، مېھمانلارنى شورپا، گۆش ۋە تونۇر كاۋىپى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئانىمۇ كۆكە ئۆز ۋاقتىدا بېقىپ چوڭ قىلغان ئەركەك غۇنىجىنى مېھمانلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي سويۇپ، ئۇنىڭ پىشۇرۇلغان گۆشى بىلەن داستىخاننى تولدۇردى...

كۈتۈۋېلىش تا يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى، موڭغۇل چارۋىچىلىرىنىڭ ئارزۇلۇق مىللىي ھارىقى ئېرك پىيالىلەرگە لىق تولدۇرۇلۇپ، قىزغىن تەكلىپلەر بىلەن ئارقىمۇ ئارقا ئىچىلىپ تۇردى. باشقىلار موڭغۇل خەلقىنىڭ مەشھۇر تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى جاڭغىردىن پارچە ئوقۇشتى.

كۈتۈۋېلىش قىزغىن ئۆتتى، ئانىمۇ ئۇنىڭغا ساھىبخان سۈپىتىدە باشتىن ـ ئاياغ تېتىكلىك بىلەن قاتنىشىپ بەردى، پەقەت يىغلىمىدى.

— كۆكەنىڭ تويىمۇ مۇشۇنچىۋالا ھەيۋەتلىك، مۇنچىۋالا قىزىق ئۆتكۈزۈلمىگەنىدى، ئوغلۇمغا ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بېرىلگەن شان ـ شەرەپ داغدۇغىسى تويىدىن نەچچە ھەسسە

ئېشىپ كەتتى، — دېدى ئانا تېكەس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

— ئەمدى كۆكەنى ئۆلدى دېگەن گەپنى قىلمايلا قويايلى، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆز يۇرتىمىزدىن ئوغلىڭىزدەك بىر قەھرىماننىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن. كۆكەنىڭ شانلىق نامى بىزنىڭ قەلبىمىزدىن ھەرگىز ئۆچمەيدۇ، — دېدى ھاكىم.

ئارىدىن بىر ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتۈپ، تېكەس ناھىيىسىنىڭ بازىرى، يايلاق - قىشلاقلىرىغا غۇلجا شەھىرىدە چىقىدىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە مەركىزىي گېزىتلەرنىڭ يېڭى سانلىرى كەلدى. ئۇلارغا ھازا ئېچىش — ھال سوراش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ موڭغۇل موڭچۇڭقۇردا ئېلىپ بارغان پائالىيىتى ۋە بۇ يەردە كۆكە نامىغا ئوردېن تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك تەبرىك يىغىلىشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي خەۋەر بېرىلىش بىلەن بىللە ئايرىم ماقالىدا ئېلان قىلىنغان ئۇزۇن ئوچېرىك ئارقىلىق قەھرىمان ئوغلاننىڭ ئاقسۇنى گومىنداڭچىلارنىڭ زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىش يولىدىكى ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن ئاجايىپ زور باتۇرلۇقلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلغانىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گېزىتلەر يەنە ئۆز سەھىپىلىرىدە مەرھۇم كۆكەنىڭ سۈرىتىنى بېسىپ چىقارغانىدى: خەلق گېزىتلىرىنىڭ بۇ سانلىرىنى قول - قولغا تەگمەي تالىشىپ ئوقۇدى، ئانا بۇ ئۈچ تىلدىكى گېزىتلەرنىڭ ھەر بىر سانىدىن بىر نۇسخىنى كۆكە موڭچۇڭقۇردا ۋاقىتتا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كىيگەن ئەتىرلىق يېڭى كۆڭلىكى ئىچىگە ئوراپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى يەنە كۆكەنىڭ يېشىل تاۋار پوتىسى بىلەن باغلاپ، قىممەتلىك يادنامە سۈپىتىدە ئالاھىدە ساقلاپ قويدى.



## ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئاقسۇ

ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، ئەمما ئاقسۇ بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان تىرلىمۇ قەبىھ قىلمىش - ئەتمىشلەر بىلەن تولۇپ تاشقان رەھىمسىز بىر مەزگىلگە قەدەم قويدى. كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ كوچا - كوچىلىرىدا قىرغىنچىلىق، يېزا - كەنت ۋە مەھەللىلەردە بىر تۇتاش بۇلاڭچىلىق باشلاندى. ھايۋان تەبىئەتلىك گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئارىسىدا قىزلارغا ۋەھشىيلىك بىلەن باسقۇنچىلىق قىلدى، مىلتىقلىرى ۋە قىلىچلىرىغا تايىنىپ، قىزلارغا ۋە ياش چوكانلارغا ئۇلارغا ئاتا - ئانىسى ۋە ھالال جۈپتى بولغان ئەرلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارا ئىسكىلىك قىلدى.

گومىنداڭنىڭ ئەسكەر ۋە ساقچىلىرى بۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەتتا ئانچە - مۇنچە ۋاسىتە تاللاشقىمۇ مەجبۇر ئەمەس ئىدى. ئاقسۇدىكى 5 - ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتنىڭ ساقچى ئىدارىسى ياۋۇز ئەسكەرلەر ۋە بەتقىلىق ساقچىلىرىغا بۇ جەھەتتىن چەكسىز ئىختىيارلىق بەرگەنىدى. قىسقىسى، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىچە ئانچە - مۇنچە ئەمەلدە تەتبىقلىنىپ كەلگەن بەزىبىر قانۇن - قائىدىلەرمۇ ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈنلەي ئاياغ - ئاستى قىلىۋېتىلگەنىدى. ھەر بىر ئەسكەر، ھەربىر ساقچى تىنچ ئاھالىلەر ئۈستىدىن قانداق قانخورلۇق ۋە ئاچكۆزلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسا، دەل شۇنى خالىغانچە ئىشقا ئاشۇرالايتتى. ئەگەر قايسىبىر مەھەللىدە

بۇلاڭ - تالاڭچىلىق ئاز بولىدى ياكى بولمىدى دېگەندە بۇ پەقەت مەلۇم بىر ئەسكەر ياكى بىر ساقچىلار تۈپىنىڭ قانداق تۈر تاماددىيسى سەۋەبلەردىن ۋاقىتىنچە شۇ ئىشنى قىلماي قويغانلىقىدىن بولۇپ، ھەرگىز قانۇن - قائىدىلەرنىڭ چەكلىشىدىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا گومىنداڭ كاللاكېسەرلىرى ئىچىدىن خەلققە ئۆزئال قىلىشنى ئىزدىمەيدىغان مۇنداق رەھىمدىل كىشىلەرنى ھە دېگەندە ئۇچرىتىپ قىلىشمۇ ئەسلا مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئىش ئىدى. كىشىلەرنى شەخسىي مۇددىئا بىلەن ئېتىپ تاشلاش، قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىش گومىنداڭچى جاللاتلارنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆز ئالدىغا بەلگىلىۋالالايدىغان چەكلىمىسىز ھوقۇقلىرى بولۇپ قالغانىدى. بۇ كۈنلەردە ئۆيلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ھويلا - ئاراملارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكتىن تونۇمسىزلارچە پەخىرلىنىش گومىنداڭ قوراللىق خادىملىرىنىڭ ئورتاق ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

مۇستەبىت ھەربىيلەر بىلەن ئاچكۆز ساقچىلارنىڭ تىنچ ئاھالىلەر ئۈستىدىن ئەنە شۇنداق ھەر خىل ئۆچ ئېلىش چارىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ۋىجدانسىزلىق بىلەن قىز - چوكانلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىشى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ۋەھشىيلەرچە ئېتىپ تاشلىشى، ئاخىرى يەنە بۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرى ئۈچۈن سوت - سوراقتا تارتىلماي، ئەكسىچە ماختاشقا سازاۋەر بولۇپ يېڭىباشتىن ئەتىۋارلىق كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشى — دائىما بۇلارنىڭ ھەددىسى ھەربىي ھوقۇقدار جاۋ خەنچى بىلەن ساقچى ھوقۇقدارى ۋۇ شۈبىڭنىڭ يول قويۇشى بىلەن بولۇۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى خەلقتىن ئۆچ ئېلىشقا ھەقلىق دەپ ھېسابلايتتى. جاۋ خەنچى بىلەن ۋۇ شۈبىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلارنى ئاقلاپ: «ئەسكەرلىرىمىز بىلەن ساقچىلىرىمىز



ئاقسۇدا ئۇرۇش كېتىۋاتقان كۈنلەردە قەپەستەك كىچىككىنە سېپىل ئىچىگە ئۇدا 30 نەچچە كۈن قامىلىپ، ئېغىر ۋەھىمە ۋە بېسىم ئاستىدا كۈن كەچۈردى. ئەلۋەتتە ئەمدى ئۇلارغا ھەرقانداق ئەركىنلىكنى بېرىپ، روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ قويۇش زۆرۈر» دېگەنگە ئوخشاش بىمەنە گەپ - سۆزلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشچى گومىنداڭ ھەربىي باش شتابى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاماتلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىغا قوش ئىمزا بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئەۋەتكەن تېلېگراممىلىرىدا: «ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى ئىلىلىق تاغ باندىتلىرىغا ئەگەشكەن كىشىلەردىن ئۆچ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن جازا ھەرىكىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك قويۇپ بېرىش يولى بىلەن ئۇلارنى قايتىدىن شادخۇراملىققا ئىگە قىلالايمىز» دەپ ھېچبىر ئەيمەنمەستىن توغرىدىن توغرا ئېيتقانىدى. دېمەك، ئۇرۇشچىدىن ئارتىپ ئاقسۇغىچە بولغان چوڭ - كىچىك گومىنداڭچىلارنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئوي - پىكىرلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان ئىشلىرى ئەنە شۇنداق ۋەھشىي ۋە بىر - بىرىدىن رەزىل ئىدى. ئۇلار ئاقسۇ كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ ناھىيە بازار ۋە يېزا - كەنتلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىق، باشپاشتاقلىقلارنىڭ جىنايى ھامىيلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى كىشىلەرنىڭ خالتىسىدىكى ئازراق ئۇننىمۇ بوش قويۇپ بەرمەي كوچىغا ئاچىقىپ لاي - پاتقاققا تۆكۈۋېتەتتى. ئوچاقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، قازان - قومۇچلىرىنى ئۇرۇپ - چاقاتتى. دېھقانلارنىڭ ئات - كالىسى ياكى قوي - ئۆچكىلىرىنى بۇلاپ ئارقىدىن يەنە ئېغىللىرىغا ئوت قويۇپ بېرەتتى.

قوددۇس ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قانلىق پاجىئە ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئاقسۇ ئاھالىسى دۇچار بولغان بىر قاتار ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ياش قۇددۇس ئەسلىدە ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا ھەرپ تىزغۇچى ئابزورچىك بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ بۇ خىزمىتى داۋامىدا مۇشۇ گېزىتنىڭ ئەدەبىي مۇھەررىرى، داڭلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن نۇرغۇن قېتىم بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدى. قۇددۇس شائىرنىڭ پىكىر ئويغاتقۇچى بىباھا سۆھبەتلىرىگە داخىل بولۇشتا ئىنچىكىلىك چوڭقۇر قىزىقتى. ئۇنىڭ گېزىتتە «قايىنام ئۆركىشى» تەخەللۇسى بىلەن پات — پات بېسىلىپ تۇرىدىغان ھەر بىر يېڭى شېئىرىنى تىزىپ، كەڭ ۋە ئۇزۇن سەترلەرگە ئايلاندۇرۇشتا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئالدىرايتتى. ياش ئابزورچىك لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئىلگىرى — ئاخىر بىر يېرىم يىل داۋامىدا ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا ئىشداش بولۇپ، بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تونۇلغان ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ساغلام كۆز قاراشقا ئىگە قەيسەر يىگىت ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئابزورچىكنىڭ كۆز ئالدىدا ئەدەبىي مۇھەررىر ھەر ۋاقىت ئۆتكۈر قەلەمكەش سىماسىدا نامايان بولۇپ تۇراتتى. قۇددۇسنىڭ چۈشەنچىسىدە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش چوقۇم نەتىجىلىك. ئۇ باسماقچى بولغان ھەربىر قەدەم سۆزسىز ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. دېگەن قاراش ناھايىتى تېز شەكىللىنىپ، ئاخىر بۇ كۆزقاراش ياش ئابزورچىكنىڭ ماھىر قەلەمكەشكە چەكسىز باغلانغان مۇستەھكەم ئەقىدىسىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇچقۇنلار ئىستىپاقىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مەخپىي كۆرەش قۇددۇسنى لۇتپۇللا مۇتەللىپ داۋام قىلدۇرۇۋاتقان ئىنقىلابىي پائالىيەت دائىرىسىگە قايتماس ئىرادە بىلەن ناھايىتى تېزلا يېتەكلەپ كىردى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاقسۇ



گېزىتخانىسىدىكى ئىقتىسادلىق ئابزورچىكلاردىن تۇردى ھۈسەيىنوپ، قادىر ئېلىلار بىلەن بولغان ئادەتتىكى كەسىپداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ بارا — بارا راۋاجلىنىپ، ئىنقىلابىي سەپداشلىق مۇناسىۋىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ قۇددۇس بۇ ئىككى ئابزورچىكتىن كېيىن ياش ئۇچقۇنلارنىڭ يوشۇرۇن پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقۇچى ئۈچىنچى ئابزورچىك بولۇپ قالدى. ئۇ ياش جەھەتتىن خېلىلا كىچىك، گېزىتخانىدىكى خىزمىتى جەھەتتىن تېخى يېڭى، خۇددى 16-17 ياشلار چامىسىدىكى شاگىرت ئابزورچىكلىك ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۆز قىزغىنلىقى، ئىنقىلابىي ئەقىل — ئىدراكى بىلەن قادىر ئېلى، تۇردى ھۈسەيىنوپلارنىڭ ئۇچقۇنلار ئىستىپاقى نىزامنامىسى بىلەن ئۇچقۇنلار دارىشىنى مەتبەئەدە كېچە — كېچىلەپ، يوشۇرۇن بىرنەچچە يۈز نۇسخا بېسىپ چىقىرىشقا بىۋاسىتە ياردەملىشەتتى. ئاندىن يەنە ئۇ ئۇچقۇنلار ئىستىپاقىنىڭ تەسىس مەجلىسى ۋە باشقا يوشۇرۇن پائالىيەتلىرىگە ئالدىنقى ئاكتىپ ياشلار قاتارىدا يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتى. بىراق، قۇددۇس شۇندىن كېيىن ئىنقىلابىي كۈرەش يولىدىكى قىزغىن ئىرادىسىگە قارشى ئۆزرە كېزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، ئۇشتۇمتۇت ياستۇق تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ سەپداشلىرى ياش ئۇچقۇنلار ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قاماققا تاشلانغان چاغدا بۇ ياش ئابزورچىكنىڭ كېسىلى خېلى كۈچىيىپ قالغانىدى. بىراق، بۇ ۋەقەدىن تۆت ئايغىچە ۋاقىت ئۆتۈپ، ئەنە شۇ كۆڭۈلسىز پاجىئەنىڭ ئەكسىچە ئاقسۇدا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئاجايىپ زور ئىش سادىر بولدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغۇچى سىپاھىيۇن سۇۋوروۋ قىسمى ئاقسۇغا يېتىپ كېلىشى بىلەن بۇ يەردە بۇ قىسىمنى چۈرىدىگەن ھالدا

گومىنداڭغا قارشى خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلاپ، ياش قابىرچىكنى چەكسىز خۇش قىلدى، ئېغىر كېسەل سەۋەبىدىن ۋاقتىنچە قاماق جازاسىنىڭ سىرتىدا قالغان قۇددۇس بۇ چاغدا كونىشەھەردىكى قەدىم ئۆيىدە بىردىنبىر ۋاپادار غەمگۇزارى ئانىسىنىڭ كۈتۈمىدە تۇراتتى. ياش ئۆچتۈن كونىشەھەر كوچىلىرىدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ بىرىنچى پاي ئوقى ئېتىلىپ، ئەنە شۇ زۇلمەت باسقان كونا زېمىننى گومىنداڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ۋاقىتتا، ئاغرىق تۆشەكتىن دەس قوپۇپ، قولىغا قورال ئېلىپ، شۇ ھامان ئىنقىلاب سېپىگە قوشۇلۇۋالغۇسى كەلگەنىدى. بىراق مۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭدىكى ئېغىر ئۆپكە كېزىك كېسەلى ئىمكان بەرمەيدى. ماغدۇرسىزلىق پەيدا قىلغۇچى بۇ شەپقەتسىز كېسەل ئۇزاققا سوزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇددۇسنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى ئاخىرغىچە ئەمەلگە ئاشمىدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى يېڭىشەھەر سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن تارتىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە كونىشەھەر مىللىي ئارمىيىنىڭ تىنچ ئارقا سېپىگە ئايلىنىپ، بۇ يەردە بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى كۆچا باتالـيونلىرىنى ياربېشى، قىشلەنچىدىن چېكىندۈرۈش ۋاقتىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا قايتىدىن ئوق ئېتىشلىرى بولمىغانىدى. بىراق بۈگۈن كونىشەھەردە ئەنسىزلىك پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ كوچا ۋە مەھەللىلىرىدىن تەكشى ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ ئۇرۇشنى تامامەن توختىتىپ، ئاقسۇدىن قايتقان كۈنىدىكى ۋەقە ئىدى. لېكىن قۇددۇس بۇ قېتىمقى ئوق ئېتىشمىلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلۇپ، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇش سېپىگە يەنە بىر قېتىم



ئاتلىنىش نىيىتىگە كەلدى - دە، كۆرچىنىپ تۇرۇپ، تۆشەكتىن قوزغالدى ۋە سەنتۈرۈلۈپ مېڭىپ ئىشىككە تىرىلىپ توختاپ قالدى. ئانا بالىدىكى بۇ جىددىي روھىي ھالەتنى شۇ ھامان سەزدى. ئاندىن ئۇ ئەمەلگە ئېشىشتىن ئۈمىد بولمىغان بۇ ئارزۇ - ئۈمىدنىڭ يەنە كېلىپ، ئوتنىڭ سوزۇلۇشچان ئاغرىقىنى كۈچەيتىپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، قۇددۇسقا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— ھازىرچە قولۇڭدىن كەلمەيدىغان خىياللارغا بېرىلىپ، كېسىلىڭنى زورۇقتۇرۇۋالما، — دېدى ئانا. — ئاۋۋال سالامەتلىكىڭنى ساقىيىۋال قوزام، شۇ چاغدىمۇ كېچىكمەيسەن. مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئەمدىلا 30 نەچچە كۈن بولدى. ئۇلار ئۇرۇش قىلىپ، شۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن ئۇزۇن يول بېسىپ، بۇ يەرگە كەلگەنىكەن، ھەرگىز ئالدىراپ قايتىپ كەتمەس! ئۇلارنىڭ سىياسىي كومىسسارلىرى يېقىندا كەلگەندە خەلققە «بىز ئاقسۇغا كېتىش ئۈچۈن ئەمەس، تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن» دېگەن ئەمەسمىدى؟ قېنى سەن ئاۋۋال كېسەلدىن ساقىيىۋال. قايسى كۈنى ساقىيىپ ئۆرە بولۇپ كەتسەڭ شۇ كۈنى دۇئا - تەكبىر بىلەن رازىلىق بېرىپ، سېنى جەڭچىلىككە ئۇزىتىپ قويىمەن، ھەتتا سېنى ئۆزۈم باتالىئونغا ئاپىرىپ، شتابتىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ كېلىمەن، ماقۇلمۇ بالام!...

— ماقۇل ئانا، گېپىڭگە كىرىمەن، — مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى قۇددۇس. — ھازىر كېزىكىم قويۇپ بەرگەندەك قىلدى، تىترىگىنىمۇ بېسىلدى، بىراق، يەنىلا ماغدۇرسىز تۇرۇۋاتىمەن، تالاغا ماڭالماي قالدىم، ماڭا قاراپ تۇرمەي، دەپ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرمەي، كوچىغا چىقىپ، ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ كىر. لېكىن ئۆزۈڭگە پەخەس بول، ئوق تېگىپ كەتمىسۇن يەنە، بۇ دۇنيادا سېنىڭدىن باشقا ھېچنىمەم يوق، ئانا!

ئىلگىرى ئانا – بالا ئوتتۇرىسىدا مۇنداق گەپ – سۆزلەر بولۇپ تۇراتتى. قۇددۇس كېسىلىنىڭ ھەربىر قېتىم ۋاقىتىنچە ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا خۇددى بىرگۈنكىدەك ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلۇۋېلىش ئۈچۈن تالاغا ماڭاتتى. بىراق ھويلىغا چىقا – چىقمايلا تىترەك تۇلىشىپ، يارغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قالاتتى. بەزىدە ھەتتا يىقىلىپ كېتەتتى. ئاندىن ئانا قاتتىق ئەنسىزلىك ئىچىدە يۆلەشتۈرۈپ ئۇنى ئاران ئۆز تۆشىكىدە ياتقۇزۇپ، يەنە دورا ئىچۈرۈشكە باشلايتتى. بىرگۈنىمۇ شۇنداق بولدى، ئانا قۇددۇسنى ئۆز تۆشىكىگە ئىشىك تۈۋىدىن ناھايىتى زورىغا ئەكىلىۋالدى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ تىببىي خادىملىرى، شۇ جۈملىدىن شەپقەت ھەمشىرىسى قەمەرنىسا ئىلگىرى بىر قېتىم قۇددۇسنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈشكە كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىچىشكە دورا قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بۇ ياش يىگىتنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۈچقۇنلار تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالايىتەن كېلىپ ئۇنىڭدىن ھال سوراپ قايتقانىدى.

قۇددۇسنىڭ تەلىپى بىلەن كوچىغا يېڭى ئورۇش خەۋىرى ئاڭلاشقا چىقىپ كەتكەن ئانا ئانچە ئۇزاقتا بارماي بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئۆڭلى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ كىردى. ئۇ بۇ قېتىم جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ يېڭى غەلىبىسى توغرىسىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئاقسۇدىن ئىنقىلابىي بازا — ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە بىراقلا قايتىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلاپ كىرگەنىدى. بۇ خەۋەر قۇددۇسنى خۇشال قىلالمايتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭدا تېڭىرقاش پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. بۇ خەۋەر قۇددۇسنىڭ قەلبىدە يېنىۋاتقان ئۈمىد شامىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى بىردىنلا مەيۈسلۈك دېڭىزىغا غەرق



قىلدى. ئۇنىڭ كېزىكى باشقىدىن ئاجايىپ شىددەت بىلەن قوزغالدى. ئۇ ئاغزى گەپكە قولاشماي بۇ شۇم خەۋەرگە قارشى ئېيتماقچى بولغان پىكىر – ھېسسىياتلىرىنى ئېيتالماي جىم يېتىپ قالدى. كۆزى يۇمۇلۇپ ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولدى. بۇ چاغدا قۇددۇسنىڭ ئىسسىقى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ تىپىلەرنىدۇر، چۈشىنىكسىز باش – ئايىغى قولاشمايدىغان گەپلەرنى سۆزلەپ، جۆيلۈشكە باشلىدى. بېشى ياستۇقتىن سىيرىلىپ چۈشتى. ئانا جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ بالىنىڭ ئىسسىقى ھەر بىر قېتىم ئۆرلەپ كەتكەندە قىلىپ كەلگىنىدەك، بۇ قېتىممۇ ھەر ھالدا ئارام بولۇپ قالسۇن، دېگەن ئۈمىدى بىلەن قۇددۇسنىڭ بېشىغا سوغۇق سۇغا چىلانغان ھۆل لۆڭگە ياپتى. قۇددۇس كۆزىنى ئېچىپ، زورىغا ئورنىدىن قوزغىلىپ ئولتۇردى. دەل شۇ چاغدا سىرتتىن قالايمىقان چېپىشىپ كەلگەن بىرنەچچە ئاتنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا ھويلىغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ياڭراپ ئاڭلىنىپ ئۆي ئىچىنى دەھشەتلىك قاپلىدى. ئانا بۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى دەررۇ پەملەپ، ئاغرىقنى قازناققا يوشۇرۇپ قويۇشقا تەمشەلدى ۋە قۇددۇسقا چاپلىشىپ تۇرۇپ:

— جېنىم بالام، بۇلار گومىنداڭ رودۇپايلىرىدەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ، — چاپسان بول، قازناققا كىرىۋال، مەن سېنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئورىغا چۈشۈرۈپ قوياي، بول، چاپسان بول جېنىم بالام!...

قۇددۇس ئەمدى ئۆزىنىڭ ئاغرىق ھېس قىلمىغاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ غەيرەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىغا:

— باشقا قادىلىپ كەلگەن ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلىمەن، دېيىش ئۈچۈنلا چىققان ئەخمەقلىق، — دېدى ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ، — ئۇلار مېنى تۇتۇشقا، ئۆلتۈرۈشكە كەلگەن. بۇ

ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك. ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئۈچۈن مېنىڭ ل. مۇتەللىپلەر بىلەن بىللە ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقانلىقىمنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك دەسمايە... ئاپا، جېنىم ئاپا، مۈكچەيمەي، قېچىپ مۆكۈنۈپ يۈرۈپ، دۈشمەن قولىدا ئۆلگۈچە ئېلىشىپ مەردلىك بىلەن ئۆلىمەن، قۇرۇق مۇشت سىلىپ تۇرۇپ بولسىمۇ باتۇرلۇق بىلەن ئۆلىمەن، قېنى ئۇلار ئاۋۋال ئۆيىگە بېسىپ كىرسۇن، مېنىڭ گېپىم شۇ!...

— بالام، ئۇنداق دېمە!... چاپسان بول جېنىم ئوغلۇم!... يەيدىغان رىزقىڭ بولسا، خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس، سەۋەب قىلسا سېۋەتتىمۇ سۇ توختايدۇ دېگەن گەپ بارغۇ بالام!...

ئاڭغىچە ھويلا ئىچىدە يەنە بىر پاي ئوق ئېتىلدى. ھويلا ئىچىگە بېسىپ كىرىپ بولغان ئەسكەرلەر بۇ كېيىنكى ئوقنى ئۆي ئىشىكىگە قارىتىپ ئاتقانىدى، ئىشىكنىڭ قاغىتۇمشۇقلىرى دەھشەت بىلەن جاراڭشىپ كەتتى. ئانا بۈگۈن ئەتىگەن تەرەپتە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى كونىشەھەردىن قايتىپ كەتكەندىن تارتىپ، بولۇپ قالغۇسى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قارشى ھويلا ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ، ئۆي ئىشىكىنى ئىچىدىن زەنجىرلەپ قويغانىدى. ئەسكەرلەر ئىشىككە قارىتىپ يەنە بىر پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن شەپە بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئىشىكنى تېپىپ، مىلتىق پاينىكى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ئۆي ئىچىدە ئادەم بارمۇ - يوق؟ — جان - جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى ئۇلار، — ئەگەر بار بولسا ئىشىكنى چاپسان ئاچ!... سولىنىۋېلىپ، قۇتۇلۇپ قالىمەن، دېيىشكە ھەددىڭ يوق!

دۈشمەن ئالدىدا ئاغرىقىنى ئۇنتۇغان قۇددۇس ئاڭغىچە ساق كىشىلەردەك خېلى تەمەنلىشىپ قالغانىدى. ئۇ چاپسان قەدەملەر بىلەن مېڭىپ، ئىشىكنى ئېچىشقا باشلاپ، تەنە ئارىلاش مەردانىلىك بىلەن توۋلىدى:



— ھەي بىچارىلەر، سىلەر ئەندى بىرئاز جىم بولۇپ، تىنىقىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار، ئىشىكنى ئۆزۈم ئېچىپ بېرىۋاتىمەن!

قوش قاناتلىق ئىشىك ئىككى تەرەپكە يوغان ئېچىۋېتىلدى.

ئەسكەرلەر دەھالى باستۇرۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلار نېرىدىن كۆز تاشلاپ ئۆي ئىچىنى بىرقۇر كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇچىغا نەيزە سانجىلغان مىلتىقلىرىنى ئېتىشقا تەييار تۇتقاندەك توغرىلاپ، ئېھتىيات بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلىدى، قۇددۇس ئەسكەرلەرنىڭ تېخىچىلا قورقۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، يەنە تەنە ئارىلاش:

— قېنى مەرھەمەت، ئەندىشە قىلماي، بىمالال كىرىۋېرىڭلار، بىز قورالسىز پۇقرا. قولىمىزدا قورقىدىغۇدەك بىر نەرسىمىز يوق، قېنى كىرىۋېرىڭلار! — دېدى.

بۇ ۋاقىتتا بىر ئەسكەر ھويلىدا قېلىپ، ئېشەك، لاپاس، سامانلىقلارنى تەكشۈرۈش بىلەن بولدى. ئۆيگە كىرگەن ئىككى ئەسكەرنىڭ بىرى ياسىما ھوشيارلىق بىلەن ئىتتىك قازناققا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئىچىنى تىنتىشقا ۋە شۇ يول بىلەن نەرسە - كېرەكلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ يوشۇرۇۋالغان ئادەم ۋە قورال - ياراغ ئىزدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ پۇل - پۈچەك قاتارلىق يۇلغىدەك نەرسىلەرنى ئىزدەيتتى، چۈنكى قۇددۇسلارنىڭ ھويلىسى كونىراپ كەتكەن بىرنەچچە ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت كىچىك بىر ھويلا بولسىمۇ، ئەمما سىرت تەرەپتىن قارىغاندا ھال - ئوقەتتى ياخشى باي ئادەمنىڭ مۈلكى - مىراسىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ بۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىدىكى ئىش ئىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇددۇسنىڭ ئاتىسى تاشقىرىقى ئىشىكنى دەرۋازىدەك چوڭ قىلىپ، ئۇنىڭ قاناتلىرىنى سىرلاتقان ۋە قاناتلارنىڭ يان تاختىلىرىنى بىرئاز يەرگىچە پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇپ ياساتقانىدى. ئۇ چاغدا قۇددۇسنىڭ ئاتىسى

ھايات بولۇپ، كونىشەھەردىكى بىرقەدەر ھاللىق تىجارەتچىلەردىن ئىدى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن قۇددۇسلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۆزگەردى، قىلىۋاتقان ئوقۇشتى توختاپ، بارا - بارا نامراتلىشىپ كەتتى. يىللار ئۆتۈپ، دەرۋازىنىڭ سىرلىرى ئۆچەي دەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قېلىن، پۇختا ياغاچى ۋە پىشتىق خىشتىن قوپۇرۇلغان ھويلا تېمى بىلەن يان تەرەپلەردىكى قوشنىلارنىڭ كىچىك، كۆرۈمسىز ئىشىكلىرىدىن پەرق قىلىپ، يەنىلا ھاللىق ئائىلىنىڭ ھويلىسىدەك ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك كېرىنا كۆرۈنۈشىنى ساقلاپ قالغاندى. شۇ تاپتا گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ نەپسانىيىتى مال - مۈلۈك بولاش نىيىتى بىلەن گويا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئاتايىن ئۆز ئىستىتىشلىرىنى قورال - ياراغ ئىزدەشكە قاراتقاندەك قىلىپ ھە دېگەندە قۇددۇسنى مۇشۇ جەھەتتىن قىستاشقا كىرىشتى. بۇ يەرگە كىرگەن ئۈچ ئەسكەرنىڭ بىرى ئۇ ۋەزۋوت كوماندىرى ئىدى، ئۇ ئۆچقۇنلار ئىستىياقىنىڭ سابىق ئىزاسىغا دوق - پوپوزا قىلىپ تۇرۇپ:

— يوشۇرغان قوراللىرىنى ئۆزۈڭ ئاچىقىپ بەرگىنىڭ ياخشى، — دېدى، — بولمىسا بىز ئىزدەپ تېپىۋالساق، ئاڭمۇ، ئاناڭمۇ قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلمايمىز، شۇنى بىلىپ قال، بۇنى ئاۋۋال ئېيتىپ قويغىنىمىز!

— مەن ئاغرىق، ئۇزاقتىن بېرى ئاغرىپ ياتقان ئادەممەن! — راستچىللىق بىلەن رەدىيە بەردى تابورچىك، — قولۇمغا ھەربىي قورال ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، جەڭچىلەرنىڭ يېنىغىمۇ بېرىپ باققان ئەمەسمەن!

— يالغان سۆزلىمە، — دوق قىلدى ۋەزۋوت كوماندىرى، — ئىش بولمىسا ئىلىلىق تاغ باندىتلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ يۈرەتتىمۇ؟



— بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى، قولۇڭدىن كەلسە بىزنىڭ ئۆيگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بىل!

— سەن ئۆزۈڭنى قورالسىز كىشى ھېسابلامسەن؟ قوراللىرىنى قەيەرگە يوشۇرغان بولساڭ، شۇ يەردىن ئاچىقىپ، تېزدىن تاپشۇر! لۈتپۇللا مۇتەللىپكە ئەگەشكەن كىشىدە قورال بولماي قالمايدۇ. ئىلىلىق تاغ باندىتلىرى ساڭا مىلتىق دېسەڭ مىلتىق، تاپانچا دېسەڭ تاپانچا، ھەتتا ئاپتومات بەرمەي قويمايدۇ.

— بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقاندىقى مېنىڭدە يوق! — كەسكىن جاۋاب بەردى قۇددۇس، — سىلەر تېخى بىلمەيۋاتقان ئوخشىمامسىلەر؟ مىلتىق، تاپانچا دېگەن نەرسىلەر قوزغىلىپ ئۇرۇش قىلغان كىشىلەردە بولىدۇ. ماڭا ئوخشاش ئاغرىقچان ئادەمنى بوزەك ئەتكۈچە قولۇڭلاردىن كەلسە شۇلاردىن ئارتۇۋېلىڭلار!

— نېمانچىۋالا ھۆركىرەيسەن!؟ — ۋەزۋوت كوماندىرى قۇددۇسنى تاپانچا بىلەن ئۇرماق بولۇپ، ئالدىغا سۈرۈلدى، لېكىن ئوچاق بېشىدىكى قازانغا يۆتىلىشىپ يىقىلىپ، يەرگە تىرىلىپ توختاپ قالدى. ئاندىن نومۇس كۈچىدە ئاچچىقىنى قازانغا يۆتكەپ، ئۇنى سۆندۈرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن ئانا ئۇنىڭ چىنە، ھېجىر ۋە باشقا قاچا - قۇچىلارنى سۇندۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى قازان بېشىدىن يىغىشتۇرۇۋالدى.

— ھۆركىرىگىنىم يوق! — دېدى قۇددۇس ۋەزۋوت كوماندىرىغا، — راست ئېيتقانلىقىمۇ ھۆركىرىگەن بولامدۇ؟ يەنىلا گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتقان بولساڭلار، قورال - ياراغنى ئۆزۈڭلار ئىزدەپ تېپىۋېلىڭلار!...

— ئوغلۇم جەڭچى بولمىغان، خۇدا ھەققى، مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىڭلار، — يىلىنىپ تۇرۇپ سۆزلىدى ئانا، — ئۇ ئاغرىق،

ئۈچ - تۆت ئايدىن بېرى كېزىك كېسەلى دەستىدىن ئورنىدىن تەۋرىنەلمەي ياتتى. مىللىي ئارمىيە كونىشەھەردە چېغىدا ئۇلارنىڭ يېنىغىمۇ بارغىنى يوق.

— ئاغزىڭنى يۇم قېرى دەججال! — ۋېزۋوت كوماندىرى ئانىنى قاتتىق بىر تەستەك ئۇردى. — سەنمۇ ئوغلۇڭغا ئوخشاش قورال يوق دېمەكچىمۇ سەن؟ قېنى ئاۋۋال چىقىپ قالسۇن، ئۇ چاغدا ھەر ئىككىڭنى بىراقلا ئېتىپ تاشلايمەن.

كوماندىر ئانىنى يەنە تەستەكلەشكە تەييارلانغانىدى، قۇددۇس ئۇنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ كەينىگە ئىتتىرىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— قولۇڭنى تارت نەجىس! ئانامنى ئۇرغۇچى بولما، گۇناھسىز قېرى ئايالنى ئېتىمەي بىكاردىن - بىكار ئۇرىسەن؟...

قۇددۇسنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتى ۋە سۆزلىرىدىن ھار ئالغان ۋېزۋوت كوماندىرى ئاچچىقىغا پايلىماي ھايالسىز ئوق ئۈزۈپ، بۇ قورقماس يىگىتنى ئېتىپ تاشلاش ئۈچۈن تاپانچىسىنى توغرىلىماقچى بولۇپ تۇراتتى. ئاشۇنچە قازناققا كىرىپ كەتكەن ئەسكەر ئۇنىڭ ئىچىدىن تەييار تىككىلىك بىر دانە يېپيېڭى بەقەسەم تون، ئىككى كۆڭلەكلىك ئەن ئەتلەس، جايناماز چوڭلۇقىدا بىر پارچە تېيتۇللا، بۇلاردىن باشقا يەنە يىرغان بىر پارچە شايى كۆتۈرۈپ چىقىپ قالدى. بۇلارنى كۆرۈپ ۋېزۋوت كوماندىرىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ شۇ مەھەل ئەسكەرگە:

— قولۇڭدىكىلەرنى ماۋۇ يەرگە قويۇپ تۇرۇپ، قازناقنى يەنە ئىنچىكىلەپ ئاختۇر، — دەپ بۇيرۇق قىلدى، — بۇ نەرسىلەرگە قارىغاندا بۇلاردا چوقۇم ئالتۇن - كۈمۈش بار، مۇنۇ ئۆينىڭ ساندۇقىنىمۇ يەرگە ئېلىپ تاشلا! بۇنىڭ ئىچىمۇ دۇنيا!...

— خوپ! — ئەسكەر چاس بېرىپ، قازناققا ئېڭىكىرىلەپ كى-



رىپ كەتتى. سامانلىق، لاپاس، ئېغىل تەرەپلەرنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن ئەسكەر شۇ ئەسنادا ئۆيگە كىرىپ، كوماندىرىغا دوكلات بەردى:

— ھەممە يەرنى ئالا قويماي تېپىتەكشى ئاختۇردۇم، قورال تېپىلمىدى، بىراق ئېغىلدا بورداغان ئىككى دانە قوي بار ئىكەن.

— قوينىڭ بولغىنىمۇ ياخشى! — خۇشاللىقىدىن كۈلۈۋەتتى كوماندىر، — قورالنىڭ كېيىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، بىز مۇنداق نەرسىلەرنى بۇلارنىڭ ئۆزىگە تاپتۇرماي قويمايمىز، قوينى ئەكېتىمىز، ئۆلتۈرگەچمۇ، تېخى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ قالدۇرمايمىز، ئۇلارنى تىرىك ھەيدەپ كېتىشكە بولمىسا ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى ئەكېتىمىز.

قازناقتىن ئىككىنچى قېتىم پۇلغا يارىغۇدەك بىر نەرسە چىقمىدى، ھېلىقى ئەسكەر قازناق ئىچىدىن قايتىپ چىقىپ ۋېزۋوت كوماندىرىنىڭ يېقىراقتىكى بۇيرۇقىغا ئاساسەن، يەنە بىر ئەسكەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا كىرىپ ئېغىر ساندۇقنى تۈۋرۈكتىن ئېلىپ، يەرگە تاشلىدى، ساندۇق ئىچىدىكى ئەتىۋارلىق تاشقىنەيىنەك بىلەن تۆت جۈپ جانان چىنە بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ سۇنۇپ ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان ھالدا كۆڭۈلسىز جاراڭلاپ كەتتى، ئانا مەرھۇم ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن بۇ باھالىق تاشقىنەيىنەك، جانان چىنىلەرنىڭ چېقىلىپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىدى بولغاي، ساندۇق تەرەپكە ئېتىلىپ بېرىپ، تىزىدىن يەنە تىرخىتىپ قالدى. ۋېزۋوت كوماندىرى ئەسكەرلەرنىڭ پالاكەتلىك قىلغانلىقىدىن رەنجىپ قاتتىق غۇدۇڭشىدى.

— بىر ساندۇقنىمۇ ئىككىڭلار كۆتۈرەلمىگىنىڭلارنى قاراڭلار، — دېدى ئۇ، — بىلى بوشلۇق قىلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى

پۇللۇق نەرسىلەرنى چىقىپ تېگەتتىڭلار!

ساندۇق قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئەسكەرلەر ئاچالمىغاندىن كېيىن ۋىزۋوت كوماندىرى خەنجىرى بىلەن ئاغزىنى قايرىشقا باشلىدى. قۇددۇس مازاقلاش ئۇقۇمى بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاۋارە بولماي ماۋۇنىڭ بىلەن ئېچىڭلار، — دېدى-دە، قويۇقتىن ئاچقۇچ ئېلىپ ئاچكۆزلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى.

ساندۇق ئېچىلدى. ئۇنىڭدا قۇددۇسنىڭ مەرھۇم ئاتىسىدىن تەۋەررۇك ئورنىدا قالغان ئاق خەسە يەكتەك، قارا چەكمەندىن تىكىلگەن پەرىجە، قىرىم مەسىدىن باشقا قۇددۇسنىڭ ئاپىسىنىڭ بىر قۇر كىيىم-كېچەكلىرى ئايرىم-ئايرىم بوغچىما قىلىنىپ، چىگىكلىك تۇراتتى. جاپان چىنىلەر ئۇششاق سۇنۇپ ساندۇق ئىچىنى بىر ئالغانىدى. تاشتەينەكمۇ ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەنىدى.

— قەيەرنىلا ئاختۇرسا شۇ ئەرزىمەس نەرسىلەر، — ئانىغا يەنە ۋايىسىدى ۋىزۋوت كوماندىرى، — ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تاپمىغۇچە بىز بۇ ئۆيدىن كەتمەيمىز، بار يېرىنى چاپسان ئېيتىڭلار، ئۇلار قەيەردە؟

— بىزدە ئۇنداق نەرسىلەر يوق، بار بولسا ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارە قىلغۇچە ئۆزىمىزلا ئېلىپ بەرمەسمىدۇق، — قورقۇپ تىترەشتىن توختىمىغان ئانا يىلىنىش ئاھاڭىدا جاۋاب بەردى.

— قىي بۇ گېپىڭنى! سىلەردىن قىشلاپ ئەتلەس-شايى، تەيتۇللاغا ئوخشاش نەرسىلەر چىققان يەردە ئالتۇن-كۈمۈش چىقماي قالامدۇ؟ سىلەر باي، باي كىشىلەردە بۇلار بولماي قالمايدۇ.

ئانا ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ بۇ كېيىنكى سۆزلىرىدىن ئۇنى يۇمشاپ قېلىۋاتىدۇ، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئانا ئۆمىدۋارلىق بىلەن قايتا يىلىنىپ:



— بىزدە زادى ئالتۇن-كۈمۈش يوق، بولغان بولسا ئاللىقاچان بەرگەن بولاتتۇق، دەۋاتىمەنغۇ، — دېدى.

— يوق دېمەكتىن باشقا گېپىڭ يوقمۇ، قېرى دەججال؟ — ۋىزۋوت كوماندىرى ئېتىلىپ كېلىپ، ئانىغا چاڭگال سالماقچى بولغانىدى، قۇددۇس ۋىزۋوت كوماندىرىنى يۆتلاپ توختىتىپ تۇرۇپ ئانىسىغا:

— جېنىم ئانا، — دېدى ئۇ، — بۇلارغا ئەمدى ھەرگىز يىلىنغۇچى بولما. ئاچكۆزلەرنىڭ ئالدىدا قورقۇشتىن، يىلىنىشتىن ھېچقانداق نەپ يوق!... ھالقاڭ بىلەن ئۈزۈكۈڭ قەيەردە ئىدى؟ شۇلارنى بېرىپ، ئاچكۆز مەرەزلەرنى قانائەت تاپتۇر. ھالقا بىلەن ئۈزۈكنى بۇلارنىڭ يۈز-كۆزىگە بىرقىرىتىپ ئات.

— بالام، — ئاغرىنىش بىلەن سۆزلىدى ئانا، — بار-يوقى ئىككى دانە ئالتۇن ئۈزۈك، بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا، ئاتىدىن قالا ئېغىلدىكى ئىككى دانە قوي ۋە بىسىرئاز رەخت-پۇچەك، بۇلارنى ساقايالىق تويۇڭنى قىلىپ قويارمەن، دەپ ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم!...

— ھى!... ھى!... — مازاقلاپ كۈلدى ۋىزۋوت كوماندىرى، — بۇ، ئېشەك ئۆلسە، قېيىنى غېجەك تارتىپتۇ دېگەننىڭ ئۆزى، ھى-ھى... ئۆلۈمۈڭلار ئېسىتىدىن قايغۇ قىلىشنىڭ ئورنىغا توي-پەيىنىڭ خىيالىنى قىلىپ يۈرۈپسىلەر-دە تېخى، ۋاي ئۆلتۈپ كەتكەن ئەخمەقلەر!

— جېنىم ئانا، ئەمدى ئىككىنچىلەپ توي دېگەن گەپنى ئاغزىڭغا ئالما، — دېدى ئوغۇل سەمىمىلىك بىلەن، — ئاۋۋال جېنىم تىرىك قالغۇدەكلا بولسۇن، توي توغرىسىدا ساڭا ھەرگىز ئېغىرچىلىق سالمايمەن.

ئانا ياقا تەرەپتىن كۆڭلەك ئىچىگە قولىنى تىقىپ، بويىنغا ئېسىپ، ھەيدىسىگە ساڭگىلىتىۋالغان كىچىككىنە بىر تۇ-

گۈچىنى ئېلىپ، ۋىزۋوت كوماندىرىغا بەردى. بۇلاڭچى ئۇنى يېشىپ، ھالقا بىلەن ئۈزۈكنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئالدىراپ يانچۇقىغا تىقتى. شۇندىن كېيىن ئۇ: پوپوزانىنى داۋام قىلدۇرۇۋەرسەم ئالتۇن - كۈمۈشمۇ چىقىۋېرىدۇ، دېگەن خىيال بىلەن ئانىنى قاتتىق مۇشتلاپ يىقىتىۋېتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئالتۇن يوق دېۋىدىڭ، ماۋا بارغۇ؟ ئۆلەيلى دېسەڭلار باشقىسىنىمۇ چاپسان چىقار!

قاق سۆڭەك تۇرۇق ئانا داق يەرگە قاتتىق يىقىلىپ چۈشكەنىدى. ئۇ ياتقان يېرىدە ئىڭراپ تۇرۇپ:

— خۇدا ھەققى ئىشىنىڭلار، ئىدى قالمىدى، بۇ ھالقا بىلەن ئۈزۈكمۇ كىچىكىمدە تويلۇققا سېلىنغان نەرسىلەر ئىدى، — دېدى.

— يالغان ئېيتىسەن، بۇ نەرسىلەر بار يەردە زىخچە ئالتۇن يوق، دەپ بىزنى ئىشەندۈرەلەمسەن؟! — ۋىزۋوت كوماندىرى ۋايساۋېتىپ، بىچارە ئايالنى دەسسەشكە پۇت ئۇزاتقانىدى، غەزىپى ئۆرلەپ، پەلەككە يەتكەن قۇددۇس تويۇقسىز چەيدو ئالدى - دە، چاقماقتەك تېز ۋە ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن ۋىزۋوت كوماندىرىنىڭ گەجگىسىگە قارىتىپ، كۈچ بىلەن چاپتى. كوماندىردىن ئوقتەك قان چاچراپ چىقتى. قۇددۇس يەنە چاپماقچى بولۇپ ئېڭىشكەنىدى، كوماندىر قىچقىرىپ ئەسكەرلەرگە ۋارقىرىدى:

— قاراپ تۇرۇشماي ئېتىڭلار! چاپسان ئېتىش، ئىلىق تاغ باندىتلىرىنىڭ قالدۇرۇلغان شېرىكىنى تېز جىمىقتۇرۇڭلار!...

ئەسكەرلەر ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئوق ئۈزۈپ، قەيسەر يىگىتنى ئېتىپ تاشلىدى. ئانا چەكسىز ئېچىنىش ۋە ئۆلچەمسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئۆزىنى بالىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، تېلىقىپ - تېلىقىپ يىغلىدى. قۇددۇسنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەمدىلەتىن ھۇش - ئەقلىنى يىغىۋالغان كوماندىر



ئاپانچىسىنى تۇغرىلاپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئانىنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. شۇندىن كېيىن جاللاتلار ئىگىسىز قالغان ئۆينى يەنە بىر قۇر ئاختۇرۇشقاندىن كېيىن ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئاچىقتى. سېرىپ قويۇۋقىنى كۆتۈرەلمەي قالغان قويلار ھەيدىگەنگە ماڭماي ئېغىلدا تۇرۇۋېلىشقانىدى، ئاچكۆز جاللاتلار بۇ بىر جۈپ قىرىنى قىلىچ بىلەن بوينىدىن چېپىپ تاشلاپ، ئىككىسىنى ئىككى ئاتقا غانجىغىلىدى. ئۇلار ساندۇقنىمۇ ئاتقا ئارتىشقانىدى، بىراق ئارتمۇلىشقا ئەپلەشمىگەندىن كېيىن ۋىزۋوت كوماندىرى ساندۇقنى چېقىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنى بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن ئۆز ئېتىغا ئارتىپ ئەكەتتى.

## قىرغىنچىلىق داۋام قىلماقتا...

جاللاتلار قۇددۇسلارنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ، كىرچىننىڭ ئۇ بېشىغا كېتىۋاتقاندا، ياندىكى كۆرۈمسىز ئۆيلەرنىڭ بىرىدە كىچىككىنە بىر بوۋاق تېلىقىپ - تېلىقىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئانىسى گومىنداڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە چېپىپ تاشلانغاندىن كېيىن مۇرەببەسىز يىگانە قېلىپ، داق يەردە زاكىسىز، ئاچ قورساق قاقشاۋاتقان يېرىم ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى دارمسىدە قىزنىڭ يېغىسى ئىدى. بوۋاق ھەرقاچان بولۇپ ئۇرۇنسىدىك ھارىرمۇ ئانىسىنىڭ ئۆچەقىدا ياتقۇسى ۋە ئۇنىڭ شەپقەتلىك كۆكرىكىگە تۇماقلىق بىلەن چاپلىشىپ، ئۇنىڭ ئىنە شۇ يەردىكى شىپالىق پاك ئوزۇقىنى قېنىپ -

قېنىپ ئاشقۇسى — سۈت ئەمگۈسى كېلەتتى. ئەمدى مۇنداق قىلىشقا زادى مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. ئانا شۇ تاپتا ئالدامچى بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقان بولۇپ، سۆيۈملۈك نارەسىدىنىڭ يېنىدا قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. ساقچىلار ياش چوكاننى كۆكرىكىگە قىلىچ تىقىپ ئۆلتۈرگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ يوق ئىدى. جاللاتلار يېڭىراقتا بۇ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەمدىلەتىن تۇنجى پەرزەنت كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان 20 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بۇ نومۇسكار چوكاننى ئېرىنىڭ جەنۇبىي يۆتىلىش پولكى تەركىبىدە پىدائىي جەڭچى بولۇپ قاتناشقانلىقىنى دەستەك قىلىپ ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلماقچى بولغان. قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قانخورلارچە چېپىپ تاشلانغانىدى. بىراق بولا ئاچ ۋە ئۇسسۇز ئىدى. ئۇ بارغانچە قاتتىق كۆكلەپ، ئاچچىق ئۈن سېلىپ يىغلايتتى.

شۇ ۋاقىتتا يەنە كونىشەھەرنىڭ رەستە كوچىسىدىكى چوڭ خانىقانىڭ ئالدىدا ئىسمى نامەلۇم باشقا بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنىڭ ئىپچىنارلىق جەسىتى بىلەن ئەشەمبىزلاق تاۋۇتتە چاچ-ساقاللىرى ئاقىرىپ خېلى ياشىنىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان بىر قىرسال ئەر كىشىنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىتى ياتاتتى. قىرىللىق جاللاتلار ئايالنى دەشىيەز بىرلىپ مىللىي ئارمىيە پارتىزانلىرىغا ئاش - تاماق ئېتىپ بېرىپسەن ۋە ئۇلارنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇشقۇچى بولۇپ ئىشلەپسەن دېگەن باھانە بىلەن ئېتىپ تاشلىغان بولسا، بوۋاينى جەنۇبىي يۆتىلىش پولكىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كونىشەھەردە تۇرغان روتىسىغا سۇ توشۇپ بەرگۈچى خادىم بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن سوت - سوراقسىز بۇلاق تۈۋىدىلا چېپىپ تاشلىغانىدى. بۇنداق بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئوچۇقچىلىقتا يېتىپ كەتكەن جەسەتلىرىنى كونە



شەھەر بازىرىنىڭ كوچا ۋە مەھەللىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ پەقەت 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ ئىككىنچى ئون كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بۇ تېخى جەنۇبىي يۆتىلىش پولكى ئاقسۇدىن قايتىپ كەتكەن كۈننىڭ ئۆزىدىلا يۈز بەرگەن قانلىق پاجىئەلەر ئىدى. گومىنداڭ جاللاتلىرى مۇنداق ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقىنى شۇندىن كېيىنمۇ بىرقانچە كۈنلەرگىچە توختاتماي داۋام قىلدۇردى. ئۇلار بۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەتنى كونىشەھەر، يېڭىشەھەر بازارلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا بۇ ئىككى ناھىيىنىڭ ئورغۇن يېزا - كەنتلىرىدىمۇ ئوخشاشلا داۋام قىلدۇردى.

جەسەتلەرنى ئەكېتىشكە مۇمكىنچىلىك بولماي، ياتقان يەرلىرىدە پۈتۈن كۈن تۇرۇپ قالدى. گومىنداڭ كاللىكېسەرلىرى بازار كوچىلىرىدا نازارەتنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ ئۇلارنى شۇ كۈنى قەبرىستانلىققا ئاچىقىپ دەپنە قىلىۋېلىشىغا يول قويمىغانىدى. ئاقسۇدا ھاۋا يەنىلا ئىسسىق ئىدى، جەسەتلەر چىرىشكە باشلاپ ۋە بىگۇناھ قۇربانلارنىڭ تېخى سىڭىپ بولمىغان قىزىل قانلىرى ئاپتاپتا چوغدەك قىزىپ، كوچا - مەھەللەرنى ئەلەملىك ھىد - پۇراقلارغا تولدۇردى.

ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە يۈز بەرگەن قانلىق پاجىئەلەر بۇ ئىككى ناھىيىنىڭ بازارلىرىدا يۈز بەرگەن پاجىئەلەردىن پەرقسىز ئىدى. جاللاتلار يېزا - كەنتلەردە قايسىبىر بەختسىزنىڭ ئۆيىگە تۇساتتىن قورال تەڭلەپ باستۇرۇپ كىرەتتى - دە، ئاندىن يوق ئىللەت بىلەن ئۆي ئىگىلىرىنى ئېتىپ ياكى چېپىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ قولىغا چىققۇدەك ھەممە نەرسىنى ئەكېتىشەتتى. قىسقىسى، بۇلاڭچىلىق شۇنچىلىك ئاچكۆزلۈك بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتىكى، ئۇلار بىچارە ئائىلىلەرنىڭ ئاتا -

بۇۋىسىدىن تارتىپ تەۋەررۇك ئورنىدا ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن ھالقا ـ زىرىگە ئوخشاش پارچە ـ پۇرات زىننەت بۇيۇملىرىنى تارتىپ، گىلەم ـ كىگىز، توخۇ ـ ئۆردەك، ئات ـ كالا، بۇغداي ـ قوناقىچە بولغان بارلىق نەرسىلىرىنى تارتىۋېلىشاتتى. لېكىن بۇلاڭچىلار يۈك بولۇپ قالىدىغان ئولجىلارنى ئەلۋەتتە ئۆزلىرى ئەكەتمەيتتى. ئاندىن ئۇلار دېھقانلارنى بۇ يۈكلەرنى ھارۋا، ئۇلاغلاردا يۆتكەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىپ، گازارمىلارغا بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرى بىلەن ھارۋىلىرىنىمۇ تۇتۇپ قالاتتى. جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ ئاقسۇدىن قايتىپ كەتكەنلىكىنىڭ يەنە شۇ بىرىنچى كۈنى ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىرى توپلۇق يېزىسىدىن بىر پادا قويىنى ئامان ئىسىملىك 26 ياشلار چامىسىدىكى بىر دېھقان يىگىتكە ھەيدىتىپ كېلىپ سېپىل ئىچىگە ئەكىردى. قوي پادىسى 5 ـ ئاتلىقلار پولكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئامان توختاپ ئەسكەرگە: «ئەمدى مېنىڭ خىزمىتىم ئاياغلاشقاندۇر، قايتسام بولارمۇ؟» دېگەن سوئال نەزىرى بىلەن قارىغانىدى، ئەسكەر دېھقان يىگىتنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭغا يوق ئەيىبنى چاپلاپ:

— مانا بۇ سېنىڭ تاغلىق باندىتلارغا قوي پادىسى بېقىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ جازاسى، — دېدى ـ دە، قولىدىكى تەييار بەتلەكلىك بەشئاتاردىن ئوق ئۈزۈپ ئۇنى يېقىندىن ناكار قىلىپ تاشلىدى.

جاللاتلاردا ھېچقانداق رەھىمدىللىكنىڭ يوقلۇقىنى ئاخىرقى قېتىم ئېنىق چۈشەنگەن ئامان شۇ چاغدىلا غەزەپ بىلەن ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ: ھەي يالماۋۇز، بۇنى تېخىچە ئىنقىلابچىلارنىڭ قويى دەۋاتامسەن؟ ياق، بۇلار مېنىڭ ئۆز قويۇم. ئىنقىلابچىلار كېرەك قىلماقچى بولسا، ئاللىقاچان بەرگەن بولاتتىم.



بىراق، ئۇلار سىلەردەك بۇلاڭچى ئەمەسكەن! دېمەكچى ئىدى، ئەسكەر ئۇنى سۆزلەشكە قويماي، شۇ ھامان كۆكرىكىگە نەيزە تىقىپ ئۆلتۈردى.

شۇ كۈنى ئامازدېگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. چۈش ـ پېشىندىن تارتىپ چىقىشقا باشلىغان بوران ئىككىشەھەر كوچىلىرىنىڭ كاتاڭ يوللىرىنى قىرىپ، پۈتۈن سېپىل ئىچىنى بىر قەۋەت چاڭ ـ توزانغا پۈركىدى. دەل شۇ چاغدا ھەربىي جاللاتلاردىن بىرى ئۆزىگە ئۇچراشقان ئەسكەر ۋە ساقچىلارغا بىردەك «ئەسىر تۇتتۇم» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ، ياسىما مەغرۇرلۇق بىلەن سىدىقئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشىنى باغلاپ يالاپ، گومىنداڭ يارىدارلىرى ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھەربىي بالنىتسا قىلىنغان شەھەر ئىچى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. سىدىقئاخۇن ئۆزىنى ئەكەلگەن ئەسكەرلەرگە ۋە بۇ يەردە تاسادىپىي ئۇچراشقان ھەربىي ئوفىتسېرلار بىلەن ساقچى ئوفىتسېرلىرىغا بىردەك يالۋۇرۇپ ئۆزىنىڭ مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە بولۇپ باقمىغانلىقىنى، ئاقسۇدا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەردە كونا كېسەلى ئېغىر كاناي يالۇغى ئاغرىقى بىلەن بولۇپ، پارچە ـ پۇرات ئۆي ئىشىدىن باشقا ھېچقانداق ۋەقەگە قاتناشمىغانلىقىنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ، ئۆزىنى تەكرار ـ تەكرار ئاقلىدى، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. ئەسكەرنىڭ بۇ چاغدىكى غەرىزى بولسا يەنىلا باشقىچە ئىدى. ئۇ سىدىقئاخۇندىن زورمۇزور بولسىمۇ يالغاندىن ئۆزىنى ئۇرۇش ئۈستىدە يارىدار بولۇپ، ئەسىرلىككە ئېلىنغان، دەپ ئېيتىپ بېرىشنى، ئاندىن شۇ يول بىلەن 5 ـ ئاتلىقلار پولكى ئىچىدە بۇنىڭغا يارىشا ئازدۇر ـ كۆپتۇر شۆھرەت قازىنىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھەقىقەتەن ئەسكەر شۇ مۇددىئا بىلەن سىدىقئاخۇننى ئىشلەنچى كەنتىدىكى

ئۆيىدىن يالاپ ئېلىپ ماڭغاندا ئاتا-ئانىسى ئوق ئېتىپ، ئۇنىڭ بىر مۈرىسىنى ناكار قىلىپ قويغانىدى.

ئەسكەر ئاخىرقى قېتىملىق دوق - پوپوزىلار بىلەن سىدىق ئاخۇنغا مەكتەپ ئىچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ھازىرچە سىنىڭ تۇرۇپ تۇرىدىغان ماكانىڭ مانا مۇشۇ يەر، — دېدى، — بەش-ئالتە ئايدىن كېيىن بۇ جايغا روتا كوماندىرىمىز كېلىپ گەپ سورايدۇ. سەن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ ئۇرۇش ئۈستىدە ئوق تېگىپ، مېنىڭ قولۇمغا ئەسىر چۈشكەنلىكىڭنى، ئاندىن يەنە ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنىڭ كەنتىڭلاردا تۇرغان ئىللىق تاغ باندىتلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىدىن قانچىلىكىنى بىلسەڭ شۇنچىلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭلا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچى دوختۇرخانا، قورقىدىغان يەر ئەمەس. روتا كوماندىرىمىزغا مەن دېگەنىدەك گەپلەرنى قىلىپ بەرسەڭ ئاندىن ئوق تەگكەن مۈرەڭنى ساقايتىپ، كېسەللىكىڭنى داۋالىتىپ، يولغا سېلىپ قويىمەن. سېنى ئۆلتۈرمەيمىز. خاتىرجەم ئۆيۈڭگە كېتىسەن. بولامدۇ؟

— ياق، بولمايدۇ غوجام، — سىدىقئاخۇن كۆپ ئويلىنىپ تۇرماستىن جاللاتقا تېترىگەن ئاۋازدا جاۋاب بەردى، — مەن بۇنىڭ ئىچىگە كىرىشتىن قورقىمەن. مېنى داۋالىشىڭ كېرەك ئەمەس. يەيدىغان رىزقىم بولسا ساقىيىپ قالارمەن. بولمىسا كەتسەم بالا - چاقىلىرىمنىڭ قېشىدا ئۆلەرمەن. مېنى قويۇۋەتسىلە غوجام، ئۆيۈمگە بىر ئىلاج بىلەن كېتىۋالاي!

ئەسكەر سۆزگە ياندۇرۇپ تۇرمىدى، ئەكسىچە قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئاغرىتقان، ياردار دېھقاننى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىلا چېپىپ تاشلىدى.



× ×

دەل شۇ كۈنى ... ۋاقىتلىق ھەربىي ۋالىيسىنىڭ جەنۇب تەرەپ 250 - 300 قەدەمچە ئىرىسىدىكى ئۆت كوچا ئاغزىدا يەنە ئاشكارا جازا مەيدانى تەشكىل قىلىنغانىدى. بۇ يەردە تېخىچە بىسى سورۇلمىغان، بۇندىن سەل ئىلگىرىرەك توغرالغان قايسىبىر بىگۇناھ ئۇيغۇنىڭ قېنى بىلەن قىزىرىپ تۇرغان يوغان بىر دانە جادا. ئۇنىڭ يېنىدىكى قىرى قاقشال تېرەكنىڭ ئۆۋەن شېخىدا سىم بىلەن تورلاپ ياسالغان بىر دانە ئۆمۈر قەپەس ئېسىقلىق تۇراتتى! بۇ يەردە قايسىبىر بىگۇناھ ئىنساننى ئېيتىپ ئۆتكۈسىز دەھشەتلىك جازا كۈتۈپ تۇراتتى!...

جادا بىلەن قەپەسنى دەسلەپ بىر قوراللىق ساقچى قوغداۋاتاتتى. ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، تېرەك ئۈزۈنكە قونغان قاسا... ئالدىغا ئۇزۇن قارا پەرتۇق ئارتقان ئىككى جاللات كېلىپ، جادىنىڭ بىسىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ ئەيىبسىز كۆرۈپ ئاددىيغىنا كۆزدىن كەچۈردى، ئاندىن يەنە قەپەسنى ئېچىپ، بىرىدىن كېيىن بىرى باشلىرىنى تىقىپ، ئىشىكنىڭ باش ياقىدىكى ياسالغان - ياسالمىغانلىقىنى تەكشۈردى. بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا، شەرق تەرەپكە تارتىلغان كوچىنىڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىناسى ئالدىدا يانلىرىغا تاپانچا ياكى قىلىچ، ئۇچلىرىغا مىلتىق ئاسقان بىر توپ قارا كىيىملىك كىشىلەر — ساقچى ئەمەلدارلىرى بىلەن ساقچىلار پەيدا بولۇپ، ئۇلار سۈرلۈك كۆرۈنۈشتە ئۆت كوچا ئاغزى تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. بۇلار جازا مەيدانىنى ھەر ئېھتىماللىقا قارشى تاشقى ھۇجۇمدىن قوغداپ تۇرۇش ۋەزىپىسى بىلەن ئالدىنئالا كېلىۋاتقان كىشىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ كەينىدىن سوزۇلۇپ ماڭغاندەك، ئانچە ھايال بولماي ھەربىي ھوقۇقدار جاۋخەنجى بىلەن ساقچى ھوقۇقدارى ۋۇشۇنىڭ كېلىپ، جازا مەيدانىدا ھازىر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆت كوچا ئاغزى ئۆزىنىڭ بىنا بولۇش تارى-

خىددىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئىنتايىن سۈرلۈك تۈسكە كىردى...

ئاڭغىچە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانا دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قولىغا كويزا سېلىنغان بىر بەختسىزنىڭ ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. «مەھبۇس» قارا كۆز، قارا قاش، يۈزى تولۇق، دوغىلاق كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، بويى تۇرقى ئېگىز، ئوتتۇرا سېمىزلىكتە، قامەتلىك، 24 - 25 ياشلار چامىسىدىكى نەۋقىران يىگىت ئىدى. قىلىچىنى يالىڭاچلىۋالغان ئىككى جاللات ئۇنى ئارقىدىن يالاپ جازا مەيدانىغا ئەكىلىۋاتاتتى. يىگىت بولسا غەلىتە بىر خىل بىئاراملىق ئىچىدە بېشىنى ئىككى تەرەپكە تاشلاپ ماڭاتتى. «مەھبۇس» ھەش - پەش دېگۈچە ئاخىر ياشلىق ھاياتى بىلەن بىمەزگىل مەڭگۈ خوشلىشىدىغان جايغا — جادا ئالدىغا كېلىپ بولدى. شۇندىن كېيىن ساقچى ھوقۇقدارى ۋۇشۇبىڭ سۆرۈن تەلەت بىلەن سۆز باشلاپ، ئەتراپتىكى كىشىلەرگە بۇ ئەركىنلىك قۇربانىنىڭ ئۆزلىرى تەرەپتىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان «جىنايەت» لىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بىزنىڭ ھازىر جازالىماقچى بولۇۋاتقىنىمىز، — دېدى ئۇ، — ئىلىلىق تاغ باندىتلىرىنىڭ ئارىمىزغا تاشلاپ كەتكەن ئىشپىيونى، بۇنىڭ ئېتى ياقۇپ. بىزنىڭ ساقچىلىرىمىز ئىلىلىق تاغ باندىتلىرى كېتىپ، دەسلەپ كونىشەھەرگە كىرگەن چاغدا ئۇنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھويلىسى ئىچىدىن تۇتۇۋالغان. شۇ چاغدا ياقۇپنىڭ يېنىدا بىر دانە تاپانچا بولغان، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئون تالچە ئاپتومات ئوقىمۇ چىققان، ئەھۋالدىن قارىغاندا، باندىتلار ئۇنى زۆرۈر بولۇپ قالغان تەقدىردە قوغدىنىش ئۈچۈن يېتەرلىك قورال - ياراغلار بىلەن قالدۇرۇپ كەتكەن...



ياقۇپ جادا يېنىدا ئۆلۈمنى پەسەنت قىلمىغاندەك، قامەتلىك تەقى - تۇرقىنى تىك تۇتۇپ، ۋەزمىن ھالەتتە ئۆرە تۇراتتى. ئەمما پەستىن بوغۇلۇۋاتقانلىقتىنمۇ ياكى ۋۇ شۇبىڭنىڭ سۆزلىرىگە يۈز تۇرانە ۋە دەلىللىك دەل رەددىيە بېرىشكە قىينىلىۋاتقانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ قانداقتۇر بىر سەۋەبتىن بېشىنى يەنىلا ئىككى تەرەپكە تاشلاپ، سەل - پەل بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

— ئەمما ياقۇپ، — سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ساقچى ھوقۇقدارى، — ئاپتومات ئوقلىرىنى تەق پاكىت ئورنىدا قولىغا چۈشۈرگەنلىكىمىزگە قارىماي، ئاپتوماتنىڭ ئۆزىنى بىزگە تاپشۇرغىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا يوشۇرۇپ تىقىپ قويغان يېرىنى ئېيتىپ بەرگىنى يوق. ياقۇپ ئىلىلىق تاغ باندىتلىرى كونىشەھەر ناھىيىسىنى ۋاقىتلىق بېسىپ ياتقان چاغدا ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىدە پودپورۇچىك دەرىجىلىك باشلىق بولۇپ ئىشلىگەن، بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق...

ھەربىي ھوقۇقدار جاۋ خەنچى ۋۇ شۇبىڭنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن بىتاقەت ھالدا ئۆزىنىڭ ساقچى ھوقۇقدارىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئەتەيىن كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن جاللاتلارغا كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى:

— قېنى ئەمدى ئۇزۇن سۆزنى قويۇپ، باندىتلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئىشپىيوننى تېز جادىغا بېسىڭلار...

ياقۇپنىڭ كانىيىدىن ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تىقتاپ تىقىلغان تار قەغەز قىسقىچا سوغۇرۇۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئەسىرنىڭ نەپەستىن قىينىلىپ، بېشىنى ئىككى تەرەپكە تىنىمسىز تاشلاپ تۇرۇۋېتىشى ۋە يۈز - كۆزىنىڭ تېز سارغىيىپ، ھەتتا ئىششىپ تىلىۋاتقاندەك بولۇۋېتىشىدىكى سەۋەب تولۇق

ئاشكارىلاندى. گومىنداڭ ساقچىلىرى ياقۇپنىڭ سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يالغانچىلىقىنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئەنە شۇنداق قەغەز قىيىقچىلىرى بىلەن مەھكەم پېچەتلەپ تاشلىغانىدى. ياقۇپ بېشىنى ئالدىدىن بىر - بىرىگە جىپلەپ، مەھكەم چېتىۋېتىلگەن قوللىرى كويزىدىن بوشىتىلىۋاتقان چاغدا ئۈنلۈك توۋلاپ تۇرۇپ:

— مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىتكەنسىلەر، قېنى مەرھەمەت ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار، — دېدى قورقۇمسىزلىق بىلەن، — لېكىن ئاقسۇ خەلقىنى ئېتىپ، چېپىپ ياكى جادىغا بېسىپ تۈگىتەلمەيسىڭلار مۇمكىن ئەمەس. بىگۇناھ تۆكۈلگەن قانلار ئۈچۈن سىلەردىن تېخىمۇ كۈچلۈك قىساس ئالىدىغان كۈنلەر چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. بىر دەمنىڭ ئىچىدە مېنى ھەممە نېمە دېدىڭلار، ھېچ ئۇيالماستىن مېنى قوراللىق ئىنقىلابچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئىشپىيون، ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېتكا بۆلۈم باشلىقى دېدىڭلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان! توغرا، مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى، يەنە كېلىپ باتۇر جەڭچىسى بولغان، لېكىن مەن كونىشەھەردە ئىشپىيونلۇق قىلىش ئۈچۈن قالغان ئەمەسمەن! ئۆزۈم ئاقسۇ كونىشەھەرلىك. كىچىككىنە بالامنى دەپ، قارانچۇقسىز قالغان قېرى ئاتا - ئانامنى دەپ، سەپداشلىرىم بىلەن بىللە ئۈچ ۋىلايەتكە كەتمەي ئىختىيارىم بىلەن ئۆز يۇرتۇمدا قالدىم. ئەگەر مېنىڭدىن گۇناھ ئىزدىسەڭلار بار - يوق گۇناھىم ئەنە شۇ. بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭدە ھېچقانداق گۇناھ يوق!...

— بۇنى جادىغا تېز بېسىڭلار، ئاغزى جىمىقسۇن! — ۋارقىراپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى ۋۇ شۈبىڭ. جاللاتلار دۈپۈرلىشىپ كېلىپ ياقۇپنى تۇشمۇ تۇشتىن جادىغا ياتقۇزۇشقا باشلىدى. ياقۇپ ئاخىرقى قېتىم قاتتىق سىلكىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ



تۇرۇپ يەنە ئۈنىنىڭ بارىچە توۋلىدى:

— ئەي يارەنلەر، ئەي ئاقسۇلۇق يۇرتداشلار، سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭدە ھېچقانداق گۇناھ يوق...... ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن زالىملارغا قارشى كۈرەش قىلغان كىشىدە گۇناھ بولامدۇ؟

قاسساپلاردەك ئالدىغا پەرتۇق تاقىۋالغان جاللاتلارنىڭ بىرى جادىنىڭ بېشىنى كۆتۈردى. ئاڭغىچە يەنە بىرى شۇ ھامان ياقۇپنى كەجگىسىدىن باساقچى بولۇپ كەلگەنىدى، قەھرىمان جەڭچى ئۇنى ئىتتىرىپ تاشلاپ، ئۆز بويىنىنى ئۆزى جادىغا قويۇپ بەردى... جاللاتلار ئەل - يۇرتقا سازايى قىلىش ئۈچۈن ياقۇپنىڭ كاللىسىنى قەپەسكە سالغاندىن كېيىن، تېنىنى بىرقانچە قېتىم ۋەھشىيلەرچە دەسسەپ - چەيلەپ، ناھىيىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ قاماقخانىسىغا سۆرەپ ئەكەتتى. چۈنكى ئۇ شۇ يەردىكى گوداڭغا تاشلانماقچى. بۇ گوداڭ يېقىندىلا چېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭىشەھەر سېپىلى مۇھاسىرىدە چاغدا شۇ قاماقخانىدىكىلەردىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۇتلىغان دېھقان «گۇناھكار»لارنىڭ جەسەتلىرى تاشلانغانىدى.

جاللاتلار ئۇت كوچا ئاغزىدىن تېخى تارقىشىپ بولمىغانىدى. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچىدىن بۇ يەرگە ھەيدىلىپ كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ ياقۇپ تۇغرالغان جازا مەيدانىغا يېقىنلاپ كەلدى. بۇ كىشىلەرنى ئات مىنىۋالغان ئۈچ ساقچى قوللىرىدىكى بەتلەكلىك قوراللىرى بىلەن ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ، خۇددى مال پادىسىنى توپلاپ، غۇجەك قىلىپ، ھەيدەپ كېلىۋاتقاندەك ئەكىلىۋاتاتتى. ساقچىلار جاۋ خەنچى بىلەن ۋۇ شۈبىڭنى كۆردى - دە، چاققانلىق بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇلارغا بىرمۇبىر چاس بەردى.

— بۇلار كىم؟ — ئۈشتۈمتۇت سورىدى ھەربىي ھۆقۇقدار، لېكىن ئۇ ساقچىلار جاۋاب بەرگۈچە سوئالنى ئۆزگەرتىپ، — بۇلارنى ئۇرۇش ئەسىرلىرى دەڭلارچۇ؟ نەدىن تۇتۇلدى، يار-بېشىدا قولغا چۈشكەنمۇ ـ يە؟... بەللى... بەللى، مۇنچىۋالا كۆپ ئەسىر تۇتۇلغان يەردە بىزنىڭ شۆھرىتىمىز تۆپە ـ تۆپە ئاشماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە!...

ساقچىلار جاۋ خەنچىگە دەمالى جاۋاب بېرىشكە ئوڭايسىز بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ئۇلار ھەربىي ھوقۇقدارنى خۇش قىلىمىز دېسە، ئۇ ئارزۇ قىلمىۋاتقاندەك، بۇ كىشىلەرنى ئۇرۇش ئەسىرلىرى دەپ ئېيتسا ياخشى بولاتتى؛ بىراق، بۇنداق دېيىشكە بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەسىر ئەمەس ئىدى. جاۋ خەنچى ساقچىلارنىڭ جاۋاب بېرىشكە ئوڭايسىز بولۇۋاتقانلىقىدىن ۋەقەنىڭ ئۆزى ئېيتىۋاتقاندەك ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ، سۆز مۇقامىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا سوئال سورىدى:

— ھە، ئېيتماقچى، بۇلار خېلى كۆپىكەن؟ 40 چە بارمۇ ـ نېمە؟

— ھەئە، شۇنداق، — ساقچىلاردىن بىرى خۇشامەتگۆيلۈك بىلەن جاۋاب بەردى، — ھەممىسى 38 كىشى. بۇلارنى بىز كونىشەھەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىدىن ئالچىقتۇق.

— كونىشەھەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىدىن!؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ھەربىي ھوقۇقدار، — باندىتلارنىڭ قاماقخانىسىدىن دېسەڭلارچۇ!... بۇ قانداق گەپ؟ ئۇنداقتا بۇلار ياخشى ئادەملەر، بىزگە سادىق كىشىلەر ئوخشىمامدۇ؟

ۋۇ شۈيىڭ بۇ تۇتقۇنلارنىڭ بىرمۇنچىسىنى شەخسەن ئۆزى خېلى ئوبدان تونۇيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گومىنداڭ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ كونا ئىشپىيونلىرى بولۇپ، بۇ



سالاھىيەتلىك ئىشپىيونلار گومىنداڭ ھەربىيلىرى بىلەن ساقچىلىرى ئۇ يەردىن 30 نەچچە كۈن ئىلگىرى كونىشەھەردىن چېكىنىپ چىقىش ۋاقتىدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ يەردە ئېلىپ بارىدىغان ئىچكى پائالىيەتلىرىدىن مەخپىي ھالدا مەلۇمات يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەتەيىن قالدۇرۇپ قويۇلغانىدى. بۇنداق كىشىلەردىن بەزىلىرىنى يېڭى ئاقسۇدا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەردە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدىن كونىشەھەرگە كۆيەيتىپ كىرگەنىدى. يېقىنقى ئېيتقاندا، بۇنداقلارنىڭ ئومۇمىي سانى يىگىرمەچە بولۇپ، بۇلاردىن باشقىلىرى سېپىل مۇھاسىرىسى كېتىۋاتقان كۈنلەردە شەھەر ئۆيچۆرىسىدىكى مەھەللە ـ كوچىلاردىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كونىشەھەرگە پەيدا بولۇپ، مىللىي ئارمىيىدىكىلەر بىلەن بىللە جەڭگە قاتنىشىش ئارزۇسى بىلەن كىرگەن ساپ ۋىجدانلىق ياشلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئات يېتىشمىگەنلىكتىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە كېتەلمەي قېپقالغاندەك ئىدى. ۋۇ شۈيىڭ بۇ كىشىلەرنى ئاقسۇنىڭ شۇ كۈنلەردىكى باش ھوقۇقدارى جاۋ خەنچىگە ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەندۈرۈشكە كىرىشىپ:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىز سۆز بىلەن تومتاق قىلىپ، بىرقىسمىڭىزگە سادىق كىشىلەر دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى، — شۇنداقلا ھەممىسىنى ئىلىلىق تاغ باندىتلىرىنىڭ ھەمنەپەسلىرى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلىرىنى جىددىي سوراق قىلىپ ئېنىقلىشىمىزغا، ئۆز ئادەملىرىمىزنى قويۇپ بېرىپ، گۇمانلىقلىرىنى جازالىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

— بولىدۇ، شۇنداق قىلىڭلار، — دېدى جاۋ خەنچى ساقچى ھوقۇقدارنىڭ ئېيتقانلىرىغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، — ئۆز ئادەملىرىمىزنى ھايالسىز قويۇپ بېرىپ، ياتاق، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىن ئوبدان كۈتۈۋېلىڭلار، ئەمما قىزىل پاچاق-

لارغا قىلچە رەھىمدىل بولماسلىق كېرەك. ئىنقىلاب بولغىنىڭ-
لاردىن كېيىن، ئۇلارنى تېزلىك بىلەن قاتتىق جازالاڭلار!

قوراللىق ساقچىلار ئۇچقۇنلارنى كونىشەھەردىن قاتتىق
ئاچچىقتىن بولسا. يەنە شۇنداق قورشاپ تۇتۇپ تۇرۇشقا ئېلىپ
پىيادە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسى تەرەپكە
ئەكەتتى.

ئاقسۇ ئاسمىنىنى قان يۇراقلىرى بىلەن تولدۇرغان
بۇ دەھشەتلىك بىر كۈن تېخى تەلتۆكۈس ئۆزاپ بولمىغانىدى.
قۇياش ئولتۇرۇپ، ئەمدىلەتىن قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ساقچى
جاللات ۋە شۇنىڭ 5 - ئاتلىقلار پولكىغا پايىلاپ كىرىپ.
ھەربىي جاللات جاۋخەنجىنىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ
بۇ قېتىم بۇ يەركە ياش جوۋقۇنلارغا ھېلىقى 38 كىشىنىڭ
18 نەپىرىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ. قاماقخانىدا
ئىجرا قىلىنغانلىقى. قالغان 20 نەپەر ئىشپىيون ۋە ھەربىي
رازۋېتكىچىنىڭ ھاياتىنى توپتوپ بېرىلىپ. ۋىلايەتلىك ساقچى
ئىدارىسىدە ئازادە ياتاق. ياخشى ئىچىملىك - تاماقلار بىلەن
كۈتۈلۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا دوكلات بېرىش ئاچچىق كىرگەنىدى.

## «ئاتساڭ ئالدىدىن ئاق»

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، [illegible] ۋە باشقا [illegible]
ياش ئۇچقۇنلارنىڭ [illegible]
9 - ئاينىڭ 18 - [illegible]
تۇغقان جايدىلا [illegible]



پولكىنىڭ ھۇجۇمچى باتالىيون كوماندىرى، قازاق خەلقىنىڭ
قەھرىمان ئوغلانى قالىكەش، خوتەنلىك قەيسەر جەڭچى قادىر-
لار سېپىل ئۈستىدە ئۇرۇش ئېلىپ بارغان، مۇختار، نۇرۇللا،
رۇستەم، يۇنۇس، نىجات، يولۋاس، خالىق، تاشپولات، شاكىر-
جان ۋە كىچىك قاسىمجانلار كونىشەھەر ۋىلايەتلىك ساقچى
ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇچقۇنلار ئىتتىپا-
قىنىڭ ئەزالىرىنى ئۇتتۇغۇنلۇقتىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىش جېڭىنى
قىلغان كېچىسى كومىنداڭچى جاللاتلار پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ
بۇ باتۇرلۇق ھەرىكىتىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ياش ئۇچ-
قۇنلارنىڭ ھاياتىغا چاڭگال سېلىپ، بۇ قانلىق جىنايەتكە
قول ئۇزاتقانىدى.

سېپىل ئۈستى ئۇرۇشى قالىكەش، قادىرلارنىڭ قۇربان
بولۇپ كېتىشى بىلەن ئىبرىم يولدا ئاياغلاشقان. مۇختار، نۇرۇللا،
رۇستەم، يۇنۇس، نىجات، يولۋاس، شاكىرجان، خالىق، تاشپو-
لات، كىچىك قاسىمجانلار قاماقخانا ھويلىسىدىكى جەڭدە قازا
تاپقان بولسىمۇ، لېكىن كومىنداڭچىلار ئەنە شۇنداق زور
ئوپېراتسىيىلىك ھۇجۇم ھەرىكىتىنىڭ يەنە يۈز بېرىپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ ئالدىنئالا قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشتى ۋە شۇ
سەۋەبتىن ئۇلار ئالدىراشلىق ئىچىدە بىر قىسىم ئەشەددىي كاللى-
كېسەرلەردىن جازا ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاتاقلىق شائىر لۇت-
پۇللا مۇتەللىپ، جەڭگىۋار سەنئەتكار مۇنىردىن خوجا، ماھىر
قەلەمكەش بىلال ئەزىزى، مەشھۇر مائارىپچى زىيالىيلاردىن
ئابدۇللا داۋۇتوپ، ئوسمان مۇھەممەت، ئابدۇكېرىم ئارىپوپ، مەۋ-
لانجان تۇردىيوپ، ئابدۇللا روزى، ئىبراھىم ئىمىنوپ، ئەخمەت
ھەسەنوپ، مەدەنىيەت مۇتەۋەررلىرىدىن تەۋەككۈل ئولۇغوپ،
يۈسۈپجان نىيازى، قىرغىز پەرزەنتى، مال دوختۇرى مۇساجان،
[illegible]اش مەتبۇئاتچىلاردىن قادىر ئېلى، تۇردى ھۈسەيىنوپ، خەنزۇ

يىگىتى ئۇستا رەسسام كو جەنخۇا، رۇس تىببىي خادىملىرىدىن ئاناتولى. ئۇۋان قاتارلىق ئۈچەيلەن ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئالدىنقى تەشكىلاتچىلىرىنى ئالمان - تالمان قەتل قىلىپ تاشلىدى.

شۇ كېچىسى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسى ئىچىگە ئۈستى ئوچۇق لەخمىگە ئوخشاش تار، ئۇزۇنچاق ئازگال كولاندى. جاللاتلار بۇ ئۆلۈم ئازگىلىنى بۈگۈنگىدىن سەل ئىلگىرى سىپىل ئۈستى ئۇرۇشى بىلەن پىدائىيلارنىڭ قاماقخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى ئاياغلىشىشى بىلەنلا ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرىگە كولاتقانىدى.

يېرىم كېچە بىلەن قاماقخانىغا ئىككى چوڭ ھوقۇقدار جاۋ خەنچى بىلەن ۋۇ شۇبىڭ كەلدى. ئاشخىچە بۇ يەردە جازا ئەترىتىنىڭ قانخور ساقچىلىرى قوراللىرىنى تۇتقان ھالدا سەپ تارتىپ تەييار بولۇپ تۇراتتى. قاماقخانا ئىچى بىر دەم ناھايىتى ئېغىر جىمجىتلىققا چۆكتى ۋە شۇ جىمجىتلىقى بىلەن بۇ مۇدھىش ماكان يېڭىباشتىن سىلىنمىز سىزىلىك تۈس ئالغاندەك بولۇپ كەتتى. جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ئۆلۈم ئازگىلىنىڭ ئىچىنى كۆرۈپ قولايلىق بولسۇن دېگەنلىكتىنمىكىن، جازا ئەترىتىدىكىلەردىن بىرى ئازگالنىڭ ئىككى بېشىغا ئالدىن ئالا سانجىپ قويۇلغان ئىككى تال قىسقا ياغاچقا جىنچىراغ ئاستى. بىراق ئاخشامدىن بېرى چىقىشقا باشلىغان تەتۈر شامال بىردىن كۈچىيىپ، توپا - چاڭ توزۇتۇپ كېلىپ، چىراغلارنى ئۆچۈرگەندىن تاشقىرى ياغاچلارنىمۇ ئۆرۈپ تاشلىدى. بۇ ۋاقىتتا سىرتتا بىردەك ئوق ئېتىشلىرى داۋام قىلىۋاتاتتى.

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بوراننىڭ كۈچىيىشىدىن پايدىلىنىپ، سىپىلنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى تېخىمۇ تارايتقانىدى. جازا ئەترىتىنىڭ جاللاتلىرى ئىسكىنچىلەپ ئۆلۈم ئازگىلى ئالدىغا موما تىكلەپ، جىنچىراغ ياندۇرۇش بىلەن بەند بولۇۋاتاتتى.



ۋۇ شۇبىڭ غودۇڭشىغان ھالدا ئۇلارنى توختىتىپ:

— بولدى ئەمدى ئاۋارە بولماي قويۇڭلار، — دېدى، — چىراغ ياندۇرساڭلار يەنە ئۆچىدۇ. ئۆلتۈرۈلۈپ كۆزى يۇمۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن يورۇقلۇقنىڭ نېمە كېرىكى بار ئىدى؟

سىپىل سىرتىدىن بولۇۋاتقان ھۇجۇمنىڭ بارغانچە كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىزلىنىۋاتقان جاۋ خەنچى جازا ئەترىتىدىكىلەرنىڭ تېز ھەرىكەتلەنمەيۋاتقانلىقىدىن خاپا بولۇپ، ئۇلارغا تېخىمدۇر بىرنېمە دەپ چالۋاقىماقچى بولغانىدى، سىپىل سىرتىدىن بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئېتىلغان ئىككى پاي مىناميوت ئوقى ئازگال يېنىغا چاچىلداپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ تاشلىدى. بۇ ئوقلار تېخى بۇ يەردىكى توپا - چاڭنى يەنىمۇ ئۆرلىتىپ، قاماقخانا ھويلىسىنى باشقىدىن قاراڭغۇلۇققا پۈركىدى.

— ئەمدى كېچىكىشكە بولمايدۇ! — ۋارقىرىدى ۋۇ شۇبىڭ جان - جەھلى بىلەن، — قاماقخانىدىكىلەرنى قوي پادىسىنى ھەيدىگەندەك بىراقلا ھەيدەپ چىقىپ، بېرىلىدىغان جازانى تېز ئىجرا قىلىڭلار!

ئۇنىلغان كامېرنىڭ تۆمۈر ئىشىكلىرى بىرلا ۋاقىتتا ئېچىلىپ، ياش ئۇچقۇنلار ھەش - پەش دېگۈچە تەرەپ - تەرەپتىن ئازگال يېنىغا ئەكېلىندى. قوراللىق ساقچىلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن كىشىگە توغرىلىنىپ، ئۇلارنى ئازگال گىرۋىكىگە ئورمان بەلبېغىدەك قاتار تىزىپ، ئارقا تەرەپتىن تەگمۇتەك ئوق چىقىرىشقا تەييارلاندى. ئۆلۈم دەقىقىسى ھەددى - ھېسابسىز قىسقىراپ، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدەك ناھايىتى قىسقا مۇساپە ئىچىدىلا قالدى. ئەمدى قالغان ئىش اش جاللاتلاردىن بىرىنىڭ كوماندا بېرىشىگىلا قاراشلىق ئىدى.

شۇ چاغدا جاۋ خەنچى جاللاتلارغا ئەڭ ئاخىرقى ئەسكەرتىشىنى يەنە بىر قېتىم تەكرار بېرىپ تۇرۇپ:

— بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ھەققى بىر تالدىن ئوق، — دېدى ئۇ، — شۇ بىر تال ئوق بىلەن ئۇلارنىڭ تىن تارتماي ئۆلۈشى ياكى جان تالىشىپ، قىينىلىشى بىز ئۈچۈن پەرقسىز. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئۇرۇش ھېلىمۇ داۋام قىلماقتا. بىزگە ھازىر ئەڭ كېرىكى ئوق... ئوقنى تېجىشىمىز كېرەك.

ل. مۇتەللىپ كاميردىن ئاچىقىلىشتىن بىرئاز ئىلگىرى بارماق قېنى بىلەن تامغا مۇنۇ ئەڭ ئاخىرقى شېئىرىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۆلۈمدىن ئۈچ مىنۇت ئىلگىرىكى ئېچىنىشلىق ۋەسىيەتنامىسىنى يېزىپ قالدۇرغانىدى:

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دوزاخ،
ياش گۈلۈمنى خازان قىلدى قانخور ئەبلەخ!

ئۇ ئەمدى ئۆلۈم ئازگىلى قىرغىقىدىن ئۆلچەمسىز باتۇرلۇق ۋە مەردانىلىك بىلەن كەينىگە يۈرۈلۈپ، بۇ شېئىرنى ئۆتكۈر خىتابنامىدەك يەنە بىر قېتىم ئۈنلۈك ئوقۇدى:

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دوزاخ،
ياش گۈلۈمنى خازان قىلدى قانخور ئەبلەخ!

— ئات! بۇنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئات! — بۇيرۇق قىلىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى ساقچى ھوقۇقدارى، — ھۆركىرىگۈدەك بولمىسۇن!

جاللات ئوق ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. ھەربىي ھوقۇقدار لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئازگال تەرەپكە يەنىلا ئارقىنى قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جاللاتقا:



— ئېتىشقا سەل - پەل كېچىكسەڭمۇ كېرەك يوق، — دېدى، — ھەردۇقىماي ئاۋۋال ئۇنىڭ يۈزىنى ئازگالغا قارات، بىزنىڭ جازا قائىدىمىزدا چاڭگىلىمىزدىكى دۈشمەننى ئالدى تەرەپتىن ئېتىشقا رۇخسەت يوق!

جاللات شائىرنىڭ يۈزىنى ئازگالغا قارىتىشقا ئۇرۇنۇۋىدى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاتساڭ ئالدىمدىن ئات! مەن خالىغىنىڭلارچە جازالايدىغان ياردار ھەربىي ئەسىر ياكى قانداقلا بولسا بولىدىغان بوزەك مەھبۇس ئەمەس! ئۆزۈمنى ھېلىمۇ سىلەر بىلەن ئۇرۇش سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭچى ھېسابلايمەن. گېپىم شۇ: مېنى ئاتساڭ ئالدى تەرىپىمدىن ئات!... — دېدى ۋە شۇ ھامان كۆڭلىكىنى يىرتىپ، مەيدىسىنى تۇتۇپ بەردى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ جازالانغۇچىلار سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئىككى تەرەپتىكى ياش ئۈچقۇنلارنىڭ ھەممىسى شائىرغا ئەگىشىپ، مەردلىك بىلەن كەينىگە يۈرۈلۈپ، ئازگالغا ئارقىچە بولۇۋالدى. جاللاتلار ئىلاجىسىز قېلىپ، ئۇلارغا ئالدى تەرەپتىن ئوق ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئوق جەڭگىۋار ياشلارنىڭ كۆپچىلىكىگە چالا تەگكەنىدى، شۇنداقتىمۇ جاللاتلار قەبىھلىك بىلەن ئازگالغا توپا تاشلاپ، ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئەركىنلىك سۆيەر جەڭگىۋار ئوغلانلىرىنى تىمجان ھالەتتە قارا يەر تەكتىگە كۆمۈپ تاشلىدى. بۇ چاغدا بوران قايتىدىن كۈچىيىپ، قاماقخانا ھويلىسىغا دەھشەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ياش ئۈچقۇنلار ئاچىقىلىپ، ئىچى بوش قالغان ھەربىر كاميرنىڭ تۆمۈر ئىشىكى بوران دەستىدىن لىڭشىپ، ئۇزاققىچە غاچىلداپ تۇردى. لېكىن دەل شۇ پەيتتە جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىنىڭ سېپىلغا قاراتقان ھۇجۇمى بوراندىنمۇ قاتتىقلىق داۋام قىلماقتا ئىدى.

ياش ئۆچقۇنلار ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەھشەتلىك تۈرمىسىگە قامىلىپ، تۆت ئاي مابەينىدە كۈرەشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، مۇستەبىتلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئازادلىقى يولىدا كۈرەش قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ھەققانىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقاچان ئەيىبسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، گومىنداڭچى قان ئىچەرلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى مىنۇتتايىن پاش قىلىپ تۇردى. گوندىپايلار قورقۇتۇش يولى بىلەن ياش ئۆچقۇنلارنىڭ ئاغزىنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن خىلمۇ خىل دوق - پوپوزىلارنى قىلدى. شۇنىڭدەك ئالداپ سىر ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بەزىدە قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنىمۇ ئىشلەتتى. كۆپ چاغلاردا ئۇلارنى ئۇردى. تىكەنلىك تۆمۈر قەپەسلەرگە سولىدى. ئوڭ ھالەتتە تۈۋرۈككە باغلاپ، سوتكا - سوتكىلاپ ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلدى. پات - پات سوراقتا ئاچچىقسىپ، ۋەھشىيانە جازا چارىلىرى بىلەن قىينىدى. بەزىدە غىزا - تاماق بەرمەي ئاچ قويدى. قانخورلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا ھەتتا ياش ئۆچقۇنلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئاچلىق ئېلان قىلىش بىلەن قارشى جاۋاب بەردى. ئۇلارنىڭ سوت - سوراقلىرىغا جىم تۇرۇۋېلىش ئارقىلىق ياكى ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىك، ئىپلاسلىق، چىرىكلىك ھەرىكەتلىرىنى داداللىق بىلەن تەكرار پاش قىلىش ئارقىلىق بۇ مۇستەبىتلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ، ئاغزىلىرىنى تۇۋاقلاپ تاشلىدى. قاماقتىكىلەرگە تىببىي ياردەم كۆرسىتىلمەيتتى. ئۇلاردىن ئاغرىپ قالغۇچىلار بولسا داۋاسىز تاشلاپ قويۇلاتتى.

ئۆچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى قامالماستىن بۇرۇن ئۆز كۈرەشلىرىنى ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بارغانىدەك، قاماقخانىدىمۇ پۇرسەت بولسىلا، ئۆ...



بولۇۋېلىپ، يەنە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى داۋام قىلدۇردى. ئۇلار يېڭىدىن قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كېلىپ قېلىشتىن قورقماي، ئەرداتلىك بىلەن ئۆچقۇنلار مارشىنى ئېيتاتتى. مۇنىرىدىن خوجا، ل. مۇتەللىپنىڭ بەزىبىر شېئىرلىرىغا ئاھاڭ تۈزۈپ تەييارلىغان ناخشىلارنىمۇ پات - پات ئېيتىپ تۇراتتى. قىسقىسى، ياش ئۆچقۇنلار قاماقخانىدىكى 120 نەچچە كۈنلۈك ھاياتىنى تىنىمسىز بولۇپ تۇرىدىغان خەۋپ - خەتەر ۋە ئۆتتەۋلۇق ئازابىنى يېڭىپ، بوشاشماي، چېكىنمەي كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى.

گومىنداڭچى جاللاتلار ئۆچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىدىن قانلىق ئۈچ ئېلىش ھەرىكىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى ياش ئۆچقۇنلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشتىن باشلىغانىدى. بۇ ۋەقە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى باي، ئاقسۇ، كونىشەھەر ناھىيىلىرىنى ئارقىمۇ ئارقا ئازاد قىلىپ، يېڭىشەھەرگە غەلىبىلىك ھالدا ھۇجۇم باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈز بەردى. بۇ كۈنكى مەغلۇبىيەتتىن قايغۇرۇپ، ئەتىدىكى پاجىئەلىك كۈننى ئېغىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۈتۈۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئۈچتۇرپاندىكى مۇستەبىتلەر شۇ كۈنى ئۆچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يەردىكى پاچىيىكىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا تارمار قىلىپ، بۇ پاچىيىكىنىڭ جەسۇر تەشكىلاتچىلىرىدىن ئارتۇق، سېيىت بۇ ئاكا - ئىنى ئاباسوپىلار بىلەن ئىبراھىم مۇمىن، ئابدۇللا ياقۇپلارنى قولغا ئېلىپ، يالاپ توقسۇزبولاققا ئەكىلىشتى. توقسۇزبولاق، ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى مەنزىرىلىك سەيلىگاھ باغچىسى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ بۇ يەردىكى قانخور ئەمەلدارلىرىدىن ناھىيە ھاكىمى چۈي زىجىڭ بىلەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۇ يۈشىڭ ياش ئۆچقۇنلارنىڭ قېنى بىلەن بوياپ تاشلاش

ئۈچۈن بۇ باغنى مەقسەتلىك ھالدا جازا مەيدانى قىلىپ تاللىۋالغانىدى.

ئارتۇق ئاباس، سىيىت ئاباس، ئىبراھىم مۆمىن، ئابدۇللا ياقۇپلار بۇ يەرگە ئەكېلىنىش بىلەن سوت - سوراقسىز جازا چارىلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشقا باشلىدى. جاللات توققۇزئاتاردىن بىرىنچى پاي ئەجەل ئوقىنى سىيىت ئاباسقا قارىتىپ ئۈزگەنىدى، ياش يىگىت قوغۇشۇن ئوقنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن يىقىلىپ، جان ئۈزۈشنىڭ ئالدىدىكى ئاخىرقى ئىككى مىنۇتتا ئورنىدىن زورىغا تۇرۇپ، ئالدى ئارقىغا ئىككى - ئۈچ قېتىم سەنتۈرۈلۈپ توختاپ، بوغۇق ئەمما قەلبلەرگە سىڭىپ كىرگۈدەك جۇشقۇن ئاۋاز بىلەن:

— قان ئىچكۈچى يالماۋۇزلار، ھالاك بولىدىغان كۈنلىرىڭ ئۇزاق قالمىدى!... سىلەردىن جانغا جان، قانغا قان ئالىدىغان كۈنلەر پات يېقىندا يېتىپ كېلىدۇ!... بۇنى ئۇنتۇما! — دەپ توۋلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سىيىت ئاباس تىنىقتىن توختىدى. ئۇ پاك قېنى تۆكۈلگەن جايغا يېنىككىنە يىقىلىپ، ئۆزىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قەتل قىلغان بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن خوشلىشىپ مەڭگۈلۈك جىمىپ كەتتى. بۇ چاغدا سىيىت ئاباس ھايات شوتىسىنىڭ 18 - پەللىسىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن دەسسەپ، 18-ياشلىق باھارىنى ئەمدىلا ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان نەۋقىران يىگىت ئىدى. شۇندىن كېيىن قولى يېڭىلا كويزىدىن بوشىتىلغان ئارتۇق ئاباسنىڭ دۈمبىسىگە ئىككىنچى پاي ئەجەل ئوقى بەتلىنىپ توغرىلاندى. لېكىن ئارتۇق ئاباس بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئۆز ئۆلۈمىنى ئۇنتۇپ، ئىنىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈمىدى بىلەن جاللاتقا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىۋالماقچى بولدى. بۇنى كۆرۈپ، قورقۇپ



كەتكىنىدىن ئالاقزادىلىكتە چۆمگەن چېرىك زىنجاڭ جاللاتلارغا ھومىيىپ تۇرۇپ:

— تېز ئات!... ھايالسىز جىمىقتۇر! — دەپ ۋايسىدى.

جاللات ئوق ئۈزمەكچى بولغانىدى، يەتتەئاتار كونا مىلتىق پىستان چاقماي قاتىلخورلارنىڭ ھەسسىسىنى ئۈزۈتۈۋەتۈت تەتىرىتىپ قويدى. چېرىك زىنجاڭ بىلەن ۋۇ يۈشىڭ ئىككى تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، تاپانچىلىرىدىن تەڭمۇ تەڭ ئوق چىقىرىپ، بۇ 22 ياشلىق قەيسەر يىگىتنى ئېچىنىشلىق ھالدا قەتل قىلىپ تاشلىدى. شۇندىن كېيىن ئىككى دانە توققۇزئاتار بەتلىنىپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىبراھىم مۆمىن، ئابدۇللا ياقۇپلارغا توغرىلىنىپ، 21 - 22 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئىككى ھەرىيەتپەرۋەر قەيسەر يىگىتنى ھاياتىدىن جۇدا قىلدى.

توققۇز بۇلاق قانغا بويالدى. بۇ قان خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە تەڭ باراۋەرلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ياش ھاياتىنى كۆرەشكە ئاتىغان، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرغىچە ئارمان بىلەن دۇنيادىن كەتكەن ئۈچتۈرپان ياشلىرىنىڭ ساپ قانلىرى ئىدى. جاللاتلار ئىنقىلاب قۇربانلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى شۇ يەرگە پەرۋاسىزلىق بىلەن تاشلاپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ بۇ ئارامبەخش سەيلىگاھ بېغى جەسەتلەر ماكانىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولدى. لېكىن توققۇزبۇلاق شۇندىن كېيىن ئەستىن كۆتۈرۈلمەس غەزەپ - نەپرەتنىڭ، گومىنداڭ جاللاتلىرىدىن قاچاندا بولمىسۇن چوقۇم ئىنتىقام ئېلىش ۋە يىللاردىن يىللارغىچە ئۇلارنىڭ قانخورلۇقلىرى ئۈستىدىن ئۆز ئەيىبى بىلەن ئەرز - شىكايەت قىلىشنىڭ يەنە بىر تارىخىي ماكانىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۈچتۈرپانلار ئىنتىپاقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى يوشۇرۇن ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە باشتىن - ئاياغ ئىزچىل ھىمايىدارلىق قىلىپ

كەلگەن ئاشپەز سالاخۇن، ساتىراش مەقسۇتشاخۇن ۋە پېشقەدەم باغۋەن تاجاخۇن ئاكىلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر بىلەن ئاياغلاشتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى ئاقسۇدىن قايتىپ كېتىپ، بىرىنچى كۈنى گومىنداڭ ھەربىيلىرى بىلەن ساقچىلىرىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان قىساسچى جاللاتلار سالاخۇن ئۇستىنى «ئىلىلىق تاغ باندىتلىرىنىڭ شتابىدا بىر ئايدىن كۆپرەك ئاشپەزلىك قىلىپسەن» دېگەن «جىنايەت» بىلەن جازاغا تارتىپ چېپىپ تاشلىدى. تاجاخۇن ئاكىنى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ تەسىس مەجلىسى ئۈچۈن ياش ئۇچقۇنلارنى ئۆز بېغىڭ بىلەن خۇپىيانە تەمىنلىيسەن، ئۇلارغا يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن تاپانچا، قىلىچ ۋە ئوق - دورىلىرىڭنى بەرگەندىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ يەنە قورال - ياراغ مەشقى ئۆتكۈزۈشىگە بىۋاستە ياردەملىشىپسەن» دېگەن باھانە بىلەن مۇددەتسىز قاماققا تاشلىدى. قاماقخانىدا تۇتقۇننىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئېغىر ئۆتتى. كامېر ئىچىنىڭ زەي ۋە قاراڭغۇلۇقى، غىزا - ئاماقنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ناچارلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىلىرى پات - پات قىيناپ ئۇخلاتماسلىق، كۈندۈزلىرى ئۇچۇقچىلىقتا ئاچىقىپ، ئاپتاپ يۈزى كۆرسەتمەسلىككە ئوخشاش خىلمۇ خىل جازا تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن، بۇ باشاتغار مەھبۇس تېز ئاجىزلاپ ۋە ئاغرىپ، قاماققا تاشلانغانلىقىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئەلەم بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى.

گومىنداڭچىلارنىڭ مەقسۇتشاخۇن ئۈستىگە قويغان ئىللەتلىرى ئېغىرمۇ خىلمۇ خىل ۋە باشقىچە بولۇپ، ئۇلار بۇ ھۆرمەتلىك ساتىراشنى تۇشمۇ تۇشتىن خارلاپ ئۇردى. مۇستەبىتلەر ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ل. مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزىلەر بىلەن قويۇق باردى-كەلدىسىنىڭ بولغانلىقىنى، ئۇرۇش كۈنلىرىگە كەلگەندە مىللىي ئارمىيە پولكىدىكىلەرگە ساتىراشلىق قىلغانلىقىنى بىردىنبىر جىنايەت قىلىپ، ئۇنىڭ ياشاش ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، بىرقانچە يىلغىچە تەقىپ ئاستىغا ئالدى...



# خاتىمە

1945 - يىلى ئاقسۇدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر مانا شۇنداق ئومۇمىي قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ - تالاڭ، قولدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان مەزلۇم خەلقنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكلەر بىلەن دەھشەتلىك ئاياغ - ئاستى قىلىنىشى، سان - ساناقسىز كىشىلەرنىڭ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشى، كوچا ۋە ھويلىلاردا ئىگىسىز قالغان سانسىز جەسەتلەر، ئۇيۇپ قالغان قىپقىزىل قانلار، جادىلارنىڭ ئادەملەرنى بېدە توغرىغاندەك توغرىشى، ئورەكلەرگە چالا ئۆلۈك كۆمۈلگەن ياشلار ۋە گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ تەنتەنىلىك ھىجىيىشلىرى ۋە قاقاقلىغان مەست كۈلكىلىرى ئىچىدە ئاياغلاشتى...

ھالبۇكى، ئاقسۇ خەلقىنىڭ ئۈمىد قىلغىنى بۇ ئاقىۋەت ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە باتۇر ئوغلانلىرى مۇتىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزىلەر باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ بارلىق ئەزالىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياش جانلىرىنى بۇ ئاقىۋەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاتىمىغانىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە ئىنتايىن غەلىبىلىك جەڭ قىلىۋاتقان خەلقنىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرى بولۇپ يېتىشكەن پولكوۋنىك، سىياسىي

كومىسسار ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، پولكوۋنىك. سىياسىي كومىسسار
قاسىمجان قەمبىرى، پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلارنىڭ ئە-
كەر باشلاپ ئاقسۇغا چۈشۈشىدە، ئەمەلىيەتتە ئېرىشمەكچى بول-
غانلىرىمۇ بۇ ئاقىۋەت ئەمەس ئىدى...

ئۇلار، شۇ خىل تارىخىي شارائىتتا، بۇنىڭدىن تامامەن باش-
قىچە بولغان ئاقىۋەتكە — يەنى ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغان مىل-
لىي ئازادلىققا، دۇنيادا بوزەك بولماي، خورلانماي ئىنسانىدەك
ياشاش ھوقۇقىغا، باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ - باراۋەر،
ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا مۇئامىلە قىلىش ھوقۇقىغا
تامامەن ئېرىشەلەيتتى. چۈنكى ئۇلار، مەزلۇم خەلقنىڭ ئازادلى-
قى يولىدا قۇربان بېرىشتىن قورقماي، جان تىكىپ، بۇ خەلق-
نىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە مەنسۇپ بولغان باتۇرلۇق ۋە جاسارەت
بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار ئاقسۇ يېڭىشەھەر سې-
پىلى ئەتراپىدىن تۇيۇقسىز قايتىپ كېتىپ قالمىغاندا، ئۇ سېپىل-
نى كۆپ ئۆتمەيلا ئالغان، 5 - ئاتلىقلار پولكىنى قىرىپ تۈ-
گەتكەن ۋە ئۇ يەردىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن كۇچاغا، ئۇ
يەردىن كورلا، — قاراشەھەر ۋە تۇرپانلارغا قاراپ يۈ-
رۈش قىلغان بولاتتى. ئۇ ۋاقىتتا، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا
يۆنىلىشتىكى ئاساسىي قىسىملىرى گومىنداڭ قىسىملىرىنى قە-
دەمدە بىر مەغلۇپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ناھايىتى غەلىبە-
لىك ھالدا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ماناس دەرياسىنىڭ
غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ بارغاندا، گومىنداڭچىلار ئۈرۈمچىنى
تاشلاپ چىقىپ تۇرپانغا چېكىنىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ
قالغانىدى. تاشقورغان، ئاقتۇ، يەكەن، پوسكام، قاغىلىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي جەنۇب لىنىيىدىمۇ ئۇرۇش ھەرە-
كەتلىرى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتاتتى. گومىنداڭ قول قىل-
غۇچىلىرىنىڭ پۈتۈن سەپ بويىلاپ تېز ئارىدا مەغلۇپ بولۇشى،



ئەسىرلەپ زۇلۇم - ئوقۇبەت چاڭگىلىدا قالغان، قان ۋە كۆز ياش-
لىرى بىلەن سۇغىرىلغان بۇ يۇرتنىڭ قوزغىلاڭچى خەلقىنىڭ
ئۆز قولىغا ئۆتۈشى، تۆت - بەش يىل بالدۇرراق ئازاد
بولۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغان ئاقىۋەت ئىدى،
ئەمما كۈتۈلمىگەن رادىئوگراممىدا يەتكۈزۈلگەن جىددىي
ھەربىي بۇيرۇق سەۋەبىدىن، قان كېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەر
ئوغۇللىرىنى تۆكۈپ، تىرىكلىمەي قۇربان بېرىپ، ئىنتا-
يىن باتۇرلۇق ۋە ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان خەلق،
قولى يېتىپلا قالغان جەڭ مېۋىسىنى بىردىنلا قولدىن بېرىپ
قويدى. ئېرىشىش ئۈچۈن يىللاپ جەڭ قىلىپ قان تۆكۈشكە
مەجبۇر بولغان نەرسىلىرىنى، گومىنداڭ ئۇرۇشتا تامامەن مەغ-
لۇپ بولغاندىلا، پەقەت شۇ چاغدىلا قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن
ئىكەنلىكى تەكرار ئىسپاتلانغان نەرسىلەرنى بىردىنلا سۆھبەت
ئۈستىلىدىن ئىزدىمەكچى بولدى. غەلىبە قىلىۋاتقان ئارمىيە
تىرىپىرەن بولۇۋاتقان دۈشمەنى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى
ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىنىشقا باشلىدى.

گومىنداڭ قول قىلغۇچىلىرىنىڭ كاتتىبېشى جاڭ جيېشى
مىللىي ئارمىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەلىپىنى ئۆزى
رادىئو ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلغانىدى. مىللىي
ئارمىيىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى پولكىمۇ مەغلۇبىيەت
بىلەن ئەمەس، پەقەت غالىبىيەت بىلەن، تىنچلىق سۆھبىتىگە
يول ھازىرلاش مەقسىتى بىلەن ئاقسۇدىن كەتكەن» ئىدى.
مانا شۇ جاڭ جيېشىنىڭ ئاقسۇدىكى 5 - ئاتلىقلار پولكى
مىللىي ئارمىيە پولكىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە يول ھازىرلاش
مەقسىتى بىلەن تۇيۇقسىز قايتىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ،
ئاقسۇ خەلقىدىن غالجىرلىق بىلەن قاتىللىق ئۆچ ئالدى.
ۋەتەنلىك بىلەن، مىللىي ئارمىيە پولكى ئاقسۇغا قايتىدىن
اپ. ئۇلارنىڭ ئۆچىنى گومىنداڭچىلاردىن ئېلىپ بېرەل-

مەيتتى. چۈنكى ئۇلار جىددىي رادىئوگراممىغا تاپشۇرۇۋالغانىدى...

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سىز مېنىڭ بۇ تارىخىي قىسسەمنى ئوقۇپ چىققان چاغدا، ئۇنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىدىن ۋە خاتىمىسىنىڭ بۇ قۇرلىرىدىن ئەجەبلەنمىدىڭىزمۇ؟ لوگىكا جەھەتتە غەلىتىلىك ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئەلۋەتتە، سىز بۇلارنى ھېس قىلدىڭىز. چۈنكى سىز ئالىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن، 40 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى تارىخ بولۇپ قالغان ئۇ زاماندىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا ئېھتىمال ئانچە كۆپ بىلمەيسىز. لېكىن، ئۇلارنى مەن بىلىمەن. چۈنكى مەن شۇ زاماندىن قالغان تىرىك شاھىت. مەن تارىخچى ئەمەسمەن، يېزىقچىلىق ئىشى تارىخچىغا بەرمىگەن ھوقۇقلارنى يازغۇچىغا بېرىدۇ. مەن ئۇ زاماننىڭ تارىخىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ زاماندا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئۆز قاراشلىرىمنى بايان قىلىۋاتىمەن. خالاس!...

تارىخنى پۈتۈن بىر خەلق ۋە خەلقلەرنىڭ ئاشكارا داغدۇغىلىق كۈرەشلىرى ۋە قانلىق ئۇرۇشلىرىمۇ يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەتتە تارىخ كىتابلىرىغا كەم يېزىلىدىغان ياكى يېزىلمايدىغان مەخپىي ئەلچىلەرنىڭ قەتئىي مەخپىي پائالىيەتلىرى، دۆلەت باشلىقلىرى ۋە ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر ۋە قوراللىق كۈچلەرنىڭ يېتەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مەخپىي كېلىشىم ۋە بەزى سودىلىرىمۇ يارىتىدۇ. ئەكسى ھالدا بۇ خىل كېلىشىملەر ياكى خەلققا ئاشكارا كېلىشىملەرنىڭ ئاشكارا قىلىنمايدىغان ماددىلىرى داغدۇغىلىق، سەلتەنەتلىك كۈرەشلەرنى بىردىنلا توختاپ قالغان بوراندەك ھە دېگەندە جىمىقتۇرۇۋېتەلەيدۇ.

ئۇنداق بولمىغاندا، گومىنداڭ قول قىلغۇچىلىرىنىڭ



باش كاتتىبېشى جياڭ جيېشى ئۈرۈمچىدىن ئۆزگە، ئۈرۈمچىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈنگە قالماي قولدىن كېتىش مۇمكىنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، جىددىي ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ، جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان سەنئوجياڭغا: «ئۇلار ھۆدۈقسىمۇ بولىدۇ، مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە كىرمەيدۇ، ماناس دەرياسىدىن ئۆتمەيدۇ» دېمىگەن بولاتتى.

جياڭ جيېشى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا، ئىشەنچلىك خەلقئارا كاپالەتكە ئىگە بولمىغان بولسا، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقان ھەربىي قىسىملىرىغا بېرىلىدىغان كۈتۈلمىگەن رادىئوگراممىنىڭ مەزمۇنىدىن ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈلمىگەن بولسا، يۇقىرىقى سۆزنى ئېيتمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيە بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى، ھەتتا رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، «چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەرگە مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقى، ھەتتا ئاپتونومىيە بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقى» بىتچىت بولۇۋاتقان ھەربىي كۈچىنى ياماشتۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىشنى، ئاخىرقى ھېسابتا، بۇ زېمىندىكى قول قىلغۇچى ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل نەيرەڭۋازلىق ۋە ئالدامچىلىق ئىدى، خالاس. ۋەقەلەرنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن قۇرۇلغان قىلتاق ئىكەنلىكىنى، گومىنداڭنىڭ بۇ يەردىكى مىللەتلەرگە تەڭلىك ھوقۇقى بېرىش نىيىتىنىڭ ھەرگىزمۇ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

شۇنداق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقىمىزنىڭ مىللىي باراۋەرلىككە ۋە ئازادلىققا ئىگە بولۇشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى. ئۇلار خەلقىمىزنى چېگرادىكى بەدبۇيلەر، بۇ

زېمىنغا ئارتۇق ئۆرلەپ قىلىپ ئۆزلىرىگە كۆپ ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن غەيرىيلەر، دەپ بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى بۇ زېمىندىكى خەلق ئەمەس، بەلكى زېمىننىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ زېمىننىڭ كەڭلىكى، تاغۇ دەريا، ئورمان - يايلاقلىرى، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى ئىدى. ئۇلار «بۇ گۆھەر ماكان»نى ئېغىزلىرىدىن شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ ماختىشاتتى. بۇ يەرنىڭ خەلقى بولسا، ئۇلارغا قول بولۇشى، كېچە - كۈندۈز ھايۋاندەك ئىشلەپ ئۇلار ئۈچۈن بايلىق ۋە مەنپەئەت يارىتىشى، ئومۇمىي نامراتلىق، ساۋاتسىزلىق، نادانلىق ئىچىدە ياشىسىمۇ، خالىغانچە قىرغىن قىلىنىپ قانغا غەرق قىلىنسىمۇ، بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىسا ياكى قىز - چوكانلىرى ئاياغ - ئاستى قىلىنسىمۇ غىڭ قىلماسلىقلىرى، يورۇق دۇنيادا تىرىك ئەرۋاھتەك لىكشىپ يۈرگەنلىرىگە شۈكرى قىلىشلىرى، قانداقتۇر مىللىي باراۋەرلىك، ئازادلىق، ھاكىمىيەت ھوقۇقى دېگەنلەرنى ھەرگىزمۇ ئېغىزغا ئالماسلىقلىرى لازىم ئىدى.

مىللىي ئارمىيىدىن ئىنچىلىق سۆھبىتى تەلەپ قىلغان بۇ گومىنداڭچىلار يەنە ئىنتايىن سەمىمىيەتسىز، قارا كۆڭۈل، ياۋۇز نىيەتلىك ۋە ئۇچىغا چىققان مەككار ۋە ھىيلىگەر بىر تائىپە بولۇپ، ئۇلار سەمىمىيەتنى نادانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە خەيرخاھلىقنى ئەخمەقلىق، تۈزلۈك ۋە توغرىلىقنى ئاددىيلىق دەپ بىلەتتى، سۈيىقەستچىلىكنى، ھىيلىگەرلىكنى، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ساختىپەزلىكنى بىلمىگەن ئادەملەرنى ئادەم قاتارىدا سانىمايتتى. ئۇلارنىڭ قۇۋ تۈلكىگە ئوخشايدىغان بۇ مىجەزىنى ئۇلارنىڭ سىياسىي تەبىئىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، ھاكىمىيەتچىلىك تارىخى ۋە ئورتاق خاراكتېرى بەلگىلىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنى ۋەدىسىگە ئەمەل قى-



لىدۇ، دەپ ئىشىنىش ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىق ئىدى. ۋەقەلەرنىڭ كېيىنكى بېرىشى بۇنى قەدەمدە بىر كۆرسىتىپ بەردى.

ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى بىردىنلا توختاپ، قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ رەھبەرلىرى ئىنچىلىق سۆھبىتىگە تەييارلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىنتايىن سەمىمىيەتلىك ۋە بەكمۇ ئاددىيلىق بىلەن گومىنداڭدىن مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقى ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى ياكى ئۇلار شۇنداق ئۈمىد قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغان بولسا كېرەك. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنچىلىق سۆھبىتىگە قاتنىشىدىغان ۋەكىللىرى بولۇپ ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجىيوپ، ئوبۇلخەيرى تۆرىلەر بەلگىلەندى. گومىنداڭ تەرەپ سۆھبەت ۋەكىللىكىگە ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر سىياسەتچىسى جاڭ جىجۇڭنى بەلگىلىدى ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى ۋۇ جوڭشىننىڭ ئورنىغا ئۆلكە رەئىسى قىلىپمۇ تەيىنلىدى.

ئىنچىلىق سۆھبىتى 1945 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە باشلاندى. بۇ ۋاقىت دەل ئىلىدا باشلانغان قوراللىق كۈرەشكە توپتوغرا بىر يىل توشقان خاتىرە كۈنىگە توغرا كەلدى.

گومىنداڭ تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىچە، سۆھبەتكە سەمىمىي تەييارلانمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش لىنىيىلىرىدە ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشى يالغان تەسىرات پەيدا قىلىش ئۈچۈن بولغان بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئاشكارا مۇداپىئەدىن يوشۇرۇن مۇداپىئەگە كۆچكەنىدى. ئۇلار سۆھبەت ئۈستىلىدىمۇ ھىيلىگەرلىك قىلدى. ئۇلار سۆھبەت ئارقىلىق ئۇرۇش سەپلىرىدە قولدىن بەرگەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى، ئارتقان زىيانلىرىنى تولدۇرۇۋېلىشنى كۆز-

لەيتتى. شۇڭلاشقا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىگە ھەر قېتىملىق تالاش - تارتىش ۋە بەس - مۇنازىرىدە، ھەتتا، ھەر بىر ئېغىز سۆزىدىمۇ ناھايىتى سەزگۈر بولۇشقا توغرا كەلدى. شۇڭلاشقا، سۆھبەتنىڭ جەريانى ناھايىتى جاپالىق بولۇپ، 70 نەچچە كۈن سوزۇلدى. ئاخىر، بۇ سۆھبەت 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاياغلىشىپ، 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلدى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش قارارى چىقىرىلدى.

قەغەز يۈزىدىكى بىتىم ۋە قەغەز يۈزىدىكى قارارغا ئېرىشمەك ئاشۇنچىۋالا تەسكە چۈشتى، ئەمما بۇلار تېخى قەغەز يۈزىدىكى نەرسىلەر ئىدى. گومىنداڭ قول قىلغۇچىلىرى بۇ ئارقىلىق پەقەت قوزغىلاڭچى خەلقنى ئالداپ ۋە بىخۇدلاشتۇرۇپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشنىلا كۆزلىگەنىدى. ۋەقەنى پەسەيتىپ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلار ھەدېگەندە ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىگە ئاستا - ئاستا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، بۈگۈن يېتەلمىگەن مەقسىتىگە ئەتە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنرەك يېتەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ خىل يىراقنى كۆرەلىك ۋە سەۋرچانلىق، ئېرىنى بەكمۇ يىراقلاردىن يېيىپ كېلىش ئۇلارغا مەككار فېئودال خانلاردىن قالغان ھاكىمىيەتچىلىك مىراسى بولۇپ، بىتىم قىلىپ تۈزۈلگەن، قارار قىلىپ چىقىرىلغان، ھۆججەت قىلىپ يېزىلغان، ۋىۋىسكا قىلىپ ئېسىلغان ۋە گېزىت - رادىئولاردا تەشۋىق قىلىنغان نەرسىلەر ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خەلق كۆپچىلىكى ۋە خەلقئارا جامائەت پىكرى ئالدىدا ساختا تەسىرات پەيدا قىلىشنىلا مەقسەت قىلاتتى. خالاس. بۇ خىل يالغان ۋەدىلەر كىچىك بالىغا يىغلىسۇن دەپ سېلىپ قويغان قۇرۇق سوسكىدەكلا بى-



نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بوۋاقنىڭ ئاغزىغا بىر تېممۇ سۈت تاممايتتى.

گومىنداڭچىلار بۇ قېتىممۇ دەل مۇشۇ مىجەزى بويىچە ئىش كۆردى، بۇ خىل ئادىتىگە ئازراقمۇ خىلاپلىق قىلالمىدى.

70 نەچچە كۈنلۈك جاپالىق سۆھبەت ئارقىلىق، قەغەز يۈزىدە تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئاساسىي ماددىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى:

1 - ماددا: ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۇلار ئىشەنگەن يەرلىك خەلقلەردىن مەمۇرىيەت خادىملىرىنى سايلاشقا ھوقۇق بېرىدۇ. بۇ ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەرتىپ بەلگىلىنىدۇ:

ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەر بىر ناھىيە خەلقى ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرىنى تەشكىل قىلىپ چىقىدۇ. ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلايدۇ. ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇئاۋىنلىرى يەرلىك خەلق تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنى سايلايدۇ. ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى خەلق رايىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ.

3 - ماددا: دۆلەت ئىدارىلىرى، مەمۇرىي ئىدارىلەر، سوت ئىدارىلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى خەنزۇ تىلى بىلەن مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تىلىدا تۈزۈلىدۇ. ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە ئەۋەتىلىدىغان خەلق ھۆججەتلىرىنىمۇ شۇ خەلقنىڭ ئۆز

تىلىدا ئۆزلۈكىشىگە ئىجازەت بېرىلىدۇ.

4 - ماددا: باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇش - ئوقۇتۇش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلەر ئېھتىياجغا قاراپ، خەنزۇ تىلى ياكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا ئۆتۈلىدۇ.

5 - ماددا: ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەتنىڭ ھۆرلۈك بىلەن تەرەققىي ئېتىشىنى تەمىن قىلىدۇ.

6 - ماددا: ھۆكۈمەت مەتبۇئات، يىغىلىش ۋە ئېتىقاد - سۆزلەردە ھۆرلۈكنى تەمىن ئېتىدۇ.

9 - ماددا: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى 25 كىشىگە كۆپەيتىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئون ئەپىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلەيدۇ، 15 ئەپىرىنى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىدۇ.

10 - ماددا: مىللىي ھەربىي قىسىملار تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ قىسىملار مۇسۇلمان خەلقلەردىن بولۇشى شەرت. بۇ مىللىي قىسىملار ۋە قوزغىلاڭچى ھەربىي قىسىملار دۆلەت تەركىبىگە مۇۋاپىق قوروۇلۇپ، قايتىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ. ئەسكەرلەرنى ئوقۇتۇش ۋە كوماندا بېرىش ئىشلىرى ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا بولىدۇ. بۇ قىسىملارنىڭ قوماندانلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئۇنۋانلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى مىللىي ھەربىي قىسىملار تۇرغان رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ. مەركەزنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە مىللىي ھەربىي قىسىملار بىر - بىرىگە قارشى ھېچقانداق دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىدە بولماسلىقى شەرت. بۇ ئەسكىرىي قىسىملارنىڭ سانى، مىقدارى ۋە تۇرىدىغان ئورۇنلىرى ھەققىدە ئايرىم مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئايرىم قوشۇمچە ماددا تۈزۈلۈپ، ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.



11 - ماددا: ھازىرقى ۋەقەلەرگە ئالاقىدار بولغانلىقى سەۋەبىدىن قاماققا ئېلىنغان كىشىلەرنى ھەر ئىككى تەرەپ مەسىلە ھەل بولۇپ ئون كۈن ئىچىدە باراۋەر قاماقتىن بوشىتىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ھەرقانداق سەۋەبلەر بىلەن سىقىققا ئۇچرىماسلىقىنى كېپىللەندۈرىدۇ.

11 بىتىمنىڭ قالغان 2 -، 7 -، 8 - ماددىلىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، باج - خىراج، سودا - تىجارەت مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۆلكىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدە، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مۇئاۋىن باش كاتىپ، رەھىمجان سابىر ھاجىيوپ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەيپىدىن ئەزىزى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئورۇن ئالدى.

ئەمما، بۇمۇ «ئىشىكىم كۆرۈۋۈكتىن ئۆتكۈزۈۋالغۇچە» بولدى.

تۈزۈلگەن بىتىمنىڭ سىياسى قۇرۇمىي تۇرۇۋىلا، گومىنداڭ ئۇنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتتى، بۇ يەردىكى مىللەتلەرنى مۇناپىقلىق بىلەن ئالدىغانلىقىنى ئاشكارا قىلىپ قويدى.

گومىنداڭ ئۆزلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان رايونلاردا، بىتىم بويىچە، بىتىمدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك بولغان سايلاملارغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، خەلقنىڭ ۋەدە قىلىنغان سايلام ھوقۇقىنى بەرمىدى. ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە دېموكراتىك سايلام ئاياغ - ئاستى قىلىندى. گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرىنى ۋە قوراللىق ساقچىلىرىنى ئىشقا سالدى. شۇ قېتىمقى سايلام ھەرىكەتلىرىدە، كۇچادا ئۈچ ئادەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، تۆت ئادەم يارىدار قىلىندى، چىرىيىدە تۆت ئادەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، يەتتە ئادەم يارىدار قىلىندى.

ھېلىگەر گومىنداڭچىلار ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ تىزگىنلەپ تۇرغان بازىلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. گومىنداڭ قىسىملىرى 1947 - يىلى 2 - ئايدا، شۇ چاغدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئوسماننى قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە باشقا زۆرۈر ھەربىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ساۋەندە گومىنداڭنىڭ قۇترىتىشى بىلەن قالبەك - تاكىمانلار توپىلاڭ كۆتۈردى. ئەمما، بۇ توپىلاڭلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن تېزلىك بىلەن باستۇرۇپ تاشلاندى.

گومىنداڭچى مۇناپىقلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن قاتناشقان ۋەكىللەرگە بېسىم ئىشلىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە يوشۇرۇن سۇيىقەست قىلىش قەستىدە، ئۈرۈمچىدە 25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. بۇ ۋەقەدە، گومىنداڭچىلار زور بىر تۈركۈم ھەربىيلىرىنى پۇقراچە ياساندۇرۇپ، ئۇلارغا ئىشپىيون، پايلاقچىلىرىنى ۋە ياللانغان كاللىكېسەر لۈكچەكلەرنى قېتىپ، «نامايىش» ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ «نامايىشچىلار» نى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىنى قورشىۋېلىشقا ئەۋەتتى. بۇ «نامايىشچىلار» ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچىسى بىلەن، بىر نەپەر شوپۇرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئۇلار، پۇقراچە كىيىندۈرۈلگىنى بىلەن، ئادەتتە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان قىزىللىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان «نامايىشچىلار» ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى قورشىۋالدى. ئۇلار شۇ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئېتىپ تاشلاشنى تەييارلىغان بولار ئىدى. ئەمما، ئاڭغىچە، بۇ ۋەقەدىن سېپىل تېشىدىكى كەڭ خەلق خەۋەر تېپىپ



قالدى. نەچچە مىڭلىغان خەلق گومىنداڭچىلارنىڭ شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقىۋالغانلىقىغا، سېپىل ئىچىدىكى پىلىموتلارنى ئورنىتىپ قوراللىق پوپوزا يۈرگۈزگەنلىكىگە قارىماي، كۆكرەك كېرىپ باستۇرۇپ بېرىپ، شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭچىلار ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرىگە قول سېلىشقا پېتىنالماي، ئۇلارنى زىيان - زەخمەتسىز قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ ۋەقە، 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ قۇرۇق قەغەزگە ئايلانغانلىقىنى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلىيەتتە شەكلەن بولسىمۇ مەۋجۇت بولالماي قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. دېمەك، گومىنداڭ تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئىجراسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئۇنى ئاشكارا يوققا چىقىرىشقا ئۆتكەنىدى. 1947 - يىلىنىڭ 8 - ئېيىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان سادىق مالايلىرىنى سىغداپ كىرگۈزدى. بۇ كىشىلەر قارىماققا يەرلىك مىللەتلەردىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئۇلار ئۈچۈن جان تىكىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە، ئۇلار بۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي ساتقۇنلىرىدىن بولۇپ، ھەر بىر ئىشتا گومىنداڭچى خوجايىنلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە مىللىي ھۆكۈمرانلىق سىياسىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان سىياسىي بېدىكلەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار نائىلاج ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتتى. گومىنداڭچىلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئەگەر ھاناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا قۇدرەتلىك مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بولمىغان بولسا، ئۈرۈمچى خەلقىنىڭ غەزەپلىك نامايىشلىرى پارتلىمىغان بولسا، ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى

ھەرگىزمۇ ئىرىك قويۇپ بەرمىگەن، ئەكسىچە، ياڭ زېڭشىڭ تۈمۈر خەلپىنى، شېڭ شىسەي غوجانىيازنى ئۈرۈمچىگە ئالداپ ئەكىرىپ، كېيىن قورالسىزلاندۇرۇپ يەڭۋەتكىنىدەك، يەڭۋەتكەن بولار ئىدى. غوجانىيازمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر يىلچە مۇئاۋىن رەئىس (خو فۇجۇشى) بولۇپ، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۆلۈكى كېچىسى ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا تاشلاپ قويۇلغانىدى.

ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە، ئوخشاشمىغان تارىخىي شارائىتلاردا كۆتۈرۈلگەن بۇ خەلق قوزغىلاڭلىرى، بۇ كەڭ دىياردىكى مەھكۇم مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قول قىلىنىشىغا، بوزەك ئېتىلىشى ۋە خارلىنىشىغا ھەرگىزمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن ھەدېگەندە ئوت يالقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈپ، جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى، كەڭ كۆلەملىك، قانلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرالايدىغانلىقى ۋە ھەربىي ھەرىكەتلەردە غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى، ئەمما قۇۋلۇق - شۇملۇق ۋە ھىيلە - مىكىرگە دۇچ كەلگەندە، ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ ماھىيىتىنى خاتا مۆلچەرلەپ، ئوڭايلا ئالدىنىپ، بىردىنلا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. يېقىنقى زامان تارىخىدا، خەلقىمىز ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق كۆتۈرۈلۈشلەر ۋە كۈرەشلەرنىڭ ھەربىي جەھەتتىن غەلىبە قىلىپ تۇرغان ئەھۋالدىمۇ پاجىئە بىلەن نەتىجىسىز ئاياغلاشقانلىقى ھەتتا شۇ سەۋەبتىن بولغان.

ئەمما، خەلقىمىزنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئېلىپ بارغان داغدۇغىلىق قوراللىق كۈرەشلىرى تامامەن نەتىجىسىزمۇ بولۇپ قالمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ زامانىۋى قوراللىق كۈچلىرىگە — مىللىي ئارمىيىگە تايىنىپ تۇرۇپ پۈتۈن شىمالىي شىنجاڭ رايونىنى دېگۈدەك ئۈنۈملۈك



تىزگىنلەپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنى مىدىر - سىدىر قىلالمىغۇدەك، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يولداش ۋاڭ جېن قوماندانلىقىدىكى قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا ئۈزۈلۈشسىز، ئوڭۇشلۇق كىرىپ ئورۇنلىشىشىغا ۋە جايلاردا ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەرنى تەشكىللەشكە پايدىلىق تارىخىي شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيىسى يېتىشتۈرگەن نەچچە ئونمىڭلىغان مەمۇرىي ۋە ھەربىي كادىرلار 1957 - يىلى ۋە 1962 - يىلىغا قەدەر ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ئۆز خىزمەتلىرىنى تاكى 1980 - يىللارغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇلار ياشانغان دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر پېنسىيىگە چىقتى ۋە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئارام بىلەن خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكتە. مەنمۇ ئەنە ئاشۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، پېنسىيىدە ياشاۋاتىمەن ۋە ئاراسخۇدا پېنسىيە تۇرمۇشىدا، يېتەرلىك ۋاقىتقا ئىگە بولۇپ، بۇ كىتابىمنى يېزىپ چىقتىم.

مېنىڭ بۇ كىتابتا يازماقچى بولغانلىرىم تۈگىدى.

1985 - يىل 5 - ئاي، ئۈرۈمچى.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا



ISBN7-5371-0172-2/I·70(民文)

باھاسى: 4.50 يۈەن